# ئىكسىرى ئەزەم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# 序

《医科思热爱扎穆》出版于1874年(波斯文),作者穆哈穆德爱扎穆汗。

《医科思热爱扎穆》系统阐述了临床各系统疾病的病因、病症、病机、诊疗、预防、相应禁忌及其用方用药。是维吾尔医药工作者必读的医学经典。

本医学经典现代维吾尔文译者——木塔力甫·艾力阿吉艾米琪是新疆维吾尔医高等专科学校主任医师，新疆医科大学维吾尔医药系客座教授。30多年来,木塔力甫·艾力阿吉艾米琪教授从事维吾尔医学教学、医疗及文献研究工作,取得了许许多多的成绩,尤其是在维吾尔医学临床古籍文献研究方面造诣颇深。作为新疆维吾尔自治区重点项目（新疆少数民族医药现代化——三十多种常见病的维医异常体液病证诊断及用方规范的建立)的主要成员木塔力甫·艾力阿吉艾米琪教授总结自己数年研究成果，在新疆维吾尔自治区重点项目的资助下,在课题组负责人及成员的帮助下,将维吾尔医学经典《医科思热爱扎穆》译成现代维吾尔文并已出版。

在《医科思热爱扎穆》(现代维吾尔文版)编译过程中木塔力甫·艾力阿吉艾米琪教授得到其家父——著名的维吾尔医学家、主任医师艾力阿吉·库尔班尼亚孜艾米琪的精心指导。艾力阿吉·库尔班尼亚孜艾米琪主任医师为此医学经典现代维吾尔文版的出版的确倾注了巨大的心血。在此木塔力甫·艾力阿吉艾米琪教授及我们对老人家表示崇高的敬意。

《医科思热爱扎穆》(现代维吾尔文版）是一部维吾尔医药工作者期待已久的著作。她的出版填补了维吾尔医学古籍研究方面的空白，

她必将成为维吾尔医药本科生、硕士生、博士生们必备的工具书和必读的医学著作，将成为维吾尔医药工作者及酷爱维吾尔医药人士的良师益友。

**新疆医科大学校长哈木拉提·吾甫尔教授**



2008 年 11 月 28 日

# Preface

Aksir -e -Azam was pub lished in 1874 (Persian), the author: Mohammed Azam Khan.

Aksir-e-Azam elaborated systematically on the pathogen, symptom, pathogenesis diagnosis and treatment, prevention, relevant contraindication and other prescription and medicine of the clinical diseases of each system, which is the medical classic for Uyghur medical workers to read.

Mutallip Ali Haji Amchi, a modern Uyghur translator of this medical classic serves as a chief physician of Xinjiang Uyghur Medicine College and a visiting professor of Department of Uyghur Medicine of Xinjiang Medical University. For over 30 years, Mutallip Ali Haji Amchi has achieved a lot while pursuing the teaching of Uyghur medicine and literature research, especially with profound accomplishments on research on ancient clinical literature of Uyghur medicine. As the major member of Key Scientific Research Subject Group of Xinjiang Uyghur Autonomous Region (Establishment of Modernization of Medicine for Xinjiang Minority Nationalities, i.e. diagnosis and prescription regulation of abnormal humoral phthology of Uyghur medicine for over 30 kinds of common diseases), Professor Mutallip Ali Haji Amchi summarized his own research achievement over these years, upon the financial aid from the Key Project of Xinjiang Uyghur Autonomous Region, with the help of the principal and members of the subject group, he translated Aksir-e-Azam, modern Uyghur classic into modern Uyghur which has been published.

In the process of compilation of Aksir-e-Azam (modern Uyghur version), Professor Mutallip Ali Haji Amchi was guided by Ali Haji Kurban Niyaz Amchi, his father, chief physician and famous Uyghur medical scientist carefully, who indeed worked a lot on the publishing of modern Uyghur version of this medical classic. We and Mutallip Ali

Haji Amchi would like to express our lofty respect to him.

Aksir–e–Azam (modern Uyghur version) is a famous work which is long expected by the Uyghur medical workers. Its publishing filled the gap of research on ancient books of Uyghur medicine, it must be the requisite tool and medical work which must be read by undergraduates, masters and doctors of Uyghur medicine, and a mentor for Uyghur medical workers and those who have strong affinity of Uyghur medicine.

**Professor Halmurat Upur, President of Xinjiang Medical University**

28 November 2008

# ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغۇچىدىن

«ئىكسىرى ئەزەم» ناملىق بۇ ئەسەر ھەرقايسى سىستېمىلاردىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ، ھەربىر تۈردىكى كېسەللىكلەرنى تونۇش، سەۋەبى، ئالامىتى، تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى كلىنىكا ئەمەلىيىتى ئاساسىدا مۇپەسسەل بايان قىلىدىغان تېبابەت كلاسسىك ئەسەر.

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ھەكىم مۇھەممەد ئەزەمخان (مىلادىيە 1785 ـ 1875) ئاخىرقى ئۆمرى 90 ياشقىچە ئەمەلىي داۋالاش بىلەن بىرگە «رۇمۇزى ئەزەم»، «ئەنۋارى ئەزەم»، «نىرى ئەزەم»، «قارابادىن ئەزەم» قاتارلىق داڭلىق تېبابەت ئەسەرلەرنى يازغان.

«ئىكسىرى ئەزەم» بولسا ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ سەر خىلى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى 7 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە يېزىلغان «ئەلقانۇن فىتتىب»، «زەخىرە خارازىم شاھى»، «جاۋاھىرى فارابى»... قاتارلىق ھەر خىل يېزىقتىكى 100 خىلدىن ئارتۇق دۇنياغا داڭلىق مۆتىۋەر تېبابەت ئەسەرلەرنىڭ جەۋھەرلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان.

بۇ ئەسەر خەلقىمىز قولىدىكى سانىنىڭ چەكلىكلىكى، يېزىقنىڭ پارسچە، ئوردۇچە بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنىدى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە بۇ ئەسەرنىڭ پارسچە نۇسخىسى بىلەن ئوردۇچە نۇسخىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا، سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىدىم. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەسلىگە سادىق بولۇپ ھەر خىل ئاتالغۇلارنى ئامالنىڭ بارىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا ئېلىشقا تىرىشتىم. ئاز بىر قىسىم دورا ۋە ئۆزگىچە ئاتالغۇ ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئەينەن ئالدىم.

بۇ ئەسەرنى نەشر قىلدۇرۇش جەريانىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق پەن ـ تەتقىقات تۈرى (شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىكنى زامانىۋىلاشتۇ-

رۇش ــ «دائىم كۆرۈلىدىغان 30 خىل كېسەللىكنى ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى غەيرىي تەبىئىي خىلتلار بويىچە دىئاگنوز قويۇش ھەم داۋالاش رېتسىپلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش») تەتقىقات گۇ- رۇپپىمىزنىڭ مەسئۇلى پروفېسسور خالمۇرات غوپۇرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. مەن شۇ مۇنا- سىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. شىنجاڭ ئەمچى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دو- رىگەرلىك تەتقىقات مەركىزى ۋە دادام ھەم ئۇستازىم بولغان ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى بۇ ئىشقا كۆپ قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلىپ ياردەمدە بولدى. ئىنىلىرىم ئابدۇلھەمىد ئەلى ھاجى ئەمچى، ئوسمان ئەلى ھاجى ئەمچى، ئابدۇللا ئەلى ھاجى ئەمچى، مەتقۇربان مەتسەيدى، ئەخمەت- توختى تۇرسۇن ھاجى، سىڭلىم خانقىز ئىسمايىل قاتارلىقلار تەرجىمە ئورىگىناللىرىنى رەتلەپ كۆچۈرۈشكە ياردەملەشتى، ئۇلارغىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا تەرجىمە قىلىش، رەتلەش، بەت تىزىش قاتارلىق خىزمەتلەردە بەزى نۇقسان، سەۋەن- لىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، كەسىپداشلار، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى**

2008 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# 维吾尔文译者序言

《医科思热爱扎穆》名称的这一著作中，对各个系统的各种疾病的病因、症状、检查、预防，治疗方法等内容在结合临床经验的基础上详细阐述的医学经典著作。

该著作的作者穆罕默德爱扎穆汗（公元 1785–1875）至活到 90 岁从事实际医疗同时写成了《如木孜爱扎穆》、《安瓦尔爱扎穆》、《尼热爱扎穆》，《喀拉巴丁爱扎穆》等宏伟著作。

《医科思热爱扎穆》是作者的上述众多著作中堪称精品。在写作过程中，参考了成书于 7 世纪至 19 世纪的《哎勒卡农菲提提布》、《再和热哈拉孜木夏黑》，《节瓦合热法拉比》等各种文字的 100 多部著名世界的精品著作的精华中，贯穿于自己长年的实际医疗经验，用 30 年时间写成的。

遗憾的是，这本著作在我区人们手中的数量很少，因为是波斯语和乌尔都语版本，此书的受益者就更是寥寥无几了。出于这种考虑以维吾尔医学的发展而做出努力为目的，对照这本著作的波斯语版本和乌尔都语版本的基础上用 8 年时间译成现代维文，在翻译过程中我本着忠实于原文的原则，尽量找到各类名词术语对等的维吾尔词汇，由于少部分药名和独特术语无法用现代维语表达就直接采用了音译。

该著作的出版过程中，得到了新疆维吾尔自治区重点科研项目（新疆少数民族医药现代化——30 多种常见病的维医异常体液病症诊断及用方规范的建立）课题组负责人哈木拉提·吾甫尔教授的帮助。对此我对他致于特别重谢。

在此书的翻译、整理、编写过程中得到了新疆艾米琪维吾尔医药研究中心和我的父亲兼老师艾力阿吉·库尔班尼亚孜艾米琪，对这份工作多次督促和帮助，弟弟阿布力米提·艾力阿吉艾米琪、吾斯曼·艾

力阿吉艾米琪、阿布都拉·艾力阿吉艾米琪和买提库尔班·买提赛迪，艾合买提托合提·吐尔逊阿吉，表妹哈尼克孜·司马义的大力支持，向他们表示特别感谢。

由于翻译、整理、排版、纠错水平有限，著作中难免会出现一些错误，不当之处恳求读者指正。

**木塔力甫·艾力阿吉艾米琪**

2008年12月1日

# A Brief Introduction to the Translator of Uyghur Version

On the basis of combining clinical experience, Aksir-e-Azam is a classical medical work which made detailed explanation of pathogen, symptom, methods of examination, prevention and treatment of various diseases of each system.

Hakim Mohammed Azam Khan (From 1785 to 1875 A.D.) finished the great work including Rumooz-e Azam, Anwar-e Azam, Nire-e Azam and Karabadin-e Azam during his medical practice until his age of 90.

As an elaborate one among the above numerous famous works, during the composition, Aksir-e-Azam consulted the essence of over 100 medical literatures of various letters such as Aileka Nonphytitib, Zahrehaz Muxahay, Aihlaztib, Jiewah Refalaby finished in the 7th century through the 19th century, running through his long practical medical experience, taking 30 years.

What a pity, this work is rarely to be seen in this region, due to that Persian and Urdu versions are available, the beneficiary is very few. Considering that, with the purpose of making efforts to the development of Uyghur medicine, I spend 8 years to translate it into Uyghur on the basis of Persian version and Urdu version. During the translation, on the principle of sticking to the original, I tried my best to find Uyghur words equal to various terms, for some drug names that are unavailable for Uyghur medicine or can not be found in Xinjiang, I adopted transliteration. This work was assisted by Professor Halmurat Upur, the principal of Key Scientific Research Subject Group of Xinjiang Uyghur Autonomous Region (Establishment of Modernization of Medicine for Xinjiang Ethnic Minorities Nationalities, i.e. diagnosis and prescription regulation of abnormal humoral phthology of Uyghur medicine for over 30 kinds of common diseases) during its publishing, I would like to

express my special gratefulness to him here.

Upon great support from Ali Haji Kurban Niyaz Amchi, my father and my teacher, Abdulhimit Ali Haji Amchi, my younger brother, Usman Ali Haji Amchi, Abdula Ali Haji Amchi and Matkurban Matsaidi, Aihmattohet Tursun, and Hanikz Simay, my younger cousin during the translation, sorting out and compilation of this book, I specially appreciate them.

As the translation, sorting out, typesetting and correcting level to be improved, some error may exist in the work, your kind correction will be greatly appreciated.

**Mutallip Ali Haji Amchi**
1 December 2008

# مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچىنىڭ تەرجىمىھالى

مۇدىرۋراچ مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى 1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خوتەن شەھىرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ ئەلى ھاجى قۇربانىياز ئەمچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1972 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1974 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا شاگىرت تېۋىپ، ۋراچ، مەسئۇل ۋراچ بولۇپ كلىنىكا ئەمەلىيىتىدە ئىشلىگەن. 1989 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي باشقارما ۋە داۋالاش فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن ۋە ئوردۇ تىلى، ئۇيغۇر تېبابىتى كلاسسىك ئەسەرلەر، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى، داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى، روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى، مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. 1983 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى خوتەندە ئاچقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى خادىملىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش سىنىپىدا ئوقۇغان، 1984 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدىكى جامىئۇلئەشرەفىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوردۇ تىلى فاكۇلتېتىدا بىر تەرەپتىن ئوردۇ تىلى ئوقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەۋلادىدىن بولغان ئەجمەلخاننىڭ لاھوردىكى ئەجمەلخان دورا زاۋۇتىدا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىكى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1987 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش سىنىپىدا ئوقۇغان، 1994 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىچكى كېسەل ۋە باللار كېسەللىكلىرى مەخسۇس كۇرسىدا غەرب تېبابىتى بويىچە ئوقۇغان. 1998 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش كەسپىي تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇغان.

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىغا بىۋاستە قاراشلىق دوختۇرخانىدا يۇرەك قانتومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەتقىقاتى قاتارلىق ئۇچ ئۆلكە

دەرىجىلىك، ئۈچ دۆلەتلىك چوڭ تەتقىقاتقا قاتناشقان. شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكۇمىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ۋە نەشر قىلدۇرۇش خىزمەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» قاتارلىق 26 تۈرلۈك دەرسلىك ئىچىدىكى 23 تۈرلۈك دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە قاتناشقان.

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچىنىڭ ھازىرغىچە «يۈرەك كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش»، «ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسىپلىرىدىن مىراسلار (8)»، «ھازىق (داۋالاش قوللانمىسى، تەرجىمە)»، «ئوردۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەش»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» (باشقىلار بىلەن)، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك دورىلار» (باشقىلار بىلەن) قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن ئىلگىرى كېيىن نەشر قىلىنغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك قەدىمىي ئەسەرلىرىنى رەتلەش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئەمچى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك فاكولتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى.

**شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى**

2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

# 木塔力甫·艾力阿吉艾米琪简介

主任医师木塔力甫·艾力阿吉艾米琪1954年2月25日出生于和田市著名医药世家艾力阿吉·库尔班尼亚孜艾米琪家，至1972年读完小学及初中，自1974年至1989年在和田地区维吾尔医医院担任医士、医师、主治医师，从事临床实践工作。从1989年起，在新疆维吾尔医高等专科学校教务处和治疗系担任副主任职务，在负责教学管理工作的同时还从事乌尔都语、维吾尔医学经典著作、维吾尔医内科学、维吾尔医治疗技术学、维吾尔医精神病学、维吾尔医复方药剂学等课程的教学工作。自1983年至1984年就读于自治区卫生厅在和田举办的维吾尔医中级人员进修培训班。自1984年至1986年他一边就读于巴基斯坦拉合尔市伽米吾勒阿什拉弗亚（音译）学院乌尔都语系，一边在维吾尔族后裔艾吉买勤汗的制药厂进修学习；自1987年至1988年，就读于新疆维吾尔医高等专科学校教师培训班；自1994年至1997年，就读于新疆医科大学成人教育学院内科及儿科专业专科班，学习掌握西医知识；自1998年至2000年，就读于新疆医科大学成人教育学院维吾尔医治疗专业本科班。

他参加了新疆维吾尔医高等专科学校直属医院心脑血管疾病治疗三大国家级和三大省级课题项目的研究，还直接参与了新疆维吾尔医高等专科学校第一代和第二代教材的编撰、整理、出版筹备及出版工作，出版了《维吾尔医基础理论学》、《维吾尔医内科学》和《维吾尔医生药学》等26本教材中23种的编撰工作。

木塔力甫·艾力阿吉艾米琪编撰的《心脏病的维吾尔医疗法》、《维吾尔医药方传承(8)》、《阿孜克(治疗手册)》、《维吾尔语—乌尔都语会话》、《维吾尔医常用药》(合著)、《维吾尔医常用草药》(合著）等著作先后经多家出版社多次出版。

木塔力甫·艾力阿吉艾米琪目前是新疆维吾尔自治区民族医学协

会常务理事、新疆维吾尔自治区非物质文化遗产保护协会委员、新疆维吾尔自治区维吾尔医学教材编撰委员会委员、新疆维吾尔自治区维吾尔医学古籍文献整理委员会委员、新疆维吾尔医药研究中心研究员,是新疆医科大学维吾尔医药系客座教授。

新疆人民卫生出版社

2008年11月25日

# A Brief Introduction to Mutallip Ali Haji Amchi

Mutallip Ali Haji Amchi, a chief physician, was born in the well-known medical family of Ali Haji Kurban Niyazi Amchi on February 25, 1954, finished elementary school and senior middle school in 1972, served as an assistant doctor, a physician, and a doctor in charge in Uighur Medicine Hospital of Hotan Prefecture from 1974 to 1989, engaging in clinical practice. In 1989, he served as a deputy director of Dean's Office and Therapy Department of Xinjiang Uyghur Medicine College, in charge of teaching management, and teaching job of Urdu language and classical works of Uighur Medicine, Internal Medicine of Uighur Medicine, Therapeusis of Uighur Medicine, pathergasiology of Uighur Medicine, pharmacy of polypharmaceutical of Uyghur Medicine. From 1983 to 1984, he studied at further training class of Uighur medicine for intermediate medical workers held by Department of Health of the autonomous region in Hotan; from 1984 to 1986, studied in Department of Urdu of Gamiwuleashlafuya (transliteration) Academy of Lahore, Pakistan, and made further training in the pharmaceutical factory owned by Ajimailehan, the descendant of the Uyghur nationality; from 1987 to 1988, studied at teacher's training class of Xinjiang Uyghur Medicine College; from 1994 to 1997, studied in Adult Education Academy of Xinjiang Medical University majoring in "internal medicine and pediatrics" and grasped the knowledge of western medicine; from 1998 to 2000, studied in Adult Education Academy of Xinjiang Medical University majoring in "Treatment of Uyghur Medicine" undergraduate course.

He attended the research of three subjects of state-level and

provincial -level respectively of "Treatment of Angiocardiopathy and Cerebrovascular Disease" of the hospitals directly under Xinjiang Uyghur Medicine College, the compiling, sorting out, preparation and publication of the first and the second generation teaching materials of Xinjiang Uyghur Medicine College, and the compiling of 23 kinds of teaching material of 26 teaching books such as "Basic Theory of Uyghur Medicine", "Uyghur Doctor's Pharmacy", "Internal Medicine of Uyghur Medicine".

The works compiled by Mutallip Ali Haji Amchi were published by many presses for many times successively, including "Treatment for Heart Disease of Uyghur Medicine", "Heritage of Prescription of Uyghur Medicine (8)", "Azik (Treatment Manual)","Uyghur-Urdu Conversation", "Common Drug Ingredients of Uyghur Medicine" (coauthor), "Common Herbal Medicine of Uyghur Medicine" (coauthor) etc.

Currently, Mutallip Ali Haji Amchi is a standing director of national medicine of the autonomous region, a commissioner of the Association of Intangible Cultural Heritage Protection of Xinjiang Uyghur Autonomous Region, a commissioner of Committee of Compiling of Teaching Materials of Uyghur Medicine and Pharmacology of Xinjiang Uyghur Autonomous Region, a Commissioner of Committee of Ancient Books & Literature Arrangement of Uyghur Medicine of Xinjiang Uyghur Autonomous Region, a researcher of Xinjiang Uyghur Medicine Research Center, and a visiting professor of Department of Uyghur Medicine of Xinjiang Medical University.

**Xinjiang People's Hygiene Press**
25 November 2008

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى جىلد

مۇئەللىپنىڭ سۆزى ............ 3
بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىكسىرى ئەزەم دەپ ئاتىلىشى ھەققىدە ... 5
ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا پايدىلانغان مەنبەلەر ............ 7
مۇقەددىمە ............ 11
كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ............ 11
ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ............ 15
ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ............ 33
مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ............ 41
كېسەللىك ماددىلىرىنى تازىلاشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ............ 44

بىرىنچى باب باش كېسەللىكلىرى ............ 61
بىرىنچى پەسىل مېڭە كېسەللىكلىرى ............ 61
1. مېڭە كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش ............ 61
1) مېڭىنىڭ خىزمىتى (فۇنكسىيىسى) ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈ-
رۈش ............ 61
2) روھىي سەزگۈرلۈك ھەرىكىتى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ............ 62
3) مېڭىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ............ 63
4) ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ............ 65
5) ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقتىكى چىقىرىندىلار ئارقىلىق مېڭىنىڭ خىزمە-
تىنى تەكشۈرۈش ............ 66
6) ھەرخىل ئالامەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ............ 66
7) باشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ............ 67
8) باشنىڭ شەكلى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ............ 68
9) بېشىنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى

تەكشۈرۈش ........ 68

10) كۆز، تىل، چىراي ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ........ 69

11) قوشنا ئەزالاردىكى ئاغرىقلار ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ........ 71

12) ھەزىم قىلىش ئەھۋالى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ........ 72

13) مىزاجغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش ........ 72

14) مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ........ 74

15) مېڭە كېسەللىكلىرىنى سەۋەبىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ........ 76

2. مېڭە كېسەللىكلىرىنى ئومۇمىي داۋالاش ........ 78

1) خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 80

2) خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكرىنى داۋالاش ........ 84

3) خىلتسىز ھۆللۈكتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 85

4) خىلتسىز قۇرۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 86

5) غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 87

6) غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 88

7) غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 90

8) غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 92

9) يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكللىرىنى داۋالاش ........ 94

10) بۇخاراتتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 95

11) تۇسۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 96

12) ياللۇغلىنىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 97

13) مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 98

14) مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 99

15) مېڭە پۈتۈنلۈكى بۇزۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ........ 100

16) باشقا ئەزا شىرىكچىلىكىدىكى مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ······ 100
ئىككىنچى پەسىل باش ئاغرىقى ······························ 104
1. خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ·············· 110
2. خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ·············· 119
3. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ··· 126
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ··· 134
5. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش··· 141
6. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ··· 150
7. ئىچكى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ······················· 154
8. تاشقى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ······················· 156
9. ئىچكى بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ·················· 157
10. سىرتقى بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ················· 157
11. توسۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ························ 158
12. ياللۇغلىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ····················· 158
13. زەخىملىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ······················ 159
14. مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ·················· 160
15. مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ··· 161
16. خىلىتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش·············· 162
17. جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش··· 163
18. شاراپ ئىچكەندىن كېيىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ··· 165
19. پۇراش سېزىمى ئارقىلىق پەيدا بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ··· 166
20. ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ······························ 167
21. مېڭە سىلكىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ·············· 169
22. ئۇيقۇدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 169
23. مەددە قۇرتتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ····················· 170
24. باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش ··············· 170
25. ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش ·············· 171
26. جىگەر ئۆچەي شىرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 177

27. نەزلە سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 179
28. قوشۇمچە شەكىلدە يۈز بەرگەن باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 181
29. بۆھران كۈنلىرىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 183
30. دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 184
ئۈچىنچى پەسىل يېرىم باش ئاغرىقى ········· 193
1. ئىسسىقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 195
2. سوغۇقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقنى داۋالاش ········· 198
تۆتىنچى پەسىل قاپاق ئۈستى (قاش) ئاغرىقى ········· 202
بەشىنچى پەسىل مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ········· 205
ئالتىنچى پەسىل مېڭە پەردە ياللۇغى ········· 206
1. ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 213
1) غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 213
2) چىرىگەن (كۆيگەن) قان خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 218
3) كۆيگەن سەپرا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 221
4) غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 225
5) غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 230
2. ساختا مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········· 235
يەتتىنچى پەسىل كۆپ ئۇنتۇش ········· 237
سەككىزىنچى پەسىل باشنىڭ سىرتى ئىششىش ········· 238
توققۇزىنچى پەسىل تىلما ········· 238
ئونىنچى پەسىل باشقا سۇ يىغىلىپ قېلىش ········· 239
ئون بىرىنچى پەسىل ئېغىر ئۇيقۇ ۋە ئۇيقۇسىزلىق ········· 240
1. ئېغىر ئۇيقۇ ········· 242
1) سوغۇقتىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش ········· 244

2) ھۆللۈكتىن بولغان ئىغىر ئۆيقۇنى داۋالاش ........................ 245
3) غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئىغىر ئۆيقۇنى داۋالاش ... 249
4) بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان ئىغىر ئۆيقۇنى داۋالاش ................ 249
5) بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىغىر ئۆيقۇنى داۋالاش................ 250
6) زەخىملىنىشتىن بولغان ئىغىر ئۆيقۇنى داۋالاش ........................ 251
2. ئۇيقۇسىزلىق ........................................................ 251
1) قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش ........................ 252
2) ھۆللۈكتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش ........................ 253
3) باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش ................ 254
ئون ئىككىنچى پەسىل ئۇنتۇغاقلىق ۋە ئەسلەش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى ... 256
1. ئۇنتۇغاقلىق ........................................................ 256
1) خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش ........ 258
2) خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش ...... 262
3) خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش ...... 263
4) مېڭىدە ئىششىق پەيدا بولغانلىقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش ... 264
2. ئەسلەش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ................................ 264
ئون ئۈچىنچى پەسىل زېھنى ئېلىشىش ۋە جۆيلۈش ........................ 266
ئون تۆتىنچى پەسىل ئەخمەقلىق ۋە مەغرۇرلۇق ........................ 269
ئون بەشىنچى پەسىل مالىخۇلىيا ........................................ 271
1. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيانى داۋالاش ........................................................ 280
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيانى داۋالاش ........................................................ 285
3. مالىخۇلىيائى مەراقىنى داۋالاش........................................ 292
ئون ئالتىنچى پەسىل ساراڭلىق ۋە ئېلىشىپ قېلىش........................ 306
1. يىرتقۇچسىمان ۋە غالجىرئىتسىمان ساراڭلىقنى داۋالاش ................ 309
2. پەۋقۇلئاددە ساراڭلىق ۋە پاشا ياكى بۆرەسىمان ساراڭلىقنى داۋالاش ... 311
ئون يەتتىنچى پەسىل ئاشىقلىق ........................................ 312
ئون سەككىزىنچى پەسىل كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش ................ 314

1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭ-
غۇلىشىشنى داۋالاش ........................................ 318
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قا-
راڭغۇلىشىشنى داۋالاش........................................ 319
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قا-
راڭغۇلىشىشنى داۋالاش........................................ 320
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قا-
راڭغۇلىشىشنى داۋالاش........................................ 322
5. يەلدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش...... 323
6. بۇخاراتتىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش ... 323
7. باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇ-
لىشىشنى داۋالاش........................................ 324
8. غىزادىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش ... 325
ئون توققۇزىنچى پەسىل قارا بېسىش ........................................ 326
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش ... 327
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش ... 327
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش ... 328
4. سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش.......... 329
يىگىرمىنچى پەسىل تۇتقاقلىق ........................................ 329
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق-
نى داۋالاش ........................................ 336
2. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق-
نى داۋالاش ........................................ 339
3. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى
داۋالاش........................................ 340
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق-
نى داۋالاش ........................................ 341
5. زەخىملىنىش ۋە مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان تۇت-
قاقلىقنى داۋالاش ........................................ 342

6. ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى ئومۇمىي داۋالاش ………………… 342
7. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك تۇت-
قاقلىقنى داۋالاش ……………………………………… 342
8. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك تۇت-
قاقلىقنى داۋالاش ……………………………………… 344
9. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك تۇت-
قاقلىقنى داۋالاش ……………………………………… 345
10. ئومۇمىي بەدەن مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش ………………… 346
11. قورساق پەردىسى، تال، بالىياتقۇ، جىگەر مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى
داۋالاش ………………………………………………… 346
12. ئۈچەي مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش ……………………… 347
13. مۈچىلەر مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش ……………………… 347
14. زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىش خاراكتېرلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش … 347
15. بالىلاردىكى تۇتقاقلىقنى داۋالاش ……………………………… 348
يىگىرمە بىرىنچى پەسىل سەكتە (شوك) ……………………………… 352
1. غەيرى تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش …… 354
2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش ……… 358
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش …… 359
4. ئۈرۈلۈش، يىقىلىشتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش ………………… 359
5. بۇخاراتتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش ……………………………… 360
6. مېڭىگە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش …… 361
7. مېڭە ياللۇغىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش ……………………… 361
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل قاتما (جۇمۇد) ……………………………… 362
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل نېرۋا كېسەللىكلىرى (ئەمرازى ئەسەب) …… 364
1. خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالاش … 365
2. خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالاش …… 366
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىنى
داۋالاش ………………………………………………… 367
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىك-

نى داۋالاش ........................................ 371
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل ئىستىرخا ۋە پالەچ ........................ 372
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش ........................................ 374
2. ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش ........................................ 378
3. ھارارەت قوشۇلۇپ كەلگەن پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش ......... 386
4. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتى، ئىششىق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش ........................ 388
5. ۋابا كېسەللىدىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش.............. 391
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل يىغلىپ قېلىش ........................ 392
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش ...... 395
2. قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش.............. 396
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش ... 397
4. نېرۋىلارنىڭ ئىششىپ قېلىشىدىن بولغان خىلتلىق تەشەننۇجنى داۋالاش ........................................ 397
5. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش ...... 397
6. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش ... 398
7. توشۇپ قېلىشتىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش........................ 398
8. قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش ........................ 401
9. قاتتىق روھىي تەسىرلىنىشتىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش ...... 402
10. باللار تەشەننۇجنى داۋالاش........................................ 403
11. توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك باللار تەشەننۇجنى داۋالاش ......... 404
يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل تارتىشىش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىش ........... 404
قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىشنى داۋالاش ... 410
يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل لەقۋا (يۈز نېرۋىلىرى پالىچى) ............ 411
يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل رەئىشە (تىترىمە كېسەل) ............... 420
1. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان رەئىشىنى داۋالاش ........................ 422
2. غەيرى تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان رەئىشىنى داۋالاش......... 423

3. ھاراقكەشلىكتىن بولغان رەئىشنى داۋالاش ........................ 425
4. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان رەئىشنى داۋالاش ........................ 425
يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل مۇسكۇللار لىكىلداش ........................ 427
1. ھۆللۈكتىن بولغان مۇسكۇل لىكىلداشنى داۋالاش ........................ 428
2. ھاراقكەشلىكتىن بولغان مۇسكۇللار لىكىلداشنى داۋالاش ........................ 429
ئوتتۇزىنچى پەسىل سىزىمسىزلىنىش ........................ 429
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن ۋە ھۆللۈكتىن بولغان سىزىمسىزلىنىشنى داۋالاش ........................ 431
2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان سىزىمسىزلىنىشنى داۋالاش ... 433
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان سىزىمسىزلىنىشنى داۋالاش ... 434
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان سىزىمسىزلىنىشنى داۋالاش ... 434
5. باشقا سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان سىزىمسىزلىنىشنى داۋالاش ........................ 434
ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل ئىختىلاق (ئەزالار لىكىلداش) ........................ 435
1. سوغۇقتىن بولغان ئىختىلاجنى داۋالاش ........................ 436
2. ئىسسىقتىن بولغان ئىختىلاجنى داۋالاش ........................ 437
3. ھەيز ياكى بوۋاسىر قېنى توختاپ قېلىشتىن بولغان ئىختىلاجنى داۋالاش ........................ 437
ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل زۇكام ۋە نەزلە ........................ 437
1. ئىسسىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش ........................ 442
2. سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش ........................ 447
3. مېڭە ئاجىزلىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش ........................ 452
4. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش ........................ 453

ئىككىنچى باب كۆز كېسەللىكلىرى ........................ 454
بىرىنچى پەسىل كۆز ئېقى ياللۇغى ........................ 454
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان كۆز ئېقى ياللۇغىنى داۋالاش ........................ 455
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كۆز ئېقى ياللۇغىنى داۋالاش ........................ 455
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆز ئېقى ياللۇغىنى

داۋالاش ........................................ 456
ئىككىنچى پەسىل كۆز ئېقى قۇرغاقلىشىش ........................ 456
ئۈچىنچى پەسىل كۆز ئېقى تۇرۇلۇپ قېلىش ........................ 457
تۆتىنچى پەسىل كۆز ئېقى بوشىشىپ كېتىش ........................ 457
بەشىنچى پەسىل كۆز تومۇرلۇق پەردە كېسەللىكلىرى ياللۇغى ............ 458
ئالتىنچى پەسىل كۆرۈش تور پەردە كېسەللىكلىرى ........................ 459
1. كۆزگە سېرىقلىق چۈشۈشنى داۋالاش ........................ 459
2. كۆز قان تومۇر قەۋىتىدە توسالغۇ پەيدا بولۇشنى داۋالاش ........ 460
3. كـۆز قان تومـۇر قەۋىتىگـە تۇتاشقان تومۇرلارنىڭ ئۈزۈلۈشنـى
داۋالاش ........................................ 460
4. كۆز چانىقىنىڭ ئاغرىقىنى داۋالاش ........................ 461
5. كۆز تومۇرلۇق قەۋەتكە جاراھەت پەيدا بولۇشنى داۋالاش ........ 462
يەتتىنچى پەسىل كۆز ئەينەكسىمان تەنچە كېسەللىكلىرى ................ 463
1. كۆز ئەينەكسىمان تەنچىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى داۋالاش ...... 463
2. كۆز ئەينەكسىمان تەنچىنىڭ ئىششىماي چوڭ بولۇپ قېلىنلاپ قې-
لىشنى داۋالاش ........................................ 464
سەككىزىنچى پەسىل كۆز كىرىستال تەنچە كېسەللىكلىرى ................ 465
1. كۆز كىرىستال تەنچىدىكى قوشۇمچە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ...... 465
2. كۆز كىرىستال تەنچىنىڭ تـۈزۈلـۈشىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى داۋا-
لاش ........................................ 466
3. كۆز كىرىستال تەنچىنىڭ كۆرۈنۈش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى
داۋالاش ........................................ 467
4. كۆز كىرىستال تەنچىنىڭ مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولۇشنى داۋالاش
........................................ 467
5. كىرىستال تەنچىنىڭ مەخسۇس كېسەللىكىنى داۋالاش ............ 467
توققۇزىنچى پەسىل كۆز ئۆمۆچۈك تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى ...... 468
1. ئۆمۆچۈك تورسىمان قەۋەتكە باشقا قەۋەتلەر قوشۇلۇپ پەيدا بولغان
كېسەللىكنى داۋالاش ........................................ 468
2. ئۆمۆچۈك تورسىمان قەۋەت خاس كېسەللىكنى داۋالاش ............ 468

ئونىنچى پەسىل كۆز تۇخۇم ئىقىسىمان سۇيۇقلۇق كېسەللىكلىرى ········· 469
1. كۆز تۇخۇم ئىقىسىمان ھەجىمىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىنى داۋالاش ··· 469
2. كۆز تۇخۇم ئىقىسىمان سۇيۇقلۇقىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى داۋالاش ··· 470
3. كۆز تۇخۇم ئىقىسىمان سۇيۇقلۇقىنىڭ قويۇق ۋە تۇتۇق بولۇپ قې-
لىشىنى داۋالاش ··········································· 470
ئون بىرىنچى پەسىل كۆز رەڭدار پەردە كېسەللىكلىرى ················ 470
1. رەڭدار پەردە قەۋەتكە يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولۇشىنى داۋالاش ··· 471
2. رەڭدار پەردە قەۋەتنىڭ توشۇپ قېلىشىنى داۋالاش················· 471
3. رەڭدار پەردە قەۋەتنىڭ جايىدىن قوزغىلىشىنى داۋالاش ··········· 471
ئون ئىككىنچى پەسىل كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە كېسەللىكلىرى ········· 472
1. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتكە يېرىكلىك پەيدا بولۇشىنى داۋالاش··· 473
2. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ ئۆرلەپ قېلىشىنى داۋالاش······ 473
3. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ يېرىلىشىنى داۋالاش ··········· 474
4. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەت تاشقى پوستىنىڭ يېرىلىشىنى
داۋالاش ··········································· 474
5. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتتىكى يىرىڭلىق چاقنى داۋالاش ··· 474
6. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتتىكى يامان سۆپەتلىك ئۆسمىنى
داۋالاش ··········································· 475
7. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتتىكى مۇدۇرلارنى داۋالاش ········· 475
ئون ئۈچىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى ··············· 476
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى
داۋالاش ··········································· 476
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى
داۋالاش ··········································· 477
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى
داۋالاش ··········································· 478
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى
داۋالاش ··········································· 478

5. يەلدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاش ........................ 478
ئون تۆتىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە رەڭدار چېكىت چۈشۈش ... 479
ئون بەشىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قاناتسىمان گۆش ئۆ-
سۈپ قېلىش.................................................... 480
ئون ئالتىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قان چۈشۈش ......... 482
ئون يەتتىنچى پەسىل بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقى..................... 484
1. يەلدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى داۋالاش............ 485
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە
ئىششىقىنى داۋالاش ................................................ 485
3. سۈسىمان ھۆللۈكتىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى
داۋالاش.................................................................. 486
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىش-
شىقىنى داۋالاش ...................................................... 486
ئون سەككىزىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە قېتىپ قېلىش ...... 487
ئون توققۇزىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە قىچىشىش ........... 487
يىگىرمە پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە مۇدۇر پەيدا بولۇش ......... 488
يىگىرمە بىرىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئۆسۈپ قېلىش ...... 489
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل كۆز ياشاڭغىراش ............................... 489
1. كۆز ئوپېراتسىيە سەۋەنلىك سەۋەبىدىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى
داۋالاش.................................................................. 490
2. تۇشۇپ قىلىشتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش............... 490
3. سوغۇقتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش...................... 491
4. ئىسسىقتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش ..................... 491
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل كۆز ياش كانالچىلىرى توسۇلۇش ............. 492
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل كۆز غۇۋالىشىش .................................. 492
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل كۆزگە يات نەرسە كىرىپ كېتىش ............. 493
يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل كۆزگە زەربە تېگىش ........................... 495
يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل كۆز جاراھىتى................................. 495
1. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ تاشقى تەرىپىگە يىرىڭلىق جارا-

ھەت پەيدا بولۇشنى داۋالاش ········································ 496

2. كۆز مۇگگۇزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ ئىچكى تەرىپىگە يىرىڭلىق جارا.
ھەت پەيدا بولۇش ········································ 497

يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل كۆزگە ئاق چۈشۈش ························ 498

يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل كۆز رەڭلىك پەردە قەۋىتىنىڭ پۇلتىيىپ چى.
قىپ قېلىشى ········································ 500

ئوتتۇزىنچى پەسىل ئالغايلىق ········································ 501

1. كىچىك باللاردىكى ئالغايلىقنى داۋالاش ································ 502

2. تۇتقاقلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئالغايلىقنى داۋالاش ························ 503

3. كۆز ئىبقى ۋە قارىچۇقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسەبلەرنىڭ يىغىلىپ
قىلىشىدىن بولغان ئالغايلىقنى داۋالاش ································ 503

4. كۆز ئىبقى ۋە قارىچۇقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسەبلەرنىڭ بوشىشى.
دىن بولغان ئالغايلىقنى داۋالاش ································ 503

ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل نامازشام قارىغۇسى ································ 504

ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل كۇندۈزى كۆرەلمەسلىك ························ 505

ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل نۇر يىغالماسلىق ································ 506

1. كۆز كاۋاك ئەسەبلەرنىڭ كېڭىيىشىدىن بولغان نۇر يىغالماسلىقنى
داۋالاش ········································ 506

2. كۆز رەڭلىك پەردە قەۋىتىنىڭ كېڭىيىشتىن بولغان نۇر يىغالماس.
لىقنى داۋالاش ········································ 507

3. كۆز رەڭلىك قەۋەتتە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇش سەۋەبتىن بولغان نۇر
يىغالماسلىقنى داۋالاش ································ 508

4. كۆز نۇرىنىڭ چېچىلىشىنى داۋالاش ································ 508

ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل كۆز پەردە تۆشۈكىنىڭ تارىيىپ قېلىشى ························ 509

1. ھۆللۈك غالىبلىقتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكى تارىيىشىنى داۋا.
لاش ········································ 509

2. قۇرۇقلۇق غالىبلىقتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكى تارىيىشىنى دا.
ۋالاش ········································ 510

3. ھۆللۈك كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكى تارى.

يىشنى داۋالاش ................................................ 510
4. قويۇق ماددىنىڭ توختاپ قىلىشىدىن بولغان كۆز پەردە توشۇكى تا-
رىيشىنى داۋالاش ................................................ 510
ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل كۆزگە ھەرخىل رەڭدىكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشى ... 511
ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل كۆزگە سۇ چۈشۈش ................................ 514
ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل كۆك كۆزلۈك ................................ 517
ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل كۆرۈش ئاجىزلىقى ................................ 518
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى دا-
ۋالاش ................................................ 519
2. ماددىسىز سوغۇقتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ......... 519
3. ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ...... 520
4. ئۆتكۈر ئىسسىقلىقتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ...... 520
5. قويۇق بۇخاراتلاردىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ......... 521
6. بەدەن سوۋۇپ كەتكەنلىكتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ... 521
7. ھۆللۈكنىڭ تۇتۇقلىشىشىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ... 522
8. سەۋدا خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى
داۋالاش ................................................ 523
9. ھەر نەرسىنىڭ كىچىك كۆرۈنۈشىنى داۋالاش................................ 523
10. ھەر نەرسىنىڭ چوڭ كۆرۈنۈشىنى داۋالاش ................................ 524
11. روھ ئاجىزلىقىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش ......... 524
12. روھقا بۇخاراتلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى
داۋالاش ................................................ 524
ئوتتۇز توققۇزىنچى پەسىل قاراڭغۇلۇقتا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن بولغان
كورلۇق ................................................ 525
قىرقىنچى پەسىل كۆزنىڭ تۇغما كىچىك ۋە ئاجىزلىقى................................ 526
قىرىق بىرىنچى پەسىل كۆز تورلىشىش ................................ 527
قىرىق ئىككىنچى پەسىل كۆز يىگلەش ................................ 527
قىرىق ئۈچىنچى پەسىل كۆز قارىسىنىڭ پۈلتىيىپ قېلىشى ......... 528
قىرىق تۆتىنچى پەسىل نۇردىن قورقۇش ................................ 530

**ئۈچىنچى باب قاپاق ۋە كىرپىك كېسەللىكلىرى** ...... 531
بىرىنچى پەسىل كۆز قۇم تىققاندەك ئاغرىش ...... 531
ئىككىنچى پەسىل قاپاق ساڭگىلاش ...... 532
ئۈچىنچى پەسىل ئاستى - ئۈستى قاپاق چاپلىشىپ قېلىش ...... 533
تۆتىنچى پەسىل قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش ...... 534
بەشىنچى پەسىل قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسى ...... 536
ئالتىنچى پەسىل قاپاققا تۇگۈنچە پەيدا بولۇش ...... 537
يەتتىنچى پەسىل تەتۈر كىرپىك ...... 538
سەككىزىنچى پەسىل كىرپىك چۈشۈپ كېتىش ...... 540
توققۇزىنچى پەسىل كىرپىك ئاقىرىش ...... 541
ئونىنچى پەسىل قاپاق قىچىشىش ...... 542
ئون بىرىنچى پەسىل قاپاق جىيەكلىرى قىزىرىپ قېلىش ...... 544
ئون ئىككىنچى پەسىل يىڭناسقۇ ...... 546
ئون ئۈچىنچى پەسىل قاپاقتىكى ئۈجمىسىمان ئۆسمە ...... 546
ئون تۆتىنچى پەسىل قاپاق قاتتىقلىشىش ...... 547
ئون بەشىنچى پەسىل قاپاق يىرىڭلىق چاقىسى ...... 548
ئون ئالتىنچى پەسىل قاپاق ئىسىلىپ پارقىراپ قېلىش ...... 548
ئون يەتتىنچى پەسىل قاپاق سۆگىلى ...... 549
ئون سەككىزىنچى پەسىل قاپاقتىكى ئۇششاق مۇدۇرلار ...... 550
ئون توققۇزىنچى پەسىل قاپاقتىكى كېپەكلىك چاقا ...... 550
يىگىرمىنچى پەسىل قاپاقتىكى ئۆسمە ...... 551
يىگىرمە بىرىنچى پەسىل قاپاق كۆكىرىش ...... 551
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل كۆز قۇيرۇقىدىكى ئاقما ...... 551
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل كۆز ۋە قاپاق قىچىشىش ...... 553
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل كۆز بەز ئۆسمىسى ...... 554

**تۆتىنچى باب قۇلاق كېسەللىكلىرى** ...... 556
بىرىنچى پەسىل قۇلاق ئاغرىقى ...... 556
1. ھۆل ئىسسىق كەيپىيات تەسىرىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش ... 556
2. يەلدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش ...... 558
3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش ... 560

4. غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش ......... 560
5. ئىسسىق - سوغۇق ئىششىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش ... 561
6. يىرىڭلىق چاقىلاردىن پەيدا بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش ...... 562
7. قۇرتلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش........... 562
8. ھەرخىل ھاشاراتلاردىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش ............ 563
9. سۇ كىرىپ كېتىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش ............ 564
ئىككىنچى پەسىل قۇلاق ئېغىرلىق ۋە گاسلىق .......................... 564
ئۈچىنچى پەسىل قۇلاق غوڭۇلداش ........................................ 567
تۆتىنچى پەسىل قۇلاق قاناش ................................................ 570
بەشىنچى پەسىل قۇلاق سۇنۇپ كېتىش ...................................... 571
ئالتىنچى پەسىل قۇلاقنىڭ ئەسلى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى ......... 571
يەتتىنچى پەسىل قۇلاق تۈۋى ئىششىقى .................................. 572
سەككىزىنچى پەسىل قۇلاق تۈۋى جاراھىتى................................ 573
توققۇزىنچى پەسىل قۇلاققا يات نەرسىلەر كىرىپ كېتىش ................ 573
ئونىنچى پەسىل قۇلاق قىچىشىش ........................................... 574
ئون بىرىنچى پەسىل كۈچلۈك ئاۋازلاردىن قۇلاق ئاغرىش ............... 574

**بەشىنچى باب بۇرۇن كېسەللىكلىرى** .......................................... 575
بىرىنچى پەسىل پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى ............................ 575
ئىككىنچى پەسىل پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى .......................... 580
ئۈچىنچى پەسىل بۇرۇن مۇدۇرچاقلىرى ...................................... 581
تۆتىنچى پەسىل بۇرۇن يارىسى ............................................... 582
بەشىنچى پەسىل بۇرۇن قاناش................................................ 583
1. بوھران خاراكتېرلىك بۇرۇن قاناشنى داۋالاش ....................... 583
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بۇرۇن قاناشنى داۋالاش ... 584
3. ئىمتىلا (توشۇپ قېلىش) دىن بولغان بۇرۇن قاناشنى داۋالاش ... 584
ئالتىنچى پەسىل بۇرۇن سېسىق پۇراش ..................................... 585
يەتتىنچى پەسىل بۇرۇننىڭ مىجىلىپ كېتىشى ............................. 587
سەككىزىنچى پەسىل كۆپ چۈشكۈرۈش ..................................... 588
توققۇزىنچى پەسىل بۇرۇن قۇرۇش ........................................... 588
ئونىنچى پەسىل بۇرۇن قىچىشىش ............................................ 589

# ئىككىنچى جىلد


ئالتىنچى باب ئېغىز ۋە تىل كېسەللىكلىرى ............................................ 593

بىرىنچى پەسىل تىل ئىششىقى ............................................ 593

1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش ... 594

2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش ... 594

3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش ... 594

4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش ... 595

ئىككىنچى پەسىل تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشى ۋە بۇزۇلۇشى ............ 595

1. تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشىنى داۋالاش ............................................ 595

2. تېتىش سېزىمىنىڭ بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ............................................ 596

ئۈچىنچى پەسىل تىل ئېغىرلىقى ............................................ 597

1. ئىسسىقتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ............................................ 597

2. تىل پالەچلىنىشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ............ 597

3. ئومۇمىي بەدەن پالەچلىنىشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ... 598

4. ھۆللۈكتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ............................................ 598

5. مېڭە پەردە ياللۇغىدىن كېيىن پەيدا بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ............................................ 598

6. تىل يىلتىزى ئىنچىكە قىسقا بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان تىل ئې- غىرلىقىنى داۋالاش ............................................ 599

7. تىلدىكى ئىششىقتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ............ 599

8. تىل نېرۋىلىرى ئۈزۈلۈشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش ... 600

تۆتىنچى پەسىل تىل چوڭىيىپ قېلىش ............................................ 600

بەشىنچى پەسىل تىل بوشىشىپ كېتىش ............................................ 601

ئالتىنچى پەسىل تىل ئاستى پاقىسىمان ئۆسمىسى ............................................ 601

يەتتىنچى پەسىل تىل يېرىلىش ............................................ 602

سەككىزىنچى پەسىل تىل قۇرۇش ............................................ 603

توققۇزىنچى پەسىل تىل كۆيۈشۈش ............................................ 604

ئونىنچى پەسىل تىل قىچىشىش ...... 604

ئون بىرىنچى پەسىل ئېغىز شىللىق پەردىسى سويۇلۇش...... 605

ئون ئىككىنچى پەسىل ئېغىزغا مۇدۇر چىقىش ...... 606

ئون ئۈچىنچى پەسىل ئېغىز پىشلاقلىشىش...... 606

ئون تۆتىنچى پەسىل ئېغىز گۆشخور چاقىسى...... 607

ئون بەشىنچى پەسىل ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش...... 608

ئون ئالتىنچى پەسىل ئېغىز پۇراش ...... 609

ئون يەتتىنچى پەسىل تامغاق ئىششىقى ...... 612

**يەتتىنچى باب كالپۇك كېسەللىكلىرى ...... 614**

بىرىنچى پەسىل كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش ...... 614

ئىككىنچى پەسىل كالپۇك يېرىلىش، سويۇلۇش ۋە قۇرۇش ...... 615

ئۈچىنچى پەسىل كالپۇك لىكىلداش ...... 615

تۆتىنچى پەسىل كالپۇك قورۇلۇپ قېلىش ...... 616

بەشىنچى پەسىل كالپۇك بوۋاسىرى...... 617

ئالتىنچى پەسىل كالپۇك ئىششىقى...... 618

يەتتىنچى پەسىل كالپۇكقا مۇدۇرچاق چىقىش...... 619

سەككىزىنچى پەسىل كالپۇك يىرىڭلىق چاقىسى ...... 619

توققۇزىنچى پەسىل كالپۇك مىزاجىنىڭ خىلتسىز بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ... 619

ئونىنچى پەسىل كالپۇك گۆشخور چاقىسى ...... 620

**سەككىزىنچى باب چىش ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى ...... 621**

بىرىنچى پەسىل چىش ئاغرىقى...... 621

1. ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش...... 621
2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ... 622
3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ... 622
4. ماددىسىز سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ...... 622
5. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ... 623
6. ئاشقازان مەنبەلىك چىش ئاغرىقىنى داۋالاش...... 624
7. چىش كۆتىكىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ... 624

8. قويۇق يەللەردىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ...... 625
9. چىشقا قۇرت چۈشۈشتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ...... 625
ئىككىنچى پەسىل چىش قاماپ قېلىش ...... 626
ئۈچىنچى پەسىل چىش سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ...... 627
تۆتىنچى پەسىل چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىش ...... 628
1. ھۆللۈكتىن بولغان چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىشنى داۋالاش ...... 628
2. قۇرۇقلۇقتىن بولغان چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىشنى داۋالاش ...... 629
بەشىنچى پەسىل چىش ساغىرىپ قېلىش ...... 630
ئالتىنچى پەسىل چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش ...... 630
يەتتىنچى پەسىل چىش بوشاپ كېتىش ...... 631
سەككىزىنچى پەسىل كىچىك بالىلارغا ئاسان چىش چىقىرىشنىڭ ئۇسۇل- چارىلىرى ...... 634
توققۇزىنچى پەسىل چىشنىڭ بەك چوڭ ۋە ئۇزۇن ئۆسۈشى ...... 635
ئونىنچى پەسىل چىش قىچىشىش ...... 637
ئون بىرىنچى پەسىل ئۇيقۇلۇقتا چىشنى غۇچۇرلىتىش ...... 637
ئون ئىككىنچى پەسىل چىش مىلىكى ياللۇغى ...... 638
ئون ئۈچىنچى پەسىل چىش مىلىكى قاناش ...... 639
ئون تۆتىنچى پەسىل چىش مىلىكى يىرىڭلىق ئاقمىسى ...... 640

**توققۇزىنچى باب گال كېسەللىكلىرى** ...... 642
بىرىنچى پەسىل يۇتقۇنچاق ياللۇغى ...... 643
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش ... 652
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش ...... 658
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش ...... 659
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش ...... 661
5. بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) نى داۋالاش ...... 662
6. بوغما (خانىقە) نى داۋالاش ...... 665

7. ئىتسىمان بوغما (خەنناقى كەلبى) نى داۋالاش …… 665
ئىككىنچى پەسىل گال سىرتقى ئىششىقى …… 667
1. قان خىلتىنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىدىن بولغان گال سىرتقى ئىششىقىنى داۋالاش …… 668
2. بەلغەم خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولغان گال سىرتقى ئىششىقىنى داۋالاش …… 669
ئۈچىنچى پەسىل بادامسىمانبەز ياللۇغى …… 670
تۆتىنچى پەسىل كىچىك تىل ياللۇغى …… 671
بەشىنچى پەسىل كىچىك تىل بوششىپ كېتىش …… 672
ئالتىنچى پەسىل گال ئاغرىقى …… 675
يەتتىنچى پەسىل بويۇن نېرۋىلىرى ئاغرىقى …… 679
سەككىزىنچى پەسىل گالغا يېمەك - ئىچمەك تۇرۇپ قېلىش …… 680
توققۇزىنچى پەسىل گالغا سۆڭەك تۇرۇپ قېلىش …… 681
ئونىنچى پەسىل يىڭنە يۇتۇۋېلىش …… 681
ئون بىرىنچى پەسىل سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىش …… 682
ئون ئىككىنچى پەسىل گال پۇتۇپ قېلىش …… 682
ئون ئۈچىنچى پەسىل گالغا قۇرت چاپلىشىۋېلىش …… 683
ئون تۆتىنچى پەسىل گال زەخىملىنىش …… 684
ئون بەشىنچى پەسىل گال ئېچىشىش …… 686
ئون ئالتىنچى پەسىل گال قۇرۇش …… 687
ئون يەتتىنچى پەسىل كاناي ياللۇغى ۋە يارىسى …… 688
ئون سەككىزىنچى پەسىل كاناي لىكىلداش ۋە تىترەش …… 689
ئون توققۇزىنچى پەسىل يۇتقۇنچاقنىڭ بوششىپ كېتىشى …… 690

**ئونىنچى باب قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاۋاز بوزۇلۇش كېسەللىكلىرى …… 691**
بىرىنچى پەسىل يۇتۇش قىيىنلىشىش …… 691
ئىككىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچنىڭ سىپازملىنىشى ۋە پالچى …… 694
ئۈچىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى …… 695
تۆتىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچنىڭ يېرىلىشى …… 697
بەشىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچ يارىسى …… 697

ئالتىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش ........................ 698
يەتتىنچى پەسىل ئاۋاز بوزۇلۇش كېسەللىكلىرى ........................ 699
1. ئاۋاز چىقىرالماسلىقنى داۋالاش ........................ 700
2. ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشنى داۋالاش ........................ 701
3. ئاۋاز كوسۇلداپ چىقىشنى داۋالاش ........................ 706
4. ئاۋازنىڭ ئۈزۈلۈپ چىقىشنى داۋالاش ........................ 706
5. ئاۋازنىڭ بوم چىقىشنى داۋالاش ........................ 706
6. ئاۋازنىڭ ئىنچىكىرەپ چىقىشنى داۋالاش ........................ 706
7. ئاۋازنىڭ سوزۇكلىكى بوزۇلۇشنى داۋالاش ........................ 707
8. ئاۋازنىڭ تىترەپ چىقىشنى داۋالاش ........................ 707

**ئون بىرىنچى باب ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى** ........................ 708
بىرىنچى پەسىل ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 708
ئىككىنچى پەسىل نەپەسلىنىشنىڭ بوزۇلۇشى ........................ 710
1. قىيىن نەپەسلىنىشنى داۋالاش ........................ 716
2. يىغلىپ نەپەسلىنىشنى داۋالاش ........................ 716
3. نەپەس سىقىلىشنى داۋالاش ........................ 717
4. ئۆرە ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشنى داۋالاش ........................ 717
ئۈچىنچى پەسىل زىققە ........................ 717
1. نەزلىدىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 720
2. بەلغەمدىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 723
3. ھۆللۈكتىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 728
4. يىرىكلىكتىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 730
5. بۇ خاراتلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 732
6. يەلدىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 733
7. بوششىپ كېتىش (ئىستىرخا) خاراكتېرلىك زىققىنى داۋالاش ... 734
8. قۇرۇقلۇقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 734
9. سوغۇقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 735
10. ئىششىقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 735

11. ئىسسىقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش ........................ 736
12. ئاشقازان توشۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان زىققىنى داۋالاش...... 736
تۆتىنچى پەسىل يۆتەل .................................................. 736
1. ئىسسىق نەزلىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ........................ 741
2. سوغۇق نەزلىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ........................ 746
3. هۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ................................ 750
4. سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ................................ 753
5. ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ................................ 754
6. قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ............................. 756
7. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ........... 757
8. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ........ 758
9. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ........ 758
10. تارقىلىشچان يۆتەلنى داۋالاش .................................... 758
11. كانايغا قۇرۇقلۇق يېتىش سەۋەبىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش...... 760
12. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش........................ 761
بەشىنچى پەسىل بالىلار يۆتىلى ............................................ 762
ئالتىنچى پەسىل خارقىراش .................................................. 765
يەتتىنچى پەسىل قان تۈكۈرۈش .............................................. 766
1. ئۆپكە توقۇلمىلىرىدىن قان كېلىشنى داۋالاش ........................ 773
2. تومۇرلارنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە يېرىلىشىدىن بولغان قان تۈكۈرۈشنى داۋالاش ................................................................ 776
3. قان تومۇرنىڭ هەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ كېتىشىدىن بولغان قان تۈكۈرۈشنى داۋالاش ............................................... 779
4. تومۇرلار چىرىشتىن بولغان قان تۈكۈرۈشنى داۋالاش ............... 780
5. كۆكرەكتىن قان كېلىشنى داۋالاش ................................ 782
6. يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن قان كېلىشنى داۋالاش ..................... 783
7. كىچىك تىلدىن قان كېلىشنى داۋالاش............................... 783
8. چىش مىلىكىدىن قان كېلىشنى داۋالاش ........................... 784
9. ئىچكى ئەزالاردىكى ياللۇغلاردىن قان سىرغىپ چىقىشنى داۋالاش ... 784

10. قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، تال، جىگەر قاتارلىق ئەزالاردىن قان كېلىشنى داۋالاش ........................................ 784
سەككىزىنچى پەسىل ئۆپكە ياللۇغى ........................................ 785
1. ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش ........................................ 788
2. ئۆپكىگە سۇ يىغىلىشنى داۋالاش ........................................ 796
3. بالىلار ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش ........................................ 797
توققۇزىنچى پەسىل ئۆپكە تۇبېركۇلوزى ........................................ 800
1. ھەقىقىي ئۆپكە تۇبېركۇلوزىنى داۋالاش ........................................ 805
2. ساختا ئۆپكە تۇبېركۇلوزىنى داۋالاش ........................................ 819
ئونىنچى پەسىل يىرىك تۇكۇرۇش ........................................ 820
ئون بىرىنچى پەسىل ئۆپكە ئاجىزلىقى ........................................ 822
ئون ئىككىنچى پەسىل كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقى ........................................ 824
1. قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش ... 826
2. سوغۇقتىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 827
3. يەلدىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 829
4. بۇزۇق گاز (بۇخارات) ۋە توسالغۇدىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 831
5. كۆكرەكتىكى ئەزالار ئىششىقىدىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 832
ئون ئۈچىنچى پەسىل كۆكرەك پەردە ياللۇغى ........................................ 834
1. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ........................................ 845
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ........................................ 854
3. ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە غەيرى خالىس) نى داۋالاش ........................................ 855
4. تارقىلىشچان كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە ۋە بائى) نى داۋالاش ........................................ 858
5. بوغما (خانىقە) نى داۋالاش ........................................ 859

6. ئۇششاق قوۋۇرغا ئارىلىق پەردە ياللۇغى (شۇسە) نى داۋالاش …… 860
7. كۆكرەك ئالدى بۆلگۈچ پەردە ياللۇغى (زاتسىسەدرى) نى داۋالاش … 862
8. كۆكرەك كەينى بۆلگۈچ پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبى ئەرىز) نى داۋالاش …… 863
ئون تۆتىنچى پەسىل دىئافراگما ياللۇغى …… 863
ئون بەشىنچى پەسىل كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش …… 866
ئون ئالتىنچى پەسىل قوۋۇرغا ۋە كۆكرەك پەردىلىرىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى …… 871
ئون يەتتىنچى پەسىل كۆكرەك سىپازمىسى …… 872

**ئون ئىككىنچى باب يۇرەك كېسەللىكلىرى …… 874**
بىرىنچى پەسىل يۇرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى …… 874
1. يۇرەك مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش …… 881
2. يۇرەك مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش…… 883
3. يۇرەك مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش …… 884
4. يۇرەك مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش …… 886
5. يۇرەك مىزاجىنىڭ مۇرەككەپ كەيپىياتلار تەسىرىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش …… 887
ئىككىنچى پەسىل يۇرەك سانجىقى …… 887
ئۈچىنچى پەسىل يۇرەك رىتىمسىزلىقى …… 888
1. ئىسسىقتىن بولغان يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش…… 894
2. سوغۇقتىن بولغان يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش …… 901
3. يەل ۋە بۇخاراتلاردىن بولغان يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش…… 907
4. تۇسۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش …… 909
5. ئاجىزلىقتىن بولغان يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش …… 910
6. سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىشتىن بولغان يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش …… 911
7. باشقا ئەزالار شىرىكچىلىكىدىكى يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش … 911
8. يۇرەك رىتىمسىزلىقىنى ئامبۇلارىيە شارائىتىدا داۋالاش …… 912
تۆتىنچى پەسىل يۇرەك مەنبەلىك شوك …… 914

1. توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ··· 920
2. ئىستىفراغنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ··· 921
3. مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ······ 922
4. ئاغرىق ۋە ياللۇغدىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ········ 923
5. توسولۇشتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش········· 923
6. ئاچلىقتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ········ 924
7. زىيادە چارچاش ۋە قورقۇقتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ········ 924
8. قان ئالغاندىن كېيىنكى يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ········ 925
9. روھىي ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ········ 925
10. ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاجىزلىقىدىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ········ 925
11. ھىستېرىيە خاراكتېرلىك يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ······ 926
12. قىزىتمىدىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ··· 926
13. زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش ··· 927
14. يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ······ 927
بەشىنچى پەسىل ماغدۇرسىزلىنىش ········ 928
ئالتىنچى پەسىل يۈرەك ياللۇغى ········ 929
1. يۈرەك دالانچا ياللۇغىنى داۋالاش ········ 930
2. يۈرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ········ 932
3. يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ توشۇپ قېلىشىنى داۋالاش········ 932
يەتتىنچى پەسىل يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ········ 933
سەككىزىنچى پەسىل يۈرەك سويۇلغاندەك ئاغرىش ········ 934
توققۇزىنچى پەسىل يۈرەك سىقىلىش ········ 935
ئونىنچى پەسىل يۈرەكنىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش ········ 936
ئون بىرىنچى پەسىل بۇخاراتلاردىن بولغان يۈرەك تۇمانلىشىش ········ 937
ئون ئىككىنچى پەسىل يۈرەكنىڭ ئاستىغا تارتىلىشى ········ 937

ئون ئۈچىنچى پەسىل ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە قايغۇنىڭ يۈرەككە بولغان تەسىرى ...................................................... 938

ئون ئۈچىنچى باب ئاشقازان كېسەللىكلىرى ...................................................... 939
بىرىنچى پەسىل ئاشقازان كېسەللىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 939
ئىككىنچى پەسىل ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز بۇزۇلۇشى............ 951
1. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ... 951
2. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ... 953
3. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ... 954
4. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ... 955
5. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 957
6. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 958
7. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 959
8. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 960
ئۈچىنچى پەسىل ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتلىق بۇزۇلۇشى ............... 961
1. ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي ـ تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 963
2. ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 965
3. ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ...................................................... 967
تۆتىنچى پەسىل يەلدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى ..................... 968
بەشىنچى پەسىل ئاشقازان ئاغرىقى ...................................................... 970
1. يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش ..................... 973
2. بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش...................................................... 977

3. خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش ......... 979
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش ... 980
5. خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش........... 981
6. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش ... 982
7. خىلىتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش ...... 984
8. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش ... 984
9. مۇرەككەپلەشكەن غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولغان ئاشقا-
زان ئاغرىقىنى داۋالاش.............................................. 985
10. ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاشقازان ئاغرىنى داۋالاش ... 985
ئالتىنچى پەسىل ئاشقازان ئاجىزلىقى .................................. 986
يەتتىنچى پەسىل بۇۋاقلاردىكى ئاشقازان ئاجىزلىقى ....................... 990
سەككىزىنچى پەسىل ھەزىم ئاجىزلىقى ...................................... 991
1. سۈمۈرۈش كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى
داۋالاش.................................................................... 992
2. تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى
داۋالاش.................................................................... 993
3. ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى
داۋالاش.................................................................... 994
4. ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى
داۋالاش.................................................................... 994
توققۇزىنچى پەسىل ھەزىم بۇزۇلۇش ...................................... 997
1. يېمەك - ئىچمەكتىن كېلىپ چىققان ھەزىم بۇزۇلۇشنى داۋالاش ... 999
2. ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ھەزىم بۇزۇلۇش-
نى داۋالاش.................................................................. 1000
3. باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەزىم بۇزۇلۇشنى
داۋالاش .................................................................... 1005
ئونىنچى پەسىل ھەزىم يوقىلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش ......................... 1006
ئون بىرىنچى پەسىل خولېرا ............................................ 1011
1. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاش ...... 1020

2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاش...... 1023
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاش ...... 1027
4. تارقىلىشچان خولېرانى داۋالاش ...................... 1028
5. باللاردىكى خولېرانى داۋالاش ........................ 1030
ئون ئىككىنچى پەسىل ئىشتىها ئاجىزلاش ۋە تۇتۇلۇش ................ 1031
1. خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ......... 1035
2. خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ........ 1036
3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ... 1037
4. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ... 1037
5. خىلىتلارنىڭ چىرىشىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ...... 1038
6. خام خىلىتلار تەسىرىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ...... 1038
7. سەۋدا خىلىتىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ........................ 1038
8. توشۇپ قېلىشتىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ............ 1039
9. سۇمۇرۇش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ........................ 1039
10. تال ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ........... 1039
11. ئاشقازان سىزگۈرلۈكى يوقىلىشتىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ........................ 1039
12. كەم قانلىق سەۋەبىدىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ...... 1040
13. ھەيز توسۇلۇشتىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش ........... 1040
14. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىشتىهاسىزلىقنى داۋالاش .......... 1040
ئون ئۈچىنچى پەسىل يات نەرسىلەرنى يېيىش ........................ 1041
1. ھامىلىدار ئاياللاردىكى يات نەرسىلەرنى يېيىشنى ئارزۇ قىلىشنى داۋالاش ........................ 1041
2. نورمال كىشىلەردىكى يات نەرسىلەرنى يېيىشنى ئارزۇ قىلىشنى داۋالاش ........................ 1042
ئون تۆتىنچى پەسىل ئىت ئىشتىها كېسىلى ........................ 1043
1. خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان ئىت ئىشتىها كېسىلىنى داۋالاش ... 1045

2. چوڭچوڭمەل بەلغەم خىلىتىدىن بولغان ئىت ئىشتىها كېسىلىنى داۋالاش ...... 1046
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ئىت ئىشتىها كېسىلىنى داۋالاش ...... 1046
4. خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئىت ئىشتىها كېسىلىنى داۋالاش ... 1046
5. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىت ئىشتىها كېسىلىنى داۋالاش ...... 1047
ئون بەشىنچى پەسىل كالا ئىشتىها كېسىلى ...... 1048
ئون ئالتىنچى پەسىل ئاچلىقتىن بولغان هوشسىزلىنىش ...... 1051
ئون يەتتىنچى پەسىل ئۇسسۇزلۇق كېسىلى ...... 1052
1. هارارەت ئېشىپ كېتىشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ... 1054
2. قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ...... 1055
3. شارابنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ...... 1055
4. قويۇق ۋە تۇزلۇق خىلتلار سەۋەبىدىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ...... 1056
5. هەرخىل يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ...... 1057
6. زەهەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ...... 1057
7. مۇز ئىستېمال قىلغانلىقتىن پەيدا بولغان ئۇسسۇزلۇق كسىلىنى داۋالاش ...... 1058
8. كۆپ ئىچى سۈرۈشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش ... 1058
ئون سەككىزىنچى پەسىل ئاشقازان ياللۇغى ...... 1058
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش ... 1060
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش ...... 1062
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش ...... 1063

4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش ........................................ 1065
ئون توققۇزىنچى پەسىل ئاشقازان يېرىڭلىق ئىششىقى .................... 1066
يىگىرمىنچى پەسىل ئاشقازان يارىسى ۋە مۇدۇر - چاقىلىرى .................. 1068
يىگىرمە بىرىنچى پەسىل ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراش .................. 1071
1. خىلىتسىز سوغۇقلۇقتىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراشنى داۋالاش ........................................ 1073
2. يېمەكلىكلەردىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراشنى داۋالاش ... 1074
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراشنى داۋالاش ........................................ 1074
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قورساق كورىكىراش ۋە كۆپۈشنى داۋالاش ........................................ 1075
5. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراشنى داۋالاش ........................................ 1076
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل ئاچچىق كېكىرىش، ئەسنەش ۋە كېرىلىش ... 1076
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل قەي قىلىش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش ... 1078
1. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش ........................................ 1082
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بو- لۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش ........................................ 1085
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بو- لۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش ........................................ 1086
4. باشقا ئەزالار شېرىكچىلىكىدىكى كۆڭۈل ئېلىشىش ھۆ بولۇش ۋە قەي قىلىشنى داۋالاش ........................................ 1087
5. ئوفۇنەتلىنىشتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ھۆ بولۇش ۋە قەي قىلىشنى داۋالاش ........................................ 1088
6. ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش ۋە كۆ- ڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش ........................................ 1088
7. يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ھۆ بو-

لۇش ۋە قەي قىلىشنى داۋالاش ...................................................... 1090
8. بۆھران دەۋرىدىكى كۆڭۈل ئېلىشىش، ھۆ بولۇش، قەي قىلىشنى داۋالاش ...................................................... 1091
9. مەددە قۇرت تەسىرىدىن بولغان قەي قېلىش، ھۆ بولـۇش، كۆ-ڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش ...................................................... 1091
10. باللاردىكى كۆڭۈل ئېلىشىش، ھۆ بولۇش، قەي قىلىشنى داۋالاش ... 1092
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل قان قەي قىلىش ...................................................... 1093
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل ئاشقازاندا قان ياكى سۈت ئۇيۇپ قېلىش ...... 1098
يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل ھىق تۇتۇش ...................................................... 1099
1. بەك تويۇپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ... 1102
2. يەلدىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش...................................................... 1103
3. سوغۇقتىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ...................................................... 1104
4. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ... 1105
5. ئىسسىقتىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ...................................................... 1107
6. ئۆتكۈر غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ...................................................... 1107
7. قۇرۇقلۇقتىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ...................................................... 1109
8. ياللۇغلىنىشتىن بولغان ھىق تۇتۇشنى داۋالاش ...................................................... 1110
يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل ئاشقازان خىزمىتى قالايمىقانلىشىش ...................................................... 1110
يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل ئاشقازان ئارامسىزلىنىش ...................................................... 1112
يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل ئاشقازان قوزغىلىش ...................................................... 1113
ئوتتۇزىنچى پەسىل ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىش ...................................................... 1115
1. خىلتىسىز ئىسسىق ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى تەسىرىدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى داۋالاش...................................................... 1116
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىـ-زى ئاغرىقىنى داۋالاش ...................................................... 1117
3. يەلدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى داۋالاش ...... 1118
ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل ئاشقازان كۆيۈشۈش ...................................................... 1119
ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل ئاشقازان قىچىشىش ...................................................... 1121

1. ئۆتكۈر خىلتلار تەسىرىدىن بولغان ئاشقازان قىچىششىنى داۋالاش ··· 1121
2. ئاشقازاندىكى ئۇششاق مۇدۇر ـ چاقىلاردىن بولغان ئاشقازان قىچىششىنى داۋالاش ········································ 1122
ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل ئاشقازان تۆۋەنلەش ··············· 1122
ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل ئاشقازان يىغىلىۋېلىش ··············· 1123
ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل ئاشقازان قېتىپ قېلىش ··············· 1125
ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل ئاشقازان كىچىكلەپ كېتىش ··············· 1127
ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل ئاشقازان زەخىملىنىش··············· 1127
ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل ئاشقازان تېشىلىپ كېتىش ··············· 1128

# ئۈچىنچى جىلد

**ئون تۆتىنچى باب جىگەر كېسەللىكلىرى** ······························ 1131
بىرىنچى پەسىل جىگەر كېسەللىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ······ 1131
1. جىگەرنى تونۇپ تەكشۈرۈش ······························ 1131
2. ئاغرىش سېزىمىغا ئاساسەن جىگەرنى تەكشۈرۈش ··············· 1132
3. جىگەرنىڭ خىزمىتىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ··············· 1132
4. باشقا ئەزالاردىكى ئالامەتلەرگە ئاساسەن جىگەرنى تەكشۈرۈش······ 1133
5. بەدەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇش ئاساسىدا جىگەرنى تەكشۈرۈش ······························ 1133
6. قورساق ئەتراپىدىكى تومۇرلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق جىگەرنى تەكشۈرۈش ······························ 1134
7. جىگەردىن باشلانغان قان تومۇرلار ئارقىلىق تەكشۈرۈش ········ 1134
8. باشقا ئەزالارنىڭ شەكلى ئارقىلىق جىگەرنى تەكشۈرۈش ········ 1135
9. جىگەردە پەيدا بولغان خىلتلارنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش ··· 1135
10. يېمەكلىكلەرنىڭ جىگەرگە خىل كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ······························ 1135
11. بىمارنىڭ يېشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئاساسەن جىگەرنى تەكشۈرۈش ··· 1135
ئىككىنچى پەسىل جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ··············· 1142

1. جىگەر مىزاجىنىڭ خىلىتسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ··· 1142
2. جىگەر مىزاجىنىڭ خىلىتسىز سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ··· 1147
3. جىگەر مىزاجىنىڭ خىلىتسىز قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ··· 1151
4. جىگەر مىزاجىنىڭ خىلىتسىز ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ··· 1152
5. جىگەر مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش········ 1153
6. جىگەر مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش······ 1155
7. جىگەر مىزاجىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ········ 1157
8. جىگەر مىزاجىنىڭ قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ······ 1159
ئۈچىنچى پەسىل جىگەر ئاجىزلىقى ································ 1161
تۆتىنچى پەسىل جىگەر ۋە ماسارىقا تومۇرلىرىنىڭ تۇسۇلۇشى ·········· 1169
1. جىگەرنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ماسارىقا تومۇرلىرىنىڭ تۇسۇلۇشىنى داۋالاش ································ 1173
2. جىگەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ماسارىقا تومۇرلىرىنىڭ تۇسۇلۇشىنى داۋالاش ································ 1177
بەشىنچى پەسىل جىگەر كۆپۈشۈش ۋە جىگەرگە يەل يىغىلىش·········· 1179
ئالتىنچى پەسىل جىگەر ئاغرىش ································ 1181
1. جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان جىگەر ئاغرىقىنى داۋالاش ································ 1182
2. جىگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان جىگەر ئاغرىقىنى داۋالاش ································ 1182
يەتتىنچى پەسىل جىگەر قېتىش································ 1183
سەككىزىنچى پەسىل جىگەر ياللۇغى ································ 1184
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ··· 1188
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ································ 1192
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ································ 1194
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ································ 1197

5. جىگەر مۇسكۇل ياللۇغىنى داۋالاش ........................................ 1200
توققۇزىنچى پەسىل ئۆرۈلۈش سوقۇلۇشتىن بولغان جىگەر زەخىملىنىش ... 1201
ئونىنچى پەسىل جىگەر يېرىلىش ........................................ 1202
ئون بىرىنچى پەسىل جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقى ........................................ 1203
ئون ئىككىنچى پەسىل جىگەر مۇدۇر چاقىسى ........................................ 1205
ئون ئۈچىنچى پەسىل جىگەر لىكىلداش ........................................ 1205
ئون تۆتىنچى پەسىل جىگەرگە ئۇششاق تاش پەيدا بولۇش ........................................ 1206
ئون بەشىنچى پەسىل جىگەر يىگلەش ........................................ 1207
ئون ئالتىنچى پەسىل سۇ ئۇلقۇنىيە (بەدەندىكى سۇ ئالمىشىشىنىڭ بۇ-
زۇلۇشى) ........................................ 1207
ئون يەتتىنچى پەسىل سۇلۇق ئىششىق ........................................ 1212
1. گۆش سۇلۇق ئىششىقىنى داۋالاش ........................................ 1219
2. تۇلۇمسىمان سۇلۇق ئىششىنى داۋالاش ........................................ 1231
3. ناغرىسىمان سۇلۇق ئىششىنى داۋالاش........................................ 1237

**ئون بەشىنچى باب ئۆت خالتىسى ۋە تال كېسەللىكلىرى** ........................................ 1241
بىرىنچى پەسىل يەرقان ........................................ 1242
1. سېرىق يەرقان ........................................ 1242
1) قايناش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇشنى داۋالاش ........................................ 1247
2) توسۇلۇش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇشنى داۋالاش ........................................ 1250
3) ياللۇغلىنىش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇشنى داۋالش ........................................ 1252
4) زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇشنى داۋالاش ........................................ 1253
5) ئۆتكۈر پۇراقلىق زەھەرلەرنى پۇرىۋېلىش خاراكتېرلىك سېرىقلىق
چۇشۇشنى داۋالاش ........................................ 1254
6) تارقىلىشچان يوقۇش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇشنى داۋالاش ... 1255
7) بۆھران خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇشنى داۋالاش ........................................ 1257
2. قارا يەرقان ........................................ 1258
1) تال تومۇرلىرى توسۇلۇشتىن بولغان قارا يەرقاننى داۋالاش ........................................ 1260
2) تال ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان قارا يەرقاننى داۋالاش ........................................ 1261
3) تال ئىششىقىدىن كېلىپ چىققان قارا يەرقاننى داۋالاش........................................ 1261

4) بوھران خاراكتېرلىك قارا يەرقاننى داۋالاش ........................ 1262
5) خىلىتلارنىڭ كۆيۈشىدىن كېلىپ چىققان قارا يەرقاننى داۋالاش ... 1262
3. سېرىق يەرقان ۋە قارا يەرقان .............................................. 1263
ئىككىنچى پەسىل تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ........................... 1264
1. تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش .................. 1266
2. تال مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش .................. 1267
3. تال مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش .................. 1267
4. تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ............... 1268
5. تال مىزاجىنىڭ مۇرەككەپ كەيپىياتلار تەسىرىدىن بۇزۇلۇشىنى
داۋالاش ...................................................................... 1268
ئۈچىنچى پەسىل تال ياللۇغى ۋە تال قېتىش ............................ 1269
1. تال ياللۇغى ................................................................. 1269
1) غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان تال ياللۇغىنى داۋالاش ... 1270
2) غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان تال ياللۇغىنى داۋالاش ... 1271
3) غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تال ياللۇغىنى داۋالاش ... 1272
2. تال قېتىش ................................................................... 1273
تۆتىنچى پەسىل تالغا يىرىڭ يىغىلىش ..................................... 1279
بەشىنچى پەسىل تال كۆپۈشۈش ۋە تالغا يەل يىغىلىش ................ 1280
ئالتىنچى پەسىل تال ئاجىزلىقى ............................................. 1281
يەتتىنچى پەسىل تالدا توسالغۇ پەيدا بولۇش ............................. 1283
سەككىزىنچى پەسىل تالغا تاش ۋە قۇم پەيدا بولۇش .................. 1284
توققۇزىنچى پەسىل تال ئاغرىقى.............................................. 1285

**ئون ئالتىنچى باب ئۈچەي كېسەللىكلىرى** ...................................... 1287
بىرىنچى پەسىل ئىچ سۈرۈش.................................................... 1287
1. يېمەكلىك مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش .......................... 1302
2. تارقىلىشچان يوقۇش مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ............ 1303
3. مېگە مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ............................... 1303
4. ھۆل سوغۇق كەيپىيات ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بول-
غان ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش........................ 1305

5. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1310
6. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1315
7. ئاشقازان يارىسى ۋە مۇدۇر - چاقىسى سەۋەبىدىن بولغان ئىچ سۈ- رۈشنى داۋالاش ...... 1315
8. جىگەر تومۇلۇش ۋە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئاشقازان مەنبە- لىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1316
9. ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1316
10. ئاشقازان دىۋارىدىكى سىزىملارنىڭ يوقىلىشىدىن بولغان ئىچ سۈ- رۈشنى داۋالاش ...... 1318
11. سۈرگۈ دورىلىرىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئاشقازان مەنبە- لىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1318
12. جىگەر مەنبەلىك كەيلۇسلۇق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1320
13. جىگەر مەنبەلىك گۆش يۇغان سۇدەك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ... 1321
14. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1322
15. جىگەر مەنبەلىك يىرىڭلىق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1322
16. جىگەر مەنبەلىك پىشلاق سۈتتەك، تولغاقلىق، ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1323
17. ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1324
18. تال مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1324
19. هۆللۈكتىن بولغان ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ... 1325
20. ئۈچەي مۇدۇر - چاقىسىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ... 1329
21. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1332
22. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1335
23. ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...... 1336

24 . باشقا ئەزالار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىچ سۈرۈشىنى
داۋالاش ............................................................. 1337
25 . باللاردىكى ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش .............................. 1340
ئىككىنچى پەسىل قانلىق ئىچ سۈرۈش ................................ 1343
1. جىگەر مەنبەلىك قانلىق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش ...................... 1346
2. ئۈچەي مەنبەلىك قانلىق ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش........................ 1347
ئۈچىنچى پەسىل ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇش ... 1350
1. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي
شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇشنى داۋالاش................................ 1358
2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي
شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇشنى داۋالاش................................ 1361
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي
شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇشنى داۋالاش .............................. 1362
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي
شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇشنى داۋالاش .............................. 1364
5. چىقىرىندى ماددىلار سەۋەبىدىن بولغان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي
شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇشنى داۋالاش .............................. 1365
6. زەھەرلىنىشتىن بولغان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي شىللىق پەردە-
لىرى سويۇلۇشنى داۋالاش ............................................ 1365
7. سۈرگۈ دورىلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەي
شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇشنى داۋالاش .............................. 1366
تۆتىنچى پەسىل يىرىڭلىق ئىچ سۈرۈش................................ 1367
بەشىنچى پەسىل تولغاق (زەھىرى) .................................... 1368
1. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تولغاقنى داۋالاش ...... 1374
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى ۋە يەلدىن بولغان تولغاقنى داۋالاش ... 1377
3. ياللۇغلىنىشتىن بولغان تولغاقنى داۋالاش .......................... 1380
4. سوغۇقتىن بولغان تولغاقنى داۋالاش .................................. 1381
5. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان تولغاقنى داۋالاش ........................ 1382
6. باللار تولغىقىنى داۋالاش ............................................ 1384

ئالتىنچى پەسىل ئۈچەي ئاغرىقى ........................................ 1385
1. يەلدىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالاش ........................ 1387
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 1389
3. خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالاش ........ 1390
4. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 1391
5. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي ئاغرىنى داۋالاش ........................................ 1392
6. سۇرگۇ دورىلار سەۋەبىدىن بولغان ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالاش ... 1392
7. بالىلاردىكى ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالاش........................ 1393
يەتتىنچى پەسىل قورساق كۆپۈش ۋە كوركىراش ........................ 1393
سەككىزىنچى پەسىل ئۈچەي توسۇلۇش ........................ 1395
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................................ 1407
2. يەلدىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش........................ 1413
3. چىقىرىندى ماددىلار تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................................ 1415
4. ياللۇغدىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................ 1422
5. ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىش ۋە سىرىق ئەت يېرتىلىشتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................ 1425
6. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................................ 1426
7. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................................ 1428
8. مۇرەككەپ سەۋەبلەردىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ...... 1428
9. تارقىلىشچان ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................ 1429
10. ئىككىلەمچى ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش ........................ 1430
توققۇزىنچى پەسىل ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىش ........................ 1430

ئونىنچى پەسىل قەۋزىيەت ...................................... 1436
ئون بىرىنچى پەسىل مەددە قۇرت كېسىلى ........................ 1439
1. تاسمىسىمان مەددە قۇرت ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە قۇرت كې-
سىلىنى داۋالاش ............................................ 1443
2. تۇتۇ مەددە قۇرت كېسىلىنى داۋالاش ......................... 1448

**ئون يەتتىنچى باب مەقئەت كېسەللىكلىرى** ........................ 1450
بىرىنچى پەسىل بوۋاسىر (گېموررويى) ............................ 1450
ئىككىنچى پەسىل يەللىك بوۋاسىر ................................ 1471
ئۈچىنچى پەسىل قاقاچلىق بوۋاسىر ............................... 1475
تۆتىنچى پەسىل مەقئەت ئاقمىسى ................................. 1476
بەشىنچى پەسىل مەقئەت ياللۇغى ................................. 1479
1. ئىسسىقتىن بولغان مەقئەت ياللۇغىنى داۋالاش .................. 1480
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مەقئەت ياللۇغىنى
داۋالاش .................................................. 1480
ئالتىنچى پەسىل مەقئەت يېرىلىش .................................. 1483
يەتتىنچى پەسىل مەقئەت ئىستىرخاسى ............................. 1485
سەككىزىنچى پەسىل مەقئەت چۇقۇقى ................................ 1487
توققۇزىنچى پەسىل مەقئەت قىچىشىش ............................... 1490
ئونىنچى پەسىل مەقئەت يارىسى ................................... 1491
ئون بىرىنچى پەسىل مەقئەت پۇتەيلىكى ............................ 1492
ئون ئىككىنچى پەسىل مەقئەت تومۇرلىرى ئېچىلىپ قېلىش ............. 1492

**ئون سەككىزىنچى باب بۆرەك كېسەللىكلىرى** ....................... 1494
بىرىنچى پەسىل بۆرەك كېسەللىكلىرى ھەققىدە چۈشەنچە ............... 1494
ئىككىنچى پەسىل بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ....................... 1496
1. بۆرەك مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ................ 1496
2. بۆرەك مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى
داۋالاش .................................................. 1497
3. بۆرەك مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى

داۋالاش ........................................ 1497
4. بۆرەك مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش .............. 1498
5. بۆرەك مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بۇزۇلۇشىنى
داۋالاش ........................................ 1498
ئۈچىنچى پەسىل   بۆرەك ئورۇقلاش ................................ 1500
تۆتىنچى پەسىل   بۆرەك ئاجىزلىقى ................................ 1501
بەشىنچى پەسىل   بۆرەككە يەل پەيدا بولۇش ............................ 1504
ئالتىنچى پەسىل   بۆرەك ئاغرىقى ................................ 1506
يەتتىنچى پەسىل   بۆرەكتە توسالغۇ پەيدا بولۇش............................ 1508
سەككىزىنچى پەسىل   بۆرەك ياللۇغى ................................ 1508
1. ئىسسىقتىن بولغان بۆرەك ياللۇغىنى داۋالاش .................. 1513
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بۆرەك ياللۇغىنى
داۋالاش ........................................ 1517
3. بۆرەك ياللۇغىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى داۋالاش .................. 1518
توققۇزىنچى پەسىل   بۆرەك مۇدۇر چاقىسى ................................ 1519
ئونىنچى پەسىل   بۆرەك يارىسى ................................ 1522
ئون بىرىنچى پەسىل   بۆرەك قىچىشىش................................ 1529
ئون ئىككىنچى پەسىل   قەنت سىيىش كېسىلى ................................ 1531
1. ئىسسىقتىن بولغان قەنت سىيىش كېسەللىكىنى داۋالاش .......... 1533
2. سوغۇقتىن بولغان قەنت سىيىش كېسەللىكىنى داۋالاش .......... 1536
ئون ئۈچىنچى پەسىل   بۆرەككە تاش ۋە قۇم پەيدا بولۇش................ 1538

**ئون توققۇزىنچى باب   دوۋساق كېسەللىكلىرى** ................................ 1548
بىرىنچى پەسىل   دوۋساقتا قۇم ۋە تاش پەيدا بولۇش................ 1549
ئىككىنچى پەسىل   دوۋساق ياللۇغى ۋە مۇدۇر - چاقىلىرى .............. 1554
1. ئىسسىقتىن بولغان دوۋساق ياللۇغى ۋە مۇدۇرچاقىنى داۋالاش ... 1556
2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان دوۋساق ياللۇغى ۋە مۇ-
دۇرچاقىنى داۋالاش ........................................ 1558
3. دوۋساق ياللۇغىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى داۋالاش .............. 1558
ئۈچىنچى پەسىل   دوۋساق يارىسى ................................ 1560

تۆتىنچى پەسىل    دوۋساق تەمرەتكىسى ………………………… 1562
بەشىنچى پەسىل    دوۋساقتا قان ئۇيۇپ قېلىش ………………………… 1563
ئالتىنچى پەسىل    دوۋساق بىر تەرەپكە سىلجىش ۋە بوشىشىپ كېتىشى … 1564
يەتتىنچى پەسىل    دوۋساق ئاغرىقى ………………………… 1565
1. ئىسسىقلىق تەسىرىدىن كېلىپ چىققان دوۋساق ئاغرىقىنى داۋالاش … 1566
2. سوغۇقلۇق تەسىرىدىن كېلىپ چىققان دوۋساق ئاغرىقىنى داۋالاش … 1567
سەككىزىنچى پەسىل    دوۋساقتا يەل پەيدا بولۇش ………………………… 1567
توققۇزىنچى پەسىل    دوۋساق ئاجىزلىقى ………………………… 1568
ئونىنچى پەسىل    سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ………………………… 1569
ئون بىرىنچى پەسىل    سىيىش قىيىنلىشىش ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇش …… 1571
1. دوۋساق مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان سى-
يىش قىيىنلىشىش ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………… 1573
2. دوۋساق مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان
سىيىش قىيىنلىشىش ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………… 1574
3. دوۋساق ياللۇغىدىن كېلىپ چىققان سىيىش قىيىنلىشىش ۋە سۈي-
دۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………………………… 1575
4. قان ۋە يىرىڭنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان سىيىش قى-
يىنلىشىش ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………… 1575
5. قويۇق يەلدىن كېلىپ چىققان سىيىش قىيىنلىشىش ۋە سۈيدۈك
تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………………………… 1575
6. ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشتىن كېلىپ چىققان سىيىش قىيىنلىشىش ۋە
سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………………………… 1576
7. سۈيدۈكنى ئۇزاق ۋاقىت چىڭقاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سۈي-
دۈك تۇتۇلۇش ۋە سىيىش قىيىنلىشىشنى داۋالاش ………… 1576
8. شىلىمشىق سۇيۇقلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سۈيدۈك تۇتۇ-
لۇش ۋە سىيىش قىيىنلىشىشنى داۋالاش ………… 1576
9. ئۆسمە گۆش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سىيىش قىيىنلىشىش ۋە
سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ………………………… 1577
10. دوۋساق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ياكى يىغىلىپ قې-

لىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سىيىش قىيىنلىشىش ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاش ...................................... 1577
11. دوۋساقنىڭ ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى ۋە دوۋساقتا تاش چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە سىيىش قىيىنلىشىشنى داۋالاش ...................................... 1578
12. دوۋساقتا ئۆتكۈر خىلىتلارنىڭ قۇيۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە سىيىش قىيىنلىشىشنى داۋالاش ............... 1578
13. باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە سىيىش قىيىنلىشىشنى داۋالاش ...................................... 1578
ئون ئىككىنچى پەسىل سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ...................................... 1580
1. ئىسسىقتىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنى داۋالاش ......... 1581
2. سوغۇقتىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنى داۋالاش ............ 1581
3. دوۋساق ئاجىزلىقىدىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنى داۋالاش ... 1582
4. پالەچ سەۋەبىدىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنى داۋالاش ... 1582
5. دوۋساقتا ياكى سۈيدۈك يولىغا ئۆتكۈر خىلىتلارنىڭ تەسىر قىلىشىدىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشنى داۋالاش ............... 1583
ئون ئۈچىنچى پەسىل سۈيدۈك تۇتالماسلىق ...................................... 1583
ئون تۆتىنچى پەسىل سىيىپ يېتىش ...................................... 1586
ئون بەشىنچى پەسىل كۆپ سىيىش ...................................... 1587
ئون ئالتىنچى پەسىل سۈيدۈك ئازىيىش ...................................... 1588
ئون يەتتىنچى پەسىل سۈيدۈكتىن قان كېلىش ...................................... 1588
ئون سەككىزىنچى پەسىل غەيرىي تەبىئىي سىيىش ...................................... 1593

**يىگىرمىنچى باب ئەرلەر تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى** ...................................... 1594
بىرىنچى پەسىل جىنسىي ئاجىزلىق ...................................... 1594
1. مەنىي ئازلىقتىن بولغان جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ............ 1602
2. رەئىس ئەزالار ئاجىزلىقىدىن بولغان جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ...................................... 1606
3. زەكەر بوشىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ...................................... 1608

4 . غەم ـ ئەندىشىدىن بولغان جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ········· 1612
ئىككىنچى پەسىل زەكەر كىچىكلەپ كېتىش ······························ 1612
ئۈچىنچى پەسىل شەھۋەتنىڭ كۆپ بولۇشى ······························ 1614
تۆتىنچى پەسىل مەنىي تېز كېتىپ قېلىش ······························ 1620
بەشىنچى پەسىل مەنىي ۋە مەزى بېزى سۇيۇقلۇقى ئېقىپ كېتىش ······ 1623
ئالتىنچى پەسىل مەنىي ئازلاپ كېتىش ······························ 1628
يەتتىنچى پەسىل قانلىق مەنىي كېلىش ······························ 1629
سەككىزىنچى پەسىل كۆپ ئېھتىلام بولۇش ······························ 1629
توققۇزىنچى پەسىل زەكەرنىڭ شەھۋەتسىز ھالدا قايىم بولۇۋېلىشى ······ 1631
ئونىنچى پەسىل زەكەر لىكىلداش ······························ 1632
ئون بىرىنچى پەسىل جىنسىي مۇناسىۋەتتە چوڭ تەرەت مېڭىپ كېتىش ··· 1632
ئون ئىككىنچى پەسىل خۇنسە ······························ 1633
ئون ئۈچىنچى پەسىل ئۇرۇقدان ياللۇغى ······························ 1634
1. ئىسسىقتىن بولغان ئۇرۇقدان ياللۇغىنى داۋالاش ······················ 1634
2. سوغۇقتىن بولغان ئۇرۇقدان ياللۇغى داۋالاش ······················ 1637
3. يەلدىن بولغان ئۇرۇقدان ياللۇغىنى داۋالاش ······················ 1638
ئون تۆتىنچى پەسىل ئۇرۇقدان ئاغرىش ······························ 1641
ئون بەشىنچى پەسىل ئۇرۇقدان چوڭىيىپ كېتىش ······························ 1642
ئون ئالتىنچى پەسىل ئۇرۇقدان ئۇستىگە چىقىۋېلىش ۋە كىچىكلەپ
كېتىش ······························ 1643
ئون يەتتىنچى پەسىل ئۇرۇقدان تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى كۆپىـ
شىشى ۋە ئۇنىڭ خالتىسىنىڭ قېتىپ قېلىشى ······················ 1644
ئون سەككىزىنچى پەسىل ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ··· 1645
ئون توققۇزىنچى پەسىل ئۇرۇقدان ۋە زەكەردىكى زەخىملەر ··················· 1645
1. ئۇرۇقدان مۇدۇر ـ چاقىلىرىنى داۋالاش ······················ 1647
2. ئۇرۇقدان تېرىسى سويۇلۇشىنى داۋالاش ······················ 1647
3. زەكەر ۋە ئۇرۇقدان تېرىسى قىچىشىشنى داۋالاش ······················ 1647
4. زەكەر يېرىلىشنى داۋالاش ······························ 1648
يىگىرمىنچى پەسىل زەكەر ياللۇغى ······························ 1648

يىگىرمە بىرىنچى پەسىل زەكەر ئاغرىش ...... 1650
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل زەكەر مايماقلىشىش ...... 1651
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل زەكەر كانالچىسىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ...... 1652
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل زەكەر كانالچىلىرى كېڭىيىپ كېتىش ...... 1654
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل سىفلىس ...... 1655

**يىگىرمە بىرىنچى باب قورساق پەردە ۋە كىندىك كېسەللىكلىرى ...... 1665**
بىرىنچى پەسىل سېرىقئەت يېرىلىش ...... 1665
1. ئۈچەي ۋە ئۈرۈقدان خاراكتېرلىك سېرىقئەت يېرىلىشىنى داۋالاش ... 1669
2. يەلدىن بولغان سېرىقئەت يېرىلىشنى داۋالاش ...... 1672
3. هۆللۈكتىن بولغان سېرىقئەت يېرىلىشنى داۋالاش ...... 1673
4. ئۈرۈقدان خالتىسىغا گۆش ئۆسۈپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆپىشىدىن بولغان سېرىقئەت يىرتىلىشىنى داۋالاش ...... 1674
ئىككىنچى پەسىل كىندىك چىقىپ قېلىش ...... 1674
1. كىندىك ئىششىپ قېلىشنى داۋالاش ...... 1676
2. كىندىكنىڭ ئېغىز ئېلىشىنى داۋالاش ...... 1676
3. كىندىك ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشنى داۋالاش ...... 1677

**يىگىرمە ئىككىنچى باب بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ...... 1679**
بىرىنچى پەسىل بالىياتقۇ ئاغرىش ...... 1683
ئىككىنچى پەسىل بالىياتقۇ ياللۇغى ...... 1685
1. ئىسسىقتىن بولغان بالىياتقۇ ياللۇغىنى داۋالاش ...... 1687
2. سوغۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ياللۇغىنى داۋالاش ...... 1691
3. بالىياتقۇ ياللۇغىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى داۋالاش ...... 1692
ئۈچىنچى پەسىل بالىياتقۇ مۇدۇر - چاقىلىرى ...... 1696
تۆتىنچى پەسىل بالىياتقۇ راكى ...... 1697
بەشىنچى پەسىل بالىياتقۇ يارىسى ۋە بالىياتقۇ چاقىسى ...... 1699
ئالتىنچى پەسىل بالىياتقۇ سۇلۇق مۇدۇر - چاقىلىرى ...... 1703
يەتتىنچى پەسىل بالىياتقۇ ئاقمىسى ...... 1704

سەككىزىنچى پەسىل بالىياتقۇ يېرىلىش ...... 1705
توققۇزىنچى پەسىل بالىياتقۇغا سۇ يىغىلىش ...... 1706
ئونىنچى پەسىل بالىياتقۇ كۆپۈشۈش ...... 1707
ئون بىرىنچى پەسىل بالىياتقۇ ئورنىدىن سىلجىش ...... 1710
ئون ئىككىنچى پەسىل بالىياتقۇ ئۆرۈلۈپ قېلىش ...... 1711
ئون ئۈچىنچى پەسىل ھىستېرىيە (بالىياتقۇ بوغۇلۇش) ...... 1714
ئون تۆتىنچى پەسىل ھەيز توختاپ قېلىش ...... 1719
ئون بەشىنچى پەسىل ھەيز كۆپ كېلىش ...... 1727
ئون ئالتىنچى پەسىل ھەيز توختىماسلىق ...... 1733
ئون يەتتىنچى پەسىل بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ...... 1735
ئون سەككىزىنچى پەسىل ئاق خۇن كۆپ كېلىش ...... 1736
ئون توققۇزىنچى پەسىل بالىياتقۇ قىچىشىش ...... 1741
يىگىرمىنچى پەسىل بالىياتقۇ بوۋاسىرى ۋە سۆلۈق قاپارتمىسى ...... 1742
يىگىرمە بىرىنچى پەسىل بالىياتقۇ پۇتەيلىك ...... 1743
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل بالىياتقۇ ئېغىزى كېڭىيىپ كېتىش ...... 1744
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل جىنسىي ئەزا ۋە بالىياتقۇ سىيىق پۇراش ... 1745
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل بالىياتقۇ سوۋۇپ كېتىش ...... 1746
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل يالغان ھامىلدارلىق ...... 1746
يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل ھامىلە كۆپ چۈشۈپ كېتىش ...... 1748
يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل ھامىلە چۈشۈرۈش ...... 1753
يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل قىيىن تۇغۇت ...... 1756
يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل بالا ھەمراھى ۋە ئۆلۈك ھامىلە چۈشمەي
تۇرۇپ قېلىش ...... 1762
ئوتتۇزىنچى پەسىل تۇغۇت قېنى توختاپ قېلىش ...... 1764
ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل تۇغۇت قېنى كۆپ بولۇش ...... 1765
ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل تۇغماسلىق ۋە ھامىلدار بولماسلىق ...... 1765
ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ...... 1769
ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل ھامىلدارلىقنىڭ ئالامىتى ۋە ئىپادىسى ...... 1771
ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل ھامىلدارلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ...... 1773

ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل تۇغۇتلۇق ئايالنى پەرۋىش قىلىش ............... 1777
ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل بوۋاقنى پەرۋىش قىلىش ............................ 1779

**يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئەمچەك كېسەللىكلىرى** ...................................... 1782
بىرىنچى پەسىل سۈت ئازلىق .................................................... 1782
ئىككىنچى پەسىل سۈت كۆپىيىپ كېتىش........................................... 1785
ئۈچىنچى پەسىل سۈت ئورنىغا قان چىقىش ..................................... 1786
تۆتىنچى پەسىل ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش .................................. 1787
بەشىنچى پەسىل ئەمچەك ياللۇغى ............................................ 1788
1. ئىسسىقتىن بولغان ئەمچەك ياللۇغىنى داۋالاش ................... 1789
2. سوغۇقتىن ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئەمچەك ياللۇغىنى داۋالاش ........................................................... 1790
3. ئەمچەك ئىششىقى قېتىپ قېلىشنى داۋالاش ........................ 1791
ئالتىنچى پەسىل ئەمچەك مۇدۇر - چاقلىرى ۋە يارىسى.................... 1791
يەتتىنچى پەسىل ئەمچەك چوڭىيىپ كېتىش ۋە ساڭگىلاپ قېلىش ...... 1793
سەككىزىنچى پەسىل ئەمچەك كىچىكلەپ كېتىش .............................. 1794

## تۆتىنچى جىلد

**يىگىرمە تۆتىنچى باب گەۋدە، مۇچە ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرى** .............................. 1797
بىرىنچى پەسىل دوك (دۈمچەك) ............................................ 1797
ئىككىنچى پەسىل ئېغىزمان ئاغرىش............................................. 1800
ئۈچىنچى پەسىل بەل ئاغرىش .................................................... 1803
تۆتىنچى پەسىل پۇت ۋېنا تومۇرلىرى ئەگرى - بۈگرى كۆپۈش ......... 1804
بەشىنچى پەسىل پىل پۇت كېسەللىكى ........................................ 1805
ئالتىنچى پەسىل چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى ..................................... 1807
1. خىلتسىز كەيپىياتلاردىن كېلىپ چىققان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................................................ 1811
2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................................................ 1812

3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 1815
4. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 1817
5. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 1821
6. مۇرەككەپ سەۋەبلەردىن بولغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش... 1823
7. يەلدىن بولغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقلىرىنى داۋالاش .................. 1825
8. بوغۇملارنىڭ قېتىپ قېلىشىنى داۋالاش .......................... 1825
يەتتىنچى پەسىل كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى ............................ 1827
1. ئىسسىقتىن بولغان كىچىك بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاش.............. 1828
2. سوغۇقتىن ۋە ھەرخىل خىلتلاردىن بولغان مۇرەككەپ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقىنى داۋالاش ........................................ 1829
سەككىزىنچى پەسىل ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە يانپاش ئاغرىقى ...... 1831
توققۇزىنچى پەسىل تىز ئاغرىش........................................ 1835
ئونىنچى پەسىل پاچاق ئاغرىقى ........................................ 1836
1. پۇت تاپىنى ئاغرىشنى داۋالاش........................................ 1837
2. پۇت ئاجىزلىقىنى داۋالاش ........................................ 1838

**يىگىرمە بەشىنچى باب قىزىتما** ........................................ 1839
بىرىنچى پەسىل قىزىتما ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە.......................... 1839
1. قىزىتمىنىڭ تارقىلىشى ........................................ 1840
2. قىزىتمىنىڭ ۋاقىتلىرى ........................................ 1841
ئىككىنچى پەسىل كۈندىلىك قىزىتما........................................ 1845
1. غەم - ئەندىشىدىن بولغان كۈندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ........ 1854
2. ئويلىنىش خاراكتېرلىك كۈندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش........... 1854
3. غەزەپلىنىش خاراكتېرلىك كۈندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ........ 1855
4. ئۇيقۇسىزلىق خاراكتېرلىك كۈندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش........... 1855
5. ئۇخلاش ۋە خۇشاللىنىش خاراكتېرلىك قىزىتمىنى داۋالاش ...... 1855
6. چۈچۈش خاراكتېرلىك كۈندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش............. 1856

7. ھېرىپ كېتىش خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ······ 1856
8. ئىستىفراغ (تازىلاش) خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ··· 1856
9. ئاغرىق ۋە ھوشسىزلىنىشتىن بولغان قىزىتمىنى داۋالاش ········ 1857
10. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ··· 1857
11. توسۇلۇش خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ·········· 1858
12. ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك كۆندىلىك قى-
زىتمىنى داۋالاش ································ 1860
13. ئىششىق خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ·········· 1861
14. تېرە قۇرغاقلىشىش خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ··· 1861
15. ھارارەت خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ·········· 1862
16. تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلۇپ قېلىش خاراكتېرلىك كۆندىلىك قى-
زىتمىنى داۋالاش ································ 1862
17. ھاراق ئىچىش خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىلارنى داۋالاش······ 1863
18. يېمەكلىكلەر ۋە دورا خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش··· 1864
19. زۇكام ۋە نەزلە خاراكتېرلىك كۆندىلىك قىزىتمىنى داۋالاش ··· 1864
ئۈچىنچى پەسىل غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن بولغان قىزىتما ·········· 1865
1. ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلارنى داۋالاش ································ 1884
2. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قىزىمتىلارنى داۋالاش ······················ 1895
3. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان قىزىتمىلارنى داۋالاش ··· 1896
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان قىزىتمىنى داۋالاش ··· 1901
5. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان قىزىتمىنى داۋالاش ··· 1922
6. داۋاملىق تۇتقۇچى قىزىتمىنى داۋالاش······························ 1931
تۆتىنچى پەسىل ھەرخىل قىزىتمىلار ······························ 1933
1. ئېنيالۇس قىزىتمىسىنى داۋالاش ································ 1935
2. لىفۇرىيا قىزىتمىسىنى داۋالاش ································ 1935
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان ھوشسىزلىنىش خاراك-
تېرلىك قىزىتمىنى داۋالاش ································ 1936
4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ھوشسىزلىنىش خاراك-
تېرلىك قىزىتمىنى داۋالاش ································ 1936

5. كىچە ۋە كۈندۈزلۈك تەپلەرنى داۋالاش ...................... 1937
6. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتتىن بولغان قىزىتمىنى داۋالاش ...... 1938
7. قان خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنى
داۋالاش ........................................................ 1941
8. سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنى
داۋالاش ........................................................ 1942
9. بەلغەم خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنى
داۋالاش ........................................................ 1943
10. سەۋدا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنى دا-
ۋالاش ........................................................ 1944
11. تۆت كۈنلۈك قىزىتمىغا پايدىلىق دورىلار ...................... 1946
12. داۋاملىق تۇتقۇچى تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنى داۋالاش.............. 1949
13. خاس تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنى داۋالاش............................ 1950
14. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك قىزىتمىلارنى
داۋالاش ........................................................ 1950
15. مۇرەككەپ قىزىتمىنى داۋالاش ................................ 1951
بەشىنچى پەسىل ئوخشاش بولمىغان قىزىتما ........................ 1959
ئالتىنچى پەسىل ياللۇغلىنىشتىن بولغان قىزىتما .................... 1960
يەتتىنچى پەسىل تارقىلىشچان قىزىتمىلار .......................... 1963
سەككىزىنچى پەسىل باللار قىزىتمىسى ............................ 1970
توققۇزىنچى پەسىل جۇدەتكۈچى قىزىتما............................ 1973
ئونىنچى پەسىل ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ............ 1989
ئون بىرىنچى پەسىل قىزىتمىغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ئالامەتلەر ......... 1991
1. قىزىتما بىلەن كەلگەن توختۇپ تىترەش ۋە جۆغ - جۆغ بولۇشنى
داۋالاش ........................................................ 1992
2. قىزىتما بىلەن كەلگەن كۆپ تەرلەشنى داۋالاش.................. 1993
3. قىزىتما بىلەن كەلگەن بۇرۇن قاناشنى داۋالاش.................. 1994
4. قىزىتما بىلەن كەلگەن كۆپ قەي قىلىشنى داۋالاش .............. 1994
5. قىزىتما بىلەن كەلگەن ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش .................. 1995

6 . قىزىتما بىلەن كەلگەن كۆپ ئۇسسۇزلۇقنى داۋالاش ................. 1995
7 . قىزىتما بىلەن كەلگەن تىل يىرىكلىشىشنى داۋالاش ............... 1995
8 . قىزىتما بىلەن كەلگەن ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش ...................... 1996
9 . قىزىتما بىلەن كەلگەن ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش ....................... 1996
10 . قىزىتما بىلەن كەلگەن كۆپ چۈشكۈرۈشنى داۋالاش ................ 1996
11 . قىزىتما بىلەن كەلگەن باش ئېغىرلىق، باش ئاغرىشنى داۋالاش ... 1997
12 . قىزىتما بىلەن كەلگەن يۆتەلنى داۋالاش ................................ 1997
13 . قىزىتما بىلەن كەلگەن ئاشقازان ئاغرىشنى داۋالاش ................ 1998
14 . قىزىتما بىلەن كەلگەن قەۋزىيەتلىكنى داۋالاش ......................... 1998
15 . قىزىتما بىلەن كەلگەن ئىشتىھا تۇتۇلۇشنى داۋالاش ................ 1999
16 . قىزىتما بىلەن كەلگەن كالا ئىشتىھانى داۋالاش ...................... 1999
17 . قىزىتما بىلەن كەلگەن ئىت ئىشتىھاسىنى داۋالاش .................. 1999
18 . قىزىتما بىلەن كەلگەن هوشسىزلىنىشنى داۋالاش ....................... 1999
19 . قىزىتما بىلەن كەلگەن دەم سىقىلىشنى داۋالاش ....................... 2000
20 . قىزىتما بىلەن كەلگەن بىئاراملىقنى داۋالاش ......................... 2000
21 . قىزىتما بىلەن كەلگەن يۇتۇش قىيىنلىشىشنى داۋالاش............. 2001
22 . قىزىتما بىلەن كەلگەن مۇچىلەر سوۋۇپ كېتىشنى داۋالاش ... 2001
23 . قىزىتما بىلەن كەلگەن كۆپ ئېھتىلام بولۇشنى داۋالاش ......... 2001
24 . قىزىتما بىلەن كەلگەن قۇرۇقلۇقتىن بولغان يېغىلىپ قېلىشنى
داۋالاش .................................................................. 2001
25 . قىزىتما بىلەن كەلگەن قىزىتمىسىز تىترەشنى داۋالاش ........... 2001

**يىگىرمە ئالتىنچى باب  كېسەللىكلەرنىڭ قايتىلىنىشى ۋە بەدەن ئاجىزلىقى** ................. 2003
بىرىنچى پەسىل  كېسەللىكلەرنىڭ قايتىلىنىشى ........................ 2003
ئىككىنچى پەسىل  بەدەن ئاجىزلىقى ....................................... 2004

**يىگىرمە يەتتىنچى باب  بۆھران** ................................................. 2007
ئۈچىنچى پەسىل  بۆھران ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە........................ 2007
تۆتىنچى پەسىل  كېسەللىك ۋاقتىنىڭ تۈرلەرگە بۆلىنىشى ............. 2009
بەشىنچى پەسىل  كېسەللىكلەرگە سۈرگە بېرىدىغان كۈنلىرى ........... 2009

ئالتىنچى پەسىل بۆھران كۈنلىرى ...... 2009
يەتتىنچى پەسىل بۆھراننىڭ داۋاملىشىۋاتقان كۈنلىرى ...... 2010
سەككىزىنچى پەسىل ئاگاھلاندۇرغۇچى كۈنلەر ...... 2010
توققۇزىنچى پەسىل بۆھراننىڭ ئالامەتلىرى ...... 2011
ئونىنچى پەسىل بۆھراننىڭ تۈرلىرى ...... 2011
ئون بىرىنچى پەسىل يۆتكىلىش بۆھراننىڭ ئالامەتلىرى ...... 2012
ئون ئىككىنچى پەسىل ياخشى بۆھراننىڭ ئالامەتلىرى ...... 2012
ئون ئۈچىنچى پەسىل يامان بۆھراننىڭ ئالامەتلىرى ...... 2013
ئون تۆتىنچى پەسىل بۆھراننىڭ تەدبىرلىرى ...... 2013

**يىگىرمە سەككىزىنچى باب بەدەن سىرتىدا بولىدىغان مۇدۇر ۋە ھەرخىل ئىششىقلار ...... 2015**
بىرىنچى پەسىل مۇدۇرلار ...... 2015
ئىككىنچى پەسىل قان خىلىتىدىن بولغان ئىششىق (پەلغەمۇنى) ...... 2016
ئۈچىنچى پەسىل قاراسان ...... 2018
تۆتىنچى پەسىل سەپرا خىلىتىدىن بولغان ئىششىق ...... 2019
بەشىنچى پەسىل كۆيدۈرگە ...... 2020
ئالتىنچى پەسىل يىرىڭلىق ئىششىق ...... 2021
يەتتىنچى پەسىل يىرىڭلىق مۇدۇر ...... 2023
سەككىزىنچى پەسىل سۇلۇق قاپارتما ...... 2024
توققۇزىنچى پەسىل يەرلىك قاپارتما ...... 2025
ئونىنچى پەسىل يەلتاشما ...... 2025
ئون بىرىنچى پەسىل تىلما ...... 2027
ئون ئىككىنچى پەسىل چوما ...... 2028
ئون ئۈچىنچى پەسىل گۆشخور چاقا ...... 2030
ئون تۆتىنچى پەسىل چىيقان ...... 2031
ئون بەشىنچى پەسىل غەلۋىرەك ...... 2033
ئون ئالتىنچى پەسىل دانىخورەك ...... 2035
ئون يەتتىنچى پەسىل ئاغرىقسىز ئىششىق ...... 2037
ئون سەككىزىنچى پەسىل يەلدىن بولغان ئىششىق ...... 2038
ئون توققۇزىنچى پەسىل پوقاق ...... 2039

يىگىرمىنچى پەسىل بەز ۋە تۇگۈنچە ........................................ 2041
يىگىرمە بىرىنچى پەسىل بويۇن بەزسىلى ........................................ 2043
يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل قاتتىق ئىششىق ........................................ 2046
يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل راك ........................................ 2047
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل ماخاۋ ........................................ 2049
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل باش تەمرەتكىسى ........................................ 2051
يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل قوتۇر ........................................ 2054
يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل ھۆل تەمرەتكە ........................................ 2057
يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل قىچىشقاق ........................................ 2058
يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل سۇ چېچەك ........................................ 2060
ئوتتۇزىنچى پەسىل سۆگەل ........................................ 2061
ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل بەلخىيە چاقىسى ........................................ 2063
ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل پۇرچاقسىمان چاقا ........................................ 2064
ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل ئۈجمىسىمان چاقا ........................................ 2064
ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل سەينەك ........................................ 2065
ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل تېرە ئاستىغا قان چۈشۈش ........................................ 2066
ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل سىفلىس ........................................ 2067
1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان سىفلىسنى داۋالاش ...... 2067
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان سىفلىسنى داۋالاش...... 2069
3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان سىفلىسنى داۋالاش ... 2070
4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان سىفلىسنى داۋالاش: ... 2071
ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل قىزىل، چېچەك ........................................ 2072

**يىگىرمە توققۇزىنچى باب تېرە كېسەللىكلىرى** ........................................ 2076
بىرىنچى پەسىل ئاقكېسەل ........................................ 2076
ئىككىنچى پەسىل ئاق داغ ........................................ 2078
ئۈچىنچى پەسىل قارا داغ ........................................ 2079
تۆتىنچى پەسىل سەپكۈن ۋە داغ ........................................ 2080
بەشىنچى پەسىل خال (مەڭ) ........................................ 2082
ئالتىنچى تېرىدىكى كۆكلۈك ........................................ 2083

يەتتىنچى پەسىل تېرىگە چېكىلگەن نەقىش ۋە سۈنئىي خال .................. 2084
سەككىزىنچى پەسىل تېرە قىزىرىپ قېلىش .................. 2085
توققۇزىنچى پەسىل رەڭگى - روھىنىڭ بۇزۇلۇشى .................. 2085
ئونىنچى پەسىل تېرە يېرىكلىشىش ۋە سوپۇلۇش .................. 2088
ئون بىرىنچى پەسىل قول - پۇت، يۈز ۋە لەۋلەرنىڭ يېرىلىش .................. 2089
ئون ئىككىنچى پەسىل تېرە سۈرۈلۈپ كېتىش .................. 2091

**ئوتتۇزىنچى باب چاچ كېسەللىكلىرى** .................. 2094
بىرىنچى پەسىل چاچ كېپەكلىشىش .................. 2094
ئىككىنچى پەسىل دائىرىلىك چاچ چۈشۈش .................. 2095
1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان دائىرىلىك چاچ چۈشۈش-
نى داۋالاش: .................. 2095
2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان دائىرىلىك چاچ چۈشۈش-
نى داۋالاش: .................. 2096
3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان دائىرىلىك چاچ چۈشۈش-
نى داۋالاش: .................. 2097
4. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان دائىرىلىك چۈشۈشنى
داۋالاش: .................. 2097
ئۈچىنچى پەسىل چاچ چۈشۈش .................. 2098
تۆتىنچى پەسىل پاينەكۋاش (سىدام باش) .................. 2100
بەشىنچى پەسىل چاچ يېرىلىش .................. 2101
ئالتىنچى پەسىل چاچ مايلىشىش .................. 2102
يەتتىنچى پەسىل بالدۇر چاچ ئاقىرىش .................. 2102
سەككىزىنچى پەسىل چاچنى ئاسراش .................. 2103
توققۇزىنچى پەسىل چاچ ئۆستۈرگۈچى دورىلار .................. 2104
ئونىنچى پەسىل تۈك چۈشۈرۈش .................. 2105
ئون بىرىنچى پەسىل چاچنى قارايتىش .................. 2106

**ئوتتۇز بىرىنچى باب تىرناق كېسەللىكلىرى** .................. 2107
بىرىنچى پەسىل تىرناق ئاقىرىپ قېلىش .................. 2107

ئىككىنچى پەسىل تىرناق سارغىيىپ قېلىش ······························ 2108
ئۈچىنچى پەسىل تىرناق ئاغرىش ······························ 2108
تۆتىنچى پەسىل تىرناق ماخاۋسى ۋە تىرناق قورۇلۇپ قېلىش ·········· 2108
بەشىنچى پەسىل تىرناق يېرىلىش ······························ 2109
ئالتىنچى پەسىل تىرناق يۇلۇنۇپ كېتىشى ······························ 2110
يەتتىنچى پەسىل تىرناق ئېسىلىشى ۋە قىچىشىش ······························ 2110
سەككىزىنچى پەسىل تىرناق يانجىلىپ كېتىش ······························ 2111
توققۇزىنچى پەسىل تىرناق ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش ······························ 2111

**ئوتتۇز ئىككىنچى باب ھەر خىل كېسەللىكلەر** ······························ 2113
بىرىنچى پەسىل پىت ۋە سىركە بولۇپ قېلىش ······························ 2113
ئىككىنچى پەسىل كۆپ تەرلەش ······························ 2114
ئۈچىنچى پەسىل ئورۇقلاپ كېتىش ······························ 2117
تۆتىنچى پەسىل سەمىرىپ كېتىش ······························ 2120
بەشىنچى پەسىل باش تېرىسى يىغىلىپ قېلىش ······························ 2122
ئالتىنچى پەسىل باش چوڭىيىپ قېلىش ······························ 2122
يەتتىنچى پەسىل قول بارماقلىرى ئېسىلىش ۋە قىچىشىش ······························ 2123
سەككىزىنچى پەسىل ياتاق يارىسى ······························ 2124
توققۇزىنچى پەسىل بەدەن پۇراپ قېلىش ······························ 2125
ئونىنچى پەسىل ئۇششۇك ······························ 2127
ئون بىرىنچى پەسىل كۆيۈك ······························ 2128
1. ئوت بىلەن كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالاش: ······························ 2129
2. قىزىق ياغ بىلەن كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالاش: ······························ 2130
3. قايناق سۇ بىلەن كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالاش: ······························ 2130
4. چاقماقتىن كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالاش: ······························ 2131
5. كۈن نۇرى بىلەن كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالاش: ······························ 2131
6. بالادۇر ھەسىلى بىلەن كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالاش: ······························ 2131

**ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ھەر خىل جاراھەتلەر** ······························ 2132
بىرىنچى پەسىل جاراھەت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ······························ 2132

ئىككىنچى پەسىل كىچىك جاراھەت ........................ 2133
ئۈچىنچى پەسىل چوڭ جاراھەت ........................ 2134
تۆتىنچى پەسىل گۆشى ئاجرىلىپ چۇشكەن جاراھەت ........................ 2135
بەشىنچى پەسىل مۇرەككەپ جاراھەت ........................ 2136
ئالتىنچى پەسىل باش جاراھىتى ۋە يارىسى ........................ 2137
يەتتىنچى پەسىل قورساق جاراھىتى ........................ 2138
سەككىزىنچى پەسىل پەي ۋە سىڭىرقىئەتلەردىكى جاراھەت ........................ 2139
توققۇزىنچى پەسىل تومۇرلاردىكى جاراھەت ........................ 2140
ئونىنچى پەسىل ئەزالارغا ئوق ۋە تىكەن سانجىلىپ قېلىش ........................ 2142
ئون بىرىنچى پەسىل يىرىڭلىق (جاراھەت) چاقىلار ........................ 2143
1. يەڭگىل يىرىڭلىق چاقىنى داۋالاش: ........................ 2143
2. مۇرەككەپ يىرىڭلىق چاقىنى داۋالاش: ........................ 2144
3. پۈتۈشى قىيىن بولغان يىرىڭلىق چاقىنى داۋالاش: ........................ 2145
4. كونا ئاقما چاقىنى داۋالاش: ........................ 2149
5. يامرايدىغان ھۆل چاقىنى داۋالاش: ........................ 2151
6. گۆشخور ھۆل چاقىنى داۋالاش: ........................ 2152

**ئوتتۇز تۆتىنچى باب ھەر خىل ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشلاردىن بولغان كېسەللىكلەر ........................ 2154**
بىرىنچى پەسىل گۆشتە بولىدىغان كېسەللىكلەر ........................ 2154
ئىككىنچى پەسىل سۆڭەكتە بولىدىغان كېسەللىكلەر ........................ 2157
1. سۇنۇقنى داۋالاش ........................ 2157
2. چىقىقنى داۋالاش ........................ 2164
3. سۆڭەكنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشىنى داۋالاش ........................ 2168
4. سۆڭەك، گۆشلەرنىڭ يانجىلىپ كېتىشىنى داۋالاش ........................ 2169

**ئوتتۇز بەشىنچى باب ھەر خىل زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر ........................ 2171**
بىرىنچى پەسىل ھەر خىل زەھەرلىنىش ........................ 2171
ئىككىنچى پەسىل زەھەرلىك دورىلار بىلەن زەھەرلىنىش ........................ 2175
1. مەدەندىن ئېلىنىدىغان دورىلار بىلەن زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالاش ........................ 2175
2. ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان دورىلاردىن زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالاش ........................ 2178

3. هايۋاناتلاردىن ئېلىنغان دورىلار بىلەن زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالاش ··· 2184
ئۈچىنچى پەسىل   ھەر خىل زەھەرلىك جانىۋارلار چېقىۋېلىش ············ 2187
تۆتىنچى پەسىل   زەھەرلىك جانىۋارلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ········ 2191
1. چايان چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش······························ 2191
2. ھەسەل ھەرىسى چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ···················· 2192
3. دۆ ۋە ئۆمۈچۈك چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ···················· 2193
4. قارا ئۆمۈچۈك چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ···················· 2194
5. سالما چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ···························· 2195
6. سالامەندرا چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ························ 2195
7. ئادەم چىشلىگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ·························· 2196
8. ئىت چىشلىگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش: ···························· 2196
9. يولۋاس چىشلىگەننىڭ زەھىرى ۋە جاراھىتىنى قايتۇرۇش ········ 2197
10. قاما، لەھەڭ ۋە كۆسەج چىشلىگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ··· 2197
11. مۈشۈك چىشلىگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ························ 2197
12. بۆرە ۋە مايمۇن چىشلىگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش················ 2198
13. قولىلىن (گەزىدەنى ۋەرەل) چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش··· 2198
14. نەملەتۈننەسرى چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ···················· 2198
15. دېڭىز پاقىسى چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ······················ 2198
16. قىرىق تۆتئا ئاياغلىقنىڭ چاققاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش········ 2199
17. چاشقان چىشلىگەننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ························ 2199
18. غالجىر ئىت چىشلىگەندىن بولىدىغان كېسەللىكنى داۋالاش ۋە
ئۆلارنى بىر تەرەپ قىلىش·············································· 2200
بەشىنچى پەسىل   زەھەرلىك جانىۋارلارنى قاچۇرۇش ۋە يوقىتىش ········ 2204

**قوشۇمچە:**

ئەسلى كىتابنىڭ پارىچە مۇندەرىجىسى·································· 2207
ئەسلى كىتابتىن نەمۇنە   بىرىنچى توم ئاخىرىدا ئىككىنچى توم بېشىدا

# بىرىنچى توم    بىرىنچى جىلىد

# جلد اول

# مۇئەللىپىنىڭ سۆزى

## مصنف الذكر

ئايىغۇچى كۆيۈنگۈچى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئۇ بارلىق كېسەللىكلەر ۋە ئاغرىقلارغا شىپالىق بەرگۈچى ھەم بارلىق ئىش پائالىيەت، مۇرات - مەقسەتلىرىمىزنى بىز ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق ۋايىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ھەم بارلىق شەيئىلەرنى ئۆزىگە مۇۋاپىق ياراتقۇچى ۋە زىننەتلەپ بەرگۈچىدۇر.

ئاللاھ بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى ئەڭ بۈيۈك زات بولۇپ، ئۇنىڭ 99 ئىسىم سۈپىتى بىزنىڭ بارلىق ئىش - پائالىيەتلىرىمىز، مۇرات - مەقسەتلىرىمىزگە يېتەرلىك ۋەكىللىك قىلغۇچىدۇر.

ئۇ ئاللاھ ئىنسانلارنى ئايارەج پەيقىرانىڭ ئاچچىقلىقىدەك يوقلۇقتىن نۇشدارىنىڭ تاتلىقلىقىدەك بارلىققا كەلتۈردى. بارلىق كائىناتنىڭ خېمىرىنى تۆت چوڭ ماددا قىيامىدا ئىترىفىلدەك تەييارلاپ، ھاياتلىقنىڭ سۈفۈپى بولغان تۇپراقتىن مەجۇن تەييارلىغاندەك قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغان ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت شارابى بىلەن ئورۇنباسارلىقىنىڭ مۇپەررىھاتلىرىنى تەناۋۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنساننى تاللاپ دۇنيادا قالدۇردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىمۇ تۆت چوڭ ماددىدىن ياراتقان، ئۇنىڭ شاھلىق كۇرسىنىمۇ تۆت چوڭ ماددىنىڭ بىرى بولغان ھاۋانىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن.

ئۇ زات ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتى، زېمىننى سۇ ئۈستىگە يايدى. بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان تۆت چوڭ ماددىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدىكى ئاجايىپ - غارايىپ شەيئىلەرنى ياراتتى. ئۇنى ئىزدىگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىلار ئۇنىڭ خۇش پۇراق لەخلەخلىرىنى پۇرىيالايدۇ ۋە رەھمەت گۈلزارلىقىدا ساپ ھاۋادىن مەڭگۈ نەپەس ئالالايدۇ.

ئۇ زات ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يېيىش مەنئى قىلىنغان بۇغداي دېنىنى يېگەنلىك گۇناھى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئادەم ئەۋلادىنى دۇنيا نېنىنىڭ قۇرسلىرىنى يەپ ياشاشقا موھتاج قىلىپ، كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارغا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى بېرىپ، ئۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مەدەنلەردىن تەركىب تاپقان ھەر خىل دورىلارنى يارىتىپ، ئۇ دورىلارغا تۈرلۈك شىپالىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

ئۇ زاتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ ھېكمەتلىك قۇدرەتلىرىنى ئويلىغانسېرى ھەرقانچە بىلىملىك ئاقىللارنىڭمۇ ئەقلى يەتمەي، ئۇنىڭ سىرى - ئەسرلىرىنى بايان قىلىشقا تىللىرى

ئاجىزلىق قىلىدۇ.

زۇلمەتلىك كېچىلەرنى يورۇقلۇق ئارقىلىق، كېسەللىكلەرنى ساغلاملىق ئارقىلىق يوقاتقان، ھەرقانداق كېسەللىكلەرگە مۇناسىپ دورا ۋە داۋالاشنى ياراتقان ئاللاھقا كۆپلەپ تەشەككۈر ۋە مەدھىيىلەر بولسۇن!

ئۇ ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرگە بەرگەن مەخپىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز بەندىلىرىگە بىلدۈردى، خارتۇپراق ئاستىغا زور بايلىقنى ياراتتى، زەھەرلىك دورا ۋە زىيانلىق يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ تۇزەتكۈچىلىرى ۋە زەھەر قايتۇرغۇچىلىرىنى ياراتتى. ھەرقانداق جانلىقلاردىن ئىنسانلارنى چىرايلىق يارىتىپ، ئۇنىڭ مىزاجىنى باشقا ھەرقانداق جانلىقتىن تەبئىي مۆتىدىل قىلىپ، تاشقى بەش سەزگۇ، ئىچكى بەش سەزگۇ قاتارلىقلارنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلدى. ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلىق ساقلاشنىڭ ئالتە مۇھىم ئامىلى (يېمەك - ئىچمەك، ھاۋا، سۇ، ھەرىكەت - جىملىق، ئۇيقۇ - ئويغاقلىق، روھىي كەيپىيات) نىڭ نورمال بولۇشىغا چېتىپ، ئۇنى بىزلەرگە بىلدۈردى.

تۆۋەندىكى دۇئالىرىم ئارقىلىق ساڭا ئىلتىجا قىلىۋاتىمەن، ئى رەھىملىك زات! سەن گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى، ياخشىلارنى دوست تۇتقۇچى، پۈتۈن دۇنياغا مېھىر - شەپقەت ياغدۇرغۇچىدۇرسەن. ئى رەببىم! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولغان مېنى گۇناھلارنى قىلىشتىن ساقلا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، مەن گۇناھلارغا غەرق بولغان بەندىدۇرمەن، سەندىن باشقا ھېچ بىر زات گۇناھلارنى كەچۈرەلمەيدۇ، سەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى، سېنىڭ مەرھەمىتىڭ كەڭ، سېخىي رەھىملىكتۇرسەن، ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى كەچۈرگىن، سېنىڭ ماڭا قىلغان نېمەتلىرىڭگە تەشەككۈر ئېيتىپ بولالمايمەن. ئى رەببىم! ماڭا ئىمان ئاتا قىلىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ ماڭا قىلغان رەھمىتىڭدىندۇر.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمدىكى مەقسىتىممۇ ئاۋامنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئاز - تولا پايدىلىق بولار، دېگەن ئۈمىدتە سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ، قەلەم بىلەن قىلغان مۇشۇ ئازغىنە خىزمىتىمنى قوبۇل قىلغىن.

دۇرۇد ۋە سالام پۈتۈن كائىناتنىڭ بەخت - سائادىتى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەم جەۋھىرى، پۈتۈن دۇنياغا پەيغەمبەر قىلىپ تاللانغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەرىئەت ئەھكاملىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن تەربىيىلىگۈچى، غاپىللىقتىن ئىبارەت كېسەللىكنى ھىدايەت نۇرى بولغان ھەببى شىپا ئارقىلىق داۋالىغۇچى، نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتلەردىن ئىبارەت كېسەللىكلەرنى مۆجىزىلىك شەربەتلەر بىلەن داۋالىغۇچى. قىسقىسى، روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا يوليورۇق بەرگۈچى، قۇرئان ۋە

ھەدىسلەر ئارقىلىق شىپالىق بەرگۈچى، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئورۇننىڭ تۇپراقلىرى زۇلمەتتە قالغان كۆزلەرنى يورۇتۇپ، توغرا يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۆرلىگەن چاڭ ـ توزانلار جاۋاھىراتلاردىن تەييارلانغان سۈرمىدىن قىممەتلىك بولۇپ، نادانلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرىنى ئېچىپ ئازغۇنلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە تەڭداشسىز ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا پەيغەمبەر بولۇپ، زېمىننى ئىمان بىلەن يورۇتىدۇ. ئۇ بولسا چەكسىز مەدھىيە ۋە سانالارغا لايىق، ئەڭ ساپ دىل، ئەڭ پاك بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى، ئەقىللىق تېۋىپلارنىڭمۇ يېتەكچىسى، كېسەللەنگەن دىللارنى ھېكمەت بىلەن داۋالىغۇچى، دىللارغا ئىلاھىيەت ئىلمىنى چاچقۇچى، دىللارغا ھىدايەت نۇرلىرىنى چاچقۇچى رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن!

ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېكمەتلەر خەزىنىسى، رەھمەت بۇلىقى، نۇرلار بۆشۈكى، ئۇنىڭ ئىز ـ باسارلىرى بولسا، قەسىرنىڭ تۆت تۈۋرۈكى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى كۈچەيتتى.

ئەي ئاللاھ! بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە ئۆزۈڭنىڭ رەھمىتىنى چاچقىن!

## بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىكسىرى ئەزەم دەپ ئاتىلىشى ھەققىدە

## التماس بخدمت ناظرين بانصاف دور ازجور واعتساف

مۇھەممەد ئەزەمخان (مىلادىيە 1875~1785) نىڭ تەخەللۇسى «نازىم جاھان (دۇنيا شائىرى)» بولۇپ، ئەسلىي يۇرتى خۇراساندىن ئىدى، ئۇنىڭ بوۋىسى مۇھەممەدكازىمخان خۇراساندىن ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەزەمخان كىچىكىدىن باشلاپ پارس تىلى ئارقىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئالغان، ئەرەب، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئالىم ئىدى. ئۇ تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۇستازى ھەكىم نۇرۇل ئىسلامدىن ئۆگىنىپ، 22 ياشلىرىدا تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىدا كامالەتكە يېتىپ بولغان. شۇ چاغدىن باشلاپ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە تېبابەتچىلىك بىلەن مەشغۇل بولغان مۇھەممەد ئەزەمخان ئىكسىرى ئەزەمنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مەن تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك بىلەن ئۆتتى. بۇ جەريانلاردا نۇرغۇن تېببىي كىتابلار-

نى كۆردۈم ھەم ئۇلارنى داۋالاش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سىناقتىن ئۆتكۈزدۈم، تەتقىق قىلدىم ھەم نۇرغۇن دۆلەت ۋە شەھەرلەرگە بېرىپ، داۋالاش - دورىگەرلىك جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى توپلىدىم. مەن كۆرگەن تېبابەت كىتابلىرىنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى بەك ئۇزۇن بولۇپ، مەقسەتكە يېتىش قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىككە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشى ئاسانغا چۈشمەيۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق «رۇمۇزى ئەزەم»، «ئەنۋارى ئەزەم»، «نىرى ئەزەم» ۋە بارلىق خام دورىلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدىغان «بايانى ئەدۋىيات» قاتارلىق تۆت پارچە كىتابنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە ھەرخىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان خام ۋە پىششىق دورىلارنى مۇپەسسەل بايان قىلىدىغان قامۇس خاراكتېرلىك بىر كىتابنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، شۇنداق بىر كىتابنى پارس تىلىدا يېزىش قارارىغا كېلىپ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم. كىتابىمنىڭ تەرتىپىنى كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى، تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان خام ۋە پىششىق دورىلار ھەم تەجرىبىدىن ئۆتكەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا، يەنە يۇقىرىقى مەزمۇنلىرى ھەققىدە تېبابەت مۇتەخەسسىس ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرىنى قىستۇرما قىلدىم. بۇ ئەسەرنىڭ تىلىنى ئىمكانقەدەر قىسقا، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ئېلىشقا تىرىشتىم. كىتابىمنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىكسىرى ئەزەم دەپ قويدۇم. ئىكسىرى ئەزەم ( اکسیراعظم ) دېگەن بۇ ئىسىمدىكى ھەرپلەردىن ھۆرۈپى ئىللەت (كېسەل ھەرپلەر) «ئەلىف، يا، ئەلىف» تىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپنى چىقىرىۋېتىپ قالغان ھەرىپلەرنى ئەرەب تىلىنىڭ «ئەبجەد» قائىدىسى بويىچە ساناق سانغا ئايلاندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق يېزىلىپ بولغان ۋاقتى ھىجرىيە 1290 - يىلى چىقىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ كىتاب تېبابەتنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ھەۋەسكارلار ئۈچۈن مەشئەل، داۋالاش بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئۇستاز، تېبابەتتە كامالەتكە يەتكەنلەر ئۈچۈن يول باشلىغۇچى خاتىرە، ياردەمچى، دوست بولالايدۇ».

ھەكىم نەجمۇل غەنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: ھەكىم ئەزەمخان ئىكسىرى ئەزەم ناملىق بۇ ئەسىرىنى 30 يىلدا يېزىپ، رەتلەپ چىققان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىگەن، دەم ئېلىشقا ۋاقىت چىقىمىغانلىقتىن، يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ يېرىم يولدا قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ھەكىم ئەزەمخان مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ چوڭ ئىشنى قىسقىغىنە 30 يىلدا تاماملىدىم». بىز ئويلاپ باقايلى، 30 يىل قىسقا ۋاقىتمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ كىتابنى قىسقىغىنە 30 يىلدا تاماملىدىم، دېگەن سۆزىنى قانداق چۈشىنىش

كېرەك؟ ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇئەللىپىنىڭ بۇ «ئىكسىرى ئەزەم» ناملىق تۆت توم بۈيۈك قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرىنى قولىمىزغا ئېلىپ كۆرگىنىمىزدە، 30 يىل ۋاقتىنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسەر ئۈچۈن نەقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا پايدىلانغان مەنبەلەر

## سبب تاليف اين كتاب افادت انتساب

ئىكسىرى ئەزەم بولسا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يېزىلغان تۆۋەندىكى سەرخىل كىتابلارنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان مۆتىۋەر تېببىي كىتابلارنىڭ جەۋھەرلىرى ۋە ئاپتورلىرى، ئىلگىرى ئۆتكەن ھۆكۇما - تېۋىپلارنىڭ ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرى، رېتسېپلىرى ھەمدە شۇ كىتابلارنى تەھرىرلىگەن تەھرىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى بۇ ئەسەرگە نەقىل كەلتۈرۈپ ئەينەن كىرگۈزگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

قەرشىنىڭ «مۇجىزى قەرشى» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرىدىن «شەرھى سەدىدى»، «شەرھى نەفسى»، «شەرھى ئاقسارائى»، «شەرھى پەزلۇللاھ تەبرىزى»، «شەرھى تەبىب ئەمىر تىمۇر»، «شەرھى ئۇستاز ۋالىد ماجىد» قاتارلىقلار بار.

نەجمۇددىدىن سەمەرقەندىنىڭ «ئەسباب ۋە ئالامات» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرىدىن «شەرھى نەفسى كىرمانى»، «شەرھى ھەكىم ئابىد سەرھەندى» قاتارلىقلار بار. ھەكىم شەرىپخانىنىڭ «فەۋائىد شەرفىيە» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئەلى جىيلانى خانىنىڭ شاگىرتى سىر ھاشىم خانىنىڭ «شەرھى سىر ھاشىم» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئەھمەدۇللاخا كاملۇسىنىڭ «ھاشىيە ھەكىم ئەھمەدخان» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم كازىم ئەلىخان مۇھەممەد شاھىنىڭ «كاملۇس سانائەت» ناملىق ئەسىرى؛ ئەلى ئىبنى ئەبباس مەجۇسىنىڭ «كاملوسسەنائەت» ناملىق ئەسىرى؛ ئەبۇ سەھلى مەسىھىنىڭ «مىئەتۇ مەسىھى« ناملىق ئەسىرى.

شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىتتىب» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرىدىن: «شەرھى قەرشى»، «شەرھى ئەللامە»، «شەرھى سەدىد»، «شەرھى گازۇرۇنى»، «شەرھى خوجەندى»، «شەرھى ئەلى جىيلانى»، «شەرھى ئىسھا قۇللاھخان» قاتارلىقلار بار.

سەيىد ئىسمائىل جۇرجانىنىڭ «زەخىرە خارازىم شاھى»؛ «ئەغرازىتتىب»، «خىپپى ئەئلايى ۋەزۇبدە»، «نەھايەتۇل غەرەز مەھمۇدى»؛ ئەلى ئىبنى زەييىنىنىڭ «فىردەۋسۇل ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى؛ ئىبنى زۇھەرنىڭ «تەيەسسۇر» ناملىق ئەسىرى؛ ئىبنى ماسۇ-

يەنىڭ «ماقالاتى ئىبنى ماسۇيە» ناملىق ئەسىرى؛ فارابىنىڭ «جەۋاھىرى فارابى» ناملىق ئەسىرى؛ ئەرەستاتالىيسنىڭ «جەۋاھىر تالىيس» ناملىق ئەسىرى؛ كىندىنىڭ «مۇئالىجا-تى كىندى» ناملىق ئەسىرى؛ باقىر ھۇسەينى ۋە مەۋسۇمىنىڭ «مۇئالىجاتى باقىر ھۇسەينى ۋە مەۋسۇمى» ناملىق ئەسىرى؛ بەختىشەۋۋەئىنىڭ «مۇئالىجاتى بەختىشەۋۋەئ» ناملىق ئەسە-رى؛ تاجۇددىن بۇلغارىنىڭ «دىۋانى مۇغرىپ» ناملىق ئەسىرى؛ سابىت ئىبنى قۇررەنىڭ «فۇسۇلى سابىت ئىبنى قۇررە» ناملىق ئەسىرى؛ خوجەندىنىڭ «ئۇسۇلۇتتەراكىب» ناملىق ئەسىرى؛ سىيدنەنىڭ «مۇئالىجاتى سىيدنە» ناملىق ئەسىرى ۋە «مىزانىت تەبائىئ ئەسرا-رول ئەتىببائ» ناملىق ئەسىرى؛ ئەنتاكىنىڭ «ماقالاتى ئەنتاكى» ناملىق ئەسىرى، بەقرات-نىڭ شاگىرتلىرىدىن موللا ئىبنى زىميانىڭ «جەۋھىرى نەفسى» ناملىق ئەسىرى؛ ئىلاقىنىڭ «مۇئالىجاتى ئىلاقى» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئەللامە سەمانى تەرىپىدىن يېزىلغان شەرھىسى؛ مۇھەممەد ئىبنى ئىلياسنىڭ «ھاۋى سەغىر» ناملىق ئەسىرى.

مۇھەممەد ئىبنى زىكرىيا رازى ئەسەرلىرىدىن: «ھاۋى كەبىر»، «مەنلايەھزۇرۇ»، «بۇرئى سائەت»، «شامىلول ئەدۋىيە»، «مەقالانى كەناشى پاخىر» قاتارلىقلار بار. خوجەندىنىڭ «تەرۋىھۇل ئەرۋاھ» ناملىق ئەسىرى؛ تەبەرىنىڭ «مۇئالىجاتى بۇقراتى» ناملىق ئەسىرى؛ خۇزەرى ئىبنى ئەلىنىڭ «شىفائۇل ئەسقام» ناملىق ئەسىرى. سەئىد ئىبنى ھەببەتۇللاھنىڭ «مۇغەننى» ناملىق ئەسىرى؛ ئىبنى نۇھ قۇمەرىنىڭ «غەنى مۇنا» ناملىق ئەسىرى؛ داۋۇد ئەنتاكىنىڭ «نۇزھەتۇل بەھجەت»، «تەزكىرە»، «مەجەستى»، «دۇرەر ۋە غۇرەر» قاتارلىق تۆت پارچە ئەسىرى؛ سۇۋەيدىنىڭ «تەزكىرە سۇۋەيدى» ناملىق ئەسىرى؛ ئىبنى جەزلەنىڭ «مىنھاجۇل بايان»، «تەقۋىمۇل ئەبدان»، «مىنھاجۇل دو-كان» ناملىق ئەسەرلىرى؛ بۇقراتنىڭ «فۇسۇلى بۇقرات» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرىدىن: «تەلخىسى جالىنۇس»، «شەرھى قەرشى»، «شەرھى ئىبنى ئەبى سادىق»، «شەرھى ئىمام ئەبدۇللەتىپ»، «شەرھى مەۋلانا ئەبدۇررەھىم» قاتارلىق ئەسەر-لىرى. يەنە بۇقراتنىڭ «ئىزىمىيائى بۇقرات» ۋە ئۇنىڭ جالىنۇس ھەكىم يازغان شەرھىسى.

جالىنۇس ئەسەرلىرىدىن: «جەۋامىئۇل ئىسكەندەر»، «مەيامىر»، «نەبزۇلكەبىر»، «ئەسرارۇل ئىنسان»، «ھىلەتۇل بۇرئى»، «مىفتاھ» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ فازىل ئەبۇل فەرھىنىڭ «ئەينۇل خەلىل» ناملىق ئەسىرى؛ ئىبن سىنانىڭ «كىتابۇل ئەدەۋىيەتۇل قەلبىيە»، «ئەرجۇزە» ناملىق ئەسەرلىرى؛ ئىبنى ھۇبەلنىڭ «مۇختار ئىبنى ھۇبەل» ناملىق ئەسىرى؛ ئىبنى بەيتارنىڭ «جامىئۇل ئىبنى بەيتار» ناملىق ئەسىرى؛ بەغدادىنىڭ «جامىئۇل بەغدادى» ناملىق ئەسىرى؛ ھۇنەيىنىنىڭ «ماقالاتى ھۇنەينى» ناملىق ئەسىرى؛ ئەخزەر ئابدۇل ئەزىزنىڭ «شەمسۇددۇرەرى ۋە زۇمرەد» ناملىق ئەسىرى؛ مىرئەۋزى ئەلىنىڭ «زادۇل ئىماد ۋە خۇلاسەتۇل ئىلاج» ناملىق ئەسىرى؛ مىربەھائىددىنىڭ «خۇلا-سە تۆت تەجارىب» ناملىق ئەسىرى.

كۆپىنچە كېسەللىكلەردە تۆۋەندىكى تۆت باسقۇچ بولىدۇ: يەنى باشلانغۇچ باسقۇچى، تەرەققىيات باسقۇچى، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى، چېكىنىش باسقۇچى. دەسلەپكى باسقۇچى بولسا كېسەللىك ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋە گۇمانلىق باسقۇچ بولۇپ، تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتمىگەن ۋاقىتتۇر. تەرەققىيات باسقۇچى بولسا كېسەللىك تەدرىجىي ھالدا ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ. ئاخىرقى باسقۇچ بولسا كېسەللىكنىڭ بارلىق شەكىل ھالەتلىرىدە بىردەكلىك ھاسىل بولغان ۋاقىتتۇر. چېكىنىش باسقۇچى بولسا كېسەللىك ياخشىلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتۇر. كېسەللىك چېكىنىش باسقۇچى مۇقىملاشقانسېرى كېسەللىكنىڭ ياخشىلانغانلىقى ئاشكارىلىنىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تۆت باسقۇچ كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ باشتىن - ئاخىرىغىچە (تەرتىپ بويىچە) يۈز بېرىدۇ ۋە بۇ تۆت باسقۇچنىڭ ھەممىسى ئېنىق بولىدۇ. ئۇلار بىرلەشتۈرۈلۈپ كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي جەريانى دېيىلىدۇ، بەزىدە يۇقىرىقى باسقۇچلار مەخسۇس كېسەللىك ۋاقىت تۈرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جالىنۇس مۇنداق دەيدۇ: بەزى كېسەللىكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ياكى ئېنىقلاش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئىششىق، مۇدۇر - چاقىلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاشقازان ئاغرىقلىرى، بىر قىسىم ئۆپكە كېسەللىكلىرىنى تونۇش ئاسان بولسىمۇ، جىگەر ۋە بىر قىسىم ئۆپكە، كاناي كېسەللىكلىرى، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارنى بىلىش قىيىن بولىدۇ. سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما تەخمىنىي پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. كېسەللىك بەزىدە ئەسلىي كېسەللىك بولىدۇ. بەزىدە شېرىكچى كېسەللىك بولىدۇ. ئەسلىي كېسەللىك بولسا، يەرلىك ئورۇندا بىۋاسىتە پەيدا قىلغان كېسەللىكتۇر. شېرىكچى كېسەللىك بولسا يەرلىك ئورۇندىن باشقا ئەزالاردا پەيدا بولغان كېسەللىككە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن كېسەللىكتۇر.

ھەرقانداق كېسەللىك يەڭگىل ياكى ئېغىر بولىدۇ. يەڭگىل كېسەللىك دېگىنىمىز، داۋالاش ئاسان ۋە داۋالاشنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان كېسەللىكتۇر. مەسىلەن: تەپكە سۇلۇق ئىششىق قوشۇلۇپ كەلسە، تەپ ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە سوۋۇتقۇچى تەدبىرلەرگە موھتاج، سۇلۇق ئىششىق بولسا قىزىتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى تەدبىرلەرگە موھتاج. يۇقىرىقىدەك قارىمۇ قارشى ئىككى خىل داۋالاشقا تېگىشلىك كېسەللىك بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلمەسە، بۇ ئاسان داۋالىغىلى بولىدىغان كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. ئېغىر كېسەللىك دېگىنىمىز، ئاسان داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەللىك بولۇپ، داۋالاش تەدبىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرىدىغان ئىككى كېسەللىك بىرگە قوشۇلۇپ مۇرەككەپ بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلسە، ئاسان داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: باش ئاغرىقى بىلەن نەزلە بىرگە كەلسە، باش ئاغرىقىنىڭ داۋالاش تەدبىرلىرى بولسا بوشىتىش، يۇمشىتىش، غار - غار قاتارلىق ئاغرىق پەسەيتكۈچى تەدبىرلەر بولۇپ، بۇ تەدبىرلەر نەزلە ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. چۈنكى نەزلە قۇرۇتۇش ۋە كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىگە موھتاج.

# مۇقەددىمە

## كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى

## مقدمه دراقسام امراض وعلاج آنها بطريق كلى

شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەللىك ئادەم بەدىنىدىكى نورمالسىز ھالەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال خىزمىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كېسەللىك يەككە كېسەللىك ۋە مۇرەككەپ كېسەللىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق كېسەلنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن كېسەللىك مۇرەك-كەپ كېسەللىك دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىششىق بىلەن قىزىتما. بىرەر ئەزادا بىرلا كېسەللىك بولسا، ئۇ يەككە كېسەللىك دەپ ئاتىلىدۇ.

يەككە كېسەللىك بولسا مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك، شەكىل بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولسا ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تۆت كەيپىيات ئىچىدىكى بىرەر كەيپىياتنىڭ ياكى ئىككى كەيپىيات-نىڭ تەبىئىي ھالەتتىن ئېشىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسىز بولسا سۇئى مىزاج سازە (ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش) دېيىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىلىق بولسا سۇئى مىزاج ماددىي (ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش) دېيىلىدۇ.

شەكىل بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولسا ئەزا شەكلىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۆر-سىتىدۇ.

پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولسا، ئىچكى ـ تاشقى ئەزا ۋە توقۇلمى-لارنىڭ پارچىلىنىشى، چىرىشى ۋە پۈتۈنلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك بەزىدە تاسادىپىي ھالدا، بەزىدە مۇرەككەپ ئەزالاردا، بەزىدە نېرۋا، سۆڭەك، تومۇر قاتارلىق يەككە ئەزالاردا يۈز بېرىدۇ.

ھەرقانداق بىر كېسەللىك قايسى تىپتىكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان بولسا، شۇ تىپقا تەۋە بولىدۇ.

لى» ، «تۆھپەئى قارابادىن قادىرى» ، «قارابادىن نەقشبەندى» ، «قارابادىن ئەسەدى» ، «مەجمۇئەلقائى ۋە زەكائى» ، «قارابادىن ئەجمەلخان» ، «ئىلاجال ئەمراز» ، «ئىلاجىل نابىئە» ، «قارابادىن ھەكىم مەھدى» ، «ھۆسبۇل شىپا» ، «مىفتاھۇل مۇجەررىبات» ۋە مەئمۇل ھەكىم غۇلام ئىمامنىڭ «قارابادىن مەئمۇلى» ناملىق ئەسىرى.

ھىندى تىبابىتىگە ئائىت تېببىي ئەسەرلەردىن: «دارا ئەشكوھى» ، «تەكمىلەئى ھىندى» ، «دەستۇرۇل ئەتىببائ» بۇ كىتاب يەنە «تېببىي پەرىشتە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. «مۇجەررىباتى ئەكبەرى» ، «ئىلاجۇل غۇزەبا» ، «مۇئالىجاتى نەبەۋى» ، «مۇپرىداتى ھىندى» ، «تېببىي ئىسكەندەرى» ، «تېببىي ھەفىزى» ، «مەناپىئۇل كەرىمى» ، «خەيرۇتتەجارىب» قاتارلىقلار.

قەدىمكى ھەكىملەرنىڭ سۆزلىرىدىن: ئىبنى ماسۇيە، ئىبنى ساھەربەخت، ئىبنى سەييار، ئىبنى سەرابىيۇن، ئىسھاق ئىبنى ھۇنەيىن، ساھىر، سابىت ئىبنى قۇررە، ئىبنى زۆھرە، ئىبنى ماسە، ئەبۇل بەرەكات، ئىبنى جەمىئ، ئىبنى ۋاقىد، ئىبنى رىزۋان، غافەقى، مالەقى، تەپلىسى، سۇپيان، مۇھەندىسى، نىيازۇق، مۇلكى، ئىسھاق ئىبنى ئىمران، ھەبىش، ئىبنى سۇفىيان، ئىبنى رۇشدى، ئىبنى رەملى، شەرىپ، ئىقنائ، سەئىد ئىبنى ئىبراھىم، ئىبنى سەۋرى، بەختىششەۋۋەئ، جابىر ئىبنى جەنان، جىبرىل، ئىسرائىل، ھەۋىز، ئىبنى ماجە، ئىبنى سەمجۇن، ئىبنى بۇتلان، ئەبۇ جۇرەيھ، ئەبۇ ئەشئەس، ئىبنى جەززار، كىندى، ئەبۇ نەسرى، ئىبنى ئەبدۇس، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئىنول كىتابى، ئىبنى رۇقىيە، ئىبنى مەسكۇبە، ئىبنى دەرس، ئەبۇل خەيرى، ئەبۇل پەتۇھ، ئىبنى فەھدۇن، مۇدايىنى، ئەھمەد، ئىسكەندەر ئەفرودىسى، لەجلاج، دەيلىمى، مۇسەبنى مەيمۇن، ھەببەتۇللاھ، يەھيا، بەختا تىبنى سەئىد، ئەسقەپ، ھورمۇس، سۇقرات، ئەفلاتۇن، ئەرەستاتالىس، بولىس، رۇفس، دەيوقلىس، ئەرجىھانس، ئەرىباسىس، ماسىرجۇبە، شەمئۇن، مەھرارىس، يۇھەننا، سەرافىيۇن، دەيۇجانس، ئەندەروماخەس، دىياسقۇرىدۇس، پىلغەرىيۇس، سۇرانەس، قەيۇما، شەمۇئىل، ئەرمانىدەس، ئىسكەندەرۇن، ئۇسلىمەن، كەسۇپقەراتىس، لىنالىيۇس، لىنايۇمەن، لىمىقۇس، لىقۇدىس، مانىيۇس، يۇنۇس، مانىس، مۇغنىس، ماسۇنىيۇس، مارىنۇس، مۇنسەدىمىس، ھەيۇپقەراتىس، ھەيۇقۇتۇس، بۇنىيۇن، بەرلۇنىيۇن، بۇنىيۇس، بۇلۇنىيۇس، ئەنتىلەس، تەيمائۇس، بەدىغۇرەس، بەستەس، راۋەس، ئەھرەن، ئىسقەلىنيوس قاتارلىقلار تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى ئۇزۇۋپ ئېلىنىپ نەقىل قىلىندى. ئەمدى مۇقەددىمىنى باشلايمەن، ئۇنىدىن كېيىن كىتابنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىگە ئۆتۈپ كېتىمىز.

سۇلتان ئەلىنىڭ «دەستۇرۇلئىلاج»، «تىببىي مۇلۇكى»، «مۇجەررىباتى ھەكىم ئەلى» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ سۇلتان مۇھەممەد مۇرات مۇستەفەۋىنىڭ «رىسالەئى مۇجەررىبات» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم كەبىر ئەلىخانىنىڭ «قەۋانىنتۇل ئىلاج» ناملىق ئەسىرى.

ھەكىم ئەجمەلخانىنىڭ «رىيازۇ ئىلاج» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئەكمەلخانىنىڭ «دەستۇرۇلئەمەل ۋە مۇئالىجات» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئەبۇل بەركاتىنىڭ «رىيازەتتۇل ئەمەل ۋە مۇئتەبەر» ناملىق ئەسىرى، ھەكىم ئۇلۇۋىخانىنىڭ «رىيازۇل پەۋائىد»، «ئەشەرە كامىلە» ناملىق ئەسەر؛ ھەكىم سەدرۇددىن خان شاھ جاھان ئابادىنىڭ «لۇببى لۇباب» ناملىق ئەسىرى.

ھەكىم ساجىدخانىنىڭ «مۇئالىجاتى ساجىدخان» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرىدىن «شەرھى زۇلەيخا»، سەئىد نۇرئەلى ئەكبەر ئابادىنىڭ «ئەنۋار قاسىمى» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئۇلۇۋىخانىنىڭ شاگىرتلىرىدىن سەئىد نۇرۇللاھنىڭ «ئەنۋارۇلئىلاج» ناملىق ئەسىرى.

ھەكىم زەكائۇللاھ خانىنىڭ «ئىنتىخابۇلئىلاج» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم مۇھەممەد ئەفزەلخان شاھى جاھان ئابادىنىڭ «مۇئالىجاتى ئەفزەلىيە» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئىمادۇددىن شىرازىنىڭ «مۇئالىجاتى ئىمادۇددىن شىرازى» ناملىق ئەسىرى؛ مۇھەممەد رىزا ئەكبەر ئابادىنىڭ «تىببىي رىزائى» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم شىفائىخانىنىڭ «شىفائۇل جەمىل» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم سەنائۇللاھ ساكىن بەرىلى (ئۇ ھەكىم ئۇلۇۋىخانىنىڭ شاگىرتى ھەكىم شەھبازخانىنىڭ ئۇستازى ئىدى، ھەكىم شەھبازخان مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھەكىم مۇھەممەد ئەزەمخانىنىڭ ئاتىسى ماجىدخانىنىڭ ئۇستازىنىڭ «تىببىي سەنائى» ناملىق ئەسىرى.

ھەكىم بازىدىنىڭ «نافىئۇل ئەمراز»، «خەزانە تۇلئىلاج»، «رىيازۇل ئەمەل جەدىد» قاتارلىق ئۈچ ئەسىرى؛ مەنسۇرنىڭ «كىپايى مەنسۇرى» ناملىق ئەسىرى.

ھەكىم مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانىنىڭ «تىببىي ئەكبەر»، «مىزانى تىب»، «مۇپەررىھۇل قۇلۇب»، «قارابادىن قادىرى»، «مۇجەررىباتى ئەكبەر» قاتارلىق بەش پارچە ئەسىرى؛ ھەكىم ئۇلۇۋىخانىنىڭ شاگىرتلىرىدىن مىرھەسەننىڭ «مۇتىببى مىرھەسەن» ۋە «زادى غەرىپ»، ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئەبۇل قاسىمنىڭ «مۇتىببىي ھەكىم ئەبۇل قاسىم» ۋە «ئىقتىباسۇل ئىلاج» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم مىرزى ئەئلا شەرىفنىڭ «مەئمۇلاتى ھەكىم مىرزى ئەئلا شەرىفى» ناملىق ئەسىرى؛ ھەكىم ئۇلۇۋىخانىنىڭ «جامىئۇل جەۋامىئ» ناملىق ئەسىرى؛ مۇھەممەد ھۇسەيىن خانىنىڭ «مەجمەئۇل جەۋامىئ» ناملىق ئەسىرى.

قارا بادىنلاردىن «قارابادىن سەمەرقەندى»، «قارابادىن قەلانىسى»، «قارابادىن شاھى»، «قارابادىن ئۇلۇۋىخان»، «قارابادىن قەدىم ۋە جەدىد»، «قارابادىن كەبىر»، «قارابادىن شىفائى»، «قارابادىن جەلالى»، «قارابادىن مەئسۇمى»، «قارابادىن كۇتۇۋا-

يۆتەل ئىچ سۈرۈش بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، يۆتەل توختاتقۇچى ۋە سىلىقلاشتۇرغۇ-
چى تەدبىرلەرگە موھتاج. يەنە ئىچ سۈرۈش بولسا، قۇرۇتقۇچى ۋە تۇتقۇچى تەدبىرلەرگە
موھتاج.

شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەللىك بىمارنىڭ مىزاجى، يېشى، پەسىل ئېتىبارى بىلەن
خەتەرلىك ۋە جىددىي، خەتىرى يوق ياكى سوزۇلما بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىكلەرنىڭ
يۈقىرىقىدەك جەريانلارغا مۇناسىۋەتسىز ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇلار چوقۇم بىرەر ھادىسە
سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: ياشانغانلاردا قىش كۈنلىرى سەپرادىن بولغان
جىددىي قىزىتما يۈز بەرسە، بۇنىڭدا كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ياشلاردا ياز كۈنلىرى
بەلغەمدىن بولغان قىزىتما يۈز بەرسە، بۇنىڭدىمۇ كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ھەرقانداق كېسەللىك پەسىلگە قارىمۇ قارشى كەيپىياتتىكى
سوزۇلما كېسەللىك بولسىلا ساقىيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. بەزى كېسەللىكلەر
باشقا كېسەللىكلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بەزىدە بەزى كېسەللىكلەر تۇيۇقسىز ياخشىلى-
نىپمۇ كېتىدۇ. يەنە بەزىدە بىر كېسەللىكنى داۋالاش ئارقىلىق باشقا كېسەللىكلەرمۇ
ساقىيىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنى داۋالىغاندا بىماردا
تۇتقاقلىق كېسەل، ئۇششاق بوغۇم ئاغرىقى، پاچاق ئەگرى - بۈگرى يوغىناپ قېلىش،
رېماتىزم، قوتۇر، قىچىشقاق، مۇدۇر چاقا، توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇچ
قاتارلىق كېسەللىكلەر بولسا ئۇلارمۇ شىپا تاپىدۇ. شۇنداقلا ئىچ سۈرۈش، كۆز ئاغرىقى،
كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالىغاندا مەقئەت، قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە
ئۇنىدىن باشقا سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەرخىل كېسەللىكلەر، يانپاش ئاغرىقى، بۆرەك
كېسەللىكى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكى قاتارلىقلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ.
بەزى ۋاقىتتا بەزى كېسەللىكلەر باشقا كېسەللىكلەرگە ئۆزگىرىش ئارقىلىق خەتەرلىك،
ناچار ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ ئۆپكە ياللۇغىغا
ئۆزگىرىشى، ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە
ياللۇغىغا ئۆزگىرىشى. بەزى كېسەللىكلەر يۇقۇملۇق بولىدۇ. مەسىلەن: قوتۇر، جوزام،
چىرىش خاراكتېرلىك يارا، تارقىلىشچان تەپ، چېچەك، جۇملىدىن دەم سىقىش كېسەل-
لىكلىرى.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

كېسەللىك مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك بولسا، تەكشۈرۈشتە ئالدى بىلەن چىرايى،
بەدەن سېزىمى، تومۇر ھەرىكىتى، سۈيدۈكى قاتارلىقلارنى كۆزىتىش كېرەك.

ئەگەر چىرايى قىزىل ياكى سېرىق رەڭلىك بولسا، سېزىمى ئىسسىق، تومۇر ھەرىكە-
تى تېز ۋە ئارقىمۇئارقا؛ سۈيدۈكى رەڭلىك بولسا، ئۇسسۇزلۇق بولۇپ، ئىسسىقلىق
نەرسىلەر زىيان قىلىپ، سوغۇقلۇق نەرسىلەر پايدا قىلسا، بۇ مىزاجنىڭ ماددىسىز

ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە بەدەن، كۆز ۋە تىلنىڭ رەڭگى قىزىل، سېزىمى ۋە تەپەككۇرى تۆۋەن، ئورۇق، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن، تېرىلەر تارتىشىپ تۇرغان، تومۇر ھەرىكىتى دولقۇنلۇق، چوڭ؛ سۈيدۈكى قويۇق ۋە قىزىل، ئىشتىھاسى تۆۋەن بولسا، بۇ مىزاجنىڭ ماددىسىز ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

باشتا ئېغىرلىق بولۇش، ئىككى كۆز، ئىككى مەڭزى قىزىل بولۇش، ئەسنەش، كېرىلىش، ئېغىز تەمى تاتلىق بولۇش، بەدەنگە قاپارتما ۋە ئېغىزغا مۇدۇرلار چىقىش، چىش تۈۋى قاناش، بۇرۇن قاناش، مەقئەتتىن قان كېلىش، ئىلگىرى گۆش، شاراپ ۋە ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە ھەر خىل تاتلىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولۇش، ئولتۇراقلاشقان رايون، ياش ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلاردا قان خىلتىدىن مىزاج بۇزۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار بولسا، ئۇلار مىزاجنىڭ قان خىلتىدىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئەگەر ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بىمارنىڭ رەڭگى، كۆز ئېقى سارغۇچ بولۇش، ئېغىز تەمى ئاچچىق، تىلى يىرىك، بۇرۇن بوشلۇقى قۇرۇق سوغۇق ھاۋادىن راھەت ھېس قىلىش، كۆڭلى ئايىنىش، سېرىق ۋە يېشىل رەڭلىك قەي قىلىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئېچىشىش، كۆيگەندەك ئىچ سۈرۈش، ئىلگىرى سەپرا خىلتىدىن مىزاج بۇزۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىشتىن باشقا ياش، مىزاج، ئۆرپ - ئادەت، ئولتۇراقلاشقان رايون، پەسىل، ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللار بولسا ۋە ئۇيقۇدا سېرىق رەڭلىك نەرسىلەرنى كۆرسە، قىزىق مۇنچىغا چۈشكەندەك ۋە ئاپتاپتا تۇرغاندەك ھارارەت ھېس قىلىپ تۇرسا، بۇلار مىزاجنىڭ سەپرا خىلتىدىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئەگەر بىمارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، رەڭگى، سېزىمى سوغۇق، تومۇر ھەرىكىتى قالايمىقان ۋە ئاستا، سۈيدۈكىنىڭ رەڭگى ئاق، ئۇسسۇزلۇقى ئاز، ھەزىم ئاجىز، بوشاڭ، بەلغەمدىن بولغان تەپ ۋە تەپنىڭ يۈز بېرىشى كۆپ، سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەر كۆڭلىگە ياقماسلىق، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر خۇش يېقىش، قىش كۈنلىرى ئومۇمىي ئەھۋالدا يېقىمسىزلىق يۈز بېرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ مىزاجنىڭ ماددىسىز سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئەگەر يۇقىرىقى سوغۇقلۇقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە ھۇرۇنلۇق، قاپاق ئەتراپىدا ئىبسلىپ قېلىش كۆرۈلۈش، ئېغىز ۋە بۇرۇندىن سۇيۇقلۇق ئېقىش، تەرەت يۇمشاق بولۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ھۆللۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى كۆڭلى تارتماسلىق، ئۇيقۇ كۆپ بولۇش قاتارلىقلار بولسا، بۇ مىزاجنىڭ ماددىسىز ھۆللۈكتىن

بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئەگەر ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، سېرىمى سۇس، ئاچچىق كېكىرىش، ھۇرۇنلۇق، گاللىۋاڭلىق، تومۇر ھەرىكىتى يۇمشاق، بوش، كىچىككىنە سالىدىغان؛ ئىلگىرى ھەر خىل ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ياش، ئۆرپ - ئادىتى، ھۈنەر - سەنئەت، ئولتۇراقلاشقان رايون قاتارلىقلاردا مىزاجنىڭ بەلغەم خىلتىدىن بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان تارىخى بولۇپ، چۈشىدە سىم - سىم يامغۇر، قار - مۇز، چاقماق قاتارلىقلارنى كۆپ كۆرسە، بۇ مىزاجنىڭ بەلغەم خىلتىدىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئەگەر تېرە كېپەكلىشىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئورۇقلۇق بىلەن بىرگە، قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش بىلەن بىئاراملىق پەيدا بولسا، كۆز پەسلىدە ئومۇمىي ئەھۋالى ناچارلىشىپ، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر شىپالىق تۇيۇلسا، تېرىسىدە ئىلمان سۇ، مايلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تېز بولسا، بۇ مىزاجنىڭ ماددىسىز سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بولۇش بىلەن بىرگە بەدەن رەڭگى قارا بولۇش، قان قويۇق ۋە قارىغا مايىل بولۇش، كۆپ ئىككىلىنىش، كۆپ خىيال قىلىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئېچىشىش، يالغان ئىشتىھا بولۇش، سۈيدۈكى قارىغا مايىل قىزغۇچ ۋە قويۇق بولۇش، قارا بەھەق ۋە يامان سۈپەتلىك يارا قاتارلىقلاردىن قۇرۇق تەمرەتكە، تال كېسەللىكلىرىگە ئوخشاشلارغا كۆپ گىرىپتار بولۇش، ئىلگىرى سەۋدا خىلتى پەيدا قىلغۇچى يېمەك - ئىچمەكنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولۇش، ياش، مىزاجى، ئۆرپ - ئادىتى، ھۈنەر - سەنئەت، ئولتۇراقلاشقان رايون قاتارلىقلاردا سەۋدا خىلتى پەيدا قىلىش تارىخى بولسا، چۈشىدە قورقۇنچلۇق ۋە قارا نەرسىلەرنى كۆپ كۆرۈش قاتارلىقلار مىزاجنىڭ سەۋدا خىلتىدىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

شۇنى بىلىش لازىمكى، مىزاج بۇزۇلۇش ماددىلىق بولسۇن ياكى ماددىسىز بولسۇن ياكى مۇرەككەپ بولسۇن، ئۇلارنى يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

## ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى

## علاج كلى امراض

بۇ تەدبىر ۋە ئوزۇقلۇق ئارقىلىق داۋالاش، دورا ئىستېمال قىلدۇرۇپ داۋالاش، قول ئەمەلىيىتى ئارقىلىق داۋالاش دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ:

مەسىلەن: قان ئېلىش، لوڭقا قويۇش، زۇلۇك قويۇش، داغلاش، كېسىش، سۇنغان

سۆڭەكلەرنى تېڭىش قاتارلىقلار يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلغا تەۋە بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئايرىم سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە پەقەت بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل داۋالاش ئۇسۇلنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى خىل ئۇسۇل كېسەللىكلەرنى تەدبىر ۋە ئوزۇقلۇق ئارقىلىق داۋالاش: تەدبىر بىلەن داۋالاشتىن مەقسەت ستتە زۆرۈرىيە، يەنى ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئالتە مۇھىم ئىشىغا ئەمەل قىلىش، يەنى هاۋا، يېمەك - ئىچمەك، ئۇيقۇ - ئويغاقلىق، چىقىرىش ۋە توختىتىش، ھەرىكەت ۋە ئارام ئېلىش، روھىي ئامىل. ئۇنىڭدىن باشقا مۇنچىغا چۈشۈش، بەدەننى مۇجۇش، قۇمغا كۆمۈش، ئاپتاپتا ئولتۇرۇش، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش قاتارلىق كېسەللىكنىڭ سەۋەبىگە قارىتا قارىمۇقارشى تەدبىرلەرنى قوللىنىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي قىسمىدا سۆزلىنىدۇ. بىراق ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش بىرلا ئورۇندا سۆزلەنمەيدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش گەرچە ئالتە مۇھىم ئىش قاتارىدىن بولسىمۇ، ئۇلار مۇناسىۋەتلىك بابلاردا ئەھۋالغا قاراپ سۆزلىنىدۇ. چۈنكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش ھەر خىل بولىدۇ. بەزى بىمارلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى چەكلەشكە، كېمەيتىشكە، تەڭشەشكە، كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوزۇقلۇقلارنى چەكلەش بىمارنىڭ تەبىئىتى ۋە خىلتلارنىڭ پىشىش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىمارنىڭ قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسا، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا ئوزۇقلۇقتىن چەكلەش لازىم. ئەمما بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا، ئوزۇقلاندۇرۇش مۇھىم. گەرچە بوھران ۋاقتى بولغان بولسىمۇ، بىمار ئاجىز بولسا ئوزۇقلۇقنى چەكلەش بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

ئوزۇقلۇقلارنى كېمەيتىش، بىمارنىڭ تەبىئەت كۈچىگە رىئايە قىلغان ئاساستا كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش، قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىمارنىڭ كۈچى ئاجىز، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېقىنلاپ قالغان بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى هاسىل قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنىلا چەكلەش مەقسىتىدە ئوزۇقلۇقنى كېمەيتىش لازىم.

ئەگەر بىمار ئاجىز بولۇپ، كېسەللىك كۈچلۈك بولسا، كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا ئوزۇقلۇقنى كېمەيتىش لازىم. جۈملىدىن كېسەللىك ئۆتكۈر ۋە دەسلەپكى باسقۇچتا بولسا تامىقىنى كېمەيتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا تەبىئەت كۈچىنىڭ كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇشى ئۈچۈن ياخشىدۇر. بىراق ھەددىدىن ئارتۇق كېمەيتمەسلىك لازىم. ئۇنداق قىلغاندا تەبىئەت نورمال خىزمىتىدىن ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئوزۇقلۇقنى كېمەيتىش نورمال، مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا، ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئوزۇقلۇقنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە كېمەيتسە بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما بولسا ئوزۇقلۇقلارنى بەك كېمەيتمەسلىك لازىم. چۈنكى قۇۋۋەتنىڭ بەك تۆۋەنلەپ كېتىش خەتىرى بولىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا مىزاجىغا مۇۋاپىق ھالدا نورمال، يەڭگىل ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە قۇۋۋەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. قىزىتمىدىن باشقا سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى يەڭگىل، سىڭىشلىق ئوزۇقلۇقلار ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، ئوزۇقلۇقنىڭ مىقدارى ئاز، تەبىئەتكە ھوللۇق يەتكۈزەلەيدىغان، ماددىنى پىشۇرالايدىغان، بەدەنگە ئوزۇقلۇق بېرەلەيدىغان، بەدەنگە ئوبدان ئۆزلەشىدىغان بولۇشى لازىم.

جىددىي خاراكتېرلىك ماددىي كېسەللىكلەرگە كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ئوزۇقلارنى بېرىش لازىم. ئەگەر بەدەندە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ياكى ئوفۇنەتلىنىش بولسا، ماددىلارنى تارقىتىش ياكى ماددىنى پىشۇرۇش توغرا ئەمەس.

ئوزۇقلۇقلارنى كېمەيتىش مىقدارىنى كېمەيتىش، ۋە تەركىبىنى كېمەيتىش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بەزى ئوزۇقلۇقلارنىڭ مىقدارى كۆپ، ئوزۇقلۇق تەركىبىنى تۆۋەن بولىدۇ. مەسىلەن: كۆكتات ۋە مېۋىلەر، بۇلار ئوزۇقلۇق تەركىبى ئاز، مىقدارى كۆپ يېمەكلىكلەرنى بېرىش زۆرۈر بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزى ئوزۇقلۇقلارنىڭ مىقدارى ئاز، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولىدۇ. مەسىلەن: توخۇ توخۇمىنىڭ سېرىقى.

تېۋىپلار بەزىدە بىمارنىڭ ئىشتىھاسى يۇقىرى، ھەزىم قىلىش كۈچى كۈچلۈك، تومۇردا خام خىلىتلار كۆپ بولغانلارغا قارىتا ئىشتىھانى تۆۋەنلىتىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ غىدىقلىنىش ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش، ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى چەكلەش، تومۇرلاردا ئارتۇق ماددىلارنىڭ توپلىنىشىدىن ساقلىنىش ياكى بەدەندە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىنىڭ بەدەندىن چىقىپ كېتىشى ياكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىنى بەدەندە ئازلىتىش، بەدەننى ئورۇقلىتىش ئۈچۈن مىقدارى كۆپ، ئوزۇقلۇق تەركىبى ئاز بولغان ئوزۇقلۇقلارنى بېرىش زۆرۈر، دەپ قارايدۇ.

بەزىدە ئوزۇقلۇقلارنىڭ مىقدارى ئاز، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى قۇۋۋەت ۋە تەبىئەتنى كۈچلەندۇرۇش، ئاشقازان كۆپ نەرسىلەرنى ھەزىم قىلالمايدىغان، بەدەن ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق، لېكىن مىقدارى كۆپ بولغان يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرەلمەيدىغان ۋاقىتتا ئوزۇقلۇق تەركىبى مول يېمەكلىكلەرنى ئىشلىتىش زۆرۈر، دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزىدە ئوزۇقلۇقلارنىڭ تەركىبى ۋە مىقدارىنى كېمەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەزىم قىلىشى ئاجىز بولغان، بەدەندە غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار كۆپ توپلىشىۋالغان ۋاقىتتا زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئوزۇقلۇقلار مىقدارى ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبىنى كېمەيتىش بىلەن بىرگە ئاشقازاننى كۈچلەندۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغان كېسەللىك بولسا ئۈسۈك؛ ئەگەر سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغان كېسەللىك

بولسا سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنى بېرىش لازىم.

ئوزۇقلۇقلارنى چەكلەش ياكى كېمەيتىش كۆپ ھاللاردا ئۆتكۈر جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگىلا مۇھىم. سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە كېمەيتىش، بەزىدە كېمەيتمەسلىك لازىم.

سوزۇلما خاراكتېرلىك ۋە بوھران ۋاقتى بولمىغان كېسەللىكلەردە ئوزۇقلۇقلارنى كېمەيتىش زۆرۈر ئەمەس.

ئەگەر ماددا قويۇق بولسا، قۇۋۋەتنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ماددا پىشقۇچە ۋە بوھران كۈنلىرى يېتىپ كەلگۈچە ئوزۇقلۇقلارنى كېمەيتىش كېرەك.

بەزى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە بوھران يېقىنلاشمىغان ۋە كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېقىنلاپ قالمىغان بولسا، تەبىئەت كۈچى كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇ- رۇش ئۈچۈن ئاجىز كېلىپ قالغان بولسا ۋە بەدەن كۈچى ئاجىزلاپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بولسا، ئوزۇقلۇقلارنى بەك ئازلىتىۋەتمەسلىك كېرەك.

كېسەللىك دەسلەپكى باسقۇچتا، كېسەللىك ئالامەتلىرى ئانچە ئېغىر بولمىسا، ئوزۇق- لاندۇرۇشتا كۈچلۈكرەك تەرەپنى ئاساس قىلىش كېرەك. كېسەللىك دەسلەپكى باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئالامەتلىرى بىرقەدەر ئېغىرلاشقان بولسا، ئوزۇقلۇقلاردىن چەكلەش ياكى كېمەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ھەرقانداق كېسەللىكتە ئالامەتلەر ئېغىرلىشىشقا باشلىسا، ساقلىنىپ قالغان قۇۋۋەت ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالمىغان ۋە كۈچ يېتىشمەي قالغان ئەھۋال كۆرۈلمىسە، كېسەل- لىك ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن، لېكىن قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كېتىش خەترى بولمىسا ئوزۇقلۇقلارنى كېمەيتىشكە بولىدۇ.

كېسەللىك جىددىي خاراكتېرلىك ياكى بوھرانغا يېتىپ قالغان كېسەللىك بولۇپ، يەڭگىل ئوزۇقلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر بولسا، بىمارنى كېسەللىك ئەھ- ۋالغا قاراپ ئوزۇقلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىمارنىڭ تاماقتىن يىرگىنىشى قىزىتمىلارنىڭ دەسلىپىدە كۆرۈلسە ياكى بەدەن توشۇپ قېلىش ياكى ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بەرسە، كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئوزۇقلۇقلارنى چەكلەش، ئەگەر بەدەندە بىئاراملىق بولسا، ئوزۇقلۇقنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە كېمەيتىش كېرەك. ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرى بولسا، قۇۋۋەت يوقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوزۇقلۇقنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: قۇرۇقلۇقتىن بولغان ھوشسىزلىنىش ۋە تەشەننۇچتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ئوزۇقلۇقلارنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يەڭگىل ئوزۇقلاندۇرۇش لازىم.

شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەللىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇقنى كېسەللىكنىڭ ۋاقتى، سوزۇلما ياكى جىددىي بولۇشى قاتارلىقلارغا قاراپ ئوزۇقلۇقلارنى كېمەيتىش، كۆپەيتىش، چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ماددىنىڭ قويۇق، سۇيۇقلۇقىنىڭ بەدەنگە ئۆزلىشىشىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشى، كېسەللىك ماددىسىنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.

بەدەنگە كىرىدىغان ئوزۇقلۇقنىڭ ئەھۋالى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى، ئوزۇقلۇقنىڭ بەدەنگە ئۆزلىشىشى تېز بولىدۇ ياكى ئاستا بولىدۇ. مەسىلەن: شورپا، شورپا تېز ئۆزلىشىدۇ. كاۋاپ ۋە قىيما ئاستا ئۆزلىشىدۇ. ئىككىنچى، قاننىڭ قىيامىنى قويۇلدۇرۇش، تۇتۇش خۇسۇسىيىتى بولغان يېمەكلىكلەر. مەسىلەن: موزاي گۆشى قاتارلىقلار يەنى سۇيۇقلۇقنىڭ بەدەنگە تارقىلىشىنىڭ تېز بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ھەرخىل ئىچىملىكلەردىن تەييارلانغان ئوزۇقلۇقلار، بەزىدە تېۋىپنىڭ بىمارغا ئۆزلىشىشى تېز، يەڭگىل بولغان ئوزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشىدىكى سەۋەب بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ھايۋانىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىغان كېسەللىك مۇددىتى ۋە بىمارنىڭ تەبىئەت كۈچىنىڭ ئوزۇقلۇق بەدەنگە ئۆزلىشىپ بولغۇچە ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قالماسلىقى ياكى كېسەللىك تۇتۇشتىن بۇرۇن ئوزۇقلۇق بەدەنگە ئۆزلىشىپ، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش ھەمدە كېسەللىك تۇتقاندا ئاشقازاننىڭ خالىي بولۇشى ئۈچۈندۇر. لېكىن، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ياكى كېسەل تۇتۇش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان ۋە قۇۋۋەت ئاجىز بولغان ئەھۋالدىمۇ ئوزۇقلاندۇرۇش مۇھىم. بۇ ۋاقىتتا ئوزۇقلۇقنىڭ مىقدارى ئاز، قۇۋۋىتى يۇقىرى، سىڭىشى تېز بولۇشى لازىم.

بەزىدە بىرەر ئەزانىڭ سەزگۈرلۈكىنى تۆۋەنلىتىش ۋە شۇ ئەزانىڭ ئاغرىق سېزىمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن قاتتىق ۋە قويۇق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇماچ، كاللا ـ پاچاق، كالا گۆشى قاتارلىقلار، لېكىن بۇ خىل يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، سىڭىشى تەس بولىدۇ. بۇنداق ئوزۇقلۇقلارنى بەدەننى جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈش ۋە ئېغىر ئەمگەك ياكى كۈچلۈك بەدەن چېنىقتۇرۇشتا كۈچ تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك بەك سوزۇلما بولسا، بۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئوزۇقلۇقلار قويۇق تاماقلار بولۇشى، ئوتتۇراھال بولسا ئوتتۇراھال بولۇشى، ئەگەر ئۆتكۈر، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىك بولسا، ئوزۇقلۇق مۇتلەق يەڭگىل بولۇشى، ئۆتكۈرلۈكى قانچە يۇقىرى بولسا تاماق شۇنچە سىڭىشلىق بولۇشى لازىم، كېسەللىك مۇددىتى قانچە قىسقا بولسا، بەدەنگە ئۆزلىشىشى تېز بولغان تاماق بولۇشى، ئوزۇقلۇق كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىشى لازىم.

مۇتلەق يەڭگىل تاماقلار — كېسەل ئېشى، چۈجىنىڭ قانات ۋە پاچاق گۆشى، ئارپا ئېشى، هالۋا، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار، مەسىلەن: پالەك، سېمىزئوت، باقىلە يەمانى، ئۈنىڭدىن باشقا چىلانغان نان، سوغۇق سۇ، گۈلاب، هەرخىل مېۋە شەربەتلىرى، سىركەنجىۋىل، كىچىك بېلىق گۆشى، توخۇ گۆشى شورپىسى، ئارپا سۈيى، ئاقلانغان ماش ۋە ئەدەس قاتارلىقلاردۇر.

ئۈنىڭدىنمۇ يەڭگىل بولغانلىرى توخۇ چۈجىسى شورپىسى، ئارپا سۈيى، سىركەنجىۋىل ساددە، نېلۇپەر شەربىتى، ئانار سۈيى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، هەرخىل مېۋىلەر- نىڭ شەربەتلىرى، مەسىلەن: ئالما، ئانار، ئەينۇلا قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ سىڭىشلىك بولغىنى گۈلاب، ئارپا سۈيى بولۇپ، تەسىرى ناهايىتى تېز بولىدۇ. ئوتتۇراھال ئوزۇقلۇق چۈجە گۆشى قاتارلىقلاردۇر.

ئوزۇقلۇقلارنى تەڭشەشتە كېسەللىك ۋاقتى، بىمارنىڭ كۈچى، قۇۋۋىتى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كېسەللەرگە بېرىلىدىغان ئوزۇقلۇقلار پەقەت ئوزۇقلۇق رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى كېسەللىك كەيپىياتىغا قارىمۇ قارشى دورىلىق رولىمۇ بولۇشى لازىم.

ئوزۇقلۇقلارنى كۆپەيتىش سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ دەسلىپىدە قۇۋۋە- تىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتلىرىدە بېرىلىدۇ. گۆش شورپىلىرىنىڭ سىڭىشى تېز بولىدۇ. ئەگەر ئوزۇقلۇقلاردا چەكلىمە بولسا بىمارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە ماسلاشقان، يەنى ساغلام ۋاقتىدىكى ئەهۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: بىمار ساغلام ۋاقتىدا زەبىبنى بەك كۆپ ئىچىدىغان كىشى بولسا، ئاز مىقداردا زەبىب ئىچكۈزۈش لازىم. بەزىلەر تاماقنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ ئادەتلەنگەن، بەزىلەر نورمال ئادەتلەنگەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ خىل ئەهۋالىغا رىئايە قىلىپ تەدبىر قوللىنىش لازىم.

يىغىنچاقلىغاندا، كېسەللىكلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، ئۆرپ - ئادىتى، مىزاجى، ئەخلاقى، كېسەللىك تۈرى، جىنسى، كېسەللىك دەرىجىسى، كېسەللىك ئالامەتلىرى، كېسەللىك ۋاقتى، مۇددىتى، كېسەللىك قوزغىلىشى، بەدەندىكى بىئاراملىق ئەهۋالى، بەدەن قۇرۇلمىسى، غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقى، بىمارنىڭ يېشى، ئولتۇراقلاشقان ئورنى، هازىرقى ئەهۋالى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل دورا بىلەن داۋالاش:

دورا بىلەن داۋالاش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئومۇمىي بەدەنلىك داۋالاش، مەسىلەن: كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش، يەنە بىرى، كېسەللەنگەن مەخسۇس ئەزانى سۇۋالما، زىمات، نۇتۇل قاتارلىقلار ئارقىلىق مەخسۇس ئەزالاردىكى كېسەللىك ماددىلىرى- نى چەكلەشتىن ئىبارەت.

دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشتا بەزىدە ئىچكى تەرەپتىن، ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاق قاتارلىقلار ئارقىلىق دورا ئىستېمال قىلدۇرۇش ماددىنى تازىلاش، مىزاجنى تەڭشەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

دورىلار بەزىدە سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: زىماتلار، مەلھەملەر، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، دورا سۈيى بىلەن مەخسۇس ئەزانى يۇيۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دورا ئىشلىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، يەرلىك ئورۇندىكى ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يېگۈزۈش ياكى گۆش ئۆستۇرۇش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللىكلەرنى دورا بىلەن داۋالاشتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

كېسەللىك تۈرى، سەۋەبى، بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى، تەبىئىي مىزاجى ۋە ئۆزگەرگەن مىزاجى، يېشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، پەسىل، ئولتۇراقلاشقان رايونى، هازىرقى ئەھۋالى، هۈنەر ـ كەسپى قاتارلىقلار.

1. كېسەللىك تۈرى: يەنى كېسەللىك ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ، قۇرۇقلۇقتىنمۇ، هۆللۈكتىنمۇ، مۇرەككەپمۇ، ئاددىيمۇ، ماددىلىقمۇ، ماددىسىزمۇ دېگەنلەرنى ئوبدان ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ قارىمۇقارشى تۈرىدىكى دورىلارنى تاللاپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

2. كېسەللىك سەۋەبى: يەنى كېسەللىك سەۋەبىنىڭ جىسمانىي سەۋەب ياكى روھىي سەۋەب، ئۆتمۈش سەۋەب ياكى تاشقى سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەۋەبكە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر كېسەللىك جىسمانىي بولۇپ، ماددىسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، تەڭشەش، ئەگەر ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا ماددىنى تازىلاش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك روھىي جەھەتتىن، مەسىلەن: غەم ـ قايغۇ، غەزەپ ـ نەپرەت ياكى ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇلارنى يوقىتىش، باش، مېڭە، ئومۇمىي بەدەن، يۈرەك قاتارلىقلارغا قارىتا يەڭگىل تاماقلارنى بېرىش، خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى پۇرىتىش، مۇۋاپىق ئۇخلىتىش ۋە مۇنچىغا چۈشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر تاشقى سەۋەبتىن بولسا، يەنى ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېيىش ياكى ئىسسىق كەيپىياتلىق مۇھىتتا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان سەۋەبلەردىن بولسا، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە ئۇلارغا قارىتا قارىمۇ قارشى داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى هاۋاغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىسسىق ياكى سوغۇق هاۋا تەسىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئۇلارغا قارىتا قارىمۇ قارشى داۋالاش

ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك زەھەر ئىچىش ياكى زەھەرلىك ھاشارات، ھايۋانلار چىقىۋالغاندىن بولغان بولسا، ئۇلارغا قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ توغرىسىدا كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئۇرۇلۇش ياكى يىقىلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئۇلارغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قوللىنىش لازىم.

3. بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى: ئەگەر بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسا، قائىدە بويىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىش، ئەگەر بىمارنىڭ كۈچى ئاجىز بولسا، يەڭگىل تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. مىزاجنى مىزاجىغا قارىمۇقارشى كەيپىياتتىكى، دورا ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق تەڭشەش، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈكرەك تازىلاش ئېلىپ بېرىش، كۈچلۈك ۋە ئاجىز دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشتا، بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئەھۋالىغا قاراش كېرەك. ئاجىزلىق دېگەندە ھەقىقىي ئاجىزلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەقىقىي ئاجىزلىق دېگىنىمىز، بىمارنىڭ كۈچسىز بولۇشى، كۆپ ھوشىدىن كېتىشى قاتارلىقلاردۇر. ئەكسىچە كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىت كۆپەيگەندە، يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئەگەشمە ئاجىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ماددىنى تازىلاش، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش ئارقىلىق كۈچلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقتا ئوتتۇراھال بولسا ئوتتۇراھال تازىلاش لازىم.

4. بىمارنىڭ مىزاجى: مىزاجنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىش كېرەك. ئەگەر مىزاج ئۆزگىرىش تەبىئىي مىزاجىدىن چەتنىگەن بولسا، ئۇنىڭغا مىقدار ۋە كەيپىيات جەھەتتە مۇۋاپىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر ئەسلىي مىزاجى ئىسسىق بولۇپ، كېسەللىكمۇ ئىسسىقتىن بولغان بولسا، بۇ ئەھۋال مىزاجىدىكى ئاجىزلىقتىن بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ مىقداردىكى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا كېسەللىكتە ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولۇپ، كېسەللىك سوغۇقتىن بولغان بولسا، كېسەللىك سەۋەبى كۈچلۈك بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك ئىسسىقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆپ مىقداردىكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىي مىزاجنى نورمال تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5. بىمارنىڭ يېشى: ئەگەر بىمار بوۋاق ياكى ياشانغانلار بولسا كۈچلۈك سۈرگىلەرنى بەرمەسلىك لازىم. ئەگەر ئىسسىق كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا بەك سوغۇق دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن: كاپۇر قاتارلىقلارنى كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىز مىزاجدىكى كىشىلەر كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، كۈچلۈك بولغان سوغۇقلۇق

تەدبىرلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە تەدبىر قوللىنىش لازىم. ياشلار بولسا، ياشانغانلار، بوۋاقلار ۋە بالىلارغا قارىغاندا سۇرگە ۋە كۈچلۈك دورىلارنى كۆتۈرەلەيدۇ.

6. بىمارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى: بۇنىڭدا بىمارنىڭ قان ئالدۇرۇش، سۇرگە ئىچىش، قەي قىلدۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ ئادەتلەنگەنلىكى ياكى ئادەتلەنمىگەنلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش لازىم. بۇنىڭ سەۋەبى تەبىئەتنى يۇمشىتىش، سۇرگە، قەي قىلدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر مۇۋاپىق كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت.

7. بىمار ئولتۇراقلاشقان رايون: ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇقلۇقى، جايلاشقان ئورنى، تەبىئىتى، تاغلىق رايونمۇ ياكى دېڭىز ياقىسىمۇ قاتارلىقلارغا دىققەت قىلغان ئاساستا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى مۆتىدىل كىلىماتتىكى جايلار جەنۇب تەرەپتە تاغ، شىمال تەرەپتە تاتلىق سۇلۇق دەريا بولسا، بۇنداق شەھەر كىلىمات جەھەتتە مۆتىدىل ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەللىك سەۋەبى ئاجىز بولسا ئۇنى داۋالاش تەدبىرلىرى يېنىك بولىدۇ. ئەگەر ئولتۇراق رايون ئىسسىق بولسا ۋە كېسەللىك سەۋەبىمۇ ئىسسىقتىن بولسا، بۇنىڭغا قوللىنىلىدىغان تەدبىر مۆتىدىل رايونلاردا يۈز بەرگەن كېسەللىكلەرگە قوللانغان تەدبىرلەردىن تۆۋەنرەك بولۇشى لازىم.

ئەگەر شەھەر ناھايىتى ئىسسىق بولسا كۈچلۈك سۇرگە، قان ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئاز قوللىنىش، قان ئېلىش مەقسىتىدە لوڭقا قويۇش كېرەك ھەمدە بەك سوغۇق شەھەرلەردە كۈچلۈك سۇرگە ۋە كۈچلۈك قەي قىلدۇرغۇچى تەدبىرلەردىن ئېھتىيات بىلەن قىلىش، قان ئېلىشقىمۇ ئالدىرىماسلىق لازىم. ئەگەر قان ئېلىش زۆرۈر بولسا لوڭقا قويۇش كۇپايىدۇر.

بارلىق ئىسسىق شەھەر ۋە ئىسسىق پەسىللەرنىڭ شۇنداقلا بارلىق سوغۇق شەھەر ۋە سوغۇق پەسىللەرنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش.

شۇنى بىلىش لازىمكى، بەزى شەھەرلەردە بەزى دورىلار ئۆز خۇسۇسىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. بەزىدە جارى قىلدۇرالمايدۇ، يەنە بەزىدە جارى قىلدۇرالماي ئۆز خۇسۇسىيىتىنى تامامەن يوقىتىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق ئەھۋاللارنى تېۋىپ ئېسىدە ياخشى ساقلىشى كېرەك.

8. كېسەللەنگەن ۋاقىتتىكى پەسىل: ھازىرقى پەسىلگە دىققەت قىلىش. ھازىرقى پەسىل داۋالاش تەدبىرى قوللىنىشقا مۇۋاپىق كېلەمدۇ، قانداق تەدبىر قوللىنىش لازىم دېگەنلەرنى بىلىش لازىم.

9. كېسەللىك دەرىجىسى: بىمارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش، بىمارنىڭ

نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ دورا تاللاش كېرەك. چۈنكى كېسەللىك دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە بىمارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن دورىنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

يەنە ھاۋانىڭ كىلىماتىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئىسسىق ھاۋادا تارقىتىش، پىشۇرۇش، سۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندا پايدىلىق، قايتۇرغۇچى، تۇتقۇچى دورىلارنى قوللىنىش زىيانلىق.

ئەگەر كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان بولسا ئۇنى ئىسسىق ھاۋا كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن بولغان بولسا ئۇنى سوغۇق ھاۋا كۈچەيتىۋېتىدۇ. دېمەك، ھاۋا كىلىماتى ۋە ھەرقايسى پەسىللەرگە قاراپ، شۇ پەسىلدە يۈز بەرگەن كېسەللىكلەرگە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

10. بىمارنىڭ كەسپى: ھەرقانداق ھۈنەر - كەسىپنىڭ ئۆزىگە لايىق جاپا - مۇشەققىتى ۋە بەدەننى خورىتىش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. كەسپى جەھەتتە ئۇتقا يېقىن تۇرغان سەۋەبلەردىن سەپرا ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان نۇرغۇن كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاشلا كەسىپلەرنىڭ ئۆزىگە لايىق ئارام - راھەتلىرى بولىدۇ. ئۇ ئارقىلىق بەدەندە توشۇپ قېلىش (ئىمتىلا) كۆرۈلىدۇ. كەسپى جەھەتتە سۇغا يېقىن يۈرگەن سەۋەبلەردىن بەلغەم ۋە قان خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەرگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

قەدىمكى تېۋىپلارنىڭ بەزىسى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن 10 تۈرلۈك ئىشتىن باشقا دورا بىلەن داۋالاشتا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىشنى نەزەردە تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان:

بىرى، كېسەللىك ماھىيىتىنى تونۇش؛ يەنە بىرى، كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ئورنىنى تونۇش. بۇلارنى تونۇش ئىشلىتىلىدىغان دورىنى مۇۋاپىق تاللاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى بەزى دورىلار بىر قىسىم ئەزاغا تولۇق تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، يەنە بىر قىسىم ئەزالارغا تولۇق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مەسىلەن: سەبرە، ئايارەج قاتارلىقلار باش ۋە ئاشقازانغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇندۇز قەھرى دوۋساق ۋە بۆرەككە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما باشقا دورىلار ئۇنچىلىك ياخشى تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

ئىبنىسىنا: «ئەلقانۇن فىتتىب»تا دورا بىلەن داۋالاشنىڭ مۇنداق تۆت خىل قانۇنىيىتى بار دەپ كۆرسەتكەن:

بىرىنچى قانۇنىيەت دورىنىڭ كەيپىياتىنى تاللاش: ئالدى بىلەن كېسەللىككە ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇق قاتارلىق جەھەتتە قارىمۇقارشى كەيپىياتتىكى دورىلارنى تاللاش.

ئىككىنچى قانۇنىيەت كېسەللىك تۈرىگە قاراپ تارقىتىش، سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش

قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە دورىلارنى تاللاش: كېسەللىكنىڭ كەيپىياتىنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قارىمۇ قارشى كەيپىياتتىكى دورىلارنى تاللاپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: سەپراۋى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇپ بولغان تەپ ئاشقازان مەنبەلىك بولۇپ، ئاشقازاندا هارارەت پەيدا قىلغان بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قائىدىلەر بويىچە سوغۇق كەيپىياتتىكى سەپرانى يۇقاتقۇچى، ئاشقازاننى تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئاساسلىقى قارىمۇ قارشى كەيپىيات ئارقىلىق داۋالاش زۆرۈردۇر. بۇ قائىدىگە بارلىق تېۋىپلار قوشۇلىدۇ ۋە ئەمەلىي تەجرىبە ـ نەزەرىيىلەر بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەدەندىكى ھەرقانداق كەيپىياتتا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە شۇنىڭغا ماس هالدا ئەزالاردىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

تەجرىبە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، هارارەت سوغۇقلۇقنى، سوغۇقلۇق هارارەتنى تىزگىنلەيدۇ. كېسەللىكنى داۋالاشتىمۇ يۇقىرىقىغا ئاساسەن قارىمۇقارشى تەدبىرلەر ئارقىلىق كېسەللىكنى يوقاتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەلنىڭ ئۆزى ئىسسىق مىزاجلىق بولسا، يەنە كېلىپ مىزاجمۇ ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا، مەلۇم دەرىجىدە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ ۋە ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇق ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا زىددىيەت بار بولۇپ، ئۇنى تىزگىنلەشتە تىزگىنلىگۈچىنىڭ كەيپىياتى تىزگىنلەنگۈچىنىڭ كەيپىياتىغا ماس بولۇشى لازىم.

مەسىلەن: ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەردە ئالامەتلەر ئېغىر بولسا، تىزگىنلىگۈچى دورىلارنىڭمۇ كۈچلۈك دەرىجىدە سوغۇقلۇق بولۇشى لازىمدۇر.

ئەگەر يۈز بەرگەن ئالامەتلەردە سوغۇقلۇقنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولسا، يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر ھەر ئىككى خىلدىكى كەيپىيات تۆۋەن بولسا، دورىلاردىنمۇ تۆۋەن كەيپىياتتىكى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئۈچىنچى قانۇنىيەت دورا ئىشلىتىش ۋاقتىنى بەلگىلەش: دورا ئىشلىتىش ۋاقتىنى بىلىشنىڭ مۇھىملىقى بولسا، بىرخىل دورا بەزى ۋاقىتتا بىر كىشىگە پايدا قىلسا، بەزى ۋاقىتتا شۇ كىشىگە زىيان قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلار ئىسسىقتىن بولغان ئىششىققا دەسلەپىدە پايدىلىق، كېيىنكى باسقۇچلىرىدا زىيانلىق بولۇپ قالىدۇ.

دورا ئىشلىتىش ۋاقتىنى بىلىشتە كېسەللىكنىڭ ۋاقتى، شۇ يىلدىكى پەسلى، بۇرۇنقى داۋالاش تەدبىرلىرى، بەزى دورىلارنى بەزى دورىلاردىن بۇرۇن ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزىدە مەخسۇس كېسەللىكلەرگە مەخسۇس ۋاقىت تاللاپ دورا ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن: سۈرگە دورىلىرىنى باهار ۋە كۈز پەسىللىرىدە ئىشلىتىش ياخشى. ياز ۋە قىش

پەسىللىرىدە ئىشلەتمەسلىك لازىم. ياشانغانلار ئۈچۈن بەزى دورىلارنىڭ ئىشلىتىش ۋاقتىنى بىلىش بەك مۇھىم.

كېسەللىك ۋاقتىغا قاراپ دورا ئىشلىتىش تەرتىپى بولسا، كېسەللىك ۋاقتى قايسى ۋاقىت يەنى باشلىنىش ۋاقتىمۇ، ئوتتۇرا ۋاقتىمۇ ياكى ئاخىرقى ۋاقتىمۇ بۇلارنى ئېنىقلاش لازىم، ئاندىن ئۇلارغا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى بولسا، پەقەتلا ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك. ئاخىرقى باسقۇچى بولسا تارقاتقۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك. ئەگەر ئىككى ۋاقىت ئوتتۇرىسىدا بولسا، بۇ ئىككى خىلدىكى دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك.

بەزى كېسەللىكلەرنىڭ دورا ئىشلىتىش ۋاقىتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ئوبدان تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر تەپ دەسلەپكى باسقۇچتا بولسا، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، تەپنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى تەدبىر قوللىنىش لازىم. مەسىلەن: ئۈچ خىل ھېلىلە قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇلارنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى.

تۆتىنچى قانۇنىيەت دورىلارنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش: دورىلارنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن مىقدارىنى بەلگىلەش. مەسىلەن: ئاشقازاننى قىزىتىش مەقسىتىدە مۇكەممەل بولغان بىر شەربەت تەييارلاشقا توغرا كەلسە، ئاشقازاننى قىزىتىش مەقسىتىدە قەلەمپۇر ئۈچ گىرام، سۇرۇش مەقسىتىدە تۇربۇت ئىككى گىرام، غارىقۇن تۆت گىرام، ئاچچىقتاۋۇز ئۈچ گىرام قىلىپ بەلگىلەش لازىم.

2. دورىلار ۋە كېسەللىكلەرنىڭ كەيپىيات دەرىجىسىگە ئاساسەن دورىنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش. مەسىلەن: كېسەللىك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇش دەرىجىسىگە قاراپ ئۇنىڭغا قارىمۇ قارشى دورىنىڭ كەيپىيات دەرىجىسىنى بەلگىلەش. يەنى كېسەللىك قانچىنچى دەرىجىدىكى دورىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا ماس دەرىجىدىكى دورىنى بەلگىلەش لازىم.

دورىلارنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش: يەنى مىقدارى، كەيپىيات دەرىجىسى، بىمارنىڭ كەسپى، ھەرىكەت سۈرئىتى، يەنى ئەقلىي ئەمگەك قاتارلىقلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئېنىقلاش لازىم:

1) كېسەللىك دەرىجىسى بۇ بەزىدە كېسەللىك ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: كېسەللىكنىڭ بوھرانغا يېقىن ياكى يېقىن ئەمەسلىكىگە قاراپ دورا بەلگىلەش، ئەگەر كېسەل ئاجىز بولسا، شەكسىزكى، ئاجىزراق بولغان دورىلار كۆپايىدۇر. ئەگەر ئېغىر بولسا، چوقۇم كۈچلۈكرەك بولغان دورىلارنى قوللىنىش زۆرۈر.

كېسەللىك يېنىك بولسا، بىئاراملىق ئاز، ئالامەتلىرى يەڭگىل بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئېغىر بولسا، ئالامەتلىرى ئېغىر، بىئاراملىق كۆپ بولىدۇ. بۇلار ئارقىلىق كېسەلنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

2) ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغان ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك بولىدۇ. يەنى جىنسى، يېشى، ئۆرپ - ئادىتى، پەسىل، كەسپى، كۈچ - قۇۋۋىتى، ھاۋا كىلىماتى، ئۆتمۈش تارىخى، سەۋەبى، ئولتۇراقلاشقان ئورنى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ دورىنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش كېرەك.

3) كېسەللەنگەن ئەزانىڭ تەبىئىتىگە قاراش. ئەگەر كېسەللىك بىرەر ئەزاغا خاس كېسەللىك بولسىمۇ، يەنىلا بەدەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. كېسەللەنگەن ئەزانىڭ تەبىئىتىگە قاراشتا مۇنداق نۇقتىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەزانىڭ مىزاجى، ئەزانىڭ قۇرۇلمىسى، ئەزانىڭ شەكلى، ئەزانىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىقلار.

(1) ئەزانىڭ مىزاجىنى بىلىش: ئەزانىڭ مىزاجىنى بىلىشتە شۇ ئەزانىڭ تەبىئىي مىزاجى بىلەن كېسەللەنگەن ۋاقىتىدىكى مىزاجىنى بىلىش ئاساستۇر. ئەگەر ئەزانىڭ كېسەللەنگەن مىزاجى ئەسلىي مىزاجىدىن قانچە قارشى مىزاجقا ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەرمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولۇشى لازىم. مەسىلەن: ئەزانىڭ ساغلام ۋاقتىدىكى مىزاجى يەنى تەبىئىي مىزاجى سوغۇق بولۇپ، كېسەللىك ئىسسىقتىن پەيدا بولسا، ئەسلىي مىزاجىدىن قارشى مىزاجقا ئۆزگەرگەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا كۈچلۈك سوغۇقلۇق تەدبىرلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر. ئەگەر ئەزانىڭ ئەسلىي مىزاجى ئىسسىق بولۇپ، كېسەللەنگەن مىزاجىمۇ ئىسسىق بولسا، داۋالاشتا تۆۋەنرەك سوغۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش كۇپايە قىلىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئەزادا يۈز بەرگەن كېسەللىك شۇ ئەزانىڭ ئەسلىي مىزاجىنىڭ ئەكسىچە مىزاجىدىكى كېسەللىك بولسا، داۋالاشتا كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش لازىم.

(2) ئەزانىڭ قۇرۇلمىسىنى بىلىش: ئوخشىمىغان ئەزالارنىڭ شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن دورىلارنىڭ مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ئەزالارنىڭ شەكلى، كاناللىرى، بوشلۇقلىرى، تۈرۈش ھالىتى، ئەزالارنىڭ يۈزىدىكى سېزىمى، يىرىك ياكى سىلىقلىقى قاتارلىقلارنى ياخشى ئىگىلەش ۋە بۇلارغا ئاساسەن دورا تەڭشەپ ئىشلىتىش لازىم. چۈنكى بەزى ئەزالارنىڭ ئەسلىي قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئىچكى بوشلۇقلىرىدىكى توقۇلمىلىرى شالاڭ ۋە كەڭرى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆپكىنىڭ ئىچكى تەرىپى كاۋاك بولۇپ، كاناي ۋە شاخ كاناي ھەم تومۇر قاتارلىقلار مول بولىدۇ. سىرتقى تەرەپتىن بولسا كۆكرەك بوشلۇقىغا جايلاشقان بولغاچقا دورىلار ئاسان تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بەزى ئەزالارنىڭ ئەسلىي قۇرۇلمىسى زىچ بولۇپ، ئۆتۈشمە يوللىرى راۋان بولمايدۇ. بۇنداق ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا كۈچلۈك دورا ئىشلىتىش لازىم.

(3) ئەزالارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلىش: جايلاشقان ئورنىنىڭ خىزمىتىنى ياكى ئۇنىڭ باشقا ئەزالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىش. بەزىدە ئەزالارنىڭ جايلاشقان ئورنى دورا ئۆتىدىغان كانال ئەزالارغا يېقىن بولىدۇ، مەسىلەن: ئاشقازان. بەزىدە يىراق بولىدۇ، مەسىلەن: بۆرەك. بەزىدە ئوتتۇراھال بولىدۇ، مەسىلەن: جىگەر قاتارلىقلار. يۇقىرىقىگە ئوخشاش ئەزالارنىڭ ۋە دورىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

(4) ئەزالارنىڭ شەكلىنى بىلىش: ئەزالارنىڭ جايلاشقان ئورنى، باشقا ئەزالار بىلەن بولغان قوشنىدارلىقى، يىراق ۋە يېقىنلىقىنى بىلىشتىكى مەقسەت، كېسەللىك ماددىسىنى كېسەللىك ئورنىدىن قايتۇرۇش ۋە چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: ئەگەر كېسەللىك ماددىسى جىگەر ئۈستى قىسمىدا بولسا، سۈيدۈك يولى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى جىگەرنىڭ ئۈستى قىسمى سۈيدۈك چىقىرىش ئەزالىرىغا يېقىندۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئۈچەي ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. چۈنكى جىگەر تېگى ئۈچەيگە يېقىندۇر. بۇ ئەزالارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلىشنىڭ پايدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(5) ئەزالارنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىنى بىلىش: ئەگەر دورا ئىشلەتمەكچى بولغان ئەزا ئاشقازانغا ئوخشاش دورا ئۆتىدىغان كانال ئەزالارغا يېقىن بولسا، تۆۋەن تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش يېتەرلىكتۇر. يەنى قۇۋۋەت جەھەتتە كېسەللىككە مۇۋاپىق بولغان ئارتۇقمۇ بولمىغان، كەممۇ بولمىغان دورىلارنى ئىشلىتىش.

ئەگەر بۇ ئەزا دورا ئۆتكۈزگۈچى كانال ئەزالارغا يىراق بولغان ئەزالار بولسا، كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىش لازىم.

مەسىلەن: بۆرەك، سۆڭەك قاتارلىق ئەزالار ئۈچۈن دورا ئىشلەتكەندە، مىقدار جەھەتتىن كۆپرەك، قۇۋۋەت جەھەتتىن كۈچلۈكرەك بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش زۆرۈر. ئۇنداق قىلمىغاندا دورىلارنىڭ قۇۋۋىتى مەقسەت قىلىنغان ئەزاغا يېتىپ بارغۇچە يوقىلىپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەزالارغا تەسىر قىلغۇچى دورىلارنى كۈچلۈكرەك ئىشلىتىش مۇھىمدۇر.

ئەگەر كېسەللىك ئورنى دورا ئوتۇش يوللىرىدىن يىراق بولسا، دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى كېسەللىك ئورنىغا يەتكۈزگۈچى دورىلارنى قوشۇپ بېرىش لازىم. مەسىلەن: ئولتۇرغۇچى نېرۋا ئاغرىقى كېسەللىكىدە. شۇ ئەزاغا ئىشلەتمەكچى بولغان دورىلارغا دورىلارنىڭ يېتىپ بېرىش سۈرئىتىنى ئاشۇرغۇچى دورىلارنىمۇ قوشۇپ ئىشلىتىش، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىگە دورا ئىشلەتكەندە، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى قوشۇپ ئىشلىتىش، يۈرەككە دورا ئىشلەتكەندە، زەپەر قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم. بىر خىل دورىنى مەخسۇس بىر ئەزاغا ماسلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

بەزىدە دورىلارنىڭ بىر ئەزاغا پايدىلىق، يەنە بىر ئەزاغا زىيانلىق تەسىرى كۆرۈلۈپ،

مەلۇم دەرىجىدە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى مۇنداق: دورا ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن كانال ئەزالاردىن ئۆتۈپ مەيلى كېسەللەنگەن ئەزاغا بولسۇن، مەيلى كېسەللەنمىگەن ئەزاغا بولسۇن ئوخشاشلا قوشنا ئەزالارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭغا يانداپ، ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقاتقۇچى دورىلارنى قوشۇش لازىم. مەسىلەن: قۇرسى كاپۇرغا زەپەر قوشۇپ ئىشلەتكەندە، كاپۇرنىڭ زىيادە سوغۇقلۇقىنى زەپەر تۈزىتىدۇ. زەپەر ئىشلەتكەندە قۇرسى كاپۇر قوشۇپ ئىشلەتسە زەپەرنىڭ يۈرەككە بولغان يۇقىرى ھارارىتىنى كاپۇر تۈزەيدۇ.

دورىلارنىڭ يېتىپ بېرىش جەريانىنى ۋە ئورنىنى ئېگىلەش لازىم. ئەگەر ئۈچەينىڭ ئاستى تەرىپىدە يارا بولسا، ئۇنىڭغا دورا ئىشلىتىش ئۈچۈن كلىزما قىلىش ياخشى، ئەگەر يارا ئۈچەينىڭ ئۈستى تەرەپتە بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىزدىن دورا ئىستېمال قىلدۇرۇش ياخشىدۇر. چۈنكى دورىنى ئەڭ يېقىن يوللار ئارقىلىق كىرگۈزۈش كېرەك.

شۇنى بىلىش لازىمكى، بەزى ئەزالار ئېغىز ئارقىلىق دورىلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىغا يىراق، مەسىلەن: دوۋساق زەكەرنىڭ تۆشۈكى ۋە بالىياتقۇ قاتارلىقلارغا سىرتتىن دورا ئىشلىتىش ناھايىتى ئىتتىك ۋە ياخشى تەسىرگە ئىگە. بەزى ئەزالارنىڭ دورا ئۆتۈش يوللىرى بىر بولۇپ، دورا ئۆتۈش يوللىرىغا دورا ئۆتۈش ئورۇنلىرى يېقىن بولىدۇ. بەزى يىراق بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆپكىدە كېسەللىك يۈز بەرسە، بەزىدە ئۆپكە كانايچىلىرىدا يۈز بېرىدۇ. بەزىدە يىراق بولغان ئۆپكە ئاستى تەرەپلىرىدە يۈز بېرىدۇ. بەزى ئەزالار دورا ئۆتۈش يوللىرى بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ ۋە شۇ ئەزالاردا كېسەللىك يۈز بەرسە، ئىستېمال قىلغان دورىلارنى شۇ ئەزادا ئۇزاق مۇددەت تۇرغۇزۇش مەقسىتىدە ھەب شەكلىدىكى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. ئۆپكە ۋە شاخچە كاناي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن لۇئوق دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى لۇئوق دورىلار قىزىلئۆڭگەچكە چاپلىشىپ ئۇزۇنراق تۇرۇپ، ئۆپكە ۋە شاخچە كانايغا دورىلارنىڭ تەسىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇ مەقسەتتە يۆتەلگە دورا ئىشلەتكەندىمۇ لۇئوق دورا ئىشلىتىش ياخشى.

شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەللەنگەن ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئەزالارنىڭ ئورنىنىمۇ بىلىش مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇ ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنىڭ شۇ ئەزادىن قوشنا ئەزاغا كۆپلەپ يۆتكەلگەنلىكى ياكى داۋاملىق يۆتكىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ھازىرمۇ يۆتكىلىۋاتقان بولسا، ئۇنى يۆتكىلىشتىن توختىتىش، ئەگەر يۆتكىلىپ بولغان بولسا، ئۇنى تارتىپ سۈمۈرۈپ چىقىرىش لازىم. مەسىلەن: لوڭقا قويۇش، قان ئېلىش، پاچاقنى باغلاش ۋە مۇۋاپىق كېلىدىغان دورا ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ماددىنى قارشى تەرەپكە تارتىش، مەسىلەن: ئوڭدا بولسا سولغا، ئارقىدا بولسا ئالدىغا، ئاستىدا بولسا ئۈستىگە، ئۈستىدە بولسا ئاستىغا، تارتىش

مەقستىدە كۆزدە بولسا گەدىنىنىڭ كاتىكىگە لوڭقا قويۇش ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

يەنە ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ھەيز بوغۇلغان بولسا ئەمچەككە لوڭقا قويۇش لازىم. چۈنكى بالىياتقۇ بىلەن ئەمچەك ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بولىدۇ. ئۇدۇل بولغانلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ قان ئېلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: جىگەر كېسەللىكىدە ئوڭ تەرەپ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، تال كېسەللىكىدە سول تەرەپ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك.

كېسەللىك ماددىسى توپلىشىۋالغان ئەزا بىلەن كېسەللىك ماددىسىنى شوراشقا قاتناشىدىغان ماددىنى، ئەزانىڭ يېقىن ياكى يىراقلىقىنى تەخمىنىي ئىگىلەش، ئەگەر كېسەللىك ماددىسىنى شورىغۇچى ئەزا بىلەن شورالغۇچى ئەزانىڭ ئارىلىقى يېقىن بولسا كېسەللىك ماددىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش يېتەرلىكتۇر.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى بىرەر ئەزاغا يۆتكەلگەن بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى شۇ ئەزانىڭ ئۆزىدىن چىقىرىپ تاشلاش ياكى ئەزاغا شېرىك بولغان يوللاردىن كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. مەسىلەن: بادامسىمانبەز ياللۇغىدا تىل ئاستى تومۇرىدىن قان ئېلىش بالىياتقۇ كېسەللىكىدە ساپىن تومۇرىدىن قان ئېلىش لازىم.

شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەللىك ماددىسىنىڭ بىرەر ئەزاغا يۆتكىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، كېسەللىك ماددىسى شۇ ئەزاغا ئورۇنلىشىۋالغان بولسا، ماددىنىڭ شۇ ئەزادىن يۆتكىلىشى قىيىندۇر. ئەڭ ياخشىسى، كېسەللىك ماددىسىنى شۇ ئەزادىن باشقا ئەزاغا تارتماستىن، شۇ ئەزانىڭ ئۆزىدىن چىقىرىپ تاشلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

كېسەللىك ماددىسىنى قارشى تەرەپكە تارتىشتا تۆۋەندىكى شەرتكە رىئايە قىلىش لازىم:

1. كېسەللىك ماددىسىنى قارشى تەرەپكە تارتماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن كېسەللىك ماددىسى تارتىلماقچى بولغان ئەزادىكى ئاغرىقنى توختىتىش لازىم ۋە ماددىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى ئازلىتىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ماددا يەنە بىر ئەزاغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىمۇ ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى قارشى تەرەپكە تارتىش پايدىلىق بولماستىن، ئەكسىچە زىيىنى كۆرۈلىدۇ.

2. كېسەللىك ماددىسىنى قارشى تەرەپكە تارتىشتا رەئىس ئەزالار تەرەپكە تارتماسلىق. چۈنكى رەئىس ئەزالارغا يېقىن يولىسا ئەزالارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: جىگەرنىڭ ماددىلىرىنى ئۈچەي ئارقىلىق سۈرۈپ چىقىرىش لازىم.

3. كېسەللىك ماددىسىنى سۈمۈرگۈچى ئەزا چىداملىق، كۈچلۈك بولۇپ، كېسەللىك ماددىلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سەزگۈرلۈكى، چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولۇشى لازىم.

4. بەدەندە كېسەللىك ماددىسى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇپ كەتمىگەن بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولغاندا كېسەللىك ماددىسىنى سۈمۈرگەن ئەزادا ماددا كۆپ توپلىنىپ

قېلىپ، ئۇنى تارقىتىش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. سۇمۇرۇش ۋە تازىلاشنى بىرگە ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. تازىلاپ بولغاندىن كېيىن سۇمۇرسە زىيان يوق.

5. كېسەللىك ماددىسىنى سۇمۇرگۈچى ئەزا ئۆزىدىكى ماددىلارنى ئىتتىرىپ چىقىرىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

6. ئەگەر كېسەللىك ماددىسىنى ئەزالارنىڭ تەبىئىي ھالدا ئىتتىرىپ چىقىرىش ئىقتىدارى يوق ياكى تۆۋەن بولسا، ئۇنىڭدىن قان ئېلىش ياكى سۈرگە قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

ئەگەر دورا ئىشلەتكەن ئەزا سەزگۈرلۈكى يۇقىرى نېرۋىلىق ئەزالار بولسا كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىش زىيانلىق. چۈنكى بۇنداق دورىلار بەدەندىكى تەبىئىي روھنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر دورا ئىشلەتكەن ئەزا خادىمىي ئەزا بولسا زىيىنى بولىدۇ. رەئىس ئەزا بولسا زىيىنى ھەممىدىن بەك يۇقىرى بولىدۇ.

ئەگەر رەئىس ئەزا ياكى خادىمىي ئەزا بولسا ئىمكانقەدەر كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۇلار بەدەندىكى رەئىس خادىمىي قۇۋۋەتلەرنىڭ مەركىزىي ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەن زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن جىگەر، مېڭە قاتارلىق ئەزالارنى تازىلىماقچى بولغاندا، بىراقلا بىر قېتىمدىلا تازىلاش ئېلىپ بارماسلىق لازىم. ئۇنداق قىلغاندا بىمارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەدەندىكى ساپ بولغان ماددىلارنىمۇ چىقىرىپ تاشلاپ، روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. يۈرەكنى تازىلاشتىمۇ يۇقىرىقى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش لازىم. شۇنداقلا بەدەندىكى تەبىئىي ھارارەتنى پەسەيتكۈچى كۈچلۈك دورىلارنى كۆپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۇ قائىدىلەرگە ئومۇمىي ئەزالارنى تازىلاشتا رىئايە قىلىش، بولۇپمۇ رەئىس ئەزالارنى تازىلاشتا تېخىمۇ رىئايە قىلىش، جىگەرگە تارقاتقۇچى دورىلارنى زىمات قىلغاندا خۇش پۇراقلىق قابىز دورىلار بىلەن قوشۇپ زىمات قىلىش كېرەك. چۈنكى قابىز دورىلار تارقاتقۇچى دورىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق قۇۋۋەت ۋە روھلارنى تارقىتىشىنى ساقلاپ قالىدۇ. خۇش پۇراقلىقى ئارقىلىق مىزاجىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

جىگەرگە دورا ئىشلەتكەندە، ئۇ دورىنىڭ يۈرەك ۋە مېڭىگە بولىدىغان زىيانلىق تەسىرىنىمۇ ئويلىنىش لازىم. دورا ئىشلەتمەكچى بولغان ئەزاغا شېرىك بولغان ئەزالارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنىمۇ نەزەردە تۇتۇش ۋە دىققەت قىلىش.

ئەگەر دورا ئىشلەتمەكچى بولغان ئەزا ئومۇمىي بەدەندىكى ئەزالار بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان ئاشقازان، ئۆپكە، دىئافراگما قاتارلىقلار، گەرچە ئۇلار رەئىس ئەزالار بولمىسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئويلىشىش مۇھىم. مەسىلەن: تەپ كېسەللىكلىرىدە ئاشقازان ئاجىز بولسا، مۇز سۈيى ياكى بەك سوغۇق سۇلارنى بەرمەسلىك لازىم. چۈنكى ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇڭا، رەئىس ئەزالار ۋە رەئىس ئەزالار

بىلەن شېرىكچىلىكى بولغان ئەزالار ئۈچۈن بوشاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئايرىم هالدا ئىشلەتـ-
مەسلىك. چۈنكى، ئۇنىڭ تەسىرى ماددىلار ئارقىلىق رەئىس ئەزالارغا يېتىپ كېلىپ،
ئەزالارنىڭ گەۋدىسىنى بوشاشتۇرىدۇ ۋە ئەزالاردىكى روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنى بوشاشتۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈلىدۇ.

دورا ئىشلەتمەكچى بولغان ئەزانىڭ سەزگۈرلۈكىگە، نېرۋىلار كۆپ ياكى كۆپ ئەمەسـ-
لىكىگە دىققەت قىلىش.

ئەگەر ئۇ ئەزا سەزگۈرلۈكى يۇقىرى ۋە نېرۋىلار كۆپ بولغان ئەزا بولسا ناچار
كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان، زەھەرلىك تەسىرى بولغان دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك ياكى
ئىشلىتىشتە ئېهتىيات قىلىش زۆرۈر. ئېهتىيات بىلەن ئىشلىتىدىغان دورىلار مۇنداق ئۈچ
خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، تارقاتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: هاشا، مازەرىيون قاتارلىقلارغا ئوخشاش
دورىلار روهنى كۆپ تارقىتىپ، ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، كۈچلۈك دەرىجىدىكى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار، مەسىلەن: ئەپيۇنگە
ئوخشاش دورىلار بەدەن تەبىئىي هارارىتىنى تۆۋەنلىتىپ، روهلارنى سوۋۇتىدۇ.

ئۈچىنچى، كەيپىيات جەهەتتە ئەزالارنىڭ تەبىئىتى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان دورىلا-
ر، مەسىلەن: زەڭگار، ئۈپا، كۆيدۈرۈلگەن مىس قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار ئەزالارنىڭ
مىزاجىغا يات دورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ئۈچ خىل قائىدىنى ئىبنىسىنا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ،
بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن قائىدىلەر بار. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك
سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن:

دورىلارنىڭ جەۋهىرى (ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرى) نى تاللاپ ئىشلىتىش، مەسىـ-
لەن: يۈرەككە دورا ئىشلەتمەكچى بولغاندا يۈرەككە مىزاج جەهەتتە ئەڭ ماس كېلىدىغان
دورىلارنى تاللاش لازىم. تاللىغان دورا شۇ ئەزاغا ئۆزلىشىدىغان، ئۇنىڭغا ئەكسىچە تەسىرى
بولمايدىغان بولۇشى لازىم.

دورىلارنىڭ ئىستېمال قىلىش يوللىرىنى توغرا تاللاش لازىم. مەسىلەن: ئۈچەي
توسۇلۇش ئۈچۈن دورا ئىشلەتكەندە ئەڭ ياخشىسى كلىزما قىلىش، كۆڭلى ئاينىش ئۈچۈن
دورا ئىشلەتكەندە شوراپ ئىچىدىغان دورىلارنى ئىچكۈزۈش، يىغىنچاقلىغاندا كېسەللەنگەن
ئەزاغا يېقىن بولغان ئورۇن ئارقىلىق دورا ئىشلىتىش كېرەك.

دورىلارنىڭ شەكلىنى توغرا تاللاش كېرەك، بەزىدە ئەهۋالغا قاراپ، كۆكرەك كېسەلـ-
لىكلىرى ئۈچۈن، لوئوق، شەربەت دورىلارنى ئىچكۈزۈش ياخشىدۇر. چۈنكى ئاشقازاندىن
يىراق بولغان ئەزا كېسەللىكلىرى ئۈچۈن شەربەت دورىلار تېزراق يېتىپ بارالايدۇ. باش
ساهەسىدىكى ئەزالارنى تازىلاش ئۈچۈن دورا ئىشلەتمەكچى بولغاندا هەب دورىلارنى ئىشلە-

تىش ياخشى.

ئۇندىن باشقا، خام دورا ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى پىششىق دورا ئىشلىتىش كېرەك-مۇ؟ بۇنى ئويلىشىش لازىم. مەسىلەن: شەكىل بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىدە پىششىق دورا ئىشلىتىش ياخشى. چۈنكى خام دورىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىكلەردە خام دورا ئىشلىتىش ياخشى. بەزىدە يېڭى دورا ئىشلىتىش ياخشى، بەزىدە كونا دورا ئىشلىتىش ياخشى بولىدۇ. بەزى دورىلارنىڭ كونىرىغانسېرى تەسىرى ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇن چۈشكەن دورىلار ۋە تەرياقلار. بەزى دورىلارنى يېڭى پېتى ئىشلەتكەن ياخشى، مەسىلەن: قۇرسى كاپۇر قاتارلىقلار.

## هەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## ذكر قوانين كه رعايت آنها درامر علاج وجب است

ئىبنىسىنانىڭ ئېيتىشىچە، خەتەرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئالدىراقسانلىق قىل-ماسلىق. ئەگەر بىمارغا خەۋپ يېتىش ياكى ماغدۇرسىزلىنىش خەتىرى بولسا، يەڭگىل داۋالاش ئېلىپ بېرىش، كۈچلۈك تەدبىر قوللانماسلىق لازىم.

ئەگەر كېسەللىك ئېغىر بولۇپ، كېسەللىك ماددىسى بەك كۈچلۈك بولسا ياكى بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بەك ئاجىز بولۇپ، كېسەللىك ماددىسى قوزغىلىشچان بولۇپ، بەدەن ۋە مىزاجغا ماس خىلىت ئۆزگىرىشىدىن كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، يەنە كېلىپ هاۋا ۋە پەسىل كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان ئەھۋالدا دەسلەپتە كۈچلۈكرەك بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش، كېيىن تەدرىجىي هالدا يەڭگىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

ئەگەر يەڭگىل داۋالاش تەدبىرلىرى تەسىر قىلالمىسا، كۈچلۈكرەك دورىلارنى ئىستې-مال قىلدۇرۇش لازىم. ئەمما، يەڭگىل دورىلار تەسىر قىلالىسا دەسلەپتە يەڭگىل، تەدرىجىي كۈچلۈك دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

كېسەللىك جىددىي قوزغالغان ۋاقىتتا ئالدىراپ كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلەتمەي، ئاستا - ئاستا كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن: قان ئېلىش، داغلاش، قانلىق لوڭقا قويۇش، سۈرگە بېرىش قاتارلىقلار.

ئەگەر تەبىئەت كېسەللىككە قارشى قوزغالمىغان بولسا ئۇنىڭ قوزغىلىشى ئۈچۈن ئىلگىرى ئادەتلەنمىگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى قوزغاش كېرەك.

دورا ئىشلەتكەن ۋاقىتلاردا دورىلارنىڭ تەسىرى كېچىكسە، داۋالاشتا خاتالىق يۈز بەرمىگەن بولسا، دورىنىڭ تەسىرىنى كۈتۈش كېرەك. چۈنكى بەزى سەۋەبلەر دورىنىڭ تەسىرىنى چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئىشلەتمىگىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان

داۋالاش تەدبىرلىرىنىڭ تەسىرى تېزرەك كۆرۈلىدۇ. ئوخشاش بولغان بىمارلارغا ئوخشاش دورىلارنى ئىشلىتىش خاتادۇر. بەزى بىلىمسىز تېۋىپلار بىرخىل دورىنى يەنە باشقا ئورۇن- لار باشقا كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىدۇ. دورا ئىشلىتىشتە ھەر خىل شارائىت، ۋاقىت ۋە ياش پەرقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن دورا ئىشلىتىش ياخشىدۇر.

داۋالاشتا بىر خىل دورىنى ياخشى تەسىر قىلدى دەپلا ئوخشاش تۈردىكى باشقا كېسەل- لىكلەرگە ئىشلىتىۋەرمەي، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم. چۈنكى بەزى دورىلار بەدەنگە ياخشى تەسىر قىلسا، بەزى ياخشى تەسىر قىلمايدۇ. كېسەللىككە دورا ئىشلەتكەندە دورى- نىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىسا، باشقا دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق دورىنى داۋاملىق ئىشلەتكەندە، دورا بەدەن بىلەن كۆنۈكۈپ قېلىپ بەدەنگە بولغان تەسىرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەمما، بەزى داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن بولسىمۇ ياخشى تەسىر كۆرسىتىۋېرىدۇ. مەسىلەن: قان ئېلىش، سۈرگە قاتارلىقلار.

داۋالاشتا دورىلارنىڭ شەكلىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: بەلغەم خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەردە خىلتنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش ياكى ماددىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سۈرگە بېرىش ئۇسۇللىرىغا يۆتكىسىمۇ بولىدۇ.

ئەزالارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن دورىلارنىڭ ئۇلارغا كۆرسىتىدىغان تەسى- رىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە دورىلارنىڭ تەسىرىمۇ ھاۋا كىلىماتى ۋە ۋاقىتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: بەدەننىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى، ھەرىكەتچان تەر تۆشۈكچىلىرى كېڭەيگەن بولسا، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى ياغلارنىڭ تەسىرى ياخشى بولىدۇ.

مېڭىنىڭ خىزمىتىنى قوزغاش ئۈچۈن ئەنبەرنىڭ پۇرىقى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. گۈل يىغىنى قىش كۈنلىرى ياشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ياشانغانلارغا سوغۇق كېلىدۇ. ياشلار ۋە ئاشقازىنى ئىسسىق بولغانلارغا قۇرسى كاپۇر مۇۋاپىق كېلىدۇ. ياشانغانلارغا زىيان قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوغۇقلىقى تۆۋەنرەك بولغان دورا ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن: قۇرسى زىرىشكى قاتارلىقلار.

ئەگەر كېسەللىك داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىك بولسا، كېسەللىك ۋە بىمارنىڭ تەبىئىتىگە دىققەت قىلىش، بۇنداق كېسەللىكلەرگە ئالدىراپ سۈرگە بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى سۈرگە بەرگەندە تەبىئەت بىلەن كېسەللىك ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان ئېلىشىش يۈز بېرىدۇ. ئەگەر تەبىئەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە داۋالاش ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، كېسەللىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، شۈبھىسىزكى، كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى كېسەللىك- لەرنى يەڭگىل داۋالاش ناچار ئاقىۋەت پەيدا قىلىشتىن ياخشىدۇر.

ئەگەر كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويغاندا گۇمانلىنىش يۈز بەرسە، پايدىسى ئورتاق

بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن دىئافراگما ياللۇغىدا ئىككىلىنىش گۇمانى بولسا، چىلان شەربىتى ياكى نىلۇپەر شەربىتى بۇيرۇش لازىم. ئەگەر ئوفۇنەتلەنگەن تەپ كېسەللىكى بولسا، بەلغەم ياكى سەپرا خىلىتلىرىنىڭ قايسىدىن بولغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىسا، شەربىتى سىركەنجۇبىل ياكى شەربىتى لىمون بېرىش لازىم. چۈنكى بۇ شەربەتلەر بۇ ئىككى خىلتنىڭ ئىككىلىسى ئۈچۈن پايدىلىق، ئەمما ئىسسىقلىق ئۈچۈن سوۋۇتۇش، سوغۇقلۇق ئۈچۈن ئىبرىتىش ۋە پارچىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

بىرخىل كېسەللىك ساقايماي تۇرۇپ، يەنە بىر خىل كېسەللىك يۈز بەرسە، ئۇنىڭ سەۋەبى بىرخىل بولۇپ، بىر خىل كېسەللىك يەنە بىر خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: باش ئاغرىقى كۆز ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ ياكى مەلۇم بىر ئاغرىق يەنە بىر خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچەي توسۇلۇشتىكى ئاغرىق ھوش-سىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ياكى بىر خىل كېسەللىك يەنە بىر خىل ئاغرىقنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىششىق ئاغرىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇرۇلۇش، يىقىلىش ئىششىقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا دەسلەپتە ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. چۈنكى ئاغرىش روھلارنى تارقىتىپ، قۇۋۋەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كېسەللىكنى داۋالاپ ساقىتىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاغرىق توختاتقۇچى، سېزىمسىزلان-دۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: خەشخاش قاتارلىقلارنى ئىشلە-تىش. بىراق مۇنداق دورىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئادەتلىنىش پەيدا قىلىدۇ. قان ۋە روھنى قويۇلدۇرۇپ قاتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، ئەگ مۇھىمى ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۆلۈم خەتىرى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنداق دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر ئاغرىق بەك قاتتىق بولۇپ، كۈچلۈك ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا ئىشلىتىش زۆرۈر بولغاندىلا، ئەپيۇندەك سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلارنى ئازراق ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئەگەر ئەزالارنىڭ سېزىمى ئېشىپ كەتكەن بولسا ۋە بىئاراملىق پەيدا قىلسا، قاننى قويۇلدۇرغۇچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ھالۋا قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ئۈششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرنى بېرىش لازىم. چۈنكى بۇنداق يېمەكلىكلەر بۇزۇق گازلارنى پەيدا قىلىپ، سەزگۈرلۈكنى تۆۋەنلىتىدۇ.

بەزىدە ئاشقازاندىن ئۆرلىگەن بۇزۇق گازلار مېڭىگە ئۆرلەپ، ھەرخىل بۇزۇق خىيال ۋە قۇلاق غوڭۇلداش قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. غەلىز قويۇق سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بۇنداق بىمارلارغا زىيانلىق بولمىسا، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى بېرىش لازىم. مەسىلەن: ئۇسۇڭ قاتارلىقلار.

قائىدىلىك ئېلىپ بېرىلغان ياخشى داۋالاش ئۇسۇللىرى قۇۋۋەتنى ھايۋانىي ۋە قۇۋۋەتنى نەپسانىينى كۈچلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: بىمارنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ۋە خۇش

چاقچاق ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش، بىمارنى ئۆزى تارتىنىدىغان ۋە هايا قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق بىمارنى زىيانلىق نەرسىلەردىن چەكلەش، سەۋر قىلدۇرۇش، كۆپ هەرىكەت قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىش لازىم. چۈنكى كۆپ هەرىكەت قىلىش هارارەت پەيدا قىلىدۇ. هارارەت ماددىنى قوزغاپ قويىدۇ. روهىي نەپسانىي ۋە روهىي هايۋانىي بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر بۇنداق مەزگىلدە سەۋدا خىلتى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە، روهىي نەپسانىيدا قورقۇش، بۇزۇق خىياللارنى كۆپ قىلىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر بەدەندە ساپ تەبىئىي خىلىت بولسا بەدەن راهەت ۋە خۇشال بولىدۇ. ئەگەر روهىي نەپسانىيدا غەزەپ ـ نەپرەت كۆپەيسە، بەدەندە سەپرا خىلتى ۋە ئىسسىقلىق ئېشىپ كېتىدۇ. غەم ـ قايغۇ كۆپ بولسا سەۋدا ۋە قورۇقلۇق كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەهۋالدا مىزاجغا هۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە خۇشال ئىشلارغا كۆپرەك ئۇچرىشىپ بېرىشى مىزاج ۋە كېسەللىكتە ياخشى ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: بىمار ئۆز ئاشىقىنى تۇيۇقسىز ئۇچراتسا، يايراپ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدۇ.

ئەگەر بەدەندە روهىي ۋە نەپسانىي جەهەتتە غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا چوقۇم روهىي داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. بىمارنى تۇرۇۋاتقان شەهەردىن باشقا شەهەرلەرگە يۆتكەش، ساياهەت قىلدۇرۇش، هاۋا ۋە مۇهىت ئالماشتۇ-رۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، بۇزۇلغان ماددىلارنى تەڭشەش ماددىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدى-نى ئېلىش لازىم. گەرچە بۇ خىل ئەهۋالدا بىمارنى يۆتكىگەن شەهەرنىڭ مۇهىتى ئالدىنقى شەهەرنىڭ مۇهىتىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ئىسسىق هاۋانىڭ تەسىرىدىن بولسا، بىمارنى سوغۇق هاۋا-لىق جايغا يۆتكەش لازىم ۋە بەزىدە بىماردا يارا بولۇپ، يىرىڭداپ ئاغرىش ۋە باشقا كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلسا، يىرىڭلارنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم. بەزىدە بىمارنى باشقا شەكىلدە كۆرۈنۈش پەيدا قىلىشقا مەجبۇرلاش لازىم. مەسىلەن: بالىلاردا ئالىغايلىق بولسا ئەينەك ياكى سۈزۈك نەرسىلەرگە كۆپ قاراشقا بۇيرۇش لازىم. يۈز نېرۋا پالەچى بىمارلى-رىنى ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، چىرايىنى تۇرۇش قاتارلىق هەر خىل هەرىكەتلەرنى قىلدۇ-رۇش لازىم.

يەنە بەزىدە ئەمگەك قىلمايدىغان ياكى ئولتۇرۇپ ئەمگەك قىلىدىغان كىشىلەرنى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش لازىم.

هەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش لازىم. ياز پەسلى ۋە قىش پەسىللىرىدە كۈچلۈك سۈرگە بېرىشكە بولمايدۇ هەم داغلاش، قەي قىلدۇ-رۇش قاتارلىقلارنى ئىمكانقەدەر قوللانماسلىق لازىم. چۈنكى، بۇلار بۇنداق ۋاقىتتا كېسەل-لىك ماددىلىرىنى ئاز ياكى كۆپ چىقىرىپ تاشلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ياز

كۆنلىرى ماددىلارنى كۆپلەپ چىقىرىپ تاشلىغاندا، ئاجىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. قىش كۈنلىرى كېسەللىك ماددىلىرى سوۋۇپ قالغان بولغاچقا، چىقىرىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولغان ماددىلارنى تولۇق چىقىرىپ تاشلىيالمايدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى قائىدىگە ئەمەل قىلىنمىسا خەتىرى يۇقىرى بولىدۇ. كۈچلۈك تەدبىر قوللانماسلىق دېگىنىمىز، تەبىئەتنى قوزغايدىغان دورىلارنى ئىشلەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. ھەرگىزمۇ مۇتلەق ھالدا كۈچلۈك داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللانماسلىق دېگەنلىك ئەمەس.

ياز كۈنلىرى سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ. جاۋارىش كۈمۈنى، مەجۇنى پەلاسىپە قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى قىش كۈنلىرى ئىشلەتسە بولىدۇ.

قارىمۇ قارشى كەيپىياتتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار: بىر كېسەللىك قارىمۇ قارشى ئىككى كەيپىياتتىكى داۋالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: تەپ كېسەللىكى سوغۇقلۇق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھارارەت يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى توسالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى داۋالاشتا ئىسسىقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى، يۈرەك ۋە ئاشقازاندا ھارارەت بولىدۇ. بۇ ئەزالاردىن بۇخاراتلار ئۆرلەپ مېڭىگە چىقىپ، زۇكام ۋە نەزلە پەيدا قىلىدۇ. بۇلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبى سوغۇقلۇق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زۇكام ۋە نەزلە ئىسسىقلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ماددىنى تارقىتىش زۆرۈردۇر.

بەزىدە ئەسلىي كېسەللىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشمە ئالامەت قارىمۇقارشى تەدبىرلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچەي توسۇلۇش ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكى بولغان ئاغرىشتا، ئۈچەي توسۇلۇش ماددىنى قىزىتىش ۋە پارچىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاغرىش پەسەيتىش سوغۇقلۇق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن: سەپرادىن بولغان تەپ كېسەللىكىدە ھوشسىزلانغان ۋاقىتتا پۈت ـ قول سوۋۇپ كېتىدۇ. كېسەللىك سوغۇقلۇق قىلىشنى، ئەگەشمە ئالامەتلىرى ئىسسىقلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇچىلەرنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ياغلاش لازىم.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا تېۋىپ ناھايىتى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، كېسەللىكنىڭ داۋالاش كېرەكمۇ ياكى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ ياكى قارىمۇ قارشى داۋالاشنىڭ قايسىنى بۇرۇن داۋالاش قاتارلىقلارنى ئوبدان ئويلاش لازىم.

ھەرقانداق توشۇپ قېلىش (ئىمتىلا) خاراكتېرلىك ۋە ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى قارىمۇ قارشى تەدبىرلەر ئارقىلىق داۋالاش ۋە تازىلاش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى بەزىدە توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە تاماق ۋە يېمەك ـ ئىچمەكنى ئازلىتىپ داۋالاش بولسا بەزىدە ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج

بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ھارارەتنى يۇقىرىلاتقۇچى يېمەك - ئىچمەكتىن چەكلەش، يېمەك - ئىچمەكنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىلا داۋالاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار:

ئەگەر بىر نەچچە كېسەللىك بىر ئادەمدە يۈز بەرگەن بولسا، داۋالاشتا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش كېرەك:

1. ئىككىلەمچى كېسەللىك بىرلەمچى كېسەللىكنى يوقاتمىغىچە ساقايمايدۇ. مەسىلەن: ئىششىق ۋە يارا ئىككىلىسى يۈز بەرگەندە، دەسلەپتە مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاش لازىم. چۈنكى مىزاج بۇزۇلۇش بولماي تۇرۇپ ئىششىق بولمايدۇ. شۇڭا، مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە ئىششىق يۈز بەرگەندە گۆش پەيدا قىلغۇچى، سەمىرىتكۈچى يېمەكلىكلەرنى بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق يېمەكلىكلەر تەبىئەتنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئۇزۇقلاندۇرۇشنى چەكلەيدۇ.

2. بىر كېسەللىك يەنە بىر كېسەللىككە سەۋەب بولغان بولسا، مەسىلەن: تۇسالغۇ سەۋەبىدىن تەپ كېسەللىكى يۈز بەرگەن بولسا، داۋالاشتا ئالدى بىلەن تۇسالغۇنى ئېچىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەپنى داۋالاش لازىم. تۇسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن بىرقەدەر ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، تەپنىڭ سەۋەبى تۇسالغۇ بولغاچقا، داۋالاشتا تۇسالغۇنى بۇرۇن داۋالاش لازىم. تۇسالغۇ ھاۋا ئالمىشىشقا تەسىر يەتكۈزگەنلىكتىن، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى كۆپەيتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇسالغۇنى داۋالىماي تۇرۇپ تەپنى داۋالاش خاتا بولىدۇ.

ئۇفۇنەتلىك تەپ كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە بەلغەم خىلىتىدىن بولسا بەزىدە سەپرا خىلىتىدىن بولىدۇ. داۋالاشتا بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تەپ كېسەللىكىنى پەقەتلا قارىمۇ قارشى كەيپىيات ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارماي، سەۋەبىگە قارىتا تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئەگەر سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولسا، كېسەللىكمۇ ۋە كېسەللىك سەۋەبىمۇ سوغۇقلۇقنى تەلەپ قىلغاچقا، سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە ئەگەر تەپ بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولسا، كېسەللىك سوغۇقلۇقنى، تۇسالغۇ ئىسسىقلىقنى تەلەپ قىلسا، ئالدى بىلەن تۇسالغۇنى داۋالاش، چۈنكى تۇسالغۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبچىسى. سىل كېسەللىكى بىمارلىرىدا قىزىتما كېسەللىكى يۈز بەرسە، قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىپ قىزىتمىدىن قورقماسلىق لازىم. چۈنكى قىزىتما كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى يوقاتمىغىچە قىزىتما ھەرگىز يوقالمايدۇ. سىل كېسەللىكنىڭ سەۋەبى يارىدۇر. شۇڭا يارىنى بۇرۇن داۋالاش لازىم. قۇرۇتقۇچى دورىلار قىزىتما كېسەللىكى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. چۈنكى قۇرۇتقۇچى دورىلار قىزىتما ھارارىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ قورقماسلىق لازىم.

3. ئىككىلا كېسەللىك جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىك بولسا، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېقىنلاپ قالغان ۋە ئۆلۈم خەتىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسا، مەسىلەن: سۇناخەس (ئېغىر دەرىجىدىكى تەپ) كېسەللىكى بىلەن پالەچ بىراقلا يۈز بەرگەن بولسا، داۋالاشتا سۇناخەس (ئېغىر دەرىجىدىكى تەپ) كېسەللىكىنى ئاۋۋال داۋالاش لازىم. چۈنكى سۇناخەس جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىك. پالەچ بولسا سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك. شۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكنى بۇرۇن داۋالاش لازىم.

بەزىدە تەپ كېسەللىكى بىلەن سۇلۇق ئىششىق بىللە كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تەپ كېسەللىكىنى بۇرۇن داۋالاش لازىم. چۈنكى سۇلۇق ئىششىق جىگەر مەنبەلىك بولۇپ، جىگەردە هارارەت پەيدا بولغان سەۋەبلەردىن بولىدۇ. تەپ كېسەللىكى جىگەرنىڭ هارارىتىنى ئاشۇرۇپ، سۇلۇق ئىششىق كېسەللىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە جىگەر ئاجىزلىقى بىلەن خەفەقان (يۈرەك رىتىمسىزلىقى) قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، خەفەقاننى داۋالاشتا خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ خىلدىكى دورىلار جىگەرگە زىيانلىق. چۈنكى بۇ خىلدىكى دورىلار جىگەر كانالچىلىرىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، جىگەردە قېتىشىش ياكى تاش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا تېۋىپ ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ، قايسىنى بالدۇر داۋالاش كېرەكلىكىنى ئۆزى بېكىتىشى لازىم.

ئەگەر مەلۇم بىر كېسەللىككە يەنە بىر كېسەللىك ئەگىشىپ كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش لازىم. ئەگەشمە كېسەللىك ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. بىراق ئەگەشمە كېسەللىك ئېغىر بولۇپ، قۇۋۋەتنى تارقىتىۋېتىش، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرۇش ئېھتىمالى بولسا، ئەگەشمە كېسەللىكنى بۇرۇن داۋالاش ياكى هەر ئىككىلىسىنى بىللە داۋالاش لازىم.

ئەگەر ئىككىلەمچى كېسەللىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بىرقەدەر خەتەرلىك بولسا، مەسىلەن: تەپ كېسەللىكى سەۋەبىدىن هوشسىزلىنىش يۈز بەرگەن بولسا ئالدى بىلەن ئەگەشمە كېسەللىكنى داۋالاش لازىم. ئۇنى داۋالاشتا روهنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارغا ئېھتىياجلىق. مەسىلەن: شاراب قاتارلىقلار.

شۇنداقلا ئۈچەي توسۇلۇش كېسەللىكىدە ئاغرىق كۈچلۈك بولسىمۇ، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئالدىراپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاغرىقنى ۋاقىتلىق توختىتىش ئەمەلىيەتتە مۇهىم بولسىمۇ، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلار ئۈچەي توسۇلۇش كېسەللىكى ئۈچۈن ئاقىۋەتى زىيانلىق بولۇپ، كېسەللىكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قان ئېلىش زۆرۈر بولسىمۇ قان ئېلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان ئاجىز بولغاندا، ئىچى سۈرۈۋاتقاندا، كۆڭلى ئاينىپ تۇرغاندا قان ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئاجىزلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بەزىدە قان ئېلىش ئارقىلىق تولۇق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋاللاردىمۇ قان ئېلىشنى كېچىكتۈرۈش لازىم. مەسىلەن: توشۇپ قېلىش (ئىمتىلا) خاراكتېرلىك تەشەچتا قان ئېلىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. قان ئېلىشتىكى مەقسەت بارلىق غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇجتا بولسا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى تەشەننۇچ بەدەننىڭ تەبىئىي سۇيۇقلۇقى تارقىلىپ كەتكەندىن بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجتا قان ئېلىش تېخىمۇ خەتەرلىك.

ھەكىم مەسىھىنىڭ ئېيتىشىچە: تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر ۋە ئەھۋاللار كۆرۈلسە كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى ئەزالارنىڭ تەبىئىي خىزمىتى نورمال جارى بولالمىسا، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر ئېنىق بولمىسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنى يوقىتىش لازىم. بەزى ۋاقتىدا سەۋەبنى يوقىتىش ئارقىلىق كېسەللىك ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى بولمىسا كېسەللىكنىڭ ئۆزىنى داۋالاش لازىم. ئەگەر كېسەللىكتە سەۋەبى ئېغىر ۋە ئاغرىق ئازابى كۈچلۈك بولسا، ئالدى بىلەن ئاغرىققا تەدبىر قوللىنىش، كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەردىن چەكلەپ، كېسەللىك يەڭگىللەشكەن، ئاغرىق توختىغان ۋاقىتتا داۋالاش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

ھەكىم مەھدۇمنىڭ ئېيتىشىچە: كېسەللىكنى داۋالاش كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا قىلغان نورمالسىزلىقلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشتىن ئىبارەتتۇر. تەبىئەت كۈچلۈك بولسا كېسەللىك بەدەندە ئورۇنلىشالمايدۇ. ئەگەر تەبىئەت ئاجىز بولسا كېسەللىك تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بەدەندە كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر تەبىئەت ئاجىز كەلگەن بولسا، دورا ئارقىلىق تەبىئەتكە ياردەم بېرىش كېرەك. دورا تەبىئەتكە ياردەم بېرىدىغان قورالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دورا كېسەللىكنى داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. تېۋىپ بولغان كىشى دورىلارنى ئەھۋالىغا قاراپ ئىچى ۋە سىرتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىش ئارقىلىق تەبىئەتكە ياردەم بېرەلەيدۇ. شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن كېسەللىكلەر تېۋىپنىڭ داۋالىشىسىزمۇ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. نۇرغۇن كېسەللىكلەر دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق ساقىيىدۇ. دورا ئارقىلىق ساقايغىنىدا تەبىئەت ئاجىز بولغان بولىدۇ. داۋالىماي تۇرۇپ ساقايغىنىدا تەبىئەت كۈچلۈك بولغان بولىدۇ. كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن كېسەللىكنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

بۇقراتنىڭ ئېيتىشىچە: تېۋىپ ئالدى بىلەن كېسەللىكنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن، قارىمۇ قارشى كەيپىياتتىكى دورىلار ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. كېسەللىكنى ئېنىقلاشتا ئالدى بىلەن بىمارنىڭ مىزاجى، يېشى، يېمەكلىكى، ئۆرپ -

ئادىتى، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئەمگەك ئەھۋالىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن جىنسىي پەرقى، مىللىتى، ئولتۇراقلاشقان رايونى، تۇغۇلغان يۇرتى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىقلارنى ئىگىلىشى كېرەك.

دەرياغا يېقىن تۇرىدىغان باياۋاندا ياشايدىغان، تاتلىق سۇ ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغۇچىلار شەكسىزكى ساغلام بولىدۇ. ھاۋا ئۆزگىرىشچان، سېسىق پۇراقلىق جايلاردا ياشايدىغانلارنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشى يۇقىرى بولىدۇ. بەك ئىسسىق ھاۋا كىلىماتىدا ياشايدىغانلارنى كۈچلۈك دەرىجىدىكى سوغۇقلۇق دورىلار ئارقىلىق داۋالاش لازىم. ھارارەت تۆۋەن بولسا داۋالايدىغان دورىلارنىڭ ھارارىتىمۇ تۆۋەن بولۇشى لازىم.

دېمەك، ھەرقانداق سەۋەبنىڭ ئەكسىچە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش، ئەگەر كېسەللىك بۇزۇق ھاۋا سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا ھاۋا ئالماشتۇرۇش، بەدەندىكى بۇزۇق ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە ئاسان سىڭىدىغان، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى پېگۈزۈش لازىم. بىمارنى خۇشال ـ خۇرام قىلىش، غەم ـ قايغۇ، ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق قاتارلىقلاردىن چەكلەش، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىقتا نورمال بولۇش، ئەگەر بىمار بەزى پايدىلىق بولغان دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنى ياقتۇرمىسا، بەك زورلىماسلىق لازىم.

## مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى
## علاج امراض تابع سوء مزاج

ئەگەر كېسەللىك ماددىسىز بولسا پەقەتلا مىزاجنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ماددىلىق بولسا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن، باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىش زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولسا دورا ئارقىلىق ياكى باشقا تەدبىرلەر ئارقىلىق تەڭشەش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. دېمەك، مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1. مىزاج بۇزۇلۇش، يەنى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددا مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان بولسا ئۇنى قارىمۇ قارشى كەيپىيات ئارقىلىق داۋالاش كېرەك. بۇ خىل داۋالاش ئۇزان مۇددەت داۋاملىشىشى لازىم. مەسىلەن: ئوفۇنەتلىنىش سەۋەبىدىن بولغان تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ كېسەللىكى ئۈچۈن تەرياق بېرىش ۋە تەپپى غەبىي خالىس ئۈچۈن سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

2. كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددا كېسەللەنگەن ئەزاغا ئورۇنلىشىۋاتقان بولسا، ۋە بىر قىسمى ئورۇنلىشىپ كېسەللىك پەيدا قىلغان بولسا، بۇ ئەھۋال كېسەللىك تەرەققىي

قىلىنۋاتقان دەسلەپكى باسقۇچلاردا بولىدۇ ياكى كۆپ قىسمى يۆتكىلىپ بولغان ۋە يەنە يۆتكىلىنۋاتقان بولسا، بۇ ئەھۋاللار كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىغا قارىمۇ قارشى كەيپىياتتىكى دورا ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. مەسىلەن: تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان قىزىتمىغا خەربەق ئارقىلىق، ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتمىغا سوقمۇنىيا ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

كېسەللىكنىڭ تۇتۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ھەرقانداق كېسەللىكتە ئالدىنى ئېلىش ۋە تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. بەزىدە بۇ ئىككىلا تەدبىرنى بىراقلا ئورتاق ھالدا قوللىنىش زۆرۈرىيىتى بولۇپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن: بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تەپ كېسەللىكىدە ئارقىمۇ ئارقا كۆچلۈك قەي قىلدۇرۇش، ئاشقازاندىكى ئۇفۇنەتنى يوق قىلىش بىلەن بىرگە تەپنىڭ ھارارىتى يوقىتىلىدۇ.

3 . كېسەللىك ماددىسى پەيدا بولۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلمىغان، ئەمما پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسا، قارىمۇ قارشى كەيپىيات ئارقىلىق ماددىنىڭ پەيدا بولۇشىنى چەكلەش مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن: تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنى سەۋدا خىلىتى پەيدا قىلغان بولسا خەربەق ئارقىلىق، سەپرا خىلىتى پەيدا قىلغان بولسا سوقمۇنىيا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى ئېنىقلاشتا ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىگە ئاساسەن بەلگىلەش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، بوۋاسىر قېنى توختىغان ياكى توختىمىغانلىقىنى ئېنىقلاش، ئەگەر توختىغان بولسا جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقى يۈز بەرسە، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش، بىمار ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن ياكى ئىسسىق ھاۋادا كۆپ يۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى ئىسسىقلىقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. شۇڭا، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېيىش ۋە ئىسسىق ھاۋادا يۈرۈشتىن چەكلەش لازىم.

بەزىدە تېۋىپ كېسەللىكنىڭ ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى ياكى سوغۇقتىن بولغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلمەي قالىدۇ. مەسىلەن: سوزۇلما خاراكتېرلىك بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تەپ بىلەن تەپى دىق (ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما)نىڭ ئوتتۇرىسىدا، بەزىدە نەزلىنىڭ سوغۇقتىن بولغانلىقى ياكى ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلمەي قالىدۇ. بۇنى پەرقلەندۈرۈشتە تېۋىپ ئۆزى تاللاپ كېسەللىككە قارشى كەيپىياتتىكى خام دورىلارنىڭ بىرەرسىنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەسىرىگە قاراپ پەرقلەندۈرسە ۋە تەدبىر قوللانسا بولىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ۋە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ۋاقتى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغان بولسا، يەنى بۇنىڭ سەۋەبى

ئىسسىق ھاۋادىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى مەلۇم ۋاقىت سوغۇق ھاۋادا تۇرغۇزۇش
ئارقىلىق يوقىتىش، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئەكسىچە تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئەمما
سوغۇق ھاۋا بىر ئاز خەتەرلىك. چۈنكى سوغۇقلۇق تەبىئىي قۇۋۋەتكە زىيانلىق، ئىسسىقلىق
تەبىئىي قۇۋۋەتكە پايدىلىق. ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈشنىڭ ھەرئىككىلە-
سىنىڭ تەبىئىي قۇۋۋەتكە بولغان خەتىرى ئوخشاشتۇر. بەدەندىكى تەبىئىي قۇرۇقلۇقنىڭ
ئېشىپ كېتىشى خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ئۇ بەدەندىكى تەبىئىي ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ قۇرۇقلۇ-
قنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى ئۇزاقراق داۋاملاش-
تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇقلۇققا قارشى كەيپىياتتىكى، يەنى
ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە يېمەك - ئىچمەكلەرنى بېرىش، ئۇ ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى-
لەر روھنى ئۇرغۇتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى بولۇشى ۋە كېرەكسىز ماددا پەيدا قىلماي-
دىغان بولۇشى لازىم. ئەگەر بەدەندە ھۆللۈك ئاز بولسا ھارارىتى تۆۋەن، ھۆللۈك كۈچلۈك
بولسا ھارارىتى يۇقىرى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

شۇنى بىلىش لازىمكى، سوغۇقلۇقنى بەك كۈچلۈك قىلماسلىق لازىم. چۈنكى سوغۇق-
لۇق قېتىش ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددا قېتىپ قالىدۇ. شۇنداقلا بەك
كۈچلۈك ئىسسىقلىق قىلغاندىمۇ ماددىدا قېتىش ۋە توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
دورا ۋە داۋالاش ئۇسۇلىدا بەك كۈچلۈك سوغۇقلۇق ياكى بەك كۈچلۈك ئىسسىقلىقنى
ئالدىراپ قوللانماسلىق، داۋالاشنىڭ دەسلىپىدە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلە-
تىش، ئەگەر سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئارپا سۈيى، كاسىنە
سۈيى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش، ئەگەر بۇ دورىلار بىلەن توسالغۇلار ئېچىلمىسا، مۆتىدىل
تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. ئۇلارمۇ كۈپايە قىلمىسا، يەڭگىل دەرىجىدىكى
ھارارىتى بار دورىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ. چۈنكى ھارارىتى بار نەرسىلەرنىڭ سوغۇق
نەرسىلەرگە قارىغاندا توسالغۇلارنى ئېچىش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ.

سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلغاندا ئىسسىق تەبىئەتلىك ماددىلار-
نىڭ پىششىنى چەكلەپ، ماددىلارنى قويۇلدۇرۇپ قاتۇرۇپ قويىدۇ. گەرچە كۈچلۈك
دەرىجىدىكى سوغۇقلۇق تەڭشەش جەھەتتە پايدىلىق دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە باشقا
بىر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. مەيلى ئۇ ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولسۇن ياكى
ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش بولسۇن، بەك كۈچلۈك سوغۇقلۇق ئاسارىتى يۇقىرىقىدەك
ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بەك سوغۇق بولغان مىزاجغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ناھايىتى تەس. چۈنكى ئۇ مۇس-
تەھكەم ئورۇنلىشىپ قالغان بولىدۇ. سوغۇقلۇق بەدەندە مۇستەھكەم ئورنىغان بولسا،
قۇۋۋەتنى بەك ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئىسسىقلىق تەدبىرلىرىمۇ ئاسانلىقچە تەسىر كۆر-
سىتەلمەيدۇ. سوغۇقلۇق مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشنىڭ ئالدىدا تەدبىر قوللانسا، ئىككى

خىل هارارەت يەنى بەدەن تەبىئىي هارارىتى بىلەن قوللىنىلغان هارارەت تەسىرىدە ئاسانلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. سوغۇقلۇقتىن بۇرۇنراق ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ئاساندۇر. ئەمما هارارەتنى سۇۋۇتۇش سوغۇقلۇقتا ئىسسىقلىق يەتكۈزگەندىن ئاساندۇر. چۈنكى بەك سوغۇقلۇق بەدەن تەبىئىي هارارىتىنى خورىتىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، سوغۇقلۇق يەتكۈزگەندە، قۇرۇقلۇق بىلەن سوغۇقلۇقنى ياكى سوغۇقلۇق بىلەن هۆللۈكنى بىللە يەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش هۆل ئىسسىق بولسا قۇرۇق سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق بولسا هۆل ئىسسىق، قۇرۇق ئىسسىق بولسا هۆل سوغۇق، هۆل سوغۇق بولسا قۇرۇق ئىسسىق يەتكۈزۈش لازىم.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش پەقەت ئىسسىقلىقتىن بۇزۇلغان، هۆل قۇرۇقلۇقى نورمال بولسا ئۇنىڭغا پەقەت سوغۇقلۇق قىلىش لازىم، سوغۇقلۇق بىلەن قۇرۇقلۇق بىرگە كەلسە ئۇنى هۆللەشتۇرۇش بىرقەدەر تەس بولىدۇ. بەدەندە هۆللۈك كۆپ بولسا، ئۇنىڭ سوغۇق-لۇقتا ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. قۇرۇق ۋە سوغۇقلۇق بىرگە قوشۇلۇپ كەلگەندە قۇرۇقلۇقتا كۆپرەك ئەهمىيەت بېرىش لازىم. چۈنكى قۇرۇقلۇق ماددىنى تېخىمۇ قاتۇرۇپ ماددىنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەيدۇ.

ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر هۆللۈك يەتكۈزۈشكە ئەهمىيەت بېرىش لازىم. ئەمما هۆللۈك بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، بەدەننىڭ تەبىئىي هارارىتىنى سۇۋۇتۇۋې-تىپ، ماددىلارنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

تۆۋەندىكى ئامىللار بەدەندە هۆللۈكنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. كۆپ ئارام ئېلىش، ئەمگەك قىلماسلىق، ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىچىش، مۇنچىغا كۆپ چۈشۈش، دورا سۇيىدە يۇيۇنۇش قاتارلىقلار.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ياشانغانلار كۆپرەك هۆللۈك ۋە سوغۇقلۇقتا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدىنىدە قۇرۇق سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلاردا قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش يۈز بەرسە، مىزاجىنىڭ هۆل سوغۇقلۇقىنى سەل يۇقىرىلىتىش تەسىرى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

## كېسەللىك ماددىلىرىنى تازىلاشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار

## قوانين استفراغ مواد

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئىنسان بەدىنى تەبىئىي تازىلىنىشتىن باشقا مەجبۇرىي تازىلى-نىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى بەدەندە غەيرىي تەبىئىي خىلتلار ئۆزلۈكسىز هاسىل بولغاچقا، مىزاج ئۇلار ئارقىلىق ئۆز نورماللىقىدىن چەتنىگەن بولىدۇ. يېمەكلىك-لەر ئادەم بەدىنىدە ئوخشىمىغان ئورۇندا ئوخشىمىغان شەكىلدە هەزىم بولىدۇ ۋە هەرقايسى-

سى ھەزىم جەريانىدا ئوخشىمىغان ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، بەدەندە ئۆزلىشىش شەكلىنى ھازىرلايدۇ. غەيرىي تەبىئىي ھالەتلەرگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆسۈم-لۈكلەرنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئادەم بەدىنى تەبىئىي تازىلىنىش ئۈچۈن ياردەمگە موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن: كېرەكسىز خىلىتلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن قۇۋۋىتى داپئەنى كۈچلەندۈرگۈچى يېمەكلىكلەرگە موھتاج بولىدۇ ياكى بەدەندىكى تەبىئىي قۇۋۋەتنى ھەرد-كەتلەندۈرگۈچى پائالىيەتلەرگە موھتاج بولىدۇ.

بۇ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بەدەن ئاجىز كەلگەندە ياكى ماددا بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن ۋە ياكى ماددىلارنىڭ قىيامى بەك قويۇق بولغاندا تەدبىر قوللىنىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئالدى بىلەن ماددىلارنى پىشۇرۇش ۋە قىيامىنى تەڭشەش لازىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەننىڭ ئىتتىرىش كۈچىگە ياردەم بېرىش لازىم، تەبىئەت كۈچى كۈچلۈك بولسا ئۆزى ھەيدەپ چىقىرالايدۇ. ئەگەر تەبىئەت ئاجىز بولسا چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن تەبىئەتكە ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتنى يۇمشاتقۇچى سۈرگۈچى، قەي قىلدۇرغۇچى، تەرلەتكۈچى، سىيدۈك ھەيدىگۈچى قاتارلىقلارنىڭ قايسىسى مۇۋاپىق بولسا، شۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تەبىئەتكە ياردەم بېرىش كېرەك.

تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم. ئەگەر ئۇلارغا رىئايە قىلىنمىسا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئىمتىلا (بەدەن ماددا بىلەن توشۇپ قېلىش)دا بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، مىزاجى، ئەگەشمە ئالامەتلىرى، بىمارنىڭ يېشى، پەسىل، ھاۋا كىلىماتى، بىمار تۇرغان رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھى-دىلىكى، كەسپى، سۈرگە ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ياكى ئادەتلەنمىگەنلىكى قاتارلىقلارنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئەگەر تازىلاش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى ياكى بىر قانچىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە توسالغۇ بولسا تازىلاش ئېلىپ بېرىش چەكلىنىدۇ.

ئەگەر ئىمتىلا بولماي بىر نەچچە غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ توشۇپ قېلىشى ياكى كۆپىيىپ كېتىشى يۈز بەرگەن بولسا، قان تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر پەقەتلا بىرەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئېشىپ كەتكەن ياكى توشۇپ قالغان بولسا، شۇ خىلىتقا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا تازىلاش ئېلىپ بېرىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى ماددىلارنى تازىلىغاندا بەدەندە ئاجىزلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپلا قالماي، ھەتتا ھوشسىزلىنىش، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما ماددا قوزغىلىۋاتقان بولۇپ، ھېس - ھەرىكەت ئاجىزلىغان بولسا، قان ئېلىش ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق تازىلاپ، ئۇنىڭدىن چىققان يەڭگىلرەك يامان ئالامەتلەرنى يوقىتىش

ئۇچۇن سۇرگە بېرىشتە ئوتتۇراھال سۇرگە بېرىش لازىم.

ئەگەر مىزاج قۇرۇق ئىسسىق بولسا يەڭگىل سۇرگە بېرىش ياكى سۇرگە بەرمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ئوزۇقلاندۇرغۇچى ھۆللۈك كەم بولغان بولىدۇ.

ئەگەر مىزاج ھۆل سوغۇق بولسا يەڭگىل سۇرگە بېرىش ياكى بەرمەسلىك لازىم. چۈنكى ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ھارارىتى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن سۇرگە زىيانلىق.

ئەگەر مىزاج ھۆل ئىسسىق بولسا ئۇنى تازىلاش ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى ھۆل ئىسسىق مىزاجدا قان يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇنداق مىزاج ياشانغانلاردا بولمايدۇ. شۇڭا ياشانغانلارغا سۇرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەگەشمە ئالامەت دېگىنىمىز، يەڭگىل دەرىجىدە ئاغرىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: سۇنئىي ھالدا سۇرۇش ئېلىپ بارغاندا بىرئاز ئاغرىش بولىدۇ. بۇنىڭ ئانچە كېرىكى يوق. ئەمما تەبىئىي سۇرۇش بولسۇن ياكى داۋالاش مەقسىتىدە قىلىنغان سۇرۇش بولسۇن، ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق زىيانلىقى بولىدۇ. مەسىلەن: سۇرگىدىن كېيىن ئۈچەيدە چوڭ تەرەت مونەكچىلىرى تۇرۇپ قېلىش ياكى تەشەننۇچ يۈز بېرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. سۇرگىدىن كېيىن بەدەن بەك ئاجىزلاپ كېتىش ۋە قۇۋۋەتلەر تارقاپ كېتىش خەترى بولسا، مۇمكىنقەدەر يەڭگىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

شۇڭا، ئورۇق ۋە سەپرا مىزاجلىق كىشىلەرگە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ۋە سۇرگۈچى دورىلارنى ئاز ئىشلىتىش، ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىك لازىم. بۇنداق ئەھۋاللاردا قان پەيدا قىلىدىغان ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى كۆپرەك قوللىنىش لازىم. چۈنكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بارغاندا، ئىسلاھ قىلىش ۋە تازىلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

بەزىدە تازىلاش مەقسىتىدە بەزى يېمەكلىكلەرنى ئازلىتىش كۇپايە قىلىدۇ. بەك سېمىزلىكمۇ تازىلاشنى چەكلەپ قويىدۇ. چۈنكى تازىلاشتىن كېيىن بەدەندىكى سۇسىزلانـ غان ماي ۋە گۆش قاتلاملىرى تومۇرلارنى سىقىۋېلىپ، سۇيۇقلۇق ھارارەتلىرىنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى توسۇپ قويىدۇ. ياش جەھەتتە بەك ياشىنىپ قالغانلارغىمۇ سۇرگە بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ياشانغانلارنىڭ بەدىنىدە ھۆللۈك ئاز بولىدۇ. شۇنداقلا ھارارەتمۇ ئاز قالغان، قۇرۇق سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ياشانغانلارغا ئىستىفراغ (سۇرـ گە) ئېلىپ بېرىش قۇرۇق سوغۇقلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

پەسىل جەھەتتە ھاۋا بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق كۈنلەردە تازىلاش ئېلىپ بېرىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى ھاۋا بەك ئىسسىق كۈنلەردە تازىلاش ئېلىپ بارسا، ھۆللۈكنى كۆپ تارقىتىۋېتىپ، روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنى بەك ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ، بەك سوغۇق كۈنلەردە سۇيۇقلۇق سوۋۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تولۇق تازىلانمايدۇ. شۇڭا، باھار ۋە كۈز پەسىللىرىدە تازىلاش ئېلىپ بېرىش ياخشى. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەددىدىن ئارتۇق تازىلاش ئېلىپ

بېرىشتىن، ھارارەت يۇقىرى ۋاقىتىدا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ھاۋا بەك ئىسسىق ۋاقىتتا قان ئېلىپ، قاننى كۆپ چىقىرىش ھوشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەدەننىڭ تەبىئىي خىزمىتىنى تۈۋەنلىتىۋېتىدۇ. بىراق بەدەن كۈچلۈك بولۇپ بەرداشلىق بېرەلىسە، سۈرگە كۈچلۈكرەك بولسىمۇ بولىدۇ.

ھاۋا كىلىماتى جەھەتتە جەنۇب تەرەپتىكى رايونلار بەك ئىسسىق بولۇپ، تازىلاش ئېلىپ بېرىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى تازىلاش روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. سۈرگە دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسسىق تەبىئەتلىك بولغاچقا، بەدەندىكى ئىككى خىل ھارارەت بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بەدەندىكى روھ ۋە قۇۋۋەتلەر تارقىتىۋېتىلسە ئاجىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. تاشقى ھارارەت ماددىنى تاشقى تەرەپكە تارتىدۇ. دورا بولسا ماددىنى ئىچكى تەرەپكە تارتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا تارتىشىش يۈز بېرىپ، ئاخىرى دورىنىڭ قۇۋۋىتى يېتىشمەي قالىدۇ. شىمال تەرەپتىكى رايونلارنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، بۇمۇ ئىستىفراغنى چەكلەيدۇ. چۈنكى ماددا قويۇق ۋە بەدەن تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلۇپ قالغان بولغاچقا، خىلىتلار ئاسانلىقچە بويسۇنمايدۇ.

ئادەت جەھەتتە ئەگەر بىمار تازىلاش (ئىستىفراغ) قا ئادەتلەنمىگەن بولسا، ئىستىفراغ قىلىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئادەتكە خىلاپ ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى ئېلىشىش، ھوشسىزلىنىش قاتارلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ھۈنەر ـ كەسىپ جەھەتتە مۇنچا خىزمەتچىسى، ھاممال قاتارلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئېغىر، جاپالىق ئەمگەك قىلغۇچىلارغىمۇ ئىستىفراغ چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئىستىفراغ بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئىستىفراغ قىلىشتا مۇنداق بەش مەقسەتكە يېتىش لازىم.

1. بەدەننى تازىلاش زۆرۈر بولغاندا تازىلاشتىن كېيىن راھەت ھېس قىلغان بولۇشى، بەدەندىكى ئېغىرلىق ۋە ئازابلارنى يەڭگىللىتىشى كېرەك. بىراق ئىستىفراغ قىلغاندىن كېيىن قان تولغاق، كۈندىلىك قىزىتما، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىقلارنى پەيدا قىلماسلىقى، ئەگەر ئۇسسۇزلۇق يۈز بەرسە سوغۇق سۇ ئىچمەسلىكى لازىم.

سۈرگە بېرىشتە سۈرگىدىن كېيىن بىر قىسىم ئەگەشمە كېسەللىكلەر، مەسىلەن: ئۈچەي سويۇلۇش، ئۈچەي يارىسى، سۈيدۈك توتالماسلىق قاتارلىقلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولمىغان ئەھۋالدا بېرىش لازىم.

2. تازىلىماقچى بولغان ماددىنىڭ قايسى تەرەپكە مايىلراق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ۋە قايسى يول ئارقىلىق ئىستىفراغ قىلىش لايىق بولسا، شۇ تەرەپ ئارقىلىق ئىستىفراغ قىلىش كېرەك. چۈنكى ئاسان بولغان يوللار ئارقىلىق ئىستىفراغ قىلىنسا، تەبىئەتكە بولىدىغان جاپاسى ئاز بولىدۇ.

ئەگەر ئىستىفراغ قىلىشتىن ئىلگىرى بىماردا كۆڭۈل ئاينىش كۆرۈلگەن بولسا،

ماددىنىڭ ئۈستى تەرەپكە مايىلراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ھالدا ماددىنى قەي ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىغان ياخشى.

ئەگەر قورساقتا ئاغرىش بولسا ماددا ئاستى تەرەپكە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىغان ياخشى.

بۇقرات مۇنداق دېگەن: «ماددا باشتا بولسا غار ـ غار ئارقىلىق، ئاشقازاندا بولسا قەي ئارقىلىق، ئۈچەيدە بولسا كلىزما ئارقىلىق، تومۇرلاردا بولسا قان ئېلىش ئارقىلىق، تېرىدە بولسا تەرلىتىش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى تەبىئەت (كۆچى) بەدەننى باشقۇرغۇچىدۇر».

تېۋىپ يۇقىرىقىلارغا ئەمەل قىلماي، تولىشۇالغان ماددىنى تازىلاشتا تەبىئەتكە قارىمۇ قارشى تەدبىر قوللانسا باشقا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: سەپرادىن بولغان قىزىتمىدا سەپرا خىلتى مېڭە تەرەپكە يۆتكەلسە ئەقىل ئېلىشىش، نەزلە قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا كلىزما ئارقىلىق ماددىنى ئاستى تەرەپكە تارتىشىش ياكى چۈشكۈرتۈش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش ئارقىلىق ماددىنى مېڭىگە تەرەپكە يەتكىلى قويماسلىق لازىم.

3. ماددىنى ئىستىفراغ قىلىشتا ئەزالارغا دىققەت قىلىش ئارقىلىق ماددا قايسى ئەزادا، قايسى تەرەپكە مايىلراق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش لازىم. مەسىلەن: جىگەردە كېسەللىك بولسا قىيفال تومۇردىن قان ئېلىش، چۈنكى جىگەردىكى ماددىلارنى باشقا يوللار ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن بولسىمۇ، قىيفال تومۇردىن قان قالغاندا ئەڭ بىخەتەر ۋە ئەڭ ئاسان بولىدۇ. بۇنداق قائىدىلەرگە دىققەت قىلماي، ماددا مۇناسىپ بولمىغان باشقا يوللار ئارقىلىق چىقىرىلسا، كېسەللىك ماددىسى چىقىپ كەتمەي بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماددىلارنى ئىتتىرىپ چىقىرىش ئۈچۈن بەدەننىڭ تەبىئىي كۆچى ئاجىز كېلىپ، باشقا كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

سۈرمەكچى بولغان ئەزا چىقىرىپ تاشلاش يولىغا ئىگە بولغان ئەزادىن ئۈستۈنرەك بولسا، ماددىنى ئۈستى تەرەپكە تارتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە بېرىش لازىم. ئەگەر ئاستى تەرەپكە چۈشۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇنى ئاستىنقى يوللار ئارقىلىق ھەيدەش لازىم. مەسىلەن: ماددا جىگەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولسا، ئۇنى ئاستى تەرەپكە تارتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈك يولى ياكى ئۈچەي يولى ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم. لېكىن سۈرمەكچى بولغان ئەزادا ماددا تولىشۇالغان بولۇپ، بۇلار سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىش جەريانىدا ئۆتۈش يوللىرىدا كېسەللىك پەيدا قىلىش خەتىرى بولسا، مەسىلەن: جىگەردىكى ماددىلارنى سۈرگەندە ئۈچەي سويۇلۇش، ئۈچەي يارىسى پەيدا قىلىش خەتىرى بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ماددىلارنى باشقا يوللار ئارقىلىق چىقىرىشنى ئويلىشىش ياكى سۈيدۈك يولى ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاشنى ئويلىشىش لازىم. ئۇنداقتا، بەزىدە بىرەر ئەزادىكى ماددىنى

چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغاندا ئۆتۈش يولىغا جايلاشقان ئەزادىكى ماددىلار بىلەن قوشۇلۇپ، باشقا بىرخىل كېسەللىك پەيدا قىلىش خەتىرى بولىدۇ. مەسىلەن: كۆزنى داۋالاشتا كۆزدىكى ماددىلارنى غار - غار قىلدۇرۇش ئارقىلىق گال تەرەپكە ئىتتىرىشكە توغرا كېلىدۇ. گالدا كېسەللىك پەيدا بولۇش خەتىرى بولسا، ئۇنداقتا ماددىلارنىڭ توپلىنىشۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى مۈرىگە لوڭقا قويۇش ياكى قان ئېلىش، سۈرگە ئىشلىتىش كېرەك.

بەزىدە مەزكۇر ئەزالارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن باشقا يوللار ئارقىلىق ماددىنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم. بەزىدە تەبىئەت ئۆزلۈكىدىن تۇيۇقسىز ماددىنى سۈرۈپ چىقىرىپ تاشلاپ، كېسەللىك شىپا تاپىدۇ. مەسىلەن: كېسەلنىڭ بوھران كۈنلىرىدە بىماردا تۇيۇقسىز ئىچ سۈرۈش يۈز بېرىپ، بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ.

بەزىدە تەبىئەت مەزكۇر ئەزادىن يىراق بولغان يوللار ئارقىلىق ماددىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ناھايىتى قىيىن مەسىلە. باشتىكى ماددىلارنى تەبىئەت مەقئەت يولى ياكى پۇت - پاچاق تەرەپكە سۈرىدۇ. بۇنىڭدا كېسەللىك ساقايغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ماددا باشقا ئەزاغا چۈشۈۋالغان بولىدۇ.

4. جالىنۇس ماددىلارنى تازىلاش ۋاقتى توغرىسىدا مۇنداق كۆرسەتكەن: «سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈش كېرەك. ئىستىفراغدىن بۇرۇن ماددا پىشقاندىن كېيىن بەدەن بەك ئاجىزلاپ كەتمەسلىكى ۋە ھارارەت تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، زۇپا سۈيى، ھاشا سۈيى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈشكە بولمايدۇ. ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈش ماددىنىڭ قىيامىنى سۇيۇلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىك ماددىسى سۇيۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كۈتۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن.

بۇنداق قاراش خاتادۇر. چۈنكى ماددىنى پىشۇرۇشتىكى مەقسەت ماددىنى سۇيۇلدۇرۇشلا بولماستىن، بەلكى ماددىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ئىبنىسىنانىڭ ئېيتقان سۆزى توغرا بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىمۇ ئىمكانقەدەر ماددىنى پىشۇرۇش لازىم، ئەگەر ماددا ھەرىكەتسىز بولسا، ماددىنى پىشۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك، ئەگەر ماددا ھەرىكەتلىك بولسا، ماددىنى تازىلاشقا ئالدىراش لازىم. چۈنكى ماددا جۇملىدىن خىلىتلار سۇيۇق بولسا ۋە قان تومۇر دىۋارلىرىغا كىرىۋالسا خەتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي ماددىلار قان تومۇر دىۋارلىرىغا كىرىۋېلىشتىن بۇرۇن ھەيدەپ چىقىرىش ياخشى ھەم ئاساندۇر.

ئەگەر خىلىتلار بىرەر ئەزالاردا توسۇلۇپ قالغان بولسا ئەلۋەتتە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۇ ھالدا ماددىنى پىشۇرۇش زۆرۈر. چۈنكى ئۇنىڭ قىيامىنى مۆتىدىللەشتۈرۈش كېرەك.

چۈنكى ماددا قويۇق بولسا چاپلاشقاق بولىدۇ. ھەيدەپ چىقىرىش قىيىن بولىدۇ. شۇ ئىنىقكى، ئەگەر غەيرىي تەبىئىي ماددا سۇيۇق بولسا، ئەزالارنىڭ ئىچىدىكى دىۋارلىرىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلاردا كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدۇ.

قويۇق ماددىلارنى پىشۇرۇش سۇيۇلدۇرۇش دېگەنلىك، سۇيۇق ماددىلارنى پىشۇرۇش قويۇلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

دېمەك ماددىنى نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ماددا پىشقانغا قەدەر بىمارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ماددا پىشىشتىن بۇرۇن ھەرگىز تازىلاش ئېلىپ بارماسلىق لازىم.

ئەگەر ماددا قويۇق بولۇپ پىشمىسا ياكى سۇيۇق بولۇپ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا، بۇنداق ھالدا تازىلاش ئېلىپ بارماي، تەبىئەتكە تايىنىش لازىم.

ئەگەر سۇيۇق بولۇپ سۈمۈرۈلمىگەن بولسا ياكى مۆتىدىل بولسا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ماددا پۈتلىسمان قويۇق بولسا ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈش توغرا ئەمەس. بىراق سۇيۇلدۇرغاندىن كېيىن ھەرىكەتلەندۈرسە بولىدۇ. ماددا قويۇلۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى ھەرىكەتلەندۈرۈشمۇ پايدىلىق. چۈنكى ماددا قويۇلمىغاندا سۈرۈشكە ئاسان بولىدۇ. ماددىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى ھەزىم بۇزۇلۇش، مۇچىلەردە ئاغرىش بولۇش، ھەر خىل ئىششىق پەيدا بولۇش، قورساق كۆپۈش قاتارلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق ئىگىلەشكە بولىدۇ.

ئىبنىسىنا يەنە مۇنداق دېگەن: ئەگەر كېسەللىك ماددىسى كۆپ ۋە ھەرىكەتلىك بولسا داۋالاشنىڭ دەسلىپىدىلا تازىلاش ئېلىپ بېرىش، ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتمەسلىك لازىم. چۈنكى ماددا باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ، مەزكۇر ئورۇندا باشقا كېسەللىك پەيدا قىلىش خەتىرى بولىدۇ.

شۇڭا، بەقرات: ئۆتكۈر، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە تۇنجى كۈنى تازىلاش ئېلىپ بېرىش لازىم. ئەگەر كېچىكتۈرۈلسە ماددا باشقا ئەزالارغا يۆتكىلىپ، خەتەرلىك بولغان باشقا كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى مۆتىدىل ھالدا بولسا ماددىنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر ماددىنى پىشۇرماي تۇرۇپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلسا، سۇيۇق ماددىلار چىقىپ كېتىپ، قويۇق ماددىلار قېپقال-سا، ماددىلارنىڭ پىشىشى تەسكە توختايدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ، دېگەن.

ماددىلارنى پىشۇرماي تۇرۇپ سۈرگە ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئالاھىدە ئەھ-مىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ماددىلارنىڭ چىقىپ كېتىش يوللىرىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىش، سۈرگە بېرىشتىن بۇرۇن تەبىئەتنى يومشىتىپ، ئۈچەيدە قېتىپ قالغان گەندىلەر-نى چىقىرىپ تاشلاش، ھارارەتنى پەسەيتكۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تومۇرلارنى ئاچقۇ-

چى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە ماددىنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

مۇنزىچتىن بۇرۇن سۈرگە بېرىشتە دىققەت قىلىدىغان شەرتلەرنىڭ يەنە بىرى ماددا سۇيۇق ۋە ھەرىكەتچان بولۇشى، ئەزالاردا توسۇلۇپ قالمىغان بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ماددىنى پىشۇرۇش جەريانىدا، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بەرداشلىق بېرەلمىسە، ماددىنى پىشۇرماي تۇرۇپ سۈرگە بەرسە بولىدۇ.

ئەگەر ماددا قويۇق - سۇيۇقلۇقى نورمال بولۇپ كانال ئەزالاردىن يىراق بولسا، ماددىنى چوقۇم پىشۇرۇش لازىم. مەيلى سوزۇلما ياكى جىددىي كېسەللىك بولسۇن، ماددىنى پىشۇرۇش شەرت.

كېسەللىك ماددىسى قويۇق بولسا ماددا پىشىشتىن ئىلگىرى ھەرگىز سۈرگە بەرمەسلىك لازىم. ماددىنىڭ قويۇقلۇقىنى سۇيۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

دىققەت قىلىدىغان شەرتلەرنىڭ يەنە بىرى، كېسەللىك ماددىسى كۆپ، قوزغىلىشچان بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنداق بولغاندا ماددا يەنە باشقا بىر ئەزاغا يۆتكىلىپ، خەتەر پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ماددا بەك قويۇق بولماسلىقى ھەمدە بەك چاپلاشقاق بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇلارمۇ تازىلاش ئارقىلىق ماددا ئۆتكەن ئەزالاردا چاپلىشىپ قېلىپ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ بەك ئاجىز بولماسلىقى لازىم.

ئەگەر ماددا بەك كۆپ بولۇپ، دەرھال تازىلاش ئېلىپ بېرىلمىسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولسا، ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتمەستىن تازىلاپ ئېلىپ بېرىپ ھەيدەپ چىقىرىش لازىم.

ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تازىلاشتىكى مەقسەت ماددىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ۋە يوقىتىش بولماستىن، بەلكى ئازلىتىش، ئازلاتقاندا تەبىئەتتە يەڭگىلەش بولىدۇ.

بارلىق تېۋىپلار بىردەك مۇنداق قاراشتا بولۇشى، يەنى ماددىنى پىشۇرۇشتىن بۇرۇن سۈرگە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىدە بەدەندە تەبىئەتنى كۈچلەندۈرگۈدەك ماددا قېلىشى لازىم.

ئەگەر ماددىنى تامامەن يوقىتىش مەقسەت قىلىنسا، ماددىنى پىشۇرۇشتىن بۇرۇن تازىلاش ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان شەرت ھازىرلانغان بولسا، ئاندىن ماددا پىشىشتىن بۇرۇن تازىلاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا تېۋىپلار بىردەك مۇنداق قارايدۇ: ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈشى لازىم. كېسەللىك جىددىي خاراكتېرلىك بولسا ماددا پىشىشتىن بۇرۇن تازىلاش ئېلىپ بېرىش توغرۇلۇق ئۇرغۇن ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت.

بىراق تازىلاش ئېلىپ بېرىش دېگەن كۆزقاراش بىرقەدەر كۆپلۈك.

5. تازىلىماقچى بولغان ماددىنىڭ نورمال ھالىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قانچىلىك ئېشىپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەش لازىم. چۈنكى ماددا بەك ئاز بولسا، بەك ئاجىزلاش كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ماددىنىڭ مىقدارى ھەر خىل ئالامەتلىرى قاتارلىقلارنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىش كېرەك.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ماددىنى تازىلاش ۋە ھەيدەپ چىقىرىش تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى ماددىنى يىراق بولغان قارشى تەرەپكە تارتىش، يەنە بىرى ماددىنى يېقىن بولغان قارشى تەرەپكە تارتىش، تارتىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاقىت بەدەندە ماددا توشۇپ كەتمىگەن ۋاقىت بولۇشى لازىم ۋە ماددا تارتىلىدىغان ئەزا يەنى قارشى تەرەپكە يۈزلەنمىگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەگەر بەدەندە ماددا توشۇپ كەتكەن بولسا، ماددىنى يەنە بىر تەرەپكە تارتقاندا تارتىلغان ئەزا، يەنى ماددا يۆتكەلگەن ئەزادا ماددا كۆپ توپلىنىشىپ قېلىپ، سۇمۇرۇلگەن ئەزا يەنى ئەسلىدە مادا توپلاشقان ئەزاغا ماددىلار قايتا يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددىنى تارتقاننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. بەلكى بۇرۇنقىدىن بەكرەك كۆپ كېسەللىك يۈز بېرىدۇ.

بەدەندە چىقىش يوللىرىغا يېقىن ۋە يىراقتىكى ماددىلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئەرلەردە باش ساھەسىدىكى ئەزالار ئىچىدە ئېغىزدىن قان كەلسە ياكى مەلۇم بىر ئورۇندا قاناش يۈز بەرسە، بۇرۇننى قانىتىش ئارقىلىق، ئاياللاردا بولسا بوۋاسىرنىڭ قېنى كۆپ ئاقسا ماددىنى يېقىن يول ئارقىلىق چىقىرىش ئۈچۈن ھەيزنى راۋانلاشتۇرغۇچى داۋالاش تەدبىرلىرىگە قوللىنىش لازىم.

ئەگەر ماددىنى تۆۋەن تەرەپتىن چىقارماقچى بولسا، پاچاقتا قانلىق لوڭقا قويسا بولىدۇ. ئەگەر ئۈستى تەرەپتىن تارتماقچى بولسا، ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىغا قانلىق لوڭقا قويسا بولىدۇ. بەزىدە كۆز ساھەسىدىكى ماددىلارنى چىقىرىش ئۈچۈن باش چوققىسىغا قانلىق لوڭقا قويسا بولىدۇ.

ئەگەر ماددا باشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسا، سول پاچاقتا لوڭقا قويۇش، سول تەرەپتە بولسا ئوڭ تەرەپكە لوڭقا قويۇش لازىم. ماددىنى يىراق تەرەپكە تارتىشتىكى مەقسەت ماددىلارنىڭ توپلىنىشىپ قېلىشىنى چەكلەش، بۇ ئارقىلىق يەرلىك ئورۇندىكى ئاغرىقمۇ يېنىكلەيدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، تازىلاشتا ئاشقازاندىكى ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئەڭ ئاسان، بوغۇملاردىكى ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ناھايىتى قىيىن. چۈنكى بۇ ئورۇندىكى ماددىلار قويۇلۇپ ۋە قېتىشىپ قالغان بولۇپ، تومۇرلارنىڭ ئېغىزىمۇ كىچىك، دورىلارنىڭ يېتىپ كېلىشىمۇ قىيىندۇر.

بەدەندە ماددىلار كۆپ توپلىنىشىۋالغاندا، ئۇلارنى ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق چىقىرىپ

تاشلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە تەس سىڭىدىغان، ھەزىم بولمايدىغان خام - يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن تازىلاش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

قان خىلتىنى باشقا خىلتلارغا ئوخشاش ئىستىفراغ قىلغىلى بولمايدۇ. قان خىلتى بەزىدە مىقدار جەھەتتە ئارتىپ كەتسە، بەزىدە كەيپىيات جەھەتتە بۇزۇلۇش بولىدۇ. بۇنى تازىلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى قان ئېلىشتۇر.

ھەرقانداق تازىلاش تازىلاش بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، كۆپ ھاللاردا قىزىتما پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ يوقىلىشىدىن روھ، قۇۋۋەتلەر كۆپ تارقاپ كېتىدۇ. نەتىجىدە كۆندىلىك قىزىتما يۈز بېرىدۇ.

تازىلاش جەريانىدا يېمەك - ئىچمەك ئوبدان تەڭشەلمىسە، ئەزالاردا قورغاقلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر تازىلاش توختاپ قالسا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. تازىلاش قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە كېسەل شىپا تاپالايدۇ.

داۋالاشنى قوبۇل قىلىدىغان كېسەللىكلەر سەۋەبلىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق ساقىيىپ كېتىدۇ. بەزىدە سەۋەبنى يوقاتقاندىن كېيىن داۋالاش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن: قولاق سۇپىرىسى ياللۇغى ۋە بۇرۇن شىللىق پەردە ياللۇغىدا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى سەۋەب ياللۇغ يوقىتىلسا، كۆز قاراڭغۇلىشىش ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، تازىلاشتىن كېيىن قالغان قالدۇق ماددىلارنى قايتا تازىلاش زۆرۈرىيىتى بولغاندا، تازىلاش تەدبىرلىرى ئۈچۈن بەك كۆچەپ كەتمەسلىك لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، بەدەن قۇۋۋىتى بەك تۆۋەنلەپ، نەتىجىدە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما يۈز بېرىشى مۇمكىن، ھەتتا بەزىدە ھوشسىزلىنىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر تەبىئەت قالدۇق ماددىلارنى ئۆزلۈكىدىن چىقىرىپ تاشلىيالىسا، دورا ئارقىلىق ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق تازىلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

بەزىدە ماددا بەك كۆپ بولسا بىماردا ھوشسىزلىنىش كۆرۈلگەنگە قەدەر تازىلاش ئېلىپ بېرىش لازىم. كۆپ قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى بولسا، بىر قېتىمدىلا كۆپلەپ تازىلاش ئېلىپ بارماسلىق لازىم. چۈنكى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەگەر ماددا بەك چاپلاشقاق ۋە ئارىلاشما بولۇپ، بەدەن قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسا، ماددىنى بىراقلا بىر قېتىمدا سۈرۈپ چىقىرىش ياخشىراق.

ئەگەر كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىش توغرا كەلسە، تازىلاشنى تەكرار بىر نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر قېتىملىق سۈرگىدىن كېيىن مۇنزىج بېرىش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ.

شۇنداق قىلغاندا تەبىئەت كۈچى نورمال ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇنزىج بېرىشتىكى سەۋەب

چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغان ماددىلارنىڭ ئاسان ۋە تولۇق چىقىپ كېتىشى ئۈچۈندۇر. بولۇپمۇ سوزۇلما ئىرقۇننىسا، رېماتىزم، سەرتان، سوزۇلما خاراكتېرلىك قوتۇر قاتارلىق-لاردا ماددا ناھايىتى كۆپ ھەم ئارىلاشما بولىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، سۈرۈش بىلەن قەي قىلدۇرۇش، قان ئېلىش، ماددىنى ھەيدەپ چىقىرىش قاتارلىقلارنىڭ پەرقى شۇكى، سۈرۈش بولسا ماددىنى ئۈستىدىن ئاستىغا تارتىش ئارقىلىق ئاسان يوللار ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاشتۇر. چۈنكى سۈيۈقلۇقلار ئۆزى-نىڭ تەبىئىي ئېغىرلىقى ئارقىلىق ئۈستىدىن ئاستىغا سىيرىلىپ چۈشىدۇ. ئۇنى سۈرگە دورىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ياكى ماددىنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى ئارقىلىق چىقىپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ماددا ئاستى تەرەپكە ئورۇنلاشقان بولسا، سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر ماددا تومۇرلاردا بولسا، جىگەر تەرەپكە تارتماستىن ئۈچەي تەرەپكە ئېتتىرىش لازىم. ئەگەر تومۇردىن باشقا ئورۇندا بولسا يەنى بوغۇملاردا بولسا، ئۇنى قارشى تەرەپكە تارتىش تەدبىرلىرى قوللىنىش لازىم.

قەي قىلدۇرۇش سۈرگىنىڭ ئەكسىچە بولغان تازىلاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاستىدىن ئۈستىگە تارتىش ئۇسۇلىدۇر.

قان ئېلىش ھەر خىل بولىدۇ، بەزىدە ئاستىدىن ـ ئۈستىگە، بەزىدە ئۈستىدىن ئاستىغا ئورۇن ئېتىبارى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن ئۇ ناھايىتى ئاز ساندا قوللىنىلى-دۇ. بۇ تەدبىرنى قوللانغاندا، بىمار ياخشى ئوزۇقلانغان بولۇشى، ئوزۇقلۇقلار ياخشى سىڭگەن بولۇشى لازىم.

سۈرگە ئىشلىتىش ئۇسۇلى، كلىزما، قەي قىلدۇرۇش، قان ئېلىش، لوڭقا قويۇش، زۇلۇك قويۇش قاتارلىقلار كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك سەھىپىلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

تۆۋەندە ھەرقايسى خىلتلارنى تەكشەش، تازىلاش ۋە ئۇ خىلتلاردىن پەيدا بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش تەدبىرلىرى تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ.

قاندىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى:

قاندىن بولغان كېسەللىكلەردە كۆپىنچە تازىلاش، قان ئېلىش، زۇلۇك قويۇش قاتار-لىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. زۇلۇك قويۇش لوڭقا قويۇشقا قارىغاندا كۈچلۈكرەك تازىلاش ھېسابلىنىدۇ، قان ئېلىش 12 ياشتىن ئاشقان، 60 ياشتىن تۆۋەن بىمارلارغا ماس كېلىدۇ. لوڭقا قويۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئاينىڭ 16 ～ 17 ـ كۈنلىرى، قان ئېلىش باشلىغان كۈنلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، قانداق ۋاقىتتا قان ئالسا لوڭقا قويسا بولىدۇ. بىراق بوھران كۈنلەردە، ھامىلىدار ئاياللارغا، ھەيزدارلارغا، ئۈچەي تۇسۇلغان بىمارلارغا، بەك سېمىزلارغا، بەك ئورۇق، ئاجىزلارغا قان ئېلىش ۋە قەي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرى ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن قان ئالسا ۋە قەي قىلدۇرسا

ھوشسىزلىق يۈز بېرىدۇ.

سەپرا مىزاجلىق بىمارلارغا قەي قىلدۇرۇش ۋە قان ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش. تىن بۇرۇن ئانار شەربىتى، ئالما شەربىتى، بەلغەم مىزاجلىقلارغا گۈلقەنت ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇرابباالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. تېۋىپ يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قوللانغاندا ئەڭ ياخشىسى، كۈندۈزى قوللىنىپ ئەھۋالنى ئوبدان كۆزىتىپ تۇرۇشى لازىم.

باش ساھەسىدىن قان ئېلىش بويۇننىڭ ئۈستى قىسمىدىكى ئەزاالارنى تازىلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىش بويۇن ئاستى تەرەپتىكى ئەزا كېسەللىكلىرىگە پايدىلىق. ھەپتى ئەندام تومۇردىن قان ئېلىش ئومۇمىي بەدەن كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. ھەببۇززەرائ تومۇرىدىن قان ئېلىش بەل ئاستى تەرەپتىكى كېسەللىكلەرگە پايدىلىق. باسلىق ۋە ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىش جىگەر ۋە تال كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئۇسەيلىم تومۇرىدىن قان ئالغاندىن كېيىن قولنى ئىللىق سۇ بىلەن يۇيۇش ياكى بىردەم چىلاپ تۇرۇش لازىم.

ئىرقۇننىسا تومۇردىن قان ئېلىش ئولتۇرغۇچى نېرۋا ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇم ئاغرىقى، پۇت تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى بولۇپ قېلىشى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق. ساپىن تومۇردىن قان ئېلىش ھەيزنى راۋان قىلىدۇ. ئولتۇرغۇچى نېرىپ ئاغرىقى كېسەللىك ماددىسىنى ئاستى تەرەپكە تارتىدۇ. يوتا ئاستى يەنى تىزئوپمىنى ئاستىدىكى مابىز تومۇرىدىن قان ئېلىش ھەيزنى راۋان قىلىدۇ. مەقئەت كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ. ئېغىز يارىسى، ئېغىز پىشلىقى، مۇدۇرچاق قاتارلىقلار ئۈچۈن تىل ئاستى تومۇرى ۋە ئېڭەك ئاستى تومۇرىدىن قان ئېلىش كېرەك. بۇ خەنناق، بادامسىمانبەز ياللۇغى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

لوڭقا قويۇش بولسا شۇ ئەزانىڭ ئۆزىنى تازىلاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇنىڭ زىيىنى رەئىس ئەزاالارنىڭ قۇۋۋەت ۋە روھلىرىنى تۆۋەنلىتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەئىس ئەزاالارغا بەك يېقىن جايلارغا لوڭقا قويماسلىق لازىم.

لوڭقىنى ئاساسەن پاچاققا، ساپىن ۋە ئۇكھەل تومۇرلىرىغا قويۇش لازىم. ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويسا، باسلىق تومۇرىدىن قان ئالغان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لوڭقىنى نەشتەرسىز قويسا، ماددىنى قارشى تەرەپكە تارتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا يەللەرنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىقلار ئۈچۈنمۇ قويۇلىدۇ.

قان خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى:

قاننىڭ قاينىشى ۋە ئوفۇنەتلىنىشىنى تەڭشىگۈچى دورىلار كاسىنە، ئۇسۇڭ، كەشنىز (يومغاقسۇت)، قىزىلگۈل، لىمون سۈيى، سىركەنجۇبىل، چىلان شەربىتى، سەندەل شەربىتى، قاپاق شەربىتى قاتارلىق قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار.

ئەگەر قان خىلتىغا سەپرا خىلتى ئارىلاشسا قان سۇيۇق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھالدا قان ۋە سەپرا خىلتلىرىنىڭ ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. قاننىڭ ئۈستىگە سېرىق رەڭلىك كۆپۈك ئۆرلىگەن بولىدۇ. بۇنداق ھالدا تۆۋەندىكى سەپرا خىلتىنى سۈرگۈچى دورىلارنى بېرىش لازىم. سېرىق ھېلىلە، چىلان شەربىتى، ئەدەس سۈيى، كاسىنە سۈيى قاتارلىقلار پايدىلىق.

ئەگەر قان خىلتىغا بەلغەم خىلتى ئارىلاشقان بولسا، قان خىلتى سۇيۇق بولۇپ، بەلغەم خىلتى ئېشىپ كەتكەنلىك ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. قاننىڭ رەڭگى ئاققا مايىل بولىدۇ. بۇنداق ھالدا بەلغەم خىلتىنى سۈرگۈچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەنى ھېلىلە كابىلى ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلاردىن بالەگو، رەيھان، پىرسىياۋشان قاتارلىقلار، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇق ئىسسىققا مايىل دورىلار ماس كېلىدۇ. بەدەننى مۇجۇش، نورمال بەدەن چېنىقتۇرۇش ناھايىتى مۇۋاپىق.

ئەگەر قان خىلتى قويۇق بولسا سۇيۇلدۇرغۇچى دورىلارنى قوللىنىش لازىم. مەسىلەن: سىركەنجىۋىل، ئەينۇلا سۈيى، بەدىيان سۈيى، شاھتەررە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان خىلتىغا سەۋدا خىلتى قوشۇلۇپ كەلگەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، قاننىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سەۋدانىڭ سۈرگە دورىلىرى بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان خىلتىغا قويۇق بەلغەم خىلتى ئارىلاشقان بولسا، بەلغەم خىلتىنىڭ ئارىلاشقانلىق ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەلغەم خىلتىنى پىشۇرغۇچى ۋە سۈرۈپ چىقارغۇچى، بەلغەم خىلتىنى سۈرگۈچى چۇچۇمەل دورىلارنى بېرىش ئەڭ مۇۋاپىق.

سەپرا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى:

تۆۋەندىكى سەپرا خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچى مۇنزىجىنى تۆت كۈن بېرىش لازىم. يەرلىك شوخلا، گۈلبىنەپشە، قىزىلگۈل، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، شاھتەررە، كاسىنە ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گرامدىن، نىلۇپەر بەش گرام، چىلان، ئەينۇلا بەش داندىن، ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بىرلا قايناتىپ سۈزۈپ، گۈلقەنت ياكى خېمىرى بىنەپشىدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قايناتىپ سۈزۈپ، ئىغىر تەپ قاتارلىق سەپراۋى كېسەللىكلەر ئۈچۈن بېرىپ ماددا پىشۇرۇلىدۇ. سۈرگە بېرىلىدىغان كۈنلەردە خىيارشەنبەر، تەمرى ھىندى، گۈلقەنتتىن 48 گرامدىن، بادام مېغىزىدىن بەش دانە قوشۇپ سۈرگە ئۈچۈن بېرىلىدۇ. بۇ سۈرگىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولىدۇ.

ئەگەر سۈرگە ئىچىۋاتقان كۈنلەردە بىماردا سۇسىزلىنىش يۈز بەرسە، ئەرقى كاسىنە ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئارپا ئېشى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا نوقۇت ياكى ماش تامىقى بېرىلىدۇ. سۈرگىنى ئارقىمۇ ئارقا بەرمەسلىك، ھەرئىككى كۈندە

بىر قېتىم بېرىش لازىم. ئارىلىقتا بېھى ئۇرۇقى لوئابى يەتتە گرام، بىنەپشە شەربىتى 24 گرام، ئىسپىغول لوئابى ئالتە گرام بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى سۇرگە كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ قەي قىلدۇرغان بولسا، خىيارشەنبەر، گۇلقەنت، تەرەنجىبىن، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنى ئەرەقلەر بىلەن چىلاپ سۈزۈپ، يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇسۇل بويىچە بادام مېغىزى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇ سۇرگە تەسىر كۆرسەتمىسە، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرنى ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك شىيافلار (شامچە) نى ئىشلىتىش ئارقىلىق سۇرگىگە ياردەم بېرىش لازىم ياكى شەربىتى ۋەرد مۇكەررەردىن 48 گرامنى سوغۇق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تەرەنجىبىن، سوپۇن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاش تۇزى ھەربىرىدىن 20 گرامدىن، قىزىل شېكەر 10 گرام، قائىدە بويىچە كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر سۇرگە ئۇچۇن قەي قىلدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بىمار بولسا، سۇرگە بېرىشتىن بىرەر كۈن بۇرۇن ئاشقازاننى كۆچلەندۇرگۈچى دورىلاردىن ئانار شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرانى تەڭشىگۈچى دورىلاردىن ئىسپىغول لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، كاسنە ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ.

يۇمغاقسۈت چىلانغان سۇ بىلەن ئەرقى گۇلگە سەندەلنى چىلاپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ھارارەتنى پەسەيتىدۇ.

كۆك كاسنە سۈيى ۋە بارلىق چۇچۇمەل نەرسىلەر سەپرانى تەڭشەيدۇ ۋە قاننى تازىلايدۇ. سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئۇسۇك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى، كاپۇر (ئىككى بۇغداي چوڭلۇقىدا بولسىلا) ھارارەتنى چۈشۈرىدۇ ۋە سەپرانى تەڭشەيدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كاپۇر، ئەينۇلا شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار پايدىلىق.

بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى:

بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ مۇنزىچى ئۈچۈن كاسنە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، ئىزخىر يىلتىزى، بەديان، پىرسىياشاننىڭ ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ئاقلانغان چۇچۇكبويا يىلتىزى بەش گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 12 دانە، سېرىق ئەنجۈر بەش دانە، ئۇستقۇددۇس يەتتە گرام ئېلىپ، ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گرام گۇلقەنت ئەسلي ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بۇلارنى بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق تۇربۇت بەش گرام، غارىقۇن ئىككى گرام، سانا 12 گرام، خىيارشەنبەر 48 گرام، شىرخىست 48 گرام، گۇلقەنت 48 گرام قاتارلىقلارنى يۇقىرىقى مۇنزىچقا ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق

مىقداردىكى رەۋغىنى بىدەنجىرنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇرگە تەسىرنى ئۇڭشاش ئۈچۈن مەستىكى رۇمى ئۈچ گرام، ئاق شېكەر 10 گرام، ئۇلارنى ئەرقى بەديان بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. سۇرگە ئىچىۋاتقان كۈنلەردىكى تامىقى ئۈچۈن چۇشلۇك تامىقىغا گۆش شورپىسى، كەچ ۋاقتىدا شويلا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. سۇرگىنىڭ ئىككىنچى كۈنى 24 گرام گۈلقەنتنى 48 گرام ئەرقى بەديياندا ئېرىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا رەيھان ئۇرۇقىدىن تۆت گرام قوشۇپ قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ھەببى ئايارەج بېرىش مۇۋاپىق دەپ قارالسا بېرىش كېرەك. ئىككى قېتىم سۇرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن 2 ~ 3 كۈن يەنە مۇنزىج بېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەجتىن ئۈچ گرام ئېلىپ، بادام يېغى ياكى كالا يېغى بىلەن ياغلاپ، كۆمۈش ۋاراققە ئوراپ، قايناق سۇ بىلەن بىمارغا ئىچكۈزۈش لازىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى كۈن ھەركۈنى ئەتىگەندە مۇنزىج دورىلارنىڭ تەركىبىگە سۇرگەچى دورىلارنى قوشۇپ ئىچكۈزۈش لازىم. مەسىلەن: خىيارشەنبەر، بىدەنجىر يېغى قاتارلىقلار، يېمەك ـ ئىچمەك ئورنىدا ئەرقى بەديان، گۈلقەنت، رەيھان ئۇرۇقى قاتارلىق-لارنى قائىدە بويىچە تەييارلاپ بېرىش كېرەك.

ئۈچ قېتىم مۇسھىل دورا، بىرقېتىم ھەببى ئايارەجنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قائىدە بويىچە بېرىش. سۇرگە دورىلار ئىمكانقەدەر كۈچلۈكرەك بولۇشى لازىم. بولمىسا سۇرەلمەي بىمارنى بەك بىئارام قىلىپ قويىدۇ.

بەلغەم خىلتىنى تەڭشىگۈچى دورىلار: بەديان، رۇم بەديان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەرەنجاسىپ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، قاقىلە، زىرە، دارچىن، سۇمبۇل تىپ قاتارلىق قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بولۇپ، ئەگەر ئوفۇنەتلەنگەن بەلغەم خىلتى تومۇرلاردا توسۇلۇپ قالغان بولسا، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى ناھايىتى مۇۋاپىقتۇر.

ئەگەر بەلغەم خىلتى ھەقىقەتەن ئوفۇنەتلەنگەن بولسا، ئىشلەتمەكچى بولغان دورىلار تەبىئىتى بەكرەك ئىسسىق بولۇشى، بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ سەپرانىڭ دورىلىرىنى بەلغەم خىلتىنىڭ دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

بەلغەم خىلتىنى تەڭشىگۈچى پىششىق دورىلاردىن مەجۇنى پالاسپە، مەجۇنى سوم، داۋائى مىشكى ھار، جاۋارىش جالىنۇس قاتارلىقلارنى تەپ بولمىغان ئەھۋالدا بېرىش لازىم.

ئەگەر تەپ بولسا قۇرسى گۇل، قۇرسى غاپەس، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى مۆتەدىل ۋە سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ھار قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

مۇنزىج ۋە مۇسھىل دورىلار ئۈچۈنمۇ تۆۋەندىكىدەك سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن: بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، خوخا، ئىلمەكپۇشتى يېغىنىڭ ئورنىدا بادام مېغىزى شىرىسى ياكى بادام يېغى قاتارلىقلار.

سەۋدا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇلى:

سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سەۋدانىڭ مۇنزىچىنى بېرىش لازىم. سەرپىستان 11 دانە، چىلان بەش دانە، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، چۇچۇكبويا يىلتىزى ھەربىرى تۆت گرامدىن، پىرسىياۋشان بەش گرام، بەدىيان، شاھتەررە، ئۇستىقۇددۇس ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ، گۇلقەنت، تەرەنجىبىن ھەربىرىدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ مۇنزىچ خىلىتلار كۆيۈشىدىن ھاسىل بولغان سەۋدا خىلىتى ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ.

ھەرقايىسى خىلىتلارنىڭ كۆيۈشىدىن سەۋدا خىلىتى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇنزىچ بەرگەندە سەۋدا خىلىتى قايسى خىلىت كۆيگەندىن ھاسىل بولغان بولسا، شۇ خىلىتقا قارىتا مۇنزىچ ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، سەۋدانىڭ مۇنزىچىنى قوشۇپ بېرىش لازىم.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى كەڭ ۋە يۇمشاق بولسا، سۈيدۈك دۇغ ۋە قويۇق، رەڭگى ئاققا مايىل بولسا، قەسبۇزەرىرە، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەچ ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ئەپسەنتىن، ئۈچ خىل ھېلىلە (سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە، بېلىلە) ھەربىرى ئالتە گرامدىن، سانا، ئەفتىمۇن ھەربىرى توققۇز گرامدىن ئېلىنىدۇ، سانا بىلەن ئەفتىمۇننى بىر خالتىغا سېلىپ، دورىلارنى قايناتقاندا خالتىنى چۆكەر - چۆكمەس ھالەتتە ئېسىپ قويۇپ قايىنىتىپ، سۈزۈپ، سىم ئەلگەكتىن سۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن غارىقۇن تالقىنىدىن ئىككى گرام ئېلىپ قوشۇپ، سۈرگە ئۈچۈن بېرىش لازىم.

سەپرا خىلىتى كۆيگەندىن ھاسىل بولغان سەۋدا خىلىتى ئۈچۈن سوۋۇتۇش ۋە تىنچلاندۇرۇشقا كۆپرەك دىققەت قىلىش لازىم، تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى ئەفتىمۇن بېرىشمۇ ناھايىتى پايدىلىق.

سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ھەر ئىككى سۈرگە ئوتتۇرىسىدا پىشۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

بەلغەم خىلىتى ۋە سەۋدا خىلىتى كۆيگەندىن ھاسىل بولغان سەۋدا خىلىتى ئۈچۈن ئەينۇلا بەش دانە، گاۋزىبان گۈلى بەش گرام، قىزىلگۈل، كاسىنە ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كاسىنە يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزى ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، ئەنجۈر قېقى بەش دانە قاتارلىقلارنى سەۋدانىڭ مۇنزىچى بىلەن قوشۇپ بېرىش.

ئەگەر ماددا پىشقان بولسا سۈرگە بېرىدىغان كۈنى يۇقىرىقى مۇنزىچقا بىستىپايەچ، ئەفتىمۇننى بىر خالتىغا سېلىپ، قەسبۇزەرىرە، ئۈچ خىل ھېلىلە (سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە، بېلىلە) غارىقۇن، تۇربۇت، سانا، خىيارشەنبەر، بادام يېغى ياكى بادام مېغىزى شىرىسىنى قوشۇپ سۈرگە ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ماددا قويۇق بولسا مۇنزىچ دورىلارنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. سۈرگە ئۈچۈن ھەببى ئەفتىمۇن بېرىش ئەڭ مۇۋاپىق. سۈرگە ئىچىۋاتقان كۈنلەردە سوۋۇتۇش ۋە ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن كاسىنە گۇلقەنتى، گاۋزىبان لوئابى، ئانار شەربىتى، رەيھان

ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇرگە ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. مائۇلجەبىن سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

قەي قىلدۇرغۇچى تەدبىرلەر ھەر خىل خىلتتىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن پايدىلىق، قەي قىلدۇرغان ۋاقىتتا قورساق ۋە كۆزنى تېڭىۋېتىش لازىم.

قەيدىن كېيىن ئېغىزنى ئىلمان سۇ بىلەن چايقاش، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل ياكى ئەرقى گۈل بېرىش، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئازراق مەستىكى قوشۇپ، گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

سۇرگە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىلىزمىنىڭ تەركىبى سۇرگىنىڭ تەركىبى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك سۇرگە، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇرگە بېرىلىدۇ.

كىلىزما ئۈچۈنمۇ ئوخشاش، بىراق كىلىزمىدا ھېلىلەرنى قوشماسلىق لازىم. سۇنىڭ مىقدارىنى كۆپرەك قىلىش لازىم. قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى مۆتىدىل بولۇشى ھەم ئىلمان بولۇشى لازىم. كىلىزما نۆكچىسىنىڭ ئۈچىنى ياغلاش لازىم. سۇرگە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىلىزمىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ئىلمان سۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك ياغلار ئارقىلىق كىلىزما قىلىش ياكى تۇز سۈيى ئارقىلىق كىلىزما قىلىسىمۇ بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش ۋە شەكىل بۇزۇلۇش (تەركىبى) كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا، ئومۇمىي بەدەنلىك داۋالاش، مەخسۇس ئەزانى داۋالاش، ئىششىق ۋە مۇدۇرچاق قاتارلىقلارنى داۋالاش بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

ھەكىم مەسىھى مۇنداق دەيدۇ: كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، داۋالاشتا ئۇلارنىڭ قارىمۇ قارشىسى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. مەسىلەن: مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا تەبىئەت جەھەتتە ئۇلارنىڭ مىزاجى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: سوغۇق بولسا ئىسسىق، ئىسسىق بولسا سوغۇق، ھۆل بولسا قۇرۇق، قۇرۇق بولسا ھۆل.

ئەگەر بىماردا يىرىكلىك بولسا يۇمشاتقۇچى، بەك يۇمشاق بولسا قۇرۇتقۇچى، يىرىكلەشتۈرگۈچى تەدبىرلەرنى ۋە شۇنداقلا پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى ئۇنىڭ قارشى ئۇسۇللىرى ئارقىلىق داۋالاش لازىم. پۈتۈنلۈكى بۇزۇلغان ئورۇننى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىش ھەمدە ھەر خىل يات نەرسىلەرگە تېگىپ كېتىش، ساقىيىشىنىڭ كېچىكىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. كېسەللەنگەن ئەزانىڭ مىزاجىغا قاراپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ساقىيىشىنى كۈتۈش لازىم.

# بىرىنچى باب    باش كېسەللىكلىرى
# امراض دماغ واعصاب

## بىرىنچى پەسىل    مېڭە كېسەللىكلىرى
## امراض دماغ

مېڭە كېسەللىكلىرى مېڭە خىزمىتىنىڭ نورمال بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھەرخىل كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل كېسەللىكلەر كېسەللىك سەۋەبلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن:

خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ خىلتسىز ھۆللۈكتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ بۇخاراتتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ توسۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ ياللۇغلىنىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ باشقا سەۋەبلەردىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ مېڭە پۇتۇنلۇكى بۇزۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى؛ باشقا ئەزا كېسەللىكلىرىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندە مېڭە كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش ھەمدە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بىر- بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. مېڭە كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش:
استدلال امراض دماغ

#### 1) مېڭىنىڭ خىزمىتى (فۇنكسىيىسى) ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:
استدلال کلی از افعال دماغ

بۇنىڭدا ئەگەر مېڭىنىڭ خىزمەتلىرى نورمال ۋە ياخشى بولسا، بۇ مېڭىنىڭ ساغلام

ئىكەنلىكىنى، ئەگەر مېڭىنىڭ خىزمەتلىرى نورمال ۋە مۇكەممەل بولمىسا، بۇ مېڭىنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادەتتە مېڭىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىدە ئاجىزلاش ياكى كېمىيىش، غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش ياكى تۆۋەنلەش، يوقىلىش قاتارلىق ئۈچ خىل بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

**2) روھىي سەزگۈرلۈك ھەرىكىتى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:**

استدلال از احوال نفسانی حسیه

مېڭىنىڭ سېزىش خىزمىتى (ئەپئالى ھىسسىيە) دە بۇزۇلۇش ياكى كېمىيىش ۋە ياكى ئىككىلىنىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدە بىرەر قانداق غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىش، يەنى كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى نورمال بولماسلىقى، مېڭىنىڭ سېزىش خىزمىتى (ئەپئالى ھىسسىيە) دە بۇزۇلۇش ياكى تۆۋەنلەش ۋە ياكى ئىككىلىنىش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەگەر بۇ بۇزۇلۇش كۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، بۇ سېزىش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەزالاردا بۇزۇلۇش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى: مېڭە كېسەللەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، كۆپىنچە مېڭىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككىنچى بىر ئەزادا كېسەللىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ ۋە بەزىدە باش ئېغىر بولۇش قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدە كۆزگە بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولۇش، بىرەر نەرسىنى ئېنىق تونۇيالماسلىق، رەڭگىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك، كۆزگە بىرەر كىمنىڭ سىماسى كۆرۈنۈپ قېلىش، كۆز ئالدى تۇمانلىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە ئاڭلاش سېزىمىدىمۇ كېسەللىنىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ھەر خىل ئاۋاز ئاڭلاش قاتارلىقلار. شۇڭا مېڭە كېسەللىكلىرىدە ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىملىرىنىمۇ تەشخىس قىلىش لازىم. كۆزنىڭ رەڭگىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئادەتتە مېڭىدىكى كېسەللىكنىڭ قايسى خىلىتتىن بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: كۆزنىڭ رەڭگىنىڭ قىزىل بولۇشى كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغانلىقىنى، سېرىق بولۇشى كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى، ئاق بولۇشى كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغانلىقىنى، قارا بولۇشى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاڭلاش سېزىمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ۋە توغرا ئاڭلىيالماسلىق ئوتتۇرا مېڭىگە قورۇقلۇق يېتىپ قالغانلىقىنى ياكى يەرلىك ئورۇندا يەرلىك ئىششىق ۋە يەل توسۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يىراقتىن بىرەر نەرسە كېلىۋاتقاندەك ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرۇشى ھۆللۈكنىڭ ئارتۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاڭلاش سېزىمىنىڭ ئاجىز

بولۇشى ياكى تامامەن يوقىلىشى ھۆللۈكىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز بولۇشى ياكى تامامەن يوقىلىشى سوغۇقلۇقىنىڭ ئارتۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوبدان پۇرىيالماسلىق كۆپىنچە خىلىتلارنىڭ مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا توختاپ قېلىپ ئوفۇنەت-لىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمار سېسىق پۇراق پۇراۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئەگەر جاراھەت ۋە يارا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا سېسىق پۇراق پۇراۋاتقاندەك ھېس قىلسا، بۇ ھارارەتتىن بولىدۇ. تېتىش ۋە پۇراش سېزىمىنىڭ ئاجىز بولۇشى بەزىدە مېڭىدە بىرەر خىلتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بىراق تېتىش ۋە پۇراش سېزىم ئەزالىرى مېڭىدىن يىراق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەزالارنىڭ بىرەرسىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولغان-لىق سەۋەبىدىنمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئادەتتە مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

3) مېڭىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:

استدلال از افعال سیاسیه

چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى مېڭە خىزمىتىنىڭ ياخشى مېڭىنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولغانلىقىنىڭ ۋە مېڭە مىزاجىنىڭ نورمال بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى، ئۇنىڭ ئاجىز بولۇشى مېڭىدە بىرەر كېسەللىك بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئويلىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولسا، مەسىلەن: شەكىل، خەتتاتلىق، ھەرپ قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشى، ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرى، نەرسىلەرنىڭ تەمى قاتار-لىقلارنى ئاسانلا يادلاش ۋە ئاسانلا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولسا، مېڭىنىڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئويلىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، يەنى ئەستە قالدۇرالماسلىق، ئەمەلىيەتتىن يىراق بولغان خىياللارنى قىلىش، تەپەككۇر قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى ياكى تامامەن يوقىلىشى قاتارلىقلار كۆپىنچە ئالدىنقى مېڭىدە سوغۇقلۇق ياكى قۇرۇقلۇق ۋە ياكى ھۆللۈكنىڭ غالىبلىقىدىن بولىدۇ. لېكىن قۇرۇقلۇق ياكى ھۆللۈك بىۋاستە، سوغۇقلۇق ۋاستىلىك بولىدۇ.

تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدا ئۆزگىرىش ۋە ئىككىلىنىش ئەھۋالى يۈز بېرىش كۆپىنچە ھارارەتنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلى-شى زىھابول ئەقىل (ئەقىل يوقىتىش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئاجىز بولۇشى ياكى كەم بولۇشى ھەقىق (ھاماقەتلىك) دېيىلىدۇ. ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدا-

رىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يوقىلىشىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ئوتتۇرا مېڭىگە سوغۇقلۇق ياكى قۇرۇقلۇق ۋە ياكى ھۆللۈك يېتىپ قېلىشتىن بولىدۇ. ئەگەر بىمار قۇرۇق خىياللارنى كۆپ قىلسا ۋە بۇ توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى توغرا دەپ چۈشەنسە، بۇ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىش خىزمىتىدە بۇزۇلۇش ۋە نورمالسىزلىق يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈ-رىدۇ. بۇ تېبابەتتە «ئەقىل ئېلىشىش» دېيىلىدۇ. سەۋەبى ياللۇغلىنىش ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولسا، بىماردا قوپاللىق ۋە ئەخلاقسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بولسا، بىمار مۇمكىن بولمايدىغان قالايمىقان خىياللارنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ مالىخۇلىيا (تولا خىيا قىلىش) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ئەقىل ئېلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىدا ھۆرۈنلۇق ئالامىتى كۆرۈلسە، سوغۇقلۇقنىڭ سەۋەبىدىن؛ ئاچچىقى يامان بولسا، ئىسسىقلىقنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەقىل ئېلىشىشنىڭ سەۋەبى بەزىدە بىرەر ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئادەتتە ئەستە ساقلاش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى ياكى تامامەن يوقىلىشى كۆپىنچە ئارقا مېڭىگە سوغۇقلۇق ياكى ھۆللۈك ۋە ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ زىيادە تەسىر قىلغانلىقىدىن بولىدۇ.

ئەستە ساقلاش كۈچىنىڭ نورمال بولماسلىقى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماددىلىق بولسۇن ياكى ماددىسىز بولسۇن ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھەرقايسى خىزمەتلەرنىڭ نورمال بولماسلىقى ياكى تامامەن يوقىلىشى مېڭە پەردىسى ياللۇغلىنىش ياكى مېڭە پەردىلىرى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىغا سوغۇقلۇقنىڭ توپلىنى-ۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى خىزمەتلەرنىڭ نورمالسىز بولۇشى، سەپرا خاراكتېرلىك ياكى سەۋدا خاراكتېرلىك مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ياكى ماددىسىز ئىسسىق-تىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇخلاش ۋە چۈش كۆرۈشمۇ باشقۇرۇش خىزمەت تۈرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: سېرىق نەرسىلەرنى كۆپ چۈش كۆرۈش سەپرا خىلتىنىڭ غالىبلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رەڭدىكى نەرسىلەرنى چۈش كۆرۈش ئۆزىگە مۇناسىپ رەڭدىكى خىلتىنىڭ غالىبلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇخلاشنىڭ نورمال بولماس-لىقى ئىسسىقلىق ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئۇيقۇ كۆپىنچە ئۆتكۈر قىزىتمىلىق مېڭە كېسەللىكلىرىدە يۈز بېرىدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆپ كۆرۈش ۋە ئويغانغاندىن كېيىن ئېسىگە ئالالماس-لىق كۆپىنچە سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكنىڭ ئالامىتىدۇر.

**4) ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق مىجەزنى تەكشۈرۈش:**

استدلال از افعال حركيه

ھېس - تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتتە نورمالسىزلىقنىڭ بولۇشى ياكى ئۇنىڭ يوقىلىشى قىيامى سۇيۇق بولغان بىر خىل ھۆللۈكنىڭ ھېس ۋە ھەرىكەت ئەزالىرىغا توپلىنىشىۋالغانلىقىدىن، مىجەزنىڭ خىزمىتى بۇزۇلغانلىقتىن بولىدۇ.

ھېس ۋە ھەرىكەت ئەزالىرىغا قىيامى سۇيۇق بولغان ھۆللۈك توپلىنىشىۋالغاندا، ھېس ۋە ھەرىكەتنىڭ يوقىلىشى ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك بولىدۇ. مەسىلەن: سەكتە كېسەلىدە كۆرۈلىدۇ ياكى بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە ئومۇملاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخالاردا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكلەردە ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدا بولىدۇ.

ھېس ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاجىز بولۇشى ياكى تامامەن يوقىلىشى: بەزىدە مىجەزنىڭ ئۆزىگە قۇرۇقلۇق ياكى ئىسسىقلىق يېتىپ قېلىش ۋە ياكى مىگە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نېرۋىلارنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋال بىراقلا بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەت كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقتىن تەدرىجىي پەيدا بولىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا ھېس ۋە ھەرىكەتنىڭ بۇزۇلۇشى بىرەر ئەزاغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بەزىدە شۇ ئەزانىڭ ئۆزىدە بىرەر كېسەللىنىش بولغانلىقتىن، بەزىدە ئۇنىڭ سەۋەبى مىجەزدىن مەزكۇر ئەزالارغا غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ كېلىپ توپلىنىشىۋالغانلىقىدىن بولىدۇ. ئەگەر بىرەر ئەزادا مەخسۇس بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى بىراقلا بۇزۇلغان بولسا، بۇ خىلتسىز ھۆللۈكنىڭ غالىبلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇ بۇزۇلۇش تەدرىجىي پەيدا بولغان بولسا، مەزكۇر ئەزانىڭ ھەرىكەت سىستېمىلىرىغا خىلتسىز قۇرۇقلۇق زىيادە تەسىر قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بۇزۇلۇش مىجەزگە يېقىنراق ئەزالاردا مەسىلەن: باش سۆڭىكى ياكى مىجەزنىڭ ئۆزىدە يۈز بەرگەن بولسا، بۇنداق ھالەتتە ھەرگىزمۇ قۇرۇقلۇق غالىب بولمايدۇ.

ساغلام ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئىتتىك، چاققان بولسا، بۇ مىجەزنىڭ تۇغما قۇرۇق ئىسسىق مىزاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىش - ھەرىكەتتە بوشاڭ بولۇش ۋە تېنىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇش تۇغما ھۆل سوغۇق مىزاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كېسەللىكتە بىمارنىڭ بىئارام ۋە چىدامسىز بولۇشى مىجەزنىڭ مىزاجىنىڭ ئىسسىقلىقتىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مىگە خىزمىتىنىڭ بەكلا ئاجىز ھالەتتە مەۋجۇت بولۇشى يەنى مىگە خىزمىتى مەۋجۇت، ئەمما مىگە خىزمىتىنىڭ توختاپ قېلىشىغا مايىل بولۇشى

بۇ كېسەللىكتە سوغۇقلۇق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇخلاش، ئېغىر ئەمگەك قىلغان ۋە ھارغىنلىق بولمىغان ھالەتتە ئۇيقۇنىڭ كۆپ بولۇشى ھۆللۈك ياكى سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇخلاش بىلەن سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى بىرگە كۆرۈلسە، بۇ سوغۇقلۇق تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ھۆللۈكتىن بولغان ئۇخلاش بولىدۇ. ھەرقانداق سەۋەبتىن بولغان ھۆللۈك ئۇخلاشقا سەۋەبچى بولالايدۇ. ئۇخلاشنىڭ كۆپ بولۇشى كۆپىنچە ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھۆللۈك بەدەندە ئېغىرلىشىپ كەتسە، ئىستىرخا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ياشانغانلار ھۆل مىزاج بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئۇخلىمايدۇ. جالىنۇس «چوڭلاردا غىدىقلىغۇچى ھۆللۈكنىڭ پەيدا بولۇشى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىگە بىئاراملىق يېتىپ، ياشانغانلاردا ئۇيقۇ كەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**5) ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقتىكى چىقىرىندىلار ئارقىلىق مېڭىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش:**

استدلال افعال دماغ از ماده درزبان وبینی وگوش

مېڭىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشتە، ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاق قاتارلىق ئەزالار ئارقىلىق مېڭىدىن چىقىدىغان چىقىرىندىلار، چاچ، باشتا پەيدا بولغان ھەر خىل يارا، دانىخورەكلەر ۋە ئىششىقلارغا قاراپ مېڭىنىڭ تەبىئىي خىزمىتىنىڭ نورمال ياكى نورمالسىزلىقىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاق ئارقىلىق چىققان چىقىرىندىلارنىڭ كۆپلۈكى مېڭىدىكى ماددىلارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ دەلىلى، ماددىنىڭ كۆپ بولۇشى مېڭىنىڭ تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چىقىرىندىلار ئاز چىققان بولسا ياكى تامامەن چىقىپ بولالمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باش ئېغىرلىق، ئېچىشىش، تارتقاندەك ئاغرىش، باش قېيىش ۋە غىرىس - غىرىس ئاۋاز چىقىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، مېڭىدىكى چىقىرىندى ماددىلارنىڭ چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**6) ھەرخىل ئالامەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:**

استدلال احوال دماغ از علامات مختلفه

ئەگەر بىر نەرسە سانجىغاندەك ئاغرىش ۋە ئېچىشىش بىلەن بىرگە باشنىڭ ئېغىرلىقى بولماي، بىمارنىڭ چىرايى ۋە كۆزىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، بۇ غەيرىي تەبىئىي سەپرانىڭ ئالامىتى بولىدۇ. باش بەك ئېغىر بولۇپ، چىرايى ۋە كۆزىنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، بۇ قان خىلتىنىڭ ئالامىتى. ئەگەر ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق كۆپ بولۇپ، چىرايىنىڭ

رەڭگى قوغۇشۇن رەڭلىك (ئاقۇا مايىل) ھېسسىياتچان بولسا، بۇ بەلغەمنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر چىرايىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇش، باش ئېغىرلىق ھېس قىلىش، خىياللارنى كۆپ قىلىش، خاتىرجەم ئۇخلىيالماسلىق قاتارلىقلار سەۋدانىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

خۇش پۇراق ياكى سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەر (مەسىلەن: كاپۇر، سەندەل، نىلۇپەر قاتارلىق خۇش پۇراق نەرسىلەر ياكى قەھۋە قاتارلىق سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەر) دىن راھەتلىنىش، جىمجىت تۇرۇش ۋە ئارام ئېلىشتىن مەنپەئەت ھېس قىلىش قاتارلىقلار ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى.

ئىسسىق ھاۋا، ئۆتكۈر ئىسسىق تەبىئەتتىكى تارقاتقۇچى ۋە قىزىتقۇچى خۇش پۇراق ياكى سېسىق پۇراقلاردىن ھوزۇرلىنىش، جاپالىق جىسمانىي ئەمگەكنىڭ پايدا قىلىشى قاتارلىقلار سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى.

سۇرگە دورىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە مېڭە ساھەسىدىن چىقىرىندىلارنىڭ كۆپ چىقىپ كېتىشىدىن ئاغرىپ قېلىش قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى.

سۇرگىدىن ھوزۇرلىنىش ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى، ئىسسىقلىقنىڭ مېڭىگە تېز تەسىر قىلىشى ۋە ئىسسىقلىقتىن بىئاراملىق ھېس قىلىش ئىسسىقلىقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوغۇق ياكى ھۆل ۋە ياكى قۇرۇق نەرسىلەرنى بەدەنگە تەسىر قىلدۇرغاندا دەرھال ئارام بولۇپ خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

**7) باشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:**

استدلال ازجهت مقدار راس

ئادەتتە باشنىڭ كىچىك بولۇشى مېڭىنىڭ شەكلى بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى، باشنىڭ چوڭ بولۇشىنىڭ ھەممىسى مېڭىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر باش چوڭ، شەكلى نورمال، بويۇن توم، كۆكرەك ئازادە بولسا، بۇ مېڭىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. باشنىڭ كىچىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى روھىي قۇۋۋەتلەرنىڭ ئازلىقىدىن بولىدۇ. باشنىڭ كىچىك ھەم كۆرۈمسىز بولۇشى، مېڭىنىڭ شەكلىنىڭ ئىنتايىن ناچار ئىكەنلىكىنى، باشنىڭ كىچىك، ئەمما شەكلىنىڭ چىرايلىق بولۇشى، بۇزۇلۇشنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، باشنىڭ كىچىك بولۇشى مېڭىنىڭ شەكلى جەھەتتىن بۇزۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا مېڭىنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەن بولىدۇ.

ئەگەر باش چوڭ بولۇپ، شەكلى ياخشى، بويىنى توم، كۆكرىكى كەڭ بولمىسا، بۇ سۆڭەك قەۋىتىنىڭ ساغلام، كۆچلۈك ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

ئۇنىڭ سەۋەبى خىلىتنىڭ كۆپلۈكىدىن بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا مېڭە ئاجىز بولىدۇ. مېڭە ئاجىز بولغاندا ئەڭ ئاددىي ۋە ئادەتتىكى سەۋەبلەردىمۇ نەزلە، باش ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى قاتارلىقلار ئاسانلا پەيدا بولىدۇ.

### 8) باشنىڭ شەكلى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:

استدلال از شکل راس

ئادەتتە باشنىڭ تەبىئىي شەكلى: توپ شەكىللىك يۇمىلاق بولۇپ، ئالدى، ئارقىسى ئېگىز، ئىككى تەرىپى ئالدىغا قارىغاندا تەكشى بولىدۇ. باشنىڭ ئارقا تەرىپى قانچە ئېگىز بولسا، شۇنچە ياخشى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر باشنىڭ شەكىل بۇزۇلۇشى مەخسۇس بىر تەرەپتە بولسا، مېڭىنىڭ شۇ تەرەپتىكى قىسمىغا تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئادەتتە تۆت بۇلۇڭلۇق، ياپىلاق كەلگەن باش ۋە ئىككى تەرىپى ئېگىز كۆتۈرەڭگۈ كەلگەن باش ياخشى ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باشنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىسپات ئىزدەشتە باشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بايانىدا سۆزلەنگەن ئەھۋاللارنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىش لازىم.

### 9) باشنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىللىكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:

استدلال از ثقل راس و خفت آن

باشنىڭ ئېغىر بولۇشى باشتا داۋاملىق تۇرۇۋاتقان ماددىنىڭ كۆپلۈكىنىڭ ئالامىتى. ئەگەر باشتا سەپرا خىلىتى كۆپ بولسا، ئېغىرلىق ئانچە روشەن بولمايدۇ، لېكىن ئېچىشىش كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر باشتا سەۋدا خىلىتى كۆپ بولسا، ئېغىرلىق ۋە قۇرۇقلۇق كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر باشتا قان خىلىتى كۆپ بولسا، سەپرا ۋە سەۋداغا قارىغاندا باش ئېغىرراق بولىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ:

1. كۆز ئالمىسى ۋە كۆزنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ.

2. تومۇرلار كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەگەر باشتا بەلغەم خىلىتى كۆپرەك بولسا، باشتا ئېغىرلىق ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئاغرىق سەپرا ۋە قان خىلىتلىرىغا قارىغاندا يەڭگىلرەك بولىدۇ، لېكىن سەۋدا ماددىسىغا قارىغاندا ئۇيقۇ كۆپرەك، ھورۇن ۋە بوشاڭ بولىدۇ.

ئەگەر سىيلىغاندا سېزىمنىڭ ئىسسىق بولۇشى مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن ئاغرىغانلىقىنىڭ ئالامىتى، سوغۇق بولۇشى مېڭىنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. قاتتىق سوغۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشنىڭ تېرىسى قۇرۇق ۋە يىرىك بولسا، مىزاجنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، ئىچكى تەرەپتە ھارارەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كۆپ تەرلەش مىزاجنىڭ

ھۆللۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاغرىش: ئەگەر بىمار ئۆزىنىڭ بۇرنىغا ۋە بېشىغا بىرەر ھاشارات كىرىۋېلىپ ئىزچىل چىقىپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلسا، بۇ ماددىنىڭ ئۆتكۈر ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر مېڭىگە بىرەر نەرسە تېگىۋاتقاندەك ھېس قىلىش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى ئىسسىقتىن بولغان قىزىتما ئارقىلىق تېخىمۇ مۇقەررەرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر مېڭىدە ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش ۋە ئېغىرلىق مەلۇم بولۇش، . باشنى كۇچەپ باسقاندەك مەلۇم بولۇش ئەھۋاللىرى بولسا، ماددىنىڭ ئېغىر ۋە سوغۇق ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. ئاغرىقنىڭ بىر ئورۇندىن يۆتكىلىپ تۇرۇشى خىلتىنىڭ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بازغان بىلەن ئۇرغاندەك ئاغرىش سوزۇلما خاراكتېرلىك دۇبۇلغاسىمان باش ئاغرىقى ۋە شەقىقىنىڭ ئالامىتى. ئەگەر باشنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئاغرىسا، ئاشقازان كېسەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

### 10) كۆز، تىل، چىراي ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:

استدلال دماغ از چشم ولسان وچهره

ئادەم بەدىنىدىكى نۇرغۇن ئەزالار مېڭە بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ، بۇ ئەزالار ئارقىلىق مېڭىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە بولىدۇ.

1. كۆز: بۇنىڭدا كۆز ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى كۆزدىكى تومۇرلارنىڭ ئەھۋالى كۆزنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، ئۇنىڭ رەڭگى ئۇنىڭ تۇتقاندىكى ئورۇنۇشى (سېزىمى) قاتارلىقلار ئارقىلىق مېڭىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆزدىن ئاققان سۈيۈقلۇق ۋە ياش ئەھۋالى، كۆزنى يۇمۇپ ئېچىش ۋە ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئەھۋالى، كۆزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، دۆڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭ ئاغرىش ئەھۋالى قاتارلىقلاردىن مېڭىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئەگەر كۆز قۇرۇق بولسا، مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كۆزدە ھېچقانداق ئاغرىق بولماي تۇرۇپ كۆزدىن ياش ئېقىپ تۇرسا، بۇ مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ھۆللۈكنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھۆللۈكنىڭ سەۋەبى مېڭە قىزىپ مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنىڭ ئېرىشكە باشلىغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنىڭدا خۇددى ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا كۆرۈلگەندەك ياكى نەزلىدە يۈز بەرگەندەك ئالامەت كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىدە قۇۋۋەتنىڭ كەم بولۇشىدىنمۇ چاپاق ۋە ياش كۆپ چىقىدۇ.

ئەگەر ئۆتكۈر كېسەللەردە ھېچقانداق تاشقى سەۋەبلەر بولماي تۇرۇپلا كۆزدىن ياش ئېقىش، مېڭە كۆيۈشۈش ئەھۋالى بولسا، بۇ ياللۇغلىنىشنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. ئەگەر چاپاق ئۆمۈچۈك تورىدەك كۆزنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن توپلىشىۋالغان بولسا، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بۇ ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆز داۋاملىق ئوچۇق تۇرۇش ۋە يۇمۇلماسلىق ياكى داۋاملىق كۆزنى يۇمۇۋېلىش ۋە كۆزنى تەستە ئېچىش قاتارلىقلار مېڭىنىڭ بىرەر خەتەرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆزنى ئىتتىك ـ ئىتتىك يۇمۇپ ئېچىشنىڭ كۆپ بولۇشى، هارارەتنىڭ كۆپلۈكى ۋە جۇنۇن (ساراڭلىق) نىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

ئۇزۇن ۋاقىت بىر نەرسىگە تىكىلىپ قاراش، بىرەر يەرگە قاراپ قېتىپ قېلىش، ئۆي ـ پىكرى تۇراقسىز بولۇش، تولا خىيال قىلىش قاتارلىقلار مالىخۇلىيا (تولا خىيال قىلىش) نىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

كۆزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى دۆڭ بولۇش، ئىششىق ياكى مېڭە تومۇرلىرى تومۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالامىتى، كۆزنىڭ كىچىك ۋە ئوتتۇرىسى چوڭقۇر بولۇشى مېڭىنىڭ جەۋھىرى كۆپ ئېرىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. قەدىمكى تېۋىپلار «كۆزنىڭ كۆل رەڭ (كۆك) بولۇشى ۋە سەزگۈرلۈكىنىڭ تۆۋەن بولۇشى — مېڭە مىزاجىنىڭ هۆل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كۆزدە قىزىللىق بولمىسا، تومۇرلار ئىنچىكە بولۇپ، تۇتقاندا يىرىك ئۇرۇلسا ۋە سەزگۈرلۈكى نورمال بولسا، بۇ مېڭە مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆزنىڭ تومۇرلىرى توم ۋە قىزىل بولۇپ، تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنسە ۋە سەزگۈرلۈكى ئاجىز بولسا، بۇ مېڭە مىزاجىنىڭ هۆل ئىسسىق ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە بولسا، قۇرۇق سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. تىل: گەرچە تىل كۆزدەك مېڭىگە يېقىن ئەزا بولمىسىمۇ، بەزىدە تىلنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ مېڭىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە بولىدۇ. تىلنىڭ رەڭگىنىڭ ئاق بولۇشى «بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى»، سېرىق هەم قارا بولۇشى «سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سەرئى كېسىلىدە تىل سېرىق ۋە ئاستى تومۇرى يېشىلغا مايىل بولىدۇ.

تىل سېمىز ۋە قىزىل بولسا، بۇ مېڭىدە قان خىلتىنىڭ ئارتۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنچىكە ۋە سېرىق بولۇشى سەپرانىڭ ئارتۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋال بەزىدە قان ئازلىقتىنمۇ بولىدۇ. تىلنىڭ ئىنچىكە ۋە قارامتۇل قۇرۇق بولۇشى سەۋدانىڭ ئارتۇقلۇقىنى ياكى كەم قۇۋۋەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تىلنىڭ توم بولۇشى مېڭىنىڭ هۆللۈكىنى، تىلنىڭ ئىنچىكە بولۇشى مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. شالىنىڭ كۆپ بولۇشى ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مېڭىدە هۆللۈكنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. گەپ ـ سۆز قىلغاندا كېكەچ-لەپ قېلىش، هەرپلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماسلىق، چايناپ سۆزلەش — مېڭە ئاجىزلى-قىنىڭ ئالامىتى. سۆزنىڭ راۋان ۋە كۆپ بولۇشى مېڭىنىڭ هارارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سۆزنى توختاپ ـ توختاپ سۆزلەش هۆللۈكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. بىمارنىڭ گەپ ـ

سۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى مىڭە ھارارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ۋە تىلدا بىرەر كېسەللىك بولماي تۇرۇپ، تىلنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ مېڭىنىڭ نورمالسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تىلنىڭ ئىقتىدارى ئارقىلىقمۇ مېڭە ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تىلنىڭ تۇيغۇسىز بولۇپ قېلىشى ۋە تېتىش ئىقتىدارىنىڭ بۇزۇلۇشى مېڭە كېسەللىكىنىڭ ئالامىتى.

3. چىراي:

چىرايىنىڭ گۈزەل بولۇشى قاندا سۇيۇقلۇقىنىڭ غالىبلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

چىراي، لەۋ ۋە بۇرۇننىڭ نورمال بولۇشى مېڭىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى، نورمالسىز بولۇشى مېڭىنىڭمۇ نومالسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بويۇننىڭ توم ۋە كۈچلۈك بولۇشى مېڭىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، بويۇندا خانازىر ۋە ياللۇغلارنىڭ بولۇشىنى بويۇننىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مېڭىدىكى ئارتۇق خىلتلارنىڭ بويۇنغا چۈشۈۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇلۇپ قالغان تاماق يېگەندىمۇ بويۇنغا تەسىر قىلىدۇ.

ئۇستازلىرىمىز بۇ توغرۇلۇق «بويۇننىڭ ئىششىپ ئاغرىشى مېڭىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ھەزىم قىلغۇچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىغانلىقى ۋە قۇۋۋىتى داپىئە (ئىتتىرىش كۈچ) نىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئىچكى ئەزالاردىكى كېسەللىكلەر ئادەتتە نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق باشقا ئەزالار بىلەن تۇتاش بولۇپ، مېڭە ۋە يۇلۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر بىر ئەزادا بىرەر كېسەللىك بىر نەچچە قېتىم يۈز بەرگەن بولسا، بۇ كېسەل مېڭىگە تەسىر كۆرسىتىپ، مېڭىدىمۇ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

ئادەتتە نېرۋىلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشى مېڭىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە بولۇشى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**11) قوشنا ئەزالاردىكى ئاغرىقلار ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:**

استدال دماغ بمشارکت درد عضو

ئادەتتە مېڭىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالارنىڭ ساغلام بولۇشى مېڭىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مېڭىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالاردا كېسەللىك يۈز بەرگەندە، مېڭىگىمۇ تەسىر قىلىپ، مېڭىدە كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

مېڭىگە قوشنا ئەزالاردا بولىدىغان كېسەللىك ياكى باشقا بىر ئەزادىن مېڭىگە ياكى مېڭىگە قوشنا بولغان ئەزالارغا يۆتكەلگەن ئاغرىق مېڭىدە كۆرۈلسە، ئۇنىڭ سەۋەبىنى مېڭىدىن ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

باش ئاغرىقى: ئەگەر باش ئاغرىقى كۆزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە يېتىپ بارغان

بولسا، مېڭىنىڭ ئوتتۇرا پەردىلىرى كېسەللەنگەن بولىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ئۇ دەرىجىدە بولمىسا، ئاغرىق باشنىڭ سىرتقى تەرىپىدە بولغان بولىدۇ.

## 12) ھەزىم قىلىش ئەھۋالى ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:

استدلال دماغ از ہضم

بۇنىڭ ئىچىدە ئاشقازان ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە ئاغرىقى بولسا، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق كۆپۈش، سىيىق كېكىرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازان بىئارام بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللاردىن باشقا ئاشقازان كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئادەتتە ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى قورساق ئاچقان ۋە تويغان ۋاقىتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى مېڭە ئاغرىقى ئاشقازان مەنبەلىك بولسا، قورساق تويغان ياكى قورساق ئېچىلگەن ۋاقىتتا ئۆتكۈر سەپرا ۋە ئاچچىق سەپرانىڭ سەۋەبىدىن ئاشقازان ئاغرىيدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدىن مېڭە غىدىقلىنىپ، مېڭە ئاغرىيدۇ.

كۆپىنچە قورساق تويغاندىن كېيىن قىزىق بۇخارات مېڭىگە بارالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن قورساق تويغان ۋاقىتتا مېڭىدە ئاغرىش كۆپ بولمايدۇ. ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە ئاغرىقىنى ئېنىقلاشتا ئاغرىقنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاش كېرەك. يەنى ئاغرىق كىچىك تىلدىن باشلىنىپ، ئوڭ ۋە سول تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارقىلىدۇ ۋە تاماق ھەزىم بولغاندا ئاغرىق كۈچىيىدۇ. مانا بۇ ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئاشقازانغا ئوخشاشلا جىگەر ۋە تال مەنبەلىك مېڭە ئاغرىقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئاغرىش جىگەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، باشنىڭ ئوڭ تەرىپى، تالغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، باشنىڭ سول تەرىپى ئاغرىيدۇ. ئەگەر باش ئاغرىش قورساق پەردىسى ياكى قوۋۇرغا ئەگمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئاغرىق باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا مايىلراق بولىدۇ. بالىياتقۇ مەنبەلىك باش ئاغرىقى بالىياتقۇ كېسەللىكى بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

## 13) مىزاجغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى تەكشۈرۈش:

استدلال دماغ از علامات مزاجات

مېڭىنىڭ سېزىش خىزمىتى، باشقۇرۇش خىزمىتى، ھەرىكەت قىلىش خىزمىتى قاتارلىقلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشى مېڭىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مېڭىدىن چىققان سۇيۇقلۇق ۋە ئارتۇق چىقىرىندا ماددىلارنىڭ چىقىرىلىشى نورمال بولىدۇ ۋە مېڭىنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى نورمال بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا ھارارەتتىن ئەقىل ئېلىشىش ۋە جۆيلۈ-

لىۋىش، سوغۇقلۇقتىن زېھنى تۆۋەنلەش ۋە سۇسلىشىش، نورمال خىزمىتى توختاپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. كۆپ ئۇسساش، تېز ئاچچىقلىنىش، ئىش ـ ھەرىكەتتە چاققان بولۇش، مېڭە مىزاجىنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. زېھنى سۇسلىشىش، چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ بولۇش، مېڭىنىڭ مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، ئۇيقۇنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە قاتتىق ئۇخلاش ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيقۇنىڭ ئازلىقى ۋە كۆڭۈلسىز خىياللارنى كۆپ قىلىش قاتارلىقلار قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتى. جالىنۇس: «ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە مېڭىدىن قوشۇمچە ھەرخىل سويۇقلۇقلارنىڭ چىقماسلىقى ماددىسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى» دەپ كۆرسەتكەن.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز ئىبنى سىنا يەنە «يۇقىرىقىدىن باشقا ئارتۇق سۇيۇقلۇقلارنىڭ چىقماسلىقى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە توسالغۇ ياكى ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا، بۇ ماددىسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر مېڭىدە غەيرىي تەبىئىي خىلىت توسۇلۇپ قالغان ئەھۋالدا باش ئېغىر بولىدۇ. ماددىسىز مىزاج بۇزۇلغان ئەھۋالدا باش يېنىك بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

مېڭە مىزاجىنى ئېنىقلاشتا تۆۋەندىكى ئالامەتلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك:

1. تۇغما چاچ قارا بولۇش، چاچ تېز ئۆسۈش، ماڭلاي چېچى ئاسان چۈشۈش، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىغاندا باش چىڭقىلىپ ئاغرىش، باش ئېغىرلىشىش، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسى ئاز بولۇش، كۆز تومۇرلىرى كۆپۈپ قېلىش، ئىنكاسى تېز بولۇش، بەدەننى تۇتقاندا ئىسسىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر چاچ تۈز تۇرۇش، قارا بولماسلىق ۋە تېز ئاقىرىپ كېتىش، ناھايىتى تېز تەسىرلىنىش، كۆپ زۇكام بولۇش، ئىرادىسىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. سېزىمى ئۆتكۈر، ئەقىللىق بولۇش، ئۇيقۇسى كەم بولۇش، چاچ كۈچلۈك بولۇش، تېز ئۆسۈش ۋە تېز چۈشۈش، باشنىڭ تېرىسى پارقىراق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

3. چاچنىڭ تۈز بولۇشى ۋە تەس ئۆسۈشى، بەدەن سېزىمى تۆۋەن بولۇش، نەزلە كۆپ چىقىش، كۆپ ئۇخلاش، قاتتىق ئۇخلاش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ ھۆل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

4. بەدەن سېزىمى يۇقىرى بولۇش، ئۇيقۇسى ئاز بولۇش، چاچ تېز ئۆسۈش، چاچ يىرىك ۋە قارا، بۈدۈر بولۇش، تېز چۈشۈپ كېتىش، پارقىراق بولۇش، ئىرادىسىز، ئالدىراڭغۇ بولۇش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى، شەخسىيەتچى بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

5. تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇش، بەدەننى تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنىش، چېچى تۈز، يىرىك بولۇشى، ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن ناھايىتى تېزلا مېڭىنىڭ ھۆل ئىسسىقلىقى ئېشىپ كېتىش، سېزىم سۇس بولۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، قارا بېسىش، كۆپ چۈش كۆرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

6. باشنى تۇتقاندا سوغۇق بىلىنىش، تېرە رەڭگى سۇزۇك بولماسلىق، تومۇرلار ۋە كۆز تومۇرلىرى ئوچۇق بولماسلىق، چاچ كېچىكىپ چىقىش ۋە ئىنچىكە بولۇش، پارقىرىماسلىق، ياش ۋاقىتتا تېرىسى سۇزۇك، تىلى ئۆتكۈر بولۇش، ياش چوڭايغانسېرى تېرىسى يىرىك بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ قۇرۇق سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

7. ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، ئىنكاسى ئاستا، ھورۇن، بوشاڭ بولۇش، چاچ يىلتىزى مۇستەھكەم بولۇش، ياشانغاندا چاچ پارقىراق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر مېڭە مىزاجىنىڭ ھۆل سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مېڭىنىڭ ئەسلىي كېسەللىكى:

ئەگەر كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولۇش، سېزىمى تۆۋەن بولۇش ياكى مېڭە خىزمىتىدە بىرەر بۇزۇلۇش بولۇش مېڭىنىڭ ئەسلىي كېسەللىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كېسەللىكتە مىزاج بۇزۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

### 14) مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى تەكشۈرۈش:

استدلال سوء مزاج دماغ

1. مېڭە مىزاجىنىڭ خىلتسىز بۇزۇلۇشىنى تەكشۈرۈش:

ئەگەر باش يەڭگىل بولۇش، تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنىش، چىراي رەڭگى قىزىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ مېڭىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن ياكى خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن ۋە ياكى ھۆل ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇيقۇ كەلمەسلىك، دىماغ ئېچىشىش، جىم تۇرالماسلىق، خىيالچان بولۇپ قېلىش، تېز ئاچچىقلىنىش، سوغۇق نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىش، ئىسسىق نەرسىلەردىن بىئارام بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، مېڭە مىزاجىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن خىلتسىز قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بىرگە مەۋجۇت بولسا، بۇ مېڭىنىڭ خىلتسىز مۇرەككەپ قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ياخشى ئۇخلىيالماسلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە قالايمىقان چۈشلەرنى كۆپ كۆرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن بىللە ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ مېڭىنىڭ خىلتسىز ھۆل ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر باش يىنىك ۋە سوغۇق بولۇش، كۆزى ئاق بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ مىڭىنىڭ خىلىتسىز سوغۇق ۋە قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئىرادىسىزلىك، ئىسسىق نەرسىلەرنى ياقتۇرۇش، سوغۇق نەرسىلەردىن بىئارامسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر مەۋجۇت بولسا، بۇ مىڭىنىڭ ئادەتتىكى خىلىتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن خىلىتسىز ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭمۇ ئالامەتلىرى، يەنى كۆپ ئۇخلاش، ئۇنتۇغاقلىق قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ مىڭىنىڭ مۇرەككەپ ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر خىلىتسىز قۇرۇق ۋە خىلىتسىز سوغۇقنىڭ مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى تەڭ كۆرۈلسە، بۇ مىڭىنىڭ مۇرەككەپ خىلىتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، ھۇرۇن، بوشاڭ، سەزگۈرلۈكى تۆۋەن بولۇش، تەرلەش كۆپ بولۇش، ئۇنتۇغاق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ مىڭىنىڭ ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇيقۇسى كەم بولۇش، سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولۇش، بۇرۇن ۋە گېلى قۇرۇق بولۇش، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى مايلارنى سۈركىگەندە تېزلا سۈمۈرۈلۈپ كېتىش، تارقاتقۇچى نەرسىلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ مىڭىنىڭ قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2. مىڭە مىزاجىنىڭ خىلىتلىق بۇزۇلۇشىنى تەكشۈرۈش:

ئەگەر بىماردا باش ئېغىرلىق بولسا، مىڭىنىڭ خىلىت تەسىرىدىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر باش ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە باش ۋە كۆزلەرنى تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن چىراي ۋە كۆزى قىزىل بولۇش، ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغانلىقىنى، ئەگەر كۆز ۋە چىراي رەڭگى سېرىق بولۇش، ئۇيقۇسى ئاز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ قان ۋە سەپرادىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا باش ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە باشنى تۇتقاندا سوغۇق بولۇش، كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەۋدا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە چىراي، تىل، كۆز رەڭگى قوغۇشۇن رەڭلىك

بولۇش، ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، ھورۇن، بوشاڭ بولۇش، زېھنى ئاجىز، ئۇنتۇغاق بولۇش، مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى، ئەگەر چىراي رەڭگى قارىغا مايىل بولۇش، خىيالچان، ئۇيقۇسى كەم، پىكرى تۇراقسىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**15) مېڭە كېسەللىكلىرىنى سەۋەبىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش:**

*استدلال امراض دماغ بسببهای آن*

ئەگەر باش يەڭگىل بولۇش، باش ۋە كۆزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تارتىش ۋە قۇلاقتا ھەر خىل ئاۋازلار بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ يەل ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار بىلەن خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ بۇخاراتتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مېڭە مەنبەلىك توسۇلۇش:

باش ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە باشنىڭ بەزى قىسمىدا تارتىشىش بولۇپ بىمار ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلسا، بۇ مېڭىدە توسالغۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مېڭە ياللۇغى: بىرەر خىلتنىڭ غالىبلىقىنىڭ ئالامىتى بىلەن ئەقىل ئېلىشىش ئالامەتلىرى بولسا، قىزىتما ۋە باش ئاغرىش بىلەن جۆيلۈش بولسا ۋە يورۇقلۇقتىن قاچسا، بۇ مېڭىدە ياللۇغ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قان ياكى سەپرا خىلتىنىڭ غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما بولۇش، تومۇرى تېز، دولقۇنسىمان، ھەرە چىشىسىمان سوقۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، ياللۇغنىڭ ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر سەۋدانىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولۇپ، تومۇردا قاتتىقلىق مەلۇم بولسا، بۇ ياللۇغنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بەلغەمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە تومۇرى دولقۇنسىمان سوقسا، ياللۇغنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مېڭە ئاجىزلىقى: ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار يەنى باش ئېغىر بولۇش، بىئارام بولۇش، تارتىشىپ قېلىش، جۆيلۈش، قىزىش، يورۇقلۇقتىن قېچىشنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈلمىسە ۋە باش ئاغرىش، تاماق ھەزىم بولغاندا سېسىق كېكىرىش، ئاۋازلىق كېكىرىش، ئادەتتىكى پۇراقلاردىنمۇ بىئارام بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ مېڭە ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كېسەل تەرەققىي قىلىدۇ.

مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش: ئەگەر مېڭە سەزگۈرلۈكى، يۇقىرى، ئەقىل ـ ئىدراك، ئۆتكۈر بولۇش، مېڭە خىزمىتى جىددىي، ئالدىراڭغۇ بولۇش، مېڭىدىن

كېلىدىغان ئارتۇق شىلىمشىق نەرسىلەر ھەرخىل يوللار ئارقىلىق چىقىپ تۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ۋە يىقىلىشلاردىن كېيىن مېڭىدە بىرەر كېسەللىك يۈز بەرگەن بولسا، بۇ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەشمە مېڭە كېسەللىكلىرى: ئەگەر مېڭىدە كېسەللىك كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن ئاشقازان، تال، جىگەر، قورساق پەردىسى، بالىياتقۇ، قول ـ پۇت قاتارلىق ئەزالارنىڭ بىرەرسىدە كېسەللىك بولغان بولسا، بۇ مېڭىدىكى كېسەللىكنىڭ شۇ ئەزادىكى كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ۋە مېڭە كېسەللىكىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقى، ئاشقازان ئاغرىقى تەڭ كۆرۈلسە، بۇ ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلدە قەيدە سېسىق سۇيۇقلۇق كېلىش، كۆز رەڭگى سېرىق، ئېغىز تەمى ئاچچىق، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇش، قورساق ئاچ ۋاقىتتا كېسەل ئېغىرلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقىنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قەي قىلغاندا ئاق سۇيۇقلۇق چىقىش، سېسىق كېكىرىش، كېكىرىش ئاچچىق بولۇش، قورساق تويغاندىن كېيىن ئاغرىق كۈچىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قەيدە سەۋدانىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئاشقازان ئېچىشىش، ئىشتىھاسى كۆپىيىش، قورساق ئاچقاندا كېسەل ئېغىرلاش، بىمار چېچىلاڭغۇ بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قەيدە بىرەر نەرسە چىقمىسا، قورساق تويغاندىن كېيىن ۋە يەللىك نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن كېسەل قوزغىلىش، ئاشقازان بىئارام بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قورساق تويغاندا ئاغرىق كۈچىيىش ۋە ئاشقازاندا خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلسە، خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قورساق ئاچقاندا ياكى كېچىكىپ تاماق يېگەندە كېسەل قوزغىلىش، بىرەر بەتبۇي نەرسە پۇرىغاندا كۆڭۈل ئاينىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا ئاشقازان ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، جىگەر، تال، قورساق پەردىسى، بالىياتقۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىدە كېسەللىك ئۆزگىرىش تەسىرىدىن مېڭە كېسەللىكى شەكىللەنگەن بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ ئەزا مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 2. مېڭە كېسەللىكلىرىنى ئومۇمىي داۋالاش:

علاج كلى امراض دماغ

مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى داۋالاشنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئورتاق قوللىنىشقا بولىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىمىز. مېڭە ئادەم بەدىنىدىكى روھىي نەپسانىنىڭ مەركىزى ئورنى ۋە ئورگانىزمدىكى ھېس - ھەرىكەتلەرنى باشقۇرىدىغان مەركەز بولۇش سۈپىتى بىلەن رەئىس ئەزالارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇڭا، مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا ناھايىتى دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك:

1. ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خىلىتسىز كەيپىياتلار تەسىرىدىن بولسا، بۇنىڭغا قارىتا شۇ كەيپىياتقا قارشى دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مىزاجنى تەڭشەش كېرەك. مىزاجنى تەڭشەشتە سوغۇقلۇق غالىب بولسا، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك. لېكىن ئىسسىقلىق غالىب بولسا، بەك زىيادە سوغۇق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى مېڭە ئۈچۈن ئىسسىقلىقنىڭ غالىب بولۇشى ياخشى ھېسابلىنىدۇ. مېڭە كېسەللىكلىرىدە چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس، بولۇپمۇ زۇكام، يۆتەل بولغاندا چۈچۈمەل نەرسىلەردىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

2. باش كېسەللىكلىرىدە يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا، قەۋزىيەتنى يوقىتىشقا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3. ئەگەر كېسەللىك خىلىت تەسىرىدىن بولسا، بۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك قان خىلىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك. لېكىن بالىلار، ئاجىزلار، ياشانغانلار ۋە ھامىلىدار ئاياللاردىن قان ئېلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زۇلۇك قويۇش ياكى لوڭقا قويۇش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى قاندىن باشقا بىرەر خىلىت تەسىرىدىن بولغان بولسا، خىلىتنىڭ پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ياكى مېڭە خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر ئومۇمىي بەدەنلىك بولسا، قەي قىلدۇرغۇچى، سۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەننى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس مېڭىنى تازىلاش كېرەك.

4. ئەگەر مېڭە كېسەللىكى تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا، ئىلگىرى مۇپەررىھ دورىلار ئارقىلىق خۇشاللىق يەتكۈزۈش ۋە دورا سۈيىدە يۇيۇش، زىماد قىلىش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ماددا پىشۇرۇلغان بولسا، غار - غار دورىلىرى ۋە مېڭىنى تازىلايدىغان باشقا دورىلاردىن پايدىلىنىپ تازىلاش ئېلىپ بېرىش

كېرەك. غار ـ غار ئارقىلىق ئۆپكە ۋە كۆكرەكتىكى ئەزالارنىڭ بىرەرسى كېسەللىنىپ، ئۆتكۈر خىلىتلارنىڭ بۇ ئەزالارغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر بۇ ئېھتىماللىق بولسا غار ـ غار ئورنىغا چۈشكۈرتۈش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش، دورا سۈيىدە يۇيۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئىشلىتىش كېرەك.

5. چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، باشتا توختاپ قالغان خىلىتلارنى ھەيدىگۈچى دورىلار ئارقىلىق زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك.

بۇ زىمادنى ئىشلەتكەندە، خىلىتنى ئاساسەن يوقىتىشقا ئىشەنچ بولغاندا ئىشلىتىش كېرەك. لېكىن سوغۇق خىلىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا ئومۇمەن سۇيۇق خىلىت چىقىپ كېتىپ قويۇق خىلىت قېپقالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ ۋاقىتتا يۇمشاتقۇچى ۋە پىشۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

سوغۇق خىلىتلارنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، مېڭىدىكى قالدۇق خىلىتلارنى يۇمشىتىش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن مۇنزىج ۋە مۇلەييىن سۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئىسسىق خىلىتلارنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، تەركىبىگە ئايارەج پەيقىرا، سوقمۇندىيا، تۇربۇت، ئۇستۇقۇددۇس قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار چۈشكەن دورىلارنى بېرىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. بۇ ۋاقىتتا سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى زىمادلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندا بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلەپ ئەگەر بۇندىن ئىلگىرى ئىشلىتىپ باقمىغان دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر ئايارەج دورىلارنى، بەزى كىشىلەر مەتبۇخ دورىلارنى ئىچەلمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بۇلارغا مەجبۇرىي دورا ئىشلەتكەندە كېسەل ئېغىرلاپ كېتىش خەتىرى بولىدۇ.

6. ئەگەر خىلىت مەخسۇس بىر ئەزا ياكى ئومۇمىي بەدەندىن باش تەرەپكە ئۆرلىگەن بولسا، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە تارتىشقا قارىتا تەدبىر قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن: مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن خىلىت بەدەننىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن ياكى پۈتۈن بەدەندىن ئۆرلىگەن بولسا، كلىزما ۋە ھەمەلچىلەرنى ئىشلىتىش، پاچاقلا لوڭقا قويۇش، يوتىلارغا بانداش باغلاش، ئالىقان ۋە تاپاننى مۇجۇش، ئىترىفىل كەشنىز بېرىش، ئەزالارغا قارىتا مەخسۇس شۇ ئەزانىڭ دورىلىرى ئارقىلىق تازىلاش، ئەگەر خىلىتنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلىت يەنىلا قېپقالغان بولسا، قارىمۇقارشى تەدبىرلەر ئارقىلىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

7. سۇيۇق دورىلارنى باشقا شەكىلدە ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. لېكىن بۇ خىلدىكى دورىنى ئىشلىتىش كېرەك بولسا، چېكە ئەتراپىنى خېمىر بىلەن توسۇپ، سۇيۇق دورىنى

ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇش ياكى رەختنى دورىدا نەمدەپ چېكىگە قويۇش كېرەك.

8. ئەگەر كېسەلگە ئۆچكىنىڭ ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن دەرھال تازىلاش كېرەك. ئەگەر رەختنى سۈتتە نەمدەپ باشقا قويغان بولسا، ئۇنى پېشانىدە ئۇزۇن تۇرغۇزماسلىق ۋە پات - پات ئالماشتۇ-رۇپ تۇرۇش كېرەك ھەمدە باشتىكى سۈت قالدۇقلىرىنى تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى سۈت ئاسانلا چىرىپ تەر تۆشۈكلىرىنى توسۇۋېلىپ، بۇ خاراتلارنى توختىتىپ قويىدۇ.

9. دورا سۈركەش، دورا سۈيىدە يۇيۇش، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلارنى باش ساھەسىگە سۈركەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى چاچنى چۈشۈرۈۋېتىش، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن يېمەك - ئىچمەكلەرنى سۈيۇق - سەلەڭ بېرىش، مۇنچىغا چۈشۈ-رۈش؛ نورمال تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھەم ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى يۇمشىتىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بەدەن دورىلارنى قوبۇل قىلىشقا ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھازىرلىغان بولىدۇ ۋە تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ.

تاماقنى خىلتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېرىش كېرەك. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بىمارنىڭ قول - پۇتىنى مۇجۇش ۋە قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق مېڭىنى كۈچلەن-دۈرۈش كېرەك.

10. مېڭە كېسەللىكلىرىدە شاراب ئىچىش ۋە مۇنچىدا ئۇزۇن تۇرۇش، ئاچ قېلىش، ۋاقتىدا تاماق يېمەسلىك، سوغۇق سۇدا ئېغىز چايقاش، سوغۇق سۇ ئىچىش، قەي قىلدۇ-رۇپ داۋالاش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك. لېكىن كېسەللىك ئاشقازان مەنبەلىك بولسا، قەي قىلدۇرغان ياخشى.

### 1) خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ حار سازج

1. مېڭە مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى باش ئاغرىش، غەيرىي ھەقىقى سەرسام، ئۇخلىيالماسلىق، باش قېيىش قاتارلىق كېسەل-لىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئىسسىقتىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق تەبىئەت-تىكى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، ۋاقتىدا تاماق يېمەسلىك، بەك ئاچ قېلىش، ئاچچىقلاش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ. مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنى تەڭشەشتە سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار ئارقىلىق بىمارغا سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى، كۆز تېمىتىل-مىلىرى، زىماد، سۈيۇق سۇۋالما (تىلا)، يوتا قىسمى ۋە پۇتقا لوڭقا قويۇش، پاشۇيە (پۇتنى دورا سۈيىدە يۇيۇش) ئىنكىباب (ھورداش)، نۇتۇل (دورا سۈيىگە چىلاش)

قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

2. سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ۋە ئۆسۈملۈك مايلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش مەسىلەن: ئوسۇڭ، سېمىز ئوت، قاپاق، سۆگەت شېخى، تەرخەمەك سۈيى، قاپاق سۈيى، گۈل يېغى، نېلۇپەر يېغى، بىنەپشە يېغى، ئوسۇڭ يېغى، خەشخاش يېغى قاتارلىق ياغلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. گۈل يېغى ئىشلەتكەندە يېڭى گۈل يېغى ئىشلىتىش كېرەك. كونىراپ قالغان گۈل يېغىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

3. ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، مەست قىلغۇچى دورىلارنى هارارەت يۇقىرىلىغاندا، سەپرا خىلىتىنىڭ هارارىتى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا سېزىمنى يوقىتىش ۋە روھىي جىددىيلىكنى پەسەيتىش زۆرۈر بولغاندىلا، ئاندىن ئىشلىتىش. باشقا ۋاقىتتا ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋال بولۇپ، ئاغرىق ئېغىر بولغاندا مەست قىلغۇچى دورا ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، بەزرۇلبەنجى يېغى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

باشقا سۇۋايدىغان دورىلارغا ئۆتكۈر سىركە ۋە شاراب ئارىلاشتۇرۇش زىيانلىق.

سوغۇق تەبىئەتتىكى باشقا سۇۋايدىغان دورىلارنى باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە سۇۋاشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ جاي نېرۋىلارنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا خەۋپ يېتىپ قېلىش خەتىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەرگە سۇۋالغان دورىلار مېڭىگە تولۇق يېتىپ بارالمايدۇ. شۇڭا زىمادلارنى پېشانە تەرەپكە ئىشلەتكەن ياخشى.

4. مېڭىدىكى هارارەتنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن سىركە، هۆل يۇمغاقسۇت سۈيى قاتارلىقلاردىن سۇۋالما تەييارلاپ باشقا سۇۋاش كېرەك.

5. هەر خىل خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇركۇش، يۇقىرىقى ياغلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش، سۆگەت شېخى، نېلۇپەر شېخى قاتارلىقلارنى ئاستىغا سېلىپ يېتىش، سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇش، بىمارنىڭ ئەتراپىدا سوغۇق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى قويۇپ قويۇش، سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق مېۋىلەرنى پۇرىتىش، سۇغا يېقىن ئولتۇرغۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا، سوغۇقلۇق يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك. ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىش، يورۇقلۇققا كۆپ قاراش، بەك يۇقىرى ئاۋاز قاتارلىقلاردىن چەكلەش كېرەك.

6. ئەگەر مېڭىدە هارارەت بىلەن قۇرۇقلۇق كەم بولۇپ، خىلىتسىز هۆللۈك بولسا (بۇ خىل ئەھۋال ناهايىتى ئاز ئۇچرايدۇ)، قابىز خۇسۇسىيەتلىك مېۋىلەرنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۇلىرىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

7. مېڭىنى سۇۋۇتۇش ئۈچۈن، ئاق لەيلى، ئېكەكلەنگەن پىل چىشى، هەشقىپىچەك، ئارپا ئۇنى، خېنە، يۇمغاقسۇت سۈيى، يەرلىك شوخلا قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ

ئىشلىتىش ۋە ھۆل يۇمغاقسۈت، نەشپۈت، مەرزەنجۇش ياكى ئارپا سۈيى قاتارلىق دورىلارنى خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

8. مېڭىنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، ئوسۇك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابىنى، باشقا دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، بۇنىڭغا بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گرام ۋە ئاق شېكەردىن 18 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، بۇ نۇسخىغا تەرخەمەك ۋە قاپاق ئۇرۇقى شىرىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قىزىتما بولسا بۇ نۇسخىغا قۇرۇق يۇمغاقسۈت شىرىسى ۋە خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يۈرەكتە ھارارەت بولسا، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە نېلۇپەر ئورنىغا ئانار شەربىتى قوشۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ھارارەت يۇقىرى بولغاندا، ئۇرۇقلارنىڭ شىرىسى ئورنىغا ئەرقى نېلۇپەر، ئەرقى سۆگەت، ئەرقى چېچىكى، ئەرقى قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئاناناس شەربىتى، تەمرى ھىندى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

9. ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار

1) تېمىتىلما دورىلار:

ئۈزۈم سۈيى شىرىسىنى بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك؛ تاۋۇز ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىش كېرەك؛ گۈل يېغىدا كاپۇرنى ئېزىپ قۇلاققا تېمىتىش كېرەك؛ بىنەپشە يېغىغا ئۈزۈم سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك؛ ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، ئازراق كاپۇر ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

2) پۈركۈلما دورىلار:

ئەتىرگۈل، ئوغرىتكەن، ھۆل يۇمغاقسۈت، سەندەل قاتارلىق دورىلارنى نەمدەپ، پات - پات پۈركۈپ تۇرۇش كېرەك؛ خېنە گۈلى ياكى رەيھانغا سوغۇق سۇ چېچىپ پۈركۈش كېرەك؛ ھەر خىل سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەرنى پۈركۈش كېرەك؛ گىل ئەرمىنى، نېلۇپەر گۈلى، ئاق سەندەل ھەر بىرى بىر گرامدىن، دورىلارنى ئەرقى سەندەلدىن 24 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، ھۆل قاپاق سۈيى ھەر بىرىدىن 48 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، بۇ دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىزى چوڭراق ئەينەك قاچىغا قويۇپ، پات - پات پۈركۈپ تۇرۇش كېرەك؛ ئاق سەندەل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل ۋە سىركىگە چىلاپ، ئېغىزى كىچىك ئەينەك قاچىغا قويۇپ پۈركۈش كېرەك.

يۇقىرىقى پۇراتما دورىلارنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىشقا توغرا كەلسە، پۇرىتىلما دورىلارغا ئازراق كاپۇر قوشۇش كېرەك. بۇ پۇرىتىلما دورىلار سوۋۇتۇش رولىنى ئوينىغاندىن باشقا، ئوفۇنەتنىمۇ چەكلەيدۇ.

3) باشقا سۈركەيدىغان دورىلار:

ئاق سەندەلنى ئېكەكلەپ ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى ياكى كۆكنار سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋاش كېرەك؛ رەختنى گۈلاب، سىركە، گۈل يېغى قاتارلىقلارغا چىلاپ نەمدەپ، تامغاققا قويۇش كېرەك؛ سېمىزئوتنىڭ گۈلى، توغرالغان قاپاق، سۆگەت شېخى، ئاق لەيلىگۈلى، ئاق سەندەل، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ سۈۋاش كېرەك؛ گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر گۈلى، قىزىلگۈل، ئاق لەيلىگۈلى ھەر بىرى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئايال كىشىنىڭ سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى ۋە ياكى ئەرقى گۈلدە ئېزىپ سۈۋاش كېرەك؛ ئەگەر كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، نىلۇپەر گۈلى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل ھەر بىرى ئۈچ گرام، ئەپيۇن، زەپەر ھەر بىرى 1.5 گرام، گۈل يېغى 12 گرام، ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى 24 گرام، سىركىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ زىماد بارلىق ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، مېڭە پەردە ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىقلار ئۈچۈن پايدىلىق؛ قۇرسى ئەنزىرۇتنى سۇغا چىلاپ مېڭىگە سۈۋاش كېرەك.

4) پاشۇيە (پۇت يۇيۇش دورىسى) دورىلار:

گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر گۈلى، ئاق لەيلىگۈلى، يەرلىك شوخلا ھەر بىرى 60 گرام، بۇغداي كېپىكى 60 گرام، سۆگەت شېخى ياكى كۆكنار پوستى 30 گرام. دورىلارنى ئون لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ قاچىغا قۇيۇپ، پۇتنى چىلاپ تۇرۇش ۋە ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ سىيلاپ يۇيۇش، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن پاكىز سۈرتۈپ، بىر پارچە پالازغا يۆگىۋېلىش كېرەك.

پاشۇيەدىن كېيىن ئارتۇق خىلتنى چىقىرىش ئۈچۈن پۇتنى باغلاشقا توغرا كەلسە، ئۈستىدىن باشلاپ ئاستىغا قاراپ باغلاش ۋە ئاچقاندا ئاستىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا ئېچىش، ئېچىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال پۇتنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش كېرەك.

ئەگەر پاشۇيە بىلەن بىللە لوڭقا قويۇش زۆرۈر بولسا، ئالدى بىلەن لوڭقا قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاشۇيە قىلىش كېرەك.

پاشۇيە قىلغاندا بىمارنىڭ بېشىغا قويىدىغان ياستۇقنى ئېگىزمانغا قويۇپ، باشنى ئارقا تەرەپكە قايرىپ قويۇش ۋە بىمارنىڭ يۈزىنى بىر پارچە رەخت بىلەن توسۇپ قويۇش كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلمىغاندا، دورىنىڭ پۇرىقى مېڭىگە يېتىپ كېلىپ مېڭىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

5) هورداق (ئىنكىباب ۋە نۇتۇل) دورىلار:

قاپاق شاپىقى، ئۇسسۇز ئۆرۈكى، ئۇسسۇز غولى، نىلۇپەر گۈلى، بىنەپشە، قوغۇن ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئاق لەيلى غولى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت غولى، كاسىنە غولى، ھۆل يۇمغاقسۇت، ئارپا كېپىكى، رەيھان غولى قاتارلىق دورىلارنى سۇغا چىلاپ قايىنىتىپ، گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ھورلاندۇرۇش ۋە يۇيۇندۇرۇش كېرەك.

بىنەپشە، چالا سوقۇلغان قاپاق ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، زىغىر، خەشخاش ئۇرۇقى، ئىسپىغول، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئۇسسۇز ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، سۆگەت شېخى قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ يۇيۇندۇرۇش كېرەك. بۇ يۇيۇنۇش دورىسىنى ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (سەرسام)، ساراڭلىق، قۇرۇق تەشەننۇج قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

**2) خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكرىنى داۋالاش:**

*علاج امراض دماغ بارد ساذج*

1. مېڭىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوتقا يېقىن ئولتۇرغۇزۇش، بىمارنىڭ يېنىغا خۇش پۇراق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى قويۇپ قويۇش ۋە ئىسسىقلىق دورىلارنى قايىنىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

2. ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى باشقا سۈۋاش ۋە دورىلارنى پۇرىتىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

3. يەسمەن يېغى، سەۋسەن يېغى، بابۇنە يېغى، ئەنبەر، قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلار-نى قايىنىتىپ، ئىلمان قىلىپ باشقا سۈۋاش، زۆرۈر بولغاندا بۇ دورىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا پەرپىيۇن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

4. چىلغوزا مېغىزى، زەنجىۋىل مۇراببىاسى، مۇمىيا قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

5. ئەگەر سوغۇقلۇق بىلەن قۇرۇقلۇق بىرگە بولسا، ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈك يەتكۈز-گۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئەگەر سوغۇقلۇق بىلەن ھۆللۈك بىللە بولسا ھۆللۈكنى تازىلىغۇچى ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

6. مېڭە مىزاجىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ماددەتۇلھايات بېرىش كېرەك. ئوزۇقلاندۇ-رۇشتا، قۇشقاچ ۋە توخۇ گۆشى شورپىسى ۋە پۇرچاق ئۈنىنى سۇ بىلەن بېرىش كېرەك.

ئەگەر سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن مېڭىنىڭ ئوتتۇرا قاتلاملىرىدا بىرەر خىل توسۇلۇش پەيدا بولغان بولسا، سوغۇق سۇ ئىچىش ياكى سوغۇق سۇدا ئېغىز چايقاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

7. ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۇچۇكبوْيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، ئۇستۇقۇددۇس، بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، گۈلقەنت ياكى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

8. بەدىيان بىلەن ئۇستۇقۇددۇسنى قايىنتىپ، سۈزۈپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

9. رۇم بەدىيان، بادرەنجى بوْيا قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، سۈزۈپ، ھەسەل گۈلقەنتى بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك ياكى ئەھۋالغا قاراپ بۇ نۇسخىغا ھۇماما، بەرەنجاسىپ، دارچىن ۋە ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى قاتارلىقلارنى قوشۇش كېرەك.

10. ئىپار، ئەنبەر، قەلەمپۇر، ئۇد ھىندى، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيوْن، سۈزاپ، مەرزەنجۇش، يەسمەن، بىستىپايەج، بابۇنە گۈلى، قەغەز كۆلى، سەۋسەن يىلتىزى، سەۋسەن گۈلى دورىلارنىڭ بىرەرسىدىن پۇراتما تەييارلاپ پۇرىتىش كېرەك.

11. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، بەرەنجاسىپ، سەۋئىتەر، زەنجىۋىل، زەپەر، مۇرمەككى، قۇرۇق زۇپا، سىيادان، كاۋاۋچىن، قەلەمپۇر، سېرىق سەبرى، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيوْن، بۆرە ئەرمىنى، ھىڭ، ئىپار، ئەنبەر، مۇمىيا، ئاقىرقەرھا، كۇندۇر، قۇستە يېغى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك.

12. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، پەرەنجاسىپ، بابۇنە، سۈزاپ، سەۋئىتەر قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، باشنى يۇيۇش ياكى ھورلاندۇرۇش كېرەك. يەنى بۇ دورىنى سىرلاقلىق قاچىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ھىم ئېتىپ قايناتقاندىن كېيىن، بېشىنى ئەدىيال بىلەن يۆگەپ قاينىغان ئېغىزىنى ئېچىپ، بۇخاراتنى بۇرۇن، قۇلاق ۋە مېڭە تەرەپكە يەتكۈزۈش كېرەك.

13. بۇ كېسەللىككە قارىتا بۇرۇندىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى، بەلغەمدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلىنىدۇ.

### 3) خىلتسىز ھۆللۈكتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

*علاج امراض دماغ رطب ساذج*

خىلتسىز ھۆللۈكتىن مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئېغىر ئۇيقۇ، ئۇنتۇغاقلىق ۋە ناھايىتى ئاز ساندا باش ئاغرىش پەيدا بولىدۇ.

1. مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

2. ئىترىفىل كەبىر، ماددەتۇلھايات، مۇناسىۋەتلىك تەرياق (زەھەر قايتۇرغۇچى)

دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

3. تۇز، بۇغداي كېپىكى، تېرىق، زىرە قاتارلىق دورىلارنى بىر خالتىغا سېلىپ قىزىتىپ، باشقا قويۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

4. قېلىن دارچىن، قوۋزاقدارچىن، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بەرەنجاسىپ، مەرزەنجۇشقا ئوخشاش قۇرۇتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلاردىن مەتبۇخ تەييارلاپ ھورلاندۇرۇش كېرەك.

5. ئەگەر بىمارنىڭ زېھنى چېچىلاڭغۇ بولسا، سىيادان، سۆئتەر، زەپەر، ئىپار قاتارلىقلارنى تالقانلاپ بۇرنىغا تارتقۇزۇش كېرەك. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا، قىزىتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى دورىلارنى بېرىش، ئۇسسۇزلۇقىغا مائۇلھەسەل بېرىش، مۇۋاپىق مىقداردا بەدەن چېنىقتۇرۇش كېرەك. كۆپ مۇنچىغا چۈشۈش، شاراب ئىچىش، كۆپ تاماق يېيىش، كەچتە تاماق يېيىش قاتارلىقلاردىن قەتئىي چەكلىنىشىمىز كېرەك.

**4) خىلتسىز قۇرۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:**

علاج امراض دماغ يابس ساذج

بۇنىڭدىن باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

1. كەيپىياتنى تەڭشەش ئۈچۈن سېمىزئوت سۈيى، تاۋۇز سۈيى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىق دورىلارنى بىنەپشە شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

2. ئەرقى سۆگەت، ئەرقى گاۋزىبان، قاپاق سۈيى، مائۇلجەبىن قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

3. گۈل يېغى، قاپاق يېغى، بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلاردىن بىرەرسىنى بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

4. چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئايال كىشىنىڭ سۈتى ياكى باشقا خىلدىكى سۈتلەرنى باشقا سۈركەش ئارقىلىق ھۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەك.

5. نىشاستە، ئاق شېكەر، بادام يېغى قاتارلىقلاردىن ھالۋا تەييارلاپ، قاپاق شاپىقىغا سۈركەپ، باشقا كىيگۈزۈپ قويۇش كېرەك.

6. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا قوللىنىلغان زىمادلارنى ئىشلىتىش ۋە مۇنچىغا چۈشۈرۈش كېرەك.

7. ئىپار، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، ئۆچكە سۈتى، ھايۋاناتلارنىڭ مېڭىسى قاتارلىقلارنى بۇرۇندىن تېمىتىش ياكى يېيىش ۋە ياكى سۇۋاش كېرەك. قۇرۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

8. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، پاقلان، ئۆچكە، توخۇ چۈجىسى گۆشلىرى، كاللا - پاچاق

شورپىسى، چالا پىشقان تۇخۇم، ئۇماچ، بادام يېغى بىلەن تەييارلانغان ھالۋا، ئارپا ئېشى، ئوسۇك، سېمىزئوت، پالەك، قوغۇن قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەرنى بې-رىش كېرەك.

### 5) غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ دموی

گۆش ۋە تاتلىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن قان خىلتىدا نورمال-سىزلىق كۆرۈلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى باش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئېغىر ئۇيقۇ، تۇتقاقلىق كېسەل، شوك قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ:

1. قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك.

2. ئەگەر قان خىلتى ئومۇمىي بەدەندە غالىب بولۇپ، باش قىسمىدا غالىبلىق ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلگەن بولسا، ئۆكھەل تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك.

3. ئەگەر باشتا قاننىڭ غالىب بولۇشى بىرەر ئەزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ ئەزا بىلەن بىللە مېڭىنى تازىلاشقا توغرا كەلسە، شۇ ئەزا بىلەن مېڭىگە بىر تۇتاش بولغان تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك.

4. ئەگەر خىلىت باشتىلا بولۇپ، بىرەر ئەزا بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىسا، پەقەت باشنىلا تازىلاش كېرەك.

5. ئەگەر قاننىڭ غالىبلىقى دەسلەپتە پەقەت باشتىلا بولسا، ئارتۇق خىلتنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ سىرتىدىكى پەردىلىرىدە ياكى جام سۆڭىكىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر جام سۆڭىكىنىڭ ئىچىدىكى پەردىلىرىدە بولسا، چوققىغا لوڭقا قويۇش، ئەگەر خىلىت باش سۆڭىكىنىڭ سىرتىدا بولسا ۋە ئۇنى چىقىرىپ تاشلاشتا ئۈمىد بولمىسا، پېشانىگە لوڭقا قويۇش كېرەك.

6. قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خىلتىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

7. بارلىق قان خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەي-تىش ئۈچۈن ئانار شەربىتى، چىلان شەربىتى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتتىكى شەربەتلەرنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

8. نېلۇپەر شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى، ئۈجمە شەربىتى، ئالما شەربىتى، قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلارنى يالغۇز ياكى بىرنەچچىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە ياكى بۇ شەربەتلەرنىڭ بىرەرسىگە تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىغا ئوخشاش

سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇرۇقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

9. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولمىسا، بېهى مۇراببىاسى ياكى ئالما مۇراببىاسى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

10. يۆتەل بولمىسا سىركەنجۇبىل سادده، تەمرى ھىندى شەربىتى، لىمون شەربىتى، ھۇمماز شەربىتى، چۇچۇمەل مېۋە مۇراببالىرى، ئانار سۈيى قاتارلىقلارنى تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

11. يۆتەل بولسا ئارپا، سەرپىستان، نېلۇپەر، چىلان، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، چىلان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بېهى ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ ئارپا ئېشى قىلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇش ياكى ئارپا ئېشىنى خېمىرى بىنەپشە بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

12. يۇمشىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا سەپرانىڭ مۇنزىجىنى ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن سەپرانىڭ مۇسھىلىنى بېرىش كېرەك ياكى باشقا يۇمشاتقۇچى چىلانىملارنى بېرىش مەسىلەن: ھېلىلە چىلانىسى ياكى مېۋە سۈيى ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە ياكى يۇمشىتىش ئۈچۈن كىلىزما ئىشلىتىش ۋە چىلان 20 دانە، زىرىق 16 گرام، تەمرى ھىندى 36 گرام، رەۋەن چىنى تۆت گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەر بىرى ئالتە گرام، دورىلارنى بىر كېچە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا 36 گرام شىرخىشت، 48 گرام تەرەنجىبىن قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

13. يۇمشىتىش ئۈچۈن قىزىلگۈل شەربىتى، ئەرقى گۈل، ئەرقى نېلۇپەر قاتارلىقلارنى بىرگە بېرىش ياكى قىزىلگۈل، ئەينۇلا، چىلان، بىنەپشە، تەمرى ھىندى، سەرپىستان قاتارلىق دورىلارنى شىرخىست چىلانىسى بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، غەيرىي تەبىئىي قاندىن خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا، قان ئېلىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ۋە تامىقىنى ئازايتىش كېرەك.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا، ئاقلانغان ماش ئېشىغا پالەك ۋە غوراب سۈيى، لىمون، ئاچچىق ئانار قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ چۈچۈمەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر كۆكرەك كېسەللىكى، نېرۋا كېسەللىكى، ئۈچەي ئاجىزلىقى، يۆتەل، كۆكرەك قۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىق كېسەللەرنىڭ بىرەرسى كۆرۈلسە، چۈچۈمەل نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

### 6) غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ صفراوی

ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىك ۋە دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ياز ۋاقتىدا جىسمانىي ئەمگەكلەرنى كۆپ قىلىش، ئۇزۇنغىچە ئۇخلىماي يۈرۈش قاتارلىقلاردىن سەپرا

خىلتىدا نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باش ئاغرىش، شەقىقە، مېڭە پەردە ياللۇغى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، تۇتقاقلىق قاتارلىق كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە تەدبىر قوللىنىلىدۇ:

1. ئاپېلسىن سۈيى، لىمون سۈيى، ئاپېلسىن شەربىتى، لىمون شەربىتى، ئىسپىغۇل لۇئابى، قاپاق سۈيى، ئانار سۈيى، چىلان شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى، سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇرۇقلارنىڭ شىرىلىرى، كاسنىە ئۇرۇقى، كاسنىە يىلتىزى، ئوغرىتىكەن، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، زىرىق قاتارلىق دورىلارنىڭ قايىنتىلمىلىرىدا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقى دورىلار ئارقىلىق خىلتنى تەڭشىگەندىن كېيىن، سەپرانىڭ مۇنزىجىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرانىڭ سۈرگىسى بىلەن ھەببى بىنەپشە بېرىش كېرەك.

2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتنى پىشۇرۇشتا خىلتنىڭ قىيامىنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىنى ئاستىلىتىش ۋە نورماللاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، پارچىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

3. تازىلاش ئۈچۈن ھېلىلە، ئەينۇلا، شاھتەررە قايناتمىسى، مېۋە شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، خىيارشەنبەر قايناتمىسى ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچلۈك قىلىش توغرا كەلسە، بۇ دورىلارغا سوقمۇنىيا قوشۇش كېرەك.

4. سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن سېرىق ھېلىلە، چىلان، تەمرى ھىندى، شاھتەررە، سانا، بىنەپشە، يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلىگۈلى، كاسنىە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى چىلاپ، تەرەنجىبىن قوشۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

5. تازىلاپ بولغاندىن كېيىن سوۋۇتقۇچى ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنى ۋە ئوزۇقلۇقلارنى كۆپرەك بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپىغۇل، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى.

6. سەندەل، گۈلاب، ئالما سۈيى قاتارلىقلارنى پۈركۈش، سەندەل، ئەنزىرۇت، شىيافى مامىشا قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈلدە ئېرىتىپ، تېشىدىن سۈۋاش، بۇرنىغا قاپاق يېغى تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك (دىققەت: يۇقىرىقى سىرتىدىن سۈۋايدىغان سۈۋالمىنى تازىلاشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ).

7. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل كېسەللىكلەر ئۈچۈن خىلتىسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

8. ئەگەر بىمارنىڭ تېنى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بېشى ئاغرىسا ئۆچكە سۈتى بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇ خىل كېسەلدە ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، مۇسھىل دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**7) غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:**

علاج امراض دماغ بلغمى

ھۆل سوغۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش، ھەددىدىن زىيادە راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش، تاماقنى كۆپەيتىش، تاماق يەپ بولۇپلا مۇنچىغا چۈشۈش قاتارلىقلاردىن بەلغەم خىلىتىدا غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن باش ئاغرىش، شەقىقە، مېڭە پەردە ياللۇغى، باش قېيىش، ئېغىر ئۇيقۇ، ئۇنتۇغاقلىق، تۇتقاقلىق، شوك قاتارلىق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ.

1. ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بەلغەمنىڭ مۇنزىچىنى بېرىش، خىلىت پىشىپ بولغاندىن كېيىن، بەلغەمنىڭ سۈرگىسىنى بېرىش ئارقىلىق بەدەننى تازىلاش ۋە مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج پەيقىرا بېرىش كېرەك.

2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنى پىشۇرۇشتا كېسەللىك ماددىسىنى تەڭشەش، پارچىلاش ۋە تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن: رۇم بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، بىخ كەبىر، سەۋسەن يىلتىزى، ئىزخىر، ھاشا، زۇپا، پىننە، سۇزاپ، بەرەنجاسىپ، مەرزەنجۇش، بەرگى ھەببۇلغار، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەككە ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە تارقاتقۇچى خۇسۇ-سىيەتكە ئىگە پىشۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك.

3. سىركىگە يەڭگىل دەرىجىدىكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى قوشۇپ، سوغۇق-لۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىچكۈزۈش كېرك.

4. غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىقلىق ياغلارنى ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى خىلىت بەك سوغۇق ياكى مىقدارى بەك كۆپ بولغاندا ئۇنى تارقىتىش بەك قىيىن بولىدۇ، ئۇنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بانان يېغى، زەنبەق يېغى، مەغەزگۇل يېغى، سەۋسەن يېغى، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلارنى ھۆل سۇزاپ، ھۆل پىننە، ھۆل سېرىقچېچەك، تازىلانغان بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، مەزكۇر ياغلار بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

5. تۇز، بىنەپشە يېغى ياكى بابۇنە يېغى بىلەن قول ـ پۇتنى ياغلاش كېرەك.

6. سۈيدۈك ھەيدەش، تەرلىتىش، كلىزما قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق خىلىتنى تازىلاش كېرەك.

7. پۈتۈن بەدەن ۋە مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج پەيقىرا ۋە ھەببى قوقىيا بېرىش كېرەك.

8. كۆيگەن خىلىتلارنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئۇستقۇددۇس يېگۈزۈش كېرەك.

9. سەپرا خىلىتى ئارىلاشقان بەلغەم خىلىتى بولسا، سەبرە چىلانمىسى ياكى ئايارەج پەيقىرا چىلانمىسى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

10. ئايارەج لوغانزىيا، ئايارەج جالىنۇس، ھەببى لاجۇۋەرد، تەركىبىگە ئۇستقۇد-دۇس چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلارنى بېرىش كېرەك.

11. قويۇق ۋە شىلىمشىق بەلغەمنى تازىلاشتا ئادەتتىكى ۋە يەڭگىل سۈرگىلەرنى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن بارا - بارا كۈچلۈك سۈرگىلەرنى بېرىش، مەسىلەن: دەسلەپتە ھەببى ئايارەج پەيقىرا، تۇربۇت، ئەفتىمۇن، غارىقۇن قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى شەبيار ۋە ھەببى ئايارەج پەيقىرا بېرىش كېرەك ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىترىفىل سانا، ئىترىفىل مۇلەيىن، ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

12. مېڭىنى تازىلاش ۋە كۈچلەندۇرۇش ئۈچۈن، مور، قۇندۇز قەھرى، كۇندۇر، پىلپىل، قىچا قاتارلىقلارنىڭ تالقانلىرىنى بۇرۇنغا تارتقۇزۇش كېرەك.

13. توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، ئەقىل ۋە ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرۇش، يەلنى يوقىتىش، سوغۇقلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن مەجۇنى جامئۇل ئەسرا ئىستې-مال قىلدۇرۇش كېرەك.

14. مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل ئەنسىلگە شەھمەنزەل، زەنجىۋىل، ئۇست-قۇددۇس، تۇربۇت، قىچا، ئاقىرقەرھا، پىلپىل قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى سىركەن-جىۋىل ئەنسىلنى يالغۇز ھالەتتە ئېلىپ غار - غار قىلدۇرۇش كېرەك.

15. مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن كۇندۇر، پىلپىل، قۇندۇز قەھرى، ئۇستقۇددۇس قاتارلىق دورىلار تالقانلىرى ئارقىلىق چۈشكۈرتۈش كېرەك.

16. گۈلقەنت ياكى ھەسەلدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇدا ئېزىپ بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

17. سۇماقنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

18. بادام بىلەن قۇندۇز قەھرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

19. ئاچچىق بادام يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

20. زەپەر، جاۋاشىر، ھىڭ، مىئەسائىلە قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىدىن تېمىتىلما دورا تەييارلاپ بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

21. ئىكلىلمىلىك، بابۇنە، ھۆلبە، زۇپا، ئۇستقۇددۇس، ئەپسەنتىن، ئىزخىر، بەديان، كەرەپشە يىلتىزى، پوستى تۇرۇنجى، رەيھان ياغىچى، بەرگى سۇزاپ، ئاقىرقەر-ھا، ھەببۇلغار، ئۆشبە، بەرگى غار، ئادراسمان ئۇرۇقى، سۆئتەر، بەرەنجاسىپ، جۇۋىنە، مەرزەنجۇش، پىرسىياۋشان، سېرىقچېچەكنىڭ ئۇرۇقى، ھاشا قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ ھورلاندۇرۇش ياكى يۇيۇندۇرۇش كېرەك.

22. گۈل بابۇنە، مەرزەنجۇش، يەرلىك شوخلا، سېرىقچېچەك ھەربىرى 36 گرام، بۇغداي كېپىكى 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ يۇيۇندۇرۇش كې-

ـرەك.

23. ئۇنىڭدىن باشقا بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

دورا تاللاشتا غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ مىقدار ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشىگە قاراپ تاللاش كېرەك. مەسىلەن: خىلتنىڭ مىقدارى ئاز بولسا، تۆۋەن دەرىجىدىكى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا، ئۇنىڭغا كۈچلۈكرەك دەرىجىدىكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

لېكىن كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىشتە ناھايىتى دىققەت قىلىش، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بەدەندە ياللۇغ پەيدا بولۇپ قېلىش خەتىرى بولىدۇ. شۇڭا، پىشۇرۇشتىن ئىلگىرى خىلتنى بىر ئاز چىقىرىپ تاشلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن خىلتنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. بەلغەم خىلتنى پىشۇرۇش ئۇچۇن ئىمكانقەدەر قىزىتقۇچى دورىلاردىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى قىزىتقۇچى دورىلار باشقا خىلتلارنى سۈيۈلدۈرۈۋېتىدۇ.

## 8) غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ سوداوى

كالا گۆشى، ئات گۆشى، قىيمىلىق تائام قاتارلىق سەۋدا خىلتىنى پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىشتىن سەۋدا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن باش ئاغرىقى، شەقىقە، مېڭە پەردە ياللۇغى، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، قېتىپ قېلىش، مالىخولىيا، تۇتقاقلىق، سەكتە قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ.

1. ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىش، خىلت پىشقاندىن كېيىن سەۋدانىڭ مۇسھىلى ۋە ھەببى ئەفتىمۇن، ھەببى لاجۇۋەرد ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.

2. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇشتا مۇھىم يۇمشىتىش ۋە ھۆللەشتۈرۈش ئۇچۇن چىلان، نىلۇپەر، ھۆل ئەنجۈر، خېمىرى بىنەپشە قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە ئىشلىتىش كېرەك.

3. ئارپا سۈيىگە شېكەر ۋە تەرەنجىبىن شىربىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدىكى يۇمشاتقۇچى ۋە بوشاتقۇچى دورىلارنى مەسىلەن: گاۋزىبان، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا، سەرپىستان، تەرەنجىبىن قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

4. ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلارنى مەسىلەن: مائۇلئۇسۇل شەربىـ

تى، سىركەنجۋىل ئەنسىلى قاتارلىق دورىلارنى ئارپا سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈش ۋە چۈچۈك-
بۇيا يىلتىزى، بەدىيان، كەرەپشە، رۇم بەدىيان، پىرسىياۋشان، ئەنجۇر دورىلارنى قاينى-
تىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈش ۋە ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈمنى گۈلقەنت بىلەن بىرگە ئىستېمال
قىلدۇرۇش كېرەك.

5. ئەگەر كېسەللىك سەۋدا خىلىتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان بولسا، دەسلەپتە ھۆللۈك
يەتكۈزگۈچى تاماقلار ۋە دورىلار ئارقىلىق ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە ھارارەتنى تەڭشەش ئۈچۈن
يۇقىرىقى دورىلار ئارقىلىق خىلىتنى پىشۇرۇش كېرەك.

6. سەۋدا خىلىتى ئاسان پىشمايدۇ، شۇڭا بۇ كېسەللىكتە مۇنزىجنى كۆپرەك
ئىچكۈزۈش كېرەك.

خىلىت پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، يەنى سۈيدۈكى قويۇق بولۇش، تومۇر
ھەرىكىتى سۇس بولۇش قاتارلىقلار كۆرۈلسە، سەۋدا خىلىتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىش،
مۇسھىل بېرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە مۇنزىج بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەۋدا
پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، يەنە بىر قېتىم سۈرگە بېرىش كېرەك.

7. سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا،
ئەفتىمۇن ھەر بىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 20 دانە، قارىئۆرۈك ئون
دانە قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا شىرخىستتىن 42 گرامنى ئارىلاشتۇ-
رۇپ، ئون كۈن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك نۇسخا ئىشلىتىش كېرەك بولسا، يۇقىرىقى نۇسخىغا
گاۋزىبان، گۈل گاۋزىبان، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، قىزىلگۈل، كاسىنە ئۇرۇقى، كاسىنە
يىلتىزى، پىرسىياۋشان، ئاق لەيلىگۈل ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، شاھتەررە،
تۇخۇمى كۇشۇش، بەدىيان يىلتىزى ھەر بىرى ئالتە گرام، ئەنجۇر بەش دانە، گۈلقەنت
48 گرام قاتارلىقلارنى قوشۇش، ئەگەر خىلىت بەك قويۇق بولسا، قەنتەرىيون ۋە بىخ
كەبىر قوشۇش كېرەك.

سۈرگە ئۈچۈن يۇقىرىقى مۇنزىجقا خىيارشەنبەر، شىرخىست ھەر بىرى 48 گرام،
سانائى مەككە، قارا ھېلىلە ھەر بىرى توققۇز گرام، بادام يېغى بەش گرام قاتارلىق
دورىلارنى قائىدە بويىچە قوشۇش كېرەك.

8. سۈرگە ئۈچۈن يۆيۈلغان لاجۋەردنى تالقانلاپ، گۈلاب ياساپ يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن
سۈرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

9. ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىز بولسا مۇنزىج ئۈچۈن مائۇلجەبىن، سىركەنجۋىل،
ئەفتىمۇن، سۇفۇيى سەۋدا قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن ئىستېمال قىلدۇ-
رۇش كېرەك. خىلىتنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەفتىمۇننى ئاخشىمى مائۇلجەبىنگە
چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ شېكەر ياكى شىرخىستتىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇ-

رۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

10. مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج لوغانزىيا بىرىش ۋە قويۇق سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن تەركىبىگە لاجۇۋەرد، سەبرە، ئۇستقۇددۇس، ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، قارا خەربەق چۈشكەن ھەب دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. لېكىن خەربەق ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىش كېرەك.

11. سەۋدا خىلتىنىڭ ئارتىپ كېتىشىنى توسۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈمۈشتىن 36 گرامنى ئالتە قېتىم، ئالتۇندىن 18 گرامنى بەش قېتىم، پولاتتىن 144 گرامنى توققۇز قېتىم داغلاپ، 1.5 لىتىر گۈلابقا چۆكۈرۈپ داغمال سۇيى تەييارلاپ، 36 گرام كۈندۈر ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

**9) يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:**

علاج امراض دماغ ريحي

يىرىك تاماقلارنى كۆپ يېيىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بەدەندە يەل پەيدا بولۇپ، بۇ يەل مېڭىگە ئۆرلەپ، باش ئاغرىقى، شەقىقە، باش قېيىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

1. يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن شىخ، ئەفتىمۇن، ھاشا قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەلنى يوقاتقۇچى دورىلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش ۋە بۇ دورىلاردىن يۇيۇنۇش دورىسى تەييارلاپ يۇيۇندۇرۇش، پۈرتىلما ياساپ پۈرتىش، خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان ۋە بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، ھەركۈنى هاممامغا چۈشۈرۈش، قۇندۇز قەھرى ۋە ئىپار پۈرتىش، قۇلاققا يەسمەن يېغى ياكى ھەببۇلغار يېغى ۋە ياكى مەرزەنجۇش يېغى تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

2. مېڭىدىكى يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن قۇندۇز قەھرى ۋە ئىپارنى زەنبەق يېغى بىلەن ئېزىپ، ئېغىزغا تېمىتىش كېرەك.

3. يەل پەيدا قىلغۇچى خىلت كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش تەدبىر-لىرىنى قوللىنىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

4. يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

10) بۇخاراتتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

*علاج امراض دماغ بخاری*

بۇخاراتلار سەۋەبىدىن باش ئاغرىش، شەقىقە، قاش ئۈستى ئاغرىش، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش، مېڭە پەردە ياللۇغى، ئېغىر ئۇيقۇ، ئېغىر قېيىش، باش قېيىش، قارا بېسىش، تۇتقاقلىق، سەكتە قاتارلىق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ.

1. ئەگەر باشتىكى بۇخارات ئومۇمىي بەدەندىن كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن بۇخارات پەيدا قىلغۇچى خىلتنى تازىلاش كېرەك. مەسىلەن: قاندىن بولغان بولسا قان ئېلىش، لوڭقا قويۇش، زۇرۇر بولغاندا سوغۇق تەبىئەتلىك سۈرگە بېرىش كېرەك.

2. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش، ئۇنىڭدىن باشقا، گۈلاب، سىركە، گۈل يېغى قاتارلىقلارنى سۈۋاش، ھۇمماز شەربىتى، لىمون شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى قاتارلىق شەربەتلەرگە ئىسپىغۇلنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈش ۋە ياكى لايىقلاشتۇرۇپ سوقۇلغان ئىسپىغۇلنى ئەرقى گۈل ۋە قەنت بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

3. ئىترىفىل سەغرە، ئىترىفىل كەشنىز ۋە ھېلىلە، ئاملە، بەلىلە قاتارلىق دورىلارنىڭ چىلانمىسىنى بېرىش كېرەك.

4. ئەگەر بۇخارات غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەۋدا خىلتىدىن بولسا، مۇناسىۋەتلىك سۈرگە دورىلىرىنى بېرىش ۋە ئىترىفىل سانا ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك ۋە بەلغەم، سەۋدادىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

5. ئەگەر بۇخارات مەخسۇس بىر ئەزادىن باش تەرەپكە ئۆرلىگەن بولسا، باشقا ئەزا شىرىكچىلىكىدىكى مېڭە كېسەللىكلىرىدە سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

6. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ئانار، لىمون، پالەك، سۇماق، قاپاق قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن كېكىرىشنى توسۇش ئۈچۈن سۇفۇپى كەشنىز، سۇماق، ئىسپىغۇل قاتارلىقلاردىن بىرىنى تالقاپ، شېكەر بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

بۇ كېسەلدە سوغۇق تەبىئەتلىك زىمادلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش، زۆرۈر بولغاندا قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تارقاتقۇچى زىمادلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر قىزىتما يۇقىرى بولسا پەرپەيۇندەك ئىسسىقلىقى يۇقىرى بولغان تارقاتقۇچى دورىلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

### 11) تۇسۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ سدى

غەيرىي تەبىئىي خىلىت ياكى ئىششىق تەسىرىدىن مېڭە قان تومۇرلىرىدا تۇسۇلۇش پەيدا بولۇپ، باش ئاغرىش، تۇتقاقلىق كېسەل، شوك، قېتىپ قېلىش قاتارلىق مېڭە كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

1. ئەگەر تۇسۇلۇش قويۇق ۋە شىلمىشىق بەلغەم خىلىتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، غەيرىي تەبئىي خىلىتنى پىشۇرۇش ۋە بەلغەم خىلىتىنى سۈيۈلدۈرۈش ئۈچۈن بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇنزىچىغا زۇپا ۋە ھاشا قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈيۈلدۈرگۈچى دورىلار- نى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

غەيرىي تەبئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈرگە دورىلىرى ۋە ھەببى ئايارەج پەيقىرا، ھەببى شەبيار قاتارلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. خىلىتنى تارقىتىش ئۈچۈن بەلغەم خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۇۋالما دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

مېڭە تۇسالغۇسىنى ئېچىش ئۈچۈن مەغىز گۈلى، سۆرۈنجان گۈلى، قورۇلغان سىيا- دان، مەرزۇنجۇش قاتارلىقلارنى پۇرىتىش ياكى رۇم بەدىيانىنى قورۇپ، نېپىز لاتىغا ئوراپ داۋاملىق پۇرىتىش كېرەك.

2. ئەگەر تۇسالغۇ غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلىتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سەۋدا خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ۋە سەۋدا خىلىتىنى تەڭشەش كېرەك.

3. ئەگەر جىگەر مىزاجى ئىسسىق بولۇپ تۇسۇلۇش كۆپ بولسا، ئالدى بىلەن تۇسالغۇلارنى ئاچىدىغان دورىلارنى تالالاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىقلىقنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك (بۇ دورىلار ئىچىدە قابىز دورىلار بولماسلىقى كېرەك). ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۇسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە بۇ خىل داۋالاش تەدبىرىنى تۇسالغۇ يوقالغۇچە قوللىنىش كېرەك.

4. ئەگەر تۇسۇلۇش قان ياكى سەپرا خىلىتىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان بولسا، قاندىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە سەپرا خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

5. ئەگەر تۇسۇلۇش ياللۇغ تەسىرىدىن بولسا، مېڭە ياللۇغىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 12) ياللۇغلىنىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ ورمى

ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن باش ئاغرىش، مېڭە پەردە ياللۇغى، تىلما، ئېغىر ئۇيقۇ، سەكتە قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

1. ئەگەر ياللۇغ زىيادە ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىدىن بولسا، ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. يەنى دەسلەپتە سوۋۇتقۇچى دورىلاردىن سىركىنى گۈلاب بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا قويۇش كېرەك. لېكىن ئاغرىق بەك ئېغىر بولغاندا سىركە ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، سوغۇق ۋە تۇتقۇچى (قابىز) دورىلار ياكى قابىزلىقى يۇقىرى بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى قايىنتىپ، پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش كېرەك.

بۇ ۋاقىتتا خەشخاش ۋە ئەپيۇن قاتارلىق بەك سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر ئاغرىق ئېغىر بولۇپ، مەست قىلىش ئۈچۈن دورا ئىشلەتكەندە بۇ خىلدىكى دورىلارنى بابۇنە ئارىلاشتۇرۇپ مەست قىلىش تەسىرىنى بىر ئاز تۆۋەنلىتىپ بېرىش كېرەك.

2. ئەگەر ياللۇغ ئىسسىق تەبىئەتلىك خىلىت تەسىرىدىن بولۇپ، خىلىتلاردا ئىسسىقلىق ۋە ئۆتكۈرلۈك بەك يۇقىرى بولسا، ئالدى بىلەن يېشىل كۆكتاتلارنىڭ سۇلىرىنى ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك مۇنزىج دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، مۇنزىجتىن كېيىن تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلار ئارقىلىق، يەنى ئىكلىلىك ۋە نامازشامگۈلى يىلتىزى قايناتمىسى قاتارلىقلاردا يۇيۇندۇرۇش كېرەك. ئاخىرىدا بابۇنە يېغى يالغۇز ھالەتتە ياكى كەرەپشە يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زىماد تەييارلاپ سۇۋاش كېرەك.

تازىلاش ئۈچۈن خىلىت ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

3. ئەگەر ياللۇغ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولسا، بىمارغا ئارپا سۈيى ۋە نەشپۈتكە ئوخشاش سىڭىشلىق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

4. ئەگەر ياللۇغ سوغۇق خىلىت تەسىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلىتقا قارىتا مۇنزىج ۋە مۇسھىل بېرىش كېرەك. باشقا پىياز سۈركەش، ئۇنىڭدىن باشقا سىركە بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇش كېرەك.

ياللۇغلىنىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە مېڭە پەردە ياللۇغىدا ئىشلىتىلگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك.

13) مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

علاج امراض دماغ ضعف دماغی

مېڭە ئاجىزلىقىدىن باش ئاغرىش، باش قېيىش قاتارلىق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ.

1. مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل كەشنىز، ئىترىفىل كەبىر، ئىترىفىل ئۇستۇقۇددۇس، ئىترىفىل مۇقەۋۋى دىماغ، خېمىرى گاۋزىبان، خېمىرى خەشخاش، خېمىرى مەرۋايىت، ئامىلەنۇشدارى، جاۋارىش سەندەل، جاۋارىش ئەنبەر، داۋائى مىشكى، مەجۇنى مۇقەۋۋى دىماغ، مۇپەررىھ ياقۇت بارىد، مۇپەررىھ ياقۇت ھار، ئەبرىشىم شەربىتى، ئەرقى مۇرەككەپ، ھالۋا قاتارلىقلارنى ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

2. پوستى ئاقلانغان بادام مېغىزىدىن ئالتە گرامنى تەڭ مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا يېگۈزۈش كېرەك.

3. باشقا گۈل يېغى ياكى قەلەمپۈرنى گۈلابتا ئېرىتىپ سۈركەش كېرەك.

4. ئالما، ئەنبەر، گۈلابلارنى پۇرىتىش كېرەك.

5. كالا يېغىنى يالغۇز ياكى ئۈنىڭ بىلەن كۈشتە قىلىنغان مەرۋايىتنى گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

6. چۆپچىن ھالۋىسىنى يېگۈزۈش كېرەك.

7. ئۆچكە گۆشىنى بادام يېغىدا قورۇپ يېيىش ۋە ئۈنىڭ يېغىنى باشقا سۈركەش كېرەك.

8. مېڭە ئاجىزلاپ كېتىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا، ھايۋاناتلارنىڭ مېڭىسىنى كۆپرەك يېگۈزۈش، مۇپەررىھ، زىماد دورىلار ئارقىلىق مېڭە ۋە روھقا خۇشاللىق يەتكۈزۈش، پىندۇق، بادام، سۈ كالىسى سۈتى قاتارلىقلارنى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا باش ساھەسىگە گۈل يېغى سۈركەش، كالا سۈتى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك (جالىنۇس).

9. كۆپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا باھنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە مەنىي كۆپەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، يۇمشاق، سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر مەسىلەن: توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى ۋە شورپىلىرىنى نان بىلەن يېگۈزۈش، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى قەنت بىلەن يېگۈزۈش، پىندۇق، پىننە، چىلغوزا ۋە باشقا مېغىزلار، سۈ كالا سۈتى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

10. لوبۇبى كەبىردىن ئون گرامنى مائۇللەھمى ساددە ياكى مائۇللەھمى مۇرەككەپ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

11. نەزلە ۋە زۇكام سەۋەبىدىن بولغان مېڭە ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا:

ئالدى بىلەن ھەببى قوقىيا ياكى ھەببى ئايارەج پەيقىرا ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس ياكى ئىترىفىل شاھتەررەنى ئەرقى ئۇستقۇددۇس بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك. بادام مېغىزى ئون دانە، خەشخاش، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام، ھەببى قەرتوم 24 گرام، نىشاستە 36 گرام، كالا يېغى 54 گرام، ئاق شېكەر 72 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە ھالۋا تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

12. ئۇيقۇسىزلىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. ئەگەر بۇ كېسەل سوزۇلما خاراك- تېرلىك بولسا، كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن يەڭگىل دورا ۋە غىزالار ئارقىلىق ئاستا - ئاستا بەدەننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

13. قاتتىق ھېرىپ - چارچاشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىمارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش ۋە باشنى سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ياغلاش كېرەك.

14. سۈرگە دورىلىرىنى كۆپ ئىچىش سەۋەبىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**14) مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:**

علاج امراض دماغ حس دماغى

مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن باش ئاغرىش، تۇتقاقلىق كېسەل قاتار- لىقلار پەيدا بولىدۇ.

1. ئەگەر ھەزىم قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولسا، سەزگۈرلۈكىنى چەكلەش ئۈچۈن تەس سىڭىدىغان غەلىز يېمەكلىكلەر مەسىلەن: كاللا - پاچاق بىلەن ئارپا ئۇنىنىڭ ئۇمىچىنى بېرىش كېرەك.

2. ئەگەر ھەزىم قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولمىسا، ئوسۇڭ، سېمىزئوت، ھۆل يۇمغاقسۈت قاتارلىق كۆكتاتلارنى، بېلىق گۆشى ۋە ئېمىۋاتقان ئوغلاق گۆشى قاتارلىقلارنى بېرىش، تامىقىغا خەشخاش ئۇرۇقى ۋە ئوسۇڭ ئۇرۇقى قوشۇپ بېرىش كېرەك.

3. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، خەشخاش شەربىتى، خەشخاش شىرنىسى، ئوسۇڭ شىرنىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سېزىمنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش ۋە ئەپيۇن پۈرىتىش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلسە كۆكنار سۈيى ئىچكۈزۈش ۋە ئوسۇڭ ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ زىيان قىلىش ئېھتىمالى كۆرۈلسە، دورا

ئىشلىتىشنى دەرھال توختىتىش ۋە باشنى ئىلمان سۇ بىلەن ھوردىتىش كېرەك.

**15) مېڭە پۇتۇنلۇكى بۇزۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:**

*علاج امراض دماغ از تفرق اتصال*

ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، يىقىلىش سەۋەبىدىن مېڭىدە پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىپ، باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئېغىر ئۇيقۇ، ئېغىر بولغاندا سەكتە قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

1. مېڭىنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىيپال تومۇردىن ياكى ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىش، ئەگەر قان ئېلىشقا بولمىسا، لوڭقا قويۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرانىڭ مۇسھىلىنى بېرىش ياكى كلىزما ئارقىلىق سەپرانى تازىلاش كېرەك.

باشقا سىركە، گۇلاب ۋە گۇل يېغى سۇركەش، ئەرقى گۇل ۋە سىركىدە ئانار پوستىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئىپار، ئۇد ھىندى ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىش كېرەك.

قان ئېلىش ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن گىل ئەرمىنىدىن بىر گرام، مۇرمەككىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، بۇ دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىلمان سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك (ھەكىم ئۇلۇغخان).

2. زەخمە يېنىك بولسا ماش ئۇنى، بۇغداي كېپىكى، مۇغاس ھىندى، ئاقاقىيا، زەرچىۋا قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، گۇل يېغى، نامازشامگۇلى يېغى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىش كېرەك. ئەگەر بەدەندە ھارارەت يۇقىرى بولسا، بۇ زىمادقا گىل ئەرمىنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

3. ئەگەر باشتىن قان ئېقىۋاتقان بولسا، بىمارغا توخۇ مېڭىسىنى يېگۈزۈپ، كەينىدىن ئازراق ئاچچىق ئانار سۈيى ئىچكۈزۈش كېرەك.

4. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن زەخىملىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە جاراھەتلەرنى داۋالاش قاتارلىقلاردا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**16) باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىكى مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:**

*علاج امراض دماغ شرکی*

بۇنىڭدا باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئېغىر ئۇيقۇ، ئۇيقۇسىزلىق، تۇتقاقلىق قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ، ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلىدۇ.

1. ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

ئەگەر ئاشقازاندا بىرەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت توپلىنىۋالغان بولسا، قەي قىلدۇرۇش

ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش كېرەك.

1) ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ توپلىنىشۇېلىشىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

(1) سىركە ۋە ئىلمان سۇ بىلەن قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

(2) تەمرى ھىندى سۈيى 24 گرام، ئەينۇلا بەش دانە، تەرخەمەك ئۇرۇقى ئالتە گرام، يۇمغاقسۇت سۈيى تۆت گرام، دورىلارنى سىركە ۋە ئەرقى گۈل بىلەن بېرىش كېرەك.

(3) ئەگەر سەپرا خىلىتىنى سۈرۈش زۆرۈر بولسا، سەپرانىڭ سۈرگىسىنى بېرىش كېرەك.

(4) ئەگەر ئاشقازانغا توپلىنىشۇالغان سەپرا خىلىتىنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا، سېرىق ھېلىلە پوستى، ئەپسەنتىن، بىنەپشە ھەر بىرى 18 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن، شاھتەررە ھەر بىرى ئون گرام، تەمرى ھىندى 72 گرام، ئەينۇلا 40 دانە قاتارلىق دورىلارنى 1.5 لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، قەنتتىن 72 گرام، سوقمۇنىيادىن 484 مىللىگرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك ياكى تەمرى ھىندى قايناتمىسى، ئەپسەنتىن قايناتمىسى، سەبرە چىلانمىسى، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار-دىن بىرىنى تاللاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، ئىترىفىل سەغىرنى ئايارەج پەيقىرا بىلەن بىرگە ئۈچ كۈن يېگۈزۈش كېرەك.

(5) تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ھارارەتنى چۈشۈرۈش ۋە ئاشقازان مېڭىنى كۈچلەندۈ-رۈش ئۈچۈن سەپرادىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

(6) باشقا بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلارنى سۈركەپ تۇرۇش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا، چۈچۈمەل تەملىك نەرسىلەرنى بېرىش، ياغلىق، تاتلىق نەرسىلەر-دىن ساقلىنىش كېرەك.

2) ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتى توپلىنىشۇېلىشتىن بولغان مېڭە كېسەل-لىكلىرىنى داۋالاش:

(1) سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، ھەسەل ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ، بىر نەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ۋە بەلغەمنىڭ مۇسھىلىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

(2) تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج پەيقىرا ياكى ئايارەج پەيقىرادىن 6~12 گرامغىچە

ئېلىپ، ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن سەبرە چىلانمىسى ئىچكۈزۈش ياكى سانا، ئەپسەنتىن، ھېلىلە كابىلى، قارا ھېلىلە ھەر بىرى 18 گرام، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەج، بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، سۇمبۇل، قىزىلگۈل ھەر بىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 72 گرام قاتارلىق دورىلارنى 1.5 لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، قائىدە بويىچە كەترا تالقىنى ئىككى گرام، سەبرى بادام يېغى ھەر بىرىنى تۆت گرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

(3) تازىلاشتىن كېيىن جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش بەسباسە، جاۋارىش دارچىن، جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئەنبەر، جاۋارىش ئامىلە قاتارلىق دورىلاردىن ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

3) ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ توپلىشىۋېلىشىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

(1) سەۋدا خىلتىنى پىشۇرغاندىن كېيىن سەۋدانىڭ مۇسھىلى ياكى ھەببى ئەفتىمۇن، ھەببى ئىيارەج، ھەببى ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى تاللاپ بېرىش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(2) تازىلاش ئۈچۈن ھېلىلە كابىلى پوستى، قارا ھېلىلە، قىزىلگۈل، ئۇستقۇددۇس، غاپەس، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى، بىستىپايەج ھەر بىرى ئون گرام، شاھتەررە 20 گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 48 گرام، تەمرى ھىندى 84 گرام، چىلان 40 دانە. بۇ دورىلارنى 1.5 لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا 20 گرام ئەفتىمۇن، 72 گرام تەرەنجىبىن، 36 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، سۈزۈپ، يۇمشاق سوقۇلغان تۇربۇتتىن ئۈچ گرام، سوقۇپ يۇيۇلغان لاجۇۋەردتىن 5.1 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مالىخۇلىيادا ئىشلىتىلگەن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

4) يەلدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

(1) يەل تارقىتىش ئۈچۈن بەدىيان، رۇم بەدىيان، ئەفتىمۇن، گۈلقەنت قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

(2) قەي قىلدۇرۇش، بەلغەمنىڭ مۇنزىچىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن بەلغەمنىڭ مۇسھىلنى ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋائى مىشكى يېگۈزۈش كېرەك.

(3) ئىترىفىل سەغىر يېگۈزۈش كېرەك.

(4) سىيادان، جۇۋىنە، زىرە، ھەببى رىشات ھەر بىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

5) خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى

داۋالاش: بۇنىڭغا قارىتا خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

6) ئاشقازان ئېغىزى ئاجىزلاشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

(1) ئاشقازان ئېغىزىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە بۇخاراتنى توختىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بۇغداي كېپىكىنى ئانار سۈيى ياكى بېھى قىيامى بىلەن ئىچكۈزۈش، غورا سۈيى، رەۋەن سۈيى، سۇماق سۈيى قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىپ، قايناتمىسىغا نان چۆكۈرۈپ بېرىش كېرەك.

(2) كۆڭۈل ئاينىش بولسا قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

(3) ئەگەر يۆتەل ياكى نەزلە بولسا ۋە چۇچۇمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلەپ گۈلاب ياكى بېھى سۈيىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

2. مۇچىلەر مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

1) ئەگەر كېسەللىك قان خىلتى تەسىرىدىن بولسا، سافىن تومۇردىن قان ئېلىش، پۇتنى لوڭقا قويۇش، ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى ئىستەمخىقۇن ئارقىلىق قايتا ـ قايتا تازىلاش، تەبىئەتنى يۇمشاتقۇچى مەجۇنلەرنى بېرىش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

2) ئەگەر كېسەللىك سوغۇق خىلتلار تەسىرىدىن بولغان بولسا، خەيرى يېغىنى سىرتىدىن سۈركەش ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا سۇلىرى ئارقىلىق يۇيۇندۇرۇش، پۇتنىڭ بوغۇمىدىن تاپىنىغىچە باغلاش، خىلتسىز سوغۇقتىن ۋە بەلغەمدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

3) بەدەننى تازىلاپ ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىچا، قۇندۇز قەھرى، پىلپىل، ئاقىرقەرھا، پەرپىيۇن قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ سۈركەش ۋە ئىسسىقلىق ياغلار بىلەن ياغلاش كېرەك.

3. جىگەر، تال ۋە ئۈچەي مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

1) كېسەللەنگەن ئەزاغا قاراپ شۇ ئەزانى داۋالاش ۋە شۇ ئەزانى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

2) ئۈچەي مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىدە ئۈچەيدىكى قۇرتنى چىقىرىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ۋە ئۈچەينى كۈچلەندۈرۈش كې-رەك.

3) مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ۋە دارچىننى چايناش، سۇفۇپى كەشنىزنى شېكەر بىلەن يېگۈزۈش، ئىترىفىل كەشنىزنى بەرەنجاسىپ،

ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۇزۇم قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىش، مەجۇنى ھاپىزۇلسەھەت ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

4. بالىياتقۇ مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

بۇنىڭغا قارىتا ھەيز توختاپ قېلىش، بالىياتقۇ ياللۇغى قاتارلىقلارغا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

5. پۈتۈن بەدەن مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش:

بۇنىڭغا قارىتا يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## ئىككىنچى پەسىل باش ئاغرىقى
## صداع

**تونۇش:**

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشتىكى توقۇلما، شىللىق پەردە، پەي، تارمۇش، نېرۋىلار بېسىلىش ياكى غىدىقلىنىشقا ئۇچراپ، كلىنىكىدا باش چىڭقىلىپ ئاغرىش، لوقۇلداپ ئاغرىش ياكى ئېسىلىپ ئاغرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقى، ئىچكى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى، تاشقى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى، ئىچكى بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقى، تاشقى بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقى، توسۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى، ياللۇغلىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقى، زەخىملىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقى، مېڭە ئاجىزلىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان باش ئاغرىقى، قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان باش ئاغرىقى، شاراب ئىچكەندىن كېيىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقى، پۇراش سېزىمىغا مۇناسىۋەتلىك باش ئاغرىقى، ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى، بىئارام بولۇش خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى، ئۇيقۇدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان باش ئاغرىقى، قۇرت مەنبەلىك باش ئاغرىقى، شېرىكىي باش ئاغرىقى، نەزلە خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى، قوشۇمچە باش ئاغرىقى، بوھران كۈنلىرىدىكى باش ئاغرىقى قاتارلىق 28 خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە بۇ خىل باش ئاغرىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. باش ئاغرىقىنى تەكشۈرۈش:

دەسلەپتە بىماردىن پەقەت بېشىلا ئاغرامدۇ ياكى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ باشقا ئەزالىرىدىمۇ ئاغرىق بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاش. ئەگەر بىمارنىڭ بېشىدىلا ئاغرىق بولۇپ باشقا ئەزالىرىدا ئاغرىق بولمىسا، بۇ ئەسلىي باش ئاغرىقى (سودائى ئەسلىي) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر باشقا ئەزالىرىدا ئاغرىق كۆرۈلسە، بۇ ئەگەشمە باش ئاغرىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك.

### 1. ئەسلىي باش ئاغرىقىنى تەكشۈرۈش:

1. خىلتسىز باش ئاغرىقىنى تەكشۈرۈش: بۇنىڭدا باشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ قۇرۇق ياكى ھۆللۈكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر باش يېنىك، بۇرۇن بوشلۇقى قۇرۇق بولسا، خىلتسىز قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ. باش سىيلاپ كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر باش ئىسسىق بىلىنىش بىلەن بىرگە، كۆپ ئۇسساش، تىل ۋە ئېغىز قۇرۇش، ئۇيقۇسىزلىق، باش ۋە كۆز ئېچىشىش، قۇلاق قوشۇلۇپ ئاغرىش، ھېس ـ سەزگۈلۈكى قالايمىقانلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئەگەر باش سوغۇق بىلىنسە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىرايىدىن ئاجىزلىق، ماغدۇرسىزلىق ئالامىتى كۆرۈلسە، ئاغرىق كۈچلۈك بولمىسا، ھېس ـ سېزىمى سۇسلاشمىسا، ئاغرىش باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە مايىلراق بولسا، ئەتىگەن ۋە كەچتە يەنە ھاۋانىڭ سوغۇق ۋاقتىدا ئاغرىق كۈچەيتىلسە، بۇ خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ.

2. غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى تەكشۈرۈش:

ئەگەر بىمارنىڭ بېشى داۋاملىق ئېغىر بولسا، بۇ غەيرىي تەبىئىي خىلتتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋالدا باشنى سىيلىغاندا ئىسسىق بىلىنسە، خىلتلىق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىرايىنىڭ ۋە كۆزنىڭ رەڭگى، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ھەمدە تومۇرنىڭ سوقۇشى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر رەڭگى قىزىل، تومۇر ھەرىكىتى چوڭ، سۈيدۈكى قىزىل ۋە قويۇق بولسا، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا ئېغىز تەمى تاتلىق بولۇش، ئۇرغاندەك ئاغرىش، پۈت ـ قول ئاغرىش، تاتلىق نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن ئاغرىش زىيادە بولۇش

قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر چىراي ۋە كۆزنىڭ رەڭگى سېرىق، تومۇرى ئىتتىك، سۈيدۈكى سېرىق ياكى ئاپپېلسىن رەڭلىك ۋە ياكى ئوتنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ۋە سۈزۈك بولۇش، ئېغىز ئاچچىق، قۇرۇق بولۇش، ئۇيقۇسى كەم بولۇش قاتارلىقلار كۆرۈلسە، بۇ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر باش ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە، تۇتقاندا سوغۇقلۇق مەلۇم بولۇپ، باش ئاغرىقى سوزۇلما بولسا ۋە بىماردا ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، ھېسسىياتى سۇس بولۇش، ئېغىز، كىچىك تىل ۋە كۆزدىن ھۆللۈك كۆپ چىقىش تۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ چىرايى قارا، تومۇرى ئىنچىكە، قاتتىق بولۇش، سۈيدۈكى دەسلەپتە ئاق، سۇيۇق بولۇش، پىشقاندىن كېيىن قارا، قويۇق بولۇش، دىماغ قۇرۇش، ئۇيقۇ كەم بولۇش، ئوي ـ پىكرى بۇزۇلۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر باش يېنىك بولۇپ، بىمارنىڭ بېشىدا تارتىشىش، ئاغرىق يۆتكىلىپ تۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقىدا خىلتلىق ۋە خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى ئېنىق نامايان بولمىسا، مېڭە كېسەللىكلىرىدە بايان قىلىنغىنى بويىچە توسۇلۇش، ياللۇغلىنىش، مېڭە ئاجىزلىق ۋە ھېس ـ تۇيغۇ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلەش لازىم. بۇنىڭدا قايسى خىل كېسەللىك ئەھۋالى بولسا، باش ئاغرىقى شۇنىڭدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى قوشۇمچە كېسەلىكلەرنىڭ تەسىرىمۇ مەۋجۇت بولمىسا، ئەمما بىمار كەم ماغدۇر بولسا، باش ئاغرىشتىن ئىلگىرى بەدەندىن سۇيۇقلۇق ياكى قان چىقىپ كەتكەنلىك ئەھۋالىنى تەشخىس قىلىش لازىم. مەسىلەن: نەزلە، قەي، ئىچى سۈرۈش، كۆپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، بوۋاسىر، قان ئېلىش، نىپاس ئارقىلىق بەدەندىن سۇيۇقلۇق كۆپ چىقىپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراش.

ئەگەر بىمار باش ئاغرىشقا گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماسلىق، غەم ياكى ئاچلىق قاتارلىقلارغا دۇچار بولغان بولسا، بۇ باش ئاغرىقنىڭ سەۋەبى قۇرۇقلۇقتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن باش ئاغرىسا، بۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئەگەر شاراب ئىچكەندىن كېيىن باش ئاغرىش بولسا، بۇ شاراب ئىچكەندىن كېيىنكى باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئەگەر خۇش پۇراق ياكى سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى پۇرىغاندىن كېيىن باش ئاغرىسا، پۇراش سېزىمىغا مۇناسىۋەتلىك باش ئاغرىقى

بولىدۇ.

ئەگەر ئۇرۇلۇش، يىقىلىشتىن كېيىن باش ئاغرىش بولسا، ئۇرۇلۇش ـ سوقۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ. ئەگەر پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش نەتىجىسىدە ئاغرىسا، بۇ پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى (تەپەررۇقى ئىتتىسال خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى) بولىدۇ، ئەگەر باشتا ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش بولسا ۋە بىماردا باش قېيىش (سەدەر)، ئۇنتۇغاقلىق (نىسيان) لارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە ھەر خىل نەرسە ئوخشاشلا پۇرالسا، بۇ بىئاراملىقتىن بولغان باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بولمىسا ۋە باشتا قىچىشىش، ئېچىشىش، بۇرۇن سېسىق پۇراش، بۇرۇن قاناش، سېرىق سۇ ئېقىش، ھەرىكەت قىلغاندا ياكى قورساق ئاچقاندا ئاغرىق زىيادە بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ قۇرت مەنبەلىك باش ئاغرىقى بولىدۇ.

**2. شېركى باش ئاغرىقىنى تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا باش ئاغرىشتىن ئىلگىرى بىرەر ئەزادا كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا ۋە شېركى مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇ شېركى باش ئاغرىقى (سودائى شېركىي) بولىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا ئاغرىق باشنىڭ قايسى قىسمىدىن باشلانغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن باشلانغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇ ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى (سودائى مەئىدە) بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە مايىل بولسا، جىگەر مەنبەلىك باش ئاغرىقى سول تەرەپكە مايىلراق بولسا، تال مەنبەلىك باش ئاغرىقى، پېشانە تەرەپكە مايىلراق بولسا، ئۆچەي مەنبەلىك باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بولسا ۋە ھەرىكەت قىلغاندا ياكى قورساق ئاچقاندا ئاغرىق كۆپ بولسا ۋە ئاغرىش مېڭىش ـ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا ياكى ئاغرىش بىلەن بىرگە بىمارنىڭ ئېغىزى ۋە بۇرنىدا سېسىق پۇراق بولسا، بۇ ئۆچەي قۇرتى مەنبەلىك باش ئاغرىقى بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق چېكىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا بولۇپ، تۇغۇت ياكى بالا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا ياكى ھەيز توسۇلۇش، ھەيز ئازلىق، نىپاس خۇنى ئازلىق قاتارلىق ئالامەتلەردىن بولغان بولسا، بۇ بالىياتقۇ مەنبەلىك باش ئاغرىقى (سودائى رەھمى) بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، ئالدى تەرەپكە مايىلراق بولسا، بۇ پەردىسىمان باش ئاغرىقى (سودائى ھىجابى) بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكتە بىر ئاز ئاغرىق بولسا، بۇ بۆرەك مەنبەلىك باش ئاغرىقى (سودائى كولۋى) بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئاخىرىغىراق توغرا كەلسە (غول تەرەپكە)، بۇ يۇلۇن مەنبەلىك باش ئاغرىقى (سودائى بولبى) بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق باشنىڭ ئالدى تەرەپتە ئوتتۇرىسىغا مايىلراق بولسا ۋە باش ئاغرىشتىن ئىلگىرى قول - پۇت تەرەپتىن باش تەرەپكە چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىم مەلۇم بولسا، بۇ مۇچە خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى (سودائى ئەتراپى) بولىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىش بىلەن بىرگە باشقا كېسەللىكمۇ مەۋجۇت بولسا مەسىلەن: نەزلە زۇكام، يىغلىش (تەشەننۇچ)، بويۇن قېتىش (كوزاز)، تارتىشىش (تەمەددۇد)، دوك-لۇق (سىياھى ئەپرەسە)، بوغۇم ئاغرىقى (ۋەجئول مۇپاسىل)، ئۈششاق بوغۇم ئاغرىقى (نىقرەس)، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى (ئىرقۇننىسا)، قىزىتما (بۇخار) قاتارلىق كېسەل-لىك مەۋجۇت بولسا، بۇ قوشۇمچە باش ئاغرىقى (سودائى ئەرزى) بولىدۇ.

شىركى باش ئاغرىقىدا ئەسلىي كېسەللىك كۆچەيسە، باش ئاغرىقى كۆچىيىدۇ. كېسەللىك يوقالسا، باش ئاغرىقى ئۆزلۈكىدىن بۇرۇنراق ساقىيىدۇ.

ئەگەر قىزىتمىلىق كېسەللەردە بوھران كۈنلىرى باش ئاغرىسا، بۇ بوھران دەۋرىدىكى باش ئاغرىقى (سودائى بوھرانى) بولىدۇ.

## 2. باش ئاغرىقىنى ئومۇمىي داۋالاش:

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تاماقنى ئازايتىش، يەل پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ۋە شاراب ئىچىشتىن چەكلەش، ئاخشىمى ئوبدان ئۇخلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر-نى قوللىنىش لازىم. لېكىن ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى يەنى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا، بولۇپمۇ ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا ئاز ئۇخلاش، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، خىيالچانلىق، ئاچچىقلىنىش، ھەرخىل جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكلەرنى كۆپ قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

قول - پۇتنى مۇجۇش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، قول - پۇتنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇش بارلىق باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق. ئادەتتە قول - پۇتنى قايتا - قايتا ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغاندا بىمارلاردا باشتىكى ئاغرىق قول - پۇت تەرەپكە يۆتكەلگەندەك سېزىم بولىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا راقىم دېگەن ھۆكۈما: «بەزى بىمارلاردا دورا سۈيى بىلەن قول، پۇتنى يۇيۇش ئارقىلىق باش ئاغرىقى يوقالغان، ئەمما ئىككى پۇتنىڭ ئاغرىشى پەيدا بولغان» دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنى-

لىدۇ.

مۇتلەق باش ئاغرىقى ئۇچۇن كۆيدۈرۈلگەن مەرۋايىت بۇرۇنغا تارتىلىدۇ. سىرتىدىن زورەنبات يېغى ئارقىلىق قول ـ پۇت ياغلىنىدۇ ۋە چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، خېنىغا بىر ئاز تۇز ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈركىلىدۇ. ھەببى شىپانى ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىش كۆپ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۇچۇن پايدىلىق. ئىلمەك پوستى يېغى ئىستېمال قىلىش خۇسۇسەن باش ئاغرىقى ئۇچۇن پايدىلىق.

سوزۇلما خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا، ئەگەر بۇ كېسەللىك باشقا بىرەر ئەزادىكى ئاغرىق بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا، شۇ ئەزادىكى ئاغرىقنى داۋالاش لازىم. چۈنكى ئۇ ئەزانىڭ ئاغرىقى ئارقىلىق باش ئاغرىقى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ خىل باش ئاغرىقىدا بىمارنى ئۇخلىتىش ناھايىتى مۇھىم. شۇنىڭ ئۇچۇن باشقا قاپاق يېغى، نېلۇپەر يېغى، كاپۇر قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇخلىتىش ئۇچۇن ئەپيۇنگە ئوخشاش مەست قىلغۇچى دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

خىلتلىق باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت باشنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولسا، ئۇنى چىقىرىش ئۇچۇن ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك كلىزما (ھۆقنە) ئىشلىتىلىدۇ ۋە قول ـ پۇتنى باغلاش، مۇجۇش ۋە دورا سۈيى بىلەن يۇيۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يۇيۇندىغان دورىلار باش ئاغرىقىنىڭ تۈرىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئادەتتە باشنى مۇجۇش ۋە سىلاش باش ئاغرىقى ئۇچۇن زىيانلىق. بىراق تازىلاش (تەنقىيە) تىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا باشنى بېسىش ياكى مۇجۇش ئانچە زىيانلىق ئەمەس. لېكىن بويۇن مۇسكۇللىرىنى ۋە تېرىلارنى مۇجۇش ھەرقانداق ھالەتتە بولىدۇ.

تازىلاش ئۇچۇن يەڭگىل يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: خىيارشەنبەر، گۈلقەنت، خېمىرى بىنەپشە، شىياف قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا يەڭگىل كلىزما قىلىش بۇ كېسەللىك ئۇچۇن پايدىلىق، سوزۇلما ۋە ئېغىر بولغان باش ئاغرىقىدا تىلا ۋە زىماد چېپىشتىن ئىلگىرى چاچنى چۈشۈرۈش لازىم ۋە چېكىگە خېمىر ئارقىلىق تۈساق قۇرۇپ، چېكە بىلەن خېمىر ئارىلىقىغا زىمادلارنى قويۇپ تېڭىپ قويۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا سۈيۇق دورىلار ئۇزۇنراق تۇرۇپ، مېڭىنىڭ سۈمۈرۈشى ئۇچۇن پايدىلىق.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئىمكانقەدەر ئۆتكۈر ۋە مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر ئاغرىقنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، بۇ خىل دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرىنى تۈۋەنلىتەلەيدىغان دورىلارنى قوشۇپ، تاشقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ.

ئادەتتە ئاچچىق ـ چۈچۈك يېمەكلىكلەر باش ئاغرىقى ئۇچۇن مۇۋاپىق ئەمەس، لېكىن يۆتەل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقى ئۇچۇن ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرسا بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا باش ئاغرىش بىلەن بىرگە كەم ماغدۇرلۇق ۋە بەدەن ئاجىزلىق بولمىسا، سۇتتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئېغىر بولغان باش ئاغرىقلىرىدا كۆپىنچە بىمارنىڭ ئاۋازى تۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە گال بوغۇلۇپ پۇتۇپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا قىزىقراق سۇ بىلەن باش يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر باش ئاغرىقى ئىسسىقتىن بولغان بولسا، قاپاق يېغى، سوغۇقتىن بولغان بولسا بابۇنە يېغى قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىككە كۈچلۈكرەك دورا ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك بولۇپ قالغاندا، بىراقلا كۈچلۈك دورا ئىشلەتمەسلىك، بەلكى بىر - بىرلەپ يەڭگىل تەسىرلىك دورىلارنى كۈچلۈكلۈككە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. قەي قىلدۇرۇشنىڭ ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقتىن باشقا باش ئاغرىقنى داۋالاشتا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بەلكى قەي قىلدۇرۇش باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

ئارقا مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك باش ئاغرىقىدا قىزىتما بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى بىرەر مەتبۇخ ئارقىلىق تازىلاش لازىم.

باش ئاغرىقى ئۈچۈن كۆپىنچە گۈل يېغى سىرتىدىن قوللىنىلىدۇ. گۈل يېغى تەييارلاش ئۇسۇلى: كۈنجۈت يېغىغا ئوبدان تازىلانغان قىزىلگۈلنى تاشلاپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ياغنى سۈزۈپ، يېڭى ئېچىلغان پاكىزلانغان گۈل يەنە ياغقا تاشلىنىدۇ. مۇشۇ خىلدا بىرنەچچە قېتىم گۈل ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل تەييارلانغان گۈل يېغى بىر يىل ئىچىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يەنە بىرى گۈل سۈيىنى ياغقا قۇيۇپ ئوتتا قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رەۋغىنى نىلۇپەر ۋە رەۋغىنى بىنەپشە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ياغلارنىڭ سوۋۇتۇش ۋە ماددىلارنى يۇمشىتىش تەسىرى بار. ئادەتتە باش ئاغرىقىدا ياڭاق، سامساق، پىياز، كۈدە، قىچا قاتارلىق سېسىق كېكىرىش پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەر ۋە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدىغان خۇش پۇراق دورا - دەرمەكلەر، سىڭىشى تەس بولغان، يەل پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم ۋە خورما، شۈمشا، سېرىق پۇرچاق قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

تۆۋەندە باش ئاغرىقلىرىنى پەيدا قىلغان سەۋەبنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1. خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

*علاج صداع حار ساذج*

باش ئاغرىقنى پەيدا قىلغۇچى خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تاشقى سەۋەبتىن خىلتسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇش كېلىپ

چىقىدۇ. ئاپتاپتا يول مېڭىش، ئوتقا يېقىن جايدا ئولتۇرۇش، بەك ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش، ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىش، نەپەس سىقىلىدىغان، بەدەننى قىزىتقۇچى ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ۋاقتىدا تاماق يېمەسلىك، چاچنى ۋاقتىدا ئالدۇرماسلىق، ۋاقتىدا ئۇخلىماسلىق قاتارلىقلاردىن بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىچكى سەۋەبتىن خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ. پىلپىل، شۇمشا، جۇۋنە، زەنجىۋىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ياكى غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ۋە ياكى قىچا، كۇدە، سامساق، پىياز، كونا ياغاق، شاراب، سىيادان، خورما قاتارلىقلارغا ئوخشاش مېڭىنى زەخمىلەندۈرگۈچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن، قاننىڭ ھارارىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكى يۇقىرىلاپ، مېڭە مىزاجىنى بۇزۇپ ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشتا، ئىسسىقتىن بولغان مېڭە ئاغرىقنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

1. ئىسپىغۇل لۇئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى، ئانار سۈيى قاتارلىق دورىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈرلىدۇ.

2. ئەينۇلا شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلار سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى 12 گرام، بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلار بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى كاسنە، نىلۇپەر شەربىتى، چىلان شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى ئىسپىغۇل ياكى ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئەرقى نىلۇپەر ياكى ئەرقى كاسنە ۋە ياكى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بىرەر خىل شەربەتلەر بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

5. قەۋزىيەت بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، قارىئۆرۈك، چىلان قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تەبىئەت يۇمشاق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئاچچىق ئانار، زىرىق ۋە بېھى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

6. گۈل يېغى ئىككى ھەسسە، گۈلاب تۆت ھەسسە، سىركە بىر ھەسسە قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، رەختنى نەمدەپ باشقا يېپىلىدۇ. رەخت ئىسسىپ قالسا، يەنە بىر قېتىم نەمدەپ باشقا يېپىلىدۇ.

7. ئەگەر بۇ ياز ۋاقتى بولۇپ ھارارەت يۇقىرى بولسا، ھور ئارقىلىق باشقا سوغۇق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىدە بۇنىڭغا سەندەل ياكى ئىسپىغۇل شىرىسى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ خىل كېسەللىكتە نەزلە ياكى يۆتەل بولسا، گۈلاب ۋە سىركە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق باش ئاغرىقى يوقالماي كۈچلۈكرەك تەدبىرلەر قوللىنىشقا توغرا كەلسە، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىلىدۇ.

8. قاپاق، تەرخەمەك، تاۋۇز، كاسىنە، سېمىزئوت، يۇمغاقسۈت، بىنەپشە، نىلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ سۈيى تەنها هالدا ياكى گۈل يېغى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

9. تولۇق ئېچىلغان قىزىلگۈل پۈرتىلىدۇ ۋە سىرتىدىن زىماد شەكلىدە باشقا سۈرۈتۈلىدۇ.

10. ئارپا ئۇنى، بۇغداي كېپىكى، سۆگەت ياغىچى 15 گرامدىن، ئاق لەيلىگۈل چېچىكى 60 گرام، ئاش تۇزى 48 گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، قائىدە بويىچە يۇيۇنۇشقا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قول، پۇت ياغلىنىدۇ.

11. ئەگەر هارارەت يۇقىرى بولسا، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر هەر بىرى 60 گرام، كۆك قاپاقتىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

12. شور تۇز، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلارنى سۇدا قايىنىتىپ يۇيۇنۇشقا بېرىلىدۇ.

13. كاپۇر، ئەپيۇن هەر بىرى 121 مىللىگرام قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا يەنە مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە ئېغىر دەرىجىدىكى باش ئاغرىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

14. ئېغىر دەرىجىدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن تاباشىر ئىككى گرام، ئاق شېكەر بىر گرام، ئەپيۇن، زەپەر هەر بىرى 0.5 گرام، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، گۈل يېغى ۋە بىنەپشە يېغى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە تېمىتىلما ياساپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

15. ئەپيۇندىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ، يەرلىك شوخلىنىڭ سۈيىدە ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

16. كۆشتە قىلىنغان مەرۋايىت بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

17. قاپاق، ئۇسۇك، نىلۇپەر قاتارلىقلاردىن بىرەرسىنىڭ يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ياكى باشقا سۈركىلىدۇ.

18. رەۋغىنى لوبۇب (يەتتە خىل مېغىز يېغى) باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

19. قۇرسى مۇسەللەسنى يۇمغاقسۈت سۈيى ياكى كۆكنار سۈيى بىلەن ئېزىپ باشقا سۈركىلىدۇ.

20. ئارپا ئۇنىنى، سىركە، گۈل يېغى ۋە گۇلابقا چىلاپ پېشانە ۋە چېكىگە سۈركىلىدۇ.

21. ئەگەر ئاغرىق بەك ئېغىر بولۇپ توختىتىش قىيىن بولسا، دەسلەپتە ئۇسۇك ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى

بولمىسا بەزۇرۇلبەنجى، ياۋا ئىتياگىقى يىلتىزى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئادەتتە ئاغرىق توختاتقۇچى نەرسىلەر كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمىگەن ياخشى.

22. سېمىز ئوتنىڭ غولىنى سىركىدە ئېزىپ ياكى تالقان قىلىنغان يۇمغاقسۈتنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ۋە ياكى ئارپا ئۇننى سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئەپيۇن ۋە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈركىلىدۇ.

23. ئاقلانغان ئارپا، قاپاقنىڭ پوستى، ئوسۇكنىڭ ئۇرۇقى، ئىسپىغول، بىنەپشە، ئاق لەيلىگۈل ئۇرۇقى، نېلۇپەر قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

24. قۇرۇق بىنەپشە، پوستى ئاقلانغان ئارپا، چالا سوقۇلغان قاپاق ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، زىغىر، خەشخاش پوستى، خەشخاش گۈلى، ياۋا ئىتياگىقى يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئوسۇك ئۇرۇقى، سۆگەت شېخى، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، يۇيۇنۇشقا بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىنەپشە يېغى ۋە سۈت بىلەن باش ياغلىنىدۇ. بۇ ئادەتتە ئۇيقۇسىزلىق ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

25. سوغۇق سۇ بىلەن سۇنىڭ سوغۇقلۇقى مېڭىگە تەسىر قىلغانغا قەدەر قول، پۇت يۇغۇزۇلىدۇ ۋە ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

26. لىموننى سىقىپ سۈيى پېشانىنىڭ بىر تەرىپىگە سۈركىلىدۇ.

27. ئاپتاپنىڭ هارارىتىدىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن بىمارنى بىر سائەت قاراڭغۇ ھەم سوغۇق جايدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇندۇرۇش كېرەك. ئادەتتە بۇ خىل باش ئاغرىقىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئاساسلىق سەۋەبلىرى بولسا ئىسسىقلىق دورىلار ۋە باش ئاغرىتقۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلاردىن پەيدا بولىدۇ، چۈنكى بۇ خىل دورا ياكى يېمەكلىكلەردىن پەيدا بولغان بۇخاراتتىن كېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە ئۇزاق ۋاقىت ئۇسسۇزلۇق تارتىش ياكى قاننى قىزىتقۇچى سەۋەبىدىنمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

28. ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاغرىق توختىماي بۇخارات پەيدا بولۇش خەتىرى كۆرۈلسە، بۇ ۋاقىتتا ماددا تازىلىنىدۇ (بۇنىڭغا قارىتا يۇقىرىقى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىشقا بولمايدۇ). ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. قۇرسى ئەنزىرۇت يېگۈزۈلىدۇ. تەركىبى: (ئەنزىرۇت، ئاقاقىيا، سەندەل، نېلۇپەر، مامىشا، ئوسۇك ئۇرۇقى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلاردىن) تاباشىر، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئوسۇك ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلار ئارقىلىق قۇرسى تاباشىر تەييارلاپ، تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. نېلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى، مەككە چامغۇرى شەربىتى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەر

بېرىلىدۇ.

29. ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاغرىق توختىمىسا، تەبىئەتنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە نۇقۇئى پەۋاكىھ يالغۇز ھالەتتە ياكى پۇنۇس، خىيارشەنبەر، شىر-خىست ۋە تەرەنجىبىن قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ياكى ئاخشىمى خىيارشەنبەر ۋە شىرخىستنى سۇغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ ئۇنىڭغا بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

30. ئۇنىڭدىن باشقا ① نىلۇپەر، قوغۇن، خەشخاش پوستى، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىق-لارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھورى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ. پىسەپلىرى باشقا تېڭىلىدۇ. ② چىنە قاچىغا سىركىنى قۇيۇپ، ئۇنى قىزىتىپ، ئۇنىڭدىن چىققان ھور ئارقىلىق ھورلاندۇرۇلىدۇ. ③ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۈزۈم سۈيى ۋە بىنەپشە يېغىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ④ ئەپيۇن پۇرىتىلىدۇ. ⑤ گۈل يېغىغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقاشقا بېرىلىدۇ.

31. بۇ كېسەللىك توغرىسىدا بەزى تېۋىپ: «سەندەل، كاپۇر ۋە گۈلاب قاتارلىقلارغا بىر ئاز سىركە ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە سۈركەش ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا، شويلا، ئۇماچ، پۇرچاق ئۇنى، ئارپا ئېشى، بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇلغان كۆكتاتلار، تەرخەمەك، قاپاق، پالەك، سېمىز ئوت قاتارلىقلار ئىستېمال قىلىندۇرۇلىدۇ. مۇۋاپىق كەلسە كۆكتاتلارنى لىمون سۈيى ياكى غورا سۈيى بىلەن چۈچۈ-مەل قىلىپ بېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا قېتىق ۋە قورتمۇ پايدىلىق.

32. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا، ئەينۇلا سۈيى ۋە مۇۋاپىق چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن چامغۇر بېرىلىدۇ. ئەگەر تەبىئەت يۇمشاق بولسا ئانار ئۇرۇقى، ئالما، سۇماق ياكى زىرىق سۈيى، بادام يېغى بىلەن ياغلانغان پۇرچاق ئۇنى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

33. ئەگەر قىزىتما بولمىسا گۆش ۋە كاللا - پاچاق بېرىشكە بولىدۇ.

34. ئەگەر ئاجىزلىق يۇقىرى بولۇپ قىزىتما بولمىسا ئوغلاق گۆشى پايدىلىق، مېۋىلەردىن ئانار، نەشپۈت، ئالما، تاۋۇز، تەمرى ھىندى، شاپتۇل، ئاپېلسىن، تەرخەمەك قاتارلىقلار بېرىلسە بولىدۇ.

35. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقىغا يەنە تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

① قول، پۇتقا گۈل بىنەپشە، تۇرۇنجى بىلەن زىماد قىلىنىدۇ.

② كۆكنار گۈلىنى گۈلابقا چىلاپ پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە قويۇلىدۇ. ③ ئۇن خېمىرنى سىركە ياكى گۈل يېغى ۋە ياكى گۈلابتا ئېرىتىپ پېشانىگە سۈركۈلىدۇ. ④ سېمىز ئوتنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيىگە ئارپا ئارىلاشتۇرۇپ، پۇتقا تېڭىلىدۇ ⑤ ئىتياڭىقى يىلتىزى ياكى ئەپيۇننى سىركىدە ئېرىتىپ، پېشانە ۋە چېكىگە سۈركىلىدۇ. ⑥ تەمرى

ھىندى چىلانىسى ياكى چىلان چىلانىسى ۋە ياكى ئاق خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارغا چۈچۈمەل شەربەت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ⑦ ئىسپىغول ياكى يۇمغاق-سۈتتىن ئون گرام، شېكەر بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ⑧ كەتىرا ياكى نوقۇت چوڭلۇقىدىكى ئەپيۇن يالغۇز ياكى ئارپا ئېشى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ⑨ سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن بۇلۇتنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ. ⑩ خەشخاش پوستىنى تالقان قىلىپ، سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈركىلىدۇ.

36. ئەگەر قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى خىلىتسىز بولۇپ، ئاپتاپنىڭ ھارارىتىگە ئوخشاش تاشقى سەۋەبتىن بولسا، بۇنىڭدا تازىلاش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا مېڭىنى سوۋۇتۇش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە تىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن گۈل يېغى، سۆگەت يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنى بىر ئاز سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ باشقا سۈركەش لازىم. لېكىن باش ئاغرىقى ئىسسىقتىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ئۆتكۈر قىزىتما بىلەن بىرلەشكەن ۋە بەدەندىكى ئىسسىق خىلىتلار ئارقىلىق مېڭىگە كۆتۈرۈلگەن بولسا، يۇقىرىقى مايلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم ۋە ئوسۇڭنىڭ سىقىلغان سۈيى، سۆگەت شېخى، سېمىزئوت، ھەمىشبا-ھار، قىزىلگۈل، غورا، قاپاق قاتارلىق سوغۇقلۇق نەرسىلەرنىڭ سىقىلغان سۈيى ئىچكۈزۈ-لىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقى بىلەن ئۇيقۇسىزلىق بىرگە بولسا، خەشخاش ۋە نىلۇپەر سۈلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

37. بىمار بەك ئاجىز بولمىسا، سىرىق ھېلىلە ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. ئەگەر بەك ئاجىز بولسا، ئەينۇلا، خىيارشەنبەر، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنىڭ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

38. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ئوسۇڭ، تەرخەمەك، سېمىزئوت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولسا، توخۇ گۆشى بېرىلىدۇ. تەبىئەت يۇمشاق بولسا، غورا شەربىتى، ھۇماز شەربىتى قاتارلىق چۈچۈمەل شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەت بولسا ئەينۇلا، تەمرى ھىندى ۋە قاپاق سۈيى بېرىلىدۇ. ئەگەر باشتا قىزىتما كۆپ بولسا، كۈچلۈك خىلدىكى سوۋۇتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللانماسلىق كېرەك، بەلكى يۇمشاتقۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: بابۇنە، سۆئتەر قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى ئارقىلىق يۇيۇش كېرەك. ئەگەر باشتا ئىسسىقلىق قىزىتمىلار كۆپ بولمىسا، بەلكى ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش بولسا سوغۇقلۇق مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلارنىڭ سىقىلغان سۈيىگە سىركە ئارىلاش-تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچە رەختنى نەمدەپ پۈتقا قويۇلىدۇ. ئېشىپ قالسا قايتا - قايتا چىلاپ قويۇلسا بولىدۇ.

39. ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلىنى سوۋۇتۇشقا قارىتىش كېرەك. ① باش ئاغرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گۈل يېغى، ساپ مۇز

قاتارلىقلار بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك زىماد تەييارلاپ باشقا قويۇلىدۇ. ② خېمىرغا ئوخشاش نەرسىلەر ئارقىلىق باشنىڭ ئەتراپىغا بىر توسالغۇ (تام) ياساپ، ئۇنىڭغا سوۋۇتۇلغان مايلار قويۇلىدۇ. ③ ئەگەر گۈل يېغىنى يالغۇز ئىشلەتكەندە پايدا قىلمىسا، سوغۇق ئۈسۈملۈكلەر ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلارنىڭ سىقىلغان سۇلىرى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ④ ئايال كىشىنىڭ سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى ۋە ياكى بىنەپشە يېغى ياكى مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان گۈل يېغى بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ. ⑤ گۈل يېغى بىلەن سىركىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈركىلىدۇ. چۈنكى سىركە ياخشى ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. بەزىدە سىركىگە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

40. ئاپتاپنىڭ ئۆتكۈر ئىسسىقىدىن باش ئاغرىقى پەيدا بولسا، ئۇنى دەرھال داۋالىسا ئاسانلا ساقايتقىلى بولىدۇ. دەسلەپتە داۋالاپ ساقايتمىغاندا داۋالاش قىيىنغا توختايدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدىن يالۇغلىنىش خەتىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بەزىدە بەدەندىكى خىلىتلارغا ئىسسىقلىق تەسىر قىلىش ئارقىلىق خىلىتلاردا ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىتما ۋە قان بېسىمى بارلىققا كېلىش بىلەن بىرگە باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا تازىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

بەزىدە بەدەندىكى كېسەللىك ماددىلىرى ھەرىكەتلەنمەيدۇ. بۇنىڭدا تازىلاش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: قان بېسىمىنىڭ تەسىرى كۆرۈلگەندە ۋە كېسەللىك ماددىلىرى باش ساھەسىگە كۆتۈرۈلۈشىنىڭ خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

41. ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش كۆپ بولسا، ئارپا سۈيى ۋە ئىسپىغۇل ئىككىلىسىنى ئەرقى نېلۇپەر بىلەن نەمدەپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ باشقا سۈركىلىدۇ.

42. بۇ كېسەللىككە قارىتا جالىنۇس «ھەرقانداق باش ئاغرىقىدا باشنىڭ ئاخىرقى تەرپىنى سوۋۇتماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ ئورۇندىن نېرۋىلار چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. باشقا زىماد قىلغاندا باشقا قويغان نەرسە ئىسسىپ قالسا، يەنە سوۋۇتۇپ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. ۋاقتى ئاز دېگەندە ئىككى، ئۈچ سائەت بولۇش كېرەك دەپ كۆرسەتكەن.

43. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل باش ئاغرىقىغا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ؛ ① گۈلاب، غورا سۈيى، سوغۇق سۇ ياكى مۇز بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ؛ ② ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، غىزاسىغا شېكەر ۋە گۈلاب بىلەن ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ؛ ③ گۈل يېغى ۋە گۈلابنى بىرلەشتۈرۈپ باشقا قويۇش ۋە سوغۇقلۇق دورىلارنى باشقا چاپلاش كېرەك.

44. ئەگەر ئىسسىقلىق دورىلار ياكى يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكتىن باش ئاغرىش پەيدا بولسا؛ بۇنىڭغا قارىتا ئىسپىغۇل شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق دورىلار

گۈلاب بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سەندەل، ئەرقى گۈل، كاپۇرلار يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ.

45. ئەگەر باش ئاغرىقى ئاپتاپنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقتىن بولغان بولسا، بىمار ھاممامغا چۈشۈرگۈزۈلىدۇ، ھاممامدا كۆپ تەرلەتمەسلىك ۋە ھاممامدىن چىقىش ئالدىدا باشنى كۆپرەك مىقداردىكى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش، ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن بىمارنىڭ قول، پۇتنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا بىمار سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلسىمۇ پايدىلىق.

46. ئەگەر خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى ئىچكى سەۋەب بولغان بولسا، سوۋۇتۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن باشقا ئارپا ئىشى ئىچكۈزۈش، ئۇسۇڭ ۋە ئوسۇڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايىنتىپ ئىلمان ھالەتكە كەلگەندە يۇيۇندۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

47. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، خەشخاش، نىشاستە، بادام يېغى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى يېغى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ ئاغرىق تولۇق يوقالمىسا، نىلۇپەر يېغى، بىنەپشە يېغى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى يېغى ھەر بىرى ئۈچ گرام، ئۈزۈم سۈيى ئون گرام قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

48. ئادەتتە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا سۈيدۈككىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم. چۈنكى سۈيدۈك ئازلاپ ھارارەت يۇقىرىلىسا، ھارارەت يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىر دەرىجىدە قىزىتما پەيدا بولىدۇ ياكى خىلتلار قىزىپ كېتىپ خىلتلىق قىزىتما پەيدا بولۇپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

49. ئەگەر ئۇ كېسەلگە سوغۇقلۇق قىلغاندا سوغۇقلۇقنى بەك ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم، بولمىسا يامان ئاقىۋەتكە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەگەر ياۋا ئىتياڭىقى يىلتىزى ۋە ئەپيۈن قاتارلىقلارغا ئوخشاش بەك كۈچلۈك سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە مەست قىلغۇچى دورىلار ئارقىلىق سوغۇقلۇق قىلىنسا، بىمار ئويلىمىغان ئېغىر كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. مىسالغا ئالساق «بىر ھامىلىدار ئايال ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان، بۇ ئايالغا بىر تېۋىپ سىركە، ئەپيۈن، كاپۇرلار ئارقىلىق سوغۇقلۇق قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ھامىلە چۈشۈپ كېتىپ، بىمار ئۈچ كۈن شوك كېسىلى بىلەن ياتقان ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن». شۇنىڭ ئۈچۈن مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك ۋە بۇ خىلدىكى دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، ھېسسىي سەزگۈرلۈكىدە بىر ئاز سۇسلىشىش كۆرۈلسە، سوغۇقلۇق قىلىشنى دەرھال توختىتىش، باشنى ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇش ۋە قول، پۇتنى مۇجۇش لازىم. بىرەر ياغ ۋە گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سىركىنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا تەڭشەش لازىم. يەنى بەك

ئارتۇق سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش كېرەك بولسا، سىركىنىڭ مىقدارى ياغدىن كۆپرەك بولۇش كېرەك. ئەگەر ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش كېرەك بولسا، ياغ بىلەن سىركە تەڭ مىقداردا بولۇش لازىم. ئەگەر ئادەتتىكىدەك سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش كېرەك بولسا، بىر ھەسسە سىركىگە 3~4 ھەسسە ياغ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم.

باشقا گۈلابنى ئاز مىقداردا قۇيغاندا باش ئاغرىقى ئېغىرلىشىدۇ، لېكىن مىقدارى كۆپەيتىلسە، باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

50. باش ئاغرىقى يەڭگىللىگەندىن كېيىن سوغۇقلۇق زىمادنىڭ مىقدارى ۋە قېتىم سانىنىمۇ ئازايتىش لازىم ۋە ئۇنىڭغا بابۇنە ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئارپا سۈيى، شېكەر سۈيى، ئارپا ئېشى، ئىسپىغۇل لوئابى، شېكەر، تاتلىق ـ ئاچچىق ئانار سۈلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقى خىلىت تەسىرىدىن بولغان بولسا، سېمىز ئوت سۈيى 144 گرام ياكى تەرخەمەك سۈيى 96 گرام ياكى تاۋۇز سۈيى 96 گرام ۋە ياكى تەمرى ھىندى سۈيىدىن 36 گرامغا مۇۋاپىق مىقداردىكى قەنت قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. رۇلىدۇ. مەككە چامغۇرى شەربىتى، ئالما شەربىتى ياكى غورا شەربىتى قاتارلىقلارنى سوغۇق سۇ ۋە مۇز قوشۇپ ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە پۈرىتىش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ياغ ۋە سىركە قاتارلىقلار بىلەن مېڭىگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. تەمرى ھىندى، تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانار سۈلىرىنى سىركەنجىۋىل سادده، تاۋۇز سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە مېۋە سۈيى ۋە شىرخىست بېرىش كېرەك.

51. غەم ـ ئەندىشىدىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقىمۇ مۇشۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنى داۋالاشتا ئەڭ ياخشىسى مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە بىمارنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش لازىم.

خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا تومۇر ھەرىكىتى ۋە سۈيدۈككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئىككىلىسى تەبىئىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە يىراقلاشقان بولسا، مىزاج بۇزۇلۇش پۈتۈن بەدەنگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تازىلاشنىڭ زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكىنى كۆزىتىش لازىم ۋە ئىسپىغۇل شىرىسى بىلەن گۈلاب ياكى سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى، سىركەنجىۋىل ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان گۈل يېغى باشقا سۈركىلىدۇ.

52. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ① رەۋغىنى لوبوبى سەبئە (يەتتە خىل مېغىز يېغى) 1.5 گرام ئەتراپىدا بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ② شېكەر بىلەن ئىسپىغۇل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ③ نەشپۈت، ئانار، ئالما، بېھى، ئامۇت سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ ئىسسىق بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ.

53. بۇ كېسەللىككە قارىتا يېڭى زاماندىكى بەزى تېۋىپلار «خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن مىزاج تەڭشەش ئۈچۈن لىمون شەربىتى 48 گرام ياكى سىركەنجىۋىل سادده 24 گرام، ئەرقى بىدە سادده، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى

كاسىنە، گۇلاب ھەر بىرى 60 گرام بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئاق سەندەل 4 گرام، سۆگەتنىڭ كۆك شېخى، قىزىلگۈلنىڭ غولى، كۆك يۇمغاقسۈت قاتارلىق دورىلارنى ئېزىپ باشقا تېڭىلىدۇ. چۈش ۋاقتىدا 48 گرام تەمرى ھىندى بىلەن 1500 گرام تاۋۇز سۈيى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا سىركەنجىۋىل ساددىدىن ئىككى گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كونا گۇلابقا سىركە، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، ئەرقى بىدمىشكى ھەر بىرى 12 گرام، ئاق سەندەل ئالتە گرام، كاپۇردىن بىر گرام ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ قائىدە بويىچە بۇرۇنغا پۈركىلىدۇ.

54. ئەگەر بىماردا ئۇيقۇسىزلىق بولسا زىماد ۋە پۈركىتىش دورىلىرىغا سىركە ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇسۇك يېغى، خەشخاش سۇلىرىنى ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر دورا ئىشلىتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېسەللىك ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، زىماد ۋە باشقا دورىلارغا بابۇنە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، سوغۇقلۇق دورىلىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئازايتىش لازىم.

55. كۆيۈشۈش خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى بۇ خىل باش ئاغرىقى ئىسسىقلىقنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا تۆت گرام ئىسپىغۇل، 84 گرام ئاچچىق ئانار سۈيى، قارىئۆرۈك سۈيى، گۇلاب، ئەرقى بىدمىشكى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بەك كۈچلۈك ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن يوقالمىسا، بۇ خىل ھارارەت خىلتلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە چىرىگەن بولىدۇ ۋە بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇش ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشقا ئۆزگەرگەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 2. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

*علاج صداع بار سادج*

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى تاشقى سەۋەبتىن بولىدۇ. بەزىدە ئىچكى سەۋەبتىنمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا بەك سوغۇق بولغان ھاۋا تەسىرىگە ئۇچراش، قار - مۇزلارغا يېقىن تۇرۇش، سوغۇق بۇلاقلاردا يۇيۇنۇش، سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ۋە خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى قاتارلىقلار تاشقى سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېۋىپلار سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنىڭ بۇ خىلدىكىسىنى خەتەبە (ئېگىز - پەس مېڭىش) دەپ كۆرسەتكەن.

1. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ: ① 24 گرام ئۇستقۇددۇس شەربىتى 120 مىللىلىتىر قايناق سۇ ياكى ئەرقى بەديان ۋە ياكى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ؛ ② چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى

ئېلىنىپ، ئەرقى بادرەنجى بويا بىلەن قايىنتىپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ③ قەلەمپۇردىن ئۈچ گرامنى 375 مىللىلىتىر گۈلاب بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ، 24 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۈنۈمى بولمىسا، ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ④ ئۇستۇقۇددۇس، ئاق لەيلى ئورۇقى، ئورۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، يۇمغاقسۈت قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، سۈيىنى سۈزۈپ، ئاق قەنت ياكى خېمىر بىنەپشە ۋە ياكى گۈلقەنت بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ؛ ⑤ چالا سوقۇلغان بامبۇك نوتىسىدىن 18 گرامنى قايىنغان سۇغا سېلىپ، بىر گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ⑥ سېرىق ھېلىلە پوستى، زەنجىۋىل، يۇمغاقسۈت، ئامىلە، بەلىلە پوستى بىر گرامدىن بەرەڭگى كابىلى 0.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى 50 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قايىنتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى زەنجىۋىل ئورنىغا قەسبۇزەرىرە بېرىلسىمۇ بولىدۇ. ⑦ مەجۇنى دەبدىل ۋەرد يېگۈزۈلىدۇ. ⑧ سېمىزئوت ۋە تېرىق ئارقىلىق باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ⑨ ئىسسىق دورىلارنى قايىنتىپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ ياكى زىماد شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. ⑩ مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئەمما مۇنچىدا ئۇزۇن تۇرۇۋالماسلىق كېرەك. بۇ ۋاقىتتا باشنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش ۋە مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن باشقا سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

⑪ تاماقنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق مىقداردا ئازايتىلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن كلىزما قىلىنىدۇ ياكى بىنەپشە ۋە ئەنجۈر قايىنتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ياكى مائۇلھەسەلگە چىلانغان ئەنجۈر قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن ئىترىفىل كەبىر، ماددەتۇلھايات، تەرياقى ئەربەئە قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار تاماقتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بېرىلىدۇ.

2. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

① ئەنبەر ياكى رەۋەن ۋە ياكى مەستىكىنى چايناپ، ئۇنىڭ لوئابىنى يۇتۇشقا بېرىلىدۇ.

② لاچىندانە ھىندى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

③ سوغۇق تېگىپ قالغان بىمار ئىسسىق جايغا يۆتكىلىدۇ ۋە يېمەك - ئىچمىكى مۇۋاپىق مىقداردا ئازايتىلىدۇ.

④ گۈلقەنت ياكى بىرەر مەتبۇخ ۋە ياكى يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ۋە ياكى كلىزما ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر خىل جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكلەرنى قىلىشتىن چەكلەش لازىم.

⑤ قېلىن دارچىن (سەلىخە)، ئۈشنە، ئاسارۇن، قەلەمپۇر، دارچىن، لاچىندانە، زەپەر قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بىر لاتىغا ئوراپ ئىسسىتىپ، باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

⑥ يانتاق گۈلىنى سۇدا قاينىتىپ، قائىدە بويىچە باش ساھەسى ھورلاندۇرۇلسا ياكى دەريا سۈيىنى قاينىتىپ ھورى ئارقىلىق باش ساھەسى ھورلاندۇرۇلسا پايدىلىق.

⑦ سەرپىستاننى قاينىتىپ، ئۇنىڭ ھورى بۇرۇن ئارقىلىق مېڭىگە يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر سۇ سوۋۇپ قالسا ياكى ھور كەم بولۇپ قالسا، قايتا قىزىتىپ ھور پەيدا قىلىش ۋە بۇ ھور بىلەن باش ئاغرىقى يوقالغۇچە مۇشۇ قائىدە بويىچە ھورلاندۇرۇش كېرەك.

⑧ قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، رەۋغىنى سەۋسەن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

⑨ كۈندۈرۈشنى سۇدا ئېزىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

⑩ بەرشىشادىن بىر ئاز ئېلىپ، مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن بۇرۇنغا تارتىلىدۇ.

⑪ سىيادانىنى سىركىگە چىلاپ قويۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

⑫ ئەنبەر، ئىپار، مەرۋايىت قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پۇرىتىلما ياساپ بۇرۇنغا پۇرىتىلىدۇ.

⑬ ھىڭنى مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇدا ئېرىتىپ، ھىڭ سۈيىدە بۇغداينى نەمدەپ قورۇغاندىن كېيىن يۇمشاق سوقۇپ بۇرۇنغا پۇرىتىلىدۇ؛

⑭ تاماكا، زەنجۇۋىل قاتارلىقلاردىن پۈركۈمە ياساپ بۇرنىغا پۈركۈلىدۇ؛

⑮ زەنجىۋىل ئۈچ گىرام، لاچىندانە ئۈچ دانە، دارچىن تۆت گىرام، تاماكا 11 مىللىگرام، جوز 24 گىرام، قەلەمپۇر ئۈچ دانە، زەپەر ئۈچ گىرام، پىلپىل ئىككى گىرام، نەمەك لاھورى ئۈچ گىرام، ئاق سەندەل ئۈچ گىرام. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئومۇمىي دورىلار مىقدارىنىڭ يېرىمى بىلەن تەڭ مىقداردا ئەرقى گۈل بىلەن نەمدەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق دورىلارنى بىر بوتۇلكىغا قاچىلاپ ئەتىگەن ۋە كەچتە پۇرىتىلىدۇ؛

⑯ يەسمەن گۈلى پۇرىتىلىدۇ؛ ⑰ نارەنجى، بەرگى تۇرۇنجى، گۈلدارچىن، دارچىن يىغى، ئەنبەر، ئۇد ھىندى، يالپۇز، زەپەر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ دارچىن يالغۇز پۇرىتىلىدۇ؛ ⑱ ھاك بىلەن نۆشۇدۇرنى قوشۇپ سوقۇپ پۇرىتىلىدۇ؛ ⑲ ئۇستىقۇددۇس بىر گىرام، قەيسۇم، بادرەنجى بۇيا، سازەج ھىندى، قەلەمپۇر، بەديان، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، قىزىلگۈل، تاغ پىنىسى، سۇزاپ، ھاشا قاتارلىق دورىلاردىن قايسىسىنى تاپقىلى بولسا شۇنى سۇدا قاينىتىپ، قائىدە بويىچە يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە ھورى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە سۈيىدە يۇڭ رەختنى نەمدەپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، پىسەپلىرى باشقا سۇركىلىدۇ؛ ⑳ دارچىن ياكى دارچىن ئەتىرىسىنى قەلەمپۇر، سۇزاپ سۈيى ياكى لىمون سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، پېشانە، چېكە ۋە پۇتقا سۇركىلىدۇ؛ ㉑ قارىمۇچ 1.5 گىرامنى سۇدا ئېزىپ، پېشانە ۋە چېكىلەرگە سۇركىلىدۇ؛ ㉒ قۇرسى مۇسەللەسنى خېنى سۈيىگە چىلاپ سۇركىلىدۇ؛ ㉓ مەرزەنجۇش، مۇرمەككى، ئىكلىلمە-

لىك، قۇرۇق زۇپا، بابۇنە، سىيادان ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن ئېزىپ، سۈركىلىدۇ؛ ㉔ قۇندۇز قەھرى، ھەببۇلغار، قۇستە، كاۋاۋچىنى قاتارلىقلارنى سۇزاپ سۈيى ۋە گۇلاب بىلەن ئېزىپ باش ساھەسىگە تاڭسا ناھايىتى پايدىلىق ياكى بۇ زىماد تەركىبىدىكى قۇستە، ئورنىغا گۈگۈت ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ ۋە ئۇنى كالا يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ئېزىپ بارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ لاتىغا سۈرۈپ ئۇنى پېشانىگە چاپلاپ قويسا بولىدۇ. بۇ تەدبىر بارلىق زىمادلاردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ؛ ㉕ تۇرۇنجى پوستىنى ئېزىپ زىماد تەييارلاپ باش ساھەسىگە ئىشلىتىلىدۇ؛ ㉖ ئىنەكپىتى يېغى بىلەن زەنجىۋىل بەدەنگە سۈۋىلىدۇ؛ ㉗ سېرىقچېچەكنى سۇ بىلەن ئېزىپ بەدەنگە زىماد قىلىنسىمۇ پايدىلىق.

3. ئوزوقلاندۇرۇشتا، پاقلان گۆشى، چۈجە گۆشى، ئۆلار گۆشى، قوي گۆشى قاتارلىق تاغ ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ گۆشلىرىگە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمەكلەر ۋە زەپەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كۇدە، سۇزاپ، ھىلىڭ، سۆئتەر قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىكلەر ۋە چالا پىشقان تۇخۇم، ھەسەل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ ۋە قۇرۇق ئەنجۈر، قۇرۇق ئۈزۈم، پىستە قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

4. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ① بابۇنە ياكى تەرياقى پارۇق ياكى كونا شاراب قاتارلىق دورىلار ئىچىدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى تېشىدىن باشقا سۈركىلىدۇ؛ ② ئاقلانغان ھەببۇلغار، سۇزاپلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئەرقى قەلەمپۇر بىلەن ئېزىپ، مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم باشقا سۈركىلىدۇ؛ ③ زەنجىۋىل، رەۋغىنى خەيرى ياكى سۇفۇپى خەردەل پەرەنجىمىشكى سۈيى بىلەن مۇنچىدا سۈركىلىدۇ. ④ رەۋەن تالقىنىغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ؛ ⑤ ئەرقى بادرەنجى بۇيا ياكى مەتبۇخى شىبىت ۋە ياكى ئۇسارە شىبىت قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ؛ ⑥ كۈندۈر 3.5 گرام ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۇد ھىندى تالقىنى مائۇلھەسەل بىلەن 20 كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ؛ ⑦ قۇندۇزقەھرى تالقىنى مائۇلھەسەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ؛ ⑧ بادرەنجى بۇيا، جۇربۇۋا، ئادراسمان، كابىل ھېلىلىسى، سېرىقچېچەك قاتارلىق دورىلارنىڭ بىرەرسى خام ۋە پىششىق ھالەتتە بېرىلىدۇ؛ ⑨ ئاچچىق بادام مېغىزى، گۈل يېغى ياكى سىركە بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ؛ ⑩ مۇمىيانى نوقۇت مىقداريدا ئېلىپ مەرزەنجۇش سۈيى ياكى رەۋغىنى زەيتۇن ۋە ياكى ئۈزۈم سۈيى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ؛ ⑪ دارچىننى يۇمشاق سوقۇپ، داكىغا ئوراپ پۇرىتىپ چۈشكۈرتۈش پايدىلىق؛ ⑫ سەۋسەن يىلتىزىنى سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ باشقا تېڭىلىدۇ؛ ⑬ سەۋسەن يىلتىزىنى قايىنىتىپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ

باشقا تېڭىلىدۇ؛ ⑭ سەبرىنى گۈل يېغى ياكى سىركە ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېڭىلسا سوزۇلما خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق؛ ⑮ ھۇماما، ئىزخىر، شەھمەنزەل، رۇم بەدىيان، مەرزەنجۇش، ئۇد ھىندى، خولىنجان، رەۋەن، قىچا، رەۋغىنى ناردىن، غارىقۇن، سۇمبۇل تىپ، خىيارشەنبەر، ئۇستۇقۇددۇس، سانا مەككى، گۈل سەۋسەن، رەۋغىنى غار، ھەببۇلغار، ھەببى بىلسان قاتارلىقلاردىن بىرىنى دەملەپ، ئىچىدىن ۋە تېشىدىن ئىشلىتىلىدۇ؛ ⑯ زەنجىۋىل، جاۋاشىر، ھىڭ، ئەنبەر، دارچىن ھەر بىرى تەڭ مىقداردا تالقانلاپ يېگۈزۈلىدۇ، زەپەر، قىچا، پىندۇق، يۇمىلاق زىراۋەندى، سىنددۇس، مەستىكى، قەردمانە، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ئامىلە قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، زىماد شەكلىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئىچىدىن يېيىشكە بېرىلىدۇ.

5. ئادەتتە سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى دەرھال داۋالىغاندا ئاسان ساقايتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى داۋالاش بىر ئاز كېچىكسە ئۇنى داۋالاشمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولغان باش ئاغرىقى كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدا بەزىدە ئاۋاز تۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇنداقتا مۇناسىپ دورىلارنى قايىنىتىپ، سۇيى بىلەن بەدەن ئۈستى تەرەپتىن ئاستى تەرەپكە قارىتىپ يۇيۇلىدۇ ۋە مۇۋاپىق خىلدىكى ياغ بىلەن مەرزەنجۇش سۈيى قۇلاققا ياكى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

6. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا ئىسسىتىلغان رەخت، قورۇلغان تېرىق، ئىسسىتىلغان تۇز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە تېرىق تۇزغا قارىغاندا مۆتىدىلرەك بولىدۇ. شۇڭا، سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولغان باش ئاغرىقى ئاجىزراق بولۇپ قالسا، تېرىق ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە سوغۇق تېگىپ قالغان كىشىلەرگە تاماقنى ئازلىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، جىسمانىي ۋە روھىي ئەمگەكتىن چەكلەش، سىرتتا، سوغۇق يەردە يۈرۈشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

7. سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا كەيپىياتنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، زۆرۈر بولسا ئىسسىتقۇچى دورىلارنى تاشقى تەرەپتىن سۈركەش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش، پۈركۈتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ: ① زىمادى خەردەل ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قىزىتقۇچى زىمادلار ئىشلىتىلىدۇ. ② سىركىگە جويۇزنى سۈركەپ سۇۋىلىدۇ؛ ③ ئاچچىق بادام يېغى بىلەن سۇۋىسىمۇ پايدىلىق. زىماد، چىپىلما قاتارلىق سىرتىدىن سۇۋايدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى باشنى چۈشۈرۈۋېتىش لازىم؛ ④ بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بەرەنجاسىپ، مەرزەنجۇش، پىننە، غۇلجاڭ، دارچىن شېخى، قارا كۆز بەدىيان، يالپۇز قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ، بەدەن باش تەرەپتىن ئاستى تەرەپكە قاراپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە مەزكۇر دورىنىڭ ھورى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۇڭ رەختنى نەمدەپ، ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ⑤ مۇنچىغا

چۈشۈرۈش، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

8. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن ئاغرىق توختىمىسا، ① بابۇنە، ئىكلىلمىلىك ھەر بىرى 18 گرام، بەرگى ھەببۇلغار، مەرزەنجۇش، پىننە، شىخ ئەرمىنى ھەر بىرى 11 گرام، مۇرمەككى ئالتە گرام، زەپەر 35 گرام، پەرپىيۇن 25 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پىننە سۈيى ياكى سۇزاپ سۈيى بىلەن يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ؛ ② بېھى قىيامى باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ئۈچۈن پايدىلىق؛ ③ پىننە سۈيى، مەرزەنجۇش سۈيى، ھۆل سۇزاپ سۈيى ھەر بىرى بىر ھەسسە، قىزىل موم 12 گرام، رەۋغىنى زەنبەق، رەۋغىنى سەۋسەن، رەۋغىنى سۇزاپ ھەر بىرى 18 گرام قاتارلىقلارنى ئېلىپ، مومنى ياغ بىلەن ئېرىتىپ، ھاۋانچىغا سېلىپ، يۇقىرىقى سۇلارنى ئاز - ئازدىن تېمىتىپ، ھاۋانچا تېشى بىلەن ئېزىپ، ئوبدان ئېزىلگەندىن كېيىن ئۇنى داكا بىلەن نەمدەپ ئىلمان ھالدا باشقا قويۇلىدۇ؛ ④ پالەچ ۋە لەقۋاغا ئىشلىتىلگەن سەئوت ۋە غار - غارلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقى ئادەتتىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق يوقالمىسا، مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنى كەرەپشە يىلتىزى پوستى، بەدىيان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 36 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇم بەدىيان ھەر بىرى 18 گرام، مەستىكى، سۇمبۇل تىپ ھەر بىرى بەش گرام، سەلىخە، ئاسارۇن ھەر بىرى ئالتە گرام، ئىزخىر يىلتىزى، ئىزخىر گۈلى ھەر بىرى ئالتە گرام، راسەن، سازەج ھىندى ئالتە گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 11 گرام ئېلىنىپ، بۇ دورىلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، تۆتتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، ھەر كۈنى 108 گرام ئېلىپ، ئاچچىق ۋە تاتلىق بادام ياغلىرىدىن ئۈچ گرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

9. ئەگەر باش ئاغرىقى سوغۇق ھاۋا تېگىپ قالغان سەۋەبتىن بولسا، سۇزاپ يېغىغا مۇۋاپىق مىقداردا پەرپىيۇن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولمىسا، كونا شاراپقا كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، بەدىيان سېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

10. ئەگەر سوغۇق تېگىپ قالغانلىقتىن باش ئاغرىقى پەيدا بولۇپ، ئانچە ئېغىر بولمىسا ئۇنى داۋالاش ناھايىتى ئاسان بولۇپ، تۆۋەندىكى ھورلاندۇرۇش چارىسى بىلەنلا ساقىيىپ كېتىدۇ. يەنى بەرگى ھۆلبە بىر تۇتام، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، پىننە، مەرزەنجۇش ھەر بىرى 24 گرام، بۇغداي كېپىكى 48 گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 30 گرام قاتارلىقلارنى بىر قاچىغا سېلىپ قاينىتىپ، بۇرۇن ۋە قۇلاق ئارقىلىق ھورلاندۇرۇلىدۇ.

11. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى چارىلەر قوللىنىلىدۇ: ① چامغۇر مەزگىلى بولسا چوڭراق بىر چامغۇرنى توغراپ پىشۇرۇپ، ئېزىلگەندىن كېيىن ھورلاندۇرۇپ، ھورى بۇرۇنغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ ② ئومۇمىي داۋالاشتا رەۋغىنى خەيرى قاتارلىقلارنى ئىسسىتىپ، بۇلۇت ياكى يۇڭنى نەمدەپ پۇتقا قويۇلىدۇ؛ ③ رەختتىن تىكىلگەن بىر دانە خالتىغا بۇغداي

كېپىكى لىقلاپ، ئۇنى ئوت بىلەن قىزىتىپ بىمارنىڭ بېشىغا تېڭىلىدۇ. ④ يۇمشاق رەخت بىلەن باش ئۈزۈن مۇددەت ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن قايتا ـ قايتا ئېغىز چايقاش، مۇنچىغا چۈشۈش، باشقا ئىلمان سۇنى كۆپرەك قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق. ئەگەر سوغۇق ھاۋا ياكى سوغۇق سۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبلىك تەر تۆشۈكلىرى توسۇلۇپ قېلىپ، بۇزۇق خىلىتلار مېڭە قاتلاملىرىدا توپلىشىۋالغان بولسا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن باش ئاغرىقى كېلىپ چىققان بولسا، تېۋىپلارنىڭ قارىشىدا ئۇ «خەتەبە (ئېگىز ـ پەس مېڭىش)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېگىز ـ پەس مېڭىشتىن كېيىن كۆپىنچە زۇكامنىڭ تەسىرى كۆرۈلىدۇ. ئەمما بەزىدە بۇخاراتنىڭ مىقدارى ئاز بولۇش ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولغان سەۋەبتىن زۇكام ئېنىق بولمايدۇ.

ئەگەر بىمار قۇلىقىدا ھەرە غوڭۇلدىغاندەك ۋە بىرەر نەرسە غىچىرلىغاندەك ئاۋاز بولۇش، دىماغ قۇرۇش، باش ئاغرىش بىلەن بىرگە باش ئېغىر بولۇش ۋە ئاغرىق بىر ئورۇندا مۇقىم تۇرماستىن ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكىلىپ تۇرۇش كۆرۈلسە، قۇرۇق ئىسسىق ۋە بۇخاراتنىڭ مىقدارى ئازلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا ھەزىمنى بۇزىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز بۇيرۇلىدۇ. مۇنچىغا كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئىسسىق سۇ ياكى ئىسسىقلىق دورىلارنى قايىنىتىپ ھورلاندۇرۇلىدۇ. ئىسسىق سۇ بىلەن ئېغىز چايقاش ۋە پات ـ پات بىر يۇتۇم ئىچىش بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپىنى قايناتقاندا بىر ئاز خەشخاش ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇش لازىم. خىش ياكى تاش ۋە ياكى بىر پارچە تۆمۈرنى قىزىتىپ، ئۇنىڭغا بىنەپشە يېغى قويۇپ، ئۇنىڭ بۇسىنى بۇرۇنغا يەتكۈزۈش ۋە ھورلاندۇرۇش لازىم.

ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى باشقا خىلدىكى باش ئاغرىش بىلەن مۇرەككەپلىشىپ قالغان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق ھالدا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

13. زۇكامنىڭ باشلىنىشى باش ئاغرىقىدىن بولسا، ئېنىقكى بۇ خەتەبەنىڭ نەتىجىسى. ئۇنى داۋالاشتا ماددىلىق سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئادەتتە خەتەبە سەۋەبلىك باش ئاغرىقىنى داۋالاش ماددىلىق سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتىن ئاسانراق. چۈنكى خەتەبە سەۋەبلىك بولغان باش ئاغرىقى زۇكام شەكلىدە بولىدۇ. سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن ھەسەل گۈلقەنتى سىركەنجۇبىل، ئاپىلىسىن مۇراببासى، زەنجىۋىل مۇرابباسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

14. خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ: ① نوقۇت كېپىكى ئىككى سىقىم، بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمىلىك، شىيخ ئەرمىنى ھەربىرى بىر سىقىم، ئاش تۇزى ئىككى سىقىم قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ،

قائىدە بويىچە پۇت يۇغۇزۇلىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ بىلەن هورلاندۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ② بابۇنە يېغى، مەغەزگۇل يېغى، رەۋغىنى زەيتۇن هەربىرى توققۇز گرام، ئۇد هىندى ئۈچ گرام، ئەنبەر، ئىپار هەر بىرى بىر گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە بىر شىشىگە سېلىپ قويۇپ پات - پات پۇرىتىلىدۇ؛ ③ باشقا سۇزاپ يېغى سۇركىلىدۇ. ئەگەر كۇچلۇكرەك ئىسسىقلىق قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇنىڭغا پەرپىيۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. ④ شور، تۇز، تېرىق، نوقۇت كېپىكى قاتارلىقلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ⑤ پەرپىيۇن، قەلەمپۇر هەر بىرى تۆت گرام، مەستىكى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام هەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسىنە يىلتىزى پوستى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى هەر بىرى ئالتە گرام قاتارلىقلارنى 750 مىللىلىتىر ئەرقى بادرەنجى بۇيا بىلەن ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 36 گرام هەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 3. غەيري تەبئي قان خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع دموى

قاندىن بولغان باش ئاغرىقى بولسا، قاننىڭ بەك قىزىپ مېڭىگە ئارتۇقچە يېتىپ كېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا خىلتىسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشتىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ ۋە بىمارنى سوغۇق جايدا ئولتۇرغۇزۇش كېرەك. قاندىن بولغان باش ئاغرىقىدا قان ئېلىش ۋە سۇرگىدىن كېيىن تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

1. بېهى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، قاپاق مېغىزى، چىلان قاتارلىق دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەينۇلا، تەمرى هىندى، ئانار، رەۋەن، تۇرۇنجى، كۆك كاسىنە، شاهتەررە قاتارلىق دورىلارنى چىلان سۈيىگە چىلاپ ياكى سىقىپ، سۈيى ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شاهتەررە، ئەرقى بىدە (سۆگەت شېخى ئەرقى)، ئەرقى نېلۇپەر، نېلۇپەر شەربىتى، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

2. بۇ كېسەللىكتە قىزىتما چۇشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: چۇچۇمەل تەملىك قىيام دورىلار بېرىلىدۇ، ئانار شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەرقى شاهتەررىگە چىلان، كاسىنە ئۇرۇقى سېلىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئىترىفىل كەشنىز بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىترىفىل كەشنىز ئىستېمال قىلدۇرۇپ ئۈستىدىن بېهى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، گۇل بىنەپشىدىن تۆت گرام ئېلىپ،

قايىنتىلما تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېھى ئۇرۇقى ئورنىغا شاھتەررە ۋە كاسنىە ئۇرۇقى شىرىنىسى قوشۇلىدۇ.

3. ئەگەر باش ئاغرىش بىلەن بۇرۇن قاناش بىرگە كەلگەن بولسا، ئەرقى شاھتەررىدە چىلان ۋە ئوسۇقىنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەگەر باش ئاغرىش بىلەن قان بۇزۇلۇش ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ تەسىرى كۆرۈلسە، چىلان بەش دانە، گۇل بىنەپشە، سېرىق ھېلىلە پوستى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ھەر بىرىدىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، قەنت بىلەن تاتلىقلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنزىج ۋە مۇسھىل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

5. ئەگەر قان بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە باش ۋە بويۇنغا قىزىل رەڭلىك قاپارچۇقلار چىققان بولسا، شاھتەررە، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرى تۆت گرام، تەمرى ھىندى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

6. ئۇنىڭدىن باشقا ئونناپ شەربىتى، گۇلاب بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. شۇنداقلا قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن قاندىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن بارلىق شەربەتلەر ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

7. ئۇنىڭدىن باشقا ئونناپ شەربىتى، گۇلاب بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. شۇنداقلا قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن قاندىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن بارلىق شەربەتلەر ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

8. قىزىتما چۈشۈرگۈچى ۋە قاننى سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن تەبىئەتنى يۇمشىتىشقا توغرا كەلسە ياكى قان خىلتىغا سەپرا خىلتى ئارىلاشقان بولسا، سەپرانى يۇمشىتىش ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق تازىلاش لازىم. بۇ مەقسەتتە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. دەسلەپتە مۇنزىج سۈپىتىدە نىلۇپەرگۈلى، بىنەپشە، شاھ-تەررە، يەرلىك شوخلا، كاسنىە ئۇرۇقى قىزىلگۈل، ھەمىشباھار ئۇرۇقى ھەر بىرى ئالتە گرام، چىلان ئالتە دانە، سەرپىستان توققۇز دانە قاتارلىقلارنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ياكى قايىنتىپ، ئۇنىڭغا گۇلقەنت ياكى تەرەنجىبىندىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنى سەككىز كۈن ئىشلەتكەندىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن بۇ نۇسخىغا شىرخىست 42 گرام، خىيارشەنبەر 48~72 گرام، بادام يېغى 5~6 گرام، سانادىن ئالتە گرام ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە بۇنىڭغا سەپرا غالىب بولغان ۋە يۆتەل بولمىغان ئەھۋالدا ھېلىلە، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ ياكى مەتبۇخى پەۋاكىھ ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىلان، سەرپىستان، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، بىنەپشە، نىلۇپەر، شاھتەررە قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، سۈيىگە خىيارشەن-

بەر، تاتلىق بادام يېغى، شىرخىست ۋە تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ خىيارشەنبەر ئارىلاشتۇرمايلا بېرىلىدۇ.

9. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىكلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. چىلان، ئەينۇلا ھەر بىرى 20 دانە، ئۆرۈك 15 دانە، سەرپىستان 30 دانە، تەمرى ھىندى 144 گرام، بىنەپشە، قىزىلگۈل ھەر بىرى 12 گرام قاتارلىقلارنى ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە 72 گرام تەرەنجىبىن، 36 گرام شىرخىست ئارىلاشتۇ-رۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

10. بۇ كېسەللىككە قارىتا ھەكىم ئەجمەلخان تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىشلەتكەن: يەنى، تەرەنجىبىن، شىرخىست ھەر بىرى 48 گرام، خىيارشەنبەر يەتتە گرام قاتارلىقلارنى 4 ~3 سائەتكىچە ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى ئىنەبى سۆئلەپ (ئەرقى شوخلا)، ئەرقى نىلۇپەر قاتارلىقلارغا چىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئىسپە-غۇل لوئابى، قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ھەر بىرى 12 گرام، بادام يېغى ئالتە گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورا ئادەتتە باش ئاغرىقى، مېڭە پەردە ياللۇغى، دىئافراگما ياللۇغى، بېقىن ئاغرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن پايدىلىق، شەربىتى ئەينۇلا بىلەن شەربىتى بۇزۇرى بارىدنى بىرگە بېرىش قان ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

11. بۇ كېسەللىكتە بىر ئىككىنچى مۇسھىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى چىلانما بېرىلىدۇ. يەنى: كاسىنە ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى ھەر بىرى يەتتە گرام، ئىسپىغۇل ياكى ئاق لەيلى يىلتىزى ئۈچ گرام، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدە سادە، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شاھتەررە ھەر بىرى 48 مىللىلىتىر قاتارلىقلار-غا چىلاپ شىرىنىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا چىلان شەربىتى ۋە نىلۇپەر شەربىتىدىن 18 گرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە يەتتە گرام ئىسپىغۇل سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇسسۇزلۇقتا سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى شاھتەررە بېرىلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

12. بۇ كېسەللىك توغرۇلۇق مۇسبەتىپىنىڭ «شىپائۇل ئەقسام» دېگەن كىتابىدا «مۇۋاپىق ھالدا كاپۇر پۇرىتىش قاندىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق، شۇنداقلا كاپۇرنى گۈل يېغى بىلەن ئېزىپ بۇرۇنغا تېمىتىسىمۇ پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

13. بۇ كېسەللىكتە قان تازىلانغاندىن كېيىن چىلان شەربىتى، زىرىخ شەربىتى ھەر بىرى 18 گرام، گۇلاب، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى بىدىمىشكى ھەر بىرى 48 مىللىلىتىر قاتارلىقلار بىلەن بىرگە 12 گرام ئىترىفىل كەشنىز بېرىلىدۇ ياكى ئىترىفىل كەشنىز بىلەن قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا قۇرۇق يۇمغاقسۈت شىرىسى ۋە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

14. ئەگەر بىمارنىڭ ئاشقازان ئىچىدە ئاغرىش بولۇپ، بىرەر نەرسە چاپلىشىۋالغان-دەك مەلۇم بولسا، دەرھال قەي قىلدۇرۇش لازىم ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن قول - پۇتنى يۇيۇش ياكى بۇغداي كېپىكىنى يالغۇز ھالەتتە ۋە ياكى گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشىباھار، سۆگەت شېخى ھەر بىرى ئىككى سىقىم، بۇغداي كېپىكى ئۈچ سىقىم قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، قائىدە بويىچە پۇت - قولىنى يۇيۇش لازىم. يۇقىرىقى چارىلەردىن كېيىن باشنىڭ ئىچىرلىقى يوقالمىسا، بابۇنە، بىنەپشە، ئىكلىلمىلىك، قىزىل-گۈل، ئاقلانغان ئارپا، نىلۇپەر قايناتمىسى بىلەن بەدەن ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يۇيۇل-دۇ.

15. تازىلاش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئەپيۇن پۇرىتىش ۋە بۇرۇننىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئىككى چېكىگە سۈركەش بىلەن بۇ باش ئاغرىقى دەرھال يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۇمشاق سوقۇلغان مەرۋايىت تالقىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئەنبەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ياكى سەئۇتى تاباشىر بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇخارات كۆپ بولسا بابۇنە يىلتىزىنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ.

16. بۇ كېسەللىكتە مېڭە ئاجىزلىق بولسا باشقا ھېچقانداق سۇۋالما ئىشلەتمەسلىك كېرەك، لېكىن مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى بۇرۇنغا تېمىتىش دورىسى ئارقىلىق مېڭىنى كۈچلەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن باشقا سۇۋالما ئىشلىتىلسە بولىدۇ. بۇنىڭدا مېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۈزۈم سۈيى شىرىسى بىلەن بىنەپشە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

17. ئەگەر باش ئاغرىش ئېغىر بولۇپ، بىمار بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئاغرىق توختىت-تىش ئۈچۈن مەست قىلغۇچى دورىلاردىن ئەپيۇن، زەپەر ھەربىرى ماش چوڭلۇقىدا، كاپۇردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئۈزۈم سۈيى شىرىسى ياكى گۈل يېغى بىلەن ئېزىپ، بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن ئارپا ئۇنى، يۇمغاقسۇت، سېمىز ئوت، يەرلىك شوخلا، سۆگەت شېخى قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئارپا ئۇنى، ئىسپىغۇل، سۆگەت شېخى سۈيى، گۇلاب قاتارلىقلارغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، گىل ئەرمىنى، ئۇسۇڭ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى، ھۆل قىزىلگۈل سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۇۋىلىدۇ. ئاق سەندەل، كاپۇر، فۇپەل، شىيافى مامىشا قاتارلىق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شىيافى مامىشا، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلا-رنى رەۋغىنى بېھى ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پېشانە، چېكىلەر ۋە پۇتقا سۇۋاش كېرەك. ئەگەر قىزىتما يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا كاپۇر قوشۇلىدۇ.

18. ئەگەر ئېغىر يارىلانغان ۋە ئاغرىق ئېغىر بولسا، سەندەل، فۇپەل، گىل ئەرمىنى، شىيافى مامىشا ھەر بىرى 36 گرام، ياۋا ئىتياكىقى يىلتىزى، بەزرۇلبەنجى،

ئەپيون، زەپەر، كاپۇر ھەر بىرى 3.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۇلابقا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ ياكى تەرخەمەك سۈيى، ئۇسۇڭ سۈيى، كۆك يۇمغاقسۇت، سەندەل، گۇل يېغى، سىركە ھەر بىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 120 مىللىگرام كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىزى چوڭراق بوتۇلكىغا قويۇپ قائىدە بويىچە پات ـ پات پۇرىتىلىدۇ.

19. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىدا تازىلاشتىن كېيىن گۇل بىنەپشە، ئاق لەيلى، ئاقلانغان ئارپا، نىلۇپەر، توغرالغان قاپاق، بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، لېگەنگە قويۇپ، ئۇنىڭغا بىنەپشە يېغى، گۇل يېغى قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ ۋە ئىسسىق سۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى قايناتقان سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

20. ئەگەر ماددىنى تازىلاش ۋە تەڭشەش تەدبىرلىرىدىن كېيىن يەنە باش ئاغرىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇ دورىلار ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك. يەنى: ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلىگۈلى، بابۇنە، بۇغداي كېپىكى، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل، بىنەپشە ھەر بىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، سىركە، گۇلاب، گۇل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر پارچە رەختكە ئوراپ ئىسسىتىپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئىسسىق ئۆتكۈزۈش بىلەن ئاغرىق يوقالمىسا، غەيرىي تەبىئىي ماددىلارنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

21. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا مەجۇنى ئەفئا مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن بېرىلىدۇ.

22. ئورۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى، يەڭگىلرەك سوغۇق ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەر، پالەك، ئۇسۇڭ، كاسىنە، قاپاق، تەرخەمەك، ھۇمماز، سېمىز ئوت، سېرىق پۇرچاق ئۇنى، پۇرچاق تامىقى، سوغۇق مېۋىلەر بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا تەمرى ھىندى سۈيىگە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادەتتە بۇ كېسەللىكتە شاراپ، گۆش، بەك تاتلىق نەرسىلەر، بەك ئۆتكۈر تەملىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

23. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل كېسەللىككە تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. سېرىق ھېلىلە، تەرەنجىبىن، تەمرى ھىندىنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، قەنت قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. ھېلىلىنى ئەينۇلا سۈيى بىلەن ھېلىلىنىڭ تەمى چىققۇچە چىلاپ قويۇپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، تەرەنجىبىن شىرىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

24. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى بىلەن بىرگە يۆتەل ياكى گال ۋە كۆكرەكتە

قۇرۇقلۇق بولسا، چىلان 20 دانە، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 36 گرام، قۇرۇق بىنەپشە 24 گرام قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنتىپ، ئۇنىڭغا 72 گرام تەرەنجىبىن ياكى پۇنۇس خىيارشەنبەر شىرىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن باش ئاغرىقى ۋە باش ئاغرىقلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تۆۋەنلىسە، سەبرە، كەتىرا، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە تابلېت ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى سەبرە، ئەپسەنتىن ئۇسارىسى، كەتىرا قاتارلىق دورىلارنى تالقانلاپ بېرىلىدۇ. بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن ئاق لەيلىنى سىركىگە چىلاپ ياكى ئىسپىغۇلنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۇرۇلىدۇ.

25. قاندىن بولغان باش ئاغرىقىدا بىرقەدەر قويۇق ۋە قان پەيدا قىلىدىغان سوغۇق يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك ۋە بۇ يېمەكلىكلەر بىرقەدەر قابىز بولۇش كېرەك. مەسىلەن: سۇماق، ئانار، پۇرچاق قاتارلىقلار. لېكىن بۇ دورىلار بىمارنى ھەددىدىن زىيادە قەۋزىيەت قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. ئادەتتە باش كېسەللىكىنى داۋالاشتا كۆپىنچە تەبىئەتنى يۇمشىتىشقا زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەۋزىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن تەرەنجىبىن، شىرخىست قاتارلىقلارنىڭ شىربىتى بېرىلسە بولىدۇ.

26. ئەگەر باش ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولۇپ، بىمار كۈچلۈك ۋە ياش بولسا، قان ئېلىنسا بولىدۇ.

27. ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ناھايىتى خەتەرلىك كېسەللىك بولۇپ، ئادەتتە ئىسسىق خىلىت مېڭە تەرەپكە يېقىن بولىدۇ ۋە مېڭە ئەتراپىغا جايلاشقان ئەزالارنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدىن مېڭە نېرۋىلىرىدا تەشەننۇج (تارتىشىش)، كۆز نۇرى چېچىلىش، ياش ئېقىش قاتارلىق خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. داۋالاش مۇكەممەل بولمىغاندا ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، زېھنى ئېلىشىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرى كۈچلۈك بولسا، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى كۈن ئارپا سۈيىدىن 288 مىللىلېتىر، كاپۇردىن 4.2 مىللىگرام، سىركەنجۇبىندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى «مەتبۇخى مۇسھىل» بېرىلىدۇ. يەنى سېرىق ھېلىلە 48 گرام، تەمرى ھىندى 108 گرام، تەرەنجىبىن 54 گرام، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 12 گرام، شاھتەررە (يەر باغرى) 18 گرام، ئەپسەنتىن 24 گرام، چىلان 30 دانە، ئەينۇلا 20 دانە، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 36 گرام، يۇمغاقسۈت تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنتىپ سۈزۈپ، بىر قېتىم ئىچىدىغىنىغا ئىككى يېرىم سوقمۇنىيا، ئىككى گرام تۇربۇت تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ مەتبۇخ بىلەن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن چامغۇر ۋە كاسىنىنى قايىنتىپ، سۈزۈپ، سىركە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر قەۋزىيەت بولمىسا ۋە غەيرىي تەبىئىي قېپقالغان خىلتنىڭ

مىقدارى كۆپرەك بولسا، بىر ئاز قۇۋۋەت تولۇقلىغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق مۇسھىل بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىرەر چەكلىمە سەۋەب بولمىسا، يۇقىرىقى مەتبۇخ ئارقىلىق تازىلىنىدۇ ۋە چاچنى چۇشۇرۇۋېتىپ، گۇلاب ۋە گۇل يېغى بىلەن داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ. بۇ كېسەل يالغۇز بولغاندا كۆچلۈك يۇيۇنۇش دورىسى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

28. ئەگەر باش ئاغرىقى بىلەن بىرگە قىزىتما بولسا، ئۇنىڭ تۇتۇش ۋاقتى ۋە قېتىم سانىغا قاراپ قايسى خىلىتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر قىزىتما بىلەن خىلىت باش تەرەپكە ئۆرلىگەن بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تىنچلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئەگەر قىزىتما باش ئاغرىشتىن بۇرۇنلا پەيدا بولۇپ، باش ئاغرىغاندىن كېيىن قوزغالغان بولسا، بۇ قىزىتما كېسەللىكى بولۇپ، باش ئاغرىقى قوشۇمچە بولغان بولىدۇ. ئەگەر قىزىتما باش ئاغرىقىدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ باش ئاغرىقى كېسەللىكى بولۇپ، قىزىتما قوشۇمچە بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىككىلىسى بىرلىكتە پەيدا بولغان بولسا، بىرىنچى نۇقتىدىن كېسەللىك، ئىككىنچى نۇقتىدىن ئالامەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاشتا كېسەللىكنى توغرا تونۇش كېرەك. ھەرگىز ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن داۋالاش بۇزۇلىدۇ ۋە خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا تەمرى ھىندى سۈيى، رەۋەن سۈيى، چۇچۇمەل ئاپېلسىن سۈيى، رەۋەن سۈيى قىيامى ۋە شاتۇت سۈيى قىيامى قاتارلىقلار بېرىلسە، بۇخاراتنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ. تىنچلانغاندىن كېيىن سېرىق ھېلىلە، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، چىلان، شاھتەررە، ئەپسەنتىن، تۇرۇنجى ۋە قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلار بىلەن مەتبۇخ تەييارلاپ، ئۇنىڭغا سوقمۇنىيا قوشۇپ كۈچلەندۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

29. ئەگەر ئاجىزلىق ۋە كەم ماغدۇرلۇق بولسا ياكى سەپرا ئارىلاشقان بولسا، ئەينۇلا ۋە تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنى چىلاپ، سۈيىگە خىيارشەنبەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ ياكى تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن تەمرى ھىندى 72 گرام، ئەينۇلا 30 دانە، سەرپىستان 20 دانە، كاسنە ئۇرۇقى 18 گرام، بىنەپشە تۆت گرام، قىزىلگۇل 18 گرام، چىلان 20 دانە قاتارلىقلارنى 24 سائەت سۇغا چىلاپ ياكى قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 72 گرام تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

30. ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 24 گرام، بىنەپشە 4 گرام، ئەنجۇر ئالتە گرام، ئاق لەيلى، بۇغداي كېپىكى ھەر بىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بىر خالتىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ئېتىپ، بارلىق دورىلارنى 1900 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئۇنىڭدىن 148 گرام قايناتمىسىنى

سۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چامغۇر سۈيى 120 گرام، كۇنجۇت يېغى 72 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ۋاقتى ئاخىرلاشقان بولسا ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىشقا توغرا كەلسە، مەتبۇخى ھېلىلە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆچلۈكرەك سۈرگىگە ئېھتىياجلىق بولغاندا بىمار بەك ئاجىز بولمىسا، 242 مىللىگرام سوقمۇنىيانى قايىنىتىپ، بىنەپشە شەربىتى ۋە ياكى قىزىلگۈل شەربىتى ياكى مەككە چامغۇرى شەربىتى ياكى ئۆرۈك چىلانمىسى ۋە ياكى تەمرى ھىندى سۈيى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى سەۋەبىدىن كۆزدە ئاغرىش ۋە قىچىشىش پەيدا بولسا، ھەببى بىنەپشە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

31. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

شەربىتى ئۇنناپ ئىچكۈزۈلسە، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ، قاندىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈلقەنت 108 گرام، بىنەپشە 36 گرام، چىلان، سەرپىستان، ئەينۇلا ھەر بىرى 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى 100 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قائىدە بويىچە يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، گۈل يېغىنى قۇيۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. زەپەر تالقىنى بىلەن ئۇن خېمىرى باشقا سۈركىلىدۇ. سۆگەت شېخى سۈيى، رەۋغىنى بىنەپشە قاتارلىقلار سىرتىدىن سۈركىلىدۇ ياكى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بىنەپشە، ئاق سەندەل، ھۇزۇز مەككى ھەر بىرى ئۈچ گرام، گۈلاب، گۈل يېغى ھەر بىرى 12 گرام، كاپۇر ئىككى گرام قاتارلىقلارنى بىر قۇتىغا سېلىپ پات - پات پۇرىتىلىدۇ. يەرلىك شوخلا، گۈلاب، سۆگەت شېخى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ ياكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۈركىلىدۇ.

32. ئەگەر ئادەتتىكى دورىلار ئارقىلىق ئاغرىق توختىمىسا تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سېمىز ئوت، كاسىنە ھەر بىرى توققۇز گرام، ئاقلانغان ئوسۇك ئۇرۇقى تۆت گرام، ئەينۇلا يەتتە دانە، چىلان تۆت دانە قاتارلىقلارنى گۈلاب، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى بىدەسادە، ئەرقى نىلۇپەر ھەر بىرى 60 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتى، سىركەنجۇبىل ھەر بىرىدىن 18 گرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ نۇسخىنى يەتتە كۈن ئىشلەتكەندىن كېيىن مەتبۇخى پەۋاكىھە ئارقىلىق تەنقىيە قىلىنىدۇ. يەنى ئەينۇلا، چامغۇر ھەر بىرى يەتتە دانە، چىلان 50 دانە، سەرپىستان 40 دانە، سېرىق ھېلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلى پوستى ھەر بىرى 36 گرام، بىنەپشە، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىق بۇ دورىلارنى ئاخشىمى ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى نىلۇپەر ھەر بىرى 380 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 72

گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۇزۇپ، 36 گرام گۈلقەنت، توققۇز گرام بادام يېغى تېمىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

33. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ئۇسسۇزلۇققا ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شاھتەرە ۋە گۈلاب بېرىلىدۇ. ئاخشىمى پالەك بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىلىدۇ ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن 3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع صفراوی

سەپرانىڭ غالىبلىقى ۋە قوزغىلىشى، بۇخارات ۋە ئارتۇق سەپرا خىلتىنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىشى سەپرا خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسسىقلىق نەرسىلەرنى كۆپلەپ يېيىش، ئىچىش، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە كۆپ يول يۈرۈش قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

بۇ خىل باش ئاغرىقىغا قارىتا دەسلەپتە مىزاجىنى تەڭشەش ۋە تىنچلاندۇرۇش، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن خىلتىسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورا ۋە تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ:

1. ئوسۇك ئۆرۈكى شىرىسى 12 گرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى ۋە نېلۇپەر شەربىتى ھەر بىرى 24 گرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ شىرنىسىنى ئېلىپ، مەككە چامغۇرى سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيى، بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئادەتتە بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش قاندىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىدا ھۆل سوغۇق تەبىئەتتىكى، قان خىلتىدىن بولغاندا قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتتىكى دورا ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئەگەر يۆتەل بولمىسا، نېلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، سىركە، زەنجىۋىل، نارەنجى شەربىتى، لىمون شەربىتى، ئانار شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. ئەگەر يۆتەل بولسا، خەشخاش شەربىتى، خېمىرى خەشخاش ۋە لوئوقى سەرپىستان بېرىلىدۇ.

4. ئەگەر نەزلە ۋە يۆتەل بولسا، ئەينۇلا، چىلان، شاھتەررە، ئاق لەيلى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، نېلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. ئەگەر يۇقىرى قىزىتما ۋە سۈيدۈكى قىزىل بولسا، بېھى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى شاھتەررەگە چىلاپ

شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقى دورىغا قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، ئەينۇلا شىرىسى قاتارلىقلارنى قوشۇپ ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە، شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، ئاغرىق توختىغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قاپاق شىرىسى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى بېرىشنى توختىتىلىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىش بىلەن بىرگە يۈرەك تىترەش قوشۇلۇپ كەلسە، چىلان بەش دانە، ئەينۇلا يەتتە دانە، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرامنى ئەرقى گاۋزىبان 120 مىلىلىتىرگە چىلاپ سۈزۈپ ئۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئۇستىگە قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى تۆت گرام، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرامنى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

تىنچلانغاندىن كېيىن سەپرا خىلتىنى مۇنزىج بېرىش ئارقىلىق پىشۇرغاندىن كېيىن سەپرانىڭ مۇسھىلى ئۈچۈن ھەببى ھېلىلە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ماددا پىشقاندىن كېيىن مۇسھىل سۈپىتىدە گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، كاسىنە ئۇرۇقى 12 گرامدىن، كاسىنە يىلتىزى، قىزىلگۈل تۆت گرامدىن، تەرخەمەك ئۇرۇقى 24 گرام، ئەينۇلا 20 دانە، تەرەنجىبىن، شىرخىست 48 گرامدىن، تەمرى ھىندى 72 گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، گۈلقەنت 48 گرام. دورىلاردا قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، بىنەپشە شەربىتى، توققۇز گرام قاپاق ئۇرۇقى شىرىسىنى قوشۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئاخىرىدا ئامىلە مۇراببىاسى 20 گرام، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، نىلۇپەر شەربىتى 24 گرامنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ماش ئۈنى، تازىلانغان كالا يېغى، ئوسۇڭ، سېمىزئوت، پالەك، قاپاق، گۈرۈچ قاتارلىقلار بىلەن تاماق قىلىپ بېرىلىدۇ.

6. ئۇنىڭدىن باشقا سىركەنجۇبىل بىلەن شەربىتى پەۋاكىھ بېرىلسە سەپرانى سۈرىدۇ.

سېرىق ھېلىلە ئارقىلىق سەپرا خىلتىنى تازىلاش مۇۋاپىق. شۇڭا بۇ مەقسەتتە يۇقىرىقى سۈرگىلەرگە ھېلىلە قوشۇلىدۇ.

7. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 36 گرامنى 250 مىلىلىتىر سۇ ياكى كاسىنە قاينىتىلغان سۇ ۋە ياكى ئەينۇلا سۈيى ياكى 180 گرام تەمرى ھىندى شىرىسى بىلەن ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، 54 گرام شىرخىست ياكى تەرەنجىبىننىڭ شىرىسىنى چىلانمىغا قوشۇپ ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئادەتتە ھېلىلە ئىستېمال قىلىش يۆتەل ۋە ئۇيقۇسىزلىق بولمىغاندا مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى ھېلىلە قان تومۇرلارنى تارايتىۋېتىدۇ ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ ئۇيقۇ قاچۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزالاردا سۇيۇقلۇققا موھتاج بولۇش كېلىپ چىقىدۇ ۋە كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ، شۇنداقلا قىزىتمىلىق ھالەتتە جۇملىدىن كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچلىرىدا سۈرگۈچى دورىلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك. شۇڭا، سۈرگە بېرىشتىن بۇرۇن مۇنزىج ۋە تەڭشىگۈچى دورىلارنى بېرىپ، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەڭشەپ، ئاندىن سۈرگۈ بېرىش كېرەك.

تازىلاشتىن سۈرگۈدىن كېيىن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە سوۋۇتقۇچى يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەر بىلەن مىزاج تەڭشەش، باشنى سوۋۇتۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك زىماد ۋە بۇرۇنغا تارتىش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ ۋە يۇمغاقسۈت ياكى بىنەپشىنىڭ تالقانلىرى بىلەن تەڭ مىقداردا شېكەر قوشۇپ، 18~36 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

8. ئەگەر يۆتەل بولسا ھارارەتنى توختىتىش ئۈچۈن مۇناسىپ لۇئاب ۋە شەربەتلەرنى بېرىش بىلەن بىرگە قۇرسى تاباشىر كاپۇرى يېگۈزۈلىدۇ.

9. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق ۋە مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ھۆل سوغۇق مايلار بىلەن باش مايلىنىدۇ ۋە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. يەنى ساپ قاپاق يېغى ياكى قوغۇن ئۇرۇقى يېغى ۋە ياكى بىنەپشە يېغى. بادام يېغى ياكى نېلۇپەر يېغى يالغۇز ھالەتتە ياكى مۇز بىلەن قوشۇپ سوۋۇتۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇن ـ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ياكى ئوسۇڭ سۈيى ياكى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيقۇسىزلىق ئۈچۈن ئەپيۇن، كاپۇر، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا تابلېت ياساپ، رەۋغىنى بىنەپشە بىلەن ئېرىتىپ، بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. يەرلىك شوخلىنى غول، شاخ ۋە ئۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ ئېزىپ، سۈيىنى چىقىرىپ، تامچە سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. تەمرى ھىندى 48 گرامنى گۈلاب ۋە ئەرقى بىدە ساددە ھەر بىرىدىن 108 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ، مىجىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 36 گرام شەربىتى لىموننى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇغداي كېپىكى، بىنەپشە، نېلۇپەر، سۆگەت شېخى، ھىندى تۇزى ھەر بىرىدىن 24 گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، قائىدە بويىچە پۇتىنى يۇيۇشقا بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سېمىز ئوت، پالەك قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، چۇچۇمەل قىلىپ نان بىلەن بېرىلىدۇ.

دورىنى بېرىپ بەشىنچى ياكى يەتتىنچى كۈنى سەپرانىڭ سۈرگىسى مەقسىتىدە ئەينۇلا 50 دانە، سېرىق ھېلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلى پوستى، سانا ھەر بىرى 18 گرام، كاسنە ئۇرۇقى، نېلۇپەر، گۈل بىنەپشە، يەرلىك شوخلا، قىزىلگۈل ھەربىرى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر گۈلاب ۋە 250 مىللىلىتىر ئەرقى نېلۇپەرگە ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، مىجىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر شىرىلىرى ھەر بىرىدىن 84 گرام، گۈلقەنت، شەربىتى قىزىلگۈل ھەربىرى 48 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سۈنىڭ ئورنىغا گۈلاب بېرىلىدۇ. ئاخشىمى بولسا قاينىتىلغان گۈرۈچ ۋە پالەك قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

10. ئۇنىڭدىن باشقا كاسىنە شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرى توققۇز گرام، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى بەش گرام، بىھى ئۇرۇقى شىرىسى ئۈچ گرام، گۇلاب، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى كاسىنە 84 گرام، ئەرقى بىدمىشكى 60 گرام، تۇرۇنجى شەربىتى ياكى ئانار شەربىتى 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، توققۇز گرام ئىسپىغۇل كېپىكى بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ۋە 4~3 قېتىم مۇسھىل بەرگەندىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىترىفىل كەشنىز ياكى ئىترىفىل سەغىر 9~12 گرام، نىلۇپەر شەربىتى 18 گرام، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى نىلۇپەر ھەر بىرى 84 مىللىلىتىر قاتارلىقلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

11. قىزىتما پەسەيتىش ۋە ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن راقىم دېگەن ھۆكۈماننىڭ تۆۋەندىكى تالقىنى ئىشلىتىلىدۇ:

ئۈچ كۈن سىركىدە نەمدەپ مۇدەببەر قىلىنغان يۇمغاقسۇت، گۈل بىنەپشە، قىزىلگۈل ھەر بىرى 18 گرام، نەمەكى لاھور 18 گرام، زىرىق 12 گرام قاتارلىق دورىلاردىن تالقان تەييارلاپ، 7~9 گرامغىچە سوغۇق سۇ بىلەن ئەتىگەن، ئاخشىمى بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ئاغرىق يەنە بار بولسا، قاپاق يېغى، تەرخەمەك يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى قاتارلىقلار يالغۇز ياكى مۇرەككەپلەشتۈرۈلۈپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. مەتبۇخى ھېلىلە بىلەن خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىش كېرەك ياكى ھەشقىپىچەك گۈل سۈيى ۋە بىنەپشە سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر سەپرا بىلەن باشقا قويۇق خىلتلارمۇ بولسا، ھەببى سەبرە ياكى ھەببى شەبيار ۋە ياكى ئۇقۇئى سەبرە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆك كاسىنە سۈيىگە سەبرە ۋە كەتىرانى ئېرىگىچە چىلاپ قويۇپ، ئېرىگەندىن كېيىن سۈزۈپ ئىچكۈزۈش لازىم. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلسە، ھەببى قوقىيا ئىستېمال قىلدۇرۇلـ-
دۇ. ئەگەر ئاغرىق توختىمىسا بۇ بىرەر خىلتنى تەڭشەشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئەھۋالدا بابۇنە، ئاق لەيلى، ئارپا يارمىسى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا تېڭىلىدۇ.

12. ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقى بىلەن قىزىتما بولمىسا، ھېلىلىگە ئوخشاش «سىقىپ چىقىرىش» رولىغا ئىگە دورىلار ئارقىلىق تازىلاش لازىم. ئەگەر باش ئاغرىقى بىلەن قىزىتما بولسا ياكى يۆتەل بولسا ياكى گالدا ۋە كۆكرەكتە يىرىكلىك بولسا، بۇنداق دورىلاردىن ساقلىنىش ۋە ماددىنى ئېرىتىپ چىقىرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش مەسىلەن: شىرخىست، شەربىتى پەۋاكىھ. ئەگەر خىلت قويۇق سەپرا خىلتى بولسا ياكى ئاشقازان قاتلاملىرىدا ئۇيۇپ قالغان بولۇپ، قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياكى ماددىنى ئېرىتىپ چىقىرىدىغان دورىلار ئارقىلىق چىقارغىلى بولمىسا، ئايارەج پەيقىرارغا سوقمۇنيا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدىكى ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن سىركە ۋە گۇلابتا قورسى زەپىرانىنى ئېرىتىپ سۈۋۈلىدۇ.

13. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا سېرىق ھېلىلە پوستى 54 گرام، چىلان 20 دانە، ئەينۇلا 20 دانە، تەمرى ھىندى 54 گرام، قىزىلگۈل، بىنەپشە، ئەپسەنتىن ھەر بىرى 18 گرام، شاھتەررە 36 گرام قاتارلىقلارنى 2000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئىككى گرام سەبرە، 250 مىللىگرام سوقمۇنىيا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

14. ئۇنىڭدىن باشقا، دورا تېگىش، دورا سۇركەش ۋە دورا سۇيى بىلەن بەدەننى يۇيۇش ئارقىلىق تازىلاش بەدەننى مۇكەممەل تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى مەتبۇخنى ئىچكۈزۈش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا باش ئاغرىقى ئېغىرلاپ كېتىدۇ. چۈنكى دورا تېگىش، دورا سۇركەش ياكى دورا سۇيى بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق خىلىت پۈتۈن بەدەندىن مېڭە تەرەپكە سۇمۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاغرىق ئېغىرلاپ كېتىدۇ ۋە بىمار كۆپىنچە خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ.

15. ئادەتتە غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىدا ھەممىدىن ئاۋۋال سەپرانى تازىلاش ۋە ھارارەتنى توختىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھارارەت بەك يۇقىرى بولغاندا بىنەپشە شەربىتى، سۇفۇپى بىنەپشە، مەككە چامغۇرى شەربىتى، مائۇل پەۋاكىھ، تەمرى ھىندى سۇيى، ئاچچىق - تاتلىق ئانار سۇلىرى، شىرخىست قاتارلىقلار بىلەن سۈزۈپ تازىلاش ۋە ئاغرىق توختىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، مەتبۇخى ھېلىلە ۋە نۇقۇئى سەبرە بىلەن سۈرگە دورىسى بېرىلىدۇ ۋە سىركەنجۇبىل، غورا شەربىتى، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن ھارارەتنى توختىتىش كېرەك.

16. ئەگەر گالدا يىرىكلىك ۋە قۇرۇقلۇق بولسا، بىنەپشە شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى، ئارپا ئېشى ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى ئىچكۈزۈلىدۇ.

17. ئادەتتە بۇخاراتنى مېڭە تەرەپكە ئۆرلەشتىن توسۇش ئۈچۈن ۋە ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، بىنەپشە، قىزىلگۈل ھەر بىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سۇفۇپ تەييارلاپ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە 7～10 گرام سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

18. ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقى بىلەن قەۋزىيەتلىك بولسا، سوپۇن بىلەن شىياف ياساپ ئىچىگە ماڭدۇرۇلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن بىنەپشە سۇيى، نىلۇپەر سۇيى، سۆگەت شېخى سۇيى، گۈلاب، ئوسۇڭ سۇيى، يەرلىك شوخلا سۇيى قاتارلىقلار باشقا قۇيۇلىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق بەك يۇقىرى بولسا، يۇقىرىقى تەركىبلەرگە بىنەپشە يېغى ۋە بېھى يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر بىر ھەپتە ئىچىدە باش ئاغرىش يوقالمىسا، ئېنىقكى خىلىتنى تەكشۈرۈش كېرەك ۋە ئاق لەيلى، بابۇنە قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىماد قىلىنىدۇ ۋە بۇخارات بولمىسا مۇنچىغا چۈشۈش، باشنى ئىللىق سۇ بىلەن يۇيۇش

كېرەك. ئەمما بىماردا قىزىتما بولسا ئۇنىڭغا زىماد ۋە رەۋغەنلەرنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىغا سىركە، گۇلاب، سەندەل، كاپۇر، بىنەپشە قاتارلىقلارنى پۇرىتىش كېرەك. ئەگەر باش ئاغرىقى سەپرانىڭ غالىبلىقىدىن پەيدا بولغان بولسا، قان ئېلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بۇنىڭدا سەپرانى تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش لازىم. مەسىلەن: مەتبۇخى پەۋاكىھ، بىنەپشە، ھېلىلە، تەمرى ھىندى، مەككە چامغۇرى قايناتمىسى ۋە چىلانمىلىرى بېرىلىدۇ.

19. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا ۋە بىمار تاقەت قىلالمىسا، يۇقىرىقى نۇسخىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا سوقمۇنىيا قوشۇپ بېرىش كېرەك ۋە تازىلاشتىن كېيىن بىمارغا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئاچچىق ئانار سۈيى بىلەن ئارپا ئېشى ۋە ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا، تەمرى ھىندى ۋە ئەينۇلا سۈلىرى گۇلاب بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. سىركە، گۇلاب، گۇل يېغى قاتارلىقلار باشقا سۈۋۈلىدۇ. بىنەپشە يېغى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى يېغى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە باشقا سۈۋىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن نېلۇپەر ۋە بىنەپشە پۇرىتىش، ئاق سەندەل، كاپۇر، ئەپيۇن، ئاقاقىيا، ئوسۇڭ سۈيى قاتارلىقلار پېشانە ۋە چېكىلەرگە سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ھۆل سوغۇق كۆكتاتلار بىلەن نان بېرىلىدۇ ۋە يەڭگىل يۇمشاق تاماقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ساقايغان بولسا، ئاق بېلىق ياكى توخۇ تۇخۇمى سېرىقى سىركە بىلەن ياكى توخۇ، چۈجە گۆشى غورا سۈيى بىلەن ياكى يۇمغاقسۇت بىلەن بېرىلىدۇ.

20. ئەگەر باشتا قويۇق خىلىتلار توپلىنىشۋالغان بولسا ۋە بىمارنىڭ قۇلىقىدا غەيرىي ئاۋازلار بولسا، كۈچلۈك سوۋۇتقۇچى دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. بەلكى بابۇنە يېغى ۋە سىركە ئىشلىتىلىدۇ ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن بابۇنە، سېرىقچېچەككە ئوخشاش دورىلار قوشۇلغان كىلىزما ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 12 گرام قايند-تىپ، سۈزۈپ، قەنت ۋە تەرەنجىبىن شىرىسى ھەر بىرىدىن 36 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ماش ئۈنى ۋە پۇرچاق يامىسىنىڭ سۈيى بېرىلىدۇ. قولىنى بۇغداي كېپىكى قاينىتىلغان سۇدا يۇيۇشقا بۇيرۇلىدۇ.

21. ئاسان ۋە يەڭگىللىك بىلەن سەپرانى سۈرۈش ئۈچۈن 36~72 گرام سېرىق ھېلىلە پوستىغا 1500 مىللىلىتىر سۇ قۇيۇپ چىلاپ، سۇس ئوت بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 62 گرام قەنت ياكى 54 گرام تەرەنجىبىن شىرىسى ئارىلاشتۇ-رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

22. ئەگەر باش ئاغرىقى بىلەن بىرگە يۆتەل بولسا، بىنەپشە 18 گرام، نېلۇپەر 15 گرام، چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە، كاسىنە ئۇرۇقى 12 گرام، چۈچۈكبۇيا

يىلتىزى 12 گرام، تاتلىق مەككە چامغۇرى 20 دانە، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى 12 گرام قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يىرىمى قالغاندا تەرەنجىبىن، پۇ-نۇس، خىيارشەنبەر ھەربىرىدىن 36 گرام قوشۇپ، سۈزۈپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈ-زۈلىدۇ.

23. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە تامچە بىنەپشە يېغىنى بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ، ئارپا يارمىسىنى گۇلابتا ئېزىپ پېشانە ۋە پۇتىغا سۇۋىسا بولىدۇ. ئوسۇك ئۇرۇقى گۇلاب بىلەن ياكى خېنە ۋە سىركە بىلەن سوۋىلىدۇ. قاپاق سۈيى، توغرالغان قاپاق، كۆك ئوسۇك، ئوسۇك ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، بىنەپشە، نىلۇپەر، سۆگەت چېچە-كى، سۆگەت شېخى، رەيھان ياغىچى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، قائىدە بويىچە تاشقى بەدەن ئۇستىدىن ئاستىغا قاراپ يۇيۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇسلىرى بىلەن ھوردىتىش كېرەك.

24. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، گۇلاب ۋە ئاچچىق - تاتلىق ئانار سۇلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ ۋە ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە قاندىن بولغان باش ئاغرىقى باپاندا سۆزلەنگەن سوغۇقلۇق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

25. يېقىنقى زامان ئالىملىرى بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللان-غان:

گۇل بىنەپشە، كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى توققۇز گرام، قارا ئەينۇلا، سېرىق ئەينۇلا ھەر بىرى ئون دانە، بىنەپشە يەتتە گرام، سوقمۇنىيا 365 مىللىگرام، ئاقلانغان ئاق تۇربۇت 3.5 گرام، رۇببىسۇس 2.75 گرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 3.5 گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب قىلىپ، بىر قېتىمدا قانچىلىك كۆملاچ بولسا ھەممىسى بىراقلا يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىمار تابلېت دورىلارنى ئىچەلمىسە، 244 مىللىگرام سوقمۇنىيانى ئەينۇلا شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينۇلا شەربىتىدىن تەخمىنەن 120 گرام ئىچكۈزۈلسە، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قىزىتما، تەپ ۋە يەر قان قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق.

26. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەپيۇن 120 مىللىگرام، خەشخاش پوستى 3.5 گرام قاتارلىق-لارنى ئوسۇك سۈيى بىلەن چىلاپ باشقا سۇۋىسا دەرھال ئارام بېرىدۇ. شۇنداقلا ئوسۇك ئۇرۇقى بىلەن ئوسۇك سۈيىنى بىرلەشتۇرۇپ سۇۋاش ۋە ئوسۇكنى ئىستېمال قىلىشمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىش بىلەن بىرگە يۆتەل بولمىسا، نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى ۋە سىركەنجۇبىل ساددە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولسا خەشخاش شەربىتى ۋە خېمىرى بىنەپشە بېرىلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى دورىلار ۋە كلىزمىلار ئارقىلىق يۇمشىتىلىدۇ. كېسەللىك ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، قەي قىلدۇرغۇچى ئۇسۇللاردىن ئىمكان-

قەدەر ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇش ناھايىتى زىيانلىق.

27. ئەگەر تازىلاش كېرەك بولسا، مەتبۇخى ھېلىلە ۋە شەربىتى مائۇلئۇسۇل ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

28. سەپرادىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ئۈچۈن 24 گرام بۇغداي كېپىكىنى بىر خالتىغا سېلىپ، ئاقلانغان ئارپا 24 گرام، ئاق لەيلى ئۆرۈكى 12 گرام، چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە، 15 گرام نېلۇپەر، 15 گرام سانا قاتارلىقلارنى 1500 ملللىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 1000 گرام ئەتراپىدا قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 36 گرام شېكەر ياكى 36 گرام تەرەنجىبىن ۋە 36 گرام بىنەپشە يېغى ياكى 36 گرام كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلسە، كېسەللىك خىلتى ناھايىتى ئاسانلا چىقىرىپ تاشلىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھارارەتنى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئېچىشىشـ ـنى توختىتىش ئۈچۈن، ئارپا ئېشى 72 گرام، ئىسپىغۇل لۇئابى، تاتلىق بادام يېغى، قاپاق يېغى ھەر بىرى 36 گرام قاتارلىقلاردىن كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل باش ئاغرىقى قوزغالغاندا گۈل بىنەپشىنى قاينىتىپ پۇتنى يۇيۇش، تىزىدىن ئاستى تەرەپكە قاراپ پۇتنى مۇجۇپ بېرىش، پۇتقا ئۆچكە سۈتى سۈۋاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

### 5. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع بلغمی

بۇ ئاساسەن سوغۇق نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش، ئىش قىلماي بىكار يۈرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قېچىش، داۋاملىق سېمىز كېكىرىپ يۈرۈش، يېمەك ـ ئىچمەكتىن كېيىن تولا مۇنچىغا چۈشۈش، تەڭشەش ۋە تازىلاش تەدبىرلىرىدىن قېچىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن قويۇق بەلغەم خىلتى باشنىڭ تومۇرلىرىغا توپلىنىشىۋالىدۇ ۋە مېڭە پەردىلىرىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەلغەم خىلتىدىن باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

1. بۇ خىل كېسەللىكتە ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بەلغەمنىڭ مۇنزىجى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئاق لەيلى ئۆرۈكى، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈم، ئۇستىقۇددۇس، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، قۇرۇق يومغاقسۈت قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئاق قەنت ياكى خېمىرى بىنەپشە ۋە ياكى گۈلقەنت ئارىلاشتۇـ رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مادداا پىشقان كۈنى سۈرگە سۈپىتىدە ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى قوقىيا يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بەديان، بەديان يىلتىزى، پىرسىياۋـ شان، گۈل بىنەپشە، ئۇستىقۇددۇس ھەر بىرى تۆت گرامدىن ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا بىنەپشە شەربىتى، قىزىلگۈل بىر

گرام، ئۈرۈقى ئېلىنغان ئۈزۈم 20 دانە، سانا توققۇز گرام، پۆنۇس، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 72 گرام، گۈلقەنت 48 گرام، بادام يېغى ئالتە گرام قاتارلىقلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ سۈرۈش مەقسىتىدە بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى نامازشامگۈل ئۈرۈقى لوئابى تۆت گرام، بىنەپشە شەربىتى ياكى ئۇستقۇددۇس شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلارغا تۇخۇمى رەيھان، بالەنگو ۋە ياكى تۇدەرى ياكى پەرەنجمىشكى تۆت گرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بەدىيان يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى، ئىزخىر، ئىتئۈزۈمى، گۈل بىنەپشە، قىزىلگۈل، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ھەمىشىباھار ئۈرۈقى، ئاق لەيلى ئۈرۈقى، شاھتەررە ھەر بىرى يەتتە گرام، ئۇستقۇددۇس، گاۋزىبان، گۈل گاۋزىبان ھەر بىرى بەش گرام 1000 مىللىلىتىر سۇ ياكى ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە ۋە ئەرقى شاھتەررە قاتارلىقلار بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇيدۇكتە ماددىنىڭ پىشقانلىقىنىڭ تەسىرى كۆرۈلسە، بۇ نۇسخىغا سانا، ھېلىلە كابىلى، سېرىق ھېلىلە، ئەفتىمۇن ھەر بىرى يەتتە گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، شىرخىست 48 گرام، بادام يېغى بەش گرام، ئەفتىمۇندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بىر خالتىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ قاينىتىلىدۇ ياكى بۇ نۇسخىغا 3~6 گرام ئاق تۇربۇت ۋە 2~4 گرام غارىقۇن قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى نورمال بولسا ھەببى ھېلىلە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە خىيارشەنبەر، بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى بويىچە سۈرگە بېرىش كېرەك.

3. ئۇستازلىرىمىز بۇ خىل كېسەللىكلەر ئۈچۈن بىمارغا ئايارەج پەيقىرا بىلەن ئەفتىمۇن ۋە قۇرۇق ئۈزۈم قايناتمىسى بەرگەن. ئەگەر ئايارەج بىلەن ئاغرىق ئېغىرلىشىپ كەتسە ياكى ئايارەجنىڭ رولى كېچىكسە ئاق لەيلى ئۈرۈقى يەتتە گرام، ھەمىشىباھار ئۈرۈقى ئۈچ گرام، بادام يېغى ۋە ئىلمان سۈدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سۇفۇپى ھەببى نىلنىڭ بەدەندىكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى-نى تازىلاش ئۈچۈن تەسىرى ناھايىتى ياخشى، شۇنداقلا داۋائى ھەببى لوكمۇ ناھايىتى پايدىلىق.

4. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت ناھايىتى قويۇق بولسا، ئۇنى سۇيۇلدۇرۇش ئۈچۈن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەرەپشە يىلتىزى، قىلىن دارچىن، رۇم بەدىيان، سۇمبۇل تىپ، ئەپسەنتىن رۇمى، مەستىكى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ، ئۇنىڭ-دىن 180 گرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇستقۇددۇس شەربىتى، لىمون شەربىتى ھەر بىرى 36 گرام، گۈلقەنت 36 گرام ياكى ئىنەكپىتى يېغى، ئاچچىق بادام يېغى 5~9 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تۆت - بەش كۈن ئىچكەندىن كېيىن مۇناسى-

ۋەتلىك ھەب دورىلار بېرىلىدۇ.
ئوزۇقلاندۇرۇشتا، نان ياكى ئۇماچ بىلەن بىللە توخۇ چۈجىسى گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ.
5. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تازىلاشتىن كېيىن غار - غار قىلدۇرۇش ۋە يەسمەن يېغى ياكى سۇزاپ يېغى ياكى سەۋسەن يېغى ۋە ياكى گۈل يېغى، چاكان ياكى رەۋغىنى ھىندىلارنىڭ بىرەرسىنى باشقا سۈۋاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان دورا تېمىتىش، دورا پۈرىتىش ۋە ھورلاندۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.
6. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تازىلاشتىن كېيىن تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇستىقۇددۇستىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىترىفىلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ، ئۇستىدىن ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم ئون دانە، بەديان يەتتە گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.
7. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇستىقۇددۇسنى تالقانلاپ، داۋائى مىشكى مۆتەدىل ياكى داۋائى مىشكى ھار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرقى بەديان، ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھەببى قوقىيا ياكى ھەببى ئىستەمخىقۇن ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلسا قالدۇق خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن پايدىلىق. شۇنداقلا ھېلىلە مۇراببا، دەبدىل ۋەرە ۋە ئىترىفىل مۇسھىل داۋالىق ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا ۋە بەلغەم خىلىتىنىڭ قالدۇقىنى سۈزۈپ چىقىرىشقا توغرا كەلسە تۆت گرام ئايارەج پەيقرانى ئىترىفىل كەشنىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇستىدىن ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا ھەر بىرى 60 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ.
8. ئەگەر بەلغەم خىلىتىغا سەپرا خىلىتى ئارىلاشقان بولسا، ئۇستىقۇددۇس، نېلۇپەر ھەر بىرى تۆت گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇستىگە ئالتە گرام ئاق تۇربۇت تالقىنى سېپىپ بېرىلىدۇ. 3~4 كۈندىن كېيىن بۇ قايناتمىغا تۆت گرام گۈل بىنەپشە قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە تۇربۇتنىڭ ئورنىغا ئىترىفىل كەشنىز ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە بەديان ۋە گۈل بىنەپشىلەرنىڭ قايناتمىسىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئىككىنچى كۈنى ھەزىم بۇرۇلۇش ۋە پۈت - قول ئاغرىقىغا قارىتا، بىر گرام سۆرۈنجاننى تالقان قىلىپ، ئىترىفىللارنىڭ خالىغان بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئالتە گرام شاھتەررە قايناتمىسى بىلەن بېرىش كېرەك. ئىترىفىل مۇلەييىنمۇ بۇ مەقسەتتە بېرىلسە پايدىلىق.
9. ئەگەر بەلغەم خىلىتىگە سەپرا خىلىتى ۋە قان خىلىتى ئارىلاشقان بولسا، ئىترىفىل سەغرى ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ، شاھتەررە ئالتە گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم

ئون دانە، قىزىلگۈل، بەدىيان ھەر بىرى ئالتە گىرام قاتارلىقلار قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، پىرسىياۋشان ئالتە گىرام، سېرىق ئەنجۈر تۆت دانە، شاھتەرە تۆت گىرام قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئىترىفىل كەشنىز بىلەن بېرىلىدۇ.

10. ئەگەر سەپرا خىلتى ۋە قان خىلتىنىڭ غالىبلىقى مەلۇم بولسا، يۇقىرىقى نۇسخىدىكى ئەنجۈرنىڭ ئورنىغا تۆت گىرام قۇرۇق يۇمغاقسۈت ۋە ئالتە گىرام گۈل بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

11. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ: گۈل بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، شوخلا، زۇپا، ھاشا، قىچا، ئاش تۇزى، بۇغداي كېپىكى، پىننە، چۆپچىن ياكى ئۆشبە قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قايىنتىپ، قائىدە بويىچە پۇت يۇيۇلىدۇ.

ئىپار، قورۇلغان سىيادان قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ بىر پارچە لاتىغا ئوراپ پۇرىتىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرى بىر گىرام، ئەپيۇن 0.5 گىرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، قىچا ھەر بىرى بەش گىرام، 0.75 گىرام ئەپيۇن قاتارلىقلارنى كونا شاراپقا چىلاپ باشقا سۈۋالسا، تازىلاشتىن كېيىن قالغان قالدۇق باش ئاغرىقى يوقىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا سېرىقچېچەك، قىچا، دارچىنلارنىڭ بىرەرسى چىلاپ سۈۋىلىدۇ.

12. بۇ كېسەللىككە قارىتا جالىنۇس تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللانغان: ① پەرپىيۇن يېغى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى بىلەن ياغلىسىمۇ بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىغا دەرھال ئۈنۈم بېرىدۇ. ② نوقۇت چوڭلۇقىدىكى سوقمۇنىيانى گۈل يېغىدا ئېزىپ باشقا سۈۋىسا سوزۇلما خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ③ كۇندۇش، سۇمبۇل ھىندى، لاچىندانە ھىندى، قۇستە شېرىن قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ بۇرۇنغا تارتىسىمۇ مېڭىدىكى زىيادە ھۆللۈكنى تازىلايدۇ. ④ مەرزەنجۇش، قارىمۇچ، تاماكا، زەپەر ئىككى گىرامدىن قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، بۇرۇنغا تارتسا چۈشكۈرتىدۇ ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىنى يوقىتىدۇ. لېكىن چۈشكۈرتۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارنى ئىشلىتىشتە ئېھتىيات قىلىش كېرەك ۋە تەنقىيە قىلىشتىن بۇرۇن چۈشكۈرتۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى چۈشكۈرۈش ئارقىلىق خىلتلاردا ھەرىكەت پەيدا بولۇپ كېسەللىك ئېغىرلىشىپ قالىدۇ. ⑤ بابۇنە، مەرزەنجۇش قاتارلىقلارنى سۇدا قايىنتىپ، ئۇنىڭغا نارجىل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ⑥ ئەگەر بىمارنىڭ ئاشقازان ئېغىزىدا ئېچىشىش ۋە ئاغرىش مەلۇم بولسا، مۇناسىپ تەدبىرلەر ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ خىل باش ئاغرىقىدا

قىزىتما بولسا مۇنچىغا چۈشۈشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ⑦ باش ئاغرىقى سوزۇلما خاراكتېرلىك بولۇپ خىلىت مۇستەھكەملىشىپ قالغان بولسا، چۈپچىن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ. تامىقغا يۇمشاق ۋە سىڭىشلىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى بېرىش كېرەك. تامىقنى ئازايتىش تاماقتىن باشقا پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى يېمەسلىك لازىم.

13. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقىدا يەنە ئەڭ مۇھىمى، مۇۋاپىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، قول، پۇتنى مۇجۇپ بېرىش كېرەك.

ئادەتتە چوڭلار، بەلغەم مىزاجلىق ئايالار، ھۆل سوغۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغۇچىلار بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىغا كۆپرەك گىرىپتار بولىدۇ. بۇ خىل باش ئاغرىقى سوغۇق رايونلاردا ۋە قىش پەسلىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاش دەسلەپتە ناھايىتى ئاسان، ئەمما كېچىككەنسېرى خەتەرلىككلىشىپ ۋە داۋالانىشمۇ قىيىنلىشىپ ماڭىدۇ. ئەگەر داۋالاشتا بىخەستەلىك قىلىنىپ خاتا داۋالاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، كېسەللىك تەرەققىي قىلىپ پالەچ - لەقۋا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى بىمارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقىتىۋېتىلىدۇ.

14. بۇ خىل كېسەللىككە يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىدا ھەببى ئىستەمخىقۇن ياكى ھەببى سەبرە ۋە ياكى ھەببى قوقىيا ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش لازىم ۋە ياكى ئايارەج پەيقىرا 36 گرام، شەھمەنزەل 12 گرام، سوقمۇنىيا 1.25 گرام، ئاق تۇربۇت 24 گرام، ئۇستىقۇددۇس 18 گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ، قائىدە بويىچە تابلېت ياساپ، بۇ تابلېتكىلارنى ئونغا بۆلۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن باشتا بىرەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت قالدۇقى قېپقالغان بولسا، ئايارەج پەيقارا، سىركە، قىچا، ئاقىرقەرھا، سۆئىتەر، بىخ كەبىر پوستى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

15. ئاشقازان ۋە باشنى تازىلاش ئۈچۈن قارا ھېلىلە، بەلىلە پوستى، ئامىلە ھەر بىرى 36 گرام، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، ئىزخىر يىلتىزى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 27 گرام، سۇمبۇل تىپ، قەسبۇزەرىرە ھەر بىرى 14 گرام، خوخا، ئاق تىكەن ھەر بىرى 18 گرام، شەھمەنزەل يەتتە گرام قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇغا چىلاپ، 1000 گرام قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 14 گرام سەبرە سۇقۇترە ئارىلاشتۇرۇپ بوتۇلكىغا قاچىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ، زۆرۈر بولغاندا 36～72 گرام ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ باش ئاغرىقى توختىمىسا، ئايارەج جالىنۇس، ئەفتىمۇن، ئۈرۈقى ئېلىنغان ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىلىرى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

16. تازىلاشتىن كېيىن مېڭىدىكى قالدۇق ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ياغلار، پۇت يۇيۇش دورىلىرى، بۇرۇنغا تېمىتىش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ

تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاغرىش توختىمىسا ۋە قالدۇق خىلىت قېپقالغان بولسا، ھېلىلە كابىلى، بەلىلە، ئامىلە ھەر بىرى 18 گرام، مەستىكى 15 گرام، ئەپسەنتىن، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ھەر بىرى 12 گرام قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 1000 گرام قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 18 گرام ئايارەج پەيقىرا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن 108 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا بىدەنجىر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئايىنىپ بەرداشلىق بېرەلمىسە، قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

17. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت پۈتۈن بەدەندە مەۋجۇت بولسا، پۈتۈن بەدەننى تازىلاش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزۇقلۇقنى ئازايتىش ۋە سىڭىشلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مۇنزىج ۋە مۇسھىل بېرىشتە بىراقلا كۈچلۈك دورا ئىشلەتمەستىن، دەسلەپتە يەڭگىلرەك دورا ئىشلىتىش، ئەگەر تەسىرى بولمىسا كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىش كېرەك.

پەرپىيۇن توققۇز گرام، بۆرە ئەرمىنى 4.5 گرام، سۇزاپ توققۇز گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 4.5 گرام، قىچا توققۇز گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن باشقا سۈۋسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

18. پەرپىيۇن، تۇز، بۆرە ئەرمىنى ياكى ئەپيۇن، زەپەر، سەبرە، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى سۈۋسىمۇ بۇ خىلدىكى باش ئاغرىق ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر ۋاقىت، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى يار بەرسە، ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى قوقىيا بىلەن تازىلاش كېرەك. ئەگەر مادىدا سۇيۇقراق بولمىسا، ئالدى بىلەن مۇنزىج بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، بەش كۈنگىچە بىدەنجىر يېغى ۋە ئاچچىق بادام يېغى بىلەن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى كۇمىلاچ دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ كۇمىلاچ دورىلارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە، ئايارەج جالىنۇس يېگۈزۈش ۋە بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مېڭىدىكى قالدۇق خىلىتنى تازىلاش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل بىلەن ئايارەج پەيقىرا قوشۇپ ياكى مائۇلئۇسۇلغا قىچا ياكى ئاقىرقەرھا قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۆرۈر بولسا مۇناسىۋەتلىك زىماد ۋە سۈۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ھەببى سەبرە ياكى ھەببى زەھەب بىلەن ھەر ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم بەدەننى تازىلاپ تۇرۇش كېرەك.

19. كونا سوغۇقتىن ۋە بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن 24 گرام تۇزنى ئېلىپ، 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا خېنە ئارىلاشتۇرۇپ، چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاخشىمى باشقا سۈۋاش، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇۋېتىش كېرەك.

بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا ھەممىدىن ئاۋۋال ھەببى ئىستەمخىقۇن، ھەببى قوقىيا، ھەببى سەبرە، ھەببى شەبيار، ئايارەج پەيقىرا بىلەن تازىلاش كېرەك. ئەگەر مۇمكىن

بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك كىلىزمىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن غار ـ غار قىلىش، باشقا ئىسسىقلىق ياغلارنى سۇۋاش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش، مۇناسىۋەتلىك يۇيۇنۇش دورىلىرى، چۈشكۈرتۈش دورىلىرى ۋە بەدەننىڭ سىرتىغا سۈۋايدىغان دورىلارنى ئىشلى- تىش. ئەگەر ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە، تۆۋەندىكى نۇسخىنى بېرىش كېرەك: ئەفتىمۇن 24 گرام، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈمدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 1000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئايارەج پەيقىرا مۇرەككەپ 15 گرام، تۇز 3.5 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىدىن ئىلگىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

20. غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىدا ئالدى بىلەن ئاقلانغان چۈچۈك- بۇيا يىلتىزى 12 گرام، بادرەنجى بۇيا يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۈيىگە 36 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلۇقىغا پۇرچاق يارمىسى سۈيى، زاراغزا ئۆرۈكنىڭ شىرىسى چىقىرىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ماددا پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، ھەببى سەبرە بىلەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر ھەببى سەبرە بىلەن تازىلاش تولۇق بولمىسا ۋە باش ئاغرىش پۈتۈنلەي يوقالمىغان بولسا، ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى شەبيار ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق قول، پۇت، بەلنىڭ ئاستىنى يۇيۇش، چۈشكۈرۈش دورىلىرى ئارقىلىق چۈشكۈرتۈش ئۇسۇللىرى قوللىنىل- دۇ.

ھەببى ئىستەمخىقۇن كەبىر بەلغەمنى ئاسانلا سۈرۈپ چىقىرىپ، مېڭىنى ئارتۇق خىلتلاردىن تازىلاش ۋە سوغۇقتىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىنى يوقى- تىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

21. ئەگەر بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئوبدان بولسا پۈتۈن بەدەننى تازىلاش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى تازىلاش كېرەك.

پۈتۈن بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ: ھېلىلە كابىلى پوستى 108 گرام، غاپەس 36 گرام، سانا مەككى، ئۇستىقۇددۇس، قەنتەرىيون، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سەۋسەن يىلتىزى، قورۇلغان ئەنسىل، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا ھەر بىرى 18 گرام، ئەپسەنتىن رۇمى، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 12 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ھەر بىرى 15 گرام، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈم 54 گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ مەتبۇخ تەييارلاپ، غارىقۇن، تۇربۇت ھەر بىرى 2.5 گرام قاتارلىقلاردىن تالقان تەييارلاپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، يۇقىرىقى مەتبۇختىن 150 گرام ئېلىپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ھەپتە توختىتىپ، شۇ ھەپتە ئىچىدە مىزاجىدا بىرەر ئۆزگىرىش كۆرۈلمىسە، ئۇنى دورا ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.

قىزىلگۈل يەتتە گرام، ئەپسەنتىن 12 گرام، قىزىل تۇز، رۇببىسۇس ھەر بىرى

3.5 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى ئىككى گرام، مەستىكى 27 گرام، سەبرە سۆقۆتى 36 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن كۆمىلاچ ياساپ، بىر كۈرستا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا يەتتە گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ باش ئاغرىقى يەنە بار بولسا پۇتقا لوڭقا قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ باش ئاغرىقى يوقالمىسا، چۈشكۈرتۈش چارىسى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا، باشتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ياخشى بولسا، يەنە بىر قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

22. ئىلگىرىكى تېۋىپلار «بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا ئەڭ ئاخىرقى چارە باشنىڭ ئوتتۇرىسىنى داغلاش» دەپ كۆرسەتكەن، لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە «بۇ تەدبىر رۇسىيە قاتارلىقلارغا ئوخشاش سوغۇق رايونلاردا» قوللىنىلسا بولىدۇ.

بۇ خىل باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا دەسلەپتە مائۇلئۇسۇل بىلەن ئايارەجگە ئوخشاش غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ۋە ھەسەل بىلەن ياسالغان گۈلقەنت كۆپرەك بېرىلىدۇ.

23. بۇ كېسەللىككە قارىتا ئەنتاكى «مەن ئۆزۈم ئىجاد قىلغان مەجۇنى ئەنتاكى ھەر خىل سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، مېڭىنى تازىلاش، ئۇيقۇنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئاشقازاننى ياخشىلاش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. بۇ خىل مەجۇن سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سۈت ياكى گۈلاب بىلەن بىرگە بېرىلسە، ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئاچچىق بادام يېغى ۋە بابۇنە يېغىنى باشقا سۈۋسا مەنپەئەت قىلىدۇ. ساپ شارابقا چىلانغان مۇرمەككى ياكى قۇندۇز قەھرى بۇرۇنغا تارتىلىدۇ. كاۋاۋچىنى، قەلەمپۇر، بىدەنجىر يۇپۇرمىقى، جوز يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، خېنە بىلەن باشقا سۈۋسا نەزلىنى توختىتىپ، باش ئاغرىقىنى تامامەن يوقىتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

24. غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا ئەڭ ياخشىسى ھەممىدىن ئاۋۋال سۈرگە دورىلىرى ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايارەج پەيقىرا ۋە ھەببى سەبرە بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى قوقىيا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈكرەك دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ دورىلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، سېرىق ھېلىلە 24 گرام، قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى، ھېلىلە زەرد، ئامىلە ھەر بىرى يەتتە گرام، مەستىكى 10 گرام، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى 18 گرام، شاھتەررە 36 گرام، ئاق تىكەن 27 گرام قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 1000 گرام قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 18 گرام ئايارەج پەيقىرا چىلاپ، 12 ~ 18 گرام بىدەنجىر يېغى قۇيۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ نۇسخىدىكى ئايارەج پەيقىرانىڭ ئورنىغا سەبرە سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ، 72 ~ 108 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن داۋالاش

ئاخىرلاشقاندا ھەببى رىسادىن ئىلمان سۇغا چىلاپ، شېكەر بىلەن تاتلىقلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈ-
لىدۇ.

ئەگەر سۈرگىلەر بىلەن ئاغرىق توختىمىسا، ئايارەج جالىنۇس ۋە ئايارەج لوغانزىياغا ئوخشاش چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىرەر تەرياق ياكى مۇناسىۋەتلىك مۇلەييىن تەسىرى بار مەجۇن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

25. پالەچ، لەقۋا باياندا سۆزلەنگەن غار ـ غار ۋە باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما غار ـ غار ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى غەيرى تەبىئىي خىلىتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش مەقسىتىدە كلىزما قىلىش كېرەك.

26. بەلغەمنىڭ مۇنزىچى سۇپىتىدە مەتبۇخى ئۇستقۇددۇس، شەربىتى ئۇستقۇد-دۇس 4 ~ 5 كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى شەبيار ياكى ھەببى ئىستەمخى-قۇن ۋە ياكى ھەببى قوقىيا بىلەن مىڭە تازىلىنىدۇ ياكى سانائى مەككى 24 گرام، ئاق تۇربۇت توققۇز گرام، زەنجىۋىل ئۈچ گرام، سېرىق ھېلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلى پوستى ھەر بىرى 18 گرام، رەۋەن چىنى يەتتە گرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 84 گرام، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلغان گۈلقەنت 48 گرام، بادام يېغىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۈشلۈك تامىقىغا چۈجە گۆشى، پۇرچاق ئۇنىدا ئېتىلگەن شورپا، ئاخشىمى توخۇ شورپىسىغا نان چىلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇستقۇددۇس-تىن ئۈچ گرام ئېلىپ تالقان قىلىپ، 12 گرام جاۋارىش مەستىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆمۈش ۋەرەققا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇستىدىن پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتى-ىزى، گاۋزىبان، كەرەپشە يىلتىزى ھەر بىرى يەتتە گرام، رۇم بەديان تۆت گرام، بەديان توققۇز گرام دورىلارنى قاينىتىپ، بۇزۇرى شەربىتى 48 گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش مۇسھىل بېرىش ۋە تازىلاشتىن كېيىن كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەنى نوقۇت سۈيى بىلەن ئاق ھەببى نىلنىڭ شىرىسىنى بىر ھەپتە ئىچكۈزسە، مېڭىنى تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

27. ئەگەر باش ئاغرىقى بىلەن يۆتەل بولسا، ئۇستقۇددۇس، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى تۆت گرام قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گرام ئاق قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

28. ماددىنى پىشۇرۇش ۋە سۈيۇلدۇرۇش ئۈچۈن گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 3.5 گرام، سەرپىستان، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 36 گرام، خام پىلە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بەديان ھەر بىرىدىن 3.5 گرام ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، ئالتە گرام

شەربىتى مائۇلئۇسۇل ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككىگە بۆلۈپ ئەتىگەن ۋە كەچتە بېرىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ نۇسخىنىڭ ئورنىغا پىرسىياۋشان 7.5 گرام، رۇم بەدىيان، بەدىيان، مەستىكى ھەر بىرىدىن 3.5 گرام ئېلىپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، 36 گرام گۈلقەنت ۋە 72 گرام ئاددىي سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا، چۈجە شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ۋاقىتتا ماددا پىشقانلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، بەلغەمنى سۈرگۈچى كۈمەد-لاچلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بىر قېتىمدا تولۇق تازىلىنىپ بولالمىسا، ئەھۋالغا قاراپ بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە مۇۋاپىق ھالدا يۇقىرىقىغا ئوخشاش 2 ~ 3 قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**6. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:**

علاج صداع سوداوى

بۇ خىل باش ئاغرىقى ئارتۇق سەۋدا خىلتىنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەنلىكى ۋە ئەزاغا يىغىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

1. بۇ خىل باش ئاغرىقنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بىستىپايەج، پوستى ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، شاھتەررە، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، بەدىيان، ئەفتىمۇن، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، سىركەنجىۋىل، ئەفتىمۇن ياكى شىرخىست بىلەن 3 ~ 5 كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى گۈل بىنەپشە، ئاقلانغان چۈچۈك-بۇيا يىلتىزى، قىزىلگۈل ھەر بىرى ئون گرام قاتارلىقلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا گاۋزىبان شەربىتى، بادرەنجى بۇيا شەربىتى ھەر بىرىدىن 36 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈ-لىدۇ.

2. غەيرىي تەبىئىي خىلتى ماددا پىشقانلىق ئالامىتى كۆرۈلسە ۋە سۈيدۈك قويۇق بولسا، سەۋدانى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ھېلىلە كابىلى، قارا ھېلىلە، بىستىپايەج، ئەفتىمۇن، ئۇستىقۇددۇس، غارىقۇن، لاجۇۋەرد مەغسۇل قاتارلىقلار چۈشكەن مەتبۇخ ئىچ-كۈزۈلىدۇ ياكى قارا ھېلىلە 36 گرام، سانائى مەككى، بىنەپشە، ئۇستىقۇددۇس، شاھتەررە ھەر بىرى 18 گرام، خىيارشەنبەر، تەمرى ھىندى، گۈلقەنت ھەر بىرى 72 گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرىسىدىكى غولى ئېلىپ تاشلانغان ئاق تۇربۇت 3.5 گرام، ئەفتىمۇن 4.5 گرام، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد بىر گرام، بادام يېغى 4.5 گرام قاتارلىقلارنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇنزىج ۋە مۇسھىل بېرىۋاتقان ۋاقىتتا ئوزۇقلۇققا چۈجە گۆشى ۋە نوقۇتلۇق شورپا ياكى سۈت ئېمىۋاتقان ئوغلاق گۆشى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋدانىڭ مۇنزىجىنى

بېرىش ۋە ئۇنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن سەۋدادىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

3. ئەگەر باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى كۆيگەن سەۋدا بولۇپ، ھارارەتنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇنىڭدا ئىسسىقلىق دورىلاردىن ساقلىنىش كېرەك ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك مۇنزىج ئىشلىتىش كېرەك. يەنى: گاۋزىبان، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈم، ئاقلانغان ئاق لەيلى قاتارلىقلار بىلەن ئېتىلگەن ئارپا ئېشى بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزۈلۈپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى، زىرىق، ھېلىلە كابىلى پوستى، بىستىپايەچ، ئەفتىمۇن، ئۇستىقۇددۇس قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا تەرەنجىبىن ۋە خىيارشەنبەر ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۈچلۈكرەك قىلىش زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئاق غارىقۇن 4.5 گرام، لاجۇۋەرد مەغسۇل ئىككى گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ خىل باش ئاغرىقىغا قارىتا كۈچلۈك سۈرگە ۋە ھەب دورىلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئىستېمال قىلدۇرۇش توغرا ئەمەس. بۇنداق دورىلارنى خىلت مۇكەممەل پىششىپ بولغاندىن كېيىن بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە قاراپ تەدرىجىي قوللىنىلسا بولىدۇ.

4. ئەگەر باش ئاغرىقى سەۋداغا بەلغەم خىلتى ئارىلىشىش سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا بۇ ئىككى خىلتنىڭ مۇنزىج ۋە مۇسھىل، زىماد، نۇتۇل قاتارلىق دورىلىرى بىرلەشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن داۋائى مىشكى ۋە مۇپەررىھى ياقۇتلار بىلەن كۈچلەندۇرۇش لازىم ياكى ئامىلە مۇراببىاسىنى ئۇستىقۇددۇس تالقىنى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كەيىورە، بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئۇد سەلىب بىر گرام، داۋائى مىشكى ئالتە گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇستىدىن خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى تۆت گرام، بادام مېغىزى شىرىسى تۆت گرام، شەربىتى ئاناردىن 24 گرام قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ھېلىلە مۇراببىاسىنى ئەرقى گۇل بىلەن يۇيۇپ، ئاقلانغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى تالقىنى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. پىستە، نار-جىل، ياڭاق، ئۈزۈم، ئانار، كىشمىش ھالۋىلىرى، خەشخاش ھالۋىسى بېرىلىدۇ. ئۇستى-قۇددۇس شەربىتى، بادرەنجى بۇيا شەربىتى، گاۋزىبان شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، نېلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار تازىلاشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەرقانداق ھالەتتە پايدىلىق.

كالا سۈتى ۋە خەشخاش يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بەلنىڭ ئاستى قىسمى يۇيۇلسا، كۆرۈنەرلىك مەنپەئەت قىلىدۇ. رەۋغىنى لوبۇبى سەبئە (يەتتە خىل مېغىز يېغى) نى باشقا

سۇۋاش ۋە قۇلاقتا تېمىتىش پايدىلىق. قاپاق مېغىزى، شېكەر، نىشاستە، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ياساپ باشقا تېڭىلىدۇ. باشنى ئۆچكە سۈتى بىلەن يۇيۇش ۋە مۇنچىغا چۈشۈش، باشنى بىرنەچچە قېتىم ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇش قاتارلىقلارمۇ پايدىلىق.

بىمارنى ھاۋاسى نورمال جايدا ئولتۇرغۇزۇش، جىسمانىي ئەمگەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بابۇنە يېغى، زەپەر يېغى قاتارلىق ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ۋە قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى يېغى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار بىرلەشتۈرۈلۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بۇرۇنغا دورا تېمىتىش ۋە دورا سۈۋاش ۋە تېڭىش ئۇسۇللىرىنى قوللانغاندا، ھارارىتى تۆۋەنرەك، سوغۇقلۇققا مايىلراق دورىلار بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋدا خىلتى تەبىئىي بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. لېكىن كۆيگەن سەۋدا بولغاندا، كۆپرەك سوۋۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيەتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھالەتتە ئىسسىقلىقى دورىلاردىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك ۋە ھۆل سوغۇق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بىنەپشە يېغى، ئۇسۇڭ يېغى، خەشخاش يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى يالغۇز ھالدا بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر تازىلاشتىن كېيىن يەنە باش ئاغرىقى مەۋجۇت بولسا، بىر نەچچە كۈن ئىترىفىل ئۇستۇقۇددۇس ياكى مەجۇنى دەبىدىل ۋەرد ئۇلىۇخان ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، گۈل يېغى ياكى يەسمەن يېغى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

مۇرمەككى، زەپەر قاتارلىقلارنى تالقان قىلىپ، بادام يېغى ۋە ئايال كىشىنىڭ سۈتىگە بىرلەشتۈرۈپ بىر پارچە رەختىنى نەمدەپ باشقا قويسا، باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. قەلەمپۇر، دارچىن، ياۋا ئىتياڭقى يىلتىزى پوستى، ئاق بەزرۇلبەنجى، زەپەر، قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، گۈل يېغى، بادام يېغى ۋە بابۇنە يېغى قاتارلىقلار بىلەن باشقا سۈۋىلىدۇ.

خىلىت كۆيگەن ھالەتتە سەندەل، كۆك يۇمغاقسۇت، گۈل يېغى، يەسمەن يېغى قاتارلىقلاردىن سۈۋالما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. 121 مىللىگرام مۇمىيانى بابۇنە يېغىدا ئېزىپ بۇرۇنغا تارتىلىدۇ. ئەنبەر، ئۇد ھىندى ھەر بىرى يەتتە گرام، ئىپار، زەپەر ھەر بىرى 4.8 گرام، ئاقسەندەل ئون گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە پۇركەلمە تەييارلاپ بۇرۇنغا پۇرىتىلسا سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سۆئتەر، ئەپسەنتىن رۇمى، گاۋزىبان، چامغۇر يوپۇرمىقى، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، ھورى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ. سۈيى بىلەن قول ۋە بەلنىڭ ئاستى تەرىپى يۇيۇلىدۇ. پىسەپىلىرى باشقا تېڭىلىدۇ (بۇ

تەدبىر تازىلاشتىن كېيىن ئىشلىتىلسە مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن پايدىلىق).
ئۈزۈقلاندۇرۇشتا سېمىز توخۇ ۋە جىگدىچى كەكلىك شورپىسىنى نوقۇت بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىڭىشلىق يۇمشاق تاماقلار مەسىلەن: پاقلان گۆشى، چۈجە گۆشى، قۇشقاچ يالغۇز ياكى چامغۇر ۋە سەۋزىلەر بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە خەشخاش ئۇرۇقى بىلەن ياسالغان هالۋا بېرىلىدۇ.
تاماقتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشىگۈچى ۋە خۇشاللاندۇرغۇچى جاۋارىشلار بېرىلىدۇ ۋە ئوڭ يانچە ياتقۇزۇلىدۇ. سەۋدا پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەر مەسىلەن: كالا گۆشى، قۇرۇتۇلغان گۆش، كونا ئوغۇز قۇرت، كونا سىركە، نوقۇت، كونا گۆش، كاللا ـ پاچاق قاتارلىقلاردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.
7. يېقىنقى زامان تېۋىپلىرىنىڭ بەزىلىرى «سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقىدا ئالدى بىلەن مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مەتبۇخى پەۋاكىھ بىلەن ماددا پىشۇرۇلىدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن سانا 18 گرام، قارا هېلىلە 12 گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر ۋە 72 گرام تەرەنجىبىن قاتارلىقلارنى چىلاپ ئېرىتىپ، ئالتە گرام رەۋەن چىنى، يەتتە گرام بادام يېغى قوشۇپ، ھەببى لاجۇۋەرد ياكى ھەببى ئەفتىمۇن بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
ئىككىنچى كۈنى ئامىلە مۇرابباسىدىن بىر دانىنى يۇيۇپ تازىلانغان لاجۇۋەرد تالقىنى، تاباشىر تالقىنى ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، كۈمۈش ۋەرەق بىلەن ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستىدىن گاۋزىبان سۈيى بەش گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى يەتتە گرام قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل 60 مىللىلىتىر، ئەرقى گاۋزىبان 72 گرام قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى ئېلىپ، گاۋزىبان شەربىتى، ئالما شەربىتى ھەربىرىدىن 18 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە 18 گرام تۇخۇمى پەرەنجمىشكى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.
تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىترىفىل شاھتەررە، ئىترىفىل ئەفتە-مۇن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى بۇرۇنغا تارتىش قاتارلىق تەدبىر-لەر قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاغرىق ساقايمىسا، مالىخۇلىيادا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.
8. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى سەۋدا بىلەن بەلغەمنىڭ قوشۇلۇشىدىن بولغان بولسا، هېلىلە كابىلى، سېرىق هېلىلە ھەر بىرى 24 گرام، بەلىلە، ئامىلە ھەر بىرى 15 گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 108 گرام، گاۋزىبان، ئۇستىقۇددۇس، قەنتەرىيون، غاپەس ھەربىرى ئون گرام، ئەفتىمۇن 18 گرام، بىستىپايەج، تۇربۇت ھەر بىرى ئون گرام، غارىقۇن يەتتە گرام، مەستىكى، سازەج ھىندى ھەر بىرى بەش گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ھەر بىرى يەتتە گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 15 گرام

قاتارلىقلارنى 2000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 1500 مىللىلىتىر قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئاق تۇربۇت تۆت گرام، ئايارەج پەيقىرا، غارىقۇن ھەربىرى ئىككى گرام، شەھمەنزەل، لاجۇۋەرد، نەمەك ھىندى ھەر بىرىدىن بىر گرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقىدا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ياكى مالىخۇلىيانى داۋالاشتا سۆزلەنگەن كۇملاچ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سىرىق ھېلىلە پوستى ئىككى گرام، ئەفتىمۇن ئۈچ گرام، غارىقۇن بىر گرام، نەمەك تۇزى، بىستىپايەج، خەربەق سىياھ ھەر بىرى 4.8 گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە كۇملاچ ياساپ بېرىلىدۇ. نۇقۇئى سەبرە ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەدىيان يىلتىزى پوستى، چۇچۇكبۇيا ھەر بىرى 36 گرام، سۇمبۇل 11.5 گرام، شەھمەنزەل ۋە سەبرە ھەر بىرى 36 گرام دورىلار تالقانلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

9. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، ھەببى ئايارەج، ھەببى شەبيار، ھەببى سەبرە ۋە ياكى نۇقۇئى سەبرە ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ ياكى ئەفتىمۇن 7.5 گرام، غارىقۇن، تۇربۇت مۇقەششەر، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەج ھەر بىرىدىن 3.5 گرام ئېلىپ، سوقۇپ تاسقاپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن يۇغۇرۇپ كۇملاچ ياساپ بېرىلىدۇ. (بۇنىڭدا بۇ دورىلار بىر قېتىمدىلا بېرىلىدۇ. تۇربۇت بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ).

جالىنۇس «سەۋدادىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قىچىنى باشقا سۈۋاش ۋە ئۇنىڭ يېغىنى سۈۋاشمۇ ناھايىتى پايدىلىق ۋە تېز ئۈنۈم بېرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

### 7. ئىچكى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج صداع ريحى داخلى

ئىچكى يەل ھەرخىل سەۋەبلەردىن ئومۇمىي بەدەن ياكى مېڭىدە پەيدا بولۇپ، باش قىسمىغا توپلىنىشىپ ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ، ئۇنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

1. يەل تارقىتىش ئۈچۈن رۇم بەدىيان، بەدىيان، زىرە قاتارلىقلارنى گۈلاب ياكى ئەرقى بەدىيان بىلەن قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سۈۋەيدى «قاقىلەنىڭ سۈيىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

2. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ:

تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلىملىك، بەرگى سوزاب، ئەمەن، بەرگى ھەببۇلغار، سىيادان، پىننە، سۇزاپ قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى ئارقىلىق قول، پۇت يۇيۇلىدۇ. سىرىقچېچەك ئۇرۇقى، بابۇنە، ياۋا پىننە، سۇزاپ، بۆرە ئەرمىنى، بۇغداي

كېيىنكى قاتارلىقلارنى بىر خالتىغا سېلىپ ئىسسىتىپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بەدىيان ۋە مەزرەنجۇشنى قاينىتىپ ھورى بىلەن ھورلاندۇرۇلسا ۋە ئىككى چېكە، مۇرە، بويۇننىڭ تومۇرلىرىغا بابۇنە يېغى، سېرىقچېچەك يېغى سۇۋالسا بولىدۇ. پىلپىل، قۇندۇز قەھرى، ئاقىرقەرھا ھەر بىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ بۇرنىغا تارتىلىدۇ. پىلپىل، قوندۇز قەھرى، ئىپار قاتارلىقلار پۈرتىلىپ چۈشكۈرتۈلىدۇ. زەنجۇبىل ۋە شېكەرنى بۇرۇنغا تارتىپ چۈشكۈرتۈلىدۇ.

سەبرە، زەپەر، ئاقمۇچ، ئىپار قاتارلىقلارنى مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن ئېزىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

3. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى يوقالمىسا، بەلغەمنىڭ مۇنزىچ ۋە مۇسھىلى بېرىلىدۇ ۋە تازىلاش ئۇچۇن ھەببى ئايارەج بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقىدا يەل ئاشقازاندا بولسا، ئاشقازان يەل مەنبەلىك باش ئاغرىقنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك ياكى سۇزاپ، رۇم بەدىيان، بەدىيان، پۇدىنە، مۇدەببەر قىلىنغان زىرە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن تەڭ مىقداردا شېكەر ئېلىپ سوقۇپ تاسقاپ، يەتتە گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇفۇپى ئۇسۇڭ، سۇفۇپى ھاكىمى، ھەببى ھىندى، ئاچچىق داۋائى مىشكى، تاتلىق داۋائى مىشكى، ماددەتۇلھايات، ئىترىفىل كەبىر، ئىترىفىل سەغىرى، مەجۇنى ھاپىزىل سىھەت قاتارلىقلاردىن تاللاپ ئېلىپ، مېڭە ۋە ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا، سىڭىشلىق ۋە يەڭگىل يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. يەنى چۈجە گۆشى، كەكلىك گۆشى، قوي گۆشى، نوقۇت يارمىسى شورپىسى قاتارلىقلارغا زاراڭزا ئۇرۇقى ۋە يەل ھەيدىگۈچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە سۇغا ئازراق مەستىكى سېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەن بولۇپ، يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئۈنۈم بەرمىسە، بىمار مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ماددىنى پىشۇرۇش ئۇچۇن ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى (مۇنزىچ) 48 گرام، ئەرقى سۆئتەر، ئەرقى ئۇستۇقۇددۇس، ئەرقى بادرەنجى بۇيا 60 مىللىلىتىر قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، 15 كۈنگىچە ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى قېتىم بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەتبۇخى قەنتەرىيوننى خېمىرى بىنەپشە 24 گرام، ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى 36 گرام قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەتبۇخى قەنتەرىيوننى تەييارلاش: قەنتەرىيون سەغرى يەتتە گرام، بىستىپايەج، دۇرنەج ئەقرەبى، سۆئتەر، سۇزاپ ئۇرۇقى ھەر بىرى تۆت گرام، ئۇستۇقۇددۇس بەش گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 36 گرام، سېرىق ئەنجۈر تۆت دانە قاتارلىقلارنى ئەرقى سۆئتەر، ئەرقى ئىزخىر، ئەرقى بادرەنجى بۇيا ھەر بىرى 414 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ، ئەتىگەندە يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. خىلىت پىشقاندىن

كېيىن ھەببى قوقنىيا ياكى مەتبۇخى ئۇستقۇددۇس ئارقىلىق سۈرگە بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى زەھرى ـ مۇھرى، جەدۋارچىنى، لاجۇۋەرد مەغسۇل ھەر بىرى بىر گرام، خېمىرى زۇمرەت ياكى خېمىرى مەرۋايىت توققۇز گرام قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر تال كۈمۈش ۋاراقتا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇستىدىن قەنتەرىيون، دۇرنەج ئەقرەبى، بىستىپايەچ، رۇم بەدىيان ھەر بىرى تۆت گرام، گۇل گاۋزىبان يەتتە گرام قاتارلىقلارنى ئەرقى سۆئتەر، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى ئىزخىر ھەر بىرى 108 مىللىلىتىر قاتارلىقلاردا چىلاپ قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا بۇزۇرى شەربىتى مۆتىدىل، بىنەپشە شەربىتى ھەر بىرى 24 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى، قىزىل تۇدەرى ھەر بىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە 6 ~ 7 قېتىم تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، زۆرۈر بولسا 2 ~ 3 كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ چۆپچىن ئىستېمال قىلدۇرۇشقا باشلىنىدۇ. ئاشقازان ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىترىفىل شاھتەررە، ئىترىفىل ئەفتىمۇن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. (مۇئەللىپ ئىقباس)

5. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىچكى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقىدا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئالدى بىلەن يەل، گاز پەيدا قىلغۇچى خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقنىيا، نۇقۇئى سەبرە قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئەتىگەن مۇنچىغا چۈشۈرۈپ سىيادان، مەرزەنجۇش، قۇندۇز قەھرى، ئېپار قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ ۋە ئاچچىق بادام يېغى بۇرۇن، قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە يەللىك، قورساقنى كۆپتۈرىدىغان ھەرقانداق يېمەكلىكلەردىن قەتئىي پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ (شەيخۇلئۇستاز).

## 8. تاشقى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع ريحى خارجى

ھەرخىل سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان يەل باشنىڭ سىرتىدىن باشنىڭ ئىچكى قىسمىغا بۆسۈپ كىرىپ مېڭىدە توپلىشىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى ۋە شەكلى ئارقىلىق مېڭىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئەڭ مۇھىمى يەلنى تارقىتىش كېرەك.

1. ئەگەر بۇ يەل قويۇق بولسا، كۈچلۈكرەك دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى يەلنى تارقىتىش ۋە مىزاجنى تەڭشەش قاتارلىق ئىككى مەقسەتتە بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ يەل ئىسسىقتىن بولغان بولسا، سوغۇق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس، چۈنكى كۈچلۈك بولغان سوغۇقلۇق دورىلار يەللەرنى تارقاتماستىن، قويۇلدۇرۇپ تارقالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئەگەر يەل ئىسسىق بولسا، بابۇنە يېغىنى ئىلمان

قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرىقچىچەك يىغى ۋە گۈل يىغى ئارىلاشتۇرۇپ، يەل بۇرۇن يولى بىلەن كىرگەن بولسا، بۇرۇنغا، قۇلاق ئارقىلىق كىرگەن بولسا قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەڭگىلرەك يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق باش يۇيۇلىدۇ.

2. يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن كېيىن مىزاجىدا ھارارەت يەنە قىپقالغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، يېنىك دەرىجىدىكى ھۆل ئىسسىق دورىلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا تەڭشەش لازىم. بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا، سوۋۇتۇش ئۈچۈن كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش ۋە نورمال مۇنچىغا چۈشۈرۈش كېرەك.

3. ئەگەر يەل سوغۇق بولسا، يۇقىرىقى ياغلارغا قۇندۇز قەھرى ياكى ئىپار ئارىلاشتۇرۇپ تېمىتىش كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا ئىپار، ھىڭ، قۇندۇز قەھرى، ساماساق پۇرىتىشنىڭمۇ پايدىسى بار. باشقا تەدبىرلەر بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە ئىچكى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

### 9. ئىچكى بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج صداع بخاری داخلی*

ئەگەر بۇخاراتنىڭ پەيدا بولۇشى باشنىڭ ئۆزىدە بولۇپ، قورساق ئېچىلىش، قورساقتا ھەر خىل ئاۋازلار بولۇش ئەھۋالى بولمىسا ۋە يۇمشاق، ئاسان سىڭىدىغان تاماقلارنى يېگەندە باش ئاغرىقى كۈچىيىش ياكى پەسىيىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىسە، يەنى بۇ بۇخاراتنىڭ ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكى بۇخارات مېڭىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان بولۇپ، يەل تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە يەل تارقىتىش ئۈچۈن بىر قەدەر قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار ۋە ياغلار ئارقىلىق باشنى ياغلاش، دورا تېڭىش، قايىنتىپ يۇيۇنۇش، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇنچىغا چۈشۈرۈپ، باشقا بىردەم ئىسسىق سۇ قويۇش، قول پۇتنى باغلاش، پۇتنى ئىسسىق سۇغا چۆكۈرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنۇش، قۇلاق ۋە بۇرۇنغا ئاچچىق بادام يېغى تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ:

1. بۇ خىل باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا بۇخاراتتىن پەيدا بولغان مېڭە ئاغرىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلار قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جاۋارىش تاباشىر، خېمىرى خەشخاش، سۇفۇپى كەشنىز قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ.

2. ئەگەر بۇخارات ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردا پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش شۇ ئەزانىڭ ئەگەشمە كېسەللىكىنى داۋالاش بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

### 10. سىرتقى بۇخاراتتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج صداع بخاری خارجی*

بۇ سىرتقى بۇخاراتلار باشنىڭ ئىچىگە كىرىپ مېڭىدە توپلاشقان سەۋەبتىن پەيدا

بولىدىغان بىر خىل ئاغرىق.

بۇ بۇخارات كۆپىنچە ئىسسىق بولۇپ، ئۇنى تارقىتىش ئۇچۇن تاشقى يەلدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بۇخا- رات ئىسسىق بولسا، مۆتىدىل يۇيۇنۇش دورىسى ئارقىلىق بۇخارات تارقىتىلىدۇ. ئەگەر هارارەت بەك يۇقىرى بولسا، كاپۇر ۋە سەندەل پۇرىتىلىدۇ. ئەگەر مېڭىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇخارات كۆپ توپلىنىشۋېلىپ، باش قېيىش ئالامەتلىرى پەيدا قىلىنغان بولسا، گۇلاب، گۇل يېغى، نېلۇپەر، بىنەپشە قاتارلىق مۆتىدىل خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. ئەگەر بۇخارات سوغۇق بولسا ئىپار، قۇندۇز قەھرى پۇرىتىلىدۇ. ئەگەر بۇخارات كۆيگەن بولسا، هۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەك. بۇنداق هالەتتە يۇقىرىقى ياغلار ۋە باشقا هۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

### 11. توسۇلۇشتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج صداع سدى*

توسۇلۇش بەزىدە مېڭىنىڭ ئۆزىدە، بەزىدە مېڭىنىڭ ۋېنا، ئارتېرىيە تومۇرلىرىدا، بەزىدە مېڭە پەردىلىرىنىڭ ۋېنا، ئارتېرىيە تومۇرلىرىدا بولىدۇ. توسۇلۇشنىڭ سەۋەبى بەزىدە ئىششىق، بەزىدە ماددىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە ئارىلاشماسلىقى ۋە ياكى كۆپلۈكى قاتارلىق- لاردىن بولىدۇ. بەلغەم خىلتى ئۆزىنىڭ ئارىلاشما قويۇقلۇقى كۈچلۈك سەۋەبتىن توسۇ- لۇش پەيدا قىلىدۇ. سەۋدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك - قويۇقلۇقى بىلەن توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. سەپرا ۋە قان ئۇنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

توسۇلۇش خاراكتېرلىك بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا خىلتنى سۈيۈلدۈرۈپ ۋە پىشۇرغاندىن كېيىن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن توسۇلۇش خاراكتېرلىك مېڭە ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

### 12. ياللۇغلىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج صداع ورمى*

1. باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي قاندىن بولغان ياللۇغ بولسا، ئارپا ئېشى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە ياكى نېلۇپەرنىڭ ئۆزى ياكى يېغى پۇرىتىلىدۇ ۋە قاپاق سۈيى ياكى شوخلا، پاقىيوپۇرمىقى ئارقىلىق باشقا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈ- لىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا تامىقىغا قاپاق ۋە پۇرچاق يارمىسى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

2. ئەگەر ياللۇغ سەپرادىن بولغان بولسا، خىيارشەنبەر، تەمرى هىندى سۈيى، ئەينۇلا، گۇلاب قاتارلىقلار ئارقىلىق سۈرگە بېرىلىدۇ ۋە ئارپا سۈيى، ئاچچىق ئانار سۈيى، سىركەنجۇبىل، قاپاق سۈيى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى بىلەن سېمىزئوت

ئۈرۈقى شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل ۋە كاپۇر پۇرىتىلىدۇ. باشنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، قاپاقنىڭ تاشقى پوستى سۈيى ئىشلىتىلىدۇ.

3. ئەگەر ياللۇغ سەۋدادىن بولغان بولسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلاش ۋە باشنى ئاق لەيلىگۈلى، ئىكلىلمىلىك قايناتمىسى ئارقىلىق يۇيۇش ھەمدە سەۋسەن يېغى، مەغەزگۈل يېغى پۇرىتىلىدۇ.

4. ئەگەر ياللۇغ بەلغەمدىن بولسا، سەبرە چىلانمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەر ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ھۆلبە، سىرىقچېچەك، زىغىر قاتارلىقلارنى قاينىتىپ باش يۇيۇلىدۇ.

5. ئەگەر ياللۇغنىڭ سەۋەبى ئۈرۈلۈش، سوقۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۈرۈلۈش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 13. زەخىملىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

*علاج صداع ضربانی وسقطی وتفرق اتصالی*

جالىنۇس بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىنى مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارىدا ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۈرۈلۈش بىلەن بىرگە تومۇرلاردا قان تولۇش بولىدۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن تومۇرلارنىڭ خىزمىتى راۋان بولمايدۇ. مۇسكۇللاردا قىسىلىش بولۇپ، پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاشتا ئەڭ ئاۋۋال قان تولۇشنىڭ قايسى خىلتنىڭ سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر سەۋەبچى خىلىت قويۇق ۋە سوغۇق بولسا ۋە بۇ خىل باش ئاغرىقىدا بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنەكپىتى يېغى ياكى ئاچچىق بادام يېغى بىلەن مائۇلئۇسۇل بېرىلىدۇ.

مىزاجنى تەڭشەش ۋە قالدۇق خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن پۇرىتىلمىلار، غار - غار سۇلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر خىلىت ئىسسىق ۋە سۇيۇق بولسا بىمار سوغۇق ۋە ھاۋالىق جايدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بىنەپشە، نېلۇپەر، قىزىلگۈل، رەيھان ياغىچى قاينىتىلمىلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مىقداردا ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بىلەن پۇت يۇيۇلىدۇ. پاچاقتا لوڭقا قويۇپ باشقا سوغۇقلۇق زىمادلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بىنەپشە، قىزىلگۈل، نېلۇپەر ھەر بىرى توققۇز گرام، بابۇنە 5. 9 گرام، ئىكلىلمىلىك ئالتە گرام، ئارپا يارمىسىدىن بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا

ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ، بىنەپشە يېغى، سۇ ھەر بىرىدىن 18 گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ، سۈيى يوقالغاندا يۇقىرىقى دورىلارنى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ يەنە قايىنىتىپ، قىيامى ئۇماچ-تەك ھالەتكە كەلگەندە ئېلىپ ئىلمان ھالدا باشقا سۇۋىلىدۇ. پېشانە، ئىككى چېكىگە بىنەپشە يېغى ۋە نىلۇپەر يېغى سۇۋىلىدۇ.

### 14. مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع ضعف دماغی

بۇ باش ئاغرىقى مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مېڭە ئاجىزلىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى تەڭشەش لازىم.

ئەگەر مېڭە ئاجىزلىقى خىلىت تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن ئىترىفىل زامانى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە گاۋزىبان، گۈل گاۋزىبان، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ بۇزۇرى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە ئاق تۇدەرى تالقىنى سېپىپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەگەر مىزاج سوغۇق بولسا، ئۇستۇقۇددۇس ۋە زورەمباتنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغىرى، داۋائى مىشكى ھار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شاھتەررىلەرنىڭ بىرى تاللىنىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئادەتتە بۇ خىل كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ تامىقىغا يۇمغاقسۇت تالقىنى سېپىپ بېرىش، ئۇزۇقلۇقنى كېمەيتىش، ھەزىم بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

قەلەمپۇر يېغى، دارچىن، ئىپار قاتارلىقلارنى گۇلابتا ئېرىتىپ باشقا سۇۋىلىدۇ. ئالما، ئەنبەر ۋە گۇلاب قاتارلىق مۆتىدىل خۇش پۇراق دورىلار ياكى سەندەلنى گۇلابتا ئېزىپ پۇرىتىلىدۇ.

مېڭە ئاجىزلىق سەۋەبىدىن باش ئاغرىقى پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا بۇزۇلغان مىزاج تەڭشىلىدۇ ۋە يۇمشاق، خۇش پۇراق دورىلار بىلەن مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

كۆپىنچە مېڭە ئاجىزلىقىغا ئاشقازانغا بۇزۇق خىلىتلارنىڭ توپلىنىشى سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا تېز ھەزىم بولىدىغان، ساپ قان پەيدا قىلىدىغان ۋە ئاشقازاننى قىزىتىپ قۇۋۋەتلەندۈرەلەيدىغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

مەغەز گۈلى يېغى، بادام يېغى، ئەنبەر ئەتىرسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۈچلەندۈرگۈ-

چى ياغلار ۋە ئەتىرلەر بىلەن باشقا ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ ۋە پېشانىگە مەزكۇر ياغلارنى سۈركەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بادام يېغىغا لاچىندانە ئۇرۇقى، قەلەمپۇر، ئۆشنە ھەر بىرىنى ئىككى گرامدىن ئېلىپ، تالقان قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋۈلىدۇ.

مېڭىنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل شاھتەررە بېرىلىدۇ ياكى ئامىلە، بېھى، ئالما قاتارلىقلارنىڭ مۇراببالىرىنى تاباشىر ۋە كۈمۈش ۋەرەق بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ياكى 5 ~ 6 دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى، نەمەك سۇلايمانى ياكى قەنت بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مېڭە ئاجىزلىق بىلەن خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، تازىلاشتىن ئىلگىرى مېڭىنى كۆچلەندۈرۈش لازىم.

### 15. مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع ذكائى حس دماغ

سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە سوغۇقلۇق يېمەكلىكلەر ۋە زىمادلار ئارقىلىق سەزگۈرلۈكىنى چەكلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئۈچ گرام پوستى تۇرۇنجنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش ياكى چالا پىشقان نانىنى سۇ بىلەن نەمدەپ يېگۈزۈش ناھايىتى پايدىلىق ۋە مۇۋاپىق مىقداردا كۆكنار يېگۈزۈش ياكى ئەپيۇن پۇرىتىش، ھەببى شىپا ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئۇسۇلك ئۇرۇقى، كۆكنار، ئەپيۇن سۈۋاشمۇ پايدىلىق.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا، كاللا ـ پاچاق، ئارپا، بۇغداي پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ سەزگۈرلۈكى نورماللىشىدۇ. ئەگەر بىماردا ھارارەت يۇقىرى بولسا، تامىقىغا ئۇسۇلك ئۇرۇقى، ئۇسۇلك غولى، سېمىزئوت غولى، كۆك يۇمغاقسۇت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە تازىلانغان بېلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن مېڭىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن ھالەتتە ئانار سۈيى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈشمۇ پايدىلىق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

① تاۋۇز سۈيى، خىيارشەنبەر سۈيى ھەر بىرى 1500 گرام، خەشخاش شەربىتى 48 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە ئىسپىغۇل شىرىسى يەتتە گرام، ئۆچكە سۈتى ۋە خەشخاش يېغى 12 گرامنى بىرلەشتۈرۈپ چېكىگە قويۇلىدۇ. ② نىلۇپەر شەربىتى ۋە خەشخاش شەربىتى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ③ تاباشىر ئىككى گرام، خەشخاش پوستى 484 مىللىگرام، جوز مۇراببىسى 12 گرام قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا، ئەينۇلا قايناتمىسى، شاھتەررە قايناتمىسى ياكى مائۇلجە-بىن بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 16. خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع حاريابس سادج

بۇ خىل باش ئاغرىقى قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ياكى تاشقى قۇرۇتقۇچى ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى ئامىللار مەسىلەن: ئوپ ئوتۇپ كېتىش، ئىسسىق ھاۋا تېگىپ قېلىش، ئىسسىق نەرسىلەرنى بەدەنگە كۆپ تېگىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ ياكى تەبىئىي ھالەتتە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ياشانغاندىكى سوغۇق مىزاجلىق بولۇپ قېلىش، سۇدىن بەك كۆپ ئېھتىيات قىلىپ كېتىش قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، سۈرگە دورىلىرىنى كۆپ ئىچىش ئارقىلىق بەدەندە سۇيۇقلۇق كۆپ چىقىپ كېتىش، بەزىدە ھۆللۈك تەركىبى ئاز بولغان غىزالارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. ئۇنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق داۋالاش لازىم.

1. بۇ خىل باش ئاغرىقىغا قارىتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. يەنى سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە نىلۇپەر شەربىتى، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى سۆگەت، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى كاسىنە، ئىسپىغۇل شىرىسى قاتارلىقلار ياكى خەش-خاش شەربىتى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، ئىسپىغۇل شىرىسى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى بېرىلىدۇ.

2. ئەگەر مىزاج ھارارەت تەرەپكە مايىلراق بولسا، سېمىزئوت شىرىسى، سىركەنجە-ۋىل رۇممانى، بىنەپشە شەربىتى ياكى ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ھۆل ـ سوغۇق ياغلار مەسىلەن: قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار بۇرۇن، قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ۋە باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە مەزكۇر ياغلار بىلەن كىندىك ئەتراپى نەمدىلىدۇ.

3. ئەگەر مىزاجىدا سوغۇقلۇق بولسا، كونا شاراپ دارچىن، ھەسەل، مائۇللەھمى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى كۆپرەك يېگۈزۈلىدۇ.

بىنەپشە يېغى بىلەن سېرىقچېچەك يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىترىفىل كەشنىز، خېمىرى خەشخاش سۇفۇپى ۋە زىمادى لوبۇب، رەۋغىنى مىنا قاتارلىق مۇرەككەپ دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

چاچنى چۇشۇرۇۋېتىپ، باشقا ئايال كىشىنىڭ سۈتى سۈۋىلىدۇ. بەزىلەر: «كونا

شاراپقا كۆپرەك سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ» دەپ ئېيتقان.

ئۇبدان تازىلانغان ئۇت ـ چۆپلەرنىڭ سىقىلغان سۇلىرى مەسىلەن: ئۇسۇڭ سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى قاتارلىقلار يالغۇز ياكى مۇرەككەپ هالدا ئەپيۇن ياكى ئىتياشقى يىلتىزى پوستى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ باشقا سۇۋۇلىدۇ.

باشقا قاپاق يېغى، بادام يېغى قاتارلىق ياغلارنى كۆپرەك سۇۋاش، ئىلمان سۇ بىلەن باشنى يۇيۇش پايدىلىق.

غەم ۋە ئەندىشە سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بىمارنى تاماقتىن كېيىن ئۇبدان ئۇخلىتىش ۋە بىنەپشە يېغى، قاپاق ئۇرۇقى يېغى، ئۈزۈم سۈيى قاتارلىقلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك.

5. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، قاپاق سېلىپ پىشۇرۇلغان ئارپا ئېشى ئىچكۈزۈلىدۇ. كاللا ـ پاچاق ۋە ئۇسۇڭ، سېمىزئوت قاتارلىقلارغا ئوخشاش هۆللۈك يەتكۈزگۈچى كۆكتاتلار بېرىلىدۇ. چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، گۆش بىلەن پىشۇرۇلغان نىشاستە، بادام يېغى، شېكەر بىلەن ياسالغان هالۋا، مائۇللەھمى قاتارلىقلارغا بىر نەچچە تېمىتىم رەيھان ئىچمىلىكى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 17. جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج صداع جماعي

جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىنكى باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى قۇرۇقلۇق ئېشىپ كەتكەنلىكتىن بولسا، مەنىي يۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن باش ئاغرىش پەيدا بولىدۇ.

1. ئەگەر بۇخارات سەۋەبىدىن بولسا، جىنسىي ئالاقە ۋاقتىدا بىر خىل قوزغىلىش شەكىللىنىپ، بۇس ـ بۇخاراتلار مېڭىگە ئۆرلەپ، باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېڭە ئاجىزلىقىدىنمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىش مەنىينىڭ كۆپلەپ چىقىپ كېتىپ قۇرۇقلۇق پەيدا بولغانلىقتىن بولسا ۋە بەدەن ئاجىزلىق ۋە جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىۋېتىشتىن ئاغرىق كۈچەيگەن بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە بىر ئاز ئىسسىقلىقى بار هۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سۈت، پاقلان گۆشى، كەكلىك، قوي گۆشى، قۇشقاچ گۆشى، ئالما، بېھى، سەۋزە ۋە چامغۇر بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى ئاقلانغان ماش بىلەن پىشۇرۇلغان سەۋزە نان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۆچكە سۈتى، گۈرۈچنىڭ شورپىسى، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، شېكەر، دارچىن بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا هايۋانلارنىڭ يىلىكى، كالا سۈتى ۋە مائۇللەھمى قاتارلىقلار بېرىلسە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقىغا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

سۆئلەپ مىسرى، سەۋزە ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، شاقاقۇللاردىن مۇۋاپىق ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ بېرىلىدۇ. سۇفۇپ قىلىنغان سۆئلەپ مىسرىدىن ئۈچ گرام 24 گرام بېھى مۇراببасى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئالتە دانە كۇمۇش ۋاراققا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ ئۈستىدىن ئالما شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى ھەر بىرى 24 گرام، ئادەتتىكى مائۇللەھمى 108 گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تاباشىر ئىككى گرام، ئامىلە مۇراببасى بىر دانە قاتارلىقلارنى بىر دانە كۇمۇش ۋاراققا ئوراپ ئەرقى بىدمىشكى 60 مىللىلىتىر بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

2. ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇنۇش، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلارنى باشقا سۇۋاش ۋە بۇرۇن قۇلاققا تېمىتىش، خۇش پۇراق مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە پۇرىتىش، باھنى ۋە رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدىغان لوبۇبلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئارام ئېلىش، خۇشال - خۇرام يۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

3. ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەدەندە بۇزۇق خىلتلار توپلىشىۋېلىپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋاقتىدا بۇ خىلتلار قوزغىلىپ باش ئاغرىقى پەيدا بولسا، قايسى خىلتنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، خىلت ئېتىبارى بويىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىش، خىلتلىق باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلەندۈرۈش ۋە بۇس - بۇخاراتنى توسۇش ئۈچۈن لوبۇبى سەغىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. گۈل يېغى، ئاس يېغى، سىركە ۋە گۇلاب باشقا سۇۋىلىدۇ. قىزىلگۈل، نامازشامگۈلى يوپۇرمىقى، نىلۇپەر، بابۇنە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ باش يۇيۇلىدۇ. ساپ قان پەيدا قىلىدىغان، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، مۇۋاپىق مىقداردا نەشپۈت، بېھى ئىستېمال قىلدۇرۇش، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ساقلىنىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

4. ئەگەر ياز پەسلى بولۇپ، بەدەن خىلتلاردىن پاك بولسا ۋە بىمار ياش بولسا، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە بۇرۇن بوشلۇقىنى گۈل يېغى بىلەن نەمدەپ پۇرىتىلىدۇ.

5. ئەگەر باش ئاغرىش نېرۋا ئاجىزلىقتىن بولغان بولسا، ياشانغانلار ۋە ئاجىز مىزاج كىشىلەردە بولغاندەك نېرۋا ۋە مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ ۋە گۈل يېغى، يەسمەن يېغىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۇۋىلىدۇ. بىمارنى خۇشال - خۇرام ئۆتتۈشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ھەسەلگە مۇۋاپىق مىقداردا مۇمىيا ئېزىپ بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنداقلا ھەسەل شەربىتى ۋە ئۇستقۇددۇس شەربىتىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن

پايدىلىق. ئوزۇقلاندۇرۇشتا خۇش پۇراق دورىلار بىلەن پاقلان گۆشى، كاۋاپ، بۇغداي ئۇنى نېنى، ئۇماچ قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قىزىلگۈل، نامازشامگۈل ۋە بابۇنە قايناتمىسىنى باشقا قۇيغاندىن كېيىن گۈل يېغىنى مۇۋاپىق مىقداردا سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا بىمارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن تېز ھەزىم بولىدىغان تائاملار بولۇشى كېرەك، يەنى كىچىك بېلىقنى بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ، سىركە بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم بېرىش ئارقىلىق مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ (مەشھۇر تېۋىپ مەسىھى).

6. ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەتتىن پەيدا بولغان باش ئاغرىش نېرۋا ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قەتئىي چەكلەش ۋە ياخشى ئارام ئالدۇرۇش كېرەك ۋە ئوزۇقلۇقى مول بولغان يېمەكلىكلەر مەسىلەن: ھالۋا، پاقلان گۆشى، ئوغلاق گۆشى، چۈجە گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە مېۋە شەربەتلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

7. ئەگەر باش ئاغرىشنىڭ سەۋەبى بۇس - بۇخارات بولسا، ئۇنى داۋالاشتا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

8. ئەگەر بەدەن خىلىتلاردىن تولۇق شەكىلدە پاك بولمىسا، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قەتئىي چەكلەش لازىم. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىش بىلەن ماددىلىق ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشنىڭ پەرقى ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىققا ئوخشاش ئاسانلا قان ئېلىشقا بولمايدۇ.

### 18. شاراپ ئىچكەندىن كېيىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

*علاج صداع خاری*

1. ئەگەر مىزاجدا ھارارەت بولمىسا، دەسلەپتە سىركەنجۇبىل ۋە ئىلمان سۇ بىلەن ياكى سىركەنجۇبىل ۋە ئارپا سۈيى بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتى، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار گۈلاب ۋە سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، سىركەنجۇبىل ۋە گۈلابلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن، شېكەر قومۇشى، لىموننىڭ سىقىلغان سۈيى، غورا شەربىتى قاتارلىقلاردىن بىرىنى تاللاپ، ئەرقى بىدمىشكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇز ياكى شوردا سۇۋۇتۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى زىرىق، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى ئەرقى بىدەمىشكى، ئەرقى زىرىشك ھەر بىرى 60 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسى چىقىرىپ ئۇنىڭغا 48 گرام تۇرۇنجى شەربىتى، 120 گرام سوغۇق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئۇنىڭدىن باشقا، تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ: شەربىتى لىمون، سىركەنجۇبىل، ئالما شەربىتى، غورا شەربىتى قاتارلىق ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى، سېسىق كېكىرىشنى توختاتقۇچى شەربەتلەر بۇ خىلدىكى باش

ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

لىمون سۈيى، شېكەر ۋە گۈلاب بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلسە، شاراپنىڭ خۇمارىنى چەكلەشتە ناھايىتى پايدىلىق.

3. ئەگەر قەي قىلدۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىسا، ھېلىلە چىلانمىسى ياكى سۇرگۇ دورىلار چىلانمىسى قاتارلىقلارنى ئەينۇلا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ياكى ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئىككى گرام سوقمۇنىيا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈل يېغى، يەسمەن يېغى، سىركە ھەر بىرى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ پېشانە ۋە چېكىلەرگە سۈۋىلىدۇ ۋە ياكى بۇ دورىلاردىن پۇرىتىلما تەييارلاپ پۇرىتىلىدۇ.

بىر ئىستاكان شاراپقا بىر ئىستاكان سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كىچىك تىلغا بادام يېغى سۈۋىلىدۇ.

4. ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقىدا بەلغەم خىلتىدا غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش بولسا سىركەنجۇبىل ھەسىلى ۋە تۇرۇپ سۈيى ياكى سېرىقچېچەك قايناتمىسى ئارقىلىق بىر نەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەستىكى، قۇرۇق پىننە، ئۇدغەرقى، لاچىندانە ھەر بىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، توققۇز گرام داۋامىشكى ھار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر دانە كۇمۇش ۋاراققا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بەدىيان توققۇز گرام، قاقىلە بەش دانە قاتارلىقلارنى ئەرقى كەيۇرە، ئەرقى لاچىندانە، ئەرقى پىننە ھەر بىرى 48 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ، ئۇنىڭغا ئۇد شەربىتى ۋە ئالما شەربىتى ھەر بىرى 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قول - پۇتنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش، دۈۋسۇن ساھەسىنى مۇجۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

5. ئەگەر قەي قىلغاندىن كېيىن يەنە قورساق ئېسىلسە، ئۈچ گرام غارىقۇن گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇستىدىن 48 گرام دىنار شەربىتى ۋە 250 مىللىلىتىر گۈلاب ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئايارەج پەيقىرا 3.5 گرام، مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇربۇت ۋە شەھمەنزەل قاتارلىقلارنى قوشۇپ مۇسھىلىنى كۈچلەندۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

6. بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە مېڭە ئاغرىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

### 19. پۇراش سېزىمى ئارقىلىق پەيدا بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج صداع شمي

1. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئىسسىق تەبىئەتلىك، خۇش پۇراق ياكى سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى پۇرىغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا سوغۇق تەبىئەت-

لىك خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر كېسەللىك ئىپار، زەپەر، ئەنبەر، ئۇد ھىندى، مەغەزگۇل قاتارلىق خۇش پۇراق دورىلارنى پۇراشتىن بولغان بولسا، كاپۇر، سەندەل، قىزىلگۇل، نىلۇپەر، بىنەپشە قاتارلىق دورىلار ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەر پۇرىتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك نەرسىلەرنىڭ پۇرىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى قۇرۇقلۇقىدىنمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى پەيدا بولسا، يۇقىرىقى سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى پۇرىتىشتىن باشقا ھۆل سوغۇق ياغلارمۇ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. مەسىلەن: قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار.

2. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى سوغۇقلۇق، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىغانلىق-تىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىسسىق تەبىئەتلىك يەنى ئىپار، زەپەر قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ ۋە ئىسسىق نەرسىلەرنى بېرىش، مۇنچىغا چۈشۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا سۆگەت شېخى يېغى مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە نورماللاشتۇرۇشتا بارلىق ياغلاردىن ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

3. ئادەم بەدىنىدە خۇش پۇراق ياكى سېسىق پۇراقلار تېز تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەزالار مېڭە، ئاشقازان، باليائقۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئەزا بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسى سېسىق پۇراقنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغاندا ئېغىر كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىش خەتىرى بولىدۇ. مەسىلەن: سېسىغان چەمسە (ئاياغ)، سېسىق تېرە ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەتلەرنىڭ سېسىق پۇراقلىرى بەزىدە مېڭىدە تارتىشىش (تەشەننۇج) پەيدا قىلىپ قويىدۇ ۋە مېڭە پەردىلىرىنى يىغىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇراش سېزىمىگە مۇناسىۋەتلىك باش ئاغرىقىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى داۋالاشتا قارىمۇ قارشى يەڭگىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى خۇش پۇراق نەرسىلەردىن پەيدا بولغان بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلمان سۇ بىلەن باشنى يۇيۇش لازىم ۋە داۋاملىق بۇرۇننى تازىلاپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاساسەن قارىمۇ قارشى بولغان نەرسى-لەرنى پۇرىتىش كېرەك. مەسىلەن: ئىپارنىڭ پۇرىقى زىيان قىلغان بولسا، كاپۇر پۇرىتى-لىدۇ، كاپۇرنىڭ پۇرىقى زىيان قىلغان بولسا، ئىپار پۇرىتىلىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقى سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى پۇراشتىن كېلىپ چىققان بولسا، مۇنچىغا چۈشۈرۈش، باشقا ئىلمان سۇنى بىر ھازاغىچە قۇيۇش، كونا سىركە ۋە ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ (تەبىرى).

### 20. ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع ضرب وسقطه تفرق اتصالى

ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ۋە پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇشنىڭ زەخىملىرى ۋە مېڭىنىڭ ئۆزىدە ياكى

ئۇنىڭ پەردىلىرىدە ياكى نېرۋا تومۇرلىرىدا ۋە ياكى باشنىڭ باشقا قىسىملىرىدا، باشقا مۇناسىۋەتلىك ئاشقازان، بالىياتقۇ قاتارلىق ئەزالاردا بولسا، بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

ئۇرۇلۇش ۋە يىقىلىش يەڭگىل بولسا، ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ. بەزىدە ئېغىر بولغان ئەھۋالدا قان بېسىمى ئۆرلەپ، قان بېسىمىنى چۈشۈرگىلى بولمىغان ئەھۋالدا كېسەللىك ئېغىرلاپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

1. داۋالاشتا كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاغرىق توختىتىش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن باشقا گۈل يېغى سۈۋۈلىدۇ، تازىلاش ياكى تەڭشەش چارىلىرى ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلىت نورماللاشتۇرۇلىدۇ.

2. ئىششىقنى ياندۇرۇش ۋە ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن ئارپا يارمىسى، نامازشامگۈل يوپۇرمىقى، گىل ئەرمىنى، مامشا، نوقۇت يارمىسى، رۇسۇت مەككى، ئاقاقىيا، سەندەل قاتارلىقلارنى پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ۋە گۈل يېغى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

3. بۇ ھەقتە ئۇلۇۋخان «نامازشامگۈل يوپۇرمىقى، گۈل سەۋسەن، ئىكلىلمىلىك، گىل ئەرمىنى، قەسبۇزىرە، زەمچە، گۈل يېغى ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىقلار قائىدە بويىچە يەرلىك ئورۇنغا سۈۋۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

4. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

1) يەرلىك ئورۇن (بىلەك، يوتىلار) مۇستەھكەم باغلىنىدۇ. پاچاق، ئالىقانغا نەشتەرسىز لوڭقا قويۇلىدۇ.

2) چىلان، بىنەپشە، قۇرۇق ئۈزۈم، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، شىرخىست قايناتـ مىسى بىلەن تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ.

3) ئەگەر بىمار ھوشسىز بولسا، ئەڭ ياخشىسى بىمار ھوشىغا كەلگۈچە يەڭگىل چارىلىرىنى قوللىنىش ئىششىق ياندۇرۇش ۋە قىزىتما پەسەيتىش ئۈچۈن ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى ئەبرىشىم سادىدە، ئەرقى شوخلا ھەر بىرى 60 مىللىلىتىر، بىنەپشە شەربىتى ئۈچ گرام بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا پۇرچاق ئۇنى، پالەك بىلەن نان بېرىش ياكى پەقەت ئارپا سۇيىلا بېرىلىدۇ.

4) ئەگەر زەخمىمۇ بولسا، ئۇنىڭ ئېغىزنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مەلھەم ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر چىڭقىلىش، ئاغرىش، چوقۇلۇپ ئاغرىش ۋە چاپاق ئېقىش بولسا، بۇ مېڭىنىڭ ئوتتۇرا پەردىلىرىدە زەخمە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل كېسەلنى داۋالاش قىيىنراق بولۇپ، مېڭىنىڭ جەۋھىرىگە زەخمە يەتكەندە تەشۋىشلىنىش، پاراكەندە بولۇش، قورقۇنچ ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بۇرۇندىن سېرىقلۇق ئېقىشقا باشلايدۇ. سەزگۈرلۈك

بۇزۇلىدۇ. مۇنداق زەخمىدە كۆپىنچە بىمار ساقىيالمايدۇ.
بۇ توغرىسىدا مۇھەممەت زىكرىيارازى «يارىلانغان ئورۇننى شاراپ بىلەن يۇيۇپ، سەبرە ۋە خۇنسىياۋشان سېپىپ تېڭىپ قويۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىكنى داۋالاش توغرۇلۇق جاراھەت ۋە سۆڭەك كېسەللىكلىرى بابىدا ئايرىم توختىلىمىز.

## 21. مېڭە سىلكىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع ترعزعي

بۇ خىل باش ئاغرىقى قاتتىق ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن، مېڭىگە زەخمە يېتىپ پەيدا بولىدىغان باش ئاغرىقى بولۇپ، ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك ماددىسىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن سۇزۇلدۇرۇلگەن كاسىنە سۈيى، خىيارشەنبەر ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك سۇرگە دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.
ئەگەر قىزىتما بولمىسا، ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى قوقىيا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەندەل، فۇپەل، گىل ئەرمىنى، رەۋەن چىنى، ئارپا يارمىسى، لوبىيا ئۇنى قاتارلىقلار يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلەندۈرگۈچى زىمادلار ئىشلىتىلىدۇ.
ئەگەر باشتا ئىششىق بولسا، ئەمما قىزىتما بولمىسا، ئانارگۈلى، نوقۇت، ئانار پوستى، قىزىلگۈل، نامازشامگۈلى، قەسبۇزەرىرە، زەمچە قاتارلىقلار قائىدە بويىچە يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ.
ئەگەر مېڭىگە زەربە تەگكەن ۋە قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەن بولسا، ئالتە گرام ئۇستۇقۇددۇسنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلاب ياكى ئەنسىل شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يىلىكى ۋە مېڭىسىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر ئاز ئاچچىق ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان نازۇك يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.
بىمارنى يۇمشاق كۆرپىدە ياتقۇزۇپ ئوبدان ئارام ئالدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش شوك (سەكتە) كېسىلىنى داۋالاشقا ئوخشايدۇ. شۇڭا، شوك كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان چارىلەر تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

## 22. ئۇيقۇدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع نومي

بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىغا قارىتا دەسلەپتە قايسى خىلتنىڭ غالىبلىقى ئېنىقلىنىدۇ، خىلت ئېتىبارى بىلەن بەدەن، مېڭە تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاج تەڭشىلىدۇ

ۋە مېڭىنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ. ئىسسىق كۆلنى سىركىگە چىلاپ پېشانە ۋە چېكىلەرگە سۈۋاش ناھايىتى پايدىلىق. ئاغرىق پەسەيتكۈچى نەرسىلەردىن بىرەرسىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاغرىق پەسەيتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا سۈت، بېلىق، تۇخۇم، ھەر خىل مېۋىلەر، كۆكتاتلار قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش ۋە تاماق يەپ بولۇپلا ئۇخلىماسلىق لازىم.

## 23. مەددە قۇرتتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع دودی

بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاشتا دەسلەپتە بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى ئىستەمخىقۇن ۋە ياكى ھەببى قوقىيا بىلەن بىرگە بېرىلىپ مېڭە تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە بىرنەچچە قېتىم بۇرۇنغا ئايارەج پەيقىرا تارتقۇزۇلىدۇ ۋە شاپتۇل شېخىنىڭ سۈيى، ئۇجمە يىلتىزى سۈيى، سەبرە، مەتبۇخى ئەپسەنتىن، غاپەس قاتارلىق قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن بۇرۇنغا تارتىش دورىسى ۋە چۈشكۈرتۈش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئىلاقى دېگەن ھۆكۇما بۇ كېسەللىك توغرىسىدا «سەبرىنى چىلاپ ئىچكۈزۈش ۋە بۇرۇنغا تارتقۇزۇش ۋە چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈش — بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

## 24. باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع شرکی

شېرىكى باش ئاغرىقى ئادەتتە مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئەزانىڭ كېسەللىكىنىڭ باش ۋە مېڭىگە تەسىر قىلغانلىقىدىن بولىدۇ.

مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك ئەزالار كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان باش ئاغرىقى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئەزالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشقازان، بالىياتقۇ، ئۈرۈقدان، دىئافراگما ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شىللىق پەردىلەر، قورساق پەردىسى، جىگەر، تال، ئۆت، بۆرەك، سۈيدۈكلۈك، ئېغىزمان، يوتا، تاپان قاتارلىقلار.

بۇ خىل باش ئاغرىقنى داۋالاشتا كېسەللەنگەن ئەزادىكى كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ۋە مىزاجنى تەڭشەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش، مېڭىنى كۆچلەندۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

1. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئىسسىق بولسا، گۈل يېغى ۋە سىركىگە ئوخشاش

سوغۇق تەبىئەتلىك كۆچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.
2. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت سوغۇق بولسا، دەسلەپتە ئىسسىق تەبىئەتلىك كۆچلەندۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن بابۇنە يېغى ۋە يەسمەن يېغى قاتارلىقلار بىلەن مېڭە كۆچلەندۈرۈلىدۇ ياكى ئۇستقۇددۇس، گاۋزىبان، لاچىندانە ھىندى، ئەفتىمۇن قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنى تازىلاپ ۋە تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، باش ئاغرىقى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كېسەللىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ غەيرىي تەبىئىي خىلىتىغا قارىتا داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## 25. ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع معدى

ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاشتا يېمەك - ئىچمەكنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىتنىڭ ئەكسىچە خىلىت پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقى ئاشقازاندا بۇزۇق خىلىتلار توپلىنىشۋالغان سەۋەبتىن بولسا، ئۇ تازىلىنىدۇ. ھەرقايسى خىلىتنى تازىلاشتا ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن قائىدىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق داۋالاش كېرەك.

1. ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتى بولسا، قەي قىلدۇرۇش ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق خىلىت تازىلىنىدۇ. كېيىن مېڭىنى تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈل يېغى، ئامىلە يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا بېلىق ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن، سىركەنجۇبىل ۋە قوغۇن غولىنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

2. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

1) ئاچچىق ئانار سۈيى، غورا سۈيى، غورا شەربىتى، ناخۇش ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى، رەۋەن شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرىگە 3 ~ 4 چىشلەم نان چۆكۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئالما، بېھى قاتارلىق قابىز مېۋىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. گۈل يېغى، سىركە ۋە گۈلابنى بىرلەشتۈرۈپ سۈۋاش بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

2) غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن نۇقۇئى ھامىز، مەتبۇخى پەۋاكىھ، مەتبۇخى ئەينۇلا، تەرەنجىبىن، ئەينۇلا شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى قاتارلىقلار تاللاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن چۇچۇمەل بېھى قىيامى، ئانار قىيامى، غورا قىيامى بىلەن ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

3) تەرخەمەك، ئاق ۋە قىزىل سەندەللەر، گۈلاب، گۈل يېغى، ئايالارنىڭ سۈتى،

سىركە قاتارلىق سوغۇق نەرسىلەر قائىدە بويىچە پۈرتىلىدۇ.
4) بىنەپشە يېغى، نېلۇپەر يېغى، بادام يېغى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك زىمادلار قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقى سەپرا خىلتى تولىشىۋالغانلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ھەر كۈنى ئاغرىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى تاماق يەۋېلىش كېرەك ۋە بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا تاماقتىن ئىلگىرى ئىلمان سۇ ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.
ئەگەر بىمار ئاسان قەي قىلالمىسا، تاماقنى ئىتتىك بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاشقازاندا سەپرا تولىشىۋالمايدۇ.
3. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئادەتتىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق ساقايمىسا، ئەپسەنتىن رۇمى 24 گرام، قىزىلگۈل 18 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قامغاق ئىككى ۋاخ ھەر بىرى 12 گرام، شاھتەررە، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرى 36 گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 72 گرام قاتارلىق دورىلارنى 3000 مىللىلىتىر سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، بوتۇلكىغا قاچىلاپ قويۇپ، كۈندۈزى ئاپتاپتا، كېچىسى ئىسسىق جايغا قويۇپ، ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ 125 گرام ئېلىپ، سەبرە، كەتىرا، بادام يېغى ھەر بىرى ئىككى گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇشۇ قائىدە بىلەن 3 ~ 5 كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يەنە سىركەنجۇبىل ۋە سەبرىمۇ بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.
4. كېسەل پەيدا قىلغۇچى ماددا ئەگەر غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى بولسا، سېرىقچېچەك، تۇرۇپ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قايناتمىسىدا سىركەنجۇبىل ئەسلى ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر تۇرۇپ يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېرىقچېچەك بىلەن پىشۇرۇلغان كاللا - پاچاق شورپىسى بېرىپ قەي قىلدۇرۇلسا ئىنتايىن پايدىلىق. قەي قىلىپ بولغاندىن كېيىن گۈلقەنت، ھېلىلە مۇرابباسى قاتارلىق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
ئەگەر قەي ئارقىلىق ئاغرىق توختىمىسا، ماددىنى پىشۇرۇش ئارقىلىق سۈيۈلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ھەببى ئايارەج بېرىلىدۇ ۋە ياكى گۈلقەنت بىلەن ھەببى ئايارەج بېرىلسىمۇ بولىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ۋە ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە باش ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. گۈل يېغى ئىلمان ھالەتتە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، چۈجە گۆشى، كەپتەر باچكىسىغا ئوخشاش سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.
5. ئەگەر باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى ئاشقازانغا بەلغەم خاراكتېرلىك سوغۇق خىلتلار تولىشىۋېلىشتىن بولسا كۈچلۈكرەك قەي قىلدۇرغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن باش ئاغرىقى يوقالمىسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن چوڭ

نۇسخىلىق ئاپارەجلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھالۋا بېرىلىدۇ ۋە ئۇن كۆنگىچە چايناپ يەيدىغان نەرسىلەر بېرىلمەيدۇ. بىراق ياز ۋاقتىدا ھاۋا ساپ ۋاقىتلاردا تاماق بېرىلىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىش ئاشقازاندا ئارتۇق بەلغەم خىلتى توپلىنىشۋالغان سەۋەبلىك بولغان بولسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ: توغرالغان تۇرۇپنى سىركەنجىۋىل ھەسەلگە چىلاپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇستىدىن سېرىقچېچەك سۈيى ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىمارغا بىر سائەتكىچە سۇ ئىچكۈزۈلمەيدۇ. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە تۇرۇپ ۋە سېرىقچېچەك قايناتقان سۇغا سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ، يەنە بىر قېتىم قەي قىلدۇرۇلىدۇ ياكى قەي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ: يەنى تۇرۇپ ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، زاغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق سۇ بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۇخۇننىڭ قانات پېيىنى كۈنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن نەمدەپ، ئۇ ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مائۇلھەسەل ياكى ھەسەل شارابى سوغۇق سۇ بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ياكى ناھايىتى ئاز مىقداردا رەيھان شارابى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

6. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ:

① ھەببى ئاپارەج ۋە ھەببى قوقىيامۇ بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق. شۇنداقلا ئىككى گرام ئاپارەج پەيقىرانى يەتتە گرام ئىترىفىل سەغرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ② ھەببى سەبرە 4.5 گرامدىن ئۈچ كۈنگىچە ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى ھەببى زەھەب توققۇز گرام يۇقىرىقى قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، ئاشقازاندىكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇنداق تەدبىرلەر بىلەن ئاغرىق يوقالمىسا ۋە سوزۇلما بولۇپ قالغان بولسا ئاپارەج لوغازىيا ۋە مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ③ كەرەپشە يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزى ھەر بىرى 24 گرام مەستىكى، سۇمبۇل تىپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇم بەدىيان ھەر بىرى يەتتە گرام، ئاسارۇن، ھەببى بىلسان ھەر بىرى 6.5 گرام، سەلىخە، ئۇد بىلسان، قىزىلگۈل ھەر بىرى 14 گرام، ئاقىرقەرھا 3.5 گرام، ئەپسەنتىن 18 گرام قاتارلىقلارنى 3000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن سۇس ئوتتا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۈچ كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، ئۇنىڭدىن 72 گرام ئېلىپ، 3.5 گرام سەبرە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تامىقىغا ئۆچكە گۆشى شورپىسى ياكى نوقۇت بىلەن پىشۇرۇلغان كەپتەر باچكىسى شورپىسى قاتار-لىقلارغا ئوخشاش سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ ۋە بىمارنىڭ كۆكرىكىگە ئىسسىتقۇچى دورىلار تېڭىلىدۇ. پىلپىل، سەبرە، زىرە، سىيادان قاتارلىقلار بىلەن چۈشكۈرۈلىدۇ.

بۇرۇنغا چامغۇر، مەرزەنجۇش، پىننىلەرنىڭ سۇلىرى تېمىتىلىدۇ. ④ بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاشتا ئەك دەسلەپتە مۇۋاپىق تەدبىرلەر ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە خۇش پۇراق دورىلارنى كۆيدۈرۈپ، بۇرۇنغا تارتىپ مېڭە كۆچلەندۈرۈلىدۇ. ئەمما قەي بىلەن باش ئاغرىش يوقالمىسا، سانا 18 گرام، هۆلبە، زىغىر هەر بىرى 36 گرام، چىلان، سەرپىستان، ئەنجۇر هەر بىرى 20 دانە، ئاق لەيلى 7.5 گرام، ئوغرىتىكەن، بابۇنە، سېرىقچېچەك هەر بىرى 24 گرام، بىنەپشە، نىلۇپەر هەر بىرى 7.5 گرام ئېلىپ، ئاق لەيلىنى بىر داكىغا سېلىپ ئېغىزى بوغۇلىدۇ. بارلىق دورىلارنى 3000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ 2000 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئاق توغرىغۇ 3.5 گرام، ئاش تۇزى بەش گرام، هەسەل، ئاچچىقسۇ، كۇنجۇت يېغى هەر بىرى 36 گرام قاتارلىقلار-نى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ يەنە قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەي بىلەن بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ساقايمىسا، ئايارەج جالىنۇس ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بىراق مەتبۇخى ئەفتىمۇن يۇقىرىقىدىنمۇ ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ. گۆش-گۆرت، قۇندۇز قەهرى، ھەببۇلغار قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كالا يېغى ۋە گۈل يېغى بىلەن ياغلاپ باشقا سۈۋىسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناهايىتى پايدىلىق.

7. ئەگەر سەۋەبچى خىلىت سەۋدا خىلتى بولسا قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە سەۋدانىڭ پىشۇرغۇچى ۋە سۈرۈپ چىقارغۇچى دورىلىرى بېرىلىدۇ. قەي قىلدۇرۇشتا ئاق خەربەق، تۇرۇپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غولىنى ئېلىۋېتىپ، ئۈچ كۇنگىچە قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خەربەقنى سۇغا چىلاپ، تۇرۇپنى توغراپ، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قىزىل لوبىيا قاتارلىقلا-ر بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تۇز، سېرىق تۇربۇت هەر بىرى 3.5 گرام، قىچا 1.5 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ هەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، قىزىل لوبىيا قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن ئېزىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن داۋائى مىشكى هار ۋە داۋائى مىشكى مۆتىدىل، مۇپەررىھاتلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلەر سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە مالىخولىيا كېسەللىكلىرىدىن ئېلىنسا بولىدۇ.

8. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىغا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلى-دۇ. ① بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىدا بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك. ② ئەگەر قەي ئارقىلىق تولۇق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمىسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مەتبۇخى غارىقۇن، هەببى ئۇستىقۇددۇس ياكى نوقۇئى سەبرىگە قارا خەربەق ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، پاقلان گۆشى شورپىسى، سېمىز چۈجە گۆشى، يۇمشاق ئۇنىنىڭ نېنى، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم،

بادام مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، قۇرۇق ئەنجۈر، يۇمغاقسۈت، بۇغداي ئۇنى ۋە بادام يېغى بىلەن ئېتىلگەن ھالۋا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ③ ھارارىتى نورمال، سۈيى تاتلىق بولغان سۇدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە ھەر كۈنى 4.5 گرام ئەفتىمۇننى يۇمشاق سوقۇپ، 48 گرام سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئاشقازانغا سەۋدا خىلتى كۆپلەپ توپلىشىۋېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قايناق سۇغا يۇيۇلغان لاجۇۋەرد، خەربەق سىياھ قاتارلىقلارنىڭ تالقىنىنى قوشۇپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇپ ئاشقازان ئېغىزى تازىلىنىدۇ ۋە يەتتە گرام بادرەنجى بۇيىنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا 36 گرام شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەببى ئەفتىمۇن ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىلسىمۇ بولىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەغەزگۇل، يەسمەن گۈلى، ئەنبەرگە ئوخشاش ھۆل ئىسسىق خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ، مەرزەنجۇش سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىپ چۈشكۈرتۈلىدۇ.

9. ئەگەر بۇ باش ئاغرىقى ئاشقازاننىڭ يەلدىن بولغان كېسەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئالدى بىلەن قەي قىلدۇرۇپ ئاشقازان تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنەكپېتى يېغى بىلەن باشقا سۈرگە دورىلىرى بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا ئىنەكپېتى يېغى بېرىشكە بولمىسا، ئورنىغا كونا زەيتۇن يېغى بېرىلىدۇ ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان يىلتىزى، ئىزخىر يىلتىزى، جۇۋنە، مەستىكى ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، توققۇز گرام ئاچچىق بادام يېغى ۋە بەش گرام تاتلىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جاۋارىش كۈمۈنى، جاۋارىش پۇدىنە ۋە جاۋارىش كاسىرۇلرىياھ قاتارلىق دورىلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

10. كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاشتىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاس يېغى، لادىن يېغى، سەۋسەن يېغى، سۇمبۇل سۈيى، سۆئتەر سۈيى قاتارلىقلار ۋە قابىزلىق، قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار بېرىلسە بولىدۇ. بۇ كېسەللىككە خىلتلىق يەلدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

11. ئەگەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىكى بۇخاراتنىڭ مېڭىگە ئۆرلىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسىگە ئەرقى شاھتەررە ئارىلاشتۇرۇپ قەنت سېلىپ، ئىترىفىل كەشنىز بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇخاراتنى توسۇش ئۈچۈن ئالما، بېھى، ئۈزۈم، سۇماق ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئىسپىغۇل شىرىسىنى شېكەر بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇش، قول - پۇتنى ئىسسىق سۇغا چۆكۈرۈش، بىنەپشە شەربىتى، ھۇمماز شەربىتى، لىمون شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى قاتارلىق شەربەتلەرنى ئىسپىغۇل

شىرىسى بىلەن ئىچكۈزۈش، ناننى سىركىگە چۆكۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئاغرىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانارلارنىڭ سۇلىرى بىلەن ياكى مەيخۇش ئانارنىڭ سۈيى بىلەن ئازراق نان بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رەۋەن، غورا، ئالما، بېھى، ئانار قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىپ ئېلىنغان قىيامى (رۇببىسى) نى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ھۆل ۋە سوغۇق خۇش پۇراق جايلاردا ئارام ئالدۇرۇش، تاماق ئوبدان سىڭگەندىن كېيىن سىڭىشلىق بولغان تاماقلارنى يېيىش قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلەر بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

12. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاغرىق توختىمىسا، داسلىق مۇنچىغا 2 ~ 3 سائەت چۈشۈرۈلىدۇ ۋە باش بىر ھازاغىچە ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن دەرھال قول ـ پۇتقا سوغۇق سۇ قۇيۇپ يۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئارقىلىقمۇ باش ئاغرىقى يوقالمىسا، ھەرقانداق خىلىت ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ شۇ خىلىتقا مۇناسىپ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

13. باش ئاغرىش ئاشقازاندا توختاپ قالغان خىلىتلاردىن پەيدا بولغان گاز سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مەخسۇس شۇ خىلىتنى تازىلايدىغان دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقايمىسا نۇقۇئى ئايارەج ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كەرەپشە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، ئىزخىر ھەر بىرى 36 گرام، تاغ پىنىنىسى، زىراۋەندە مۇدەھرەج، خوخا تىكەن ھەر بىرى 18 گرام، قارا ھېلىلە، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرى 18 گرام، سەلىخە، جۇۋىنە، قەسبۇزەرىرە ھەر بىرى 10.5 گرام، سۇمبۇل تىپ يەتتە گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 108 گرام قاتارلىقلارنى 3000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قايىنتىپ، ئوتتىن ئېلىپ سۈزۈپ، سۈيىگە 36 گرام ئايارەج پەيقىرا ئارىلاشتۇرۇپ، بوتۇلكىغا قۇيۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەر كۈنى 36 ~ 72 گرام ئېلىپ، 12 گرام ئىنەكپىتى يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەجۇنات دورىلار ئىشلىتىش كېرەك، يەنى تەرياقى كەبىر، داۋائى مىشكى تەلىخ، داۋامىشكى شېرىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

14. ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقى ئاشقازان ئېغىزى ئاجىزلاشقانلىقتىن بولسا، ھەر كۈنى ئەتىگەن غورا سۈيى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ سۈيىگە بىرنەچچە چىشلەم نان چۆكۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ناننىڭ يۇمشىقىنى ۋە ياكى بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلگەن هالۋىنى ئانار ئۇرۇقى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن چۇچۇمەللەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر چۇچۇمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارالسا، گۈلابقا نان چۆكۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە بۇ تەدبىر بىرنەچچە كۈن قوللىنىلغاندىن كېيىن ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

تاماق ئوبدان ھەزىم بولغاندىن كېيىن قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەر-

نى مەسىلەن: بىرنەچچە چىشلەم نان ياكى ئالما، نەشپۈت، بىھى قاتارلىق مېۋىلەر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان مىزاجى بەك ئىسسىق بولسا، ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

15. ئەگەر ئاشقازان هارارىتى هەددىدىن زىيادە بەك ئىسسىق بولسا خەشخاش شەربىتى ۋە ئۇسۇك شىرىسى بېرىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تامىقىغا سۇماق بىلەن پىشۇرۇلغان كاللا ـ پاچاق، يىلىك، گۆش بىلەن پىشۇرۇلغان ئارپا ئېشى، هالۋا ۋە تازىلانغان بېلىق بېرىش لازىم. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىش بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشاق بولۇپ، كۈنىگە 5 ~ 6 قېتىم كەلسە بۇنداق ئەھۋالدا تاباشىر، لاچىندانە ئۇرۇقى، كۆل قاشتېشى ھەر بىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە ئامىلە مۇراببasى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى سەندەل، ئەرقى كاسىنە ھەر بىرى 60 مىللىلىتىر قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ گرام قورۇلغان بىھى ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ شىرىسىنى چىقىرىپ ئېلىپ، بىھى شەربىتى ۋە بۇزۇرى شەربىتى ھەر بىرىدىن 12 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلاپ كېتىش بىلەن بىرگە ئاشقازان سوۋۇپ كەتكەن بولسا، سۇمبۇل شەربىتى بېرىلىدۇ. بەرگى تەنبۇل چايناش ناھايىتى پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا بۇنداق ئەھۋالدا ئايارەج پەيقرا ۋە گۈلقەنت بىلەن تەبئەتنى يۇمشىتىش ۋە ھەپتىدە بىر قېتىم ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا 4.5 گرام مەستىكىگە توققۇز گرام شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## 26. جىگەر ئۇچەي شىرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع كبدى و معوى

1. باش ئاغرىش جىگەرگە مۇناسىۋەتلىك ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىدىن بولغان بولسا، كېسەللىك قوزغىلىش ۋە كۆپىيىش ۋاقتىدا ئانار، غورا، ئانار ئۇرۇقى، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭ سۈيى ياكى سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئەتىگەن ناشتىدىن بۇرۇن سوغۇق سۇ ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇخاراتنى توختىتىش ئۈچۈن ناننى سىركىگە چۆكۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان مېڭە ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. خىلىت ئېتىبارى بويىچە جىگەرنىڭ ئۇدۇلىغا دورا تېڭىلىدۇ.

2. قورساق پەردىسىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

بۇنىڭغا قارىتا مالىخۇلىيا مىراقىنىڭ بايانىدا قوللىنىلغان تەدبىر قوللىنىلىدۇ ۋە ئەرقى بىھى ساددىگە چىلان چىلاپ قويۇپ، يۇمشىغاندىن كېيىن ئېزىپ، ئۇنىڭغا ئالتە گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى، تۆت گرام خەشخاش سېلىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۈستىگە 0.5 گرام تالقان قىلىنغان تاباشىر سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە سېمىزئوت ۋە خەشخاشنىڭ ئورنىغا ئۇسۇك ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى

شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاغرىق ئېغىرلاشقاندا چىلان چىلاشىنىڭ ئورنىغا چىلان شەربىتى ۋە بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى ئىشلىتىلىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۇچۇن ئەينۇلا، چىلان، قارا ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈم قاتارلىقلارنى قايناق سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭغا 72 گرام خىيارشەنبەر، 48 گرام تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ، تەمى چىققاندا سۈزۈپ، ئالتە گرام بادام يېغى قويۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاغرىق توختىتىش ۋە تازىلاشتىن كېيىن مېڭە ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

3. باشقا ئەزالاردىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

ئۈچەي، قول ـ پۇت ۋە باشقا ئەزالار سەۋەبچىلىكىدە باش ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. ئۇنى داۋالاش مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر بايانىدا سۆزلەندى.

4. ئاشقازان ۋە ئۈچەي مەددە قۇرتلىرى سەۋەبىدىن باش ئاغرىش پەيدا بولغان بولسا، ھەببى سالاتىن ۋە ئەپسەنتىن تۆت گرام، شاھتەررە، بادرەنجى بۇيا، بەرەنگى كابىلى، يەرلىك شوخلا ھەر بىرى توققۇز گرام، سانا 18 گرام، سېرىق ھېلىلە پوستى، قارا ھېلىلە ھەر بىرى 24 گرام، ھەسەل گۈلقەنتى 48 گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا يەتتە گرام ئاچچىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈشلۈكى نوقۇت شورپىسى بېرىلىدۇ. كەچلىكى كالا يېغى شورپىسى بىلەن نان بېرىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مۇقەل بىر گرام، مەستىكى ئىككى گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە ھېلىلە مۇرابباسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇستىدىن ئەرقى ئەپسەنتىن، ئەرقى ئىزخىر، ئەرقى شاھتەررە ھەر بىرىدىن 72 گرام ئېلىپ، قارا زىرە، رۇم بەدىيان ھەر بىرى تۆت گرام، بەدىيان، سۆئتەر ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ ۋە تۆت گرام گاۋزىباننىڭ شىرىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەپسەنتىن شەربىتىدىن 36 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە يەتتە گرام ھەببى رىشاد سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنداقلا 3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن بۇخاراتنى توسۇش ۋە قورساقتىكى مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرۈش ئۇچۇن ئىترىفىل قەمبىل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى چۈشۈرۈش ئۇچۇن قەمبىل، ئانار يىلتىزى پوستى، ئاچچىق ئانار ئۈرۈكى ھەربىرى 6.5 گرام، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈم، بادام مېغىزىنى دورىلارنىڭ يېرىم ھەسسىسىچىلىك ئېلىپ سوقۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن تاماقتىن ئىلگىرى 12 گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدا ئەسلىي ۋە شىركە باش ئاغرىقى كېسەللىكلىرىنىڭ بارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىندى. تۆۋەندە قوشۇمچە باش ئاغرىش كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئەسلىي كېسەللىكنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ سۆزلىنىدۇ.

## 27. نەزلە سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع نزلی

نەزلە بىلەن بىللە بولغان باش ئاغرىقىدا ياغلاش، دورا سۈركەش، دورا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش توغرا ئەمەس، بەلكى بۇنداق باش ئاغرىقىدا پۇنۇس، خىيارشەنبەر، مېۋە سۈلىرى ۋە بىنەپشە ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاشقا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى باش تەرەپتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قول - پۇتنى باغلاش ۋە مۇجۇش، ئىسسىق سۇ بىلەن تىزنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ يۇيۇش لازىم.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى داۋالاش بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنۈپ بايان قىلىنىدۇ:

1. ئىسسىق نەزلە سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

بۇنىڭدا بەدەن خىلىتلارغا توشۇپ كەتكەن بولسا، مۇكەممەل پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سەپرا خىلىتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ ۋە ھەببى ھېلىلە بىلەن بەدەن ۋە باش تازىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىسسىقتىن بولغان نەزلە ۋە زۇكامنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن چارە - تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىلان بەش دانە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، گۈل بىنەپشە ئالتە گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ قايىنىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا قەنت سېلىپ، 12 گرام ئىترىفىل كەشنىز بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنىڭ ئورنىغا بېھى ئۇرۇقى سېلىنىدۇ. چىلان، ئوسۇك ئۇرۇقى ياكى كاسنە ئۇرۇقىنى ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، سۈزۈپ قەنت سېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ھېلىلە مۇراببासى ياكى ئىترىفىل كەشنىز بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ۋە گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، كۆكنار ھەر بىرى 12 گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ ھورلاندۇرۇلىدۇ. نەزلىنى توسۇش ئۈچۈن بەلنىڭ ئاستىنى مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى قايىنىتىپ يۇيۇلىدۇ ۋە سوغۇقلۇق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

1) ئەگەر باش ئاغرىقى بىلەن بىرگە ئىككى بىلەكتە ئاغرىش ۋە ئېچىشىش مەلۇم بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا خىلىت پىشۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە بېرىلىدۇ. يەنى پىشۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك شوخلا، گۈل بىنەپشە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، چىلان، سەرپىستان، گاۋزىبان، پىرسىياۋشان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن يۇقىرىقى نۇسخىغا قىزىلگۈل، سانا قوشۇپ قايىنىتىپ، سۈزۈپ، خىيارشەنبەر شىرىسى، گۈلقەنت ۋە بادام مېغىزى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر خىيارشەنبەرنى ئىچەلمىسە، خىيارشەنبەرنىڭ ئورنىغا سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە، ئاق تۇربۇت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

2) سۈرگىدىن كېيىن چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار

ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان ھەممىسىنى بىرلەشتۇرۇپ قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەنمۇ نەزلە توختىمىسا، مەزكۇر نۇسخا بىلەن خېمىرى خەشخاش ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3) يۆتەل پەيسەتىش ئۈچۈن لوئوقى مۆتىدىل يالغۇز ياكى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، سۈزۈپ، قەنت سېلىپ بىرگە بېرىلىدۇ.

4) ئەگەر باش ئاغرىش بىلەن بىرگە كۆزدىمۇ قاتتىق ئاغرىق بولسا، بېھى ئۇرۇقى ۋە چىلاننى سۇدا قايىنتىپ، بىنەپشە شەربىتى ۋە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن قۇرسى مۇسەللەسنى قايناق سۇدا ئېرىتىپ چېكىگە سۈۋىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بەلنىڭ ئاستى يۇيۇلىدۇ.

5) باشقا تەدبىرلەرنى ئىسسىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش بابىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

6) ئەگەر مۇرەككەپلەشكەن نەزلە بىلەن بىرگە بولسا، ئۇستقۇددۇس ۋە نېلۇپەردىن ھەر بىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ قايىنتىپ، سۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا بىنەپشە شەربىتى ۋە تۆت گرام قەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ تۆت گرام گۈل بىنەپشە قوشسىمۇ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەربەتنىڭ ئورنىغا ئاق قەنت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بەزىدە بۇ نۇسخىغا قوشۇپ ئىترىفىل كەشنىز بېرىلىدۇ.

ئەگەر باش ساھەسىگە بىرەر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولسا، يۇقىرىقى نۇسخىغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ شىرىسى قوشۇلىدۇ.

7) سۈرگە بېرىش زۆرۈر بولغاندا ئۇستقۇددۇس، گاۋزىبان، شاھتەررە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، گۈل بىنەپشە، پىرسىياۋشان ھەر بىرى تۆت گرام، چىلان بەش دانە قاتارلىقلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

8) ئەگەر كېسەللىك ماددىسى پىشقاندىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن ھازىرقى نۇسخىغا سانائى مەككى، پۇنۇس، خىيارشەنبەر، گۈلقەنت، سېرىق ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى ھەر بىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زۇكام ۋە نەزلە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

2. سوغۇق نەزلە سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

1) ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقىدا بۇخارات بولسا، گاۋزىبان بەش گرام، گاۋزىبان گۈلى ئۈچ گرام، پىرسىياۋشان يەتتە گرام، زەپەر 0.5 گرام، كۆكنار 250 مىللىگرام، قەنت 12 گرام قاتارلىقلارنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن قايىنتىپ، ئۇستىگە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2) ئەپيۇن، زەپەر، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل ھەر بىرىنى بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سەمغى ئەرەبى سۈيى ئارقىلىق مەلھەم تەييارلاپ، بىر پارچە قەغەزگە سۈۋاپ، ئۇنىڭدىن بىر دانە تۇشۇك ئېچىپ چېكىگە چاپلىنىدۇ ۋە قائىدە بويىچە بەلنىڭ ئاستى تەرىپى يۆگىلىدۇ.

3) ئەگەر مىڭە ئاجىزلىقى بولسا بىر گرام دارچىننى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام ئىترىفىل سەغرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن ئالتە گرام گاۋزىباننى 250 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ، سۈزۈپ 24 گرام قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4) ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقىدا قۇرۇقلۇق بولسا، بىر گرام ئۇد سەلىبنى يۇمشاق سوقۇپ، ئالتە گرام داۋائى مىشكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن بېھى ئۇرۇقى شىرىسى تۆت گرام، تۆت دانە بادام مېغىزى شىرىسى، تاتلىق ئانار شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، داۋائى مىشكى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 28. قوشۇمچە شەكىلدە يۈز بەرگەن باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع عرضى

قىزىتمىسى يۇقىرى ۋە ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە قوشۇمچە شەكىلدە باش ئاغرىقى يۈز بېرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ياكى كېسەللىك تۈتقاندا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى بەزىدە كېسەللىك تۈتۈپ ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ يوقىلىدۇ. بەزىدە كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىنمۇ ۋە كېسەللىك ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل باش ئاغرىقى قېپقالىدۇ. قىزىتما بۇخارات بىلەن بىللە بولغاندا قوشۇمچە باش ئاغرىش بەزىدە شۇ قەدەر ئېغىر بولىدۇكى، باش ئاغرىشنىڭ سەۋەبىدىن قىزىتما (بۇخارات) ئېغىرلىشىپ قالىدۇ.

بۇ خىلدىكى باش ئاغرىشنىڭ سەۋەبى بۇخارات بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقتىدا بۇخارات باش تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

بەزىدە بۇخاراتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن، بەزىدە بۇخارات مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ۋە بەزىدە بۇخاراتنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆپلۈكى بىلەن باش ئاغرىش پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

1. بۇنىڭغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بارغاندا ئاساسلىقى قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ماددا بەدەننىڭ ئاستى تەرەپكە قايتۇرۇلىدۇ. ئۆتكۈرلۈكى ۋە ھارارىتى بەك يۇقىرى بولسا، ھۆللۈكى كۈچلۈك بولغان دورىلار ئارقىلىق بەدەن يۆيۈلىدۇ ۋە تېڭىلىدۇ.

ئەگەر بۇخاراتنىڭ كۆپ بولۇشىدىن باش ئاغرىش پەيدا بولغان بولسا، باشتا تارتىشىش

ۋە ئېغىرلىق مەلۇم بولۇپ، قايىنتىپ يۆيىدىغان ۋە سىرتىدىن تاڭىدىغان دورىلار ئۈچۈن تارقىتىش ۋە كۈچلەندۈرۈش تەسىرىگە ئىگە هارارىتى تۆۋەن بولغان دورىلار قوللىنىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تازىلاش ۋە ماددىنى بەدەننىڭ ئاستى تەرەپكە تارقىتىش ئۈچۈن كۈچلۈكرەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى باش ئاغرىش خىلىت ۋە بۇخاراتنىڭ ئۆتكۈرلۈكى-دىن بولسا، گۈل يېغى، گۈلاپ، سىركە قاتارلىقلار باشقا سۈۋىلىدۇ ياكى قورۇلغان قۇرۇق يۇمغاقسۇتنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ پېشانىگە سۈۋىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلى-دۇ. سىركە، گۈلاپ، كۆك يۇمغاقسۇتنىڭ سۈيى، سەندەل، كاپۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممى-سىنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ، بوتۇلكىغا قاچىلاپ، قائىدە بويىچە پات - پات پۇرىتىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

2. ئەگەر بۇ خىل باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي خىلىت ۋە بۇخاراتنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، ئالدى بىلەن قەي قىلدۇرۇش ياكى سۈرگە بېرىش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى چارە - تەدبىرلەر بىلەن باش ۋە مېڭە كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

باش ئاغرىش هارارەت سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئۇنىڭغا قارىتا گۈلاپ تۆت ھەسسە، گۈل يېغى ئىككى ھەسسە، سىركە بىر ھەسسە قاتارلىقلارنى ئۇيدان ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ ياكى بىر داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ. ئەگەر ياز ۋاقتى بولسا، بۇ دورا مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. پۇت مۇجۇلۇپ پاچاقلار باغلىنىدۇ.

3. ئەگەر بۇ خىل ئاغرىق خىلىتلارنىڭ ئاشقازاندا توختاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، سىركەنجۇبىنغا ئىلمان سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

گۈل يېغى بىلەن سىركىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياز كۈنلىرى سوغۇق هالەتتە، قىش كۈنلىرى ئىلمان هالەتتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئارپا، خەشخاش، بىنەپشە، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، بەلدىن ئاستىنقى تەرەپنى ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە قارىتىپ يۇيۇلىدۇ. لېكىن بۇخارات مىقدارى كۆپ بولغاندا بۇ تەدبىرلەرنى قوللانماستىن، بەلكى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4. مېڭىدىكى ماددىنى تارقىتىش ئۈچۈن زەيتۇن يېغى بىلەن مەرزەنجۇش قايىنتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

5. ئەگەر ئاغرىق بەك كۈچلۈك بولۇپ، مەست قىلغۇچى ۋە ئۇخلاتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، ناهايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاز مىقداردا ئىشلىتىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن هاراق ئىچكەندىن كېيىنكى باش ئاغرىقىدا قوللىنىل-غان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

## 29. بۆھران كۈنلىرىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج صداع بحرانى

1 . بوھران كۈنلىرىدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاشتا دەرھال تەدبىر قوللىنىشنىڭ ئورنىغا ئىمكانقەدەر كېسەللىكنى ئۆز ئەھۋالىغا قويۇپ بېرىپ، پەقەت تەبىئەتنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كېسەللىكنىڭ شەكلىگە قارشى دورىلار بېرىلىدۇ. بىمارنىڭ ئەھۋالى كېسەللىككە قارشى تۇرۇشى ئاجىز بولسا ۋە باش ئاغرىقى قاتتىق بولسا، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ قايسى تەرەپكە مايىللىقى، خىلتلارغا قايسى يول بىلەن قارشى تۇرۇش لازىملىقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇلارنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، خىلتقا قارشى تەبىئەتكە ياردەم بېرىش كېرەك. مەسىلەن: كۆڭۈل ئاينىش، ئېلىشىش، لەۋلەر تارتىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولۇپ، كېسەللىك ماددىسىنى ئۈستى تەرەپتىن چىقىرىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولسا، سىركەنجىۋىل ۋە قايناق سۇ قاتارلىقلار بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

2 . ئەگەر قورساق كورۇلداش، قورساق ئېسىلىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىق ئالامەتلەرگە قاراپ غەيرىي تەبىئىي خىلتنى ئاستىنقى يول بىلەن چىقىرىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولسا، ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان، ئۆرۈكى ئېلىنغان ئۈزۈم، تەمرى ھىندى، شىرخىست قاتارلىقلار ياكى ئەينۇلا شەربىتى، گىلاس شەربىتى ۋە ياكى ئەينۇلا چىلانمىسى ئىچكۈزۈش ئارقىلىق تەبىئەتكە ياردەم بېرىلىدۇ. ئەگەر بۆرەك ئەتراپىدا ئېغىرلىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەرگە قاراپ ماددىنى سۈيدۈكتىن چىقىرىپ تاشلاشقا توغرا كەلسە، سىركەنجىۋىل ياكى بىنەپشە شەربىتى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ياكى ئارپا سۈيى گۈلاب ۋە ياكى قەنت بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بېھى ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بۇخاراتنى توسۇش ۋە سۈيدۈك ماڭدۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق.

3 . ئەگەر بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا قىزىل ياكى سېرىق رەڭلەر كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولسا ۋە بۇرۇندا شىر ـ شىر ئاۋاز مەلۇم بولسا، بۇرۇننى قانىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سىركە پۇرىتىلىدۇ. قىزىتىلغان تاش ياكى خىشقا سىركىنى قۇيۇپ ئۇنىڭدىن چىققان گاز بۇرۇنغا تارتقۇزۇلىدۇ ۋە چۈشكۈرتۈش دورىلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بىرەر قاتتىق ۋە يىرىك نەرسە ئارقىلىق قىچىشىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتاپ ۋە قىزىل نەرسە تەرەپكە قاراش، ياۋا پىننە، ئىزخىر چېچىكى قاتارلىقلار بىلەن پىلتە ياساپ بۇرۇنغا قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىقمۇ قاناتقىلى بولىدۇ.

4 . ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى دولقۇنسىمان ئىتتىك، يۇمشاق بولسا، تەرلەتكۈچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەنە قولاقنىڭ ئارقىسى، قولتۇق ياكى يوتا ساھەسىدە ئاغرىق ۋە ئېچىشىش بولسا پىننە ۋە كەرەپشە ئۇرۇقىنى كونا سېرىق ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا زىماد قىلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئورۇندا ئىششىق پەيدا بولغان

بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ خىلىت چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

### 30. دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج بيضه وخوذه

بۇ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ بېشى خۇددى تۆمۈر قالپاق كىيىۋالغاندەك قاتتىق ئاغرىيدۇ، شۇڭا ئۇنى دۇبۇلغىسىمان (تۆمۈر قالپاقسىمان) باش ئاغرىقى دەيمىز، ئاسان ساقايمايدۇ. ئازراقلا دىققەت قىلمىغاندا كېسەللىك تەرەققىي قىلىپ ئېغىرلىشىپ قالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئاز يول يۈرۈش، ئادەتتىكىدەك ھەرىكەت قىلىپ قويۇش، يەللىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، يۇقىراق ئاۋازلارنى ئاڭلاش قاتارلىقلاردىمۇ كېسەللىك تەرەققىي قىلىپ قالىدۇ.

بۇ خىل باش ئاغرىقىدا بىمار يورۇقلۇق، سۆز ـ پاراڭ، ئەقلىي ئەمگەك قاتارلىقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. قاراڭغۇ، يالغۇزلۇق، جىمجىتلىق، خاتىرجەملىكنى ياقتۇرىدۇ. كۆزىنى ئوبدان ئاچالمايدۇ ۋە يورۇقلۇققا قارىيالمايدۇ، ھەر ۋاقىت بېشى يېرىلىپ كەتكۈدەك قاتتىق ئاغرىپ تۇرىدۇ.

دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى بىلەن باشنىڭ يېرىم ئاغرىقىدا (شەقىقە) تۆۋەندىكىدەك پەرق بار. دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىدا چېكە ۋە قۇلاقنىڭ ئارقىسىدىكى تومۇرلاردا ئومۇمەن ئاغرىش بولمايدۇ. باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)دە چېكە ۋە قۇلاقنىڭ ئارقىسىدىكى تومۇرلاردا ئاغرىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە) تا تۇچ ياكى ياغاچ پارچىسىنى چېكىگە تاڭسا، باش ئاغرىش توختايدۇ. بىراق دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىغاندا بۇنىڭ بىلەن ئاغرىش توختىمايدۇ. بەلكى بۇنىڭ بىلەن مېڭىدە توختاپ قالغان گازلار ھەرىكەتلىنىپ، بىمار بېشىنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا باشلايدۇ. بۇ خىل كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتىدا تۇتقاق كېسەل (سەرئى) گە ئوخشاش ھېچنېمىنى تويمىغاندەك راھەت ۋە خاتىرجەملىك ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىشنى داۋالاش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاغرىش ئېغىر بولغاندا بەزىدە كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ توغرىسىدا جالىنۇس «بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقى ئومۇمەن باش قىسمىغا سۇيۇقلار يېغىلىشتىن ئىلگىرى كۆرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. نۇرغۇن تېۋىپلار بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل سەۋەبتىن دەپ كۆرسەتكەن:

① مېڭە پەردىلىرىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا خىلىتلار ۋە گاز توپلىنىشۋېلىش؛ ② مېڭە پەردىلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇق يەل توپلىنىشۋېلىش؛ ③ بۇزۇق خىلىتلار توپلىنىشۋېلىش؛

④ ئۆسمە خاراكتېرلىك ياللۇغ پەيدا بولۇش؛ ⑤ كۆيگەن سەۋەدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى؛ ⑥ باشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا سوغۇق تەبىئەتلىك ياللۇغ پەيدا بولۇش قاتارلىقلار.

جالىنۇس بۇ ھەقتە «بۇ كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبى بۇزۇق خىلىت تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئىسسىق ياكى سوغۇق ياللۇغ بولىدۇ ۋە بۇ كېسەلگە شارائىت ھازىرلىغۇچى سەۋەب ئاساسەن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە ئاجىزلىق بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەسرارولئەتىببا دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، «بۇ كېسەللىك كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن ۋە غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن، ئاز ساندا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن كېلىپ چىققان بۇخارات (گازلار) دىن پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە 2 ~ 4 كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدىن غەيرىي تەبىئىي خىلتلىق ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، غەيرىي تەبىئىي خىلىت سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بۇخارات ۋە يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى قىسىملىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بۇ يەردە ئالاھىدە توختالمايمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى تەكشۈرۈش ئاغرىقنىڭ تۈرىگە قاراپ ئېنىقلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئېچىشىش، سانجىلىش، ئېغىرلىق بولۇش، تارتىشىش، ئاغرىش ئەھۋالى ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ بېشى ئاغرىش بىلەن بىرگە ئېچىشىش بولسا ۋە باشقا بىرەر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىلنىڭ گەزلىرى ۋە كۆز ئىچى سېرىق بولۇش قاتارلىق سەپرانىڭ ھەر تۈرلۈك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىمار-نىڭ بېشى ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىل ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قان غالىبلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر باش ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە، چىراي ۋە تىلنىڭ گېزى ئاق بولۇش، كۆز ياشاڭغىراش، سېمىزلىك قاتارلىق بەلغەم ماددىسىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەل-لىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى بولغان بولىدۇ.

ئەگەر باش ئېغىر بولۇش بىلەن بىرگە، تىلنىڭ گەزلىرى كۆكۈش ۋە سەۋدانىڭ غالىبلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ خىل باش ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى-دىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ بېشىدا تارتىشىش بولۇپ، ئاغرىق ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكىلىپ تۇرسا، بۇ كېسەللىك گاز ۋە يەل (بۇخارى ۋەرھى) دىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا ياللۇغلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى بولسا ۋە باشتا ئېغىرلىق بولسا، بۇ

چىرىگەن قان خىلتىدىن بولغان مىڭە پەردە ياللۇغى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغلىنىش-نىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كۆيگەن سەۋدادىن بولغان مىڭە پەردە ياللۇغى بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇخارات قايسى خىلتتىن پەيدا بولغان بولسا، چىرايىنىڭ رەڭگى قاتارلىق ئالامەتلەر شۇ خىلتقا مەنسۇپ بولىدۇ.

**داۋالاش:**

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش قائىدىلىرى ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن شۇ سەۋەبكە مۇناسىپ ھالدا داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مىڭە كېسەللىكلىرى ۋە باش ئاغرىشنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ كۆپلۈكى نەتىجىسىدىن بولغان بولسا، باش ۋە بەدەننى شۇ غالىب ئورۇندا تۇرغان غەيرىي تەبىئىي خىلتتىن تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن باشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

1. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت ئىسسىق بولسا، گۈل يېغىنى سىركىگە ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا دەسلەپتە ئاق سەندەل، ئاقاقىيا، نامازشام-گۈلى، يۇلغۇن، قىزىلگۈل قاتارلىق كېسەللىك ماددىسىنى باش ساھەسىدىن قايتۇرۇش ۋە باشنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار باش ساھەسىگە سۈۋىلىدۇ ياكى كاپۇر، گۈلاب، سۆگەت شېخىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇ قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ. ئۇنىڭ-دىن باشقا خەشخاش، ئارپا ۋە قىزىلگۈللەرنى قاينىتىپ، بەلنىڭ ئاستى قىسمى ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ يۇيۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا (بىرىنەچچە قېتىم يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن) بابۇنە، ئىنەكپىتى قاتارلىق تارقاتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار مەزكۇر دورىلارغا ئارىلاشتۇ-رۇپ يۇيۇلىدۇ.

2. بۇ توغرۇلۇق مەشھۇر ھەكىم ئابىد «قاندىن بولغان دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىدا خېنە ياغىچى، شاھتەررە، چىلان قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچكۈزۈ-لىدۇ. چۈنكى بۇ دورا قانغا ئارىلاشقان سەپرانى تازىلايدۇ ۋە قاننىڭ قاينىشىنى تۆۋەنلىتىپ غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرغۇچى ۋە قاننىڭ تازىلىغۇچىسى بولالايدۇ» دەپ كۆرسەت-كەن.

3. تازىلاش ۋە سۈرگىدىن كېيىن بۇخاراتنى توختىتىش ئۈچۈن ئانار، بېھى ئۇرۇقى، ئالما قاتارلىق تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مېۋىلەر بېرىلسە بولىدۇ.

كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانغان بولسا، نوقۇت يارمىسى، ھەر خىل كۆكتاتلار ۋە ھەزىمنى بۇزمايدىغان يەلسىز تاماقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق تامامەن توختىغان بولسا، يۇمشاق، سىڭىشلىق گۆشلۈك تاماقلار ۋە غورا سۈيى، ئانار سۈيى، لىمون سۈيى، يۇمشاق

پىشۇرۇلغان چۆجە گۆشى بېرىلىدۇ.

4. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبچىسى ئىسسىق ۋە سوغۇق خىلىتلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن مۇرەككەپلەشكەن بولسا، كېسەل سوزۇلما خاراكتېرلىك بولۇپ، ياز كۈنلىرىدە بىر خىل ھالەتتە تۇرماستىن، بەلكى بەزىدە ئېغىرلاپ، بەزىدە ياخشىلىنىپ تۇرسا، مېڭىنى تازىلىغاندىن كېيىن سەرپىستان 11 دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرى ئالتە گرام، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى تۆت گرام قاتارلىقلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى تۆت گرام، بىنەپشە شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە ئالتە گرام ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە پېشانىگە قۇرسى مۇسەللەسنى ئېزىپ، قايناق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ.

5. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت سوغۇق بولسا، تازىلاشتىن كېيىن ھېلىلە كابىلى ۋە ئۇستقۇددۇس گۈلقەنت ئەسلىي بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سەبرە، زەپەر، مۇرمەككى قاتارلىقلار تۇز سۈيى بىلەن باشقا چېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، قىزىلگۈل، ئىزخىر چېچىكى، كۆك پىننە قاتارلىق ئىسسىقلىقى تۆۋەن ۋە باشنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار بىلەن بەلنىڭ ئاستى تەرىپى ئۇستىدىن ئاستىغا قاراپ يۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئۇزاق ۋاقىت داۋالانغاندىمۇ كېسەللىك يوقالمىسا، بەلنىڭ ئاستىنى يۇيىدىغان دورىلارغا مەرزەنجۇش، بەرگى ھەببۇلغار، قەسبۇزەرىرە ۋە سىيادان قاتارلىق بىر ئاز ھارارىتى يۇقىرى بولغان دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

6. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ماددىسى غەيرىي تەبىئىي قويۇق خىلىت بولسا، ھەببى سەبرىگە ئوخشاش تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا كۈچلۈكرەك بولغان چۆشكۈرتكۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە سومبۇل ھىندى بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى زەپەر بۇرۇنغا تارتقۇزۇلسا بولىدۇ.

7. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل باش ئاغرىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

ئەپيۇن، مۇرمەككى، زەپەر، قۇندۇز قەھرى، ئارپا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ ياكى رەيھان سۈيى ۋە ياكى گۈلاب بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا سۇۋۇسا دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى ۋە شەقىقە ئۈچۈن پايدىلىق. ئادەتتە بۇ كېسەللىك سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەسلەپتە كېسەلنىڭ سەۋەبى ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسىمۇ، بۇ كېسەل سوزۇلما بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن ئاغرىق توختىتىش بۇ كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان

باش ئاغرىقىدىن مۇھىمراق بولىدۇ. يېڭى زامان ھۆكۈمالىرى «دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرى-قىنىڭ تازىلاش ئۇسۇلى بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىنى تازىلىغانغا ئوخشاش بولۇپ، تازىلىغاندىن كېيىن مېڭە ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىترىفىل كەبىر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بەسباسە، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، ئۇستىقۇددۇس ھەر بىرى ئۈچ گىرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ، مۇۋاپىق مىقداردا بابۇنە يېغى، نەرگىز يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان قىلىپ باشنىڭ ھەممە يېرىگە سۈۋىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن زىرە، سىيادان، سەئدى كوفى، ئىزخىر، بابۇنە گۈلى، بابۇنە بەرگى ھەر بىرى يەتتە گرام قاتارلىقلارنى بىر خالتىغا سېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، قىزىتىلغان گۈلابقا چىلاپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

8. ئەگەر كېسەللىك سوزۇلمىغا ئۆزگەرگەن بولسا، بەلنىڭ ئاستى تەرىپىنى يۇيىدى-غان ۋە بۇرۇنغا تارتىدىغان پۇراتما قاتارلىق دورىلارغا كۈچلۈكرەك خىلدىكى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاغرىق ئېغىر بولغان ھالەتتە مەست قىلغۇچى (ئاغرىق توختاتقۇچى) دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، ھېچقانداق زىيىنى يوق. دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى ئەگەر ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش باش ساھەسى ياللۇغلىنىشنى داۋالاشقا ئوخشاش بولىدۇ.

9. تەبىرى: «ئادەتتە دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىدا بۇخارات باشنىڭ تاشقى پەردىلىرى ۋە ئىچكى پەردىلىرىدە توپلىنىشىۋالىدۇ. بۇخاراتلار غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ بىرىدىن پەيدا بولغان بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى تەكشۈرۈشتە مەخسۇس ئالامەتلىرىگە قاراپ تەكشۈرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

10. ئەگەر بۇخارات باشنىڭ تاشقى پەردىلىرىدە غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا، ئۇ مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. يەنى ئوتتۇرىسىدىكى غولى ئېلىۋېتىلگەن ئاق تۇربۇت 14 گرام، ئەينۇلا 30 دانە، چىلان 50 دانە، سېرىق ھېلىلە 84 گرام، سانا، ئەپسەنتىن ھەر بىرىدىن 18 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ بىراقلا ئىچكۈزۈلىدۇ. سۈرگىدىن كېيىن زىرە ۋە نوقۇت سېلىنغان تاماقلار بېرىلىدۇ. بىر قېتىملىق سۈرگە يېتەرلىك بولمىسا ۋە باشقا چەكلىمىگە دۇچ كەلمىسە يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىرنەچچە قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ ساقايمىسا مامىشانى كاسىنە سۈيى بىلەن نەمدەپ، ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئاخشىمى باشقا چېپىلىدۇ. ئەتىسى باشقا چاپقان دورىلارنى ئېلىۋېتىپ، باش ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. بۇ قائىدە بىر نەچچە قېتىم تەكرار ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەرمۇ يېتەرلىك بولمىسا، رەۋەن ۋە چىلان بىلەن زىرىق چىلانمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، زىرىق چىلانمىسىنىڭ نۇسخىسى: ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن چىلان

408 گرام، ياخشى تازىلانغان زىرىق 408 گرام، ساپ رەۋەن ئون گرام، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى 24 گرام قاتارلىقلارنى بىر دانە سېغىز كوزىغا سېلىپ، ئۈستىدىن بىر ئىلىك ئۇستۇن كەلگۈدەك سۇ قۇيۇپ، ياز كۈنلىرى ئۈچ كۈن، قىش كۈنلىرى بەش كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىر پىيالە ئېلىپ، 36 گرام سىركەنجۇبىل ئۇناپى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

11. ئەگەر قاندىن بولغان بۇخارات باشنىڭ ئىچكى پەردىلىرىنىڭ ئاستىغا توپلىنىشۋال- غان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا يۇقىرىقى قائىدە بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا تازىلاشتىن كېيىن بىنەپشە پۇرىتىش، بىنەپشە يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىر- لەر بىرىنەچچە كۈن قوللىنىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق سەۋسەن، يۇمغاقسۈت چېچىكى (چېچىكىنى تاپقىلى بولمىسا كۆك يۇمغاقسۈتنىڭ ئۆزى)، ئۈزۈم ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئاز - ئازدىن ئېلىپ سوقۇپ، مەلھەمدەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ يەتتە ھەسسىسىچىلىك سىركە ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىچىلىك بېھى ئۇرۇقى لۇئابى يېغى ۋە بىنەپشە يېغى قۇيۇپ، سۇس ئوتتا پەقەت ياغ تەركىبى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ھەر كۈنى 2~3 قېتىم ئۈچ گرام ئەتراپىدا ئېلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ (بۇ قاندىن بولغان دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق).

12. ئەگەر دۇبۇلغاسىمان باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبچى ماددىسى ھۆللۈك بولۇپ، بۇ ماددا باشنىڭ تاشقى پەردىلىرىدە توپلىنىشۋالغان بولسا، ھېلىلە كابىلى پوستى 180 گرام، سانا 36 گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 72 گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ مەتبۇخ تەييارلاپ قويۇپ، بەش كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئايارەج پەيقىرا 3.5 گرام، غارىقۇن 2.25 گرام، تۇربۇت 2.75 گرام، ئاق قەنت 24 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كېسەللىك ھەممىسى تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن زىرە سېلىنغان تاتلىق غىزالار بېرىلىدۇ ۋە ھەر خىل كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدىغان زىيانلىق تاماقلار ۋە يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

13. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ بىرەر چەكلىمە بولمىسا، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش 3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ. ئەگەر پەقەت تازىلاش ئارقىلىقلا كېسەل ساقايمىسا، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە ئاقىرقەرھا بىلەن بىرنەچچە كۈن غار - غار قىلدۇرۇ- لىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ بىمارنىڭ مىزاجى ئۆزگەرمىسە، بابۇنە، ئىكلىلملىك، ئەپسەنـ- تىن رۇمى، مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇلغان ئاچچىقتاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايناتقان سۇ بىلەن قائىدە بويىچە بەلنىڭ ئاستى ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يۇيۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەنمۇ داۋالاش يېتەرلىك بولمىسا، كاسىنە، ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 36 گرام،

سەبرە، مۇرمەككى، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك ھەر بىرى 10.5 گرام، سۇمبۇل تىپ ئىككى گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركە ياكى سۇ قۇيۇپ، يەسمەن يېغى ياكى خەيرى يېغى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۇۋىلىدۇ. يۇقىرىقى سۇۋالما بىلەن بىمارنىڭ مىزاجىدا ھارارەت پەيدا بولمىسا، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، ھەببى ئايارەج، ھەببى سەبرە ۋە ھەببى قوقىيا قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

14. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق تولۇق ساقىيالمىسا، نۇقۇئى سەبرە بېرىلىدۇ. يەنى، سەبرە سۇقۇتى 36 گرام، مۇقەل، ئېگىر، زورەنبات ھەر بىرى 10.5 گرام، سەۋسەن يىلتىزى، قۇرۇق ئۈزۈم ھەر بىرى 18 گرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 108 گرام قاتارلىق ھەسەل 108 گرام، بۇ دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم ۋە ھەسەلنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق دورىلار چۆكۈشكىچە سۇ قۇيۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر ئاپتاپتا قايناش دەرىجىسىگە يەتكۈچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ چىلانمىدىن ھەر كۈنى بىر پىيالە ئېلىپ، 10.5 گرام ئاچچىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزگەندىن كېيىنمۇ كېسەل يەنە قېپقالسا، شەھمەنزەلنى قايىنتىپ، سۈزۈپ خەيرى يېغى ۋە يەسمەن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىزچىل تۇردە ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھۆللۈكتىن بولغان بولۇپ، بۇخارات باشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پەردىلەرگە توپلىنىشۋالغان بولسا، يۇقىرىقى داۋالاش قائىدىلىرى ئىچىدىن نۇقۇئى سەبرىنى ئىچكۈزمەسلىك كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا مەستىكى يېغى، يەسمەن يېغى، خەيرى يېغى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ياكى ئاپىلسىن كۈلىنى خەيرى يېغى بىلەن قايىنتىپ، بۇ ياغدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا، دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

15. ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بولۇپ، بۇخارات باشنىڭ تاشقى پەردىلىرىگە توپلىنىشۋالغان بولسا مەتبۇخى ھېلىلە يەنى سېرىق ھېلىلە پوستى، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان تەمرى ھىندى ھەر بىرى 108 گرام، ئەينۇلا 30 دانە، چىلان 50 دانە، ئەفتىمۇن، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرى 24 گرام، ئەپسەنتىن يەتتە گرام، سوقۇلغان تۇربۇت يەتتە گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ھەر بىر قېتىم ئىچىدىغان مەتبۇخقا 362 مىللىگرام سوقمۇنىيا سېپىپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە چىلان ۋە سەرپىستان سېلىپ، ئارپا سۈيى قايىنتىپ بېرىلىدۇ.

16. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن باش ئاغرىقى ياخشىلانمىسا، بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە، يۇقىرىقى مەتبۇخنى ئىككىنچى قېتىم بېرىپ تازىلاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ ۋە خەشخاش پوستى، بىنەپشە 12 گرام، چالا سوقۇلغان ئارپا، بۇغداي كېپىكى، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن 48 گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قايىنتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا سىركە قۇيۇپ،

ھەر كۈنى 2~3 قېتىم ئىلمان ھالدا بەلنىڭ ئاستى تەرىپى ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ يۇيۇلىدۇ.

17. ئەگەر بۇمۇ يېتەرلىك بولمىسا، توغرالغان قاپاق، توغرالغان تەرخەمەك ھەربىرى 24 گرام، نېلۇپەر 24 گرام، سۆگەت شېخى بىر تال قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئارپا ئۇنى، سىركە، ئەرقى گۈل، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن باشقا چېپىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىيافى مامىشا، ئاق سەندەل ھەر بىرىدىن 3.5 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلاب 108 مىللىلىتىر، كونا سىركە 36 گرام، گۈل يېغى 12 گرام قاتارلىقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، شېشىگە قاچىلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ باشقا سۇۋاشمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.

ئادەتتە سىركە ۋە گۈل يېغى بۇ خىلدىكى بارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. چۈنكى سىركە يۇمشىتىش ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، خىلىتلارنى پارچىلاش ۋە تارقىتىش سالاھىيىتىگە ئىگە، لېكىن بۇ خىلدىكى كېسەللىكلەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان بولسا، سىركە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى سىركە سەۋدا خىلىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

18. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن كېيىنمۇ كېسەل ساقايمىسا، كاسنىە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 108 گرام، ئەينۇلا، چىلان ھەر بىرى 50 دانە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، قۇرۇتۇلغان شاتۇت ھەر بىرى 24 گرام، تەمرى ھىندى 108 گرام قاتارلىقلا- رنى بىر قاچىغا سېلىپ دورا چىلاشقۇچە سۇ قۇيۇپ، ئۈچ كۈن ئاپتاپتا قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى بىر پىيالە ئېلىپ، 36 گرام سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلى- دۇ.

19. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان بۇزۇق گاز باشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى پەردىلەرگە توپلىنىشۋالغان بولسا، يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئىچىدىكى مەزكۇر چىلان- مىنى بېرىشكە بولمايدۇ ۋە بىنەپشە يېغى، ئۈزۈم سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

20. ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان بولسا ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان بۇزۇق گاز باشنىڭ تاشقى پەردىلىرىنىڭ قاتلاملىرىغا توپلىنىشۋالغان بولسا، بۇ خىلدىكى كېسەللىكنى داۋالاش قىيىنراق بولىدۇ. داۋالاشتا كۆپىنچە ئەھۋالدا مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق بىر - ئىككى قېتىم داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە بىنەپشە يېغى ئۈزمەي بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ياكى بىرەر ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق كېسەللىك ساقايمىسا، ھېلىلە كابىلى داۋامىلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئىترىفىل ئەفتىمۇن ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

21. بەزى تېۋىپلار «يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن بىللە باشقا بىنەپشە يېغى سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىپ ئۈستىگە تارتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىنەپشە يېغى بىلەن كۆك ھەمىشىباھار سۈيى ۋە كۆك ئاق لەيلىنىڭ سۈيىنى ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

22. ئەگەر كېسەللىك يەنىلا ئېغىرلاشقان ۋە يۇقىرىقى تەدبىرلەر كار قىلمىغان بولسا، ماددىنى قايتۇرۇش، كېسەللىك ماددىنى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە تارتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

بۇ خىل كېسەللىكتە بەزىدە يۇقىرىقى سۆزلەنگەن نۇقۇئى سەبرە (سەبرە چىلانىسى) گە قارا ھېلىلە، ئەفتىمۇن ۋە ئەپسەنتىن قايىنتىلمىسى قوشۇپ ئېچكۈزۈلىدۇ ۋە بىر سائەتتىن كېيىن بىر پىيالە ئۆچكە سۈتى ئىچىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقى كۆپىنچە تولا خىيال قىلىش ۋە پىكىر بۇزۇلۇش كېسىلىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، پىكىر بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

23. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان بۇزۇق گازلار باشنىڭ پەردىلىرىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا توپلىنىشقالغان بولسا، بۇنى داۋالاشتىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بىراق يۇقىرىقى چىلانا ۋە ئىترىفىل ئەفتىمۇن بىلەن كېسەللىك ياخشىلانمىسا، ئۇستۇقۇددۇس مەككى، پاقىيوپۇرمىقى بەرگى 3.5 گرام، بادرەنجى بۇيا 3.5 گرام، مەرزەنجۇش 2.5 گرام قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى بىنەپشە يېغىدا قاينىتىپ، 0.5~1 گرام ئېلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

24. ئەگەر بۇ كېسەللىك مۇرەككەپ بولغان بولسا، كېسەللىك ئەھۋالى ۋە ئالامەتلىرىگە قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ماددىسى سوغۇق بولۇپ، داۋالاشنىڭ دەسلىپىدە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلگەن بولسا، ئىزخىر چېچىكى، بابۇنە، پىننە قاتارلىق خىلتنى تارقىتىش ۋە قىزىتىش بىلەن بىرگە بىرئاز تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارنى قاينىتىپ، باشنى يۇيۇش لازىم. سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى باياندا سۆزلەنگەن بارلىق تەدبىرلەر بۇ كېسەللىك ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەببى سەبرە بۇ كېسەل ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

25. ئەگەر بۇ كېسەلدە ئارتۇق خىلتلارنى تازىلاش زۆرۈر بولغاندا ھەببى قوقىيا ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك تازىلاشقا توغرا كەلگەندە ھەببى قوقىيا ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن بىدەنجىر يېغى بىلەن مەتبۇخى خىيارشەنبەر ئېچكۈزۈلىدۇ.

26. ئەگەر كېسەللىك يېڭى باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا، خىلىت ئېتىبارى بىلەن مۇۋاپىق داۋالاش لازىم ۋە بادام يېغى، خىيارشەنبەر شىرىسىنى بىر نەچچە كۈنگىچە ئارقىمۇ ئارقا ئىچكۈزۈش ۋە مۇمىيا بىلەن بىنەپشە يېغىنى بۇرۇنغا تارتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئادەتتە بۇ خىلدىكى ئاغرىق باشلانغاندا مەيلى ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولسۇن، سوزۇلمىغا ئۆزگىرىپ قالسىلا سوغۇقلۇققا مايىلراق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىك سوزۇلما بولۇپ قالغاندا خىلتنى تارقىتىش ۋە ئىسسىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل كېسەللىكلەرگە سۈۋالما دورىلارنى ئىشلەتكەندە ماددىنى تارقىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈش لازىم.

## ئۈچىنچى پەسىل يېرىم باش ئاغرىقى

شقيقه

**تونۇش:**

بۇ باشنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى ئاغرىيدىغان كېسەللىك بولۇپ، تۇتقاقلىق شەكلىدە يۈز بېرىدۇ، ئۇ «شەقىقە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

پۈتۈن بەدەندىن ياكى بىرەر مەخسۇس ئەزادىن بولغان بۇخاراتلار باشنىڭ ئاجىز تەرىپىگە ئۆرلەپ، بۇ خىل باش ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە باشنىڭ بىر تەرىپىدە غەيرىي تەبىئىي خىلىت ياكى ئۇلاردىن پەيدا بولغان يەل توپلىشىۋالغان بولىدۇ، بۇ كېسەللىك ئومۇمەن خىلتلىق بولۇپ، خىلتسىز بولمايدۇ.

**ئالامىتى:**

يۇقىرىقى سەۋەبلەر مېڭىدە ياكى باشنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدە يۈز بېرىدۇ. بەزىدە باشنىڭ تاشقى پەردىلىرى، ئىككى چېكە مۇسكۇللىرىدا يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كېسەللىك مېڭىدە بولسا بىمارنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ئاغرىش بولىدۇ. بىمار كۆزىنى ئاچالمايدۇ. بىمار ھورۇن، ئاجىز بولىدۇ. قالايمىقان ۋە قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆپ كۆرىدۇ. ئەگەر كېسەللىك باشنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدە ياكى تاشقى پەردىلىرىدە بولسا، باش قاتتىق ئاغرىيدۇ. ھەتتا باشقا بارماقنىمۇ تەگكۈزگىلى بولمايدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن بىماردىن باشنىڭ ئېغىر - يېنىكلى-

كىنى ئېنىقلاش لازىم. باش يېنىك بولۇش بىلەن بىرگە ئاغرىۋاتقان ئورۇننى تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنسە ۋە تومۇر ئىتتىك بولسا، بىماردىن قۇلاق قىچىشىش، قەۋزىيەتلىك هالەتتىكى ئاغرىش ئەهۋالى، سوغۇق هاۋادا يۈرگەندە ياكى سوغۇق سۇ ئىچكەندە ئاغرىقنىڭ ئارام بېرىش ـ بەرمەسلىكى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەهۋاللار بولسا، كېسەللىك سەۋەبى بۇخاراتتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر باش يەڭگىل بولۇش بىلەن بىرگە سىيلىغاندا باش سوغۇق بولسا، بىمارنىڭ بېشىدا قۇلاقتا كۇسۇلدىغاندەك پەس ئاۋاز پەيدا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، يەل يىغىلىۋالغانلىقنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا باش ئاغرىق بولۇش، باشنى تۇتسا ئىسسىق بىلىنىش، تومۇرى ئىتتىك بولۇش، ئاغرىق كۆپ بولۇش، چېكە تومۇرلىرىدا لوقۇلداش ئەهۋالى بولۇش، سوغۇق نەرسىلەردىن خاتىرجەملىك ۋە راهەتلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلسە، ماددىنىڭ ئىسسىق ئې-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر باش ئېغىر بولۇپ، تۇتقاندا سوغۇق بىلىنسە، ئىسسىق نەرسىلەردىن راهەتلەنسە ۋە خاتىرجەملىك هېس قىلسا، بىمار قىش كۈنلىرىدە تولا زۇكامدىسا، كېسەللىك ماددىسى-نىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كې-يىن، هەر بىر خىلتىنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرىنى ئايرىم هالدا ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى مۇرەككەپ بولسا، ئۇنى ئېنىقلاش بىلەن بىرگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش لازىم. بىماردا كۆڭۈل ئاينىش ۋە قەي قىلىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاغرىق ئارام بەرسە، كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولغان بولۇپ، بۇ كېسەل ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئەگەر كۆڭۈل ئاينىش بىلەن قەي بولماي، باش قاتتىق ئاغرىش ۋە كۆز ياشاڭغىراش، قۇلاق ئاستى قان تومۇرلىرى ئېسىلگەن بولسا، كېسەللىك ماددىسى بەدەننىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرى يەنى تومۇرلارغىچە تارقالغان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن سەۋەبنى ئېنىقلاپ، كېسەللىك قايسى خىل سەۋەبتىن بولسا، شۇ خىلدىكى باش ئاغرىقنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماددىنى سۈزۈپ چىقىرىش، كلىزما قىلىش، خىلتنى تەڭشەش، دورا سۈيىدە يۇيۇنۇش، دورا سۈۋاش قاتارلىق دۇبۇلغىسىمان باش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا پۇراتما ۋە يۇيۇنۇش دورىلىرى، سۈۋاملار ئاغرىغان تەرەپكە كۆپ-رەك ئىشلىتىلىدۇ.

يېرىم باش ئاغرىقنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئېتىبارى بىلەن

بەدەننى تازىلاش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن غەيرىي باشنىڭ ئاغرىغان قىسمى ۋە ئىككى چېكە مۇسكۇللىرىنى بىر پارچە قېلىنراق رەختنى قويۇپ قىزارغانغا قەدەر ئۇۋۇلاش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئېتىبارى بىلەن قىزىتىش ياكى سوۋۇتۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ ۋە باشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق سۈۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ خىل كېسەللىكتە كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاشتىن كېيىن، كېسەل تۇتۇشتىن ئىلگىرى چېكە مۇسكۇللىرىغا مۇۋاپىق ياغلارنى سۈۋاش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك ماددىسىنى كلىزما ئارقىلىق ئاستى تەرەپكە تارتىش ناھايىتى پايدىلىق. كېسەللىك ماددىسى ئىسسىق بولسا، يەڭگىلرەك كلىزما قىلىش لازىم. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى سوغۇق بولسا، بىرقەدەر ئۆتكۈر كۈچلۈكرەك دورىلار ئارقىلىق كلىزما قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ:

بەزرۇلبەنجى، زەپەر، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، كاكىنەچ، گۈل بىنەپشە، ئەپيۇن ھەر بىرى ئۈچ گرام، گىل ئەرمىنى تۆت گرام قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، بىر پارچە قەغەزنى تەڭگىدەك يۇمىلاق كېسىپ، ئۇنى يىڭنە بىلەن تېشىپ نۇرغۇن تۆشۈكچىلەرنى ئېچىپ، ئىككى چېكىگە چاپلىنىدۇ.

چامغۇر يىلتىزىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈتنىڭ سۈيى قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

مەستىكى، ئەنبەر، جۇزبۇۋا، يەسمەن گۈلى، قەغەز گۈلى، گۈلخەيرى قاتارلىقلاردىن بىرى پۇرىتىلىدۇ.

جەدۋانى سۇغا چىلاپ ئاغرىقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

تۆت دانە خورمىنى بىر كىلوگرام سۈت بىلەن قاينىتىپ، خورما ئوبدان پىشقاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىپ، ئۈستىدىن خورما پىشۇرۇلغان سۈتنى ئىچىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن پايدىلىق.

زەنجىۋىل، ئاق سەندەل، ئىنەكپىتى يىلتىزى، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە سۈۋاش، ئىسسىق - سوغۇق ھەر خىل باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن پايدىلىق.

سېرىق ھېلىلىنىڭ ئۇرۇقچىسىنى قايناق سۇدا قاينىتىپ سۈيىنى باشقا سۈۋىلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇلى تۈرلەرگە بۆلۈپ سۆزلىنىدۇ:

**1. ئىسسىقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقنى داۋالاش:**

علاج شقيقة حار

1. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولسا، خىيارشەنبەر

چىلانىمىسى ياكى مائۇل پەۋاكىھ يالغۇز ھالەتتە ۋە ياكى مەتبۇخى خىيارشەنبەر قاتارلىق قەۋزىيەتنى يوقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش كېرەك. سىرتىدىن زەپەر، رۇسۇت قاتارلىقلارنى ئەرقى گۇلدە ئېرىتىپ ئىككى چېكىگە سۈۋىلىدۇ ياكى زەپەر چۈشكەن سۈۋالما دورىلارنىڭ بىرەرسى ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

2. ئەگەر بۇ كېسەل غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا، مەتبۇخى ھىلىلە ئارقىلىق تازىلاش كېرەك. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى ئاشقازاندا بولسا، كۆك كاسىنە سۇيىگە سەبرە چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىسسىقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىش كېسەللىكىگە قارىتا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئايارەج پەيقىرا كۇندە بىر قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

گۇل بىنەپشە ئالتە گرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان 11 دانە، ئاق لەيلىگۇلى تۆت گرام، شاھتەررە ئالتە گرام، ئەينۇلا بەش دانە، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، 25 گرام قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

شەربىتى ئۇنناپ مۇرەككەپ (كۆپ خىل دورا چۈشكەن چىلان شەربىتى) ئىچكۈزۈش، تاباشىر پۇركەلمىسىنى بۇرۇنغا پۇركۇش، قۇرسى مۇسەللەسنى كۆكنار سۇيىگە چىلاپ باشقا سۈۋاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

خىلتنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن بىنەپشە، نىلۇپەر، قىزىلگۇل، ئۇسۇك، ئاق لەيلى ياغىچى، خەشخاش پوستى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك چۆپ دورىلارنى قاينىتىپ باش يۇيۇلىدۇ ۋە بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى، گۇل يېغى قاتارلىقلارنى يۇقىرىقى دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان قىلىپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

چېكە قان تومۇرلىرىنىڭ لوقۇلدىشىنى توختىتىش ئۈچۈن چاپلىما دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلاردىن چاپلىما تەييارلاپ، قەغەزگە سۇۋاپ چېكىگە چاپلاپ قويۇلىدۇ.

باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشتا تومۇرنىڭ ئىتتىكلىكى ۋە چېكە قان تومۇرنىڭ لوقۇلدىشىنى توختىتىش ئارقىلىق بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئاغرىقىمۇ دەرھال توختايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چاپلىما دورا ئىشلىتىش ئىنتايىن پايدىلىق.

4. ئەگەر باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش بىلەن ئېغىر ئۇيقۇ بولسا، چىلان، بېھى ئۇرۇقى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى نىلۇپەر قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك پۇرالمىلار پۇرىتىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى قاينىتىپ قائىدە بويىچە قول - پۇتى يۇيۇلىدۇ.

5. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقى (شەقىقە) غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بولسا، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، چىلان شىرىسى، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار بىرلەشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئوسۇك ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، نىلۇپەر، بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن، زەپەر، سەمغى ئەرەبى، پوستى ئاقلانغان شاپتۇل مېغىزى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆكنار سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ مەلھەم قىلىپ پېشانىگە سۇۋىلىدۇ.

6. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي سەپرا بىلەن بەلغەم خىلتىنىڭ ئارىلىششىدىن بولغان بولسا، سەبرىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇستىدىن گاۋزىبان، چىلان، بىنەپشە قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەردە قايىنىتىپ، سۇزۇپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش بىلەن نەزلە ۋە كۆز ئاغرىش قوشۇلۇپ كەلسە، يەرلىك شوخلا يەتتە گرام، گۈل بىنەپشە توققۇز گرام، نىلۇپەر، قىزىلگۈل ھەر بىرى بەش گرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە، شاھتەررە يەتتە گرام قاتارلىقلارنى بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئاندىن سۇزۇپ 25 گرام قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە نەزلىنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا كۆزدە ئېچىشىش بار بولسا، ئىترىفىل كەشنىز 12 گرام بىلەن ئۇستقۇددۇس بىر گرام، كۆكنار 0.5 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

7. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقى بىلەن ئىسسىقتىن بولغان نەزلە بىرگە بولۇپ ئاغرىق بەك كۈچلۈك بولسا، چىلان بەش دانە، گۈل بىنەپشە تۆت گرام، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ سۇزۇپ، ئۇنىڭ سۈيىگە تەرخەمەك ئۇرۇقى، خاكشى ھەر بىرى ئالتە گرامدىن سېلىپ، تەمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 25 گرام بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە جەدۋار بىر گرام، ھۇزۇزمەككى ئىككى گرام، گۈلاب، سىركىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. كۆكنار، ئانار گۈلى، ئىتئۇزۇمى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ھەر بىرىدىن تۆت گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ ئېغىز چايقىلىدۇ.

8. ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، يۇمغاقسۇت سۈيى، ئىسپىغۇل سۈيى، شاتۇت سۈيى قاتارلىقلار بىلەن ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

9. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقى تۇتقاقلىق بولسا، ئالدى بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاج تەڭشىلىدۇ. ئەگەر ماددا ئىسسىق بولسا، ئەپيۇن، ئىتياڭقى يىلتىزى پوستى، زەمچە، بەزرۇلبەنجى، كاپۇر قاتارلىقلار ئىككى چېكىگە سۇۋىلىدۇ ۋە قىزىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەدبىرلى-

رى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كاسىنە سۇيىگە چىلاپ تەييارلانغان سەبرە چىلانمىسىنى 50 ~ 70 گىرام ئىچكۈزۈلىسىمۇ، بۇ خىل يېرىم باش ئاغرىش ئۈچۈن پايدىلىق.

10. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن تۇيۇقسىز ئاۋاز پۈتۈپ قالسا، باشنى ئۈزۈنراق ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش ۋە قۇلاققا گۇل يېغى ئىلمان قىلىپ تېمىتىش لازىم.

11. ئىسسىقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىشتا كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاشتىن كېيىن ئەينۇلا، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ ئۇنىڭغا قىزىلگۈل شەربىتى ياكى مەجۇنى بىنەپشە قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە باشقا سىركە، گۇل يېغى، ئەپيۇن قاتارلىقلارنى سۇۋاش ۋە بۇرۇنغا پۈركىتىش ئىنتايىن پايدىلىق.

12. ئىسسىقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىشنى داۋالاشتا بىرەر چەكلىمە بولمىسا، قاندىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن مەتبۇخ ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ (بۇ مەتبۇخقا چوقۇم تەمرى ھىندى، ھېلىلە چۈشكەن بولۇشى كېرەك). تازىلاپ ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھەببى جالىنۇس ئارقىلىق باشنى تازىلايدۇ. ئەگەر بۇ ئارقىلىق خىلتلار تولۇق تازىلىنىپ بولالمىغان بولسا، خەشخاش پوستى بىلەن بىللە بىنەپشە، بۇغداي كېپىكىنى بىرلەشتۈرۈپ قاينىتىپ، ئۇ ئارقىلىق باش يۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق توختىمىغان بولسا، ئۇسۇك ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، بەزرۇلبەنجى بىر گىرام، مۇرمەككى ئۈچ گىرام، ئەپيۇن 0.3 گىرام، كەتىرا 0.5 گىرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ سىركىدە يوغۇرۇپ، بىر پارچە قەغەزگە سۇۋاپ باش ساھەسىگە سۇۋىلىدۇ.

## 2. سوغۇقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج شقيقه بارد

1. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولسا، بەلغەمنىڭ مۇنزىجى بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەج ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. بەلغەم خىلتى پىشۇرۇش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى ياكى مەستىكى، رۇم بەديان، بەديان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئەگەر باش ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان بولسا، سەۋدانى پىشۇرغۇچى ۋە سۈزۈپ چىقارغۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ئاغرىقنى توختىتىش ئۈچۈن بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرسى مۇسەللەسىنى خېنە سۇيىگە چىلاپ باشقا سۇۋاش، مۇرمەككى، زەپەر، مۇۋاپىق مىقداردا ئىپار قاتارلىقلارنى ئەرقى گۇلگە چىلاپ باشقا سۇۋاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

3. ئەگەر ماددا بەك قويۇق بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سۇۋالمىغا بىر ئاز ئەپيۇن

ۋە بىخ كەبىر پوستى قوشۇلىدۇ ۋە ياكى ئەنزىرۇت بىلەن پىلپىلنى ئەرقى گۇلگە چىلاپ، چىكە قان تومۇرنىڭ ئۇدۇلىغا سۈۋىلىدۇ.

4. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل كېسەللىك ئۇچۇن تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

① پەرپىيۇن بەش گىرام، ھىڭ ئۇچ گىرام، جاۋشىر توققۇز گىرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سىركىگە چىلاپ سۈۋىلىدۇ. ② يەسمەن يېغى، ئىپار قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ③ ئەپيۇن، قۇندۇز قەھرى، قارىمۇچ قاتارلىقلارنى كالا سۈتىدە ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، ياشانغانلاردىكى باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ④ مەرزەنجۇش غولى، بابۇنە ھەر بىرى 36 گىرام، شۇمشا ئۇرۇقى لوئابى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ خالتىغا سېلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزسە ئېغىر دەرىجىدىكى باش ئاغرىقى ئۇچۇن پايدىلىق. شۇنداقلا باشتىكى قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. بەزى تېۋىپلار بۇنىڭغا پىننە، قۇستە، ئىنەكپىتى ھەر بىرىدىن 18 گىرام قوشۇپ ئىشلەتكەن.

5. ئەگەر يېرىم باش ئاغرىش بىلەن سوغۇقتىن بولغان نەزلە قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، ئۇستقۇددۇس تۆت گىرام، بەدىيان ئالتە گىرام، قىزىل شېكەر 25 گىرام قاتارلىقلار قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇغداي كېپىكى، تۇزلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خاكشى، ئاش تۇزى، خىنە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ باشقا سۈۋۈسا، زۇكامدىن كېيىنكى باش ئاغرىقى ئۇچۇن پايدىلىق.

6. ئەگەر بۇ خىل كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولۇپ، يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن ساقايمىغان بولسا، ئايارەج پەيقىراغا، غارىقۇندىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇچ گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

7. تۆۋەندىكى ئۇسۇللار سوغۇقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقنى داۋالاشقا پايدىلىق

1) جوزنى سۇرۇپ سۈۋاش، تەرياقى كەبىر ئىستېمال قىلدۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۇچۇن پايدىلىق.

2) ھۆل زەنجىۋىلدىن 15 گىرامنى 500 مىللىلىتىر سۇدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا خىنە ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋاش ۋە ئاخشىمى يۇيۇۋېتىش باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە ھەر خىلدىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك يېرىم باش ئاغرىقى ئۇچۇن پايدىلىق.

3) سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە ھەر بىرى بەش ھەسسە، زەرچىۋە بىر ھەسسە قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، دەريا سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۆممىلاچ ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ھەر قېتىمدا بىر تالدىن ئېلىپ، يېرىم دانە قارىمۇچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۇدا ئېزىپ، باشنىڭ ئاغرىمىغان تەرەپتىكى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە ئۇڭدا

ياتقۇزۇپ ئۇخلىتىلىدۇ ۋە بۇ خىل ئۇسۇل 2～3 كۈن قوللىنىلىدۇ.

4) شۇر قەلىمى يالغۇز ھالەتتە ياكى شۇرە قەلىمى بىر ھەسسە، پىلپىل ئىككى ھەسسە دورىلارنى سوقۇپ ئەرقى گۈل بىلەن ئېرىتىپ، ساق تەرەپتىكى بۇرۇنغا تېمىتىش ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا: سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر يەنى توخۇ، قۇشقاچ گۆش-لىرىنىڭ شورپىلىرىغا دارچىن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇمغا دارچىننى سوقۇپ سېپىپ بېرىلىدۇ.

5) زەپەرنى گۈل يېغى ياكى ئەرقى گۈلگە چىلاپ باشقا سۈۋسا ئىنتايىن پايدىلىق.

6) سۈزاپ، پىننە، گۈل يېغى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ ياكى ھەببۇلغار، سۈزاپ، قىچا قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ. قۇرسى رۇمان يېگۈزۈلىدۇ.

7) ئەگەر خىلىت سوغۇق بولسا، قىچا، ئاقىرقەرھا چېپىلىدۇ.

8) سوغۇقتىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۇچۇن كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تارقىتىش زۆرۈر بولسا، خىلىتنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن سۈۋالما ۋە چېپىلمىلاردىن كۈچلۈكرەك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. سۈۋالما ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئىككى چېكە مۇسكۇللىرىنى بارماق ياكى لۆڭگە ئارقىلىق ئۇۋۇلاش لازىم، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈۋالما دورىلار سۈۋىلىدۇ.

9) ئاغرىق ئېغىر بولۇپ، ئاغرىق توختىتىش زۆرۈر بولغاندا ئاغرىغان تەرەپ چېكىگە ئەپيۇن ۋە ئەنزىرۇت بىلەن سۈۋالما تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ.

10) ئاغرىق توختىتىش ئۇچۇن قان تومۇرنىڭ (شىريان تومۇرنىڭ) لوقۇلدىشىنى توختىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن قوغۇشۇن ياكى ياغاچ پارچىسىنى قان تومۇرغا قويۇپ باغلاش ئىنتايىن پايدىلىق.

11) تازىلاش، مۇجۇش، دورا چېچىش، خىلىتنى تەڭشەش تەدبىرلىرى ئارقىلىق باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش يوقالمىسا، سەبرە ئالتە گرام، پەرپىيۇن تۆت گرام، مۇرمەككى، خەربەق پوستى ئالتە گرام، شەھمەنزەل، سوقمۇنيا ھەر بىرى 12 گرام، توغرىغۇ ئون گرام، مۇقەل تۆت گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە ئاب بىلەن كۇمىلاچ ياساپ، 5 ～ 6 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىق تولۇق ساقايمىسا، ئايارەج لوغانزىيا، ئايارەج جالىنۇس بېرىلىدۇ ياكى باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن سەبرە چىلان-مىسى (نۇقۇئى سەبرە) ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بەدەن بۇزۇق (ئارتۇق) خىلىتلاردىن ئوبدان تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاغرىق تەرەپكە، ئىككى چېكىگە مۇۋاپىق سۈۋالمىلار سۈۋى-لىدۇ.

8. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى داۋالاش ئاساسەن بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئوخشايدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي

بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بەدىياندىن يەتتە گرام، گۈلقەنتتىن 36 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ. كېسەللىك ماددىسى پىشقاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش ئۈچۈن ھەببى ئىستەمخىقۇن بېرىلىدۇ.

9. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشىنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن ئون گرام ئېلىپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، 35 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى پىشقاندىن كېيىن ھەببى ئەفتىمۇن ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى سۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە ھۆل ئىسسىق تەبىئەتتىكى دورىلارنى پۈرىتىش، ئىسسىق تەبىئەتتىكى دورىلارنىڭ چىلانمىسى بىلەن باشنى يۇيۇش ئارقىلىق مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ ۋە كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

10. تۆۋەندىكى ئۇسۇللارمۇ بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاشقا پايدىلىق

1) داۋائى مىشكى تەلىخ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

2) سوغۇقتىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن سەبرە، كۈندۈر، سامساقلار-دىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇۋالما ياساپ، باشقا سۇۋاش، كاۋاۋچىنىنى مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىش، ئايارەجلەرنىڭ بىرەرىنى تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

3) ئەنتاكى بۇ توغرۇلۇق «تەركىبىگە سانا، قەلەمپۇر، بەسباسە چۈشكەن مەجۇنى ئەنتاكى سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن پايدىلىق، ئۇنىڭدىن باشقا ئوشەق، شەھمەنزەل، خىنە، كاۋاۋچىن قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن سۇۋاش سوغۇقتىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

4) سوغۇقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقىغا داۋالاشقا قارىغاندا قىيىنراق بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان يېرىم باش ئاغرىقىدا كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى يوقىلىشتەك خەتەرلىك كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىدا داۋالاش كېرەك.

11. ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ھېلىلە كابىلى پوستى 50 گرامدىن، ئامىلە شىرىسى، كەكرى ئۇرۇقى، سانا، ئۇستىقۇددۇس 15 گرامدىن، ئەپسەنتىن، غاپەس، قەنتەرىيون ئون گرام، شوكائى، قىزىلگۈل، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 20 گرامدىن، ئەفتىمۇن 25 گرام، تەرەنجىبىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 100 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ سۈزۈپ، 375 گرام مەتبۇخقا غارىقۇن، تۇربۇتتىن ئۈچ گرام، تۇزدىن بىر گرام ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە بىر گرام

ئايارەج پەيقىرانى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇپ، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ مەتبۇخ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە كۈن مۇنزىج بېرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە تەس سىڭىدى-غان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن، ئاخشاملىقتا تاماقنى كۆپ يەپ قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىشتىن ساقلىنىپ، يەڭگىل غىزالار بىلەن ئوزۇقلىنىشى لازىم. يەتتە كۈندىن كېيىن كېسەللىك يەڭگىللىمىسە، قىزىلگۈل، ئەپسەنتىن، تۇربۇت، جۇۋىنە، مەستىكى ئۈچ گرامدىن، ئايارەج پەيقىرا، غارىقۇن ئىككى گرامدىن، ماھىزەھىرەجدىن ئىككى گرام، قارا خەربەقتىن 0.5 گرامدىن، سەبرىدىن 36 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئاپىلسىن يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ياكى بادرەنجى بۇيا سۈيى ۋە ياكى كونا ھاراق بىلەن نەمدەپ (يۇغۇرۇپ)، ھەر ئون گرامغا 0.5 گرام سوقمۇنيا ئارىلاشتۇرۇپ قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۆمىلاچ ياساپ بېرىلسە، سوغۇقتىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

12. سوزۇلما خاراكتېرلىك باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن چۆپچىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىتياڭىقى يىلتىزى، كۇندۇر، زەپەر، سەبرە ئۈچ گرامدىن، بەزرۇلبەنجى-دىن يەتتە گرام، گىل ئەرمىنىدىن 35 گرام، سەمغى ئەرەبى، ئەنزىرۇت، مۇرمەككى ئىككى گرامدىن، ئەپيۇندىن 0.5 گرام، كاپۇردىن 0.2 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن مەلھەم تەييارلاپ باشقا چاپسا، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ئۈچۈن پايدىلىق.

## تۆتىنچى پەسىل قاپاق ئۈستى (قاش) ئاغرىقى

## عصابه

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل پېشانە مۇسكۇلى ئەتراپى ياكى قاپاق قىسمى ئاغرىيدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىمار كۆزىنى ئاچالمايدۇ. يورۇقلۇقتىن قاچىدۇ. بىمار پېشانىسى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش بىلەن قاپاق ئۈستى ئاغرىشنى تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرگەن. يەنى باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشتا ئاغرىش كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاغرىق بولمايدۇ. قاپاق ئۈستى ئاغرىشتا كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاغرىش بىر ئاز تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، تامامەن يوقال-مايدۇ. ئادەتتە بۇ خىل ئاغرىش كېچە - كۈندۈز ئوخشاش بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

قاپاق ئۈستى ئاغرىشنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ:

1. خىلتلاردىن شەكىللەنگەن بۇخارات بەدەندىن باش تەرەپكە ئۆرلەپ باشنىڭ ئالدىن-قى قىسمىغا توپلىشىۋېلىپ، بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

2. خىلتسىز ئىسسىقلىق كەيپىيات، يەنى ئاپتاپ ياكى ئوتنىڭ ئىسسىقلىقى تەسىرى-دىن كېيىنلا سوغۇق مۇھىت تەسىرىگە ئۇچراشتىن، تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى بۇزۇق تەر سىرتقا چىقىپ كېتەلمەي، ئىككى چېكە ۋە كۆزدە توپلىشىۋالىدۇ.

3. زۇكام ماددىلىرىنىڭ بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشىدىن بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكتە ئاغرىقنىڭ داۋاملىق بار - يوقلۇقى، ئۆتمۈش كېسەللىك سەۋەبلىرى، ئاغرىقنىڭ كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلمەي بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى، كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن سوغۇق تېگىپ قالغانلىق ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقى تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بۇخاراتتىن بولغان بولۇپ، ئاغرىق قۇياش چىققاندىن قۇياش ئۆرلىگەنچە داۋاملىشىپ، قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن تامامەن يوقالسا ۋە كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئاپتاپ ياكى ئوتنىڭ ئىسسىقلىقى تەسىرىدىن كېيىنلا سوغۇق ھاۋا تېگىش ياكى سوغۇق سۇ بىلەن باشنى يۇيۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، بۇ كېسەللىك خىلتسىز ئىسسىقتىن شەكىللەنگەن بۇخاراتتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك زۇكامدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ زۇكام پەيدا قىلغۇچى ماددىسىنىڭ باش ساھەسىدە توختاپ قالغانلىقىدىن بولغان بولىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە زۇكام مەزگىلىدە قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەرنى يېگەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

1. ئەگەر قاپاق ئۈستى ئاغرىش خىلتلىق بۇخارات سەۋەبىدىن بولسا، شىرخىست، تەرەنجىبىن، ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرى، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ ۋە ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، ئىسسىقلىق ۋە بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقى قاتارلىقلاردا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كاپۇر، ئاقسەندەل، سىركە قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ.

2. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تەڭشەش ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە تارتىش ئۈچۈن پۇتلارنى باغلاش، تاپاننى مۇجۇش، يوتا ۋە پاچاقتا قانسىز لوڭقا قويۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

3. كېسەللىك ماددىسىنى تازىلىغاندىن كېيىن لىمون شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتىدىن 20 گرامدىن، ئەرقى بىدە سادىدە، ئەرقى بىدمىشكىدىن 60 گرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈ-

لۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. سىركە، ئەرقى گۈل، ئايال كىشىنىڭ سۈتى توققۇز گرامدىن، ئوسۈك ئۆرۈكى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، زىرىق ئۇسارىسى، ئاق سەندەل ھەر بىرىنى ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۈيۈق پۇرالما تەييارلاپ پۇرىتىلىدۇ ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتى، قاپاق يېغى، ئوسۈك يېغىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، بىر گرام كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ.

4. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا، ئارپا ئېشى، بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدىمىشكى بىلەن بېرىلىدۇ ياكى سېمىزئوت، ئانار ئۆرۈكى، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا قاتارلىق چۈچۈمەل نەرسىلەرنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ.

5. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن كېسەللىك ساقايمىسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى سۇ فۇپى تاباشىرمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. يەنى تاباشىر، ئەپيۇن، زەپەر، قەنت، ئايال كىشىنىڭ سۈتى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە شىياف ياساپ قۇرۇتۇلىدۇ ۋە زۆرۈر بولغاندا گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغى ۋە ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن ئېزىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

6. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ خىل كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

ئارپا يارمىسى، ئاق لەيلى ئۆرۈكى، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل، سىركە، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قائىدە بويىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىك خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن سىرتتىن مۇۋاپىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

گۈل يېغىغا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

تەرخەمەك ئۆرۈكى، سېمىزئوت ئۆرۈكى، قۇرۇق يۇمغاقسۈتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قايىنىتىپ، تەمىنى چىقىرىپ، ئەتىگەندە بىنەپشە شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىترىفىل كەشنىز قايناق سۇ ئارقىلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

7. ئەگەر كېسەللىك ئاپتاپنىڭ تەسىرىدىن بولسا، بۇنىڭغا قارىتا خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

8. ئەگەر قاپاق ئۈستى ئاغرىش، نەزلە سۈيۈقلۇقى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا ئىسسىقتىن بولغان زۇكام كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسسىقلىق دورىلار ۋە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

9. ئۇنىڭدىن باشقا قۇلاقتا گۈل يېغى، كاپۇر تېمىتىسمۇ بۇ خىلدىكى قاپاق ئۇستى ئاغرىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

10. ئەگەر كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش زۆرۈر بولسا ۋە ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، قوغۇن ئۇرۇقى بەش گرام، سەرپىستان توققۇز دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بەش گرام، پىرسىياۋشان يەتتە گرامنى ئاخشىمى ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 36 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. 2~3 كۈندىن كېيىن ھارارەت تۆۋەنلىگەن بولسا، بۇ دورىغا گاۋزىبان، گۈل گاۋزىبان بەش گرامدىن، بەدىيان، كاسنە يىلتىزى يەتتە گرامدىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن بۇ دورىغا ئۇستقۇددۇس توققۇز گرام، سانا ئىككى گرام، ھېلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلى پوستى ھەر بىرى بەش گرام، قارا ھېلىلە ئالتە گرام، خىيارشەنبەر 80 گرام، قىزىل شېكەر، گۈلقەنت ھەر بىرى 50 گرام، سېرىقماي ئالتە گرامنى قوشۇپ قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ئىككى قېتىم بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنزىج بېرىلىدۇ. ئاخىرىدا ئايارەج ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## بەشىنچى پەسىل    مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش

## زكاء حس دماغی

**تونۇش:**

بۇ باشقا ھېچقانداق ئاغرىش بولماستىن، بىمارنىڭ مېڭىسىدە بىر خىل غىدىقلىنىش بولىدىغان، بىمارنىڭ بېشىنى كۆچلۈكرەك باسسا، بىر قاتتىق نەرسە ئاستا ـ ئاستا ماڭغاندەك مەلۇم بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، باشنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇسا راھەت ۋە ئاراملىق ھېس قىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ خىل كېسەللىك يەڭگىل بۇخاراتلارنىڭ مېڭە قاتلاملىرىنى غىدىقلىشىدىن بولىدۇ. يەنى بۇخارات مەلۇم بىر ئەزادىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن بولۇپ، مېڭە قاتلاملىرىدا توپلىشىپ غىدىقلىنىش ۋە چىڭقىلىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ سۈيدۈكى قىزىق، قىيامى سۈيۇق بولۇپ، تومۇرى ئىتتىك، ئىنچىكە، قالايمىقان سوقىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇنىڭدا بۇخاراتنى توختىتىش، خىلتلارنى ھۆللەشتۈرۈش، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن

ھۆل سوغۇق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان ۋە بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى ياكى نېلۇپەر شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىسپىغۇل لۇئابى، مائۇلجەبىن، تاۋۇز سۈيى قاتارلىقلاردىن بىرى خەشخاش شەربىتى ياكى بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئارپا سۈيى، ئوسۇڭ، پالەك، قاپاق، بادام مېغىزى شىرىسى، ئۆچكە سۈتى، ئاق قەنت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق خىلىتلارنىڭ مىزاجى نورماللاشقان ۋە ئۆتكۈرلۈكى تۆۋەنلىگەن بولسا، ئەپسەنتىن، تەمرى ھىندى، ئەفتىمۇن، سېرىق ھېلىلە، شىرخىست، تەرەنجەبىن قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ مۇسھىلى ئارقىلىق ئارتۇق خىلىتلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ھەر خىل سۇۋالىلارنى سۇۋاش ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى قاينىتىپ باشنى يۇيۇش، سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، مائۇلجەبىن بېرىشكە ئوخشاش داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

باشنىڭ ئېغىرلىقىنى داۋالاشتا باشنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ، خىلىت ئېتىبارى بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل   مېڭە پەردە ياللۇغى

سرسام

**تونۇش:**

بۇ كېسەللىك ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىسى ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغى، ئىككىنچىسى ساختا مېڭە پەردە ياللۇغى دېيىلىدۇ. مېڭە شىللىق پەردىلىرى ياكى مېڭىنىڭ ئۆزىدە ياللۇغ بولسا، بۇ ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغى بولىدۇ. ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغى ئورۇن ۋە خىلىت ئېتىبارى بىلەن بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەسىلەن: ياللۇغ مېڭە نېپىز پەردىلىرى ياكى قېلىن پەردىلىرىدە بولۇپ، ئۇنى پەيدا قىلغان غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار ئىسسىق بولسا، «پەرانىتىس» (سەپرا ياكى قان خىلىتىدىن ۋە ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىشىشىدىن بولغان ياللۇغ بولىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىن بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى تەرەپكە مايىلراق بولسا، بۇ شۇ خىلدىكى كېسەللىكنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، تاتلىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، گۆشنى كۆپ يېيىش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن مېڭە پەردە ياللۇغى پەيدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى تېۋىپلارمۇ كېسەللىك ئورۇن ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يەنى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى «پەرانىتىس»، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى «پەرانىتىيىس خالىس» دەپ بۆلۈنىدۇ. مېڭىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان ياللۇغ خىلت ئېتىبارى بىلەن قان خىلتى بۇزۇلغان ۋە چىرىگەن سەۋەبتىن بولغان بولسا، «پەلغمۇنى ۋە شىفاقىلۇس»، سەپرانىڭ قانغا ئارىلاشقان ياكى قان بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بولسا، «ھۇمرە»، كۆيگەن سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا «جەمرە»، ئەگەر كۆيگەن قان خىلتىدىن پەيدا بولغان بولسا، «غانغىرنا» ۋە «شىفاقىلوس» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر سەرسامنىڭ خىلتى سوغۇق بولسا «سەرسام بارىد (سوغۇقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى)» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ:

1. مېڭىنىڭ ئۆزىدە ياكى مېڭە كانالچىلىرىدا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ياللۇغلىنىش بولسا، «لسىرغىس»، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بولسا «غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. مېڭە ياكى مېڭە شىللىق پەردىلىرىدە ياللۇغ بولماستىن بۇزۇق بۇخاراتلار يۇقىرى ئۆرلەپ، مېڭە شىللىق پەردىلىرىنى غىدىقلاپ جۈيلۈش، ئەقىل ئېلىشىش قاتارلىقلارنى پەيدا قىلغان بولسا، بۇ «ھەقىقىي بولمىغان مېڭە پەردە ياللۇغى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا جۆيلۈش، ئەقىل ئېلىشىش بىلەن بىرگە داۋاملىق قىزىتما بولۇش، قىزىتما چۈش ۋاقتىدا ئۆتكۈرلىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ مەخسۇس ئالامىتى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىرەر كېسەللىك قوشۇلغان بولسا ۋە بىمار بىئارام بولۇش، بارماقلىرىنى توختاتماي ھەرىكەتلەندۈرۈش، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىش، نەپەس سىقىلىش، مۇرىسى چىقىپ قېلىش، قوۋزى ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار لىكىلداش، بىمار ئۇخلىغاندا چۆچۈپ تۇرۇپ كېتىش، ساراڭدەك قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ۋارقىراش، تىل تىترەپ تۇرۇش، تىلى قورۇش، تىلدا ئىششىق پەيدا بولۇش، ئاۋاز پۈتۈش، كۆپ ئۇسساش، ئەمما سۇنى كۆپ ئىچمەسلىك، قول - پۇت سوۋۇپ

كېتىش، سۈيدۈكى سۈزۈك بولۇش، تومۇرى قاتتىق، كىچىك، ئىتتىك بولۇش ۋە تومۇر ھەرىكىتى ھەرە چىشىسىمان بولۇش، تومۇرى دولقۇنلۇق، ئارقىمۇئارقا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا، ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغ ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە بۇرۇندىن قان ئېقىش، ئۇزۇن نەپەس ئېلىش، تومۇر ھەرىكىتى دولقۇنلۇق، ئارقىمۇئارقا بولۇش، چىراي ۋە كۆزلىرى قىزىل بولۇش، كۆز ياشاڭغۇراش ۋە چاپاق كۆپ بولۇش، ئۇيقۇسى كەلمەسلىك، تىلى يېرىك بولۇش، تىلىنىڭ رەڭگى دەسلەپتە قىزىل بولۇپ، بارا - بارا قارىداش ئاخىرىدا تامامەن قارىداش، سۆزلىگەندە تىل كېكەچلىشىش، چىراي ۋە كۆزلەرنىڭ تومۇرلىرىغا قان تولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈش، بىمار سەۋەبسىزلا كۈلۈش، ئولتۇرۇپ قوپۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا، ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە قىزىتمىلىق تەپ، ئۇيقۇسىزلىق، تىل ۋە بۇرۇن قۇرۇش، ئاچچىقى يامان بولۇش، ئەخلاقى يامان بولۇش، بۇرۇن ئەتراپىدا قاقاچ پەيدا بولۇش، چىراي، كۆزىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇش، تىلىنىڭ رەڭگى قارىداش، تومۇر ھەرىكىتى كەڭرى ۋە ئارقىمۇ ئارقا بولۇش، يۈزىنىڭ تېرىسى ئۈستى تەرەپكە يىغىلغان بولۇش، بىمار داۋاملىق بىئارام بولۇش، يورۇقلۇقتىن قېچىش، نەپىسى تېزلىشىش، ئۇسسۇزلۇقى كۆپ بولۇش، سۈيدۈكىنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى ئوت رەڭگىدە بولۇش، قەۋزىيەتلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر سەپرا كۆيگەن بولسا، يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر بىلەن بىرگە تىنىقى ئۇزۇن بولۇش، كۆز دۈغلىشىش، بىمار ئۇخلاشتىن قورقۇش (ئۇخلىغاندا ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش، بەزىدە سەۋەبسىز يىغلاش، زارلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ).

ئەگەر بۇ كېسەللىك چىرىگەن قاندىن بولغان بولسا، بىمارنىڭ كۆزلىرى تېشىغا چىقىپ قېلىش، قىزىل بولۇش، چىرايى قىزىرىش، بوينى قېتىپ قېلىش، قەي قىلىش، يىقىلىپ چۈشۈشكە مايىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بەزىدە ئىششىقنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئېغىرلىقىدىن باش ئوتتۇرىسى ئېچىلىپ قالىدۇ ۋە چېكىلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆپىنچە بىمار ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۈچىنچى كۈنىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بولىدۇ. سەپرانىڭ قان خىلتىغا ئارىلىشىشىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا باشتا ئېچىشىش ۋە ئاغرىش بولۇپ، يۈزىنى سىيلىسا سوغۇق بىلىنىدۇ ۋە چىرايىنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ. بەزىدە بىراقلا چىرايى قىزىل ھەم قىزىق بولىدۇ. ئېغىز قۇرۇيدۇ. قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا

كېسەل ئۈچ كۈندىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل كېسەللىك بالىلاردا پەيدا بولۇپ قالسا، كىچىك تىل ئىچ تەرەپكە ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، كۆزى نۇرسىز، ئولتۇرۇشاڭغۇ بولۇش، ئورۇقلاپ كېتىش قاتار-لىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

كۆيگەن سەپرا خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا بىمارنىڭ مېڭىسىدە كۆيگەندەك ئېچىشىش بولىدۇ.

قان خىلىتى كۆيگەن سەۋەبتىن مېڭە قان تومۇرلىرىدا ياللۇغلىنىش پەيدا قىلغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا كۆزنىڭ قارىسى يوقىلىپ، ئاقلىق پەيدا بولىدۇ. بىمار ئۇخلىغاندا ئوڭدا ياتسا، ئاراملىق ھېس قىلىدۇ. قورساق كۆپىدۇ، مۇرە تارتىشىدۇ، ئەزالاردا لىكىلداش كۆپ بولىدۇ، چىرايىنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ ياكى قارىداپ قالىدۇ، ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئادەتتە مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ بۇ قىسمى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئومۇمەن ئۈچ كۈندىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىدا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر بىلەن بىرگە قىزىتما بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى كىچىك، قاتتىق ۋە قالايمىقان بولۇش، بىماردا بىر ئاز ساراڭلىق بولۇش، ئۇخلىغاندا قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىش، تولا قورقۇش، ئۆلۈمنى كۆپ ئويلاش، داۋاملىق ئۇخلىيالماسلىق، بۇرۇن، تىل ۋە كىچىك تىللىرى قۇرۇپ كېتىش، گېلى سىقىلىپ قالغاندەك تىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. تۆتىنچى كۈنى بىمارنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. يەنى سۈيدۈكنىڭ رەڭگى كۆك بولۇپ قالىدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (لىسىرغىس) دا ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىدا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر بىلەن بىرگە يەڭگىل قىزىتما بولۇش، تومۇرى توم، قالايمىقان، كەڭ، يۇمشاق، دولقۇن-سىمان سوقۇش، نەپەس ئېلىش ئاجىزلاش، دەم سىقىش، ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، ئۇنتۇ-غاقلىق، ئېغىزىدىن كۆپلەپ شۆلگەي ئېقىش، تولا ئەسنەش، ئېغىزى ئېچىلىپ قېلىش، تىلىنىڭ رەڭگى ئاقىرىش، سۆزلىيەلمەسلىك، تىل ۋە كالپۇكلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش قىيىن بولۇش، چوڭ تەرىتى يۇمشاق، كىچىك تەرىتى قويۇق بولۇش، ھېق تۇتۇش، تىترەش، ياتقان ۋاقتىدا ناھايىتى بىئارام بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ساختا مېڭە پەردە ياللۇغىدا ئەقىل ئېلىشىش ۋە جۆيلۈش بىراقلا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇشى باشقا ئەزالارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ بىرەرسىنىڭ كېسەللەنگەن تارىخى بولىدۇ. شۇ ئەزانىڭ كېسەللىكىنىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇشى مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: دىئافراگما ۋە كۆكرەك مۇسكۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى

كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن دىئافراگما ياللۇغى (بەرسام) ياكى ھۆل كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. يەنى نەپەس ئېلىشتا سانجىلىپ ئاغرىش، دەم سىقىلىش، قۇرۇق يۆتەل بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى ھەرە چىشسىمان بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە قىزىتما كۆپىنچە كۆكرەك ئەتراپىدا بولىدۇ ۋە نەپەسلىنىش قالايمىقان بولىدۇ. نەپەسلىنىش ئاجىز ۋە قىسقا بولۇشقا مايىلراق بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى بىرەر خىلىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، مەزكۇر خىلىتنىڭ ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا توپلىنىپ تۇرۇشىدىن ئېچىشىش، كۆيۈشۈش، ئۇسساش، ئېغىز ئاچچىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا بىرەر ئەزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، مەسىلەن: دوۋساق، بالىياتقۇ قاتارلىقلارنىڭ ياللۇغى شۇ ئەزالارنىڭ ياللۇغلىرىنىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇشىغا قاراپ بۇ كېسەللىكمۇ ئېغىر يېنىك بولىدۇ.

**ئىزاھات:**

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى بەزىدە باشقا ئەزالاردا ياللۇغ بولۇپ، شۇ ياللۇغنىڭ مېڭە پەردىلىرىگە شېرىك بولۇشى ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ مېڭە پەردىسىگە يۆتكىلىشى سەۋەبىدىن مېڭىدە ئىششىق پەيدا بولغان بولسا، بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بۇ كېسەل باشلىنىپ تۆتىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن تۆت كۈندىن ئېشىپ كەتسە ساقىيىپ كېتىش ئۈمىدى بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا باش ۋە بويۇن داۋاملىق ئېغىر بولۇپ، زەڭگار رەڭلىك قەي قىلسا ۋە تارتىشىش بولسا، ئادەتتە بۇنداق كېسەللەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنى كۈچلۈكرەك بولسا كۆپ بولغاندىمۇ بىر كۈن داۋالاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەگەر قىزىتما تۆۋەنلەپ ئۇنىڭدىن كېيىن جۆيلۈش ئازلىغان بولسا، ياكى بوۋاسىرنىڭ قېنى ئاققان بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېڭە پەردە ياللۇغىدا چۈشكۈرۈك كەلسە بۇ بىر ياخشى كېسەللىك ئالامەمىتى بولۇپ، كېسەلنىڭ ساقىيىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

بەزىدە مېڭە پەردىلىرى بىلەن باشنى تۇتاشتۇرىدىغان تومۇرلاردا ياللۇغلىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن مېڭە قان تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ مېڭە پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇشى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ساقىيىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

بۇ كېسەلدە داۋاملىق باش ئاغرىش، ھەرقايسى ئەزالارنىڭ مۇسكۇللىرىدا لىكىلداش كۆرۈلسە، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. مېڭە پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نەپەسلىنىشكە ئالاقىدار بولىدۇ. چۈنكى نەپەسلىنىش ئىختىيا-

رىي ھەرىكەت بولۇپ، مېڭە پەردە ياللۇغىدا ئىختىيارىي ھەرىكەت توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە نەپەس قىيىنلىشىش ۋە قالايمىقان بولۇش، كۆز پۇلتىيىپ چىقىش، سۈيدۈك تامچىلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ بىمارنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ئېچىلىپ قالسا ۋە كۆزلىرىدە ھەرىكەت بولمىسا، بىمار شۇ كۈنى ياكى ئىككىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئېغىزى ئېچىلىپ قېلىپ ھوشىغا كەلمىسە، بۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. بۇ كېسەللىكتە بىرلا كۆزىدىن ياش ئېقىش ياكى ئەقىل ئېلىشىش بىلەن بىرگە كولۇش، بەزىدە يىغلاش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر سۈيدۈكنىڭ قىيامى بەك سۇيۇق بولسا، بۇ ئۆلۈمنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

مېڭە پەردە ياللۇغى ئۆپكە ياللۇغىدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، خىلتىنىڭ ئىنتايىن ئىسسىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ساختا مېڭە پەردە ياللۇغى كۆپىنچە ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بەزىدە مېڭە پەردە ياللۇغى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ياكى ساراڭلىق (جۇنۇن) قا ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ خىلتى سوغۇقلۇق تەرەپكە مايىللاق بولغانلىقى ئۈچۈن بەدەن مۇسكۇللىرىدا قاتتىقلىق پەيدا بولۇش، كۆپ تەرلەش ئالامىتى كۆرۈلسە، ئۆلۈم يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. نەپەسلىنىشنىڭ نورمال بولۇشى، ئەگەشمە ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلمەسلىكى، بەدەن مۇسكۇللىرىدا يۇمشاقلىق پەيدا بولۇش، قولىقىنىڭ ئارقىسى ئىششىش ئالامىتى كۆرۈلسە، ساقلىق ۋە سالامەتلىكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

مېڭە پەردىلىرىدە بولىدىغان بەلغەم خاراكتېرلىك مېڭە پەردە ياللۇغىدا بىمارنى ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللار لىككىلداش، قول ـ پۇت تىترەش ۋە ئىشتىھا نورمالسىزلىنىش، سۈيدۈك ئىختىيارسىز ھالدا چىقىپ كېتىش كۆرۈلسە، بۇ خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ 7 ~ 8 ـ كۈنلىرى يۈرەكتە نورمالسىزلىق ياكى ھوشسىزلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، بىمار شۇ كۈنى ياكى ئىككىنچى ـ ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

**داۋالاش:**

گۈل يېغى، ئارپا سۈيى، زەيتۇن يېغى، سۇ قاتارلىقلاردىن كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىش. زۆرۈر بولسا، بۇلارغا بىرلەشتۈرۈپ بىرقەدەر كۈچلۈك كىلىزما ئىشلىتىش ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ كېسەللىككە قارىتا سۇيۇق پۇرىتىلما دورىلارنى ئىشلىتىش، خىلتنى تەڭشەش، قول ـ پۇتنى باغلاش ۋە مۇجۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ:

1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا پاچاقا قانلىق لوڭقا قويۇش، ئۇنىڭدىن باشقا خىللىرىغا تىلما لوڭقا قويۇش، باشقا گۈل يېغى ۋە سىركە سۈۋاش پايدىلىق.

2. توخۇ ياكى كەپتەرنى بوغۇزلاپ، ئىسسىق قېنىنى بۇرۇنغا تېمىتىش، توخۇ ياكى كەپتەرنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىسسىق ھالدا بىمارنىڭ بېشىغا قويۇلىدۇ.

3. مېڭە پەردە ياللۇغىدا داۋاملىق قىزىتما بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىتمىنىڭ چارە تەدبىرلىرىدىن ھەر ۋاقىت پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

4. مېڭە پەردە ياللۇغى ئۈچۈن ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا مۇناسىۋەتلىك يۇيۇنۇش سۇلىرى، پۇرتىلما ۋە چېپىلمىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. يۇيۇش دورىلىرىغا خەشخاش ئارىلاشتۇرۇلسا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. بۇ ۋاقىتتا خەشخاشنىڭ تۇزەتكۈچىسى بولغان بابۇنەنى ئارىلاشتۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم.

5. بىمارنى قاراڭغۇ، ھاۋاسى نورمال، ھەر خىل سۈرەت ۋە پارقىراق نەرسىلەردىن خالىي جايدا ياتقۇزۇش، بىمارنىڭ ئەتراپىدا خۇشچاقچاق، بىمار ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر تۇرۇشى كېرەك. ئۇنلۇك پاراڭ سالىدىغان، بىمارنى ئاچچىقلىتىدىغان ئىشلارنى قىلماس-لىق لازىم.

6. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى تۇتىشى ئۆتۈپ كېتىپ، بىئاراملىق بىرقەدەر يېنىكلىسە ۋە بىمار ئېغىر ئۇيقۇغا گىرىپتار بولسا، كۈچلۈك دەرىجىدىكى سوغۇقلۇق دورىلارنى، جۈملىدىن خەشخاشنى ھەرگىز ئىستېمال قىلماسلىق لازىم. بەلكى باشنى يۇيۇش ئۈچۈن پىنە، ياۋا پىنە، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش، زىغىر ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى سۇ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە زەيتۇن يېغىنى ئىسسىتىپ بىمارنىڭ بەدىنىگە سۈۋىلىدۇ.

7. ئەگەر ئەقىل - ئىدراك بۇزۇلغان سەۋەبتىن بىمار سۈيدۈكنى كونترول قىلالمى-سا، ئۆچكە سۈتى بىلەن بۇزۇرى شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەم بىمارنىڭ دوۋساق ساھەسىگە زەيتۇن يېغى ئىلمان ھالدا ياكى گۈل يېغى، بابۇنە يېغى سوۋۇغاندىن كېيىن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك ۋە بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ باشنى يۇيۇش بىلەن بىرگە دوۋساق ساھەسىنى يەڭگىل مۇجۇپ بېرىش لازىم.

8. كېسەللىك ياخشىلىنىشقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھەر بىر قوشۇمچە كېسەللىكلىرى ساقايغاندىن كېيىن بىمارنى قۇۋۋەتلەشكە تىرىشىش، بىمارنى گۇلەڭگۈچكە سېلىپ ئاستا - ئاستا تەۋرىتىش لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىگە ساپ ھاۋا تەگسە بەدىنىدىكى بۇزۇق ھاۋا ساپ ھاۋاغا ئالمىشىدۇ.

9. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە مۇنچىغا چۈشۈرۈش كېرەك بولسا پاكىزە يىلىمان سۇ بىلەن يەڭگىل يۇيۇندۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق گۆشلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ھەزىمنى بۇزىدىغان يېمەكلىكلەردىن، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن، ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشتىن، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. تۆۋەندە مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## 1. ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش

علاج سرسام حقیقی

### 1) غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج سرسام حقیقی دموی وصفراوی

مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ بۇ ئىككى خىلىنى داۋالاش ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بىر جايدا سۆزلىنىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا ھارارەتنى تۆۋەتلەنكۈچى ۋە ئارام بەرگۈچى دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغىنىدا خىلتنى تارقاتقۇچى ۋە ئارام بەرگۈچى دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن سوغۇق سۇ ياكى باشقا سوۋۇتقۇچى نەرسىلەردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئەمما سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا ساقلانمىسىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئارقىلىق باش يۇيۇلىدۇ. قاپاق يېغى، ئوسۇك يېغى باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىش ئىنتايىن مۇھىم.

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا كلىزما قىلىش مۇھىم. كلىزما قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوزۇقلاندۇرۇشتا غورا، غۇراب ئۈزۈم، ئالما، رەۋەن ئۇسارىسى قاتارلىق سوغۇق ۋە قابىز نەرسىلەرنى بېرىش كېرەك. لېكىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىن بولغاندا ھېچقانداق قابىز نەرسىلەرنى بېرىشكە بولمايدۇ. بەلكى ھۆل قاپاق، پالەك كۆك ماش، ئوسۇك، يۇمغاقسۇت، پوستى ئاقلانغان ماش قاتارلىقلار سىركە، شېكەر، ئەينۇلا قاتارلىقلار بىلەن بىر ئاز چۈچۈمەللەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورىلار، پۇراتمىلار،

بۇرۇن تېمىتمىلىرى، قول - پۇتنى يۇيۇش دورىلىرى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

1. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا، سوۋۇتقۇچى دورىلارنىڭ تەركىبىگە ئىسپىغۇل لۇئابى، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلارنى قوشۇپ، ئۇنىڭغا قورۇلغان پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى سېپىپ، ئەتىگەندە ئىچىشكە بېرىلسە بولىدۇ. كەچتە بۇ نۇسخىغا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسىگە ئەرقى نېلۇپەر، ئەرقى شوخلا قوشۇپ، ئۈستىگە قورۇلغان پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ. كەچلىكى بېھى ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى يۇقىرىقى نۇسخىغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بولسا ۋە چوڭ - كىچىك تەرەت توختاپ قالغان بولسا، دورا سۇيىدە پۇتنى يۇيۇش، لوڭقا قويۇش ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نۇسخىلارنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن سەپرانىڭ سۈرگىسىنى بېرىش لازىم.

2. ئەگەر مېڭە پەردە ياللۇغى بىلەن بۇرۇندىن سۇ ئېقىش، ئاۋاز پۇتۇش، كۆز بەك قىزىرىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىرگە كەلسە، بېھى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان قاتارلىقلارنى ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇسۇڭ شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. ئەگەر مېڭە پەردە ياللۇغى ياز پەسلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىمار قوشۇمچە قان تۆكۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئىسپىغۇل لۇئابى، ئەرقى شوخلا، نېلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلارغا زەھرى - مۇھرى چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇسسۇزلۇق بەك كۆپ بولۇش، ئېغىز قۇرۇق بولۇپ، باش قىسمىدا سانجىلىپ ئاغرىش بولسا، ئەينۇلا سۈيى، ئىسپىغۇل سۈيى، ئۇسۇڭ شىرىسى، تەرخەمەك شىرىسى ۋە نېلۇپەر شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسپىغۇل شىرىسى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن پۇت يۇيۇلىدۇ.

4. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، گۈرۈچ شىرىسى، يەرلىك ئانار سۈيى، تاتلىق لىمون سۈيى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. كەچلىكى چىلان سۈيى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلار بىنەپشە شەربىتى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

5. ئۇنىڭدىن كېيىن قان تۆكۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقى نۇسخا تەركىبىدىكى ئەينۇلا سۈيىنىڭ ئورنىغا قۇرسى تاباشىرنى قوشۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ. تاماقىغا پەقەت ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسھىل مۇبارەك بېرىلىدۇ. ئاخشىمى ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە ئەرقى

گۈل ئىچكۈزۈلىدۇ. لېكىن خىلتلىق قىزىتمىلاردا قۇرس تاباشىرنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاقسەندەل، قىزىلگۈل، كاپۇر، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى، توغرالغان قاپاق، تەرخەمەك، يەرلىك شوخلا سۈيى، سۆگەت شېخى، ئاق سەندەل، نىلۇپەر، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى گۈل يېغى ۋە ئەرقى گۈلگە چىلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

نوقۇت ئۇندىن 500 گرامنى 500 گرام كالا سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ، خېمىر قىلىپ نان ياساپ، ناننىڭ بىر يۈزىنى پىشۇرۇپ، خام تەرىپىگە گۈل يېغى سۈۋاپ باشقا تېڭىلىدۇ. ھەر بىر سائەتتە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ.

ئەرقى گۈل، گۈل يېغى ئىككى ھەسسە، سىركە بىر ھەسسە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ.

7. ئەگەر سوغۇقلۇقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش زۆرۈر بولسا، ياخشى پىشقان كۆكتاتلارنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، گۈل يېغى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۈتى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ياكى باشقا سۈۋىلىدۇ (ئايال كىشىنىڭ سۈتى بولمىسا ئۆچكە سۈتى بولسىمۇ بولىدۇ). قاپاق يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىقلار باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئۇسۇڭ سۈيى، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى، قوغۇن سۈيى ۋە سىركە قاتارلىقلار پۈرىتىلىدۇ ياكى سەۋەن يىلتىزى سۈيى، كۆك كاسىنە سۈيى، تاۋۇز سۈيى قاتارلىقلارغا ئازراق كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ پۈرىتىلىدۇ ياكى ئاق سەندەل، كاپۇر پۈرىتىلىدۇ. گۈلخەيرى، نىلۇپەر، قاپاق مېغىزى 25 گرامدىن، ئارپا كېپىكىدىن 30 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە پۇت يۇيۇش، پاشۇيە دورىسى تەييارلاپ پۇت يۇيۇلىدۇ.

8. بۇ كېسەللىكتە دەسلەپتە كېسەللىك ماددىسىنى باش ساھەسىدىن قايتۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن ياللۇغ چوڭىيىپ باشنىڭ تاشقى تومۇرلىرىدا ئىششىق پەيدا بولغان بولسا، يۇمشىتىش مەقسىتىدە دورا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇتقۇچى، ئەمما قابىز بولمىغان دورا تەركىبلىرىگە بىر ئاز بابۇنە چۈشكەن دورىلارنى قوشۇپ باش يۇيۇلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلتنى مېڭە تەرەپتىن بەدەننىڭ ئاستىنقى تەرەپكە تارتىش زۆرۈر بولغاندا پۇتلارنى مۇجۇش، تىز بوغۇمىدىن باشلاپ تاپان تەرەپكە پۇتنى باغلاش، قىزىقراق سۇ بىلەن پۇتنى يۇيۇش لازىم.

بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بۇغداي كېپىكى قاتارلىق دورىلارنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئاش تۇزى ئارىلاشتۇرۇپ، پۇتنى يۇيۇش ياكى ئۇنىڭ سۈيىگە پۇتنى چۆكۈرۈپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن تىلما لوڭقا قويۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن

پايدىلىق.

9. ئەگەر سۈرگە ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ياكى قان ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن ماددىنى يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

10. ئەگەر كلىزما قىلىش مۇمكىن بولسا، سەپرانىڭ سۈرگىسىدە سۆزلەنگەن دورىلاردىن تاللاش ياكى بۇ مەقسەتتە شىيافى تەرەنجىبىن ئىشلىتىش لازىم. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، كلىزما ياكى شىياف ئىشلىتىش قىزىتما تۆۋەنلىگەندىن كېيىن بولۇشى كېرەك.

11. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق كۆپ بولسا، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى ياكى كاپۇر، ئەپيۇن، زەپەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋە ياكى ئۇسۇڭ ئۇرۇقىنى تەنها ھالدا باشقا سۈۋسا بولىدۇ. 0.2 گرام ئەپيۇننى ئەرقى گۈلدە ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. لېكىن ناھايىتى ئاجىز بولغان ھالەتتە ئەپيۇن قاتارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەر بەزىدە ئۆلۈم خەتىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق دورىلارنى ئىشلەتكەندە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك ياكى ئەپيۇن ئورنىغا خەشخاش شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئارقىلىق پۇتنى يۇيۇش ۋە ئۇسۇڭ سۈيىنى باشقا سۈۋاش كېرەك.

12. ئەگەر بىمارنىڭ كەيپىياتى سۇس، قىزىتما يۇقىرى، ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇيقۇ كېسىلى يۈز بەرسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بوھران ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بىمارنى ئويغىتىشقا تىرىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئېغىر ئۇيقۇ ھالىتىدە بىمار ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قول - پۇتنى مۇجۇش ۋە چاچنى چۇشۇرۇۋېتىش لازىم.

13. ئەگەر كېسەللىك ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، ئەمما جۆيلۈش ۋە ئەقلى ئېلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، بىمار ئاجىز بولسا، ئۆچكە سۈتىنى باشقا سۈۋاش، بىر سائەتتىن كېيىن چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بىنەپشە، بابۇنە قاتارلىق سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن باشنى يۇيۇش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقا سۈتنى سۈۋاش، بىر سائەتتىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يەنە باشنى يۇيۇش لازىم. بىرنەچچە كۈن مۇشۇ قائىدە بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا جۆيلۈش يوقىلىشى مۇمكىن.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كۆپىنچە ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. لېكىن كېسەللىك ماددىسىنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە ئىككى كۈنگىچە پەقەت سىركەنجىۋىل بېرىلىدۇ. بىمار ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە ئوزۇقلۇقنى بىرقەدەر كۈچەيتىش كېرەك، يەنى كۆكتاتلار، ماش ئۈنى، چۇچۇمەل مېۋىلەرنى بېرىش. كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىنلا يۇمشاق ئۈنىنىڭ نېنىنى سوغۇق سۇ بىلەن نەمدەپ بېرىش ۋە كاشكاپ ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن باشقا غەيرىي تەبىئىي

قان ۋە سەپرا خىلىتىدىن بولغان باش ۋە مېڭە كېسەللىكلىرىدە سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش لازىم.

14. مېڭە پەردە ياللۇغى كۆيگەن سەپرا خىلىتىدىن پەيدا بولغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئىمكانقەدەر سوۋۇتقۇچى ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى كىلىزمىلارنى ئىشلىتىش، لېكىن ماددا پىشمىغان بولسا، كىلىزما ياكى سۈرگە ئىستېمال قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خىلىت پىشقانغا قەدەر ئارپا سۈيى بىلەن گۈلاب بېرىلىدۇ. باشقا بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى سۈۋاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا داۋالاش قائىدىلىرى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش بويىچە تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

15. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا كاسىنە ئۇرۇقى، بىنەپشە ھەر بىرى بەش گرام، ئاقلانغان ئوسۇك ئۇرۇقى تۆت گرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى يەتتە گرام، ئەينۇلا ئون دانە قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى نىلۇپەر ھەر بىرىدىن 60 مىللىلىتىرغا باشقا دورىلارنى چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 50 گرام سىركەنجۇبىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاق سەندەل، ئوسۇك ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈتتىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن باشقا سۈۋىلىدۇ. سۆيۈق پۇرتىلما ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك پۇت يۇيۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. سەككىزىنچى كۈنى مەتبۇخى پەۋاكىھ ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ ۋە 12 ـ كۈنى تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. يەنى كاسىنە، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى توققۇز گرامدىن، بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى گۈلىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، ئەرقى بىدەمىشكى ساددە، ئەرقى نىلۇپەر ھەر بىرى 90 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتى 50 گرام، ئىسپىغۇل شىرىسىدىن ئون گرامنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ.

16. مېڭىنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن شېكەر، ئەرقى گۈل، گۈل يېغى قاتارلىقلار كىچىك تىلغا سۈۋىلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنى تازىلىغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئۈچ گرام قۇرسى كاپۇر 12 گرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇستىدىن بۇزۇ-رى شەربىتى بارىد 36 گرام، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى نىلۇپەر ھەر بىرىدىن 90 مىللىلىتىر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىماردا بىئاراملىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئوسۇڭنىڭ شىرىسى، ئەرقى گۈل، خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بىرەر سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

**2) چىرىگەن (كۆيگەن) قان خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:**

علاج فلغمونى و شقاقلوس

1. بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئاچچىق ئانار سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى ھەر بىرى 55 گرام، نىلۇپەر شەربىتى 50 گرام بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تاۋۇز سۈيى ياكى تەرخەمەك سۈيى تۆت كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. سۆگەت شېخى، قاپاق ۋە تەرخەمەكلەرنىڭ پوستى، سىركە، گۈل يېغى، ئۇسۇڭ قاتارلىقلار قائىدە بويىچە پېشانە، ئىككى چېكە ۋە كىچىك تىلغا تېڭىلىدۇ.

باشنى كۆچلەندۈرۈش ۋە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن قاپاق يېغى، ئۇسۇڭ يېغىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، ئۇنىڭغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋۈلىدۇ. قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئاقلانغان ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، گۈل بىنەپشە دورىلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

قىزىلگۈل سۈيى، يۇمغاقسۈت سۈيى، نىلۇپەر سۈيى، سۆگەت شېخى سۈيى، ئەرقى بىدمىشكى 12 گرامدىن، سىركە 20 گرام، كاپۇر 0.5 گرام، رۇسۇت، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، ئاق سەندەلدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە پۇرىتىلما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سۆگەت شېخى، قىزىلگۈل غولى، يەرلىك شوخلا غولى، قاپاق چېچىكى، كاسىنە ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، ئارپا كېپىكى 100 گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە 50 گرامدىن، نىلۇپەر سەككىز گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ پۇت يۇيۇلىدۇ.

2. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئەينۇلىدىن 50 دانە، قارىئۆرۈكتىن ئون دانە ئېلىپ، 500 گرام تاۋۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 50 گرام نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سەككىزىنچى كۈنى شەربەتنى توختىتىپ، كېسەللىك ماددىسىنى سۈرۈش ئۈچۈن خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 70 گرام، گۈلقەنت، شىرخىست ھەر بىرى 50 گرام، شەربىتى ئىلاھى، شەربىتى ۋەر ئەينۇلا شەربىتى ھەر بىرى 50 گرام، بادام يېغى ئالتە گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇسسۇزلۇققا ئەرقى گۈل بېرىلىدۇ. ئاخشىمى تامىقىغا پۇرچاقتا ئېتىلگەن شويلا، پالەك قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

سۈرگىنىڭ ئىككىنچى كۈنى كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن توققۇز گرام، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، ئاق لەيلى يىلتىزىدىن تۆت گرام ئېلىپ، ئەرقى گۈل، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى بىدە سادە ھەر بىرىدىن 85 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتىدىن 50 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە ئىسپىغۇل كېپىكىدىن 30 گرام، رەيھان ئۇرۇقىدىن

40 گرام سىپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.
3. ئەگەر بىماردا ئۇيقۇسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە ياكى بىر ئاز قىپقالغان بولسا، ئايال كىشىنىڭ سۈتى باشقا سۇۋۇلىدۇ. تاباشىر، زىرىختىن ئۈچ گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن خەشخاش شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى ھەر بىرى 25 گرام، ئەرقى گۈل، ئەرقى شوخلا ھەر بىرى 85 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە يېغى، ئۇسۇك يېغى، قاپاق يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. كۈندە ئون قېتىم سۈت ۋە گۈرۈچ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئەگەر مېڭە پەردە ياللۇغى پۈتۈنلەي ساقايغان بولۇپ، ئۇيقۇسىزلىق يەنىلا كۆرۈلسە، ئۇنى ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش تەدبىرلىرى بويىچە داۋالاش كېرەك.
4. ئادەتتە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. داۋالاشمۇ ئىنتايىن قىيىن. بەزىدە بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن مالىخۇلىيا كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق دورىلار ۋە مائۇلجەبىن ئارقىلىق مېڭىگە ھۆل سوغۇق يەتكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن سەۋدانىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.
5. بەدەنگە ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئارپا سۈيى، خەشخاش شىرىسى قاتارلىقلارغا تەرەنجەبىن سېلىپ بېرىلىدۇ. ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن چۈچۈمەل تەمى بىرقەدەر تۆۋەنرەك بولغان سىركەنجۇبىل ئىچكۈزۈلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ھۆل تەبىئەت-لىك سۇۋالما ۋە يۇيۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.
قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، نىلۇپەر، بىنەپشە، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن باشقا سۇۋاش غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە بۇرۇن قۇرۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بابۇنە، سېرىقچېچەك، بەرگى رەيھان، بىنەپشە، مەغەزگۈل قاتارلىقلارنى بۇلاق سۇ بىلەن قايىنىتىپ سۈزۈپ، بابۇنە يېغى، كۈنجۈت يېغى، بادام يېغى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان قىلىپ باشقا سۇۋۇلىدۇ ۋە يۇقىرىقى ياغلارنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قۇلاق ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. باشقا تەدبىرلەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلى-رى، سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن ئېلىنىدۇ. ئوزۇقلاندۇ-رۇشتا، ئارپا ۋە گۈرۈچ شورپىلىرى بېرىلىدۇ. كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، چۆجە ۋە كىچىك پاقلان گۆشلىرى بېرىلىدۇ. بىمارنى غەم - قايغۇ ۋە ھەر خىل قالايمىقان ئوي - پىكىرلاردىن ساقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.
6. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ دەسلىپىدە

تازىلاش چەكلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا پەقەت ئارپا سۈيى، گۈلاب ياكى شېكەر بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش ۋە پەلەككە ئوخشاش ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يۇمشاق نەرسىلەرنى پىشۇرۇپ بېرىش لازىم. سۈيدۈكتە خىلىت پىشقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈملەردىن 18 گرام، چىلان، سەرپىستان، ئەينۇلىدىن 20 دانە، تەرەنجىبىن 75 گرام، بادرەنجى بۇيىدىن 25 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 35 گرام خىيارشەنبەر شىرىسى، مۇۋاپىق مىقداردا بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلۈپ، تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە داۋاملىق مۇناسىۋەتلىك سۇۋالمىلار باشقا سۇۋىلىدۇ.

ئالقان، تاپان، كىندىككە قاپاق يېغى ياكى بىنەپشە يېغى سۇۋاپ ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ (گىلانىي خان)

بىنەپشە، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبانلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، قايىنتىپ، سۈزۈپ، 36 گرام قەنت قوشۇپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلۇقىغا ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. بۇ غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق. غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن بىنەپشە، كاسىنە ئۇرۇقى، نېلۇپەر، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئەفتىمۇن يەتتە گرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، پىرسىياۋشان، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەج ھەر بىرىدىن ئون گرام شاھتەررىدىن 25 گرام، چىلاندىن ئون دانە، خىيارشەنبەر 36 گرام، گۈلقەنت، تەرەنجىبىندىن 50 گرامدىن، بادام يېغىدىن تۆت گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

7. مېڭىگە ھۆل سوغۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن بادام يېغى، ئوسۇڭ يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلىپ، كىچىك تىلغا سۇۋىلىدۇ.

سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزلىرىدىن توققۇز گرامدىن، ئوسۇڭ ئۇرۇقىدىن يەتتە گرام، ئەرقى بىدىمىشكى ۋە ئەرقى گۈلدىن 85 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، يۇقىرىقى دورىلارنى چىلاپ، سۈزۈپ، نېلۇپەر شەربىتى، سىركە قوشۇلغان سەندەل شەربىتىدىن 25 گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سۈت، گۈرۈچ ياكى ئۆلارنىڭ شورپىلىرى ياكى نېلۇپەر شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ ۋە 4～5 كۈنگىچە مۇشۇ قائىدە بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

8. بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن مائۇلجەبىن بىلەن بەدەننى ۋە مېڭىنى تازىلاش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خېمىرى سەندەل مۇۋاپىق ئەرەقلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاپاق يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى باشقا سۇۋاش ياكى گۈل يېغى، ئىتئۈزۈم

سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋاش ياكى قوغۇن شاپىقىنى يالغۇز ھالەتتە يۇمشاق سوقۇپ ياكى ئۇنىڭغا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۇۋاش پايدىلىق.

3) كۆيگەن سەپرا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج حمره وجمره

1. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

بىنەپشە، ئاقلانغان ئارپا يارمىسى، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنى قاينىتىپ باشنى يۇ. يۇش، بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈش، تامىقىغا ئاق نان بىلەن شېكەر ئىستېمال قىلدۇرۇش ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئۇسۇلى، پالەك قاتارلىقلارنى بادام يېغى بىلەن تاۋۇز، شاپتۇل، پۇرچاق يامىسى، بادام مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى قورۇق يۇمغاقسۇت بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇسۇلى، بادام يېغى، سېمىز ئوت، بادام مېغىزى شىرىسى ياكى ئاچچىق ئانار سۈيى بىلەن بېرىلىدۇ.

ماش يارمىسى، كۆك يۇمغاقسۇت، بادام مېغىزى قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە پىشۇ. رۇپ بېرىلىدۇ.

2. ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ئۈچۈن ساھىب كامىل تۆۋەندىكى داۋالاش قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان يەنى بىمارنىڭ كۈچى، پەسىل، بىمار تۇرۇۋاتقان مۇھىت قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەھۋالىغا قاراپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قان ئېلىشتىن باشلاش لازىم، جۇملىدىن قاندىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا قان ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا، يۇمشىتىش ئۈچۈن خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، تەمرى ھىندىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن چىلاپ تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، سەھەر ۋاقتىدا ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى لوئوقى ئەينۇلا، خىيارشەنبەر شىرىسى بىلەن قايناق سۇ بېرىلىدۇ ۋە ياكى شەربىتى ۋەرد ۋە سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەگەر بىمار كۈچلۈك بولسا، 250 گرام ھەشقىپىچەك گۈلى سۈيى بىلەن 70 گرام شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئاقلانغان ئارپا 70 گرام، بىنەپشە 18 گرام، چىلان 20 دانە قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، بۇنىڭدىن 250 گرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا 36 گرام خىيارشەنبەر سېلىپ سۈزۈپ، 36 گرام بىنەپشە يېغى، بەش گرام مۇۋاپىق مىقداردا تۇز سېلىپ ئېرىتىپ يەڭگىل كلىزما تەييارلار قائىدە بويىچە كلىزما قىلىنىدۇ.

5. ئەگەر بىمار سۈرگە ياكى كلىزما قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىش زۆرۈر بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، توغرىغۇ، قىزىل شېكەردە شىياف ياساپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى شىيافى تەرەنجىبىننى ئىشلىتىش لازىم. تازىلاشتىن كېيىن گۈل يېغى، سىركە، ئەرقى گۈلى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋاپ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

6. ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكىدە باشنى سوۋۇتۇش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تەڭشەش ئۈچۈن پۇتنى باغلاش، پۇتنى يۇيۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سەھەر ۋاقتىدا 150 گرام ئارپا سۈيىگە 36 گرام قەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، قىش پەسلىدە ئىلمان ھالەتتە، ياز پەسلىدە سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنى ئىچىپ تۆت سائەتتىن كېيىن 36 گرام سىركە سوغۇق سۇ بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ ئاشقازىنى ئاجىز بولسا، ئارپا سۈيى بېرىشتىن بۇرۇن ئۈچ يۇتۇم گۈلاب ئىچكۈزۈلىدۇ.

7. ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، ئەتىگىنى ئارپا سۈيى، ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇنىڭغا تۆۋەندىكى تالقاندىن بەش گرام سېپىلىدۇ. يەنى قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، سىمىز ئوت ئۇرۇقى، تاباشىرلارنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىلىدۇ. كەچلىكى بۇ تالقاندىن يەتتە گرام ئېلىپ، ئاچچىق ئانار سۈيى ۋە تەمرى ھىندى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولۇپ، ئىچىش ۋە ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، قايىنتىپ ئېلىنغان قاپاق سۈيى ياكى سىقىپ ئېلىنغان تەرخەمەك سۈيىدىن 12 گرامغا سېمىزئوت ئۇرۇقى يەتتە گرام، تاباشىردىن ئىككى گرامنىڭ تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە چۈچۈمەل ئاپېلسىن سۈيىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، گۈلاب بىلەن بىرگە پات - پات بېرىلىدۇ. ئەگەر ھاۋا ئىسسىق بولسا، ئىسپىغۇل لۇئابىغا ئازراق بادام يېغى ۋە قەنت ئارىلاشتۇرۇپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، پات - پات ئىككى قوشۇقتىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

8. ئوزۇقلاندۇرۇشتا بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ۋە كېسەللىك تارىخىغا قاراپ مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش لازىم. مەسىلەن: بىمار كۈچلۈك بولسا ۋە كېسەللىك باشلىنىش باسقۇچىدا بولسا، ئارپا سۈيى، گۈلاب، بىنەپشە شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، ئانار سۈيى بېرىش، ئەگەر بىمار ئاجىز بولۇپ كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا، ئارپا ئېشى، پالەك قاتارلىقلارنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ ياكى يۇمشاق ئۇننىڭ نېنى ئاق قەنت ۋە ئاقلانغان بادام مېغىزى بىلەن سوقۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر يېمەكلىككە ئۇسۇڭ ئۇرۇقى مېغىزى قوشۇپ بېرىلسە ئىنتايىن ياخشى.

9، ياز كۈنلىرىدە بىمار سوغۇق جايدا تۇرغۇزۇلىدۇ، سۆگەت شېخى، قىزىلگۈل،

رەيھان ياغچى، نىلۇپەر قاتارلىقلار بىمارنىڭ ئەتراپىدا قويۇپ قويۇلىدۇ. ياتىدىغان ئۆينىڭ تېمىغا ئەرقى گۈل، كاپۇر، سەندەل پۇركۇپ قويۇلىدۇ. مۇمكىن بولسا، مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان سۇنى چوڭ قاچىلارغا قۇيۇپ، بىمارنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قويۇلىدۇ ۋە بىمار سالقىن يەلپۈنۈپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇزۇق ھاۋا ئالمىشىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سوغۇق ۋە ساپ بولغان ھاۋا بىمارغا يېتىپ كېلىدۇ. قىش كۈنلىرىدە بىمار تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغان جايلاردا تۇرغۇزۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇۋاپىق داۋا-لاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بىمارنىڭ تىلى يىرىك ۋە قارا بولسا، ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، قەنت، بادام يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلار ئارقىلىق داكىنى نەمدەپ، تىلغا چاپلاپ قويۇلىدۇ. بادام يېغى بىلەن چىش مىلىكلىرى نەمدىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى لۇئابلارغا سېمىزئوت سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، قاپاق يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىلىدۇ.

10. ئەگەر جۆيلۈش ۋە سېزىمى ناچارلىشىش ئېغىر بولسا، گۈل يېغى، سىركىنى ئەرقى گۈل ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ ۋە قول - پۇتقا سۈۋىلىدۇ.

11. ئەگەر بىمار ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇيقۇسىزلىققا گىرىپتار بولغان بولسا ۋە بۇ بوھراننىڭ ئالامەتلىرى بولمىسا، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش كېرەك. يەنى خەشخاش شەربىتىنى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈش، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى مېغىزى، ئۇسۇڭ يىلتى-زىنى قاينىتىپ بېرىش، باشقا ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى بىنەپشە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاش، ئاقلانغان ئارپا، بىنەپشە، نىلۇپەر، خەشخاش، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، ئۇسۇڭ يىلتىزى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ، سۈيىدە لۆڭگىنى نەمدەپ باش ۋە بويۇن قىسمىغا ئىلمان ھالدا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، سىركە، ئۇسۇڭ سۈيى، خەشخاش ياغچى سۈيى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋاش، ئەگەر بىمار كۈچلۈك بولسا، 0.5 گرام ئەپيۇن ئەرقى گۈل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

12. ئەگەر بىماردا ساراڭلىق پەيدا بولغان بولسا، مەسىلەن: كىشىلەرگە ئېتىلىش، ئۇرغىلى يۈگۈرۈش قاتارلىقلار، بۇنىڭغا قارىتا بىمارغا يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇش، بىمار-نىڭ ئەتراپىدا بىمار ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى قويۇپ قويۇش لازىم، بىمارنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان ئىشلارنى، ئاچچىقى كېلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئەھۋاللار كېسەللىكنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

13. ئەگەر بىمار ئېغىر ئۇيقۇغا گىرىپتار بولۇپ كۆپ ئۇخلىسا ۋە بوھراننىڭ ئالامەتلىرى بولسا، ئۇنى ئويغىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە

بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش خەتىرى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چۆشكۈرتۈش، قول ـ پۇتنى مۇجۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

14. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولۇپ بوھران ۋاقىتلىرى بولمىسا، بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئەينۇلا چىلاپ بېرىلىدۇ ياكى لوئوقى ئەينۇلا، ئەينۇلا شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

15. ئەگەر تەبىئەت يۇمشاق بولۇپ بوھران كۈنلىرى بولمىسا، ئارپا كېپىكى، بۇغداي كېپىكى سۈيى، سەمغى ئەرەبى تالقانلىرى ياكى قۇرسى تاباشىر قابىز، بېھى ئۇرۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ. قورساققا ئاق سەندەل بىلەن ئەرقى گۇل سۈۋىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ كېسەلدىكى بارلىق ئالامەتلەرگە قاراپ ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىمۇ بىرلىكتە داۋالاش لازىم (ئەگەشمە شەكىلدىكى قىزىتمىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ). يۇقىرىقى بارلىق تەدبىرلەرنى كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن ۋە بوھران كۈنلىرى بولمىغان ۋاقىتلاردا قوللىنىش لازىم.

16. ئەگەر كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قالغان ۋە بىمار كۈچلۈك بولسا، پەقەتلا ئالما سۈيى، بىنەپشە شەربىتى، گۇلاب، ئانار شەربىتىنىڭ بىرەرسىنى يۇمشاق ئۇننىڭ نېنى بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولۇپ بوھران ۋاقىتلىرىغا يېقىنلاپ قالغان بولسا، توخۇ گۆشى، كەپتەر گۆشى، تورۇلغا گۆشى قاتارلىقلارنىڭ شورپىسىغا يۇمشاق ئۇننىڭ نېنىنى چىلاپ، ئالما سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بوھران ۋاقىتلىرى بولسا، بىمارنىڭ ئەتراپىدا بىمارنى رەنجىتىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ كېلىپ كېتىشى ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشلىرىنى قاتتىق چەكلەش، بىمار ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماسلىقى ۋە ئوبدان ئارام ئېلىشى لازىم. ئەگەر زۆرۈر بولغاندا گۇلاب، ئانار سۈيى، ئالما سۈيى قاتارلىقلاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بەرمەسلىكى لازىم.

17. كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە ئۇچ كۈنگىچە كېسەلنى داۋالاشنى توختىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق بولغان بىمارنى كۈچلەندۈرىدىغان تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش لازىم.

18. مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ياللۇغ قايتۇرغۇچى پۇرتىلما، يۇيۇنۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن باشنىڭ تاشقى تومۇرلىرىدىمۇ ئىششىق بولسا، ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىرگە يۇمشاتقۇچى، تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى بىر ھەپتە ئىچىدە سۈرگە ئۈچۈن ئارپا ئېشى 40 گرام، نېلۇپەر، بىنەپشە 20 گرامدىن، چىلان بەش دانە، سەرپىستان 30 دانە، بابۇنە 18 گرام قاتارلىقلارنى 2000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، 180 گرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا 20 گرام قىزىل شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، 20 گرام بىنەپشە يېغى قۇيۇپ ئىلمان قىلىپ كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇنى ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىسا

بىنەپشە، شېكەر ۋە مۇۋاپىق مىقداردا سوقمۇنىيا بىلەن شىياف ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر شىياف ئىشلىتىش مۇۋاپىق كەلمىسە، تەمرى ھىندىنى چىلاپ، ئەينۇلا، سەرپىستان، بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر ۋە شىرخىست ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈ-زۈلىدۇ.

تەمرى ھىندىدىن 120 گرام، ئەينۇلىدىن 30 دانىنى بىر كېچە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا 70 گرام قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا يەتتە گرام ئىسپىغۇل شىرنىسىگە 35 گرام قەنت، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرى قوشۇپ بېرىلسە ئىنتايىن پايدىلىق.

19. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى بەدەننىڭ ئاستىنقى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن پۇتلارنى مۇجۇش، دورا سۈيىدە يۇيۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يېمەكلىكلەر بېرىلمەيدۇ. پەقەت مۇۋاپىق مىقداردا گۇلاب، ئانار سۈيى، سىركەنجىۋىلنى سوغۇق سۇ ياكى ئەرقى گۇل بىلەن بېرىش ياخشى. لېكىن بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بىمارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن يېنىك دەرىجىدە كاشكاپ تەييارلاپ، ئازراق سىركەنجىۋىل بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىمار ئالاھىدە ھاۋاسى ياخشى جايدا تۇرغۇزۇلىدۇ. بىمار تۇرغان جايى بەك قاراڭغۇ ھەم بەك يورۇق بولماسلىقى كېرەك. بىمار ئوبدان دەم ئالدۇرۇلىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە بىمارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش ۋە ئۇخلىتىش پايدىلىق.

20. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە كۆڭۈل ئاينىش ۋە قەي قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، دەرھال توختىتىشقا چارە قىلماسلىق لازىم. لېكىن ھەددىدىن زىيادە بولسا، ئالما شەربىتى قىيامى، بېھى شەربىتى قىيامى، زىرىق شەربىتى قىيامى، غورا شەربىتى قىيامى، ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلارنى بېرىش، ئاشقازاننىڭ ئۇدۇلىغا ئۇد ھىندى، زەپەر، نامازشامگۇل ياغىچى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ.

21. ئەگەر ئىچ سۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاجىزلىق پەيدا بولغان بولسا، ئانار شەربىتى بىلەن قۇرسى تاباشىر يېگۈزۈلىدۇ.

22. ئەگەر كۆپ تەرلەش ئارقىلىق بەدەن ئاجىزلاپ كېتىش ئەندىشىسى بولسا، بېھى سۈيى، نامازشامگۈلنىڭ سۈيىگە گۈل يېغى قۇيۇپ قاينىتىپ يېغى قالغاندا ئومۇرتقا ۋە بوغۇملارغا سۈۋىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۆگەت شېخى يېغى، نامازشامگۇل يېغى، غورا سۈيى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ.

**4) غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:**

علاج سرسام حقيقي سوداوى

1. بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە پەسلى قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئەھۋالغا

قاراپ تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە، تەمرى ھىندى 100 گرام، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم 18 گرام، يەرلىك شوخلا غولى، ئەفتىمۇن ھەر بىرى بىر تۇتام، تەرەنجىبىن 20 گرام قاتارلىقلارنى قايناتىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ، ئەھۋالغا قاراپ خىيارشەنبەرنىڭ مىقدارىنى تەڭشەپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مېۋە سۈيى، ئىتىياڭقى، تەرەنجىبىن ۋە بىنەپشە قايناتمىسى ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي سەپرانى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېنىك دەرىجىدە كلىزما ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

2. سۈرگىدىن كېيىن سەرپىستان بىلەن ئارپىنى قايناتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەمما كېسەللىك ئېغىرلىشىش تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، ئارپا سۈيى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئوزۇقلۇق تەركىبى بولسىمۇ لېكىن بۇنداق ۋاقىتتا ئوزۇقلۇق بېرىشكە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ۋاقىتتا ئارپىنىڭ ئورنىغا قايناتىپ ئېلىنغان قاپاق سۈيى، گۈلاب بېرىلىدۇ ياكى قوغۇن، تاۋۇز سۈلىرى شېكەر ياكى گۈلاب بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ۋە ياكى ئىسپىغۇل شىرىسى يالغۇز ھالەتتە بېرىلىدۇ. كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى باشقا سۈۋىلىدۇ ياكى قاپاق ۋە قوغۇننىڭ پوستى، سۆگەت شېخى، ئىتئۈزۈمنىڭ ياغىچى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۈۋىلىدۇ ۋە ياكى گۈل يېغى يالغۇز ھالەتتە ياكى سىركە بىلەن بىرگە باشقا سۈۋىلىدۇ.

3. ئەگەر بىمار ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى قوبۇل قىلالىغۇدەك ھالەتكە كەلگەن بولسا، ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۆتەل ياكى ئاشقازان ئاجىزلىق بولسا، ئارپا سۈيىگە سىركەنجۇبىل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

4. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىدىن قوشۇمچە ئاغرىق بولسا، مەسىلەن: بىرەر ئەزادا تارتىشىش پەيدا بولسا ياكى كۆز قارىچۇقى تارتىلىپ كەتكەن بولسا، دەرھال بۇلارنى داۋالاشقا يۈزلىنىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر ئىنتايىن تېز يۈز بېرىدۇ. كېسەللىك باسقۇچلىرىدا يۈز بەرگەن بەزى ئالامەتلەر كېسەل ساقايغاندىن كېيىنمۇ قېپقالىدۇ.

5. ئۇنىڭدىن باشقا، غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا باشقا ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېۋە سۈلىرى (مائۇل پەۋاكىھ)، مېۋىلەر قايناتمىسى (مەتبۇخى پەۋاكىھ)، نۇقۇئى مۇسەممەس ئىچكۈزۈلىدۇ. باشقا گۈل يېغى ۋە سىركە سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا خەشخاش، بىنەپشە، چىلان، سەرپىستاننى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتىپ، ئارپا سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆتكۈر قىزىتما بولسا، بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلى ئۈرۈقى، ئاقلاپ چالا سوقۇلغان ئارپىلاردىن 25 گرامدىن، چىلان، سەرپىستان 30

دانىدىن، نىلۇپەر 16 گرامدىن، سانادىن 18 گرام ئېلىپ، بۇغداي كېپىكىنى بىر خالتىغا سېلىپ قالغان دورىلار بىلەن بىرگە 2000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، 36 گرام قەنت سېلىپ، بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ كىلىزما ئىنتايىن ئاسان سۈرگە پەيدا قىلىدۇ ۋە هارارەتنى توختىتىدۇ (ئىبنى ئىلياس).

6. غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا هارارەت بەك يۇقىرى بولسا، قۇرسى كاپۇر بېرىش كېرەك.

بۇ خىل كېسەللىكتە سىركەنجۇبىلنى بەك كۆپ بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى سىركەنـ-جۇبىل كۆپ بولۇپ كەتسە، مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەك چۈچۈمەل نەرسىلەرنىمۇ بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا، يەڭگىل چۈچۈمەل نەرسىلەرگە تەمىنى تەڭشەيدىغان باشقا نەرسىلەرنى قوشۇپ بېرىش كېرەك. ئەينۇلا شەربىتى بۇ خىل كېسەللىكتە ناهايىتى پايدىلىق. چۈنكى ئۇ سوۋۇتۇش بىلەن بىرگە هۆللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، هارارەت ۋە بۇخاراتنى توختىتىدۇ. ئۆزىنىڭ چاپلاشقاقـ-لىق خۇسۇسىيىتى بىلەن تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ. ئۇ سىركەنجۇبىل ۋە باشقا چۈچۈمەل نەرسىلەرگە ئوخشاش غىدىقلاش پەيدا قىلىپ، مېڭە ۋە مېڭە پەردىلىرىگە زىيان يەتكۈزمەيـ-دۇ. مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا بەزىدە خىلىت قوزغالغان سەۋەبتىن بىمار سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمىلىك، بۇغداي كېپىكى، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ باش، بويۇننى يۇيۇش ۋە هورلاندۇرۇش كېرەك. بەزىدە مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ سەۋەبچى ماددىسى بوهران يۆتكەلگەن ۋاقىتتا باشنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرە ئاستى قەۋىتىدە ئېغىر دەرىجىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئىششىققا يۇمغاقسۈت سۈيى سۈۋاش ناهايىتى پايدىلىق. بۇ خىلدىكى داۋالاش داۋاملاشتۇرۇلسا، ئىششىق تارقىلىپ كېتىدۇ.

7. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا:

مەتبۇخى پەۋاكىھ ۋە نۇقۇئى مۇسەممەس (كۆن نۇرى بىلەن تەييارلانغان چىلانما) ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش كېرەك. هەر كۈنى ئەتىگەندە چىلان، ئەينۇلا 20 دانىدىن، تەمرى هىندى، ئاق قەنت، تەرەنجەبىن هەر بىرىنى 75 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يۆتەل بىللە بولسا، يۇقىرىقى دورىنىڭ ئورنىغا بىنەپشە، نىلۇپەر، كاسىنە ئۇرۇقى ئون گرامدىن، سەرپىستان ئون دانە، شېكەردىن 75 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا بىنەپشە، نىلۇپەر، چىلان، سەرپىستان خەشخاش قاتارلىقلار بىلەن قاينىتىلغان ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. ئەگەر خىلىت پىشقان بولسا، ئالتىنـ-چى كۈنى ياكى سەككىزىنچى كۈنى سانا 25 گرام، بىنەپشە 18 گرام، نىلۇپەر 16 گرام،

كاسىنە ئۇرۇقى 10 گىرام، ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قايىنىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، شىرىست، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەرلەردىن 36 گىرامدىن ئېلىپ، بۇلارنىڭ شىرىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەتىگەندە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. جۆيلۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، سوغۇق تەبىئەتلىك سۇيۇق پۇرتىلما ۋە يۇيۇنۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قاپاق، قوغۇننىڭ شاپىقى سۈۋىلىدۇ.

8. كۆيگەن قاندىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتىمۇ غەيرىي تەبىئىي قاندىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان ئۇسۇللار قوللىنىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سوغۇق تەبىئەتلىك پۇرتىلما (شەموم بارىد)، سۇيۇق سۈۋالما، قويۇق زىماد، ئۇخلاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. يەنى قاننىڭ چىرىشىدىن بولغىنى «پەلغمۇنى»، قاننىڭ قىزىپ كېتىشىدىن بولغىنى «شىفاقىلۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

9. سەپرا خىلتى بىلەن قاننىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا، غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىغا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. خىلتنى قايتۇرۇش ئۇچۇن قول - پۇتنى داۋاملىق باغلاپ تۇرۇش كېرەك.

10. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭ ئۇچۇن ھېكىم ئۇلۇغخاننىڭ تۆۋەندىكى سۈۋالمىسى ئىنتايىن پايدىلىق. يەنى ماش يارمىسى، ئارپا يارمىسى، گۈل يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاپ باشقا تېڭىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ھەر بىر سائەتتە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە قاپاقنىڭ ئېشى، قوغۇن شاپىقى، ئىتئۈزۈمى، كاسىنە ياغىچى، گۈل بىنەپشە، ئاقاقىيا قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىمارنىڭ بېشىغا تېڭىلىدۇ. كېسەللىك ساقىيىشقا باشلىغاندا ماش، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، گۈل يېغى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭ ئۇچۇن سەبرە، زەپەر، ئاقاقىيا، فۇپەل، گىل ئەرمىنى، مامىشا، قىزىل سەندەل قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

11. ئادەتتە بۇ خىل مېڭە پەردە ياللۇغى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، كېسەللىك تېرە ئاستىدا بولۇپ، تېرە قىزىرىپ قالسا بۇ «ھۇمرە» دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى، كېسەللىك تېرە مۇسكۇللىرىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىش بولسا، بۇ «جۇمرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سەپرا خىلتىغا چىرىگەن قان خىلتىنىڭ قوشۇلۇپ ئۇششاق

قان تومۇرلارنىڭ كاۋاكلىشىنى پەيدا قىلغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇ كېسەللىك مېڭىدە پەيدا بولغان بولسا، سەپرا خىلتى بىلەن بىرلەشكەن بۇزۇق قان خىلتى مېڭىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىگە ياكى كۆپ قىسىملىرىغا تەسىر قىلىپ، مېڭىنىڭ شىللىق پەردىلىرى ياكى مېڭە پەردىلىرىنى ياللۇغلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ. بۇ «هۇمرەدىماغى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئىككىنچى خىلى مېڭىدە بولمايدۇ. يەنى بۇنىڭدا غەيرىي تەبىئىي خىلىت مېڭىگە يېتىپ بارالمايدۇ. چۈنكى مېڭە بۇنداق خىلىتلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ ۋە ئىچىگە بۇ خىلدىكى بۇزۇق خىلتىنىڭ كىرىپ، چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يېتىپ بېرىشى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ.

«پارانىتىس» بىلەن «هۇمرە - جۇمرە» لەردىكى پەرق: هۇمرە - جۇمرىلاردا ئەقىل يوقالمايدۇ. بەلكى بىمار بېشىدا ئوت كۆيگەندەك هېس قىلىدۇ ۋە چىدىغۇسىز ئاغرىش بولىدۇ. ئەكسىچە «پاراتىنىس» تا ئەقىل يوقىلىدۇ. يەنى دەسلەپتە سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالىدۇ ۋە كۆزلىرى قىزىرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك (سەپرا خىلتىغا چىرىگەن قان خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى) نى داۋالاشتا ئارپا، ئوسۇڭ، سىمىزئوت، كاسىنە، نىشاستە، بادام يېغىدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە هالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ. باشقا داۋاملىق مۇناسىۋەتلىك سۇۋالمىلار سۈۋىلىدۇ.

12. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

قاپاق ئېشى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، يەرلىك شوخلا شېخى، ئاق سەندەل، رۇسۇت، سۆگەت شېخى، بىنەپشە، نېلۇپەر، ئىسپىغۇل ياغىچى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سىركە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى، گۈل يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئىسسىپ قالغاندىن كېيىن يەنە ئالماشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

كېسەللىك ساقىيىشقا باشلىغاندا ئاقلانغان ئارپا، بىنەپشە، نېلۇپەر هەر بىرى 36 گرام، خەشخاش پوستى، بۇغداي كېپىكى هەر بىرى 24 گرام، يەرلىك شوخلا غولى 50 گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، قائىدە بويىچە باش يۇيۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يەرلىك شوخلا ياغىچى، يەرلىك شوخلا، ئالما ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركە ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەلهەمدەك هالەتكە كەلگەنگە قەدەر قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئارپا تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۇخۇم پوشكىلىدەك بولغانغا قەدەر پىشۇرۇپ باشقا چېپىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكتە ياخشىلىنىش بولۇپ، سۇيدۇكتە پىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە، يەرلىك شوخلا سۈيى، ئاق لەيلى ياغىچى، قوغۇن غولى، تەمرى هىندى، تەرەنجىبىن، ئەينۇلا، سەرپىستان قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ،

سۇزۇپ، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە پەسلىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا خىيارشەنبەر شىربىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بالىلاردا چۈمرە يۈز بەرسە، ئۇنى داۋالاشتا كۆپ ئۇسساش كېسەللىكىدە قوللانغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 5) غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھەقىقىي مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج سرسام حقيقى بلغمى

1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا ئالدى بىلەن بەلغەمنىڭ مۇنزىجى بېرىلىدۇ ياكى خىلتنى پىشۇرۇش مەقسىتىدە بەديان بەش گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان ھەربىرى ئون گرام، كەرەپشە يىلتىزى پوستى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 50 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ، 60 گرام سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەنلىكتە ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بەك زىيادە بولسا، گۈلقەنت 25 گرام، ئەرقى شوخلا 60 مىللىلىتىر، ئەرقى بەديان 60 مىللىلىتىر قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ:

ھەببۇلئاسنىڭ قايناتمىسىغا گۈل يېغى ۋە سىركە ئارىلاشتۇرۇپ پۈرىتىلما شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. مۇۋاپىق پۇت يۇيۇش دورىلىرى، پۈرىتىلما دورىلار ۋە سۇۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ. توخۇنىڭ پېيىغا ھەسەل ۋە قىچىنى يۇقتۇرۇپ، گالغا تىقىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. دەسلەپتە گۈل يېغى، سەۋسەن يېغى ھەر بىرى ئىككى ھەسسە، سىركە بىر ھەسسە قاتارلىقلار ئارقىلىق داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئۈزۈم سىركىسىنىڭ ئورنىغا ئەنسىل سىركىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى مۇۋاپىق مىقداردا قۇندۇز قەھرى ياكى پىننە قوشۇلسىمۇ بولىدۇ. كامادرىيوس، گۈلبىنەپشە، ئۇستقۇددۇسلاردىن توققۇز گرامدىن، قۇندۇز قەھرىدىن 0.5 گرام، ئۇد ھىندى، ئۇد سەلىبلەردىن بىر گرامدىن، پوستى ئاقلانغان ماشتىن 25 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى، نارجىل يېغىدىن ئىككى گرامدىن، ئايال كىشىنىڭ سۈتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىدىن بىر دانە ئېلىپ، تالقان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۇۋىلىدۇ.

3. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى بەدەننىڭ ئاستىغا تارتىش ئۈچۈن پۇت - پاچاق ۋە تاپانلارغا ئەنسىل سىركە زىماد شەكلىدە سۇۋىلىدۇ ياكى ئۆتكۈر خىلدىكى كلىزما ۋە كۈچلۈكرەك بولغان دورىلىق لاتا قويۇش، پۇت - قوللارنى باغلاش، قورساقنى مۇجۇشقا

ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى مېڭە پەردە ياللۇغىدا سوغۇق سۇدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئۇسسۇز-لۇقىغا ئەرقى بەدىيان، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە ھەر خىل چۇچۇمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

بىمارنى كۆپ ئۇخلاشتىن، جۇملىدىن كۈندۈزى ئۇخلاشتىن چەكلەش لازىم. ھەر ۋاقىت يىرىك نەرسە بىلەن بىمارنىڭ قول - پۇتىنى مۇجۇش ۋە بىمارنىڭ پۇتىغا نەشتەرسىز لوڭقا قويۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتكۈر دورىلار ئارقىلىق قول - پۇتنى يۇيۇش لازىم.

4. ئەگەر كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا، قوندۇز قەھرى، پىننە، سۆئتەر، ھاشا، ئاقىرقەرھا، قىچا، ئۇد سەلب قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، پىننە سۈيى ياكى مەرزەنجۇش سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردا سىركە قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ باشقا چېپىلىدۇ.

5. غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن سەككىزىنچى كۈنى بەلغەمنىڭ سۈرگە-سى ئۇچۇن ھەببى ئايارەجنى بېرىپ بەدەن تازىلىنىدۇ. بىھوشلۇق بولسا، ئالدى بىلەن ئىلمان سۇغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سۈرگە بېرىلە-دۇ. تازىلاش ۋە قىزىتما يوقالغاندىن كېيىن ماددەتۇلھايات بىلەن بىرگە مېڭىنى كۈچلەن-دۈرگۈچى جاۋارىشلار مەسىلەن: جاۋاش مەستىكى، جاۋارىش ئەنبەر، داۋائى مىشكى مۆتىدىل قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەرەق ۋە گۇلقەنتلەر بىلەن جاۋارىش جالىنۇس بېرىلىدۇ ياكى جاۋارىش ئۇد، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كەيىۋرە، بۇزۇرى شەربىتى مۆتىدىل قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قالدۇق غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش ئۇچۇن غار - غار ۋە كۈچلۈك خىلدىكى تارقاتقۇچى يۇيۇنۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. گاۋزىبان يىلتىزى، قوندۇز قەھرى، پىل-پىل، ئىپار قاتارلىق قىزىتقۇچى دورىلاردىن چۈشكۈرتۈش دورىسى تەييارلاپ ئىشلىتىلى-دۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا دەسلەپتە پاقلان گۆشى، چۈجە گۆشى، نوقۇت يارمىسى بىلەن پىشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ شورپىسى بېرىلىدۇ. كېسەللىك ساقىيىشقا ئەگىشىپ كەپتەر، قۇش-قاچ، توخۇ، قورۇلغا، پاختەك قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ۋە سېرىقچېچەك بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

6. باشقا داۋالاش تەدبىرلىرى ئەھۋالغا قاراپ غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان مېڭە كېسەللىكى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش قىسىملىرىدىن ئېلىنسا بولىدۇ.

بۇ خىل كېسەللىكتە چاچنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن پەرەنجىمىشكى سۈيى بىلەن قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

قوندۇز قەھرىنى گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ باشقا سۈۋاش ياكى قوندۇز قەھرىنى پىننە، سىركە، گۈل يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

قوستە شىرىسىنى قاينىتىپ پۇرىتىش، باشقا سۈۋاش پايدىلىق. قىچا ياكى سىيادانىنى قورۇپ، بىر دانە خالتىغا سېلىپ داۋاملىق پۇرىتىلىدۇ. قوندۇز قەھرى سىركە ۋە گۈل يېغىدا ئېرىتىپ، پېشانە ۋە كىچىك تىلغا سۈۋىلىدۇ. توغرىغۇ بىلەن زەيتۇن يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى توغرىغۇ بىلەن ئاقىرقەرھانى سوقۇپ، قول ـ پۇتقا تېڭىش، تېرىق ۋە تۇزنى بىر خالتىغا سېلىپ قىزىتىپ، باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش. سانا، قوندۇز قەھرى، سەبرە، ئاقمۇچ قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى مائۇلھەسەل بىلەن بېرىش، بەدىيان سۈيىگە قىچا ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

7. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن شەربىتى مائۇلئۇسۇل 12~25 گرامغا ھەسەل گۈلقەنتتىن 25 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن شەربىتى ئۇستىقۇددۇستىن 50 گرامنى ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى شوخلا ھەر بىرىدىن ئون مىللىلىتىرغا بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسىنە يىلتىزى پوستى ھەر بىرىدىن توققۇز گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرام، ئىزخىر گۈلى، رۇم بەدىيان ھەر بىرىدىن تۆت گرام، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم 12 گرام، ئۇستىقۇددۇس توققۇز گرام، سېرىق ئەنجۈر 40 دانە، بادرەنجى بۇيا بەش گرام، ھەسەل گۈلقەنتى 50 گرام، تەرەنجىبىن ئەسلىي 25 گرام قاتارلىقلارنى ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

8. مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خىلتنى توختىتىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنگىچە سىركە، ئەرقى گۈل، گۈل يېغى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ تامىغىغا سۈۋىلىدۇ. تۆتىنچى كۈنى يۇقىرىقى نۇسخىغا بەزرۇلبەنجى، ئاچچىق قوستە، جۇندە بىدەستۇر تاللانلىرىدىن ئۈچ گرامدىن قوشۇپ سۈۋىلىدۇ. شۇنداقلا بىر ھەپتىگىچە پۇرىتىلما، چۈشكۈرتكۈچى دورىلار، سۈۋالما، پۇت يۇيۇش دورىلىرى ۋە چېپىلما دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىشتىكى مەقسەت ئارتۇق خىلتنى قايتۇرۇش ۋە ئۇنى تارقىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەدبىرلەرنى تازىلاشتىن كېيىن ھەرگىز قوللىنىشقا بولمايدۇ.

9. تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشمۇ بۇ كېسەللىكنى دۇالاشتا پايدىلىق.

ئۇستىقۇددۇس، ئاقلانغان نوقۇت يارمىسى، پەرەنجىمىشكلەردىن 12 گرامدىن، ئۇدسەلبىتىن ئالتە گرام، قوندۇز قەھرىدىن بىر گرام، مەستىكىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ،

نوقۇتنى ساپ سۈتكە چىلاپ، ئۇنىڭدىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل، گۈل يېغى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە سۈۋىلىدۇ. بۇ تەدبىرنى بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن سوپۇن بىلەن شامچە ياساپ تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ.

سەككىزىنچى كۈنى بىمار ھوشىغا كەلگەن بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن رېتسېپتىكى مائۇلئۇسۇلغا تۆۋەندىكى تەركىبلەرنى قوشۇپ سۇرگە بېرىلىدۇ. سانا 24 گرام، رەۋەن، ئاق تۇربۇتلاردىن توققۇز گرامدىن، زەنجىۋىل ئۈچ گرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ھەربىرىدىن 85 گرام، بادام يېغىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. لېكىن بۇ سۇرگىنى ئىچكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئەڭ ياخشىسى ئاخشىمى توققۇز گرام ھەببى ئايارەج ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

تامىقىغا توخۇ گۆشى ۋە نوقۇت شورپىلىرى بېرىلىدۇ. ئاندىن يۇقىرىقى مەتبۇخقا ئىسسىق تەبىئەتلىك بۇزۇرى شەربىتى 45 گرام، ھەببى رىشاتتىن 7.5 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كېسەللىك ماددىسى بەدەندىن سۇرۇپ چىقىرىلىدۇ.

ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلمىسە ۋە دورا ئىچەلمىسە مۇۋاپىق دورىلار بىلەن ئىسسىق تەبىئەتلىك كلىزما تەييارلاپ تازىلاش لازىم. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەپ، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەجۇنى پەلاسپە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مەستىكى، ئۇستۇقۇددۇس ھەر بىرىدىن ئىككى گرام، ھەسەل گۈلقەنتىدىن 12 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خىلتنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. شۇنداقلا بىر گرام قۇندۇز قەھرىنى 12 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مائۇلھەسەل قىلىپ بەرسە پايدىلىق.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا ئەگەر بىرەر ئالامەتلەر چەكلىمە بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە تارتىش ئۈچۈن ئۆتكۈر كلىزما ئىشلىتىلىدۇ. ھەسەل بىلەن قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

بىمار يورۇق جايدا ياتقۇزۇلىدۇ ۋە كۆپ ئۇخلاش چەكلىنىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپىدە خىلتنى توختىتىش ئۈچۈن باشقا گۈل يېغى ۋە سىركە سۈۋىلىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاقسەندەل قوشۇلىدۇ. ئادەتتە سىركىنىڭ ئورنىغا ئەنسىل سىركىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئىمكانقەدەر بىمار كېسەللىكنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا سوغۇق سۇ ئىستېمال قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن زەيتۇن يېغى، توغرىغۇ، مازەرىيون ئۇرۇقى، پىلپىل، ئاقىرقەرھا قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈۋىلىدۇ.

چۈشكۈرتكۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا قىچا پۇرىتىلىدۇ. ئۇنىڭ-

دىن باشقا قىزىتقۇچى دورىلارنى ھەر خىل شەكىلدە سۈۋاش پايدىلىق.

قول ـ پۇتنى قىزارغانغا قەدەر مۇجۇش پايدىلىق.

ئەگەر كېسەللىك ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىق سەۋەبىدىن سۇرگىگە ھاجەت بولسا، ئۈچ گرام قۇندۇز قەھرى 0.5 گرام سوقمۇنيا بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن سوقمۇنيا بىلەن قىزىتما ئېشىپ كېتىش خەتىرى بولسا، سوقمۇنيا بەرمەسلىك لازىم. سۇرگە ئىشلەتمەي، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن قۇندۇز قەھرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلاش ئۈچۈن قول ئەمەلىيىتى بىلەن داۋالاش ھەممىدىن ياخشى. ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا شەھمەنزەل 0.7 گرام، سېرىق ھېلىلە پوستى بىر گرام، مەستىكىدىن 0.5 گرام ئېلىپ، دورىلارغا ئۈچ گرام ئايارەج پەيقىرا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن ئايارەج پەيقىرانى بۇخارات كۆپ بولمىغان ۋە ئۆتكۈر بولمىغان ۋاقىتلاردا بېرىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەزكۇر دورا چوقۇم سۇرەلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شامچە ئىشلىتىش لازىم.

10. ئەگەر بىمار چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى تۇتالمىغان بولسا، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ، يوتا ۋە پاچاقلارنى يۇيۇش لازىم ۋە دوۋساق ساھەسىنى يەڭگىل بېسىش كېرەك.

11. ئەگەر كېسەللىك ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىق سەۋەبىدىن ئەزالاردا سەزمەسلىك، قول ـ پۇت تىترەش پەيدا بولغان بولسا، ئايارەج لوغانزىيا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايارەج جالىنۇس بېرىلىدۇ.

دەسلەپتە كېسەللىك ماددىسىنى توختىتىش ئۈچۈن باشقا سىركە، ئەرقى گۈل، گۈل يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە ئۇلار پۈرىتىلىدۇ. كېسەللىك باشلىنىپ تۆتىنچى كۈنى كۆچلۈكرەك كلىزما ئىشلىتىلىدۇ. يەنى ئاچچىقتا- ۋۇز، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ھەر بىرى ئۈچ گرام، زاراڭزا ئالتە گرام، ياۋا پىننە، بىخ كەبىر پوستىدىن بەش گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 20 گرام ئاچچىقسۇ، 18 گرام زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ كلىزما قىلىنىدۇ.

12. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى پىشقانلىق ئالامىتى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئەفتىمۇن، پىستاپايەج، غارىقۇن، ئۇستىقۇددۇس، قارا ھېلىلە قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن سىركە، ئەرقى گۈل، گۈل يېغىغا مۇۋاپىق مىقداردا قۇندۇز قەھرى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ. قول ـ پۇت بوغۇملىرىغا ئاقىرقەرھا، پىلپىل، توغرىغۇ، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى كېسەلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، دورىلارنىڭ ئۇنۇملۈك تەركىبىنى ياغقا چىقىرىپ سۈۋىلىدۇ.

## 2. ساختا مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش

علاج سرسام غير حقيقي

1. ساختا مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن كېسەلگە سەۋەبچى ئامىلنى يوقىتىش لازىم. مەسىلەن: ئىسسىقتىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ تەسىرىدىن ئۆرلەپ چىققان بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە تەسىر قىلىشىدىن مېڭە پەردە ياللۇغىغا ئوخشاش ئالامەتلەرنى ياكى مېڭە ياللۇغىنى پەيدا قىلغان بولسا، ئۇنى كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش بويىچە داۋالاش لازىم. يەنى: شەربىتى بىنەپشە بىلەن ئارپا سۈيى، نىلۇپەر، چىلان، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. نىلۇپەر، ئەرقى گۈل ۋە كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ پۈركىلىدۇ. ئارتۇق ماددىلارنى بەدەننىڭ ئاستىنقى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ سىقىلغان سۇلىرى سۈۋ-لىدۇ. كۆكرەككە خىلتنى پىشۇرغۇچى سۇۋالىلار تېڭىلىدۇ. بۇ سۇۋالىلاردا ھارارەت يۇقىرى بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن: ئارپا يارمىسى، ئاق لەيلىگۈل، بىنەپشە، سەندەل قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار چېپىلىدۇ.

2. ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن بىرلىكتە مېڭە پەردىسى ئىششىغان بولسا، ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. يەنى: بابۇنە، ئاق لەيلى، باقلە يارمىسى، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىق ماددىنى تارقاتقۇچى ياكى ماددىنى پىشۇرغۇچى دورىلار باشقا قويۇلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن نىلۇپەر، بىنەپشە، چىلان، سەرپىستان بولسا، تەرەنجىبىن شىرىسى ياكى ئارپا سۈيى، شىرخىست، تەرەنجى-بىن شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3. ئەگەر ساختا مېڭە پەردە ياللۇغى دوۋساق، بالىياتقۇ قاتارلىقلارنىڭ ياللۇغلىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولسا، شۇ ئورۇننى داۋالاش لازىم. ئەگەر ساختا مېڭە پەردە ياللۇغى قىزىتما سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، قىزىتمىغا قارىتا دورا ئىشلىتىپلا قالماس-تىن بەلكى مېڭىنىمۇ كۈچلەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك ئەرەقلەر، شەربەتلەر ۋە بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

4. بۇخاراتنى مېڭىدىن ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن پۇت يۇيۇلىدۇ ياكى پاچاققا لوڭقا قويۇلىدۇ.

5. ئەگەر يۇقىرى قىزىتما بولغان ھالەتتە بىمار ھوشسىزلانغان بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن ئەرەقلەر ۋە شەربىتى بۇزۇرىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەزىدە قىزىتما خاراكتېرلىك جۆيلۈشتە باشتا توختاپ قالغان بۇخاراتنى تارقىتىش ۋە تارتىش

ئۇچۇن تەمرى ھىندى سۈيى، ئەينۇلا سۈيى بىلەن ئىترىفىل كەشنىز بىرگە بېرىلىدۇ.

6. ئەگەر ھوشسىزلىق ياكى جۆيلۈش ھاراق ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سىركەنجىۋىل، لىمون شەربىتى، ئەرقى گۈل، ئىسپىغۇل لۇئابىنى بېرىش بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

بەزىدە ساختا مىڭە پەردە ياللۇغىدا «ھۇمرە» نىڭ بارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە بەدەنگە سېرىقلىق چۇشۇش، زەڭگەر رەڭ ياكى كۆدە سۈيى رەڭلىك قەي قىلىش، بەزىدە بىمارلاردا بىرىنچى كۈنى ياكى بەشىنچى كۈنى ۋە ياكى يەتتىنچى كۈنى بۇرنى قاناش، قورساقتا ئىسسىق بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى قاننىڭ چىرىشى بولۇپ، بۇ ئەھۋال تەدرىجىي روھىي ھايۋانىي ۋە روھىي نەپسانىينىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىلدىكى ساختا مىڭە پەردە ياللۇغى ئومۇمەن ۋابا كېسەللىكى يۈز بەرگەندە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاشتا شارا-ئىت، كېسەللىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەھۋالغا قاراپ قان ئېلىنىدۇ. قىزىلگۈل سۈيى، كونا ئەرقى گۈل ھەر بىرى 12 گرامدىن، گۈل يېغى 18 گرام، ئەرقى بىدمىشكى 25 گرام، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى ئۈچ گرامدىن، كاپۇردىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا پۈركىلىدۇ ۋە زەھرى - مۇھرىدىن بىر گرامنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، ئاق سەندەل ئىككى گرام، تاباشىردىن ئىككى گرامنى 25 گرام ئانار شەربىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

7. ئۇنىڭدىن كېيىن سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى توققۇز گرامدىن، زىرىق يەتتە گرام، ئەينۇلىدىن بەش دانە ئېلىپ، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى نىلۇپەر سادە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلاردىن 70 مىللىلىتىرغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، سىركەنجىۋىل ئالما، سىركەنجىۋىل لىموننىڭ ھەر بىرىدىن 25 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا پالەك، نوقوت ئۈنى، گۈرۈچ-لەردە تاماق ئېتىپ بېرىلىدۇ. ئارپا ئېشى ئەرقى گۈل، نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈ-لىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن خىيارشەنبەر ياكى گۈلقەنت، خېمىرى بىنەپشە، تەرەنجىبىن شىرىسى، ئەينۇلا شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەلدە سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن ئىسپىغۇل كېپىكىدىن يەتتە گرام، سىركىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ياكى سىركە ۋە ئەرقى گۈلنى تەڭ مىقداردا بىرلەشتۈ-رۈپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىق. باشقا تەدبىرلەر ئۈچۈن تارقىلىشچان قىزىتمىنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن خەتەرلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا، سەۋەبىنى يوقى-تىش بىلەن بىرگە ئادەتتىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق بىمارنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

# يەتتىنچى پەسىل كۆپ ئۇسساش

## عطاش

**تونۇش:**

كۆپ ئۇسساش بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ۋە ئىسسىق كەيپىياتلارنىڭ مېڭىگە تەسىر قىلىشىدىن مېڭىدە يەڭگىل ياللۇغلىنىش پەيدا بولىدىغان بولۇپمۇ بالىلاردا كۆپ يۈز بېرىدىغان كېسەللىك بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن ئوخشىشىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىكتە كۆپ ئۇسساش بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكتە مېڭىگە ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوسۇڭ ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، نىلۇپەر شەربىتىگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە قاپاقنىڭ پوستى، كۆك تەرخەمەك، سېمىزئوتلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ ياكى تاۋۇز شاپىقىنى قالپاق شەكلىدە قىلىپ باشقا كىيگۈزۈپ قويسىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ: تاباشىر تالقىنى سېمىزئوت سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىسپىغۇل لۇئابى گۈل يېغى بىلەن باشقا سۈۋىلىدۇ. ئىچ سۈرۈش بۇ كېسەللىكتە ئانچە ياخشى ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىچ سۈرۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسا، بەلىنى سۇدا قايناتىپ يۇمشىتىپ، پېشانىگە سۈۋىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن داكا بىلەن تېڭىپ قويۇلىدۇ. شۇنداقلا يەنە بىر قېتىم يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۇۋالمىلارنى تېڭىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدۇ.

مەرۋايىت، تاباشىر، زەھرى ـ مۆھرى، قىزىلگۈل سېرىقىدىن 0.4 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈستىدىن قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى بىلەن ئوسۇڭ ئۇرۇقىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى بابۇنە، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلارغا چىلاپ، شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، تاتلىق بېھى سۈيى بىلەن تاتلىق ئانار شەربىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قورۇلغان پاقىيوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ، سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بالا ئانىسىنى ئېمىتىۋاتقان بولسا، بالا ئېمىتكۈچى ئايالغىمۇ دورا ئىستېمال

قىلدۇرۇلىدۇ. بالىلاردا قەۋزىيەتلىك بولسا، قاپاق سۈيى ياكى چىلان سۈيى، شىرخىست بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سۈت ئېمىتكۈچى ئانىغا ئارپا ئېشى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر داۋاملىق ئىچى سۈرسە، سۈت ئېمىتكۈچى ئانىغا قورۇلغان ئارپا ئۈنى بېرىلىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل باشنىڭ سىرتى ئىششىش
## اورام خارج راس

**تونۇش:**

بۇ مېڭىنىڭ سىرتقى شىللىق پەردىلىرىدە ئىششىق پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، تۇتقاندا ناھايىتى قاتتىق بىلىنىدۇ.

**ئالامىتى:**

باشنىڭ سىرتى ئىششىشتا باش تېرىسىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك باشقا سۇ يىغىلىپ قېلىش بىلەن ئوخشايدىغان بولۇپ، پەرقى: سۇ يىغىلىپ قېلىشتا باشنى باسقاندا تېرە ئانچە قاتتىق بولمايدۇ. باشنىڭ سىرتى ئىششىشتا تېرە ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

باشنى تۇتقاندا باش ئىسسىق بىلىنسە، كېسەللىك خىلتىنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى، سوغۇق بىلىنسە، كېسەللىك خىلتىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنى ئېنىقلاپ، شۇنىڭغا قارىتا ماس دورىلارنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ خىلتقا قارىتا مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشقا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ھەر خىل ئىششىقلارنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەرنى تاللاپ ئىشلىتىمىز.

## توققۇزىنچى پەسىل تىلما
## ماشرا

**تونۇش:**

بۇ، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتى سەۋەبىدىن بولغان، يۈز ۋە پېشانىدە ئىششىق پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، باسقاندا ناھايىتى قاتتىق بىلىنىدۇ.

داۋالاش:

داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى، مېڭە پەردە ياللۇغىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. قاپاق، قوغۇنغا ئوخشاش ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەرنىڭ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

كاپۇر 0.4 گرام، تاباشىر، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، گۈل ئەرمىنى، ئاق سەندەل، قۇرۇق يۇمغاقسۈتلەردىن بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، قائىدە بويىچە قايناق سۇدا كۆملاچ ياساپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى كاسىنىدىن 50 مىللىلىتىردىن، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى بىلەن تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن توققۇز گرامدىن ئېلىپ، قايناق سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، سىركەنجىۋىلدىن 25 گرام بىلەن ئىسپىغۇل لوئابىدىن تۆت گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئادەتتە بۇ كېسەللىك باشلىنىپ تۆتىنچى، بەشىنچى كۈنلىرى مېۋىلەرنىڭ سۈيى ياكى كېسەللىك ماددىسىغا ئاساسەن بىرەر سۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق دەرھال تەبىئەتنى يۇمشىتىش كېرەككى ھەرگىزمۇ بۇ خىل داۋالاشنى كېچىكتۈرمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇ بىر خىل ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تېزدىن چىقىرىپ تاشلىمىغاندا خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

## ئونىنچى پەسىل    باشقا سۇ يىغىلىپ قېلىش

## اجتماع الماء في الراس

تونۇش:

بۇ، باشقا سۇيۇقلۇق توپلىنىشىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، سۇيۇقلۇق باشنىڭ ئىچكى قاتتىق پەردىلىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىدۇ. يەنە بىرى، سۇيۇقلۇق باشنىڭ سىرتقى تەرىپىنىڭ تېرە ئاستىغا توپلىنىشىدۇ.

داۋالاش:

ئەگەر بۇ خىل كېسەللىكتە باشقا توپلانغان سۇيۇقلۇق مىقدارى كۆپ بولسا، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئەگەر توپلىنىشقان سۇيۇقلۇق مىقدارى ئاز بولسا، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك، بۇغداي كېپىكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ باش يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زەپەر، بۆرە ئەرمىنىدىن زىماد تەييارلاپ باشقا چېپىلىدۇ ۋە سۇيۇقلۇقنى تارتىش ئۈچۈن لىمۇننى ئىككى

پارچە قىلىپ ئۇستىگە ئاز مىقداردا تۇز سېپىپ ئىسسىتىپ، ھەر كۈنى 3 ~ 4 قېتىم بىمارنىڭ مېڭىسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق سۆيۈقلۇق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاپارتقۇ خاراكتېرلىك ئىششىق ئۇچۇن مۇۋاپىق تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

## ئون بىرىنچى پەسىل ئېغىر ئۇيقۇ ۋە ئۇيقۇسىزلىق

## سبات سهرى

**تونۇش:**

بۇ ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەۋەب ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى تۆۋەندە ئايرىپ بايان قىلىمىز.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە جالىنۇس بۇ كېسەللىكنى مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ بىر تۈرى دەپ كۆرسەتكەن.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ مېڭە قان تومۇرلىرىغا تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

ساھىب كامىل، ئەبۇسەھلى ھەببۇتۇللا قاتارلىق ھۆكۈمالار «بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە باشقا خىلدىكى ياللۇغلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بۇنىڭدا پەقەت ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئېغىر ئۇيقۇنى، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ئۇيقۇسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە كۆپ ئۇخلاش، باش ئېغىرلىق، ھۇرۇنلۇق، بوشاڭلىق، بىمارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قېلىش، بىماردىن سوئال سورىغاندا ناھايىتى تەسلىكتە جاۋاب بېرىش، بىمارنىڭ چىرايى پارقىراپ قېلىش، چىراينىڭ رەڭگى ئاقىرىپ قېلىشقا ئوخشاش بەلغەم خىلتىغا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇ كېسەللىكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئېغىر ئۇيقۇدا بىمارنىڭ بەدەنلىرى ئاغرىپ تۇرىدۇ. چىراينىڭ رەڭگى بەزىدە كۆكۇش، بەزىدە قىزغۇچ بولىدۇ. ئۇيقۇدىن قوتۇلۇش ئۇچۇن كۆزىنى ئاچماقچى بولىدۇ. لېكىن كىرپىكلىرىنى ساغلام ئادەمدەك ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ. كۆپ سۆزلەشنى خالىمايدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولسا گالدا بىر خىل سۆيۈقلۇق تۇرۇپ قالغاندەك

ھېس قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە يېگەندە گالدىن ئۆتمەي بۇرۇن تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ. دەم سىقىلىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قالايمىقان بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئالامەتلەر ھىستېرىيىنىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى-سىنىڭ پەرقى بولسا ھىستېرىيىدە بىمارنىڭ چىرايى ئۆز ھالىتىدە بولىدۇ. تومۇرلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاجىز بولۇپ، بۇنىڭغا ھوشسىزلىق قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بىمارنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ قالىدۇ. ھىستېرىيە تۇتقان ۋاقىتتا بىمار ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئېغىر ئۇيقۇدا بولسا چىرايى پارقىراق بولۇپ، چىرايىنىڭ رەڭگى غەيرىي تەبىئىي خىلىت-نىڭ رەڭگىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە بىمار سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە كۆيگەن قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

1. بۇ ئىككى خىل كېسەللىككە قارىتا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تەڭشەش، تازىلاشقا ئوخشاش داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇللار غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە كۆيگەن قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ئۇلارنى داۋالاشتىكى ئۇسۇللار تاللاپ ئېلىنىدۇ.

2. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە بەلغەم خىلىتى ئېشىپ كەتكەن بولسا، خىلىتنى تازىلاشتا غارىقۇن، تۇربۇتلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈ-زۈلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە سەپرا خىلىتى ئېشىپ كەتكەن بولسا مەتبۇخ ھېلىلە ۋە مەجۇنى خىيارشەنبەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3. ئەگەر بۇ كېسەللىك تەستە سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىققان بولسا، قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ ۋە بۇ خىل يېمەك-لىكلەردىن چەكلىنىدۇ.

4. ئەگەر بۇ كېسەللىك ھاراق ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا مەستلىكى يېشىلگەنگە قەدەر ھېچقانداق تەدبىر قوللىنىلمايدۇ. مەستلىكى يېشىلگەن-دىن كېيىن باشقا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار سۈۋىلىدۇ ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەتنى تەڭشەش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل، نىلۇپەر شەربىتى ۋە مۇناسى-ۋەتلىك چىلانىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. بۇ كېسەلنى سۈرگە، يۇيۇنما، سۈۋالمىلار بىلەن داۋالاشتا مۆتىدىل تەبىئەتلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلىتى ئېشىپ كەتكەنلەر بولسا سۆگەت شېخى، بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئارپا، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايىنىتىپ سۈزۈپ، بىمار يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

6. ئەگەر بەلغەم خىلىتى بىلەن سەپرا خىلىتى ئارىلاشقان بولسا، يۇقىرىقى يۇيۇنۇش

دورىسىغا ئەپسەنتىن ۋە مەرزەنجۇش قوشۇلىدۇ.

7. ئەگەر بەلغەم خىلتى ئېشىپ كەتكەن بولسا يۇقىرىقى يۇيۇنۇش دورىسىغا بەرگى، ھەببۇلغار، سۇزاپ، پىننە، زۇپا، قۇندۇز قەھرى، سۆئەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قوشۇلىدۇ ۋە زىماد، كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

8. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، يۇيۇنۇش دورىسىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەقەت يۇمشاتقۇچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

9. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خىلتنى تەڭشەش ئۈچۈن بىنەپشە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ئوسۇڭ ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، نىشاستە، بادام ياغلىرىدىن مۇۋاپىق ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

10. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ئۇيقۇ كەلتۈرۈش زۆرۈر بولۇپ، بەلغەم خىلتى ئېشىپ كەتمىگەن بولسا، بۇنىڭغا قارىتا شۇ خىلتنى تازىلاش ۋە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر ئارقىلىق مىزاجنى تەڭشەش لازىم. تۆۋەندە بۇ ئىككى خىل كېسەللىكنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز.

## 1. ئېغىر ئۇيقۇ
## سبات

**تونۇش:**

بۇ، بىمار ناھايىتى كۆپ ئۇخلايدىغان، ئويغىتىش تەس بولىدىغان ۋە داۋاملىق ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك يەتتە خىل بولىدۇ:

1. سىرتقى سەۋەب ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدىن سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ توپلىنىشىدىن؛

2. ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن پەي، مۇسكۇللار بوشىشىپ كېتىش، ئاشقازاندا يېمەكلىكنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان بۇخارات تەسىرىدىن كېلىشىدىن؛

3. بەدەندە خىلتنىڭ كۆپىيىپ كېتىش سەۋەبىدىن؛

4. ئۆپكە، ئاشقازان، كۆكرەك، جىگەر قاتارلىق ئەزالارنىڭ بىرەرسىدىن پەيدا بولغان بۇخاراتلار مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا توپلىنىشىدىن؛

5. باشقا بىرەر ئەزادىكى كېسەللىك مېڭىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن؛

6. بەدەننىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاجىزلاپ كېتىشى سەۋەبىدىن؛
7. باش قىسمى زەخمىلەنگەنلىكتىن بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئالدى بىلەن بۇ كېسەللىكنى سەكتە، ھوشسىزلىنىش، بالىياتقۇ بوغۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئەگەر بىماردا ئۇيقۇدىن تەستە ئويغىنىش، داۋاملىق ئۇيقۇچان يۈرۈش، ھېسسىياتى سۇسلىشىش، تومۇرى كۈچلۈك، ساغلام ئادەملەرنىڭكىدەك سوقۇش، چىرايى نۇرلۇق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ ئېغىر ئۇيقۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇيقۇ ۋە ھەرىكەت تامامەن يوقىلىش، تومۇرى ئاجىز ۋە قاتتىق سوقۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك سېرىق بولۇش، قول - پۇتى سوغۇق بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ سەكتە كېسەللىكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىماردا باشقىلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەسلىك ۋە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالماسلىق، كۆزنى ئاسانلا ئېچىش، كېسەلنىڭ تۇتۇش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ ھىستېرىيە كېسەللىكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل كېسەللىكتە بىمارنىڭ بېشىنى تۇتقاندا سوغۇق بولۇپ، بىمارنىڭ رەڭگى كۆكۈش، تومۇرى قاتتىق قالايمىقان بولۇش، سۈيدۈكى ئاق بولۇش، ئۇنتۇغاق، كۆز ۋە قاپىقى نۇرسىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر باشنى تۇتقاندا يۇمشاق ۋە سوغۇق بولۇپ، چىرايى، كۆز ۋە تىلىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇش تومۇرى يۇمشاق، دولقۇنسىمان، كەڭ سوقۇش، سۈيدۈكى رەڭسىز، قاپىقى پارقىراق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھۆللۈكتىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھۆللۈكتىن بولغان ئۇيقۇنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە باش يەڭگىل بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ خىلتسىز ھۆللۈكتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھۆللۈكتىن بولغان ئۇيقۇنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئېغىرلىق بولۇش، بۇرنىدىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرۇش، تىلى شىلىمشىلىق سۇيۇقلۇق بىلەن چاپلىشىپ تۇرۇش، سۈيدۈكى قويۇق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ باش قىسمىنى تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنىش، چىرايى، تىلى، كۆزنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇش، تومۇرلىرى ئېسىلەڭگۈ بولۇشقا ئوخشاش قان خىلتىغا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ تومۇرى ئىتتىك بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قىزىتما بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭىگە ئۆرلىگەن بۇخاراتتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئىچىدىكى يەڭگىل خىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولۇش بىلەن بىرگە تومۇرى ھەرە چىشىسمان ياكى دولقۇنسىمان بولۇش، دەم سىقىش، يۆتىلىش ئالامىتى كۆرۈلگەن بولسا، بۇ كېسەللىك بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆپكە يالاللۇغى، كۆكرەك پەردە يالاللۇغى، بېقىن ئاغرىش، جىگەر يالاللۇغىغا گىرىپتار بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئېنىقلىنىدۇ ۋە بۇ كېسەللىك شۇ كېسەللەنگەن ئەزادىن مېڭىگە ئۆرلەپ چىققان بۇخارات تەسىرىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر قورساق ئاچ ۋاقىتىدا ئۇيقۇ ئازلاپ، تويغاندىن كېيىن ئۇيقۇ كۆپىيىپ كېتىش، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، قۇلاقتا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىش، كۆزگە بىرنەرسە ئۇچقاندەك ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى كۆپ ھاراق ئىچىش تارىخى بولسا، بۇ كېسەللىك ئاشقازاندا پەيدا بولغان بۇخاراتتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بىمار ئۇچەي قۇرت كېسەللىكى ياكى ھەيز قېنى بالىياتقۇدا توشۇپ قېلىشقا ئوخشاش كېسەللىك بىلەن ئاغرىش ئەھۋالى بولسا، بۇ كېسەللىك ئۇچەي قۇرتى ياكى بالىياتقۇدا پەيدا بولغان بۇخاراتنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىمار بۇ كېسەللىككە ئاستا ـ ئاستا گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغانلىقتىن سۇيۇقلۇقنى كۆپ يوقىتىش ياكى بەدەننى زەخىملەندۈرۈشتىن قان كۆپ چىقىپ كېتىشكە ئوخشاش سەۋەبلەر-دىن بەدەن ئاجىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇ كېسەل روھنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولىدۇ.

**1) سوغۇقتىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش:**

*علاج سبات بارد*

سوغۇقتىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇ كېسەللىكىنى داۋالاشتا، سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ كۆچلۈكرەكلىرىنى تاللاپ قوللانسا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ:

ھەسەل گۇلقەنتىگە رۇم بەدىيانىي سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

36 گرام سىركەنجۇبىل ھەسىلىگە يەتتە گرام رۇم بەدىيان قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، پىلپىل، سىيادانىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، پۇرىتىش ئارقىلىق چۇشكۇرتۇلىدۇ.

تەرياقى كەبىر، تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى سەمانىيە، داۋائى مىشكى هار، ماددەتۇلها-يات، ئىترىفىل كەبىر، ئۇسقۇددۇس شەربىتى قاتارلىقلاردىن بىرەرسى تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئاملە نۇشدارىغا مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەديان ئارقىلىق يېگۈزۈلىدۇ.

بۇغداي كېپىكىنى تۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، باش قىسمىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇندۇز قەهرى، سۇزاپ، ئاقىرقەرها، ئەپسەنتىن قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايىنتىپ باش يۇيۇلىدۇ. تىرىپلىرى باشقا زىماد شەكلىدە تېڭىلىدۇ.

بەرگى سۇزاپ، بەرگى بان، تاتلىق قۇستە، سىماپ، يەسمەن، بابۇنە قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭ يېغىغا ئىپار، قۇندۇز قەهرى ۋە پەرپىيۇننى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ.

بىمارنى ئاچچىقلىتىش، چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىش، پۇتلىرىنى چىڭ - چىڭ مۇجۇش، پاچاق ۋە پۇتلارنى چىڭ باغلاشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسىغا دارچىن، خولىنجاننى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچ-كۈزۈلىدۇ. هەسەل بىلەن ياسالغان هالۋا يېگۈزۈلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن قەتئىي پەرهىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇ كېسەللىكى مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستې-مال قىلغانلىق سەۋەبىدىن بولسا، يۇقىرىقى داۋالاش تەدبىرلىرى بىلەن بىرگە زەهەر قايتۇرغۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر زەهەر قايتۇرغۇچى دورىلار بايانىدىن تاللاپ ئېلىنسا بولىدۇ.

**2) هۆللۈكتىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش:**

علاج سبات رطوبي

1. ئەگەر بۇ كېسەللىك خىلتسىز هۆللۈكتىن كېلىپ چىققان بولسا، هۆللۈكتىن بولغان مىجەز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەجۇنى ۋەج، ۋەج مۇراببىاسى ۋە زەنجىۋىل مۇراببىاسى يېگۈزۈلىدۇ.

2. سىرتىدىن قۇندۇز قەهرى، ئىزخىر چېچىكى، قۇستە، ئارپا مېۋىسى، پەرپىيۇن، ئاقىرقەرها قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلى-دۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا يەڭگىل دەرىجىدىكى ئوزۇقلۇقلار بېرىلىدۇ. يەنى سېرىقچېچەك، زىرە، قەلەمپۇر، دارچىن، خولىنجان، نوقۇت يارمىلىرىنى سۇدا پىشۇرۇپ سۈزۈپ، سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مىجەز كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلىدىغان

داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

4. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان، رۇم بەدىيانىدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، گۇلقەنت ياكى بۇزۇرى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، مەستىكى، رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەر بىرىدىن ئۈچ گرام، جوزدىن 14 گرام ئېلىپ، دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، كۈچلۈك خىلدىكى كلىزما، ھەببى ئايارەج ۋە رەۋەن ئۇسارىسى ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

6. ئەگەر ئاشقازاننى بەلغەمدىن تازىلاش كېرەك بولسا، بەلغەمدىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

7. بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش پايدىلىق

بىمارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن باشقا قىچا يېغى سۈۋىلىدۇ.

دورا سۈيى بىلەن يۇيۇش، پۇرىتىلما، چېپىلما، ئېغىز چايقاش دورىلىرىنى ئىشلىتىش لازىم.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن تەرياقى كەبىر، مادەتۇلھايات، ئىترىفىل كەبىر بېرىش كېرەك.

بىمار يورۇق جايدا ئۇخلىتىلىدۇ، كېچىسى ئۇخلىغاندا چىراغ ياندۇرۇپ قويۇلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا سىركە ۋە گۈل يېغىدا لاتىنى نەمدەپ، پېشانىگە قويۇلىدۇ ۋە پۇرىتىلىدۇ.

پەرەنجمىشكى سۈيىگە سوقۇلغان قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئىپار بۇرنىغا پۇرىتىلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك جاۋارىش دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك باشلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن سىيادان يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە توغرىغۇ ياكى ئاقىرقەرھا ۋە ياكى ئەنجۇر ئۇرۇقى، زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ زىماد تەييارلاپ، قول - پۇتقا سۈۋىلىدۇ.

تېرىقنى قىزىتىش ئارقىلىق باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئېغىر ئۇيقۇ كېسەللىكى مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا بەلغەم خىلتىنىڭ كۆپلەپ توپلىنىشۋالغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ھەببى ئايارەج ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاپ بولۇپ، چوڭ نۇسخىلىق ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ.

باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار سۈۋۈلىدۇ ۋە سۇ بىلەن باش يۇيۇلىدۇ.

8. ئەگەر بىرەر چەكلىمە بولمىسا دەسلەپتە قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى، سېرىق ھېلىلە، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم، ئەپسەنتىن، ئەفتىمۇن 25 گرامدىن، ئامىلە، بەلىلە پوستى، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، تۇربۇت، مامىرانچىنى ھەر بىرى ئون گرامدىن مامىرانچەنى، سانا، ئۇستقۇددۇس، غاپەس، قەنتەرىيون، بىستىپايەج، خوخا، ئاق تىكەن، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان ھەر بىرى 14 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن 120～250 گرام ئېلىپ، غارىقۇن ئۈچ گرام، قارا خەربەق 120 مىللىگرام، ھىندى تۇزىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى مەتبۇخ بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

9. ئەگەر يۇقىرىقى مەتبۇخنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى پوستى، كەرەپشە ئۇرۇقى، كەرەپشە يىلتىزى پوستى، مەستىكى رۇمى، ئېگىر، سوقۇلغان رەۋەن ھەر بىرى ئون گرام، سەلىخە يەتتە گرام ئىزخىرگۈلى 50 گرام، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم 75 گرام، ئاق ئەنجۈرنى 20 دانە ئېلىپ، دورىلارنى 2000 مىللىلىتىر سۇغا چىلاپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئەنبەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى 70 گرام ئېلىپ، ئىنەكپىتى يەتتە گرام، سىركەنجۇبىلدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ نۇسخا يەتتە كۈنگىچە ئىچكۈزۈلگەندىن كېيىن يۇقىرىقى مەتبۇخ يەنە بىر قېتىم بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا ۋە بىمارنىڭ مىزاجى ئۆزگەرمىسە، ئايارەج پەيقارا، ئەپسەنتىن، قىزىلگۈل ئۈچ گرامدىن، ماھىزەھرەج، نەمەك لاھورى، سوقمۇنىيادىن بىر گرامدىن، قارا خەربەق 0.5 گرام، غارىقۇندىن 30 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلاب بىلەن قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۈملاچ ياساپ، ھەر قېتىمدا ئون گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ. بۇ دورىنى ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىنمۇ كېسەللىك ماددىسى يەنە قالغان بولسا، قىيمىقۇ، بابۇنە، ئىككىلمىلىك، ئىزخىر، ئاق لەيلى، تۇزلاردىن 25 گرامدىن، بۇغداي كېپىكىدىن 50 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھورلاندۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلۇقىغا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. يېمەك - ئىچمىكى ئازلىتىلىدۇ.

10. بۇ كېسەللىككە قارىتا ئالدى بىلەن كۈچلۈك دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئىستەمخىقۇن بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا ئۆتكۈر دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ھەببى سەبرە، ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقىيا قاتارلىقلار بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇش، ئېغىز چايقاش، چۈشكۈرتۈش دورىلىرى ئىستېمال قىل-

دۇرۇلىدۇ. ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش روھىي جەھەتتە خاتىرجەمسىزلەندۇرۇش، بىمارنى تىرىكتۇرۇپ ئاچچىقى كېلىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

12. كېسەللىك خام بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولسا بادرەنجى بۇيا، رۇم بەدىيانىدىن يەتتە گرامدىن، گۇلقەنتتىن 35 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا زاراڭزا ئۇرۇقى شىرنىسى، پىلپىل، دارچىن، جۇۋىنە بىلەن پىشۇرۇلغان نوقۇت سۈيى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىتىكەن، سېرىقچېچەك، بابۇنە، سانا ھەر بىرى 25 گرام، بەدىيان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى ئون گرام، كەرەپشە، ھولبۇ ئۇرۇقى ھەر بىرى يەتتە گرام، ئۇشەق، مۇقەل ھەر بىرى 28 گرام، سەكبىنەج 0.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى 3000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، بىر كىلوگرام قالغاندا سۈزۈپ، يۇمشاق سوقۇلغان توغرىغۇ، ئاش تۇزى ھەر بىرىدىن 28 گرام، زەيتۇن يېغى، ھەسەل ھەر بىرىدىن 36 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما تەييارلاپ كىلىزما قىلىنىدۇ.

13. مېڭە ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋائى مىشكى شېرىن، شەربىتى بادرەنجى بۇيا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

زەنجىۋىل، پىلپىل، ئېگىر، سىيادان، ئاچچىق قۇستە ھەر بىرى 18 گرام، سۇزاپ، ھىلىڭ ھەر بىرى 36 گرام، قۇندۇز قەھرى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، ھەر كۈنى توققۇز گرام ئەتراپىدا يېگۈزۈلىدۇ.
(ھاۋى)

بۇ خىل كېسەللىكتە ئالدى بىلەن بىمارنىڭ ئالامىتى يەڭگىللەنگەنگە قەدەر قول - پۇت باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمىلىك، بۇغداي كېپىكى، نوقۇت كېپىكى، كۆكنار، ئاش تۇزى قاتارلىقلاردىن 50 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ پۇت يۇيۇلىدۇ.

سىركە بىلەن ئەرقى گۈلنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، 2~3 كۈنگىچە باشقا سۈۋىلىدۇ. تۆتىنچى كۈنىدىن باشلاپ قۇندۇز قەھرى، سىيادان، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، زىماد تەييارلاپ پېشانە قىسمىغا قويۇلىدۇ.

دەسلەپتە ئۆتكۈر تەبىئەتلىك كىلىزما ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج پەيقارادىن يەتتە گرامنى 24 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئاخشىمى ئەرقى بادرەنجى بۇيا بىلەن ھەببى ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ.

ئاخشىمى مەتبۇخى ئۇستقۇددۇس بىلەن ئۇستقۇددس شەربىتى بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاخشىمى ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىپ، ئەتىسى ئەتىگەن-

دە بەديان، كاسىنە يىلتىزلىرى پوستى ھەر بىرى توققۇز گرام، رۇم بەديان، كەرەپشە يىلتىزى ھەر بىرى يەتتە گرام، سېرىق ئەنجۈردىن تۆت دانە ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا بۇزۇرى شەربىتى 50 گرام ۋە سوقۇلغان ئاق، قىزىل تۇدرى ھەر بىرىدىن توققۇز گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ۋە قالدۇق خىلىتلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بەديان، بابۇنىلەردىن توققۇز گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا سىركەنجۇبىل ئەنسىلىدىن 50 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، كۈنىگە 4 ~ 5 قېتىم غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

قىزىتما يوقالغاندىن كېيىن يەنىلا ئېغىر ئۆيقۇنىڭ تەسىرى قېپقالغان بولسا، پەرپەـ يۇن، مەستىكى، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى ئۈچ گرام، سەمغى ئەرەبى توققۇز گرام، بابۇنە 12 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۈزاپ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، پېشانە ۋە چېكىگە سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا يۇمشاق ناننى توخۇ گۆشى شورپىسىغا چىلاپ بېرىلىدۇ.

### 3) غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش:

علاج سبات دموی

بۇ خىل كېسەللىككە قارىتا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تارقىتىش ئۈچۈن پاچاققا لوڭقا قويۇلىدۇ ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تەڭشىگۈچى كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سىركە ۋە مۇناسىۋەتلىك ياغلار باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بابۇنە قايناتمىسى بىلەن پۇت يۇيۇلىدۇ. بۇغداي كېپىكىنى خېمىر قىلىپ قورساققا سۈۋىلىدۇ. يۇمغاقسۈت سۈيى، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، سىركىگە ئوخشاش قۇرۇق سوغۇق دورىلار بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر ئاز ـ ئازدىن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلەر قاندىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاش تەدبىرلىرىدىن تاللاپ ئېلىنىدۇ.

### 4) بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش:

علاج سبات بخاری

ئەگەر بۇ خىل كېسەللىك بۇخارات سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قىزىتما ياكى باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئەگەشمە شەكلىدە پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭدا ئەسلىي سەۋەبنى داۋالاش لازىم. يەنى بۇ كېسەللىك بىر ئەزادا پەيدا بولغان بۇخاراتتىن كېلىپ چىققان بولسا، شۇ ئەزاغا قارىتا داۋالاش قوللىنىش كېرەك ۋە تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سىركە بىلەن گۈل يېغى باشقا سۈۋىلىدۇ.

سوۋۇتقۇچى دورىلارنىڭ سۈيىدە پۇت يۇيۇلىدۇ ۋە پۇرىتىلما تەييارلاپ پۇرىتىلىدۇ.

ئەگەر مېڭىدە بىرەر نەرسە توختاپ قالغان بولسا تارقاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان مۇناسىۋەتلىك دورا سۈيى ئارقىلىق پۇت يۇيۇلىدۇ.

بۇ خىل كېسەللىكتە دورا سۈيى بىلەن پۇتنى يۇيۇش، قاتتىق نەرسىلەر بىلەن قول - پۇتنى مۇجۇش ۋە باغلاش، بىرنەچچە قېتىم چۈشكۈرتۈش، سىركە پۇرىتىش، باشقا گۈل يېغى، سىركە، غوراب سۈيى، ئانار سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ئېغىر ئۇيقۇ كېسەللىكى ئاشقازاندىن ئۆرلىگەن بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان بولسا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

قەي قىلدۇرۇش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش، كلىزما قىلىش، مۇناسىۋەتلىك ھەب دورىلا- رنى يېگۈزۈش ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك باش ئاغرىقىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلى- دۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە قورساق ئېسىلىش بولسا، بەديان، لاچىندانە ئۇرۇقى، ئاق زىرە قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇفۇپ تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۇچەي قۇرتى سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋە چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن بۇزۇق يەللەرنى توختىتىش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسى- ۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

**5) بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش:**

علاج سبات ضعفى

بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ:

روھنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇمشاق سېمىز قوي گۆشىنىڭ شورپىلىرى، مائۇللەھمى (گۆش سۈيى بېرىلىدۇ)، مۇپەررىھ تۈرىدىكى دورىلار، داۋائى مىشكى، مېۋە شەربەتلىرى، ئانار شەربىتى، ئەرقى گۈلگە ئوخشاش روھلاندۇرغۇچى دورىلار تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇ- لىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا مائۇللەھمى ئالما سۈيى بىلەن بېرىلىدۇ.

سوغۇق تەبىئەتلىك داۋائى مىشكى ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى نېلۇپەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

تاباشىر ۋە سەندەلنى مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەرگە چىلاپ، تەمىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈ- لىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، ئىسسىق تەبىئەتلىك داۋائى مىشكى ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇپەررىھ تۈرىدىكى دورىلار ياكى مائۇلھەسەل، ئۈزۈم شەربىتى، مائۇللەھمى مۇۋاپىق مىقداردىكى هاراق بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

**6) زەخىملىنىشتىن بولغان ئېغىر ئۇيقۇنى داۋالاش:**

*علاج سبات ضربي وسقطي*

بۇ كېسەللىككە قارىتا زەخىملىنىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا سۇلتانى مەھمۇد «ئىككى تال قارىمۇچنى تۇپرۇك بىلەن ئېزىپ پىلتىكۇچ ئارقىلىق كۆزگە سۈۋسا، ئېغىر ئۇيقۇنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەرچىۋە، قارىمۇچ، لاھور تۇزىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ يېگۈزۈش ۋە جۇڭگو چېيى، بەدىيان بىلەن دەملەنگەن قەھۋە ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

## 2. ئۇيقۇسىزلىق

*سهر*

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن ياكى سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنىڭ ياكى سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، مېڭىدە تۇزلۇق بەلغەم خىلتىنىڭ توپلىشىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك بۇخاراتنىڭ غىدىقلىنىشى بۇزۇق خىلتلارنىڭ بەدەندە تۇرۇپ قېلىشى، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ ئاشقازاندا تۇرۇپ قېلىشى، ئېغىر دەرىجىدىكى غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەمگە گىرىپتار بولۇش، يورۇق جايلاردا بەك ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمارنىڭ تىلى ۋە بۇرنى قۇرۇق بولسا، بۇ ئۇيقۇسىزلىقنىڭ خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ تىلى ۋە بۇرنى قۇرۇق بولۇش بىلەن بىرگە باش ئېغىرلىق ۋە سەپرانىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەپرا خىلتتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇرۇن تۆشۈكى ھۆل، باش ئېغىر بولۇش ۋە كۆز چاپاقلىنىش، كۆز

چوقۇلۇپ ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ ئۇيقۇسىزلىقنىڭ بەلغەم خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

### 1) قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش:

علاج سهر يابس

بۇنىڭغا قارىتا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

قۇرۇقلۇقتىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىقنى داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

خەشخاش ۋە ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرنىسىگە ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىنەپشە ياكى خەشخاش شەربىتىدىن 36 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەنتاكى «كالا سۈتى بىلەن ئارپا سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

قورۇلغان يۇمغاقسۈت، ئاقلانغان ئوسۇڭ ئۇرۇقى، ئاق خەشخاشنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام، ئاقمۇچ 50 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، توققۇز گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

سۇفۇپى دىنار، خەشخاش ھالۋىسى، خېمىرى خەشخاش قاتارلىق دورىلار تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە قۇرسى مۇسەللەسنى ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيىدە ئېزىپ پېشانىگە چېپىلىدۇ.

ئوسۇڭ ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ زىماد تەييارلاپ، باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن قاپاق يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى كالا سۈتى، خەشخاش شىرنىسى، قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

خەشخاشتىن 18 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 250 گرام كالا سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ پېشانىگە سۈۋىلىدۇ.

كەندىر يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، ئۆچكە سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، باشقا سۈۋىلىدۇ.

قاپاق يېغى ياكى بىنەپشە يېغى ۋە ياكى بادام يېغى پېشانىگە سۈۋىلىدۇ.

قاپاق غازىڭىنى ئەرقى گۈل ياكى ئەرقى بىدىمىشكى بىلەن نەمدەپ پۇرىتىلىدۇ ۋە بىمار ياتقان ياستۇققا قويۇپ قويۇلىدۇ.

ھۆل ئوسۇڭ سۈيى، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، خەشخاش ئۇرۇقى شىرنىسى، نىلۇپەر يېغى پۇرىتىلىدۇ.

خەشخاش يېغى، ئۇسۇك ئۇرۇقى يېغى، قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى پاقلان گۆشى، قاپاق، پالەك ۋە ئۆچكە سۈتى بىلەن ئېتىلگەن ماش ئېشى يېگۈزۈلىدۇ. تاماق سىڭىپ بولغاندىن كېيىن بىمار ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

بىنەپشە، نىلۇپەر، قىزىلگۈل، سوقۇلغان ئۇسۇك ئۇرۇقى، كۆك يۇمغاقسۈت، خەشخاش ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان ئارپىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، باش يۇيۇلىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقلۇق بىلەن بىرگە ئىسسىقلىق بولسا، خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سەۋدا خىلتى، سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا تازىلاش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ:

بادام يېغى ۋە قاپاق يېغىغا ئوخشاش ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار بىلەن ئالىقان ۋە تاپانلار ياغلىنىدۇ.

خەشخاش شەربىتى، ئۇسۇك شەربىتىگە ئوخشاش ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى شەربەتلەر ۋە مېۋە سۇلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا «مالىخولىيا»نى داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، بەدەن ۋە مېڭىدىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى تازىلىنىدۇ. باشقا ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ.

### 2) ھۆللۈكتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش:

علاج سهر رطوبي

ئەگەر بۇ كېسەللىك تۇزلۇق بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، كاسنىە يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، گۈلقەنت بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈپ، خىلتنى پىشۇرۇش كېرەك. خىلت پىشقاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى تەركىبىدىكى ئىسسىقلىقى يۇقىرى بولغان دورىلارنى چىقىرىۋېتىپ، سۈرگە تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى شەبيار

يېگوزۇلىدۇ.

ئەگەر پەيقىرا ئاچچىقتاۋۇز ۋە سېرىق ھىلىلە بىلەن بېرىلسە، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بابۇنە يېغى، گۈل يېغى قاتارلىق ئىسسىققا مايىل ياغلار بىلەن باشنى داۋاملىق ياغلاپ تۇرۇش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە گۆشى، پاقلان گۆشى، پالەك، قاپاق ناھايىتى ئاز مىقداردا تۇز بىلەن بېرىلىدۇ. بەك تۇزلۇق، ئاچچىق يېمەكلىكلەردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر مىزاجىدا ھارارەت يۇقىرى بولسا، سەپرانىڭ سۇرگىسى ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا بابۇنە قايناتمىسى ئارقىلىق باش يۇيۇلىدۇ. بابۇنە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ياشانغانلاردا ئۇيقۇسىزلىق پەيدا بولسا بۇنى داۋالاش قىيىن بولۇپ، داۋالاشتا بابۇبىنى قاينىتىپ، ھەر كۈنى كەچتە بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا جالىنۇس «ئۇيقۇسىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلسە ھەر كۈنى ئوسۇڭنى ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئوسۇڭ زىيان قىلسا ئوسۇڭغا ئازراق دارچىن قوشۇپ بېرىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. رازىيى «سېرىقچېچەك گۈلى ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

**3) باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاش:**

علاج سهر از دیگر اسباب

1. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق بۇخاراتتىن بولغان بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك بۇخاراتنى توسۇش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك پۈرالما دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

قايتا ـ قايتا ئېغىز چايقاش، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار بىلەن يۇيۇندۇرۇش لازىم. خەشخاش يېغى، ئوسۇڭ يېغى قاتارلىقلارنى پېشانىگە سۈۋاش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

تامىقىغا خەشخاش ئۇرۇقى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، تازىلانغان يۇمغاقسۈت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن پۇتنى يۇيۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇجۇپ بېرىلىدۇ.

قىلىن دارچىن ئىككى ھەسسە، ئەپيۇن، زەپەر ھەر بىرىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

خەشخاش پوستى بىلەن ئىتىياڭىقى يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئىكىلىلىلىك بىلەن بابۇنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

2. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ بەدەنگە توشۇپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى قائىدە بويىچە مۇنزىچ، مۇسھىل بېرىپ تازىلىنىدۇ.

3. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق قان بۇزۇلغانلىقتىن بولسا بەدىيان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان، قەسبۇ زەرىرە قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ، ساپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبى بىرەر ئاغرىق سەۋەبىدىن بولسا، ئالدى بىلەن كۆچلۈك خىلتىدىكى سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تارقاتقۇچى ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار مەسىلەن: بابۇنە يېغى بىلەن خەيرى يېغى بىرلەشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مەستىكى، ئاچچىق سۇرۇنجان، بەزرۇل-بەنجىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئىللىمان ھالەتتە باشقا سۈۋىلىدۇ.

5. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن پەيدا بولغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن تەدبىرلەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

6. تۆۋەندىكى ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى دورىلار ۋە تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ھەر ئاخشىمى قول - پۇتنى چىڭ باغلاش، ياستۇق قويماي ياتقۇزۇش، بىمارنىڭ ئۇدۇلىغا ناھايىتى يورۇق چىراغ ياندۇرۇپ قويۇش ۋە بىمارنىڭ ئەتراپىدا ھېكايە سۆزلەپ ئۇنى ھەرگىز ئۇخلاتماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بىمارنىڭ ئىچى سىقىلىپ چارچىغاندا بىراقلا قول - پۇتنى بوشىتىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئەتراپنى جىمجىت قىلساق ۋە بىمارنىڭ تاپىنىغا مۇۋاپىق ياغلارنى سۈۋىساق بىمار دەرھال ئۇخلايدۇ.

ئەپيۇن 0.4 گرام ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق مىقداردا چاي بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەپيۇندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئارپا سۈيى ياكى ئەرقى نىلۇپەر بىلەن ئىچكۈزۈ-لىدۇ.

زەپەرنى سالايە قىلىپ بىنەپشە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلى-دۇ.

مۇۋاپىق تەنھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇلىدۇ ۋە مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ.

بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، ئوسۇك ئۇرۇقى يېغى، خەشخاش يېغى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

بەدەن ۋە قول - پۇتنى مۇجۇش، لەرزان مۇزىكىلارنى ئاڭلاش، سەيلە - ساياھەت قىلىش، ئىللىمان سۇنى باشقا قويۇش، سوغۇق سۇ بىلەن قول - پۇتنى يۇيۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئوسۇك ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى ھەر بىرى بىر ھەسسە، خېنىگولى، ئاس گۇلى، باقىلە ھەر بىرى يېرىم ھەسسە، زەپەر، سەبرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك ياغلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم قايىنىتىپ، ياغ قىسمىلا قالغاندا باشقا سۈۋىلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇسخىغا مۇۋاپىق مىقداردا ئەنبەر ئارىلاشتۇرۇلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئوسۇك ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇندىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، خەشخاش قايناتمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ پېشانىگە سۈۋىلىدۇ.

ئۆشنە پۈرىتىلىدۇ ياكى ئۆشنە بىلەن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

مۇدەپپەر قىلىنغان جوزماسىل (ئىت ياڭىقى ئۇرۇقى) نوقۇت چوڭلۇقىدا يېگۈزۈلىدۇ. (ئىبنى ئىسهاق)

كۆك سېرىقچېچەك سۈيى ئارقىلىق باش يۇيۇلىدۇ ياكى كۆك سېرىقچېچەك سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

جوزماسىل (ئىت ياڭىقى ئۇرۇقى) قاراخەربەق ھەر بىرى بىر ھەسسە، خەشخاش پوستى، بەزرۇلبەنجى، ئوسۇك ئۇرۇقى ھەر بىرى ئىككى ھەسسە، دورىلارنى چالا سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ سۈزۈپ، كۇنجۇت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، سۇس ئوتتا ياغ قىسمى قالغۇچە قايىنىتىپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا پېشانە، قول ۋە تاپانلارغا سۈۋىلىدۇ.

كۇندۇر، ھومماز ئۇرۇقى ھەر بىرى ئۈچ گرام، خەشخاش ئۇرۇقى 36 گرام، ئاقلانغان ئوسۇك ئۇرۇقى 18 گرام، زەپەر بىر گرام، ئاق قەنت 50 گرام، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تالقان تەييارلاپ، ئۈچ گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

نىلۇپەر، ئوسۇك ئۇرۇقى ھەر بىرى ئون گرام، ئاق لەيلى 14 گرام، خەشخاش پوستى، ئىتياڭىقى يىلتىزى ھەر بىرى يەتتە گرام، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

## ئون ئىككىنچى پەسىل ئۇنتۇغاقلىق ۋە ئەسلەش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى

## آفات ذہن ونسیان

### 1. ئۇنتۇغاقلىق

### نسيان

**تونۇش:**

بۇ ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى، پىكىر قىلىش قۇۋۋىتى ۋە خىيال قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىك بولۇپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كېتىد-

دۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك خىلتسىز ھۆل سوغۇقلۇقتىن، خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن، خىلت-سىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بولىدۇ.

بۇ سەۋەبلەر دەسلەپتە مېڭىنىڭ ئۆزىدە ياكى باشقا ئەزالارنىڭ تەسىرىدىن ۋە ياكى سىرتقى ئامىللار تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمار كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئىشلىرىنى تېز ئۇنتۇپ كەتسە، بۇ ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئويلىيالمىسا ۋە ھەر خىل ئىشلارنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى بىلمىسە، بۇ خىيال قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ گەپ سۆز ۋە ھەرىكىتى نورمال بولمىسا، بۇ پىكىر قىلىش قۇۋۋىتى-نىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈنسە بۇ خىيال قىلىش قۇۋۋىتىدە بۇزۇلۇش بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆپىنچە سەرسام، ئىغىر دەرىجىلىك قىزىتما ۋە كۆيدۈرگۈچى تەپلەردە پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى بىلەن بىرگە كۆپ ئۇخلاش، باش ئىغىر بولۇش، كۆز ۋە بۇرۇن ھۆل بولۇش، بۇرۇن ۋە ئېغىزدىن سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرۇش، 2~3 كۈن بۇرۇن بولغان ئىش ياكى گەپ سۆزلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش، لېكىن شۇ كۈندىكى ئىشلار ئېسىدە تۇرۇش، تومۇر ھەرىكىتى قالايمىقان بولۇش، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈر-دۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ ئۇيقۇسى ئاز، ئېغىز، بۇرۇن ۋە كۆزى قۇرۇق بولۇش، 2~3 كۈن بۇرۇنقى ئىش پائالىيەت، گەپ ـ سۆزلەرنى ئەسلەپ، ھازىرقى گەپلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش، بىمار سۆزلىگەندە تېز ۋە ئارقىمۇ ئارقا سۆزلىيەلمەسلىك، بوغۇلۇپ قالغۇدەك ھېس قىلىش، بېشى ئېغىر بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى توپا رەڭ، تومۇرى قاتتىق، كىچىك بولۇش، سۈيدۈك مىقدارى كۆپ، رەڭگى ئاق، سۈزۈك بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈل-سە، بۇ كېسەللىكنىڭ قۇرۇق سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا باش ئىسسىق، بۇرۇن قۇرۇق بولۇش، ئوت ۋە باشقا رەڭلىك نەرسىلەر-نى تولا خىيال قىلىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

داۋالاش:

1. سىرتىدىن دورا ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى بۇزۇلغاندا باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا، پىكىر قىلىش قۇۋۋىتى بۇزۇلغاندا باشنىڭ ئوتتۇرىسىغا، خىيال قىلىش قۇۋۋىتى بۇزۇلغاندا باشنىڭ كەينى تەرىپىگە دورا ئىشلىتىلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

قەي قىلدۇرۇش، لوڭقا قويۇش كېرەك. سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىش، سامساق، پىياز، كۇدە، ئالما، كۆك يۇمغاقسۇت قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىش.

نارجىل، ياڭاق مېغىزى، قۇرۇق ئەنجۇرنى بېرىش، ئۇنىڭدىن باشقا توخۇ، پاختەك، قوي گۆشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ.

ھەرقانداق تۇخۇم بۇ كېسەل ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كەپتەر تۇخۇمى ئەڭ پايدىلىق.

ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ، 12 گرام كالا سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، 15 كۈنگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆپ ئويلىنىش، ئەقلىي ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش، تەتقىقات ۋە مۇزاكىرە خىزمەتلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش، كۆڭلىنى خۇشال تۇتۇش، ناخشا مۇزىكا ئاڭلاش، خۇش پۇراق گۇللەرنى پۇراش قاتارلىقلار مېڭە ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە پىندۇق مېغىزى بىلەن شېكەر ياكى قۇرۇق قىزىل ئۈزۈم يېگۈزۈلىدۇ.

ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، تازىلانغان ئامىلە، بەلىلە پوستى، پىلە، تاتلىق بادام مېغىزى، شېكەرنى سوقۇپ، سۇفۇپ قىلىپ بېرىلىدۇ. (سۇۋەيدى)

پىستە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىگە ئاساسەن داۋالاشنى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز:

### 1) خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش:

علاج نسيان بارد رطب

1. خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسىلى ۋە باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرغۇچى، سۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ ياكى تازىلاش ئۈچۈن

ئىسسىق تەبىئەتلىك كىلىزما دورىلىرى ۋە ياكى قۇندۇز قەھرى چۈشكەن ھەببى ئايارەج ئىشلىتىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئۇستىقۇددۇس، بەدىيان، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا، يەرلىك شوخلا ھەر بىرى يەتتە گرام، قەنتەرىيون، دۇرنەج ئەقرەبى، خوخا، ئاق تىكەن ھەر بىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 18 گرام، سىرىق ئەنجۈر بەش دانە، ھەسەل گۈلقەنتى 50 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ دورىنى 8～10 كۈنگىچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن سۈيدۈكتە خىلىت پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، يۇقىرىقى نۇسخىغا سانا 18 گرام، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر ھەر بىرى 75 گرام، شىرخىست 50 گرام، خېمىرى بىنەپشە 36 گرام، ئۇستىقۇددۇس شەربىتى 36گرام، بادام يېغى بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى قوقىيا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. بىمارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى بەديان بىلەن ياسالغان مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ ۋە ئەتىگەندە ماددەتۇلھاياتتىن يەتتە گرامنى بىر دانە كۇمۇش ۋاراقكە ئوراپ، ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا، قەنتەرىيون، رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەر بىرى ئۈچ گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 12 گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئاق ۋە قىزىل تۇدەرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، 12 گرام بۇزۇرى شەربىتىگە قوشۇپ، يۇقىرىقى قايىنىتىلمىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ماددەتۇلھايات بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. 4～5 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن مەجۇنى لوبان ياكى لوبان، ئېگىر، سەئدى كوفى ھەر بىرى 50 گرام، زەنجىۋىل، پىلپىل ھەر بىرى 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

5. تازىلاشتىن كېيىن تۆۋەندىكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنى ماددەتۇلھايات، مەجۇنى ۋەج، مەجۇنى جەدۋار، مەجۇنى ھاپىزىل ئەقىل، مۇپەررىھ ئەبرىشىم، مەجۇنى زەبىب، مەجۇنى ئەنتاكى، ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس، سۇفۇپى ھەيزە، ئەبرىشىم شەربىتى قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولمىسا، مەجۇنى بالادۇردىن دەسلەپتە بىر گرام يېگۈزۈپ، ئاندىن ئۈچ گرامغا كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

6. دورا سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاش، سۈيۈق سۇۋالما ۋە ھەر خىل مايلارنى باشقا سۇۋاشقا ئوخشاش تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

زەپەر، قۇندۇز قەھرى پۇرىتىلىدۇ.

قەلەمپۇر، بەسباسە، سازەج ھىندى، كۇندۇر قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، زىماد تەييارلاپ باشقا سۇۋىلىدۇ.

مەستىكى، كۆندۈر، دارچىن قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

سەئدى كوفى، زەنجىۋىل، پىلپىل، قارىمۇچ دورىلارنى سوقۇپ، تەڭ مىقداردىكى ھەسەل ياكى شېكەر قىيامى بىلەن يۇغۇرۇپ، بىرنەچچە كۈنگىچە مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ.

ھېلىلە مۇراببىاسى، گۇلقەنت، ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس، ئەبرىشىم شەربىتى قاتارلىق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مالاكەنگى ئۈچ ھەسسە، پىلپىل، زەنجىۋىل ھەر بىرى 0.5 ھەسسە، دارچىن بىر ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كالا يېغى بىلەن ياغلاپ، ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇنات تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

7. ئەگەر ئۇنتۇغاقلىق ھۆللۈكنىڭ كۆپلىكىدىن بولغان بولسا ئاچچىقتاۋۇز، قۇندۇز قەھرى، ئاقىر قەرھا قاتارلىق دورىلار مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج لوغانىزىيا، جاۋارش بالادۇر قاتارلىق دورىلارنىڭ بىرەرسى تاللاپ بىرگە يېگۈزۈلىدۇ.

8. ئەگەر كېسەللىك ھۆل سوغۇقتىن بولغان بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن تازىلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

تازىلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايارەج شەھمەنزەلگە قۇندۇز قەھرى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ خەتىرى بولسا مەجۇنى بالادۇر يېگۈزۈلىدۇ.

سۇيۇق زىمادلارنى سۈۋاش، دورا سۈيى ئارقىلىق ئېغىز چايقاش، پۇرىتىلما پۇرىتىش قاتارلىق قىزىتقۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئېگىر مۇراببىاسى ۋە پىلپىل مۇراببىاسى يېگۈزۈلىدۇ.

كۆندۈر، ئاقمۇچ، زەپەر، مۇرمەككى، سەئدى كوفى قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئۈچ گرام يېگۈزۈلىدۇ.

ئاقمۇچ، قارا زىرە ھەر بىرى ئىككى ھەسسە، ئاق شېكەر ئۈچ ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، سۇفۇپ تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

زىرە بەش ھەسسە، پىلپىل بىر ھەسسە، ئېگىر، سەئدى كوفى، قارا ھېلىلە ھەر بىرى ئىككى ھەسسە، بالادۇر ئەسلىي بىر ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى ئومۇمىي دورىلارنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

(شەيخ)

9. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ئىمكانقەدەر ئالدى بىلەن ئومۇمىي بەدەننى تازىلاش ئۈنىڭدىن كېيىن بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە مېڭىنى تازىلاش لازىم. مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن سۇمبۇل تىپ، قىلىن دارچىن، قەلەمپۇر ھەر بىرى ئۈچ گرام، مەستىكى، ئاسارۇن، قىزىلگۇل ھەر بىرى يەتتە گرام، ئەپسەنتىن، رۇببىسۇس ھەر بىرى ئون گرام، سەبرە 18 گرام، سوقمۇنيا 2.25 گرام، دورىلارنى سوقۇپ، بادرەنجى بۇيا سۈيى ياكى ساپ ھاراق ۋە ياكى ئاپىلسىن ياغىچى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈنىگە 3~4 قېتىم يەتتە دانىدىن يېگۈزۈلىدۇ.

ئايارەج پەيقارا ياكى قىچا، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە ئاقىرقەرھانى قايىنىتىپ، ئىغىز چايقاش پايدىلىق.

ئىپار بىلەن قۇندۇز قەھرىدىن 0.2 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، يەسىمەن يېغى بىلەن ئېرىتىپ، بىمارنىڭ بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى 0.25 گرام، ئاق تىكەن ئۈچ گرام، بەدىيان يەتتە گرام، ئاق قىچا يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كونا سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئەگەر بۇ زىمادقا بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

10. ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا بىرنەچچە كۈن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قارا ھېلىلە 36 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 70 گرام، ئەفتىمۇن 12 گرام، رەۋەن ئون گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن 250 گرام ئېلىپ، 12 گرام ئايارەج لوغانزىيا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياسالغىلى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە بولغان لوغانزىيا يېگۈزۈلىدۇ. بۇنى يېگۈزۈشتىن ئون كۈن بۇرۇن ۋە يېگۈزۈپ ئون كۈنگىچە ھۆل سوغۇق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. (تەبرى)

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈش ۋە قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تېز سۈرئەتتە ئىشلىتىش زىيانلىق. چۈنكى ئەسلىدىكى ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش مىزاجىدا سوغۇقلۇق پەيدا قىلىپ ئۇنتۇغاقلىقنى ئاشۇرۇۋېتىش خەتىرى بولىدۇ.

2. يەرلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم.

3. باشنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىسسىق سۇ باشتا سەزمەسلىك ۋە بوشىشىپ كېتىش پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

4. تىنچلاندۇرغۇچى دورىلاردىن، بۇزۇق يەل پەيدا قىلغۇچى غەلىز، يېمەكلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

5. ھاراقنى كۆپ ئىچىش بۇ كېسەللىككە ناھايىتى زىيانلىق، لېكىن ئاز مىقداردا ھاراق ئىچسە روھنى ئۇرغۇتىدۇ، كۈچلەندۈرىدۇ.

6. سۇنى كۆپ ئىچىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

7. كۇندۇزى كۆپ ئۇخلاش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىشتىن چەكلەش لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، روھ ئاجىزلاپ كېتىپ، مېڭىدە بۇزۇق يەللەر توپلىشىۋالىدۇ.

**2) خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش:**

*علاج نسيان بارد يابس*

1. تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

قىزىتقۇچى ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە ھۆل ئىسسىق يېمەكلىكلەر مەسىلەن: توخۇ، پاقلان گۆشلىرىنىڭ شورپىلىرى، بېلىقنىڭ باش قىسمىدىكى يىلىكى بېرىلىدۇ.

بىمارنىڭ بېشىنى لۆڭگە بىلەن مۇجۇپ قول - پۇتى ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇل زىيادە بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

بىمارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش، قانغۇدەك ئۇخلىتىش، نورمال مۇنچىغا چۈشۈرۈش، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنىڭ سۈيىدە يۇيۇندۇرۇشقا ئوخشاش داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھۆل ئىسسىق زىمادلار ۋە ھۆل ئىسسىق ياغلارنى سۈۋاش لازىم.

كالا يىلىكى، بادام يېغى، بابۇنە يېغى، كالا سۈتىدە ياسالغان سېرىقماي قاتارلىق دورىلار ئايرىم - ئايرىم يالغۇز ھالەتتە ياكى بىرلەشتۈرۈپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

2. ئەگەر بىماردا غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، سەۋدانىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق ياكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن يۇقىرىقى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

3. مېڭە ۋە بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

كالا سۈتى ۋە قېتىق ئىچكۈزۈلىدۇ.

تۇز بىلەن بادام يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

كالىنىڭ پۇت سۆڭىكىنىڭ يىلىكى بىلەن بادام يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

خەيرى يېغى، كالا پۇتى سۆڭىكىنىڭ يىلىكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شاراب

بىلەن سۈيۈلدۈرۈپ باشقا سۇۋىلىدۇ.

مەجۇنى نۇجاھ، مەجۇنى لوبۇب يېگۈزۈلىدۇ.

بىنەپشە، خەيرى، بابۇنە قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، باش يۇيۇلىدۇ.

نەغەزگۈل يېغى بىلەن خەيرى يېغى باشقا سۇۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. (ئەبۇ. سەھلى)

ئايارەج جالىنۇسى بىلەن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇغداي ۋە ئارپا قايناتمىسى بىلەن بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ، مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەفتىمۇننى سوقۇپ، ئايارەج پەيقاراغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە كۇنجۇت يېغى بىلەن خەيرى يېغى باشقا سۇۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى بېرىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

ئەگەر كېسەللىكتە مېڭە ئېغىر دەرىجىدە يېيىگلەپ كەتمىگەن بولسا ۋە مېڭە قۇۋۋىتى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتمىگەن بولسا، بۇنى داۋالاش ئاسان بولىدۇ. ئەكسىچە مېڭىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز ۋە مېڭە ئېغىر دەرىجىدە يېيىگلەپ كەتكەن بولسا داۋالاش قىيىن بولىدۇ.

### 3) خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش:

علاج نسيان حار يابس

داۋالاشتا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

سوۋۇتقۇچى دورىلار، سۇۋالمىلار، ياغلارنى خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاش بايانىدىن تاللاپ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، ئەرقى گۇل، ئەرقى بىدمىشكى قاتارلىقلار سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

چىلان شەربىتى ۋە خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

كاپۇر ئەرقى، قىزىل سەندەللەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ، باشقا سۇۋىلىدۇ.

ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، مۇرمەككى ھەر بىرى ئۈچ گرام، بەزرۇلبەنجى، جۇۋنە، كەتىرا ھەر بىرى بىر گرام، ئەپيۇن 0.3 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ باشقا سۇۋىساق، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ھۆللۈك يەتكۈ-

زۆش ئۈچۈن پايدىلىق.

باقىلە ئۈنى، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل، بىنەپشە ھەر بىرى ئۈچ گىرام، كاپۇر 0.2 گىرام قاتارلىق دورىلارنى سىركە بىلەن نەمدەپ، قۇرۇتۇپ، يەنە ئەرقى گۈل بىلەن نەمدەپ، قورۇتۇپ كۆيدۇرۇپ، بىمارنى ئىسرىقلايمىز.

قاپاق پىلىكى، قاپاق ئېتى، ئوسۇك ياغىچى، ئوسۇك ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، خەشخاش گۈلى، بىنەپشە، نىلۇپەر، سۆگەت شېخى، رەيھان گۈلى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ قاينىتىپ، بىمار هورلاندۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھالۋا، ئۇماچ، ئوسۇك، توخۇ گۆشى شورپىسى، توخۇ گۆشى بىلەن قاينىتىلغان كاشكاپ بېرىلىدۇ.

**4) مېڭىدە ئىششىق پەيدا بولغانلىقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش:**

علاج نسيان ازورم دماغ

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا كېسەللىك پەيدا قىلغان ئاساسلىق سەۋەبنى يوقىتىش بىلەن غەيرىي تەبئىي خىلتنى ئېنىقلاپ ئەسلىي كېسەللىك داۋالىنىدۇ.

## 2. ئەسلەش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى

## بطلان ذہن

**تونۇش:**

بۇ ئەستە ساقلاش ۋە ئەسلەش قۇۋۋىتىنىڭ ئىككىلىسى تەڭلا يوقىلىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ خىل كېسەللىك تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ: ① مېڭىدە ھۆل سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ② قۇرۇق سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ③ قۇرۇق ئىسسىقلىقنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە بىمار كۆپ ئۇخلاش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، ئاڭلىغان گەپنى چۈشىنىش، لېكىن بىر ئازدىن كېيىنلا ئۇنتۇپ كېتىش، داۋاملىق بۇرنىدىن سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرۇش، باشنىڭ ئارقا تەرىپى ئېغىر بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

1. بىمارنىڭ كۈچ قابىلىيىتى، مىزاجى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللارنى كۆزدىن

كەچۈرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

ئاددىي كلىزمىلار ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا ئۈچ قېتىم كلىزما قىلىپ بەدەن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە چىلانما ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، تولۇق ساقايغانغا قەدەر يۇقىرىقىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنمىگەن بولسا ئىپار، قۇندۇز قەھرى، سىيادان قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ پۈرىتىش ۋە يەڭگىل بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ، سۈزاپ بەش گرام، ئاق پەرپىيون بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا 60 گرام قورۇلغان بۇغداي ئارىلاشتۇرۇپ، قۇستە يېغى ياكى گۈلخەيرى يېغى ۋە ياكى بىلسان يېغى ئارقىلىق زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

2. ئەگەر بىمارنىڭ ئاشقازىنىدا ھۆللۈك بولسا، ھەر كۈنى ناشتىدا ئايارەج مۇخەددەر كونا شاراب بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەھۋالغا قاراپ تەرياقى سەنجىرىنا ياكى مەجۇنى سەنجىرىنا يېگۈزۈلىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار چۈشكەن ئىترىفىل دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

كۈندۈر توققۇز گرام يۇمشاق سوقۇپ شېكەر بىلەن ئەتىگەندە ناشتىدىن ئىلگىرى يېگۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى بالادۇغا ھېلىلە، بەلىلە پوستى، ئامىلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇ دورىنى يېگۈزگەندە ياسالغىلى ئالتە ئاي بولغىنىنى يېگۈزسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ دورا سوغۇق ۋە قىش كۈنلىرى ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇ دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، قاننى قىزىتىپ ساراڭلىق پەيدا قىلىپ قويۇش خەتىرى بار.

پىششىق دورىلاردىن مەجۇنى بۇقرات، مەجۇنى سەنجىرىنا، مەجۇنى پولات، مەجۇنى غىياس، مەجۇنى نۇجاھ قاتارلىقلار تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ.

ھېلىلە كابىلى، ئېگىر تۈركى، مەستىكى رۇمى، كۈندۈر، سىيادان، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرھا، زەنجىۋىل، جويۇز، بەسباسە ھەر بىرى بىر ھەسسە، مەرزەنجۇش، قۇندۇز قەھرى يېرىم ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پەرەنجىمىشكى سۈيىدە يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ، ھەر قېتىمدا بىر تالدىن شۈمۈرۈشكە بېرىلىدۇ.

ئاقمۇچ بىلەن زەپەردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئۈچ گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

3. ئەگەر كېسەللىك قۇرۇق سوغۇق سەۋەبتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك دورىلارنى بەرمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ:

ئوغرىتىكەن، بابۇنە، چامغۇر ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى، زىغىر، قوغۇن بەرگى،

ئاق لەيلى بەرگى، بۇغداي كېپىكى، ئەنجۈر قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتىپ سۈزۈپ، سەۋسەن يېغى، يەسمەن يېغى، ئىنەكپىتى يېغى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما تەييارلاپ، 3 ~ 4 قېتىم تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن باش ساھەسىگە سەۋسەن يېغى ۋە يەسمەن يېغى سۈۋىلىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل زېھنى ئېلىشىش ۋە جۆيلۈش

## اختلاط ذہن وہذیان

**تونۇش:**

بىمارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدە بۇزۇلۇش بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بىمارنىڭ زېھنى ئېلىشىپ ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى ۋە سۆزلەرنى قىلىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ:

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن، سەپرا ئارىلاشقان سەۋدا خىلتىدىن، قان ئارىلاشقان سەۋدا خىلتىدىن، ئوفۇنەتلەنگەن قان خىلتىدىن، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن، چىرىگەن بەلغەم خىلتىدىن، خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن، ئاشقازان، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى، بالىياتقۇ، ئىسپىرما خالتىسى قاتارلىق ئەزالاردىن شەكىللەنگەن بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشى قاتارلىق سەۋەب كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بىمار كىيىملىرىنى يىرتىش، قالايمىقان ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، سۈيدۈكى ياغلىشاڭغۇ بولۇش، قورقۇنچاق بولۇپ قېلىش، باشقىلارنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىش، يىڭنە سانجىغاندا ياكى چىمدىگەندە سەزمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە مېڭە پەردە ياللۇغى ياكى دىئافراگما ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىك سەۋەبى مېڭە پەردە ياللۇغى ياكى دىئافراگما ياللۇغى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا بۇخاراتنىڭ مېڭىگە ئۆرلىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى مېڭىگە ئۆرلىگەن بۇخاراتتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى باشقا بىرەر ئەزادا كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلگەن بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى شۇ ئەزادىن ئۆرلىگەن بۇخاراتتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر زىھنى ئىلىشىش، ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىرگە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ياكى سەپرانىڭ خاس ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەپرا ياكى سەۋدا خىلىتىدىن پەيدا بولغان بۇخارات بولىدۇ.

ئەگەر ئەقىل ئىلىشىش بىلەن بىرگە ئېغىر ئۇيقۇ ۋە قان خىلىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى ياكى بەلغەم خىلىتىنىڭ چىرىپ كېتىشىگە خاس ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك ئوفۇنەتلەنگەن قان خىلىتىدىن ياكى چىرىگەن بەلغەم خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئەقىل ئىلىشىش بىلەن بىرگە كۆپ غەم قىلىش، قورقۇش، بىئاراملىق ھېس قىلىش، قالايمىقان بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئەقىل ئىلىشىش بىلەن بىرگە بىئارام بولۇش، قالايمىقان قىلىقلارنى قىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ سەۋدا خىلىتىغا قوشۇلغانلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئەقىل ئىلىشىش بىلەن بىرگە بىمار خۇشال، كۈلگۈنچەك بولۇش، چىرايى ئېزىلەڭگۈ بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ قان ئارىلاشقان سەۋدا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئەقىل ئىلىشىش بىلەن باش ئىسسىق بىلىنىش، بىمار ئىنتايىن بىئارام بولۇش، ئەخلاقسىز بولۇش، ئوت ۋە سېرىق نەرسىلەرنى كۆپ خىيال قىلىش، بەدەننىڭ رەڭگى سېرىق بولۇش، پېشانىنىڭ تېرىسى ئۈستىگە يىغىلىپ قېلىش، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئەقىل ئىلىشىش بىلەن بىرگە تەمكىنلىك، ئېغىر بېسىق بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆز قېشىنى يۇلۇپ يۈرسە، ئېغىر ئۇيقۇ قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، بۇ كېسەللىك چىرىگەن بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا باش يېنىك ۋە قۇرۇق بولۇپ ئۇيقۇ ئاز بولسا، بۇ كېسەللىك خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر كېسەللىك مېڭە پەردە ياللۇغى، دىئافراگما ياللۇغى قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان بولسا، شۇ كېسەلنى داۋالاش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك بۇخارات سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مېڭىنى تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈل يېغى، سىركە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلار باشقا سۈۋىلىدۇ، سۇيۇق پۇرىتىلمىلار پۇرىتىلىدۇ.

بۇزۇق يەللەرنى ياندۇرۇش ئۈچۈن پاچاق ۋە تاپانغا لوڭقا قويۇلىدۇ، قول، پۇت

باغلىنىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قۇرسى بىنەپشە، ھەببى سەبرە، ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرى ياكى مېۋە سۇلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك باشقا بىرەر ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك بولسا شۇ ئەزاغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن پەيدا بولغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاش بابىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، قان تازىلاش، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىپ، قاننىڭ قىيامى تەڭشىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلگەن ھۆل سوغۇق دورىلار ۋە سۇۋالمىلار ئارقىلىق مىزاج تەڭشىلىدۇ. لېكىن كېسەللىك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولسا، گالۋاڭلىق كېسەللىكىنى داۋالاش بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئىشلەتكەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان بولسا خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ھارارەت ئېشىپ كەتكەن بولسا، گۈل يېغى، سىركە، قىزىتما بولمىغان ئەھۋالدا سۈت ۋە بىنەپشە يېغى چېكىگە سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر ئەقىل ئېلىشىش بىلەن ئۇيقۇسىزلىق بولسا ۋە كېسەللىك بۇزۇق يەلدىن بولغان بولسا سۇۋالما دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۇيقۇسىزلىق ۋە خىيالچانلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا تەڭشىگۈچى سۇۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە دورا سۈيى بىلەن يۇيۇندۇرۇپ، باشقا بىنەپشە يېغى سۈۋۈلىدۇ. تامىقىغا ئۇماچ ۋە بادام يېغى بىلەن ياسالغان ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بوۋاسىر قېنى ياكى ھەيزنىڭ قېنى توختاپ قالغانلىقتىن بولسا بوۋاسىرنىڭ قېنىنى ئاقتۇرۇش ۋە ھەيز ماڭدۇرغۇچى داۋالاش تەدبىرلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۈيدۈك ھەيدىگۈچى تەدبىرلەرمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر كېسەللىك قورساق كۆپۈش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان بولسا، ئاشقازاننى تازىلاش كېرەك ۋە ئەپسەنتىن، ھەببۇلغاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى قايىنتىپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە ھورلاندۇرۇلىدۇ ياكى بۇ دورىلارنى زەيتۇن يېغىدا

قورۇپ، ئاشقازان ئۈدۈلىغا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا، ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن قىچا بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىككە تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

مائۇلجەبىن نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تەرخەمەك سۈيى، قاپاق سۈيى، رەيھان سۈيى، گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى، خەشخاش يېغى، ئوسۇڭ يېغى ھەر بىرى يەتتە گرام، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلاردىن پۇرتىلما تەييارلاپ پۇرتىلىدۇ.

ئۆچكە سۈتى ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتى قول، پۇتقا سۈۋىلىدۇ.

سۈت يالغۇز ياكى قاپاق يېغى بىلەن بىرگە پېشانىگە سۈۋىلىدۇ، قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

## ئون تۆتىنچى پەسىل   ئەخمەقلىق ۋە مەغرۇرلۇق
## رعونت وحمق

**تونۇش:**

بۇ بىمارنىڭ ئەستە ساقلاش پىكىر قىلىش ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتىدە بۇزۇلۇش يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، كىچىك بالىلاردەك تەپەككۇر قىلىش ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ قارايدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بىرى، خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىرى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئەخمەقلىقتە بىماردا ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلىرى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قېلىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرى نورمال بولماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. مەغرۇرلۇقتا بىمار ئۆزىگە مەغرۇرلۇق بىلەن قارايدۇ، ھەممىدە ئۆز پىكرىنى توغرا دەپ، ئۆزىنى ناھايىتى ئەقىللىق ھېسابلايدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمارنىڭ بېشى يەڭگىل ھالەتتە بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئېغىز، بۇرنى قۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرە-

دۇ. ئەگەر بىمارنىڭ بېشى ئېغىر، ئۆيقۇسى كۆپ، ئېغىز، بۇرنىدىن كۆپ سۇ ئېقىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

1. خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان تەپەككۇر بۇزۇلۇش ۋە ئاجىزلاشنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

مېڭىگە ھۆل ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكى ۋە خىلتلىق قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان ئۇنتۇغاقلىق كېسەللىكىگە ئىشلىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ:

كۇندۇر، پىلپىل، بەلىلە، مەستىكى ھەر بىرى تەڭ مىقداردا، شېكەرنى بارلىق دورىلار مىقدارىچىلىك ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، ھەر كۈنى تۆت گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

لوبۇبى كەبىر، ئەبرىشىم شەربىتى، مەجۇنى ئەقىل قاتارلىق دورىلار تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ.

خەيرى يېغى، بابۇنە يېغى، يەسمەن يېغى باشقا سۇۋىلىدۇ.

ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىكى دورىلارنى قاينىتىپ، باشنى يۇيۇشقا بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سېمىز توخۇ گۆشى دارچىن بىلەن پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە مۆتىدىل تەبىئەتلىك ھالۋا، تاتلىق ئۇماچ بادام يېغى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تەپەككۇر بۇزۇلۇشنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ:

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكى ۋە ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن خېمىرى ئەبرىشىم لۆئلۆۋى يېگۈزۈلىدۇ.

بىمار يورۇق ۋە ئىسسىق جايدا ياتقۇزۇلىدۇ، كۆپ ئۇخلاشتىن چەكلىنىدۇ.

«شىپائۇل ئەقسام (ھەر خىل كېسەللىكنىڭ داۋاسى)» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس ۋە خېمىرى ئۇستىقۇددۇس ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر ئاز - ئازدىن بېرىلىدۇ.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

بۇ كېسەللىكتە يېمەك - ئىچمەكنى كۆپ يېيىش، كۆپ ئۇخلاش ۋە ھۆل سوغۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ.

# ئون بەشىنچى پەسىل مالىخولىيا

## ماليخوليا

**تونۇش:**

بۇ بىمارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، غەم ـ قايغۇنى كۆپ قىلىش، يالغۇزلۇقنى خالاش، گۇمانخورلۇق ۋە بىمار قورقۇش ۋە ئىككىلىنىش تەرەپكە مايىل بولۇپ قېلىش قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن كۆپرەك پەيدا بولىدۇ.

1. سەۋدا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ «مالىخولىيائى سەۋداۋى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. قان خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ «مالىخولىيائى دەمەۋى» دەپ ئاتىلىدۇ.

3. سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن كېلىپ چىقىدۇ بۇ «مالىخولىيائى سەپراۋى» دەپ ئاتىلىدۇ.

4. بەلغەم خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ «مالىخولىيائى بەلغەمى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئېغىر غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچ، خىيالچانلىق ئەھۋاللىرىغا گىرىپتار بولۇش، ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلىماي يۈرۈش، ھەيز، بوۋاسىر قېنى توختاپ قېلىش ياكى بۇرنى قانىماسلىق، ياكى سەۋدا خاراكتېرلىك قەي قىلماسلىق سەۋەبىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توغرىسدا ھەكىم جىيلانى خان «مالىخولىيا بەزىدە خىلتىسىز قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولىدۇ دېسە، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا مۇنداق دەيدۇ: بەزىدە ھارارەتتىنمۇ پەيدا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي روھنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدۇ.

5. كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئەزالارغا ئورۇنلىشىۋېلىشىدىن بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئورۇن ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) ئاساسىي سەۋەب مېڭىدە بولىدۇ. بۇ مالىخولىيائى دىماغى (مېڭە مەنبەلىك مالىخولىيا) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ مالىخولىيا ئىچىدىكى ئەڭ يامان خاراكتېرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

2) يۈرەك ۋە مېڭىدىن باشقا بارلىق ئەزالار ۋە قان تومۇرلاردا بىرەر كېسەللىك

بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆرلىگەن بۇزۇق گاز مېڭىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ جايدا توپلىنىشۋالىدۇ. بۇنى مالىخولىيائى شىركى (باشقا ئەزالار شىرىكچىلىكىدە بولغان مالىخولىيا دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ خەتىرى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

3) مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەزالاردا (قورساق ساھەسىدە) بولۇپ، ئۇ مالىخولىيائى مەرقى دەپ ئاتىلىدۇ.

مالىخولىيائى مەراقىنىڭ سەۋەبلىرى ئىچكى ھارارەت سەۋەبىدىن ئۇچەيدىكى بۇزۇق يەل ياكى يېمەكلىكلەرنىڭ قالدۇقلىرى قورساق ئىچكى پەردىسىگە توپلىنىشۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قورساق پەردىسىدىكى خىلىتلاردا كۆيۈش پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە كۆيگەن سەۋدا خىلىتىدىن شەكىللەنگەن گازلار مېڭىگە يېتىپ كېلىپ، مالىخولىيائى مەراقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىبنىسىنا «مالىخولىيائى مەراقىنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىكى ئارتۇق ھارارەت بەدەندىكى ھەزىم يوللىرىنى توسۇۋېلىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇزۇق يەللەر مېڭىگە كېلىپ مالىخولىيا پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قورساق پەردىلىرىگە توپلىنىشۋالغان سەۋدا خىلىتى ئاشقازان ۋە ئۇچەيدىكى ھارارەتلەرنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ياللۇغنىڭ بۇخاراتلىرىنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىدىن پەيدا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ھازىرقى زامان ھۆكۈمالىرى «مالىخولىيائى مەراقى ئۆتكۈر ئىسسىق كەيپىياتتىكى يېمەك ـ ئىچمەك، دورا ـ دەرمەكلەر ئۈچەي تومۇرلىرى ئارقىلىق مېڭىگە يېتىپ كېلىپ، خىلىتلاردا كۆيۈشۈش پەيدا قىلىشتىن شەكىللەنگەن گازلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىدىن بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

6. ئىبنىسىنا «مالىخولىيانىڭ سەۋەبى بولغان قويۇق خىلىت باشقا ئەزادىن مېڭىگە يېتىپ كەلمەستىن بەلكى مېڭىنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان، بالىياتقۇ ۋە مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەزالاردا ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغدىن شەكىللەنگەن بۇزۇق يەللەر مېڭىگە يېتىپ كېلىپ، مېڭە سۇيۇقلۇقىدا كۆيۈشۈش پەيدا قىلىپ، مېڭىدە قۇرۇق ئىسسىق كەيپىيات ئېشىپ كېتىپ، مالىخولىيا كېسىلى كېلىپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

خىلىتلىق كېسەللىكلەردە جۈملىدىن ئۆتكۈر دەرىجىدىكى خىلىتلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا مالىخولىيا پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمار كۆپىنچە ئۆلۈمنى تولا ئويلايدۇ.

مالىخولىيا كېسەللىكىنىڭ بىر خىلىتىدا بىمار ئىنتايىن خۇشال ـ خورام كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل مالىخولىيا ئانچە خەتەرلىك بولمايدۇ. يەنە بىر خىلىدا مالىخولىيا بىلەن ساراڭلىق (مانىيا) بىرگە كۆرۈلىدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. فىس «باللاردىمۇ ئاز ساندا مالىخولىيا كېسەللىكى ئۇچرايدۇ. مالىخولىياغا كۆپىنچە ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار كۆپرەك گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى بۇنداق كىشىلەردە ئويلىنىش كۆپ بولۇپ،

مېڭىگە ئاسانلا قۇرۇقلۇق يېتىپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ سۈيدۈكى سۇزۇك، يېشىلغا مايىل بولىدۇ، بىمارنىڭ تومۇرى كىچىك، قاتتىق سالىدۇ. ئىشتىها تۇتۇلۇش ئىنتايىن خەتەرلىك ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مالىخولىيا كېسەللىكى قۇرۇقلۇقتىن بولىدۇ، ئىشتىها تۇتۇلۇش قۇرۇقلۇقنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە بەدەندە قىزىلغا ئوخشاش مۇدۇرلار پەيدا بولغان بولسا، بۇ ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ئىككىلىنىش، سەۋەبسىز گۇمانلىنىش، ئاچچىقى يامان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇش، مۇسكۇللار تارتىشىش (ئىختىلاج)، باش قېيىش (دەۋۋار)، قۇلاق غوڭۇلداش (دەۋى) قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بۇ مالىخولىيانىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىماردا قورقۇش، يامان خىياللارنى قىلىش، غەم ـ قايغۇ كۆپ بولۇش، كىشىلەردىن قېچىش، قالايمىقان سۆزلەش، فانتازىيىلىك خىياللارنى قىلىش، ئۆزىنى قالتىس چاغلاش، بۇرۇن ساق ۋاقتىدىكى ئىشلارنى كۆپ ئويلاش، بەزىدە ئۆزىنى ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەندەك، بەزىدە يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىش، بىرەر ئەمەلدار ياكى ئوغرى، بۇلاڭچى قاتارلىقلارنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قورقۇپ كېتىش، ئۆزىنى دۆلەتنىڭ پادىشاھىدەك ھېس قىلىپ دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىش، زەھەرلىك ھاشاراتلار كېلىۋاتقاندەك ۋە چېقىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئولتۇرغان جايىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىش ۋە قېچىش، ئۆزىنىڭ بېشى يوقتەك ھېس قىلىش، باشقىلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا زەھەر ئىچكۈزگەندەك ھېس قىلىش، ئۆزىنى پەيغەمبەردەك ھېس قىلىپ مۆجىزە ـ كارامەتلەرنى كۆرستىشنى ئويلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ مالىخولىيا كېسەللىكىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە تولا كۈلۈش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغانلىقىنى، تولا يىغلاش ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا خىيالچان ۋە ئىككىلىنىش ئىچىدە يۈرۈش، بىرەر نەرسىگە ئۇزۇن تىكىلىپ تۇرۇپ قېلىش، بەدىنى سېمىز ئەمما باش ساھەسى ئورۇق، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ قالغان بولۇش، چىرايى، كۆزى، باش رەڭگى كۆكۈش ياكى قارىغا مايىل توپا رەڭدە بولۇش، بېشى ئىسسىق بولۇش، ئۇيقۇسى كەم بولۇش، تومۇرى ئاستا،

كىچىك، قالايمىقان سىيلىش، سۈيدۈكى سۇيۇق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن بۇرۇن بىمار ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيقۇسىز قېلىش، غەم ـ قايغۇغا گىرىپتار بولۇش، ئاپتاپتا ئۇزۇن يول مېڭىش، سامساق، پىياز، كۆدە قاتارلىق مېڭىگە زىيانلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، باشقا بىرەر خىل باش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىق ئەھۋاللىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارىغا مايىل، ئورۇق بولۇش، ئىچى سۈرمەسلىك، قەي قىلماسلىق، ھەيز، بوۋاسىر قېنى توختاپ قېلىش، مەيدىنىڭ تۈكى كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە قارا تۈز بولۇشى، قۇرۇتۇلغان بېلىق قاتارلىق سەۋدا خىلىتىنى پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى، قان كۆيدۈرىدىغان دورا ـ دەرمەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، قىزىتما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇش، ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر ئەمگەك قىلىش قاتارلىق تارىخى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندا ياللۇغلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، يەل پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا كېسەللىك ئېغىرلاپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر جىگەردا ھارارەت ئېشىپ كەتكەنلىك ياكى جىگەر ئاجىزلىق ياكى ماسارىقا تومۇرىنىڭ توسۇلۇشىغا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ جىگەر ۋە ماسارىقا تومۇرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئىشتىھاسى ياخشى، لېكىن ھەزىم قىلىش كۈچى (قۇۋۋىتى ھازىمە) ئاجىز بولسا، قورساق ئېسىلىش، كوركىراش، پەسىل خاراكتېرلىك قىزىتما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئالامىتى كۆرۈلسە، تەبىئەت يۇمشاق بولۇپ، تال ياكى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا سانجىق ئەھۋالى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ تال بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قورساق پەردىلىرىدە ئېغىرلىق مەلۇم بولۇش، ھېق تۇتۇش، كۆڭۈل ئايلىنىش، بىئارام بولۇش، قورساق كۆپ ئېچىش، لېكىن ئاچچىق كېكىرىش، قورساق كۆپۈش، كوركىراش، تارتىشىپ ئېچىشىش، ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ ئېقىش، چوڭ تەرەت بەلغەم ۋە ئۆت سۇيۇقلۇقى ئارىلاشقان ھالەتتە كېلىش، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولۇش، غەلىز تائاملارنى يېگەندە كېسەللىك قوزغىلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ قورساق پەردىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا دائىم كۈلۈپ يۈرۈش، بەدىنى ئېغىر، بوشاڭ بولۇش، كۆز ۋە چىرايى قىزىل بولۇش، بىمار ياش، تومۇر چوڭ ۋە ئىتتىك بولۇش، سۈيدۈك رەڭگى قىزىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ قان خىلىتىغا سەۋدا خىلىتىنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمار بوشاڭ، ھورۇن بولۇش بىلەن بىرگە باشنى تۇتقاندا سوغۇقراق بولۇش، بىمار ئېغىر ـ بېسىق، جىمغۇر بولۇش، بۇرنى داۋاملىق ھۆل بولۇش، ئۇيقۇسى كۆپ ۋە ئېغىر بولۇش، تومۇرى سۇس ۋە يۇمشاق بولۇش، سۈيدۈكى ئاق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك سەۋدا خىلتىنىڭ بەلغەم خىلتىغا ئارىلىششىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە بىئاراملىق، ساراڭلىق بولۇش، بىمارنىڭ ئۇيقۇسى ئاز، ئاچچىقى يامان، باشقىلارنى تىللايدىغان، ئۇرىدىغان، كىيىملىرىنى يىرتىدىغان بولۇپ قېلىش، كۆزىگە يىرتقۇچلار كۆرۈنۈپ قېلىش، كۆپ جۆيلۈش، ئۇسسۇزلۇقى بەك كۆپ بولۇش، بەدىنى ئاجىز، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇش، تومۇرى ئىتتىك بولۇش، سۈيدۈكى قىزىلغا مايىل سېرىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك سەۋدانىڭ سەپراغا ئارىلىششىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا كۆپ غەم ـ قايغۇ قىلىش، تولا يىغلاش، قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى خىيال قىلىش، چىرايى قارىغا مايىل بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى قاتتىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك خالىس سەۋدا ياكى كۆيگەن سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىك يېڭى باشلانغان بولسا، داۋالاش بىرقەدەر ئاسرانراق بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك مۇقىملىشىپ قالغان بولسا، داۋالاش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

1. تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

بىمارنى خۇشال ـ خۇرام يۇرۇشكە تەۋسىيە قىلىش. ئازادە، راھەت ئورۇنلاردا ئوبدان ئۇخلىتىش، ئارام ئالدۇرۇش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

بىمار تۇرغان جاينى ھۆللەشتۇرۇپ، بىمارنىڭ ئەتراپىغا خۇش پۇراق گۈللەر تېرىپ قويۇلىدۇ. كىيىم ـ كېچەك، ئورۇن ـ كۆرپىلىرى پاكىز، ئاق تۇتۇلىدۇ. خۇشاللاندۇرغۇچى سۈيۈق پۇرالمىلار پۇرىتىلىدۇ.

قان تازىلىغۇچى ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش، مۇناسىۋەتلىك يېمەكلىكلەر بىلەن بەدەننى سەمىرتىش، تاماقتىن ئىلگىرى تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغان مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇش، باشنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈشكە قارىغاندا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۇچۇن كۆپرەك تىرىشىش كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ، باشنى سۈت بىلەن يۇيۇش، توخۇنىڭ يېغىنى ئىلمان قىلىپ باشقا سۈۋاش كېرەك.

ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىتىش، ساياھەت قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر كېسەلدە ئاشقازان بۇزۇلۇش، سىيىق كېكىرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، دەرھال قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتكۈچى جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ.

2. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى مېڭىدە بولسا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك: بىرىنچىسى، ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن كلىزما قىلىنىدۇ ياكى قەي قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ ئاشقازىنى ئاجىز بولسا ياكى مالىخولىيائى مەراقى بولسا قەي قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورا سۈيىدە يۇيۇندۇرۇلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك ياغلار باشقا سۈۋىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، يۈرەك كۈچلەندۈرۈلىدۇ. يەنى ئەگەر مىزاج سوغۇق بولسا، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار، ئەگەر مىزاجىدا ئىسسىقلىق يۇقىرى بولسا خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

3. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئايارەج دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە تازىلاش ئۈچۈن مائۇلجەبىن ھەممىدىن ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئارقىلىق بىر نەچچە قېتىم سۈرگە بېرىش توغرا كەلسە، ھەر قېتىملىق سۈرگە ئارىلىقىدا ھېلىلە مۇراببەسى، داۋائى مىشكى قاتارلىق دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. سۈرگىدىن كېيىن گۈلقەنت، بەدىيان بېرىشكىمۇ بولىدۇ (شەيخ).

4. ئەگەر كېسەللىك بىرەر خىلتنىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان بولسا، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىج ۋە مۇسھىلىغا كۆيگەن خىلتنىڭ مەخسۇس دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

5. ئىبنىسىنا «مالىخولىيا چوقۇم يۈرەككە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋائى مىشكى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بادرەنجى بۇيا بېرىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

6. ئەگەر كېسەللىك ھەيز قېنى توختاپ قېلىشتىن بولسا ھەيز ماڭدۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

7. ئەگەر ئىچ سۈرۈش ۋە تازىلاشتىن كېيىن مىزاجىدا قۇرۇقلۇق پەيدا بولغان سەۋەبتىن بىماردا تارتىشىش پەيدا بولسا، ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇش، قايناق سۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى ھاراققا چىلانغان ناننى يېگۈزۈش، سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان ھاراق ئىچكۈزۈپ ئۇخلىتىش، ئويغانغاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشۈرۈش، مۇنچىغا چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

8. ئەگەر مالىخولىيا خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولسا، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى يېگۈزۈش، سۈت ئەرقى ۋە ئەرقى كاپۇر بىلەن بىرگە مۆتىدىل تەبىئەتلىك دورىلارنى يېگۈزۈش، شاراب ئىچكۈزۈش لازىم.

بىنەپشە يېغى، بادام يېغى، خەشخاش يېغى، ئۇسۇك يېغى داۋاملىق قول - پۇت ئالىقانلىرىغا سۈۋىلىدۇ ۋە قولاققا تېمىتىلىدۇ.

9. ئەگەر كېسەللىك خىلتلىق بولسا، ئىششىپ كەتكەن خىلتنى تەڭشەش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك يۇمشاتقۇچى يەڭگىل، تېز تەسىر قىلىدىغان سۈرگە دورىلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ بېرىلىدۇ. ئەتىگىنى مائۇلجەبىن سىركەنجىۋىل ئەفتىمۇن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاخشىمى ھەببى لاجۇۋەرد يېگۈزۈلىدۇ.

تولۇق تازىلاشتىن كېيىن خېمىرى سەندەل، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەبرىشىم، ئالما ئەرقى، سەۋزە ئەرقى، مۇرەككەپ سۇت ئەرقلىرىدىن بىرسىنى تاللاپ ئېلىپ، مائۇلجەبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

10. ئەگەر كېسەللىك جىگەر، ئاشقازان، بالىياتقۇدا ئىششىق پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىششىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن دورا ئىشلىتىلىدۇ.

11. كېسەلنى ئۆز ئاشىقى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلدۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، لېكىن كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى كۆپ بولۇپ كەتسە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا چوقۇم توق قورساق بولۇشى كېرەك، ئاچ قورساق جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا مالىخولىيا كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن بىمارنى ئۇخلىتىلىپ ياخشى ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

پۇتنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغۇزۇش، مۇنچىدا سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

باش، كۆكرەك، قول - پۇت ئالىقانلىرى سۇۋۇتۇپ تۇرۇلىدۇ ۋە ئېغىز بىلەن باشنىڭ ئارقا قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ھۆل ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: تاتلىق بادام يېغى.

ھۆل خېنە، ھۆل يۇمغاقسۇت بىلەن قول - پۇت ئالىقانلىرى تېڭىلىدۇ. پېشانىگە سۈۋىلىدۇ. (مۇئەللىپ ئىقتىباس)

12. بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: بۇ كېسەللىكتە جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىش، ئېغىر ئەمگەك قىلىش، ئاچچىقلىنىش، غەمكىنلىك، كۆڭلى خاتىرجەم بولماسلىق، قارا كىيىم كىيىش، قارا نەرسىلەرگە قاراش، قاراڭغۇ يەردە تۇرۇش، كاللەكسەي، پىدىگەن، سېرىقچېچەك، كۆك يۇمغاقسۇت، كۈدە، سامساق، پىياز، باقىلا، قۇرۇتۇلغان گۆش، كۈچلۈك ھاراق قاتارلىق سەۋدانى كۈچەيتكۈچى ھەر خىل يېمەكلىكلەر، ئۆتكۈر نەملىك، تۇزلۇق، چۈچۈمەل نەرسىلەر، كالا، تۆگە، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى، چوڭ بېلىق، قارا تۇز، قۇرت (قۇرۇتۇلغان سۇت ئۇيۇتمىسى)، تۇرۇپ قاتارلىقلار ئىستېمال قىلىشتىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ كېسەللىككە تاتلىق ياكى

تەمسىز مايلىق نەرسىلەرنى بېرىشكە توغرا كەلگەندە ئاز مىقداردا بېرىش كېرەك. بىمارنى ئىسسىق ھاۋادىن بىراقلا سوغۇق ھاۋاغا يۆتكەشكە بولمايدۇ.

13. بۇ كېسەللىككە مائۇلجەبىن ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى:

بۇ كېسەللىك ئۈچۈن مائۇلجەبىن ناھايىتى ياخشى دورا، شۇڭلاشقا بىز تۆۋەندىكى مائۇلجەبىن توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

مائۇلجەبىننىڭ خۇسۇسىيىتى: توسالغۇنى ئېچىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، تىنچلاندۇ-رۇش، ئۇسسۇزلۇقنى ۋە ھارارەتنى پەسلەش، كۆيگەن خىلىتلارنى تازىلاش، چوڭ - كىچىك تەرەتنى ھەيدەش، خىلىت تارقىتىش، كانايچىلارنى يۇمشىتىش، ئەزالارنى بويسۇن-دۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى پىشۇرۇش، سۈرۈش، قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مائۇلجەبىن قانچە سۇيۇق بولسا، ئۇنىڭ سۈرۈش كۈچى شۇنچە كۈچلۈك، قانچە قويۇق بولسا ھۆللۈك، يەتكۈزۈش كۈچى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

1) مائۇلجەبىن ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەۋدا خاراكتېرلىك ئۆتكۈر كېسەل-لىكلەر، ياللۇغ، مالىخۇلىيا، بەدەن ئاجىزلىق، جىگەرنى ئىسسىقلىق قاپلاپ كېتىش، تال ۋە جىگەردە توسالغۇلار پەيدا بولۇش، سېرىقلىق چۇشۇش (يەرقان)، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆز ۋە قاپاقتا كېرەكسىز ماددا يىغىل-ۋېلىش، سۇيدۇك كۆپىيىش، بۆرەك ئاجىزلىق، دوۋساق ئاجىزلىق، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، دوۋساق يارىسى، ھەر خىل يارا، سىفلىس، ھۆل قورۇق قىچىشقاق، تىلما، يەلتاشما (ماشىرا)، جۇزام (ماخاۋ)، پىل پۇت (دائىل پىل) كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. مالىخۇلىيا ئۈچۈن ئۆچكە سۈتى بىلەن تەييارلانغان مائۇلجەبىن ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. مائۇلجەبىنى ھاۋا ئانچە سوغۇق بولمىغان ۋە ئىسسىق بولمىغان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

2) مائۇلجەبىن ياساش قائىدىسى:

ئۆچكە قوزىسى 40 كۈندىن يۇقىرى، ئالتە ئايلىقتىن تۆۋەن بولغان ياش ساغلام ئۆچكىگە 2 ~ 3 كۈن كۆك ئىتئۇزۇمى، شاھتەررە، ھۆل يۇمغاقسۇت، ھۆل بەدىيان، ھۆل كاسنە، ھۆل سېمىزئوت قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ، يېمىغا چالا سوقۇلغان ئارپا ۋە بەدىيان ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۆچكىنى سېغىپ، ھىجىر ياكى قەلەي مىس قاچىغا قۇيۇپ 2 ~ 3 سائەت قاينىتىپ، چۆچۈمەل سىركە ياكى لىمون سۈيى ۋە ياكى غورا سۈيىدىن 12 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، ھۆل ئەنجۇر ياغىچى بىلەن قوچۇپ قاينىغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، ئۈچ قات داكىدىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ رەڭگى كۆك بولسا شۇ پېتى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ سۈزۈپ، نىلۇپەر شەربىتى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مائۇلجەبىننىڭ ماي تەركىبى ئازدەك كۆ-

رونسە، سۈت قايىنىغاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ مېيى ئۇيۇغۇچە توختىتىپ قويۇپ كۆزىتىپ باققاندا بىلگىلى بولىدۇ.

مائۇلجەبىن ئىچىش ئۇسۇلى: مائۇلجەبىننى 85 گرامدىن باشلاپ ئىچىپ، ھەر كۈنى 12 ~ 24 گرامغىچە كۆپەيتىپ، 250 گرامغا يەتكۈزۈپ، بۇ ئۆلچەم بويىچە ئۈچ كۈن ئىچكۈزۈپ، يەنە 12 ~ 24 گرام بويىچە ئازلىتىپ، 85 گرامغا كەلگەندە ئۈچ كۈن ئىچكۈزۈپ ئاندىن توختىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىكنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «مائۇلجەبىن ئىچكۈزگەندە ئەڭ ئاز دېگەندە 250 گرام، نورمال بولسا 500 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىمار كۈچلۈك بولسا 1500 گرامغىچە ئىچكۈزۈشكە بولىدۇ. لېكىن سۈرگە دورىلىرى بىلەن بىرگە بېرىشكە توغرا كەلگەندە كۆپ بەرمەسلىك لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

مائۇلجەبىن ئىچىشنى باشلاپ 8 ـ ، 10 ـ ، 12 ـ كۈنلىرى ئۇنىڭغا سەۋدانى چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلار مەسىلەن: سۇفۇپى سەۋدا، سۇفۇپى لاجۇۋەرد قاتارلىقلارنىڭ بىرسى قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر غەيرى تەبىئىي خىلىت بەك كۆپ بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، شىرخىشتلەرنىڭ شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ھەر 3 ~ 4 كۈندە ياكى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم سۇفۇپى لاجۇۋەرد ياكى ھەببى لاجۇۋەرد ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ.

ئەگەر بىمار ئاجىز بولۇپ تازىلاش زۆرۈر بولسا، مائۇلجەبىنگە ھېچقانداق سۈرگە قوشماي ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىمار سۈرگىنى كۆپ ئىچەلمىسە، قارا ھېلىلە ئۈچ گرام، قارا تۇزدىن بىر گرامنى مائۇلجەبىن سادده بىلەن بىرگە يېگۈزۈپ، ئىككىنچى كۈنى سۈرگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئامىلە مۇراببىاسى، ھېلىلە مۇراببىاسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىترىفىل، شىرە، لوئاب دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھېكىم جالىنۇس «مائۇلجەبىنگە زاراڭزا ئۇرۇقىدىن 36 گرامنى سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر مائۇلجەبىننى پەقەت تىنچلاندۇرۇش، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ۋە قۇرۇق ئىسسىق مىزاجنى تەڭشەش مەقسىتىدە بەرگەندە يۇقىرىقى سۇفۇپ ۋە ھەب دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. مائۇلجەبىنى نېلۇپەر شەربىتى، ئانار شەربىتى، خېمىرى مەرۋايىت قاتارلىق تىنچلاندۇرغۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرسا ئۇنۇمىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەگەر مائۇلجەبىننىڭ ئىچىش مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئىككى ياكى ئۈچكە

بۆلۈپ ھەر بىر سائەتتە بىر قېتىم ئىچكۈزىلىدۇ. مائۇلجەبىن ئىچىپ 4 ~ 5 سائەتتىن كېيىن ئاندىن تاماق يېسە بولىدۇ.

مائۇلجەبىن ئىچىۋاتقاندا ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، قاينىتىلغان گۆرۈچ، شورپا، ئەرقى بەدىيان بىلەن پىشۇرۇلغان گۆرۈچ قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. نان بېرىشكە توغرا كەلگەندە سۇرگە ئىچىۋاتقان كۈندىن باشلاپ قاقلاپ پىشۇرۇلغان نان (ياقما نان) شورپىغا چىلاپ بېرىلىدۇ.

مائۇلجەبىن ئىچىۋاتقان جەرياندا سۈت ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن بارلىق يېمەك ـ ئىچمەك-لەر ماددىلارنى قاتۇرغۇچى، سېسىق گاز پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر ۋە تاتلىق، چۈچۈمەللىكى كۈچلۈك بولغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر ۋە كۆكتاتلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇشىمىز، جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىشتىن، ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىشتىن قەتئىي چەكلىشىمىز كېرەك. بىمارنىڭ داۋاملىق خۇشال يۈرۈشىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىزاجىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار، ياقۇت چۈشكەن دورىلار قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مائۇلجەبىننىڭ تەبىئىتى ھۆل بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە ئاشقازان ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جاۋارىش ئەنبەر، جاۋارىش ئامىلە، ئامىلە مۇرابباسى، ھېلىلە مۇرابباسى قاتارلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مائۇلجەبىن ئىچىۋاتقان جەرياندا يۆتەل پەيدا بولغان بولسا، ئەتىگەندە خەشخاش شەربىتى ياكى خېمىرى خەشخاش ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مالىخۇلىيانى پەيدا قىلغان ئاساسلىق سەۋەبلەرگە ئاساسەن ئۇنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەر-گە بۆلۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**1. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيانى داۋالاش:**

علاج مالیخولیائی دموی وصفراوی

1. بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە مۇناسىۋەتلىك شىرە ۋە لوئابلارنى ئىچكۈزۈپ، كۆيۈشۈش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكەندىن كېيىن سەپرانىڭ پىشۇرغۇچىسى ئارقىلىق سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرا خىلتىنىڭ سۇرگىسى ياكى مەتبۇخى ھېلىلە ۋە ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى تەڭشەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئۈچەي غىدىقلىنىش ۋە بوۋاسىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۇرگىگە ئىسپىغۇل لوئابى ئارىلاش-تۇرۇلىدۇ ياكى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئەفتىمۇننىڭ ئورنىغا ھەببى ھېلىلە ياكى ھەببى بىنەپشە بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن قۇرۇقلۇق ۋە ئىچىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن لوئابلار ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاپاق يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بىمار سوغۇق ۋە ھۆل جايدا ياتقۇزۇلىدۇ. بىمار ئوبدان ئۇخلىتىلىدۇ.

بىمارنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خېمىرى سەندەل، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەبرىشىم بارىد، سۇفۇپى لۆئلۈئى، سۇفۇپى ئامىلە مۇرەككەپ، سۈت، ئەرقى مائۇللەھمى، مۇپەررىھ ياقۇتى بارىد قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

2. بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بۇرۇن تېمىتمىسى، سۈۋالما، يۇيۇندىغان دورا سۈيى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر يېگۈزۈلىدۇ ۋە مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

باش سۈت بىلەن يۇيۇلىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار بەدەنگە سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

خىلتنى تازىلاشتىن كېيىن مائۇلجەبىن، ئۆچكە سۈتى، قاپاق سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاشتىن ئىلگىرى كۈچلۈك زىمادلارنى ئىستېمال قىلىش توغرا ئەمەس، ئەرقى گۈل، بىدمىشكى سۈيى، بىنەپشە سۈيى، نىلۇپەر سۈيى قاتارلىقلار بابۇنە سۈيى ياكى بابۇنە يېغى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. 2 ~ 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوسۇڭ سۈيىگە مۇناسىۋەتلىك ياغلارنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئەگەر مىزاج بەك ئىسسىق بولسا بىنەپشە يېغى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر سۈرگىدىن كېيىن تازىلاش زۆرۈر بولسا، مائۇلجەبىن بىلەن سۇفۇپى سەۋدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇرۇقلۇق بەك كۆپ بولۇپ بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان ئەھۋال بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى سۈرۈش ئۈچۈن ئايارەج تۇرىدىكى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرماستىن، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، مىزاجنى تەڭشەش، يۈرەككە خۇشاللىق يەتكۈزۈش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن دورا ئىشلىتىلىدۇ.

125 گرام ئۆچكە سۈتى، قەنت 12 گرام، پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى تالقىنىدىن يەتتە گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ. كەچتە لوبۇبى سەبئە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە لوئوقى خەشخاش ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان گۆشى، بادام يېغى، قاپاق يېغى، پالەك، چامغۇر بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئارپا سۈيى، بادام يېغى شېكەر بىلەن ياسالغان ھالۋا، كالا قېتىقى، ئاپېلسىن، تەرخەمەك شىرىسى بېرىلىدۇ.

ئالما مۇراباسى، ئاپېلسىن مۇراباسى، چامغۇر، سەۋزە، ياڭيۇ، تاۋۇز، قوغۇن، بانان، ئانار، تاتلىق ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، ئۆرۈك، كۆك ئۈزۈم، بادام، ئۈجمە، ئاناناس

قاتارلىقلارنىڭ شىرنىسى بۇ كېسەللىك ئۈچۈن بېرىشكە بولىدۇ.

3. ئەگەر كېسەللىك سەپرا خىلتى بىلەن سەۋدا خىلتىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىدىن پەيدا بولغان بولسا، ياز پەسلىدە كۆرۈلسە، چىلان بەش دانە، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر ھەر بىرى بەش گرام، يەرلىك شوخلا، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەر بىرى تۆت گرام، بېھى ئۇرۇقى، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرى ئۈچ گرام، چالا سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، شاھتەررە ھەر بىرى ئالتە گرام، ئەينۇلا ئون دانە، تەمرى ھىندىدىن 36 گرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئېلىنغان ھۆل كاسىنە سۈيى، شاھتەررە سۈيى ھەر بىرى 250 گرام، ئەرقى گۈل 125 مىللىلىتىرغا ئاخشىمى چىلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر شىرنىسى، گۈلقەنت ھەربىرى 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ، بادام يېغىدىن بەش گرامنى ئارىلاشتۇ-رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا ھەر كۈنى چۈشكىچە ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى كاسىنە ئىچكۈزۈلىدۇ. تامقىغا سۈيۇق ئېتىلگەن شويلا بېرىلىدۇ.

4. ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە باش ئاغرىش ۋە يېقىمسىزلىق ھېس قىلىش ئەھۋالى بولسا، ئالدى بىلەن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، كاسىنە، سېمىزئوت، ئوسۇڭ ئۇرۇق-لىرىنىڭ شىرىلىرى، چىلان شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرى مۇۋاپىق مىقداردا، تەمرى ھىندى سۈيى 36 گرام، ئەينۇلا سۈيى، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شاھتەررە ھەر بىرى 85 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈلدىن 48 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى بىنەپشە شەربىتى ياكى نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئامىلە مۇرابباسىنى كۆمۈش ۋاراقىقا ئوراپ، چىلان شىرىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە 12 گرام خېمىرى سەندەلنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر مۇراببا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا شورپا بىلەن پىشۇرۇلغان گۈرۈچ بېرىلىدۇ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش مەقسىتىدە بىنەپشە، نىلۇپەر ھەر بىرى يەتتە گرام، سەرپىستان 20 دانە، گاۋزىبان تۆت گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، 36 گرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا شاھتەررىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، يەتتىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرى تۆت گرام، كاسىنە يىلتىزى، بادرەنجى بۇيا، بىستىپايەج، سېرىق ھېلىلە ھەر بىرىدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قوشۇپ، خېمىرى بىنەپشە ئورنىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن بۇ نۇسخىغا سانا ئالتە گرام، ئەفتىمۇندىن يەتتە گرامنى بىر خالتىغا سېلىپ، باشقا دورىلار بىلەن بىرگە چىلاپ، ئەتىسى سۈزگەندە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا خىيارشەن-بەر شىرىسى، تەرەنجىبىن شىرىسى ۋە ئالتە گرام بادام يېغىنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇ-

رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سۈرگىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، تەرخەمەك شىرىسى، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، لۇئابى ئېلىنغان ئىسپىغۇلدىن ئالتە گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن يۇقىرىقى كېسەللىك مادىسىنى پىشۇرغۇچى دورىنى ئىچكۈزۈپ، ئەتىگەن سەھەردە، ھەببى لاجۇۋەرد يېگۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يۇقىرىقى مۇسھىل تەركىبىدىكى خىيارشەنبەر شىرىسى، بادام يېغىنى ئېلىۋېتىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىر كۈندىن ئارىلاپ ئۈچ قېتىم تازىلىنىدۇ. سۈرگە تۈگەپ دەم ئالغان كۈنى سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خىيارشەنبەر ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم سۈرگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرىسى بىلەن داۋائى مىشكى يېگۈزۈلىدۇ.

5. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىدىن 36 گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 125 گرام ئاق شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ يېگۈزۈلىدۇ.

تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، نىلۇپەر شەربىتىگە ئىسپىغۇل لۇئابىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈپ، ئون كۈندىن كېيىن سەپرانىڭ مۇنزىچىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن بۇ مۇنزىچقا پىرسىياۋشان، ئەفتىمۇن، گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سېرىق ئەنجۈر، سانا، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، شىرخىست، بادام يېغى قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. 2 ~ 3 قېتىم سۈرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ھەببى لاجۇۋەرد ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەتنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئەينۇلا سۈيى، ئەرقى شاھتەررە دورىلارغا خېمىرى سەندەل ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

6. قۇرۇقلۇقنى يوق قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە قاپاق يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى گۈل، تاتلىق ئانار شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى يالغۇز ھالەتتە ياكى ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىسپىغۇل لۇئابىنى سېپىپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مائۇلجەبىن ئىچكۈزىمىز.

7. ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئەتىگىنى سۇفۇپى سەۋدا، سىركەنجبىل ئەفتىمۇن بىلەن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى ھەببى لاجۇۋەرد يېگۈزۈلىدۇ ياكى بوزۇرى شەربىتىگە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزگەندىن كېيىن مائۇلجەبىنگە خىيارشەنبەر شىرىسى 82 گرام،

گۈلقەنت، تەرەنجىبىن شىرىسى ھەر بىرى 48 گرام، بادام يېغى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۈرگە ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەندە مائۇلجەبىن بىلەن شەربىتى سەۋدا ۋە سۇفۇپى لاجۇۋەرد ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن زەھرى - مۇھرى بىر گرام، مەرۋايىت، تاباشىر ھەر بىرى 0.5 گرام، تازىلانغان لاجۇۋەرد ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قاپاق ئەرقى، قىزىلگۈل ئەرقى، گاۋزىبان ئەرقى، ئانار شەربەتلىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارغا پەرەنجىمىشكى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

8. ئەگەر تىترەش بىلەن بىرگە مىزاجىدا ئۆتكۈرلۈك بولسا مىزاجنى تەڭشىگەندىن كېيىن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ. مائۇلجەبىن ئىچىشكە باشلاپ 15 - كۈنى نېلۇپەر، بىنەپشە، يەرلىك شوخلا، سوقۇلغان كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بىستىپايەج ھەر بىرى يەتتە گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى ھەر بىرى ئالتە گرام، ئەينۇلا يەتتە دانە، سانادىن 12 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئاخشىمى مائۇلجەبىنگە چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئاپتاپتا پىشۇرۇلغان گۈلقەنت، تەرەنجىبىن شىرىسى، قىزىلگۈل شەربىتى ھەربىرى 48 گرام، خىيارشەنبەر شىرىسى 72 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم تەبئەتنى سۇۋۇتۇش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، سىمىزئوت شىرىسى يەتتە گرام، بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام، ئاق تۇدەرى تالقىنى تۆت گرام قاتارلىق دورىلار مائۇلجەبىن بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە ئىككى قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىملىق سۈرگە ئۈچۈن ھەببى لاجۇۋەرد ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سۈرگە ئىستېمال قىلدۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن خېمىرى گاۋزىبان، مۇپەررىھ زىرىشك يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مائۇلجەبىن تەييارلاشتا سۈتنى لىمون ياكى سىركە بىلەن قايناتقانلىقتىن نەزلە خاراكتېرلىك ئېچىشىش پەيدا قىلغان بولسا، مائۇلجەبىنگە نەزلىنىڭ دورىلىرىنى چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مائۇلجەبىن ئىچىش جەريانىدا يۆتەل ۋە قىزىتما پەيدا بولۇپ ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتما پەيدا بولۇشنىڭ خەتىرى بولسا، مائۇلجەبىننى ئىچىشنى توختىتىپ، قۇرسى تاباشىر مۇلەييىننى بىنەپشە شەربىتىدە ئېرىتىپ، تەرخەمەك شىرىسى، سىمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىق دورىلار ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە بۇزۇرى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى تالقىنىنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنە ھەر كۈنى ئاخشىمى خەشخاش شەربىتى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، نېلۇپەر شەربىتىگە پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قايىنتىلغان سۈت ۋە شېكەر بىلەن ئەفتىمۇن قايىنتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىسپىغۇل لۇئابى قەنت بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

9. ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغان خىلىت كۆيگەن بولسا سانائى مەككى ئىچكۈزۈش، قارا ھېلىلە 18 گرام، يۇيۇلغان ھەجرى ئەرمىنىدىن ئۈچ گرامنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش، سوقمۇنىيادىن بىر گرامنى مائۇلجەبىن بىلەن بېرىشكە ئوخشاش داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ھەر كۈنى خۇنسىياۋشان تالقىنىدىن 2.25 گرام يېگۈزۈلىدۇ. چۈچۈمەل ئاپېلسىنىنىڭ سۈيىنى سىقىپ شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈش، ئانار شەربىتىنى ئالما شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش، بىنەپشە يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش، نىلۇپەر، گۈل بىنەپشە، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى پۇرىتىش، گۈل بىنەپشە قايناتمىسى بىلەن يۇيۇندۇرۇش، ئىسپىغۇل لۇئابى ئارقىلىق باشنى يۇيۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قان ۋە سەپرا خىلىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ياكى كۆيۈشىدىن كېلىپ چىققان مالىخۇلىيا ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر مالىخۇلىيا كېسەللىكى كۆيگەن سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا سىركە يەنى ئەنسىل سىركىسى، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى، جۆئىدە ياكى زىراۋەندە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلغان سىركە بېرىلىدۇ.

زۇرۇر بولغاندا سىركىنى ئىپار، بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. (شەيخ)

10. ئەگەر كېسەللىك مېڭىدە بولۇپ بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىسە، جۆيلۈش ۋە بىئاراملىق ئىنتايىن ئېغىر بولسا ۋە ساراڭلاردەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ كۆيگەن سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ھېچقانداق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانماستىن پەقەتلا ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، ئۇخلاتقۇچى دورا سۇلىرى بىلەن يۇيۇندۇرۇش، مۆتىدىل تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، بۇرۇن ۋە ئېغىز تېمىتمىلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەننى تازىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (ساھىب كامىل)

**2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيانى داۋالاش:**

علاج ماليخولياى بلغمى و سوداوى

بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

1. دەسلەپتە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچى ۋە سۈرگىسى بېرىلىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت بەك قويۇق بولسا ھەر قېتىملىق سۈرگە بېرىش ئارىلىقىدا

تەكرار پىشۇرغۇچى دورا بېرىش كېرەك. پىشۇرغۇچى دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن بەلغەم خىلتىنى ھەببى ئايارەج ئارقىلىق، سەۋدا خىلتى ھەببى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.
سەۋدا خىلتىدا پىشۇرغۇچى دورىلاردا ھۆللۈك يەتكۈزۈشنى بەكرەك ئويلىنىش كېرەك.
شۇڭا زۇرۇر بولسا سىركەنجىۋىل ئەفتىمۇن، شەربىتى ئەفتىمۇن، سوفۇپى سەۋدا مۇبا-
رەك، سۇفۇپى لاجۇۋەرد، ھەببى لاجۇۋەرد قاتارلىقلار مائۇلجەبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.
يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋائى مىشكى ھار، ئەرقى مائۇللەھمى مۇرەككەپ، سۇفۇپى لۆئلۆۋى كەبىرى، خېمىرى ئەبرىشىم ھار، شەربىتى ئەبرىشىم ۋە ياقۇتى بۇئەلى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

2. سەۋدا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيا كېسەللىكىدە تازىلاشتىن كېيىن مائۇلجە-بىن، ئۆچكە سۈتى ئىچكۈزۈش ئىنتايىن پايدىلىق. ئۆچكە سۈتى ئىچكۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى: سۈرگە ئىچىش ۋە مائۇلجەبىن ئىچىشنى توختاتقاندىن كېيىن 250 گرام ئۆچكە سۈتىگە ئىسپىغۇل لۇئابى ياكى خاكشى تالقىنىدىن توققۇز گرام ئارىلاشتۇرۇپ بىر نەچچە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۆچكە سۈتى، ئاق شېكەر ھەر بىرىدىن 24 گرامغا بالەنگو تالقىنىدىن بەش گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىترىفىل سەغرى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۆچكە سۈتىگە ئاق شېكەر ۋە بالەنگو تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىرى سەندەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر يېيىش قىيىنلاشسا دورىغا ئەرقى گۈل ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

سۈرگىدىن كېيىن مەجۇنى نۇجاھ ئەرقى گۈل ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

3. ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە بوۋاسىر كېسىلىدە قوزغىلىش ئەھۋالى كۆرۈل-سە، مۇقەلدىن 12 گرامنى مەجۇنى نۇجاھقا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاق لەيلى گۈلى تۆت گرام، چىلان يەتتە دانە، سەرپىستان 11 دانە، بىنەپشە ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنىڭ قاينىتىل-مىسى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۈرگىدىن كېيىن زورەنبات بىر گرام، بالەنگو ئالتە گرام، قەنت 24 گرام قاتارلىق-لارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھېلىلە مۇراببىاسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گرام كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سۈرگىنىڭ ئىككىنچى كۈنى مەستىكىنى سوقۇپ، ھېلىلە مۇراببىاسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، 12 گرام يەرلىك شوخلا قايناتمىسىغا ئەرقى گۈلدىن 48 گرام، ئاق شېكەردىن 24 گرامنى قوشۇپ ئىچكۈ-زۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گاۋزىبان قايناتمىسىغا شېكەر سېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئىترىفىل-لار بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئۇستۇقۇددۇسنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى شوخلا ئارقىلىق ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ھەببى ئايارەجدىن تۆت گرامنى يۇمشاق سوقۇپ،

ئىترىفىل كەشنىزدىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 12 گرام، گۈل بىنەپشە توققۇز گرام، ئەرقى شاھتەررە 250 گرام، شېكەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سانادىن ئۈچ گرامنى سوقۇپ، ئىترىفىل كەشنىزدىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، ئىسپىغۇل لۇئابى توققۇز گرام، ئەرقى شاھتەررە 250 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 40 مىللىلىتىر، نىلۇپەر شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

گاۋزىبان يىلتىزى پوستى ئىككى گرام، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى تۆت گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ئىككى گرام، شېكەرنى بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئەتىگەن ـ كەچتە يېگۈزۈلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «گاۋزىبان يىلتىزى ياكى گاۋزىبان يىلتىزى پوستىدىن ئىككى گرام ۋە ياكى يۇيۇلمىغان لاجۇۋەردتىن 3 ~ 7 گرامنى سوقۇپ، رەيھان شارابى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

داۋائى مىشكى ياكى ئەفتىمۇن ئۇرۇقى تالقىنى بىلەن سىركەنجۇبىل ياكى ئەپسەنتىن تالقىنى بېرىلىدۇ.

رەيھاندىن 120 مىللىگرامنى بىنەپشە يېغى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئارپا يارمىسىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ھەببى بىلسان ياكى مەستىكىنى داۋاملىق چايناپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ.

5. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سېمىز توخۇ گۆشىنى، بادام مېغىزى شىرىسى ئاق ئۇنىنىڭ نېنى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بادام يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇلغان قوشقاچ ۋە كەكلىك گۆشى يېگۈزۈلىدۇ. قورۇلغان بېلىق، چالا پىشۇرۇلغان كەپتەر تۇخۇمى، چۈجە گۆشى شورپىسى قاتارلىق يېمەكلىكلەر بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

كەندىر تالقىنى، كۆيگەن سەۋدانىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان باش قىسمى كۆيۈشۈش ۋە چوقۇلۇپ ئاغرىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

6. ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئاق خەشخاش، سەرپىستان، ئىزخىر، ئىزخىرگۈلى، بادرەنجى بۇيا ياغىچى، گاۋزىبان ھەر بىرى 24 گرامدىن، بىخ كەبىر پوستى، بەدىيان، مەستىكى، سۇمبۇل تىپ، ھەببى زەلەم، ئاق تۇدەرى، بوزىدان، ئۆشنە، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 12 گرامدىن ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئوبدان قاينىتىپ، قائىدە بويىچە 1500 گرام مەتبۇخ تەييارلاپ، ھەر كۈنى 72 گرام ئېلىپ، ئاچچىق بادام يېغىدىن ئون گرام، تاتلىق بادام يېغىدىن ئون گرام قوشۇپ يەتتە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ جەرياندا بەدەنگە بىنەپشە يىغى سۈۋاش، بۇرۇنغا تېمىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ بەدىنى سۇيۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، خىلىتلاردا بىر ئاز سۇيۇقلۇق مەۋجۇت بولسا، قارا ھېلىلە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ھەر بىرى 72 گرام، سەۋسەن يىلتىزى، قورۇلغان ئەنسىل ھەربىرى 18 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ھەر بىرى ئون گرام، پەرەنجىمىشكى، گاۋزىبان، پىرسىياۋشان، ئەپسەنتىن ھەر بىرى 24 گرام، شاھتەررە 36 گرام، قەنتەرد-يون، كەكرى ئۇرۇقى خوخا، ئاق تىكەن، سانا، بىستىپايەج، ئامىلە، بەلىلە پوستى ھەر بىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنتىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ، كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئەفتىمۇندىن 12 گرامنى چىلاپ، 12 سائەتتىن كېيىن يەڭگىل سۈس ئوت بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ، غارىقۇن ئۈچ گرام، تۇربۇت ئىككى گرام، ئايارەج پەيقىرا 2.25 گرام، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد 0.5 گرام، قارا خەربەق مۇدەببەردىن 0.2 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن بىرلەش-تۈرۈپ مەزكۇر مەتبۇخقا قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورد-لارنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر بېرىلى-دۇ. ئەگەر بۇ خىلدىكى مالىخۇلىيا كېسىلىدە سەۋدا خىلتى مېڭە ۋە جىگەر تومۇرلىرىدا بولسا دەسلەپكى داۋالاشتىن كېيىنلا مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەۋدادىن بولغان مالىخۇلىيادا دەسلەپتە مۇنزىچ، مۇسھىل بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا سەۋدانى تازىلاش كېرەك. ئەمما دەسلەپتە كۈچلۈك خىلدىكى دورىلارنى بەرمەستىن بەلكى ئايارەج پەيقارا، ئەفتىمۇن، غارىقۇن، شەھمەنزەل قاتارلىق دورىلار بىلەن تازىلاشنى باشلاش كېرەك. ئەگەر بۇ يېتەرلىك بولمىسا بىر ھەپتىدىن كېيىن سىرىقچېچەك، پىننە، تۇز، چاققائۇت ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى سۇ بىلەن قايىنتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇ-رۇش ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ. قەي قىلدۇرۇشتىن ئىلگىرى بىمارغا تۇرۇپ سۈيى بىلەن سىركە ۋە بىر ئاز يېمەكلىك يېگۈزۈلىدۇ. بىر قېتىمدا تازىلانمىسا يەنە بىر قېتىم بەرسەك بولىدۇ. ئاشقازاننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن قارا ھېلىلە 36 گرام، بىستىپايەج 18 گرام، سانا، تۇربۇت ھەر بىرى 14 گرام، ئۇستۇقۇددۇس 30گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇدا قايىنتىپ، يېرىمى قالغاندا ئەفتىمۇن-نى سېلىپ بىرلا ئۆرلىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن ئېلىپ سۈزۈپ، غارىقۇن ئىككى گرام، سەبرە ئۈچ گرام نەمەك ھىندى ئۈچ گرام، قارا خەربەقتىن 0.5 گرام ئېلىپ سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

7. ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىز بولۇپ، دورىلارنى ئىستېمال قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە، نەمەك ھىندى، ئەفتىمۇن، قارا ھېلىلە، شېكەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، مائۇلجەبىنگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىترىفىل سەغىر ئون

گرام، ئەفتىمۇن يەتتە گرام، ئايارەج پەيقارادىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشـ
تۈرۈپ ھەپتىسىگە بىر قېتىم يېگۈزۈلىدۇ.

8. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق كېسەللىك ساقايمىسا، بىرنەچچە كۈنگىچە بىمار ھېچقانداق دورا بەرمەسلىك لازىم. ئۇبدان ئارام ئالغاندىن كېيىن ئايارەج جالىنۇس ياكى ئايارەج لوغانزنيا تۆۋەندىكى مەتبۇخ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. يەنى ھېلىلە كابىلى، قارا ھېلىلە، ئەفتىمۇن، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەج، ھىندى تۇزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈملەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن ئۈچ قېتىم تەكرار داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەر قېتىمنىڭ ئارىلىقىدا بىر ھەپتىدىن دەم ئالدۇرۇلىدۇ (دورا بېرىلمەيدۇ).

بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن قورقۇنچ، خىيالچانلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن شاراپقا گاۋزىبان ۋە بادرەنجى بۇيا چىلاپ، داۋائى مىشكى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

9. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق ئەھۋالى بولسا بىنەپشە، قاپاق پوستى، نىلۇپەر، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى ئارقىلىق باش يۇيۇلىدۇ. تازىلاش ئۈچۈن مەجۇنى نۇجاھ بېرىلىدۇ. ئەگەر سۇرگىنى كۈچلۈكرەك قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ دورىغا غارىقۇن ۋە يۇيۇلغان ھەجرى ئەرمىنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

10. ئەگەر بۇ كېسەللىك كۆيگەن سەۋدانىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولۇپ، بىماردا غەم - قايغۇ بولۇش، خىيالچان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە تىرىشىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە غارىقۇن ئارقىلىق ئوتتۇراھال دەرىجىدە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ ۋە بىنەپشە، نىلۇپەر قاينىتىپ بەدەنگە سۈۋىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەۋدانى سۈرگۈچى كۆمىلاچ دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلىنىش تەسىرى پەيدا بولۇپ، بىماردا خاتىرجەملىك ۋە ئەقىل جەھەتتىن ياخشىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، يۇقىرىقى تەدبىرلەر داۋاملىق قوللىنىلىدۇ. لېكىن ئۇنۇمى بولمىسا ئالدى بىلەن ئايارەج جالىنۇس يېگۈزۈلىـ
دۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەج، ئەفتىمۇن، غارىقۇن، ئۇستقۇددۇسلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، غاپەس قايناتمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ياخشىلانسا بىرنەچچە كۈن دەم ئالدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئوغلاق، پاقلان گۆشى، كاللا پاچاق شورپىسى ياكى زەيتۇن يېغى، بادام يېغى بىلەن قويۇقراق ئېتىلگەن شويلا، مېۋىلەردىن قۇرۇق ئۈزۈم، قۇرۇق ئەنجۈر، بادام مېغىزى يېگۈزۈلىدۇ.

بەزىلەر «بادرەنجى بۇيا، پىنىنى سوقۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، بىرنەچچە كۈندىن

كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەر ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دورىلارنى بېرىمىز، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن كېسەللىكتە ياخشىلىنىش بولمىسا ئايارەج پەيقارا، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 14 گرام، لاجۇۋەرد، غارىقۇن ھەر بىرى يەتتە گرام، سوقمونىيا ئۈچ گرام، قەلەمپۇردىن 21 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى شەربىتى ياكى پوستى تۇرۇنجى شەربىتى بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن ياساپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم 4~7 گرامدىن يېگۈزىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

11. ئەگەر كېسەللىك ساقىيىپ بىمارنىڭ ئەقلى ئەسلىگە كەلگەن، لېكىن ئازراق خىيالچانلىق ۋە قورقۇش ئەھۋالى بولسا يۈرەك كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھارارەت بولمىسا ۋە تومۇرى ئىتتىك ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولمىسا، داۋائى مىشكى شېرىن، داۋائى مىشكى تەلخ يېگۈزۈلىدۇ ۋە تەرياقى كەبىر ئەرقى بادرەنجى ياكى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ھارارەت بولسا قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى، گاۋزىبان، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، پوستى تۇرۇنجى، بىدىمىشكى، زىرىق ھەر بىرى يەتتە گرام، تاباشىر، سېمىزئوت ئۇرۇقى، رەۋەن چىنى، ئۇدخام ھەر بىرى ئۈچ گرام، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى بەش گرام، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، كەھرىۋا، پىلە ھەر بىرى 2.25 گرام، كاپۇر بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا يەتتە گرامدىن ئېلىپ، گاۋزىبان چىلانغان شاراپ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇپەررىھ ئەبرىشىم بەرسەك بولىدۇ.

12. ئەگەر سەۋدا خىلىتى مېڭىنىڭ ئۆزىدە بولسا باشنى داۋاملىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار بىلەن ياغلاش، سۈت بىلەن يۇيۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن ھەر بىرىنى ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا تەرەنجىبىن شىرىسى، خېمىرى بىنەپشە ھەر بىرىدىن 36 گرامنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سېمىز توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى قاتارلىقلار نوقۇت سۈيى بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولسا ئارپا سۈيى ۋە بادام يېغى بىلەن نوقۇت، پالەك، قاپاقلار بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتى پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن ھېلىلە كابىلى پوستى، قارا ھېلىلە ھەر بىرى 36 گرام، بەلىلە پوستى، ئامىلە ھەر بىرى 14 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 72 گرام، سانا 25 گرام، قىزىلگۈل، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا ھەر بىرى 18 گرام، ئەپسەنتىن، خوخا، ئاق تىكەن ھەر بىرى 14 گرام، ئۇستقۇدۇس، كەكرى ئۇرۇقى، بىستىپايەج ھەر بىرى ئون گرام، سازەج ھىندى، قەلەمپۇر ھەر بىرى بەش گرام، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، پەرەنجىمىشكى، تۇربۇت ھەر بىرى يەتتە

گرام، رۇم بەديان، بەديان ھەر بىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئالتە لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئون گرام ئەفتىمۇن ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا غارىقۇن ئۈچ گرام، سەبرە ئىككى گرام، نەمەك ھىندى، لاجۇۋەرد، ئاچچىقتاۋۇز، كەتىرا ھەربىرى بىر گرام، شېكەردىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، سەھەر ۋاقتىدا ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ بىرىنەچچە قېتىم تەكرار قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر سەۋدا خىلتى بىلەن سەپرا خىلتىنى بىرگە سۈرۈش زۆرۈر بولسا، يۇقىرىقى قاينىتىلمىغا سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 24 گرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سەۋدا خىلتىدىن بولۇپ پۈتۈن بەدەنگە توشۇپ كەتكەن بولسا، يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ كۈچلۈكرەكى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سەۋدا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىياغا دەسلەپكى داۋالاشتىن كېيىن مائۇلجەبىنگە ئەفتىمۇن ۋە قارا ھېلىلىنى چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، شاھتەررە شەربىتى ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، (قەرشى)، ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ تۇخۇمى، توخۇ گۆشى، ئوسۇڭ، قاپاق قاتارلىقلارنى بادام يېغىدا پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىپارنى كالا يېغى بىلەن ئېرىتىپ، بۇرۇنغا تېمىتىمىز. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئەفتىمۇن، لاجۇۋەرد تۆت گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مائۇلجەبىن ۋە سىركە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھەر كۈنى ئىسپىغۇلدىن 18 گرام 188 گرام ئەرقى گۇل ۋە 48 گرام سىركە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى جۇنۇنى ۋە تەرياقى زەھەپ مالىخۇلىيانىڭ بارلىق تۈرلىرىگە ناھايىتى پايدىلىق.

13. مالىخۇلىيا سەۋدا خىلتىنىڭ كۆيگەنلىكىدىن پەيدا بولغان بولسا، مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قارا ھېلىلە 72 گرام، سوقۇلغان بىستىپايەج 14 گرام، سوقۇلغان تۇربۇت بەش گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 48 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئىككى لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئۇنىڭغا ئەفتىمۇندىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر ئۆرلىتىپلا سۈزۈپ، مەتبۇخ تەييارلاپ، غارىقۇن بىر گرام، ئاچچىقتاۋۇز بىر گرام، نەمەك ھىندىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ يېگۈزۈپ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن يۇقىرىقى مەتبۇختىن 300 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىلەر «سەۋدا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيا كېسەللىكىدە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن چىلان ئون دانە، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، كاسنە ئۇرۇقى (چالا سوقۇلغان) ھەر بىرىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، گۇلقەنت

ياكى بىنەپشە شەربىتىدىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت شورپىسى، بادام مېغىزى، پالەك، ئاقلانغان ماش، ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى بېرىلىدۇ ۋە ھۆل مېۋىلەر يېگۈزۈلىدۇ. مۇنزىچ ئىچىۋاتقان كۈنلەردە بادام يېغى ۋە بىنەپشە يېغى بەدەنگە سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بەدەندە ھۆللۈك پەيدا بولغاندىن كېيىن خىلتنىڭ پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بىستىپايەج ۋە ھېلىلە چۈشكەن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر بەدەن ئاجىز بولۇپ كۈچلۈك مەتبۇخلارغا بەرداشلىق بېرەلمىسە، تازىلاش ئۈچۈن چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 25 دانە، شاھتەررە، سانا ھەربىرى 18 گرام، قارا ھېلىلە، گاۋزىبان، ئاقلاپ چالا سوقۇلغان بىستىپايەج، ئەفتىمۇن ھەر بىرى ئون گرام، قىزىلگۈلدىن 14 گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا خىيار-شەنبەر، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن ھەر بىرىدىن 36 گرام ئېلىپ شىرىسىنى چىقىرىپ ياكى ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ، ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئەفتىمۇن يېگۈزۈش، مۇۋاپىق كلىزمىلارنى ئىشلىتىش، ئاشقازان ساغلام بولسا قەي قىلدۇرۇشقا ئوخشاش داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىلىدۇ. سۈرگە ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە بىنەپشە يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى باشقا سۈۋاش، تاپان، پاچاق، باش قاتارلىقلارغا بىنەپشە يېغى، گۈل يېغى قاتارلىقلارنى ئىلمان ھالدا سۈۋاش، مۇنچىغا چۈشۈرۈش، دورا سۈيىدە يۇيۇندۇرۇش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئادەتتىكى شورپا ۋە پاچاق شورپىسى بېرىلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تازىلاشتىن كېيىن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، مېڭىگە قۇۋۋەت يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بابۇنە، سېرىقچېچەك، ئىكلىلمىلىك، چۈچۈك-بۇيا يىلتىزى قايناتمىلىرى بىلەن داۋاملىق يۇيۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ.

### 3. مالىخۇلىيائى مەراقنى داۋالاش:

علاج مالیخولیائی مراقی

مالىخۇلىيائى مەراقى (قورساق پەردە ياللۇغى خاراكتېرلىك مالىخۇلىيا) غا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ.

1. ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان ۋە باشقا ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىق ۋە مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك يالللۇغلىنىشتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا ئاشقازان، جىگەر يالللۇغى ۋە ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

2. ئەگەر كېسەللىك قورساق پەردىلىرىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان يالللۇغى سەۋەبىدىن

بولغان بولسا، ئۇنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى مۇۋاپىق ھالدا ئىشلىتىلىدۇ ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

3. ئەگەر جىگەردە ھارارەت بولسا سوۋۇتۇش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك ئورۇقلارنىڭ شىرىسى، كاسىنە سۈيى، قاپاق سۈيى، تاۋۇز سۈيى، ئارپا سۈيى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىق دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن كاسىنە سۈيى، ھەشقىپىچەك گۈلى سۈيى، خىيارشەنبەر شىرىسى، تەمرى ھىندى شىرىسى، شىرخىست شىرىسى مائۇلجەبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. ھەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا مۇۋاپىق مىقداردا ئۇسۇك ئۇرۇقى كاسىنە ۋە سىركە بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر جىگەر تومۇرلىرىدا توسالغۇ بولسا ياكى خىلتنى سوۋۇتۇش زۆرۈر بولسا كەرەپشە، چامغۇر ۋە پالەك قوشۇپ تاماق ئېتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ھەزىم قىلىش كۈچى كۈچلۈك، جىگەر توسۇلۇپ قالمىغان بولسا قورۇلغان بېلىق، كاللا ـ پاچاق قاتارلىق سوغۇق ۋە سىڭىشى تەس بولغان يېمەكلىكلەر سىركە بىلەن بىرگە يېگۈزۈلىدۇ.

5. جىگەرنىڭ قىزىللىقىنى ۋە ماسارىقا تومۇرلىرىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن قاينىتىپ ئېلىنغان ھۆل كاسىنە سۈيى، ئىككى خىل تەرخەمەك شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ھەر بىرى ئالتە گرام، گۈلقەنت 24 گرام قاتارلىق دورىلار قۇرسى زىرىشك بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى ئامىلە مۇرابباسىنى كۆمۈش ۋاراققا ئوراپ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ئالتە گرام، ئەرقى گۈل ئالتە گرام، ئەرقى كەييۇرە ھەر بىرى 12 ميللىلىتىر، ئەرقى گاۋزىبان 60 ميللىلىتىر، گۈلقەنت 24 گرام قاتارلىق-لارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئامىلە مۇراببىاسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. جىگەرنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن كاسىنە سۈيى بىلەن بۇزۇرى شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

زىرىق شىرىسى، ئىككى خىل تەرخەمەك شىرىسى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گۈل، سىركە، بۇزۇرى شەربىتى ئىچكۈزۈش ياكى داۋائى مىشكى بارىد سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى گۈل، ئەرقى شوخلا، ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىش ۋە ياكى قاينىتىپ ئېلىنغان ھۆل كاسىنە سۈيى، بۇزۇرى شەربىتى، گۈلقەنت ئىچكۈزۈش جىگەرنىڭ قىزىللىقىنى ۋە ماسارىقا تومۇرلىرىنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش ئۈ-چۈن پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئاق سەندەلنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن داكىنى نەمدەپ، جىگەرنىڭ ئۈدۈلىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر جىگەردە ھارارەت يۇقىرى بولسا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

6. ئەگەر كېسەللىك تال ئاجىزلىقتىن بولسا ئۇنى تازىلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تال كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە سىركەنجۇبىل ئەفتىمۇن بىلەن

تەييارلانغان مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك تالدا بولۇپ مېڭىگە تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىچىنى سۇرگەچى ۋە تالنى بوشاتقۇچى تەدبىرلەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە كېسەلنىڭ مېڭىگە تەسىر قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن تالغا دەۋائى خەردەلگە ئوخشاش دورىلارنىڭ بىرەرسى سۈۋىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

7. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى قورساققا يىغىلىپ قالغان بولسا كېسەللىك پەيدا قىلغان غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تارقاتقۇچى ۋە ئىششىق ياندۇرغۇچى زىمادلارنى سۈۋاش لازىم. مەسىلەن: ئەنجۈرنى سىركە بىلەن نەمدەپ مجىپ، مۇۋاپىق مىقداردا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

كاسنە سۈيىنىڭ قويۇلدۇرمىسىدا هۆل يۇمغاقسۈت، قىزىلگۈل، رەۋەن چىنى قاتار-لىقلارنىڭ هەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئېزىپ، قورساق ساهەسىگە سۈۋىلە-دۇ ۋە يەلپۈپ سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ ياكى جەدۋار، يۇمغاقسۈت سۈيى، ئەرقى گۈل، سىركە ئارقىلىق زىماد تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ.

8. ئەگەر مالىخۇلىيائى مەراقى ئاشقازان ياكى ماساريقا ۋە قورساق پەردىسى ئەزالار-نىڭ شېرىكچىلىكىدە بولسا ئۇنى داۋالاشتا كۈچلۈك خىلدىكى تازىلاشنى قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇق خىلىت ئاشقازان ۋە ئۇچەي قاتارلىق ئەزالارغا كېلىپ ئىششىق پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن بەزىدە تارتىشىش هەتتا ئۆلۈپ كېتىش ئەهۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

9. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت بەك كۆپ بولۇش بىلەن بىماردا جىددىلىك ۋە ئۇفۇتلىشىش پەيدا بولۇپ بەدەنگە تارقىلىپ كېتىش خەتىرى بولسا، يەڭگىلرەك قايىنتىلما ياكى كلىزما ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مالىخۇلىيائى مەراقىدا قەي قىلدۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئۈستى تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر قەي قىلدۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالسا مۇناسىپ هالدا پىشۇرغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە ئايارەج پەيقارا ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسى تازىلىنىدۇ ياكى مىزاجىغا مۇۋاپىق دورىلار-نى بېرىش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

10. ئەگەر كېسەللىك خىلتى ئىسسىقتىن بولغان بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن كۈچلۈك سۈرگە دورىلىرىنى ئىشلەتمەستىن ئالدى بىلەن هۆل سوغۇق تەبىئەتتىكى دورىلارنى ئىشلىتىپ مىزاجىنى تەڭشەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قايىنتىپ ئېلىنغان هۆل كاسنە ۋە شاهتەررە سۈيى مائۇلجەبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى قايىنتىپ ئېلىنغان يەرلىك شوخلا سۈيى تەرەنجىبىن شىرىسى بىلەن بېرىلسە ناهايىتى پايدىلىق، ئۇنىڭدىن باشقا ئېشەك سۈتى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، نىلۇپەر شەربىتى، دىنار شەربىتى

ئىچكۈزۈلىدۇ.

جىگەرنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئارپا يارمىسى، سەندەل ئەرقى گۈل بىلەن جىگەرنىڭ ئۈدۈلىغا سۈۋىلىدۇ.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتى، ئالما شەربىتى، زىرىق شەربىتى، سىركەنجىۋىل رۇممانى، سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى ئىچكۈزۈلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى دورىلار بىلەن يەڭگىل كلىزما ۋە شامچىلارنى پات - پات ئىشلىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سۇفۇپى سەۋدا ۋە مائۇلجەبىن بەرسەكمۇ بولىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش، يەللەرنى تارقىتىش ئۈچۈن مائۇلجەبىن، ئىترىفىل زامان بېرىلىدۇ.

11. ئەگەر مالىخۇلىيائى مەراقى ئۈچۈن مەتبۇخ ئارقىلىق سۈرگە بەرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ تەركىبىنى بەك كۆپەيتمەسلىك كېرەك. يەنى گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، گاۋزىبان، يەرلىك شوخلا، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، شاھتەررە، ئەينۇلا، كاسنە يىلتىزى پوستى، ئەفتىمۇن قاتارلىق دورىلارنى مائۇلجەبىنغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، خىيارشەنبەر شىرىسى، گۈلقەنت، بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يىغىلىپ قالغان غەيرىي تەبىئىي خىلىت بەك كۆپ بولمىسا، نىلۇپەر شەربىتى بىلەن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام، ئوغرىتىكەن توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى مائۇلجەبىنغا چىلاپ سۈزۈپ، بۇزۇرى شەربىتى ياكى زىرىشك شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

12. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ۋە بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇپەررىھ ياقۇت، مەجۇنى ياقۇت، جاۋارىش شاھى، جاۋارىش ئاملە لۆئلۇۋى مەجۇنى پەلاھ، ئىترىفىل كەشنىز، خېمىرى خەشخاش، خېمىرى ئەبرىشىم بارىد ئولۇۋخان، خېمىرى ئۇد تۇرۇش، مەجۇنى ۋارىقى تىللا، مەجۇنى سەندەل، مۇپەررىھى بارىد، مۇپەررىھى ياقۇت بارىد، سۈت ئەرقى قاتارلىق دورىلاردىن تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ.

13. يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن خېمىرى مەرۋايىت ۋە خېمىرى گاۋزىبان، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى گاۋزىبان، ئانار شەربىتى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى شىرىسى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، ئالما شەربىتى، گاۋزىبان شەربىتى، پەرەنجىمىشكى ياكى رەيھان ئۇرۇقى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئارپا سۈيى خەشخاش شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى قاتارلىق دورىلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش، دورا سۈيىدە ھورلاندۇرۇش، يۇيۇندۇرۇش، دورا تېڭىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

14. ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى قۇرۇق، بەدىنى ئاجىز بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەن بەك ئاجىز بولسا، چۈجە گۆشى، ئوغلاقنىڭ پاچاقلىرى يېگۈزۈلىدۇ. لېكىن مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

15. مۆھتىرەم ئۇستازىمىز بۇ كېسەللىك توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن:

ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق بولسا، ئۆچكە سۈتىگە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئالىقان ۋە تاپانلارغا سۈۋاش، ئارراق ئەپيۇننى ئارپا سۈيىدە ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش ياكى ئەپيۇننى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىش، ھەر ئايدا 4 ~ 5 قېتىم ئامىلە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قارا ھېلىلە ھەر بىرى ئالتە گرام، سەندەل كېپىكى تۆت گرامنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ، شەربىتى بىنەپشە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ خارات سەۋەبىدىن بىمارنىڭ چىرايىنىڭ رەڭگى كۆك قارىغا مايىل توپا رەڭلىك بولۇپ قالغان بولسا، ئوسۇلۇك ئۇرۇقى شىرىسى، سىمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرى ئالتە گرام، يەرلىك شوخلا ئەرقى، سەندەل ئەرقى ھەر بىرى 72 مىللىلىتىر، بىنەپشە شەربىتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا رەيھان ئۇرۇقىدىن تۆت گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، مۇپەررىھ بارىد بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىرنەچچە كۈن بۇزۇرنى ئىچكەندىن كېيىن بىمار ئاپتاپتا ئولتۇرۇشنى راھەت ھېس قىلسا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دورىلارنىڭ شىرىنىلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا قارا ھېلىلىدىن تالقان قىلىپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇزۇق يەل ۋە قىزىتما ئەھۋالى بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورىلارنىڭ نۇسخىسىنى ئاخشىمى ئىچكۈزۈپ، ئەتىگەندە ھېلىلە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر پۇتلاردا ئاغرىق بولسا ئەرقى شاھتەررە ۋە ئەرقى گۈللەرگە تەرخەمەك ئۇرۇقى ۋە ئوغرىتىكەن شىرىسىنى قوشۇپ، بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

16. كۆيگەن سەپرا خىلتى سەۋەبىدىن باش ۋە گالدا ئېچىشىش بولسا، ئالتە گرام زىرىق شىرىسى مۇناسىۋەتلىك ئەرەق ۋە بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئاشقازاندا ئېچىشىش بولسا، كىشمىشتىن ئالتە گرامنى 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈلگە چىلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر دانە ئەرەققە چىلانغان كىشمىش ئۈزۈمى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

17. ئەگەر مالىخولىيائى مەراقى بىلەن بەدەندە ھارارەت بولسا، كۆز ۋە مېڭىدە ئېچىشىش بولۇپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك بۇزۇق يەللەردىن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، ئەزالاردا كۆپىنچە ئاغرىق بولۇش، بەك كۆپ تەرلەش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئامىلە

مۇرابباسى بىر دانە، ئەرقى شاھتەررە 120 مىللىلىتىر، تاتلىق ئانار شەربىتىدىن 24 گرامنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئىترىفىل كەشنىز 12 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، ئىسپغۇل لوئابى توققۇز گرام، ئەرقى شاھتەررە 120 مىللىلىتىر مۇۋاپىق مىقداردىكى قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزگەندىن كېيىن كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسىنىڭ ئورنىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن مائۇلجەبىن بېرىلىدۇ.

18. ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغى بىلەن قورساق كۆپۈش ۋە ئۇسسۇزلۇق، ئىشتىھا ئاجىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، گۈلقەنت 18 گرام، سىركە 18 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 12 مىللىلىتىر، ئەرقى كاسىنە 36 مىللىلىتىر، ئەرقى شوخلا 48 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

19. ئەگەر جىگەردە ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭغا تەرخەمەك سۈيى قوشۇلىدۇ، ئاخشىمى 24 گرام ئانار شەربىتى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇرەك تىترەشنى ۋە بۆزۈق گازلارنى توسۇش ئۈچۈن ئالتە گرام كىشمىش ئۈزۈم بىلەن يەتتە گرام زىرىقنى 60 مىللىلىتىر ئەرقى كاسىنە ۋە 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈلگە چىلاپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇپ سۈزۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سېمىزئوت ئۇرۇقى تالقىنى ئالتە گرام ۋە بۇزۇرى شەربىتى 24 گرامنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى گاۋزىبان، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئاق سەندەل ھەر بىرى ئالتە گرام، 18 گرام كىشمىش قاتارلىق دورىلارنى بىر كېچە مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئانار شەربىتى، 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

20. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا بىرنەچچە كۈن ئەينۇلا بەش دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، قىزىلگۈل، زىرىق، گاۋزىبان ھەر بىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە مۇۋاپىق مىقداردا قايناق سۇغا چىلاپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گرام گۈلقەنت ياكى 36 گرام خېمىرى بىنەپشىنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

21. بۆزۈق گاز ۋە باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئامىلە مۇراببا سى بىر دانە، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرامنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەردىن 12 مىللىلىتىر ۋە 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، سەندەل، يۇمغاقسۈت كۆكى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

كۆپرەك ھېلىلە ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. ئەگەر ھېلىلە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا خېمىرى گاۋزىباندىن يەتتە گرام يېگۈزۈلىدۇ ياكى داۋائى مىشكى بارىد يەتتە گرامنى بەش گرام كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، ئالتە گرام تەرخەمەك ئۇرۇقى

شىرىسى، 24 گرام بۆزۈرى شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ هارارەت يوقالمىسا قايىنتىپ ئېلىنغان كۆك كاسىنە سۈيى جىگەرنىڭ هارارىتىنى پەسەيتكۈچى دورىلارنىڭ شىرىسى ۋە شەرتلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

22. ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغىدىن ئۆرلىگەن گازنىڭ تەسىرىدىن باش ئاغرىش ۋە بۇرۇن قۇرۇش ئەھۋالى بولسا، زىرىق، تاباشىر، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، كۆك قاشتېشى ھەر بىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، ئەرقى سەندەل، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى كەيىۋرە، ئەرقى گۈل ھەر بىرى 36 مىللىلىتىر، گاۋزىبان شەربىتى 12 گرام قاتارلىق دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، كۈمۈش ۋاراققا ئورالغان ئامىلە مۇراببىاسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

23. بەدەندىكى ئېچىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇپەررىھ زىرىشىك مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، مەستىكىنى گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلى-دۇ. ئەگەر كۆكرەكنىڭ پارقىراقلىقى يوقالغان بولسا، گۈل گاۋزىبان، ئاقلانغان ئامىلە ھەر بىرى 12 گرام، قىزىلگۈلدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، چىلان شەربىتىدىن 24 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى شوخلا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. بىرنەچچە كۈن بۇ دورىنى بەرگەندىن كېيىن كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى مائۇلجەبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

24. ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغىدا قىزىتما بولسا، قايىنتىپ ئېلىنغان كاسىنە سۈيى 120 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، بەديان شىرىسى تۆت گرام، بۆزۈرى شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، زىرىشىك ياكى قۇرسى تاباشىر ۋە ياكى قۇرسى گۈل سەبىر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرى ئالتە گرام، ئەرقى شاھتەررە 120 مىللىلىتىر، گۈلقەنت 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئامىلە مۇراببىاسىدىن بىر دانە بىلەن ئىچكۈزۈ-لىدۇ ياكى بۇ نۇسخىغا گۈلقەنت ئورنىغا نىلۇپەر مۇراببىاسى بىر دانە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ نۇسخىغا گۈلقەنت ئورنىغا نىلۇپەر شەربىتى ۋە ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈز-سەكمۇ بولىدۇ.

25. ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغى بىلەن نەزلە ۋە يۆتەل بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى تۆت گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، سۈيىگە ئاق شېكەر 12 گرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گرام خېمىرى خەشخاش بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ھېلىلە مۇراببىاسى بىر دانە، خېمىرى گاۋزىبان، داۋائى مىشكىدىن بىرىنى تاللاپ يەتتە گرام ئېلىپ، ئالتە گرام تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى بۆزۈرى شەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

26. ئەگەر كېسەللىك قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان قورساق پەردە ياللۇغى خاراكتېر-لىك بۆزۈق يەلدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئاشقازان بىئارام بولۇش، ئېغىز قۇرۇش ۋە

تەرلەش ئالامىتى بىرگە كۆرۈلسە، بىھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، سەرپىستان بەش دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر ھەر بىرى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ، ئالتە گرام تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە 24 گرام نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

27. ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولۇش بىلەن بىرگە، چىش مىلىكى ياللۇغى، بوۋاسىر ۋە باش ئاغرىقى قوشۇلۇپ كەلسە، چىلان بەش دانە، سەرپىستان 11 دانە، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى تۆت گرام، بىھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، يەتتە گرام تەرخەمەك شىرىسى ۋە 24 گرام بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى خېمىرى گاۋزىبان، خېمىرى خەشخاش ھەر بىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

28. جىگەرنىڭ ئىسسىقلىقى ئېشىپ كېتىش، ئاشقازاندا يەل پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە نەزلە ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، مەستىكىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، گاۋزىبان، كاسنە ئۇرۇقى ھەر بىرى ئالتە گرام، ئەبرىشىم، نىلۇپەر، شوخلا ھەر بىرى تۆت گرام، قەنت مۇۋاپىق مىقداردا قائىدە بويىچە دەملەنمە تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر تەبىئەتنى يۇمشىتىش زۆرۈر بولسا، بۇ نۇسخىغا ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قوشۇلىدۇ.

29. ئەگەر سېسىق كېكىرىش ئەھۋالى بولسا، گۈلقەنت، لىمون شەربىتى ھەر بىرى 12 گرام، لاچىندانە ئۇرۇقى شىرىسى ئىككى گرام، بەديان شىرىسى تۆت گرام، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

30. ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغى بىلەن ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە قۇسۇش ئەھۋالى بولسا، نارجىل ۋە پىننە سۈيىگە ئەينۇلا ئون دانە، زىرىقتىن ئۈچ گرام ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ سۈزۈپ، 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، كۆكرەككە مەستىكى يېغى سۈۋىلىدۇ.

31. ئەگەر كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىن يۈرەك ئاغرىش پەيدا بولسا، يەرلىك شوخلا، گاۋزىبان، كاسنە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، تەرخەمەك ئۇرۇقى، زىرىق ھەر بىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام، ئەينۇلا ئون دانە، رەۋەن چىنى ئۈچ گرام، سانا 12 گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ ئېلىنغان كاسنە سۈيىگە بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، خىيارشەنبەردىن 72 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 48 گرام گۈلقەنت، 36 گرام قىزىلگۈل شەربىتى، ئالتە گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن سۈرگۈ بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتسە، مەستىكى، زەھرى - مۇھرى ھەر بىرى بىر گرام، تاباشىردىن ئىككى گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك

ئەرەقلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

32. سوغۇقتىن بولغان قورساق پەردە ياللۇغىدىن بولغان مالىخولىيا كېسەللىكىدە ئەگەر خىلىت قورساق پەردىلىرىدە ياكى ئاشقازاندا بولسا، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى كۆچلەندۇ-رۇش ئۈچۈن بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان ياكى بەدىيان قايناتمىسى بىلەن گۈلقەنت بېرىلىدۇ. قورساق پەردىلىرىدىكى ياللۇغنى پەيدا قىلغۇچى خىلىتنى تارقىتىش ئۈچۈن زىراۋەندە، مەستىكى، ئۇد ھىندىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە تابلېت ياساپ يېگۈزۈلىدۇ ياكى جۇڭگو چېيىنى ئىچكۈزسەكمۇ بولىدۇ.

33. ئەگەر قورساق پەردىلىرىدە ياللۇغ بولمىسا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۇدۇلىغا سۇمبۇل ۋە مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن زىماد تەييارلاپ سۇۋىلىدۇ. تۇز، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دورا سۈيىدە يۇيۇنۇش، دورا تېڭىش، ھەببى مۇقەل مۇلەييىن بېرىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئاشقازاندىكى يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاپىلسىن ياغىچى، پەرەنجىمىشكى، سېرىقچېچەك قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئاشقازان ساھەسى يۇيۇلىدۇ ۋە داۋاملىق مۇنچىغا چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ.

34. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، تۇخۇم سېرىقىغا ئوخشاش تېز سىڭىدىغان، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەر يېگۈزۈلىدۇ.

35. ئاشقازان، ماساريقا تومۇرى ياكى قورساق پەردىسىدىكى غەيرىي تەبىئىي خىلىت-نى تازىلاش زۆرۈر بولسا، ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈش ياكى ھارارىتى يۇقىرى بولمى-غان يەڭگىل سۈرگىلەرنى بېرىش ۋە ياكى قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىش، ئۈچەينى كۆچلەندۇرۇش ئۈچۈن تۆگە سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

36. قورساق پەردە ياللۇغى خاراكتېرلىك مالىخولىياغا گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغى بىلەن نەزلە ۋە يۆتەل بولسا، گاۋزىبان تۆت گرام، گۈلى گاۋزىبان، لاچىندانە ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 12 گرام ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش، قەۋزىيەتلىك، قورساق كۆپۈش، نەزلە بولسا، مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە مۇراباسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، گاۋزىباندىن يەتتە گرامنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاق شېكەردىن 18 گرام ئارىلاشتۇ-رۇپ، يۇقىرىقى مۇراببا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى زورەنبات، ئەبرىشىم ھەر بىرى ئىككى گرام، گاۋزىبان تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن ئون دانە ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، 12 گرام خېمىرى سەندەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بولسا يۇقىرىقى نۇسخىغا نىلۇپەردىن تۆت گرام قوشۇلىدۇ. سوغۇقلۇق

يۇقىرى بولسا بەدىيان، ئەبرىشىم، گاۋزىبان، بىستىپايەج ھەر بىرى تۆت گرام، دارچىن-دىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئاق شېكەردىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلغان ۋە ئېغىزدىن كۆپلەپ سۈيۈقلۇق ئاقىدىغان بولسا، تاباشىر، لاچىندانە ھىندى ھەر بىرىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە مۇراببا-سى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى، سوقۇلغان بالەڭگۇ ئۇرۇقى تۆت گرام ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى مۇراببا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولۇش ئەھۋالى بولسا، لاچىنداندىن ئۈچ گرامنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقتىن 120 مىللىلىتىر ۋە بۇزۇرى شەربىتىدىن 24 گرام بىلەن ئارىلاش-تۇرۇپ، جاۋارىش ئۇد بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاچچىق كېكىرىش ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان يەل ئۇچۇن نۆشدارۇ سادىنى گاۋزى-بان ئەرەقلىرى ۋە بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھىندى تۇزىنى تالقان قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېيىن سېسىق كېكىرىش بەك كۆپ بولسا، مەستىكى ئىككى گرام، لاچىندانە ئۈچ گرام، قۇرۇق پىننە 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى 60 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان، 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۇلگە چىلاپ قايىنىتىپ، 24 گرام سىركە ۋە گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قورساق پەردە ياللۇغى بىلەن بىرگە قورساقتا تۇگۇنچەكتەك بىر نەرسە مەلۇم بولسا، رۇم بەدىيان، لاچىندانە ھىندى، مەستىكى ھەر بىرىدىن بىر گرامنى سوقۇپ، 12 گرام گۇلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن ئەتىگەندە يېگۈزۈلىدۇ، ئاخشىمى ئەفتىمۇن شىرىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى ھەر بىرىدىن تۆت گرامنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھېلىلە مۇراببا-سى ئىلمان سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

قورساق پەردە ياللۇغى خاراكتېرلىك مالىخۇلىيا كېسەللىكى بۇزۇق يەللەر توختاپ قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، بەلدە ئېغىرلىق بولۇش، بوۋاسىرنىڭ قېنى توختاپ قېلىش، يەل يوقالماسلىق، ئاغرىش، ۋە نەزلە بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، تاباشىر، سۇنبۇل تىپ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، لاچىندانە ھەر بىرىدىن 0.5 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان قىلىپ، 12 گرام گۇلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە 24 گرام گاۋزىبان شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىدا ئاغرىش بولۇپ، يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، سۇۋالما چېپىش ئارقىلىق ئاغرىش يوقالمىسا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، بەدىيان ھەربىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، سۇمبۇل تىپ ئىككى گرام، شوخلا تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، 24 گرام گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ يەتتە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ.

37. مالىخولىيائى مەراقىدا ئېغىز شۆلگىيىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشى ھەزىم بۇزۇلۇش، زۇكامداش، جىگەرنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئېغىز شۆلگىيىنىڭ كۆپ بولۇشى مېڭىگە نەزلە چۈشۈۋالغان سەۋەبتىن بولسا، ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس، ھەببى جەدۋار ۋە مەجۇنى نۇجاھ يېگۈزۈلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولسا ھەزىمگە ياردەم بەرگۈچى جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. جىگەرنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىغا بەدىيان يىلتىزى، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقى قاتارلىق توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

38. ئەگەر مالىخولىيا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچى سوغۇق مىزاجلىق بولۇپ، قورساق كۆپۈش بولسا لېكىن ئىششىق ياكى ئېچىشىش بولمىسا، ئىككى گىرام ئەپسەنتىننىڭ قاينىتىپ ئېلىنغان سۈيى ياكى ئەپسەنتىن ئۇسارىسىدىن سۇدا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆكرەككە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار تېڭىلىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئاق خەربەق ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

39. ئەگەر بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازاندا بولسا، سېرىقچېچەك، تۇرۇپ، پىننە، ئاق خەربەق قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا سىركەنجەۋىل ئارىلاشتۇرۇپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ئاشقازاننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن دەم ئالدۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن يۇمشاق ئۇننىڭ نېنى يېگۈزۈلىدۇ، تۆتىنچى كۈنى سەۋدانى تازىلىغۇچى دورىلار مەتبۇخ ئەفتىمۇن، ئايارەج، ئاچچىقتاۋۇز، قارا خەربەق قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ساقايمىسا، تۆۋەندىكى شەربەت ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ شەربەت ئاشقازاننى سەۋدا خىلتىدىن تازىلاش ئۈچۈن پايدىلىق.

تەركىبى قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى پوستى، سېرىق يۆگەي، سانا ھەر بىرى 24 گىرام، ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا، كەكرى ئۇرۇقى، پىننە، گاۋزىبان، غاپەس ھەر بىرى 14 گىرام، سوقۇلغان بىستىپايەج ئون گىرام، سىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن غارىقۇن يەتتە گىرام، مەستىكى، قەلەمپۇر، شازەج ھىندى ھەر بىرى توققۇز گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 144 گىرام قاتارلىق دورىلارنى 3000 ميللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، شەربەت تەييارلاپ ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ 85 ~ 120 گىرام شەربەتكە، ئۈچ گىرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كېسەللىك بىرقەدەر ساقايغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ. ئەگەر ئۇنۇمى ياخشى بولمىسا ئايارەج جالىنۇسقا ئوخشاش دورىلاردىن بىرىنى تاللاپ ئېلىپ، قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى، ئەفتىمۇن، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەج قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىلىرى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىمار ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشقا بەرداشلىق

بىرەلمىسە، سىركە بىلەن تەييارلانغان مائۇلجەبىندىن ھەر كۈنى 150 ~ 250 گىرام ئىلىپ، ئۇنىڭغا قارا ھىلىلە، ھىلىلە كابۇلى ھەر بىرىدىن ئون گىرام، سىرىق يۇگەي 14 گىرام، غارىقۇن بەش گىرام، قارا خەربەق بەش گىرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 7 ~ 9 گىرام ئىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

40. مالىخۇلىيائى مەراقىدا قەي قىلدۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلى قەي قىلىشقا ئادەتلەنـ گەن، ئاسان قەي قىلىدىغان ۋە كىسەللىك خىلتى ئاشقازاندا بولغان بىمارلارغا ماس كىلىدۇ.

41. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى ئەفتىمۇن بىلەن ئايارەج پەيقارا بىرلەشتۇرۇپ يىگۇزۇلىدۇ. ئەگەر زۇرۇر بولغاندا ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىدىن ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا بىرىش ناھايىتى پايدىلىق. يەڭگىل بولغان دورىلار ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈش شۇنداقلا قەنتەـ رىيون سەغرىنى قايىنتىپ ئىچكۈزۈش ئاشقازاننى تازىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۇچۇن پايدىلىق. (ئىيلاقى ۋە جۇرخانى)

42. بۇ كىسەللىككە قارىتا مىڭە مەنبەلىك مالىخۇلىيا كىسەللىكىنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئىلىپ بىرىلىدۇ. زۇرۇر بولمىسا تازىلاش تەدبىرلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا خەشخاش شەربىتى بىلەن ئارپا سۇيى داۋاملىق بىرىلىدۇ. ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا بادرەنجى بۇيا بىلەن ئۇدخامنى ئەرقى گۇل بىلەن قايىنتىپ، شىكەر ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە جالىنۇس قايىنتىلمىسى تەييارلاپ ئىچكۇـ زۇلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا ھەسەل بىلەن ياسالغان گۇلقەنت داۋاملىق يىگۇزۇلىدۇ. تاماقتىن كىيىن مۇۋاپىق مىقداردا ئۇزۇم سۇيى (قۇرۇق ئۇزۇم شەربىتى) ئىچكۇزۇلىدۇ. ئەگەر كىسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۇزلەنگەن بولۇپ بىمار كۇچلۇك بولسا ھەمدە بەدەندە كىرەكسىز خىلتلار يەنىلا مەۋجۇت بولسا، ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇش توغرا ئەمەس. بۇنىڭ ئۇچۇن گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، ئەفتىمۇن ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئەپسەنتىن قايناتمىسىغا خىيارشەنبەرنى ئىزىتىپ ئىچكۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ئاشقاـ زىنىدا ئاغرىش پەيدا بولسا سۇرگىنى توختىتىش كىرەك.

بىمارنىڭ كۇچ ـ قۇۋۋىتىگە قاراپ بوكلىزما ئىشلىتىلىدۇ. ئوغرىتىكەن، سەرپىسـ تان، بابۇنە ھەر بىرى 24 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بۇغداي كىپىكى ھەر بىرى 48 گىرام، نىلۇپەر ياغىچى، چامغۇر كۇكى ھەر بىرى بىر تۇتامدىن، ئەنجۇر 40 دانە، سوقۇلغان زاراڭزا، ئاقلانغان ئارپا ھەر بىرى 36 گىرام، سىرىقچىچەك يىلتىزى بىر تۇتام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنتىپ كلىزما تەييارلاپ، بىمار بەرداشلىق بىرەلىگۇـ دەك مىقداردا ئىلىپ، توغرىغۇ 24 گىرام ۋە شىكەردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىن ئەھۋالغا قاراپ تارقاتقۇچى ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلار

تالاپ ئىشلىتىلىدۇ. (تەبرى)

43. ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، ئىسسىقلىق ياغلارنى سۇۋاش ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا سۈلىرى بىلەن باشنى يۇيۇش ئارقىلىق مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك. داۋالاشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يېمەكلىكلەرنى ئاز بېرىش، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن چەكلەش، دورا سۈيىدە يۇيۇندۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا مەجۇنى ئەفتىمۇن يېگۈزۈش لازىم. كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىنمۇ مەلۇم مەزگىلگىچە بىمار ئېھتىياتسىزلىق قىلماسلىق قىلىپ، سەۋدا پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن، جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىش، ئېغىر ئەمگەك قىلىشتىن چەكلىنىشى لازىم.

44. خۇشال يۈرگۈزۈش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇش لازىم.

مەن ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن پەزىلەتلىك زاتلار ۋە ئالىملارنى كۆرگەن، ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە خىلۋەت جايلارغا كىرىۋېلىپ كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بەدىنىدە خىلىتتا كۆيۈش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى مالىخولىيا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان.

ئەقلىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىشتىن، زىيادە چارچاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن كۆپ شۇغۇللانغۇچىلار بەدەن چېنىقتۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش، مۇزىكا ئاڭلاش قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

45. ھەر خىل مالىخولىيا كېسەللىكلىرى ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە تېرە قۇرغاقلىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆچكە سۈتى بىلەن تەييارلانغان مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش كېرەك. شۇڭا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى داۋالاش باسقۇچلىرىدا ئەھۋالغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى مائۇلجەبىن بىلەن بېرىش لازىم. مەسىلەن: قورساق پەردە ياللۇغى خاراكتېرلىك مالىخولىيادا ئەگەر خىلىت يەنىلا مەۋجۇت بولسا ۋە ئاشقازان بەرداشلىق بېرەلىسە مائۇلجەبىنگە ئەپسەنتىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تېرە قۇرغاقلىشىش، كېپەكلىشىش ئەھۋالى بولسا، بادام يېغى، تەرەنجىبىن شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى تالقىنى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى تالقىنى مائۇلجەبىن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يەنىلا ھارارەت بولسا مائۇلجەبىنگە سىركەنجۇبىل، قاپاق يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ياخشىلانغاندىن كېيىن تال، جىگەر قاتارلىق ئىچكى ئەزالاردا بۇزۇلۇش بولسا، قۇرسى رەۋەن، قۇرسى زىرىشك، قۇرسى گۈل قاتارلىق دورىلار مائۇلجەبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

46. مالىخولىيائى مەراقى ساقايغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر ئىچىدىن ھەممىدىن ئېغىرراق بولغىنى قارا يەرقان (يەرقان ئەسۋە) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، جىگەر ۋە تال تومۇرلىرىدا توسالغۇ بولغانلىقىدىن بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا سىركەنجۇبىل ئەنسىلى، قۇرسى كەبىر رەۋەن قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ.

47. مالىخۇلىيائى مەراقىنىڭ ساقىيىش باسقۇچىدا ھەر خىل مۇدۇر - چوقۇر قاپارتمىلار پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى سۇيۇق خىلىتلارنىڭ بىر قىسمى چىقىپ كېتىپ، يەنە بىر قىسمى مۇسكۇل قاتلاملىرىغا كىرىۋالغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئۇزۇقلۇق قۇۋۋىتى مول يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، زەيتۇن يېغى قاتارلىق قۇرۇتقۇچى ۋە شۇمۇرگۇچى ياغلارنى سۇۋاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. لېكىن كېسەللىكنىڭ بېشىدا قاپارتما چىقىشقا باشلىغان بولسا، قان ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا قاپارتمىلارنىڭ يارىسى جۇزامغا ئۆزگىرىپ قېلىش خەتىرى بار.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن بىر ھەپتە گاۋزىبان شەربىتىگە بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقىدىن يەتتە گرامنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ چۇجىسى گۆشى نوقۇت سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئوغلاق، چۇجە گۆشىنى كالا يېغى بىلەن پىشۇرۇپ، ئاق نان بىلەن بېرىلىدۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تۆۋەندىكى مۇنزىچ ئىچكۈزۈلىدۇ: يەنى بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا، قىزىلگۈل ھەر بىرى توققۇز گرام، دۇرنەج ئەقرەبى، گۇل گاۋزىبان ھەر بىرى يەتتە گرام، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقى ئۈچ گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 12 گرام، ئەفتىمۇن بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى گۇل ھەر بىرىدىن 120 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گرام گۇلقەنت ۋە مەجۇنى نۇجاھ 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. 15 كۈن يۇقىرىقى مۇنزىچنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن سۇرگە ئۈچۈن يۇقىرىقى مۇنزىچقا سانا 12 گرام، قارا ھېلىلە 18 گرام، ئەپسەنتىن تۆت گرام، رەۋەن توققۇز گرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 85 گرام، شىرخىت 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، 48 گرام ئۇستىقۇددۇس، بادام يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، دورا ئىچىشنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ھەببى لاجۇۋەرد ياكى ھەببى ئەفتىمۇن، مەجۇنى نۇجاھتىن 24 گرام بىر دانە كۇمۇش ۋاراقتا ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ. دورا ئىچكەندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى گۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى بىلەن نوقۇت پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ شورپىسى بىلەن ئۇماچ ئېتىپ بېرىلىدۇ ۋە ياكى نوقۇت ئۇنىدا ياققان نان توخۇ گۆشى شورپىسىغا چىلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

زەھرى - مۇھرىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، خېمىرى ئەبرىشىمدىن توققۇز گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىر دانە كۇمۇش ۋاراقتا ئوراپ ياكى لاجۇۋەرد مۇغسۇل، مەستىكى ھەر بىرىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاملە مۇراببىاسى ياكى خېمىرى گاۋزىبان سادىدە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۇمۇش ۋاراقتا ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ. ئارقىدىنلا ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۇل ھەر بىرى 84 مىللىلىتىرغا گاۋزىبان، زاراڭزا ئۇرۇقى،

بەدىيان ھەر بىر توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى چىلاپ، تەمىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، بادرەنجى بۇيا شەربىتى ياكى ئالما شەربىتىدىن 48 گرام قوشۇپ، سوقۇلغان پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى ياكى بالەنگو توققۇز گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى ياكى داۋائى مىشكى ئەرقى ئەنبەر ياكى ئەرقى گۈزەر بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

مالىخۇلىيا كېسەللىكىنى تامامەن يوقىتىش ئىنتايىن قىيىن، لېكىن بىرنەچچە يىل ئېھتىيات بىلەن داۋالاش ۋە ھەر يىلى 3 ~ 4 قېتىم مائۇلجەبىن بىلەن تازىلاش ئېلىپ بارسا تامامەن ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچكە سۇتىگە تۇز سېلىپ، قول ۋە پۇت ئالىقانلىرىغا سۈۋىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ.

48. مالىخۇلىيا كېسەللىكىنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئۈچۈن تۈۋەندىكى مەتبۇخ ناھايىتى پايدىلىق، يەنى قىزىلگۈل توققۇز گرام، سېرىق يۈگەي بەش گرام، ئەپسەنتىن ئۈچ گرام گاۋزىبان تۆت گرام، قەنت 38 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قىزىلگۈل ئىككى گرام، گاۋزىبان ئۈچ گرام، شېكەر يەتتە گرام، پەرەنجىمىشكى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، قاقىلە ئۈچ دانە، گاۋزىبان ئۈچ گرام، شاھتەررە ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى 108 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل، 120 مىللىلىتىر بەدىيان سۈيى بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 18 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر تالقان ھەركۈنى سەھەر ۋاقتىدا ئۇزۇلدۇرمەي 40 كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. (مۇئەللىب ئىقباس)

## ئون ئالتىنچى پەسىل ساراڭلىق ۋە ئېلىشىپ قېلىش

## جنون ووسواس

**تونۇش:**

ساراڭلىق ۋە ئېلىشىپ قېلىش روھىي كېسەللىك بولۇپ، چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ: 1) يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق (مانيا) 2) غالجىرئىتسىمان ساراڭلىق، دائۇل كەلەب) 3) پەۋقۇلئاددە ساراڭلىق (سۇبارا) بولسا 4) پاشا ياكى بۆرەسىمان ساراڭلىق (قۇترەپ) دىن ئىبارەت دائۇل كەلەب بولسا مانيانىڭ بىر قىسمى بولۇپ، جۇنۇنى سەبئى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

يىرتقۇچسىمان ساراڭلىق (مانيا) بىلەن غالجىرئىتسىمان ساراڭلىق (دائۇلكە لەب) سەۋدا ياكى سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولىدۇ.

پەۋقۇلئاددە سارالىق (سۇبارا) بولسا ئۆتكۈر ساراڭلىق بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى بىلەن بىرگە كېلىدۇ. ئۇ كۆيگەن سەپرا خىلىتىدىن بولىدۇ.

پاشا ياكى بۆرەسىمان ساراڭلىق (قۇترۇب) بولسا مالىخۇلىيانىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ قان، سەپرا ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنىڭ بىرىنىڭ كۆيۈشىدىن بولىدۇ. قۇترەبتا هارارەت ۋە خىلىتتىكى ئۆتكۈرلۈك مانىيادىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن قۇترەبتا قۇرۇقلۇق ۋە يىرىكلىك مانىيادىن كۆپرەك بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ كېسەللىك سوزۇلما بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر قىزىتما بولمىسا ۋە بىماردا ساراڭلىق بىلەن بىرگە جاھىللىق، تەلۋىلىك، بىئاراملىق، ئاچچىقلىنىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ، كۆزىدىن ياۋايىلىق، تەلۋىلىك چىقىپ تۇرۇش، ھەرىكىتى قالايمىقان بولۇش، بەدىنى ئاجىز، قارىغا مايىل بولۇش، تومۇرى ئىنچىكە، قاتتىق سوقۇش، سۈيدۈكى سۇيۇق زەيتۇن رەڭلىك بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ «مانىيا» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئەخلاقسىزلىق، ئاچچىقلىنىش ۋە باشقىلارغا زىيان سېلىش، ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بۇ «دائۇل كەلەب» غالجىر ئىسمان ساراڭلىق) » ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمار تەلۋە بولۇش، بىر يەردە ئۇزۇن تۇرالماسلىق، باشقىلار بىلەن چىقىشالماسلىق، كۆن بويى قەبرىستانلىق ۋە خانىۋەيران جايلاردا يۈرۈش، كۆپىنچە كېچىسى يول يۈرۈش، كىشىلەردىن تەپ تارتماسلىق، باشقىلارغا زىيان سېلىشقا تىرىشىش، كۆپىنچە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە يۈرۈش، بەدىنى ئاجىز ۋە رەڭگى سېرىق ياكى كۆك بولۇش، تىلى ۋە بۇرنى قۇرۇق بولۇش، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى دوراش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ «قۇترەب» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىماردا قىزىتما بولۇپ، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق، سۈزۈك ۋە سۇيۇق بولۇش، ساراڭلىق ناھايىتى قاتتىق بولۇش، جۆيلۈش، ئەقىل ئېلىشىش، مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ «پەۋقۇلئاددە ساراڭلىق (سۇبارا) » ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

1. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بىنەپشە، نېلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سۆگەت شېخى، ئاقلانغان ئارپا، قاپاق پوستى، تەرخەمەك، ئۇسۇڭ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، بابۇنە، ھەمىشباھار گۈلى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، باش يۇيۇلىدۇ. بىنەپشە يېغى، نېلۇپەر يېغى، قاپاق يېغى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى قاتارلىقلارنىڭ بىرەسى باشقا سۈۋۈلىدۇ.

نېلۇپەر يېغى، بىنەپشە يېغى قول ـ پۇتقا سۈۋۈلىدۇ.

2. ماددىنى ئاستىغا تارتىش ئۈچۈن يۇتا ۋە پۇتلار ئۇستىدىن ئاستىغا قارىتىپ رەخت بىلەن مەھكەم باغلىنىدۇ.

3. ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق بولسا خەشخاش شەربىتى تاتلىق ئانار سۈيى ياكى قاپاق سۈيى ياكى ئەينۇلا سۈيى ۋە ياكى ئارپا سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. ئەگەر قىزىتما بولسا، بابۇنە، قۇرۇق بىنەپشە، ئاقلانغان سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، كۈنجۈت يېغى، قىزىل شېكەر، ئاش تۇزى قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە يەڭگىل كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

5. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئەگەر هارارەت بەك يۇقىرى بولسا، قاپاق، تەرخەمەك، پالەك، ئوسۇك، ماش قاتارلىقلار بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. هارارەت بولمىسا توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى، قوي ۋە ئۆچكە پاچىقى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى، كىچىك بېلىق قاتارلىقلار سۇدا پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

6. مېڭىدە بىر ئاز هۆللۈك پەيدا بولغاندىن كېيىن بەدەننى تازىلاش زۆرۈر بولسا، كۆيگەن سەپرانى تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەللىكتە ئىمكانقەدەر هۆللۈك يەتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك ۋە پات - پات سەۋدانى تازىلاپ تۇرۇش كېرەك.

7. ئەگەر كېسەللىك قان ياكى سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولسا، مەتبۇخى هېلىلە ئارقىلىق، سەۋدا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان بولسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.

تازىلاش ئۈچۈن سېرىق هېلىلە پوستى 48 گرام، هېلىلە كابىلى پوستى 36 گرام، ئەپسەنتىن، ئەفتىمۇن هەر بىرى 14 گرام، قارا ئەينۇلا 30 دانە، تەمرى هىندى 20 دانە، خىيارشەنبەر 72 گرام، تەرەنجىبىن 175 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا سوقمۇنىيادىن 0.5 گرامنى قوشساقمۇ بولىدۇ. بۇ مەتبۇخ ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، تېۋىپلار كېسەللىك ئەهۋالىغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن هەر خىل شەكىلدە ئىستېمال قىلدۇرغان. مەسىلەن: بەزىلەر ئۇنىڭغا بىنەپشە ۋە نىلۇپەر قوشقان ۋە بەزىلەر ئاشقازان ئاجىزلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەستىكى، رۇم بەديان قوشقان.

8. هۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن هەر كۈنى ئەتىگەن كاشكاپ (توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلار) قا 72 گرام خەشخاش شەربىتى، 36 گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كاشكاپ مۇۋاپىق بولمىسا، خەشخاش شەربىتى تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتلىك ئەهۋالى بولسا، ئۇنىڭغا ئەينۇلا شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سەۋدا خىلتى توختاپ قالغان بولسا هەببى شەبياردىن يەتتە گرام

يېگۈزۈلىدۇ.

ئىمكان بولسا بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلىگۈلى، يومغاقسۇت، ئارپا يارمىسى، سۆگەت شېخى، قىزىلگۈل، بابۇنە، نامازشامگۈلى يوپۇرمىقى، يەرلىك شوخلا قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭ هورى بىلەن باش قىسمى هورلاندۇرۇلىدۇ ۋە باش يۇيۇلىدۇ.

8. هەكىم قەدىش «ئەپيۇننى 2.7 گرام ئارپا ئېشى بىلەن يېگۈزۈۋەتسەك، ساراڭلىق بىر كۈندىلا يېقىلىدۇ، لېكىن ئېهتىيات يۈزىسىدىن ئەپيۇن بېرىشتە دەسلەپتە ئاز ـ ئازدىن بېرىپ، ئاستا ـ ئاستا مىقدارىنى كۆپەيتىپ مەزكۇر ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ بېرىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

بەزى تېۋىپلار «چاچنى كۆيدۈرۈپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، ساراڭلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈپ ئايرىم ـ ئايرىم داۋالاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنىدۇ.

### 1. يىرىقۇچىسمان ۋە غالجىرئىتسىمان ساراڭلىقنى داۋالاش:

علاج مانيا وداء الكلب

بۇ كېسەللىكتە بەدەنگە هۆللۈك يەتكۈزۈش، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇش، سەۋدانى تازىلاش، تازىلاشتىن كېيىن ئوزۇقلۇق ۋە دورىلار ئارقىلىق هۆللۈك يەتكۈزۈشكە تىرىشىش ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، يۈرەككە خۇشاللىق يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1. بۇرنىغا دورا تېمىتىش، دورا سۈلىرى بىلەن باشنى يۇيۇشقا ئوخشاش داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم.

هەركۈنى بىرنەچچە قېتىم بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

نىلۇپەر شەربىتى، چىلان شەربىتى، تەمرى هىندى شەربىتى، ئەينۇلا سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى، خەشخاش شىرنىسى، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئارپا يارمىسى سۈيى ياكى تاتلىق بولمىغان ئۇماچ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن هايۋانلارنىڭ پۇت يىلىكى بىلەن باش ياغلىنىدۇ ۋە تاتلىق ئانار سۈيى بىلەن خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

هۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ۋە يەڭگىل چۇچۇمەل سىركەنجىۋىل بىلەن قاپاق سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. تەبىئەتنى تەڭشەش ئۈچۈن تەمرى هىندى ۋە ئەينۇلا سۈيى نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

هۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە ماددىنىڭ پىشىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن مەتبۇخ

ھېلىلە بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر مەتبۇخ ئىچكۈزۈش مۇمكىن بولمىسا كىلىزما ئىشلىتىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن توخۇ، پاقلان، كىچىك بېلىق قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باش داۋالىنىدۇ، بۇنىڭدا ھەممىدىن ئاۋۋال چاچنى چۈشۈ-رۈۋېتىپ، بىنەپشە، نىلۇپەر، سۆگەت شېخى، قىزىلگۈل، چالا سوقۇلغان ئارپا، قاپاق شاپىقى، خەشخاش، ھەمشىباھارگۈلى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، سوۋۇغاندىن كېيىنلا باشنىڭ ئالدىنقى قىسمى يۇيۇلىدۇ. قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى توختىتىش ئۈچۈن بىمار ئۇخلىتىشقا تىرىشىلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇخلىتىش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى بىلەن تاتلىق ئانار سۈيى ئىچكۈزۈش، ئەپيۇننى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىش، پۇتنى مۇجۇش ۋە مۇنچىغا چۈشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

3. ئەگەر سۇيدۇك ۋە باشقا ئالامەتلەردىن بەدەندە سەپرانىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى كۆرۈلسە، مەتبۇخى ھېلىلە ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

4. ئەگەر سەۋدا خىلتى ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئەھۋالغا قاراپ تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. يەنى ئەفتىمۇن ۋە لاجۇۋەردتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 27 مىللىلىتىر سىركە بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشنى داۋالاشقا كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قان ياكى سەپرا ياكى سەۋدا بىلەن ئارىلاشقان قان توشۇپ كەتكەن بولسا، ئايارەج پەيقارا، ئەفتىمۇن، ئۇستىقۇددۇس ھەر بىرى بىر ھەسسە، سوقمۇ-نىيا، ھېلىلە ھەر بىرى يېرىم ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ھەر ئاخشىمى يەتتە گرام يېگۈزۈلىدۇ. سوقمونىيا بىلەن سىركەنجىۋىلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى كۇمىلاچ دورىسىنى ئىشلەتكەندە مىزاجىدا سوۋۇپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، دەرھال كۇمىلاچ دورا توختىتى-لىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن دورا سۈيى بىلەن باش يۇيۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھۆللۈك خاراكتېرىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئىس-تېمال قىلدۇرۇش كېرەك، لېكىن توسالغۇ پەيدا بولۇپ قېلىش خەترى بولغان يېمەكلىك-لەردىن ساقلىنىش كېرەك.

5. قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق، ئاق خەشخاشنى سوقۇپ ئالتۇن داغمال سۈيى، نىلۇپەر سۈيى، قىزىلگۈل سۈيى، بىنەپشە سۈيى قاتارلىقلار-غا ئۈچ كۈن چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ، قاينىتىپ قىيام قىلىپ، شەربەت تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا سۈيى بېرىش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار «36 گرام پوستى خەشخاش، بەش گرام ئاق بەزرۇلبەنجى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈش خەشخاش چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلاردىنمۇ ياخشى تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكتە بىر ئاز ياخشىلىنىش

بولسا سىرىق ھېلىلە 18 گرام، ئەينۇلا، چىلان ھەر بىرى 30 دانە، ئۈرۈقى ئېلىنغان تەمرى ھىندى 72 گرام، تەرەنجىبىن 18 گرام، يەرلىك شوخلا شىخى بىر تۇتام، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام، بىنەپشە 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ مەتبۇخ تەييارلاپ، ئۇنىڭغا ئەپسەنتىن بىر گرام، سوقمۇنىيادىن 0.5 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزىمىز. لېكىن بۇ مەتبۇخنى ئىچكۈزۈشتە بىمارنىڭ يېشى، مىزاجى، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك شارائىت ئاستىدا ئارپا سۈيى بىلەن بېرىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش، پالەك، ئوسۇك ۋە كاسنە بېرىلىدۇ. كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندىن كېيىن توخۇ گۆشى، قوي ۋە ئۆچكە پاچىقى، ئاقلانغان ماش، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

6. سەپرا خىلىتىنى چەكلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ: بىرىنچى، ئەگەر خىلىتتا كۆيۈش، بۇزۇلۇش ۋە ئۆتكۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپى كۆپ بولسا، غورا شەربىتى، زىرىق شەربىتى، چۈچۈمەل ئاپېلسىن، سىركەنجۇبىل سادده قاتارلىق چۈچۈمەل نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئىككىنچى، سەپرا خىلىتىدا كۆيۈش ۋە بۇزۇلۇش بولسا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىكلىكى كېسەللىككە سەۋەبچى بولغان بولسا ئۇنى داۋالاش ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى توختىتىش ئۈچۈن ئارپا سۈيى، خەشخاش شەربىتى، ئوسۇك شىرنىسى، كاسنە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. تېۋىپ يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئەھۋالغا قاراپ قوللانسا بولىدۇ.

**2. پەۋقۇلئاددە ساراڭلىق ۋە پاشا ياكى بۆرەسىمان ساراڭلىقنى داۋالاش:**

*علاج صبارا وقطرب*

پەۋقۇلئاددە ساراڭلىق (سۇبارا) نى پەيدا قىلىدىغان غەيرى تەبىئىي خىلىتنى تەڭشەش ۋە تازىلاش، خىلىتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇ كېسەلدە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ۋە قول - پۇتنى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار بىلەن كۆپرەك ياغلاش كېرەك.

پاشا ياكى بۆرەسىمان ساراڭلىق (قۇترەپ) تە سەۋدانىڭ مۇنزىچى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ماددا پىشقاندىن كېيىن سەۋدانى سۈرۈش مەقسىتىدە مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ. تازىلاشتا ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بارماستىن بەلكى كۈن ئارىلاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەقسەتتە مەجۇنى نۇجاھنى مائۇلجەبىن بىلەن ئېرىتىپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىق. تازىلاشتىن كېيىن داۋائى مىشكى قاتارلىق يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ ۋە دورا سۈيى پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش، باشنى داۋاملىق بادام يېغى، نىلۇپەر

يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىق ھۆل سوغۇق ياغلار بىلەن ئىزچىل ياغلاپ تۇرۇش، نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، چىلان ئۇلابى قاتارلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى شەربەتلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ماش، بادام مېغىزى، قاپاق، پالەك، تەرخەمەك بېرىلىدۇ. بادام يېغى بىلەن توخۇ گۆشى ياكى سېمىز پاقلان گۆشىنىڭ شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈشتە ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر قوللىنىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن لوئوقى خەشخاش بېرىلىدۇ ھەمدە بىنەپشە، نىلۇپەر، خەشخاش پوستى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنتىپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ. ئايال كىشىنىڭ سۈتى باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىنەپشە يېغى ۋە قاپاق يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا تېمىتىش، ئاق قەنتنى ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئۆچكە سۈتىنى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ نان بىلەن ئىچكۈزۈش، پىشقان سۈلۈق ئۆرۈك، شاپتۇل، قوغۇن ئىستېمال قىلدۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

پاشا ياكى بۆرەسىمان ساراڭلىق (قۇترۇب) ئەگەر سەپرا ۋە سەۋدا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا مالىخۇلىيانى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ يەنى ئۈچ كۈن مائۇلجەبىن ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئايارەج ئەركاغانس بىلەن تازىلىنىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك تەرياق ۋە باشقا دورىلار ئارقىلىق يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈپ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق باش يۇيۇش تەدبىرلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە بىمارنى ئوبدان ئۇخلىتىش ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا، بۇ مەقسەتتە زۆرۈر بولغاندا مۇۋاپىق مىقداردا ئەپيۇن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش تەدبىرلىرى ۋە دورىلار ئارقىلىق ساقايمىسا، بىمارنىڭ بېشى ئاغرىغان بولسا، شاپىلاق بىلەن ئۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## ئون يەتتىنچى پەسىل ئاشىقلىق

## عشق

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل خىيالىي كېسەللىك بولۇپ، مالىخۇلىياغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە ئىنسان ئۆزىنىڭ پىكىر - قۇۋۋىتىنى ئۆز مەشۇقى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە خىيال قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىدا بولىدۇ. پۈتۈن خىيالىنى

ئاشىقنى كۆرۈش، ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسى چىرمىۋالغان بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

بىمار داۋاملىق پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشىقىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى خىيال قىلغانلىق-تىن قاندا كۆيۈشۈش پەيدا بولۇپ، نەتىجىدە كۆيگەن قاندىن شەكىللەنگەن بۇخارات مېڭىگە ئۆرلەپ، بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بىمارنىڭ تارىخىدا زور بۇرۇلۇش بولۇش، رەڭگى سارغىيىش، خامۇش، جىمغۇر بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى ھەر خىل قالايمىقان بولۇش، مەشۇقىنىڭ جامالىنى كۆرگەندە ياكى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا دەرھال تومۇر ھەرىكىتى تېز، ئىتتىك ھەمدە قاتتىق بولۇش، سۈيدۈكى سۇزۇك، قاپىقى پارقىراق بولۇش، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ۋە قۇرغاق بولۇش، بىمار داۋاملىق ئىنتىزارلىق ئىچىدە يۈرۈش، تولا ئاھ - زار چېكىش، مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىش ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا خۇشال بولۇش، ئايرىلىش سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆپ قايغۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

بەدەن ۋە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەك - ئىچمەك بېرىلىدۇ. خۇش پۇراق، ھۆل جايدا تۇرغۇ-زۇلىدۇ. ئوچۇق جايلار، يېشىلزارلىق، باغۇ - بوستانلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، سەيلە - ساياھەت رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىپ كۆڭۈل ئاچقۇزۇلىدۇ.

ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇش، بەدەننى ياغلاش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار بىلەن يۇيۇندۇرۇش، ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى ۋە مېڭە، يۈرەككە خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر خىلىت كۆيگەنلىك ئالامەتلىرى بولسا ۋە بىمار كۈچلۈك بولسا، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە پىشۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن تازىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن مالېخۇلى-يا ۋە ساراڭلىق كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بىمارنى مەشۇقى بىلەن بىللە قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئىمكانىقەدەر شۇنداق قىلىش لازىم. بۇ ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولمىسا بىمارنىڭ يېنىدا ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ گەپ - سۆزىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئاشىقلىق بىر ئاز تۆۋەنلىگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاشىقلىق مۇستەھكەم بولۇشنىڭ ئالدىدا بىمارنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سېلىش ئارقىلىق مەشۇقىنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەسلىك، دوستلار ئارا ئۇنى ئەيىبلەش، نەسىھەت قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئاشقىلىق كېسەلنى داۋالاشتا ئەڭ ياخشى داۋالاش بىمارنى ئەمەلىي كۆڭۈل ئېچىلىدىغان ئىشلارغا سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاشقىلىقتىن يۆتكىۋېتىش كېرەك ۋە بەس - مۇنازىرە، تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان جايلارغا ئاپىرىپ، بەس - مۇنازىرىگە سېلىش ئۇنىڭ خىيالىنى يوقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر بۇ كېسەللىك يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن يوقالمىسا، ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللانماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ كېسەلنى داۋالاشتا پۇرسەت كېتىپ قالسا، مالىخۇلىيا ۋە جۇنۇن قاتارلىق كېسەللەرگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. شۇڭا، كېسەللىك ئادەتتىكى تەدبىرلەر بىلەن ساقايمىسا، ئەپيۇن، نەشە، ئىتياڭقى يىلتىزى قاتارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەر ئارقىلىق بىمارنى بىرنەچچە كۈن غەپلەتتە قالدۇرۇش كېرەك ۋە بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن مالىخۇلىيا كېسەللىكىنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش لازىم.

## ئون سەككىزىنچى پەسىل   كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش

**سدر ودوار**

**تونۇش:**

ئولتۇرۇپ قوپقاندا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش «سەدەر»، باش قېيىش «دەۋار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل كېسەللىكتە ئولتۇرۇپ قوپقاندا ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك مەلۇم بولىدۇ ۋە بارلىق نەرسىلەر قارا كۆرۈنىدۇ. بۇ كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا كۆپىنچە بىماردا باش قېيىش بىلەن تەڭ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ ھالەت تۇتقاقلىق ۋە تارتىشىپ قېلىش بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ.

**سەۋەبى:**

1. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنىڭ سەۋەبى: ① مېڭىدە قويۇق ۋە سوغۇق خىلىت توپلىشىۋېلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ؛ ② ئورۇلۇپ، سوقۇلۇش ياكى باش ئاغرىش سەۋەبىدىن بولىدۇ؛ ③ داۋاملىق يۈز بېرىدىغان قىزىتما تەسىرىدىن ھارارەت مېڭىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

2. باش قېيىشنىڭ سەۋەبى: ① ئورۇلۇش، سوقۇلۇش، تۇيۇقسىز قورقۇنچ پەيدا بولۇش، تۇيۇقسىز مېڭىگە ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق تېگىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن مېڭە خىزمىتىدە غىدىقلىنىش يۈز بېرىپ، باش قېيىش كېلىپ چىقىدۇ؛ ② مېڭە ئەتراپىدىكى تومۇرلاردا خىلىتلارنىڭ توپلىشىۋېلىپ، مېڭىدە بۇزۇق يەل پەيدا بولۇش ياكى ئاشقازان قورساق پەردىلىرى، يۈرەك، جىگەر، تال، سۈيدۈكلۈك، بالىياتقۇ، دىئافراگما قاتارلىق ئەزالاردىن بىرەرسىدىن ئۆرلىگەن بۇخارات مېڭىگە يېتىپ كېلىش سەۋەبىدىن مېڭە خىزمىتىدە غىدىقلىنىش يۈز بېرىپ، باش قېيىش كېلىپ چىقىدۇ.

3. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشنىڭ بىراقلا يۈز بېرىش سەۋەبى: بۇ ئىككى خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ بىراقلا مېڭىگە تەسىر قىلىشىدىن بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى كىشىلەردە قورساق بەك ئاچقاندا پەقەت باش قېيىشلا يۈز بېرىدۇ. يەنى بەك ئاچلىق سەۋەبىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچراپ، بۇ مېڭىگە تەسىر كۆرسىتىپ، مېڭە خىزمىتىدە غىدىقلىنىش بولۇپ، باش قېيىش كېلىپ چىقىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنى تەكشۈرۈشتە ئەگەر بۇ كېسەللىكتىن ئىلگىرى باشقا سوغۇق تېگىپ قېلىش ئەھۋالى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سوغۇق تېگىپ قالغانلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر سوغۇقلۇق تېگىپ قالغان ئەھۋال بولماي باش ئېغىر بولۇش، سەزگۈرلۈكى تۆۋەنلەپ كېتىش ۋە باشقا سوغۇقلۇق ئالامىتى بولسا، كېسەللىككە سەۋەبچى سوغۇق خىلتنىڭ مېڭىگە توپلىشىۋالغانلىقىدىن بولىدۇ.

باش قېيىشنى تەكشۈرۈشتە ئەگەر كېسەللىك داۋاملىق بىر خىل ھالەتتە بولۇپ، قورساقنىڭ ئاچ ـ توقلۇقى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا، بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بىماردا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغانلىق ياكى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغان نەرسىلەرگە قارىغانلىق، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ئەھۋالى ياكى بىرەر باش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تارىخى بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تاشقى ياكى ئىچكى ھارارەتنىڭ مېڭىگە يېتىپ قالغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭىگە غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ توپلىشىپ قالغانلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇلاقتا غەيرىي ئاۋاز ئاڭلىنىش، باش قېيىش ئېغىر، قىسقا ۋاقىت بولۇش، چۈشكۈرۈش كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ بۇزۇق يەل ياكى قىزىتمىلىق يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن چىرايىنىڭ رەڭگى، باشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى، تومۇر ھەرىكىتى، سۈيدۈكى ۋە ھەر خىل خىلتلارنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى، خىلىت تۈرى قاتارلىقلار ئېنىقلىنىدۇ. بۇلارنى ئېنىقلاش خىلتلىق مېڭە كېسەللىكى ۋە خىلتلىق باش ئاغرىقىنى ئېنىقلاشقا ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە باشقا ئەزا بىلەن شېرىكچىلىك مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالسا، شۇ ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار ئېنىقلىنىدۇ.

كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش سوزۇلمىغا ئۆزگىرىپ قالسا، تۇتقاقلىق كېسىلى (سەرئى) ۋە شوك (سەكتە) قا ئۆزگىرىپ قېلىش خەتىرى بولىدۇ. بەزىدە باش ئاغرىشتىن كېيىن باش قېيىش ئەھۋالى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا باش ئاغرىش توختايدۇ. بەزىدە

بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاشتا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئارتۇق خىلتنى تازىلاش، ئىمكانقەدەر سىڭىشلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىش، مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن چۈشكۈرتكۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك باشقا ئەزالارغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭ مەخسۇس دورىلىرى بىلەن مېڭىنىڭ دورىلىرى بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىن كۈچلەندۈرۈشمىز كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا كېسەللىكنىڭ قايتا قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

مېڭىدىكى غەيرىي تەبىئىي خىلتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن، پۇتۇن كۈچ بىلەن باشنى تاتىلاپ بېرىش، سىركە، ئادراسمان سۈيى ۋە لىمون سۈيى بىلەن باشنى يۇيۇش، چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ نامازشامگۈلىنىڭ يوپۇرمىقىنى سۈۋاش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرى ۋە قولاق غوڭۇلداش بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل يەلدىن بولغان بولسا، كىلىزما ۋە شامچىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر مېڭىدە غەيرىي تەبىئىي خىلت توپلىنىشۋالغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلت تازىلىنىدۇ ۋە مېڭىنىڭ خىلتلىق كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

كۆك يۇمغاقسۈت يالغۇز ياكى قورۇلغان بۇغداي بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. يېمەكلىككە مۇۋاپىق مىقداردا يۇمغاقسۈت سېلىپ بېرىلىدۇ. (ئەنتاكى)

ساپ سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ،

ھەر خىلدىكى باش قېيىشلاردا پات ـ پات كىلىزما ئىشلىتىپ تۇرۇش پايدىلىق.

ئادەتتىكى تەدبىرلەر بىلەن كېسەللىكتە يەڭگىللەش بولمىسا، ئايارەج جالىنۇس ۋە ئايارەج ئەركاغانىس يېگۈزۈلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئىترىفىل دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان نەرسىلەرگە قاراشتىن، ئۈستى تەرەپتىن ئاستى تەرەپكە قاراشتىن، يەل پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن، هاراق ئىچىشتىن قەتئىي چەكلىنىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشنى داۋالاشتا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشقا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتىدىن بولغان كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشنى داۋالاشتا بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلـ غان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. قان ۋە سەپرادىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

باش قېيىش ئەگەر باشنى قايدۇرغۇچى ۋە كۆچلۈك يورۇق نەرسىلەرگە قاراش ياكى ئېگىزدىن پەسكە قاراش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بىمارنى ئۇخلىتىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ ۋە چۇچۇمەل تەملىك، قابىز نەرسىلەرنى يېگۈزۈش، تەمرى ھىندى چىلانىمىسىنى ئىچكۈزۈش، نامازشامگۈلى، مەرزەنجۇش، يۇمغاقسۇت قاتارلىق قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىش ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن بولسا، ئاغرىق توختىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، خىلتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈل يېغىنى باشقا سۈۋاش، گۈل يېغى بىلەن بىنەپشە، كەتىرا تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋاش ۋە ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەدەن ئاجىزلىق ياكى باشقا بىرەر كېسەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن كېيىن قېپقالغان قالدۇق خىلىت تەسىرىدىن بولغان بولسا، مېڭە ئاجىزلىقى بولغاندا بادام مېغىزى شىرىسى بەش گرام، خەشخاش شىرىسى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارغا شېكەردىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، پەرەنجىمىشكى تالقىنىدىن يەتتە گرامنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە خېمىرى مەرۋايىت بىلەن مائۇللەھمى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئارپا ئۇنى ۋە يۇمغاقسۇتنى بىرلەشتۇرۇپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى بېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلەر مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

يۈرەك ئاجىز بولغان ھالەتتە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئامىلە مۇراببىاسى، ئالما مۇراببىاسى، بېھى مۇراببىاسى قاتارلىقلارغا تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈمۈش ياكى ئالتۇن ۋاراققا ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە مەرۋايىتنى يۇمشاق سوقۇپ، تۇرۇنجى شەربىتى، لىمون شەربىتى ياكى ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك خۇشاللاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇمشىتىش ۋە بەدەننى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر باش قېيىش ۋە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش كېسەللىكلىرى مېڭىگە تاشقى ياكى ئىچكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشتىن بولغان بولسا، ① ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە تەمرى ھىندى چىلانىمىسى، ئۆرۈك چىلانىمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سىركە ۋە ئەرقى گۈللەر ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە باشقا سۈۋىلىدۇ. ② يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىدىن يەتتە گرامنى سوقۇپ، شېكەر بىلەن بىرگە يېگۈزۈلىدۇ ياكى يۇمغاقسۇتنى بىر كېچە - كۈندۈز سىركىگە چىلاپ، سۈزۈپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ قورۇپ، بۇنىڭدىن 4 ~ 5 گرام ئېلىپ، تەڭ مىقداردا قەنت،

تەڭ مىقداردا شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەتتە كۈن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن بولغان بولسا، سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

قىزىتقۇچى، يۇمشاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك سۈۋالمىلارنى سۈۋاش، ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچى دورىلار ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا سۈلىرى بىلەن يۇيۇندۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئاقىرقەرھا، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۈزاپ سۈيى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

ھەببى بىلسان يالغۇز ھالەتتە ياكى مەتبۇخى ئەپسەنتىن ۋە ياكى سەبرە چىلانمىسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇد بىلسان، خولىنجان، ھىلىلە كابۇل، قەنتەرىيون، ئاچچىقتاۋۇز، ئۇستقۇدۇس قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنىڭ قايناتمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇمىيادىن 0.2 گرامنى ئاچچىق بادام يېغى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

گاۋزىبان يىلتىزى بىلەن چۈشكۈرتۈلىدۇ.

بىلسان يېغى باشقا سۈۋىلىدۇ. ئىكلىلمىلىك، سۆئەر، توغرىغۇ، ئاپپىلسىن شېخى قاتارلىق دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن باش يۇيۇلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان ھەرخىل سەۋەبلەر بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىششىنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار دموى

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مەتبۇخى ھىلىلە، مەتبۇخى پەۋاكىھ، مائۇل پەۋاكىھ قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنى ياكى خىيارشەنبەرنى يۇمشاق سوقۇپ، قىزىلگۈل شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئىسپىغۇل لۇئابى، چىلان شەربىتى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، زىرىق چىلانمىسى، ئەينۇلا چىلانمىسى، نىلۇپەر شەربىتى، سەندەل شەربىتى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

تەمرى ھىندى سۈيىدىن 36 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئانار سۈيىگە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سىركە بىلەن ئەرقى گۈل

بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «بۇ خىل كېسەللىكتە لىمون ۋە تەمرى ھىندى ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئامىلە، يۇمغاقسۇت، نېلۇپەر قاتارلىق دورىلارنى سۇغا چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇمغاقسۇت، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، بىر ھەپتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قان خىلتى بىلەن باشقا خىلتلار ئارىلاشقان بولسا ھەببى ئايارەج، سەبرە چىلانىسى، مەتبۇخى ھېلىلە، مەتبۇخ ئەفتىمۇن، ھەببى ئىستەمخىقۇن قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن قەنتەرىيون سۈيى ۋە ئاچچىقتاۋۇز قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك غار - غار سۇلىرى، چۈشكۈرتكۈچى دورىلار ۋە پۇراتمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

### 2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار صفراوى

بۇنىڭغا قارىتا خىلىت پىشقاندىن كېيىن سۈرۈش مەقسىتىدە ھەببى ھېلىلە يېگۈزۈلىدۇ.

تازىلاش ئۈچۈن سەبرە چىلانىسى، مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەتبۇخ ھېلىلە ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى سېرىق ھېلىلە پوستى 72 گرام، تەمرى ھىندى 48 گرام، سانا، قىزىلگۈل ھەر بىرىدىن 18 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئىككى كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ، 415 گرام قالغاندا سۈزۈپ، ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن تەمرى ھىندى سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئانار ئۈرۈقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۈرۈقى شىرىسى، نېلۇپەر شەربىتى ياكى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ياكى ئەينۇلا سۈيى گۈلاب بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

زەپەر چۈشكەن ئىترىفىل كەشنىز ئەرقى زىرىشىك بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

قىزىلگۈل، كونا سىركە، ھۆل بىنەپشە، نېلۇپەر قاتارلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ.

سەندەلنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن زىماد تەييارلاپ باشقا سۇۋىلىدۇ.

ھەكىم ئەنتاكى «گۈل بىنەپشە ۋە تەرەنجىبىن چۈشكەن مەتبۇخى ھېلىلە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

لىمون سۈيى ۋە لىمون شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىركەنجۇبىل ۋە ئىلمان سۇ بىلەن قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن چۇچۇمەل ئانار، بېھى، نامازشامگۈل سۈيى، غورا شەربىتى، سۇماق شەربىتى قاتارلىق دورىلاردىن بىرنى تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى بىنەپشىنى مەتبۇخى ھېلىلە بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى سېرىق ھېلىلە پوستىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سېرىقماي بىر ھەسسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، بىنەپشە شەربىتى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك مېڭە قاتلاملىرىدا ئىسسىق تەبىئەتلىك خىلتنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن بولسا، قارا ھېلىلە، سېرىق ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى ھەر بىرى 48 گرام، ئەپسەنتىن، قەنتەرىيون، غاپەس، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 14 گرام، ئۆرۈكى ئېلىنغان تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن ھەربىرى 72 گرام، ئەينۇلا، چىلان ھەربىرى 30 دانە، پىرسىياۋشان 18 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، غارىقۇن ئىككى گرام، تۇربۇت ئۈچ گرام، سوقمۇنىيا 0.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مەتبۇخقا ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بىر قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىر قېتىم ئىچىش بىلەن ئۈنۈمى بولمىسا بەش كۈن توختاتقاندىن كېيىن يەنە 2 ~ 3 قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق كېسەللىك ساقايمىسا، مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن شامچە قىلىنىدۇ ۋە خۇشپۇراق دورىلار ئارقىلىق چۈشكۈرتىمىز. ئەگەر بۇ تەدبىر-نىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا خەيرى يېغى، ئاق لەيلى سۈيى بىر ھەسسە، ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىر ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ كېسەللىك ياخشىلانمىسا، سوقۇلغان ئارپا، بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلى ئۆرۈقى، بىنەپشە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، قائىدە بويىچە ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ ۋە ئارپا نېنى داۋاملىق يېگۈزۈلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار بلغمى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ. ھەببى ئايارەج ياكى مەتبۇخى ئۇستۇقۇددۇس تۇربۇت چۈشكەن ۋە ياكى ھەببى قوقىيا ئارقىلىق مېڭە تازىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن مائۇلھەسەلگە قىچا ۋە ئاقىرقەرھا ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىز چايقاتقۇزۇ-لىدۇ ياكى ئايارەج پەيقارانى سىركەنجۇبىل ئەنسىلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىز چايقاتقۇزۇلى-

دۇ. كەچتە ئايارەج پەيقارا ياكى ھەببى سەبرە يېگۈزۈلىدۇ.
مېڭگە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىپار، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، سىيادان، مەرزەنجۇش، يەسمەن گۈلى قاتارلىق خۇش پۇراق دورىلار داۋالىق پۇرىتىلىدۇ.
بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، سۆئتەر، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە باش يۇيۇلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك چۈشكۈرتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.
ئىترىفىل سىغىر، ئىترىفىل ئەفتىمۇن، ئىترىفىل ئۇستۇقۇددۇس، دەبىدىل ۋەرد، ئاملە نۇشىدارى لۆئلۆئى قاتارلىق مۇرەككەپ دورىلار تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ.
خىلىتنى ئاستى تەرەپكە تارقىتىش ئۈچۈن كلىزما قىلىش پايدىلىق، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشىنى مۇناسىۋەتلىك ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
ئەگەر باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىش بەلغەم خىلتى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن بولغان بولسا، ئايارەج پەيقارا ئارقىلىق مېڭە ۋە مېڭە قان تومۇرلىرى تازىلىنىدۇ. سۈرگە ئۈچۈن ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقىيا بەرگەندىن كېيىن ئايارەج جالىنۇس ۋە ئايارەج ئەركاغانىس يېگۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن سىركەنجۇبىل، ئوشەق، جاۋاشىر، ئاق توغرىغۇ، سەبرە ھەر بىرى 25 گرام، گاۋزىبان يىلتىزى، زەپەر ھەر بىرى بىر گرام، پىلپىل، قارىمۇچ ھەربىرى 0.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مەرزەنجۇش سۈيىدە يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ئۇنىڭدىن 2 ～ 3 دانە ئېلىپ، مەرزەنجۇش سۈيى ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. (ساھىب كامىل)
غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش قېيىش ئۈچۈن ئىترىفىل سەغىر داۋاملىق يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇد ھىندى، رۇم بەديان، ئىپار ھەر بىرىدىن 0.5 گرام ئېلىپ سوقۇپ، كونا گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. (ئىبنى ئىلياس)
رۇم بەديان، بادرەنجى بۇيا ھەر بىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈيىگە ھەسەل گۈلقەنتى ئارىلاشتۇرۇپ، بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مادداپىشقاندىن كېيىن ھەببى شەبيار ۋە ھەببى ئايارەج ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.
باش قېيىش سوغۇق خىلىتتىن بولغان بولسا، دەسلەپتە ئىسسىق - سوغۇقلۇقى نورمال بولغان كلىزما ئارقىلىق كلىزما قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بىمارغا خۇش پۇراق، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ. خىلىتلار سوۋۇغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ ۋە باشتىكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى ئاستىغا تارتىش ئۈچۈن كلىزما ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بىرنەچچە كۈندە يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ھېچقانداق

پايدىسى بولمىسا باشتىكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلىغاندىن كېيىن بەدەندىن باش تەرەپكە بۇزۇق ماددىلارنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆرلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالدا 2 ~ 3 قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەرنى يېگۈزگەندىن كېيىن قۇندۇز قەھرى، ئىپار، ھەر بىرىدىن 120 مىللىگرام ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، قۇستە يېغى، ناردىن يېغى ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك دورىلارنىڭ قايناتمىسى بىلەن باش يۇيۇلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك سۈۋالما، چۈشكۈرتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن يەڭگىل كلىزمىلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەر ئارقىلىق باش تازىلىنىدۇ ۋە ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن قىچا، سىرىقچېچەك سۈيى، ھەسەل قاتارلىقلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايارەج تەلىخ يېگۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە داكىنى پىلتە قىلىپ بۇرۇنغا تىقىپ چۈشكۈرتۈش، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش، ئىسسىق سۇ ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ قايناتمىسى بىلەن باشنى يۇيۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېسەللىكنىڭ ئاسارىتى قېپقالغان بولسا، مۇۋاپىق مىقداردىكى مەستىكى يېغى، مەرزەنجۇش سۈيى، قۇستە يېغى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە باش ئوبدان مۇجۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىرەر چەكلىمە بولمىسا قىچىنى تالقان قىلىپ سىركە بىلەن زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

## 4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار سوداوی

ئالدى بىلەن سەۋدانىڭ پىشۇرغۇچىسى ياكى بادرەنجى بۇيا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، سۇ بىلەن قاينىتىپ، شېكەردىن 36 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت ۋە ئاقلانغان ماش ئېشى بادام مېغىزى شىرىسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

خىلىت پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن سەۋدانىڭ سۈرگىسىنى ياكى تەركىبىگە لاجۇۋەرد، ئاچچىقتاۋۇز، شاھتەررە، ئۇستۇقۇددۇس چۈشكەن مەتبۇخى ئەفتىمۇن تەييارلاپ ئىچكۈزۈپ، بەدەن تازىلىنىدۇ ياكى ھەببى لاجۇۋەرد ياكى تۇربۇت چۈشكەن مەتبۇخى ھېلىلە بېرىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، كۈچلۈكرەك بولغان تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەركىبىگە ئىپار، قۇندۇز قەھرى، مەرزەنجۇش، سىيادان چۈشكەن دورا سۈيى ئارقىلىق ئېغىز چايقاتقۇزۇش، بۇرۇنغا مۇناسىۋەتلىك تېمىت-

مىلارنى تېمىتىش، مۇناسىۋەتلىك پۇرىتىلمىلارنى پۇرىتىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئىترىفىل شاھتەررە ۋە ئىترىفىل ئەفتىمۇن بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 5. يەلدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار ريحي

يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكى ۋە باش ئاغرىشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

بەلغەم خىلىتىنى پىشۇرغۇچى ۋە سۈرگۈچى دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك مەجۇنات، پۇرىتىلما، بۇرۇن تېمىتمىلىرى، سۈيۈق سۈۋالما، باش يۇيۇش دورىلىرى، چۈشكۈرتۈش دورىلىرى، ھورلاندۇرۇش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئاقمۇچ، سەبرە، زەپەر، قۇندۇز قەھرى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، مەرزەنجۇش سۈيى ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، قىچا، قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قارا رەيھان سۈيى ۋە ئەنسىل سىركىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋاش، جۇڭگو چېيى، دارچىن، بەديان، لاچىندانە ھەربىرىدىن ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى 250 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاق شېكەردىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، زىرە، سۆئتەرنى ئەرقى بەديان بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 6. بۇخاراتتىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار بخاري

ئالدى بىلەن بۇخاراتنىڭ قايسى خىلىتتىن پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ، شۇ خىلىت تازىلىنىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك دورا سۈيى بىلەن باش يۇيۇلىدۇ.

قىزىتمىلىق بۇخاراتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى توختىتىش ئۈچۈن مەرزەنجۇش، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سەندەل قاتارلىق دورىلارنىڭ چىلانمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى كەشنىز، مۇپەررىھ بارىد، مۇپەررىھ كەشنىز قاتارلىق دورىلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق ۋە بۇ كېسەلدە تەبىئەتنى يۇمشىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

**7. باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:**

علاج سدر ودوار شركى

بۇ كېسەللىككە قارىتا باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشقا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق ھالدا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بەلغەم خىلتى ئاشقازاندا توپلىنىشقا ئۇچرىغان بولسا، ئالدى بىلەن سېرىقچېچەك ۋە تۇرۇپنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈيىگە ھەسەل ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھەببى ئايارەج، مەجۇنى خىيارشەنبەر، جاۋارىش سەپەرجىلى، جاۋارىش شەھرىيان، ھەببى قوقىيا قاتارلىق سۈرگە دورىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ، بىمار بەرداشلىق بېرەلىگۈچە ئىچى سۈرۈلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇدتۇ-رۇش، جاۋارىش ئەنبەر، ئىترىفىل كەشنىزى، ئامىلە نوشدارى لۆئلۆئى، شەربىتى ئۇد قاتارلىق ئاشقازاننى ۋە ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ياكى گۈلقەنتكە يەتتە گرام بەديان ياكى رۇم بەديان ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت شورپىسى بىلەن قىچا ئىچكۈزۈلىدۇ. زىرە، قارىمۇچ، خولىنجان ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

خىلتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن كۈچلۈك بولغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ، ئاشقازان تازىلانغاندىن كېيىن گۈلقەنتتىن 36 گرامغا مەستىكىدىن ئىككى گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ئىبنى ئىلياس تەبىرى «ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ئاشقازانغا توپلىنىشقا ئۇچرىغان خىلىت بەلغەم خىلتى بولسا مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەرنى ئىستې-مال قىلدۇرغاندىن كېيىن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىچكۈزىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ئاشقازاندا سەپرا خىلتى توپلىنىشقا ئۇچرىغان بولسا تەركىبىگە شاھتەررە قوشۇپ مەتبۇخى ھېلىلە ياكى سەبرە چىلانىسى ۋە ياكى مەتبۇخى مائۇلجەبىنگە شاھتەررە قوشۇپ ئىچكۈزۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تەبىرى «بۇ كېسەللىكتە كىلىزما ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىمىز ۋە چۇچۇمەل سىر-كەنجۇبىل ياكى ئارپا سۈيى، سىركە، قايناق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

تازىلاشتىن كېيىن ئانار ئۇرۇقى چىلانىسى، ھۇمماز شەربىتى، جاۋارىش تاباشىر، لىمون شەربىتى، تەمرى ھىندى شەربىتى، ئالما شەربىتى، ئۈزۈم شەربىتى، خېمىرى ئۇد تۇرۇش قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئامىلە مۇرابباسىغا تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈمۈش ياكى ئالتۇن ۋاراق بىلەن ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

لاچىندانە، كاسىنە ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايناق سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، جاۋارىش ئانارىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاشقازاننى سەپرا خىلتىدىن تازىلاش ئۈچۈن سەبرە چىلانىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئو- زۇقلاندۇرۇشتا غورا سۈيى، ئانار سۈيى، زىرىق سۈيى، ئەينۇلا سۈيى، سىمىزئوت سۈيى، پىننە سۈيى قاتارلىقلار بىلەن چۈجە گۆشى پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

قىزىلگۈل، سەندەل، ئەرقى گۈل، كاپۇر، نىلۇپەر قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ. مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەرقى گۈل، گۈل يېغى، سىركە قاتارلىقلار باشقا سۇۋىلىدۇ.

كۆز قاراڭغۇلىشىش ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولۇپ قورساق ئاچقاندا باش قېيىش بولسا، ئەتىگەن ناشتىدا بۇزۇق يەللەرنىڭ مېڭە تەرەپكە ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە مېۋىلەرنىڭ شەربەتلىرى بىلەن بىرنەچچە چىشلەم نان يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازاندىن باشقا بىرەر ئەزانىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشىدىن بولسا، شۇ ئەزا ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ تۈرىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا داۋالاش تەدبىرلىرىنى باشقا ئەزالار شېرىكچىلىكىدىكى مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

### 8. غىزادىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشنى داۋالاش:

علاج سدر ودوار غذائی

بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ كۆزى ۋە چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى يېمەك - ئىچمەكنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بىرگە بەدەن چېنىقتۇرماسلىق، يەللىك يېمەك- لىكلەرنى كۆپ يېگەنلىك سەۋەبىدىن بىر خىل بۇزۇق يەل تومۇر ۋە مۇسكۇل قاتلاملىرىغا توپلىنىشۋېلىشتىن بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 36 گرام، قىزىلگۈل 24 گرام، ئامىلە، چۈچۈكبۇيا ھەربىرى 12 گرام، شېكەرنى بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ھەممىنى يۇمشاق سوقۇپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈيۈپ، توققۇز گرامنى سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئامىل قويۇق يەل بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلىغاندىن كېيىن سۇفۇپى ۋەج (ئېگىر تالقىنى) ۋە ئېگىر مۇراباسى يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇق يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلە- رىنى داۋالاش بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر ئىشلىتىلىدۇ.

# ئون توققۇزىنچى پەسىل قارا بېسىش
## كابۇس

**تونۇش:**

بۇ، ئۇخلىغاندا يۈز بېرىدىغان كلىنىكىدا كۆكرىكىنى بىرەر نەرسە بېسىۋالغاندەك بولۇپ، نەپەس قىيىنلىشىش، ۋارقىرىماقچى بولۇپ توۋلاش، لېكىن ئاۋاز چىقماسلىق، مىدىرلىماقچى بولۇش، لېكىن مىدىرلىيالماسلىق ۋە مىدىرلىغان هامان ئويغىنىپ كېتىش، بوغۇلۇپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك، بەزىدە بۇ كېسەللىك ئويغاق ۋاقىتتا خىيالغا چۆكۈش جەريانىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. قارا بېسىشتىن كېيىن بىمار ناهايىتى بوشىشىپ كېتىدۇ.

**سەۋەبى:**

1. بۇ كېسەللىك بىمار ئۇخلىغاندا ياكى دەم ئالغاندا بەدەندىن مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن بىر خىل قويۇق يەلنىڭ مېڭىگە توپلىشىۋېلىشىدىن بولىدۇ. بۇ بۇزۇق يەل غەيرىي تەبىئىي قان، بەلغەم، سەۋدا خىلتىنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

2. ئۇخلىغاندا تۇيۇقسىز سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ.

3. هاراقنى كۆپ ئىچىش، سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش، تەنهەرىكەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىق، مۇنچىغا چۈشمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللاردىن پەيدا بولىدۇ.

4. مېڭە ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ھەر خىل خىلتلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىكى ئالامەتلىرىگە ئاساسەن كېسەللىكنىڭ قايسى خىلتتىن بولغانلىقىنى ئېنىقلاش بىلەن بىرگە باشقا سەۋەبلەرمۇ تەپسىلىي ئىگىلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

1. بارلىق قارا بېسىشلاردا مېڭىگە قۇۋۋەت يەتكۈزۈش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ۋە چۈشكۈرتۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

2. بۇ كېسەللىك بىرەر غەيرىي تەبىئىي خىلت سەۋەبىدىن بولغان بولسا پۈت مۇجۇپ بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن سانا 18 گرام، قارا هېلىلە يەتتە گرامنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە لاهور تۇزى ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن هېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، مەستىكى، دارچىن

ھەر بىرىدىن ئۈچ گىرام، تۇربۇت يەتتە گىرام، زەنجىۋىل 14 گىرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، كالا يېغى بىلەن ياغلاپ، 36 گىرام گۈلقەنت بىلەن بىرگە ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئون گىرام ئېلىپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇق يەلدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

تۆۋەندە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ھەرخىل سەۋەبلەر بويىچە داۋالاشنى تۇرگە بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ:

**1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش:**

علاج كابوس دموى

مەتبۇخى پەۋاكىھ ياكى مەتبۇخى ھېلىلە ئارقىلىق سۈرگە بېرىلىدۇ. ئۈزۈقلاندۇرۇشتا يېمەكلىكلەرنى ئاز - ئازدىن بېرىپ ۋە قاننى سۇيۇتقۇچى ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلەتكۈچى ئىچىملىكلەر مەسىلەن: ئەينۇلا سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيى، شاھتەررە سۈيى، بەديان سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىركە، ئەرقى گۈل، غورا شەربىتى قاتارلىقلار سوغۇق سۇ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەندەلنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ ياكى گۈل يېغى بىلەن سىركە سۈۋىلىدۇ ۋە كاپۇر، قىزىلگۈل، نىلۇپەر قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالما شەربىتى، ئىترىفىل كەشنىز بېرىلىدۇ ۋە توك ئۈزۈم سۈيى، سۇماق سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى شىرىسى، لاچىندانە شىرىسىنى زىرىق ۋە ئاچچىق ئانار سۈيى بىلەن چۈچۈمەللەشتۈرۈپ، تېتىتقۇدەك تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

**2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش:**

علاج كابوس بلغمى

سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقىنى سۇدا قاينىتىپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى باشقا تەدبىرلەر ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج يېگۈزۈش لازىم.

ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن غار - غار قىلدۇرۇش، چۈشكۈرتۈش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكى، تۇتقاقلىق كېسەل، شوك كېسەللىكىدە

قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر خىلىت بەك قويۇق بولسا ھەببى قوقىيا، ئايارەج لوغانىزيا يېگۈزۈلىدۇ.

ھەسەل گۈلقەنتى ۋە قىزىلگۈل قايناتمىسى بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن ئاقىر قەرھا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، قۇرۇق زۇپانى قايىنتىپ، ئىغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

سۇزاپ سۈيى، مەرزەنجۇش سۈيى، ئاچچىق بادام يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر گرام ئەتراپىدا بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

قىچا، ئاچچىقتاۋۇز، گاۋزىبان يىلتىزىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇزاپنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ۋە بادام يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇنغا تېمىتىپ چۈشكۈرتۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا بۇرۇندا ئېچىشىش كۆرۈلسە، ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ تېمىتىلىدۇ.

مەستىكى، رۇم بەديان، ئۇد ھىندى، شېكەرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۇمشىتىش زۆرۈر بولسا، جاۋارىش زەنجىۋىل ۋە جاۋارىش كۈمۈنى يېگۈزۈلىدۇ.

باشقا سىرىقچېچەك يېغى سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر يەنى قۇشقاچ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ، تەس ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. مۇۋاپىق تەنھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇلىدۇ.

## 3. غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش:

علاج کابوس سوداوی

خىلىتنى پىشۇرغاندىن كېيىن ھەببى ئەفتىمۇن، ھەببى لاجۇۋەرد، مەتبۇخى ئەفتىمۇن قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى ئارقىلىق قائىدە بويىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللانغان مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن خىلىتنى تەڭشەش، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە بۇزۇق يەللەرنى توسۇش ئۈچۈن ئىترىفىل شاھتەررە، ئىترىفىل ئەفتىمۇن ئۇستقۇددۇس ئەرقى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

بادرەنجى بۇيادىن ئون گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى نۇجاھ ۋە ئەرقى ھېلىلە مۇرەككەپ بېرىلىدۇ.

4. سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن بولغان قارا بېسىشنى داۋالاش:
علاج كابوس بارد

ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە قابىز ياغلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: مەستىكى يېغى، ئىزخىر يېغى، سۇزاپ يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلارنى ئىلمان قىلىپ باشقا سۈۋىلىدۇ.
بىدەنجىر مېغىزى، چىگىت مېغىزى، زاراۋزا مېغىزى ھەربىرى توققۇز گرام، لاھور تۇزى 60 گرام قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ، داكا خالتىغا سېلىپ، سۇزاپ يېغى بىلەن نەمدەپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.
ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش، قىزىتقۇچى سۇۋالمىلارنى سۇۋاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.
ئەگەر بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆرۈلسە قۇندۇز قەھرى پۇرىتىلىدۇ ۋە بالىلاردىكى ئايلىنىش كېسەللىكىگە ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.
دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:
بۇ كېسەللىكتە قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىش، سەمرىپ كېتىش، تاماق يېيىش جەريانىدا سۇ ئىچىش، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش، قىچا ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلاردىن قەتئىي چەكلىنىدۇ.

## يىگىرمىنچى پەسىل تۇتقاقلىق
صرع

تونۇش:
تۇتقاقلىق — كېسەل ئەزالارنىڭ ھېس سېزىمى ۋە ھەرىكەت پائالىيىتى نورمال بولمايدىغان، كلىنىكىدا پۇت ـ قول ئېغىرلىشىپ قېلىش ۋە كىرىشىپ قېلىش، تىترەش، ئېغىزدىن كۆپۈك ئېقىش، ھەتتا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ كېتىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىكتىن ئىبارەت. بۇ كېسەللىك بەزىدە قەرەللىك، بەزىدە قەرەلسىز يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەب مېڭىدە بولسا «سەرئى ئەسلىي (ئەسلىي تۇتقاقلىق)» ياكى «مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق» دەپ ئاتايمىز. بۇ كېسەللىك توغرىسىدا بەقرات «بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن» دەپ كۆرسەتكەن.
ئەگەر كېسەللىك ئومۇمىي بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا ئۇ «سەرئى شىرىكىي (باشقا ئەزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇتقاقلىق كېسەل)» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، كېسەللەنـ گەن ئەزانىڭ ئالامىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ.
ئەگەر كېسەللىك چايان ياكى يىلان قاتارلىق زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىشىدىن

كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى «سەرئى لەسئى (چېقىۋېلىش خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق)» دەپ ئاتايمىز.

**سەۋەبى:**

مېڭە قاتلاملىرىدىكى نېرۋا تالالىرى ۋە ھەرقايسى نېرۋا سىستېمىلىرىدا بىرەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت، يەل، قىزىتمىلىق بۇخارات، ناچار كەيپىيات قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن مېڭە ۋە نېرۋىلاردا تولۇق بولمىغان توسۇلۇش پەيدا بولۇپ، ھەرقايسى ئەزالارنىڭ خىزمە-تىگە تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدىن بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

تۇتقاقلىق كېسەلنى پەيدا قىلغۇچى خىلىت كۆپىنچە قويۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولىدۇ. بەزىدە سەۋدا خىلىتىنىڭ بەلغەم خىلىتىگە ئارىلاشقانلىقىدىن بولىدۇ. پەقەت سەپرا خىلىتى-دىنلا كېلىپ چىققىنى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

ئەگەر سەپرا خىلىتىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىپ، قان، بەلغەم، سەۋدا خىلىتىنىڭ بىرەرسىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلسا، تۇتقاقلىق كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بۇ كېسەللىك ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن سەۋدا ياكى بەلغەم خىلىتىغا قان خىلىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئالدى بىلەن كېسەللىكنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ئېنىقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك خىلىتىنىڭ قايسى ئەزادا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن خىلىتىنىڭ تۈرى ئېنىق-لىنىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ رەڭگى سېرىق ۋە كۆكىرىپ قالغان بولسا، قورساق ئېسىلگەندە ياكى ئاچچىقلانغاندا باش ئېغىر سېزىلىش، كېسەل تۇتتۇشتىن بۇرۇن بىمار غەمكىن، خامۇش كۆرۈنۈش ئەھۋاللىرى بولسا، بۇ بىمارنىڭ رەسمىي تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمار ئۇنتۇغاقلىق، قورقۇنچاقلىق، يۈرىكى سىقىلىش، چىدامسىزلىق، ئادەت-تىكى گەپلەرگە ئاچچىقلىنىش، كېسەللىكنىڭ تۇتۇشىنىڭ دەسلەپىدە ئېغىزدىن كۆپۈك ئېقىش، چىرايى ۋە كۆز مۇسكۇللىرى لىكىلداش، قول - پۇتى تىترەش، كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتىدا ئۇزۇن نەپەس ئېلىش، ئەزالار بوشىشىپ كېتىش، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بىر ھازاغىچە ئۇيقۇچان يۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يىقىلىپ چۈشۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش، چۈشكۈرتۈش، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش ئارقىلىق تېزلا ئەسلىگە كېلىش ئەھۋاللىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا نەپەس سىقىلىش، بەك بىئارام بولۇش، هوشسىزلىنىش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇش، بىمار هوشسىزلىنىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن نەپەسلىنىشى قالايمىقان بولۇش، چۈشكۈرتكۈچى، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇرىتىش ئارقىلىقمۇ دەرھال هوشىغا كەلمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر باش داۋاملىق ئېغىر بولۇش، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، ھەرىكىتى قالايمىقان بولۇش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش خىزمەتلىرىدە بۇزۇلۇش بولۇش، ئەقلى كەم، ئۇنتۇغاق بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ مېڭە مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بەدەننىڭ رەڭگى ئاق بولۇش، چىرايى ئۆڭگەن بولۇش، بەدىنى سېمىز، سۆيدۈكى قويۇق ھەم ئاق بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى ئاستا، قالايمىقان بولۇش، قاپىقى تارتىشىش، تىلىنىڭ ھەرىكىتى نورمالسىز، ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولۇش، تۇتقاقلىق كېسەل تۇتقان ۋاقىتدا ئېغىزدىن كۆپۈك چىقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇنتۇغاقلىق، زېھنى تۇتۇلۇش، بەدەن ۋە بېشى ئېغىر بولۇش، ئۇيقۇسى كۆپ ۋە قاتتىق بولۇش، بىمار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ خام ۋە سۇيۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ناھايىتى ئېغىر ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بەلغەمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە لېكىن ئۇيقۇ ئانچە كۆپ بولمىسا، بۇ كېسەللىكنىڭ تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چىرايى قارىغا مايىل كۆكۈش بولۇش، بەدىنى ئاجىز، ئېغىز، تىل ۋە بۇرنى قۇرۇق بولۇش، بىمارنىڭ كەيپىياتى يېقىمسىز بولۇش، كېسەل تۇتۇپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن مالىخولىيانىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش، خىيالپەرەسلىك، ئىككىلىنىش، يۈرەك سىلىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كۆز ۋە چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇش، تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ قېلىش، تومۇر ھەرىكىتى تېز ۋە چوڭ بولۇش، ھۆرۈن، سەزگۈرلۈكى ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كۆز ۋە چىرايىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، تۇتۇش ۋاقتى قىسقا بولۇش، بىئاراملىق ۋە ئاغرىق كۆپ بولۇش، تارتىشىش ئاز بولۇش، قىززىش ئەقىل ئېلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغانلىـ

قىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ئېغىزى لىكىلداش، كېسەللىك تۇتۇشتىن ئىلگىرى قول - پۇت تىترەش، ماغدۇرسىزلىنىش، كۆڭۈل ئاينىش، ئېغىزدىن پۇراقلىق شۆلگەي ئېقىش، بۇرۇن پۇتۇپ قېلىش، دەم سىقىلىش، خىرقىراپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ھالەتتە خىلتىنىڭ تۈرى بىلەن خىلتىنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر سېسىق كېكىرىش، قورساق كۆپۈش ۋە ئاغرىش، قورساق كوركىراش، قورساق پەردىلىرىدە ئېچىشىش، تاماقتىن كېيىن ئىككى تاماق ئوتتۇرىسى ئاغرىش بولۇپ، يېمەكلىك ھەزىم بولغانغا قەدەر ئاغرىق توختىماسلىق، قورساق ساھەسىدە بېسىلىش بولغاندەك ھېس قىلىش، ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەر قۇسۇش ئارقىلىق چىقىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ قورساق ساھەسىدىكى ئەزالار مەنبەلىك تۇتقاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولغان غەيرىي تەبىئىي خىلىت تۈرى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر جىگەر، تال، بالىياتقۇ، سۈيدۈكلۈك قاتارلىق مەخسۇس ئەزالارنىڭ بىرەرسىدە كېسەللىك يۈز بەرگەن بولسا ياكى چوڭ تەرەتتە پات - پات مەددە قۇرت چىقىپ تۇرسا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك تۇتۇشتىن ئىلگىرى بىمار سوغۇق تەگكەندەك ھېس قىلىپ، قول - پۇت تەرەپتىن مېڭە تەرەپكە چۇمۇلە ماڭغاندەك سېزىم بولۇش، كېسەللىك تۇتقاندا كۆزلىرى ئوچۇق ھالەتتە تۇرۇش، كۆزىگە ياش تولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى قارىداپ قېلىش، قول - پۇتى كىرىشىپ قېلىش، سۈيدۈك رەڭگى سېرىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ مۇچە خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق كېسىلى (سەرئى ئەترايى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى باشقا بىر نەرسە تەگكەن ياكى يىلان، چايان قاتارلىق زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئەھۋال بولسا، بۇ كېسەللىك ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇش خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق (سەرئى زەربى) ياكى چېقىۋېلىش خاراكتېرلىك (سەرئى لەسئى) تۇتقاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكتە مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق ياكى باشقا ئەزا شېرىكچىلىكىدىكى تۇتقاقلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

1. كېسەل تۇتقان ۋاقىتتىكى داۋالاش:

پاختا ياكى لۆڭگىنى يۆگەپ ئېغىزىغا تىقىپ قويۇش ئارقىلىق بىمارنىڭ تىلىنى چىشلىۋېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئېغىزنى ئاچقۇزۇش، ئەزالارنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشىش، بىمارنىڭ قول - پۇتىنى تۇتۇۋېلىش، قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشتىن قوغداش لازىم.

ھوشسىزلىقنى يوقاتقۇچى بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى، پۇراتما، چۈشكۈرتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، سەۋسەن يېغىغا توخۇنىڭ تۈكىنى چۆكۈرۈپ، ئايارەج پەيقاراغا چىلاپ، بىمارنىڭ گېلىغا تېمىتىش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ھەكىم ئىسكەندەر «باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ. بۇ مەقسەتتە بەزى تېۋىپلار تېرىق، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزگەن» دەپ كۆرسەتكەن.

تېرىق، قارا كۈنجۈت، بەزرۇلبەنجى، ئاچچىق قۇستە، چىگىت مېغىزى، ئىنەكپىتى ئۇرۇقى ھەر بىرى 72 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، خالتىغا سېلىپ قائىدە بويىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بويۇن ئومۇرتقىلىرىغا قۇستە يېغى، سىرىقچېچەك يېغى سۈۋىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى بىر گرام، ئۇدسەلىب، سۇزاپ ھەر بىرى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلار-دىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ پېشانىگە سۈۋىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا توغرىغۇنى يۇمشاق سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ.

يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن كېيىن قول - پۇتنى كۈچ بىلەن بېسىش ۋە مۇجۇش، باش ۋە قول - پۇتقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى قىچا سۇۋاش ۋە پۇت - بىلەكنى باغلاش، قول - پۇتقا بېدە سۇۋاش ۋە سىقىپ سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتىش ئۇستقۇددۇسنى بۇرۇنغا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئاچچىق قاپاق ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

مەرزەنجۇش سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

سىيادان ئىككى ھەسسە، نۆشۇدۇر يېرىم ھەسسە، سەبرە تۆت ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى كۈنجۈت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە تامچە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

قىزىل پىيازنىڭ سۈيى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە تېمىتىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا ئېرىتىلگەن مەرۋايىتنى بۇرۇنغا تېمىتىش ئارقىلىق تۇتقاقلىق كېسەلنىڭ داۋاملىق تۇتۇشىنى توختاتقىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاچچىقتاۋۇز، نۆشۇدۇر، سىيادان، گاۋزىبان يىلتىزى، پىلپىل، مۇرمەككى، پەرپە-يۇن، قۇندۇز قەھرى، زەنجۇبىل، ئۇستقۇددۇس، ئاقىرقەرھا قاتارلىق دورىلارنى يەككە

هالدا ياكى بىرلەشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە بۇرۇن تېمىتمىسى ياساپ تېمىتىلىدۇ.

ئۇد سەلب، جەدۋار ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى بەديانغا ئارىلاش-تۇرۇپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

ھىك، قۇندۇز قەھرى قاتارلىق دورىلارنى سىركەنجىۋىل ھەسلى ياكى سىركەنجىۋىل ئەمەلىي بىلەن ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

ئۇد ھىندى، بىنەپشە، ئەزپارى تېپنى كۆيدۇرۇپ، بىمار ئىسرىقلىنىدۇ.

سۇزاپ ياكى داۋائى مىشكى پۇرىتىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، قۇندۇز قەھرى، ھىك، گاۋزىبان يىلتىزىدىن بىرەرنى تالقان قىلىپ پۇرىتىلىدۇ.

2. كېسەللىكنىڭ تۇتۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى داۋالاش:

بىمار ھوشىغا كەلگەندە بىرنەچچە قېتىم خىلىت ئېتىبارى بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سىركە، تۇرۇپ سۈيى، سېرىقچېچەك، مائۇلھەسەل قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن قەي قىلدۇرۇشتا ھەددىدىن ئارتۇق بولۇشتىن ساقلى-نىش كېرەك. چۈنكى قەينىڭ كۆپ بولۇشى جىگەر مەنبەلىك تۇتقاقلىق ئۈچۈن زىيانلىق.

تازىلاشتىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك دورا سۈيى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇش ئارقىلىق مېڭە تازىلىنىدۇ ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن بىمارنى مۇۋاپىق ئارام ئالدۇرۇش ۋە مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇش-قا، مۇنچىغا چۈشۈرۈش، ئاچچىقسۇ، ئايارەج پەيقارا، سۆئتەر قاتارلىقلار بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇشقا ئوخشاش داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بەدەندىكى سۇيۇقلۇقنى يۇمشات-قۇچى ۋە ئاشقازاننى تازىلىغۇچى شەربەتلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: سىركەنجىۋىل ئەنسىلى قىش كۈنلىرى ئىسسىق سۇ بىلەن، ياز كۈنلىرى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەپسەنتىن شەربىتى ۋە سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى ئاقىرقەرھا، گۈلقەنت، جاۋارش ئۇد، مەجۇنى نۇجاھ داۋاملىق يېگۈزۈلىدۇ.

كۆكرەك، بويۇن، ئېغىزمان، ئومۇرتقا، ئىككى چېكە قاتارلىق ئەزالارغا كالا پاچىقى-نىڭ يىلىكى بىلەن گۈل يېغى سۈۋىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، ئۇد سەلب، ئىپار قاتارلىق دورىلار قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

چامغۇر سۈيىنى بادام يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

سىركەنجىۋىل بىلەن ھىڭ ئىچىدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئاقىرقەرھانى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. (ئىبنى

بەينار)

خەربەق قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلدۇرىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئوز ۋقلاندۇ- رۇشتا مايلىق ئاددىي تاماقلار بېرىلىدۇ.

گۆشگۆرت داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن تەرياقى زەھەب ياكى تۆۋەندىكى مەجۇن دورا بېرىلىدۇ، يەنى ئۇستقۇددۇس، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ھەر بىرى 36 گرام، سۇزاپ 24 گرام، غارىقۇن 18 گرام، زۇمرەت، ئەنبەر، ئىپار ھەر بىرى 25 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۇلدە قەنتنى قىيام قىلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، تۆت گرام ئېلىپ، مەتبۇخى ئەفتىمۇن ياكى ئۇزۇم سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىش، ھەزىم بۇزۇلۇش بەك ئىسسىپ ۋە سوۋۇپ كېتىش، چوڭ ھايۋانلارنىڭ گۆشى، بەك تاتلىق، مايلىق يېمەكلىكلەر، بارلىق ھۆل ۋە تەس سىڭىدىغان مېۋىلەر، چامغۇر، تۇرۇپ، سەۋزە، پىدىگەن، كاللا ـ پاچاق قاتارلىق بۇزۇق يەل پەيدا قىلغۇچى، ئۆتكۈر تەملىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، قورساق تويغۇزۇپلا ئۇخلاش قاتارلىقلاردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاشتا:

ئالدى بىلەن خەربەق، ئاچچىقتاۋۇز، سوقمونىيا، ئايارەجلەردىن ئاز مىقداردا ئېلىپ تالقانلاپ، مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن ئىچىپ، ھەر يىلدا بىرنەچچە قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالسا، قەنتەرىيون، ئاچچىقتاۋۇز، ئىنەكپىتى ئۇرۇقى تالقىنى بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

كېسەللىك ساقايغۇچە سۇرگە دورىلىرىنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بەرگەندىن كېيىن ئارىلاپ مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق ئېغىز چايقىغۇزۇش ۋە چۈشكۈرتۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق مېڭىنى داۋاملىق تازىلاش ئۇسۇللىرى قوللىنى- لىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتقۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى سۇۋالمىلار ئارقىلىق مېڭىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش كېرەك. بۇ مەقسەتتە قىچا باشقا سۇۋىلىدۇ. لېكىن بۇ تەدبىرلەرنى بىراقلا ئىشلەتمەستىن بەلكى قىزىتقۇچى ۋە تەڭشىگۈچى تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ھەببى قوقىيا ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە «يەسمەن يېغىدا قۇندۇز قەھرىنى ئېرىتىپ باشقا سۇۋاش

ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش، بابۇنە، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا سۇ ياكى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۇۋاش، خۇبسىل ھەدىد، سەۋسەن يېغى، يەسمەن يېغىنى بىرلەشتۇرۇپ باشقا سۇۋاش، تاماقتىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۇرۇپ بۇزۇق يەللەرنى چەكلەش ئۈچۈن تەركىبىگە ئۇد سەلب چۈشكەن دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

جاۋارىش مىشكى، مەجۇنى ئۇستقۇددۇس، ھەببى ئۇد سەلب قاتارلىق دورىلار داۋام-لىق ئىشلىتىپ بېرىلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى سەۋەبىگە ئاساسەن داۋالاش تۇرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ.

**1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:**

*علاج صرع دماغ بلغى*

بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىچى ئارقىلىق خىلتنى پىشۇرغاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۇر-گىسى ئۈچۈن ھەببى ئايارەج پەيقارا بېرىلىدۇ.

ھەكىم ئەلى شەرىپنىڭ داۋالاش قوللانمىسى بويىچە ئاۋۋال بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، ئۇستقۇددۇس، پىرسىياۋشان ھەر بىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، ئەنجۇر تۆت دانە، ئۇد سەلب بىر گرام، ھەسەل گۇلقەنتى 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. مادداپىشقانلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا رۇم بەدىيان، زەنجىۋىل، تۇربۇت، ئىزخىر چېچىكى ھەر بىرى تۆت گرام، سانا 12 گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخى تەييارلاپ، سۇرگە ئۈچۈن بېرىلىدۇ. لېكىن كېسەل تۇتقان كۈنلەردە سۇرگە بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بەزىدە سۇرگە ئۈچۈن بىستىپا-يەج بىلەن ھەببى نىل، ھەببى شەبيار، ھەببى ھېلىلە، ھەببى ئىسكەندەر، ھەببى پاۋانىيا قاتارلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن قالدۇق خىلتلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن دورا سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاش، چۈشكۈرتۈش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سۆئتەر، ئاقىرقەرھا قايناتمىلىرىدا ئايارەج پەيقارانى ئېرىتىپ، غار - غار قىلدۇرۇش، قارىمۇچ، گاۋزىبان يىلتىزى، ئىپار، ئۇد سەلب قاتارلىق دورىلارنى سۈيۈل-دۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىش.

ئۇستقۇددۇستىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىش، سەئدى ھىندىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىش، سەئدە ھىندىنى ئۆچكە سۈتىگە چىلاپ سۈزۈپ بۇرۇنغا تېمىتىش، ئۇستقۇددۇس، دارچىن ھەر

بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بورۇنغا پوركەش، ئۇد سەلىب، گاۋزىبان يىلتىزى ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بورۇنغا پوركۈش، ئاقىرقەرھا، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلاردىن پوركەلمە تەييارلاپ بورۇنغا پوركۈش، ئاق قىچا ۋە قارىمۇچتىن پوركەلمە تەييارلاپ بورۇنغا پوركۈش، قۇندۇز قەھرى ۋە قارىمۇچتىن پوركەلمە تەييارلاپ بورۇنغا پوركەش قاتارلىق تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

بەدەن ۋە مېڭىنى تازىلىغاندىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن مەجۇنى سىسالىيۇس، سىركەنجىۋىل ئەنسىلى، تەرياق زەھەب، ھەببى جۇندى، ھەببى زەھەب، مەجۇنى سەرئى، مەجۇنى مۇھەممەت زىكرىيا، مەجۇنى ئىبنى ماسەيە، ھەببى پاۋانىيا ئۇلۇغخان، مەجۇنى ئۇد سەلىب قاتارلىقلار تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇستۇقۇددۇسنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، گۈلبىنەپشە، پىرسىياۋشان، بەدىيان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇستۇقۇددۇسنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ، مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن پايدىلىق.

بادرەنجى بۇيا مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ ۋە تۇتقاقلىق كېسىلىنى داۋالايدۇ.

قەلەمپۇر، جوز، ئېگىر، ئۇد سەلىب، ئېگىر، زورەمبات، قۇندۇز قەھرى، ئاچچىق قۇستە ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركە، ئەنسىل، نارىن يېغى قاتارلىقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئازراق ئېلىپ بورۇنغا تېمىتىلىدۇ، تالقىنى باشقا سۈۋۈلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار قارىمۇچ، كاۋاۋچىن، جوز، پىلپىل، مەستىكى، شەترەنجى ھىندى، ئاقىرقەرھا قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئىتىياخقى غولىنىڭ سۈيى بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ھەر كۈنى بىر تالدىن يېگۈزۈلىدۇ. بۇۋاقىتتا چۇچۇمەل، يەللىك نەرسىلەر ۋە كۇنجۇت يېغىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن.

ئىترىفىل ئۇستۇقۇددۇس، داۋائى مىشكى تەلخى ۋە شېرىن، ھەببى ئىسھاق، مەجۇنى پولات، مەجۇنى قەيسەر، تەرياقى سامانىيە، تەرياقى شەيخۇررەئىس قاتارلىق مۇرەككەپ دورىلار تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ.

مەرزەنجۇش، پىننە، سۆئىتەر، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سىرىقچېچەك، ئۇستۇقۇددۇس، قارا رەيھان، ئۇد سەلىب قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، باشنى يۇيۇشقا بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، قۇشقاچ گۆشلىرى

يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى ئورنىدا مائۇلھەسەل، ئەرقى بادرەنجى بۇيا ئىچكۈزۈلىدۇ. تاماقتىن كېيىن بەديان 36 گرام، قاقىلە 24 گرام، ئۇد سەلب 18گرام، شېكەرنى بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۈفۇپ تەييارلاپ، توققۇز گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئىستەمخىقون ياكى ئاچچىقتاۋۇز، ئۇستقۇددۇس، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى بىر ھەسسە، ئايارەج پەيقارا تۆت ھەسسە، غارىقۇن ئىككى ھەسسە، تۇربۇت بەش ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆمىلاچ ياساپ بېرىلىدۇ. مەزكۇر سۈرگىنى ئىستېمال قىلىپ بولغاندىن كېيىن دورا سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ ۋە مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن تەرياقى ئەربەئە ياكى مەجۇنى سىنسالىيۇس بېرىلىدۇ (ئەبۇ سەھلى)

ئالدى بىلەن يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق يەنى تۇرۇپ، سېرىقچېچەك، پىننە قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىسىغا سىركەنجىۋىل ھەسلى ئارىلاشتۇرۇپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئىستەمخىقون ۋە ھەببى ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايارەج لوغانزىيا بېرىلىدۇ. بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئايارەج پەيقارا ياكى زۇپا، قىچا، سىركەنجىۋىل ھەسلى، سىركەنجىۋىل ئەنسىلى بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەر ئاخشىمى ئايارەج پەيقارا بىر گرام ياكى ھەر ئۈچ ئاخشامدا بىر قېتىم ئايارەج پەيقارادىن ئۈچ گرامنى يېگۈزسەك تازىلاش ئۈچۈن پايدىلىق.

ھەببى غارىقۇنمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. (جەرجانى)

بادرەنجى بۇيا، بەديان، سىنسالىيۇس ھەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، گۈلقەنتتىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا كەپتەر گۆشى زاراڭزا مېغىزى، دارچىن، نوقۇت قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. خىلىت پىشقانلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، ھەببى ئايارەج ئارقىلىق ياكى بىستىپايەج، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك ھەر بىرى 18 گرام، سۈزاپ ئۇرۇقى، بەديان ھەربىرى يەتتە گرام، ئاق تۇربۇت، توغرىغۇ ھەر بىرى ئۈچ گرام، شېكەر 48 گرام، كۈنجۈت يېغى 18 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە كلىزما تەييارلاپ، كلىزما قىلىش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەتبۇخى زۇپا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. لېكىن مەتبۇخى زۇپانى پەقەت قىش پەسلىدىلا ئىچىشكە بولىدۇ؛ ياز كۈنلىرى سىركەنجىۋىل ھەسلى بىلەن ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردا ياخشى ئۆزگىرىش پەيدا بولسا، ھەببى قوقىيا ۋە ھەببى ئىستەمخىقون ئارقىلىق كەينى ـ كەينىدىن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا ئايارەج جالىنۇس ۋە ئايارەج لوغانزىيا

بېرىلىدۇ.

زۇپا، قىچا، ئاقىرقەرھا، بىخ كەبىر پوستىنى قايىنىتىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر كۆچلۈكرەك نۇسخا كېرەك بولسا، سىركەنجۇبىل ئەنسىلىدىن 500 گرامغا تالقان قىلىنغان قىچىدىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق قايتا ـ قايتا قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

هورموس دېگەن تېۋىپ «مەجۇنى سىسالىيۇس بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناهايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەكىم ساھىب «مەجۇنى نۇجاھ، تەرياقى سەمانىيە، تەرياقى ئەرمانىيە ۋە سىركەنجىۋىل ئەنسىلى قاتارلىقلارنى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇپ تۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

مەجۇنى ۋەجمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

تۇتقاقلىق كېسىلى ھەرقانداق چارە ئارقىلىق يوقالمىسا، تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلىرىنى قوللانسا بولىدۇ: ئادراسمان ئۇرۇقىدىن 36 گرامنى قىزىل بۇقىنىڭ سۈيدۈكىگە چىلاپ قويۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سۈيدۈكنى تۆكۈۋېتىپ، ئادراسمان ئۇرۇقىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ تالقانلىنىدۇ. ئارچا مېۋىسى، ئىگىر ھەر بىرى 18 گرام، جاۋاشىر 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە بۇقىنىڭ سۈيدۈكىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر ئادراسمان ئۇرۇقى تالقىنىنى چىلاپ، ئەينەك قاچىغا قويۇپ، 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. بۇ جەرياندا دورا ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. 40 كۈندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئون گرام ئېلىپ، ئىلمان سۇ بىلەن ئىككى ھەپتە يېگۈزۈلىدۇ. (ئەلى ئىبنى زەببەن)

## 2. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع دماغ سوداوى

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتقا قارىتا مۇنزىج ئىشلىتىپ ئۇ خىلىت پىشقاندىن كېيىن ھەببى ئەفتىمۇن ۋە سەۋدانىڭ سۇرگىسى بېرىلىدۇ.

سەۋدانىڭ سۇرگىسى ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن، خەربەق، لاجۇۋەرد، ھەجرۇل ئەرمىنى، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەج، ھېلىلە بېرىلىدۇ. (شەيخ)

ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس، سەۋدا ۋە بەلغەمنى تازىلاپ، سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەل ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر سەۋدا خىلتى بىلەن بەلغەم خىلتى ئارىلاشقان بولسا، ساھىب كامىل ئىجاد قىلغان كۆمىلاچ يېگۈزۈلىدۇ (دورىنىڭ نۇسخىسى مۇچە مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسىلىدە

بېرىلدى) . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقىرقەرھا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، قىچا قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئاپپلىسىن سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن داۋائى مىشكى هار ياكى مۇپەررىھ جالىنۇس ۋە ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار مەسىلەن: مەجۇنى نۇجاھ، ئىترىفىل زەببى، سۇفۇپى رەۋەن قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تۆت گرام تەرياقى ئەردىز 36 گرام بادرەنجى بۇيا شەربىتى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بابۇنە يېغى، سۇزاپ يېغى، خەيرى يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

هۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە ياخشى خىلىت پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەر مەسىلەن: چۈجە گۆشى، سېمىز توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، ياغلىق شورپا، ئۇسۇڭ، كاسىنە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. بەدەننى مۇجۇش، مۇنچىغا چۈشۈرۈش، نورمال تەنھەرىكەت قىلدۇرۇش، مېڭىنى كۈچلەندۇرۇش ئۈچۈن ئىپار، قۇندۇز قەھرى، سىيادان قاتارلىقلارنى پۇرىتىپ چۈشكۈرتۈش، بابۇنە، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، ئىكلىلمىلىك قايىنىتىپ بېشىنى يۇيۇش، ئۇد سەلبنى يۇمشاق سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع دماغ دموى

چىلان، شاھتەررە، يۇمغاقسۇتلەرگە ئوخشاش هارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار ۋە چۈچۈمەل تەملىك مېۋە قىيامىلىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

چىلان بەش دانە، زىرىق 18 گرام، شاھتەررە، گۈل بىنەپشە، يەرلىك شوخلا ھەر بىرى تۆت گرام، ئەينۇلا، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە قاتارلىق دورىلارنى بىر كېچە سۇغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتكەن سۈزۈپ، نىلۇپەر شەربىتىدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر هارارەت يۇقىرى بولسا، بۇ نۇسخىغا ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇلىدۇ.

سىركە ۋە مۇناسىۋەتلىك ياغلار باشقا سۈۋىلىدۇ. سىركە بىلەن ئەرقى گۈل پۇرىتىلىدۇ.

قاننىڭ قايىنىتىشىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن مەتبۇخى ھېلىلە ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر سەۋدا بىلەن بەلغەم خىلتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولسا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان مالىخۇلىيا كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن دورىلار ئارقىلىق قائىدە بويىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە مېڭىنى كۈچلەندۇرۇشكە تىرىشىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سۇماق، ئانار، غوراب، ئۈزۈم ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. بىمار ئاجىز بولسا كەپتەر، كەكلىك، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ گۆشى كۆك يۇمغاقسۇت بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. يەيدىغان نېنىغا قۇرۇق يۇمغاقسۇت قوشۇپ بېرىلىدۇ. هاراق ئىچىش، تاتلىق ـ تۇرۇملەر ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، سۇت ۋە سۇت بىلەن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېيىش قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

*علاج صرع دماغ صفراوی*

بۇنىڭغا قارىتا سەپرا خىلىتىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئالدى بىلەن سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى نىلۇپەر شەربىتىدىن 24 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارغا هېلىلە كابىلى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، گاۋزىبان، كاسنە ئۇرۇقى، كاسنە يىلتىزى، قىزىلگۈل، هېلىلە كابىلى پوستى، قارا هېلىلە هەربىرى ئالتە گرام، چىلان يەتتە دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 15 دانە، ئەينۇلا، سەرپىستان هەر بىرى 20 دانە، تەمرى هىندى 36 گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، گۈلقەنت 48 گرام، سانا توققۇز گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى پەۋاكىھگە هېلىلە، شاھتەرە، ئەينۇلا، تەمرى هىندى، شىرخىست، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر قاتارلىق دورىلارنىڭ شىرنىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ ياكى سەبرە چىلانمىسى (نوقۇت سەبرە) بېرىلىدۇ.

سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى توسۇش ئۈچۈن لىمون شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، هۇممار شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى، قۇرسى تاباشىر مۇلەييىن، بېھى شەربىتى، ئالما شەربىتى قاتارلىقلار تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن هۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى پۇراقلار ۋە تېمىتىلمىلار ئىشلىتىلىدۇ. باشقا قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى سۈۋىلىدۇ. قايناق سۇ ياكى بۇغداي كېپىكىنى قاينىتىپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

مەتبۇخى ئەفتىمۇن، ئانار سۈيى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرنىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا تامىقىغا چۈچۈمەل نەرسىلەر قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئاقلانغان ماش، تەمرى

ھىندى ۋە بادام يېغى قاتارلىقلاردىن تاماق تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

5. زەخمىلىنىش ۋە مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع ضرب وسقط وذكائى حس دماغ

بۇ كېسەللىككە قارىتا زەخمىلىنىشتىن بولغان ياكى مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش-تىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك مېڭىگە قۇرت پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولسا، مېڭىگە قۇرت پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقىنى داۋالاش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

6. ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى ئومۇمىي داۋالاش:

علاج صرع معدى

بۇ كېسەللىكتە كېسەللىك تۇتۇشقا ئاز قالغاندا قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىبنىسىنا «ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسىلىدە تازىلاش ئۈچۈن ئاچچىقتاۋۇز ۋە ئۇستىقۇددۇس ھەممىدىن ياخشى. شۇڭا بۇ دورا بىر يىلدا بىر نەچچە قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ ۋە ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈ-چۈن كۆپرەك تىرىشىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭدا ئاشقازاننى بوش ھالەتتە تۇرغۇزۇش پايدىلىق» دەپ كۆرسەت-كەن.

7. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع معده بلغمى

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئىترىفىل سەغىر ئايارەج پەيقارا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئالدى بىلەن ئاشقازاننى بەلغەم خىلتىدىن تازىلىغۇچى دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇ-رۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازان ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەببى ئىستەمخى-قۇن، ھەببى قوقىيا، ھەببى ئايارەج قاتارلىق كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇ-رۇلىدۇ.

تۇربۇت چۆشكەن مەتبۇخى ئەپسەنتىن دىنار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس جاۋارىش مەستىكى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سېسىق كېكىرىپ قېلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. تولۇق تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر دانە ھېلىلە مۇراببasىغا مەستىكى، مۇدەپپەر قىلىنغان زىرىدىن 25 گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۈلدىن 250 مىللىلىتىرغا گۈلقەنتتىن 36 گرامنى قوشۇپ، مەزكۇر مۇراببا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سىركە 24 مىللىلىتىرنى ئەرقى بەديان 84 مىللىلىتىر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئۇد ئەرقى، گۇل گاۋزىباندىن بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 24 مىللىلىتىر سىركە ۋە 84 مىللىلىتىر ئەرقى بەديان بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولسا بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ داۋالاشنىڭ دەسلىپىدە تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن تۇزلانغان بېلىق، تۇرۇپ، قىچا قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقىنى قاينىتىپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن سىركە ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئوبدان ئىككى قېتىم قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى سىركەنجۇبىل ئەنسىلى، ئىسسىق سۇ، تۇرۇپ قايناتمىسى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ھەسەل، تۇز قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزۈپ، قەي قىلدۇرۇپ ئوبدان ئارام ئالدۇرۇلىدۇ ۋە سىركەنجۇبىل ئەنسىلى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ياخشى بولسا قىزىلگۈل، ئەپسەنتىن، سەۋسەن يىلتىزى، قارا ھېلىلە قاتارلىق دورىلارنى ئوبدان قاينىتىپ سۈزۈپ، ئايارەج پەيقارا، غارىقۇن ھەربىرى بەش گرام، تۇربۇت ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر مەتبۇخقا سېلىپ تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ ئىچكۈزۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، مۇدەپپەر قىلىنغان قاراخەربەق، ئەپسەنتىن، جىنتىيانا ھەربىرى بەش گرام، غارىقۇن يەتتە گرام، ئەپسەنتىن، نەمەك ھىندى، مۇدەپپەر قىلىنغان گاۋزىبان يىلتىزى، ئايارەج پەيقارا ھەربىرى ئۈچ گرام، قورۇلغان سوقمۇنيا ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۆتكۈر خىلدىكى ئەنسىل سىركىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئەينەك قاچىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ھىم ئېتىپ ئاپتاپتا قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈمىلاچ ياساپ، ئەھۋالغا قاراپ 9 ~ 14 گرام يېگۈزۈلىدۇ. بۇ كۈمىلاچ تەركىبىدىكى قارا خەربەق ئورنىغا ھەجرۇل ئەرمىنى ئارىلاشتۇرساقمۇ بولىدۇ. گاۋزىبان يىلتىزىنى مۇدەپپەر قىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: يەنى گاۋزىبان يىلتىزىنى بىر ھەپتە سىركىگە چىلاپ سۈزۈپ، ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ، پوستىنى قىرىۋەتكەندىن ناھايىتى يۇمشاق سوقۇلىدۇ. بۇ كۈمىلاچنى ئىستېمال قىلىشتىن ئىلگىرى ئاز دېگەندە بەش كۈنگىچە قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇش

لازىم ۋە بىمار بۇ دورىنى ئىستېمال قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا قەھۋە، نوقۇت ۋە ئاز مىقداردا سېرىقچېچەك قاتارلىقلار بىلەن تەييارلانغان شورپا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر كۆمىلاچ يېگۈزۈلىدۇ. دورىنى يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بەش كۈنگىچە پەرھىز قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەسرىدىتوس، ئايارەج ئەركاغانىس قاتارلىقلار بىمار-نىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېگۈزۈلىدۇ.

سەبرە، مۇرمەككى ھەربىرى ئون گىرام، سۇمبۇل، مەستىكى ھەربىرى ئۈچ گىرام، قەسبۇلزەرىرە يەتتە گىرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، نامازشامگۈل سۈيىنى كونا سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، قورساق ئۈدۈلىغا سۈۋىلىدۇ. ئەگەر ئۆتكۈررەك زىماد قىلىشقا توغرا كەلسە، يېلىم دورىلارنىڭ ئورنىغا توغرىغۇ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

### 8. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع معده سوداوی

سەۋدانىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق خىلىت تازىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايارەج پەيقىرا، يۇيۇلغان ھەجرول ئەرمىنى ھەر بىرى ئۈچ گىرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغىر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزسەكمۇ بولىدۇ.

ھېلىلە مۇرابباسىدىن بىر داننى كۆمۈش ۋاراقتا ئوراپ، تاباشىردىن بىر گىرامنى سوقۇپ، ئۈستىگە سېپىپ، ئۈچ گىرام لاچىندانە شىرىسى، 24 گىرام ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا بادرەنجى بۇيا، كاسىنە يىلتىزى پوستى، پىرسىياۋشان، ئۇستۇقۇددۇس ھەر بىرى تۆت گىرام، قىزىلگۈل ئالتە گىرام، ئۈزۈقسىز ئۈزۈم ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن لاچىندانە، مەستىكى ھەربىرىدىن ئىككى گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 120 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل، 60 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا شەربىتى 24 گىرام بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئاشقازان ئۈدۈلىغا سەندەلنى سوقۇپ، ئەرقى گۈلگە ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ئۇد ھىندى، سۇمبۇل، مەستىكى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈلگە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييار-لاپ سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، ئۆچكە گۆشى، ماش، بادام مېغىزى، پالەك، قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

**9. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:**
علاج صرع معده صفراوى

نوقۇت يارمىسى بىلەن ئېتىلگەن سۇيۇق شويلا ئىچكۈزگەندىن كېيىن سىرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى پوستى، قوغۇن يىلتىزى ھەربىرىدىن ئالتە گرام، 24 گرام ئاقلانغان ئارپا قاتارلىق دورىلارنى 1000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنى 36 گرام ئاش تۇزى، 60 مىللىلىتىر تۇرۇپ سۈيى، 48 مىللىلىتىر سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ھىلىلە مۇراببasىنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىپ، كۇمۇش ۋاراقچا ئوراپ، يۇمغاق-سۈت شىرىسى تۆت گرام، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى توققۇز گرام ۋە نىلۇپەر شەربىتى تۆت گرام بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى تەمرى ھىندى 48 گرام، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل كېپىكى ھەربىرى ئالتە گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل 360 مىللىلىتىر ۋە ئەرقى كەيىورە 120 مىللىلىتىرغا چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گرام ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى مۇراببا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سۈرگە ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ لېكىن چىلان، بىنەپشە، ئەينۇلا قاتارلىق ئاجىزلاشتۇرغۇچى دورىلاردىن ساقلىنىش كېرەك. سۈرگىدىن كېيىن بېھى شەربىتى، تاباشىر، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى بىلەن مىزاج تەڭشىلىدۇ. سېمىزئوت، ئوسۇك، سۆگەت شېخى قاتارلىق دورىلارنى سىركە بىلەن قاينىتىپ ياكى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، ئاشقازاننىڭ ئۇدۇلىغا سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئاچچىق، تاتلىق ئانارلارنىڭ سۈيىنى بىرلەشتۇرۇپ، نان چىلاپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۆچكە گۆشى تەمرى ھىندى، زىرىق، سۇماق، غورا، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ھەكىم گىلانى خان ساھىب «بىر ئايال ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى تۇتقاقلىق كېسىلى-گە گىرىپتار بولغانىدى. بۇ كېسەل يىل بويى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تۇتاتتى، كېسەللىك تۇتۇشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ ئاشقازىنىدا ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش ۋە بىر خىل مۇجۇش، كۆڭۈل ئاينىش ئالامىتى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئاشقازانغا قارىتا كۈچلۈك خىلدىكى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن قەي قىلىش ئارقىلىق چوڭ قاپاق ئۇرۇقىدەك قۇرتلار چىقتى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ ئايالنىڭ بەدىنىدە قارا ۋە قويۇق تۈكلەر پەيدا بولغانىدى، تازىلاشتىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ كېسەللىكىدە ياخشىلىنىش بولدى ۋە كېسەللىكنىڭ تۇتۇشى توختىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

**10. ئومۇمىي بەدەن مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:**

علاج صرع بدنی

ئەگەر كېسەللىك ئومۇمىي بەدەندىن مېڭىگە ئۆرلىگەن بۇخارات سەۋەبىدىن بولسا، بۇنىڭغا قارىتا بۇخاراتتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇل-لىرى قوللىنىلىدۇ ۋە قائىدە بويىچە غالىب كەلگەن خىلتنى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازان ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، بۇخاراتنى توختىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر غالىب كەلگەن خىلىت قان خىلتى بولسا، قاننىڭ هارارىتىنى تۆۋەنلەتكۈچى ۋە ئۇنى ياخشىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئېشىپ كەتكەن خىلىت بەلغەم خىلتى بولسا، كېسەللىك تۇتۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا قەي قىلدۇرۇلىدۇ. كېسەللىك هوشىغا كەلگەندىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ئۈچۈن هەببى ئايارەج بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسىلىدە ئىشلىتىلگەن مەجۇن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئېشىپ كەتكەن خىلىت سەۋدا ياكى سەپرا خىلتى بولسا، تازىلاش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن سەۋدا ۋە سەپرادىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسىلىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

**11. قورساق پەردىسى، تال، باليىاتقۇ، جىگەر مەنبەلىك تۇتقاقلىقنى داۋالاش:**

علاج صرع از سبب مراق و طحال و رحم و جگر

سەۋەب ئېتىبارى بىلەن ئەزالارنى تازىلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. بۇ مەقسەتتە مالىخۇلىيا مىراقى، تال كېسەللىكلىرى، هىستېرىيە، هەيز توسۇلۇش قاتار-لىقلاردا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

جىگەر مەنبەلىك تۇتقاقلىق كېسىلىدە هارارەت ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇنى توختىتىش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مائۇلجەبىن ياكى كاسىنە سۈيى، تەمرى هىندى شىرىسى، تەرەنجەبىن شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سوغۇقلۇق ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ تەسىرىدىن بولسا، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن جىگەر كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن قائىدە بويىچە داۋالاش ئېلىپ بارىمىز.

### 12. ئۈچەي مەنبەلىك تۈتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع معوى

ئۆتكۈر خىلدىكى سۇرگە ۋە كۇمىلاچلار ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۈچەي قۇرتى باپاندا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

### 13. مۇچىلەر مەنبەلىك تۈتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع اطرافى

مۇچىلەر مەنبەلىك تۈتقاقلىق كېسىلىدە بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج پەيقارا، ھەببى قوقىيا، ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج لوغانزىيا قاتارلىق دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. قىزىتقۇچى، يۇمشاتقۇچى يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. باشنى كۈچلەندۈرۈش ۋە قىزىتىش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ۋە سۇۋۇلمىلار سۈۋىلىدۇ.

كېسەللەنگەن مۇچىلەرنى قىزىتىش ئۈچۈن ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئوبدان مۇجۇپ بېرىلىدۇ. بەدەنجىر يېغىدىن ئون گرامنى مۇرەككەپ مائۇسۇل بىلەن ئىچكۈزۈش، باش ۋە شېرىك ئەزالارنى مۇجۇش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا مۇچىلەر شېرىكچىلىكىدىكى مېڭە كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر مۇچىلەر مەنبەلىك تۈتقاقلىق كېسەل بەلغەم ئارىلاشقان سەۋدا خىلتى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، تازىلاش ئۈچۈن ئاق تۇربۇت ئۈچ گرام، غارىقۇن ئىككى گرام، بىسفايەج، ئەفتىمۇن ھەر بىرى ئىككى گرام، سەبرە 2.5 گرام، قارا تاۋۇز، ئاچچىقتاۋۇز ھەر بىرى بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بادرەنجى بۇيا سۈيى بىلەن كۇمىلاچ ياساپ 7 ~ 10 گرام يېگۈزۈلىدۇ. (ساھىب كامىل)

### 14. زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىش خاراكتېرلىك تۈتقاقلىقنى داۋالاش:

علاج صرع لسعى

زەھەرلىنىش باپاندا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە بەدىيان يەتتە گرام، گۈلقەنتتىن 36 گرامنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، تەرياقى ئەربەئە بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

## 15. باللاردىكى تۇتقاقلىقنى داۋالاش:

صرع اطفال

باللاردىمۇ تۇتقاقلىق كېسەل كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ «ئۇممۇسسىبيان» دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن بەزى تېۋىپلار كۆيدۈرگۈچى تەپ بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن تۇتقاقلىق كېسەللىكىنى «ئۇممۇسبىيان» دەپ ئاتىغان.

بۇ كېسەللىك ھۆللۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، سۈت ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ ھەزىم بۇزۇلۇشى، گۆشكە ئوخشاش تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش، يىقىلىپ چۈشۈش، بىر نەرسە قاتتىق تېگىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

گىيلانى خان ساھىب «باللاردىكى تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ھۆل ئىسسىقتىن بولىدۇ. چۈنكى باللارنىڭ مىزاجى ھۆل ئىسسىق، ئۇنىڭ ھەزىم ئەزالىرى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن كۆپلەپ يەل پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە باللارنىڭ نېرۋىلىرى ناھايىتى يۇمشاق بولغاچقا، بۇ يەللەر ئاسانلا نېرۋىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن، بۇ كۆرسەتمە مېنىڭچە توغرا ئەمەس.

ساھىب كامىل «كىچىك باللاردا بۇ كېسەللىك (1) تەبىئىي شەكىلدە مېڭە مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ، كۆپىنچە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلىرىدە يۈز بېرىدۇ. (2) يېمەك - ئىچمەك ۋە داۋالاش تەدبىرلىرىنىڭ قالايمىقان بولۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بالا تۇغۇلۇپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. كۆپ ساندىكى باللار تۇتقاقلىق كېسىلىنى مۇۋاپىق داۋالىغاندا ئاسانلا ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

جامىئە دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «باللار تۇتقاقلىق كېسىلى كۆپرەك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولىدۇ ۋە ئاز ساندا غەيرىي تەبىئىي سەپرادىنمۇ بولىدۇ لېكىن بەزى بىلىمسىز تېۋىپلار سەپرادىن بولغان تۇتقاقلىقنى «ئۇممۇسسىبيان» دەپ ئاتاپ، بۇ كېسەللىك پەقەت سەپرادىنلا بولىدۇ دەپ قاراپ، سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلارنى بەك كۆپ قوللىنىپ، نۇرغۇن باللارنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، شۇڭا «زەفرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن باللار تۇتقاقلىق كېسەللىكىنى «ئۇممۇسسىبيان» يەنى سەپرادىن بولغان باللار تۇتقاقلىق كېسىلى دەپ قارىماسلىق، بەلكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر كۆزەتكەندىن كېيىن كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەب ۋە كېسەللىك خىلىتىنى ئېنىقلاپ، توغرا دىئاگنوز قويۇشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

نۇرغۇن تەتقىقاتچى تېۋىپلار «تۇتقاقلىق كېسەل ۋە ‹ئۇممۇسسىبيان› بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش. بۇ كېسەللىك ھۆل سوغۇق تەبىئەتتىكى قۇۋۋىتى ئاز يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش، روھىي كەيپىياتنىڭ قالايمىقان بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكنىڭ تۇتۇش ئارىلىقى ئۇزۇن بولۇپ، ئالدىنقىسىغا قارىغاندا باشقا ئالامەتلەر بىرقەدەر يەڭگىل بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ داۋالاشنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كېسەلنىڭ تېز ـ تېز تۇتۇشى كېسەلنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشقانلىقىنى، خەتەرلىك هالدا تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كېسەللىكتە بالىلاردا بىهوش بولۇش، قول ـ پۇتى كىرىشىپ قېلىش، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك تۇتقاندا بالىنىڭ قول ـ پۇتىنى تۇتۇۋېلىپ، قول ـ پۇتىنى قالايمىقان هەرىكەتلەندۈرۈشكە يول قويماسلىق، پۇتىنى لۆڭگە بىلەن ئۇۋۇلاش، يوتىنى چىڭ باغلاش، قۇندۇز قەهرى، سۈزاپ، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش قاتارلىقلارنى پۇردىتىش، تارتىشنى يوق قىلىش ئۈچۈن گۈل يېغى ياكى سېرىق ياغنى ئىلمان قىلىپ بەدەنگە سۈۋاشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن:

سەپرانىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، شىرخىست شىربىلىرى بىلەن تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. يەڭگىلرەك كلىزما ئىشلىتىلىدۇ ۋە تەرەنجىبىن شىربىسى، لىمون شەربىتى، گاۋزىبان ۋە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قايناتمىسىنى بېرىشمۇ پايدىلىق. (ساهىب شىفائۇل ئەسقام)

باشقا قىز تۇغقان ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى سۈۋاش، داكىنى چۆكۈرۈپ پېشانىگە قويۇش، بۇرۇنغا تېمىتىش پايدىلىق، بەك قىزىتقۇچى ۋە بەك سوۋۇتقۇچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا هۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر بالىنىڭ مىزاجى ۋە يېشىغا قاراپ قوللىنىلىدۇ.

مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان غەيرى تەبىئىي سەپرا خاراكتېرلىك كېسەللىكلىرى، غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەل بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

سۈت ئېمىتكۈچى ئايالغا يەڭگىل، سىڭىشلىق، هۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكى ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كۆرۈلسە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمىسا، يەڭگىل سۈرگۈچى دورىلارنى بېرىش ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. لېكىن غارىقۇن ۋە تۇربۇتقا ئوخشاش كۈچلۈكرەك دورىلارنى بەرمەسلىك كېرەك.

ئۇد سەلىب، ئاقىرقەرها، بىخ كەبىر پوستى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى هەر بىرى 0.5 گرام، خىيارشەنبەر ۋە گۈلقەنت هەر بىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى بەديان بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، سۈت ئەمگۈچى بالىغا ئىچكۈزۈش پايدىلىق.

ئۇندىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن قىزىلگۈل، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان، ئۇدسەلىب، بادرەنجى بۇيا، كاسنە يىلتىزى، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم هەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ

دورىلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر، سانا، تەرەنجىبىن، شىرخىستلارنىڭ شىرىلد-
رىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە بادام يېغى تېمىتىپ مەتبۇخ تەييارلاپ،
ئىلمان هالدا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولسا مەزكۇر مەتبۇخقا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى
قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ مەتبۇخنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئۇنۇمى ياخشى بولمىسا، مۇۋاپىق هالدا
شامچە ئىشلىتىلىدۇ، بەزى تېۋىپلار بۇ مەتبۇخقا هەببى سالاتىنمۇ ئارىلاشتۇرىدۇ.

هەببى سالاتىن ياكى رەۋەن ئۇسارىسى سۇتكە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن تېۋىپ
راقىم «يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىئەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن قۇندۇز قەهرى، ئۇد سەلب، ئىپار قاتارلىق قىزىتقۇ-
چى دورىلارنى ئانىنىڭ سۇتىدە ئېرىتىپ بېرىلىدۇ ۋە بالىنىڭ چېكە، قول - پۇت ئالىقانلى-
رى، تىرناق، باشلىرىغا سۇۋۇلىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن كۇندۇر، قۇندۇز قەهرى، سەبرە هەربىرىدىن تەڭ
مىقداردا ئېلىپ، بەدىيان سۇيى بىلەن ناهايىتى كىچىك كۇمىلاچ ياساپ، 1~3 دانىغىچە
ئېلىپ، ئانا سۇتى بىلەن ئېرىتىپ بېرىلىدۇ ياكى بۇ نۇسخىدىكى كۇندۇر ئورنىغا ئۇد
سەلب ۋە ئىپار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولسا، مۇۋاپىق مىقداردا
جوز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا مارجاننى ئوتتا قىزىتىپ، پېشانە بىلەن ئىككى قاش
ئارىلىقىنى داغلىسا دەرهال هوشىغا كېلىدۇ ۋە كېسەللىك قايتىلانمايدۇ. بەزى تېۋىپلار
مارجان ئورنىغا ئۆچكە مايىقى بىلەن داغلىغان.

پادى زەهرىنى هايۋان سۇتى ياكى قېتىق بىلەن ئېرىتىپ، ناهايىتى ئاز مىقداردا
ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇد سەلب ياكى كۆپۈكى دەريا بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ.

ئۇدسەلبتىن 0.5 گرام ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سېرىق هېلىلە پوستى، مۇدەببەر قىلىنغان تۇربۇت، پىننە هەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا
ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، سۇت ياكى سۇ ۋە ياكى بىرەر ئىسسىق تەبىئەتلىك ئەرەقلەرگە
ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ياشلىق بوۋاقلار ئۇچۇن بىر گرام، ئىككى ياشلىق بوۋاقلار ئۇچۇن
ئىككى گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ دورا بالىلار تۇتقاقلىق كېسىلى (ئۇممۇسسىبيان)
ئۇچۇن كەڭ قوللىنىلىدۇ.

ئىبنىسىنا «داۋائى تۇربۇت ئارقىلىقمۇ بۇ كېسەللىك ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپ كۆر-
سەتكەن.

ئاقىر قەرهانى يۇمشاق سوقۇپ تالقانلاپ، هەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، هەر كۇندە بىر
قوشۇق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىيادانىنى سىركىگە چىلاپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە، بالىلاردىكى تۇتقاقلىق ۋە بەدەن ئاجىزلىق ئۈچۈن پايدىلىق.

بالىلاردىكى تۇتقاقلىق كېسەللىكى ئۈچۈن سەپرادىن بولغان ئەھۋالدا ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ ۋە سۈت ئېمىتكۈچى ئايالغا سۈتىنى سوۋۇتقۇچى نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

بالىلاردىكى تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ ھەممىسى «ئومۇمۇسبيان» ئەمەس. شۇڭا بۇ كېسەللىكتە كېسەللىك ئالامىتىگە بەكرەك ئاساسلىنىشىمىز كېرەك.

بالا ئېمىتكۈچى ئايالغىمۇ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن چەكلىنىدۇ. بالا ئەتراپىدا يۇقىرى ئاۋاز چىقىشتىن قەتئىي چەكلىنىدۇ. (جەرجانى)

بەزىدە بالىلاردا قۇرۇقتىن بولغان تەشەننۇج (تارتىشىش) پەيدا بولىدۇ. خەلق ئىچىدە بۇنى بالىلار تۇتقاقلىق كېسىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىنەپشە يېغىنى ئىلمان قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن دورا سۈيى تەييارلاپ، بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە سۈت بىلەن بىنەپشە يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋاش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش، بىنەپشە يېغى ۋە ئىسپىغول لوئابىنى باشقا سۈۋاش، قەۋزىيەتلىك بولسا مۇسھىل ئىشلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. لېكىن سۈرگە ئىشلىتىشتە ئىچ سۈرۈشنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

بەقرات «بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى تۇتقاقلىق كېسەل پەيدا بولغان بولسا، ياشنىڭ چوڭىيىشى، داۋالاش تەدبىرلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە پەرۋىشنىڭ ياخشى بولۇشى، تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلاردىن كۆپىنچە كېسەللىك ئۈزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تۇتقاقلىق كېسەل داۋالاش ئارقىلىق يوقالمايدۇ. شۇڭا، بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆرۈلسە ھېچقانداق كۈچلۈك دورىلارنى بەرمەسلىك لازىم. چۈنكى ياش چوڭايغانسېرى ۋە ياشلىق دەۋرىگە يېقىنلاشقانسېرى بەدەندە ھارارەت كۆپىيىپ، مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈك ئۆزلىگەندىن يوقىلىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا داۋالاش ۋە پەرھىزگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇڭا بالا سۈت ئېمىۋاتقان بولسا سۈت ئېمىتكۈچىنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ياخشى ۋە مىزاجىنى قۇرۇق ئىسسىق تەرەپكە تارتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نورمال ھەرىكەت قىلدۇرۇش، توخۇ، كەپتەر، كەكلىك، پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرىنى قورۇپ، نوقۇت ئۈنى نېنى بىلەن بېرىش لازىم.

قىزىتىش ۋە سەمىرىتىش كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن رەيھان شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. بالىنىڭ ئانىسىنى ئېمىشى ياكى باشقا سۈتلەرنى ئىچىشىدىن، ياڭاق، زاغۇن، كەرەپشە، پىننە، بادرەنجى بۇيا، ئوسۇك، چامغۇر قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن ۋە ھەر خىل مېۋىلەردىن پەرھىز قىلدۇرىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

## يىگىرمە بىرىنچى پەسىل سەكتە (شوك)

سكتة

**تونۇش:**

بۇ مېڭە قان تومۇر ۋە روھ كانالچىلىرىدا تولۇق توسالغۇ پەيدا بولۇپ، سەزگۈرلۈك ۋە ھەرىكەت پۈتۈنلەي يوقىلىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بىمار قانداق ھالەتتە تۇرغان بولسا شۇ ھالەتتە قېتىپ قالىدۇ.

**سەۋەبى:**

مېڭە قان تومۇرى ۋە روھلارنىڭ ئۆتكۈنچى يوللىرىدا تولۇق توسالغۇ پەيدا بولغانلىقتىن، سەزگۈ، ھەرىكەت روھلىرى ئەزا تەرەپكە ۋە ھاياتلىق روھى مېڭە تەرەپكە يېتىپ بارالمايدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىك ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، كېسەل تۇتقان ۋاقىت بىمارنىڭ كۆزى ئوچۇق ھالەتتە بولسا ئوچۇق ھالەتتە، يۇمۇقلۇق ھالەتتە تۇتقان بولسا يۇمۇق ھالەتتە يەنى بىمار قانداق ھالەتتە بولغان بولسا شۇ ھالەتتە قېتىپ قالىدۇ.

بۇ كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا نەپەس سىستېمىسىدىمۇ خىزمەتتىن توختاش ياكى ئاجىزلىق بولسا نەپەسلىنىشتە بىرقەدەر قىيىنچىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئېغىزدىن كۆپۈك ئاقىدۇ ۋە ھىستېرىيە كېسىلىگە ئوخشاش نەپەس توختاپ قالغاندەك بولىدۇ ياكى خىرقىراش پەيدا بولىدۇ. لېكىن ھەممىدىن ئېغىر بولىدىغىنى نەپەس ئېنىق بولۇپ، كۆپۈكمۇ يوق، خىرقىراشمۇ يوق بولۇش بولۇپ، نەپەس بىماردا گالغا بىرەر نەرسە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ، دائىم ئىچكى تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ ۋە بۇرۇندىن سىرتقا چىقالمايدۇ. بۇنداق ھالەتتە بىمارنى ھەرقانچە قوغدىغان بولسىمۇ خەتەردىن خالىي بولالمايدۇ. (شەيخ)

سەكتە كېسەللىكى كۆپرەك ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلاردا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلاردا بولسا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ خىل سەكتە ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت بەدەننىڭ ئىككىلا تەرىپىدە بولسا، سەكتە كېسىلى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپتىلا بولسا، پالەچ كېسىلى پەيدا بولىدۇ. سەكتە كېسىلىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ئارقا مېڭىنىڭ ئىككىلا قېتىدا بولىدۇ.

سەكتە (شوك) كېسەللىكىدىكى توسالغۇلارنىڭ سەۋەبى مېڭە قان تومۇرلىرىغا قويۇق خىلىتلارنىڭ يىغىلىشىدىن ياكى توسۇپ قېلىش (ئىمتىلائ) سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىدە قاتتىق سوغۇق تېگىپ قېلىش ياكى يارىلىنىش سەۋەبىدىن بۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ ياكى بۇزۇق خىلىتلاردىن ئۆرلىگەن قىزىتمىنىڭ بۇغىلىرى ياكى بىرەر زەھەرلىك نەرسىلەر-

نىڭ مېڭە قان تومۇرلىرىدا يىغىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرى قان بېسىم سەۋەبىدىن مېڭىگە قان چۇشۇپ كېتىپ، مېڭە قان تومۇر ۋە روھلارنىڭ ئۆتكۈنچى يوللىرىدا توسۇلۇش بولۇپ، يۈرەكتىكى روھىي كۈچ مېڭىگە يېتىپ كېلەلمەي سەكتە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ «خەنناقى قەلبى (يۈرەك بوغۇلۇش)» دەپ ئاتىلىدۇ.

توشۇپ قېلىش (ئىمتىلائ) شىلىمشىق بەلغەم خىلتى، بەلغەم بىلەن سەۋدا خىلتىنىڭ ئارىلىشىشى ياكى قويۇق قان خىلتى ۋە ياكى سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ئىششىق پەيدا بولۇپ، مېڭە قان تومۇرلىرىدا توسۇلۇش ۋە ئىمتىلائىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدىن سەكتە پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر توسالغۇ پەقەت توشۇپ قېلىشتىنلا بولسا بۇ ئانچە ئېغىر ھېسابلانمايدۇ. ئىششىق تەسىرىدىن توسالغۇ پەيدا بولغان بولسا، بۇ ئېغىر ۋە خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئېغىر بولسا كېسەل ئاساسەن ساقايمايدۇ. يەڭگىلرەك بولسا داۋالاش قىيىن. (بۇقرات)

**تەكشۈرۈش:**

سەكتە (شوك) كېسەللىكى ئېغىر بولۇش سەۋەبىدىن نەپەس ئالغانلىقىنىمۇ سەزگىلى بولمايدۇ، كۆپۈكمۇ كەلمەيدۇ ۋە ياكى خىرقىراش بولمايدۇ ۋە تومۇر ھەرىكىتى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. ھەتتا بىمار ئۆلۈكتەك بولۇپ قالىدۇ. جالىنۇس «سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى بىمارنى ئەڭ ياخشىسى ئۆلدى دەپ قارىماي، 72 سائەت (ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز) تىن كېيىن ئاندىن دەپنە قىلىش لازىم. لېكىن كېسەللىك تۇتقان ۋاقىتتا بەدەن ئورۇقلاپ كەتكەن ياكى ئېسىلىپ (كۆپۈپ) قالغان بولسا، بىمار ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئالدى بىلەن سەكتە كېسەللىكى بولغانلىقىنى ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ ئايرىۋېلىش كېرەك.»

ئۇنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

يۇمشاق ئېتىلغان پاختا ياكى يۇڭ ۋە ياكى كەپتەرنىڭ يۇمشاق تۈكى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنى بىمارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە قويۇپ كۆزەتسەك، ئەگەر ئۇنىڭدا بىرەر ھەرىكەت پەيدا بولسا، بۇ بىمارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ھېچقانداق ھەرىكەت پەيدا بولمىسا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ياخشىسى ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ تىنىقىدىن ساقلاش كېرەك.

ئەگەر كۆزنىڭ قارىچۇقىدا بىرەر نەرسىنىڭ ئەكسى كۆرۈلسە تىرىك ئىكەنلىكىنى، كۆرۈنمىسە ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، بىمارنى ئوبدان تەكشۈرۈش ئۈچۈن

ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىمار سەكتە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان مەسىلەن: باش ئاغرىش، باش ئېغىرلىق، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداش، كۆزگە بىر نەرسە ئۇچۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنۈش، ھەرىكىتى ئاجىزلاش، ئومۇمىي بەدەندە مۇسكۇللار تارتىشىش، ئۇخلاۋېتىپ چىشىنى غۇچۇرلىتىش، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈش، قول - پۇتى سوۋۇپ تۇرۇش ۋە سارغىيىش، كۆك ئاسمان كۆزىگە قارىغا مايىل كۆرۈنۈش، سۈيدۈكى شىلىمشىق كېلىش ۋە چۆكمە بار - يوقلۇق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئېنىقلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مېڭىگە سوغۇقلۇق تېگىپ قېلىش ياكى باشقا ئۇرۇش، يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىش، باشقا بىرەر ئەزادا كېسەللىك يۈز بېرىش قاتارلىق ئەھۋاللار ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى مەۋجۇت بولسا، سەكتە كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى مېڭە ياللۇغى بولىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولسا چىرايى، كۆزى، ئېغىز، بۇرۇننى ئوبدان كۆزىتىش كېرەك مەسىلەن: چىراي ۋە ئۈزىنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى جىگەر رەڭ بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بويۇن تومۇرلىرى توم ۋە توشۇپ كەتكەن بولسا ۋە پېشانە تەرلەۋاتقان بولۇپ نەپەسلىنىشتە خىرقىراش بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قان خىلتى ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ قان خىلتى مەنبەلىك سەكتە (سەكتەدە مەۋى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇپ، خەفەقان ئالامىتى كۆرۈلسە ھەم سەۋدا خىلتى ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، بۇ سەۋدا خىلتىدىن بولغان سەكتە (سەكتە سەۋداۋى) بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ رەڭگى ئاق، بەدىنى ئورۇق، ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ ئاقىدىغان ۋە بۇرۇن بوشلۇقى دائىم ھۆل تۇرىدىغان بولسا، بۇ بەلغەم خىلتىدىن بولغان سەكتە (سەكتە بەلغىمى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرگە ئاساسەن ئۇلارنى تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى بايان قىلىمىز.

### 1. غەيرى تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:

علاج سکتهٔ بلغمی

ئىمكانقەدەر بىمارنىڭ ئېغىزىنى ئاچقۇزۇش، توخۇنىڭ پېيىنى سەۋسەن يېغى ياكى زەيتۇن يېغى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ياغلار بىلەن ھۆل قىلىپ، ئايارەج پەيقاراغا (سەبرە) پۇچىلاپ، بىمارنىڭ گېلىغا تىقىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ ياكى سىرىقچېچەك، گاۋزىبان

يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ھەسەل ياكى تۇزغا ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزغا قويۇپ، ئۇستىدىن توخۇنىڭ پېيىنى تىقىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر چىشلىرى كىرىشىپ قالغان بولسا داكىنى قاتلاپ ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ قويۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەسرىدىتوس ياكى تەرياقى پارۇق، تەرياقى ئەربەئە، مائۇلئۇسۇل ياكى رۇم بەديان، دارچىن، قاقىلە، لاچىندانە، بەديان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، ھەسەل گۇلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

داۋائى مىشكى ئەرقى بادرەنجى بۇيا ۋە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

بىر گرام ھىڭنى مائۇلھەسەل بىلەن ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

ئىككى پاچاق ۋە بىلەكلەر قەلەمپۇر يېغى بىلەن ئوبدان ياغلىنىدۇ. تاپاننى مۇجۇش ۋە كۈچ بىلەن بېسىش لازىم.

قەنتەريون سەغىر، ئاچچىقتاۋۇز، پەرپىيۇنلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئارىلاش-تۇرۇپ كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

گاۋزىبان يىلتىزى، پەرپىيۇن، قۇندۇز قەھرى، قەلەمپۇر، پىياز، سۈزاپ پۇرىتىلى-دۇ.

قۇندۇز قەھرىنى سوغۇق سۇ بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن داكىنى نەمدەپ، بىمار-نىڭ بۇرنىغا يېقىن قويۇلىدۇ.

قارىمۇچ، ئاقمۇچ، قارا خەربەق ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا سوقۇپ ياكى گاۋزىبان يىلتىزى، سىيادان، قارىمۇچ، قۇندۇزقەھرى، خەربەق قاتارلىقلارنى سوقۇپ، بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ.

باشنى قىزىتىش ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تارقاتقۇچى مۇناسىۋەتلىك سۈۋالمى-لار سۈۋىلىدۇ.

سۈزاپ سۈيى ۋە مەرزەنجۇش سۈيى يالغۇز ھالەتتە ياكى بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا تېمىتى-لىدۇ ياكى ئۇدسەلب گۈل يېغى، مەغەز گۈلى يېغى قاتارلىقلار بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ۋە ياكى سامساق سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

گاۋزىبان يىلتىزى، ئاق تۇغرىغۇ، سەبرە سۇقۇترى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، چامغۇر سۈيى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، دارچىن، سۇمبۇل تىب قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بابۇنە يېغى ۋە خىنە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

سۇمبۇل تىب، ئاقىرقەرھا، ھىندى تۇزى، تېرىق قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ باش ساھەسىگە تېڭىپ قويۇلىدۇ ۋە شۇ دورىلارنى قىزىتىپ ئۇ دورىلار ئارقىلىق باشقا

ئىسسىتىپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۇڭ رەخت ياكى خام كېسەكنى قىزىتىپ، باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە يۇڭ رەختتىن باش كىيىم ياساپ، چاچنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە قىزىتىپ كىيگۈزۈلىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، گاۋزىبان يىلتىزى، زەنجىۋىل، سىيادان، قەلەمپۇر، قاقىلە، ئاقىرقەرھا قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كونا سىركە بىلەن باشقا سۈۋىلىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ قىزىل قىچا، پەرپىيۇن، شەترەنجى ھىندى، ئەنجۇر ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سىركە بىلەن قايىنتىپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

ھەكىم ئۇلۇغخان ئىجاد قىلغان تۆۋەندىكى سۈۋالمىلار سۈۋىلىدۇ، يەنى گۈل سەۋسەن، قۇندۇز قەھرى، جوزبۇۋا، قىچا، سىيادان، قارىمۇچ، ئاقىرقەرھا قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەنسىل سىركىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، چاچنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن باش ۋە بۇلۇننىڭ باشلىنىش تەرىپىگە سۈۋىلىدۇ.

قەي قىلدۇرۇش، كلىزما قىلىش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ھوشىغا كەلمىسە چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، قەلەمپۇر، سامساق قاتارلىق غىدىقلىغۇچى (ھەرىكەتلەندۈرگۈچى) دورىلار ئارقىلىق سۈۋالما تەييارلاپ، باشقا سۈۋاپ، يۇڭ رەخت بىلەن ياسالغان باش كىيىمنى كىيگۈزۈپ، ئۈستىدىن تېڭىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاز مىقداردا سىماب ياكى غىدىقلىغۇچى دورىلاردىن ھەببى سالاتىنغا ئوخشاش دورىلارنى سۇغا چىلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بىرنەچچە يەردىن ئازراق تىلىۋېتىپ، ئاق پارپىنى ئادەم سۈيدۈكىگە چىلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، بەرەنجاسىپ، ئېگىر، بابۇنە، سۇزاپ قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، قۇستە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، باش ۋە ئومۇرتقىغا سۈۋىلىدۇ ۋە پىسەپلىرى چېكىگە تېڭىلىدۇ.

تازىلانغان گۈڭگۈرتنى سىركە ياكى زەنبەق يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە ياكى نارجىل يېغىغا پەرپىيۇن ۋە قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈۋىلىدۇ.

باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە سۇزاپ يېغى، سەۋسەن يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارغا موم ئارىلاشتۇرۇپ، بويۇن ۋە ئېغىزمان ئومۇرتقىلىرىغا ئىسسىق ھالدا سۈۋىلىدۇ.

ئايارەج پەيقىرانى سەۋسەن يېغى بىلەن نەمدەپ مەقئەتكە سۈۋىلىدۇ. (سۇلتان مۇرات)

بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بىر گرام قۇندۇز قەھرى، ئىككى گرام زىراۋەندى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ ۋە مائۇلھەسەل

ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى مەستىكى، جەدۋار چىنى، قۇندۇز قەھرىنى تالقانلاپ ئىستېمال قىلدۇ-رۇلىدۇ.

تەرياقى كەبىر ياكى مەسرىدىتوس ۋە ياكى تەرياقى زەھەپتىن 2 ~ 3 گرام، رۇم بەديان، بەديان، قارا زىرە، مەستىكى ۋە ھەسەل قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ۋە باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇۋالمىلار سۇۋىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەلغەمنىڭ پىشۇرغۇچىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ تۆتىنچى ياكى يەتتىنچى ۋە ياكى 14 - كۈنى بەلغەمنى سۈرۈش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج بېرىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا ئىككىنچى قېتىم ھەببى مەنتىن ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى لوغانىزىيانى ئاخشىمى يېگۈزۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە مەتبۇخى ئۇستقۇددۇس ئىچكۈزۈلىدۇ، خىلىت ۋە كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى 4 ~ 5 كۈن ئېلىپ بارغاندىن كېيىن غار - غار قىلدۇرۇش، دورا سۈيى بىلەن باشنى يۇيۇش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئاش تۇزى، چىگىت مېغىزى، تېرىق ھەر بىرى 24 گرام، بەسباسە 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ، خالتىغا سېلىپ، قائىدە بويىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئىكلىلمىلىك، بابۇنە، بادرەنجى بۇيا يىلتىزى، ئاقىرقەرھا، سۆئتەر، جوز، ئۆشبە ھەر بىرىدىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ. ئاندىن مۇبارەك يېغى سۈۋىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى بىر گرام، ھۆل رەيھان سۈيى ئۈچ مىللىلىتىر، زەپەر يېغىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، قىچا، ئايارەج پەيقارا ۋە سىركەنجۇبىل ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن تەرياقى پارۇق ياكى مەسرىدىتوس ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تۆت گرام ھىڭ ياكى ئۈچ گرام قۇندۇز قەھرى مائۇلھەسەل بىلەن ئېرىتىپ بېرىلىدۇ.

ئىترىفىل سەغىر ئۇستقۇددۇس ۋە ئايارەج پەيقاراغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

مۇكەممەل تازىلاش ۋە ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن 14 - كۈنىگىچە كەرەپشە يىلتىزى، بىخ كەبىر، بەديان يىلتىزى پوستى، كاسنە يىلتىزى پوستى ھەر بىرى يەتتە گرام، ئۇستقۇددۇس، بەديان، ئىزخىر ھەر بىرى تۆت گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، مۇرەككەپ بىدەنجىر يېغى ھەربىرى توققۇز گرام، گۈلقەنتتىن 48 گرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە مائۇلئۇسۇل تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھەپتىدە 1 ~ 2 قېتىم ئايارەج ياكى ھەببى قوقىيا يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، كەپتەر، كەكلىك، قۇشقاچ گۆشلىرىنىڭ شورپىلىرىغا قارىمۇچ، دارچىن، سۆئتەر، قەلەمپۇر، لاچىندانىنى كۆپرەك سېلىپ، نان بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا مائۇلھەسەل، ئەرقى بەديان، ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئايارەج روپەس قاتارلىق چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە پالەچ كېسەللىكىنىمۇ داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى سەكتە كېسەللىكىدە كۆپرەك پالەچ كېسەللىكىنىڭ خەتىرى بولىدۇ.

**2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:**
علاج سكتة دموى

بۇنىڭدا چېكە تومۇر ۋە ئىككى قولدىن قان ئېلىش بىلەن بىرگە پاچاق ۋە بىلەكنى چىڭ باغلاش، تاپاننى مەھكەم مۇجۇش، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قايناتقىپ سۈزۈپ، لىمون شەربىتى ياكى تەرەنجىبىن بىلەن ئەرقى گاۋزىبان ئارىلاشتۇرۇپ گالغا تېمىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى كلىزما، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر كلىزما ئىشلىتىش لازىم. بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى بىنەپشە بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن مۆتىدىل خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە باشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈل يېغى، بابۇنە يېغى ۋە سىركە باشقا سۈۋىلىدۇ. سەندەل، ئەرقى گۈل، سىركە پۇرىتىلىدۇ ۋە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاخىرىدا قاننىڭ قويۇقلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن گۈلقەنتنى ئەرقى بەديان ۋە ئەرقى گاۋزىباندا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش، ئۇد ھىندى ۋە مەستىكىنى قايناتقىپ، گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، جاۋارىش زەنجىۋىل ياكى جاۋارىش مەستىكىنى داۋاملىق يېگۈزۈش لازىم. ئەگەر زۆرۈر بولسا كلىزما ئىشلىتىلىدۇ.

بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن تامىقىغا ئىنتايىن سىڭىشلىق بولغان ئۇزۇقلۇقلار بېرىلىدۇ يەنى بىرنەچچە كۈن ئارپا سۈيى، بادام مېغىزى، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنى قايناق سۇغا چىلاپ بېرىش يېتەرلىك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا نوقۇت سۈيى، توخۇ، كەكلىك، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ.

بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھەببى بىنەپشە توققۇز گرام ئەرقى شاھتەررە بىلەن ئاخشىمى يېگۈزۈلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەن تۆۋەندىكى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ: يەنى شاھتەررە، يەرلىك شوخلا، بىنەپشە، قىزىلگۈل ھەربىرى يەتتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام، قارىئۆرۈك بەش دانە قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا ھەربىرىنى 250 مىللىلىتىردىن ئېلىپ چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەن قايناتقىپ سۈزۈپ، خىيارشەنبەر 72 گرام، شىرخىست، گۈلقەنت ھەربىرى 36 گرام، سانا 48 گرام، قارا ھېلىلە

چۈشكەن قىزىلگۈل شەربىتى 24 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گۇل ۋە ئەرقى شاھتەررە بېرىلىدۇ. چۈشلۈكى نوقۇت شورپىسى، ئاخشىمى توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن پىشۇرۇلغان شويلا بېرىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن گۇل گاۋزىبان، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، كاكىنەج ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گاۋزىبان ھەر بىرى 72 مىلىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، بىنەپشە شەربىتى ياكى گاۋزىبان شەربىتى 48 گرام ۋە سوقۇلغان پەرەنجمۇشكىدىن يەتتە گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. 3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن قاننى ياخشىلىغۇچى ۋە تەڭشىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:

علاج سكتہ سوداوى

بۇنىڭدا نورمال بولغان (مۆتىدىل) كلىزمىلار ئارقىلىق سەۋدا خىلتىنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم. بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سەۋدا خىلتىدىن بولغان تۇتقاقلىقنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ۋە تەبىئىي ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر تەملىك نەرسىلەردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ ئارىلىشىشىدىن بولغان بولسا، نورمال كلىزما ئىشلەتكەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي قان ۋە بەلغەم خىلتىدىن بولغان سەكتە ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان تۇتقاقلىقنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

### 4. ئۇرۇلۇش، يىقىلىشتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:

علاج سكتہ ضرب و سقطى

بۇنىڭغا قارىتا ئۇرۇلۇش، يىقىلىشتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىگە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا پېشانىدىن قان ئېلىنىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك كلىزمىلار ئارقىلىق كلىزما قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا مېڭىنى قىزىتىش ۋە خىلتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ.

ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قول - پۇتنى تومراق تانا بىلەن باغلاش، ياپىلاق ياغاچ ياكى تاسما بىلەن ئالىقان ۋە باشقا ئۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل سەكتە ئادەتتە قىزىتمىدىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا قىزىتمىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل

بولۇش لازىم.

ئوردان، زەرچۆە، ئۇستقۇددۇس، مەستىكى ھەربىرى توققۇز گرام، قۇندۇز قەھرى ياكى زىراۋەند تەۋىل يەتتە گرام، نوقۇت يارمىسى، گۇل يېغى، زەنبەق يېغى ھەر بىرى 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى سۇتكە ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ باشقا سۇۋاپ، ئىسسىتىلغان يۇڭ رەخت بىلەن تىكىلگەن باش كىيىم كىيگۈزۈپ قويىلىدۇ.

**5. بۇخاراتتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:**

علاج سكتة بخارى

كېسەللىك بۇزۇلغان ياكى چىرىگەن خىلتتىن پەيدا بولغان بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان بولسا، باشقا ئەزالار شىرىكچىلىكىدىكى بۇخارات خاراكتېرلىك مېڭە كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

كېسەللىك مەنىي ياكى ھەيزنىڭ توسۇلۇشىدىن بولغان بۇخارات سەۋەبىدىن بولسا، تەرياقى ئەربەئە بېرىلىدۇ ياكى ئۆتكۈر كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سامساق ۋە پىياز سىركىلىرى، رەيھان ئىچىملىكى ھەربىرى 12 گرام، ھىڭ، زۇپتى رۇمى، سىركە، جاۋاشىر ھەربىرى ئۈچ گرام، كۇدە سۈيى، پىياز سۈيى ھەربىرى 18 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەينەك قاچىغا سېلىپ پۇرىتىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن خىيارشەنبەرنى چىلاپ، مىشكى تارامۇشى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر شىرىسى ۋە گۈلقەنت سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە گۆشىنى سەۋزە، چامغۇر، ماش، نوقۇت قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇپ نان بىلەن بېرىلىدۇ.

زەھەرلىك گازنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى قانتومۇر ۋە ئۆتكۈنچە يوللار توسۇلۇشتىن ياكى مەنئىي توسۇلۇشتىن بولغان بولسا، بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قالدۇق غەيرىي تەبىئىي ماددىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلدۇرۇش مۇۋاپىق.

مىزاجنى تەڭشەش ۋە بۇخاراتنى توختىتىش ئۈچۈن ئەرقى تاماكۇ بىلەن داۋائى مىشكى جەدۋارى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

كېسەللىك تارقىلىشچان قىزىتمىلىق چىرىشتىن كېلىپ چىققان بۇخاراتتىن بولغان بولسا، كونا ھاراق، كونا سىركە تەڭ مىقداردا، ئەرقى مەشباھار، ئەرقى نارەنجى ھەربىرى يېرىم ھەسسە، ئاش تۇزى 48 گرام، مۇقەل 36 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە كلىزما تەييارلاپ، ھەركۈنى 3 ~ 4 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى

ئاخشىمى گىل ئەرمىنى 84 گرام، هاراق 288 مىللىلىتىر، گىل مەختۇم 24 گرام، مائۇلھەسەل سادده 250 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما تەييارلاپ كىلىزما قىلىنىدۇ.

بىمار هوشىغا كەلگەندىن كېيىن زەهەر قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قۇندۇز قەهرى، جەدۋارچىنى ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، يەتتە گرام داۋائى مىشكى تەلىخگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيىتىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ئەرقى كەيىورە، ئەرقى باھارى، ئەرقى تۇرۇنجى ھەر بىرى 60 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى مەزكۇر ئەرەقلەرگە قاپاق شەربىتىدىن 48 گرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا ھەببى قوقىيا، ئايارەج پەيقارا، شەربىتى مۇكەررە سانائى، خىيارشەنبەر شىرىسى، گۈلقەنت قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تەرياقى زەھەپ هاراققا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە شەربىتى ياقۇت، ئەرقى ئەنبەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 6. مېڭىگە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:

علاج سكتهٔ برودت دماغ

بۇنىڭغا قارىتا سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەلغەمدىن بولغان سەكتە كېسەللىكىدە قوللىنىلغان بۇرۇن تېمىتىلمىلىرى، سۇۋالما، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى قاتارلىقلار قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى مەجۇنلەر يېگۈزۈلىدۇ.

### 7. مېڭە ياللۇغىدىن بولغان سەكتىنى داۋالاش:

علاج سكتهٔ ورم دماغ

بۇنىڭدا ئەھۋالغا قاراپ ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بولغان ياللۇغ خاراكتېرلىك مېڭە كېسەللىكى ۋە ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (سەرسام) دا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

## يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل قاتما (جۇمۇد)

جمود

**تونۇش:**

بۇ قويۇق سەۋدا خىلىتى ياكى سوغۇق كەيپىياتلارنىڭ تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان قېتىپ قالىدىغان كېسەللىك بولۇپ، تۇيۇقسىز يۈز بېرىپ، بارلىق ھېس ۋە ھەرىكەتلەر يوقىلىش، بىمار قانداق تۇرۇۋاتقان بولسا شۇ ھالەتتە قېتىپ قېلىش، ھەتتا كۆز ۋە كىرپىكلىرىنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرمەسلىك، گالدىن بىرنەرسە ئۆتمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ئۇنى تۆۋەندىكى كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرىمىز.

1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى بىلەن قاتما (جۇمۇد)نىڭ پەرقى: غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا چوقۇم قىزىتما بولىدۇ، لېكىن قاتمىدا قىزىتما بولمايدۇ.

2. تۇتقاقلىق بىلەن قاتمىنىڭ پەرقى: تۇتقاقلىقتا تارتىشىش (تەشەننۇج) بولىدۇ ۋە ئېغىزدىن كۆپۈك چىقىدۇ. قاتما (جۇمۇد)دا تارتىشىش ۋە كۆپۈك بولمايدۇ.

3. ئېغىر ئۇيقۇ (سۇبات) بىلەن قاتما (جۇمۇد)نىڭ پەرقى: ئېغىر ئۇيقۇدا نەپەس توسۇلۇپ قالمايدۇ ۋە كۆز يۇمۇلۇپ بىمار ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كېتىش، تومۇر ھەرىكىتى يۇمشاق بولۇش، بىرەر ئېغىز گەپكە بولسىمۇ ئىنتايىن تەسلىكتە جاۋاب بېرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. قاتما (جۇمۇد)دا نەپەس توختاپ كۆزى ئوچۇق ھالەتتە قالىدۇ. كېسەللىك تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ. تومۇرى سۇس ۋە قاتتىق بولىدۇ. بىمار ھېچقانداق گەپ قىلالمايدۇ.

4. سەكتە بىلەن قاتما (جۇمۇد)نىڭ پەرقى: سەكتىدە بىمار ئوڭدا ياتىدۇ. قاتما (جۇمۇد)تا بولسا بىمار شۇ پېتى قېتىپ قالىدۇ ۋە بىمارنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ.

**سەۋەبى:**

مېڭىنىڭ ئارقا قاتلاملىرىدىكى قان تومۇرلار قويۇق سەۋدا خىلىتى تەسىرىدىن توسۇلۇپ قېلىش ۋە توڭ مېۋىلەرنى كۆپ يېيىش، سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىش، بەك سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىسسىق تەبىئەتلىك شامچىلار ۋە سەۋدانى سۈرۈپ چىقارغۇچى كلىزمىلار 2 ～ 3 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. كلىزما ئىشلىتىشتە بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر بىمار كۈچلۈك بولسا ئەفتىمۇن، بىستىپايەج، ھېلىلە كابىلى،

غارىقۇن، ئاچچىقتاشۇزلاردىن كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.
ئەگەر بىمار ئاجىزراق بولسا بۇغداي كېپىكى، چامغۇر سۇيى، ئاق لەيلى سۇيى 1500 گرام، كۇنجۇت يېغى 36 گرام، توغرىغۇ ئۈچ گرام، ئاچچىقتاشۇز بىر گرام، قارا شېكەر 48 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە قۇندۇز قەھرى بىلەن پەرپىيۇننى يۇمشاق سوقۇپ، زەنبەق يېغى بىلەن زىماد تەييارلاپ باشقا سۈۋىلىدۇ.
بىمار هوشىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە هوشىغا كەلگەندىن كېيىن بابۇنە، زۇپا، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئەنسىل، سىركىگە ئارىلاشتۇ-رۇپ زىماد تەييارلاپ، باشنىڭ ئارقا قىسمىغا سۈۋىلىدۇ.
سۇزاپ يېغى، خەيرى يېغى، مەرزەنجۇش يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارغا قۇندۇز قەھرىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، باشنىڭ ئارقا قىسمىغا سۈۋىلىدۇ.
گۈلى يەسمەن، ئەنبەر، ئىپارغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ.
ئوت ـ چۆپلەردىن ياكى يۇڭدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم ئارقىلىق سەكتە ۋە ئېغىر ئۇيقۇدا قوللىنىلغان ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ ۋە سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنى-لىدۇ.
بىمار هوشىغا كەلگەندىن كېيىن سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىچى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بادرەنجى بۇيا ئون گرام، رۇم بەديان يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، هەسەل گۈلقەنتىدىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ، هەر كۈنى ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سۇيدۇكتە خىلتىنىڭ پىشقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن سەۋدا خىلتىنى سۈرۈش ئۈچۈن هەببى ئەفتىمۇن بېرىلىدۇ ياكى تازىلاش ئۈچۈن هەببى قوقىيا ياكى هەببى ئىستەمخىقۇن ۋە ياكى تەركىبىگە ئەفتىمۇن، غارىقۇن، بىستىپايەج، ئۇستقۇد-دۇس چۈشكەن مەتبۇخ بېرىلىدۇ.
ئەگەر زىماد ئاجىز بولسا، يۇقىرىقى تازىلىغۇچى دورىلارنىڭ ئورنىغا يەڭگىل كلىزمى-لار ئىشلىتىلىدۇ.
ئوزۇقلاندۇرۇشتا هۆل ئىسسىق يېمەكلىكلەر مەسلەن: زاراڭزا چېچىكى بىلەن كەپتەر، كەكلىك گۆشلىرى پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.
كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندىن كېيىن هەسەل گۈلقەنتى يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇققا مائۇلهەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئەگەر قىزىتقۇچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن ئۇيقۇسىزلىق پەيدا بولسا، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، بىنەپشە يېغى، گۈل يېغى، قاپاق يېغى، نىلۇپەر يېغى، بادام

يېغىدىن بىرنى باش، قول - پۇت ئالىقانلىرىغا سۇۋاش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش ئارقىلىق هۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. بابۇنە، سېرىقچېچەك، ئىكىلىملىك، بىنەپشە، قىزىلگۈل، ئو-سۇك ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، خەشخاش ئۇرۇقلىرىنى قاينىتىپ، بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشىنى نوقۇت بىلەن پىشۇرۇپ، بادام مېغىزى شىرى-سى بىلەن بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن مەجۇنى نۇجاھ ۋە ئىترىفىل ئەفتىمۇن يېگۈزۈلىدۇ

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

بۇ كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەسىرى ئۇزۇن مۇددەتكىچە قېپقالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساقايغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئېھتىيات بىلەن تۇرۇشمىز لازىم ۋە بىمارنى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قەتئىي چەكلەش لازىم، چۈنكى بۇنداق هالدا ئۆلۈپ كېتىش خەتىرى بولىدۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل    نېرۋا كېسەللىكلىرى
## امراض عصب

**تونۇش:**

تۆۋەندىكى كېسەللىكلەر نېرۋا كېسەللىكلىرى هېسابلىنىدۇ: 1) ئىستىرخا (بوشى-شىپ كېتىش)؛ 2) پالەچ؛ 3) تەشەننۇج (تارتىشىش)؛ 4) تارتىشىش ۋە بويۇن قېتىش (تەمەددۇدى ۋە كوزار)؛ 5) يۈز نېرۋا پالىچى (لەقۋا)؛ 6) تىترىمە (رەئشە)؛ 7) خەدەر (سېزىم يوقىلىش)؛ 8) مۇسكۇللار لىكىلداش.

سەۋەب ئېتىبارى بىلەن بۇ كېسەللىك ئۈچ خىل بولىدۇ: 1) مىزاج بۇزۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك نېرۋا كېسىلى؛ 2) شەكىل بۇزۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك نېرۋا كېسىلى؛ 3) پۇتۇنلۇكى بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك نېرۋا كېسىلى.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك خىلتسىز ۋە خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش، ئېغىر ئەمگەك قىلىش، بەدەن ياكى ئەزالاردا بېسىم ۋە تارتىشىش پەيدا قىلىدىغان هەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىش، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

نېرۋىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سەزگۈ ۋە هەرىكەت خىزمىتى، نېرۋىلارنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقى، مېڭە، يۇلۇننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە نېرۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەزالارنىڭ ئاغرىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. لېكىن مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ ئەھۋالى-

نى كۆزىتىشتە كۆپىنچە نېرۋا خىزمىتىنىڭ ئاجىزلىشى ۋە بۇزۇلۇشى، باشنىڭ سېزىمى قاتارلىقلارنى كۆزىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئاستا - ئاستا پەيدا بولسا، بۇ قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك تۇيۇقسىز بىراقلا يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇ-لۇشتىن بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تومۇر تۇتۇپ بىلىشكە بولىدۇ. نېرۋا ئىششىقلىرى-نى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش قائىدىلىرى پالەچ قاتارلىق كېسەللىكلەر بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

تەپەررۇقى ئىتتىسال (پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش) جەرراھىيە (ئوپېراتسىيە) ئارقىلىق داۋالاش بايانىدا سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكلىرى سۆزلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

نېرۋا كېسىلىدە دەسلەپتە تازىلىغۇچى ياكى مىزاجنى تەڭشىگۈچى كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك. كېسەللىك باشلىنىپ تۆتىنچى، يەتتىنچى كۈنى ئەگەر كېسەللىك ئېغىرراق بولغاندا 14 - كۈنى كۈچلۈكرەك بولغان دورىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

نېرۋىنىڭ مىزاجىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك سۇۋالمىلارنى سۇۋاش، مېۋە شەربەتلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ئىچكۈزۈشكە ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. چۈنكى مېۋە شەربەتلىرىگە ياغلارنى ئارىلاشتۇرغاندا نېرۋىلارغا تەسىرى تېزراق بولىدۇ. سۇۋالما دورىلارنى ئىشلەتكەندە دورىلارنىڭ ياخشى سۈمۈرۈلۈشى ئۈچۈن تەر تۆشۈكچىلىرى-نى ئېچىشنى ئوبدانراق ئويلىنىش كېرەك.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: نېرۋا كېسىلىدە كۆپرەك مېڭىنىڭ ئارقا تەرىپىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن نېرۋىنىڭ باشلىنىش تەرىپىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر كېسەل چىراي ئەتراپىدا بولسا بۇنداق ئەھۋالدا باشنىڭ ھەممە يېرىگە بولۇپمۇ ئالدىنقى تەرەپلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلىش كېرەك.

بىمار جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىش، قورساقنى تويغۇزۇپلا ئۇخلاش، سوغۇق سۇ ۋە ھاراقنى كۆپ ئىچىش، سىركە ئىستېمال قىلىش، چۈچۈمەل ۋە يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش، كۈچلۈك خىلدىكى سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنى يېيىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن ناھايىتى ئاز مىقداردا كونا ھاراق ئىچىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. نېرۋا كېسەللىكلىرى ئۈچۈن يامغۇر سۈيى ئەڭ مۇۋاپىق، سەۋەبكە ئاساسەن بۇ كېسەلنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 1. خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكنى داۋالاش:

*علاج امراض عصب بارد رطب سادج*

ئىستىرخا، تەشەننۇج، رەئشە، خەدەر قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى خىلتسىز

ھۆل سوغۇقتىن پەيدا بولىدۇ.

خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن مەتبۇخ، سۇۋالما، ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچى ياغلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ كېسەلدە ياغلار ۋە ياغلار بىلەن بىرىككەن دورىلارنى كۆپرەك ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى ياغ بەدەندە ئۇزۇنراق تۇرىدۇ ۋە نېرۋىغا بولغان تەسىرى ياخشى. ئادەتتە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن زەيتۇن يېغى، زىغىر يېغى، قۇستە يېغى، بېدە ئۇرۇقى يېغى قاتارلىقلار، ھايۋاننىڭ يېغىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياغلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن قىچىنى سۇۋاش، زەيتۇن يېغى ۋە سەنۇبەر يېلىمى ئىستېمال قىلدۇرۇش؛ ئاقىرقەرھا، قۇرۇق ئۈزۈم، پەرپىيۇن 18 گرام، توغرىغۇ، قىچا ھەر بىرى 60 گرام، قارىمۇچ ئۈچ گرام، قۇندۇز قەھرى 120 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، غاز يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زىماد تەييارلاپ سۇۋاش، ئېگىر مۇراببا-سى، قۇندۇز قەھرى، چىلغوزا مېغىزى بىلەن قورۇلغان توشقان مېڭىسىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

نورمال تەنھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ ۋە كۈچلۈكرەك بولغان دورا سۇيىدە يۇيۇندۇرۇل-دۇ.

قارا گۆش بىلەن قىلىنغان قىيمىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياڭاق يېغى بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئالما، بېھى، ئۈزۈم، ھۆل يېمەكلىكلەر ۋە مايلىق شورپا زىيان قىلىدۇ.

## 2. خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكنى داۋالاش:

*علاج امراض عصب يابس ساذج*

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلغاندا يىغىلىپ قېلىش (تەشەننۇج)، تارتىشىپ قېلىش (تەمەددۇر)، قول - پۇت تىترەش (رەئشە)، سەزمەسلىك (خەدەر) قاتارلىقلار كۆرۈلى-دۇ.

بۇنىڭغا قارىتا خىلتسىز قۇرۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ياكى قاپاق سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تەرخەمەك سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى، تاۋۇز سۈيى، شەربىتى سادە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر سۇيۇقلۇق-لارغا ئازراق ئاق ھاراق ئارىلاشتۇرۇپ بەرسەك، تېزراق سۈمۈرۈلۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر بۇخارات (قىزىتما) بولمىسا ئىچىدىغان سۈيىگە ئازراق ھاراق ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىسپىغۇل لۇئابى، بادام يېغىغا ئاددىي ئىچىملىك

(شەربىتى سادده) ئاربىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولمىسا ساپ سۈت ياكى مائۇلجەبىن سادده بىلەن بادام يېغى ئاربىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۆگەت شېخى، ئۇسۇك، قاپاق، تەرخەمەك، كۈنجۈت غولى، خەشخاش غولى، چامغۇر يوپۇرمىقى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، باش ۋە ئومۇمىي بەدەن يۇيۇلىدۇ ياكى قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، تاۋۇز سۈيى، سۆگەت شېخى سۈيى، ئەرقى گۈل قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىپ قاينىتىپ باش يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى سۇلار ۋە ياغلار ياكى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە ياغلارنى بىرلەشتۈرۈپ كلىزما قىلدۇرساق، ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

سۈت ياكى كۈنجۈت يېغىنى ئىلمان قىلىپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن نېلۇپەر يېغىنى ئاربىلاشتۇرۇپ ياكى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ھۆل دورىلاردىن ئۇسۇك، تەرخەمەك، يۇمغاقسۇتلارنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۇلىرى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

قاپاق يېغى بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن بىنەپشە يېغىنى ئاربىلاشتۇرۇپ ياكى ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن سېمىزئوت سۈيى ئاربىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا نىشاستە، بادام يېغى، قەنت بىلەن تەييارلانغان ھالۋا، پالەك بىلەن پىشۇرۇلغان سۇيۇقئاش، پاختەك گۆشى، پاقلان گۆشى، چۈجە گۆشى، تاش ئۈستەڭدە ئاققان سۇدا ياشايدىغان بېلىق گۆشى بېرىلىدۇ. بەك سوغۇق ۋە بەك ئىسسىق ھاۋادىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر قىزىتما بولسا پاقلان گۆشى قاپاق، تەرخەمەك قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى كۆكتاتلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بادام مېغىزى، قاپاق، پالەك، سېمىزئوت بىلەن ماش يارمىسى پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (تەپى دىق) نى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالاش:

علاج امراض عصب بلغى

بەلغەم خىلتى ئېشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن بوشىشىپ كېتىش (ئىستىرخا)، پالەچ تارتىش (تەشەننۇجى تەمەددۇد)، لەقۋا (يۈز نېرۋا پارالىچى)، تىترەش (رەئىشە)، سەزمەسلىك (خەدەر) قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

كېسەل باشلىنىپ تۆت كۈنگىچە سۇ ۋە يېمەكلىك ئورنىغا پەقەت مائۇلھەسەل ئىچكۈ-

زۇلىدۇ. ئەگەر بەرداشلىق بېرەلىسە يەتتە كۈنگىچە مۇشۇ قائىدە بويىچە مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ. مائۇلھەسەل تەييارلاشتا بىمارنىڭ مىزاجىغا قاراپ تەييارلىنىدۇ. مەسىلەن: بىمارنىڭ مىزاجى بەك سوغۇق بولمىسا بىر ھەسسە ھەسەلگە تۆت ياكى ئالتە ھەسسە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ، ئۈچ ھەسسە قالغاندا ئوتتىن ئېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بىر ھەسسە ھەسەلگە ئىككى ھەسسە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، ئۈچتىن ئىككىسى قالغاندا ئوتتىن ئېلىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر مائۇلھەسەلدىكى سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى بەديان ياكى ئەرقى گاۋزىبان ئارىلاشتۇرساق ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر ئۈنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك قىلىشقا توغرا كەلسە، دارچىن، زەنجىۋىل، مەستىكى، زەپەر، لاچىندانە، جوز، بەسباسە ھەر بىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى چالا سوقۇپ، داكىغا سېلىپ، مائۇلھەسەلنى قايناتقان ۋاقىتتا قاچىغا سېلىپ بىرگە قاينىتىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، مائۇلھەسەل ئورنىغا مائۇل شېكەر ياكى گۇلاب ئىچكۈزۈلىدۇ. بەشىنچى، ئالتىنچى ـ كۈنى كەپتەر ۋە پاختەك شورپىلىرى مايسىز ھالەتتە بېرىلىدۇ. ئۈنىڭدىن كېيىن بەلغەم خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچىسى بېرىلىدۇ. ئەگەر سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولسا، رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زۇپا، ئىزخىر چېچىكى، قەنتەريون، سىساليۇس، جۇۋنە، قەدىرمانە، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، بىخ كەبىر، ئىزخىر يىلتىزى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ مۇنزىچقا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى مائۇل بۇزۇرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەديان، ئۇستقۇددۇس، بەديان يىلتىزى، رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئۇدسەلب، ئىزخىر، گاۋزىبان ھەر بىرى تۆت گرام، ھەسەل گۈلقەنتى 48 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مۇنزىچ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىماردا ھارارەت بولسا، مۇنزىچ تەركىبىدىكى رۇم بەديان بىلەن كەرەپشە ئورنىغا يەرلىك شوخلا، گۇل بىنەپشە ھەر بىرى تۆت گرام، كاسنە ئۇرۇقى 24 گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، بۇ نۇسخا تەركىبىدىكى بەديان ۋە ئىزخىر ئورنىغا مۇۋاپىق مىقداردا تەرخەمەك ئۇرۇقى، 24 دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، تۆت گرام پەرسىياۋشان قاتارلىق دورىلار قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ئەسلىي مىزاجى ئىسسىق بولسا ياكى قىزىتما ئارىلىشىۋالغان بولسا ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بىنەپشە، نىلۇپەر، كاسنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىق ئۇرۇق دورىلار ئارقىلىق مۇنزىچ بېرىلىدۇ. بۇ نۇسخىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك يىلتىز دورىلارنى قوشۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق دورىلار ئادەتتە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ، قۇرۇقلۇق تەبىئەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

مىزاجى ئىسسىق بولسا ياكى قىزىتما بولسا قىزىلگۈل، نىلۇپەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇسۇملۇك يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ دورىلارنى ئىشلەتكەندە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولمىسا ياكى قىزىتما بولمىسا بۇ خىلدىكى سوغۇق دورىلار زىيان قىلىدۇ.

مۇنزىج ئىچىۋاتقان جەرياندا ئۇزۇۋقلاندۇرۇشتا قائىدە بويىچە شورپا بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ يېتەرلىك بولمىسا ئىككى كەپتەرنى پىشۇرۇپ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ شورپىسىغا نوقۇت ياكى زاراڭزا چېچىكى 36 گرام ۋە ئاز مىقداردا قارىمۇچ، دارچىن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ بېرىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كەپتەر گۆشى شورپىسىنى بەرگەندە يۇقىرىقى دورىلارغا بەرەنگى كابىلى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مىزاج ئىسسىق بولسا كەپتەر شورپىسى بەرمەسلىك، بەلكى پاقلان گۆشى شورپىسى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تۆت ياكى يەتتە ۋە ياكى 14 ـ كۈندىن كېيىن مائۇلھەسەلنىڭ ئورنىغا ئەرقى بەدىيان ياكى ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مىزاجىدا سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئىزخىر ۋە دارچىننىڭ ئەرەقلىرى بېرىلىدۇ.

ئەگەر مىزاج ئىسسىق بولۇپ مائۇلھەسەلگە بەرداشلىق بېرەلمىسە ياكى قىزىتما بولسا دەسلەپتىلا ئەرقى شوخلا ياكى ئەرقى بەدىيان ئىچكۈزسەك بولىدۇ. 16 ـ كۈنى بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ياكى يۇقىرىقى مۇنزىج تەركىبىگە غارىقۇن ئۈچ گرام، تۇربۇت مۇدەببەر ئالتە گرام، سانا 12 گرام، قەنتەرىيون تۆت گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، بادام مېغىزى شىرىسى ئالتە دانە قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ تەسىرى ياخشى بولمىسا، بۇ نۇسخىغا بىستىپايەج ئالتە گرام، ئەفتىمۇن، هەشقىپىچەك گۈلى ئۇرۇقى هەر بىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۈرگىدىن كېيىن ئۇستۇقۇددۇس، هەشقىپىچەك، گاۋزىبان هەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، گۈلقەنتتىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، رەيھان ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر هارارەت بولسا گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا هەربىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر هارارەت بەك يۇقىرى بولسا، بۇ نۇسخىغا بېھى ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى (مۇۋاپىق مىقداردا) ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى 24 گرام، پەرەنجىمىشكى تالقىنى تۆت گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2 ~ 3 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم مۇنزىچ ئىچكۈزۈپ، ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى شەبيار بىلەن تازىلىنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھەر 2 ~ 3 قېتىم سۈرگە ئارىلىقىدا مۇنزىچ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكنىڭ خىلتى سوغۇق بولۇپ نېرۋىلا-ردا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم پىشۇرغۇچى (مۇنزىچ)، سۈرگۈچى (مۇسھىل) دورىلار بېرىلىدۇ. سۈرگۈ ئىچكەن كۈنلەردە، ئوزۇق-لاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا كەپتەر شورپىسى بېرىلىدۇ.

مەجۇنى سىير، داۋائى مىشكى ھار، مەجۇنى ئازاراقى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇن دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

ئەنسىل شەربىتى، ئەبرىشىم شەربىتى، ئەرقى تەمباكو قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىتياڭىقى يېغى، قۇستە يېغى، مۇرەككەپ بىدەنجىر يېغى، موم يېغى، مۇبارەك يېغى، يىلان يېغى، چۆپچىن يېغى، ھورمىل يېغى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى سۈۋاش، مېڭىنى تازىلىغۇچى دورىلار ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇش ۋە چۈشكۈرتۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

دارچىن ھىندى، ئۇدسەلىب ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى بەديان بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۇستقۇددۇس شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر گرام تەرياقى پارۇق ياكى تەرياقى ئەربەئە بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

دارچىن، بەديان، ئۇد ھىندى، ئۇدسەلىب، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، ئەرقى گۈل بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى شىرىسى، زەنجىۋىل مۇرابباسى شىرىسى ھەربىرى 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، پولونىيا (مۇۋا-پىق مىقداردا) بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

ئۇد ھىندى، مەستىكى، خولىنجان، قەلەمپۇر، رۇم بەديان ھەربىرى ئىككى گرام، لاچىندانە، دارچىن ھەربىرى تۆت گرام، جۇڭگو چېيى سەككىز گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاق شېكەردىن 72 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، داۋائى مىشكى ھار ياكى داۋائى مىشكى مۆتىدىل بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

زەنجىۋىل، ئېگىر ھەر بىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، ياڭاق چوڭلۇقىدا ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن بىرگە بىرنەچچە كۈن ئۇزۇلدۇرمەي يېگۈزۈلىدۇ.

دارچىن، جوز، كاۋاۋچىن، ئېگىر، ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى-نى داۋاملىق شۇمۇپ ياكى چايناپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ.

بىمار كۆپرەك ئاچ ۋە ئۇسسۇز ھالدا تۇرغۇزۇلىدۇ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن قىزىتقۇچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش پايدىلىق.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

① بىمار ئويغاق ۋاقىتتا قارىغاندا ئۇخلىغان ۋاقىتلاردا بەكرەك يۆگىنىش، ھاۋا سوغۇق ۋە قىش كۈنلىرى ئىسسىق كىيىملەرنى كىيىۋېلىش لازىم. ② كۆپ ئۇخلىماسلىق ئاز ئۇخلاش كېرەك. ③ بىمارنى ئىسسىق جايلاردا تۇرغۇزۇش، ھەر خىل سۇرەت ۋە كۆرۈنۈشلەر بار، ھۆللۈك، سۇغا يېقىن جايلاردا تۇرغۇزماسلىق، بەك سوغۇق ھاۋادا يول يۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

④ بىمار تۇرۇۋاتقان جايغا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى قويۇش كېرەك.

⑤ ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، بىمار تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ھاۋاسىنى ھۆللۈكرەك قىلىش مۇۋاپىق.

⑥ چۇچۇمەل تەملىك بەلغەم پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇخلاش بۇ خىلدىكى كېسەللىك ئۈچۈن زىيانلىق، ئاخشاملىقتا تاماق يېمەسلىك ۋە قەتئىي سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك لازىم.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالاش:

علاج امراض عصب دموی وصفراوی

قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بوشىشىپ كېتىش (ئىستىرخا)، تارتىشىپ قېلىش (تەشەننۇج)، قول تىترەش (رەئىشە)، سەزمەسلىك (خەدەر)، مۇس- كۇللار لىكىلداش (ئىختىلاج)قا ئوخشاش نېرۋا كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغىنىدا تاتلىق ئانار شەربىتىگە بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى شوخلا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئۇستۇقۇددۇس شەربى- تى، لىمون شەربىتى، سىركەنجۇبىل ساددە، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قاتارلىقلاردىن بىرى- نى تاللاپ، 24 گرامدىن ئېلىپ، ئەرقى كاسنە 240 مىللىلىتىر، ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى بىد ساددە ھەر بىرىدىن 120 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

16 ـ كۈنى سۈرگۈ ئۈچۈن چىلان ئون دانە، شاھتەررە، يەرلىك شوخلا، گاۋزىبان، سېرىق ھېلىلە پوستى، ھېلىلە كابىلى پوستى، قارا ھېلىلە، غارىقۇن، بادام يېغى ھەربىرى ئالتە گرام، گۈل بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئىزخىر، بىخ كاسنە، قوغۇن ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەربىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 20 دانە، كاسنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەر بىرى 24 گرام، سانا 12 گرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجە- بىن ھەر بىرى 72 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلى- دۇ.

سۈرگە ئىچىپ ئىككىنچى كۈنى گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك شىرىسى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق سوقۇلغان پەرەنجمىشكىدىن تۆت گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچ-

كۆزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، كەپتەر گۆشى ۋە شورپىلىرى، نوقوت شورپىسى، ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغىنىدا، بىھى ئۇرۇقى لوئابى تۆت گرام، ئەرقى گاۋزىبان 60 مىللىلىتىر، بىنەپشە شەربىتى ياكى ئانار شەربىتىدىن 24 گرام ئېلىپ، دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇنزىج ۋە مۇسھىل دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن ھەببى ئايارەجدىن ئالتە گرام ئېلىپ، 120 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان بىلەن سەھەر ۋاقتىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىمار ھەببى ئايارەجگە بەرداشلىق بېرەلمىسە، گۈل بىنەپشە، تۇربۇت، رۇببىسۇس، رۇم بەدىيان ھەر بىرى ئىككى گرام، سوقمۇنىيا 0.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۇملاچ تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل   ئىستىرخا ۋە پالەج

## استرغاء وفالج

**تونۇش:**

ئىستىرخا (بوشىشىپ كېتىش ۋە ئاجىزلاش): بىرەر ئەزانىڭ ھەرىكىتى (خىزمىتى) ئاجىزلاش ۋە پۈتۈنلەي يوقىلىش ھالىتى ئىستىرخا دەپ ئاتىلىدۇ.

پالەچ: ھەرقانداق بىر ئەزانىڭ سېزىم ۋە ھەرىكىتى يوقىلىش ھالىتى بولۇپ، تېبابەتتە بويۇندىن پۇتقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقتا بەدەننىڭ يېرىم سېزىمى ۋە ھەرىكىتى يوقالغان، ئەمما باش ساغلام بولغان ھالەتنى پالەچ دەپ ئاتىغان. ئەگەر باشنىڭ يېرىمى بىلەن قوشۇلۇپ بوشىشىپ كەتكەن بولسا، بۇنى «يۈز نېرۋا پالىچى قوشۇلغان پالەچ» دەپ ئاتىغان. ئەگەر بەدەننىڭ تۆۋەنكى ياكى يۇقىرىقى قىسمىدا پالەچلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇنى كەسمە پالەچ دەپ ئاتىغان. پۈتۈن بەدەن بىلەن قوشۇلۇپ باشمۇ بوشىشىپ كەتكەن بولسا ئۇنى «سەكتە (شوك)» دەپ ئاتىغان.

**سەۋەبى:**

روھىي خىزمەتكە ئىگە بولغان ئەزالارنىڭ مىزاجىدا بۇزۇلۇش كۆرۈلۈپ، ئەزالارنىڭ سېزىش ۋە ھەرىكەت قىلىش خىزمىتىنى ئىجرا قىلغۇچى روھىي كۈچنىڭ يوللىرى ئىچكى جەھەتتىن توسالغۇغا ئۇچراپ، نېرۋىلارغا كىرەلمەي قېلىش سەۋەبىدىن پالەچ كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بىرەرسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن

بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئەھۋالدا پۈتۈن بەدەن ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا كېسەللىك بولماستىن بەلكى مەخسۇس ئەزادا بولىدۇ. پالەچ ۋە بوشىشىپ كېتىش ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، روھنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولىدۇ.

روھنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى: تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشتىن نېرۋىلاردا ئۈزۈلۈپ كېتىش، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تارىيىشى سەۋەبلىك توسۇلۇش بولۇش، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى قويۇق خىلتلارنىڭ توشۇپ كېتىشى، ياللۇغ سەۋەبىدىن ئۆتۈش يوللىرىنىڭ توسۇلۇشى، نېرۋىلارنىڭ تۆشۈكچىلىرى يېرىلىپ كېتىش، نېرۋا تۆشۈكچىلىرى ئارىسىدا توسۇلۇش يۈز بېرىش، ئومۇرتقىلارنىڭ يۆرۈشۈپ كېتىشى ياكى ئورۇن ئېلىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبىدىن نېرۋىلاردا قىسىلىش يۈز بېرىش، قان تومۇرلاردا يېرىلىش كۆرۈلۈش قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى كۆرۈلسە روھ ئۆتەلمەيدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئاۋۋال كېسەل تۇيۇقسىز تۇتقانمۇ ياكى ئاستا ـ ئاستا تۇتقانمۇ، ئەگەر تۇيۇقسىز تۇتقان بولسا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلگىرى يېرىلىش، زەخىملىنىش ئەھۋالى بولغانمۇ ـ يوق بۇ ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولسا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى نېرۋىلارنىڭ يېرىلىشى ۋە ئۈزۈلۈشىدىن بولغان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ھېچقانداق داۋالاش بولمايدۇ. بۇنىڭ داۋاسى يوق. ئەگەر ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولسا بىمارنىڭ كېسەللىكى خىلىت ئېتىبارى بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن: بىمارنىڭ رەڭگى ئاق، بەدىنى ئاجىز، ئورۇق بولسا ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئېغىز شۆلگىيى ۋە ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، ئۇسسۇزلۇقى ئاز بولۇش، سۈيدۈكى ئاق، قويۇق بولۇش، تومۇرى ئاستا، قالايمىقان بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنى تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنسە ۋە چىرايى، كۆزنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبئىي قان خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر مېڭە پەردە ياللۇغى، شوك، تۇتقاقلىق، قولۇنجى، بالىياتقۇ بوغۇلۇش، ئېغىر دەرىجىدىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك قىزىتما كېسەللىكلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ بوھران شەكلىدە پالەچ يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ «پالەچ ئىنتىقالى بۆھرانى (بوھران خاراكتېرلىك يۆتكىلىشچان پالەچ)» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئاستا ـ ئاستا يۈز بەرگەن بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزىتما، ئاغرىش ياكى ياللۇغلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، بۇنى «پالەچ ۋەرەمى (ئىششىقتىن بولغان پالەچ)» دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر قىزىتما بولسا ۋە ئاغرىش

قاتتىق بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قىزىتما ئەدەتتىكىدەك يەڭگىل بولسا ۋە يەڭگىل ئاغرىق بولۇش، سەزمەسلىك بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ بوشىشىپ كېتىشتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قار ـ مۇزلارنىڭ نېرۋىلارنى قاتۇرۇپ سېلىشى ياكى نۆكچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىششىق يېنىك بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى كۆرۈلمىسە ۋە تۇتقاندا سوغۇق بولۇپ، كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سوغۇق تېگىپ قېلىش، سوغۇق سۇ ئىچىش، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، ئىستىرخا (بوشىشىپ كېتىش) نىڭ خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت بولمىسا، ئومۇرتقا ياكى بوغۇملارنىڭ ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ بىرەرسى ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولسا كېسەللىكنىڭ سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

قورساق ياكى بويۇننىڭ ئىچكى تەرەپكە ئېگىلىپ قېلىشى ۋە كۆكرەكنىڭ سىرتقا چىقىپ قېلىشى ئومۇرتقا ئۆز ئورنىدىن ئىچكى تەرەپكە ئېگىلىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

قورساق ياكى بويۇننىڭ چۆكۈپ كېتىشى ۋە كۆكرەكنىڭ ئىچ تەرەپكە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى قاتارلىقلار ئومۇرتقىنىڭ سىرتقى تەرەپكە ئېگىلىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

**داۋالاش:**

مەخسۇس ئەزالار مەسىلەن: تۆز ئۈچەي، تىل، يۇتقۇنچاق، قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىق ئەزالارنىڭ پالەچ ۋە ئىستىرخانىسى كېيىنكى ئۆز ئورنىدا سۆزلىنىدۇ. تۆۋەندە ئىستىرخا ۋە پالەچ قاتارلىقلارنى سەۋەبىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش سۆزلىنىدۇ.

### 1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش:

علاج استرخاء وفالج بلغمى

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

دەسلەپتە يېمەك ـ ئىچمەك توختىتىلىدۇ ۋە مۇنزىج (پىشۇرغۇچى) دورا بېرىپ بولغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، تازىلاشتا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئويلاشقان ئاساستا يەڭگىل سۈرگىلەرنى بېرىش لازىم. ھەر

ئىككى قېتىم تازىلاش ئارىلىقىدا بىمارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش كېرەك. 4 ~ 5 قېتىم سۈرگە بىلەن تازىلاش تولۇق بولمىغان بولسا، يېمەك - ئىچمەكنى قەتئىي چەكلەپ، قىرىق كۈنگىچە پەقەت مائۇلئۇسۇل بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى تازىلىغۇچى كومىلاچىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئاخىرىدا مەجۇنى سىرغا ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «40 كۈنگىچە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، ئەگەر 40 كۈن ئىچىدە ئېچىلىپ كەتسە ياخشى، ئەگەر 40 كۈن توشقاندىن كېيىنمۇ توسالغۇ ئېچىلىپ كەتمىسە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشنى توختىتىش توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن كېسەللىك ئادەتتىكىدەك بولسا تۆتىنچى كۈندىن باشلاپلا مۇنزىج بېرىش، سەككىزىنچى كۈنى سۈرگە بېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەلنىڭ ئومۇمىي داۋالاش قائىدىسى مۇنداق يەنى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تولۇق پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن سۈرگە بېرىلىدۇ، تولۇق مۇنزىج ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى سۈرگە قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئەگەر بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپى پالەچلەنگەن بولسا مۇنزىج دورىسىغا جىگەرنى قىزىتقۇچى ۋە كۆچلەندۈرگۈچى دورىلار، سول تەرەپ پالەچلەنگەن بولسا يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. سۈرگە بەرگەندىن كېيىن 40 كۈنگە قەدەر پالەچلەنگەن ئەزاغا قارىتا دورىلار ئىچىدىن ۋە تاشقى قىسمىدىن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەستىكى، زورەنبات، ئۇستقۇددۇس قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھېلىلە مۇرابباسى ياكى ئىترىفىل سەغىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سىركەنجۇبىل ئەنسىل، زۇپا شەربىتى، مائۇلئۇسۇل، مائۇل بۇزۇرى ھار، مائۇل بۇزۇرى مۆتەدىل قاتارلىق دورىلارنىڭ بىرەرسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى سامانىيە، جاۋارىش بالادۇر قاتارلىقلاردىن بىرنى تاللاپ، ئەرقى بەديان ۋە بەديان شىرىسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە ئۈچ گرام سۈزاپنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىش ۋە دارچىن يېغىنى سۈۋاشمۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن تەرياقى كەبىر، مەسرىدىرىتوس، كەلكىلانەج، ماددەتۇلھايات، مەجۇنى بالادۇر، ئىترىفىل كەبىر، مەجۇنى ۋەج، مۇراببائى ۋەج قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئەھۋالغا قاراپ جاۋارىش ئوترۇج، سۇفۇپى ئۇترۇج، خېمىرى ئۇستقۇددۇس، ھەببى ئەنبەر مۇمىيا، ھەببى ئازاراقى، ھەببى سۇرۇخ ۋە ھەببى شىپا، ھەببى سىماب قاتارلىق دورىلاردىن تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ. باش، بويۇن ۋە كۆكرەك ئومۇرتقىلىرىغا تارقاتقۇچى مايلار سۈۋىلىدۇ. بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ بۇ ياغلارغا قۇندۇز قەھرى ۋە ئاقىرقەرھا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك ياغلارغا پەرپيۇن بىلەن مومنى ئارد-

لاشتۇرۇپ ئىلمان ھالدا ياغلىنىدۇ.

مۇمىيانى خېنە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياكى جۇزبۇۋا بىلەن سۇۋىلىدۇ.

زەنجىۋىل ۋە زورەنبات سۇۋىلىدۇ ياكى قۇستە تەلخ، مۇرمەككى، پەرپىيۇن قاتارلىق-لارنى گۈل يېغى بىلەن ئېزىتىپ، ئىلمان قىلىپ سۇۋىلىدۇ.

دورا سۇيىدە يۇيۇندۇرۇشمۇ (ئابىزەن) پايدىلىق.

بۇ كېسەللىكتە قورساق بەك ئاچمىغان، قاتتىق ئۇسساپ كەتمىگەن ئەھۋالدا تاماق ۋە سۇنى ھەرگىز بەرمەسلىك ۋە ئاخشىمى تاماق يېگۈزمەسلىك كېرەك. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇمكىنقەدەر بىمارغا ئۇزۇقلۇقنى بەك ئاز بېرىش كېرەك. كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە بوشىشىپ كەتكەن ئەزالارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. لۆگگە بىلەن ئوبدان سىيلاپ بېرىش كېرەك.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۈچۈن بەزى ئاتاقلىق تېۋىپلار تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى مۇنزىج ئىچكۈزۈشتە كاسنە يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، ئۈرۈق-سىز ئۈزۈم ئورنىغا ئۇستقۇددۇس بەش گرام، ئەنجۈر ئۈچ دانە، ئۇدسەلىب ئىككى گرام، گاۋزىبان، يەرلىك شوخلا، بىخ كەبىر ھەر بىرى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا كەپتەر، قۇشقاچ گۆشلىرىنىڭ شورپىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇققا ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى تەرياقى پارۇقتىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ، ئالتە گرام ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ ۋە ئارقىدىنلا ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر كېسەللىك يەڭگىل بولسا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، بەديان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى، بەديان، ئۇستقۇددۇس قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى بەديان ۋە ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. خىلىت پىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سۈرگۈچى دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر مۈچىلەردە بوشىشىپ كېتىش بولسا ھەرىكەت قىلدۇرۇش قىيىن بولىدۇ، بىمار ياش بولسا ۋە كېسەللىك ياز پەسلىدە پەيدا بولغان بولسا، گۈل بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۈرۈقى، قوغۇن ئۈرۈقى، گاۋزىبان، بەديان يىلتىزى ھەر بىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گاۋزىبان ھەر بىرى 108 مىللىلى-تىرگە ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى بۇ نۇسخا تەركىبىدىكى گۈل بىنەپشە ئورنىغا ئۇستقۇددۇس ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

سۈرگە ئىچىدىغان كۈنى گۈلبىنەپشە تۆت گرام، ئۇدسەلىب ئىككى گرام، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، زۇپا ئۈچ گرام، بەديان، يەرلىك شوخلا، بىخ كەبىر ھەر بىرى

ئالتە گرام، ئەنجۈر يەتتە دانە، زاراڭزا ئۇرۇقى، سانا ھەر بىرى 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇقىرىقى نۇسخا تەركىبىگە قوشۇپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، خىيارشەنبەر شىرىنىسى 72 گرام، گۇلقەنت 48 گرام، كالا يېغى ئالتە گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سۈرگىنىڭ ئۈچىنچى كۈنلىرى بۇ مەتبۇخ بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك ئايارەجلەر بېرىلىدۇ. سۈرگە بېرىپ ئىككىنچى كۈنى مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن گۈلى گاۋزىبان ئۈچ گرام، كاسىنە يىلتىزى ئالتە گرام، پىرسىياۋشان، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مېڭىنىڭ سەزگۈ ۋە ھەرىكەت خىزمىتىدە ئادەتتىكىدەك بۇزۇلۇش بولسا ۋە قۇلاق شامالدىغاندەك مەلۇم بولسا، 48 گرام گاۋزىباننى ئۈچ لىتىر سۇ بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ، 250 گرام ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قايىنتىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ياكى گاۋزىبان، گۈلى گاۋزىبان ھەربىرى بەش گرام، پىرسىياۋشان يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى بەديان بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ، 12 گرام قەنت قوشۇپ چاي ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر پالەچتە مۇنزىج دورىلارنىڭ ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن ئىچ سۈرۈش، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، گال ئاغرىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، يۇقىرىقى مۇنزىج تەركىبىدىن بەك ئىسسىق دورىلارنى چىقىرىۋېتىپ، گۈل بىنەپشە، گاۋزىبان، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇش، چىلان شۇمۇرگۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ ياكى خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن تەرخەمەك ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە، گۈلى گاۋزىبان ھەربىرى ئالتە گرام، چىلان تۆت دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، 72 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا، 60 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان، 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى قاتارلىق دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش بەك زىيادە بولسا كەپتەر گۆشى شورپىسىغا 48 گرام نوقۇت ئارىلاشتۇرۇپ بىللە پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ 16 ـ كۈنگە كەلگەندە ئۇستقۇددۇس، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كاسىنە يىلتىزى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، گۈلى بىنەپشە، گۈل گاۋزىبان ھەر بىرى 16 گرام، بەديان، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى توققۇز گرام، بادرەنجى بۇيا، ئۇدسەلب ھەربىرى تۆت گرام، چىلان تۆت دانە قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايىنتىپ سۈزۈپ، سانا 12 گرام، تۇربۇت ئالتە گرام، خىيارشەنبەر 82 گرام، تەرەنجىبىن 48 گرام، گۇلقەنت 36 گرام، ئەرقى

بەدىيان 60 مىللىلىتىر، بادام يېغى ئالتە گرام، غارىقۇن ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۇشلۇكى كەپتەر گۆشى نوقۇت بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئاخشىمى نوقۇت يارمىسى سۇ بىلەن شويلا قىلىپ بېرىلىدۇ.

18 ـ كۈنى سەھەردە 12 گرام ھەببى ئايارەجگە ئىككى گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەدىيان ۋە ئەرقى شوخلا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئەتىگەندە يۇقىرىقى سۈرگىدىكى ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سەرپىستان، سانا، تۇربۇت، بادرەنجى بۇيا، پىرسىياۋشان قاتارلىق دورىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا بىستىپايەج، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى تۆت گرام، زاراڭزا مېغىزى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قائىدە بويىچە تۆۋەندىكى مۇنزىج ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنى گۈل بىنەپشە، گۈلى گاۋزىبان، گاۋزىبان ھەر بىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 45 گرام، ئۇدسەلىب، قوغۇن ئۇرۇقى ھەربىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى 144 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا ۋە 108 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيانغا چىلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، بۇزۇرى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

20 ـ كۈنى مەزكۇر نۇسخىدىن ئۇد سەلىبنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا چىلان تۆت دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان ھەربىرى ئالتە گرام، بادرەنجى بۇيا، بەرانجاسىپ ھەربىرى تۆت گرام، سەرپىستان 11 دانە قاتارلىقلارنى قوشۇپ، بۇزۇرى شەربىتى ئورنىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تۆت كۈن بۇ نۇسخىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن 24 ـ كۈنى قائىدە بويىچە ھەببى ئايارەج يېگۈزۈلىدۇ. ئەتىگەندە گۈل بىنەپشە، ئۇستىقۇددۇس، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان، كاسنە يىلتىزى، ئۇد سەلب، ئوغرىتىكەن ھەربىرى ئالتە گرام، بىستىپايەج تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، قوغۇن ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان ھەربىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەدىيان ھەربىرىدىن 144 مىللىلىتىرغا چىلاپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، سانا 12 گرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، بادام يېغى ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەتىسى گۈل بىنەپشە، گۈلى گاۋزىبان، قوغۇن ئۇرۇقى ھەربىرى ئالتە گرام، ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گاۋزىبان ھەربىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى چىلاپ قويۇپ ئەتىسى سۈزۈپ، بۇزۇرى شەربىتى مۆتىدىل بىلەن ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 2. ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان پالەچ ۋە ئىسترخانى داۋالاش:

علاج استرخاء وفالج رطوبى

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا مائۇلھەسەل ئىچكۈزگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى

مۇنىزىچ ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى بەديان، بەديان يىلتىزى، شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئۇستقۇددۇس، بىخ كەبىر، پىرسىياۋشان قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ۋە سوقۇلغان ئاق تۇدەرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن سۈرگە ئۈچۈن يۇقىرىقى نۇسخىغا كاسنە يىلتىزى، سېرىق ئەنجۈر، سانا ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، خىيارشەنبەر 72گرام، گۈلقەنت 48 گرام، كالا يېغى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قوشۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ، سۈرگىدىن كېيىن مىڭە، يۈرەك، جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر گرام مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، بىردانە ھېلىلە مۇراببىاسىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستقۇددۇس، گۈل بىنەپشە، گاۋزىبان ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، بۇزۇرى شەربىتى ۋە سوقۇلغان ئاق تۇدەرى ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇ- رۇپ، مەزكۇر مۇراببا بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ئىككىنچى كۈنى بۇزۇرى شەربىتى ئورنىغا گۈلقەنت ئارىلاش- تۇرۇپ بېرىلىدۇ. بەدەن ئاجىزلىقى ئۈچۈن بەش گرام داۋائى مىشكى، 120 مىللىلىتىر ئەرقى بەديان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

تولۇق تازىلاشتىن كېيىن ئۇسسۇزلۇقى بولسا تاماقتىن كېيىن 1 ~ 2 قېتىم سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ. لېكىن ئاشقازان بوش (قورساق ئاچ) ۋاقىتتا ۋە پالەچنىڭ دەسلىپىدە كېچىسى سۇ بېرىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر قىزىتما بولسا مىزاجىدا ھارارەتلىك بەك يۇقىرى بولسا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ بەرسە بولىدۇ.

پۈتنىڭ ئاغرىقى يەنىلا بولسا سۆرۈنجان، مەستىكى ھەربىرىدىن بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت گرام ئۇستقۇددۇس، ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈمنى قاينىتىپ، 24 گرام ئاق قەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى گۈلقەنت بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى مۇنىزىچنى بېرىپ، سۈرۈش ئۈچۈن تۆت گرام نىلۇپەر، 48 گرام تەرەنجىبىن شىرىسى، ئالتە گرام بادام يېغىنى مۇنىزىچ تەركىبىگە قوشۇپ، قائىدە بويىچە ئىككى قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن ھەببى ئايارەج ئارقىلىق تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك مەجۇناتلار ئىستې- مال قىلدۇرۇلىدۇ.

پالەچ بىلەن لەقۋا (يۈز نېرۋا پالىچى) بىللە قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، سۈرگىدىن كېيىن سۆرۈنجاننى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغىرگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بەديان قاتارلىقلارغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىترىفىل سەغىر بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن دارچىن، گاۋزىبان، رۇم بەديان، بەديان قاتارلىقلارنىڭ قايناتمى-

سىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سۆرۈنجان، بوزىدان، ئۇدسەلب قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەديان، سوقۇلغان ئۇستقۇددۇس، سوقۇلغان پەرەنجىمىشكى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

ئەگەر پالەچ ۋە لەقۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچى بىمار ياشانغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا قول تىترەش، ئاۋاز تىترەش، ئىش - ھەرىكىتى ئاجىز ۋە قالايمىقان بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئەرقى بەديان بىلەن ماددەتۇلھايات بېرىلىدۇ. كەچلىكى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىترىفىل كەشنىز يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئېگىر، ئاقىرقەرھا، پىلپىل، زەنجەۋىل قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تىلغا سۈۋاپ قويۇپ، ئاز - ئازدىن ئىلمان سۇ بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە مېڭىدە بىرەر كېسەللىك بولۇش بىلەن بىرگە بوۋاسىر قېنى ئېقىۋاتقان بولسا ئۈچ گرام چۆپچىن، ئىككى گرام لاچىندانىنى 144 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قايىنىتىپ، 12 گرام ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ماددەتۇلھايات بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ياكى ئۇستقۇددۇس ئالتە گرام، زىرىق ئۇسارىسى، مۇقەل ھەربىرى بىر گرام، ھېلىلە كابىلى پوستى، قارا ھېلىلە، ئامىلە ھەربىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئەرقى بەديان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر پالەچ بىلەن يۈرەك تىترەش (خەفەقان) بىرگە كەلگەن بولسا، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، ئۇستقۇددۇس، پىرسىياۋشان ھەربىرى تۆت گرام، گۈل گاۋزىبان ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى موتىدىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەرياقى پارۇق ياكى تەرياقى ئەربەئە ئاخشىمى مائۇلئۇسول بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ماددەتۇلھاياتتىن 15 گرامنى 250 گرام مائۇلھەسەل بىلەن بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋائى مىشكى شىرىسى ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى بەديان، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى ئۇستقۇددۇس بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

مەجۇنى سۆرۈنجان يېگۈزگەندىن كېيىن بەديان يىلتىزى، سۆرۈنجان، بوزىدان ھەر بىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ قايىنىتىپ، مائۇلئۇسول شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تەرياقى پارۇقتىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن بېرىلىدۇ.

تۇغۇتتىن كېيىن سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېگەنلىكتىن ئايال كىشى پالەچلەنگەن بولسا رەۋغىنى كىيۇرىدە داكىنى نەمدەپ، 6 ~ 7 قېتىم بالىياتقۇغا قويۇلىدۇ، ئەتىگەندە 12 گرام مەجۇنى سۇم 84 مىللىلىتىر ئەرقى تاماكا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، ئاخشىمى

ئېگىر، سىيادان، جۇزبۇۋا ھەربىرىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلدىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ، 21 ـ كۈنىگىچە مۇشۇ تەدبىر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ تىلىمۇ كېسەللەنگەن بولسا، زەنجىۋىل، پىلپىل، توغرىغۇ ھەربىرى ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق تالقان قىلىپ، ھەركۈنى 3 ~ 4 قېتىم يالىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە دەسلەپتە 3 ~ 4 كۈنگىچە پەقەت مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەپتەر شورپىسى ياغسىز ھالدا يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئەر ئىسسىق تەبىئەتلىك پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يېمەكلىكلەرنى كەپتەر شورپىسىغا قوشۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا بەرەنگى كابىلى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، 16 ـ ۋە 18 ـ كۈنلىرى مېڭىگە دىققەت قىلغان ئاساستا ئومۇمىي بەدەندە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 22 ـ ۋە 25 ـ كۈنلىرى ياكى 26 ـ ۋە 28 ـ كۈنلىرى ھەببى ئايارەج قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ (ھەكىم شەرىپخان)

تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى مەدەستان يېگۈزۈلىدۇ (ئىبنىسىنامۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن) قۇندۇز قەھرى، گاۋزىبان يىلتىزى، سەكپىنەچ ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ مەزەنجۇش سۈيى ۋە ئايال كىشىنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر قېتىمدا ئىككى تېمىمدىن بۇرۇنغا تېمىتىش پايدىلىق.

ئۇلۇغخان ئىجاد قىلغان تۆۋەندىكى پۇراتمىمۇ پالەچ ۋە سوغۇقتىن بولغان خەفەقان ئۈچۈن پايدىلىق، يەنى ئۇدخام 25 گرام، قەلەمپۇر، زەپەر، سۇمبۇل، لاچىندانە، بەسباسە، جۇزبۇۋا، پوستى تۇرۇنجى، ئىپار ھەربىرى تۆت گرام، ئەنبەر يەتتە گرام، لوبان 11 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ ئۇششاق قىلىپ، ئەنبەر ئەترىسى، لادەن ئەترىسى ھەربىرى ئىككى گرام، مەغەزگۇل يېغى ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلار بىلەن پۇراتما تەييارلاپ داۋاملىق پۇرىتىلىدۇ.

ھەكىم ئۇلۇغخاننىڭ ئاتىسى ئىجاد قىلغان تۆۋەندىكى سۇۋالمىنى تازىلاشتىن كېيىن ئىستېمال قىلىش ناھايىتى پايدىلىق، يەنى قۇندۇز قەھرى، ئاقىرقەرھا، پەرپىيۇن، زورەنبات، ئۇد ھىندى، ئۇد سەلىب، جۇزبۇۋا، نامازشامگۈلىنىڭ بەرگى، سۆرۈنجان، بوزىدان، قۇستە تەلخى، موغاس، سۇمبۇل تىپ، مەرزەنجۇش، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قۇستى يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باش، بويۇن، ئومۇرتقىلارغا سۇۋىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇر، قاقىلە قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ، ئاز مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ.

موميا، مەغەزگۇل يېغى، يەسمەنگۇل يېغى، سەۋسەن يېغى ھەربىرى 0.5 گرام، ئىپار، قۇندۇز قەھرى 0.4 گرام قاتارلىق دورىلاردىن تېمىتما ياساپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

مەستىكى، زەنجىۋىل، قەلەمپۇر، ئېگىر قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، جوز چوڭلۇقىدا كۆمىلاچ ياساپ، داۋاملىق شۈمۈپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن داۋالاشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا قىچا، ئاقىرقەرھا، بىخ كەبىر پوستى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، مەتبۇخ زۇپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ.

كېسەللىك ئادەتتىكىدەك بولسا تۆت كۈنگىچە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولسا يەتتە كۈنگىچە، ئېغىر بولسا 14 كۈنگىچە مائۇلھەسەلدىن باشقا ھېچقانداق يېمەكلىك، دورىلارنى ھەرگىز بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى بەزىدە ئىنتايىن ئاددىي يېمەكلىكلەر ياكى دورىلار ئارقىلىق دەرھال ياكى ئىككىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىش خەتىرى بولىدۇ. ئەگەر شۇ جەرياندا ئاجىزلىق بەك يۇقىرى بولسا پەقەت مائۇلھەسەل بېرىش يېتەرلىك بولمىسا توخۇ گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولۇپ بىمار ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئېغىزى ئىنتايىن كىچىك قاچىدا ساپ سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇھەممەت زىكرىيا رازى «پالەچلەنگەن ئادەم ئۈچۈن ساپ سۇ ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنىسىنا «ساپ ھاراق بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسا ھۇسەيىن «ئەرقى گۇل ئىچكۈزۈش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

مۇئەللىپ ئىقتىباس «ئەگەر بىماردا ئازراق چۈچۈش بولسا، ئەرقى گاۋزىبانغا ياكى ئەرقى شاھتەررىگە ئەرقى گۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزىمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

دەسلەپتە تۆت كۈنگىچە گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەربىرى تۆت گىرام، بەدىيان ئۈچ گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ئون گىرام قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىسى سۈزۈپ، ھەسەل گۇلقەنتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە يېمەكلىك ئورنىغا پەقەت مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ، تۆت كۈندىن كېيىن مەزكۇر چىلانمىغا رۇم بەدىيان، خام پىلە ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتىپ، شەربىتى مائۇلئۇسۇل ياكى شەربىتى لىمون بىلەن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت شورپىسى، ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گاۋزىبان بېرىلىدۇ.

سەككىزىنچى كۈنى مەزكۇر قايناتمىغا بىستىپايەجدىن 25 گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ ۋە يەڭگىل كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىر تۆت گىرام، يەتتە گىرام كەرەپشە ئۇرۇقىنى مەزكۇر قايناتمىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلۇقىغا نوقۇت سۇيىنى دارچىن، زەپەر بىلەن بىرگە پىشۇرۇپ، نوقۇت ئۇنىنىڭ نېنى بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. 15 ـ كۈنى سۇرگە ئۈچۈن ھەببى لەتىق ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەج مائۇلئۇسۇل بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ۋە ئېغىز چايقاتقۇ-زۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا مۇۋاپىق ئوزۇقلۇقلار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مائۇلئۇ-سۇل، ھەببى مەنتىن، ھەببى شەترەنجى ئىستىمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە غار - غار قىلدۇ-رۇش، چۇشكۇرتۇش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە دەسلەپتە كۈچلۈك خىلىدىكى سۇرگە دورىلىرىنى بەرمەسلىك كېرەك. بەلكى ئۆتكۈر كىلىزما ئارقىلىق خىلىت ئاستىغا تارتىلىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خىلىتنى يۇمشىتىپ چىقىپ كېتىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن خىلىتنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بايادەر-دوس، مەجۇنى تىررىموس، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى بىلەن قۇرۇق يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى بېرىلىدۇ. ياكى ئاچچىقتاۋۇز، غارىقۇن بىلەن ئايارەج پەيقارا ياكى بىرەر سۇرگۇ دورىسى يېگۈزۈلىدۇ.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھەببى شەترەنجى ياكى ھەببى مەنتىن ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىچا، ئاقىرقەرھا، بىخ كەبىر پوستى، ئېگىر، قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش) قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ ياكى ئايارەج ئەركاغانىس ۋە سىركەنجە-ۋىل ئەنسىلى ئارقىلىق ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كەرەپشە يىلتىزى پوستى، بەديان يىلتىزى پوستى ھەربىرى 48 گرام، ئىزخىر يىلتىزى، قۇندۇز قەھرى ھەربىرى 36 گرام، بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەديان، قەنتەرىيون سەغىر، ئاقىرقەرھا، زەنجىۋىل ھەربىرى ئون گرام، جۇۋىنە، قۇستە، زىراۋەندە، مۇدەھ-رەج ھەربىرى 14 گرام، سىيادان، قەردىمانە، سۇزاپ ئۇرۇقى، شەترەنجى ھىندى ھەربى-رىدىن 18 گرام ئېلىپ، دورىلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قايىنتىپ، 500 گرام قالغاندا سۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا بىدەنجىر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئۆتكۈر كىلىزمىلارنى ئىشلىتىپ تۇرۇش پايدىلىق، يەنى سېرىقچېچەك، بابۇنە، جۇۋىنە، مەرزەنجۇش، ئادراسمان ئۇرۇقى، ئىكلىلمەلىك، چالا سوقۇلغان زاراڭزا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، بۇغداي كېپىكى، ئەنجۈر، ئاچچىقتاۋۇز، بىدەنجىر ئۇرۇقى، قەنتەرىيون سەغىر، كونا زەيتۇن يېغى، ئاچچىقسۇ، ھەسەل قاتارلىق-لاردىن قائىدە بويىچە كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قالغان بولسا، ئايارەج جالىنۇس ياكى ئايارەج لوغانزىيا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئىككى گرام مەجۇنى بالادۇر يېگۈزۈلىدۇ. كېسەللەنگەن ئەزا ۋە بويۇن، كۆكرەك ئومۇرتقىلىرىغا قۇستە يېغى، ناردىن يېغى، پەرپىيۇن يېغى، سىيادان يېغى سۈۋىلىدۇ. (مەسھى)

پالەچتە باشقا تەدبىرلەر بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى دورا سۇيىدە يۇيۇنۇشمۇ ناھايىتى پايدىلىق، ھەببۇلغار مەرزەنجۇش، ئادىراسمان، بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئىكلىلمە-

لىك، ئاپپىلسىن، سۇزاپ ھەر بىرى بىر ھەسسە، قۇندۇز قەھرى يېرىم ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۇزۇپ، تەڭ مىقداردا زەيتۇن يېغى قۇيۇپ بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە بېشى يۇيۇلىدۇ.

بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ مەزكۇر دورىغا ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا، نەمام (قارا رەيھان) قاتارلىق خىلتنى تارقاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. (ئىبنى ئەلى ۋە گارو-نى)

دەسلەپتە ئۆتكۈر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللانماسلىق، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پەقەت ئۆتكۈر كلىزما قىلىشلا كۇپايە ۋە يەڭگىل دەرىجىدىكى مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. سۈرگۈ بەرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭمۇ يەڭگىل بولۇشنى ئويلىشىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئىنتايىن سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە بىمارنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز ھالدا قويۇش ناھايىتى پايدىلىق، ئەگەر بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئۇنداقتا ناھايىتى سىڭىشلىق غىزالار بېرىلىدۇ مەسىلەن: ئازراق نان بىلەن مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ ياكى چۈجە گۆشى قايناتمىسى بىلەن مائۇلھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلىق بەك زىيادە بولسا قۇشقاچ، كەپتەر، كەكلىك قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى قورۇپ، ناھايىتى ئاز مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ. ئۇسسۇز-لۇقتا ساپ سۇنى شوراپ ئىچكۈزۈلىدۇ (جەرجانى).

پالەچنى داۋالاشتا ھەر ھەپتىدە ھەببى قوقىيا ئارقىلىق تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. بۇ تازىلاش كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ مىقدارى تۈۋەنلىگەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلى-دۇ. ھەر كۈنى جاۋارىش بالادۇر ياكى ئايارەج ھورمىس يېگۈزۈلىدۇ.

مىزاج تەڭشىلىپ نېرۋىلارنىڭ ئىسسىقلىقى تەڭشەلگەنگە قەدەر قۇستە يېغى يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ھىڭ چۈشكەن ھەببى قەنتەرىيون ۋە سۇفۇپى زىراۋەندە ناھايىتى پايدىلىق.

بۇ كېسەللىكتە تازىلاش ئۈچۈن ھەببى پەرپىيۇن، ھەببى مەنتىن، ئايارەج ھورمىس ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئاق خەربەق ياكى تۇرۇپ سۈيى ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك تەرياقنى 0.5 گرامدىن باشلاپ بېرىپ، ئاستا - ئاستا ئۈچ گرامغىچە كۆپەيتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئازلىتىپ 0.5 گرامغا چۈشۈرۈلىدۇ.

سەكىنەچ، جاۋاشىر، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۈچلۈك كلىزما ۋە تامچىلاش ئىشلىتىلىدۇ.

بويۇن، كۆكرەك ئومۇرتقىلىرىغا كۈچلۈك خىلدىكى ياغلار ۋە قىزىتقۇچى سۈۋالمىلار سۈۋىلىدۇ. لېكىن سەزگۈرلۈك ئاجىز بولسا ئۆتكۈر خىلدىكى سۈۋالمىلارنى سۈۋاشقا

بولمايدۇ.

شەترەنجى ھىندى سۇۋاش پالەچ ئۈچۈن پايدىلىق.

كۆپ ساندىكى تېۋىپلار «قىچا بىلەن زىماد قىلىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

گۈڭگۈرت بىلەن توغرىغۇنى بىرلەشتۈرۈپ سۇۋاش پايدىلىق.

زەيتۇن يېغى، توغرىغۇ سۈيى، گۈڭگۈرت سۈيى، تۇزلۇق دەريا سۈيى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ باش يۇيۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەلنىڭ ساقايغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللەنگەن ئەزانى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلاش لازىم. بۇنداق ئەھۋالدا خىلتنى تارقاتقۇچى ۋە تۇتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دورىلارنى سۇۋاش ۋە قايىنتىپ باشنى يۇيۇش كېرەك. مەسىلەن: رۇم بەديان، قۇندۇز قەھرى، ئىزخىر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ تەدبىر پالەچلەنگەن ئەزا ساقايغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق كېسەللىكتە ياخشىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىسە ۋە كېسەللىك تارىخى ئۇزىراپ كەتكەن بولسا، داۋالاشتا پەقەت مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇشلا يېتەرلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى داۋاملىق بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بىمار بىرەر ئۆتكۈر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بەلغەمنى پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەك، ۋاقىتى كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك ھەب ۋە ئايارەج دورىلار ئارقىلىق تازىلاش كېرەك. (ساھىب كامىل)

پالەچنى داۋالاشتا كۆكرەك ساھەسىنى قوغداش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە بەزىدە ئۆپكىدىكى سۇيۇقلۇق كۆكرەككە يېتىپ كېلىپ، ئۆلۈپ كېتىش خەتىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەديان، زۇپا ھەربىرى تەڭ مىقداردا، زىرە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەربىرىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئۇرۇق دورىلارنىڭ قۇۋۋىتى چىققانغا قەدەر قايىنىتىپ سۈزۈپ مۇۋاپىق مىقداردا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ ھەر كۈنى ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «بەدەننىڭ يېرىمى بوشىشىپ كېتىش يۈز بەرگەندە كۆپىنچە بەدەننىڭ تۆۋەندىكى يېرىمى بوشاشقان ۋە ئاجىزلاشقان بولىدۇ بۇنىڭ ئۈچۈن دورىلارنى ئوبدان تاللىشىمىز كېرەك. يەنى خىنى يېغى، پىلپىل يىلتىزى، مەستىكى ھەربىرى 84 گرام، موم 60 گرام، قۇندۇز قەھرى 50 گرام، پەرپىيۇن، قەردمانە، كۇندۇر، ئازاراقى ھەربىرى 15 گرام، جاۋشىر، ئاقىرقەرھا ھەربىرىدىن 120 گرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ سۇۋايمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەكىم راقىم «بەدەننىڭ ئاستىنقى تەرىپى بوشىشىپ كەتكەن بىمارغا مەجۇنى ئۆشبە يېگۈزۈش ۋە رەۋغىنى مالاكەنگىنى سۇۋاش ئارقىلىق كېسەللىك بىرنەچچە كۈندە يوقالغان

ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

قۇلۇنجى (ئۈچەي تۇسۇلۇش) كېسەلدە كېرەكسىز ماددىنىڭ غول نېرۋىلارغا تەسىر يەتكۈزۈش ئارقىلىق بەدەننىڭ ئاستى تەرەپتە بوشىشىش يۈز بەرسە، بۇنىڭغا قارىتا «بوھران خاراكتېرلىك بوشىشىپ كېتىش»نى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 3. ھارارەت قوشۇلۇپ كەلگەن پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش:

علاج استرخاء و فالج مع حرارت وتب

پالەچ بىلەن مىزاجدا ھارارەت ۋە قىزىتما پەيدا بولسا، بىرىنچە كۈنگىچە پالەچنىڭ ھېچقانداق داۋاسىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر ۋە خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا شېكەر ئورنىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بەلغەمنى توختىتىش ئۈچۈن دورا ۋە يېمەكلىكلەر ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزىلەر «ئەرقى گاۋزىبان ۋە سىركە ئىچكۈزۈش، سىركە بىلەن گۈل يېغىنى باشقا سۇۋاش، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا لىمون سۈيى بىلەن نوقۇت ۋە بەرەڭگى كابىلى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئىشلەتسەك ھارارەتنى توختىتىش ئۈچۈن پايدىلىق. بەزىدە مىزاجنىڭ ھارارىتى ئارپا سۈيى بەرگەندىمۇ تۆۋەنلىمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مائۇلھەسەلنىمۇ چەكلەش لازىم ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر ياكى تومۇر داغمال سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھارارەتنى توختىتىش بىلەن بىرگە ئاستا ـ ئاستا پالەچنى داۋالاشقا يۈزلىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ خىل كېسەللىك بىلەن قىزىتما بولغان ئەھۋالدا ئىمكانقەدەر تەرخەمەككە ئوخشاش سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىسا، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى بېرىلىدۇ. لېكىن شىرىلىك (شىلىملىق) نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

گۈل بىنەپشە، ئۇد سەلب دورىلارنىڭ قايناتمىلىرىغا ئاق قەنت ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بەزىدە بۇ نۇسخىغا ئاق لەيلىگۈلى، قىزىلگۈل، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى قوشۇپ، تاتلىق ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىرەر خىلتتىن قىزىتما پەيدا بولغان بولسا، كېسەللىك ئېغىر بولۇپ داۋالاش بىرقەدەر قىيىنراق بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھالەتتە ھەممىدىن ئىلگىرى قىزىتمىنى يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك، مەسىلەن: ئەگەر قىزىتما غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا سىركەنجىۋىل سادىدە ۋە بىنەپشە شەربىتى ھەر بىرى 18 گرام، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە ھەربىرىدىن 84 گرام ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ بىر ھەپتىگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. سەككىزىنچى كۈنى مەزكۇر ئەرەقلەرگە 84 گرام خىيارشەنبەر، 60 گرام گۈلقەنت

ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا 48 گرام مۇتىدىل دىنار شەربىتى، يەتتە گرام بادام يېغى ئارىلاش-تۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا بېرىلىدۇ. چۈشلۈكى نوقۇت يارمىسىنىڭ سۈيى، كەچلىكى نوقۇت يارمىسىدا ئەتكەن شويلا بىلەن چۈجە گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ. ئەتىگەندە بەدەننى سوۋۇتۇش ئۈچۈن يەتتە گرام كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، ئۈچ گرام ئىسپىغۇل لۇئابى، 36 گرام نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ رەيھان ئۇرۇقىدىن بەش گرامنى سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3 ~ 4 قېتىم سۈرگۈ بەرگەندىن كېيىن قىزىتما پۈتۈنلەي يوقالغان بولسا، قائىدە بويىچە پالەچنى داۋالاشقا تىرىشىش كېرەك.

خالىس تۇتقاقلىق قىزىتما، نىسپىي تۇتقاقلىق قىزىتما، بەلغەمدىن بولغان تەپ، تۆت كۈنلۈك تەپ قاتارلىقلاردا ھەممىدىن ئىلگىرى قىزىتمىسىنى داۋالاش، ئۇنىڭدىن كېيىن پالەچنى داۋالاش كېرەك.

ئەزالارنىڭ پالەچلىنىشى بىلەن بىرگە قىزىتما بولغان ئەھۋال ئاستىدا بەزىدە تۆۋەندى-كى سۈرگۈ بېرىلىدۇ، يەنى «گۈل بىنەپشە، ئۇستقۇددۇس، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گاۋزى-بان، بەدىيان ھەربىرى تۆت گرام، قىزىلگۈل، شاھتەررە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، تەرخە-مەك ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، كاسىنە يىلتىزى ھەربىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، ئەنجۈر ئۈچ دانە قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى ئەرقى شوخلىدىن 500 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 48 گرام، خىيار شەنبەر 72 گرام، سانا توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ، ئالتە گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر پالەچ بىلەن قىزىتما بىرگە بولسا، قىش كۈنلىرى دەسلەپتە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار مەسىلەن: قەلەمپۇر، جۇزبۇۋا كۆپرەك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن گېلى توسۇلۇپ قېلىش ۋە ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ئەھۋالى بولسا، ھارارەتنى پەسەيتىش ۋە خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى تۆۋەندىكى نۇسخىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ خاتىرىلىگەن. يەنى گۈل بىنەپشە، شوخلا، نىلۇپەر قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، مۇتىدىل بۇزۇرى شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ (بۇزۇرى شەربىتى قوشۇشتىكى مەقسەت خىلتنى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن).

گەرچە ئەرقى گۈل پالەچ ئۈچۈن چەكلەنگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ قىزىتمىنىڭ ئۆتكۈر-لۈكىنى تۆۋەنلىتىدۇ ۋە يۈرەككە خۇشاللىق يەتكۈزىدۇ. ھاياتلىقنى ساقلاش ھەممىدىن مۇھىم، شۇڭا زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك.

يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن بىرەرسى كەم بولسا ئىككىنچى كۈنى قاپاق مېغىزى شىرىسى ئالتە گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئۈچ گرام، بېھى ئۇرۇقى 250 گرام قاتارلىق دورىلار

قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەتىسى سەھەردە پەقەت هارارەتنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتىدە ئەرقى شوخلا، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بېھى ئۆرۈكى لوئابى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئاۋازى بىر ئاز ئېچىلغان بولسا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، پەرسىياۋشان، شوخلا ھەربىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەتىسى مەزكۇر مۇنزىچقا ئۇستىقۇددۇس قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى سۈرگۈ بېرىلىدۇ، يەنى ئۆرۈكسىز ئۈزۈم ئون دانە، زۇپا ئۈچ گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قىزىلگۈل، گاۋزىبان، پەرسىياۋشان ھەربىرى تۆت گرام، شوخلا، گۈل بىنەپشە، شاھتەررە ھەربىرى ئالتە گرام، سانا 12 گرام، گۇلقەنتتىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا بىر گرام زەنجىۋىل، تۆت گرام تۇربۇت، 72 گرام خىيارشەنبەر، 48 گرام تەرەنجىبىن، بەش گرام بادام يېغى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

سۈرگىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى باشقا قالدۇق خىلىتلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئون دانە ئۆرۈكسىز ئۈزۈم، ئۈچ گرام زۇپا ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. خىلىت پىشقاندىن ۋە ئاجىزلىق يوقالغاندىن كېيىن سۈرگۈ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە مۇنزىچ ئىچكۈزۈپ يەنە سۈرگۈ بېرىلىدۇ. گال ۋە كىچىك تىلدىكى ئاغرىقلارنى توختىتىش ئۈچۈن، ئۇستىقۇددۇس، بەديان، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۆرۈكى، كۆكنار، خېنە ياغىچى، موزا، شوخلا قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ.

### 4. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتى، ئىششىق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش:

*علاج استرخاء وفالج دموی وورمی وغیره*

ئەگەر بوششىپ كېتىش قان خىلىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى ۋە ھارارەت بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن پالەچنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەلدە بىمارغا ئىمكانقەدەر ھېچقانداق يېمەك - ئىچمەك بەرمەسلىك كېرەك. ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇش لازىم.

تۆتىنچى كۈنى توسالغۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى، سىڭىشلىق بولغان توسالغۇلارنى ئاچقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: چۈجە گۆشىنى چامغۇر بىلەن پىشۇرۇپ نان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بويۇن ۋە يۈزىگە گۈل يېغى بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا رەۋغىنى ياسمەن

بىرلەشتۈرۈپ سۈۋىلىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى شاھتەررە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا قان خىلتنى تازىلىغۇچى دورىلارغا مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇرگۇ دورىلىرى ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئىسسىقتىن بولغان يۇلۇن ياللۇغى سەۋەبىدىن بولغان بولسا دەسلەپتە فۇپەل، ئاق سەندەل، ئاقاقىيا، مامشا قاتارلىق دورىلار، ئۇنىڭدىن باشقا خىلتنى ياندۇرغۇچى دورىلار مەسىلەن: يۇمغاقسۇت، تال غازىڭى، سېمىزئوت، سۆگەت شېخى قاتارلىق دورىلار شوخلا سۈيى ياكى ئەرقى گۈل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۈۋىلىدۇ. لېكىن ئىبنى جەزلە دېگەن تېۋىپ «ئەگەر بەدەندە توشۇپ كېتىش بولسا ئارتۇق خىلتنى تازىلاشتىن ئىلگىرى خىلتنى ياندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن.

كېسەللىك تەرەققىي قىلىۋاتقاندا خىلتنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار ئارقىلىق زىماد قىلىنىدۇ. ئارپا يارمىسى، ھۆل يۇمغاقسۇت گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە تارقاتقۇچى ۋە بوشاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاق لەيلى چېچىكى، بابۇنە، چامغۇر كۆكى، گۈل يېغى، موم قاتارلىقلاردىن سۈۋالما ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ياللۇغ سوغۇقلۇقتىن پەيدا بولغان بولسا، ئىششىغان جايغا ھەببۇلغار؛ مۇرمەككى، جۇزبۇۋا، زەپەر، قۇندۇز قەھرى، زەمچە دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قۇستە يېغى ياكى ھايۋان يېغى بىلەن ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ياغلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەپسەنتىن ۋە ئادىراسماننى كالىنىڭ ئۆتى بىلەن سۈۋىسا سوغۇقتىن بولغان ياللۇغ ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر بوششىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ئۇرۇلۇش ۋە يىقىلىش سەۋەبىدىن بولسا، بۇنداق ھالدا نېرۋىلار تۇيۇقسىز يېرىلىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق داۋا يوق.

ئەگەر (ئىسترخا) بوششىپ كېتىش ئاستا - ئاستا 2 ~ 3 كۈندىن كېيىن كۆرۈلگەن بولسا، بۇ نېرۋىلارنىڭ ئىششىغانلىقىنى ۋە خىلتنىڭ ئۇ جايغا چۈشۈۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ۋاقىتتا سۇرگۇ ئىشلىتىش ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ ۋە كۈچلۈك خىلدىكى تارقاتقۇچى دورىلار يەرلىك ئورۇنغا ۋە پالەچلەنگەن ئەزاغا سۈۋىلىدۇ. مەسىلەن: جاۋاشىر، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، موم قاتارلىقلار ھايۋانات يېغى ۋە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئەزالارغا سۈۋىلىدۇ.

مۇمىيا، زۇپتى رۇمى ھەربىرى تۆت گرام، نامازشامگۈلى ھەربىرى 11 گرام قاتارلىق دورىلار قائىدە بويىچە گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

پان يېغى، سېرىق ياغ ھەربىرىدىن 18 گرام ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

جالىنۇس ئىجاد قىلغان تۆۋەندىكى سۇۋالمىمۇ بۇ مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىق. يەنى ھەببۇلغار، قۇستە، كۇندۇر ھەر بىرى 36 گرام، مورمەككى، ئۇبھەل، جوز، قىزىلگۈل، زەمچە ھەر بىرى 28 گرام، زەپەر، قۇندۇز قەھرى ھەربىرى 14 گرام، قەردمانە 27 گرام، ئانار گۈلى، ئاقاقىيا، سۇمبۇل ھەر بىرى 18 گرام، مەستىكى، سىيادان ھەر بىرى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، موم ۋە نارجىل يېغى ياكى قۇستە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر پالەچ ۋە ئىسترخا ئومۇرتقىلارنىڭ ئۆز ئورنىدىن ئاجراپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن بولسا، ئىبنىسىنا بۇ ناھايىتى خەتەرلىك دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى بوغۇملارنىڭ ئاجراپ كېتىشىدىن بولسا «بوغۇم چىقىپ كېتىش (خوشى موپاسىل)»نىڭ تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە قابىز (تۇتقۇچى)، قورۇتقۇچى سۇۋالمىلار سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر بوشىشىپ كېتىش يەرلىك ئەزانىڭ خىلىتسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىدىن بولسا، سۇۋالما، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ياغلاش ۋە قىزىتقۇچى مەجۇن دورىلار ئارقىلىق مىزاجنى تەڭشەشكە تىرىشىش كېرەك ۋە خىلىتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان نىرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بوشىشىپ كېتىش بوھران خاراكتېرلىك بولسا، ئىسسىقلىقى مۆتىدىل بولغان ياغلار مەسىلەن: بابۇنە يېغى، مەغەزگۈل يېغى، سەۋسەن يېغى، زەنبەق يېغى، بىدەنجىر يېغى، ناردىن يېغى سۇۋاش لازىم، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، رۇبىسۇس قاتارلىق كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قويۇلۇپ قالغان خىلىتنى تارقاتقۇچى دورىلار كاسىنە سۈيى بىلەن سۇۋىلىدۇ.

نارجىل يېغىنى ئىچىدىن ياكى سىرتىدىن ئىشلىتىشمۇ بۇ خىل ئىسترخا ئۈچۈن پايدىلىق.

بەزىلەر «بىلسان يېغىدىن بىر ھەسسىنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ياغلارنىڭ بىرەرسىدىن 14 ھەسسە ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ سۇۋاش بۇ ھەقتە پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى خىلىت پىشقاندىن كېيىن ۋە تازىلاشتىن كېيىن قوللىنىلىدۇ. ئەگەر خىلىت ئىنتايىن ئاز بولسا تازىلىماستىن بىۋاسىتە قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر پالەچ قولۇنجى (ئۈچەي توسۇلۇش) سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئىبنىسىنانىڭ سۆزى بويىچە جوز رۇمى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ياغلار ياكى مەغەزگۈل يېغى قاتارلىقلار پايدىلىق. پالەچنىڭ بۇ قىسمىدا بەك ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئەكسىچە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارغا بىر ئاز سوغۇقلۇق بولغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

## 5. ۋابا كېسىلىدىن بولغان پالەچ ۋە ئىستىرخانى داۋالاش:

علاج استرخاء وفالج وبائى

بۇ خىل پالەچ ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنداق پالەچ «تارقىلىشچان ۋەبادىن بولغان پالەچ (پالەچ ۋەبائى)» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل پالەچنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە: بىر پەسىلدە (بىرلا ۋاقىتتا) بىر جايدا نۇرغۇن ئادەملەر بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ خىل پالەچ كۆپرەك سول تەرەپتە پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە بىمارنىڭ ئېغىزى قاتتىق سېسىق پۇرايدۇ. كۆزلىرى قىزىرىدۇ. بىمار ھوشسىزلىنىدۇ ۋە جۆيلۈيدۇ.

تارقىلىشچان پالەچتە بىمار دەسلەپتە زەڭگار رەڭ ۋە كۆدە سۈيى رەڭلىك قەي قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پالەچلىنىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىدۇ. ھەتتا 3 ~ 4 سائەتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ياكى كېسەللىك باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن ئۈچىنچى كۈندىن ئۆتۈپ كەتسە كۆپىنچە ساقىيىپ كېتىدۇ.

بەزى بىمارلاردا دەسلەپتە سەپرا ئارىلاشقان كۆدە سۈيى رەڭلىك قەي قىلىدۇ. ئۇنىڭ-دىن كېيىنلا دەرھال ھوشىدىن كېتىدۇ. بىراق ئىككى سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىدۇ. لېكىن قالايمىقان سۆزلەش، سول قول ۋە پۇتى سەزمەسلىك ۋە ھەرىكەتلەنمەس-لىك، چوڭ - كىچىك تەرەتنى توسۇلۇپ قېلىش، ئوڭ قولى تىترەيدىغان بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بىراق تۆتىنچى كۈنى جۆيلۈش، قول - پۇت تىترەش ئالامىتى توختايدۇ. لېكىن چوڭ - كىچىك تەرەت ئىختىيارسىز چىقىپ تۇرغاچقا بىمارنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا ئەرقى گۈل، ئەرقى باھار، نارەنجى يېغى قاتارلىق دورىلارنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، ئېغىزغا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا قان ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شەربىتى كەيىورە ھەربىرى 24 گرام، ئەرقى گۈل، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى باھار ھەر بىرى 60 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە كۈن ئىچكۈزۈلى-دۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسىغا زىرىق ياكى غوراب ئۈزۈم ۋە ياكى لىمون سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. سۇ ئورنىدا ئەرقى گۈل، ئەرقى باھار ۋە مائۇلئۇسۇل بارىد ئىچكۈزۈلىدۇ.

15 - ياكى 16- كۈنى ھەببى قوقىيا بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. 18 ياكى 19 - كۈندىن كېيىن قىزىلگۈل شەربىتى ۋە زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار ۋە رەۋەن چىنى چۈشكەن مەتبۇخ ھېلىلە ئىچكۈزۈلىدۇ. تولۇق تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن داۋائى مىشكى مۆتىدىل ۋە شەربىتى ياقۇت ئەرقى زىرىشك ۋە ئەرقى ئەنبەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

# يىگىرمە بەشىنچى پەسىل يىغىلىپ قېلىش

تشنج

**تونۇش:**

بۇ، بىرەر ئەزا تارتىشىپ ياكى يىغىلىپ قالىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئۇ تەشەننۇج ماددى (خىلىتلىق تارتىشىپ قېلىش)؛ تەشەننۇج يابىس (قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىپ قېلىش)؛ تەشەننۇج ئىمزائى (قاتتىق روھى تەسىرلىنىش خاراكتېرلىك تارتىشىپ قېلىش) دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. تەشەننۇجنىڭ بەزىلىرىدە تارتىشىپ قالغان ئەزالار تارتىشىپ بولۇپلا ئاسانلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتى قايتىدۇ. مەسىلەن: ئەسنەش، ھىق تۇتۇش، تۇتقاقلىق كېسەلدە تارتىشىش كۆرۈلگەندە ئاسانلا ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ. بىراق بەزى ئەزالار ئەسلىي ھالىتىگە قايتمايدۇ. بەلكى تارتىشىپ قالغان ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ.

**سەۋەبى:**

1. غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار تەسىرىدىن بولىدۇ.
2. غەيرىي تەبىئىي خىلىتسىز كەيپىياتلار تەسىرىدىن بولىدۇ.
3. قاتتىق روھىي تەسىرلىنىشتىن بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلىق يىغىلىپ قېلىش: بۇ كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن، ئاز ساندا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ياكى قان خىلىتىدىن ۋە ياكى سەپرا خىلىتىدىنمۇ بولىدۇ. لېكىن قان خىلىتىدىن بولغاندا مۇسكۇللاردا ئىششىق بولىدۇ. خىلىتلىق تارتىشىپ قېلىش كېسەللىكىدە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت پۈتۈن بىر ئەزادا ياكى ئەزانىڭ مەلۇم قىسمىدا بولىدۇ. پۈتۈن ئەزادا تارتىشىش بىلەن ئىششىق بولمايدۇ. ئەزانىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا بولغاندا ئىششىق بولىدۇ. بەزىدە تارتىشىش غەيرىي تەبىئىي خىلىت پەيدا قىلغان قويۇق يەلدىن پەيدا بولىدۇ.

خىلىتلىق يىغىلىپ قېلىش كۆپرەك غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ يۆتكەلگەنلىكىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: خەنناق (بوغما)، زاتىلجەنبە (كۆكرەك پەردە ياللۇغى)، سەرسام (مېڭە پەردە ياللۇغى) قاتارلىقلاردىن كېيىن بەزىدە تارتىشىش پەيدا بولىدۇ.

تارتىشىشنىڭ ماددىسى ئىستىرخانىڭ ئەكسىچە قورۇقتىن بولىدۇ. ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدىغان تارتىشىش كۆپرەك باللاردا، نەشە چەككۈچىلەردە، داۋاملىق مەست يۈرىدىغانلاردا، ئايالللاردا ئەمچەكتە سۈت توختاپ قالغانلاردا يۈز بېرىدۇ. ئۈنىڭدىن باشقا ئېغىر يۆك كۆتۈرۈش، بىر تەرەپنى بېسىپ يېتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىت بىرەر ئەزاغا توپلىنىشۇ-

لىپ شۇ ئەزادا توختاپ قېلىش، بىرەر نەرسە تېگىپ كېتىش، قاتتىق يەردە يېتىپ ئۇخلاش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېيىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. قۇرۇقتىن بولغان تارتىشىش: بۇ كېسەللىك سۇيۇقلۇق يوقىتىش، تازىلاشنىڭ كۆپ بولۇشى، سۇيۇقلۇقنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى، كۆيدۈرگۈچى قىزىتما، مېڭە پەردە ياللۇغى خاراكتېرلىك قىزىتما، ئۇيقۇسىز-لىق، غەم - قايغۇ، ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇنچ، ئېغىر دەرىجىدىكى ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىپ، بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەل جاھىل بولىدۇ.

قاتتىق تەسىرلىنىش خاراكتېرلىك يىغىلىپ قېلىش بۇ كېسەللىك بىرەر قاتتىق تەسىر قىلغۇچى ئىچكى، تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نېرۋا قاتتىق تەسىر قىلغۇچى ئامىلدىن قورقۇپ، ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن يىغىلىدۇ. بۇ تەسىر-لەندۈرگۈچى نەرسە ئىسسىق تەبىئەتلىك چاپلاشقاق خىلت بولىدۇ.

تەشەننۇجنىڭ ھەممىدىن ئېغىر بولغىنى لەۋ، كىرپىك، تىل قاتارلىق ئەزالارنىڭ يىغىلىپ قېلىشى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبى مېڭىدە بولىدۇ.

تەشەننۇج كېسەللىكى ئالدىنقى تەرەپكە مايىلراق بولسا، كېسەللىك ئالدىنقى مۇسكۇل-لاردا بولىدۇ. ئەگەر ئارقا تەرەپكە مايىلراق بولسا، كېسەللىك ئارقا مۇسكۇللاردا بولىدۇ.

ئالدى ۋە ئارقا ئىككى تەرەپتە مۇسكۇللاردا تارتىشىش بولسا تەمەددۇد (سوزۇلۇش) پەيدا بولىدۇ. بەزىدە تەشەننۇجنىڭ قاتتىقلىقىدىن بويۇندا تولغىشىش ۋە ئۆز جايىدىن قوزغىلىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

تەشەننۇجنى تەكشۈرۈشتە ئىستىرخانى تەكشۈرۈش قائىدىسى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى دەسلەپتە كېسەللىك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنمۇ ياكى ئاستا - ئاستا يۈز بەرگەنمۇ بۇ ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بولسا خىلتلىق ياكى تەسىرلىنىش خاراكتېرلىك تەشەن-نۇج بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن تاشقى سەۋەبلەر ۋە نېرۋا ئەزالىرىنىڭ كېسەللىكلىرىگە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىش، زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېيىش، نېرۋىلار ئۈرۈلۈپ ئۈزۈلۈپ كېتىش، قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، زەڭگەر رەڭلىك ۋە كۆدە سۈيى رەڭلىك قەي قىلىش، ئاشقازاندا ئېچىشىش بولۇش، چوڭ تەرەتتە قۇرت بولۇش، ئۇخلىغاندا ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى بولسا، بۇ تەشەننۇجى ئىيزائى (قاتتىق تەسىرلىنىش خاراكتېرلىك تەشەننۇج) بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تەشەننۇجى ئىيزائىدا تەشەننۇج پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى كېسەللەنگەن

ئەزادا قاتتىق ئاغرىش ۋە بىرەر بۇزۇلۇش ئالامىتى بولىدۇ. باشقا خىلدىكى تەشەننۇجدا بۇ خىل ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ.

خىلتلىق تەشەننۇجدا يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خىلتلىق تەشەننۇجنىڭ قايسى خىلت تەسىرىدىن بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر تەشەننۇج تېز ئەسلىگە كەلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بەدەندە ئېغىرلىق مەلۇم بولۇش، تومۇرى كەڭ سوقۇش، سۈيدۈكى قويۇق، بەدەن رەڭگى ئاق بولۇش، مۇسكۇللىرى بوشاڭ، ئورۇق بولۇش، تۇتقاندا سوغۇق بولۇش، ئۇسسۇزلۇق بولماسلىق، ئۇيقۇسى بەك كۆپ بولۇش، كېسەللەنگەن ئەزاسى ناھايىتى ئېغىردەك مەلۇم بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئىشتىھاسى كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە سەۋدا خىلتىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. غەيرىي تەبىئىي قان ياكى سەپرا خىلتىدىن بولغان ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تەشەننۇجنى تەكشۈرۈشتە ياللۇغنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا بولىدىغان بەزى ئەھۋاللار تەپسىلىي تەكشۈرۈلىدۇ. ئەگەر ياللۇغلانغان ئەزادا ئېغىرلىق بولسا، چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كېسەللەنگەن ئەزادا ئاغرىش ۋە ئېچىشىش بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇپ، كېسەللەنگەن ئەزا ئاجىز بولۇش، ياغ سۇۋىسا دەرھاللا سۈمۈرۈلۈپ كېتىش ئەھۋالى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈر كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش، كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بولۇش، سوزۇلما خاراكتېرلىك قىزىتما بولۇش، مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىگە گىرىپتار بولۇش، ئېغىر غەم - قايغۇغا گىرىپتار بولۇش، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قېلىش، جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىش، سۈيۇقلۇقنى يوقاتقۇچى ياكى سىيىمنى يوقاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ئەھۋالى بار - يوقلۇقى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر دەسلەپتە تومۇر ھەرىكىتى كىچىك ۋە قالايمىقان بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسكۇللاردا يىغىلىش پەيدا بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىل، كۆزلىرى ئالىغاي ۋە ئۇستىگە تارتىشىپ قېلىش، نەپەس قىيىنلىشىش، بىمار كۆلگەندەك كۆرۈنۈش، قەۋزىيەتلىك ۋە سۈيدۈك تۇسۇلۇش، سۈيدۈككە سۈيۇق قان ئارىلىشىپ كېلىش، قورساق كۆپۈش، ھېق تۇتۇش، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىش، بويۇننىڭ ئاستى، ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسى

ۋە بويۇننىڭ بوغۇمىدا تىترەش ۋە ئاغرىش بولۇش قاتارلىقلار كۆرۈلسە، بۇ تەشەننۇج پەيدا بولۇش خەتىرى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندا يەل كۆپ بولۇش، قورساق كۆپۈش، قورساق لىكىلداش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل كېسەلنىڭ ياز كۈنلىرى ياشلاردا، بالىلاردا كۆرۈلىدىغىنى ئەڭ ئېغىر، قىش كۈنلىرى ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغىنى يېنىكرەكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر كۆز نۇرسىز بولۇش، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىش، قول - پۇت قىزىل بولۇش، تىلنىڭ رەڭگى قارا بولۇش، باش ۋە پېشانە تېرىسى تارتىشىپ قېلىش، دەسلەپتە سۈيدۈك-نىڭ رەڭگى قىزىل، كېيىن ئاق بولۇش، ئىككى چېكە ۋە باشنىڭ قىل قان تومۇرلىرىدا لوقۇلداش ۋە ھەرىكەت پەيدا بولۇش، قىزىتما پەيدا بولۇش قاتارلىقلار تەشەننۇجنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى. بەزىدە قورساقتىمۇ تارتىشىش بولىدۇ. تەشەننۇجدىن ئىلگىرى بىمار چۈشىدىن قورقۇش، تەشەننۇجىدىن كېيىن بەدەننىڭ رەڭگى قىزىل ياكى كۆك ۋە ياكى قارىغا مايىل بولۇش، نەپەس توختاپ قېلىش، قەۋزىيەتلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ تەشەننۇجنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ۋە داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىزىتما بىلەن تەشەننۇج بولۇپ قىزىتمىنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسا ۋە ئەسلىدى-كى سۈيۈقلۇق كۆيۈش سەۋەبىدىن يوقالغان بولسا، بۇ ھۆللۈكتىن بولغان تەشەننۇج بولغان بولىدۇ ۋە بۇ ھۆللۈك قىزىتمىنىڭ ھارارىتى تەسىرىدىن توشۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى تەشەننۇجنى داۋالاش ئانچە قىيىن ئەمەس.

تەشەننۇجنىڭ بوھران كۈنلىرى (خىلىت ئالماشقان ۋاقتى) بىلەن باشقا كېسەللىكنىڭ پەرقى:

ئەگەر تەشەننۇج بوغما كېسىلىدىن بولغان بولسا تومۇر ھەرىكىتىدىن بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى تەسىرىدىن بولغان بولسا نەپەس قىستاش بولىدۇ. قىزىتما ئانچە قاتتىق بولمايدۇ.

ئەگەر مېڭە پەردە ياللۇغى تەسىرىدىن بولغان بولسا دەسلەپتە بىمار كۆزىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. كېيىن كۆزى ئالغاي ۋە بوينى ئېگىلىپ قالىدۇ. ئاندىن تەشەننۇج پەيدا بولىدۇ.

### 1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج بلغمى

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان پالەچ ۋە نېرۋا كېسەللىكتە قوللىنىلىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇ كېسەلدە تازىلاشنى

بەك كۆپ قىلمۇەتمەسلىك لازىم. بىراقلا خىلتلارنى تولۇق شەكلىدە تازىلىماستىن بەلكى ئاستا ـ ئاستا بىرنەچچە قېتىم كۆچلۈك بولمىغان دورىلار ئارقىلىق تازىلاش لازىم.

تازىلاشتىن كېيىن ئۈستقۇددۇسنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى شوخلا بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

بەزىلەر «توخۇنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن بارلىق تۈك، پەيلىرى بىلەن سېغىزدىن ياكى ھجىردىن ياسالغان قازانغا سېلىپ، ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، بىر كېچە ئېزىلىپ كەتكۈچە قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى بىمارغا ئىچكۈزسەك، شۇ كۈنىلا ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

زەپەر بىر گرام، ئىپار 0.5 گرام، گۈل يېغى، بابۇنە يېغى ھەربىرى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋالما تەييارلاپ سۇۋىلىدۇ.

سۈت، توخۇ يېغى ۋە ئېشەكنىڭ يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى رەۋغىنى ئەجمەلخان سۇۋاش پايدىلىق. بەزى تېۋىپلار «ماگنىت تېشىنى بىمارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسا، تەشەننۇجنىڭ ئاغرىقى ۋە بويۇن قېتىپ قېلىش ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

تازىلاشتىن كېيىن ياكى مەجۇنى جەۋزى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئەنجۇر شەربىتى، ھەسەل شەربىتى قاتارلىقلارنى بېرىشمۇ پايدىلىق.

2. قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج ازتب

بۇنىڭغا قارىتا پەقەت قەي قىلدۇرۇش ۋە سۈرگە بېرىشلا كۇپايە. خىلتلىق تەشەننۇجدا چىشلىرى كىرىشىپ قېلىش بىلەن بىرگە قىزىتما بولسا، سۈرگىدىن كېيىن ئۈد سەلىب، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم، پىرسىياۋشاننى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا دىنار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ يەنە ھارارەت بولسا دىنار شەربىتى ئورنىغا گۈلقەنت، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى شوخلا قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ كېسەلدە شىرە دورىلارنى كۆپ بېرىشكە بولمايدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا شورپا بېرىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىگەندىن كېيىن پىرسىياۋشان، ئىزخىر، سەرپىستان، بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، نېلۇپەر گۈلى، ئۇستقۇددۇس، زۇپا قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، خەشخاش شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن شاھتەررە، يەرلىك شوخلا، گۈل بىنەپشە، نېلۇپەر، ئۇستقۇددۇس، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى چېچىكى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە جەدۋار، مۇرمەككى، ئۈد سەلب، ئېگىر، گۈل يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇۋالما تەييارلاپ، ئىڭەك ۋە ئېغىزغا سۇۋىلىدۇ.

بەزىدە قىزىتمىدا تۇتقاقلىق كېسىلىگە ئوخشاش تارتىشىش پەيدا بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك دورا شىربىلىرى ۋە ئۇد سەلب قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. بالىلار ئۈچۈن ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئۇد سەلب ئىشلىتىلىدۇ. چوڭلارغا مېڭىنى كۈچ-لەندۈرۈش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن شەربەتلەر بېرىلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج سوداوی

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ياغلارنى سۈۋاش كېرەك.

سوزۇلما خاراكتېرلىك تەشەننۇجدا بەدەن ياغاچتەك قاتتىق بولۇپ قالسا ۋە پۈتۈن بەدىنىنى ھەرىكەتلەندۈرگىلى ۋە مىدىرلاتقىلى بولمىسا، بۇنىڭ ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى تازىلاش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن چۆپچىن، لاچىندانە، پىلپىلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ بېرىلىدۇ.

### 4. نېرۋىلارنىڭ ئىششىپ قېلىشىدىن بولغان خىلىتلىق تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج ازورم

بۇنىڭغا قارىتا ئىششىقتىن بولغان ئىستىرخا (بوشىشىپ كېتىش) كېسەللىكى ۋە نېرۋا ئىششىقىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

### 5. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج دموی

ئەگەر بۇ كېسەلگە بوغۇملارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقى قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن چىلان شەربىتى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى گۈل، بۇزۇرى شەربىتى قاتارلىق دورىلار بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بۇزۇرى شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بەدەن ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى بېرىلىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقى بولسا، ئۇنىڭغا بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بەدەن بەك ئاجىز بولسا، چىلان شەربىتى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە،

ئەرقى بەديان، ئەرقى گاۋزىبان، بىنەپشە شەربىتى ئارقىلىق داۋائى مىشكى يېگۈزۈلىدۇ ۋە بابۇنە يېغى سۈۋىلىدۇ.

بەدەن ئاجىزلىقى يوقالغاندىن كېيىن گۈل بىنەپشە، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، سانا قاتارلىق دورىلارنى قايىنىتىپ، خىيارشەنبەر شىرىسى، گۈلقەنت ئاپتابى (ئاپتاپتا پىشۇرۇلغان گۈلقەنت)، سېرىق ياغ ئارىلاشتۇرۇپ سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

## 6. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج صفراوی

چۇچۇمەل ئانار سۈيى، سىركە، ئەرقى گۈل ئىچكۈزۈلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن تەمرى ھىندى چىلانىسى بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا سۇماق ياكى ئەينۇلا سېلىنغان تائاملار بېرىلىدۇ.

## 7. توشۇپ قېلىشتىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج امتلائی

30 گرام سېرىق يۈگەينى 1500 ميللىلىتىر كونا شاراپقا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈش، بىخ سەۋسەننى قايىنىتىپ يالغۇز ھالەتتە ياكى كونا شاراپ بىلەن ئىچكۈزۈش، ئەنزىرۇت بىلەن بەدەنجىر يېغىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش، كەكرى قايناتمىسى بىلەن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، بادام يېغى، ھەسەل، قايىنىتىپ ئېلىنغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى سۈيى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇ. رۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

مەتبۇخى جىنتىيانا ياكى مەتبۇخى ئۇدبىلسان يالغۇز ياكى بادام يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇندۇز قەھرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىش ناھايىتى پايدىلىق.

ھىڭدىن بادام چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئەتىگەن ۋە ئاخشام ئىككى ۋاخ بېرىلسە ناھايىتى پايدىلىق.

سۈئلەپ ياكى پىلپىلنى يۇمشاق سوقۇپ، شاراپ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. (سۇۋۇەيدى)

سەۋسەن يىلتىزى، سەۋسەنگۈلى، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى زىغىر ئۇرۇقىنى تالقان قىلىپ، ھەسەل ۋە موم يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا سۈۋىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، جاۋاشىر قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياكى پەرپىيۇندىن ئۈچ گرام سوقۇپ، 36 گرام كونا زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇ-

رۇپ، باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا سۈۋىلىدۇ.

خېنە يېغى ياكى زەيتۇن يېغى، بۇغا يېغى ۋە ياكى جويۇز يېغى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سىرتتىن سۈۋىلىدۇ.

جوز ياكى مەرزەنجۇشنى يۇمشاق سوقۇپ، كۇنجۇت يېغى ۋە سېرىق موم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

مەرزەنجۇش، بەرگى ھەببۇلغار، بەرەنجاسىپ، بەرگى تۇرۇنجى، ئەفسەنتىن قاتار-لىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۇيىدە بىمارنى يۇيۇندۇرۇش، بابۇنە سۇيى بىلەن پۇتنى يۇيۇش، گۇڭگۇرتلۇك بۇلاق سۇيىدە يۇيۇندۇرۇش، جوز يېغى ياكى گاۋزىبان يىلتىزى ۋە ياكى قۇندۇز قەھرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىش ياكى چۇشكۇرتۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قىزىل نوقۇت بىلەن سۆئتەرنى پىشۇرۇپ، سۇيى ئىچكۈزۈلىدۇ. (سۇۋەيدى)

قۇستە يېغىنى سۇزاپ يېغى بىلەن سۇۋاش پايدىلىق.

مائۇلئۇسۇل بىلەن كەلكىلانەج يېغى ۋە بىدەنجىر يېغى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سېرىقچېچەك، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بەرگى ھەببۇلغار، ئادراسمان، پىننە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئومۇمىي بەدەن ۋە باش يۇيۇلىدۇ.

60 گرام قىزىل مومنى 1500 گرام زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان پەرپىيۇندىن 30 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ. (ئەبۇسەھلى)

ئومۇمىي بەدەن تەشەننۇج بولغاندا چۇشكۇرتۇش ئارقىلىق مېڭە تازىلىنىدۇ ۋە قىزد-تىلغان تاشنى ھاراققا تاشلاپ ئۇنىڭ بۇخارىتى ئارقىلىق ھورلاندۇرۇپ تەرلەندۇرۇشمۇ پايدىلىق.

سۇت ئېمىتكۈچى ئاياللاردا سۇت توختاپ قالغانلىقتىن تەشەننۇج كېلىپ چىققان بولسا، زەپەر، رۇم بەديان، سەۋسەن يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بىمارنىڭ بوغۇملىرىغا سۈۋىلىدۇ.

بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ھۆلبە قاتارلىق دورىلارنىڭ قايناتمىلىرى ئارقىلىق يۇيۇندۇرۇ-لىدۇ ۋە بابۇنە يېغى سۈۋىلىدۇ.

ھۆللۈكتىن بولغان تارتىشىش كېسەللىكىدە بىمارغا ئاز مىقداردا ھاراق ئىچكۈزۈش پايدىلىق، لېكىن مىقدارى كۆپ بولسا ناھايىتى زىيانلىق.

ئەگەر يۈزىدىن باشقا پۈتۈن بەدەندە تەشەننۇج بولسا، تېۋىپلار سۈۋالما (زىماد) ۋە تېشىدىن سۈركەيدىغان دورىلارنى بويۇن ئومۇرتقىسىغا سۈۋاشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەگەر تەشەننۇج چىرايدىمۇ بولسا يۇقىرىقىلاردىن باشقا چۇشكۇرتۇش تەدبىرلىرىنىمۇ قوللىنىپ مېڭىنى تازىلاش ۋە داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئەگەر تەشەننۇج ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرىقى ئالامەتلەر مەۋجۇت بولسا دەرھال قەي قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە بىمار بەزىدە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى ياكى چىرىگەن خىلىتلارنى قەي قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ.

توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇجنى داۋالاش ئىنتايىن ئاسان بولۇپ، دەرھال ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا دەسلەپتە كىلىزما ئىشلىتىش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تەرياقى كەبىر، ئىككى گرام سېرىقچېچەك ۋە زىرىلەرنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈك رەڭسىز بولسا پالەچ بايانىدا سۆزلەنگەن مائۇلئۇسۇل بىلەن ئايارەج پەيقارا كەلكىلانەچ يېغى ياكى قۇستە يېغى بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئىستەمخىقۇن ۋە ھەببى مەنتىن بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن پالەچتە ئىشلىتىلگەن غار ـ غار ئىشلىتىش، قورساق ۋە باشقا ئورۇنلارغا بابۇنە، بەرگى سوزاپ، بەرەنجاسىپ مەرزەنجۇش، بەرگى تۇرۇنجى، قارا رەيھان قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، يەرلىك ئورۇنغا مۇناسىۋەتلىك سۇۋالمىلارنى سۇۋاش، قىزىتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلارنى قايىنتىپ سۇيىدە يۇيۇندۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا ئايارەج جالىنۇس ئۇنىڭدىن كېيىن تەرياقى پارۇق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. (ساھىب كامىل)

توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇجدا بىر كېچە ـ كۈندۈز ھېچقانداق يېمەكلىك بېرىلمەيدۇ. ئۇندىن كېيىن دارچىن، جاۋاشىر، ئاش تۇزى ھەربىرى ئىككى گرام، سۇمبۇل تىپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان، رۇم بەديان، قۇندۇز قەھرى، رۇببىسۇس، سوقمۇنىيا ھەربىرى 2.5 گرام، سەكپىنەج، سىيادان، سازەج ھىندى ھەربىرى ئۈچ گرام، ئادراسمان بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆدە سۇيىدە نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، پەرھىز قىلغان ئاساستا يەتتە گرامدىن ياكى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسىلى كونىراپ قالغان بولسا يەتتە كۈنگىچە ئاچچىق بادام يېغى بىلەن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى كۇمىلاچ يەنە بىر قېتىم بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا كېسەل ساقىيالمىسا، بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ئوبدان قاراپ ئۇنىڭ بەدىنىدە ئارتۇق خىلىتلار مەۋجۇت بولسا، قېتىپ قېلىش ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان كىلىزمىلار ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ.

مەجمۇئە يېغى بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. (تېبى)

**8. قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:**

علاج تشنج يبسى

بۇ «تەشەننۇجى ئىستىفراغى (سۇيۇقلۇقتۇشتىن بولغان تارتىشىش)» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ ھەمدە قۇرۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكلىرىدە سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولسا يەرلىك ئورۇنغا داۋاملىق كۈنجۈت يېغىنى ئىلمان قىلىپ كۆپلەپ سۈۋىلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغول لوئابى، بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىق دورىلارغا تاتلىق بادام يېغى ياكى قاپاق يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، تاۋۇز سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى قاتارلىق دورىلارغا ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى قاتارلىقلار بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئىسپىغول لوئابى ۋە سېمىزئوت سۈيىگە داكىنى نەمدەپ باشقا قويۇلىدۇ.

ئەگەر قىززىتما بولمىسا ئېشەك سۈتى، ئۆچكە سۈتى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، قوي سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەرلىك ئورۇن سۈت بىلەن يۇيۇلىدۇ.

دۇمبە ياغنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ، يەرلىك ئورۇنغا ئۇزاق مەزگىل كېسەل ساقايغىچە تېڭىپ قويۇش قۇرۇقتىن بولغان تەشەننۇج ۋە قاتتىق تەسىرلىنىشتىن بولغان تەشەننۇج ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەفتىمۇن ھىندى، كۈنجۈت قاتارلىق دورىلار مۇۋاپىق مىقداردا سۇ بىلەن قاينىتىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

بىنەپشە، نېلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئاقلانغان ئارپا ھەر بىرى 108 گرام، خېنىگۈل 250 گرام قاتارلىق دورىلارنى تاۋۇز سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، قاپاق سۈيى ھەربىرى بەش لىتىر، ئون لىتىر تاتلىق دەريا سۈيى بىلەن قاينىتىپ، ھەركۈنى 4 ~ 5 قېتىم يۇيۇندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر قىززىتما بولسا مېڭە نېرۋا ۋە مۇسكۇللارغا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپرەك تىرىشىش كېرەك ۋە بىمارنى ھۆل جايلاردا تۇرغۇزۇش، چىلان، گۈل بىنەپشە، كاسىنە ئۇرۇقى، سەرپىستان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئىسپىغول لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، نېلۇپەر شەربىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئۆچكە پاچىقى شورپىسى، بادام يېغى ياكى پالەك بىلەن ئېتىلگەن

بۇغداي ئۇمىچى، بۇغداي كراخمالى، ئاق قەنت، بادام يېغى بىلەن ئېتىلگەن هالۋا، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، بادام ۋە پىستە مېغىزى، پاقلان ۋە توخۇ گۆشى شورپىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا هۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقتىن بولغان تەشەننۇج هۆللۈكنىڭ ئۆيۈپ قېلىشىدىن بولغان بولسا، تازىلاشتىن كېيىنكى توشۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان تەشەننۇجدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ ۋە هۆل زۇپانى تېڭىش، كۇنجۇت يېغى ئىچكۈزۈش ۋە سۇۋاش، كۇنجۇتنى سوقۇپ، باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا تېڭىش، ئۇزۇقلۇقىغا ئاقلانغان ئارپا بىلەن شېكەر بېرىش، رەيهان شارابى بىلەن ساپ سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، سۇ ۋە ياغلارنى ئىلمان قىلىپ پۇتنى يۇيۇش، يۇمشاق نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك لوئابلارنى باشقا تېڭىش، تەر چىققانغا قەدەر سوغۇق جايدا تۇرغۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج تولۇق ساقىيىپ كەتمەيدۇ، بىراق كۆپرەك ئەهۋالدا تۆۋەندىكىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ئېشەك سۈتىنى مۇناسىۋەتلىك ياغلارغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۇۋاش، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش، بىر قاچىغا ئىلمان قىلىنغان كۇنجۇت يېغىنى قۇيۇپ بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش، ئارپا يارمىسى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، قىز تۇغقان ئايال كىشىنىڭ سۈتى قاتارلىق دورىلاردىن سۇۋالما تەييارلاپ سۇۋاش.

ئەگەر قەۋزىيەت ۋە قىزىتما بولسا قاپاق سۈيى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش، قىزىتما بولمىسا ئېشەك سۈتىگە شېكەر ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. (ئىيسا)

ئەگەر بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە بادام يېغى بىلەن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىك تەرەققىي قىلىپ قالسا تەجرىبىلىك تېۋىپلارمۇ بىمارنىڭ ساقىيىشىغا تولۇق كاپالەت قىلالمايدۇ. بىراق كېسەللەنگەن ئەزانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئاجىزلىقنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. (تېرى)

## 9. قاتتىق روهي تەسىرلىنىشتىن بولغان تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج ايذائى

بۇنىڭدا سەۋەبىگە قاراپ (تەشەننۇج ئىزائى) داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك بىرەر زەهەرلىك نەرسىنى يېگەنلىك ياكى يىلان، چايانغا ئوخشاش زەهەرلىك هايۋانلار چېقىۋالغانلىقتىن بولغان بولسا، تەرياقى سەمانىيە ياكى تەرياقى ئەربەئە جۇلاب بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت شورپىسى بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا

زەھەرلىنىش بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر تەشەننۇج بىرەر خىلىت سەۋەبىدىن پەيدا بولسا ئۇنى تازىلاش كېرەك ۋە يەرلىك ئورۇننى سوۋۇتۇش ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان تەشەننۇجدا قوللىنىلـ‍غان سۇۋالما دورىلار ۋە ياغلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر تەشەننۇج ئاغرىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاغرىقنى توختىتىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك يالغۇز، نېرۋىلارنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشى، سەپرا خىلىتىنىڭ يەرلىك ئورۇنغا قويۇلۇشى، نېرۋا كېسەللىكى، قۇرت كېسەللىكى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولسا، سەۋەبىگە قاراپ سەۋەبچى كېسەلنى داۋالاش كېرەك.

بۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى شۇ كېسەللىكلەر بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

## 10. باللار تەشەننۇجنى داۋالاش:

علاج تشنج اطفال

بۇ كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان بۇخارات، قەۋزىيەتلىك، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ يىغلاش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەل ناھايىتى ئاسان پەيدا بولىدۇ ۋە ناھايىتى تېز ساقىيىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ قورۇقتىن بولغان باللار تەشەننۇجى ئاسانلا ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۆتكۈر دەرىجىدىكى قىزىتمىدىن كېيىن پەيدا بولغان تەشەننۇج جاھىلراق بولىدۇ. يەتتە ياشتىن ئاشقان باللاردىكى قورۇقتىن بولغان تەشەننۇج ئېغىر دەرىجىدىكى قىزىتما سەۋەبىدىن بولىدۇ. (شەيخ)

باللار قويۇق سۈت ئېمىش، ئوزۇقلۇقنى كۆپ يېيىش، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇجقا گىرىپتار بولىدۇ.

ئەگەر باللاردا دائىملىق ئۆتكۈر قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق، ئىچى قېتىپ قېلىش، چىرايى ۋە بەدەن رەڭگى سېرىق بولۇش، تىلىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇش، ئېغىز قۇرۇش، تېرە تارتىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ تەشەننۇج پەيدا بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. (ساھىب كامىل)

داۋالاشتا بۇنىڭغا قارىتا تەشەننۇجدا قوللىنىلغان ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئەگەر بالا بەك كىچىك بولۇپ سۈت ئېمىۋاتقان بولسا، دورىنى سۈت ئېمىتكۈچى ئايالغا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سۇۋالمىلار بالىغا سۇۋىلىدۇ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

11. توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك باللار تەشەننۇجىنى داۋالاش:

علاج تشنج اطفال امتلائى

بۇنىڭغا قارىتا ئىككى گرام بەدىيان، بىر گرام شوخلا، 0.5 گرام ئۇد سەلب قاينىتىپ، 12 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما يۇقىرى بولسا، ئۇد سەلب ئورنىغا ئىككى گرام چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئۈچ دانە چىلان ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا ئىسسىق تەبىئەتلىك شامچىلارنى ئىشلىتىش، قوستى يېغى، بىدەنجىر يېغى قاتارلىقلارنى سۈۋاش، سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈش، ھەسەلنى نان بىلەن بېرىش، توخۇ گۆشىنى كەپتەر گۆشى، نوقۇت سېلىپ پىشۇرۇپ نان بىلەن بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

2. قۇرۇقتىن بولغان باللار تەشەننۇجىنى داۋالاش:

بۇ كېسەللىك قىزىتما ۋە كۆپ تازىلاشلاردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ياشانغانلاردا بولىدىغان قۇرۇقتىن بولغان تەشەننۇجدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

بىنەپشە يېغى ۋە بادام يېغى بىلەن ئاق مومنى بىرلەشتۈرۈپ باش، بويۇن، كۆكرەك ئومۇرتقىلىرى، ھەرقايسى بوغۇملارغا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ئۇيقۇسىزلىق ۋە كۆپ يىغلاش بولسا، يەڭگىل شامچىلار ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ ۋە ئۇخلاتقۇچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى باللاردىكى چىش مىلىكلىرى ئاغرىش ۋە ئىششىق سەۋەب-دىن بولسا، چىش مىلىكلىرى ئىششىقى ۋە ئاسان چىش چىقىرىش بابىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھەزىم بۇزۇلۇش بولسا سۈت ئېمىتكۈچى ئايال ۋە باللىنىڭ يېمەكلىكى تەڭشىلىدۇ ۋە ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك جاۋارىش-لار يېگۈزۈلىدۇ. سەۋسەن يېغى، خېنى يېغى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ.

## يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل تارتىشىش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىش

تمدد وکزاز

**تونۇش:**

بىرەر ئەزانىڭ ئىككى تەرەپتىكى مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى «تەمەددۇد (تارتى-شىش)» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىدە بويۇن مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىشى سەۋەبىدىن بويۇن ئالدى ۋە ئارقا تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ ياكى مۇسكۇللار ئىككىلا تەرەپتىن تارتىشىپ بويۇن قېتىپ قالىدۇ. بۇ «كوزاز (قاتما ياكى بويۇن قاتمىسى)» دېيىلىدۇ.

جالىنۇس سوغۇق تېگىپ قېلىش، نېرۋىلارنىڭ ھۆللۈكى قويۇلۇپ قېلىشتىن بولغان تەشەننۇج ۋە تەمەددۇرلارنىمۇ «كوزاز» دەپ ئاتىغان.

بەزىدە ئومۇرتقا ۋە مۇسكۇللاردا بولىدىغان بىر خىل قېتىپ قېلىش كېسىلى «تەمەددود» دېيىلىدۇ. بويۇن ۋە غول ئومۇرتقا مۇسكۇللىرىدىكى قېتىپ قېلىش «كوزاز» دېيىلىدۇ.

كوزاز ئەزالارنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە بولسا ئۇ «كوزاز قوددام (ئالدى تەرەپ قېتىپ قېلىش)»، ئارقا تەرىپىدە بولسا «كوزاز خەلىپ (ئارقا تەرەپ قېتىپ قېلىش)»، ئومۇمىي بەدەندە بولسا «كوزاز مۇتلەق (مۇتلەق قېتىپ قېلىش)» دېيىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

تارتىشىش ۋە قېتىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى يىغىلىپ قېلىش (تەشەننۇج) نىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشايدۇ. يەنى توشۇپ قېلىش، نېرۋىلارغا بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق تەسىر قىلىشى، ئىششىق قاتارلىقلاردىن تەشەننۇج پەيدا بولغاندەك تەمەددۇد ۋە كوزازمۇ پەيدا بولىدۇ. تەمەددۇر ۋە كوزاز كۆپرەك يەلدىن پەيدا بولىدۇ.

بوشاپ قېلىش خاراكتېرلىك تەمەددۇد ۋە كوزازدا كېسەللىك كۆپىنچە بەلغەم خىلتىدىن بولىدۇ. قان ۋە سەپرا خىلتىدىن ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. يەنى بەلغەم خىلتى نېرۋىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆزلۈكىدىن ئىچكى ياكى تاشقى سەۋەبلەردىن قېتىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەزالاردا يىغىلىش ۋە قېتىپ قېلىش بولىدۇ ياكى بەلغەم سۇيۇقلۇقى نېرۋا ۋە مۇسكۇل قاتلاملىرىغا كىرىۋېلىپ بۇ جاينى توشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئۇزۇنغىچە ساقايمايدۇ.

بەزىدە يىغىلىپ قېلىشقا ئوخشاش تارتىشىپ قېلىشمۇ بوغما، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ بوھران كۈنلىرى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. قۇرۇقلۇقتىن تەمەددۇد ۋە كوزاز پەيدا بولغان بولسا مۇسكۇللارنىڭ كېڭىيىشى ناچارلىشىدۇ. ئۇزىرىشى نورمال بولىدۇ. ئەكسىچە قۇرۇقتىن بولغان تەشەننۇجدا ھەر ئىككىلىسى ناچارلىشىدۇ. شۇڭا قۇرۇقتىن بولغان بوھران تەشەننۇج قۇرۇقتىن بولغان تەمەددۇد ۋە كوزازدىن بەكرەك خەتەرلىك بولۇپ، داۋالاش قىيىن بولىدۇ.

بەزىدە بىرەر نەرسە قاتتىق تەسىر قىلىشتىن تەمەددۇد پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: غەيرىي تەبىئىي خىلتلىق ياكى خىلتسىز ئاغرىشلار ئاشقازان نېرۋىلىرى ياكى پەردىلىرىگە تەسىر قىلىشتىن قاتتىق قەي قىلىش سەۋەبلىك تەمەددۇد پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېيىش ياكى زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى

شىدىن بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

كېسەللىك خىلىتىنىڭ كۆپ بولۇشى، تىل ياكى لەۋنىڭ تارتىشىشى تەمەددۇدنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالامىتى:**

داۋاملىق قىزىش (هومياتى لازىمە) دىن كېيىن كوزاز پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىمار بىئارام بولغان بولسا ۋە جۆيلۈش، چىرايى سارغىيىش، تىلى قارىداش، ئېغىز، لەۋلىرى قۇرۇش، قەۋزىيەتلىك، بەدەن تېرىلىرى تاتىرىش بولسا، بۇ قۇرۇقتىن بولغان قېتىپ قېلىش (كوزاز يابىسى) نىڭ يامان خاراكتېرلىكى بولىدۇ.

باشقا بىرەر نەرسە تېگىپ كېتىش سەۋەبىدىن بويۇن قېتىپ قېلىش پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن هېچ تۇتۇش ياكى كۆڭۈل ئايلىنىش ۋە ئەقىل ئېلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بۇ خىلدىكى كوزاز ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

كوزاز ئادەتتە باللاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. باللار قانچە كىچىك بولسا كېسەللىك شۇنچە ئاسان ساقىيىدۇ.

كوزازدىن ئىلگىرى كۆپرەك ئومۇمىي بەدەندە مۇسكۇللار تارتىشىش، بەدەن ۋە تىل ئېغىرلىشىش، سۆزلىگەندە كېكەچلەش، بەل ۋە غول ئومۇرتقا مۇسكۇللىرى قېتىش، تاماقنى يۇتۇش قىيىنلىشىش، ئومۇمىي بەدەن قىچىشىش، قاشلىسا هېچقانداق ئۇنۇم بەرمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بويۇن قېتىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە چىشلىرى كىرىشىپ قالىدۇ. هېچقانداق نەرسە گالدىن ئۆتمەيدۇ ۋە قاتتىق ئاغرىش، چىرايى قىزىرىش، كۆز قارىسى تولا مىدىرلا-ش، ياش ئېقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك تارتىشىشتا ئەزالاردا يىغىلىپ قېلىش بولمايدۇ. كوزاز پەيدا بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئەگەر تارتىشىپ قېلىش بەدەننىڭ ئالدىنقى تەرەپتە بولسا، بىمارنىڭ چىرايى قىزىرىش، كۆزى تېشىغا پۇلتىيىپ چىقىپ قېلىش، چىرايى قارىغا مايىل بولۇش، بويۇن يىغىلىپ قېلىش بىلەن بىرگە باش ئالدى تەرەپكە ئېگىلىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر تارتىشىش چىرايى ۋە ئېڭەك مۇسكۇللىرىدا بولسا، بىمارنىڭ چىرايى تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغاندەك مەلۇم بولىدۇ. نەپەسلىنىش ئەزالىرى ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرىدا بولسا نەپەس قىستاش بولىدۇ.

ئەگەر تارتىشىش سۈيدۈكلۈكتە بولسا بىمار سىيەلمەيدۇ. بەزىدە ئىختىيارسىز هالدا سۈيدۈك مېڭىپ كېتىدۇ. بەزىدە سۈيدۈك بىلەن قان كېلىدۇ.

ئەگەر تارتىشىپ قېلىش بەدەننىڭ ئاستىنقى ئەزالاردا بولسا، باش، تاغاق ۋە بىلەكلەر ئاستى تەرەپكە تارتىشىپ قالىدۇ.

ئەگەر تارتىشىش تۈز ئۈچەينىڭ نېرۋىلىرىدا بولۇپ، مەقئەت مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قالغان بولسا، چوڭ تەرەت ئىختىيارسىز مېڭىپ كېتىدۇ ياكى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ قالىدۇ. ھەرقانداق كوزاز ئۈيقۇسىزلىق ۋە ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسى ئاغرىشتىن خالىي بولالمايدۇ، تومۇرى ھەرە چىشىسىمان بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ھەر خىلدىكى تەمەددۇد (تارتىشىش) ۋە كوزاز (بويۇن قېتىپ قېلىش) نى تەكشۈرۈش تەشەننۇجنى تەكشۈرگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىبنىسىنا «تەمەددۇد ۋە كوزازنى داۋالاش تەشەننۇجنى داۋالىغانغا ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن تەمەددۇد ۋە كوزازدا تېزراق داۋالاشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك. باش ساھەسىگە تىلماي لوڭقا قويۇش تەمەددۇد ۋە كوزاز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، بىمارنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىغان بولسا خىلىتنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىلمان زەيتۇن يېغىدا ئولتۇرغۇزۇش، زەيتۇن يېغىدا بويۇننى ياغلاش، جاۋاشىردىن ئۈچ گرام يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ھۆل سوغۇقتىن بولغان تەمەددۇد ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرگە تاماقتىن كېيىن قۇندۇز قەھرى مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تەمەددۇدقا كۆپىنچە سوغۇقلۇق ۋە مىزاج تۆۋەنلەش ئۈچۈن زەھەر قايتۇرغۇچى (تەرياق) ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مۇقەل، راسەن، سۆئتەر قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش تەشەننۇجغا قارىغاندا كوزازغا كۆپرەك پايدىلىق.

قۇندۇز قەھرى بىلەن سۇزاپ يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاش ۋە سۇزاپ يېغىغا قۇندۇز قەھرى ۋە قەنتەرىيون ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاش پايدىلىق.

توغرىغۇ، ئاچچىقتاۋۇز چۈشكەن ھەمەلچىلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئۆتكۈر كىلىزمىلار ئارقىلىق ئۈچەيلەردە كۆپلەپ غىدىقلىنىش پەيدا بولغان بولسا، ئېشەك سۈتى ۋە سېرىق ياغ ئارقىلىق كىلىزما قىلىنىدۇ.

كوزاز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئۈشىاق، سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. چۈنكى بىرەر نەرسىنى يۇتۇش بۇ خىلدىكى بىمارلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ ياكى بۇرۇندىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئوزۇقلاندۇرۇش مەقسىتىدە چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، سۈيۈق ئۇماچ، شورپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەزالار ۋە مەقئەتنى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ياغلاپ تۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن خېنى يېغى ئەڭ مۇۋاپىق.

مۇمىيانى مۇناسىۋەتلىك ياغ بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بويۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈش قىيىن بولۇپ، باشتا ئاغرىق بولۇش، سۈيدۈك توختاپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسا، رۇم بەدىيان، بىنەپشە، يەرلىك شوخلا، بەدىيان يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، قىزىلگۈل، گاۋزىبان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا بەدىيان، پىرسىياۋشان قوشۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چىگىت مېغىزى، تېرىق، ئاش تۇزى، سىيادان، جۇزبۇۋا ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئىككى قات پاختا رەخت بىلەن ئوراپ، بابۇنە يېغى ۋە خەيرى يېغىنى قىزىتىپ دورىلارنى ياغلاپ، بۇ ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن مۇۋاپىق ھالدا ھەسەلنى قاينىتىپ مائۇلھەسەل تەييارلاپ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە مائۇلئۇسۇل ۋە مېڭىنى تازىلىغۇچى كۇمىلاچ دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر بويۇندا مايماقلىق يەنىلا مەۋجۇت بولسا، مائۇلئۇسۇل بىلەن تەرياقى پارۇق بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىيان يىلتىزى، بەدىيان، كېۋەز يىلتىزى، دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قاينىتىپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە قۇندۇز قەھرىنى مۇناسىۋەتلىك ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋىلىدۇ.

ئاغرىق يوقالغاندىن كېيىن يەڭگىلرەك سۈرگۈ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر ئارقىلىق مەجۇنى سۆرۇنجان يېگۈزۈلىدۇ.

تۇغۇتتىن كېيىن سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىش سەۋەبىدىن كوزاز پەيدا بولغان بولسا، قۇستە يېغى ياكى بابۇنە يېغى قاتارلىقلارنى ئىشلىمان قىلىپ ھەر كۈنى 10 ~ 12 قېتىم سۇۋاش پايدىلىق.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ھەيز توختاپ قېلىش سەۋەبىدىن بولسا، ھەيزنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن مىشكى تارامىش، ئوردان، بەدىيان، بادرەنجى بۇيا، يەرلىك شوخلا، بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسىنە يىلتىزى پوستى، ئىزخىر يىلتىزى ھەربىرى توققۇز گرام، جوز پوستى 18 گرام، پىرسىياۋشان، بىخ كەبىر، رۇم بەدىيان ھەربىرى يەتتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، خىيارشەنبەر ھەر بىرى 36 گرام، گۈلقەنت 48 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىلىدۇ.

خىلىت پىشىپ ھەيز ماڭغاندىن كېيىن بەدەننى ۋە مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن رەۋەن چىنى، ئاق تۇربۇت ھەربىرى توققۇز گرام، سانا 18 گرام، خىيارشەنبەر 82 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گرام دىنار شەربىتى ۋە يەتتە گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك سۈرگە كۇمىلاچلىرى بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئۇس-

سۈزۈلۈقىغا ئەرقى بادرەنجى بۇيا ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئاخشىمى قائىدە بويىچە ئىلگىرى سۆزلەنگەن ئۇزۇقلۇقلار بېرىلىدۇ.
ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە توققۇز گىرام مەجۇنى سوم، بىر دانە ئالتۇن ۋاراقتا ئوراپ، مىشكى تارامىش، زاراۋەندى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بەدىيان ھەربىرى توققۇز گىرام، رۇم بەدىيان تۆت گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان ھەربىرى يەتتە گىرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك بۇزۇرى شەربىتى 48 گىرام، ئاق ۋە قىزىل تۇدەرى ياكى ھەببى رىشات توققۇز گىرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى مەجۇن بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. شۇنداقلا 4 ~ 5 قېتىم سۈرگۈ بەرگەندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ماددەتۇلھايات ۋە مەجۇنى سىير يېگۈزۈلىدۇ.
بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە قاراپ جاۋاشىر ھەربىرى ئىستېمال قىلدۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق. لېكىن بۇنىڭدا ئاشقازان بۇزۇلۇش خەتىرى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇشەق، ھىڭ ھەربىرى يېشىل پۇرچاق چوڭلۇقىدا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى جاۋاشىرنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
جاۋاشىر، ئاقمۇچ، ئاچچىق قۇستە ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاخشىمى يېگۈزسەك كوزاز خەلپى (ئارقا تەرەپ قېتىپ قېلىش) ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.
بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن تەرياقى پارۇقنى بادام مېغىزى چوڭلۇقىدا يېگۈزسەك ياكى داۋائى مىشكى شېرىن بىلەن مۇرمەككى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزسەك كوزاز ئۈچۈن پايدىلىق.
بوغا يېغى، دۇمبە ياغ، كالىنىڭ سان سۆڭىكىنىڭ يىلىكى، ئۆردەك يېغى قاتارلىق دورىلارنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا قىزىل موم ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.
قۇرۇق سۈزاپ، قۇندۇز قەھرى، مۇرمەككى، ئىپار، ھىڭ ھەربىرى 0.5 گىرام، ئىزخىر، پىننە، پىلە قۇرتى، سەكپىنەچ، جاۋاشىر، ئۈچ گىرام، ئادراسمان ئۇرقى، زىراۋەندە، مۇدەھرەج ھەربىرى ئىككى گىرام قاتارلىق دورىلاردىن يېلىم دورىلارنى ئايرىلسىن ئەرقىدە ئېرىتىپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 144 گىرام ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، ئەينەك قاچىغا قاچىلاپ، 40 كۈن كۆلگە كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن 7 ~ 14 گىرام ئېلىپ، ئۇد بىلسان، جىنتىيانا، بەدىيان، قەنتەرىيون سەغرى، بادرەنجى بۇيا، كەرەپشە ئۇرۇقى، ھەليۇن ئۇرۇقى ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، شېكەر ۋە ھەسەل ھەربىرىدىن 18 گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى مەجۇن بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇ كېسەللىك قوزۇقلۇقتىن بولغان راسا تۆۋەندىكى ئۇسللار بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىش ۋە بويۇن قېتىپ قىلىشنى داۋالاشتا

بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ياكى بادام يېغى بىلەن سۈت، مۇناسىۋەتلىك لوئابلار ئىچكۈزۈلىدۇ، ئىلمان سۇ بىلەن پۇتنى يۇغۇزۇش، باشقا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك سۈتلەر بىلەن پاختىنى نەمدەپ باشقا قويۇش ۋە يېغى بىلەن بەدەننى ياغلاش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان ۋە ئوغلاق گۆشلىرىنىڭ شورپىلىرى، بېلىق گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۆردەك ۋە توخۇ مايلىرى، كالا پاچاق سۆڭىكىنىڭ يىلىكى، سېرىق موم، كۈنجۈت يېغى قاتارلىق دورىلار قائىدە بويىچە يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

ئۆچكىنىڭ پاچىقى، پاقلاننىڭ بېشى، توخۇ چۈجىسى، ئاقلانغان ئارپا، سەرپىستان شىرىسى، دۇمبە ياغ، ئاچچىق قاپاق، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك، بادرەنجى بۇيا، بابۇنە، ئاق لەيلىگۈلى، پالەك، سېمىزئوت، ئىسپىغۇل، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى سۇ، سۆگەت شېخى سۈيى، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى گۈل، تاتلىق ئانار سۈيى، تاتلىق بېھى سۈيى قاتارلىقلارغا ئۇزۇنراق چىلاپ سۇزۇپ، ئۇنىڭغا قاپاق يېغى، تاۋۇز ئۇرۇقى يېغى، بادام يېغى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى پىيالە ئېلىۋېلىپ قالغىنىدا بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنى ئابزەندىن چىقىرىپ مەزكۇر سۇدىن بىر پىيالە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا مەزكۇر دورا سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر سۇدىن يەنە بىر پىيالە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەلدە قەۋزىيەتلىك بولسا تەرەنجىبىننى قايناق سۇدا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى خىيارشەنبەر شىرىسى، بادام يېغى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلار ئارقىلىق يۇمشىتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمار بەك ئاجىز بولسا كلىزما قىلىنىدۇ.

كوزاز ۋە تەمەددۇد كۆپرەك باللاردا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا يەرلىك ئورۇنغا داۋاملىق سۈت سۈۋاپ تۇرۇش، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلارنى سۈۋاش پايدىلىق.

بۇنىڭدا چوڭلاردىكى تەمەددۇد ۋە كوزازغا ئوخشاش تازىلاش ئېلىپ بارماستىن بەلكى ئارپا سۈيى، كېپەك سۈيى، قوغۇن يىلتىزىنىڭ سۈيى، بىنەپشە يېغى، قاپاق ئۇرۇقى يېغى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

باللار بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا پۇتۇنلەي ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ شۇ ئەزاسى قېتىپ قالىدۇ ۋە شۇ پېتى چوڭىيىپ بارىدۇ. ئەگەر كېسەللىك چوڭلاردا كۆرۈلسە بىرىنچىچە كۈن ئىچىدە ساقىيالمىسا كېيىنچە پۇتۇنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ.

## يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل  لەقۋا (يۈز نېرۋىلىرى پالەچى)

لقوه

**تونۇش:**

بۇ چىراي ئەتراپىدىكى ۋە قاپاق قىسمىدىكى مۇسكۇللارنىڭ بوشىشىپ كېتىش ياكى تارتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن چىرايى ئوڭ ياكى سول تەرەپكە مايماقلىشىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار ئىككى لەۋ قىسمىنى ۋە بىر تەرەپتىكى كۆزىنى يۇمالمايدۇ.

بىر قىسىم تېۋىپلار «بەزىدە بۇ كېسەللىك يۈزنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا يۈز مايماقلىشىپ قالمايدۇ. لېكىن كۆزنى يۇمغاندا كىرپىك ئوبدان يۇمال-مايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەقتە رازى «مەن يۈز نېرۋا پالەچى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر بىمارنى كۆرگەن، ئۇ ئىككىلا كۆزنى يۇمالمايتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭدا يۈز نېرۋا پالەچىنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى مېڭىدىن بىراقلا ئىگەك نېرۋىلىرىغا تۆكۈلۈپ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىشىدىن بۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ.

مېڭىدە قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بىراق بۇنداق ئەھۋالدا بىمارنىڭ يۈزى بىر تەرەپكە ئەمەس ئىككىلا تەرەپكە تارتىشىپ قالىدۇ. بۇ كېسەللىك قۇرۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن يەنى ئۆتكۈر كېسەللىكنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولسا، دەرھال ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بۇ كېسەللىك چىراي ئەتراپىتىكى ۋە قاپاق قىسمىدىكى مۇسكۇللار بوشىشىپ كېتىش-تىن بولسا بۇ «لەقۋائى ئىستىرخا (بوشىشىپ كېتىشتىن بولغان يۈز نېرۋا پالەچى)» يىغىلىپ قېلىشتىن بولسا «لەقۋائى تەشەننۇجى (يىغىلىپ قېلىشتىن بولغان يۈز نېرۋا پالەچى)» دەپ ئاتىلىدۇ.

جالىنۇس «بۇ كېسەللىكتە بەزى ۋاقىتلاردا بوشىشىپ كېتىش ۋە يىغىلىپ قېلىش تەڭلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: بىر تەرەپ بوشىشىپ كېتىدۇ، يەنە بىر تەرەپ يىغىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى: بىر تەرەپكە قويۇق خىلىت چۈشۈپ يىغىلىپ قېلىشتىن تارتىشىش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. يەنە بىر تەرەپكە سۇيۇق خىلىت چۈشۈپ بوشىشىپ كېتىش پەيدا قىلىپ قويىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان يۈز نېرۋىسى

پالچى جىددىي خاراكتېرلىك قىزىتما، بەدەن تازىلاش (ئىشپىراغ) نى كۆپ قىلىۋېتىشتىن پەيدا بولىدۇ.

مېڭە پەردە ياللۇغىدا يۇز بەرگەن پالەچ ئۆلۈمنىڭ خەۋپى بولىدۇ. بەزىدە بويۇن مۇسكۇللىرىدا بوغما (خەنناق) خاراكتېرلىك ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن لەقۋا (يۈز نېرۋا پالىچى) پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ياللۇغ سەۋەبىدىنمۇ لەقۋا كۆرۈلىدۇ.

ئادەتتە يىغلىپ قېلىشتىن بولغان لەقۋا كۆپ ئۇچرايدۇ. بوششىپ كېتىشتىن بولغان لەقۋا بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

«شىپائۇل ئەقسەم» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «بۇ كېسەللىكنى 40 كۈن ئىچىدە داۋالاپ ساقايتىش كېرەك، بولمىسا بۇ كېسەل تولۇق ساقىيالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بەزى تېۋىپلار «لەقۋا ئىككى ئاي ئىچىدە ساقىيىپ كەتمىسە ئۇنىڭدىن كېيىن ساقىيىشى ئاسان ئەمەس، ئەگەر تۆت ئايدىن ئېشىپ كەتسە ساقىيىشتىن ئۈمىد يوق» دەپ كۆرسەتكەن.

يۈز نېرۋا پالىچى شەكىللەنگەندىن كېيىن سەكتە پەيدا بولىدۇ.

مەسىلەن: رازى «مەن نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى كۆردۈم، ئۇلار ئالدى بىلەن لەقۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن سەكتە كېسەللىكى پەيدا بولغان. لەقۋانىڭ دەسلەپكى تۆت كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىش خەترى بولىدۇ. ئەگەر تۆت كۈندىن ئۆتۈپ كەتسە شوك كېسىلىنىڭ خەترىمۇ تۈگەيدۇ ۋە بىمارنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد بار» دەپ كۆرسەتكەن.

سول تەرەپتە بولغان يۈز نېرۋا پالىچى ئوڭ تەرەپتە بولىدىغان يۈز نېرۋا پالىچىگە قارىغاندا خەتەرلىك بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يۈز نېرۋا پالىچى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئالامەتلەر ئېنىقلىنىدۇ يەنى يۈز سۆڭىكىدە ئاغرىش بار ـ يوقلۇقى، تېرىدە سېزىم بار ـ يوقلۇقى ۋە يۈزنىڭ يېرىمىدا كۆپلەپ يۈز مۇسكۇللىرى لىكىلداش (ئىختىلاج) بار ـ يوقلۇقى ئېنىقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ ئېغىزىغا لىق سۇ ئالدۇرۇپ، ئالدىغا شامنى يورۇتۇپ قويۇپ سۇنى پۈركىگىلى سالىمىز.

ئەگەر بىمار سۇنى تېز پۈركىيەلمەي شامنى ئۆچۈرەلمىسە بىمار يۈز نېرۋىسى پالىچىگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ.

كېسەللەنگەن تەرەپنى مۇنداق بىلىش كېرەك، يەنى ئەگەر قول بىلەن تارتىپ رۇسلىسا يەنە بىر تەرىپى تەبىئىي ھالدا ئۆز شەكلىگە كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللەنگەن تەرەپنى تەكشۈرۈشتە كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ سېزىمى بار ـ يوقلۇقى ياكى ئاجىزلىغانلىقى، لىكىلداش (ئىختىلاج) نىڭ كۆپلۈكى ۋە شۇ تەرەپتى-

كى چىشىدا بىرەر نەرسە چاينىيالماسلىق، شۇ تەرەپتىكى كۆزدىن ياش ئېقىش قاتارلىق ئالامەتلەر ئارقىلىقمۇ تەكشۈرگىلى بولىدۇ.

بوشىشىپ كېتىش خاراكتېرلىك يۈز نېرۋا پالەچى ياكى يىغىلىپ قېلىش خاراكتېر-لىك يۈز نېرۋا پالەچى تۆۋەندىكىدەك تەكشۈرۈلىدۇ:

پېشانە ۋە چىرايىنىڭ تېرىسى ۋە كېسەللەنگەن تەرەپنىڭ مۇسكۇللىرى يۇمشاق مەلۇم بولۇش، بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تېرىسى ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، بويۇن تەرەپكە ئەكېلىش قىيىن بولۇش، ئاستىنقى قاپقى ساڭگىلاپ قېلىش، كىرپىكنى جۇپلىيەلمەسلىك، تىلدا ئېغىرلىق بولۇش سەۋەبىدىن بىمار سۆزلىيەلمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ بوشىشىپ كېتىش خاراكتېرلىك لەقۋا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كېسەلدە پېشانە تېرىسى يىغىلىپ قېلىش، چىراي مۇسكۇللىرى قاتتىق بولۇپ، تېرە بويۇن تەرەپكە مايىل بولۇش، بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئازراق ئاغرىش بولۇپ، ھەرىكەتلەندۈرۈش قىيىن بولۇش، ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولۇش، ساق تەرەپتىكى كىرپىك-لىرنى يۇمۇش مۇمكىن بولماسلىق، باش ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ يىغىلىپ قېلىش خاراكتېرلىك يۈز نېرۋا پالەچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشەننۇج يابىسىن (قۇرۇقتىن بولغان يىغىلىپ قېلىش) ۋە تەشەننۇجى رۇتەب (ھۆللۈكتىن بولغان يىغىلىپ قېلىش) قاتارلىق-لارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شۇ ھەقتە سۆزلەنگەن تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

ئەگەر يۈز نېرۋا پالەچى بولۇشتىن ئىلگىرى بويۇندا ئىششىق پەيدا بولغان بولسا، بۇ كېسەلنىڭ ئىششىقتىن بولغان لەقۋا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە تەشەننۇجدىن بولغان يۈز نېرۋا پالەچى كۆپىنچە لەۋلەردە كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

بىمارنى ئىسسىق جايدا تۇرغۇزۇپ، سوغۇق ھاۋادىن قاتتىق قوغداش كېرەك ۋە بىمارنىڭ ئالدىدا ياتاق ياغىچىنى كۆيدۈرۈش كېرەك.

جوز، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، ئېگىر قاتارلىقلاردىن بىرى داۋاملىق شۇمۇپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئالدىدا ئۇزىنىڭ چىرايىنى بىمالال كۆرەلىگۇدەك ئەينەك قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئۆتكۈر يورۇقلۇق، ئېقىۋاتقان سۇ، نەم ھاۋا، سوغۇق جايلاردا تۇرماسلىق، بەلغەم خىلتى پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش ۋە 4 ~ 7 كۈنگىچە سۇ ۋە يېمەكلىك بەرمەسلىك كېرەك. پەقەت مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە بۇ جەرياندا ھېچقانداق كۈچلۈك داۋالاش قىلماسلىق لازىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنزىج بېرىپ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تازىلىنىدۇ ۋە غەيرىي

تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكلىرى قائىدىسى بويىچە مائۇلئۇسۇل ۋە كۆمىلاچ دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، دورا سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

دەسلەپتە 4 ـ 7 كۈنگىچە مائۇلھەسەل سادده بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ياكى تاشقى تەرەپتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بىراق ئېغىر قەۋزىيەتلىك بولسا ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى ئىنتايىن يەڭگىل كىلىزما ئارقىلىق كىلىزما قىلىنىدۇ.

يەڭگىلرەك بولغان يۈز نېرۋا پالىچىدە تۆت كۈنگىچە مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈپ، بەشىنچى كۈنى مۇنزىج بېرىلىدۇ، يەنى بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، پىرسىياۋشان ھەر بىرى ئالتە گرام، ئۇستىقۇددۇس تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى بەدىيان بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، ھەسەل گۈلقەنتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەككىزىنچى كۈنى سۇرگە بېرىلىدۇ. ئۈچ قېتىم سۇرگە بەرگەندىن كېيىن ئۇستىقۇددۇس، يەرلىك شوخلا، گاۋزىبان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك ياغلار سۈۋىلىدۇ.

بەزى بىمارلاردا مىزاجىنىڭ ھارارىتىگە قاراپ گۈل بىنەپشە ئالتە گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، نېلۇپەر ھەربىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى مۇنزىجقا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاق تۇدەرنى مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا ئاق تۇربۇت، قارا ھېلىلە، سېرىق ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، بادام يېغى قاتارلىق دورىلار-نى ئارىلاشتۇرۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ، سۇرگە ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

سۇرگۈدىن كېيىن يۈرەك تىترەش يەئنى رېتىمسىزلىقى (خەفەقان) ۋە قەۋزىيەتلىك-نى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇستىقۇددۇس، نېلۇپەر ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاق قەنتتىن 18 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت گرام ماددەتۇلھايات بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۈز نېرۋىسى پالىچىدە قىزىتما بولسا، گاۋزىبان، بەدىيان يىلتىزى ھەربىرى بەش گرام، پىرسىياۋشان، كاسنە يىلتىزى ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا گۆش شورپىسى، ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن ئەرقى بەدىيان بېرىلىدۇ.

قىزىتما چۈشكەندىن كېيىن چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، بەدىيان، بىخ كەرەپشە ھەربىرى بەش گرام، ئىزخىر يىلتىزى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلار يۇقىرىقى قايناتمىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يۈز نىرۋا پالىچى بىلەن قىزىتما بولسا، چىلان، گۈل بىنەپشە، ئۈستقۇددۇس، شاھتەررە قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، مۇناسىۋەتلىك شەربەت، تەرخەمەك شىرىسى ۋە سوقۇلغان خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۈد سەلبتىن 0.5 گرامنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، يۇقىرىقى نۇسخىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئۈستقۇددۇس، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، ئاق شېكەر ۋە سوقۇلغان خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قىرقىلمىغان پىلە ئىككى گرام، گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، يەرلىك شوخلا، ئۈستقۇددۇس ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، 24 گرام نىلۇپەر شەربىتى ۋە سوقۇلغان خاكشىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىترىفىللار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

يۈز نىرۋا پالىچى بىلەن يۈرەك ئېغىش (خەفەقان) بولسا، قائىدە بويىچە يۈز نىرۋا پالىچىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە گاۋزىبان، قىرقىلغان پىلە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن مېڭە ۋە جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش، مېڭىدىكى قالدۇق ماددىلارنى تازىلاش ئۈچۈن، ئايارەج پەيقارانى ئىترىفىل سەغىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك شوخلا، پىرسىياۋشان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئۈستقۇددۇس قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۈد بىلسان، ئۈد سەلب ھەربىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى دارچىن، ئەرقى بادرەنجى بۇيا قاتارلىق دورىلار بىلەن قايناتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، تەرياقى پارۇقتىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ بىرگە ئىستېمال قىلدۇرساق يۈز نىرۋا پالىچى ۋە پالەچ ئۈچۈن پايدىلىق. ئوزۇقلاندۇرۇشتا كەپتەر باچكا گۆشى، كەكلىك گۆشى شورپىلىرى بېرىلىدۇ.

بوشىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان يۈز نىرۋا پالىچىدا بوشىشىپ كېتىش كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى، يىغىلىپ قېلىشتىن بولغان يۈز نىرۋا پالىچىدا يىغىلىپ قېلىش كېسىلىدە قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن قەلەمپۇر، جۇزبۇۋا، قۇستە، مەرزەنجۇش، زىراۋەند، تەۋىل، زىراۋەندى مۇدەھرەج ھەربىرى 12 گرام، قۇندۇز قەھرى ئالتە گرام، ئىپار، ئەنبەر ھەربىرىدىن 2 ~ 4 گرام ئېلىپ، پەرپىيۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ سۈۋاش، بوشىشىپ كېتىشتىن بولغان يۈز نىرۋا پالىچى ئۈچۈن پايدىلىق.

پالىك، چامغۇر كۆكى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، بۇلارنى ئوبدان سىقىپ

سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ھەر خىل سۈيۈقلۇقلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن 3 ~ 4 كۈن ئىچىدىلا بىمار ساقىيىپ كېتىدۇ.

قورۇلغان بىدەنجىر ئۇرۇقى مېغىزى 36 گرام، جۇزبۇۋا 18 گرام، زىراۋەندە، تەۋىل 18 گرام (ياكى قۇندۇز قەھرى) قاتارلىق دورىلارنى كونا شاراب ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، كونا پاختىغا سۈۋاپ كېسەللەنگەن تەرەپكە قويۇش ۋە ئەتىگەن ـ كەچتە ئىككى قېتىم يېڭىلاپ تۇرۇش يىغىلىپ قېلىشتىن بولغان يۈز نېرۋا پالەچى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ خىل پالەچ مەيلى توشۇپ قېلىشتىن بولسۇن ياكى قۇرۇقلۇقتىن بولسۇن سۈيدۈكلۈككە ئىلمان قىلىنغان ياغلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە سۈۋاش پايدىلىق.

ئۇنىڭدىن باشقا تازىلاشتىن كېيىن باشنىڭ قالدۇق خىلتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن بۇرۇن تېمىتمىلىرى (سەئوت)، چۈشكۈرتكۈچى دورىلار (ئەتوس)نى، پۇراتما دورىلارنى ئىشلىتىش مۇھىم. لېكىن غار ـ غار قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن بۇرۇن تېمىتمىسىنى دەسلەپتە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن داۋائى مىشكى ھار، جاۋارىش ئەسقەپ، جاۋارىش ئوترۇج، ھەببى سىماب، ھەببى ئازاراقى، ھەببى سىياھ قاتارلىق دورىلار ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ھالدا تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

چۈچۈمەل، تۇزلۇق نەرسىلەر، سۈت ۋە سۈت بىلەن ياسالغان يېمەكلىكلەر، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر، ھۆل مېۋىلەر، سوغۇق سۇ قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ۋە كېسەللىك ساقايغۇچە يورۇقلۇقتىن، سوغۇق ھاۋادىن، ئەقلىي ئەمگەكتىن چەكلىنىدۇ.

ئەگەر يۈز نېرۋا پالەچى بويۇن مۇسكۇللىرى ئېششىپ قېلىشتىن بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە بوغما ئىششىقى بابىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

يۈز نېرۋا پالىچىدە پالەچتە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇنىڭدا غار ـ غار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئاقىرقەرھا، زەنجىۋىل، قىچا، بىخ كەبىر پوستى بىر ھەسسە، قۇرۇق ئۈزۈم ئىككى ھەسسە ئېلىپ قاينىتىپ كۆپرەك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سۇماق ياكى ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى ۋە پىلپىل سۈيى بىلەن ياۋا يالپۇز قاتارلىقلارنىڭ سۈيى ۋە ياكى ياۋا پىننە ۋە ئەنسىل سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن سۆئتەر، سۇزاپ، ئاقىرقەرھا، بەرگى ھەمشىباھار، بەرگى ئادىراسمان، بابۇنە، ئىكلىمىلىك، مەرزەنجۇش قاتارلىق دورىلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە ھورلاندۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن مەرزەنجۇش سۈيى ياكى چامغۇر كۆكى سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتىش پايدىلىق. (مەسىھى)

يۈز نېرۋا پالىچى كېسىلىگە 4 ~ 7 كۈنگىچە كۈچلۈك دورىلارنى بەرمەسلىك لازىم.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلمايدىغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: نوقۇت شورپىسى بىلەن زەيتۇن يېغى بېرىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ئىككىنچى كۈنى كلىزما قىلىنىدۇ، دەسلەپتە غار ـ غار قىلدۇرۇش زىيانلىق.

يىغىلىپ قېلىشتىن بولغان يۈز نېرۋا پالەچىدە ئەڭ ياخشىسى تازىلاش ئۈچۈن كۈچلۈك دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۆتكۈر ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلغۇچى دورىلاردىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ كېسەللىكتە نېرۋىلاردا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ خىلىتلارنى قۇرۇق ۋە قويۇق قىلىۋېتىش ناھايىتى خەتەرلىك.

ھەر كۈنى ئايارەج ھورمىستىن يەتتە گرامنى بىر ئاي يېگۈزسە ناھايىتى پايدىلىق.

ئەگەر كېسەللىك ھۆللۈكتىن بولسا كېسەللەنگەن تەرەپنى تەبىئىي ھالەتكە كەلتۈرۈپ تېڭىپ قويۇش ناھايىتى زۆرۈر.

يىغىلىپ قېلىش خاراكتېرلىك يۈز نېرۋا پالەچىدە ئالدى بىلەن تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن خىلىتنى تارقاتقۇچى تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

يۈز نېرۋا پالەچىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت نېرۋا مەركىزى ۋە يۈز مۇسكۇللىرىدا تۇرۇپ قالغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بويۇن ئومۇرتقىلىرى ۋە باشقا قىزىتقۇچى دورىلار سۈۋىلىدۇ. لېكىن قاپاق مۇسكۇللىرى ئۈچۈن باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى تازىلاش زۆرۈر. ئومۇرتقا ۋە باشقا قۇرۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ھەمدە ئومۇرتقا ۋە باشقا سۈۋاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئومۇرتقا ۋە باش سىركە بىلەن يۇيۇلىدۇ، سىركە بىلەن يۇمشاتقۇچى دورىلارنى قاينىتىپ ياكى قىچىنى سوقۇپ، سۈۋالما تەييارلاپ ئىشلىتىش ناھايىتى پايدىلىق، بۇنىڭ پايدىسى بولمىسا قۇلاق ئاستىدىكى تومۇر داغلىنىدۇ.

ئېگىر، جۇزبۇۋا، ئاقىرقەرھا، قارا ھېلىلىنى سوقۇپ يېگۈزۈش ۋە غار ـ غارنى كۆپرەك ئىشلىتىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

مەرزەنجۇش سۈيى ئۈچ گرام، سەكبىنەج 0.5 گرام، زەيتۇن يېغىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىشنى بەش كۈن داۋاملاشتۇرسا ناھايىتى پايدىلىق.

باھار پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بالىلار نېرۋا پالەچى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە كۈنگىچە ئىترىفىل سەغىر ئىستېمال قىلدۇرۇلسا ۋە ئۇزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت سۈيى بېرىلسە ئىنتايىن پايدىلىق. (شەيخ)

يۈز نېرۋا پالەچى ۋە پالەچنىڭ كېسەللىك خىلىتى ئوخشاش، لېكىن بۇ ئىككىسىدىكى پەرق شۇكى، ئەگەر كېسەللىك خىلىتى پۈتۈن بەدەندە ياكى بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە بولسا بۇنىڭ بىلەن پالەچ پەيدا بولىدۇ. پەقەت ئېڭەك ۋە باشتا بولسا يۈز نېرۋىسى پالەچى

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە يۈز نېرۋا پالەچىنى داۋالاش تامامەن پالەچنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇزۇقلۇقنى چەكلەش كې-رەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ ۋە مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك كۈملاچ دورىلار ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سۈرگۈ ئىشلىتىش ۋە مېڭىنى تازىلاشتىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك دورا سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بۇرۇن تېمىتمىسى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. (ساھىب كامىل)

يۈز نېرۋا پالەچى پەيدا بولغاندا بىمارنىڭ مىزاجىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئەگەر مىزاجىدا ھارارەت پەيدا بولسا، دورا ئىچكۈزۈش ياكى قول ئەمەلىيىتى بىلەن داۋالاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئالدىراپ قوللانماسلىق كېرەك. بەلكى بىمارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە مۇۋاپىق ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ خىل ئەھۋالدا ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (سەرسام) ياكى كۆكرەك پەردە ياللۇغى (بەرسام) ئېغىر لاپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى نورماللاشقان بولسا بۇ چاغدا داۋالاشقا كىرىشىش كېرەك. ئەگەر كېسەللىك پەيدا بولغاندا مىزاجىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا ھەر كۈنى قايناق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا زەيتۇن يېغى بىلەن نوقۇت سۈيى بېرىلىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى پاكىزلانغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇم بەدىيان، زۇپا، سۆئتەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ھەسەل گۈلقەنتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، زاراۋىزا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، خەيرى يېغى، ئاق توغرىغۇ، قىزىل شېكەر قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە يەتتە كۈنگىچە بىدەنجىر يېغى، ئاچچىق بادام يېغى بىلەن مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلى-دۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك كۈملاچ دورىلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا يۇقىرىقى كىلىزمىلارغا سەكبىنەج، جاۋشىر، قۇندۇز قەھ-رى، مۇقەل، بىدەنجىر يېغى ياكى قۇستە يېغى ياكى نارىن يېغى ۋە ياكى بىلسان يېغى قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غار - غار، بۇرۇن تېمىتمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېغىزدىن كۆپلەپ شۆلگەي ئاقىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا قۇلاقنىڭ ئاستىدىكى ئىككى تومۇرنى ياكى باشنىڭ ئوتتۇرىسىنى داغلاش كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت تېرىدە يىغىلىش پەيدا قىلىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن بوششىپ

كېتىش بولمايدۇ. لېكىن جالىنۇس بۇ توغرا داۋالاش ئۇسۇلى ئەمەس دەپ كۆرسەتكەن.

كۆز يۇمۇلۇپ قالمايدىغان تەرەپتىكى بۇرۇنغا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم 21 تامچە جوز يېغى ياكى ھەبىستۇلغۇزرا يېغى ئىلمان ھالدا ئاز - ئازدىن ئۇزۇن ۋاقىت توختىتىپ تېمىتىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىكى بۇرۇنغا مەزكۇر ياغدىن ئالتە تامچە تېمىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بابۇنە، يالپۇز، ياۋا پىننە قاتارلىقلارنى ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىدىغان قاچىدا قائىدە بويىچە قاينىتىپ ھورلاندۇرۇلىدۇ. تەرلىگەندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن پاكىز سۈرتۈپ، چىرايى ۋە باشنى لۆڭگە بىلەن قىزارغانغا قەدەر ئۇۋۇلاپ سۈرتۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن جوز يېغى ياكى ھەبىستۇلخۇزرا يېغىنى ئىسسىتىپ، باش، يۈز، قۇلاق ئاستى، بويۇن قاتارلىق جايلارغا سۈۋىلىدۇ ۋە بىر كېچە ئوبدان ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ھوردىتىش دورىسىنى قىزىتىپ، يەنە بىر قېتىم ھورلاندۇرۇلىدۇ. تەر چىققاندا يەنە يۇقىرىقى قائىدە بويىچە لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ بېرىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر كېچە - كۈندۈزدە ئون قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ تەدبىر ھەپتىدە بىر كۈنلا قوللىنىلىدۇ. تۆت ھەپتىگىچە بۇ كېسەللىك ساقايمىسا، كېسەللىكنىڭ ساقايماي-دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (مۇھەممەت ئىبنى زىكرىيا)

بەزىدە بوغما كېسەللىكىدە بويۇن مۇسكۇللىرىدا ئىششىق پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن يۈز نېرۋا پالىچى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھالەتتە كېسەللىك بوغما ھېسابلىنىدۇ، يۈز نېرۋا پالىچى ھېسابلانمايدۇ. (خوجەندى)

يۈز نېرۋا پالىچىنى داۋالاشتا داۋالاش باشلاپ ھەپتىدىن كېيىن شوك كېسەللىكىگە قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش لازىم. سۇزاپ، قوغۇن ئۇرۇقى، بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلى، بابۇنە قاتارلىقلارنى ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىدىغان قازاندا قاينىتىپ، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان جايدا بىمار ھورلاندۇرۇلىدۇ. تەر قۇرۇغاندىن كېيىن رەۋغىنى مۇبارەك بۇرۇنغا تېمىتىلى-دۇ.

بەزى تېۋىپلار «پالەچ، يۈز نېرۋا پالىچى، تىل بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ۋە باشنى تازىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى غار - غار ناھايىتى پايدىلىق. يەنى نۆشۇدۇر، سىيادان، سەۋسەن يىلتىزى، پىلپىل ھەربىرى 18 گرام، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، قارا تۇز، زۇپا ھەربىرى 27 گرام، زەنجىۋىل، قىچا، ئاقىرقەرھا، قۇرۇق ئۈزۈم، ئاق توغرىغۇ ھەر بىرى 14 گرام، سۆئتەر، مەززەنجۇش ھەربىرى 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئۇنىڭدىن يەتتە گرام ئېلىپ، ئۈچ گرام ئايارەج پەيقارا بىلەن بىرگە سىركەنجىۋىل ئەنسلى ۋە قايناق سۇدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقىغۇزىمىز» دەپ كۆرسەت-كەن.

گاۋزىبان يىلتىزى 18 گرام، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى ھەربىرى ئۈچ گرام، قۇرۇق سۇزاپ، قىچا، سىيادان ھەر بىرى يەتتە گرام، سەبرە بەش گرام قاتارلىق

دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، چۇشكۇرتكۇچى دورا تەييارلاپ چۇشكۇرتسەك، يۇز نېرۋا پالىچى، پالەچ، تۇتقاقلىق كېسەل قاتارلىقلار ئۇچۇن پايدىلىق.

يۇز نېرۋا پالىچى، پالەچ، تىترىمە كېسەل قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ بەدىنى سوغۇق، تومۇر ھەرىكىتى ئاجىز، ئاستا بولۇپ، بىماردا سەزگۇ ۋە ھەرىكەت بولمىسا، بىلسان يېغىدىن 0.5~1 گرام ئېلىپ، بادام يېغىدىن 30 گرام بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، قۇرۇق ئۇزۇم شەربىتى ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق دەرھال ساقىيىپ كېتىدۇ.

## يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل رەئشە (تىترىمە كېسەل)

رعشه

**تونۇش:**

بۇ ھەرىكەتلەندۇرگۇچى قۇۋۋەت ياكى ھەرىكەت قىلغۇچى ئەزا ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى سەۋەبىدىن بىرەر ئەزا داۋاملىق تىترەپ تۇرىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۇچ خىل بولىدۇ:

1. ھەرىكەتلەندۇرگۇچ كۇچ (قۇۋۋىتى مۇھەررىكە) نىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى يەنى ئۇنىڭدا ئاجىزلىق ياكى قورقۇنچ پەيدا بولۇشتىن بۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بىرەر ئېگىز جايدىن ئاستى تەرەپكە قاراش، تام ئۇستىدە مېڭىش، بىرەر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىش، غەم - قايغۇ، خىجىللىق، قاتتىق خۇشاللىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ھەرىكەتلەندۇرگۇچى كۇچتە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، ھەرىكەتلەندۇرگۇچى كۇچ ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرىكەتلەندۇرگۇچى كۇچنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتتىق ئاچچىقلىنىش ياكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ، يەنى قورساق بەك تويغان ۋاقىتتا ياكى بەدەن بەك ئاجىز بولغان ئەھۋالدا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش سەۋەبىدىن قۇۋۋەت خوراپ كېتىش كېلىپ چىقىپ، بۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ.

2. ھەرىكەت قىلغۇچى ئەزانىڭ ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى كۆپ ھاراق ئىچىش، داۋاملىق مەست يۇرۇش، سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىش، سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش، تاماقتىن ئىلگىرى ياكى تەنتەربىيىدىن كېيىن ۋە ياكى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن نېرۋىلاردا سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىش پەيدا بولۇپ، بۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ تاماق يېيىشتىنمۇ ھەرىكەت ئەزالىرىدا ئاجىزلاش بولىدۇ.

چۈنكى ئۇزۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكىدىن هارارىتى غەلىزە (قويۇق ئىسسىقلىق) پەيدا بولۇپ، نىرۋا، روھ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئەزالارنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ. ھەرىكەت ئا-جىزلاشنىڭ سەۋەبى نىرۋىلاردا توسالغۇ پەيدا بولۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش، بەدەن چىنىقتۇر-ماسلىق، خىلىتلارنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى ياكى نىرۋىلاردا قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىش بولىدۇ.

3. ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەزانىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى بەزىدە تاشقى سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: قاتتىق سوغۇق تېگىپ قېلىش، زەخىملىنىش، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋې-لىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىدە ئەزالارنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن بولىدۇ. بەزىدە ئۆلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىچكى سەۋەبتىن بولىدۇ. مەسىلەن: مەخسۇس بىر ئەزادا ناھايىتى سوغۇق ياكى ناھايىتى ئىسسىق خىلىتلارنىڭ توپلىشىۋېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

تىترىمە كېسەل بەزىدە پۈتۈن بەدەندە، بەزىدە ئىككى قولدا ۋە بەزىدە باشتا بولىدۇ. بەزىدە پات - پات تىترەپ تۇرىدۇ. بەزىدە داۋاملىق تىترەپ تۇرىدۇ. داۋاملىق تىترەپ تۇرغۇچى تىترىمە كېسەلنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە سوغۇقلۇقتىن بولىدۇ. سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن نىرۋا روھ ئاجىزلايدۇ ياكى ئۇنىڭ سەۋەبى بىر خىل سۇيۇقلۇق بولۇپ، ھەرىكەت ئەزالىرىدا تولۇق بولمىغان بوشىشىپ كېتىش پەيدا قىلىدۇ.

ياشانغانلاردا ۋە داۋاملىق ھاراق ئىچكۈچىلەردە ۋە سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچكۈچىلەردە بۇ كېسەل كۆپ ئۇچرايدۇ. ياشلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا ئوڭ قاپاقتىن باشلانغىنى ئەڭ ئېغىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمار ياشانغان بولسا كېسەللىك سەۋەبى ياشانغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنىڭغا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

ئەگەر بىمار ياش ياكى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بولسا، تىترەش پات - پات پەيدا بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ قورقۇش، غەم قىلىش، ئاچچىقلىنىش ۋە خۇشال بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك باشقا بىرەر كېسەللىكنىڭ تەسىر قىلىشى، جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىش، كۆپ ھاراق ئىچىش، سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىش، سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، سوغۇق تېگىپ قېلىش، زەخىملىنىش، زەھەر-لىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى ياكى ئوتتا كۆيۈپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە كېسەللىكنىڭ يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار بولماستىن سىيىق كېكىرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق

ئەھۋاللار بولسا، بۇ كېسەلنىڭ قويۇق خىلتلارنىڭ توسالغۇ پەيدا قىلىشى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنىگە ماي سۈركىگەندە دەرھال سۈمۈرۈلۈپ كەتسە، بۇ كېسەلنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغانلىقى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا كېسەللىكنىڭ سوغۇق تەبىئەتلىك خىلىت ياكى سېسىق گازلارنىڭ توپلىشىۋېلىشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سوغۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقتا بولىدىغان ئالامەتلەرگە قاراپ بۇ ئىككىسى پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بۇ كېسەللىك ھۆللۈك ياكى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئۈسسىتىپ سۈسىزلاندۇرۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، ھۆللۈكنى تازىلاش، تۇزلۇق دەريا سۈيى ۋە مىنېرال سۇلاردا ئولتۇرغۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

رەئىشەدە تازىلاش زۆرۈر بولسا كۈچلۈك دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك. بەلكى ئاستا ـ ئاستا يەڭگىل دورىلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن كۈچلۈك دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ ۋە ھەرقايسى تەرەپتىن بىمارنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش لازىم.

رەئىشەنىڭ بارلىق قىسىملىرىدا باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا تېز سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، ھاراق ئىچىش، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

بۇ كېسەللىكتە گاۋزىبان ياكى گۈل گاۋزىباننى يامغۇر سۈيىگە چىلاپ، ئەرەق تارتىپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىق.

تۆۋەندە رەئىشەنىڭ سەۋەبىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئۇسۇللىرى سۆزلىنىدۇ.

### 1. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان رەئىشىنى داۋالاش:

علاج رعشه بارد ساذج

قىزىتىش ئۈچۈن سوغۇقتىن بولغان نېرۋا كېسىلىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇن دورىلار ۋە مائۇلئۇسۇل قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ۋە يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇستە يېغى، ناردىن يېغى، كەلكىلانەج يېغى قاتارلىق ياغلارنى سۈۋاش كېرەك. كېسەللەنگەن ئەزانى ئۇبدان مۇجۇش، ھور مۇنچىدا ياكى ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇپ

تەرلىتىش، سىرنىچىچەك، زىرە، پىلپىل بىلەن پىشۇرۇلغان نوقۇت سۈيى بېرىش، ھەببىتۇلخۇزرانى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، ھىڭ بىلەن مائۇلھەسەل ئىستې-مال قىلدۇرۇشقا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

سەۋسەن يىلتىزىدىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇ-رۇپ يېگۈزۈش ۋە دارچىن يېغى سۈۋاش ناھايىتى پايدىلىق.

ئۇستقۇددۇس شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

توغرىغۇ، قىچا ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قۇستە يېغى سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك قاتتىق سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن بولغان بولسا، قۇندۇز قەھرى، ئاقىرقەرھا ۋە ھىڭنى زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىپ سۈۋاش پايدىلىق.

**2. غەيرى تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:**

علاج رعشه بلغمی

بوشىشىپ كېتىش پەيدا قىلغۇچى سۇيۇقلۇق ياكى قويۇق بەلغەم خىلىتىنىڭ توسالغۇ پەيدا قىلىشىدىن بولغان رەئشە بولۇپ، ئۇنى داۋالاشتا تازىلاش ۋە تەڭشەش غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: مائۇلئۇسۇل ئار-قىلىق خىلىتنى پىشۇرۇغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن بىدەنجىر يېغى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرگۈ دورىلىرىنى مائۇلئۇسۇل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى شەترەنجى، ھەببى مەنتىن يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ چوڭ نۇسخىلىق ئايارەج بېرىلىدۇ ياكى بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بەديان يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى، يەرلىك شوخلا، قەنتەرىيون سەغىر ھەربىرى ئالتە گرام، گاۋزىبان، ئۇستقۇددۇس، بىستىپايەج ھەربىرى يەتتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام، ئەنجۈر بەش دانە، زاراۋزا مېغىزى 18 گرام، دورىلارنى ئاخشىمى ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا ھەربىرىدىن 250 مىللىلىتىر ئېلىپ چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قاينىتىپ، سانا 18 گرام، قىزىلگۈل 12 گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، قىزىل شېكەر، گۈلقەنت ھەربىرى 48 گرام، كالا يېغى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈشتە نوقۇت شورپىسى، ئاخشىمى شويلا بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇ-قىغا ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا بېرىلىدۇ.

تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ۋە نېرۋىلارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قىزىتقۇچى مەجۇن دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سەبرە ۋە قۇندۇز قەھرى ئارقىلىق كۈمىلاچ تەييارلاپ، ئۈچ گرام ياكى بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يېگۈزۈلىدۇ.

جاۋاشىر، پىلپىل ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ سوقۇپ، 18 گرام ھەسەل شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بالادۇر ھالۋىسى، ھەببى ئازاراقى، مەجۇنى ئازارقى، ھەسەل شەربىتى بېرىلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن قاتارلىق دورىلارنى قۇستە يېغى، ناردىن يېغى، زەنبىق يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

ئاچچىق قۇستە، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇن، قارىمۇچ قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن كېسەللەنگەن ئەزا ۋە شۇ ئەزانىڭ نېرۋا مەركەزلىرىگە سۈۋىلىدۇ.

ھىڭ، قۇندۇز قەھرى، ئاچچىقتاۋۇز، قەنتەرىيون سەغىر ھەر بىرىدىن بىر گرام ئېلىپ سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىرنەچچە كۈن يېگۈزۈلىدۇ.

بىمار جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ھاراق ئىچىشتىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. ھەسەل ۋە جوز كۆپرەك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا زاراڭزا ئورۇقى مېغىزى بىلەن توخۇ گۆشى پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە قىچا، چامغۇر بېرىلىدۇ.

قىچا يېغى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلار يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

چوڭ نۇسخىلىق ئايارەج ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇستۇقۇددۇس، قەنتەرىيون، قەلەمپۇر ھەربىرى 36 گرام، ھېلىلە كابىلى پوستى، سۆئتەر، دارچىن ھەربىرى 24 گرام، تۇربۇت، غارىقۇن، ھىڭ، قۇندۇز قەھرى ھەربىرى 14 گرام، زەپەر، ئاقىرقەرھا ھەربىرى ئون گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم توققۇز گرامدىن ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەل قويۇق خىلىتلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، ياكى كونىراپ قالغان بولسا غولىنىڭ بىرىنچى ئومۇرتقىسىغا نەشتەرسىز لوڭقا قويۇلىدۇ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ شورپىلىرىدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

كېسەللىك كونىراپ قالغان بولسا، قۇندۇز قەھرى ھەسەل شەربىتى ياكى چوڭ نۇسخىلىق ئايارەج ئارقىلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

رەئشە مەخسۇس باشتا بولسا ئۇستۇقۇددۇستىن 3 ~ 7 گرامنى يالغۇز ھالەتتە ياكى ئۇستۇقۇددۇس، ئايارەج پەيقارا ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ھەسەل شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم 3 ـ 5 گرام ھەببى قوقىيا يېگۈزۈلىدۇ.

سوغۇقلۇقتىن بولغان رەئشەدە ئوزۇقلۇق شەكلىدە پاقلان گۆشىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قورۇپ بەرسەك ناھايىتى پايدىلىق. لېكىن بۇنى كۆپ بەرمەسلىك كېرەك، نورمال مىقداردا كونا ھاراق ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەببى شەترەنجى، ھەببى سەكبىنەچ، ھەببى ئىستەمخىقۇن قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك كۆمىلاچ دورىلار مۇۋاپىق ھالدا توختى-

تىپ (ئارىلىق قالدۇرۇپ) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر كىلىزما ئارقىلىق كىلىزما قىلىنىدۇ. بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج ئەركاغانىس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايارەجلەرمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇلارنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان رەئشە ئۈچۈن تەرياقى كەبىر ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى بىرىنچى كۈنىلا كۆرۈلىدۇ. لېكىن ئىستېمال قىلىشنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرى بار مەسىلەن: جىگەر، تال ۋە ئاشقازاندا ھېچقانداق بۇزۇلۇش بولماسلىق، بەدەننى نورمالسىزلاندۇرغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن پاكىز بولۇش، مىزاجى نورمال بولۇش لازىم.

### 3. ھاراقكەشلىكتىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

علاج رعشه شرابى

ئۈچ گرام چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، 18 گرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ھەپتىگىچە يېگۈزۈلىدۇ ياكى تۆت دانە بادام مېغىزى، ئۈچ گرام سەۋسەن يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، 18 گرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

بىر قىسىم تېۋىپلار «بۇنىڭغا قارىتا ھاراقنى دەرھال چەكلەش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈل يېغى، نامازشامگۈل يېغى، خېنە يېغىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە كاللا ـ پاچاق، نوقۇت، بىر ياشلىق موزاي گۆشى قاتارلىق قاننى قويۇلدۇرغۇچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبسىنا «بۇنىڭدا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش لازىم ۋە زەيتۇن يېغى ياكى قۇستە يېغىنى يەرلىك ئورۇنغا سۈۋاش كېرەك. بېدە ئەنجىر يېغىنى ئىچى ۋە سىرتىدىن تەڭ ئىشلىتىش ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

### 4. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

علاج رعشه از ديگر اسباب

1. جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىشتىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قەتئىي چەكلىنىدۇ ۋە باھ ئاجىزلىق ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىقىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، ساپ سۈت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بەدەن مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ.

ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن ئۈچ گرامنى سوقۇپ، ئوبدان بىر دانە پىشقان بانان

بىلەن بىرگە ھەر كۈنى ئەتىگەن بىر ھەپتىگىچە يېگۈزۈلىدۇ. (ئۇلۇخان)

مەستىكى رۇمى، لاچىندانە ھەربىرى ئۈچ گرام، ئاق قەنت 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە بانان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى قەھۋە بىلەن ئىچكۈزۈش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. (ئەنتەكى)

2. ئىسسىق تەبىئەتلىك غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ توپلىشىۋېلىشىدىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەڭشەش ئۈچۈن سىركە ۋە ئانار سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توڭ غوراپ، ئۈزۈم سۈيى بىلەن چۈجە گۆشى شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە خىلت ئىسسىق بولسىمۇ سوغۇقلۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. بەزىدە ياز كۈنلىرىدە تىترەش كېسىلى ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، بۇزۇرى شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇلار ئارقىلىق ھارارەت تۆۋەنلىگەندىن كېيىن مائۇلئۇسۇل بېرىلىدۇ.

بەزىدە سۈرگىدىن كېيىن ھارارەتنى توسۇش ئۈچۈن ئاملە مۇراببىاسىنى كۆمۈش ۋاراققا ئوراپ، ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى شوخلا ئارقىلىق بېھى ئۇرۇقى لوئابىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇستىقۇددۇس شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3. قۇرۇقلۇقتىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

بۇ ئىنتايىن جاھىل ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئاسان ساقايمايدۇ. ئەگەر ئۇنى داۋالاشقا توغرا كەلگەندە بىنەپشە شەربىتى، ئالما شەربىتى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش، قاپاق، بادام مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ شورپىسى، شېكەر ئۇن، بادام يېغىدا ئېتىلگەن ھالۋا بېرىلىدۇ.

باشقا تەدبىرلەر قۇرۇقلۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكى ۋە تەشەننۇجدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىدىن ئېلىنىدۇ.

4. قورقۇش، غەم - قايغۇ، ئاچچىقلىنىش قاتارلىق روھىي سەۋەبلەردىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

بۇنىڭدا بىمارنى خاتىرجەم قىلىش، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى يوقىتىش ۋە ئارام ئالدۇرۇپ ئۇخلىتىش كېرەك.

5. ئورۇقلۇق ۋە ئاجىزلىقتىن بولغان رەئشىنى داۋالاش:

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە نورمال ھالدا ئۇخلىتىش ئارقىلىق يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، مۇۋاپىق ھالدا خۇش پۇراق ھاراقلار ئارقىلىق بىمارنىڭ كۈچىدە ئاكتىپچانلىقنى قوزغاش

قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

6. زەخىملىنىش، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى، ئوتتا كۆيگەنلىكتىن بولغان رەئىشىنى داۋالاش:

بۇنىڭغا قارىتا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل مۇسكۇللار لىكىلداش

## ارتعاد

**تونۇش:**

بۇ، مېڭىدە ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ياكى تاماكىنى كۆپ چەككەنلىك، ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇخلىغاندا ياكى ئويغاق ۋاقىتىدا چاقماق چاققاندەك تۇيۇقسىز موسكۇللار تىترەپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك مېڭىدە ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ياكى تاماكىنى كۆپ چېكىش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

كېسەللىك ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان بولسا ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇزۇندا كۆرۈلىدۇ، كۆپىنچە ئەمدىلا ئۇخلىغاندا پەيدا بولۇپ، بىمار ھەيرانلىق ئىچىدە قالىدۇ. 1 ~ 2 سائەت ئۇخلىيالمايدۇ. بىراق تەدرىجىي بىمارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قېلىپ بۇ كېسەللىكنى سېزەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر كېچىدە 2 ~ 3 قېتىم تۇتىدۇ.

بەزىدە بۇ كېسەللىك كۈندۈزلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە قول ـ پۇت، پۈتۈن بەدەن موسكۇللىرىدا تىترەش ئەھۋالى ئۇخلىغاندىمۇ ۋە ئويغاق ۋاقىتتىمۇ 12 قېتىمچە كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن بولسا بىراقلا كۆرۈلىدۇ ۋە يۇقىرىقى بارلىق ئالامەتلەر بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر مەۋجۇت بولىدۇ.

بەزىدە بۇ كېسەللىك ئەمچەك راكى ياكى يۇلۇن ئىششىقى (ۋەرەمى سولبى) ۋە ياكى جىگەرنىڭ بىرتەرەپ ئەتراپى كۆيۈشۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال- دا داۋالاشنىڭ تولۇق ئۈنۈمى بولمايدۇ.

راقىم «بىر ئايال تۇغۇتتىن كېيىن بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ كۆرسەتكەن.

### 1. ھۆللۈكتىن بولغان مۇسكۇل لىكىلداشنى داۋالاش:

علاج ارتعاد رطوبى

ئالدى بىلەن مۇنزىچ ئۇچۇن بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسنىە يىلتىزى، ئىزخىر، ئۇستىقۇددۇس ھەر بىرى توققۇز گرام، قەنتەرىيون سەغىر، دۇرنەج ئەقرەبى، ئۇدسەلىب ھەربىرى تۆت گرام، كاكىنەچ 12 گرام، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا، خوخا، ئاق تىكەن ھەربىرى يەتتە گرام، ئەنجۈر بەش دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى ئەرقى ئىزخىر، ئەرقى ئۇستىقۇددۇس، ئەرقى ئەبرىشىم قاتارلىقلارغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە 60 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تامىقىغا: بىر سائەتتىن كېيىن نوقۇت سۈيى، چۈشلۈك غىزاسى ئۈچۈن شورپا بىلەن نان، ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا، ئەرقى ئەبرىشىم، ئەرقى ئىزخىر بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن بۇ مۇنزىچ تەركىبىـ گە سانا 24 گرام، ئاق تۇربۇت، رەۋەن چىنى ھەربىرى توققۇز گرام، زەنجىۋىل ئۈچ گرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 82 گرام، دىنار شەربىتى 48 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ھەببى ئايارەج ياكى ھەببى قوقىيا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشلۈكى نوقۇت شورپىسى، ئاخشىمى مۇۋاپىق تاماقلار بېرىلىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە سوۋۇتقۇچى دورا شەكلىدە ئۇدسەلىب، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد، مەستىكى ھەربىرى بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، داۋائى مىشكى تەلخىـ دىن توققۇز گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىر دانە كۆمۈش ۋاراقىقا ئوراپ، قەنتەرىيون سەغىر، ئىزخىر، بىستىپايەج، گاۋزىبان گۈلى ھەربىرى تۆت گرام، كاكىنەچ، سۆئتەر پارىسى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى ئەبرىشىم، ئەرقى ئىزخىر ھەربىرى 120 مىللىلىتىر قايىنىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، شەربىتى ئەنسىل 24 گرام، سوقۇلغان ئاق ۋە قىزىل تۇربۇت ھەربىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

مۇشۇ داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە 3 ~ 4 قېتىم سۈرگۈ بەرگەندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس بىلەن ئۇستىقۇددۇس شەربىتى بېرىلىدۇ ۋە زاراڭزا مېغىزى، چىگىت مېغىزى ھەربىرى توققۇز گرام، كۈنجۈت 48 گرام، كاكىنەچ، بەسباسە ھەربىرى 14 گرام، تېرىق 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ، بىر دانە لاتىغا ئوراپ، بۇ ئارقىلىق قائىدە بويىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2. ھاراقكەشلىكتىن بولغان مۇسكۇللار لىكىلداشنى داۋالاش:
علاج ارتعاد شارابي

ئالدى بىلەن ھاراق ئىچىش چەكلىنىدۇ. ئەگەر بىراقلا چەكلەش مۇمكىن بولمىسا ئاستا ـ ئاستا تاشلاتقۇزۇلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى كاكىنەچ، ئەرقى بەديان، مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ.

مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى قوقىيا ياكى ئايارەج پەيقارا بىرنەچچە قېتىم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن مەجۇنى سەبرە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇندۇز قەھرى يېغى قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

## ئوتتۇزىنچى پەسىل    سېزىمسىزلىنىش
خدر

**تونۇش:**

بۇ، نېرۋىلارنىڭ سېزىش كۈچىنىڭ يوقىلىشى سەۋەبىدىن بىرەر ئەزادا سەزگۈرلۈكنىڭ يوقىلىشى ياكى قىسمەن بۇزۇلۇشى كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ «خەدەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى كۈچلۈك بولسا كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ھەرىكىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ ۋە بۇنداق ئەھۋالدا كېسەللىك يەرلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تىترەش (رەئىشە) كېسەللىكى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك يەرلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشقان بولسا ئۇنىڭ بىلەن بوشىشىپ كېتىش (ئىستىرخا) پەيدا بولىدۇ. لېكىن بەزىدە سەزمەسلىك پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە ھەرىكەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق بولمايدۇ. چۈنكى ھېس ۋە ھەرىكەت نېرۋىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بولۇپ، كېسەللىك سەۋەبى كۈچلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت نېرۋىلىرىدا بۇزۇلۇش بولمىسا، سەزگۈرلۈك نېرۋىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەنمۇ ھەرىكەت ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

**سەۋەبى:**

نېرۋىلارنىڭ سېزىش كۈچىنىڭ يوقىلىشى بۇ كېسەلگە سەۋەبچى بولىدۇ. نېرۋا سەزگۈرلۈك كۈچىنىڭ بولماسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ:

1. قۇۋۋەتنىڭ ئاجىز بولۇشى مەسىلەن: يامان خاراكتېرلىك قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئاخىرىدا ۋە ھوشىدىن كېتىش كېسەللىكىدە ياكى ئۆلۈم يېقىنلاشقان ۋاقىتلاردا يۈز بېرىدۇ.

2. مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى. ئەپيۇن چېكىش ياكى چايانلارنىڭ چېقىۋېلىشى، زەھەرلە-نىش بەدەندە سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يىلان چېقىۋېلىشتىن زەھەرلىنىش، بەك ئىسسىق مۇنچىلارغا چۈشۈش، كۆيدۈرگۈچى قىزىتما بىلەن ئاغرىش بەدەندە ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش نېرۋىلارنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى تۆۋەنلە-تىپ، نېرۋىلاردا توسالغۇ بولۇشمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىنمۇ سېزىش قۇۋۋىتىنىڭ يوللىرى توسۇلۇپ قېلىپ، بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئەگەر سەزمەسلىكنىڭ سەۋەبى مېڭىدە بولسا، سەزمەسلىك ئومۇمىي بەدەن خاراكتېر-لىك بولىدۇ. بۇنداق هالدا بىمار بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك يۇلۇننىڭ ئىككىلا تەرىپىدە بولسا، يۈز قىسمىدىكى ئەزالاردىن باشقا پۈتۈن بەدەندە سەزمەسلىك يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر يۇلۇننىڭ بىر تەرىپىدە بولسا، سەزمەسلىكمۇ بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە بولىدۇ.

ئەگەر سەۋەبچى ماددا بىرەر نېرۋا ياكى نېرۋا شاخلىرىدا بولسا، سەزمەسلىك شۇ ئەزادا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە نېرۋا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شاخلىرى چاپلىنىپ قالغان بولىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان سەزمەسلىك كېسەللىكى سوزۇلمىغا ئۆزگىرىپ قالسا، بوششىپ كېتىش كېسەللىكى چوقۇم پەيدا بولىدۇ. سەزمەسلىك كېسەللىكىنىڭ ئېغىر تەرەققىي قىلىشى شوك (سەكتە) ياكى تۇتقاقلىق (سەرئى) ياكى يىقىلىپ قېلىش (تەشەننۇج) ياكى بويۇن قېتىپ قېلىش (كوزاز) ۋە ياكى پالەچ قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مەلۇم ئەزادا سەزمەسلىك كېسەللىكى پەيدا بولغان بولسا ۋە تازىلاش ئارقىلىق يوقالمى-سا، ئۇنىڭدىن كېيىن باش قېتىش پەيدا بولسا، شوك كېسەللىكى پەيدا بولۇشنىڭ خەتىرى بولىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «سەزمەسلىك كۈچلۈك بولغاندا پالەچكە ئۆزگىرىدۇ. يەڭگىل بولغان پالەچ سەزمەسلىك كېسەللىككە ئۆزگىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

راقىم «نۇرغۇن تەجرىبىلەر سەزمەسلىكنىڭ سوزۇلما بولۇپ قېلىشى جۇزام (ماخاۋ) كېسەللىكىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

**تەكشۈرۈش:**

ئالدى بىلەن تومۇر ھەرىكىتى قاتارلىقلار بىلەن بىمارنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىق ئەھۋالىنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر بىمار ئاجىز بولۇپ، هوشسىزلىنىش ياكى ئۆلۈم يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامەت-

لىرى بولسا، بۇنداق ھالەتتىكى سەزمەسلىك بەدەن ئاجىزلىق ۋە كەم قۇۋۋەتلىك سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا سەزمەسلىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى سوراپ ئېنىقلاش كېرەك.

ئەگەر ئىسسىق تەبىئەتلىك تەپكە گىرىپتار بولغانلىقى، زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېگەنلىكى، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىشى، بەك ئىسسىق ياكى سوغۇق ھاۋانىڭ تېگىپ قېلىشى، نېرۋىنىڭ كېسىلىپ كېتىشى ياكى ئىششىپ قېلىشى، بىر ئەزانىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، ئەزالارنىڭ ئاجراپ كېتىشى، ئەزالارنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىر خىل شەكىلدە تۇرغۇزۇش قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى مەۋجۇت بولسا كېسەللىك سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار كۆرۈلمىسە، خىلتنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرىگە چوڭقۇر دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئورۇقلۇق، بەدەننىڭ سۇسىزلىنىشى، بەدەن رەڭگىنىڭ ئاق بولۇشى، سەزگۈرلۈكى ئېغىر بولۇش قاتارلىقلار مەۋجۇت بولسا، سەزمەسلىك كېسەللىكى بەلغەمدىن بولغان ھۆللۈك سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر قان خىلتىنىڭ ئالامىتى بولسا، كېسەللىك غەيرىي تەبئىي قان خىلتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر سەپرا ياكى سەۋدا ۋە ياكى يەلنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، سەزمەسلىك غەيرىي تەبئىي سەپرا ياكى سەۋدا خىلتىدىن ۋە ياكى يەلدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر كېسەللەنگەن ئەزا ئاجىز بولسا ۋە سەزمەسلىك كېسەللىكى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سۇرگىنى كۆپ ئىچىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا خىلتنى تارقاتقۇچى سەۋەبلەردىن بۇ كېسەللىك بولغان بولسا، كېسەللىكنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى سەۋەبىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى تونۇشتۇرىمىز.

### 1. غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن ۋە ھۆللۈكتىن بولغان سېزىمسىزلىنىشنى داۋالاش:

علاج خدر بلغمی ورطوبی

غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان نېرۋا كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە يەنە تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

يەرلىك شوخلا، كاسنە يىلتىزى، بەديان، بەديان يىلتىزى ھەر بىرى ئالتە گرام، گاۋزىبان، ئۇستقۇددۇس، قىزىلگۈل ھەربىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام، ئەنجۈردىن ئۈچ دانە ئېلىپ، قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. غەيرىي تەبئىي خىلىت پىشقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن مەزكۇر مۇنزىچقا خىيارشەنبەر، رەۋەن چىنى، سانا، غارىقۇن، بىستىپايەج قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە

قوشۇپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئەگەر مىزاجىدا هارارەت پەيدا بولسا، بەدىيان ۋە بەدىيان يىلتىزى ئورنىغا شاھتەررە ئالتە گرام، گۈل بىنەپشە تۆت گرام، چىلان بەش دانە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى قوقىيا ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن تەرياقى مەسرىدىتوس، ماددەتۇلھايات، داۋائى مىشكى لۆئلۆئى ۋە داۋائى مىشكى تەلىخى، ئىترىفىل كەبىر، ئۇستقۇددۇس شەربىتى، ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس، مەجۇنى خەدەر قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللەنگەن ئەزانى ئوبدان مۇجۇش، قۇستە يېغى ۋە پەرپىيۇن يېغى بىلەن ياغلاش، مۇنچىغا چۈشۈرگۈزۈش، ھەسەل گۈلقەنتى، بۇرۇزى شەربىتى، جاۋارىش بالادۇر قاتارلىقـ لارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئاقىرقەرھا، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كونا سىركە ۋە پىننە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاش، سىركە بىلەن قىچىنى سۈۋاش لازىم. (ھەكىم شەرىفخان)

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ پايدىسى بولمىسا تىلىپ قانلىق لوڭقا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەمچە ۋە تەنكارنى لىمون سۈيىدە ئېرىتىپ سۈۋىلىدۇ. زەخمە قۇرۇغاندا ئاقىرقەرـ ھا، قىچا قاتارلىق دورىلارنى سىركىگە چىلاپ سۈۋىلىدۇ. رەۋغىنى ھەرتال سۈۋاشمۇ پايدىلىق.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قۇرۇتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى يېمەكلىكلەر ياكى نوقۇت شورپىسى بېرىلىدۇ. تاماقتىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىش چەكلىنىدۇ.

كېسەللەنگەن ئورۇننى چېنىقتۇرۇش ۋە كۆپرەك ھەرىكەتلەندۇرۇش، رەئشە ۋە پالەچ كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن بارلىق تەدبىرلەر بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

ئاچچىقتاۋۇز بىلەن زەنجىۋىل مۇرابباسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى يېغى سۈۋاش، چۈجە گۆشى ياكى كەپتەر باچكىسى گۆشى يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئېشەك سۈتى بىلەن تەييارلانغان كۈشتە ھەرتالنى 40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە ھەرتال يېغىنى سۈۋاش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

سىماب، ئاق پارپا ھەربىرى بىر ھەسسە، قارىمۇچ تۆت ھەسسە، كۆك ئىتياغىقى ئۆرۈقى شىرىسى ھەر بىرىدىن ئالتە ھەسسە ئېلىپ، ئالدى بىلەن سىماب ۋە ئاق پارپا سوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىمۇچ ۋە كۈلنى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم سوقۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتياغىقى ئۆرۈقى شىرىسىنى ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيۈق سۇـ ۋالما شەكلىدە سۈۋىسا، سەزمەسلىك كېسەللىكىنىڭ ئاسارىتى ئۈچۈن پايدىلىق (ساھىب

كامىل)

بۇ كېسەللىكتە تازىلاش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئۆتكۇر كلىزما ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى شەترەنجى ۋە ھەببى مەنتىن ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بىدەنجىر يېغى ياكى كەلكىلانەج يېغى بىلەن مائۇلئۇسۇل ئىچكۇزۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قەلەمپۇر يېغى، پەرپىيۇن يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلارنىڭ بىرىگە قۇندۇز قەھرى ۋە ئاقىرقەرھا تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۇنۇمى يېتەرلىك بولمىسا، ئايارەج جالىنۇس ۋە ئايارەج لوغانزىيا يېگۈزۈلىدۇ.

مىزاجنى تەڭشەش ئۇچۇن بالادۇرنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرى ۋە كۈچلۈك خىلتىكى قىزىتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى مەجۇنلار بېرىلىدۇ (مەسىھى).

ئادىراسمان ئۇرۇقى، ئۇدسەلىب، سۆرۈنجان، جۇزبۇۋا، ئاچچىق قۇستە، قىچا، سوزاپ، سەۋسەن يىلتىزى، سۇمبۇل تىپ، سىيادان، ئاقىرقەرھا، ھەببۇلغار، خېنە-گۇل، ئاچچىقتاۋۇز، پوستى تۇرۇنجى، بوزىدان ھەربىرى 52 گرام قاتارلىق دورىلارنى بەش لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 1500 گرام قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 1500 گرام كونا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە سۈيى يوقىلىپ ياغ قىسمى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ، مۇمىيا، ئەنبەر ھەربىرى توققۇز گرام، بىلسان يېغى، توخۇ يېغى ھەربىرى 51 گرام، جوز يېغى، پىستە يېغى ھەربىرى 60 گرام، پەرپىيۇن، قۇندۇز قەھرى ھەربىرى 14 گرام، ئىپار تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ (ھەكىم ئولۇغخان)

سېرىق موم، توخۇ يېغى ھەربىرى توققۇز گرام، زەيتۇن يېغى 180 گرام، ئاچچىق قۇستە، ئۇشەق، جاۋاشىر، ئاقىرقەرھا ھەربىرى تۆت گرام، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، ئەنبەر، پەرپىيۇن ھەربىرى بىر گرام، ئادىراسمان، قىچا ھەربىرى توققۇز گرام، سىيا-دان، ھەببۇلغار، كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى، سەلىخە، سۆرۈنجان، قارىمۇچ ھەربىرى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە سۈۋالما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ (ھەكىم ئولۇغ-خان).

### 2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان سېزىمسىزلىنىشنى داۋالاش:

علاج خدر دموى

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يېمەكلىكلەرنى ئازلىتىش ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەتبۇخ ھېلىلە ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.

كېسەللەنگەن ئەزاغا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار سۈۋىلىدۇ، مەسىلەن: گۈل يېغى، سىركە، كاپۇر، سەندەل ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

چوچەل شەربەتلەر ۋە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن لىمون شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا سۇماق، توك ئۈزۈم سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. قان پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك مەلۇم بىر ئەزاغا ئۇزۇنغىچە ھەرىكەت قىلماسلىق سەۋەبىدىن قان توپلىنىشۋالغان بولسا، بۇ خىل ئەھۋالدا كېسەللەنگەن ئەزانى ھەرىكەتلەندۇرۇش ئارقىلىق كېسەللىك يوقىتىلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان سېزىمسىزلىنىشنى داۋالاش:

علاج خدر سوداوى

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن تازىلاش ۋە تەڭشەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە شاھتەررە، قەسبۇ زەرىرە، قارىمۇچ، سېرىق ھېلىلە پوستى، بەلىلە پوستى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا دورىلارنى چالا سوقۇپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن 18 گرام ئېلىپ بىر خالتىغا سېلىپ، ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن دورىلارنى مىجىپ، ئىككىنچى قېتىملىق سۈيىنى سۈزۈلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا تالقان قىلىنغان قارىمۇچنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ ئۇسۇل 21 كۈنگىچە قوللىنىلىدۇ. بۇ دورىلارنى ئىستېمال قىلىۋاتقان جەرياندا غىزاسىغا پەقەت بۇغداي نېنى ۋە تۇزسىز شوپىلا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىترىفىل شاھتەررىمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان سېزىمسىزلىنىشنى داۋالاش:

علاج خدر صفراوى

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مېڭە ۋە نېرۋا كېسەللىكى بايانىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

### 5. باشقا سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان سېزىمسىزلىنىشنى داۋالاش:

علاج خدر از اسباب ديگر

ئېغىر قىزىتما ياكى ھوشسىزلىنىش كېسەللىكى سەۋەبىدىن سەزمەسلىك كېسەللىكى پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلغانلىق ياكى زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىشىدىن بۇ كېسەل پەيدا بولغان بولسا، زەھەرنى تازىلاش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان بولسا، كېسەللەنگەن ئەزاغا ۋە باش قىسمىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇۋالما ۋە دورا سۈلىرى (نۇتۇل) ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە سوغۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكى باياندا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

روھىي ئامىللاردىن پەيدا بولغان سېزىمسىزلىنىشقا قارىتا روھىي ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر سېزىمسىزلىنىش ئەزالارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولسا، توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە سىرتتىن شۇ ئەزانى سىيلاش لازىم.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان سېزىمسىزلىنىشقا قارىتا قۇرۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە ھەكىم ئۇلۇغخان ئىجاد قىلغان قۇرۇقتىن بولغان تىترەش (رەئشە) باياندا سۆزلەنگەن دورا سۈيىدە يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

## ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل   ئىختىلاج (ئەزالار لىكىلداش)

## اختلاج

**تونۇش:**

بۇ، قىزىتمىلىق قويۇق يەلدىن كېلىپ چىقىدىغان ھەرخىل ئەزالاردىكى مۇسكۇللارنىڭ ئىختىيارسىز تەۋرىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك. مەسىلەن: قاپاق، يۈرەك، ئاشقازان، تال قاتارلىقلارنىڭ مۇسكۇللىرىدا مۇسكۇللار بىلەن تۇتاش نېرۋا ۋە تېرىلەردە ئىختىيارسىز ھالدا ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. لېكىن مېڭىگە ئوخشاش ناھايىتى يۇمشاق ۋە سۆڭەككە ئوخشاش قاتتىق ئەزالاردا ئىختىلاج (لىكىلداش) بولمايدۇ. چۈنكى يۇمشاق ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى قاتتىق ئەزالاردىن ئۆتەلمەيدۇ.

**سەۋەبى:**

ئىختىلاجنىڭ سەۋەبى قىزىتمىلىق قويۇق يەلدىن بولۇپ، ئادەتتە بۇ يەل تېز تارقاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەللىك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. لېكىن كېسەللىك سەۋەبى كۈچلۈك بولغاندا يوقالغاندىن كېيىن يەنە تېزلا پەيدا بولىدۇ ياكى توختىماستىن ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپرەك سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەردە ۋە قىش كۈنلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇقلۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىش، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن دەرھال توختايدۇ. مۇسكۇللارنىڭ

لىكىلدىشىنى پەيدا قىلغۇچى يەل كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تەسىرىدىن، ئاز ساندا غەيرىي تەبىئىي قان، سەپرا، سەۋدا خىلتلىرى ۋە روھىي كەيپىيات تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

لىكىلداش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، ھەرىكەت ناھايىتى تېز بولسا، بۇ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ ئىسسىقلىقىنى، ئەكسىچە بولسا سوغۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

سوغۇقلۇقتىن بولغىنىدا بىمارنىڭ سۈيدۈكى سۈيۈق ياكى قويۇق، ھارارەتسىز بولىدۇ ۋە تومۇر ھەرىكىتى كىچىكىپ قالايمىقان سالىدۇ.

سۈيدۈكتە قىزىللىق، تومۇر ھەرىكىتىدە تېزلىك پەيدا بولسا، بۇ كېسەللىك ساقايغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پۈتۈن بەدەندە لىكىلداش بولۇش شوك (سەكتە) ياكى يىغىلىپ قېلىش (تەشەننۇج) ۋە ياكى بويۇن قېتىپ قېلىش (كوزاز) قاتارلىق كېسەللىكنىڭ خەتىرى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قورساق مۇسكۇللىرى لىكىلداش مالىخۇلىيانىڭ، يۈز مۇسكۇللىرى لىكىلداش تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ ئالامىتى.

قوۋۇرغا ئەگمىسى ۋە ئالدى تەرەپ مۇسكۇللارنىڭ لىكىلدىشى بەزىدە شىللىق پەردىلەردە ياللۇغ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى لەۋ (كالپۇك) نىڭ لىكىلدىشى قەي باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يۈز نېرۋا پالىچى (لەقۋا)، تۇتقاقلىق (سەرئى) كېسەللىكىدە دەسلەپتە قاپاق ۋە يۈز مۇسكۇللىرىدا لىكىلداش بولىدۇ.

### 1. سوغۇقتىن بولغان ئىختىلاجنى داۋالاش:

اختلاج بارد

كېسەللەنگەن ئەزانى لۈڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ جوز يېغى سۈۋىلىدۇ.

تۈز، بۇغداي كېپىكى، تېرىق، زىرە، زەنجىۋىل، جۇۋىنە، سېرىقچېچەك، سىيادان قاتارلىقلارنى خالتىغا سېلىپ، قائىدە بويىچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بابۇنە يېغى، گۈل خەيرى يېغى، قۇستە يېغى، پەرپىيۇن يېغى قاتارلىق خىلتنى تارقاتقۇچى ياغلار سۈۋىلىدۇ.

بەدىيان شىرىسى، رۇم بەدىيان شىرىسى، قارا زىرە شىرىسى قاتارلىق دورىلارغا ھەسەل ياكى گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھەسەل كۆپرەك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەدىيان قايناتمىسى، ھەسەل گۈلقەنتى، زەنجىۋىل مۇراباباسى ۋە ئۈنىڭدىن باشقا يەل

ھەيدىگۈچى دورىلار داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇسكۇللاردىكى لىكىلداش يوقالمىسا بەلغەمنىڭ سۇرگىسى بېرىلىدۇ ۋە ھەببى ئىختىلاج يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا تەركىبىگە ئاچچىقتاۋۇز چۈشكەن ھەببى ئىختىلاجنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ياخشى ۋە ئايارەج روپىس ئارقىلىق تازىلاشمۇ پايدىلىق.
تازىلاشتىن كېيىن قىزىتقۇچى دورىلار سۈۋىلىدۇ يەنى زەنبەق يېغى بىلەن قۇندۇز قەھرى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.
ئوزۇقلاندۇرۇشتا يۇمشاتقۇچى يېمەكلىكلەر، نوقۇت شورپىسى، كەپتەر ۋە قۇشقاچ گۆشلىرى شورپىسى قاتارلىقلار ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن بېرىلىدۇ.
ئەگەر ئەزالاردىكى لىكىلداش توختىمىسا ۋە ئادەتتىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق يوقالمىسا، تىترەش (رەئشە)، يۈز نېرۋا پالىچى (لەقۋا) ۋە پالەچ قاتارلىقلارنى داۋالاشتا قوللىنىلىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىلىدۇ.

### 2. ئىسسىقتىن بولغان ئىختىلاجنى داۋالاش:

اختلاج حار

چىلان، چۈچىمەل نەشپۈت ھەر بىرى 72 گرام، پىرسىياۋشان، كاسنە ئۇرۇقى ھەربىرى 36 گرام، رۇم بەديان ھەربىرىدىن 18 گرام ئېلىپ، بىر لىتىر سۇدا قايناتىپ، تۆتتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ بېرىلىدۇ.
كاۋاۋچىن، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئاق قەنت ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، ھەركۈنى ئەتىگەندە ئون گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

### 3. ھەيز ياكى بوۋاسىر قېنى توختاپ قېلىشتىن بولغان ئىختىلاجنى داۋالاش:

علاج اختلاج احتباس الدم

بۇنىڭدا توختاپ قالغان قاننى ماڭدۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.
شاھتەررە، بەديان قاتارلىق قاننى سۈيۇلدۇرغۇچى ۋە قان تازىلىغۇچى شۇ كېسەلگە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بۇ كېسەل ئۈچۈن پايدىلىق.

## ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل زۇكام ۋە نەزلە

زكام ونزله

**تونۇش:**
مېڭىدىكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ نەپەس يوللىرىغا تۆكۈلۈشى زۇكام ۋە نەزلە

دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى كېسەللىك بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، چۈنكى بۇ ئىككى كېسەلنىڭ ئاساسى سەۋەبى بىر. لېكىن بۇ ئىككىسىنى تېۋىپلار تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرگەن.

ئەگەر مېڭىنىڭ ئارتۇق خىلىتلىرى گال ۋە كۆكرەك تەرەپكە چۈشۈپ كەتكەن بولسا «نەزلە»، بۇرۇن يولى ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا «زۇكام» دەپ ئايرىغان.

بەزى تېۋىپلار بۇ ئىككىلىسىنى نەزلە دەپ ئاتىغان.

بەزى تېۋىپلار بىر خىل ناھايىتى سۇيۇق خىلىت ئارقىمۇ ئارقا بۇرۇن يولى ئارقىلىق چىقىپ كەتكەن بولسا ياكى پېشانە كاۋاك سۆڭىكى ۋە بۇرۇن يان تۆشۈكلىرى ئارقىلىق يۈز قىسىملىرىغا چۈشۈش بىلەن بىرگە پۇراش سېزىمى نورمالسىزلاشقان بولسا «زۇكام» دەپ ئاتىغان.

**ئالامىتى:**

نەزلە يامان سۇپەتلىك بولسا نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن: كاناي، ئۆپكە، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارغا چۈشۈۋالسا مەزكۇر ئەزالاردا يارا پەيدا قىلىپ قويىدۇ ۋە بەزىدە ئىت ئىشتىھا كېسىلى (شەھۋەتى كەلبى) پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بوغما، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە تۇبېركۇلوزى (سىل) قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. جۈملىدىن ئىسسىقتىن بولغان جىددىي خاراكتېرلىك نەزلە سەۋەبىدىن مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى يۇقىرى.

ئەگەر نەزلە سۇيۇقلۇقى تۇزلۇق ياكى چۈچۈمەل بولسا، ئۇ ئارقىلىق ئاشقازان ياللۇغى، ئىچ سۈرۈش (سەھجى) پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ شىلىمشىق سۇيۇقلۇق تېخى پىشمىغان خىلىتتىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى) پەيدا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا نەزلە كۆكرەك پەردە ياللۇغى (ۋەرەمى سەدەر)، يۈز ئىششىپ قېلىش (ۋەرەمى ۋەجھە)، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، چىش ئاغرىش (دەردى دەندان)، كۆز ئاغرىش (رەمەد)، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)، سېزىمسىزلىنىش (خەدەر)، گاسلىق (سۇمۇم)، پالەچ، پىل پۇت كېسىلى (دائۇل پىل) قاتارلىقلارغا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئادەتتە نەزلە بىلەن بىللە يۆتەل، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، ئېغىر دەرىجىدىكى قىزىتما، باش ئاغرىقى، تىترەش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئىبنىسىنا «بۇ كېسەللىك مىزاجنىڭ ئىسسىقلىقى ياكى تاشقى تەسىرلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇش، شامالدا قېلىش، ئوتقا يېقىن تۇرۇش،

ئىسسىق مۇنچىدا يۇيۇنۇش، ئىپار، قۇندۇز قەھرى، زەپەر، پىياز قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى پۇراش، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى سۇۋاش قاتارلىق سەۋەبتىن ھارارەت مېڭىگە تەسىر قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن سۇيۇقلۇق ئېقىشقا باشلايدۇ.

ئىسسىق ئۆتكۈر نەرسىلەرنى مەسىلەن: سامساق، پىياز، قىچا قاتارلىقنى يېگەنلىك-تىنمۇ نەزلە پەيدا بولىدۇ.

خىلىتسىز سوغۇق كەيپىيات ياكى تاشقى سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن مەسىلەن: سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش، باشقا سوغۇق تېگىپ كېتىش، باشنىڭ تېرىلىرى قېتىپ قېلىش سەۋەبىدىن سۇيۇقلۇق تارقىلىپ كېتەلمەي نەزلە پەيدا بولىدۇ.

ئاشقازاننىڭ مىزاجى سوغۇقتىن بۇزۇلغاندا، يېمەكلىكلەرنى پۇتۇنلەي ھەزىم قىلالماي ئارتۇق قىسمىنى نەزلە شەكلىدە چىقىرىپ تاشلايدۇ.

بەزىدە نەزلە تاماقنى كۆپ يېيىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، تاماق يەپ بولۇپلا ئۇخلاش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا مېڭىدە سۇيۇقلۇق كۆپىيىپ كېتىپ، تارقىلىش ئۈچۈن ئورۇن تاپالماي، نەزلە شەكلىدە چىقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر تاشقى ۋە ئىچكى ئىككىلا سەۋەب بىرلەشمىسە زۇكام ۋە نەزلە پەيدا بولمايدۇ. چۈنكى زۇكام ئىككى سەۋەبنىڭ توپلىشىدىن پەيدا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

سەمەرقەندى قاتارلىق بەزى تېۋىپلار «بۇ كېسەلنى سەككىز قىسىمغا بۆلگەن، بۇنىڭ تۆت قىسمى مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن، تۆت قىسمى تۆت خىلىتنىڭ توشۇپ كېتىشى ۋە پۈتۈن بەدەندىن ئۆرلىگەن خىلىتلاردىن بولغان بۇزۇق يەللەرنىڭ مېڭىگە يېتىپ كېلى-شىدىن بولغان» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنىسىنا «زۇكام ۋە نەزلە ئىسسىقلىققا قارىغاندا سوغۇقلۇقتىن كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. بىراق زۇكامنىڭ تاشقى سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىشى سوغۇق مىزاجلىقلارغا قارىغاندا ئىسسىق مىزاجلىقلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئىچكى سەۋەبلەردىن نەزلە ۋە زۇكامغا گىرىپتار بولمايدۇ. لېكىن سوغۇق مىزاج كىشىلەر كۆپرەك بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى مېڭىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولغانلىقتىن خىلىتلارنى ئوبدان ھەزىم قىلال-مايدۇ ۋە بۇزۇق يەللەر مېڭىگە ئۆرلەپ ئاسان تارقاپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خىلىتلار-نىڭ ئارتۇق قىسمىنى مېڭە نەزلە شەكلىدە چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇزۇق گاز سۇيۇقلۇق بىلەن بىرلىشىپ نەپەس يوللىرىغا چۈشىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**تەكشۈرۈش:**

ئاۋۋال نەزلە ئىسسىقتىن بولغانمۇ ياكى سوغۇقتىن بولغانمۇ بۇ ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ چىرايى قىزىل بولۇش، باشنى تۇتقاندا ئىسسىق بىلىنىش، بۇرۇندا ئېچىشىش ۋە قىچىشىش بولۇش، بۇرۇندىن ئاققان سۇيۇقلۇق قىزىق ۋە ئۆتكۈر بولۇش قاتارلىق

ئالامەتلەر بولسا نەزلىنىڭ ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇرۇن پۈتۈپ، ئاۋاز ئۆزگىرىپ قېلىش قاتارلىقلار بىلەن بۇرۇندىن ئاققان سۇيۇقلۇق بەك ئىسسىق بولمىسا، بۇ نەزلىنىڭ سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر نەزلە يۇتقۇنچاق قىسمىغا چۈشكەن بولسا، يۇتقۇنچاقتا قىچىشىش، ئېچىشىش، ئاغرىش ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقى سورىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىنىڭ بار - يوقلۇقى تەپسىلىي ئېنىقلىنىدۇ.

ئېرىشكەن جاۋابقا ئاساسەن نەزلىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياكى سوغۇقتىن بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى توم، ئارقىمۇ ئارقا بولۇش بىلەن سۈيدۈك رەڭگى سېرىق بولسا، مىزاجنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت خىلتنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قايسى خىلتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، شۇ خىلتنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈش كېرەك.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن خىلتنى پىشۇرۇش، يەنى ئەگەر خىلت ئىسسىق ۋە سۇيۇق بولسا قويۇلدۇرغۇچى دورىلار بىلەن، سوغۇق ۋە قويۇق بولسا يۇمشاتقۇچى نەرسىلەر بىلەن تەڭشەش لازىم.

بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قىيامىنى نورمال ۋە پىشقان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، چىقىپ كېتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ. خىلتنى پىشۇرۇش ۋە سۈرۈپ چىقىرىشتا خاتا داۋالاش ناھايىتى خەتەرلىك، شۇڭا ئىككىلەنمەستىن پىشۇرغۇچى دورىلارنى بېرىپ، ئۇنى ناھايىتى تېز سۈرۈپ چىقىرىشقا تىرىشىش كېرەك. ئەگەر ئۆزلۈكىدىن چىقمىسا ئۇنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن توسالغۇلارنى ئاچقۇچى ۋە سۇيۇلدۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە خىلتنى پىشۇرۇش، تازىلاش، بۇزۇق گازلارنى چەكلەش، مېڭە ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈشكە ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. بىمارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى ئازلىتىش كېرەك. مۇمكىن بولسا ئاز ئۇخلىتىش، گۆش، ياغدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر بەدەن ئاجىز بولۇپ گۆش ئىستېمال قىلىش زۆرۈر بولسا، ئىسسىقتىن بولغان نەزلە ۋە زۇكام ئۈچۈن پاقلان گۆشى، چۈجە گۆشى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى گۆشلەر ئارپا ئېشى بىلەن بېرىلىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان نەزلە ۋە زۇكام ئۈچۈن كەپتەر ۋە قۇشقاچ گۆشلىرىنىڭ شورپىلە-

ـرى بېرىلىدۇ.

هاراق، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەر مەسىلەن: كونىراپ قالغان سۈت، پىياز، كۈدە، سامساق، زاغۇن قاتارلىق يېمەكلىكلەر، سۇ كالىسى گۆشى، كىيىك گۆشى قاتارلىق تەس سىڭىدىغان گۆشلەر، تەس سىڭىدىغان تۇزلۇق، چۈچۈمەل، تەمسىز نەرسىلەر، هۆل مېۋە قاتارلىقلارنى يېيىش، سوغۇق هاۋادا ئولتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

باشنى سوغۇقلۇقتىن ساقلاش ئۈچۈن قېلىن باش كىيىمى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا باشنى قوغدىغۇچى كىيىملەرنى كىيىۋېلىش لازىم. ئىمكانقەدەر باشنى ياغلاش، ئوڭدا يېتىش، كۈندۈزى ئۇخلاش، تاماقتىن كېيىنلا ئۇخلاش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

چۈچۈمەل نەرسىلەر ۋە سۈتلۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، بەك تويغۇچە تاماق يېيىش، هەزىم بۇزۇلۇش، ئېغىر هەرىكەت قىلىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر زۇكام ماددىسى توسۇلۇپ قالغان بولسا، يۇيۇنۇش ۋە هورلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئاقتۇرۇش كېرەك. ئەگەر نەزلىنىڭ غىدىقلىنىشى گال ۋە كۆكرەكتە بولسا، بۇرۇنغا پىلتە قويۇپ قايتۇرۇلىدۇ.

زۇكامنىڭ دەسلەپىدە كۆپ چۈشكۈرتۈش قاتتىق زىيانلىق، چۈنكى چۈشكۈرۈش خىلتنىڭ پىششىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كېرەكسىز خىلتلارنى مېڭە تەرەپكە تارتىدۇ. خىلت پىشقاندىن كېيىن بولسا چۈشكۈرتۈش پايدىلىق. دەسلەپتە كۆپ چۈشكۈرۈك كەلسە ئۇنى توختىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. بۇ چۈشكۈرۈش بايانىدىن ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا زۇكامنىڭ دەسلەپىدە مۇنچىغا چۈشۈش زىيانلىق، لېكىن خىلت پىشقاندىن كېيىن قالدۇق خىلتلارنى تارقىتىش ئۈچۈن مۇنچىغا چۈشۈرۈش پايدىلىق.

ئەگەر نەزلە بىلەن ئەمچەك ئۇدۇلىدا سانجىق بولسا نەزلىنىڭ ئالدى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا كۆكرەكتىكى كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى سوئال ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

هەببى قوقىيا هەرقانداق ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن بولغان نەزلە ئۈچۈن پايدىلىق.

ئىسسىق سۇ بىلەن باشنى يۇيۇش ۋە قايناق سۇ ئىچىش زۇكامنى دەرهال يوقىتىدۇ.

چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ باشنى قاشلاش ياكى تارغاق بىلەن تاراش نەزلە ئۈچۈن پايدىلىق، بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق باشنىڭ تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ نەزلە چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئىمكانقەدەر مېڭىنى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن نەزلىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكنى داۋالاش، ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك (ئەنتاكى).

ئىبنىسىنا ۋە قەرشى قاتارلىق تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە نەزلە ۋە زۇكامنى داۋالاش

تۆۋەندىكى ئالتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

«بىرىنچى: نەزلە پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلتنى يۇمشىتىش ۋە تازىلاش كېرەك.

ئىككىنچى: كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنى يوقىتىش، يەنى مىزاجنى تەڭشەش ئۇچۇن تىرىشىش كېرەك.

ئۈچىنچى: نەزلىنىڭ ئېقىشىنى چەكلەش لازىم.

تۆتىنچى: نەزلىنىڭ قىيامىنى تەڭشەش كېرەك.

بەشىنچى: كېسەللىك ماددىسىنى كلىزما قىلىش، لوڭقا قويۇش ئارقىلىق قارشى تەرەپكە تارتىش كېرەك.

ئالتىنچى: نەزلە كېسەللىكى پەيدا قىلغان ئىككىلەمچى كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قارىتا ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بېرىش. مەسىلەن: بۇرۇن ياللۇغى، گال ئىششىقى، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلار داۋالاش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

غەيرىي تەبىئىي خىلتنى يۇمشىتىش ۋە تازىلاش ئۈچۈن ئىسسىقتىن بولغان نەزلىدە ئىسسىقتىن بولغان خىلتلارنى سۈرۈپ چىقارغۇچى سۈرگۈ دورىلىرى بېرىلىدۇ ۋە كلىزما ئارقىلىق خىلتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش لازىم.

سوغۇقتىن بولغان نەزلىدە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقارغۇچى دورىلار ۋە كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە بىر كېچە - كۈندۈز يېمەك - ئىچمەك ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. بىراق بىمار بەك ئاجىز بولسا يەڭگىل غىزالاردىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنى (سەبەبى پائىلە) يوقىتىش، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇنچىغا چۈشۈش، قول - پۇتنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش، ئارپا، خەشخاش، بىنەپشە، بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ باشنى يۇيۇش، قاپاق يېغى، پالەك، بادام يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

تۆۋەندە بۇ كېسەلنى سەۋەبىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ:

### 1. ئىسسىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش:

علاج زكام ونزله حار

دەسلەپتە بېھى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گاۋزىبان دورىلارنى سۇ بىلەن يەڭگىل قاينىتىپ سۈزۈپ، بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەزلىدە يەڭگىللەش بولمىسا سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، خېمىرى خەشخاش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر قاينىتىلما

بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەپيۇن، زەپەر، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ياكى كۆكنار سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كىچىك بىر پارچە قەغەزگە سۇۋاپ، ئۇنى يىڭنە بىلەن بىرنەچچە يەردىن تېشىپ قەغەزگە سۇۋاپ، ئىككى چېكىگە چاپلاپ قويۇلىدۇ.

خەشخاش ئۇرۇقى، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆكنار سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ شۇمۇشكە بېرىلىدۇ.

شوخلا، گەزمازەج، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى قاتارلىق دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى گەزمازەجنىڭ ئورنىغا ئاقلانغان نوقۇت، ئانار گۈلى، قىزىلگۈل سېرىقى، ئوسوك ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. (ھەكىم ئولۇغخاننىڭ دادىسىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن).

خىلتنى قويۇلدۇرۇش ئۈچۈن خەشخاش، بەزرۇلبەنجى، باقىلە، خەشخاش پوستى، نامازشام گۈلى، ئوسۇك ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ، دورىلارنى 500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ئېغىز چايقاتقۇزۇلىدۇ.

بىنەپشە، ئاقلانغان ئارپا، خەشخاش قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سۈزۈپ، خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

چىلان، سەرپىستان، بىنەپشە، خەشخاش ئۇرۇقى دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، خەشخاش شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نەزلە بىلەن يۆتەل بىرگە بولسا، بۇ نۇسخىغا بېھى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قوغۇن ئۇرۇقى، نىلۇپەر قوشۇلىدۇ.

نەزلە بىلەن قىزىتما، تىل قۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق بىرگە بولغان ئەھۋالدا دەسلەپتە بېھى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ (بۇ مەرھۇم ئۇستاز ئۇلۇغرىخاننىڭ ئاتىسى قوللانغان تەجرىبە)

ئىسسىقتىن بولغان نەزلە ۋە يۆتەلدە غەيرى تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 24 گرامنى قاينىتىپ سۈزۈپ، توققۇز گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، بەش گرام بادام مېغىزى شىرىسى، تۆت گرام خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى، 12 گرام قەنت، بىر گرام سوقۇلغان سەمغى ئەرەبى، 0.5 گرام سوقۇلغان كەتىرا قاتارلىق دورىلار قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نەزلە يۇتقۇنچاق ۋە شاخچە كاناي قىسىملىرىغا تەسىر قىلغان بولسا، نەزلە سۇيۇقلۇقىنى ئاسان سۈزۈپ چىقىرىش ئۈچۈن، 4 گرام بادام مېغىزى شىرنىسى، ئالتە گرام تاتلىق قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسىغا، 12 گرام قەنت، سوقۇلغان كەتىرا،

سوقۇلغان نىشاستە، سوقۇلغان سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن نەزلە بىرگە كەلسە، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى يەتتە گرام، سەمغى ئەرەبى ئۈچ گرام، سەرپىستان 70 دانە، شېكەر 18 گرام، بېھى ئۇرۇقى، دارچىن، كەتىرا ھەر بىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قايىنتىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نەزلىنىڭ سەۋەبىدىن بۇرۇندا ئېچىشىش ۋە توسۇلۇش ئەھۋالى بولسا، ئەھۋالغا قاراپ بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان ھەربىرىدىن بەش گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

چىلان، سەرپىستان ھەربىرى توققۇز دانە، بېھى ئۇرۇقى، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەربىرى ئۈچ گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىرى خەشخاش بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

خىلتنى پىشۇرۇش، قويۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئارپا ئېشىغا چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، خەشخاش سېلىپ پىشۇرۇپ، بىنەپشە شەربىتى ياكى خېمىرى بىنەپشە بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا، خىلتنى باشتىن بۇرۇن تەرەپكە مايىل قىلىش ئۈچۈن چۈشكۈرتۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

قىزىل سەندەلنى سىركىگە چىلاپ پۇرىتىلىدۇ.

ئەگەر پۇراش قۇۋۋىتى يوقالغان بولسا ئۇچقۇرپاقىنى سىركە بىلەن قايىنتىپ ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە ئاق سەندەلنى كۆيدۈرۈپ ئىسلىنىدۇ (ئىسرىقلايمىز).

ئەگەر سۇيۇق خىلتلار توسۇلۇپ قالمىغان بولسا ۋە كېسەللىك پەيدا بولغىلى ئۇزۇن بولغان بولسا بىر دانە ئەينەكنى ئوتتا قويۇپ، ئۈستىگە كاپۇر سېپىپ، بىمارنىڭ بېشىنى بىر پارچە ئەدىيال بىلەن ئوراپ، كاپۇرنىڭ ئىسى بۇرۇنغا كىرگۈزۈلىدۇ ياكى بۇغداي كېپىكىنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتا قويۇپ، قائىدە بويىچە ھورلاندۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، كېپەك ئۇمىچى ياكى نوقوت يارمىسى بىلەن شويلا، ئاقلانغان ماش، پالەك، قاپاق قاتارلىقلار بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا، خىلت پىشقاندىن كېيىن غەيرى تەبىئىي سەپرانىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى بىنەپشە بېرىلىدۇ.

تۆۋەندىكى سۈرگۈسى بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق، يەنى بىنەپشە، چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى يىلتىزى، قوغۇن ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق

دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر شىرىسى، تەرەنجىبىن شىرىسى، شىرخىست ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن تەرياقى نەزلە، ھەببى شىپا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم بېرىلىدۇ.

خېمىرى خەشخاش، خەشخاش شەربىتى، خەشخاش سۈيى قويۇلدۇرمىسى، نەزلە شەربىتى، پەريادرەس شەربىتى، گۆھەر شەربىتى، لوئوقى نەزلە، قۇرسى نەزلە قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مېڭىنى تازىلاشتىن بۇرۇن نەزلىنى توسۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر نەزلىنىڭ ماددىسى بەك ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولسا، خىلتىسىز ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقى لوئابى ئۈچ گرام، ئاق لەيلى يىلتىزى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، 18 گرام ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە نېلۇپەر يېغى، قاپاق يېغىغا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار سۈۋۈلىدۇ.

رازى «ئەگەر زۇكام ياز پەسلىدە پەيدا بولغان بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك سۇۋالمىلار ئارقىلىق جىگەر سوۋۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: كاسىنە سۈيىدە لۆڭگىنى نەمدەپ، جىگەر ئۇدۇلىغا قايتا ـ قايتا قويۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر نەزلە بىلەن بىرگە باش ئاغرىش ۋە قىزىتما بولسا، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، چىلان شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، نېلۇپەر شەربىتى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخىدىكى ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ئورنىغا تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، نېلۇپەر شەربىتى ئورنىغا بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بولسا كەتىرامۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك پىشۇرغۇچى دورىلاردىن سەرپىستان 20 دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى تۆت گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى بەش گرام، چىلان ئون دانە، بىنەپشىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئاخشىمى ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان ھەربىرىدىن 84 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتكەندە سۈزۈپ، ئۇنىڭغا نېلۇپەر شەربىتى ياكى بىنەپشە شەربىتىدىن 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى بىنەپشە شەربىتى ياكى ئاق شېكەر بىلەن بېرىلىدۇ ياكى پالەك بىلەن گۈرۈچ پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى نېلۇپەر ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ خىل داۋالاشنى 3 ~ 4 كۈن داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى نېلۇپەرگە خىيارشەنبەر شىرىسى، تەرەنجىبىن شىرىسى ھەر بىرىدىن 72 گرام، خېمىرى بىنەپشە، گۈلقەنت، سانا شەربىتى ھەربىرى 48 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ

ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۈشلۈك تامىقىغا نوقۇت يارمىسى سۈيى، ئاخشىمى يۇمشاق شويلا بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېهى ئۇرۇقى لوئابى، ئاق لەيلى يىلتىزى تالقىنى ھەربىرى ئۈچ گرام، ئەرقى شوخلا، ئەرقى نىلۇپەر ھەربىرى يەتتە گرام، نىلۇپەر شەربىتى 48 گرام، ئىسپىغۇل ياكى رەيھان ئۇرۇقى تالقىنى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاش-تۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مىزاجىنى تەڭشەش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن 12 گرام ئىترىفىل كەشنىز ئاخشىمى يېگۈزۈلىدۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە خەشخاش شەربىتىدىن 36 گرام 108 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر خىلىت ئۆتكۈر سېسىق بولسا ۋە زۇكام بىلەن قاتتىق باش ئاغرىش ۋە قىزىتما بولسا، سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ۋە خىلتىسىز ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى بايانىدا سۆزلەنگەن سۇۋالما ۋە بۇرۇن تېمىتىلمىلىرىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئالتە كۈنگىچە خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن گۇل بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى ئالتە گرام، سەرپىستان 11 دانە، بېهى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ھەربىرى ئالتە گرام، بىنەپشە شەربىتى 24 گرام، سوقۇلغان خاكشى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەككىزىنچى كۈنى شىرە دورىلارنىڭ ئورنىغا چىلان بەش دانە، گاۋزىبان، قوغۇن ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، نىلۇپەر ھەربىرى تۆت گرام، چالا سوقۇلغان تەخەمەك ئۇرۇقى ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى مەزكۇر چىلانمىلارغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۈيدۈكتە خىلىت پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، 12 ـ كۈنى ئۇستقۇددۇس، قىزىلگۈل ھەربىرى تۆت گرام، سانا 12 گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، تەرەنجىبىن 48 گرام، بادام يېغى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەتىگىنى ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشلۈكى نوقۇت سۈيى ئىچكۈ-زۈلىدۇ. ئەتىسى سوۋۇتۇش ئۈچۈن بېهى ئۇرۇقى لوئابى، چىلان شىرىسى ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇلغان ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلە-دۇ. يۇقىرىقىغا ئوخشاش 3 ~ 4 قېتىم سۈرگۈ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلە بىلەن بوۋاسىر، قەۋزىيەتلىك، قىزىتما، باش ئاغرىش، بەدەن سۈيۇقلۇقى قوزغىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، سوۋۇتۇش ئۈچۈن چىلان ئون دانە، ئوسۇك ئۇرۇقى ياكى قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ئالتە گرام قاتارلىق

دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر، بىنەپشە شەربىتى ياكى نىلۇپەر شەربىتى سوقۇلغان خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىر ئاز ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى چىلانىمىدىكى ئاق شىرىنىڭ ئورنىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى ئالتە گرام، گاۋزىباندىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كۆكسى چىڭلىق كۆرۈلسە، بەلغەم بوشىتىش ئۈچۈن مەزكۇر چىلانمىغا ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، زۇپا، پىرسىياۋشان ھەربىرى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلار قوشۇلىدۇ.

كېسەللىك ئۇزۇن داۋاملىشىپ كەتكەن بولسا، قاپاق، ئوسۇڭ، تەرخەمەك ئۇرۇقلىرى ۋە بەدىيانىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا دورىلارنىڭ ئاشقازاننى بۇزۇۋېتىشىنى توسقىلى بولىدۇ.

**2. سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش:**

علاج زكام ونزله بارد

باش كېيىمنىڭ ئىچى تەرىپىنى ئىسسىتىپ كىيگۈزۈپ مېڭىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى تۇز ۋە تېرىقلارنى خالتىغا سېلىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بەرداشلىق بېرەلىگەنگە قەدەر ئىسسىق سۇ بىلەن پىشۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىلىرى بىلەن باش يۇيۇلىدۇ.

قول - پۇتنى سېرىقچېچەك يېغى، بابۇنە يېغى، سۇزاپ يېغى، پان يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ.

باشنى سوپۇنلاپ يۇيۇش لېكىن باشنى ياغلىماسلىق كېرەك. چۈنكى نەزلە ئىسسىق بولسۇن ياكى سوغۇق بولسۇن، كۆپىنچە باشنىڭ تۇشۇكچىلىرى ئوچۇق تۇرغان ياخشى.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق، يۇمشاق، قىزىتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

قىچا، چاققائوت، پىنىە، تاغ سۇزاپ يېلىمى قاتارلىق نەزلىنى توختاتقۇچى دورىلارنى سوقۇپ كاپ ئەتكۈزۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەلدە خىلت پىشىشتىن ئىلگىرى مۇنچىغا چۈشۈش خاتا، بەلكى بۇ ۋاقىتتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بەش گرام، گاۋزىبان ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، 24 گرام ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەنجۈر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پىرسىياۋشان، قۇرۇق زۇپا، بەدىيان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «ئەنجۈر 84 گرام، سۆئتەر، بابۇنە ھەربىرى 15 گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزسە، سوغۇقتىن بولغان زۇكام ئۈچۈن پايدىلىق.

چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، بەدىيان، ئەبرىشىم (قىرقىلغان پىلە) ھەربىرى

ئۈچ گرام، سەرپىستان، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم ھەربىرى 21 گرام، ئاق لەيلى ئۈرۈقى ئون گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر خىلتنى يۇمشىتىش زۆرۈر بولسا، بۇ نۇسخىغا تەرەنجىبىن شىرىسى ۋە خىيارشەنبەر شىرىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئەتنى يۇمشاتقۇچى، ئۆتكۈر تەبىئەتلىك لوئوق (يالانچۇق) دورىلارنى مەزكۇر قايناتما بىلەن بېرىش، زۇپا شەربىتى، مەجۇنى زۇپا، ئۇستقۇددۇس شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، مۇغەللى مۇنزىج (ئۆرلىتىپ پىشۇرغۇچى دورىلار)، خېمىرى بىنەپشە، خېمىرى ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق.

بەزىدە خىلتنى يۇمشىتىش ۋە پارچىلاش مەقسىتىدە، سىركە ۋە لىمون شەربىتىگە ئوخشاش چۇچۇمەل دورىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا بەك چۇچۇمەل شەربەتلەرنى ئىستېمال قىلدۇرماسلىق كېرەك. بەلكى چۇچۇمەللىكى تۆۋەن بولغان شەربەت ۋە سىركىگە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزسە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتكۈر ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق خىلت پىشۇرۇلىدۇ. ئەنجۈر، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم، زۇپانى قايىنتىپ سۈزۈپ، خېمىرى بىنەپشە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

تېرىق، بۇغداي كېپىكى، بۇغداي نېنى ئارقىلىق باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بابۇنە، پىرسىياۋشان، زۇپا، مەرزەنجۇش، قارا رەيھان، قەيسۇم قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ ئۇنىڭ سۈيى بىلەن باشنى يۇيۇش، پىسپىنى باشقا تېڭىش، قايناتقاندا چىققان بۇسى بىلەن ھورلاندۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

سىيادان ۋە رۇم بەدىيانىنى بىرلەشتۈرۈپ داكا خالتىغا سېلىپ پۇرىتىش ياكى ئەنبەر، ئىپار، ئۇد ھىندى، ئېگىر ئەترىنى پۇراتما شەكلىدە ياساپ پۇرىتىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن قول - پۇتى ياغلىنىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان نەزلىدە ئىمكانقەدەر قورساق ئاچ قويۇلىدۇ ۋە كۆپ ئۇخلاش چەكلىنىدۇ.

ئەگەر توسالغۇ بولسا بىنەپشە، چىلان، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم، ئەنجۈر قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن سىيادانىنى ئۆتكۈر سىركىگە چىلاپ قويۇپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۈزۈپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا كونا زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇنغا تارتىش ياكى مەغەزگۈلى پۇرىتىش كېرەك.

چامغۇر ئۈرۈقى، بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ ھورلاندۇرسا ياكى بۇغداي كېپىكىنى سۇ ۋە سىركە بىلەن قايىنتىپ ھورلاندۇرسا، سوغۇقتىن بولغان نەزلە ۋە

توسالغۇنى ئېچىش ئۈچۈن پايدىلىق.

بۇرۇن توسۇلۇش ئۈچۈن لادەن قايناتمىلىرى بىلەن هورلاندۇرۇلىدۇ.

قورۇلغان سىيادان، نۈشۈدۈر هەربىرى 12 گرام، زەنجىۋىل ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، داكا بىلەن ئوراپ پۇرىتىلسا، توسۇلۇپ قالغان نەزلىنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئىپار، ئەنبەر، قۇندۇز قەهرى، قۇستە، قورۇلغان سىيادانىنى پۇراتسا، توسۇلۇپ قالغان نەزلىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا نەزلىنى گالدىن بۇرۇن تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن چۈشكۈرتكۈچى پۇركەلمە دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

لادەن، ئۇد ھىندى، قۇستە، سىيادان قاتارلىق دورىلارنى سىركە بىلەن نەمدەپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىسىنى بۇرۇنغا كىرگۈزسە ياكى گۈڭگۈرت بىلەن ئىسرىقلىسا، نەزلىنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ.

نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەببى نەزلە، ھەببى خىتايى، ھەببى شىڭگىرىپ، ھەببى سىماب، ھەببى مۇمىيا، ھەببى جەدۋار، ھەببى مەستىكى، ھەببى دەستۇر، ھەببى ئەپيۇن، ھەببى شىپا، خېمىرى خەشخاش ھار، لوئوقى بەزرۇلبەنجى قاتارلىق پىششىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

كونا سوغۇق نەزلىدە ئالدى بىلەن ھەببى ئازاراقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى بالادۇر ئىشلەتسە بولىدۇ. مەستىكى، لوبان، لادەن، كۇندۇر، زۇپتى رۇمى، بابۇنە گۈلى، سۇمبۇل تىپ ھەربىرى بىر ھەسسە، گۈل يېغى، مەغەزگۈل يېغى، ئاق موم ھەربىرىدىن تۆت ھەسسە ئېلىپ، مومنى ياغلاردا ئېرىتىپ، باشقا دورىلارنى سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ داكىغا سۈۋاپ، بىمارنىڭ بېشىغا 2 ~ 3 كۈن تېڭىپ قويۇلىدۇ.

كونا نەزلە ۋە زۇكام ئۈچۈن قەلەمپۇر ئىككى گرام، جوز بىر دانە، ئاقىرقەرھا 18 گرام، پىلپىل، پىلپىل يىلتىزى ھەربىرى بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ باشقا سۈۋ ۈلىدۇ.

بۇ كېسەلدە بىمار ئۇسسىغاندا قايناق سۇ ياكى مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇ-رۇشتا بۇغداي كېپىكى، بادام مېغىزى، ھەسەل بىلەن ئېتىلگەن ھالۋا، ئەنجۇر، قۇرۇق ئۈزۈم، نان، تەركىبىدە قەۋزىيەتلىك پەيدا قىلمايدىغان ۋە كۆيدۈرگۈچى نەرسىلەر بولمى-غان يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان زۇكامدا ھەسەل گۈلقەنتى يېگۈزۈش، شېكەر ۋە بادام يېغىدا ياسالغان ھالۋا يېگۈزۈش، قەۋزىيەتلىك بولغان ئەھۋالدا قۇرسى بىنەپشە ياكى بىنەپشە چىلانىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن تەبىئەتنى يۇمشىتىش، قايناق سۇ بىلەن ھورلاندۇرۇش، باشنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا دورا سۈۋاش قاتارلىق تەدبىرلەرمۇ پايدىلىق.

ئەگەر نەزلە كونىرىغان بولسا رۇم بەدىيان پۈرىتىلىدۇ.

ئۇز ۇقلاندۇرۇشتا يۇمشاتقۇچى يېمەكلىكلەرنى قوللىنىش پايدىلىق.

مۇۋاپىق مىقداردىكى قورۇلغان پىندۇق مېغىزى، مۇۋاپىق مىقداردىكى پىلپىل بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇش سوغۇق نەزلىنىڭ ماددىسىنى ناھايىتى تېز پىشۇرىدۇ (ئەنتاكى).

مەغەزگۈلنى پۈرىتىش سوغۇقتىن بولغان نەزلە ئۈچۈن پايدىلىق.

سوغۇقتىن بولغان نەزلىدە بىمار بەرداشلىق بېرەلىگۈچە قايناق سۇ بىلەن باشنى يۇسا، دەرھال ساقىيىپ كېتىدۇ ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكىمۇ پايدىسى بار (بۇنىڭدا ئۇزاق ۋاقىت ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك).

بەزى تېۋىپلار «كونا نەزلىدە مېڭىنى تازىلاش مىزاج ئەھۋالىغا قاراپ بەدەننى كۆچلەندۈرۈش، سۈيۇقلۇقلارنى تارقىتىش ۋە قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇزۇق يەلنى چەكلەش ئۈچۈن ئىترىفىل سەغىر بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىمار داۋاملىق زۇكام ۋە نەزلىگە گىرىپتار بولسا، يۇيۇلغان سەبرە، مۇدەپپەر قىلىنغان تۇربۇت، رۇببىسۇس ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كۆمىلاچ ياساپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇخلاش ۋاقتىتا يەتتە گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى «پىلپىلدىن يەتتە داننى ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا قايناق سۇ بىلەن يۇتسا زۇكام ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى سەۋەبىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىپ داۋالاش ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

1. غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش:

بۇنىڭغا قارىتا يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن باشقا يۇمشاتقۇچى دورىلارنىڭ قايناتمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بەدىيان، سېرىق ئەنجۈر، بەدىيان يىلتىزى، ئۇستۇقۇددۇس، پىرسىياۋشان، زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، دارچىن، جۇڭگو چېيى، بەدىيان قايناتمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئالتە گرامنى قايناتىپ سۈزۈپ، 24 گرام ئۇستۇقۇددۇس شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇستۇقۇددۇس تۆت گرام، گۈل بىنەپشە، پىرسىياۋشان ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، 24 گرام ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەدىيان، بىنەپشە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان ھەربىرى تۆت گرام، سەرپىستان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى 500 مىللىلىتىر سۇدا قايناتىپ،

تۆتتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، ئاق شېكەردىن 18 گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك بەلغەم خىلتىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، ئەنجۈر، بەدىيان يىلتىزى، زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق دەپ قارالغىنى يۇقىرىقى نۇسخىغا قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بولسا يۇقىرىقى نۇسخىغا چىلان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، نېلۇپەر، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ. ئەگەر كۆكرەك تەرەپتە نەزلىنىڭ ئېچىشتۇ-رۇشى بولسا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نەزلە مېڭىنىڭ ھارارىتى ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ مەلۇم ئۆزگىرىشىدىن مۇرەك-كەپلەشكەن بولسا، بىنەپشە، سەرپىستان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئۇستقۇددۇس، بەدىيان يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بەدىيان قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىسى سۈزۈپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى «زەنجىۋىل، گۈل داۋە ھەربىرى ئۈچ گىرام، كۆكنار غۇزى-سى بىر دانە ئېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزسە، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان زۇكام باش ئاغرىش، قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن زۇپا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئەنجۈر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارغا تەرەنجىبىن شىرىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى ئايارەج بېرىلىدۇ ياكى ئايارەج ئۇستقۇددۇس بىلەن ئىترىفىل سەغىر بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە ياكى ئايارەج لوغانىزىيا بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن سەبرە ئۈچ گىرام، مەستىكى 27 گىرام، رۇبىسۇس، بەدىيان، ئاق شېكەر ھەربىرى بىر گىرام، مۇقەل 0.5 گىرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كەرەپشە سۈيى بىلەن كۈمىلاچ ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن پولونىيا ياكى مەسرىدىتوس داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەرشىشا، ئىترىفىل زامانى، ئىترىفىل مۇلەيىن قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ پايدىلىق.

2. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش:

بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان بولسىمۇ لېكىن بۇ زۇكامنىڭ ئەڭ جاھىل خاراكتېرلى-كى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى پىشقاندىن كېيىن ئەفتىمۇن ۋە بىستىپا-يەج قايناتمىسى بىلەن سەۋدانى تازىلاش كېرەك.

خەشخاش سۈيى، ئارپا سۈيى، نىشاستە، شېكەر، بادام يېغى بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئوسۇڭ، خەشخاش، قاپاق قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن ھورلاندۇرۇلىدۇ ۋە باشنىڭ ئالدىغا مۇناسىۋەتلىك دورىلار سۈۋىلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، دارچىن قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ قايىنتىپ سۈزۈپ، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەنجۈر، چىلان، سەرپىستان قايناتمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر بۇرۇن توسۇلۇپ قالغان بولسا، قەنت، سۇمبۇل تىپ قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسرىقلىنىدۇ.

ئەگەر نەزلە داۋاملىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەۋزىيەتلىك، بوۋاسىر، يۈرەك ئېغىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، سەرپىستان قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەجنى سوقۇپ، ئىترىفىل سەغىر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەرقى شاھتەررە بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئايارەجنى گۈلقەنت بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئاخشىمى يۆتەل توختىتىش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى شوخلا، بىنەپشە شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق چاي ئىككى گرام، بەدىياندىن تۆت گرامنى قايىنتىپ سۈزۈپ، 12 گرام شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن داۋائى مىشكى مۆتەدىلنى يېگۈزۈپ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى شوخلىغا ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە نەزلە ۋە يۆتەلگە قارىتا خەشخاش شەربىتى ۋە قەۋزىيەتلىك ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىسپىغۇل لۇئابى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا مايسىز شوىلا بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان زۇكامنى ئىنتايىن ئاز پەيدا بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان زۇكامنى داۋالاش غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان زۇكامنى داۋالىغانغا ئوخشاش بولىدۇ. بىراق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان زۇكامدا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە خىلتنى پىشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن چىلان، سەرپىستان قايناتمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 3. مېڭە ئاجىزلىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش:

*علاج زكام ونزله از ضعف دماغ*

ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىشتىن مېڭە ئاجىزلىقى كۆرۈلسە، بۇنداق ھالەتتە كۆچلەندۈرگۈچى دورىلار مەسىلەن: مەجۇنى لۇئۇبى كەبىر، تەرياقى نەزلە، مۇپەررىھ

ياقۇت ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى ئوزۇقلۇقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىش نەزلە ۋە زۇكامغا زىيانلىق. قىزىق تاماق يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

توققۇز گرام مەجۇنى لوبۇبى كەبىر 108 گرام مائۇللەھمى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى شېكەر ياكى تۇز بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى ھالۋىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، بىنەپشە، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ھەربىرى بەش گرام، ئىككى گرام دارچىن قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئاق شېكەردىن 12 گرامنى ئارىلاشتۇ-رۇپ چاي ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەببى مۇميا، ھەببى مۇمسىك، خېمىرى خەشخاش بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالغا قاراپ مېڭە ئاجىزلىقى كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## 4. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىنى داۋالاش:

علاج زکام ونزله از اسباب دیگر

ئەگەر كېسەللىك قورساق قىسمىدىكى ھەزىم ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەزىم ئاجىزلاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، خەشخاش شەربىتى، مۇرەككەپ خەشخاش قويۇلدۇرمىسى، خېمىرى خەشخاش بېرىلىدۇ.

قەۋزىيەتلىك بولمىسا ھەببۇلئاس شەربىتى، پەريادىدوس شەربىتى ۋە خېمىرى خەش-خاش، تەرياقى نەزلە، تەرياقى زەرەب مۇرەككەپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ كېسەللىك بالىلاردا كۆپىنچە ھۆللۈكنىڭ كۆپلۈكى ۋە مېڭە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن زۇكام پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بۇنى داۋالاشتا بالا ئېمىتكۈچى ئايالغا سوغۇقتىن بولغان نەزلە ۋە زۇكام ئۈچۈن قوللىنىلغان دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

قايناق سۇغا لۆڭگىنى چۆكۈرۈپ بالىنىڭ پېشانىسىگە قويۇلىدۇ ياكى ئىسسىق سۇ بىلەن بالىنىڭ بېشىنى يۇيۇش، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەلنى بوۋاقنىڭ تىلىنىڭ ئاستىغا سۈۋاش، توخۇ پېيى ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش، بالىنىڭ بېشىنى يۇڭ ياكى يىپەك رەخت بىلەن يۆگەپ قويۇش، سۈت ئېمىتكۈچى ئايال ۋە بالىغا جۇڭگو چېيى ئىچكۈزۈش، سۈت ئېمىتكۈچى ئايالنى سوغۇق سۇ، ھۆل مېۋە ـ چېۋە، چۈچۈمەل نەرسە ۋە سۈتلۈك نەرسىلەردىن چەكلەشكە ئوخشاش تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

# ئىككىنچى باب كۆز كېسەللىكلىرى
## امراض چشم

بۇ بابتا كۆز ئېقى ياللۇغى، كۆز ئېقى قۇرغاقلىشىش، كۆز ئېقى تۇرۇلۇپ قىلىش، كۆز ئېقى بوششىپ كېتىش، كۆز تومۇرلۇق پەردە كېسەللىكلىرى، كۆرۈش تور پەردە كېسەللىكلىرى، كۆزەينەكسىمان تەنچە كېسەللىكلىرى، كۆز كىرىستال تەنچە كېسەللىكلىرى، كۆز ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى، كۆز توخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقى كېسەللىكلىرى، كۆز رەڭدار پەردە كېسەللىكلىرى، كۆز مۈڭگۈزسىمان پەردە كېسەللىكلىرى، كۆز قىزىرىپ ئاغرىش (بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى) كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە رەڭدار چېكىت چۈشۈش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قاناتسىمان گۆش ئۆسۈپ قېلىش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قان چۈشۈش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقى، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە قېتىپ قېلىش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە قىچىشىش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە مۇدۇر پەيدا بولۇش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئۆسۈپ قېلىش، كۆز ياشاڭغىراش، كۆز ياش كانالچىلىرى توسۇلۇش، كۆز غۇۋالىشىش، كۆزگە يات نەرسە كىرىپ كېتىش، كۆزگە زەربە تېگىش، كۆز جاراھىتى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆز رەڭلىك پەردە قەۋىتىنىڭ پولتىيىپ چىقىپ قېلىشى، ئالغايلىق، نامازشام قارىغۇسى، كۈندۈزى كۆرەلمەسلىك، نۇر يىغالماسلىق، كۆز پەردە تۆشۈكىنىڭ تارىيىپ قىلىشى، كۆزگە ھەرخىل رەڭدىكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشى، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆك كۆزلۈك كۆرۈش ئاجىزلىقى، قاراڭغۇلۇقتا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن بولغان كورلۇق، كۆزنىڭ تۇغما كىچىك ۋە ئاجىزلىقى، كۆز تورلىشىش، كۆز يىگلەش، كۆز قارىسىنىڭ پولتىيىپ قىلىشى، نۇردىن قورقۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

### بىرىنچى پەسىل كۆز ئېقى ياللۇغى
#### امراض طبقه صلبيه

**تونۇش:**

كۆز ئېقى ياللۇغىدا كۆز سىرتقا پولتىيىپ چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆزنىڭ

چوڭقۇر قىسمىدا ئاغرىق سېزىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

يالــلۇغ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتتىدىن بولسا، كۆزدە چىڭقىلىش، قىچىشىش بولىدۇ. كۆزنىڭ قايسى يېرى قىچىشقانلىقى مەلۇم بولمايدۇ. ئەگەر يالــلۇغ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىدىن بولسا، كۆز كۆيۈپ ئېچىشىدۇ. يالــلۇغ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتتىدىن بولسا، كۆزدە ئېغىرلىق بولىدۇ، قاپاقلىرى بوششىپ ئېسىلگەندەك بولىدۇ.

ئىششىقنىڭ ماددىسى مەيلى قەيەردە بولسۇن، كۆز سىرتىغا پۇلتىيىپ چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، كۆزنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا ئاغرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

كۆز ئېقى يالــلۇغىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇنى داۋالاشمۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

### 1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتتىدىن بولغان كۆز ئېقى يالــلۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم طبقه صلبیه دموی

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتتىدىن بولغان كۆز ئېقى يالــلۇغىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىچىنى يۇمشىتىپ كېسەللىك ماددىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلىگۈلى، چىلان، سەرپىستان، چالا سوقۇلغان ئارپىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، كۈنجۈت يېغى، قارا شېكەر قوشۇپ قائىدە بويىچە شامچە تەييارلاپ ھەمەل قىلىنىدۇ.

چىلان، سەرپىستان، ئەينۇلا، نىلۇپەر، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، ئاق لەيلىگۈلى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، تەرەنجىبىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنىڭ قويۇلۇشى توختاپ، باش قىسمى ئارتۇق ماددىلاردىن تازىلانغاندىن كېيىن بۇغداي كراخمالى (نشاسته)، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەر بىرى ئالتە گرامدىن، سەفىداپ كاشغەرى 17 گرام، ئەفتىمۇن بىر گرامدىن ئېلىپ قائىدە بويىچە ئايرىم - ئايرىم سوقۇپ، تاسقاپ تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن شىياف تەييارلاپ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، ئىتئۈزۈمنىڭ قاينىتىلغان ساپ سۈيىدە ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتىش كېرەك.

### 2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىدىن بولغان كۆز ئېقى يالــلۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم طبقه صلبیه صفراوی

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىدىن بولغان كۆز ئېقى يالــلۇغىنى داۋالاشتا يۇقىرىدىكى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتتىدىن بولغان كۆز ئېقى يالــلۇغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلار ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئىچىنى يۇمشىتىش لازىم.

ئاندىن كېيىن پوستى ئېلىنغان ئارپا، تاتلىق بېھى ئۇرۇقى، ئەنزىرۇت قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ كىچىك بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە تاتلىق سۇ قويۇپ، ئاندىن كېيىن يەنە بىر چوڭ قازاننى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ دورا سېلىنغان كىچىك قاچىنى چوڭ قازاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىمايدىغان قىلىپ ئورنىتىپ قويۇپ، قازاننىڭ تېگىگە ئوت يېقىلىدۇ. قازان ئوبدان قايناپ قاچىدىكى دورىلار پىشىپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى پۈتۈنلەي لوئابغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ئېلىپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتىش كېرەك.

**ئەسكەرتىش:**

ئەنزىرۇتنىڭ مىقدارى ئاز بولۇشى لازىم. چۈنكى ئەنزىرۇت كۆپ بولسا، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەسىرى بىلەن كۆزگە تۆشۈك پەيدا قىلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆز ئېقى ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم طبقه صلبيه بلغمى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆز ئېقى ياللۇغىنى داۋالاشتا كېسەللىك ماددىسى پىشىپ تازىلانغاندىن كېيىن مەستىكى يېغى، ئىپار، زۇپا، سۇ قاتارلىقلارنى بۇرنىغا تېمىتىش كېرەك.

چۈشكۈرتۈش ئۈچۈن مۇرمەككى، قورۇلغان سىيادان، زەپەر قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ پۈركۈتۈش كېرەك، بۇ چارىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆللۈكلەرنى يوقىتىپ، مېڭىنى تازىلايدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل كۆز ئېقى قۇرغاقلىشىش

يبوست طبقه صلبيه

**ئالامىتى:**

ماددا كۆزنىڭ ۋە يۈزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكىدەك سېزىلىدۇ. كۆز ئارقا تەرەپكە تارتىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

**داۋالاش:**

كۆز ئېقى قۇرغاقلىشىشنى داۋالاشتا بەدەننىڭ، مېڭىنىڭ، كۆزنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش (ھۆللەشتۈرۈش) ئۈچۈن ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

ئۆچكىنىڭ سۈتىنى بېشىغا زىماد قىلىش، بۇرنىغا تېمىتىش، بىنەپشە يېغىنى بۇرنىغا تېمىتىش تېخىمۇ مەنپەئەتلىك، قورۇقلۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆزنى تېڭىۋېلىش كې-

ىرەك. چۈنكى ھەرىكەت ۋە قۇرغاق ھاۋادا كۆز قىزىرىپ ھۆللۈكىنىڭ تارقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل   كۆز ئېقى تورۇلۇپ قېلىش

**التواء طبقه صلبیه**

**سەۋەبى:**

كۆزگە ھارارەت تەسىر قىلىش ئارقىلىق كىراستال تەنچە ھۆللۈكى كۆزنىڭ قارىغا ئوخشاش پەردە تومۇر قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شېشىسىمان ھۆللۈك قۇرۇيدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق پەيدا بولۇپ، كىرىستال تەنچە ھۆللۈك كۆزنىڭ قان تومۇر قەۋىتىگە بۆلۈنىدۇ. كۆز ئالمىسىنى ئورا پتۇرغۇچى قەۋەت قاتتىق قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. قاتتىق قەۋەتنىڭ ئاستىدا بوشلۇق بولماي سۆڭەككە تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن ئارقىغا يانالماي تورۇلۇپ قالىدۇ، كۆزنى بەك چىڭ تاڭغانلىقتىن، كۆزنىڭ قالغان قەۋەتلىرى زىيانغا ئۇچراپ، بىرى يەنە بىرىگە يۆلىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىسسىق شامالّلارغا ئۇچرىغان سەۋەبتىن پەيدا بولغان قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن مىزاجىنى ھۆللەشتۈرۈش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

كۆز قاتتىق چىڭقالغانلىقتىن پەيدا بولغان تورۇلۇشىدە ئەزانى بوشاشتۇرۇش ۋە يۇمشىتىش ئارقىلىق كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرى ۋە قەۋەتلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىنى داۋالاش ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە كۆز ۋە ئومۇمىي بەدەننىڭ مىزاجىنى تەڭشىگۈچى يېمەك - ئىچمەك ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

## تۆتىنچى پەسىل   كۆز ئېقى بوشىشىپ كېتىش

**استرخاء طبقه صلبیه**

**سەۋەبى:**

كۆز ئېقىغا كۆپ مىقداردىكى ھۆللۈكنىڭ چۈشۈشتىن كۆز ئېقى بوشىشىپ كېتىدۇ. بۇ كۆز ئېقى مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن كۆز ئېقى مىزاجىنىڭ ماددىسىنى ھۆللۈكنى ۋە ماددىلىق ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىدىن ماددىسىز ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇش ۋە ماددىلىق كۆز ئېقى مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆللۈكنى ۋە ماددىلىق ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىدىن بۇزۇلۇش دەپ

ئىككى خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆز ئىچى مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆللۈكنى ۋە ماددىلىق ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان كۆز ئىچى بوشىشىپ كېتىش كېسەللىدىن بىمار ئۆزىنىڭ كۆزى تۆۋەن تەرەپكە ساڭگىلاپ چىقىۋالغاندەك گۇمان قىلىدۇ. كۆزنى ھەرىكەتلەندۇرگۈچى پەيلەر ئاجىزلاشقان ۋە بوشاشقان سەۋەبتىن ئۈستۈن تەرەپكە قاراش قىيىن بولىدۇ.

كۆز ئىچى مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى ماددىسىز بولسا كۆزدە ئاغرىق بولمايدۇ.

ئەگەر ماددىلىق بولسا، ئاغرىق بولىدۇ. ئاغرىقنىڭ قاتتىق ۋە يېنىك بولۇشى كېسەل-لىك پەيدا قىلغۇچى ماددىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق.

**داۋالاش:**

كۆز ئىچى بوشىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مەيلى قان خىلتى ياكى بەلغەم خىلتىدىن بولسۇن، ئاۋۋال ماددىنى پىشۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق ماددىنى پىشۇرۇپ، ماددا پىشقاند-دىن كېيىن مۇناسىپ دورىلار ۋە ئايارەجلەر ئارقىلىق بەدەن ۋە مېڭە تازىلىنىدۇ. ئاندىن شۇ ئەزانىڭ ئۆزىنى تازىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق غار - غارلارنى ئىستېمال قىلىش، مەستىكى، راتىيانەجنى چايناش لازىم. تاماقلاردىن قورۇما كاۋاپ، جەرگۈپ، ئۈچار قۇشلارنىڭ گۆشنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھۆللۈكنى قورۇتقۇچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش كېرەك.

## بەشىنچى پەسىل كۆز تومۇرلۇق پەردە كېسەللىكلىرى

## امراض طبقہ مشیمیہ

**تونۇش:**

كۆپ ۋاقىتلاردا كۆز ئالمىسىنى ئوراپ تۇرغۇچى قەۋەت ئىششىيدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن كۆرۈش نېرۋىسى سىقىلىدۇ. ئاندىن كۆزنىڭ كۆرۈشىدە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىككى گەجگە ئەتراپىغا قانلىق لوڭقا (شەخەك) قويۇش، تۆۋەندىكى دورىلار بىلەن ئىچىنى يۇمشىتىش، پاقىيوپۇرمىقى، ئىسپىغۇل يوپۇرمىقى، ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوبدان قايناتىپ، ئۇنىڭدا رۇسۇت ئاز مىقداردا شىياف ئەبيەزلەرنى ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتىش كېرەك.

خورما دەرىخىنىڭ يېڭى چىقارغان بېشىنى سوقۇپ ئىسپىغۇل شىرىسى، بىر ئاز ئاچچىقسۇ ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە قويۇق چىپىش كېرەك.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

قان خىلتى هارارىتىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى پەسەيتىشتە شىيافى ئەبيەز بەك ياخشى، ئاغرىق ۋە كۆزدىكى قىزىللىقنى كۆپەيتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بەك ئاز ئىشلىتىش لازىم. بۇ كۆپ ئىشلىتىلسە كۆزنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلىرىگە چاپلىشىۋېلىپ كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلاشقا تەسىر يېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ماددا تازىلىنىپ بولۇشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل   كۆرۈش تور پەردە كېسەللىكلىرى

## امراض طبقه شبکیه

كۆرۈش تور پەردە قەۋىتىگە مەخسۇس بولغان كېسەللىكلەر تۆۋەندىكىدەك بەش خىل بولىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئالامەت ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمىز.

### 1. كۆزگە سېرىقلىق چۈشۈشنى داۋالاش:

علاج یرقان چشم

سېرىقلىق كۆزدە كۆرۈلىدۇ ۋە كۆزدىن ياش ئاقىدۇ. بۇ ياش ئاقماستىن بولغان كۆزگە سېرىقلىق چۈشۈش ۋە ياش ئېقىشتىن بولغان كۆزگە سېرىقلىق چۈشۈش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ياش ئاقماستىن بولغان كۆزگە سېرىقلىق چۈشۈشتە كېسەلنىڭ سەۋەبى، پەقەتلا كۆزنىڭ كۆمۈرچەك خاراكتېرلىك قەۋىتىنىڭ بويۇلۇپ (سارغىيىپ) قالغانلىقىدۇر. ياش ئېقىش بىلەن بىللە بولغان كۆزگە سېرىقلىق چۈشۈشتە كېسەل سەۋەبى بۇنداق بولماستىن، بۇنىڭ ماددىسى كۆزنىڭ قان تومۇر قەۋىتىدە بولىدۇ، ياش ئېقىشنىڭ سەۋەبى ئاز مىقداردىكى سەپرا خىلتىنىڭ قان تومۇر قەۋىتىگە قويۇلۇشىدىن بولىدۇ.

مەتبۇخى هېلىلە ئارقىلىق تەرەتنى يۇمشىتىش لازىم. ماددا تازىلانغاندىن كېيىن قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدە شىيافى ئەبيەزنى ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتىش، ئىسپىغۇل، كاسنە سۈيى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى، گۈل يېغى قاتارلىقلارنى كۆزگە قويۇق چېپىش لازىم.

ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئېچىشتۇرۇشى پەسەيگەندە، قالدۇقىنى تارقىتىش ئۈچۈن بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىكلىلمىلىكلەرنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئەدىيالغا ئۇرۇنۇپ ئۇزاق هوردىنىش كېرەك.

### 2. كۆز قان تومۇر قەۋىتىدە توسالغۇ پەيدا بولۇشنى داۋالاش:

علاج سده طبقه مشيميه

قان تومۇر قەۋىتىنىڭ ھەرىكەتسىز تومۇرلىرىدا توسالغۇ پەيدا بولۇش بىلەن ئەينەكسىمان ھۆللۈك ۋە مۈزسىمان ھۆللۈككە قان تومۇر قەۋىتىدىن كېلىدىغان ئوزۇقلۇقنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

كۆز ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، قۇرۇق بولىدۇ. كۆزدە ھۆللۈك كۆرۈلمەيدۇ، كېسەل كۆزدە ئاغرىق سېزىدۇ.

ئېچىنى بوشىتىش، توسالغۇنى ئېچىش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى بېرىش، توسالغۇ ئېچىلىپ كۆز ياخشىلىنىشقا باشلىسا، قالدۇق قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلارنى كۆزگە تېمىتىش لازىم.

بەدەننىڭ قالغان ئەزالىرىنىمۇ ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا كۆز ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە كېلىدۇ. ئەمما توسالغۇ ئېچىلىشتىن بۇرۇن ھۆللەشتۈرۈش مەنپەئەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە تومۇرلارنىڭ تولىشى ۋە سوزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن چوڭ بىر زىيانغا ئۇچرىتىپ قويىدۇ.

### 3. كۆز قان تومۇر قەۋىتىگە تۇتاشقان تومۇرلارنىڭ ئۈزۈلۈشنى داۋالاش:

علاج انقطاع عروق طبقه مشيميه

قان تومۇر قەۋەتكە تۇتاش تومۇرلاردىن بىرەر تومۇرنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن كۆپلىگەن قان چىقىپ، كۆمۈرچەكسىمان قەۋەتكە قويۇلىدۇ. ئۈزۈمسىمان قەۋەت ۋە مۈڭگۈزسىمان قەۋەتكە قان قويۇلمايدۇ. بەزىدە بۇ قان قاپاقلارغىلا قويۇلىدۇ، قاننىڭ قويۇلۇشىغا قاراپ بىر ياكى ئىككى قاپاق ئىششىپ كۆزنى ئېچىش قىيىن بولىدۇ. بۇ ئىششىق كىچىك باللاردا بولسا ئۇنى «بىرۇنەج» ، چوڭ كىشىلەردە بولسا «يەنەئ» دېيىلىدۇ. بۇ كېسەللىك كىچىك باللاردا كۆپرەك بولىدۇ.

قان تومۇر قەۋەتكە تۇتاش تومۇرلاردىن چىققان قان كۆمۈرچەك قەۋەتتە بولسا كۆز ئاق بولىدۇ. قان تومۇر قەۋەتكە تۇتاش تومۇرلاردىن چىققان قان قاپاقلاردا بولسا قاپاقلاردا ئىششىق بولىدۇ. قاپاقلار تاشقى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالىدۇ. قاپاقلارنىڭ ئىششىقى بەزىدە شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، قاپاقلار يۇمۇلمايدۇ، كۆز بىر نەرسىگە قارىيالمايدۇ. بەزىدە قاپاق ئىچى تەرىپىدىن زەخملىنىپ كۆپ قان چىقىدۇ. قاننىڭ ھارارىتى يۇقىرى بولسا، قاپاقلارغا مۇدۇرلار چىقىدۇ.

ھېلىلە، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىنلارنىڭ قايناتىلمىسى (مەتبۇخى) ئارقىلىق ئە-

چىنى يۇمشىتىش لازىم. كېسەلنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىش، تاماقنى كېمەيتىش كېرەك.

بىرىنچى كۈندىن تۆتىنچى كۈنگىچە پەقەتلا قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى كۆزگە تېمىتىش.

پىستىنىڭ تاشقى پوستى، كۆك ماش، ھۇزۇز، ئانارنىڭ ئىچىدىكى ئېتى ياكى ئانارنىڭ پوستى، كاسىنە يوپۇرمىقى ياكى كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى يالغۇز ياكى ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە قويۇش لازىم.

تۆتىنچى كۈندىن كېيىن ئېشەك سۈتىگە چىلاپ قۇرۇتۇلغان ئەنزىرۇت، سەمغى ئەرەبى، نىشاستە، ناۋات ھەربىرىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم سوقۇپ ئىپەك ئەلگەك بىلەن تاسقاپ، سۈتتە ياكى ئىسپىغۇلنىڭ ياكى بېھى ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسىدە ئېرىتىپ، قاپاقنىڭ ئۈستىگە قويۇش كېرەك.

بىر ھەپتىدىن كېيىن زۆرۈرى ئەپسەر سەغرى، شىياف ئەھمەرلەيىن، زورۇرى نىمانىم (زورۇزى ئەسپەر يەنە زورۇرى ئەيبەزدىن تەڭمۇ تەڭ قوشۇلغىنى) لەرنى ئىشلە- تىش لازىم.

كېسەللىك ياخشىلىنىشقا يۈز تۇتقان ۋاقىتدا زورۇرى ئەبيەز كىبىرنى ئىستېمال قىلىش كېرەك.

ئەگەر كېسەلنىڭ قاپىقى جاراھەتلىنىپ، كۆزنى ئېچىش قىيىن بولسا، يۇقىرىقى ئۇسۇل ـ چارىلەر مەنپەئەت قىلمىسا، ئۇ ۋاقىتدا زورۇرى ئەغبەرنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

زورۇرلارنىڭ (سېپىلىدىغان دورىلار) كۆزنىڭ چانىقىغا كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ دورىلارنى قاپاقلاردىن باشقا جايغا سەپمەسلىك لازىم. كېسەلنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قاپاق قىچىشسا قاپاقنى ئۆرۈپ تۇرۇپ شىيافلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا قاشلاش لازىم.

### 4. كۆز چانىقىنىڭ ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج صدقه

تومۇرلۇق قەۋەتكە تۇتاش تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا بولۇش، قاننىڭ قىزىقلىقى، ئارتۇق ماددىلارنىڭ ھەرىكەتلىك تومۇرلار ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىشى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

كۆزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا لوقۇلداپ ئاغرىش، يىڭنە سانجىغاندەك ياكى سىققاندەك ئاغرىش ئەھۋالى بولىدۇ. لوقۇلداپ ئاغرىش بەزىدە بولىدۇ، بەزىدە بولمايدۇ (يېرىم باش ئاغرىقىغا ئوخشاش).

تومۇرلۇق قەۋەتكە تۇتاش تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا بولۇشتىن بولغان بولسا كېسەللىك

ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج كومۇلچى بېرىش لازىم. قاننى شۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىككى چېكىگە زۇلۇك قۇرتى قويۇش لازىم.

قاننىڭ هارارىتى يۇقىرى بولۇشتىن بولغان بولسا قاننىڭ هارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئارتۇق ماددىلار ھەرىكەتلىك تومۇرلار ئەتراپىغا يىغىۋېلىشىدىن بولغان بولسا يېرىم باش ئاغرىقى (شەقىقە) كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىپتىلغان دورىلار بىلەن داۋالاش، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا سۈرگە ئىشلىتىش كېرەك.

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن داۋالاش زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا چوڭ ئاپەتلەرگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

«شەرھى ئەسباب» دېگەن كىتابنىڭ يازغۇچىسى «كۆپىنچە بۇ كېسەلنىڭ كۆزگە ئاق چۈشۈشكە ياكى نۇر يىغالماسلىقىغا، كۆز ئېقى تۇتۇق بولۇپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنى داۋالاشتا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي تېزدىن داۋالاش لازىم» دېگەن.

ئاغرىقنى توختىتىپ، هارارەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ماددىنى توسقۇچى دورىلاردىن ئىتئۈزۈمىنىڭ سۈيى، شىيافى مامشا، هۇزۇز، تۇخۇمنىڭ ئېقى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ (شىياف مامشا بىلەن رۇسسوت يۇقىرىقى سۇ ۋە تۇخۇم ئېقى بىلەن سۈتتە ئېرىتىلىپ) كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

كۆزنىڭ چانىقىدىكى ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىككى چېكىگە ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى هەر بىرى ئالتە گرام، مۇرمەككى ئۈچ گرام، رۇسسوت توققۇز گرام، ئەپيۇن 1.4 گرام، ھەممە دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئىسپىغۇل شىرىنىسى بىلەن خېمىر قىلىپ 3 ~ 2 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئىككى پارچە لاتىغا چېپىپ، ئىككى چېكىگە چاپلاپ تا قۇرۇغىچە قويۇلىدۇ.

### 5. كۆز تومۇرلۇق قەۋەتكە جاراھەت پەيدا بولۇشنى داۋالاش:

علاج قروح طبقة مشيمية

تومۇرلۇق قەۋەتكە جاراھەتلەر پەيدا بولۇپ، ئاندىن ئۇ قورشاپ تۇرغان نۇر كۆزنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا تارقاپ كېتىپ، هۆللۈكلەرگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن كۆزنىڭ كۆرۈشى بىردىلا يوقىلىدۇ. بۇ كېسەللىك «نۇرنىڭ چېچىلغانلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيدا بولغان جاراھەتنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ جاراھەت كېسەللىكىنى داۋالىغانغا ئوخشاش جاراھەت پۈتتۈرگۈچى هۆللۈكنى قۇرتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

# يەتتىنچى پەسىل كۆز ئەينەكسىمان تەنچە كېسەللىكلىرى

## امراض رطوبة زجاجيه

**تونۇش:**

ئەينەكسىمان تەنچىدىكى ھۆللۈكنىڭ ئۆزگىلا ماس تۆۋەندىكىدەك ئىككى كېسەللىكى بولىدۇ. بىرى ئەينەكسىمان تەنچىدىكى ھۆللۈككە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچىسى ئەينەكسىمان تەنچىنىڭ ئىششىماي چوڭ بولۇپ قېلىنلاپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ۋە ئالامىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ.

### 1. كۆز ئەينەكسىمان تەنچىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى داۋالاش:

علاج نقص غذا در رطوبة زجاجيه

ئوزۇقلۇق ماڭىدىغان تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىستىفراغنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى، كۆپ ئاچ قېلىش ۋە شۇلارغا ئوخشاش ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدىغان ھەر خىل سەۋەبلەر ئارقىلىق تومۇرلاردا قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ.

بۇ خىل كېسەلدە كۆز ئالدىنى ئايلاندۇرالمايدۇ. كۆز چانىقىغا تىكەن ياكى ئۇششاق تاش چۈشكەندەك سېزىلىدۇ. كۈنگە قاراپ كۆزنى ئاچالمايدۇ. ھەر ئىككى كۆزى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. كۆزدە ياش كۆرۈلمەيدۇ.

توسالغۇدىن پەيدا بولغىنىدا تومۇرلار تولۇش ئارقىلىق كۆزگە ياش كېلىدۇ. ئېغىز تېتىقسىز بولىدۇ. كۆزدىن ياشنىڭ كېلىشى، قۇلاقتىن يىرىڭغا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئېقىشى، ئېغىزنىڭ تېتىقسىز بولۇشى، توسالغۇ پەيدا بولغان سەۋەبتىن ئەينەكسىمان تەنچىنىڭ ئوزۇقلىنالمىغانلىقىنىڭ خاس ئالامىتىدۇر.

قۇرۇقلۇقنىڭ سەۋەبىدىن بولغىنى ئۇنداق بولمايدۇ. ئەينەكسىمان تەنچىنىڭ ئوزۇقلىنالماسلىقى قۇرۇقلۇقتىن ۋە كۆزنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا توسالغۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچبىرى كۆرۈلمەيدۇ.

ئەگەر ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنىڭ سەۋەبى توسالغۇ بولسا، ئۇ ھالدا توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى ماددىغا قارىتا چوڭ تەرەتنى ماڭدۇرۇپ، توسالغۇنى ئېچىشقا تىرىشىش لازىم.

مادا سوغۇق بولسا، بەدىيان، ئىزخىر يىلتىزى، ئەمەن، سېرىق ئوت ئۇرۇقىنىڭ قاينە-تىلمىسىنى شەربىتى دىنار بىلەن بېرىش لازىم.

ئەگەر ماددا ئىسسىق بولسا، كاسىنە ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئىتئۇزۇمى، ئۇرۇقى ئېلىنغان ۋاسالغۇ، شاھتەررىلەرنىڭ قاينىتىلمىسىنى سىركەنجۇبىل ساددا بىلەن بېرىش لازىم. ماددىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن توسالغۇنىڭ پەيدا بولۇشى كەم ئۇچرايدۇ.

كۆزنى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەمىشباھار يوپۇرمىقى، لەيلىقازاق يوپۇرمىقى قاتار-لىقلارنى، تۇخۇم ئېقى، بىنەپشە يېغى بىلەن قوشۇپ كۆزگە تېمىتىش، شىيافى ئەبيەزنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ كۆزگە تارتىش، بىنەپشە يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنىڭ سەۋەبى قۇرۇقلۇق ۋە تومۇرلارنىڭ قۇرغاقلاشقان-لىقىدىن بولسا، ئۇ ھالەتتە ھۆللەشتۈرۈشكىلا ئۇرۇنۇش. مەسىلەن: ئايالالرنىڭ سۈتىنى بېشىغا سېغىش، ئوزۇقلارنى بېرىش، بىنەپشە يېغىنى بۇرنىغا تېمىتىش، بېشىنى ياغلاش مەنپەئەتلىكتۇر.

**2. كۆز ئەينەكسىمان تەنچىسىنىڭ ئىششىماي چوڭ بولۇپ قېلىنلاپ قىلىشنى داۋالاش:**

علاج عظم رطوبة زجاجيه بغير ورم

ئەينەكسىمان تەنچە ئىششىماي چوڭ بولۇپ قالىدۇ. كېسەللەنگەن كۆز ئالمىسىنىڭ ھەرىكىتى سۇسلىشىدۇ. كېسەللەنگەن كۆز ئالمىسى تاشقى تەرەپكە چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئىچىلىدىغان سۈرگۈ دورىلار ۋە سۈرگۈدمى ھەمەللەر ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىپ، باشنى تازىلاش لازىم.

ئومۇمىيۈزلۈك بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن، كۆزنى تازىلاش ئۈچۈن كۆزدىكى ماددىنى شورىغۇچى ۋە كۆيدۈرگۈچى، ياش كەلتۈرگۈچى دورىلارنى مەسىلەن: سېرىق ھېلىلە، پىلپىل، پىياز سۈيى، بەدىيان سۈيى، كەرەپشە سۈيى، سۇماق شىيافى قاتارلىقلارنى كۆزگە تارتىش كېرەك.

كېسەللىك ماددىسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ياردەم قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن، ھەممىدىن مەنپەئەتلىكرەك چارە ــ ئوزۇقلۇقىنى كېمەي-تىشتۇر.

# سەككىزىنچى پەسىل كۆز كىرىستال تەنچە كېسەللىكلىرى

## امراض طبقة جلديه

بۇ كۆز كىرىستال تەنچىدە بولىدىغان قوشۇمچە كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كېسەللىكى بىرلا كېسەللىكتۇر. شۇنداق بولسىمۇ بىز ئۇنى تۆۋەندە بىرقانچە قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. كۆز كىرىستال تەنچىدىكى قوشۇمچە كېسەللىكلەرنى داۋالاش:

علاج امراض عارضی طبقة جلدیه

كىرىستال تەنچىدىكى قوشۇمچە كېسەللىكلەر تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ. كىرىس-تال تەنچە ئارقىغا ئولتۇرۇشۇپ قېلىپ ئەينەكسىمان قەۋەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ ياكى قان تومۇر قەۋىتىگە توسالغۇ پەيدا بولۇش ئارقىلىق كىرىستال تەنچىگە ئوزۇق يېتىشمەيدۇ. (بۇلارنىڭ ھەربىرى يۇقىرىدا ئۆز جايىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى) ياكى بۇ كىرىستال تەنچە ئالدى تەرەپكە مايىل بولۇپ، سىرتقا چىقىپ قالىدۇ.

ئەينەكسىمان تەنچە ھۆللىنىپ، سىرتقى تەرەپكە مايىل بولىدۇ ياكى بۇ ئەينەكسىمان تەنچىنى ساقلىغۇچى سىرىقئەتلەر بوششىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆز پۇلتىيىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بەزىدە كىرىستال تەنچە ئوڭ تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ؛ بەزىدە چەپ تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ؛ بەزىدە ئۈستۈن تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ ۋە بەزىدە پەس تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ.

كىرىستال تەنچە ئوڭ ۋە چەپ تەرەپكە مايىل بولغان ھالەتتە ھەرقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن كەڭرەك كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر بىر كۆزنىڭ كىرىستال تەنچىسى ئۈستۈن تەرەپكە مايىل بولۇپ، يەنە بىر كۆزنىڭ ھۆللۈكى پەس تەرەپكە مايىل بولسا ياكى بىرىنىڭ ھۆللۈكى ئۆز ھالىتىدە بولۇپ، يەنە بىرى ئۈستۈن تەرەپكە ياكى تۆۋەن تەرەپكە مايىل بولۇپ قالسا، ئىككى كۆزى بىلەن ھەرقانداق نەرسىگە قارىسا، شۇ نەرسە ئىككى كۆرۈنىدۇ. بۇ «ھەۋەل» (ئاللىغايلىق) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بولغۇچى «ئەھۋەل» (ئالىغاي) دېيىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى پالەچ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئېيتىلغان ئۇسۇللار بىلەن داۋالاش:

ئۇ دورىلاردىن ھېلىلە قايىنتىلمىسى، ھەببى ئايارەجلەر ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش، زىيانلىق ئوزۇقلۇقلارنى يېمەسلىك، بەدىيان سۈيى ياكى ھەسەل سۈيى ئىچىش، كۆزگە ھېلىلىنى تارتىش، سەبرە، رۇسۇت ھىندى، ئاقاقىيا، لىھنىيەتۇسنىڭ ئۇسارىسى قاتارلىقلارنى ئىتئۈزۈمنىڭ سۈيى بىلەن ئېزىپ كۆزگە چېپىش لازىم.

## 2. كۆز كىرىستال تەنچىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى داۋالاش:

*علاج امراض وضع در طبقة جلدية*

بۇ ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، قارىسمان ھۆللۈكنىڭ رەڭگى، خىلىتلاردىن قايسىسى غالىپ بولسا شۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئۆزگىرىپ، قىزىل، سېرىق، ئاق ياكى قارا بولۇپ قالىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ھەرقانداق نەرسە شۇ غالىپ خىلىتنىڭ رەڭگىدە كۆرۈنىدۇ. يەنە بىرى، كىرىستال تەنچە ئۈستىدە بولغان ئەينەكسىمان تەنگە ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇق غەلىبە قىلىدۇ. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى. كىرىستال تەنچىدە يىرىكلىك پەيدا بولىدۇ. ئاۋۋال كۆرۈش نېرۋىسىغا يىرىڭلىق پەيدا بولۇپ، ئاندىن كىرىستال تەنچە يىرىكلىشىدۇ. كىرىستال تەنچە ئەينەكسىمان ھۆللۈككە ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمىغىچە تۇتاش بولىدۇ. كۆرۈش نېرۋا يىرىكلىشىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەزانى ئېچىشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، ئاچچىق، قۇرۇق خىلىت مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمىلىرىدىن كۆرۈش نېرۋىسىغا سىزىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئېچىشتۇرۇش، كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياش كەلتۈرىدۇ. ئاندىن كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ ھۆللۈكى كېمىيىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يىرىكلىك پەيدا بولىدۇ. بۇ نېرۋىنىڭ يىرىكلىكى ئەينەكسىمان تەنچىگە تەسىر قىلىپ، كىرىستال تەنچىدە يىرىكلىك پەيدا بولىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بەزىدە ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن تورسىمان قەۋەت تارقاقلىشىپ يېرىلىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ چارىسى قىيىنراقتۇر.

ئەمەن (ئەپسەنتىن)، قىزىلگۈل، مەستىكى، سەبرىلەرگە ئوخشاش ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن باشنى تازىلاش لازىم. مىزاجىنى تەڭشەش يىرىكلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تاماقلارنى ئىستېمال قىلىش، بىنەپشە يېغى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى قاتارلىقلارنى بۇرنىغا قۇيۇش، بىر نەچچە قەۋەت لاتىنى گۈل يېغى ۋە گۈلابلار بىلەن ھۆل قىلىپ كۆزگە قويۇش لازىم. باشنى تازىلاشتا بەك ئىسسىق دورا كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆپەيتىدۇ. سوغۇق نەرسىلەر كۆزنىڭ ئەزالىرىنى تارتىشتۇرۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى سۇسلاشتۇرۇشى مۇمكىن. بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىسسىق نەرسىلەر زىيان يەتكۈزمەي مەنپەئەت قىلىدۇ.

### 3. كۆز كىرىستال تەنچىنىڭ كۆرۈنۈش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى داۋالاش:
علاج امراض خلقي در طبقة جلديه

قاپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياكى كۆزنىڭ قاتلاملىرىدا ئىششىق پەيدا بولۇش بىلەن كىرىستال تەنچىنىڭ پۈتۈن قىسمى ياكى مەلۇم قىسىملىرى سىقىلىپ قالىدۇ. كېسەل بۇ خىلدىكى سىقىلىش ئەھۋالىنى سېزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىك «سىقىلىش» دېيىلىدۇ. كېسەل كۆزىدە قاتتىق ئاغرىق سېزىدۇ، كۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ، كۆزگە چاپاق ۋە ياش تولغان بولىدۇ.
كىرىستال تەنچىنىڭ كۆرۈنۈش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغان كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇلى، كۆز ئىششىقى، داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولۇپ بۇ كۆز ئاغرىقىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلار ئارقىلىق داۋالاش لازىم.

### 4. كۆز كىرىستال تەنچىنىڭ مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولۇشنى داۋالاش:
علاج امراض عدد در طبقة جلديه

بۇ ئالامەتكە قاراپ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئۆزىنىڭ مىقدارىدىن چوڭراق بولۇپ قالىدۇ. سەۋەبى ئەينەكسىمان ھۆللۈك تولۇپ قالغانلىقتىن بولىدۇ. بۇنىڭدا بارلىق نەرسە-لەر ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋە ئەمەلىي مىقدارىدىن كىچىكرەك كۆرۈنىدۇ.
كىرىستال تەنچە چوڭايسا كۆرۈش قۇۋۋىتى چېچىلىدۇ. كىرىستال تەنچىنىڭ تەركە-بىي قىسمى چوڭىيىش ئارقىلىق كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. كۆرۈنگەن نەرسىلەر كىچىك كۆرۈنىدۇ.
يەنە بىرى، كىرىستال تەنچە ئۆزىنىڭ مىقدارىدىن كىچىكلىشىپ قالىدۇ.
ئۇلارنى داۋالاشتا ئاساسلىقى تاماقنى كېمەيتىش ۋە بەدەننى غەيرىي تەبىئىي خىلتلار-دىن تازىلاش لازىم.

### 5. كىرىستال تەنچىنىڭ مەخسۇس كېسەللىكىنى داۋالاش:
علاج امراض جلديه

ئۇنىڭدا قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ، ئاندىن بۇ قۇرۇقلۇق كىرىستال تەنچىنى تۇتۇقلاشتۇ-رۇپ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرى دېگەندەك توغرا ئەكس ئەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئاساس-لىق سەۋەبى قۇرۇقلۇق بولۇپ، ھەرخىل ئىستىفراغلار (چىقىرىشلار) ۋە كۆپ ئاچ يۈرۈش ياكى كۆپ سۈيۈقلۇق يوقىتىش ئۇزۇن سەپەر قىلىش، داۋاملىق چاڭ - توزانلار بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق كۆزگە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.
مۇۋاپىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى، بەدەننى ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال

قىلىش، مۇنچىغا بېرىش ئارقىلىق بەدەننى ۋە مىزاجنى ھۆللەشتۈرۈش، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنى، ئاچلىقنى، جىنسىي ئالاقىنى كېمەيتىش، ھۆللۈكنى يوقاتقۇچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم.

مېڭىنى، بولۇپمۇ كۆزنى ھۆللەشتۈرۈش لازىم. لوئابلارنى، سۈتلەرنى بۇرنىغا، كۆزگە تېمىتىش؛ بىنەپشە، نېلۇپەرلەرنى پۇراش، ھۆللەشتۈرگۈچى ياغلار بىلەن بېشىنى ۋە پېشانىسىنى ياغلاش ۋە باشقا ھۆللەشتۈرگۈچى چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك.

## توققۇزىنچى پەسىل كۆز ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە كېسەللىكلىرى

## امراض طبقة عنكبوتيه

ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە قەۋىتىنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

### 1. ئۆمۈچۈك تورسىمان قەۋەتكە باشقا قەۋەتلەر قوشۇلۇپ پەيدا بولغان كېسەللىكنى داۋالاش:

علاج امراض عارض شد درين طبقة عنكبوتيه

بۇ قەۋەتكە ئىششىق پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچى تېزلىكتە ئاجىزلىشىدۇ. باشقا قەۋەتلەرگە قوشۇلۇپ ئىششىغانىنىڭ ئالامىتى: كۆزنىڭ كۆرۈش دائىرىسى تارىيىدۇ. كېسەل ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى نەرسىلەرنى ئالدى تەرەپتىكىگە نىسبەتەن ياخشىراق كۆرىدۇ. كۆزنىڭ قاپاقلىرى تۆۋەن تەرەپكە تارتىۋالغاندەك سېزىلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش، كىرىستال تەنچە كېسەللىكنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلار بىلەن ئىششىقنى ياندۇرۇش لازىم.

### 2. ئۆمۈچۈك تورسىمان قەۋەت خاس كېسەللىكنى داۋالاش:

علاج امراض خاص در طبقة عنكبوتيه

كۆزنىڭ كۆرۈشى ئاجىزلايدۇ. لىپىلداپ تارتىدۇ. كېسەل كۆزىدە گوياكى تىكەن كىرگەندەك ياكى بىر نەرسە كۆزنى تارتقاندەك ئەھۋالنى سېزىدۇ. قورساق ئاچ ھالەتتە، ھاۋانىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا، چۈش ۋاقتىدا كۆزنىڭ كۆرۈشى ئاجىز بولىدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن، سايە جايلاردا، كېچىدە كۆزنىڭ كۆرۈشى ئۆتكۈررەك بولىدۇ.

بۇ قەۋەتنىڭ يىغىلىپ قېلىشى قۇرۇقلۇقتىن بولسا، مىزاجنى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى، بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش؛

بىنەپشە، لەيلىقازاق يوپۇرمىقى، قاپاق يوپۇرمىقى، كۈنجۈت يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىگە ئوخ-شاش ئەزالارنى ھۆللەشتۈرگۈچى، يۇمشاتقۇچى سۇلارنى قاينىتىپ، ئەدىيالغا چۈمكەپ تۇرۇپ تەرلىتىش، بۇندىن باشقا يەنە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

بۇ قەۋەتنىڭ يىغىلىپ قېلىشى تولۇپ قالغانلىقتىن بولسا، ئايارەجلەرنى ئىستېمال قىلىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى غار - غارلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ماددىنى تازىلاش، ماددىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن نۆشۈدۈر، قۇرۇلغان زەمچە قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ سۈرمىگە ئوخشاش كۆزگە تارتىش لازىم.

## ئونىنچى پەسىل    كۆز تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقى كېسەللىكلىرى

## امراض رطوبة بيضيه

**تونۇش:**

كۆز تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇق ھۆللۈكتە پەيدا بولىدىغان كېسەللىك ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى بۇنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ قالىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەجمى كىچىكلەپ قالىدۇ. ئۈچىنچىسى، قويۇق ۋە تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ كېسەللىكنى ئۈچ خىلغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. كۆز توخۇم ئېقىسىمان ھەجمىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىنى داۋالاش:

علاج ازدياد رطوبة بيضيه

كۆز ئېقىنىڭ چوڭىيىشى نەتىجىسىدە سۇزۇكلۇكى ۋە ساپلىقى يوقىلىپ، شەكلى ۋە سۈرەتلەرنىڭ كىرىستال تەنچىگە چۈشۈشىدە، يورۇقلۇق ئۆزىنىڭ تەبىئىي يولى بىلەن ئۆتۈشىدە يېتەرلىك بولىدۇ. بۇ ھۆللۈكنىڭ ھەجمى بەكرەك چوڭايسا، كۆزنىڭ كۆرۈشىگە توسالغۇ بولۇپ، قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر كېسەل بېشىنى ھەرىكەتلەندۈرسە كۆزى ئالدىدا دەريا تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. قورسىقى توق ھالدا ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن كۆزنىڭ كۆرۈشىدە ئاجىزلىق بەكرەك بولىدۇ. قورساق ئاچ ۋاقتىدا، چۈش ۋاقتىدا ئاجىزلىق ئانچە بولمايدۇ. بۇ كېسەللىككە ئۇچرىغان ئادەم يېقىندىكى نەرسىلەرگە نىسبەتەن يىراقتىكى نەرسىلەرنى ياخشىراق كۆرىدۇ. يېقىندىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ.

مۇۋاپىق قاينىتىلمىلار ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاش لازىم، ئاندىن باشنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج كۇمۇلىچىنى بېرىش ۋە ئاچچىقسۇدا ئايارەجنى ئېرىتىپ غار - غار قىلىش، كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا غار - غارلارنى ئىشلىتىش لازىم. لەتىف يېمەك - ئىچمەكلەرنى بېرىش كېرەك.

### 2. كۆز توخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى داۋالاش:

علاج نقصان رطوبة بيضيه

بۇ كۆز توخۇم ئېقسىمان ھۆللۈكىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەكرەك كېمەيسە، كۆزنىڭ كۆرۈشى تۈگەيدۇ. ئازراق كېمەيسە، كۆزنىڭ كۆرۈشىدە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئادەم بېشىنى ھەرىكەتلەندۈرسە، گويا كۆزنىڭ ئالدىدا بىر قۇدۇق ۋە ئازگال باردەك گۇمان قىلىدۇ.

بەدەننى سەمىرىتىشكە ۋە ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش، قۇرۇقلۇقنى يوقىتىپ، بەدەننى ھۆللەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى تاماقلارنى يېيىش، جىسمانىي ئەمگەك ۋە باشقا ئادەمنى هاردۇرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، بەدەننى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇنچىغا داۋاملىق بېرىش، قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتىنى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى كۆزگە تېمىتىش، بىنەپشە، نىلۇپەرلەرنى پۇراش، بېشىنى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار بىلەن ياغلاش، ئاساسەن مېڭىنى ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

### 3. كۆز تۇخۇم ئېقسىمان سۇيۇقلۇقىنىڭ قويۇق ۋە تۇتۇق بولۇپ قېلىشىنى داۋالاش:

علاج كدرت وغلظت رطوبة بيضيه

بۇ كۆزنىڭ تۇخۇم ئېقسىمان ھۆللۈكىنىڭ قويۇقلاشقانلىقى ۋە تۇتۇقلاشقانلىقى بولۇپ، بۇنىڭدا كۆزنىڭ كۆرۈشىگە توسقۇنلۇق پەيدا بولىدۇ.

تۇتۇقلۇق ئازراق بولسا، يىراقتىكى نەرسىلەر چوقۇم كۆرۈنمەيدۇ، يېقىن نەرسىلەر ئازراق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر تۇتۇقلۇق ۋە قويۇقلۇق كۆز تۇخۇم ئېقسىمان ھۆللۈكىنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىدە بولسا بۇنداقتا كۆزنىڭ كۆرۈشى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

بۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن داۋالاش لازىم. ھاجەتكە قاراپ كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ باشلىنىش چاغلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## ئون بىرىنچى پەسىل كۆز رەڭدار پەردە كېسەللىكلىرى

## امراض طبقه عنبيه

**تونۇش:**

رەڭدار پەردە قەۋەتكە خاس كېسەللىك يىرىڭلىق جاراھەت، تولۇپ قېلىش، جايىدىن قوزغىلىش، كېڭىيىپ قېلىش، تارىيىپ قېلىشتىن ئىبارەت بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. بۇ پەسىلدە ھەربىر تۈرى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1. رەڭدار پەردە قەۋەتكە يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولۇشنى داۋالاش:
علاج قروح طبقة عنبيه

رەڭدار پەردە قەۋەتكە يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولۇپ، ئاۋۋال كۆز قارىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇتۇقلۇق، گۇڭگىلىق كۆرۈنىدۇ.
ئۇنى داۋالاشتا كۆز مۇڭگۈزسىمان قەۋەتكە يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولۇشىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 2. رەڭدار پەردە قەۋەتنىڭ تۇشۇپ قېلىشىنى داۋالاش:
علاج امتلاء طبقة عنبيه

بۇ كۆزنىڭ رەڭدار پەردە قەۋىتىنىڭ تۇشۇپ قالغانلىقى بولۇپ، بەزىدە بۇ قەۋەتتە ھۆللۈك ئېشىپ كەتكەنلىكتىن تولۇپ قېلىپ، كۆز ئالمىسى كېڭىيىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ، بەزىدە كېڭىيىپمۇ قالىدۇ.
بۇ قەۋەت تولۇپ قالغانلىقتىن كۆز ئاجىز بولىدۇ، بىر كۆزى يەنە بىر كۆزىدىن چوڭراق كۆرۈنىدۇ. كۆزدە تەمەددۇد (كېڭىيىشكە) قا ئوخشاش بىر خىل ھالەت.
كۇمىلاچ، ئايارەج، غار - غار دورىلار ۋە باشقىلار ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ تازىلاش لازىم. قوتازنىڭ گۆشىگە ئوخشاش غەلىز، ھۆل تاماقلار، يېمەكلىكلەر-دىن ساقلىنىش لازىم.
ماددا تازىلىنىپ، كۆزنىڭ رەڭدار قەۋىتىدىكى تولۇپ قېلىش كېمەيگەندىن كېيىن، كۆزدىكى قالدۇق ماددىلارنى تازىلاش ئۈچۈن ھۆللۈكنى شورايدىغان ۋە تارقىتىدىغان دورىلا-رنى مەسىلەن: بەدىيان سۈيى، ھەسەل، ھىڭ، قارىمۇچ، سەكبىنەج، ئۈشەق ۋە شۇلارغا ئوخشاش دورىلارنى كۆزگە سۈرمىدەك تارتىش لازىم.

### 3. رەڭدار پەردە قەۋەتنىڭ جايىدىن قوزغىلىشىنى داۋالاش:
علاج زوال طبقة عنبيه

بۇ كۆز رەڭدار قەۋىتىنىڭ قوزغالغانلىقىدىن ئىبارەت.
رەڭدار قەۋەتنىڭ ئۆزىدە ياكى قوشنا قەۋەتلەردە ئېششىق پەيدا بولىدۇ ياكى رەڭدار پەردە قەۋەتنىڭ تۆشۈكى كىرىستال تەنچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تەرەپكە يانتۇ بولۇپ قالغان بولىدۇ.
بۇنىڭدا كۆز ئېغىرلىشىدۇ، ئاغرىيدۇ، ياش ئاقىدۇ، بۇ قەۋەتنىڭ تۆشۈكى مۈزسىمان ھۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تەرەپكە يانتۇ بولۇپ قالغان سەۋەبتىن ھەرقانداق نەرسە كۆزگە تۈز كۆرۈنمەيدۇ. ئېششىق پەيدا بولۇش بىلەن كۆزنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ قالغانلىقى،

قارىقى سىرتىغا چىقىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن قاپاق يۇمۇلمايدۇ، كىرپىكلىرى بىر - بىرىگە يېپىشمايدۇ. يەنە كېسەلنىڭ كۆزىدە مۇڭگۇز قەۋەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ئۆز ھالىتى بىلەن ساپ، سۈزۈك؛ يەنە بىرى، تۇتۇقلاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئوڭ تەرەپكە يانتۇ كۆرۈنسە، مۇڭگۇز قەۋەتنىڭ چەپ تەرەپتىكى يېرىمىدا تۇتۇقلۇق كۆرۈلىدۇ. ئەگەر چەپ تەرەپكە يانتۇ بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا مۇناسىپ سۈرگۈ بېرىش ئارقىلىق بەدەننى تازىلاش، بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن كۆزدىكى كېسەللىك ماددىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن تۇتىيا 5 گرام، مارجان يىلتىزى، سېرىق ھېلىلە، سەبرە ھەر بىرى 12.5 گرامدىن، قارىمۇچ 14 گرام، ئۈزۈن پىلپىلدىن 2.8 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، سۈرمىگە ئوخشاش قىلىپ كۆزگە تارتىلسا كۆزنى تازىلايدۇ.

تاشقى تەرەپتىن ھەم بۇ قەۋەتنىڭ يانتۇلۇقى ۋە تاشقىرى تەرەپكە چىقىپ قالغانلىقىنى يوقىتىشقا تىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

بىر پارچە قوغۇشۇننى ئېلىپ كۆز ئالمىسىغا ئوخشاش قالپاق شەكلىدە تەييارلاپ، ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئاندىن مەزكۇر قالپاق بىرقانچە قەۋەت لاتىغا ئورىلىدۇ لاتىغا ئوراشتا تۆشۈكى بېكىلىپ قالماي ئوچۇق تۇرۇشى لازىم. ئۇ قوغۇشۇن قالپاقنىڭ مەنپەئەتى شۇكى، كۆزدىكى يانتۇلۇق ۋە ئارتۇقلۇق توغرىلىنىپ، تەبىئىي شەكلىگە كېلىدۇ.

قوغۇشۇندىن ياسالغان بۇ قالپاق كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن كېسەل بۇ تۆشۈكتىن قاراشنى خالايدۇ. لېكىن بۇنىڭ قارىشى ئاسان بولمايدۇ. بىرقانچە ۋاقىتقىچە قىينىلىپ تۆشۈكتىن قاراشقا ئادەتلەنسە، كۆز مەجبۇرىي توغرىلىنىپ ئۆزىنىڭ تەبىئىي شەكلىگە كېلىدۇ.

رەڭدار قەۋەتكە مەخسۇس بولغان كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى كۆز تۆتىنچى ۋە بەشىنچى پەردە قەۋەتنىڭ كېڭىيىپ قالغانلىقى ۋە تارىيىپ قالغانلىقى بولۇپ، بۇ كېسەللىكلەر كۆز قاتلاملىرىنىڭ كېسەللىكلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

## ئون ئىككىنچى پەسىل كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە كېسەللىكلىرى

## امراض طبقة قرنيه

كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتلىرىدىكى كېسەللىك تۆۋەندىكىدەك يەتتە خىل بولۇپ، بۇ پەسىلدە ھەربىر تۈرى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## 1. كۆز مۈڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتكە يېرىكلىك پەيدا بولۇشنى داۋالاش:

علاج خشونت ودرشتی قرنيه

مۈڭگۈز پەردە قەۋىتىگە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇش، ئۆتكۇر ياكى بەلغەمى شور خىلىتنىڭ مۈڭگۈز پەردە قەۋىتىگە قويۇلۇشى، ئۆتكۇر ۋە ئەزانى يىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بۇ قەۋەتنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىدۇ.

كېسەل كۆزىنى يۇمغان ۋە ئاچقان ۋاقىتدا ئۇستۇنكى قاپىقى يىرىك بىر نەرسىنىڭ ئۇستىدىن ئۆتكەندەك سېزىلىدۇ، قاپاقنى ھەرىكەتلەندۇرگەندە كۆزنى ئاغرىتىپ، ياش ياقتۇرىدۇ. مەزكۇر قەۋەتنىڭ يىرىكلىشىشىگە سەۋەب بولغان قۇرۇقلۇق باشقا قەۋەتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

مەيلى قايسى سەۋەبتىن پەيدا بولغان بولسۇن، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ھۆللەشتۈر-گۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن يىرىكلىك يوقىلىپ، ئېچىشىش پەسىيىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى تۇزلۇق ياكى ئاچچىق خىلىت بولسا، ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن بىنەپشىنى قايىنىتىپ، بۇنىڭ قايىنىتىلمىسىدا خىيارشەنبەر ۋە تەرەنجىبىنلارنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش لازىم.

بىر پارچە قوغۇشۇننى ئېلىپ قولنىڭ ئالقىنىغا ياكى قومۇشقا سۈركەپ بېرىلسە، قارا كىرى چىقىدۇ. شۇ قوغۇشۇننىڭ كىرى دېيىلىدۇ. ئاندىن شۇ قارا كىرنى بىرئاز بىنەپشە يېغىغا قوشۇپ كۆزگە تارتىلىدۇ ۋە يەنە مۈڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ كاۋاكلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسى كەتىرا بىلەن ياكى بىنەپشە يېغى بىلەن كۆزگە تارتىلىدۇ. كەپتەر باچكىسىنىڭ قېنىنى تارتىسىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

بۇنىڭ قېنىنى ئېلىش ئۇسۇلى: باچكا قانتىنىڭ پېيىنى يۇلسا قان چىقىدۇ. ئاندىن بۇ قاننى تارتىدۇ ياكى باچكىنىڭ قانتى ئۇستىدىكى تومۇرلاردىن بىرىنى ئېچىپ، شۇنىڭ-دىن چىققان قاننى كۆزگە تېمىتسا، ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ.

## 2. كۆز مۈڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ ئۆرلەپ قېلىشنى داۋالاش:

علاج نتوء القرنيه

بۇ قەۋەتنىڭ ئاستىغا يەل خۇسۇسىيەتلىك خىلىت پەيدا بولىدۇ. ئاندىن سىقىلىش ۋە قوزغىلىش ئارقىلىق شۇ قەۋەت ئۆرلەپ قالىدۇ.

مۈڭگۈزسىمان قەۋەت كۆمۈرچەكسىمان قەۋەتتىن ئۇستۇنرەك بولۇپ ئوچۇق كۆرۈنە-دۇ.

ئاۋۋال قويۇق، شىلىمشىق خىلىتنى بەدەندىن تازىلاش، ئومۇميۈزلۈك بەدەننى تازىلاپ

بولغاندىن كېيىن كۆزنى تازىلاش ئۈچۈن زورۇرى ئەسپەر، شىيافى ئەھمەرلەرگە ئوخشاش ماددىنى تارقاتقۇچى دورىلارنى كۆزگە تارتىش، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇزنى يۇيۇش، قايناق سۇنىڭ ھورىغا بېشىنى تۇتۇش لازىم.

### 3. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ يېرىلىشنى داۋالاش:

علاج شقاق قرنيه

مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋىتى يېرىلىپ ئاستىدىن رەڭلىك پەردىنىڭ باش تەرىپى چىقىپ قالىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا مۇڭگۈزسىمان قەۋەتكە يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولۇشىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

### 4. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەت تاشقى پوستىنىڭ يېرىلىشنى داۋالاش:

علاج شقاق در غشاء خارجی قرنيه

مەزكۇر قەۋەتنىڭ تاشقى پوستى يېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قالغان قەۋەتلىرى سىرتىغا چىقىپ قالىدۇ. ئەمما رەڭلىك قەۋەت ئۆز ھالىتى بويىچە سالامەت قالىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا مۇڭگۈزسىمان قەۋەتكە يىرىڭلىق پەيدا بولۇشىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

### 5. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتتىكى يىرىڭلىق چاقىنى داۋالاش:

علاج قروح قرنيه

ماددىنى نورمال دەرىجىدە پىشۇرىدىغان ۋە تارقىتىدىغان دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. مەسىلەن: ئېشەك سۈتىگە چىلاپ قورۇتۇلغان ئەنزىرۇت 28 گرام، سەبرە، زەپەر، رۇسوت ھەر بىرى 21 گرام، مۇرمەككى 2.8 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىگە ياكى ھۆلبە سۈيىگە ياكى زىغىر ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسىگە قوشۇپ، كۆزگە تارتىش لازىم.

ھۆلبە، ئىكلىلمىلىكلەرنىڭ ئىلمان سۈيى بىلەن ھەر سائەتتە بىر كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، سۈرمىگە ئوخشاش يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تارتىلسا، يىرىڭنى قۇرۇتۇش ۋە تارقىتىشتا بەك ياخشىدۇر.

يۇقىرىقى ئۇسۇل چارىلەر بىلەن يىرىڭ تارقالمىسا، كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلغاندا يىرىڭنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، كۆزنىڭ جاراھىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. ئەمما كۈچلۈك ئېھتىياج بولمىسا يىرىڭ

كۆزنىڭ كۆرۈشىنى تۇسمىسا، ئوپېراتسىيە قىلماسلىق لازىم.

### 6. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتتىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى داۋالاش:

علاج سرطان قرنيه

قاتتىق ئاغرىيدۇ. كۆزنىڭ تومۇرلىرىدا چىڭقىلىش پەيدا بولىدۇ. ئىششىقنىڭ رەڭگى قارامتۇل قىزىل بولىدۇ. قاتتىق بىر نەرسە سانجىغاندەك ئاغرىق پەيدا بولۇپ، ئىككى چېكىگە تارقىلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ قاتتىق ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتىدا يەنە باش ئاغرىيدۇ، كۆڭلى تاماق خالىمايدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ داۋالاش ئۇنۇمى تۆۋەن. ئەمما ئاغرىقنى پەسەيتكۈچى، كېسەللىك ماددىسىنى تازىلىغۇچى چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا تىرىشىش لازىم. يەنى قېتىق سۈيى، سېرىق ئوت قوشۇلغان سىركەنجىۋىللار ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىپ تۇرۇش؛ ئېچىشىش، ئاغرىق كۈچىيىش بولسا توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى شىيافى ئەبيەض بىلەن قوشۇپ كۆزگە قويۇش لازىم.

ئاق لەيلى، ھەمىشىۋا، ئىتئۈزۈمنىڭ يوپۇرمىقىنى سوقۇپ بىنەپشە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىش كېرەك. بۇ يەردە ئۆتكۈر دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇنداق دورىلار چىدىغۇسىز ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

### 7. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتتىكى مۇدۇرلارنى داۋالاش:

علاج بثور قرنيه

بۇنىڭ تۆت قەۋىتىنىڭ ھەممىسىدە مۇدۇر پەيدە قىلغۇچى ماددا پەيدا بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ سىرتقى قىسمىدا مۇدۇر پەيدا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ماددىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئورنىغا قاراپ مۇدۇرلارنىڭ ئەھۋاللىرى، رەڭگى، ئاغرىقى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. ماددا كۆپ ۋە ئۆتكۈر بولمىسا، ئاغرىقى ئازراق بولىدۇ. ماددا كۆپرەك ۋە ئۆتكۈر بولسا، ئاغرىقى قاتتىق ۋە خەتىرى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن.

مۇڭگۈز قەۋەتكە يىرىڭ چاقىنىڭ پەيدا بولۇشى قان مەنبەلىك ياللۇغ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارتۇق ماددىسى تارقاپ كەتمەستىن يىرىڭغا ئايلىنىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشى، قاتتىق باش ئاغرىقى پەيدا بولۇپ، باشتىكى ئارتۇق ماددىلارنىڭ مۇڭگۈزسىمان پەردە تەرەپكە چۈشۈپ يىرىڭغا ئايلىنىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ، كۆزدىكى ھەرخىل ئىششىقلارنىڭ ۋە يىرىڭلىق چاقىلارنىڭ بايانىدىن ئىزدەش لازىم.

سۈرگۈ بېرىش ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى كېمەيتىش ۋە تۆۋەن تەرەپكە تارتىش لازىم.

كېسەللىكنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش؛ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە كۈندۈز قوشۇلغان شىيافى ئەھمەرنى كۆزگە تارتىش لازىم. كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىغاندا شىيافى ئەھمەر لەيىرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى

رمد (ورم طبقة ملتحمة)

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە قەۋىتى كۆمۈرچەكسىمان بىر خىل پەردە بولۇپ، قاتتىق ۋە سۈزۈك، جىسمى زىچ كېلىدۇ.

كۆزنىڭ ئاق ۋە قارىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسەبلەر ئارىلاش تۈزۈلگەن. بۇ قەۋەت مايلىق ئاق گۆش بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇ كۆزنىڭ ھەممە ئەزالىرى يېپىپ ئورىغان بولىدۇ. ئەمما مۇڭگۈزسىمان قەۋەتنى ياپماستىن، بۇنىڭ چۆرىلىرىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان بولۇپ، كۆزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

بۇ كېسەللىك بىرىكتۈرگۈچى پەردە قەۋەتنىڭ ياللۇغلىنىش (كۆز قىزىرىپ ئاغرىش) ئىبارەت بولۇپ، بەزىدە چاڭ ـ توزان، تۈتۈن، كۈننىڭ ھارارىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان ئىششىقسىز كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى دېيىلىدۇ.

ئەبۇئەلى ئىبنىسىنانىڭ تونۇشچە: بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى ئىسسىقتىن بولسۇن ياكى سوغۇقتىن بولسۇن «رەمەد» دېيىلىدۇ. لۇغەت مەنىسىدىن ئالغاندا كۆزدىكى ھەرقاندااق ئىششىق بىردەكلا «رەمەد» دەپ ئاتىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا خىلىتى ۋە بەللەرنىڭ بىرەرىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇلىنى سەۋەبىگە ئاساسەن تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمىز:

### 1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاش:

علاج رمد دموى

كۆز قىزىرىپ ئاغرىش (بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى) دا كۆز ئىششىيدۇ، قىزىل ۋە ئېسىلەڭگۈ بولىدۇ ۋە چىڭقىلىدۇ. چاپاقلار كۆپ چىقىدۇ. تومۇرلىرى تولغان بولىدۇ. ئىككى چېكە لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە قان خىلىتىنىڭ خاس ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ھېلىلە، ئەينۇلا، شاھتەررە، تەمرى ھىندىلارنىڭ قانتىلمىسى بىلەن ئىچىنى يۇمشى-تىپ تازىلاش، ئاندىن شىيافى ئەبيەزنى سۇ ئىشلەتمەستىن، توخۇمنىڭ ئېقىدا ياكى شومشا ئۇرۇقى شىرنىسىدە ياكى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۇتىدە ئېرىتىپ كۆزگە تارتىش لازىم. بوشاشتۇرغۇچى دورىلارنى بەدەننى ۋە باشنى تازىلاشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بەدەننى ۋە باشنى تازىلاشتىن بۇرۇن بۇ خىل دورىلار ئىستېمال قىلىنسا تۇتاشتۇر-غۇچى توقۇلما قەۋەت قاتتىق چىڭقىلىش بىلەن پۈلتىيىپ قېلىش، يېرىلىپ كېتىشتەك يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

«زەخىرە» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى «ئەگەر بىر تىۋىپ رەمەد كېسەللىكىدە بەدەننى تازىلاشتىن بۇرۇن يەرلىك ئورۇنغا تەسىر كۆرسەتكۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەن بولسا، چوڭ بىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ» دېگەن.

شۇنىڭدەك رەمەدنىڭ باشلىنىش دەۋرىلىرىدە كۆزگە سۇ تەگكۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى سۇ، ماددىنى پۇشۇرماي كۆز پەردىلىرىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، كۆز ئېرۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇندىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن زىيانلىرى بار. بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سەندەل، ھۇزۇر، ئاقاقىيا، مامشالارنى ھۆل يۇمغاقسۇتنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ، كۆزگە قويۇق چېپىش لازىم. زەرنىخ، تەمرى ھىندىنغا ئوخشاشلارنى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش لازىم. چۈنكى بۇ خىلدىكى نەرسىلەر قاننىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ، قاننى نورماللاشتۇرىدۇ. ئەمما ئاچچىق نەرسىلەرنى پەقەت بەرمەسلىك لازىم. تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەت پەي خاراكتېر-لىكتۇر. پەيلەر ئۈچۈن ئاچچىق نەرسە ئەڭ زىيانلىق.

### 2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاش:

علاج رمد صفراوی

كۆزنىڭ بۇ قەۋىتىدە ئىششىق، سوزۇلۇش (چىڭقىلىش)، قىزىللىق، چاپاق، ياش ئېقىش ئەھۋاللىرى قان خىلتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشقا نىسبەتەن ئازراق بولىدۇ. ئەمما ئاغرىشى، كۆيۈشى، قادىلىشى كۈچلۈك بولىدۇ.

كۆز ساغلام ۋاقتىدىكى ياش قىزىققا مايىل بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سۇيۇقلۇق تۆت خىل ھەزىمدىن ئۆتۈپ ھەزىم بولۇپ كېلىدۇ. كۆز ئاغرىغان ۋاقتىدىكى ياش سوغۇق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ سۇيۇقلۇق تۆت خىل ھەزىمدىن ئۆتمىگەچ ھەزىم بولماي كېلىدۇ.

ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى سەپرادىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاش:

علاج رمد بلغمى

كۆز ئىسنىلەڭگۈ، بەك ئېغىر. چاپاق ۋە ياش كۆپ بولىدۇ. ئۇخلىغان ۋاقتىدا كۆزنىڭ ھەر ئىككى قاپىقى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالىدۇ. قىزىللىق ئازراق بولىدۇ.

ئۇنى داۋالاش قان خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاشتا ئېيتىلغان ھېلىلە قاينىتىلمىسى بىلەن ئىچىنى سۈرۈپ كېسەللىك ماددىسى تازىلىنىدۇ. كاسىنە شىرنىسى، سېمىزئوت شىرنىسى، ئىتئۈزۈمىنىڭ يوپۇرمىقى، ھۆل يۇمغاقسۈتكە ئوخشاش سوغۇق دورىلارنىڭ سىقىلغان سۈلىرىنى قويۇق چېپىش؛ بېھى ئۇرۇقى ۋە ئىسپىغۇللارنىڭ شىرنىسىنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن كۆزگە تېمىتىش لازىم.

كۆزنىڭ ئاغرىشى قاتتىق بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا شىيافى كاپۇرى، شىيافى ئەپيۇنلەرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاش:

علاج رمد سوداوى

كۆزى قۇرۇق ۋە ئېغىر بولىدۇ. سانجىلىپ ئاغرىيدۇ. كۆزنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ. كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. قاپىقى قىزىرىدۇ. بۇنىڭ قىسمەنلىرىدە تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەتتىمۇ قىزىللىق پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆز ئاغرىقى مېڭىسى قۇرۇق بولغان سەۋدا مىزاج كىشىلەردە كۆپرەك باش ئاغرىقى بىلەن بىللە بولىدۇ.

سەۋدادىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

### 5. يەلدىن بولغان كۆز قىزىرىپ ئاغرىشنى داۋالاش:

علاج رمد ريحى

كۆز چىڭقىلىدۇ. ئېغىرلىق ۋە ياش ئېقىش بولمايدۇ، بەزىدە قىزىرىپ قالىدۇ.

يەلدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

ئاغرىقى قاتتىق بولغان ھەر بىر كېسەللىكتە ئاۋۋال ئاغرىقنى پەسەيتىشكە تىرىشىشى لازىم. چۈنكى ئاغرىش كېسەللىككە ئۇچرىغان ئەزانىڭ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ماددىلارنىڭ شۇ ئەزا تەرەپكە تارتىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كېسەللىكنى كۆپەيتىدۇ. ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى داۋاملىق ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى داۋاملىق ئىشلىتىش باشقا خەتەرلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرىتىپ قويىدۇ.

# ئون تۆتىنچى پەسىل  كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە رەڭدار چېكىت چۈشۈش

## طرفه

**تونۇش:**

بىرىكتۈرگۈچى پەردىدە قىزىل، قارا ياكى يېشىل چېكىتلەر بولۇپ، كۆز تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋىتىدە پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى**

1. كۆزگە تاياقتەك قاتتىق بىر نەرسە تېگىش بىلەن كۆزدىكى ئىنچىكە تومۇرلارنىڭ بەزىلىرى يېرىلىپ قان چىقىپ تۇتاشتۇرغۇچى پەردە ئاستىدا توختاپ قالىدۇ. بەزىدە تومۇر بىلەن بىللە تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەتنىڭ ئۆزىمۇ يېرىلىدۇ.

2. تومۇرلار بەك تولۇپ كەتكەنلىكتىن ۋە سوزۇلغانلىقتىن ياكى چىڭقالغانلىقتىن يېرىلىپ كېتىدۇ.

3. قان قايناپ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆپلۈكى سەۋەبىدىن كۆزگە مايىل بولۇپ، تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەت ئەزالىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ.

4. كۈچلۈك تۇۋلاش، قاتتىق ھەرىكەت ياكى قاتتىق ھۆ قىلىش ئەھۋاللىرىدا مېڭە تومۇرلىرى تولۇپ قېلىش، قان قايناش تۈپەيلىدىن كۆزدە چېكىت پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ھېلىلە قايىنتىلمىسى ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش كېرەك. بۇ قايىنتىلمىنى سۈزگەندىن كېيىن ئازراق سوقمۇنىيانى يۇمشاق ئېزىپ، ئۈستىگە سېپىپ ئىچسە، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئايارەجلەرنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك لازىم. ھەمەلچە ياكى ھۆقنە بەك مەنپەئەتلىكتۇر. ئاغرىقنى پەسەيتىش ۋە ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن سۈت ۋە مۇناسىپ لۇئابلارنى ئىلمان ھالدا كۆزگە تېمىتىش؛ پاختىنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ۋە سېرىقىغا بۇلاپ كۆزگە تېڭىش؛ كېسەلنى ئوڭدا يېتىشقا بۇيرۇش لازىم. مۇشۇ ئۇسۇل - چارىلەرگە ئەمەل قىلىنسىلا ئاغرىق پەسىيىدۇ.

كېسەللىك يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردا كەپتەر قانتىنىڭ قىزىل قېنىنى كۆزگە تېمىتىش مەنپەئەت قىلىدۇ.

ماددىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن گىل ئەرمىنى قىزىل سۇدا ئېرىتىپ، بۇ قانغا قوشۇلسا، ياخشىراق بولىدۇ. ئەمما كېسەللىك پەسىيىشكە يۈز تۇتقان ۋاقىتتا ماددىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۈندۈر، مۇرمەككى، ئۇشەق، زەپەرلەرنى بۇ قانغا ئارىلاشتۇرۇش، بەكرەك

تارقىتىش مەقسەت قىلىنسا سېرىق زەرنىخ، قىزىل زەرنىخلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە قويۇش، ئۇرۇقى ئېلىنغان ۋاسالغۇ، ئىتئۇزۇمىنىڭ ياپرىقى، يېڭى قېتىق، بىر ئاز ئاق تاشتۇزلارنى بىرلەشتۇرۇپ سوقۇپ كۆزگە تېڭىش، سۆئەتر، قۇرۇق زۇپا قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

بەزىدە قان قېتىپ قېلىپ، ھەرگىز تارقىمايدۇ. بەزىدە مەزكۇر چېكىتنىڭ يېنىدىكى ئەزالار يىرىڭلاپ كۆزنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئۆتىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ داۋالاشقا تېگىشلىكىنى داۋالاشتا سۇسلۇق قىلماسلىق ۋە كېچىكتۈر-مەسلىك لازىم.

## ئون بەشىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قاناتسىمان گۆش ئۆسۈپ قېلىش

### ظفره

**تونۇش:**

بۇ بىرىكتۈرگۈچى پەردىنىڭ يۇزىدە قاناتسىمان گۆش ئۇنۇش (زۇفرە) دىن ئىبارەت بىر خىل كېسەللىك، قاناتسىمان گۆش كۆپرەك كۆزنىڭ بۇرۇن تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. بەزىدە كىچىك تەرەپتىن ياكى ھەر ئىككى تەرەپتىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە بىرئاز ئۆسۈپ توختاپ قالىدۇ. بەزىدە داۋاملىق ئۆسۈپ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما قەۋەتتىن ئۆتۈپ، مۇڭگۈزسىمان قەۋەتكىچە يېتىپ بېرىپ، كۆزنىڭ قارچۇقىنىمۇ يېپىپ قويىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىك ئالامىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۆت خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، پەردىگە ئوخشاش نېپىز بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىن ياكى سول تەرەپتىن، ئۈستۈنكى تەرەپتىن ياكى تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەتنىڭ ئاستى تەرىپىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆزنىڭ بىر تەرىپىگە خاس بولمىغاچقا، كۆز قان تومۇرلىرىنىڭ كۆيۈپ قىزىرىپ قېلىشىغا ئوخشاش كەتسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار، مەسىلەن: سەبەل كۆزنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىدا پەيدا بولۇپ، يۇمىلاق ھالقا شەكلىدە مۇڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ ئەتراپىنى ئورايدۇ. زۇفرە بىر تەرەپتە بولىدۇ، ھەرگىزمۇ يۇمىلاق بولمايدۇ. زۇفرەنىڭ پەيدا بولغان تەرىپى يىلتىزغا ئوخشاش توم بولۇپ، ئىككىنچى تەرىپى كەڭ، يېيىلاڭغۇ شاخلارغا ئوخشاش بولىدۇ. سەبەلنىڭ كۆتىكى ۋە شاخلىرىدا بۇ خىلدىكى ئالاھىدىلىك بولمايدۇ.

ئىككىنچى خىلى، كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى قۇيرۇقىنىڭ ئارقا شەكلىدىكى پەيدىن

باشلىنىپ، مۇڭگۈزسىمان قەۋەت چۈرسىگە كېلىپ قويۇقلىشىدۇ. كۆزنىڭ قارچۇقىدىن ئۆتمەي شۇ يەردە توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزنىڭ قىرىقىغا ئۆتۈشنىڭ خەۋپى بولمىسا، ئاغرىش بولسىمۇ كۈچلۈك تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلماستىن، تاقەت قىلىپ تۇرۇش لازىم. چۈنكى تارقىتىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك دورىلارنى ئىستېمال قىلىش كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ خىلدىكىدە كۆزنىڭ كۆرۈشىنى توسمايدۇ. لېكىن كۆزنىڭ قارچۇقىغا ئۆتكەنلىكى جەزمەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان شىيافلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بۇنى تېزدىن داۋالاپ ئالدىنى ئالمىسا، كۆزنىڭ قارچۇقىغا ئۆتۈش ئارقىلىق كۆزنىڭ كۆرۈشىنى توسۇپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، كۆزنىڭ قارچۇقىنى يېپىپ، كۆرۈشكە دەخلى يەتكۈزىدۇ. بۇ ھالەتتە كۆز كېسەللىكلىرىگە تەجرىبىلىك ئۇستا دوختۇرلار زامانىۋى ئەسۋابلار بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىش لازىم.

تۆتىنچى خىلى، قاناشچان گۆشنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرىپى بولىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى تەرىپى تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋىتىنىڭ چۈرىسىدىن پەيدا بولۇپ، شۇ قەۋەتتە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپى كۆزنىڭ قاتتىق قەۋىتىگە باغلانغان، قاتتىق قەۋەتنىڭ ئەتراپى ئىچكى تەرەپتىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، كېسەل باشلانغان جايدىن كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكىدە تىغ ئەسۋاب ئىشلىتىشكە قاتتىق دىققەت قىلىش زۆرۈر. چۈنكى قاتتىق قەۋەتنىڭ كېسىلىپ كېتىش خەۋپى بار. قاتتىق قەۋەتنىڭ كېسىلىشى گەدەننىڭ قېتىپ قېلىش كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىلدىكىسى كەم ئۇچرايدۇ.

**داۋالاش:**

ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن ئايارەج بېرىش، بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن قاناتسىمان گۆشنى تارقىتىش ئۈچۈن سۈرمە، دانىكار، شادىنەج ھەر بىرى بەش گرام، ئىقلىميا ئالتە گرام، ئۇشەق، سەكبىنەج، پىلپىل ھەر بىرى ئىككى گرامدىن ئېلىپ، ئۇشەق بىلەن سەكبىنەچنى كونا شاراپتا ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ خېمىر قىلىپ شىياف قىلىپ كۆزگە تارتىش.

شىگرىپ كۈشتىسى، راتىنەج قىزىل زەرنىخ، ئاق شېكەر، ئوشەق ھەربىرىدىن بەش گرام، مۇرمەككى، زەپەر، زەنجىۋىل ھەر بىرىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف قىلىپ كۆزگە قارىتىش ياكى شىيافى باسلىق ئەكبەرلەرنى كۆزگە تارتىش؛ يۇقىرىقى دورىلارنى كۆزگە تارتىشتا ئاۋۋال مۇنچىغا بېرىپ، ماددىنى يۇمشاتقاندىن كېيىن تارتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا يۇمشاش ئارقىلىق دورىنىڭ تەسىرىنى ئوبدان قوبۇل قىلالايدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاشتا ئاۋۋال ماددىنى پىشۇرۇپ، ئاندىن مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەجلەرنى بېرىش لازىم.

ماددىنى توسۇش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن سەبرە، ھوزۇز، مورمەككى، ئاقاقىيا، زەپەر- لەرنى گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇپ پىشانىسىگە، قاپىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇق چىپىش لازىم. ھۆلبىنى (سومشا ئۇرۇقىنى) سوزۇك سۇغا سېلىپ، ئالتە سائەتكىچە قويۇپ، ئاندىن سۈنى سۈزۈپ تۆكۈۋېتىپ، ھۆلبىگە 20 باراۋەر سۇ قويۇپ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ لۇئابىنى ياكى زىغىر ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىنى كۆزگە تېمىتىش لازىم.

ئاندىن كېيىن 3 ~ 2 كۈن ئۆتكەندە كېسەللىكنىڭ ياخشىلىنىشىغا قاراپ ئەنزىرۇتتىن ئەھۋالغا قاراپ مەلۇم مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، ئېشەك سۈتى ياكى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن خېمىر قىلىپ، بۇ خېمىرنى يۇلغۇننىڭ ياغىچىدا قويۇپ سوۋۇشقا باشلىغان تونۇرغا سېلىپ قورۇتۇپ ئاندىن ئېلىپ، ئەنزىرۇتتىن بىر ھەسسە، نىشاستىدىن تۆتتىن بىر ھەسسە ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق سالايە قىلىپ 3 ~ 2 كۈندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

كۆز ئىششىقلىرىدا تارقاتقۇچى كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، لېكىن كېسەللىك ئاياغلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى تۈگىتىلگەندىمۇ، 4 ~ 3 كۈن ئىچىدە ساقىيىپ كەتمىسە، ئىچنى سۈرۈش ئۈچۈن ھېلىلە، ئەينۇلبالارنى قاينىتىپ سۈيىدە تەرەنجىبىن خىيارشەنبەر- لەرنى ئېرىتىپ ئىچىش لازىم. ئاندىن شىيافى ئەبيەزنى كۆزگە تارتىش لازىم.

قاپاقلارنىڭ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قېلىش خەۋپى بولغاندا بەدەننى تازىلاپ مىزاجنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، شىيافى ئەبيەز، قوغۇشۇن شىيافى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىگە چىلاپ قورۇتۇلغان ئەنزىرۇت چۈشكەن زورۇرى ئەبيەزلەرنى ئىشلىتىش لازىم. دورا كۆزگە سىڭىپ كۆز تازىلانغاندىن كېيىن چاپلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پەلكۈچنى گۈل يېغىغا چىلاپ، كۆزگە تارتىپ چاپلاشمىغۇدەك قىلىپ تېڭىپ قويۇش كېرەك. بۇ خىلدىكى كۆز ئاغرىقىدىن باشقا كۆز ئاغرىقىدا ياغ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## ئون ئالتىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قان چۈشۈش سبل

**ئالامىتى:**

بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قان چۈشۈپ (سەبەل) قالغاندا كۆزنىڭ تومۇرلىرى قىزىل، قويۇق قان ۋە قويۇق بۇخارات بىلەن تولغان بولىدۇ. تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەتنىڭ ئۈستىدە تۇتۇنگە ئوخشاش پەردە كۆرۈنىدۇ. كۆزنىڭ ئىچى قىچىشىدۇ.

بۇ كېسەللىك پەيدا بولغان جايغا قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددا تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەتنىڭ ئىچكى تەرەپتىكى تومۇرلىرىدا پەيدا

بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى بولسا مەزكۇر تومۇرلار ئىسسىلەڭگۈ، تولۇقلۇق، قىزىل كۆرۈنىدۇ. مۇڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ تاشقى تەرىپىدە بولۇتقا ئوخشاش قىزىل پەردە پەيدا بولىدۇ. مەزكۇر تومۇرلار باش سۆڭىكىنىڭ ئىچكى تەرىپىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ كېسەللىكتە مېڭە قىزىغاندەك بىلىنىدۇ، لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ، چۈشكۈرىدۇ، كۆزنىڭ تېگىدە ئاغرىق بولىدۇ.

يەنە بىرى، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددا تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەتنىڭ تاشقى تومۇرلىرىدا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئالامىتى بولسا تومۇرلار قىزىل، ئۇلاقلىق كۆرۈنىدۇ. مۇڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ تاشقى تەرىپىدە تۇتۇنگە ئوخشاش پەردە كۆرۈنىدۇ. كېسەللىك ماددىسى ئورۇنلاشقان تومۇرلار باش سۆڭىكىنىڭ تاشقى تەرىپىدىن شاخلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ كېسەللىكتە كېسەلنىڭ مەڭزىلىرى قىزىل بولىدۇ. ھەر ئىككى قېشىدا قىزىقلىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ. ئىككى چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ.

بۇ ئىككى خىل كېسەللىكتە كېسەل ئاپتاپ ۋە چىراغ تەرەپكە قارىيالمايدۇ.

كۆز ياشاڭغىرايدۇ، قاپىقى ھۆللىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا كېسەللىك ماددىسى يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىدەك كۆپرەك ئىچكى تومۇرلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزنىڭ تېگى لوقۇلداپ ئاغرىش، ئارقا - ئارقىدىن چۈشكۈرۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنى ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ تومۇرلار تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەتنىڭ ئىچكى تەرىپىگە باغلانغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلىش قىيىن.

بۇنىڭدا پەيدا بولغان تۇتۇنگەن ئوخشاش پەردىدىن باشقا ئالامەتلەر مەسىلەن: ياش ئېقىش، كۆز چاناقلىرى ھۆل بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈنمەيدۇ. قۇرۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھۆللۈك تۆگەپ كەتكەنلىكى بولماستىن، بەلكى ماددىنىڭ قويۇقلۇقىدىندۇر.

بۇنىڭدا ماددا مۇستەھكەم ۋە قويۇق بولغانلىقىدىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كۆز قارىقىنىڭ ھەممە قىسمىنى قاپلاپ، كۆرۈشكە دەخلى يەتكۈزىدۇ.

داۋالاش:

ئايارەج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىپ، بەدەننى تازىلاش؛ بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قورساقنى تويغۇزماستىن مۇنچىغا چۈشۈرۈش؛ كۆپۈكى دەريا، ئىقلىمىيايى نۇقرە ھەر بىرى 28 گرامدىن، مامىرانچىن، زەنجۇبىل ھەر بىرى توققۇز گرامدىن، كۆيدۈرۈلگەن مىس، تاشتۇز، سازەج، قوغۇشۇن ساپىداپ، قارىمۇچ، پىلپىل، سۇمبۇل، تۇتىيا ھەربىرى ئالتە گرامدىن، سېرىق ھېلىلە پوستى، ئاق تۇز، مامشا ئۇسارىسى ھەر بىرى 14 گرامدىن، ئىپار 1.4 گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ كۆزگە تارتىش لازىم.

بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قان چۈشۈشتىن پەيدا بولغان تۇتۇنگە ئوخشاش پەردە شالاڭ،

نېپىز بولسا، شىيافى دىنارى ئۇنى يوقىتالايدۇ. بۇنىڭدىن كۈچلۈكرەكىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

ئەگەر سەبەل قۇرۇق بولسا ماددىنى يۇمشىتىش، دورىنىڭ تەسىرىنى تېزراق يەتكۈ-زۈش ئۈچۈن سۈرمە تارتىشتىن ئىلگىرى ۋە سۈرمە تارقاتقاندىن كېيىن مۇنچىغا بېرىش لازىم ۋە زۇفرەنى يۇمشىتىشتا ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

سەبەل بىلەن بىللە كۆزنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشى پەيدا بولسا ماددىنى تازىلاشتىن باشقا، كۆزگە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى كۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇش، زورۇرى ئەغبەرنى كۆزگە تارتىش لازىم. گەرچە كۆز قىزىرىپ ئاغرىش قاتتىق بولسىمۇ، شىيافى ئەبيەز ۋە شىيافى باسلىقلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

يۇيۇلغان شادىنەج بىلەن ئەدەسنى كۆزگە تارتىش؛ كۆزدىكى قىزىرىپ ئاغرىش ساقاي-غىچە ئۆتكۈر تەسىرلىك دورىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك، سەبەل، ئىسسىق كۆز ئاغرىق-نىڭ ھەر ئىككىلىسىگە پايدىلىق بولغان دورىلارنى، مەسىلەن: شىيافى سىماقتا ئوخشاش دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر ماددا بەك قويۇق، بەك مۇستەھكەم بولسا، چارىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغانغا ئوخشاش. ئەمما قويۇقلۇقى بەك يۇقىرى بولۇپ، يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن ياخشىلانمىسا ئۇنداقتا قائىدە بويىچە تەجرىبىلىك دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلىشى لازىم.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

دادۇر (باقىلە)، پىياز، سامساق، كۆك ماش، كۆدە قاتارلىق بۇخارات پەيدا قىلىدى-غان تاماقلارنى، بېلىق گۆشى ۋە كالا گۆشىگە ئوخشاش سوغۇق ئېغىر يېمەكلىكلەرنى سەبەلنىڭ ھەرقانداق خىللىرىدا ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك ھاراق ۋە سۈتتىن تەييارلانغان يېمەك - ئىچمەكلەر، تاتلىق يېمەكلىكلەر زىيانلىقتۇر. چاڭ - توزان ئىس - تۈتەك، كۆپ سۆزلەش، توۋلاش، كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق، كېسەلنى ئوڭدا تۈز يېتىشتىن، بېشىنى تۆۋەن قىلىشتىن توسۇش، تەككىينى ئېگىز قويۇپ يېتىشقا بۇيرۇش لازىم.

## ئون يەتتىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقى

## انتفاخ طبقة ملتحمة

**تونۇش:**

بۇ خىل كېسەلگە قارىتا «ئەسباب ۋە ئالامەت» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى «ئىنتىفاخ — كۆزدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل سوغۇق ئىششىق بولۇپ، كۆپرەكىدە قىچىشىش بىللە

بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا ئىنتىفاخ بىلەن ۋەرەم ئوتتۇرىسىدا ئۇنچە چوڭ پەرق يوق.

بۇ كېسەللىك سەۋەبلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆت خىلغا بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ:

### 1. يەلدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى داۋالاش:

*علاج انتفاخ طبقہ ملتحمہ ريحى*

ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولىدۇ. ئېغىرلىق بولمايدۇ. ئاۋۋال كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىدا پاشا ۋە چىۋىن چاققاندەك بىرئاز ئېچىشىش ۋە قىچىشىش ئەھۋاللىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئىششىقنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ. كۆپىنچە ياز پەسىللىرىدە ياشلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

بۇ كېسەللىكتە كېسەللىك پەيدا قىلغان يەل ماددىسى 3 ~ 2 كۈن ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن تېز تارقاپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىت ئىچىدە تارقاپ كەتمىسە، داۋالاشقا ئىسسىق سۇ بىلەن كۆزنى يۇيۇش لازىم. بۇ كېسەللىك يېڭى باشلانغاندا ئېچىشىش ۋە قىچىشىشنى پەسەيتىش مەقسەت قىلىنسا، ئەپيۇن چۈشمىگەن شىيافى ئەبيەزنى ۋە زۆرۈر ئەسپەرنى ئىشلىتىش كېرەك. ماددىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن سەبرە، شىيافى مامشا، ئىكلىلمىلىك، سەندەل، فۇپەل (بىڭلاڭ) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى كۆزگە چېپىش لازىم.

ئاخىرىدا زورۇرى ئەسپەرنى زورۇرى ئەھمەرلەيىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆزگە ئىشلىتىش مۇمكىن. سەبرە، ھۇزۇز، زەپەرلەرنى ئىتئۇزۇمىنىڭ سۈيىدە ئېرىتىپ چېپىش كېرەك. ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى تاماقلارنى يېيىش، يەل پەيدا قىلغۇچى تاماقلارنى يېمەسلىك، مۇۋاپىق كەلسە ھەر كۈنى ئاخشامدا ئىترىففىل كەشنىزنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

### 2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقىنى داۋالاش:

*علاج انتفاخ طبقہ ملتحمہ بلغمى*

كۆزنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. يەلدىن بولغىنىغا نىسبەتەن سوغۇقراق كېلىدۇ. ئەگەر بارماق بىلەن بېسىلسا بارماق ئىزى ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج بېرىش، سىركەنجىۋىل ۋە قىزىق سۇلار بىلەن غار ـ غار قىلىش ياكى مەي پۇختەج (ئاچچىق شىرنە)، پۇنۇس، خىيارشەنبەر ياكى ئارپىبەدىياننىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلىش لازىم.

بەلغەم خىلتى تازىلانغاندىن كېيىن ئاۋۋال شىيافى ئەھمەرلەيىننى كۆزگە تارتىش، ئاندىن شادىنەج، كۆيدۈرۈلگەن راك ھەر بىرى ئۈچ گرامدىن، رۇستۇت، زەپەر، قارىمۇچ ھەر بىرى ئىككى گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ سوزاپ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف تەييارلاپ رۇسۇت ئەسپەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كۆزگە تارتىش لازىم.

### 3. سۇسمان ھۆللۈكتىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقنى داۋالاش:

علاج انتفاخ طبقه ملتحمه از رطوبت مائی

ئاغرىش، لوقۇلداش، قىچىشىش ئەھۋاللىرىنىڭ ھېچبىرى بولمايدۇ. ئېسىلىپ قالغان جاي رەڭگى بەدەن رەڭگىدە بولىدۇ. سىقىپ قويۇپ بېرىلسە، دەرھال ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ.

داۋالاشتا كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىش ئۈچۈن قايناق سۇغا ئايارەج قوشۇپ بې-رىش، ماددا تازىلانغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن شىيافلارنى قائىدە بويىچە كۆزگە تارتىش لازىم.

شىيافى دىنار بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سۆئتەر، مەرزەنجۇشلارنىڭ قايىنتىلغان سۈيىنى كۆيمىگۈدەك ھالدا كۆزگە قويۇش لازىم. يۇرچاقنىڭ ئۇنى، ئارپىنىڭ ئۇنى، سەبرە، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بەدىيان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قويۇق چېپىش لازىم.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقنى داۋالاش:

علاج ورم طبقه ملتحمه سوداوی

كۆز كۆپۈپ ئېسىلىش قاتتىق بولىدۇ. قول بىلەن سىقىلسا قاتتىقلىقىدىن سىقىلماي-دۇ. قاتتىق تەمەددۇد (سوزۇلۇپ قېلىش) بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاغرىق بولمايدۇ. چۈنكى سوغۇق ماددا (بولۇپمۇ سەرتان خاراكتېرلىك بولغىنى) ئاغرىق پەيدا قىلمايدۇ.

ئۇنىڭدا ئەزانىڭ سېزىمى يوقىلىدۇ. بۇ كېسەل كۆپرەك تۇتاشتۇرغۇچى توقۇلما قەۋەت قاپاقتا بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك ئورۇندىكى ئېسىك بەزىدە قاش ۋە مەڭزىگىچە ئۆتىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپرەك كونا رەمەددىن كېيىن ۋە چېچەك چىققاندىن كېيىن ئۇچرايدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇپ ھۆللەشتۈرگەندىن كېيىن سەۋدانى تازىلىغۇچى دورىلارنى بېرىش؛ ماددىنى تازىلىغاندىن كېيىن شىيافى ئەھمەرلەيىن، زورۇ-رى ئەسپەرلەرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

سەرتان كېسەللىكىنى داۋالاشتا ۋە سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ئىششىقلار قوللىنىلغان تىلا ۋە زىمادلارنى ئىشلىتىش لازىم.

سەۋدا خىلىتىنى يۇمشىتىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن مۇنچىغا بېرىش (مەيلى ماددىنى تازىلاشتىن ئىلگىرى - كېيىن بارسۇن) ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

## ئون سەككىزىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۇرگۈچى پەردە قېتىپ قېلىش

## تجحر طبقة ملتحمة

**ئالامىتى:**

بىرىكتۇرگۈچى پەردە قاتتىقلىقىنىڭ سەۋەبىدىن كۆز ئالمىسى ئۈيان - بۇيانغا ئۆرۈلەلمەيدۇ. ھەرىكەتلەندۇرۇشكە ئىمكانىيەت بولمايدۇ، پەقەت ئېگىز - پەس قىزىل ۋە قورۇق بولىدۇ، ئاغرىيدۇ، ئۇيقۇدىن قوپقاندا كۆزنى تەسلىكتە ئاچالايدۇ. بەزىدە كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا قورۇق چاپاق يىغىلىپ قالىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال چوڭ تەرەتنى بوشىتىش، داۋاملىق مۇنچىغا بېرىش، بېشىنى قىزىق تۇتۇش، بۇلۇتنى قىزىق سۇ بىلەن ھۆل قىلىپ كۆزگە قويۇش، ئىسسىق سۇنى كۆزگە تېمىتىش، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ۋە سېرىقىنى گۈل يېغى بىلەن ياكى ئۆردەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى كەچتە كۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇش لازىم، سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلاردىن ساقلىنىش، سېرىقماي بىلەن بېشىنى ياغلاپ تۇرۇش لازىم. ماددا تازىلىنىپ يۇمشىغاندىن كېيىن بۇرۇندى ھەسرۇم، كوھلى باسلىقۇن، شىيافى ئەھمەرلەيىن، شىيافى ئەھمەرھار، كۆھلى رۇشنائىغا ئوخشاش ياش ئاقتۇرىدىغان دورىلارنى كۆزگە تارتىش كېرەك.

## ئون توققۇزىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۇرگۈچى پەردە قىچىشىش

## حكة الملتحمة

**ئالامىتى:**

كۆزدىن ياش ئاقىدۇ. ئاققان ياش بەك شورلۇق بولىدۇ. بۇ قەۋەتنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل كېلىدۇ. كۆز قاپاقلىرى قىزىرىپ قالىدۇ، بەلكى قاتتىق قىچىشقانلىقتىن قاپاقتا جاراھەت پەيدا بولىدۇ.

سەۋەبى:

غەيرىي تەبىئىي خىلتلاردىن پەيدا بولغان ئارتۇق شورلۇق ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش:

كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن ئىچىنى يۇمشىتىش، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇنچىغا بېرىش، يۇمشاق سىڭىشلىك تاماقلارنى يېيىش، تۇزلۇق، شورلۇق تاماقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش، ياش ئاقتۇرغۇچى دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## يىگىرمىنچى پەسىل كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە مۇدۇر پەيدا بولۇش

## ودقہ

تونۇش:

بىرىكتۈرگۈچى پەردىگە قاتتىق مۇدۇرلار پەيدا بولۇشتىن ئىبارەت بىر خىل كېسەل-لىك.

ئالامىتى:

قاتتىق مۇدۇر كۆزنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى چوڭ قۇيرۇقنىڭ ياكى كىچىك قۇيرۇقى-نىڭ ئەتراپىدا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە كۆزنىڭ چۆرىلىرىگە كۆپلىگەن ئۈششاق مەرۋايىتنىڭ دانىلىرىغا ئوخشاش دانىلەر پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك بەزىدە قاپاقنىڭ ئاستى تەرىپىگە پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ رەڭگى كېسەللىك ماددىسىغا باغلىق ھالدا ھەر تۈردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: كېسەللىك ماددىسى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا ئىششىقنىڭ رەڭگى قىزىل، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، ئاق رەڭدە كېلىدۇ. بۇ كېسەللىك تولاراق ئالدى بىلەن كۆز چاپاقلىشىپ ئاندىن كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش:

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاپ چىقىرىش ئۈچۈن سېرىق ئوت (ئەفتىمۇن) قاينىتىلمىسى، ھەببى ئايارەجلەرنى بېرىش؛ ماددا تازىلانغاندىن كېيىن كېسەللىك قالدۇقى يەنە ساقلىنىپ، رەڭگى قىزىل بولسا، شىيافى ئەبيەزنى كۆزگە تارتىش؛ ئەگەر ئاق بولسا شادىنەج 17 گرام، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەر بىرى 14 گرامدىن، كۆيدۈرۈلگەن مىس توققۇز گرام، بىخ مارجان، مەرۋا-يىت، كەھرىۋا، قوغۇشۇن سەپىراپى، شىگرىپ مۇدەپپەر ھەر بىرى ئۈچ گرام، خۇنسىياۋ-شان، زەپەر ھەربىرى ئىككى گرامدىن دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈ-

زۇپ ھۆلبە لۇئابى بىلەن شامچە تەييارلاپ كۆزگە تارتىش لازىم.

كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلسا، كوھلى باسلىقۇن، شىيافى ئەھمەرھار ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئۆتكۈر تەسىرلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئاۋۋال كېسەللىك ماددىسىنى يېغىش ۋە ئۇلارنى پىشۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىيافى ئەيبەزنى ئىشلىتىش، ئىششىق يېرىلىپ، ئېغىز ئالغاندىن كېيىن، ئوشەق، ئەنزىرۇت ھەربىرى 14 گرام، كۇندۇر، زەپەر ھەربىرى ئالتە گرامدىن دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ ھۆلبە لۇئابى بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف تەييارلاپ كۆزگە تارتىش ياكى شىيافى ئابار (قوغۇشۇن شىيافى) لارنى ئىشلىتىش لازىم.

## يىگىرمە بىرىنچى پەسىل    كۆز بىرىكتۇرگۇچى پەردە ئۆسۈپ قېلىش

توثة

**تونۇش:**

بىرىكتۇرگۇچى پەردە ئۆسۈپ قېلىش بولسا بۇ كۆزگە ئۇنگەن بىر پارچە گۆشتىن ئىبارەت.

**ئالامىتى:**

ئۇنگەن گۆش يۇمشاق، رەڭگى قىزىل قارىغا مايىل، كۆپرەك كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا يېقىن جايدا ئۆسۈپ چىقىدۇ. كۆزنىڭ بۇلۇڭىدىن چىققان قىزىل تومۇرلار ئۆسۈپ قالغان گۆشكە تۇتاشقان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال كېسەللىك ماددىسىغا مۇۋاپىق دورىلار بىلەن ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق بەدەندىن كېسەللىك ماددىسىنى ئوبدان تازىلاش كېرەك. سۈرگە دورا بىرقانچە قېتىم تەكرار - تەكرار بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىك كۆپرەك قايتا قوزغىلىدۇ.

تەكرار - تەكرار سۈرگۈ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن گۆشنى تەجرىبىلىك كۆز دوختۇرلىرى قائىدە بويىچە ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش لازىم.

## يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل    كۆز ياشاڭغىراش

دمعه

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل كېسەللىك ھالىتى بولۇپ، كۆز ئىختىيارسىز ھالدا داۋاملىق ياش بىلەن ھۆل بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قاپاقنىڭ يىرىكلىكى ياكى تەتۈر كىرپىككە ئوخشاش

ھادىسىلەر كۆرۈلمەيدۇ. بەزىدە ياشاڭغىراش شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، داۋاملىق ياش ئېقىپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىك ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ، كۆزنىڭ قارچۇقىغا ئاق پەيدا بولىدۇ ياكى باشقا كۆز كېسەللىكلىرىگە سەۋەب بولىدۇ. بەزىدە كىرپىكلەر تۆكۈلۈپ ۋە يېپىلىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىك ئىككى خىل بولۇپ، بىرى تۇغما كۆز ياشاڭغۇراش بولۇپ، تۇغما كۆز ياشاڭغۇراشنىڭ چارىسى قىيىن. يەنە بىرى، كېيىن پەيدا بولغان كۆز ياشاڭغۇراش بولۇپ، بۇنى داۋالاشقا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىرقانچە خىل بولىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان كۆز ياشاڭغىراش. كۆزنىڭ ھەرىكەتلىرى يېنىك ۋە تېز بولىدۇ، ئاققان ياش قىزىق ۋە سۇيۇق بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ماددىدىن بولغان بولسا، كۆزنىڭ تومۇرلىرى قىزىل ۋە كۆپكەن بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنۈپ بايان قىلىنىدۇ.

### 1. كۆز ئوپېراتسىيە سەۋەنلىك سەۋەبىدىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش:

علاج دمعه جراحی

كۆز بۇلۇڭىنىڭ گۆشى ئازراق كېسىلگىنىنى داۋالاش ئوڭايراق، پۈتۈنلەي كېسىلىپ كەتكىنىنى ياكى كۆپرەك كېسىلىپ كەتكىنىنى داۋالاش قىيىنراق. لېكىن بۇ تىكىش ئارقىلىق ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

زورۇرى ئەسپەر ۋە شىيافى زەپەرلەرنى كۆزگە تارتىش؛ سەبرە، كۇندۇر، مامشالارنى ۋە بۇلاردىن باشقا گۆش ئۇندۇرىدىغان، جاراھەت پۈتتۈرىدىغان، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدىغان دورىلارنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

شىيافى زەپەرنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: زەپەر، سۇمبۇل تىپ ھەر بىرى ئالتە گرامدىن، پىلپىل ئۈچ گرام، ئاقمۇچ بىر گرام، نۆشۇدۇر ئىككى گرام، موزا توققۇز گرام، كاپۇر 0.8 گرام، بۇ يەتتە خىل دورىنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، گۇلاب بىلەن خېمىر قىلىپ، شىياف تەييارلاپ كۆزگە تارتىلىدۇ.

### 2. تۇشۇپ قىلىشتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش:

علاج دمعه امتلائی

ئالدى بىلەن كېسەللىك ماددىسىدىن كۆز ۋە مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن سۈرگە بېرىش لازىم.

مىڭە تازىلانغاندىن كېيىن يۇيۇلغان تۇتىيا ھىندىنى ۋە شۇ كېسەللىككە مۇناسىپ كېلىدىغان باشقا سۈرمىلەرنى كۆزگە تارتىش لازىم. تۇتىيا ھىندى، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ غورا سۈيى ياكى سىماق سۈيى بىلەن يۇمشاق ئېزىپ سالايە قىلىپ قۇرۇتۇپ كۆزگە تارتىش لازىم.

### 3. سوغۇقتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش:

علاج دمعه بارد

كۆزنىڭ ۋە مېڭىنىڭ مىزاجى سوۋۇغانلىقتىن پەيدا بولغان كۆز ياشاڭغىراش، سوغۇقتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراش ۋە ماددىدىن بولغان دەپ ئىككى خىلدۇر: بىرى ماددىلىق بولۇپ، بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلىپ ئۆتكەن تولغانلىقتىن بولغان كۆز ياشاڭغىراشقا كىرىدۇ. يەنە بىرى ساددا يەنى ماددىسىز بولۇپ، سوغۇقتا ئۇچرىغان سەۋەبتىن كۆز ياشاڭغىرايدۇ، بۇنىڭغا ماددىنىڭ دەخلىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: تاشقى تەرەپتىن باش سوغۇققا ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن كۆز قاتلاملىرى ۋە ھۆللۈكلەر سىقىلىپ سىرتقا ياش چىقىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللار قاتتىق سوغۇق كۈنلىرىدە بولۇپمۇ ئەتىگەندە كۆرۈلىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى كۈلگەنلىكتىن پەيدا بولغان كۆزدىن ياش كېلىشمۇ شۇنىڭغا كىرىدۇ. چۈنكى كۆپ كۈلگەن ۋاقىتدا باشنىڭ ۋە كۆكرەكنىڭ بوشلۇقلىرى كېڭىيىدۇ. شۇ ئەزالارنىڭ پەيلىرى سوزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆز قاتلاملىرى سىقىپ، ئارتۇق ھۆللۈكلەر ياش بولۇپ چىقىدۇ.

ئىمتىلا قايسى خىل سەۋەبتىن بولغان بولسۇن ئالدى بىلەن ماددىنى تازىلاش لازىم. قالغان خىلدىكىلىرىنى داۋالاشتا سەۋەبىنى يوقاتسا كۇپايە قىلىدۇ.

مىزاجى ھۆل كىشىلەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ياشاڭغىراش كېسەللىكى ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورا مەنپەئەت قىلىدۇ.

قارىمۇچ، ھىندى تۇزى ھەر بىر ئۈچ گرامدىن، پىلپىل ئالتە گرام، كۆپۈكى دەريا ئىككى گرام، سۈرمە ھەممە دورىلارنىڭ ئۈچ ھەسسىسى بويىچە ئېلىپ، ھەممىنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگەن ـ كەچتە كۆزگە تارتىلىدۇ.

سۈرمە باسلىقۇن، سۈرمە رۇشنائى سوغۇق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

كۆز سېرىقئەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان كۆز ياشاڭغىراش ئۈچۈن:

سېرىق ھېلىلىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۇرۇقى، تاشتۇزى، موزا قاتارلىقلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، يىپەك رەخت بىلەن تاسقاپ كۆزگە تارتسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

### 4. ئىسسىقتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاش:

علاج دمعه حار

كۆزنىڭ ھەرىكەتلىرى يېنىك ۋە تېز بولىدۇ. ئاققان ياش قىزىق ۋە سويۇق بولىدۇ.

ئەگەر ماددىدىن بولغان بولسا كۆزنىڭ تومۇرلىرى قىزىل ۋە كۆپكەن بولىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان كۆز ياشاڭغۇراشنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى سۇرمە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. يۇيۇلغان شادىنەچ، يۇيۇلغان تۇتىيا، مەرقىيىار (ئالتۇن چىرىمتال)، ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، مەرۋايىت، بىخ مارجان ھەر بىرى ئىككى گرامدىن، شىيافى مامشا، سەبرى ھەر بىرى بىر گرامدىن، مەزكۇر يەتتە خىل دورىنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ سۇرمە قىلىپ كۆزگە تارتىلىدۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل كۆز ياش كانالچىلىرى توسۇلۇش

## سدمجرائی دمعه

**ئالامىتى:**

كۆزدىن بىرقانچە تامچە ياش ئاقىدۇ، توختايدۇ، بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىرقانچە تامچە ياش ئاقىلىدۇ، يەنە توختايدۇ.

**سەۋەبى:**

ئۈستۈنكى قاپاق بىرئاز سەمىرىپ، بۇ قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپى تېشىغا بىرئاز چىقىپ قالىدۇ. قاپاقنىڭ شۇ چىقىپ قالغان يېرى كۆزدىكى باشقا پەردە قەۋىتىگە ياكى ئاستىنقى قاپاققا تەگكەن ۋاقتىدا بىر - بىرىگە سۈركىلىش ئارقىلىق ياش ئاقىدۇ.

**داۋالاش:**

كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاش، يەل قوزغايدىغان غەلىز تاماقلاردىن ساقلىنىش، تاماقنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش مەقسىتىدە دورا ئىشلىتىش؛ مامشا، مۇرمەككى، زەپەرلەرگە ئوخشاش ماددىنى تارقاتقۇچى دورىلارنى قاپاققا چېپىش ۋە شۇلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش؛ بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن سۇرمە باسلىقۇن، شىيافى ئەھمەرگە ئوخشاش ياش ئاققۇزغۇچى، ھۆللۈكلەرنى تارقاتقۇچى دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل كۆز غۇۋالىشىش

## کدرت بصر

**تونۇش:**

كۆز غۇۋالىشىش كۆز ئالدىدا چاڭ - توزان پەيدا بولغاندەك تۇيۇلۇشتىن ئىبارەت

بىر خىل كېسەللىك ھالىتىدۇر.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خاراكتېرلىك بۇزۇق بۇخاراتلار كۆز ئەتراپىغا ئۆرلەپ چىقىپ، قويۇقلىشىپ كۆز قاتلاملىرىنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ شۇ يەردە توسۇلۇپ قېلىشتىن كۆز غۇۋالىشىش پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆزگە قۇرۇق رەمەد (كۆز بىرىكتۇرگۇچى پەردىسىنىڭ قۇرۇق ياللۇغى) كە ئوخشاش بىر ھالەت پەيدا بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خاراكتېرلىك بۇخاراتلار كۆتۈرۈلۈش ئارقىلىق كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. كۆرۈنگەن نەرسىلەر گوياكى بۇلۇت ۋە تۇتۇننىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆز قاتلاملىرىنىڭ رەڭگى قىزىللىق ۋە تۇتۇقلۇققا ئۆزگىرىدۇ. كۆزنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئېغىرلىق ۋە سۇسلۇق كۆرۈلىدۇ. كېسەل كۆزنى ئەسلى ھەجمىدىن چوڭىيىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، كۆز قىچىشىدۇ. قىزىق سۇ بىلەن يۇيۇلسا قىچىشىش پەسىيىدۇ ۋە كۆز ھەرىكەتلىرى يەڭگىللىشىدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئايارەجلەر ۋە مۇناسىپ قايىنتىلما (كاشكاپ) لارنى بېرىش لازىم. مۇناسىپ دورىلار بىلەن غار - غار قىلىش، ئاندىن پىلپىل، مامىرانچىن ھەر بىرى ئىككى گرامدىن، سەبرە سۇقۇتى يەتتە گرام، سېرىق ھېلىلە، كۆپۈكى دەريا، مۇرمەككى، روسسوت ھەربىرى ئۈچ گرامدىن دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، سۇرمىگە ئوخشاش كۆزگە تارتىش، شومشا، ئىكلىلمەلىك، بابۇنىلەرگە ئوخشاش ماددىنى يۇمشاتقۇچى دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

## يىگىرمە بەشىنچى پەسىل كۆزگە يات نەرسە كىرىپ كېتىش قەزى

**سەۋەبى:**

كۆزگە كۆپىنچە توپا، خەس - خەشەكلەرگە ئوخشاش نەرسىلەر ياكى پاشا، كۇمۇت قاتارلىق يات نەرسىلەر كىرىپ كېتىش بولۇپ، بۇنى ئىككى تۈرگە ئايرىپ بايان قىلىمىز.

1. توپا، خەس - خەشەكلەرنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشى

چاڭ - توزانغا ۋە شامالغا ئۇچرىغاندىن كېيىن كۆزگە بىر نەرسە تارقاتقاندەك بولۇپ، ياش ئاقىدۇ. كۆزگە يات بىر نەرسە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

2. پاشا، كۇمۇتىغا ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك جانىۋارنىڭ كۆزگە كىرىپ

كەتكەنلىكى بولۇپ، بۇ كۆزنىڭ قارىقىغا چاپلىشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆزدە قاتتىق ئاغرىش ۋە ئېچىشىش پەيدا بولىدۇ. كۆز قىزىرىدۇ.

**داۋالاش:**

كۆزگە چاڭ ـ توزان، خەس ـ خەشەكلەر كىرىپ كەتكەن بولسا كۆزنى ئۇۋۇلاشتىن قەتئىي ساقلىنىش، قىزىق سۇ بىلەن كۆزنى يۇيۇش، ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى كۆزگە تېمىتىش لازىم. بۇ چارە ـ ئۇسۇللار بىلەن كۆزگە كىرگەن چاڭ ـ توزانلار چىقمىسا، قاپاقنى قايرىپ تۇرۇپ، كۆزنىڭ تېگىگە ئىككى قاپاقنىڭ ئاستىغا قاراش، بىر نەرسە كۆرۈلسە پەلكۈچنىڭ ئۇچى بىلەن ئېلىش لازىم ياكى بىرئاز پاختىنى كۆزنىڭ ئىچىگە قويۇپ، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئېلىنسا يات جىسىم پاختىغا ئېلىشىپ چىقىدۇ.

كۆزگە كىرگەن نەرسە ئۇستۇنرەك كۆز پەردىسىدە ياكى قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بولۇپ، پاختىغا يېپىشماي قېپقالغان بولسا، بۇنى كەندىردىن توقۇلغان رەخت ياكى باشقا نەرسە بىلەن ئاستا ئېلىش لازىم.

كۆزگە كىرگەن نەرسە ئىچكىرىرەك كىرىپ كەتكەن بولۇپ، يۇقىرىقى چارە ـ ئۇسۇللار بىلەن چىقمىسا، نىشاستىنى يۇمشاق ئېزىپ، كۆزگە سېلىپ بىرئاز ۋاقىت قويۇلسا، ئۇ نەرسە نىشاستىگە چاپلىشىپ، ئۆز جايىدىن ئاجرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ پاختا بىلەن ئاستا ئېلىنىدۇ. كۆپىنچە كۆزگە چۈشكەن نەرسە مەلۇم بولمايدۇ، بىر پارچە كەندىر رەختنى كىچىك بارماق ئۇچىغا ئوراپ، قاپاق ئىچىدە بارماقنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئايلاندۇرسا چىقىدۇ.

كۆزگە چۈشكەن يات نەرسە بۇغداي ياكى ئارپا قىلتىرىقى ياكى شىشە پارچىسى ۋە شۇلارغا ئوخشاش يىرىك ۋە قاتتىق نەرسە بولۇپ، كۆز ئىچىگە چاپلىشىۋالسا، بۇنى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن ئېلىش لازىم. ئارقىدىن ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى تېمىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەگەر كۆزگە پاشا، كومۇتىغا ئوخشاش يات نەرسىلەر كىرىپ كەتكەن بولسا بۇ نەرسىلەرنى چىقىرىشنىڭ ئۇسۇلى گىلى پارىسىنى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە سېلىپ، بىر سائەتكىچە تېڭىپ قويۇلسا، مەزكۇر جانىۋار گىلىغا يېپىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى پاختا بىلەن ئېلىۋېتىش ياكى ئاۋۋال كۆزگە ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن قىرلىق، ئىچى كاۋاك نەيچە ياكى سۈرمە چوكىسى بىلەن كۆزگە قاتتىق پۈۋلەنسە، جانىۋار ئۆزىنىڭ چاپلىشىۋالغان جايىدىن بوشايدۇ. ئاندىن كۆزنىڭ قارچۇقى سۈرمە چوكىسىنىڭ قىرى بىلەن يۇمشاق قىرىلسا چىقىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

گىلى پارىسى بىرخىل لاي بولۇپ، كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۇيىدۇ. بۇنى پارىچە گىلى سەرشۇي دەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. ئاق، كۆككە مايىل، قىزىلغا مايىل، ھەممىدىن ياخشىراقى قىزىلغا مايىل بولغىنىدۇر.

## يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل   كۆزگە زەربە تېگىش
## ضربه و سقطه چشم

**ئالامىتى:**

كۆزگە بىر نەرسە تېگىپ زەخىملەنگەنلىكتىن، كۆزدە قىزىللىق ياكى ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

دورىلارنىڭ چىلانغان سۈيى مەسلەن: ئىتئۈزۈمى، نىلۇپەر گۈلى، چىلان، ئەينۇلا، بىنەپشە ئۇرۇقى ئېلىنغان ۋاسالغۇ، قىزىلگۈل، ئاقلەيلى ئۇرۇقى، ھەمشە باھار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئىتئۈزۈمنىڭ ئەرقىگە بىر كېچە چىلاپ، ئاندىن سىقىپ، سۈزۈپ بىنەپشە شەربىتى ۋە تەرەنجبىن بىلەن تاتلىقلاشتۇرۇپ ئىچىش ۋە مېۋىلەرنىڭ سۈلىرى ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش لازىم.

ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويۇش، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددا توسۇلۇپ، ئاغرىقى پەسىيىپ، قىزىللىقى كۆتۈرۈلۈپ كۆكلىكى قالغان بولسا، يۇمغاقسۈت، يالپۇز، قارىمۇچنىڭ ئارىسىدىن چىققان تاش، زەرنىخلارنى ئېزىپ چېپىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن كۆكلىكى يوقىلىدۇ.

تىغ ئارقىلىق ياكى تاش ۋە باشقا نەرسىلەر تېگىش ئارقىلىق تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەت جاراھەتلەنگەن بولسا بۇنى داۋالاشتا ماددىنى توسۇش ئۈچۈن ئاۋۋال سۈرگە بېرىش، قانىغان بولسا، قاننى تازىلاپ بولۇپ، يۇيۇلغان شادىنەجنى بىرئاز كاپۇر بىلەن يۇمشاق ئېزىپ جاراھەتكە قويۇپ، چىڭ تېڭىۋېتىش كېرەك.

ئەگەر قان چىقمىغان بولسا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇتىيانى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە سېپىش لازىم.

كېسەللىك ماددىسىنى توسۇش ئۈچۈن پات ـ پات كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا سۈرگە بېرىش كېرەك. بۇ جاراھەت يىرىڭلاپ زەرداب چىقىپ، كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرىمۇ توختاپ بولمىغۇچە كۆزدىكى يىرىڭلىق جاراھەتكە ئىشلەتكەن، دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل   كۆز جاراھىتى
## قروح عين

**سەۋەبى:**

ئەزانى كۆيدۈرگۈچى، ئېچىشتۇرغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار كۆز قەۋەتلىرىگە

چۈشۈپ، بىر پۈتۈن ئەزانىڭ بۆلۈنۈشىنى پەيدا قىلىپ يىرىڭلىق جاراھەتكە ئايلىنىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆزدە قاتتىق ئاغرىش، لوقۇلداش، بىر نەرسە قادىلىش، كۆپ ياش ئېقىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

بۇ يەردە كۆزنىڭ تۇتاشتۇرغۇچى قەۋىتى، رەڭلىك قەۋىتى، مۇڭگۈزسىمان قەۋەتتىكى يىرىڭلىق جاراھەتنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

تۇتاشتۇرغۇچى قەۋىتىدىكى يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ ئالامىتى: كۆزنىڭ ئېقىدا قىزىل چېكىت پەيدا بولىدۇ. ئەگەر قىزىللىق كۆز ئېقىنىڭ ھەممە يېرىدە ئومۇمىيۈزلۈك بولسا، باشقا يەرلىرىگە نىسبەتەن مەخسۇس بىر جاي قىزىلراق كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈنىدۇ. تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەتتىكى يىرىڭلىق جاراھەت چوڭقۇر بولسا، بۇ «كودۇمبا» دەپ ئاتىلىدۇ.

رەڭلىك قەۋەتتىكى يىرىڭلىق جاراھەتنىڭ ئالامىتى: كۆزنىڭ قارچۇقىغا ئۇدۇل قىزىل تومۇرلار بىلەن تولغان قىزىل چېكىت كۆرۈنىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسىنىڭ مىقدارى كۆپ، ئۆزى ناچار بولسا، مۇڭگۈزسىمان پەردىنى يېرىۋېتىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئاز بولۇپ، ناچار بولمىسا، ئۇ ھالەتتە مۇڭگۈزسىمان پەردىنى يارماستىن تارقاپ كېتىدۇ.

كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردىدىكى يىرىڭلىق جاراھەتنىڭ ئالامىتى: كۆزنىڭ قارچۇقىدا ئاق چېكىت پەيدا بولىدۇ. كۆز مۇڭگۈزسىمان قەۋىتىدىكى يىرىڭلىق جاراھەتنىڭ ئاق كۆرۈنۈشى مۇڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ ئاستىدىكى رەڭلىك قەۋەتكە ئوخشاش رەڭدە كۆرۈنىدۇ.

كۆز مۇڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ جاراھەتلىرى يەتتە خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆتى تاشقى تەرەپتە، ئۈچى ئىچكى قاتلاملىرىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

**1. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتنىڭ تاشقى تەرىپىگە يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولۇشنى داۋالاش:**

*علاج قروح طبقة قرنية خارجي*

بۇ كېسەللىك ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، كۆز قارچۇقىنىڭ تاشقى تەرىپىگە تۈتۈنگە ئوخشاش كەڭ چېكىت پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، بىرىنچى خىلىغا نىسبەتەن چوڭقۇرراق ۋە ئاقراق چېكىت پەيدا بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، كۆز قارچۇقىنىڭ بىر تەرىپىگە چېكىت پەيدا بولۇپ، تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەتتىن بىر ئاز ئورۇننى ئالغان بولىدۇ. بۇ جاراھەتنىڭ تولاراقى كۆزنىڭ قارچۇقىدا،

ئازراقى كۆزنىڭ ئېقىدا بولۇپ، قارچۇقىدىكى ئاق كۆرۈنىدۇ. كۆز ئېقىدىكى يىرىڭلىق جاراھەت قىزىل كۆرۈنىدۇ.

تۆتىنچى خىلى، كۆزنىڭ قارچۇقىغا ئاق قىلغا ئوخشاش يارا پەيدا بولۇپ، قىل پارچىلىرىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكى تۇرىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## 2. كۆز مۇڭگۈزسىمان پەردە قەۋەتىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولۇش

علاج قروح طبقه قرنيه داخلى

بۇ كېسەللىك ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى خىلى، يېرىڭلىق جاراھەت چوڭقۇر، رەڭگى ساپ، ئاق قوناق چوڭلۇقىدا، قاسىرىقى ئاز بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، يېرىڭلىق جاراھەت بىرىنچىسىگە نىسبەتەن كەڭرەك، ئەمما دۆڭرەك كېلىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، يېرىڭلىق جاراھەت يىرىك كۆپ، قاسىرىقى كۆپرەك بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك يىرىڭلىق جاراھەتنى داۋالاشتا سېرىق ھېلىلە، تەمرى ھىندى، خىيارشەنبەرلەرنىڭ قايىنىتىلمىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرگىلەر ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش لازىم.

مەتبۇخى ھېلىلەنى ئازراق ئايارەج بىلەن كۈچلەندۈرۈپ بېرىلسە تېخىمۇ ياخشىراق، سۈرگىنى بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر يىرىڭلىق چاقا كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا يېقىنراق بولسا، يىرىڭ كۆزنىڭ بۇلۇڭىغا يىغىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇ تەرەپنى يۇقىرىغا كەلتۈرۈپ يېتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا يىرىڭ كۆزنىڭ بۇلۇڭىغا يىغىلىپ، كۆزنى ئېچىشتۇرمايدۇ.

ئەگەر بۇ يىرىڭلىق چاقا كۆزنىڭ قۇلاق تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا يېقىن بولسا، يىرىڭ شۇ تەرەپتىن چىقىپ كەتسۇن ئۈچۈن، شۇ تەرەپنى پەسكە قىلىپ يېتىش لازىم.

قاتتىق توۋلاش، قەي قىلىش، چۈشكۈرۈش، تەكيىنى پەس قويۇش، ئېغىر تاماقلارنى ئىستېمال قىلىش زىيانلىق، شۇڭلاشقا بۇلاردىن ساقلىنىش لازىم.

ئەگەر يىرىڭلىق چاقا كۈچلۈك، ماددىسى ئىسسىق بولسا، ئېچىشتۇرسا، ئاغرىتسا، شىيافى ئەبيەزنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىدا ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ كۆزگە تارتىش لازىم. يالغۇز سۈتنى تېمىتىسىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر يىرىڭلىق چاقا تېز پىشمىسا يۇيۇلغان شومشا، يۇيۇلغان زىغىر ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىنى ئىكلىلمىلىكنىڭ سۈيى بىلەن كۆزگە تېمىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن چاقا پىشىپ يىرىڭ چىقىدۇ. يىرىڭى سىرتقا چىققاندىن كېيىن يىرىڭلىق چاقىنى تازىلاش ئۈچۈن

قوغۇشۇن شىيافى، زورۇرى ئەنزىرۇت ئىشلىتىش لازىم.

زورۇرى ئەنزىرۇتنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

نىشاستە 12 گىرام، پىششىقلانغان ئەنزىرۇت، قوغۇشۇن، سەپىداپ كاشىغىرى ھەر بىرىنى بىر گىرام ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، قائىدە بويىچە كۆزگە تارتىلىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ قويۇق بولۇپ، ئاسانلىقچە چىقمىسا، بۇ ۋاقىتتا يىرىڭ سۇيۇلۇپ، ئوڭاي چىقسۇن ئۈچۈن، يۇيۇلغان ھۆلبىنىڭ سۈيى ۋە ھەسەلنى كۆزگە تېمىتىش، يىرىڭلىق چاقا تازىلانغاندىن كېيىن شىيافى كۇندۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىڭلىق چاقىنىڭ ئورنىنى پۈتتۈرۈپ گۆش ئۈندۈرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش؛ يىرىڭلىق چاقا پۈتكەندىن كېيىن شىيافى ئەھمەرلەييىننى ئاندىن كېيىن شىيافى ئەنبەرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

ئەگەر بۇ دورىلاردىن كېيىن ھاجەت بولسا، شىيافى ئەخزەرنى كۆزگە تارتسا بولىدۇ.

ئەگەر يىرىڭلىق چاقا ياخشىلانغاندىن كېيىن يىرىڭلىق چاقىنىڭ ئىزى قالسا، ئۇ ھالەتتە چېچەك ئىزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

ئەگەر يىرىڭلىق چاقا ئۆرلەپ، پۈلتىيىپ قالسا، بۇ ھالەتتە كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قورۇغۇچى، قاتۇرغۇچى دورىلار بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

## يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل كۆزگە ئاق چۈشۈش

## بياض چشم

**تونۇش:**

كۆزگە ئاق چۈشۈش ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئاق مۈڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ تاشقى تەرىپىگە ئاق چۈشۈپ، سۇيۇق ۋە شالاڭ بولىدۇ. يەنە بىرى، ئاق مۈڭگۈزسىمان قەۋەتنىڭ تېگىدە ئاق پەيدا بولۇپ، قويۇق كېلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچى، ئاۋۋال كۆزگە يىرىڭلىق جاراھەت (قۇرۇھ) پەيدا بولۇپ، كۆز ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يۇمۇقلۇق تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ناچار ماددىلار قۇيۇلۇش، ماددىلار تارقىماسلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى، كۆز ئاغرىقى (رەمەد) بولۇپ، بۇ كۆز ئاغرىقىنى داۋالاشتا خاتالىق يۈز بېرىش بىلەن ماددا قويۇلۇپ قېلىپ تارقاپ كەتمەيدۇ. كۆز قاتلاملىرىغا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. كۆپلىگەن ئارتۇق كېرەكسىز ماددىلار مۈڭگۈزسىمان قەۋەتكە چۈشۈپ، ئاق پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئۈچىنچى، يېرىم باش ئاغرىقى (شەقىقە) ، قاتتىق ئازابلىغۇچى باش ئاغرىقى كۆزدە ئاق پەيدا قىلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر سەۋەبى تۈگىتىلمىگەن بولسا، ئاۋۋال سەۋەبىنى تۈگىتىشكە تىرىشىش لازىم. سەۋەبى تۈگىتىلگەن بولسا ئۇنى داۋالاشتا سۈرگە بېرىشكە ھاجەت بولمايدۇ. كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدىغان ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن ھارارەت كۆپىيىپ ماددا قويۇقلىشىپ كېتىش خەۋپى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۈرگە بېرىلسە ياكى كۆزگە شىياف دورىلار تارتىلسا ئاقنى يوقىتىدۇ.

ئەگەر سەۋەبى تۈگىتىلگەندىن كېيىن يەڭگىل ئاق قالغان بولسا، يالغۇز شاقاقۇل نۇئېمانى ئۇسارىسى ياكى قەنتۇرىيۇن ئۇسارىسىنى ھەسەل بىلەن كۆزگە تارتىلسا ئاقنى يوقىتىدۇ.

ئەگەر ئاقلىق قويۇق بولسا، ئۇنداقتا كۆزگە كۈچلۈك دورىلارنى، مەسىلەن: كۆيدۈ- رۈلگەن مىس، توغرىغۇ، نۈشۈدۈر، تاشتۈز، كۆپۈكى دەريا قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار- نى تۈۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىشلىتىش لازىم.

كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردىن زورۇرلارنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مۇنچىغا بېرىش، تاكى يۈزى قىزارغىچە قايناق سۇ ھورىغا كۆزنى ئېچىپ تۇتۇش ۋە تەرلىنىش لازىم. ئاندىن بۇ دورىلارنى ئىشلەتسە ئوبدان تەسىر بېرىدۇ. ئەمما كۆزگە كېسەللىك ماددىلىرى قويۇلۇشنىڭ خەۋپى بولسا، ماددىلارنى تازىلاشتىن ئىلگىرى دورا ئىشلەتمەسلىك لازىم.

كۆزگە ئىشلىتىدىغان كۈچلۈك دورىلارنى مۇنداق ئىشلىتىش لازىم.

توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنى خالىغان مىقداردا ئېلىپ بىر قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە تاتلىق سۇ قۇيۇپ، تا سۈيى سېسىپ بەتبۇي بولغۇچە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. ئاندىن شاكىلىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ، يۇيۇپ يەنە شۇ قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە يېڭىدىن سۇ قۇيۇپ، سۇ سېسىغىچە يەنە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. ئاندىن يەنە ئېلىپ يۇيۇپ، مەزكۇر سۇنى تۆكۈۋېتىپ يەنە يېڭىدىن سۇ قۇيۇپ يۇقىرىقىدەك ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. شۇ ئۇسۇل بىلەن تاكى سۇ سېسىپ بەتبۇي بولمايدىغان ھالەتكە يەتكەندە شاكاللارنى ئېلىپ، قۇرۇتۇپ، يۇمشاق ئېزىپ، سۈرمىگە ئوخشاش قىلىپ شېكەر قوشۇپ كۆزگە تارتىلسا ئاقنى ئالىدۇ ياكى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى، كونا قومۇشۇن بوغۇمى، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ، تۆشۈكسىز مەرۋايىت، شىۋاق، كۆپۈكى دەريا، سالمىنىڭ كۆيدۈ- رۈلگەن مايىقى، كۆمۈشنىڭ كۆشتىسى، شادىنەج، كەرگەس قانىتىنىڭ كۈلى، مارجان يىلتىزى (بىخ مارجان) ھەر بىرى بىر ھەسسىدىن، كۆك بىلەي تېشى تۆتتىن بىر ھەسسە، شەپەرەڭنىڭ مايىقى يېرىم ھەسسىدىن ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ،

يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ سۈرمىگە ئوخشاش هالەتكە كەلتۈرۈپ ئەتىگەن ـ كەچتە كۆزگە تارتسا كۆزدىكى ئاقنى ئالىدۇ.

شەپەرەڭنىڭ مايىقىنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تارتسا ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنىڭ كۇشتىسىنى باراۋەر مىقداردا ئاق شېكەر بىلەن يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تارتسا ئاقنى يوقىتىدۇ ياكى قىلىورغا (سۇسىمار) كۆيدۈرۈلگەن تۇخۇم شاكىلى 10 گرامدىن قەنتەرىيون 16 گرام. مەرۋايىت، زەڭگار، بىخ مارجان، بۆرە ئەرمىنى ئۈچ گرامدىن، ئۆشنە ئىككى گرام، تۇتىيا سەككىز گرام، ئىپاردىن 0.5 گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە لايىقلاشتۇرۇپ ئۇپىدەك يۇمشاق سوقۇپ، سۈرمىدەك كۆزگە تارتسا كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

## يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل كۆز رەڭلىك پەردە قەۋىتىنىڭ پۇلتىيىپ چىقىپ قېلىشى
## مورسرج

**تونۇش:**

بۇ، يىرىڭلىق مۇدۇر ياكى يارا ـ جاھارەتلەر سەۋەبى بىلەن مۈڭگۈزسىمان قەۋەت يېرىلىپ، ئاستىدىن رەڭلىك قەۋەتنىڭ سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىپ قېلىشىدىن ئىبارەت. ئومۇمىي ئاتالمىسى مۇرسەرەج (چۇمۇلە بېشى) دېيىلىدۇ. رەڭلىك پەردىنىڭ چىقىپ قېلىشى چۇمۇلە بېشى چوڭلۇقىدا بولسا «چۇمۇلە بېشى» (رەئىسۇننەملى) دېيىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆزنىڭ قارچۇقى كىچىك ۋە سىڭايان بولۇپ قالىدۇ. رەڭلىك قەۋەت پۇلتىيىپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى يۇمىلاقلىق ھالەتتە بولمايدۇ.

**داۋالاش:**

مۇرسەرەجنى داۋالاشتا سۇسلۇق قىلىپ كىچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ. مۈڭگۈز قەۋەت يېرىلغان يېرىنىڭ كاناللىرى قېلىن، توم بولۇپ، داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدىغان ھالەتكە يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇنراق داۋالاپ، تاشقىرى چىقىپ قالغان يېرىنى ياندۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

ئۆزى قابىز، لېكىن يىرىك ئەمەس دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم. بۇ خىلدىكى دورىلار كۆزنىڭ ئەزالىرىنى يىغىش ۋە قاتۇرۇش ئارقىلىق يېرىقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسىدۇ. رەڭلىك قەۋەتنى سىرتقا چىققىلى قويمايدۇ. مەسىلەن: بۇ خىلدىكى دورىلار: يۇيۇلغان شادىنەج، كۈمۈش ئىقلىمىياسى (كۈمۈش ئۈپپىسى)، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ۋە شۆلارغا ئوخشاش دورىلاردۇر. مەزكۇر كېسەللىك ئۈچۈن ھەممىدىن مەنپەئەتلىكرەك دورا

كۆھلى ئىكسىردۇر. (ئۇنىڭ تەركىبى سۈرمە، شادىنەج ھەر ئىككىلىسى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ يىپەك دەرەختىن ئۆتكۈزۈپ كۆزگە تارتىلىدۇ)

رەڭلىك قەۋەتنىڭ يۇلتىيىپ چىقىپ قالغان يېرىنى ياندۇرۇش ئۇسۇلى: كۆز چانىقىغا باراۋەر لاتىنى يۇمىلاق قىلىپ يۆگەپ كۆزگە قويۇپ، ئۈستىگە 25 گرام مىقداردا بىر پارچە ياپىلاق قوغۇشۇننى قويۇپ تېڭىلىدۇ ياكى قوغۇشۇننىڭ ئورنىغا كىچىك بىر خالتىنى يۇمشاق سۈرمە بىلەن تولدۇرۇپ قويسا ياخشىراق بولىدۇ. چۈنكى سۈرمە يۇمشاق بولىدۇ ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

يېرىلغان يەرنىڭ قىرلىرى قېلىن ۋە يىرىكلىشىپ قالسا، ياخشى بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئارتۇق يېرىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش مۇمكىن، ئەمما بۇ بەك خەتەرلىك، شۇڭا بۇنى كېسىشتە قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

## ئوتتۇزىنچى پەسىل     ئالغايلىق
## حول

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئادەم ئىككى كۆزى بىلەن بىر نەرسىگە قارىسا، ئۇ نەرسە ئىككى كۆرۈنىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆز قارچۇقى ئىچىدىكى مۇزسىمان ھۆللۈككە مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەردىندۇر.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئىككى خىل بولۇپ، بىرى تۇغما بولىدۇ، بۇنىڭغا چارە قىلىش قىيىن. يەنە بىرى تۇغۇلغاندىن كېيىن يېڭى پەيدا بولغان بولىدۇ. بۇ كىچىك بالىلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ، چوڭلاردا قىسمەن ئۇچرايدۇ.

1. كىچىك بالىلاردا ئۇچرايدىغىنى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل سەۋەبى بار.

1) كىچىك بالىلاردا تۇتقاقلىق كېسەل پەيدا بولۇش بىلەن مېڭىنىڭ پەردىلىرى سوزۇلىدۇ ۋە يىغىلىدۇ. كۆز قاتلاملىرى ۋە ئىچى كاۋاك نېرۋا ھەم تارتىلىدۇ. كۆز يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ. تۇتقاقلىق كېسەل يوقالسىمۇ، كۆزنىڭ بۇ شەكلى داۋاملىق قېپقالىدۇ.

2) ئانا بالىنى ئېمىتىشتە، ياتقۇزۇشتا ۋە ئۇخلىتىشتا نامۇۋاپىق ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن: بالىنى داۋاملىق بىر تەرىپچە ياتقۇزۇش، بىر تەرەپتىنلا ئېمىتىش، بالا داۋاملىق ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بىر تەرەپكىلا قاراپ تۇرۇش ئارقىلىق بالىنىڭ كۆزى بىر تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ.

3) قاتتىق ئاۋاز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇشتۇمتۇت بالىنى ھەرىكەتلەندۈردۇ. شۇ سەۋەب بىلەن بالا شۇ تەرەپكە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قاراپ قېلىپ، بالىنىڭ كۆزى شۇ تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بالا شۇ تەرەپكە قارىسا ئارام ئالىدۇ، باشقا تەرەپكە قاراشنى خالىسا، كۆزنىڭ پەردىلىرى، پەيلىرى سوزۇلۇش ئارقىلىق ئاغرىيدۇ، قاراشتا قىينىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ كۆزى شۇ شەكىلدە قېپقالىدۇ.

2. چوڭ كىشىلەردە ئۇچرايدىغان ئالغايلىق يەئىنى ئەلەس قوش كۆرۈش كېسەللىكى بولۇپ، بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل سەۋەبى بار.

1) كۆزنىڭ ئېقى ۋە قارچۇقىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسەبلەردىن بىرەرسى يىغىلىپ، ئاندىن كۆزنىڭ ئېقى ۋە قارچۇقى شۇ تەرەپكە مايىل بولۇپ قالىدۇ. ئەسەب يىغىلىپ قېلىشنىڭ سەۋەبى قۇرۇقلۇقتىن بولسا، ئۇ تولاراق جىددىي كېسەللىكلەر يەنى سەپرا خاراكتېرلىك سەرسامدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

2) كۆزنىڭ سېرىقئەتلىرىدىن بىرەرى بوشىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ قارچۇقى بوشاشقان پەينىڭ قارشى تەرىپىگە مايىل بولۇپ قالىدۇ.

3) كۆزنىڭ قاتلاملىرى ۋە ھۆللۈكلىرى ئۆز جايىدىن قوزغىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالغايلىق كېلىپ چىقىدۇ. تۆۋەندە ئەمەلىيەتتە كۆپ ئۇچراۋاتقان كىچىك بالىلاردىكى ئالغايلىقنى تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى بايان قىلىمىز.

## 1. كىچىك بالىلاردىكى ئالغايلىقنى داۋالاش:

علاج حول اطفال

بالىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىش لازىم. بۇنى داۋالاشتا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى كىچىك بالىنىڭ ئەزالىرى يۇمشاق بولغانلىقتىن، داۋالاشنى تېزراق قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرى: بالىنى قاراپ ئادەتلىنىپ قالغان تەرەپنىڭ قارشى تەرىپىگە قارىتىشقا تىرىشىش، مەسىلەن: بالىنىڭ كۆزىنى قاراتماقچى بولغان تەرەپكە قىزىل بىر نەرسىنى ئېسىپ قويۇش، چۈنكى كىچىك بالىلار قىزىل نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن، بالىنىڭ كۆزى قۇلاق تەرەپتىكى بۆلۈك تەرەپكە مايىل بولۇپ قالغان بولسا بۇرنى تەرەپكە بىرەر قىزىل نەرسىنى ئېسىپ قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بالا ئۆزلۈكىدىن شۇ قىزىل نەرسە تەرەپكە قاراشقا ئادەتلىنىپ، كۆزى ئەسلىگە كېلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى:

كىچىك بالىنىڭ يۈزىگە لايىق چۈمپەردىگە كۆز قارچۇقىنىڭ ئۇدۇلىدىن تۆشۈك ئېچىپ بالىنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇپ، كۆزنىڭ ئۇدۇلىغا چىراغ يېقىپ قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بالا زورلاپ چىراغقا قاراپ كۆزى ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ.

ئانا بالىغا يۇمشاق، ئوبدان تاماقلارنى بېرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ تەبىئىي ھارارىتى ۋە مىزاجى كۈچلىنىپ، ئەزانى جايىغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى تۇتقاقلىق كېسەل (سەرئى) دىن بولغان بولسا، ئۇ ھالەتتە بالىنى ئېمىتكۈچى ئانا بۇخارات پەيدا قىلىدىغان تاماقلارنى يېمەسلىكى ۋە جىنسىي ئالاقىدىن ساقلىنىشى لازىم.

**2. تۇتقاقلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئالغايلىقنى داۋالاش:**

علاج حول ازصرع

قۇرۇق تەشەننۇج كېسەللىكنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلار ھەم ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق داۋالاش ھەم ياغلار ئارقىلىق بەدەننى ھۆللەشتۈرۈش، قىز تۇغقان ئايالنىڭ ۋە ئېشەكنىڭ سۈتىنى كۆزگە تېمىتىش مەنپەئەت قىلىدۇ.

**3. كۆز ئېقى ۋە قارىچۇقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسەبلەرنىڭ يىغىلىپ قىلىشىدىن بولغان ئالغايلىق-نى داۋالاش:**

درانچه حول كه بكود كان افتد

تولۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تەشەننۇچ كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلار ھەم ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق داۋالاش ھەم دورىلارنى ئىشلىتىش، مەسىلەن: ئاۋۋال ئايارەجلەر ۋە غار - غارلار بىلەن ماددىنى تازىلاش، ئاندىن باشقا ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

**4. كۆز ئېقى ۋە قارىچۇقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسەبلەرنىڭ بوششىدىن بولغان ئالغايلىقنى داۋالاش:**

درانچه حول كه بكود كان افتد

كۆز قاتلاملىرى ۋە ھۆللۈكلىرى ئۆز جايىدىن قوزغىلىپ كېتىشتىن بولغان بولسا ئاۋۋال ئايارەجلەرنى ۋە كۇمىلاچلارنى بېرىش لازىم. چۈنكى بۇ دورىلار يەللەرنى پەيدا قىلىدىغان ھۆللۈكلەردىن مېڭىنى تازىلايدۇ. ئاندىن يەللەرنى تارقىتىش ئۈچۈن قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، مامىرانچىننى ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن قويۇق چېيىش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولۇپ، ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە بۇخارات ئۆرلەپ چىقىپ، بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان بولسا. قەي قىلدۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈردۈ-رۈش، ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى بېرىش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

## ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل  نامازشام قارىغۇسى

## عشاء يعنى شب كورى

**تونۇش:**

بۇ كېسەللىكتە كۆزنىڭ كۆرۈشى كەچ بولغاندا ناچارلىشىپ ھەتتا يولتۇزلارنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. كۈندۈزى ئۆز ھالىتىگە كېلىدۇ. كۈن كىرىپ كېتىشكە يېقىن بولغان ۋاقىتدا يەنە كۆزدە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچى سەۋەبى: قويۇق بۇخاراتلار كۆرۈش قۇۋۋىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى: بەزى سەۋەبلەر بىلەن كۆزنىڭ ئەزالىرىغا ئارتۇق ھۆللۈك پەيدا بولۇپ، كۆز ئېقىدىكى ھۆللۈك قويۇقلىشىدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەبى: داۋاملىق ئاپتاپتا تۇرۇش بىلەن كۈننىڭ نۇرى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ لەتىپ سۈيۇقلۇقىنى تارقىتىۋېتىپ، قويۇقراق بولغىنى قالىدۇ. بۇ كېسەل كۆزى يوغان ۋە قارا كۆز كىشىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يەنە ئۇزاق مۇددەت ئاچ قالغان، زىنداندا ياتقان، ھەزىم قىلىشى بۇزۇلغان كىشىلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش لازىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايارەجلەر، غار - غارلار ئارقىلىق ماددىنى تازىلاش، بۇخارات ۋە ھۆللۈكلەرنى تارقىتىش ئۈچۈن قارىمۇچ، كۈندۈش، قۇندۇز قەھرى، سەبرىلەر ئارقىلىق چۈشكۈرتۈش لازىم. ئارپىبەدىيان، سېرىق چېچەك، بابۇنە، قەيسۇم (بەرەنجاسىپ)، مەرزەنجۇش، نەنام (بىر خىل رەيھان)، سۇداپلارنى قاينىتىپ ھورىدا تەرلىنىش لازىم.

چەكىلەنگەن ھەسەلگە بەديان سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تېمىتىش. ئەگەر تېكىننىڭ (تاغ ئۆچكىسىننىڭ) جىگىرىگە ئاز مىقداردا ئارپابەدىيان، پىلپىل قوشۇپ كاۋاپ قىلىپ يېسە ياكى سۇ بىلەن قازاندا پىشۇرۇپ، ھورىغا بېشىنى تۇتسا ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ.

جىگەرنى ئوتتا كاۋاپ قىلىپ تۇرۇپ بۇخارىنى بېشىغا ئالسا ھەم شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كېسەلنىڭ تامىقىغا ھىڭ، پىدنە، قىچا، سۈئىتەر، ئەنجىدان (ھىڭ ئۆسۈملۈكى)، سەۋزە ۋە باشقا كۆكتاتلارنى، تۇخۇمنى كۆپ سېلىپ بېرىش لازىم.

تېكىننىڭ، كالىنىڭ (ئەڭ ياخشىسى موزاينىڭ) ياكى ئۆچكىنىڭ جىگىرىنى ئوتتا قويۇپ، قارىمۇچ ۋە ئارپابەدىيانلارنى سوقۇپ ئۈستىگە سېلىپ، جىگەرنىڭ ھۆللۈكىنى

مەزكۇر دورىلار ئۆزىگە تارتىپ بولغاندىن كېيىن دورىلارنى جىگەرنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، سۈرمىگە ئوخشاش قىلىپ كۆزىگە تارتسا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

«تەجرىباتى تىب» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى «پىلپىل، ئېگىرلەرنى سوقۇپ، تېكىننىڭ جىگىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، زىختا كاۋاپ قىلىپ، كاۋاپتىن ئاققان سېرىق سۇنى كۆزگە تارتسا، نامازشام قارىغۇلۇقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ» دەيدۇ.

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ لەتىف سۇيۇقلۇق قىسمى ئاپتاپتا تۇرغان سەۋەبتىن قويۇقلىشىپ بۇ كېسەللىككە سەۋەب بولغان بولسا، بۇنىڭ چارىسى: ئەزانى قىزىتىش بىلەن بىرگە ھۆللەشتۈرۈش، روھنى تۇتۇقلاشتۇرغۇچى، قويۇقلاشتۇرغۇچى تاماقلاردىن ساقلىنىش، كۆكتاتلار، بولۇپمۇ سەۋزە سېلىنغان تاماقلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

## ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل    كۈندۈزى كۆرەلمەسلىك

جهر

**تونۇش:**

كۈندۈزدە، ھاۋا ئوچۇق ۋاقتىدا كۆزى ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ. كېچىدە، كۈندۈزى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاندا كۆرىدۇ. بۇ كەچ كورلۇقنىڭ تەتۈرىدۇر. بۇنى ئەرەبچىدە «جەھر»، پارسچىدە «روزكورى» دېيىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ روھى سۇيۇق ۋە ئاز بولۇپ قالغانلىقتىن، كۈننىڭ ھارارىتى ئۇنى تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزدە كۆرمەيدۇ. كېچىدە ياكى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغان كۈنلەردە كۆرۈش ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ.

بەزى ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى مېڭىگە پەيدا بولغان ئۆتكۈر خىلىت بولۇپ، بۇ خىلىت ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئارقىلىق كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئاندىن كۈندۈزى كۈننىڭ ھارارىتى بۇ خىلىتنىڭ ھارارىتىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ كۆرۈشىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن مېڭىنى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش، مەسىلەن: قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى، بىنەپشە يېغى ۋە قاپاق يېغىنى بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

ئۇسۇڭ سۈيىنى، نېلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورا سۈلىرى سوغۇق تەبىئەتلىك دورا سۈيى ۋە شەربەتلەرنى ئىچىش، سوغۇق، سۈزۈك سۇغا چۆمۈپ تۇرۇپ، سۇنىڭ ئىچىدە كۆزنى ئېچىپ تۇرۇش لازىم.

كۆچلۈك تاماق، كاللا - پاچاق، كالىنىڭ گۆشى (كالا گۆشىنىڭ كاۋىپى) غا ئوخشاش ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل نۇر يىغالماسلىق

## اتساع و انتشار

**تونۇش:**

نۇر يىغالماسلىق (ئىتتىساﺋ ۋە ئىنتىشار) — قەدىمكى ھۆكۈمالارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئىتتىساﺋ، ئىنتىشار بۇ ئىككى سۆز مەنە جەھەتتىن بىر بولۇپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، كۆپچىلىك ھۆكۈمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى ۋە لۇغەتتە مۇۋاپىقلاشقان سۆزلىرى بويىچە ئېيتقاندا «ئىتتىساﺋ» دەپ كېڭىيىشنى ئېيتىلىدۇ. كاۋاك ئەسەبلەرنىڭ كېڭىيىشى بولسۇن، مەيلى رەڭلىك پەردە تۆشۈكىنىڭ كېڭىيىشى بولسۇن ئىتتىساﺋ دېيىلىدۇ. «ئىنتىشار» دەپ نۇرنىڭ كۆزنىڭ قىسىملىرىدا چېچىلىپ كېتىشى يەنى نۇر يىغالماسلىق دەپ ئېيتىلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇنى داۋالاشنى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىلغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. كۆز كاۋاك ئەسەبلەرنىڭ كېڭىيىشىدىن بولغان نۇر يىغالماسلىقنى داۋالاش:

علاج در اتساع عصبیه

بۇ كاۋاك ئەسەبلەرنىڭ كېڭەيگەنلىكى بولۇپ، بۇ كۆپرەك ئەھۋاللاردا ئىمتىلا (ماددىنىڭ تولغانلىقى) دىن بولغان قاتتىق باش ئاغرىقىدىن كېيىن ياكى سەرسامدىن كېيىن ياكى ماشرا (تىلغا) كېسەللىكىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. قويۇق خىلتلار ياكى ئۆتكۈر، قويۇق بۇخاراتلار بۇ كاۋاك ئەسەبكە چۈشۈپ، ئۇ ئەسەبنى توغرىسىغا كېڭەيتىدۇ. بۇ ئەسەبنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بىللە، رەڭلىك قەۋەتنىڭ كېڭىيىشى بەكمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

بۇ كېسەللىكتە دورىنىڭ تەسىرى مەزكۇر ئەسەبكە يېتىشى قىيىن. يەنە قول ئارقىلىق بۇنى تۈزىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ كۆزگە سۇ چۈشۈشتە دەسلەپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار بۇ كېسەللىك ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

قاتتىق باش ئاغرىقى، سەرسام ياكى ماشرا كېسەللىكلىرىدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىش، كۆچلۈك سۈرگۈلەر ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن كاۋاك ئەسەب ساق بولۇپ، رەڭلىك قەۋەت تۆشۈكىنىڭ كېڭىيىشى كۆز قارىچۇقىنىڭ چۆرىسىدىكى سىزىقىغا قەدەر يەتمىگەن بولسا، ئۇ ھالەتتە

كۆزنىڭ قالدۇق كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كولەڭ (بىر خىل ياۋا خوراز) نىڭ ئۆتى، شەببۇت (بىر خىل ياپىلاق، بېشى كىچىك، توقماق بېلىق) نىڭ ئۆتى، تاغ تېكىسىنىڭ ئۆتى، قارچىغىنىڭ ئۆتى، كەكلىكنىڭ ئۆتى، ئوقاپ (قارا قۇش) نىڭ ئۆتى ھەر بىرىدىن 28 گرامدىن ئېلىپ قورۇتۇپ، شەھمەنزەل، سەكبىنەج، پەرپىيۇندىن . ۋچ گرام ئېلىپ، ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، بەدىيان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف قىلىپ كۆزگە تارتىش لازىم.

## 2. كۆز رەڭلىك پەردە قەۋىتىنىڭ كېڭىيىشتىن بولغان نۇر يىغالماسلىقنى داۋالاش:

علاج آتساع طبقة عنبية

رەڭلىك قەۋەت تۆشۈكىنىڭ كېڭەيگەنلىكى بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى بەشتۇر:

1. تاشقى تەرەپتىن تاياقىا ئوخشاش بىر نەرسە كۆزگە تېگىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن بۇ قەۋەت ئەتراپقا تارىلىپ، تۆشۈكى كېڭىيىپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكىسى داۋالاشنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ ۋە تېز ياخشى بولىدۇ.

2. ئىچكى تەرەپتىن بولىدۇ. مەسىلەن: قويۇق خىلتلار ياكى قويۇق ۋە تېز، ئۆتكۈر بۇخاراتلار رەڭلىك قەۋەتنىڭ كۆز قان تومۇر قەۋەت بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغان تومۇرلىرىغا چۈشىدۇ. ئاندىن شۇ تومۇرلاردا تەشەننۇج (يىغىلىپ قېلىش) ۋە تەمەررۇر (ئۇزۇنىغا سولۇپ قېتىپ قېلىش) ئەھۋالىنى پەيدا قىلىپ، رەڭلىك قەۋەتنىڭ تۆشۈكىنى كېڭەيتىپ قويىدۇ. بۇ خىلدىكىسىدىكى كۆپرەك قاتتىق باش ئاغرىقى، سەرسام ياكى ماشرا كېسەللىكلىرىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كاۋاك ئەسەبنىڭ كېڭىيىپ قېلىشىغا ئېلىپ بېرىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. نۇرنىڭ كۆزدە چېچىلىپ كېتىشى كۆپرەك كاۋاك ئەسەبنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. كاۋاك ئەسەب كېڭىيىشىنىڭ ياخشىلىنىشى قىيىنراق.

3. كۆزدىكى ئەينەكسىمان ھۆللۈكنىڭ مىقدارى كۆپىيىپ، رەڭلىك قەۋەتنى قىستاپ، كېڭىيىش تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاياللاردا ۋە كىچىك بالىلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

4. رەڭلىك قەۋەتكە ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىششىقنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا تارتىلىدۇ. كۆز ھۆللۈكنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى، رەڭلىك قەۋەتنىڭ ئىششىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى كۆز قاتلاملىرى كېسەللىكلىرى بايانىدا ئېيتىلىپ ئۆتتۇلدى.

5. رەڭلىك قەۋەتتە قۇرۇقلۇق پەيدا بولغان سەۋەبتىن ئەتراپىغا تارتىلىپ، شۇ قەۋەتنىڭ تۆشۈكىنىڭ چۆرىسى ئۆزىنىڭ مەركىزىدىن يىراقلىشىپ كېڭىيىپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەھۋال رەڭلىك قەۋەتنىڭ ئەتراپىغا كۈچلۈك قۇرۇقلۇق پەيدا بولغاندا يۈز

بېرىدۇ. بۇنىڭدا كۆز ئورۇقلايدۇ، قورساق ئاچقان، جىسمانىي ئەمگەك قىلغان، سۇرگۇ دورىلارنى ئىچىپ قورساق تازىلانغان ۋاقىتلاردا بۇ كېسەللىك كۈچىيىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا ئىككى پاچاققا لوڭقا قويۇش، يۇمشاتقۇچى ھەمەلچە ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش، قەي قىلىشتىن، ئېغىر تاماقلاردىن، جىنسىي ئالاقىدىن، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاشتىن، بەك ئۆتكۈر نۇرلۇق نەرسىگە قاراشتىن ساقلىنىش لازىم. ئوغۇل تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى كۆزگە تېمىتىش، دادۇر، بىنەپشە، خىتمىلەرنى ئېزىپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۆزگە تېڭىش لازىم. ئاغرىقى پەسىيىپ، كېسەللىك ئاخىرلىششقا باشلىغاندىن كېيىن ماددىنى كۆپرەك تارقىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقى تاڭىدىغان دورىلارغا بابۇنە، قىرۇتىلەرنى قوشۇش لازىم. ئىششىقى يوقالغاندىن كېيىن قالدۇق ماددىنى يۇمشىتىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن كوھلى رۇشنايى، كوھلى باسلىقۇن دېگەن سۇرمىلەرنى كۆزگە تارتىش كېرەك.

### 3. كۆز رەڭلىك قەۋەتتە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇش سەۋەبتىن بولغان نۇر يىغالماسلىقنى داۋالاش:

علاج آتساع طبقة عنبيه ازيبوستي

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز ئاجىزلىقىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش، بۇ كېسەللىكنىڭ قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغىنىنىڭ باشقا خىلدىكىلەرگە نىسبەتەن ساقىيىشى قىيىنراق.

جالىنۇس: «رەڭلىك قەۋەتتە ئۇچرايدىغان بارلىق كېسەللىكلەر، ئىششىقلار ۋە باشقىلار بۇ قەۋەتتىكى قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن ئوڭايراق ساقىيىدۇ» دېگەن. چۈنكى ھەربىر ئەزانى قۇرۇتۇش ھۆللەشتۈرۈشتىن ئوڭايراق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

### 4. كۆز نۇرىنىڭ چېچىلىشىنى داۋالاش:

علاج انتشار

كۆزدە نۇرنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكى بولۇپ، بۇ قان تومۇر قەۋىتىدىكى بۆلۈنۈش، مەسىلەن: جاراھەت ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئۇشتۇمتۇت كۆز كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈشىنى يوقاتقۇچى باشقا سەۋەبلەر مەۋجۇت بولمايدۇ.

كۆز نۇرىنىڭ چېچىلىشى داۋالاشتا سەۋەبكە قارىتا كۆز كاۋاك ئەسەبلەرنىڭ كېڭىيىشىدىن بولغان نۇر يىغالماسلىقنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

# ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل　كۆز پەردە تۆشۈكىنىڭ تارىيىپ قېلىشى

## ضيق

**سەۋەبى:**

بۇ تۆشۈكىنىڭ تار بولۇشى ئىككى خىل سەۋەبتىن بولۇپ، بىرى، ئەسلى توغۇلۇپ تەرەققىي قىلىشىدىنلا تار بولىدۇ. بۇ تەبىئىي دېيىلىدۇ. مۇنداق بولغىنى ياخشىراق. چۈنكى كۆزنىڭ نۇرى جەم بولۇپ يىغىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈشى كۈچلۈك، قۇۋۋىتى ئارتۇق بولىدۇ.

يەنە بىرى، كېيىن پەيدا بولغان تارلىق بولىدۇ، بۇنداق بولغىنى ناچاردۇر. چۈنكى كېيىن بولغان تارلىق كۆزنىڭ كۆرۈشىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ كۆزنى ئاجىزلاشتۇرۇشى تۆشۈكىنىڭ تار بولغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى تارلىقنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەردىن بولىدۇ. تارلىق ــ تۆشۈك پۈتۈنلەي ئېتىلىپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلا بولسا، بۇ ئانچە ئېغىر بولمىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى بايان قىلىمىز.

### 1. ھۆللۈك غالىپلىقتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكى تارىيىشىنى داۋالاش:

علاج ضيق رطوبي

ھۆللۈك غالىب بولغان سەۋەبتىن رەڭلىك قەۋەت بوشىشىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن تۆشۈك تارلىشىدۇ.

ئايارەج پەيقىرا، ھەببى قوقىيالار ئارقىلىق ئىچكى ئەزانى تازىلاش، لاچىندانە، قەلەمپۇر، قارىمۇچقا ئوخشاش خۇشبۇي، ئىسسىق دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، باشقا قويۇش، تۆۋەندىكى زەپەر شىيافىنى كۆزگە تارتىش لازىم.

مەزكۇر شىيافنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى: زەنكار، ئوشەق، زەپەر ھەر بىرى ئۈچ گرامدىن، ئەخلاتى زەئىپران توققۇز گرام ئېلىپ، بۇ تۆت خىل دورىنى بىر - بىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىياف قىلىپ قائىدە بويىچە كۆزگە تارتىلىدۇ.

ئەخلاتى زەئىپراننى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: زەپەر، شىيافى مامشا، قىزىلگۈل، سەبرە، مۇرمەككى، نىشاستە، سەمغى ئەرەبلەرنىڭ ھەر بىرىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.

### 2. قۇرۇقلۇق غالىبلىقتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكى تارىيىشنى داۋالاش:

علاج ضيق يبسى

قۇرۇقلۇق غالىب بولۇپ رەڭلىك قەۋەت يىغىلىپ قالغانلىقتىن بۇ تۆشۈك تارلىشىدۇ. بەزىدە تۆشۈك پۈتۈنلەي ئېتىلىپمۇ قالىدۇ.

بۇ قەۋەتنى هۆللەشتۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ سۈتىنى بېشىغا چېپىش، هۆللەشتۇرگۇچى ياغلارنى بۇرنىغا، قۇلاقلىرىغا تېمىتىش، سېمىزئوت سۈيى، سۆگەت ياپرىقىنىڭ سۈيى، ئوسۇك ئۈرۈقىنىڭ سۈيى، ئىسپىغۇل شىرنىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى بېشىغا چېپىش، ياغلىق، يۇمشاق تاماقلارنى يېيىش لازىم.

ماددىنى تارقىتىش ئۈچۈن بىمارنىڭ بېشىنى قىسقا ۋاقىت ئۇۋۇلاش، بەزى - بەزىدە ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى باشقا چېپىش، مۇنچىغا بېرىش، ئىلمان سۇزۇك سۇدا ئولتۇرۇش، سۇزۇك سۇغا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ كۆزنى ئېچىش بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

### 3. هۆللۈك كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكى تارىيىشنى داۋالاش:

علاج ضيق از نقص رطوبى

كۆزنىڭ تۇخۇم ئېقىسىمان هۆللۈكى كېمىيىپ، رەڭلىك قەۋەتكە بولىدىغان ئوزۇقلاندۇرۇش ياردىمى توختاپ قالىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن رەڭلىك قەۋەت تەدرىجىي كىچىكلىشىدۇ، بۇ خىلدىكىسى قېرىلاردا، ئىسسىق سەرسامدىن كېيىن كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭمۇ ئۇسۇل - چارىلىرى يۇقىرىقى رەڭلىك قەۋەت قۇرۇقلۇقتىن بولغان كۆز پەردە تۆشۈكىنى تارىيىشنى داۋالاش ئۇسۇل - چارىلىرىغا ئوخشايدۇ، پۈتقا هۆللەشتۇرگۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

### 4. قويۇق ماددىنىڭ توختاپ قىلىشىدىن بولغان كۆز پەردە توشۈكى تارىيىشنى داۋالاش:

علاج ضيق از ماده غليظ

قاتتىق ۋە قويۇق كەيمۇس ماددىسى بۇ تۆشۈككە چۈشۈپ، شۇ يەردە توختاپ قېلىپ، تۆشۈكنى سىقىپ قويىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىش ۋە مېڭىنى تازىلاش لازىم، ئەمما قاتتىق كەيمۇس ماددىسىنى بوشىتىشقا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن مېڭىنى هۆللەشتۇرۇشنىمۇ كۆزدە تۇتۇش لازىم.

كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. چىلان، گۈلبىنەپشە، ئۈرۈقى ئېلىنغان ۋاسالغۇ، گاۋزىبان، گۈلى نىلۇپەر، خىت-

مى، خۇببازىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، پۈنۈس مېغىزى ۋە تەرەنجىبىنلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ بادام يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچىش لازىم. مەزكۇر دورىلار ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەن تازىلىغاندىن كېيىن مەخسۇس مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى بىنەپشە، ھەببى شەبيارلارنى ئىستېمال قىلىش كېرەك.

## ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل كۆزگە ھەرخىل رەڭدىكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشى

## تخيلات

**تونۇش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ بەزىسى كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنى نۇزۇلۇلمائ (كۆزگە سۇ چۈشۈش) دىن ئىلگىرى بايان قىلىش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

ھاۋادا كۆزگە كۆرۈنىدىغان شەكىللەرنىڭ ھەر خىل رەڭدە كۆرۈنۈشى شۇ كېسەللىككە سەۋەب بولغان نەرسىلەرنىڭ رەڭگىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىلدۇر.

1. كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بەك كۈچلۈك بولۇپ، ھاۋادىكى ئۇششاق زەررىچىلەر ۋە يېنىك چاڭ - توزانلارنى كۆرىدۇ. ئەمما بۇ نەرسىلەر باشقا ئادەتتىكى كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈشىدە ھېچقانداق كەمچىلىك بولمايدۇ. كۆزنىڭ تۇيغۇسى ۋە باشقا تۇيغۇلار ھەممىسى كۈچلۈك بولىدۇ. تۇيغۇنى تۇتۇقلاشتۇرغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ۋاقىتىدا خىيالات (كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەرسىلەر) ئازراق بولىدۇ. بۇ خىلدىكىسى ھەقىقەتەن كېسەللىك ئەمەس. بۇ ھېس (تۇيغۇ) نى ئۆزگەرتىش بىلەن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

2. كۆز قاتلاملىرىغا بىرەر ئاپەت پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مۈڭگۈزسىمان قەۋىتىدە چېچەكنىڭ ياكى كۆز ئاغرىقىنىڭ ياكى سوغۇقنىڭ قالدۇق تەسىرى بولىدۇ. لېكىن بۇ قالدۇق ئاسارەتلەر بەك كىچىك بولغانلىقتىن كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ قەۋەتنىڭ ئىچكى تەرەپتىكى سۈزۈكلۈكنى بۇزغان سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ كۆزنىڭ كۆرۈشىگە توسالغۇ بولىدۇ، ئاندىن بۇ قالدۇق تەسىرلەر شەكىللىرى قايسى خىلدا بولسا، شۇ خىلدىكى شەكىللەر كېسەلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇ.

3. كۆزدىكى ھۆللۈك بىرەر ئاپەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى ــ كۆزدىكى ھۆللۈكنىڭ جەۋھىرىنىڭ ئۆزى كۆزگە ھاۋادا ھەرخىل

شەكىلدىكى نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى ــ بۇ ھۆللۈكنىڭ ئەزالىرىدا سوغۇق، ھۆل مىزاج ئۆزگىرىشى پەيدا بولۇپ، ساپ سۈزۈكلۈكنى ئۆزگەرتىپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى ــ بۇ ھۆللۈككە بىر خىل كۈچلۈك ھارارەت پەيدا بولۇپ، ھۆللۈكنى قىزىتىدۇ، ئاندىن بۇخارات پەيدا بولۇپ، بۇ ھۆللۈككە ئارىلىشىدۇ ـ دە، بۇنىڭ ئۈستىدە كۆپۈككە ئوخشاش بولۇپ، ساپ، سۈزۈكلۈككە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

تۆتىنچى خىلى ــ مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە قۇرۇقلۇقى بۇ ھۆللۈكنىڭ سۈزۈكلۈكد-نى يوقىتىپ قويىدۇ.

4. كۆزنىڭ سىرتىدىكى بىرەر ئامىل بۇ كېسەللىككە سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى شۇكى، بۇ كېسەللىك پەيدا بولۇپ تېزدىن تارقاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر لەتىپ (نازۇك)، تېز كېتىدىغان يەڭگىل بۇخاراتلار تەسىرىدىن بولغان بولسا بارلىق ئەزالاردىن ياكى ئاشقازاندىن ياكى مېڭىدىن قوزغىلىپ چىقىپ بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلەپ چىقىشى ياكى بۇخاراتلارنى قوزغايدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن ياكى بوھراندىن ياكى قەيدىن ياكى قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن بۇ خىل كېسەل پەيدا بولىدۇ. بىرىنچى خىلدا ئىلگىرى مەزكۇر كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر كۆرۈلگەن بولى-دۇ. ھاۋادا كۆزگە كۆرۈنىدىغان شەكىللەر مەخسۇس بىرلا كۆزدە بولمايدۇ. بىرلا ھالەتتە تۇرمايدۇ. بەلكى سەۋەبنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بەزىدە كۆپ بەزىدە ئاز بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلدا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى بۇخاراتلار قويۇق ھەم مۇستەھكەم بولى-دۇ. مانا بۇ ــ كۆزگە سۇ چۈشۈشتىن بەلگە بېرىدىغان خىلدۇر.

**ئالامىتى:**

باشقا بىرەر سەۋەب كۆرۈلمەستىن كۆزنىڭ كۆرۈشى تۇتۇقلىشىپ ئاجىزلىشىدۇ. ھەتتا ئالدى ئېلىنمىسا، كۆزگە سۇ چۈشىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ سۇ چۈشۈشتىن بەلگە بېرىدىغىنىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى، پەرقلىرى كۆزگە سۇ چۈشۈش بۆلۈمىدە بايان قىلىنى-دۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولغاچقا، تۆۋەندە ھەربىر سەۋەبكە خاس ئالامەتلىرى ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

1. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خۇسۇسىيەتلىك خىلت ھەرىكەتلىك تومۇرلاردا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇخارات كۆتۈرۈلۈپ، مېڭە تەرەپكە چىقىپ، روھقا ئارىلىشىدۇ. يەنە ئۆرلەپ ئىككى شاخچىغا بۆلۈنىدۇ.

كېسەل كۆز ئالدىغا تۆۋرۈكتەك تۇتۇنلار كېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك خىيال قىلىدۇ.

2. ھەرىكەتلىك تومۇرلار قىزىق قاندىن تولۇپ، سىقىلىپ ئۇنىڭدىن قىزىل بۇخارلار چىقىپ، روھقا ئارىلىشىدۇ. مېڭە ئاجىز بولىدۇ. بەزىدە ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەر كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرگەندەك خىيال قىلىدۇ.

3. بەلغەم خۇسۇسىيەتلىك ساپ ۋە تاتلىق ھۆللۈك ئاشقازانغا پەيدا بولۇپ، ئاندىن مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ياكى كۆز ئەتراپىغا چۈشىدۇ. كېسەل چۈشكۈرسە ياكى كۆزنى ئۇۋۇلىسا بۇ ماددىغا ھەرىكەت پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ماددىنىڭ رەڭگىگە مۇناسىپ بۇخارات-لار ئاجرىلىپ چىقىدۇ. كېسەل ئەگرى - بۈگرى ئاق نەرسىلەر يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقاندەك ۋە يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك خىيال قىلىدۇ. چۈشكۈرۈش ۋە كۆزنى ئۇۋۇلاشنىڭ تەسىرى كەتكىچە مەزكۇر خىيالات داۋام قىلىدۇ.

4. بۇ كېسەللىكنىڭ مۇشۇ بۆلۈمىدە ئېيتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك سەۋەبلەردىن بىرەر سەۋەب بىلەن كۆز ئېقى ھۆللۈكىنىڭ بەزى ئەزالىرى تۇتۇقلىشىپ قالىدۇ. تۇتۇقلاشقان يېرى ئوتتۇرىسى بولماستىن، مەيلى ئوڭ، مەيلى سول تەرىپى بولسۇن يان تەرەپتە بولىدۇ.

بۇ ھۆللۈك تەركىبىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا قارىتا كېسەل ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە بىر ئادەم ئۆرە تۇرغاندەك خىيال قىلىدۇ. كېسەل ئۆزىنىڭ گۇمانىچە ئەمەلىيەتتە ئادەم بار دەپ شۇ تەرەپكە قارايدۇ. لېكىن ئادەم يوق. بۇ ھۆللۈكنىڭ تۇتۇقلۇقى يوقالغىچە شۇ خىيال داۋام قىلىدۇ.

5. غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن بىرەرى مېڭىدە پەيدا بولۇپ، بىرەر سەۋەب بىلەن شۇ خىلىتتىن ياكى بۇخارىتىدىن بىر ئاز كۆز قاتلاملىرىغا قويۇلىدۇ. شۇ خىلىت ياكى ئۇنىڭ بۇخارىتى قويۇلغان ۋاقىتىدا كېسەل ئېگىز يەردىن ئالدىغا بىر نەرسە چۈشۈۋاتقاندەك خىيال قىلىدۇ. بەزىدە شۇ خىيالىي نەرسىدىن ئۇشتۇمتۇت قورقۇپمۇ كېتىدۇ.

كېسەللىككە سەۋەب بولغان خىلىت قايسى خىلىت ئىكەنلىكىنى كۆزگە كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

**داۋالاش:**

كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بەك كۈچلۈك بولغان بولسا داۋالاشتا ئاۋۋال غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاشتا كۆرسىتىلگەن قائىدىلەر بويىچە غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى بەدەندىن تازىلاش لازىم.

كۆز قاتلاملىرىغا بىرەر ئاپەت پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىققان بولسا قاننى سوۋۇتقۇچى نەرسىلەر بىلەن ئېچىنى يۇمشىتىش لازىم. گۆش ۋە تاتلىق نەرسىلەردىن، قان كۆپەيتكۈچى نەرسىلەردىن ۋە كۆپ تاماق يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

بەزىدە قان مېڭىنىڭ كاۋىكىگە چۈشۈپ سەكتە پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنى تېز داۋالاش لازىم.

كۆزدىكى ھۆللۈكنىڭ بىرەر ئاپەتكە ئۇچرىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا قەي قىلىش، ئايارەجلەر، غار - غارلار ئارقىلىق ئاشقازاننى، مېڭىنى تازىلاش، تاماقنى ياخشىلاش

ئۈچۈن مېكىيانىنىڭ گۆشىنى نوقۇت ۋە قوۋزاق دار چىنلار بىلەن پىشۇرۇپ يېيىش لازىم.

كۆز ئېقى تۇتۇقلىشىپ قالغان بولسا داۋالاشتا ماددىنى تازىلاش، تاماقنى ياخشىلاش، هۆللۈكنى تازىلاپ، كۆز ئېقىنى سۈزۈلدۈرگۈچى سۈرمىلەرنى مەسلەن: كوهلى مەلكايا، كوهلى باسلىقۇن، شىيافى مىراراتلارنى كۆزگە تارتىش لازىم. بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىلىق بولمىغىنىنى تازىلاش هاجەتسىز، بەلكى مىزاجىنى تەڭشەش كۇپايە قىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار مېڭىدە پەيدا بولۇپ، كۆز قاتلاملىرىغا قويۇلۇشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا كېسەلنىڭ ئەهۋالىغا مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىچىنى ماڭدۇرۇش، قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاۋۋال كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش، ماددا تازىلانغاندىن كېيىن خەشخاش شەربىتى بېرىش لازىم. مەزكۇر شەربەت كېسەللىك ماددىسىنى قويۇلدۇرۇپ، كېسەللىك ماددىسىنىڭ كۆزگە چۈشۈشىنى توسىدۇ. مېڭىدىكى كېسەللىك ماددىسىنى قو-يۇلدۇرۇپ توختاتقان ۋاقىتىدا باشقا بىر ئاپەت يۈز بېرىپ قېلىشنىڭ خەۋپى بولسا، ئۇ هالەتتە كېسەللىك ماددىسىنى مۇناسىپ چارە ـ ئۇسۇللار بىلەن بۇرۇن ئارقىلىق چىقىرىش لازىم. شۇ بويىچە بىر مۇددەتكىچە بۇرۇن ئارقىلىق چىقىۋەرسە كۆز يولى زەخىملەنمەيدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، بىر نەرسە يىراق جايدىن كۆرۈنۈشكە كۆپلىگەن نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇنداق كۆرۈنۈشنىڭ سەۋەبى كۆزدىكى هۆللۈك كۆزنىڭ كۆرۈش نۇرى بىلەن كۆرۈنگۈچى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توسانجى بولۇپ، هەر بىر هۆللۈك پارچىلىرى ئۆزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك مىقدارىچە كۆرۈلگەن نەرسىنىڭ جىسمىنىڭ بەزىسىنى ياپىدۇ. هۆللۈكنىڭ پارچە جامىكالىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بوشلۇق ۋە كاۋاك بولغان سەۋەبتىن بىر نەرسە كۆپلىگەن نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا: باشنى ۋە ئاشقازاننى كېسەللىك پەيدا قىلغان ماددىلاردىن تازىلاش، سۇيۇقلۇقنى قويۇلدۇرغۇچى نەرسىلەردىن، جىنسىي ئالاقىدىن ساقلىنىش لازىم. كەچ تەرەپتە بولۇپمۇ كېچىدە تاماق يېمەسلىك كېرەك.

## 36 ـ پەسىل كۆزگە سۇ چۈشۈش

## نزول الماء

**تونۇش:**

كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، سۇ چۈشۈپ رەڭلىك قەۋەت بىلەن تورسىمان قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈشى يوقىلىدۇ. كۆزنىڭ قارچۇقىدا قارا بۇلۇتقا ئوخشىغان بىر تۇتۇقلۇق كۆرۈنىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، سۇ چۈشۈش مۈڭگۈزسىمان قەۋەت بىلەن رەڭلىك قەۋەت ئوتتۇر-

ــىدا توختاپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، سۇ چۈشۈش نىرۋا ئەسەبلەر ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ. بۇ خىلدىكىسىدە كۆزنىڭ قارچۇقىدا ھېچبىر تۇتۇقلۇق كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەر كۆرۈلسە-مۇ بەك ئاز بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى كاۋاك ئەسەبكە پەيدا بولغان توسالغۇنىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكىسى «قاراسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل بولىدۇ.

1. باشقا تاياق تېگىپ ياكى يىقىلىپ مېڭىنى زەخىملەندۈرۈپ، مېڭىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدىكى ھۆللۈكلەردىن بىر بۆلىكى ئېقىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئاز قىسمى كاۋاك ئەسەبكە كېلىپ كۆزگە چۈشىدۇ.

بەزىدە كاۋاك ئەسەبتە تۇرۇپ قالىدۇ، تۇرۇپ قالغىنى «توسالغۇ» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكىسى بىز ئېيتىدىغان سۇ چۈشۈش ئەمەس.

بەزىدە بۇ ھۆللۈك كاۋاك ئەسەبتىمۇ قالىدۇ. رەڭلىك قەۋەت تۆشۈكىگىمۇ چۈشىدۇ. بۇ ھالەتتە توسالغۇ، سۇ چۈشۈش بىللە بولىدۇ. توسالغۇ بىلەن سۇ چۈشۈشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى.

تاياق تەگكەندىن كېيىن يىقىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان توسالغۇ ۋە سۇ چۈشۈش ئالامىتى شۇكى، بۇ بىراقلا پەيدا بولىدۇ (ئاستا ـ ئاستا بولمايدۇ).

2. قويۇق كەيمۇسلاردىن بەدەن تولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇخاراتلار ئاجرىلىپ چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا بۇ تۆشۈككە چۈشىدۇ. ئاندىن ئوت خۇسۇسىيەتلىك قىسمى ئايرىلىپ كېتىپ، سۇيۇقلۇق غالىب بولسا، بۇخاراتلار قويۇق ھۆللۈككە ئايلىنىپ، كۆزنىڭ كۆرۈ-شىنى توسىدۇ.

3. قاتتىق كونا باش ئاغرىقى خۇسۇسەن شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش) پەيدا بولۇپ، بەك ئاغرىغانلىقتىن خىلتلارنى قىزىتىپ، ئەزانى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئاندىن بۇزۇق ھۆللۈكلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ھەرىكەتلىك تومۇرلار، كاۋاك پەيلەردىن كۆز تەرەپكە چۈشىدۇ.

4. ئادەتتىن تاشقىرى قۇسۇش يۈز بېرىپ، خىلتلارنىڭ قالايمىقان ھەرىكەتلەنگەن-لىكى، ماڭىدىغان يوللىرىنىڭ كېڭەيگەنلىكى سەۋەبىدىن كۆز تەرەپكە ھۆللۈك مايىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈشتۇمتۇت پەيدا بولىدۇ.

5. قاتتىق سوغۇق مۇھىت ۋە مىزاجنىڭ سوغۇقلۇقى بۇ كېسەللىككە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: قار، مۇز ۋە سوغۇقتا ئۇچرىغان كىشىگە شۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ.

6. ھەرخىل سەۋەبلەردىن كۆرۈش قۇۋۋەتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ. بۇ خىلدىكىسى قېرىلار ۋە ئۇزۇن كېسەل بولغان كىشىلەردە پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئالامىتى، پاشا، چىۋىن، قىل، ئوتنىڭ شولىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىيالىي نەرسىلەر كۆزگە كۆرۈنىدۇ.

**داۋالاش:**

يېڭى باشلىنىش ۋاقتىدا تېزدىن داۋالاش لازىم. ئاۋۋال باش ۋە كۆز ئەتراپىدىكى كېسەللىك ماددىلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەجلەر، كۇمىلاچلارنى بېرىش، شۇ جەرياندا كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇشنىمۇ كۆزدە تۇتۇش، پىشۇرماستىن تازىلاش ئېلىپ بارماسلىق كېرەك.

پىشۇرغۇچى ۋە سۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىشتە كېسەلنىڭ مىزاجىنى، قۇۋۋەتنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئىسسىق دورىلارنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىتىپ قويۇپ، باشقا بىر ئاپەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

كېسەلنىڭ قۇۋۋىتى ئوبدان بولسا، ئارقا ـ ئارقىدىن سۈرگۈ بېرىش لازىم. ئەگەر كېسەلنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قەنتەرىيۇن قايىنىتىلمىسى بىلەن ئايارەج پەيقىرا بېرىش لازىم.

تاماقلىرىغا قۇرۇق تاماقلارنى، مەسىلەن: كەكلىك، قىرغاۋۇللارنىڭ گۆشى، قورۇما، ياخشى پىشقان نانلارنى بېرىش، تاماقلىرىغا قوۋزاق دارچىن، سۆئتەر، ھىڭ، زەنجىۋىل، سۇداپ، ھۆل بەديان، ئاچچىقسۇ قاتارلىقلارنى سېلىپ بېرىشى لازىم.

بەدەن تولۇق تازىلانغاندىن كېيىن، كۆزنى روشەن قىلغۇچى، ماددىنى يۇمشاتقۇچى، سۇنى توسقۇچى ۋە يوقاتقۇچى دورىلارنى كۆزگە تارتىش كېرەك. مەسىلەن: شىيافى مىرارات (ئوتلار شىيافى) باسلىقۇن سۈرمىسىگە ئوخشاش سۈرمىلەرنى كۆزگە قارتىش ياكى ئۇسمىنىڭ ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ، سۈرمىگە ئوخشاش قىلىپ كۆزگە تارتسا، كۆزنى سۇ چۈشۈشتىن ساقلايدۇ ۋە چۈشكەن سۇنى تارقىتىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ئىچىدىغان كومىلاچ دورىلارنى چوڭ ـ چوڭ قىلىش لازىم. چۈنكى ئاشقازاندا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇش بىلەن ياخشى تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەگەردە بەدەننى قىزىتىپ قويۇش خەۋپى بولسا، ئىترىفىل كەشنىزگە ئايارەج قوشۇپ بېرىش بەك مەنپەئەتلىكتۇر. چۈشكۈرتكۈچى دورىلار گەرچە بۇ كېسەللىكتە مەنپەئەتلىك بولسىمۇ، لېكىن خەتىرى بار. چۈنكى چۈشكۈرۈك قاتتىق ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق كۆزگە سۇ چۈشۈشكە ياردەم بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا ئېيتقان چارە ـ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى كۆزگە سۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىشتا قوللىنىدىغان چارە ـ ئۇسۇللار بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار بىلەن ياخشى بولماستىن، كۆزگە سۇ چۈشۈپ، كۆرۈشى پۈتۈنلەي يوقالسا، ئۇ چاغدا قائىدە بويىچە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش لازىم.

# ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل  كۆك كۆزلۈك
## زرقه

**سەۋەبى:**

بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، توغما بولىدۇ. يەنە بىرى، كېيىن مەلۇم سەۋەب بىلەن پەيدا بولغان بولىدۇ. تۇغما كۆك كۆز بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى. يورۇقلۇقنىڭ سۇزۇك بولۇشى. قارىسمان ھۆللۈكنىڭ چوڭ بولۇشى. قارىسمان ھۆللۈكنىڭ ئۆسۈپ قېلىشى. كۆز ئېقى ھۆللۈكىنىڭ ئاز بولۇشى. كۆز ئېقى ھۆللۈكنىڭ سۇزۇك بولۇشى. رەڭدار قەۋەت قارىسىنىڭ ئاز بولۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كېيىن مەلۇم سەۋەبلەردىن كۆك كۆز بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

بىرىنچى، قارىسمان ھۆللۈكنىڭ پۈلتىيىپ قېلىشىدۇر. بۇ ھۆللۈكنىڭ پۈلتىيىپ قېلىشى ياكى ئەينەكسىمان ھۆللۈكنىڭ ئۆسۈپ قالغانلىقى ۋە ياكى قاتتىق قەۋتى، كۆز ئالمىسىنى ئوراپ تۇرغۇچى قەۋەت ياكى قان تومۇر قەۋتىدىكى ئىششىقتىن بولىدۇ. ئەينەكسىمان ھۆللۈك ئۆسۈپ قالسا ياكى بۇ قەۋەتكە ئىششىق پەيدا بولسا، قارىسمان ھۆللۈك سىقىلىپ سىرتقا چىقىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن كۆزنىڭ قارچۇقى كۆك كۆرۈنىدۇ.

ئىككىنچى، رەڭدار قەۋەتنىڭ مىزاجى قويۇق ھۆللۈكتىن ئۆزگىرىپ، بۇ قەۋەتنىڭ ئادەتتىكى قارىلىقى قالمايدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ ئەھۋالى شۇنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كىچىك بالىلارنىڭ يېشى تولۇشتىن ئىلگىرى ھۆللۈكلەر غالىب ۋە خام بولغان سەۋەبتىن كۆپىنچە كىچىك بالىلارنىڭ كۆزلىرى يېشىل كۆك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يېشى توشۇپ، ھارارەت كۈچلىنىپ، بۇ ھۆللۈكلەرنىڭ بەزىسى تارقاپ كېتىپ، قالدۇقلىرى پىشىپ ئۇزۇق بولۇشغا لايىقلاشقانلىقى ئۈچۈن كۆز قارچۇقىنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ. كۆزنىڭ بۇ خىلدىكى كۆكلىكى بىلەن سۇ چۈشكەن سەۋەبتىن بولغان كۆكلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا سۇ چۈشكەندىن بولغان كۆكلىكتەكۆزنىڭ كۆرۈشى يوقىلىدۇ. بۇ ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن ساقىيىدۇ. يەنە سۇ چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىتلاردا كۆزگە ھەرخىل خىيالىي نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ.

ئۈچىنچى، كۆزنىڭ قارا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان پىشىق ھۆللۈكلەر تارقاپ كەتكەن سەۋەبتىن كۆزنىڭ قارچۇقى كۆك كۆرۈنىدۇ. ئۆسمۈلۈكلەرنىڭ ئەھۋالى شۇنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆسمۈلۈكلەردىكى ھۆللۈكلەر قۇرۇغاندا ئاقىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى، بەدەنني خوراتقۇچى كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرى-

غان كېسەللەرنىڭ كۆزلىرى ئەسلىدىكى بار ھۆللۈكى تارقاپ كەتكەن سەۋەبتىن كۆكىرىپ قالىدۇ.

بۇ خىلدىكى كۆك كۆز كېسەللىكى مۇڭگۇزسىمان قەۋەتنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، كۆزنىڭ كۆرۈشىنى يوقىتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن كۆزنىڭ قۇرۇقلۇقىدۇر.

بۇ خىلدىكى زەرقە كېسەللىكى بىلەن سۇ چۈشكەندىن بولغان كۆك كۆز لىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، بۇنىڭدا كۆزگە كۆرۈنىدىغان خىيالىي نەرسىلەر بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئوپېراتسىيە قىلىشمۇ كەتمەيدۇ. بۇ خىلدىكىدە كۆز قۇرۇق بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەينەكسىمان ھۆللۈك ئۆسۈپ قېلىش بىلەن قارسىمان ھۆللۈكى پۈلتايغان سەۋەبتىن پەيدا بولغان كۆك كۆزلۈك (زەرقە) نىڭ ئەڭ ياخشى چارە - ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

كېسەلنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، ئاچچىق بادام يېغى، ئابدىلمىلىك يېغى قاتارلىقلار- نى بۇرنىغا تېمىتىش ۋە شادىنەج، پىلپىل، زەنجىۋىل، كۆپۈكى دەريا، سېرىق ھېلىلىلەر- گە ئوخشاش مۇناسىپ دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

كېسەلنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، سوغۇق نەرسىلەرنى مەسىلەن: سەمغى ئەرەبى ۋە باشقا سوغۇق ياغلارنى بۇرنىغا تېمىتىش ۋە قارا سۇرمە، تۇتىيا، تاباشىرلارنى كۆزگە تارتىش لازىم. بۇلار ھۆللۈكنى سوغۇقتىن بولغىنى ياكى ئىسسىقتىن بولغىنى بولسۇن تارتىپ قۇرۇتىدۇ. بۇرنىغا گۈل يېغىنى تېمىتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

رەڭدار قەۋەتنىڭ مىزاجى قويۇق ھۆللۈكتىن ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج لوغانىزيالارغا ئوخشاش كۈچلۈك ئايارەجلەر بىلەن بەدەننى تازىلاش، مېڭىنى تازىلايدىغان غار - غارلارنى ئىشلىتىش، مېڭىنى قىزىتقۇچى نەرسىلەر بىلەن چۈشكۈرتۈش لازىم. مىزاجىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىسسىق مەجۇنلەرنى بېرىش، زەپەرنى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تارتىش لازىم.

كۆزنىڭ قارا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ھۆللۈكلەر تارقاپ كەتكەن بولسا داۋالاشتا قايسى ئۇسۇل بىلەن بولسۇن، مۇمكىنقەدەر كۆزنى ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

كۆزنىڭ كۆكلىكى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن زەپەر يېغى كۆزنىڭ كۆكلىكىنى قاراي- تىشتا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۇرمە چوكىسىنى ھۆل شەھمەنزەل (ئاچچىقتاۋۇز) گە تۆكۈپ كۆزگە تارتىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل كۆرۈش ئاجىزلىقى
## ضعف بصر

**تونۇش:**

كۆرۈش ئاجىزلىقى بىر خىل كۆز كېسەللىكى بولۇپ، كۆزنىڭ كۆرۈشىدە يېتەرسىز-

لىك كۆرۈلىدۇ. ھەر نەرسىنى ئۆز ئەينى بويىچە كۆرەلمەيدۇ ياكى بىر نەرسىنى كۆرۈشتا خاتا كۆرىدۇ. مەسىلەن: چوڭ نەرسىنى كىچىك ۋە كىچىك نەرسىنى چوڭ، قارىنى كۆك، كۆكنى قارا، ئۇزۇننى قىسقا، قىسقىنى ئۇزۇن، تۈز نەرسىنى ئەگرى، ئەگرى نەرسىنى تۈز كۆرىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇنى داۋالاشنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف بصر بلغمي

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىنى ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن دەپمۇ ئاتايدۇ. ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن مىزاجنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ روھىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ ۋە خىلتلارنى توشلىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روھنىڭ مىزاجى بۇزۇلغان سەۋەبتىن كۆرۈش ئەزالىرىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ. كۆزنىڭ بۇلۇڭلىرىغا ئازراق چاپاق يىغىلىدۇ. كۆزنىڭ جىسمى ساقلىق ھالىتىگە نىسبەتەن چوڭراق كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدا كۆز ئاغرىش، قىزىرىشلار بولمايدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن، ئۇخلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە سىيىق كېكىرىش ھالىتىدە كۆزدىكى ئاجىزلىق زىيادە بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن سۈرگۈچى كۆمىلاچلارنى بېرىش، مۇۋاپىق نەرسىلەر بىلەن غار ـ غار قىلىش ۋە مەستىكىلەرنى چايناش، مېڭە تازىلانغاندىن كېيىن ئىپار چۈشكەن باسلىقۇن سۈرمىسى، رۇشنائى كەبىرلەرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

### 2. ماددىسىز سوغۇقتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف بصر بارد ساذج

ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج ئۆزگەرگەنلىكتىن كۆزدە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ. ساقلىق ھالىتىگە نىسبەتەن كۆزنىڭ ھەجمىدە يېتەرسىزلىك كۆرۈلىدۇ. چۈنكى سوغۇقلۇق ھۆللۈكلەرنى توشلىتىپ، ئەزالىرىنى يىغىپ، قورۇپ قويىدۇ، كۆزنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولىدۇ، كۆز سىرتقى شىرنىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ماددىسىز سوغۇقتىن ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا مېڭىنىڭ مىزاجىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مېكىيان توخۇلارنىڭ گۆشىنى تاۋدا كاۋاپ قىلىپ ياكى نوقۇت، قوۋزاقداچىنلار بىلەن پىشۇرۇپ يېيىش لازىم. يەسمەن يېغىنى بۇرنىغا تېمىتىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۇسۇملۇكلەرنى قايىنتىپ، ھورىنى بېشىغا ئېلىپ تەرلىنىش، كۆزگە تارتىش لازىم.

سېرىق ھېلىلە، تۇتىيا، ئۇد ھىندى ھەربىرى 14 گىرمدىن، ئاقمۇچ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى سەككىز گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف قىلىپ كۆزگە تارتىش ياكى زەنكار توققۇز گىرام، كۆيدۈرۈلگەن قەلقاتار (سېرىق زاك) 17 گىرام، ئاق توغرىغۇ (بۆرە ئەرمىنى)، كۆپۈكى دەريا، قىزىل زەرنىخ ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، نۇشۇدۇر ئىككى گىرام، ئۇشەق تۆت گىرام ئېلىپ، ئۇشەقتىن باشقا دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇشەقنى مۇۋاپىق سۇغا چىلاپ ئېرىتىپ، سۈزۈپ سۈيى بىلەن قالغان سوقۇپ دورىلارنى شۇنىڭ بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف تەييارلايدۇ.

### 3. ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف بصر حار ساذج

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج ئۆزگەرگەنلىكتىن كۆزدە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ. ھارارەت ھۆللۈكلەرنى قىزىتىپ، ھەجمىنى كۆپەيتىپ قويىدۇ. ئاندىن كۆزنىڭ كۆرۈش ئەزالىرى سوزۇلۇپ چوڭىيىپ، كۆزنىڭ كۆرۈشكە نۇقسان يېتىپ ئاجىزلىشىدۇ. كۆز ئېسىلەڭگۈ، قىزىل ۋە قىزىق كۆرۈنىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا، مەتبۇخى ھېلىلە (ھېلىلە قاينىتىلمىسى) ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش، شور ۋە ئۆتكۈر نەرسىلەردىن پىياز، كۇدە، بادرۇج (بىر خىل رەيھان) لاردىن ۋە باشقا بۇخارات پەيدا قىلىغۇچى ھەرخىل نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم. بەدەننى ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىغاندىن كېيىن، كۆزنىڭ ئۆزىنى تازىلاش ئۈچۈن ياش ئاقتۇرغۇچى دورىلارنى مەسىلەن: تۆۋەندىكى بۇرۇدى ھەسرەمنى كۆزگە تارتىش كېرەك.

بۇرۇدى ھەسرەمنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

ھاجەتكە لايىق تۇتىيانى ئېلىپ، ئۈزۈم غورىسىنىڭ سۈيىگە چىلاپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، ئاندىن يەنە يۇمشاق ئېزىپ، ئىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋاپىق ھالدا كۆزگە تارتىلىدۇ ۋە يەنە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى تۇتىيا بىلەن بىللە بۇ سۇغا چىلاپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. بۇنى ئىشلىتىش ۋە تەييارلاش ئۇسۇللىرى «قارا بادىن قادىرى» كىتابلىرىدا يېزىلغان.

### 4. ئۆتكۈر ئىسسىقلىقتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف بصر حار شديد

ئۆتكۈر ئىسسىقلىقتىن مىزاج ئۆزگىرىش، ھارارەت بەك ئارتۇق بولغان سەۋەبتىن

كۆزنىڭ كۆرۈش ئەزالىرىنى قىزىتىپ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈش روھى كېمىيىپ قېلىپ، يىراقتىكى نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. كۆز ئۇرۇق بولىدۇ، تېگىگە ئولتۇرۇشۇپ قالىدۇ. كۆزدىن، بۇرنىدىن ھۆللۈك ئاز كېلىدۇ. قورساق ئاچ، ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتلاردا، ئىچ سۈرگەندىن كېيىن كۆز ئاجىزلىقى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. تاماق يېگەندىن كېيىن، ئۇيقۇدىن كېيىن ئاجىزلىقى يېنىكلىشىدۇ.

باشقا كۆز كېسەللىكلىرىدە ئىبتىلغان ھۆللەشتۇرگۈچى، سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش. بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغىغا ئوخشاش ھۆل سوغۇق ياغلار بىلەن بېشىنى ياغلاش، ھەمدە بۇرنىغا تېمىتىش، تاتلىق بادام يېغىنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى كۆزگە تېمىتىش لازىم. شارابقا سۈنى كۆپ قوشۇپ ئىچسىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. شارابقا سۈنى كۆپ قوشۇشنىڭ سەۋەبى ھۆللەشتۇرۇش تەسىرىنى كۆپەيتىپ، قىزىتىش تەسىرىنى كېمەيتىش ئۈچۈندۇر.

**5. قويۇق بۇخارلاردىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:**

*علاج ضعف بصر ريحى*

كۆزدە ھېچبىر كېسەللىك بولمايدۇ. بەلكى كېسەللىك ئاشقازاندا بولىدۇ. ئاشقازاندىن قويۇق بۇخارلار چىقىپ، مېڭە تەرەپكە ئۆرلەپ، كۆز ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. كۆز ئاجىزلىقى داۋاملىق بولمايدۇ. بەلكى قورساق بەك تويۇپ، تاماق ھەزىم بولمىغان ۋاقىتدا كۆزدە ئاجىزلىق كۆرۈلىدۇ، قورساق ئاچ ۋاقىتدا ئاجىزلىق بولمايدۇ.

قويۇق بۇخارلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئاشقازاننى تازىلاش ۋە جاۋارىشلار بىلەن ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش لازىم.

**6. بەدەن سوۋۇپ كەتكەنلىكتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:**

*علاج ضعف بصر از بردت بدن*

بەدەندىكى تەبىئىي ھارارەت ئاجىزلىشىپ، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى پىشۇرۇشتا يېتەرسىزلىك ۋە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. ناچار بۇخارلار كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ مىزاجىدا، تۇيغۇ قۇۋۋىتىدە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى كۆز ئاجىزلىقى مەخسۇس قېرى كىشىلەردە ئۇچرايدۇ.

بەدەن سوۋۇپ كەتكەنلىكتىن بولغان بولسا داۋالاشتا: يوقالغان ھارارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى كۆز ئاجىزلىقى كۆپىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن داۋالاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، مېڭە تازىلانغاندىن كېيىن شادىنەج، كۆپۈكى دەريا، سېرىق ھېلىلىلەرنى سۈرمىگە ئوخشاش سوقۇپ كۆزگە تارتىش.

## 7. ھۆللۈكنىڭ تۇتۇقلىششىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف بصر ازكدرت رطوبت

كۆز ئېقىنىڭ ھۆللۈكى تۇتۇقلىشىپ، سۈزۈكلۈكى كېمەيگەن سەۋەبتىن مۇزسىمان ھۆللۈكنىڭ نۇرى تاشقى تەرەپكە ئۆتۇشتە، سۇرەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈشىدە توسالغۇ بولىدۇ. كۆز ئېقى ھۆللۈكىنىڭ تۇتۇقلىشىشىنىڭ ئۈچ خىل سەۋەبى بار:

بىرىنچى سەۋەبى، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتلار بەدەندە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن سەۋدا خۇسۇسىيەتلىك قويۇق بۇخاراتلار مېڭە تەرەپكە چىقىپ، ئۇ يەردىن كۆزگە چۈشۈپ، كۆز ئېقى ھۆللۈكىگە يىغىلىپ، ئۆزىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن شۇ ھۆللۈكنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى، ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن پۈتۈن بەدەننىڭ تەركىبىدىن بولۇپمۇ مېڭىدىن ئوزۇقنىڭ جەۋھىرى چىقىپ كېتىپ مېڭىنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ. كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرى ۋە كۆزنىڭ ئوزۇقى مېڭە ھۆللۈكلىرى ۋە مېڭە ئوزۇقلىرىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېڭە قۇرۇسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆز قۇرۇيدۇ. ئاندىن كۆز ئېقى ھۆللۈكى يىغىلىپ قويۇقلىشىدۇ. يورۇقلۇق يوقىلىدۇ. قۇرۇقلۇق كۆپ بولسا، ھېچنەرسە كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر ئاز بولسا، بىر قارا پەردىنى كۆزگە تارتىپ قويغاندەك كۆرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەبى، يېمەك - ئىچمەك ئادەتنىڭ توغرا بولماسلىقى، داۋاملىق كېچىدە تاماق يېيىش بىلەن ھەزىم بۇزۇلۇپ، يېگەن تاماقنى ھەزىم قىلىشى يېتەرسىز بولغانلىق-تىن، بەدەنگە ئارتۇق ھۆللۈكلەر پەيدا بولۇپ كۆز ئېقى ھۆللۈكنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. كېسەل كۆز ئالدىدا قارا پەردە تۇرغاندەك كۆرىدۇ. ئاسمان تەرەپكە قارىسا، يەر تەرەپكە قارىغانغا نىسبەتەن سۈزۈك ۋە روشەن كۆرۈنىدۇ.

كۆز ئېقىنىڭ ھۆللۈكى تۇتۇقلىشىپ سۈزۈكلۈكى كېمەيگەن سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا: بۇ كېسەللىك بەدەن سەۋدا جىنسلىق خىلتلاردىن تولغانلىقتىن بولسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە مەتبۇخى غارىقۇنلار ئارقىلىق خىلتلارنى بەدەندىن تازىلاش، زەرەرلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم.

بۇ كېسەللىك جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلغانلىقتىن بولسا، مېڭىنى ھۆللەشتۈ-رۈشكە تىرىشىش، جىنسىي ئالاقىدىن ساقلىنىش ۋە باشقا ئىستىفراغلاردىنمۇ ساقلىنىش لازىم.

دېمەك، ھۆللەشتۈرۈش بولسۇن ياكى قۇرۇتۇش بولسۇن، سەۋەبكە قارىتا چارە قىلىش لازىم.

## 8. سەۋدا خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:
علاج ضعف بصر از رطوبت سوداوی

كۆزنىڭ مۇزسىمان ھۆللۈكى تۇتۇقلاشقانلىقتىن كۆز ئاجىزلىشىدۇ. بۇ ھۆللۈكنىڭ تۇتۇقلىشىشىنىڭ سەۋەبى، سەۋدا خۇسۇسىيەتلىك سېسىق ھۆللۈكلەر بولۇپ، بۇ ھۆللۈكلەر مېڭە تەرەپتىن ئېقىپ چۈشكەندە ئاز قىسمى نۇرسىمان ھۆللۈككە قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇتۇقلىشىدۇ. تۇراقسىز كۆز قارىيىدۇ، ھەتتاكى قارالغان نەرسىنىڭ سۇرىتى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقتىمۇ كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆزنىڭ نۇرى چېچىلىپ كېتىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ھېچبىرى كۆرۈنمەيدۇ.

سەۋدا خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا:

قارا ھېلىلە 28 گرام، چالا سوقۇلغان پىستىپايەج 14 گرام، سېرىق ئوت 25 گرام، سانا، ئۇستۇقۇددۇس ھەربىرى 20 گرامدىن، قىزىلگۈل 11 گرام، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا ھەر بىرى 10 گرام، رۇم بەديان، ئارپىبەدىيان ھەر بىرى 18 گرامدىن ئۈستى قىرىلغان ئاق تۇربۇت ئۈچ گرام، زەنجىۋىل ئىككى گرام ئېلىپ مەتبۇخ تەييارلاپ، غارىقۇن، ھەجرى ئەرمىنى، ھەجرى لاجۇۋەرد، لاھۇر تۇزى ھەر بىرى بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، مەزكۇر تەييارلانغان دورا بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

## 9. ھەر نەرسىنىڭ كىچىك كۆرۈنۈشىنى داۋالاش:
علاج بصر تصغر شیئ

ھەر قانداق نەرسىنى يېقىندىن كۆرۈشتە ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلى مىقدارىدىن كىچىك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە يېقىندىن كىچىك كۆرۈنىدۇ دېگەنلىك، يىراقتىن قارىغاندا ھەرقانداق چوڭ نەرسىنىڭ كىچىك كۆرۈنۈشى تەبىئىي ئەھۋال، بۇ كېسەللىك ئەمەس.

كاۋاك ئەسەبنىڭ سىقىلىپ - تارىيىپ قېلىشىدۇر. بۇنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار بولۇپ، بىرى، كۆزدىكى ئىششىق، ئىككىنچىسى، توسالغۇ، ئۈچىنچىسى، كۆزدىكى قۇرۇقلۇق-تۇر.

ھەر نەرسىنىڭ كىچىك كۆرۈنۈشنى داۋالاشتا:

ئەگەر كاۋاك ئەسەب تارلىقى قۇرۇقلۇقتىن بولۇپ، كاۋاك پەيىنى سىقىپ قويۇش بىلەن كاۋاك پەي تولۇقسىز توسالغان بولسا، ئۇ ھالەتتە ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش، كاۋاك ئەسەبنىڭ سىقىلىشى ھۆللۈكتىن بولسا، ھۆللۈكنى تازىلاش ۋە قۇرۇتۇش لازىم. (بۇ ھۆللۈك مەيلى ئىششىق پەيدا قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن).

### 10. ھەر نەرسىنىڭ چوڭ كۆرۈنۈشىنى داۋالاش:

علاج بصر تکبر شیئ

بەك يېقىن ياكى بەك يىراق بولمىغان ئوتتۇرىچە مۇساپىدىن كىچىك نەرسە چوڭ كۆرۈنىدۇ. كۆرۈنگەن نەرسە كۆزگە بەك يېقىن بولسا، ھەممە كىشىلەرگە ھەرقانداق كىچىك نەرسىمۇ چوڭ كۆرۈنۈشى تەبىئىي ئەھۋال. مەسىلەن: بىر ئۈزۈكنى كۆزگە تازا يېقىن قىلىپ قارالسا، ئۇنىڭ ھالقىسى بىلەزۈكتەك كەڭ كۆرۈنىدۇ.

باشنى، ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەجلەرنى بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن كېسەللىككە سەۋەبچى بولغان ھۆللۈكلەر يوقىلىدۇ. باشنى، ئاشقازاننى تازىلىغاندىن كېيىن كۆز قاتلاملىرىنى تازىلاش ئۈچۈن باسلىقۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياش ئاقتۇرغۇچى سۈرمىلەرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

### 11. روھ ئاجىزلىقىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

ضعف بصر از ضعف روحی

ساق چاغدا تولۇق كۆرەلەيدىغان يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى ئوبدان كۆرەلمەيدىغان بولۇپ، كۆز ئاجىزلىشىدۇ، يېقىندىن تۇرۇشتا ھېچقانداق كەمچىلىك كۆرۈلمەيدۇ.

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ روھى كېمەيگەنلىكى ۋە سۇيۇق بولغانلىقى ئۈچۈن يىراق جايغا تولۇق بارالماي تارقاپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا كۆرۈشتە ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىك پەيدا بولىدۇ.

روھ ئاجىزلىقىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا:

بەدەننى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن پاقلاننىڭ ئوغلاقنىڭ، سېمىز مېكىياننىڭ گۆشلىرىنى، ئىللىتقان تۇخۇمنى ئىستېمال قىلىش، ئىلمان، تاتلىق سۇ بىلەن بەدەننى يۇيۇش، مۇنچىغا بېرىش، بىنەپشە يېغى، نېلۇپەر يېغى، قاپاق يېغىغا ئوخشاش ھۆللەشتۈرگۈچى ياغلار بىلەن بېشنى ياغلاش لازىم. دىمەك كېسەلنىڭ مىزاجىغا مۇناسىپ ئۇسۇل، چارىلەر بىلەن روھنى قۇيۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

### 12. روھقا بۇخاراتلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

ضعف بصر از اختلاط بخارات به روح

كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ھاسىل بولغان روھلار بۇخاراتلارغا ئارىلىشىپ قالىدۇ. ئاندىن روھ قانچىكى يىراقراق ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان بۇخاراتلار تارقايدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن ئۇ يىراقتىكى نەرسىنى ئوبدان كۆرەلەيدۇ.

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى روھقا بۇخاراتلارنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بولغان كۆرۈش ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا:

بەدەندىن بۇخارات ماددىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان بۇزۇق ھۆللۆكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئايارەج پەيقىرا بېرىش، ھۆللۆكنى كۆپەيتكۈچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش، كوھلى رۇشنا-ئىنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى پەسىل قاراڭغۇلۇقتا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن بولغان كورلۇق

## ذهاب بصر از جلوس مظلمه

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئادەم ئۇزۇن زامانغىچە قاراڭغۇ جايدا ئولتۇرۇپ يورۇقلۇقنى كۆرمەيدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن يورۇقلۇقتا تارقاپ كېتىدىغان قويۇق بۇخارات ۋە ھۆللۆكلەر تارقىمايدۇ. بۇ ھۆللۆك ۋە بۇخاراتلارنى يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى سەۋەب بولمىغانلىقتىن، ئەسلى ھۆللۆكلەر ۋە سىرتقى ھۆللۆكلەرنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن كۆز قاتلاملىرى قويۇقلىشىپ، نۇرنىڭ ماڭىدىغان يولى توسۇلىدۇ. بەزىدە ئارتۇق ھۆللۆك يىغىلغان سەۋەبتىن كۆز ئېقى ھۆللۆكى قويۇق، تۇتۇق، قارا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدۇ.

يەنە بىرى، بىر ئادەم ئۇزۇن زامان بىر قاراڭغۇ جايدا ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ جايدىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يورۇقلۇقنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان كۆز نۇرى سىرتتىكى نۇر بىلەن قوشۇلۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ھەرىكەت بىلەن چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆز رەڭلىك قەۋەتتىكى تۆشۈكى كېڭىيىدۇ. بۇ تۆشۈككە كىرىش بىلەن نۇر چېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە، كۆز نۇرى كۈن نۇرىدىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۈن نۇرى قاتۇرۇپ قويىدۇ (مەسىلەن: چىراغنىڭ نۇرى ئاز ۋە ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇنى كۈننىڭ نۇرى بېسىۋالغانغا ئوخشاش).

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىك كۆز نۇرى تۇتۇقلاشقان ياكى نۇرنىڭ يوللىرى توسالغان ياكى كۆز ئېقى ھۆللۆكى قارايغان سەۋەبتىن بولسا، سۈرمە باسلىقۇن، شىيافى مىرارات (ئۆتلەر شىيافى) گە ئوخشاش دورىلارنى كۆزگە تارتىش، رەئىس ئەزالىرىنى ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى تاماقلارنى ۋە مەجۇنلەرنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى قاراڭغۇ جايدىن ئۇشتۇمتۇت يورۇقلۇققا چىققانلىق بولسا، كۈننىڭ نۇرىغا قارىماسلىق، يۈزگە ھاۋا رەڭلىك چۈمبەل سېلىۋېلىش، ئىككەلە-گەن قوغۇشۇن تالقىنىغا قاراپ تۇرۇش، تاماقنى ياخشىلاش، كېچىدە تاماق يېمەسلىك، قورساقنى ئاچ قويۇشتىن، جىنسىي ئالاقىدىن ساقلىنىش لازىم.

## قىرىقىنچى پەسىل كۆزنىڭ تۇغما كىچىك ۋە ئاجىزلىقى

## صغر عين وضعف خلقى

سەۋەبى :

مۇڭگۇزسىمان قەۋەت، رەڭلىك قەۋەت ئەسلى تۇغۇلۇشىدا سۇيۇق ۋە شالاڭ بولۇش ياكى كۆز ئېقى هۆللۇكى تۇغۇلۇشتا ئاز بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

هاۋا ئوچۇق كۈندۈزدە كۆرۈشى ئاجىز بولىدۇ. كۈن كىرىپ كەتكەندە، هاۋا بۇزۇق، تۇتۇق بولغان كۈنلەردە هېچقانداق نورمالسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ.

بەزى كىشىلەردە كېسەللىكنىڭ ئالامىتى يەڭگىل بولىدۇ. هاۋا ئوچۇق بولغان كۈنلەردىمۇ سايە جايدا ئوبدان كۆرەلەيدۇ. لېكىن كۈننىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان جايدا كۆرۈشىدە ئاجىزلىق بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ خىلدىكى كېسەللىككە چارە قىلىش قىيىنراق. لېكىن يورۇق، روشەن نەرسىلەرگە قاراشتا كۆزنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن كۆزنىڭ چاناق ۋە قاتلاملىرىنى قارايتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىنەپشە يېغىنىڭ تۈتۈنىنى كۆزگە تارتىش كېرەك.

بىنەپشە يېغىنىڭ تۈتۈنىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى: ئاق پاختىدىن پىلىك ياساپ، بىر پىيالىغا بىنەپشە يېغىنى قويۇپ، پىلىكنى ياغقا چىلاپ، بىر ئۇچىغا ئوت يېقىپ، ئۈستىگە بىر چىنىنى دۈم قىلىپ ئېسىپ قويۇلسا، ئىس يۇقىرىدىكى چىنىغا ئورنايدۇ، شۇنى ئېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

كۆپىنچە هۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كېسەلدە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولۇش بىلەن بىللە كۆز چاناقلىرى سولىشىدۇ. مۇۋاپىق داۋالاش بىلەن بۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنى ئاۋۋال ئومۇمىيۇزلۇك بەدەننى تازىلاش، ئارقىدىن باشنى تازىلاش كېرەك. ئاندىن كۆزنى قۇۋۋەتلەش، هۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، كۆز قاتلاملىرىنى تازىلاش ئۈچۈن تۇتىيايى هىندى، سۈرمە ئىسپەهانى، گۈلنارنىڭ كۈلى، ئاس يوپۇرمىقىنىڭ كۈلى قاتارلىقلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## قىرىق بىرىنچى پەسىل    كۆز تورلىشىش

### قمور

تونۇش:

كۆز تورلىشىش قارىغا ۋە ھەرخىل كۈچلۈك يورۇقلارغا كۆپ قارىغانلىقتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

ئالامىتى:

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ ۋە بەزىدە كۆرۈش قۇۋۋىتى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بەزىدە بۇ دەرىجىگە يەتمەيدۇ. كۆز ئاجىزلىغانلىقتىن يىراقتىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلالمايدۇ. ئەمما يېقىندىن كۆرەلەيدۇ. ھەر قانداق رەڭدىكى نەرسىنى كۆرسە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاقلىق باردەك خىيال قىلىدۇ.

داۋالاش:

يۈزىگە قارا لاتىنى ئېسىپ قويۇش، قارا كىيىم كىيىش، داۋاملىق نەزىرى چۈشۈپ تۇرغۇدەك بىر قارا ياغلىقنى كۆزنىڭ ئاستىغىچە تېڭىپ قويۇش لازىم. ھەممىدىن ياخشىرا قىئۇسۇل شۈكى، قارا يۇڭدىن توقۇلغان چۈمپەردىنى كۆزىگە تارتىش لازىم.

كۆز قاتلاملىرىنى بوشاشتۇرۇش، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆزگە سۈت تېمىتىش لازىم.

بۇ كېسەللىك قارىغا كۆپ قارىغاندىن بولسا، كۆزنى ھۆللەشتۈرۈش، كۆز قاتلاملىرىنى يۇمشىتىش، ئەزالاردىن ئۇششاق تۆشۈكلەرنى ئېچىش ئۈچۈن قىزىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

## قىرىق ئىككىنچى پەسىل    كۆز يىگلەش

### سل العين

تونۇش:

كۆز يىگلەش بىر خىل كۆز كېسەللىكى بولۇپ، بەزىدە كۆزنىڭ قارچۇقى بەك ئورۇقلاپ، ئۈستىدىكى قاپاقلىرى يومۇلۇپ قېلىشىغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. بەزىدە قۇرۇق-لۇق غەلىبە قىلىش، كۆز ھۆللۈكلىرىنىڭ ساپ، سۈزۈكلۈكى يوقىلىش سەۋەبىدىن كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن بىللە كۆز ئاجىزلىقمۇ

بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ياشلاردا ياكى ياشانغانلاردا بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنى ئىككى خىلغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز:

بىرىنچى خىلى: ياشانغانلاردىكى كۆز ئورۇقلاش كېسەللىكى بولۇپ، بۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ياشانغانلارنىڭ ئەزالىرىغا ئورۇنلاشقان ئەسلى ھۆللۈكلەر كېمەيگەن سەۋەبتىن بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى: ياشلاردا ئۇچرايدىغان كۆز ئورۇقلاش كېسەللىكى بولۇپ، بۇ خىلدىكىسى كەم ئۇچرايدۇ. كۆپرەك بىر كۆزدە بولىدۇ. ئىككى كۆزدە بولۇشى بەك ئاز ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەينەكسىمان ھۆللۈكتە ياكى مۇزسىمان ھۆللۈكتە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

قېرىلارنىڭ ئەزالىرىدىن يوقالغان ئەسلى ھۆللۈكنىڭ ئورنىغا ھۆللۈك پەيدا قىلىش قىيىن بولغان سەۋەبتىن بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كېسەللىكنىڭ ئېغىرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەزالارغا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورا ۋە يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش ئەزالارنى قۇرۇتقۇچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش بەك مۇھىمدۇر.

ياشلاردىكى كۆز (يېگىلەش) ئورۇقلاشنى داۋالاشتا:

مەزكۇر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۆز ئالمىسىنى ئوراپ تۇرغۇچى قەۋەتىدە ياكى كۆزنىڭ قان تومۇر قەۋىتىنىڭ تومۇرلىرىغا توسالغۇ پەيدا بولغان سەۋەبتىن بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ، توسالغۇنى ئېچىشقا تىرىشىش، ئاندىن ئومۇمىي بەدەننىڭ ۋە باشنىڭ مىزاجىنى ھۆللەشتۈرۈش لازىم. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى توسالغۇدىن بولمىسا، پەقەتلا مىزاجىنى ھۆللەشتۈرۈش، ھۆللەشتۈرگەندە تولۇق ھۆللەشتۈرۈش لازىم. چىقىرىش (ئىستىفراغ) ۋە ئېغىر جىسمانى ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش لازىم.

## قىرىق ئۈچىنچى پەسىل كۆز قارىسىنىڭ پۈلتىيىپ قېلىشى

**سەۋەبى:**

بىرىنچى سەۋەبى، يەل ماددىسى ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلت كۆز تەركىبىدە پەيدا بولىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن كۆزنىڭ قارىسى تولۇپ، ئېسىلىپ سىرتقى تەرەپكە چىقىپ

قالىدۇ.

كۆزنىڭ قارچۇقى پۈلتىيىپ قېلىش بىلەن بىللە كۆزنىڭ ھەجمى چوڭ بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي خىلىت بولسا، ئېغىرلىقمۇ سېزىلىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى، كۆزنى سىققۇچى بىرەر سەۋەب ئارقىلىق قارچۇقى تاشقىرى تەرەپكە چىقىدۇ.

مەسىلەن: گال بوغۇلۇش، قاتتىق باش ئاغرىش، قەي قىلىش، قاتتىق ۋارقىراش، تۇغۇتتا قاتتىق تولغاق تۇتۇش، تولغاق كېسەللىكى ۋە نەپەسنىڭ سىقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن كۆزدە بىر خىل سوزۇلۇپ قېتىپ قېلىش (تەمەددۇد) بولۇپ، كۆزنى ئارقىسىدىن تاشقىرى تەرەپكە ئىتتىرگەندەك سېزىلىدۇ. كۆز قارچۇقىنىڭ سىرتتىن قېقىلىشىدا بۇ سەۋەبلەر بىلەن بىللە كېسەللىك ماددىمۇ ياردەمچى بولسا، بۇ ھالدا كۆز چوڭ كۆرۈنىدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەبى: كۆزنىڭ قارچۇقىنىڭ بېغى ۋە باغلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى سېرىق-ئەتلەر بوششىپ قالغانلىقتىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇنىڭدا كۆز چوڭىيىپ قالمايدۇ. لېكىن كۆز ئالمىسى ئىختىيارسىز ھالدا تىترەپ ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە بەزىلىرىدە كۆز سىرتىغا پۈلتىيىپ چىقىپ قالىدۇ.

**داۋالاش:**

يەل ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولغان كۆز قارىسىنىڭ پۈلتىيىپ چىقىپ قېلىشىنى داۋالاشتا:

بۇ كېسەللىككە سەۋەب بولغان ماددىغا قاراپ ھەمەل (ھۇقنە) ۋە سۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش، كېسەللىك ماددىسىنى تازىلىغاندىن كېيىن كۆزنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ۋە كۆزنىڭ پۈلتىيىشىدىن، كېسەللىك ماددىسىنى قوبۇل قىلىشىدىن توسۇش ئۈچۈن ياش ئاقتۇرغۇچى، قورۇغۇچى (قابىز) دورىلاردىن سىماق ھاجەتكە لايىق، قەلىيە، سەپراب توققۇز گرام، كاپۇر، كەترا بىر گرامدىن ئېلىپ قائىدە بويىچە شىياف تەييارلاپ كۆزگە تارتىش لازىم.

كۆزنى بىرەر نەرسە سىقىشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا ئالدى بىلەن سەۋەبىنى يوقىتىش.

مەزكۇر كېسەلنىڭ سەۋەبى يوقىتىلسىمۇ بۇ كېسەللىك (كۆز قارىقىنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرۇشى) ياخشىلانمىسا، بىر پارچە قوغۇشۇننى ياكى سۈرمە سۈفۈپى بىلەن تولدۇرۇلغان بىر دانە كىچىك خالتىنى پاكىز لاتىغا ئوراپ كۆزگە رۇس قويۇپ تېڭىش، كېسەلنى ئوڭدا ياتقۇزۇش، ئانار پوستى، ئاقاقىيا، گۈللەيق (ياپرىقى ۋە گۈلى قىزىلگۈلگە ئوخشايدىغان بىر خىل گۈل). لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسىگە ئوخشاش قورۇغۇچى (قابىز) دورىلارنى كۆزگە تېڭىش، كۆز ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەش ۋە يىغىش ئۈچۈن سوغۇق سۇ بىلەن

يۈزنى يۇيۇش لازىم.

ئەگەر گۈلنار، زەيتۇن ياپرىقى، كۆكنار ياپرىقىغا ئوخشاش قورۇغۇچى نەرسىلەرنى سۇدا قاينىتىپ، شۇ سۇنى سوۋۇتۇپ يۈزنى يۇسا، كۆزنىڭ ئەزالىرىنى يىغىشى كۈچلۈك، مەنپەئەتى تېزراق بولىدۇ.

كۆزنىڭ قارىقىنىڭ بېغى ۋە باغلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى سېرىقئەتلەر بوششىپ قالغانلىقتىن بولغان كۆز قارىشىنىڭ يۇلتىيىپ چىقىۋېلىشىنى داۋالاشتا:

باغلارنى بوشاشتۇرغۇچى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئايارەجلەرنى بېرىش، باش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىيتىلغان غار ـ غارلارنى، يۇرايدىغان دورىلارنى ۋە ھوردىنىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش، ھۆللۈكلەرنى تازىلىغاندىن كېيىن تەمرى ھىندىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۇرۇقى، ئانار گۈلى زەررىسى، كۇندۇر، سۇمبۇللارنى يۇمشاق ئېزىپ، يېپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ كۆزگە سېپىش لازىم.

## قىرىق تۆتىنچى پەسىل نۇردىن قورقۇش

## بغض العين عن الشعاع

**تونۇش:**

بۇ يورۇقلۇق ياكى يورۇپ تۇرغان نەرسىگە قاراشنى ياقتۇرمايدىغان ياكى قاراشتىن قورقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

1. كۆزنىڭ كۆرۈش نېرۋىلىرى قىزىپ كۆپىدۇ. ئاندىن ھارارەتتىن ۋە يېنىپ تۇرغان نەرسىنىڭ يورۇقلۇقىدىن بۇ نېرۋىلارنىڭ سۇيۇقلۇقى كۆپىيىشتىن پەيدا بولىدۇ.

2. كۆزگە رەمەد ۋە سەبەلگە ئوخشاش بىر كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ياكى قاپاق ئىچىگە قوتۇرغا ئوخشاش بىر كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن يورۇقلۇققا قاراشنى ياقتۇرمايدۇ.

**داۋالاش:**

كۆزنىڭ كۆرۈش نېرۋىلىرى قىزىپ كۆپىشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

شۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىگە قارىتا كۆز قىزىرىپ ئاغرىش كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلارنى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئەگەر كۆزگە رەمەد ۋە سەبەلگە ئوخشاش بىرەر كېسەللىك پەيدا بولۇش ياكى قاپاق ئىچىشكە قوتۇرغا ئوخشاش بىرەر نەرسە چىقىشتىن نۇردىن قورقۇش كېلىپ چىققان بولسا شۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

# ئۈچىنچى باب قاپاق ۋە كىرپىك كېسەللىكلىرى
امراض جفن وهدب

بۇ بابتا كۆز قۇم تىققاندەك ئاغرىش، قاپاق ساڭگىلاش، ئاستى ـ ئۈستى قاپاق چاپلىشىپ قېلىش، قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش، قاپاق ياغىسىمان ئۆسمىسى، قاپاقتا تۈگۈنچە پەيدا بولۇش، تەتۈر كىرپىك، كىرپىك چۈشۈپ كېتىش، كىرپىك ئاغرىش، قاپاق قىچىشىش، قاپاق جىيەكلىرى قىزىرىپ قېلىش، يىڭناسقۇ، قاپاقتىكى ئۈجمىسىمان ئۆسمە، قاپاق قاتتىقلىشىش، قاپاق يىرىڭلىق چاقىسى، قاپاق ئىسسىپ پارقىراپ قېلىش، قاپاق سۆرگىسى، قاپاقتىكى ئۈششاق مۇدۇرلار، قاپاقتىكى كېپەكلىك چاقا، قاپاقتىكى ئۆسمە، قاپاق كۆكىرىش، كۆز قۇيرۇقىدىكى ئاقما، كۆز ۋە قاپاق قىچىشىش، كۆز بەز ئۆسمىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

## بىرىنچى پەسىل كۆز قۇم تىققاندەك ئاغرىش
كمنه

**ئالامىتى:**

بۇ بىر خىل قاپاق كېسەللىكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغانغان ۋاقىتىدا ئىككى كۆزىگە قۇم ياكى توپا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

قويۇق يەلدىن كۆزنىڭ قاپىقىدا ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ. كۆز قاتلاملىرىغا قويۇق بۇخاراتلار سولىقۇنۇپ قالىدۇ. بۇ بۇخاراتلارنىڭ تەسىرى ئۇيقۇدىن قوپقاندا پەيدا بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردا بولماسلىقى ئويغاق ۋاقىتتا قاپاق ئېچىلىش ۋە يېپىلىش؛ ئەتراپلارغا، كۇندۇزنىڭ يورۇقلۇقىغا قاراش ئارقىلىق بۇخاراتلار تارقاپ كېتىدۇ.

ئۇخلىغان ۋاقىتىدا تارقاتقۇچى سەۋەبلەر بولمىغاچقا بۇخاراتلار يىغىلىپ، كۆزگە قۇم كىرگەندەك بىر كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ.

**داۋالاش:**

كېسەلنىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان داۋالاش ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن بۇخارات

ۋە كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ تازىلاش، ئومۇمىيۈزلۈك بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن كۆزنىڭ قەۋەتلىرىنى ۋە قاپاقلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ياش كەلتۈرگۈچى دورىلارنى مەسىلەن، يۇقىرىدا كۆز قاتلاملىرى كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلگەن شىيافى ئەھمەرلەيىن، شىياف ئەھمەرھار، كوھلى باسلىقۇنلارنى ۋە تۈۋەندىكى شىيافنى كۆزگە تارتىش.

يۇيۇلغان شادىنەج 15 گرام، سەمغى ئەرەبى ئۈچ گرام. زەنكار، كۆيدۈرۈلگەن سىرىق زاك ھەربىرى بەش گرامدىن، كۆيدۈرۈلگەن مىس تۆت گرام، ئەپيۇن، زەپەر ھەربىرى بىر گرامدىن دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئارپا بەدىيان سۈيى بىلەن قائىدە بويىچە شىياف قىلىپ كۆزگە تارتىش لازىم.

قاپاقنىڭ تاشقى تەرىپىگە كۆيدۈرۈلگەن مىس بىر گرامدىن، ئەپيۇن، زەپەر ھەر بىرى بىر گرامدىن ئېلىپ، ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن شىياف قىلىپ كۆزگە تېمىش ياكى شىياف ئەسۋەدنى چېپىش، ھەر ئەتىگەندە مۇنچىغا بېرىش لازىم. يۇقىرىدا ئىشلىتىلگەندەك كۈچى ئاز دورىلار بىلەن مەقسەت ھاسىل بولسا، كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك.

شىيافى ئەھمەرلەيىن بىلەن ساقىيىش ئېھتىماللىقى بولسا، شىيافى ئەھمەرھاد، كوھلى باسلىقۇنلارنى توختىتىپ قويۇش لازىم.

## ئىككىنچى پەسىل قاپاق ساڭگىلاش

## استرخاء الجفنين

**سەۋەبى:**

قاپاقنىڭ پەي ۋە سىرىقئەتلىرى بوشاشقانلىقتىن قاپاقمۇ بوشىشىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆزنىڭ تۇتاشتۇرغۇچى قەۋىتىدە ئىششىق پەيدا بولغان ۋاقتىدا يۇقىرىقى قاپاق بوشىشىدۇ. بۇ بوشىشىش قاپاقنى ئۈستىگە كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىگىمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر مۇۋاپىق كەلسە، ئاۋۋال بەدەننى تازىلاش، ئىششىقنىڭ كېسەللىك ماددىسىغا قاراپ ئۇنى داۋالاش لازىم.

ئەگەر ئىششىق ساقىيىپ، قاپاقنىڭ بوشلۇقى ئۆز پېتىچە تۇرسا بۇ چاغدا سەبرە، ئاقاقىيا، مامشا، زەپەر، مۇرمەككىلەرنى ھول ئاسىنىڭ سۈيىدە خېمىر قىلىپ، قاپاق، قاش ۋە پىشانىلەرگە قويۇق چېپىش ۋە تېڭىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ دورىلار ماددىنى قۇرۇتۇپ، ئەزانى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەنە قاپاقنى تازىلاش ئۈچۈن ياش ئاقتۇرغۇچى سۈرمىلەرنى قاپاققا چېپىش ۋە تارتىش لازىم.

ئەگەر بۇ چارە ـ ئۇسۇللار بىلەنمۇ قاپاق ساقىيىش ياخشىلانماي كۆزنى يېپىۋالسا، بۇ چاغدا قاپاقنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى: ئىستىرخانىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئۈستۈنكى قاپاقنى كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى چوڭ بۇلۇڭىدىن قۇلاق تەرەپتىكى كىچىك بۇلۇڭىغىچە كېسىش لازىم.

دېمەك، ئىستىرخا كۆپ جايدىن كۆپرەك، ئاز جايدىن ئازراق كېسىپ ئېلىۋېتىپ، 4 ~ 3 يەردىن تىكىپ قويۇش لازىم.

ئاندىن زورۇرى ئەسپەرنى ئۈستىگە سېپىش، ئازراق تۇز بىلەن زىرىنى چايناپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتىش، 3 ـ ياكى 4 ـ كۈنلىرى تىككەن يىپلارنى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئۈستىگە مەلھەم سۈركەپ تېڭىپ قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قاپاق ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ كۆز ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل ئاستى ـ ئۈستى قاپاق چاپلىشىپ قېلىش

## التصاق الجفنين

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەلنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل سەۋەبى بار:

1. كۆز ئىششىقى پەيدا بولۇپ، كۆز بەك قىزىرىدۇ. قاپاق يېرىلغاندەك ۋە تېرىسى سويۇلغاندەك كۆرۈنىدۇ. پۈتۈپ ساقايغان ۋاقىتدا قاپاق ئۇزۇن ۋاقىت يېپىق تۇرغان سەۋەبتىن بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قالىدۇ.

2. كۆزنىڭ ئىچىگە ياكى قاپاققا يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولۇپ، بىرقانچە ۋاقىت كۆز يۇمۇقلۇق تۇرغان سەۋەبتىن جاراھەتلەنگەن جاي تۇتىشىپ قالىدۇ.

3. سەبەل ياكى رۇپرەنى ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى ۋە ئۇسۇل ـ چارىلەرنى مۇۋاپىق قوللىنىلماي، بىپەرۋالىق قىلغانلىق سەۋەبىدىن قاپاق تۇتىشىپ قالىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئىككى قاپاق بىردەك زورىيىپ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ قالىدۇ.

ئىككى قاپاقنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ قېلىشى بەزىدە كۆزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بولىدۇ، بەزىدە ھەر ئىككى بۇلۇڭىدا بولىدۇ.

بەزىدە ھەر ئىككى قاپاق بىر ـ بىرى بىلەن پۈتۈنلەي تۇتىشىپ قالىدۇ. بەزىدە قاپاق تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەتكە ياكى مۇڭگۈزسىمان قەۋەتكە ياكى ھەر ئىككىلىسىگە تۇتىشىپ

قالىدۇ.

**داۋالاش**

تەجرىبىلىك كۆز دوختۇرلىرىغا قائىدە بويىچە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش لازىم.

## تۆتىنچى پەسىل قاپاق ئۆرۈلۈپ قېلىش

شتره

**ئالامىتى:**

قاپاق قىسقىرىپ قالىدۇ. كۆپرەكى ئۈستۈنكى قاپاق يىغىلىپ قالىدۇ. تۆۋەنكى قاپاق تاشقى تەرەپكە ئۆرۈلۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈستۈنكى قاپاق تۆۋەنكى قاپاققا يەتمەيدۇ.

قاپاق يىغىلىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ قاپاقلار كۆز ئېقىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ياپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆزگە كۆپلەپ چاڭ - توزانلار كىرىپ كېتىدۇ، كۆز يۇمۇلماسلىق بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈشى ئاجىزلىشىدۇ ۋە دېگەندەك ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ.

بۇ كېسەللىك ئىككى خىل بولىدۇ.

1. تۇغما ھالدا قاپاق تولۇقلايدىغان ماددا كەمچىل بولىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن قاپاق كەمتۈك تۇغۇلىدۇ. بۇ خىلدىكىسى تۇغما بولغانلىقى ئۈچۈن ساقايمايدۇ.

2. كېيىن بىرەر سەۋەب بىلەن پەيدا بولغان بولىدۇ. كېيىن پەيدا بولغىنىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل بولىدۇ.

بىرىنچى سەۋەبى، قاپاققا ئارتۇق تۈك چىقىش كېسەللىكىدە قاپ كېسىلىش سەۋەبىدىن قاپاق يىغىلىپ كىچىكلىشىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى، قاپاققا بەز پەيدا بولىدۇ ياكى ئارتۇق گۆش ئۈنۈپ قالىدۇ. بۇ ئارتۇق گۆشنىڭ ئۈنۈشى قاپاققا چىققان يىرىڭلىق چاقىنىڭ تەسىرىدىن بولسۇن ياكى ئۆز - ئۆزىدىن ئۈنگەن بولسۇن شۇ سەۋەبلەر ئارقىلىق قاپاق يىغىلىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەبى، قاپاقنى كېسىشكە توغرا كەلگەن سەۋەبتىن قاپاق كېسىلىپ، تىكىشتە خاتا تىكىلىپ قېلىپ، قاپاق يىغىلىپ كىچىكلىشىپ قالىدۇ.

تۆتىنچى سەۋەبى، سەبەل كېسەللىكى پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ۋاقىتدا قاپاقنى تېشىغا ئۆرۈپ كېسىشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن كېسىپ شۇ پېتىچە پۈتۈپ ساقايغانلىقتىن يىغىلىپ قالىدۇ ياكى ئارتۇق گۆش ئۈنگەن سەۋەبتىن قاپاق تاشقى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالىدۇ.

بەشىنچى سەۋەبى، باشنىڭ چوكىگە يېپىلىپ تۇرغان پەردە بىرەر ئىچكى كېسەللىك-نىڭ سەۋەبى بىلەن يىقىلغان ياكى باشقا ۋە پېشانىگە تاياق تەگكەن ياكى يىرىڭلىق

چاقا چىققان سەۋەبتىن يېغىۋالىدۇ. مەزكۇر پەردە ئۈستۈنكى قاپاققا تۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈن قاپاقمۇ يىغىلىپ قالىدۇ.

ئالتىنچى سەۋەبى، قاپاقنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى سىرىقئەت يېغىۋالغان سەۋەبتىن قاپاق يىغىلىپ، كىچىكلىشىپ قالىدۇ.

بىرەر ئىچكى كېسەللىكنىڭ سەۋەبىدىن بۇ پەردىگە ياكى قاپاقنىڭ سىرىقئېتى يىغىلىپ قېلىشى بىلەن قاپاق يىغىلىپ، كىچىكلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرى قۇرۇقلۇقتىن قۇرۇق بولىدۇ. يەنە بىرى غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن ماددا خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇ تەشەننۇج (يىغىلىش) قايسى خىلدىكى يىغىلىش ئىكەنلىكىنى ئالامەتلىرىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭغا قارىتا داۋالانسا بولىدۇ. مەسىلەن: سەترە (قاپاقنىڭ قىسقا بولۇشى) ئۇشتۇمتۇت بىردىنلا پەيدا بولۇپ، قاپاق تاتىشاڭغۇ بولسا، يەنە ماددىدىن تولغانلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇنى ماددىدىن بولغان تەشەننۇج (يىغىلىش) دەپ تونۇش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىردىنلا پەيدا بولۇپ قاپاق ئورۇق ۋە نېپىز بولسا، ئەزانى قۇرۇتقۇچى سەۋەبلەر ئىلگىرى بولغان بولسا، بۇنى قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج دەپ بىلىمىز.

**داۋالاش:**

قاپاققا گۆش ياكى بەز پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش لازىم. ئەمما قاپاق كېسىلگەن سەۋەبتىن ياكى تىكىشتە خاتا تىكىلگەن سەۋەبتىن ياكى كېسىشكە توغرا كەلگەن مىقداردىن كۆپرەك كېسىلىپ كەتكەن سەۋەبتىن پەيدا بولغىنىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا قاپاقنىڭ تۇتىشىپ قالغان جايىنى يېرىپ تاكى قاپاق ئۇزىراپ كۆزنى ياپقىچە يېرىلغان جايغا پەلكۈچ ئارقىلىق گۆش ئۇندۇرگۈچى مەلھەمنى قويۇپ قويۇش لازىم. شۇنىڭدا كېسىلگەن جاينىڭ ئىككى تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتىشىۋالماستىن ئوتتۇرىغا گۆش ئۈنۈپ قاپاق يېپىلىدىغان بولىدۇ.

قاپاققا پەيدا بولغان بەز ياكى ئارتۇق گۆشنىڭ سەۋەبىدىن بولغىنىنىڭ چارىسى شۇكى، بۇ بەزنى ياكى گۆشنى بىرەر ئەسۋاب بىلەن ئېلىپ كۆتۈرۈپ، قايچا ئارقىلىق كېسىۋېتىپ، ئاندىن شۇ كەسكەن جايغا قايتا ئارتۇق گۆش ئۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆتكۈر دورىلارنى قويۇش لازىم. لېكىن قايسى ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن بۇ كېسەلنىڭ چارىلىرى خېلى قىيىن.

قاپاقنى تاشقى تەرەپكە ئۆرۈپ قويۇپ، سەبەلنى ئالغان سەۋەبتىن پەيدا بولغىنىنى داۋالاشتا تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەت قاپاققا تۇتىشىپ قېلىپ، شۇ سەۋەبتىن قاپاق يىغىلىپ قالغان بولسا بۇ چاغدا «ئىككى قاپاقنىڭ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قېلىشى» دا ئېيتىلغان داۋالاش ئۇسۇل - چارە بويىچە قاپاقنى تۇتاشتۇرغۇچى قەۋەتتىن ئاجرىتىش لازىم.

ئەگەر ئاجراتقان جايدا چېگىككە ئوخشاش بىرەر قاتتىقلىق پەيدا بولسا، ئۇنى تارقىتىش ئۈچۈن ھۆلبە ۋە زىغىرنىڭ شىرنىسى ۋە مەلھىمى داخىلىيۇن ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر تارقىمىسا مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ كېسىش لازىم.

بىرەر ئىچكى كېسەللىك سەۋەبىدىن بۇ پەردە ياكى قاپاقنىڭ سىرتقىئېتى يېغىلىپ قىلىش بىلەن پەيدا بولغان بولسا داۋالاشتا:

ماددا خاراكتېرلىكىدە ماددىنى چىقىرىش، ماددىنى تارقاتقۇچى ياغلار بىلەن ياغلاش، ھۆلبە شىرنىسى بىلەن نۇتۇل قىلىش لازىم.

يېمەك - ئىچمەكلەر، ھۆللەشتۈرگۈچى ياغلار ۋە نۇتۇللار بىلەن ئەزانى ھۆللەشتۈرۈش ھەر ئىككى خىلى ماددىدىن بولغىنى ياكى قۇرۇقلۇقتىن بولغىنى) دا مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈنكى ماددا قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھۆللەشتۈرۈش ۋە يۇمشىتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بىنەپشە، خىتمى لوئابلىرى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى قاتارلىقلارنى باشقا چېپىش. بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى بىلەن باشنى ياغلاش ھەر ئىككى خىلى ئۈچۈن ماددىدىن ياكى قۇرۇقلۇقتىن بولغىنى مەنپەئەت قىلىدۇ.

## بەشىنچى پەسىل قاپاق ياغسىمان ئۆسمىسى

## شرناق

**تونۇش:**

بۇ پەيلەر بىلەن توقۇلغان ۋە پەردىگە ئورالغان ياغقا ئوخشاش ئارتۇق ئۆسمىنىڭ ئۈستۈنكى قاپاقنىڭ تاشقى تەرىپىگە پەيدا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

**ئالامىتى:**

قاپاق سېمىز بولىدۇ. شۇڭا، كۆزنىڭ ئېچىلىشى ئېغىر بولىدۇ. داۋاملىق كۆز ياشاڭغىراپ تۇرىدۇ. كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا قولنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ، كۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ باسسا، بۇ ئىككى قولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقلۇق كۆرۈنىدۇ.

بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى كۈننىڭ يورۇقلۇقىغا قارىيالمايدۇ. قارىغان ھامان ياش ئاقىدۇ. چۈشكۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك زۇكام ۋە نەزلە بولغان كىشىلەردە، ھۆل سوغۇق مىزاج كىشىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**داۋالاش:**

ئەھۋالغا قاراپ بەدەننى تازىلاش، قۇرسى بىنەپشە بېرىش، ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن كېسەلنى ئۈچار جانىۋارلار گۆشى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، ماددىنى قويالتقۇچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش، مىزاجنى نورماللاشتۇرۇشقا تىرىشىش، مۇنچىغا بېرىش، ماددىنى تارقاتقۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ماددىنى تازىلىغاندىن

كېيىن كۆزدىكى ھۆللۈك ماددىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن كوھلى باسلىقۇن كەبىرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن كېسەللىك ساقايمىسا، ئۇنى ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى بىلەن داۋالاش لازىم.

## ئالتىنچى پەسىل  قاپاقتا تۇگۈنچە پەيدا بولۇش

عقده

**تونۇش:**

بۇ كېسەللىكتە ئاساسەن ئۈستۈنكى قاپاقتا ھەرخىل شەكىلدىكى تۇگۈنچە پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق ھۆللۈك بولۇپ، باش تەرەپتىن قاپاققا قويۇلىدۇ. ئاندىن بۇنىڭ لەتىپ ۋە يۇمشاقلىرى تارقاپ كېتىپ، قالدۇقلىرى قېتىپ، تۇگۈنچەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ تۇگۈنچەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، سەلئەگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ. مىدىرلاتسا، ئۆز جايىدىن ئۇيان ـ بۇيانغا يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قوزغىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، بۇ تۇگۈنچەك ئۇششاق تاشقا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. ئۆز جايىدىن ئۇيان ـ بۇيانغا مىدىرلىمايدۇ. بۇ ئەزادىن ئايرىم بولماستىن، بەلكى ئەزاغا تۇتاشقان بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، تېرىنىڭ ئۈستىدە يېپىلاڭغۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئەزاغا تۇتاش تومۇرلىرى بولىدۇ. بۇنىڭ رەڭگى قارا ئۈجمىگە ئوخشاش ياكى پىدىگەننىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ماي بەز ئۆسمىگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغان تۇگۈنچىنى داۋالاشتا:

ئەگەر تۇگۈنچە چوڭقۇر بولمىسا، تۇگۈنچىنىڭ ئۈستىدىكى تېرىنى توغرىسىغا يېرىپ، كاناللىرىنى تىلىپ، قاماق بىلەن ئىلىپ تۇرۇپ تۇگۈنچىنىڭ ئۈستىدىكى تېرە سويۇلسا، تۇگۈنچىنى ئوراپ تۇرغان پەردە كۆرۈنىدۇ.

ئاندىن شۇ پەردە ئاستا ئاۋايلاپ تارتىۋېلىنسا، تۇگۈنچە بىلەن بىللە چىقىدۇ. بۇنى تارتىپ چىقىرىش ۋاقتىدا پەردىنىڭ يىرتىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەك دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ تۇگۈنچىنى ئوراپ تۇرغان پەردە يىرتىلىپ كەتسە، تۇگۈنچىنى دېگەندەك تولۇقى بىلەن تارتىۋېلىش قىيىن بولىدۇ.

ئەگەر چوڭقۇر بولسا، قاپاقنى تاشقى تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ، قاپاقنىڭ ئىچكى

تەرىپىنى تۇگۇنچە بار جايدىن يېرىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل بويىچە تۇگۇنچىنى چىقىرىش لازىم.

ئاندىن قاپاق چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن زىرىنى چايناپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتىپ تۇرۇش لازىم.

ئۇششاق تاشقا ئوخشاش قاتتىق تۇگۇنچىنى داۋالاشتا:

تۇگۇنچىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن بۇنىڭغا قىزىق سۇ، قىرۇتىلارنى ئىشلىتىش، يۇمشىغاندا، تارقىتىش ئۈچۈن مەلھەمى داخىليۇن، ھۆلبىنىڭ، زىغىرنىڭ شىرىنىسى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش لازىم. بۇ ئۇسۇل - چارە بىلەن يوقالمىسا (تارقىمىسا)، بۇنى داۋالىماي شۇ پېتىچە قويۇش، تۆمۈر ئەسۋاب ۋە ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

تېرىنىڭ ئۇستىدە پەيدا بولغان تۇگۇنچىنى داۋالاشتا:

پات - پات بەدەننى تازىلاپ تۇرۇش، غەلىز ۋە يەللىك تاماقلاردىن ساقلىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كېسەللىك ماددىسى كۆپەيمەيدۇ. ئەمما بۇنى ئوپېراسىيە قىلىپ يىلتىزى بىلەن ئېلىۋېتىش قىيىن بۇنى ئوپېراسىيە قىلغاندا يىرىڭلىق ئاقمىغا ئوخشاش يارا ئېغىزى پۈتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇگۇنچىدىنمۇ يامانراق بىرەر ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## يەتتىنچى پەسىل تەتۈر كىرپىك

## شعر منقلب

**ئالامىتى:**

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە تەتۈر كىرپىك بىر خىل تۈك بولۇپ، ئۇنۇپ چىقىشتا كىرپىك ئۈنگەن يەرگە ئۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۇچى كۆزنىڭ ئىچى تەرىپىگە ئېگىلگەن بولىدۇ. كۆز ئېچىلىپ - يۇمۇلۇپ ھەرىكەتلەنسە، كۆز قارچۇقىغا سانجىلىپ ياش ئاقتۇرىدۇ.

كۆز مۈڭگۈز پەردىنى خىرەلەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆز ئاجىزلىشىدۇ. كېسەللىك جاراسىملىرىنى ئۆگاي قوبۇل قىلىپ سەبەل، دەمئە، ھىككە، ھۆمرە قاتارلىق كۆز كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

ئارتۇق تۈك (شەئرى زائىد)، كىرپىك ئۈنگەن يەردىن تۆۋەنرەك قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئۈنىدۇ، بۇ ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، تۈز ئۈنگەن بولۇپ، كۆز قارىقىغا سانجىلىدۇ، تەتۈر كىرپىكتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر بۇنىڭدىمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۇچى تاشقى تەرەپكە

ئۆرۈلۈپ چىققان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆزنىڭ قارچۇقىغا سانجىلمايدۇ. كۆزگىمۇ ئانچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. لېكىن كۆزنىڭ ئالدىدا ساڭگىلاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كېسەل قارىغان نەرسىلىرىنىڭ ئۈستىدە قارا سىزىق باردەك ھېس قىلىدۇ.

داۋالاش:

ئاۋۋال مۇناسىپ دورىلار ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن، مېڭىدىن چىقىرىش، ئايارەج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باش ساھەسىدىكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن غار ـ غار قىلىش لازىم.

كېسەلنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ھەر كۈنى ناشتىدا ھېلىلە (ياغلانغان) ياكى ئىترىفىل سەغرى بېرىش، داۋاملىق سېرىق ھېلىلە ياكى ھېلىلە كابىلىنى ئاغزىدا تۇتۇپ شوراش لازىم.

ئەگەر كېسەلنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، مەستىكى، قەلەمپۇرلارنى چايناش، جويۇزنى شۈمۈش، ئەنبەرنى پۇراش لازىم. بۇ ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللانغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بەش خىل ئۇسۇل بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1. كۆزگە دورىنى سۈرمە شەكلىدە تەييارلاپ تارتىش؛ 2. ئارتۇق تۈكنى تەبىئىي تۈككە چاپلاپ قويۇش؛ 3. ئارتۇق تۈكلەرنى داغلاش؛ 4. ئارتۇق تۈكلەرنى يۇلۇش؛ 5. ئارتۇق تۈكلەرنى كېسىش.

كۆزگە دورا تارتىشتا كوھلى باسلىقۇن، كوھلى رۇشنائى، شىيافى ئەنزەر، شىيافى ئەھمەرھارغا ئوخشاش ئۆتكۈر ۋە قاپاقنى تازىلىغۇچى دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

ئارتۇق تۈك بىلەن تەبىئىي تۈكنى چاپلاشتۇرۇشقا بولىدىغان نەرسىلەر يېلىم، ئېرىتىلگەن كەتىرا، ئېرىتىلگەن مەستىكى، راتىنەج، دىبىق ھەسىلى (دىبىق ـــ بىر ئۇرۇق بولۇپ، ھەببۇلئاسقا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەك شىلىمشىق ھەسىلى بولىدۇ) قاتارلىقلار.

ئارتۇق تۈكنىڭ كۆتىكىنى داغلاش:

قاپاقنى تاشقىرى تەرەپكە ئۆرۈپ، ئارتۇق تۈكنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ، يىڭنىگە ئوخشاش مەخسۇس بىر ئەسۋابنى قىزىتىپ يۇلۇنغان تۈكنىڭ ئورنى داغلىنىدۇ. ھەر قېتىمدا ئىككى تالدىن ئارتۇق يۇلماسلىق بىر تالنى يۇلۇپ داغلاپ، بۇ ساقايغاندىن كېيىن يەنە بىر تالنى يۇلۇپ داغلاش ئېلىپ بېرىلسا ياخشىراق بولىدۇ.

قاپاقنى ئارقا تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرۇپ داغلاشتا داغلىنىدىغان كۆزنىڭ ئىچىگە سوغۇق خېمىرنى چاپلاپ قويۇپ تۇرۇپ ئاندىن داغلاش، داغلاپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى گۈل يېغى بىلەن داغلانغان جايغا قويۇش لازىم.

داغلاشقا ھاجەت بولمايدىغان يەنە بىر ئەڭ ياخشى چارە ـــ ئارتۇق تۈكنى يۇلۇۋېتىپ، ئورنىغا نۆشۇدۇر سۈركەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قايتا ئۈنمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئەنجۇر سۈتىنى

تۈكنىڭ ئورنىغا چېپىپ قويسا، قايتا تۈك ئۈنۈشنى توسىدۇ.
كۆپۈكى دەريانى ئىسپىغۇل شىرنىسى بىلەن چاپسا، تۈكنىڭ ئورنىنى سوغۇق قىلىدۇ ۋە تۈيغۇسىزلاندۇرىدۇ.
يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، مەخسۇس كۆز مۇتەخەسسىسلىرى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق داۋالاش لازىم.

## سەككىزىنچى پەسىل كىرپىك چۈشۈپ كېتىش

## انتشار الاهداب

**تونۇش:**

كىرپىك چۈشۈپ كېتىش ھەرخىل سەۋەبلەردىن كىرپىك ئاستا ـ ئاستا چۈشۈپ كېتىدىغان كېسەللىكىدىن ئىبارەت.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل سەۋەبى بار:

1. كىرپىككە يەتكەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ سەۋدا ياكى سەپرا خىلىتلىرىغا ئارىلىشىشى بىلەن تەسىرى تېخمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كىرپىك بولىدىغان ماددا يوقىلىدۇ، پەيدا بولغان كىرپىكلەرنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەھۋال كىرپىككىلا خاستۇر. چۈنكى ئومۇمىي بەدەندە بولغاندا، ئومۇمىي بەدەندىكى تۈك تۆكۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

2. كىرپىكنىڭ تۇتۇش (ماسكە) قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق بېرىشتىن توختاپ قالىدۇ.
ئۆتكۈر سەرسام ۋە ئۆتكۈر تەپلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

3. كىرپىك ئۈنگەن جايغا كۆپ ھۆللۈك (بەلغەم) پەيدا بولۇپ، كىرپىكلەرنى بوشاشتۇرۇپ، سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. كىرپىكنىڭ تېگىدىكى ئۇششاق تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىرپىكلەر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

4. كىرپىكلەرگە ئوزۇقلۇق يېتىپ كېلىشتىن بىرەر نەرسە توسالغۇ بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا شۇ خىلىتقا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە كىرپىك ئەتراپى كۆيىشىدۇ، ئېسىلىپ قالىدۇ ۋە قىچىشىدۇ.

**داۋالاش:**

ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتلىرىغا ئارىلىشىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

خىلتتقا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش، مىزاجنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئاندىن كېيىن كىرپىك ئۈندۈرگۈچى دورىلار، مەسىلەن: لاجۇۋەرد، ھەجرى ئەرمىنى، خورمىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۇرۇقى، كۈندۈر تۆتۈنى، سەنۇبەرنىڭ پوستى، سۇمبۇللارغا ئوخشاش دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

كىرپىكنىڭ ئوزۇقلۇق تارتىش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارە قىلىش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئەزالارنى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن جىگەردە ياخشى ھەزىم بولىدىغان ئوزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

بەدەندىن چىقىدىغان ئىستىفراغنى توختىتىش، ھۆللەشتۈرگۈچى ياخشى ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

ئاندىن كىرپىك ئۈنگەن جايلارنى قىزىتىدىغان، ئوزۇقنى تارتىشقا ياردەم بېرىدىغان دورىلارنى، مەسىلەن: كوھلى باسلىقۇن، كوھلى رۇشنائىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

كىرپىك ئۈنگەن جايغا ئارتۇق ھۆللۈك (بەلغەملەر) پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

بەلغەمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئايارەجلەر ۋە مۇناسىپ كۇمىلاچلارنى بېرىش لازىم. ئېغىر ئەمگەك قىلماسلىق، ئاز ئۇخلاش، ئاز تاماق يېيىش، بەلغەمنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش. كىرپىكلەردىكى ھۆللۈكنى تازىلاش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان شىيافى ئەھمەرھار، شىيافى ئەخزەرگە ئوخشاش ياش كەلتۈرگۈچى شىيافلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

ھەرخىل ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ كىرپىكلەرگە يېتىپ كېلىشتە بىرەر توسالغۇ بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال بۇ سۇيۇق خىلتنىڭ قايسى خىلت ئىكەنلىكىنى قاپاقنىڭ رەڭگىدىن بىلىۋالغاندىن كېيىن (قاپاقنى ئۇۋۇلىغاندا بۇ خىلتلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز جايىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئالامەتلىرىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ)، شۇنىڭغا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. خىلتنى تازىلىغاندىن كېيىن تۆكلەر تۆكۈلۈپ كېتىشنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدىغان زىمادلار چېپىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ سەۋەبى يوقىلىپ، مىزاجى تەڭشەلگەندىن كېيىن كىرپىك ئۈندۈرىدىغان دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## توققۇزىنچى پەسىل     كىرپىك ئاقىرىش

## بياض الاهداب

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك شىلىمشىق ھۆللۈك سەۋەبىدىن كېلىپ

چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال بەدەننى مەزكۇر ھۆللۈكتىن تازىلاپ، ئاندىن شاقايىقنىڭ ياپرىقىنى زەيتۇن يېغى بىلەن ياكى ئۆچكە يېغى بىلەن ياكى خوراز يېغى بىلەن ئېزىپ، كىرپىكلەرگە چېپىش لازىم.

سەدەپكە ئوخشاش دەريا قۇرتىنى كۆيدۈرۈپ، بۇ ياغلار بىلەن ئېزىپ چاپسا، كىرپىكلەرنى قارا قىلىدۇ ياكى توغرىغۇنى كۆيدۈرۈپ، چاۋا ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىرپىك ئۈستىگە سۈركەش، شومشا، ئاق لەيلىنىڭ يوپۇرمىقىنى سوقۇپ چېپىش كوھلى رۇشنائىدىنى سۈرمە چوكىسى بىلەن كىرپىكلەرگە سۈركەش قاتارلىقلار كىرپىك ئاقىرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە ھۆللۈكنى تارقىتىدۇ.

## ئونىنچى پەسىل قاپاق قىچىشىش

## جرب الاجفان

**تونۇش:**

بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە يىرىكلىك ۋە قاتتىقلىق پەيدا بولۇپ، قىزىرىش ۋە قىچىشىش بىلەن بىللە داۋاملىشىدۇ. بۇ شورلۇق ماددىدىن پەيدا بولغاچقا، كۆز ياشاڭغۇرايدۇ. بۇ خىلدىكىسى «يېپىلاڭغۇ قوتۇر» دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئۈچى ئاق، ئۇششاق دانچىلار پەيدا بولىدۇ. بۇ دانچىلار ئۆتكۈر، خىلتلار بۇخاراتلاردىن پەيدا بولۇپ، بۇخاراتلار يىغىلىپ قېلىش بىلەن شۆلگەيسىمان شورلۇق ماددىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى قوتۇرنىڭ دانچىلىرى ھەسەپ (قۇرۇق جەرەپ) كە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى «جەرەبى ھەسپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل قاپاق قوتۇرى كېسەللىكنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، دانلىرىنىڭ ئۈستىدىن نېپىز تېرە سويۇلىدۇ. بۇ كېسەللىك داۋالانماي، ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا، كۆز ياشاڭغىراش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. كۆزنىڭ قارچۇقىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، سەبەل كېسەللىكىمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، بۇنىڭ شەكلى ئەنجۈر ئۇرۇقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. بەزىسى - بەزىسىگە تۇتىشقىلىق، تېگى تەرەپلىرى يۇمىلاق، ئۈچى ئۆچلۈق بولىدۇ. بۇنى يۇنانچە «پېسوقدىسىس»، ئەرەبچە «جەرەبى تىنى» دېيىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى قاپاق قىچىشىش يۇقىرىقى خىلدىكىلىرىدىن يامانراق بولىدۇ.

تۆتىنچى خىلى، بۇنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قۇرۇق پوستىكى بولىدۇ.

بۇ خىلدىكىسى ھەممىدىن يامانراق، ئوڭايلىق بىلەن يوقالمايدۇ.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خاراكتېرلىك ماددا بولۇپ، بۇ ماددا سېسىپ شۇ جايدا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە يىرىكلىك ۋە قاتتىقلىق پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال سېرىق ھېلىلىنىڭ چىلانغان سۈيىگە تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە شېكەر قوشۇپ ئىچىش ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش لازىم. يەنى: 56 گرام سېرىق ھېلىلە پوستىنى چالا سوقۇپ، شېشىگە سېلىپ، ئۈستىگە 250 مىللىلىتىر سۇ قويۇپ، بىر ھەپتە ئاپتاپتا قويۇپ، ئاندىن سۈزۈپ، بۇ سۇنىڭ يېرىمىغا 42 گرام شېكەر قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن قاپاقنى ماددىدىن تازىلاش ئۈچۈن كوھلى رۇشنائى، شىيافى ئەھمەرلەيىن، شىيافى ئەگزەرلەرىيىنلەرنى كۆزگە تارتىش لازىم.

ئەگەر بۇ قۇتۇر قېلىن ۋە قاتتىق بولۇپ، يۇقىرىقى چارىلەر بىلەن يوقالمىسا، تۆۋەندىكىچە داۋالىنىدۇ. ئاۋۋال بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن قاپاقنىڭ قوتۇر بار ئىچكى تەرىپى نەشتەر بىلەن تىلىنىدۇ. بۇنىڭ ماددىسى چوڭقۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەشتەرنى چوڭقۇر ئۇرماستىن، يېنىك ئۇرۇش لازىم. نەشتەر ئۇرغاندىن كېيىن قاننى كۆپرەك چىقىرىش ئۈچۈن شۇ جاينى سۇرمە چوكىسى بىلەن تاتىلاش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قاپاقنىڭ ئىچىدىكى يىرىكلىك يوقىلىپ، قاپاقنىڭ جىسمى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن گۈلاب بىلەن ئاز مىقداردىكى سىركىنى ئارىلاشتۇرۇپ شۇ يەرگە تېمىتىلسا، ئاغرىقى پەسىيىدۇ. قاپاقلار بىر - بىرىگە چاپلىشىپمۇ قالمايدۇ. بۇ خىلدىكى قاپاق قوتۇرى كېسەللىكىدە داۋالىق مۇنچىغا بېرىش بەك پايدىلىقتۇر. چۈنكى مۇنچىغا چۈشۈش ماددىنى تارقىتىشقا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە ئەزانىڭ پۈتۈنلەي تازىلىنىپ، دورىنىڭ تەسىرىنى تېز قوبۇل قىلىشقا لايىقلاشتۇرىدۇ.

بەدەننى يۇمشىتىش ۋە تازىلاش، تارقاتقۇچى يېنىك دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بۇ كېسەللىكنى ساقايتىش مۇمكىن بولسا نەشتەر ئۇرماسلىق لازىم.

بۇ كېسەلنىڭ ماددىسى قاپاق پەردىسىنىڭ ئۈستىدىلا بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر بولسا، نەشتەر ئۇرغاندىن كېيىن سۇرمە چوكىسى بىلەن تاتىلاپ كۆپرەك قان چىقىرىلىدۇ. ماددىسى چوڭقۇر بولماي، پەردە ئۈستىدىلا بولسا، سۇرمە چوكىسى بىلەن تارتىش ھاجەت-سىز.

قاپاقنىڭ ئىچىگە ئۇچى ئاق، ئۇششاق دانچىلار پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق ئىچىنى تازىلاش لازىم.

لەتىپ، يۇمشاق تاماقلارنىلا ئىستېمال قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسى قاپاق

پەردىسىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، قاپاقتا ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى تىلىپ تاتىلاشقا بولمايدۇ. بۇ تاتىلانسا، قاپاقنىڭ سىلىق پەردىسى يىرتىلىپ، قاپاق بۇزۇلىدۇ ھەمدە بەدەن تازىلانماستىن بۇرۇن بەك ئۆتكۈر شىيافلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بەدەن تازىلانغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ زەھىرىدىن خالىي بولۇش قىيىن. چۈنكى شىيافلار ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاغرىقنى زىيادە قىلىدۇ. كۆپىنچە قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ماددىلارنى تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق كۆز ئاغرىقى ياكى يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولۇپ، داۋالاش قىيىن بولىدۇ.

ئۆتكۈر شىيافلارنى ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە ئۇنى ئىشلىتىپ، ئارقىدىن تۆۋەندىكى كۆز دورىسىنىمۇ ئىشلىتىش لازىم. يەنى گۈل بىنەپشە، قورۇلغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەر بىرى ئۈچ گرامدىن، نىشاستىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ بەش قېتىم سىركىگە چىلاپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ئاندىن ئېزىپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ كۆزگە تارتىش لازىم.

شەكلى ئەنجۈر ئۇرۇقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان قوتۇرنى داۋالاشتا:

ئىچكى ئەزانى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىش لازىم. چۈنكى بۇنىڭ ماددىسى قويۇق ۋە كۆپ بولغاچقا، ئارقىمۇ - ئارقا بىرقانچە قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىش لازىم. پۈتۈنلەي تازىلاپ بولغاندىن كېيىن شىيافى ئەھمەردھارنى داۋاملىق كۆزگە تارتىش، نەشتەرگە ئوخشاش بىر ئەسۋاب بىلەن ئاستا - ئاستا قوتۇر بار جاينى تاتىلاش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قاپاق ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە كېلىدۇ. تاتىلىغاندىن كېيىن شىيافى ئەبيەز، شىيافى ئابار، شىيافى ۋەرىزەج قاتارلىق كۆز دورىلىرى كۆزگە تارتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھارارەت پەسىيىدۇ ۋە تاتىلىغاندىن بولغان جاراھەتمۇ پۈتۈپ ساقىيىدۇ.

سەۋدا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغىنىنى داۋالاشتا:

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلىغۇچى دورىلار بىلەن بەدەننى تازىلاش لازىم. ئاندىن كۇمىلاچلار ۋە ئايارەجلەر ئارقىلىق مېڭىنىڭ ئۆزىنى تازىلاش.

ئەنجۈرنىڭ ياپرىقى ياكى تۆمۈر بىلەن قوتۇرنى تاتىلاش، تاتىلاپ بولغاندىن كېيىن شىيافى ئەبيەز، شىيافى ئابار، شىيافى ۋە رىزەج قاتارلىق دورىلارنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## ئون بىرىنچى پەسىل  قاپاق جىيەكلىرى قىزىرىپ قېلىش

## سلاق

**سەۋەبى:**

كۆپرەك كۆز ئاغرىقىنىڭ ئارقىسىدىن پەيدا بولۇپ، سوۋۇتقۇچى دورىلارنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكتىن سادىر بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:
بىرىنچى خىلى: يېڭى پەيدا بولغان، يېنىك تىپتىكى قاپاق جىيەكلىرى قىزىرىپ قىلىش.
ئىككىنچى خىلى: كونىرىغىنى بولۇپ، قاپاق جىيەكلىرى بەك بودالغان، قېلىنلىغان ۋە قىزىل بولۇپ قالىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى ئاچچىق ياكى تۇزلۇق بولغاچقا، قاپاقنىڭ جىيەكلىرى قىچىشىدۇ، بىرئاز قىزىرىدۇ. ئەگەر ئالدى ئېلىنماي بىرقانچە مۇددەت ئۆتۈپ كەتسە، كىرپىكلەر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. قاپاقنىڭ ۋە كۆزنىڭ جىيەكلىرى يىرىڭلايدۇ. بۇنىڭ تەسىرى كۆزگىمۇ ئۆتىدۇ.

**داۋالاش:**

يېڭىدىن پەيدا بولغىنىنى داۋالاشتا:
كېسەللىك ماددىسى يېڭى ۋە يەڭگىل بولغانلىقتىن، ئىچكى ئەزانى تازىلاش ئۈچۈن مېۋىلەرنىڭ سۈيلىرىنى بېرىش ۋە ماددىنى يوقىتىش ئۈچۈن سۇماقنى گۈلابقا چىلاپ، سۈزۈپ كۆزگە تارتىش ۋە شۇ سۇ بىلەن لاتىنى ھۆل قىلىپ، قاپاققا قويۇش؛ سېمىزئوت، كاسنە يوپۇرمىقىنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ كەچتە قاپاققا چېپىش ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، لاتىغا سۈركەپ، قاپاقنىڭ ئۈستىگە قويۇش كېرەك. ماددىنى تارقىتىشتا ۋە دورىنىڭ تەسىرىنى تىزلىتىش ئۈچۈن ھەر ئەتىگەندە مۇنچىغا بېرىش لازىم.
پاچاققا ياكى گەجگىگە قانلىق لوڭقا قويۇش. ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلىگە بىرئاز غارىقۇننى ئېزىپ ئۈستىگە سېپىپ ئىچكۈزۈش، بەدەننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن شىيافى ئەھمەرلەيىننى كۆزگە تارتىش.
قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، قايناق سۇنىڭ ھورىغا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇتۇش، ئەزانى قۇرۇش ۋە ماددىنى توختىتىش ئۈچۈن پوستى ئېلىنغان كۆك ماشنى، ئانارنىڭ ئىچىدىكى گۆشىنى مۇسەللەس بىلەن قوشۇپ كۆزگە چېپىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن ماددا تارقايدۇ ھەم كۆز تازىلىنىدۇ.
بۇ كېسەللىك بەك كونىراپ كۆزدىن ياش ئېقىپ، كىرپىكلەر تۆكۈلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، كۆزنىڭ جىيەكلىرىگە يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولسا، بۇ چاغدا بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن، شىيافى ۋىزەج، شىيافى ئەھمەرلەيىن، شىيافى ئەبيەزلەرنىڭ ھەممىسىنى بەدىيان سۈيىدە ئېزىپ كۆزگە تارتىش لازىم.

## ئون ئىككىنچى پەسىل يىڭناسقۇ

## شعيره

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل ئۆزۈنچاق ئارپا شەكىللىك ئىششىق بولۇپ، قاپاق قىرغاقلىرىدا پەيدا بولىدۇ. يىڭناسقۇ بەدەندە سەۋەبى ئىپادىلىنىپ چىققان ئالامىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، رەڭگى قاپاقنىڭ ئۆز رەڭگىدە بولۇپ، قاتتىق كېلىدۇ. بۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي قان خۇسۇسىيەتلىك كۆيگەن، قويۇق، ئارتۇق خىلىتتۇر.

ئىككىنچى خىلى، رەڭگى قىزىل، يۇمشاق بولىدۇ. بۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبى كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن ئىبارەتتۇر.

**داۋالاش:**

مېڭىنى تازىلاش، تاماقنى كېمەيتىش، كېچىدە تاماق يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا سەبرە، رۇسۇرت مامشا، گىل ئەرمىنىلەرنى كاسىنە سۈيى بىلەن قوشۇپ چېپىش لازىم.

كېسەل باشلىنىپ بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزىتىلغان ئاق مومنى، مەلھەمى داخىليۇننى چېپىش لازىم.

بۇ چارىلەرنى ھەر ئىككى خىلدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما بىرىنچى خىلى بۇ چارىلەر بىلەن يوقالمايدۇ. بۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلغاندا قايچا ياكى باشقا بىر ئەسۋاب بىلەن يىلتىزىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئاندىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە قاننى توختاتماستىن چىقىرىپ، ئاندىن جاراھەتنى زۇرۇر ئەسپەر بىلەن تولدۇرۇپ قويۇلسا جاراھەت پۈتۈپ ساقىيىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل قاپاقتىكى ئۈجمىسىمان ئۆسمە

## توثه الاجفان

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل قىزىل ئۆسۈك گۆش بولۇپ، رەڭگى قارىغا مايىل، يۇمشاق بولىدۇ. ئۈجمە شەكلىدە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك كۆپرەك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك كۆيگەن بۇزۇق قاندىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆپرەك تۆۋەنكى قاپاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېسىلغان ھالەتتە پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئۈستۈنكى قاپاقتىمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن بەزىدە قىزىل ياكى قارامتۇل قان سىرغىپ چىقىپ تۇرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن سۇرگۈ بېرىش كېرەك، بىراق ھەممىدىن ئاسانراق چارە تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىشتۇر. چۈنكى بۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلەتكەندىن بىخەتەررەك بولىدۇ، بۇنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق:

ئىلىدىغان قاماق بىلەن مەزكۇر ئۆسمە گۆشنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، قايچا بىلەن كېسىش، كەسكەندىن كېيىن قايتا كۆكلىمەسلىكى ئۈچۈن يىلتىزى بىلەن كېسىپ تاشلاش لازىم. ئاندىن تۇز بىلەن زىرىنى چايناپ سۈيىنى جاراھەت ئورنىغا تېمىتىش كېرەك.

ئەگەر يىلتىزى بىلەن ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، مۇمكىن بولغىنىچە ئېلىپ، ئاندىن قاپاقنى تارتىپ تۇرۇپ، كۆزنى خېمىر بىلەن تولدۇرۇپ، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە، زەنكار، زەمچە، ئاقارتىلغان مەدەستان كۇندۇر، نۆشۇدۇر، شىيافى ئەخزەر، شىيافى رۇشنائىلەرگە ئوخشاش دورىلارنى بۇنىڭ قالدۇق يىلتىزىغا ئىككى سائەتكىچە تېگىپ قويۇلسا، شۇ جاي قارىيىدۇ. ئاندىن دورىنى ئاجرىتىپ يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن بىرقانچە قېتىم يۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاغرىق پەسىيىپ كۆزگە ئارام بولىدۇ. ئۆتكۈر دورىنىڭ زەھىرىمۇ توسۇلىدۇ.

## ئون تۆتىنچى پەسىل    قاپاق قاتتىقلىشىش

### تحجر الاجفان

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق شەكىلدىكى بۇزۇلغان ئارتۇق ماددىلارنىڭ قاپاقا چۆشۈپ قېتىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ھەببى ئايارەج ئارقىلىق ئىچكى ئەزانى تازىلاش، قاتتىق ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن موزاينىڭ سۆڭەك يىلىكى، موم، بىنەپشە ياغلىرىنى چېپىش، ئاندىن ماددىنى تارقىتىش

ئۈچۈن مەلھىمى داخىلىيۈننى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن تارقىمىسا، قاپاقنى ئۆرۈپ تۆرۈپ، كېسەللىك بار جاينى ئوپېراتسىيە قىلىش لازىم.

## ئون بەشىنچى پەسىل قاپاق يىرىڭلىق چاقىسى

## قروح الجفن

**سەۋەبى:**

ھەر خىل تاشقى سەۋەبلەردىن ياكى ئىسسىق كەيپىياتلار تەسىرىدىن پەيدا بولغان ئىششىقتىن بولۇپ، بۇ ئىششىقلار قاپاققا يىغىلىپ يىرىڭلىق چاقىغا ئايلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال كۆكماش، ئانار پوستى، پىستە پوستى قاتارلىقلارنى سىركىدە قاينىتىپ، پىشۇرۇپ قاپاققا تېڭىش لازىم.

يىرىڭلىق چاقىنىڭ ئۈستىدىكى قاسىرىقى چۈشكەندىن كېيىن جاراھەتنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى زەپەر بىلەن ياكى شىيافى كۇندۇر بىلەن ياكى شىيافى ئىستەپتىقان (تەركىبى: ئىقلىمايى زەھەپ ‹ئالتۇن ئىقلىمىياسى›، قارىمۇچ، ئەپيۇن، زەپەر ھەربىرى سەككىز پۇڭدىن، ھىندى تۇزى، توغرىغۇ، قىزىل زەرنىخ ھەر بىرى تۆت پۇڭدىن، سەمغى ئەرەبى، شىيافى مامشا، ئەنزىرۇت ھەربىرى بەش گرام دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، يەدىيان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف قىلىپ كۆزگە چېپىش) بىلەن يەرلىك ئورۇندىكى يىرىڭلىق چاقىلارغا قوشۇپ چېپىش لازىم.

## ئون ئالتىنچى پەسىل قاپاق ئىسسىپ پارقىراپ قېلىش

## تهبج و انتفاخ

**تونۇش:**

بۇ قاپاقلار ئىسسىپ پارقىراپ قېلىش بولسا غەيرىي تەبئىي خىلتلار ۋە يەللەرنىڭ يەرلىك تەسىر قىلىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان ئىششىقتىن ئىبارەت.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ.

1. ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن تاماقلارنى ھەزىم قىلىشنىڭ يېتەر-

سىزلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

2. بەلغەم خۇسۇسىيەتلىك خىلىتلار كۆپ بولغانلىقى ۋە تەبىئىي ھارارەتنىڭ تاماقنى ھەزىم قىلىشى ئاجىز ۋە يېتەرسىز بولغانلىقتىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

3. قان خىلتى خۇسۇسىيەتلىك ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغىنىنى داۋالاشتا ئىچكى ئەزالا-رنى قۇۋۋەتلەشكە تىرىشىش لازىم.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغىنىنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى يۇمشىتىش، ئاندىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىترىفىل كەبىرنى بېرىش، سەبرىنى سىركىدە ئېرىتىپ چېپىش لازىم. يەنە سىركە بىلەن قىزىق سۇنى بىرلەشتۈرۈپ قاپاقنى يۇيۇش، بۇلۇتنى ياكى لاتىنى قىزىق سۇ بىلەن ھۆل قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇش مەنپەئەتلىكتۇر.

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتى خۇسۇسىيەتلىك ئىسسىق ئىششىقتىن بولغىنىنى داۋالاشتا ئاۋۋال ئەزانى تازىلاپ، ئاندىن شىيافى مامشا، سەندەللەرنى كاسىنە سۈيى بىلەن سۈرۈپ چېپىش لازىم.

## ئون يەتتىنچى پەسىل    قاپاق سۆگىلى

## ثۆلول الجفن

**تونۇش:**

بۇ كېسەللىك قاپاقتا چۈشكەن ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئوخشىمىغان خاراكتېرنى ئالغان سۆگەلدىن ئىبارەت.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى بەدەندە پەيدا بولغان غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى بەدەندىن تازىلاش، زەيتۇن يېغىنىڭ دۇغىنى سۆگەل-گە سۈركەش، سىيادان، تاشتۇزلارنى ئېزىپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىش لازىم. بۇ چارىلەر بىلەن تارقاپ كەتمىسە، موچىن ياكى قايچا بىلەن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

ئەگەر قان چىقىشقا باشلىسا، قاننى ئارزاق چىقىرىپ، ئاندىن كېيىن جاراھەتكە زاك بېسىپ توختىلىدۇ. ئوزۇقلىنىشنى ياخشىلاش، غورا سۈيى بىلەن كۆزنى يۇيۇش، شادى-

نەج ئەدىسىنى قاپاققا تارتىش لازىم.

## ئون سەككىزىنچى پەسىل قاپاقتىكى ئۈششاق مۇدۇرلار

نملۀ پلک

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى بەدەندە پەيدا بولغان كۆيگەن سەپرا خىلىتىدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

قاپاققا ئۈششاق مۇدۇرلار پەيدا بولىدۇ، كۆپۈپ ئېچىشىدۇ، بىر ئاز ئىششىيدۇ، چاقا بولۇپ كېڭىيىدۇ. قاپاققا پەيدا بولغاندا كىرپىكلەر تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. قاپاقنىڭ قىرغاق-لىرى قېلىنلىشىپ، رەڭگى قىزىرىپ قالىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىچكى ئەزالاردىكى كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش، كۆيۈشنى پەسەيتىش ئۈچۈن شىيافى مامشا، زەپەر، رۇسسوت، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى چېپىش، ئاندىن شىيافى ئەھمەرلەييىننى كۆزگە تارتىش لازىم.

## ئون توققۇزىنچى پەسىل قاپاقتىكى كېپەكلىك چاقا

سعفۀ پلک

**تونۇش:**

بۇ ئاساسلىقى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان قاپاققا چۈشكەن بىر خىل تەمرەتكە خۇسۇسىيەتلىك چاقىدىن ئىبارەت.

**ئالامىتى:**

كىرپىك تۈۋى كېپەكلىشىدۇ. چاقا بولىدۇ. يىرىڭلايدۇ، ئاندىن ساقىيىدۇ. كىرپىك-لەر تۆكۈلۈپمۇ كېتىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال بەدەندىن بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلاش لازىم، ئاندىن كېيىن شىيافى ئەھمەرنى ياكى شىيافى ۋەيزەجنى كۆزگە تارتىش ۋە ئاچچىق بادام دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى كۆيدۇرۈپ، ئارپىبەدىيان يېغى بىلەن ئېلىشتۇرۇپ چېپىش لازىم، بۇنىڭ كونىراپ قالغىنىنى نەشتەر بىلەن تىلىش ئاندىن سۇرمە رۇشنائىنى كۆزگە تارتىش لازىم.

## يىگىرمىنچى پەسىل    قاپاقتىكى ئۆسمە

سلعه پلک

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل ئارتۇق گۆش بولۇپ، قاپاققا پەيدا بولىدۇ. قاپاقنىڭ تېرىسى ۋە گۆشىدىن ئايرىم بولۇپ، خالتىغا ئوخشاش پەردە ئىچىدە تۇرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال بەدەننى تازىلاپ، ئاندىن بۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش لازىم. بۇنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا توغرىسىغا يېرىپ، قېپى بىلەن بىللە ئېلىشقا تىرىشىش، كەسكەندە قېپىغا تىغ تەگكۈزمەسلىككە دىققەت قىلىش لازىم.

ئەگەر قېپىغا نەشتەر تېگىپ ھۆللۈكى چىقىپ كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا داۋالاش قىيىنلىشىدۇ، يەنە كۆكلەپ قالىدۇ.

ئەگەر بۇنى ئالغاندا پۈتۈنلەي چىقماي بىرئاز قېپقالسا، ئۇ چاغدا ئۆتكۈر دورىنى كالا يېغى بىلەن قوشۇپ سىلىپ قويۇلسا ھەممىسى چىقىدۇ.

## يىگىرمە بىرىنچى پەسىل    قاپاق كۆكىرىش

كبودى وسبزى پلک

**داۋالاش:**

ئەگەر قاپاقتا جاراھەت بولسا، سۇرگۇ بېرىش، ئاندىن جاراھەتنى يوقىتىش ئۈچۈن سەندەل بىلەن مەدەستاننى گۈلاب بىلەن سۈرۈپ چېپىش، ئاندىن قارىمۇچنىڭ ئارىسىدىن چىققان تاشنى سۈرۈپ چېپىش لازىم.

يېڭى ساپال (ھېجىر) نى بىر - بىرىگە سۈرۈپ چاپسا ھەم مەنپەئەت قىلىدۇ. تۇرۇپنىڭ ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق سۇ بىلەن چاپسا، كۆكلۈكنى يوقىتىدۇ.

## يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل    كۆز قۇيرۇقىدىكى ئاقما

غرب

**تونۇش:**

بۇ بىر خىل ئاقما جاراھەت بولۇپ، ئاۋۋال كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا

ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئاندىن ئاقما جاراھەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئاقما جاراھەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ ئاقما جاراھەت بەزىدە بۇرۇن تەرەپكە ئېغىز ئېلىپ، بۇرۇن ئارقىلىق يىرىڭ چىقىدۇ. بەزىدە قاپاقنىڭ تېرىسىدىن ئېغىز ئېلىپ، قاپاقنىڭ كۆمۈرچىكىنى بۇزىدۇ. قاپاقنىڭ ئۈستىگە كىچىك قولنى قويۇپ ئۇۋۇلىسا يىرىڭ چىقىدۇ. كۆپىنچە گۆشنىڭ ئاستىدىكى سۆڭەكنى بۇزۇپ، سېسىتىپ قويىدۇ.

يەنە بىر خىل ئاقما بولۇپ، ئۇنىڭ ئالامىتى، بىر جايدىن ئېغىز ئالمايدۇ، ئاغرىيدۇ. شۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆزمۇ داۋاملىق ئاغرىيدۇ. بەزىدە داۋاملىق يىرىڭ تولۇپ تورغانلىقتىن كۆزدە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

كېسەللىك ماددىسىغا ئاساسەن سۈرگۈ بېرىپ، بەدەننى، مېڭىنى كېسەللىك ماددىسىدىن تازىلاش، تاماقنى ياخشىلاپ سىڭىشلىك تاماقلارنى بېرىش لازىم ۋە يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاش، بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن كۇندۇر، سەبرە، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، ئانارگۈلى، زەمچە سۈرمىسى ھەربىرى تۆت گرامدىن زەنكار ئۈچ پۇڭدىن دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ شىياف تەييارلاپ كۆزگە تېمىتىش لازىم. بۇ شىيافنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى جاراھەتنى يىرىڭ ۋە بۇزۇق گۆشلەردىن تازىلاش لازىم.

يەنى يىرىڭنى پاختا بىلەن تازىلاپ، بۇزۇق گۆشنى كېسىپ ئېلىۋېتىش لازىم.

بۇزۇق گۆشنى كېسىپ ئېلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بىرى، جاراھەت چوڭقۇر بولمايدۇ، قاپاقلاردىن ئايرىم بولغاندا تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن كېسىپ ئېلىش.

يەنە بىرى، جاراھەت چوڭقۇر بولۇپ، قاپاققا تۇتاش بولسا، دورا ئارقىلىق كېسىش، مەسىلەن: مەلھەمى زەنكارنى ئىشلىتىش بىلەن كېسىش، يىرىڭ بىلەن بۇزۇق گۆشلەرنى تازىلىماي تۇرۇپ، شىيافنى ئىشلەتكەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

ئەگەر بۇ ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن ساقايمىسا، داغلاش لازىم.

داغلاش ئۇسۇلى: ئۈچى يوملاق چوكىغا ئوخشاش بىر تۆمۈر ئەسۋابنى ئوتتا تاۋلاپ قىزارتىپ، بۇزۇق گۆشكە بىرقانچە قېتىم قويۇلسا، بۇزۇق گۆشلەر كۆيۈپ، ھۆللۈك ۋە يىرىڭلار قۇرۇيدۇ. داغلاش ۋاقتىدا خېمىرنى ياكى بىرئاز لاتىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ كۆزگە قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن داغنىڭ قىزىقلىقى كۆزگە ئۆتمەيدۇ.

داغلاشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئاۋۋالقىدىن ياخشىراق. بۇنىڭ ئۇسۇلى: مىس ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىدىن جاراھەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە لايىق ۋارونكا تەييارلاپ، جاراھەت بار جايغا قويۇپ، ئېرىتىلگەن قوغۇشۇننى ۋارونكىغا قويۇپ

تولۇق داغلانغىچە كېسەلمۇ چىداپ تۇرۇش لازىم. بۇ ئۇسۇلنى ھۆكۈمالار «ياخشى» دېيىشتى. چۈنكى بۇنىڭدا داغ جاراھەتتىن باشقا يەرگە تەسىر قىلمايدۇ. مەيلى قايسى ئۇسۇل بىلەن بولسۇن، داغلاپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىقنى پەسەيتىپ، جاراھەتنى پۈتتۈ- رۈش ئۈچۈن مەلھەمنى سەپىداپنى قويۇش لازىم.

مەزكۇر ئاقمىنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ قېلىپ، يىرىڭ چىقمىسا، تۇخۇمى كۇنۇچنى سوقۇپ، خېمىرتۇرۇچ بىلەن چېپىش ياكى ئايالنىڭ ياكى ئېشەكنىڭ سۈتى بىلەن پىشۇ- رۇپ، بىرئاز زەپەر سېلىپ ئاقمىغا جاراھەت ئېغىزىغا قويۇلسا يۇمشىتىپ ئېغىز ئالىدۇ. بۇغدايىنىڭ ئاپئاق چىقىرىلغان ئۇنىنىڭ نېنى ئىچىدىكى يۇمشىقى ۋە ئاز كۇندۇرلەرنى ئەمغىلان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا زىماد قىلىپ قويسا، ئاغزى ئېتىلىپ قالغان ئاقما چاقىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ.

ياخشىسى ـــ چوكىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاقمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ، ئاندىن بىرئاز پاختىنى دورىغا بۆلاپ، ئاندىن چوكىغا يۆگەپ ئاقمىغا قويۇش (دورا قۇرۇق بولسۇن، ھۆل بولسۇن ئوخشاش) دورىنى قويغاندىن كېيىن كۆزنى تېڭىش لازىم. بىرەر سائەت شۇك ئولتۇرۇش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك دورىلار بىلەن ساقايمىسا، ئۇ چاغدا ئوپېراتسىيە قىلىش ياكى داغلاش لازىم.

## يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل   كۆز ۋە قاپاق قىچىشىش

## حكة آماق واجفان

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەركىبىدىكى ھەرخىل شىلىمشىق ھۆللۈكلەر شۇ ئەزاغا قويۇلغانلىقتىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

كۆزنىڭ قۇيرۇقلىرى ۋە قاپاقلىرى قاتتىق قىچىشىدۇ، ئۇلىغانسېرى خوش يېقىپ قىچىشىش تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، قىچىشىدۇ.

**داۋالاش:**

كاسىنىنى سوقۇپ گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىش، ئاندىن زەنجىۋىلدىن 14 گرام، سېرىق ھېلىلە، سەمغى ئەرەبى، يۇيۇلغان تۇتىيا ھەر بىرى بەش گرامدىن ھۆزۈز 12 گرام، زەرچىۋە، زەپەر ھەر بىرىنى ئالتە گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، يىپەك

رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈزۈم غورىسىنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ، شىياڭ تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، ناچار، بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى چىقىرىپ تازىلايدۇ.

ئەگەر بۇ دورىلار بىلەن ساقايمىسا، مىزاجنى تەڭشەشكە چارە قىلىش. تاماقلىرىغا ئوغلاق، قوزىلارنىڭ يېڭى گۆشىنى، ئوبدان پىشۇرۇلغان ئاق نانلارنى يېيىش، مېۋىلەردىن ئەنجۈر، ۋاسالغۇ ئۈزۈملەرنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

داۋاملىق مۇنچىغا بېرىش، ھۆللەشتۈرگۈچى ياغلارنى، نۇتۇللارنى، يېمەك - ئىچمەك-لەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي بەدەننى ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا كېسەلنىڭ ماددىسى يۇمشاپ چىقىپ تازىلىنىپ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئەزالارنى ئېچىشتۇرۇشى پەسىيىدۇ. بەدەننى ھۆللەشتۈرگەندىن كېيىن كېسەللىككە سەۋەب بولغان ھۆللۈكنىڭ قايسى خىلت ئىكەنلىكىگە قاراپ سۈرگۈ بېرىش لازىم.

بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن كېسەل ئورۇننىڭ ئۆزىنى تازىلاش ئۈچۈن كوھلى باسلى-قۇن، كوھلى ئەزىزىلەرنى كۆيدۈرۈلگەن سۈرمە ئىسپاھانى 14 گرام، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەر ئىقلىمىياسى، يۇيۇلغان شادىنەج، تۇتىيايى ھىندى، كۆيدۈرۈلگەن مىس ھەر بىرى بەش گرامدىن، سېرىق ھېلىلە پوستى، سازەج ھىندى، قارىمۇچ، دارى پىلپىل، نۆشۇدۇر، سەبرە، سۇقۇتى، رۇسسوت، زەپەر، سەرتان بەھرى ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، زەنجىۋىل ئىككى گرام، كاپۇر 0.15 گرام، ئىپار 0.3 گرام، قەلەمپۇر بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، ئاندىن سالايە قىلىپ ئۈپىدەك بولغاندا كۆزگە تارتىش لازىم.

## يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل كۆز بەز ئۆسمىسى
## غدئى چشم

**تونۇش:**

كۆز بەز ئۆسمىسى بىر خىل بەز بولۇپ، كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا پەيدا بولىدۇ. كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىنىڭ گۆشى ئادەتتىكىدىن چوڭىيىپ قالغان بولسا، ئۇ «غۇددە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**داۋالاش:**

بەدەندىكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلتنى ئىنقىلاپ غەيرىي تەبى-ئىي خىلتلارغا قارىتا دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق تازىلاش لازىم. ئاندىن كېيىن مەلھەمى زەنگار ياكى شىيافى زەنگارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. بۇ دورىلار بىلەن بەز ئۆسمىسى يوقالمىسا بەز ئۆسمىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئوپېراتسىيە قىلىش لازىم.

ئارتۇقى كېسىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ كېسىلىپ كېتىشى بەك خەتەرلىكتۇر. چۈنكى يىلتىزىدىن كېسىپ ئېلىنغاندا ياشاڭغىراش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. ئارتۇق قىسمىنى قائىدە بويىچە نورمال كەسكەندىن كېيىن، زورۇرى ئەسپەر دېگەن دورىنى زىماد قىلىپ مەزكۇر دورىنى يەرلىك ئورۇنغا سىلىنسا ئۇ زىماد ئوپېراتسىيىدە قېپقالغان ئارتۇق گۆشلەرنى يەيدۇ.

ئوپېراتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى گۇل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىش، مۇناسىپ مەلھەملەر بىلەن جاراھەتنى پۈتتۈرۈش لازىم.

# تۆتىنچى باب قۇلاق كېسەللىكلىرى

## امراض اذن يعنى بيماريهاى گوش

قۇلاق — كۆمۈرچەك خۇسۇسىيەتلىك ئەزا بولۇپ، گۆش ۋە ئاڭلاش نېرۋىلىرىدىن تەركىب تاپقاندۇر.

ئۇنىڭ رولى ھەرقانداق ئاۋازلاردىن ھاۋادا دولقۇن پەيدا بولۇپ ھەرىكەتلىنىپ قۇلاققا يىغىلىپ، قۇلاقتىكى ئاڭلاش تۆشۈكىگە ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلاقنىڭ تۆشۈكىدىكى ئاڭلاش قۇۋۋىتىگە ئىگە يېيىلغان نېرۋىلارغا سوقۇلغاندا ھەرخىل ئاۋازلارنى سېزىدۇ.

بۇ بابتا قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق، قۇلاق غوڭۇلداش، قۇلاق قاناش، قۇلاق سۇنۇپ كېتىش، قۇلاقنىڭ ئەسلى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى، قۇلاق تۈۋى ئىششىقى، قۇلاق تۈۋى جاراھىتى، قۇياققا يات نەرسىلەر كىرىپ كېتىش، قۇلاق قىچىشىش، كۈچلۈك ئاۋازدىن قۇلاق ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

### بىرىنچى پەسىل قۇلاق ئاغرىقى

### وجع الاذن

قۇلاق ئاغرىقىنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۇنى داۋالاش-مۇ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىلغا بۆلىنىدۇ.

**1. ھۆل ئىسسىق كەيپىيات تەسىرىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:**

علاج درد گوش حار سازج

ئوت خۇسۇسىيەتلىك پار ئارىلاش ئىسسىق ھاۋا قۇلاققا ئورۇنلىشىش ۋە تەسىر قىلىش ئارقىلىق قۇلاق ئاغرىقىنى پەيدا بولىدۇ.

سانجىپ ئاغرىيدۇ، قۇلاق ۋە كۆزلىرى قىزىل بولىدۇ. ئوتنىڭ يالقۇنى قۇلاقتىن باش تەرەپكە چىقىۋالغاندەك سېزىم بولىدۇ، تامىقى قۇرۇيدۇ. بۇ تۆت خىل بولىدۇ.

1. بۇنىڭ ماددىسى ئاشقازاندا بولۇپ، يەل خۇسۇسىيەتلىك بۇخاراتلار ئاشقازاندىن ئۆرلەپ چىقىدۇ.

ئاشقازان ئاغزى كۆيۈپ ئېچىشىدۇ، قاتتىق ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولىدۇ، سوغۇق سۇ

ئىچىش بىلەن ئاغرىق ئازراق يېنىكلىشىدۇ، كۆزى ياشاڭغىرايدۇ.

2. ئىسسىق كۈنلەردە يول يۈرگەن سەۋەبتىن مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرى قىزىپ ئۇنىڭدىن بۇخاراتلار ئاجرىلىدۇ ۋە بۇخاراتلاردىن ئوت خۇسۇسىيەتلىك قىسىملىرى ئاجرىلىشقا يۈز تۇتقان ۋاقىتىدا بۇخاراتلار يەلگە ئايلىنىپ قۇلاقتا ئورۇنلىشىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى كېسەل ھەر ئىككى قۇلىقىدا، ئىككى كۆزىدە، يۈزىدە قىزىقلىق ھېس قىلىدۇ. بۇرنىنىڭ تۆشۈكى قۇرۇيدۇ، بىئارام بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقىسا ئالامەتلەر يېنىكلىشىدۇ.

3. قىزىق سۇ ياكى ئارشاڭنىڭ سۈيى قۇلاققا تېگىش بىلەن قۇلاق ئىچىگە ئىسسىق يەللەر پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ گۈڭگۈرت، تۇز بۇلاقلىرىغا ئوخشاش ئارشاڭنىڭ سۈيى باشنى بەكمۇ قىزىتىدۇ، سۇلارنىڭ ئەمەلىي قىزىقلىقى بۇ يەللەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى باش يېنىك، ئەمما باشتا ھارارەت بولىدۇ، باشنىڭ تۆۋەن تەرىپى ياكى ئوتتۇرىسى ئاغرىيدۇ.

4. ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى قۇلاققا تېمىتقانلىق سەۋەبتىن يەرلىك ئورۇندا يەللەر پەيدا بولىدۇ. ئىسسىق دورىلار غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى ۋە غەيرىي تەبىئىي ھۆللۈكلەرنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەللەر پەيدا بولۇپ، ئاغرىققا سەۋەب بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولغان بولسا داۋالاشتا:

مەتبۇخى ھېلىلە ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش، سوۋۇتقۇچى مۇناسىپ تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ئاغرىق ئەزانى سوۋۇتۇش، بۇخاراتلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن گۈل يېغىنى ئۈچ ھەسسە سىركىدە قايىنتىپ، سىركە پارلىنىپ يوقاپ ياغ قالغاندا ئېلىپ، ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر ئاغرىق قاتتىق بولۇپ، ئەزا يىغلىپ قېلىش، بىھوش بولۇش، زېھنى ئېلىشىش خەۋپى بولغاندا، بىرئاز ئەپيۇننى سۈتتە ئېرىتىپ، قۇلاق ئىچىگە تېمىتىپ، تاشقى تەرەپتىن سەندەل، مامشالارنى گۈلاب ۋە يۇمغاقسۇتنىڭ سۈيى، ئوسۇكى سۈيى بىلەن ئېزىپ چېپىش لازىم.

ئەسكەرتىش:

ئەپيۇن بىلەن سۈتنى داۋاملىق قۇلاققا تېمىتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنى داۋاملىق تېمىتسا قۇلاقتا ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ. ئەپيۇننى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ قۇلاققا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ياغ قويۇق بولغانلىقتىن، ئەپيۇن شۇ جايغا چاپلىشىپ قېلىپ ئاغرىق كۆپىيىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر ئىسسىق كۈنلەردە يول يۈرگەن سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

گۈل يېغىنى ئۈچ ھەسسە سىركىدە قايىنتىپ، سىركە پارلىنىپ يوقاپ ياغ قالغاندا

ئېلىپ، ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىش ياكى لاتىنى ھۆل قىلىپ قۇلاققا قويۇش، مېڭىنى ھۆللەشتۈرۈش ۋە سوۋۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىش، ھۆللەشتۈرگۈچى تىلا، نۇتۇل، ياغلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر قىزىق سۇ ياكى ئارىشانىڭ سۈيى قۇلاققا تېگىشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ماددىلارنى يوقىتىش، پاچاقلارنى بوغۇش، پۇتنىڭ ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاش، بۇخاراتلارنى قايتۇرۇش ۋە ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، سۆگەت يوپۇرمىقىنىڭ يېغى، قاپاق ئۇرۇقى يېغىغا ئوخشاش سوغۇق ياغلارنى قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرىغا تېمىتىش لازىم، ئىچىدىغان دورىلار ياكى چاپىدىغان دورىلار بولسۇن، مېڭىنى ھۆللەشتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

ئەگەر ئىسسىق دورىلارنى قۇلاققا قويغان سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئىچىنى يۇمشىتىش، قۇلاققا قويۇلغان دورىلارنىڭ تەسىرىگە قارىتا قارىمۇ - قارشى تەسىرنى بېرىدىغان قۇلاققا چېپىش لازىم.

## 2. يەلدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج درد گوش ريحي

قويۇق ۋە سوغۇق يەل قۇلاقتا ئورۇنلىشىپ قېلىپ قۇلاق ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. شۇ يەلنىڭ ئورۇنلاشقان جايى ۋە سەۋەبىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قاراپ يەلدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى تۆۋەندىكىدەك بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. يەل ئاشقازاندىن قۇلاق تەرەپكە ئۆرلەپ يەرلىك ئورۇندا ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلاق ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى كۆڭۈل ئېلىشىدۇ، شۆلگەي ئېقىپ تۇرىدۇ، ئىسسىق يەللەردىن پەيدا بولغان قۇلاق ئاغرىقىغا نىسبەتەن بۇنىڭدا باش ئاغرىقى ئازراق بولىدۇ، بېشىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇلسا خۇش ياقىدۇ، راھەتلىنىدۇ.

2. سوغۇقلۇقتىن پەيدا بولغان ئارتۇق ماددىلار باش تەرەپتە بولسا ئۇنىڭغا ئازراق ھارارەت تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوغۇق يەللەر ئاجرىلىپ قۇلاقتا ئورۇن ئېلىپ، ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى باش ئېغىر بولىدۇ، قۇلاق ۋە قۇلاق ئەتراپى قاتتىق ئاغرىيدۇ.

3. سوغۇققا ئۇچراش بىلەن باشنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلىرى تارىيىپ، تېرە قېلىنلىشىپ، بۇخاراتلار تارقىلالماي شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇخارات پەيدا بولۇپ، قويۇقلىشىپ چىقالمايدۇ. مېڭە قوشنا بولغانلىقتىن، بۇخاراتلار سوۋۇپ قۇرۇق ئىسسىق خاراكتېرلىك تەركىبلىرى پۈتۈنلەي ئاجرايدۇ. بۇخاراتلار سوغۇق يەللەرگە ئايلى-

نىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەللەر باشتىن قۇلاققا چۇشۇپ ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.
ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى ئىلگىرى سوغۇق ھاۋاغا ئۇچرىغان بولىدۇ، قۇلىقىدا يەلنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش بىر نەرسە ھېس قىلىدۇ.

4. باشقا سوغۇق سۇ قويۇلغانلىقتىن ياكى سوغۇق سۇغا چۆمۈلگەنلىكتىن قۇلاقتا يەللەر پەيدا بولۇپ، قۇلاق ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى سوغۇق سۇغا چۆمۈلگەنلىك ياكى سوغۇق سۇدا باشنى يۇغانلىق تارىخى بولىدۇ. باشنى قىمىرلىتىش قىيىن بولىدۇ.

5. سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى قۇلاققا تېمىتقان سەۋەبتىن يەللەر پەيدا بولۇپ، قۇلاقنى ئاغرىتىدۇ.

ئەگەر يەل ئاشقازاندىن قۇلاق تەرەپكە ئۆرلىگەن سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:
ئاشقازاننى تازىلاش، ئاندىن كېيىن ھەببۇلمۇلۇك يېغى، غاز يېغى، سۇداپ يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق ياغلارنى قۇلاققا تېمىتىش لازىم. ياغلارنى پىياز ۋە سۇداپنىڭ سۈيىدە قاينىتىپ تېمىتسا تەسىرى تېزرەك بولىدۇ. قۇلاقنى قىزىتىش، يەللەرنى تارقىتىش كۆپرەك تەلەپ قىلىنسا، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيۇنلارنى ياغلارغا قوشۇپ تېمىتسا بولىدۇ.

ئەگەر سوغۇق يەللەرنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:
ئايارەجلەر ۋە غار - غارلار ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، مېڭىنى تازىلىغاندىن كېيىن گۈل يېغىنى ئۈچ ھەسسە سىركىدە قاينىتىپ، سىركە پارلىنىپ يوقاپ ياغ قالغاندا ئىلىپ ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر سوغۇققا ئۇچراش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:
باشنى قىزىتىش ئۈچۈن ئىسسىق ياغلار بىلەن باشنى ياغلاش، ھۆل سېرىقچېچەك، بابۇنە، غار يوپۇرمىقى، مەرزەنجۇش، نەممام، قەيسۇم، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈيىنى بەدەن كۆيمىگۈدەك ھالدا باشقا قۇيۇش، ھامامدا ئولتۇرۇپ قىزىتىش، تاۋىغا قۇلاقنى تۇتۇش، چامغۇرنى پىشۇرۇپ ھورىنى قۇلاققا يەتكۈزۈش، قىچىنى سوقۇپ، ئىسسىق ياغلار بىلەن خېمىر قىلىپ، پەلكۆچلەرنى قۇلاققا سېلىپ قويۇش، نۇتۇل دورىلىرىنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ياكى پاختىنى تاتلىق زەيتۇن يېغىغا بۆلاپ قىزىتىپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم. بۇ نۇتۇلنىڭ دورىلىرى مەسىلەن: ئىكلىلمىلىك، گۈلى بابۇنە، سېرىقچېچەك، بىنەپشە، مەرزەنجۇش، سۆئتەر، زەنجىۋىل، بەرەنجاسپلارغا ئوخشاشلار دۇر.

ئەگەر باشقا سوغۇق سۇ قويغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا داۋالاشتا:
ئىسسىق ياغلار بىلەن باشنى ياغلاش، بولۇپمۇ ئاياغ تەرەپنى ياغلاش ۋە قۇلاققا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى قۇلاققا تېمىتقان سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاغرىققا سەۋەب بولغان دورىلارغا قارىمۇ قارشى تەسىرلىك دورىلارنى قۇلاققا تېمىتىش ياكى زىماد قىلىپ ئىشلىتىش لازىم.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج درد گوش صفراوی

ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج ئۆزگەرگەن سەۋەبتىن ياكى سەپرا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئاساسلىق ئالامەتلىرى كېسەلنىڭ يۈزى، بېشى قىزىق بولىدۇ. باش ئاغرىيدۇ، سوغۇق هاۋا تەگسە خۇش ياقىدۇ. سەپرادىن بولغىنىدا قاندىن بولغىنىغا قارىغاندا كۆيۈپ ئاغرىش كۆپرەك، ئېغىرلىق ئازراق بولىدۇ.

ئەگەر ماددىسىز ئىسسىق ياكى سەپرا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئىچىنى يۇمشاتقۇچى نەرسىلەرنى بېرىش، شىيافى ئەبيەز ۋە سوغۇق ياغلارنى قۇلاققا تېمىتىش، مامشا، ئارپا ئۇنى، سەندەل، كاپۇرلارنى هۆل، يۇمشاق سوقۇپ، ئوسۇك سۇيى بىلەن قۇلاققا تېڭىش كېرەك.

سەپرا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىدا ماددىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىنى يۇمشىتىش كېرەك. ماددىسىز مىزاج ئۆزگەرگەن سەۋەبتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىدا ماددىنىڭ باش تەرەپكە يۈزلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچىنى يۇمشىتىش كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىششىق پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولىدۇ.

### 4. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج درد گوش بلغمی

ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج ئۆزگەرگەنلىكتىن ياكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئاغرىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى سوغۇق دورىلارنى ۋە سوغۇق يېمەك - ئىچمەكلەر ئىستېمال قىلغان تارىخى بولىدۇ.

ئاساسلىق ئالامەتلىرى قۇلاق ئاغرىقى بىلەن بىللە ئېچىشىش ۋە قىزىللىق بولمايدۇ. ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن راھەتلىنىپ ئارام ئالىدۇ. ئەگەر قۇلاق ئاغرىقى غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا، باش، قۇلاقلىرى ئېغىرلىق هېس قىلىدۇ. ئۇيقۇ كۆپ كېلىدۇ. بۇرۇننىڭ تۆشۈكلىرى هۆل بولىدۇ.

ئەگەر ماددىسىز سوغۇقتىن ياكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تەسىرىدىن بولغان

بولسا داۋالاشتا:

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تەسىردىن كېلىپ چىققان بولسا داۋالاشتا ۋە ئايارەجلەر ئارقىلىق ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، مېڭە تازىلانغاندىن كېيىن تۇرۇپ يېغى، قۇستە يېغى، سۇمبۇل يېغى، ئاق يەسمەن ياغلىرىغا ئوخشاش ئىسسىق ياغلارنى قۇلاققا تېمىتىش لازىم. بابۇنە، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، ئاقىرقەرھالارنىڭ قايىنتىلمىسىغا ئوخشاش ماددىنى تارقاتقۇچى نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ماددىسىز مىزاج ئۆزگەرگىنىدە مېڭىنى تازىلاش ۋە تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ھاجەتسىز. قىزىتقۇچى، مىزاجنى نورماللاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش كۇپايە قىلىدۇ.

### 5. ئىسسىق ـ سوغۇق ئىششىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج درد گوش حار وبارد*

بۇ خىل قۇلاق ئاغرىقى سەۋەبىگە قاراپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئىسسىق ئىششىقتىن، يەنە بىرى، سوغۇق ئىششىقتىن بولىدۇ. تۆۋەندە تۈرلەر بويىچە بايان قىلىنىدۇ.

1. ئىسسىق ئىششىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:

قۇلاق قاتتىق لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ، بېشى، پېشانىسىدە ئېغىرلىق ھېس قىلىدۇ. يۈزى قىزىل بولىدۇ، بۇ خىلدىكى ئىششىق ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، قۇلاقنىڭ تۆشۈكىدە ۋە سىرتقى قىسىملىرىدا بولىدۇ. بۇ ئىششىق كۆزگە كۆرۈنىدۇ، بۇنداق سىرتتىكى ئىششىق مېڭە ۋە نېرۋىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئاغرىمايدۇ. ئىششىق ئېغىز ئالغاندا ئاڭلاش قۇۋۋىتىگە تەسىر قىلمايدۇ.

ئىسسىق ئىششىقتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئىچىنى يۇمشىتىش، شىيافى ئەبيەزنى قۇلاققا تېمىتىش، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، مامشا، گۈل ئەرمىنى، روسوت سەپىداپ، كاسىنە ئۇرۇقى، تاباشىر، كاپۇرلارنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق ھالدا ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، بەزى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن كاھۇ، يۇمغاقسۇتلەرنىڭ ئۇسارى بىلەن خېمىر قىلىپ، شاھماتىنىڭ ئۇرۇقى شەكلىدە باش تەرىپى كىچىك، ئاياغ تەرىپى چوڭ ئالتە قىرلىق شىياف تەييارلاپ، ھاجەت بولغاندا تاش ئۈستىگە سۈرۈپ، يۇمغاقسۇت سۈيى ياكى ئىنئۈزۈم سۈيى ياكى كاسىنە سۈيى بىلەن قوشۇپ چىپىش، سۇتنى ئەمچەكتىن بىۋاستە قۇلاققا سېغىش لازىم.

بۇ ئۇسۇل ـ چارىلەرنىڭ ھەممىسى ئاغرىق پەسەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقى پەسەيسە ياخشى.

ئەگەر ئاغرىقى پەسەيمىسە، زىغىر لۇئابى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لۇئابلار قۇلاققا تېمىتىلسا، ئىششىق يېرىڭغا ئايلىنىپ پىشىپ يېرىڭ چىقىپ كېتىش بىلەن ئاغرىقى پەسىيىپ

ياخشىلىنىدۇ.

2. سوغۇق ئىششىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:

بۇ ئىششىق قۇلاقنىڭ قىسىملىرىدا ياكى تۆشۈكىدە ياكى تاشقى تەرىپىدە بولىدۇ. قۇلاقتا ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ. لوقۇلداپ قاتتىق ئاغرىش، باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، قىزىتما بولمايدۇ.

سوغۇق ئىششىقتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. لوڭقا قويۇش ئارقىلىق ماددىنى ئىششىق بار جايغا تارتىش لازىم. ئىككى كۈندىن كېيىن چەلەڭنىڭ ياپرىقىنى كونا سېرىقمايدا پىشۇرۇپ ئىششىققا تاڭسا ماددىنى تارقىتىدۇ. ئەگەر كېسەل باشلانغاندىن تارتىپ ئاغرىق قاتتىق بولسا، ئىلمان سۇدا لاتىنى ھۆل قىلىپ، قۇلاققا قويۇش، ئاغرىقى قاتتىق بولمىسا، تۇزنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم.

### 6. يىرىڭلىق چاقىلاردىن پەيدا بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد گوش قرحی

ئاساسلىق ئالامەتلىرى بولسا ئىششىش، ئاغرىش، يىرىڭ يىغىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

يىرىڭلىق چاقىلاردىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

ئاق موم 80 گرام، ئەنزۇرۇت ئالتە گرام، مۇرمەككى، راتىنەج، رۇسۇت ھەر بىرى 10 گرام، زەيتۇن يېغى 100 گرام ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ پەلكۈچ بىلەن قۇلاققا چېپىلىدۇ.

خوپىسىل ھەدىد سىركىگە بىرئاي ياكى بىر ئايدىن كۆپرەك چىلاپ سۈزۈپ، قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

### 7. قۇرتلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد گوش کرمی

قۇلاق قىچىشىدۇ، قىمىرلايدۇ، قۇرتلارنىڭ مىدىرلىغانلىقى سېزىلىدۇ. بەزى چاغلاردا بىرەر قۇرت چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ قۇرتلار ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ يۈزى ئاق، بېشى قارا بولىدۇ. داۋاملىق پىلتىڭلاپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر خىلى توپىرەڭ بولۇپ، ئىت چىۋىنىغا ئوخشايدۇ.

قۇرتلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈشكە تۆۋەندىكى قۇرت ئۆلتۈرگۈچى رېتسېپلار قائىدە بويىچە ئىشلە-

تىلىدۇ.

ئاق تۇغرىغۇ، سەبرىلەرنى ياكى ئەپسەنتىن ئۇسارىسى ياكى شەھمەنزەل ياكى شاپتۇل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ياكى شاپتۇل يوپۇرمىقىنىڭ قايىنتىلغان سۈيىدىن قايسى بولسا شۇ قۇلاققا تېمىتىلسا قۇرتلار ئۆلىدۇ.

ئۆلگەن قۇرتلارنى چىقىرىش ئۇسۇلى: يۇڭدىن پەلكۈچ تەييارلاپ سەرپىستان ياكى سىرەج بىلەن ھۆل قىلىپ قۇلاققا سېلىپ قويۇلسا، ئۆلگەن قۇرتلارنى چىقىرىدۇ ياكى كۈندۈشنى يۇمشاق ئېزىپ بۇرنىغا پۈركۈپ چۈشكۈرگىلى تۇرغاندا، ئاغزى ۋە بۇرنىنى تۇتۇپ بېكىتىپ ئېلىنسا، چۈشكۈرۈكنىڭ كۈچى قۇلاق تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كۈچلۈك چۈشكۈرۈش بىلەن قۇرتلارنى قۇلاقتىن چىقىرىدۇ.

قۇلاققا قۇرت پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبى بىلەن يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولسا، ئۇ ھالەتتە ئاۋۋال قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ، جاراھەتنى تازىلاپ، ئاندىن كېيىن جاراھەتنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

يىرىڭلىق يارا يېڭى بولسا تۆۋەندىكى مەلھەمى ئەبيەزنى گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ تېمىتىش لازىم. تېمىتىشتىن ئاۋۋال جاراھەتنى يىرىڭلاردىن تازىلاپ، ئاندىن تېمىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا جاراھەتنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەسىرى ياخشىراق بولىدۇ.

تازىلاش ئۇسۇلى:

كونا پاختىنى ھەسەل سۈيىگە چىلاپ قۇلاققا قويۇلسا، يىرىڭ چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن مەلھەمى سەپىداپ، مەلھەمى راتىنەج ۋە ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، كۈندۈر، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىلىرى بىلەن تەييارلانغان زۇرۇر (سېپىلىدىغان دورىلار) بىلەن ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ، پەلكۈچنى دورىلارغا تەگكۈزۈپ قۇلاققا سېلىپ قويۇلسا، شۇنىڭ بىلەن قۇلاق تازىلىنىدۇ.

### 8. ھەرخىل ھاشاراتلاردىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد گوش هوامی

چۈمۈلە، مىڭئاياغ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق ھاشاراتلار قۇلاققا كىرىپ كەتكەن سەۋەبتىن پەيدا بولىدىغان قۇلاق ئاغرىقىدۇر.

ئۇنى داۋالاشتا ئاساسلىقى قۇلاققا كىرىپ كەتكەن ئۇششاق ھاشاراتلارنى چوڭ - كىچىكلىكىگە خاس ھەرىكىتى سېزىلىدۇ، ھاشارات مىدىرلىغان ۋاقىتدا ئاغرىقى زىيادە بولىدۇ، مىدىرلىماي شۇك تۇرسا ئاغرىق پەسىيىدۇ.

چۈمۈلىگە ئوخشاش ئۇششاق ھاشارەتلەرنىڭ قۇلاققا كىرىۋېلىشنى داۋالاشتا:

قۇلاققا قۇرت كىرىۋېلىشنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**9. سۇ كىرىپ كېتىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاش:**

علاج درد گوش آبي

قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىپ تېز چىقماستىن، قۇلاقنىڭ تۇۋىگە ئىششىق پەيدا قىلغان سەۋەبتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل قۇلاق ئاغرىقىدۇر.

بەزىدە سۇ قۇلاقتىكى كىرلەر بىلەن ئارىلىشىپ قىزىپ قۇلاقنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ ياكى ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ.

سۇغا چۆمۈلۈش، سۇ ئۈزۈش ياكى مۇنچىغا بېرىپ ئىككى كۈن ئۆتمەستىن ئاغرىق كۆچىيىدۇ. ئەمما قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقى ۋە بىرئاز ئاغرىشى سۇغا چۆمۈلۈپ چىققاندىن تارتىپ سېزىلىدۇ.

قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

سۇنى چىقىرىشقا تىرىشىش بۇنى چىقىرىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

1. قولنىڭ ئالقىنىنى شۇ سۇ كىرىپ كەتكەن قۇلاققا قويۇپ، بېشىنى شۇ تەرەپكە مايىل قىلغان ھالدا بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سەكرىسە سۇ چىقىپ كېتىدۇ.

2. باشقا بىر ئادەم ئاغزى بىلەن ياكى نەيچە بىلەن شورىسا سۇ چىقىدۇ.

3. بۇلۇتتىن پەلكۈچ ياساپ قۇلاققا سېلىپ قويۇپ، شۇ تەرەپنى بېسىپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ياتسا سۇ ئېقىپ چىقىدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل قۇلاق ئېغىرلىق ۋە گاسلىق

طرش و وقره صمم

**تونۇش:**

پېشقەدەم تېۋىپلار قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقىنى تەرەش، قۇلاقنىڭ گاسلىقىنى ۋۇقەر، قۇلاقنىڭ پۈتەيلىكىنى سەمەم دەپ ئاتايدۇ.

بەزى تېۋىپلار ۋاقىت ئۇزۇن كونىراپ قالغان گاسلىقنى ۋۇقەر، يېڭى بولغىنىنى تەرەش دەپ ئاتايدۇ.

**سەۋەبى:**

قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق كېسەللىكلىرى سەۋەبىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ.

1. تۇغما گاسلىق.

تۇغما گاسلىق ئاساسلىقى قۇلاقتىكى تۇغما توسالغۇ سەۋەبىدىن بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكە-

ـدەك ئۇچ خىل بولىدۇ.
1) ئەسلى تۇغۇلۇشتا قۇلاقنىڭ سۆڭىكىدە ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۆشۈكى يوق تۇغۇلىدۇ.
2) گەرچە مەزكۇر سۆڭەكتە ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۆشۈكى بولسىمۇ، ئەمما تۇغۇلۇشتا مەزكۇر تۆشۈك گۆش بىلەن تولۇپ پۈتۈپ قالغان هالدا تۇغۇلىدۇ. مانا بۇنىڭ هەر ئىككىلىسى چارىسىز بولۇپ، داۋالاش مۇمكىن ئەمەس.
3) بۇ بىر خىل تۇغما توسالغۇ بولۇپ، بۇنى داۋالاشقا بولىدۇ. قۇلاقنىڭ ئاڭلايدىغان تۆشۈكى ئىچكى تەرەپتىن پۈتۈنلەي ئوچۇق بولۇپ، تاشقى تەرەپتىن پەردىگە ئوخشاش تېرە يېپىۋالغان هالدا تۇغۇلىدۇ.
2. ياش چوڭىيىپ قېرىغانلىقتىن بولغان گاسلىق.
3. قۇلاقنىڭ تۆشۈكىدىكى ئاڭلاش قۇۋۋىتىگە ئىگە نېرۋىلار بېسىلىش ياكى تاياق تېگىش تۈپەيلىدىن زەخىملىنىشتىن بولغان گاسلىق.
4. تەبىئەت بىلەن كېسەللىك بىر - بىرى بىلەن ئېلىشقاندا كېسەللىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا مېڭىگە ئۆرلەپ گاسلىققا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىلدىكى گاسلىق جىددىي ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ ۋە سەپرا خاراكتېرلىك قىزىتمىلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ.
5. قۇلاقتا ماددىسىز هۆل ئىسسىق، هۆل سوغۇق ياكى قۇرۇقتىن مىزاج ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، گاسلىق كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.
6. قويۇق ۋە خام خىلتلار ئاڭلاش نېرۋا ۋە پەردىلەرگە قويۇلىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن روهىي نەپسانىي ئاڭلاش نېرۋىلىرىغا ئۆتەلمەي قۇلاقنىڭ ئاڭلىشى يوقىلىدۇ. قىزىق نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەت قىلىشى ۋە سوۋۇتقۇچى ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەنلىكى، باشنىڭ ئېغىر بولۇشى، باشنى يەرگە قويغاندا تېخىمۇ ئېغىرلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ. قۇلاقتا كۆيگەندەك سېزىم ۋە قىزىش ئەهۋاللىرىنىڭ هېچبىرى بولمايدۇ.
7. كىر، ئۇششاق تاش ۋە يىرىڭلىق چاقا تەسىرىدىن قۇلاق تۆشۈكىدە توسالغۇ پەيدا بولۇپ، ئاۋازنى كۆتۈرۈپ ئاڭلاش نېرۋىلىرىغا يەتكۈزىدىغان هاۋانى يەتكۈزمەيدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن گاسلىق پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

قۇلاق قاتتىق ئاۋازلارنى ئاڭلىيالمايدۇ، ئەمما بارماقلارنى شۇ تۆشۈك بار جايغا ئۇرۇپ باقسا سېزەلەيدۇ.

**داۋالاش:**

تۇغما گاسلىقنى داۋالاش هاجەتسىز، زەخىملىنىشتىن، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتنىڭ تەسىرىدىن ياش چوڭىيىپ قېرىغانلىقتىن بولغان گاسلىقنى داۋالاشتا:
مەتبۇخى هېلىلە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق سەپرا خىلتنى

تۆۋەن تەرەپكە تارتىش لازىم. كېسەللىك ماددىسى تازىلانغاندىن كېيىن سوۋۇتۇش ۋە قۇلاقتىكى ئاڭلاش ئەزالىرىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋايى رۇممانىنى قۇلاققا تېمىتىش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ ھەم باشقا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ چۇشۇشىنى توسىدۇ.

داۋايى رۇممانىنى تەييارلاشتا بىر دانە ئاچچىق ئانارنىڭ بىر تەرىپىدىن ئازراق كېسىپ ئىچىدىكى دانىلىرى ۋە پەردىلىرىنى چىقىرىپ پوستىنى خالىي قىلىپ، ئۇرۇقلىرىنى سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ، پوستىنىڭ ئىچىگە قۇيۇپ، ئۈستىگە بىرئاز سىركە ۋە گۈل يېغى ۋە كۈندۈرلەرنى سېلىپ، ئاندىن شۇ ئانارنى چوغنىڭ ئۈستىدە ئىچىدىكى سۇ قويۇلغىچە قويۇپ قاينىتىپ، ئاندىن ئېلىپ بىرقانچە تامچە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىق، ھۆل سوغۇق ۋە قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلغان سەۋەبتىن بولغان گاسلىقنى داۋالاشتا:

سەۋەبلىرىگە قاراپ مۇناسىپ قۇلاق - بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان دورىلار ئارقىلىق مىزاجنى تەڭشەش لازىم.

قويۇق ۋە خام خىلىتلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مۇناسىپ ئايارەجلەر غار - غارلار ۋە باشقا دورىلار ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن سېرىقچېچەك، سۇزاپلارنىڭ يېغىنى ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىش، ياۋا بېدە، غار دەرىخىنىڭ ياپرىقى، مەرزەنجۇش، خىتمى بەرەنجاسىپ، سۆئتەر، بابۇنىلەرنىڭ قاينىتىل- غان سۇلىرى بىلەن گەدەننىڭ ئارقىسىغا، قۇلاقنىڭ تۈۋلىرىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، سۇزاپ، سۆئتەر، ئەمەنلەرنى سىركە، زەيتۇن يېغى، سۇ بىلەن پىشۇرۇپ، ئاپتۇۋىغا قۇيۇپ، ئاپتۇۋا ئاغزىغا ۋارونكىنى دوم كۆمتۈرۈپ، چىڭ بېكىتىپ ۋارونكىنىڭ نەيچىسىنى قۇلاققا قويۇپ تۇرۇپ ھورىنى قۇلاققا ئېلىش لازىم.

ئەسكەرتىش:

قۇلاق ئېغىرلىقىدا ئىچكى ئەزالارنى تازىلاشنى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا كېسەلنىڭ قۇۋۋىتى ساقلىنىپ، ماددىنى پىشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ھەرقانداق قۇلاق كېسەللىكىدە قۇلاققا تېمىتىدىغان دورىلارنى ئىلمان ھالدا تېمىتىش.

ئەگەر قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە توسالغۇ پەيدا بولۇشى يەرلىك ئورۇنغا كىر يىغىلىپ قىلىشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

قۇلاقنىڭ كىرلىرىنى ئېلىشقا مەخسۇس ئەسۋاب ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، كىرنى ئې- لىش يۇمشىتىش ئۈچۈن ئۇخلاش ۋاقتىدا كۈنجۈت يېغىنى ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىش، ئەتىگەندە قىزىق ھورلارنى قۇلاققا يەتكۈزۈش ياكى مۇنچىغا بېرىپ قىزىق ھورغا قۇلاقنى قاقلاش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قۇلاقتىكى كىرلەر ئېرىپ ئۆزلۈكىدىن چىقىدۇ.

ئەگەر كىر چىقمىسا، ئۇ ھالەتتە يۇقىرىقىدەك مەخسۇس ئەسۋاب ئارقىلىق چىقىرىش

لازىم. ئاۋۋال يۇمشىتىپ، ئاندىن كېيىن چىقىرىلسا، ئوڭايراق چىقىدۇ. زاغۇن، ئۇد يېغى، ئاق توغرىغۇلارنى سوقۇپ، سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ، پەلكۈچ قىلىپ قۇلاققا سېلىپ قويۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېلىنسا كىرلەر چىقىدۇ.

ئەگەر قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە توسالغۇ پەيدا بولۇشى يىرىڭلىق چاقا تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە ئۈنگەن ئارتۇق گۆش ياكى سۆگەل ئاشكارا ۋە كۆرۈنەرلىك بولسا، كېسىپ ئېلىۋېتىش لازىم.

ئەگەر قۇلاقنىڭ ئىچى تەرىپىدە چوڭقۇر بولسا، ئۇ ھالەتتە ئىنچىكە ئەسۋاب بىلەن بىر ئىلاج قىلىپ كېسىش لازىم، كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن پەلكۈچ تەييارلاپ، زاك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاراھەتنى پۈتتۈرمەيدىغان نەرسىلەرگە مەزكۇر پەلكۈچنى تەگكۈزۈپ قۇلاققا سېلىپ قويۇلسا، قالدۇق يىلتىزلىرىنى يەپ قايتا ئۈنمەيدۇ. ئەگەر ھېچبىر ئۇسۇل بىلەن كېسىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ ھالەتتە قۇلاقنى ئاق توغرىغۇ ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن سودا بىلەن قىزىل زەرنىخنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ شۇ يەرگە قويۇلسا، ئارتۇق گۆشنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئارتۇق گۆشلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن جاراھەتنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر قۇلاقتىكى تۇغما توسالغۇ يەنى قۇلاقنىڭ ئاڭلايدىغان تۆشۈكى ئىچكى تەرەپتىن پۈتۈنلەي ئوچۇق بولۇپ، تاشقى تەرەپتىن پەردىگە ئوخشاش تېرە يېپىشۋالغان ھالدا بولسا داۋالاشتا:

تېرىنى قۇلاق تۆشۈكىنىڭ ئۇدۇلىدىن تېشىپ، قۇلاقنىڭ تۆشۈكىنى ئېچىپ، ئاندىن بىر پەلكۈچنى يۇمشاق سوقۇلغان زاكقا تەگكۈزۈپ شۇ تۆشۈككە سېلىپ قويۇلسا، تېرىنىڭ گۆشىنى يەپ، مەزكۇر ئاچقان تۆشۈكنى چوڭايتىدۇ. ئاندىن شۇ تۆشۈكنىڭ قايتا پۈتەيلە-شىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم.

ئەسكەرتىش:

ئەگەر كىچىك بالىنىڭ قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالسا، ئانىسى، بىرئاز تاشتۇز ۋە سۆئتەرلەرنى چايناپ سۈيىدىن بىر تامچە قۇلاققا تېمىتىپ قويسا، شۇنىڭ بىلەن ياخشى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل    قۇلاق غوڭۇلداش

## دوی وطنين وصفير

**سەۋەبى:**

قۇلاق غوڭۇلداش كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك سەككىز خىل بولىدۇ.

1. ئاڭلاش سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئىچكى تەرەپتىكى خىلتلار ۋە بۇخاراتلارغا

پەيدا بولغان ئەڭ توۋەن ھەرىكەتنى سېزىدۇ (غوڭۇلدىغاندەك تۇيغۇلار بىلىنىدۇ). قورساق ئاچقان چاغلاردا مەزكۇر ئەھۋال زىيادە بولىدۇ، سېزىمنى تۇتۇقلاشتۇرغۇچى نەرسىلەرنى يېگەندە ئازىيىدۇ.

2. ئاڭلاش قۇۋۋىتى بەك ئاجىزلاشقان سەۋەبتىن قۇلاق غوڭۇلداش ئەھۋالى پەيدا بولىدۇ ياكى ھەزىم قىلىش بۇزۇلغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىلدىكىسى كېسەللىكتىن يېڭى قويغان كىشىلەردە ئۇچرايدۇ.

3. باش ساھەسىگە ئارتۇق ماددا يىغىلىپ ئۇنىڭدىن قويۇق ھاۋا ياكى بۇخارات ئاجرىلىدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتى شۇ ھەرىكەتنى غوڭۇلدىغان شەكىلدە سېزىدۇ.

4. ئارتۇق ماددىنىڭ ئۆزى قۇلاق تەرەپكە قويۇلۇپ، قۇلاقنىڭ ئىچكى توٚشۇكىدىكى ھاۋانىڭ ئورنىنى سىقىپ قويىدۇ، شۇ سەۋەب بىلەن ھاۋا توسۇلۇپ بىئارام بولىدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتىگە غوڭۇلدىغان سېزىم مەلۇم بولىدۇ. باشتىكى ئارتۇق ماددىدىن، يەلدىن پەيدا بولغىنىنىڭ ئالامىتى قۇلاقتا سوزغاندەك سېزىم بولىدۇ ۋە باشتا ئېغىرلىق بولىدۇ، بەدەننى ھەرىكەتلەندۇرگەندە ياكى قۇلاقنىڭ ئۆزىنى ھەرىكەتلەندۇرگەندە مەزكۇر يەل ھەرىكەتلىنىپ قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى زىيادە بولىدۇ. يەلنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە سەۋەبچى بولغان نەرسە يوقالسا، غوڭۇلداشمۇ توختايدۇ.

قۇلاقتا ئارتۇق ماددا چۆكەن سەۋەبتىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى باش، قۇلاق ھەر ئىككىسىدە ئېغىرلىق ۋە سوزۇلۇش بولىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنىڭ قويۇلۇش ۋاقتى قانچىلىك داۋام قىلسا، غوڭۇلداشمۇ شۇنچىلىك داۋام قىلىدۇ.

5. بەدەن بەك قۇرۇغانلىقتىن ۋە كۆپ ئاچ قالغانلىقتىن قۇلاق غوڭۇلدايدۇ. قورساق ئاچ ۋاقىتلاردا غوڭۇلداش جىقراق بولۇپ، كېسەللىكتىن ئىلگىرى ئاچ قېلىش، ئوزۇقلىنالماسلىق ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن تارىخى بولىدۇ.

6. مىزاجنىڭ ئىسسىققا ئۆزگىرىشى ۋە بىئارام بولۇشى خىلتلارنى قاينىتىپ، بۇخاراتلارنى قوزغايدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتى ئۇنى سېزىدۇ. مەسىلەن: بۇ خىلدىكى ئەھۋال بەزى كېسەللىكلەردە تەپنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كۆرۈلىدۇ.

7. بۇخاراتلارنى قوزغاپ، مېڭە تەرەپكە چىقىرىدىغان دورىلارنى مەسىلەن: قارىمۇچقا ئوخشاش دورىلارنى ئىشلەتكەن سەۋەبتىن ياكى بۇخاراتنى قوزغاپ، قۇلاقنىڭ ئىچىدىكى جىم تۇرغان ھاۋانى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ يېمەكلىكلەر مەسىلەن: سامساق، كۇدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئىستېمال قىلغان سەۋەبتىن قۇلاق غوڭۇلدايدۇ. بۇ خىلدىكىسى كۆپىنچە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرماستىن يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىۋەرسە ساقىيىشى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

8. ھەرخىل يىرىڭ ـ چاقلاردىن ئاققان يىرىڭ ۋە سېرىق سۇلار قۇلاق ئىچىگە قويۇلۇش ياكى قۇلاقتا پەيدا بولغان قۇرتلارنىڭ ھەرىكىتى مەزكۇر كېسەللىككە سەۋەب بولىدۇ.

داۋالاش:

ئەگەر ئاشلاش سىزىمىنىڭ ئۆتكۈرلىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

قولاقنىڭ ئاشلاش سىزىمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن گۈل يېغى بىلەن سىركىنى بىرلەشتۈرۈپ ياغ قالغىچە قاينىتىپ، ئاندىن شۇنى بىرئاز ئەپيۇن بىلەن قولاققا تېمىتىش لازىم. ئازراق چىلغوزا ئاغزى ۋە قۇندۇز قەھرىلەرنى مەزكۇر ياغقا قوشۇپ ئەپيۇن بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئاشلاش قۇۋۋىتى بەك ئاجىزلاشقان سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مىزاجىنى تەڭشەش لازىم. مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن خۇشبۇي ياخشى تاماقلارنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئۆتكۈر بولمىغان خۇشبۇي نەرسىلەرنى پۇراش لازىم، قولاقنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن گۈل يېغىنى ياكى بادام يېغىنى سىركىدە قاينىتىپ قولاققا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر باش ساھەسىگە ئارتۇق ماددا يېغىلىش ياكى ئارتۇق ماددىنىڭ ئۆزى قولاق تەرەپكە قويۇلۇشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش لازىم. ئاندىن كېيىن پۇدىنە، ئەمەن، مەرزەنجۇش، سۆئتەرلەرنى قاينىتىپ، ھورىنى قولاققا يەتكۈزۈش لازىم.

سەۋسەن ۋە گۈلى خەيرىلارنىڭ يېغىنى قولاققا تېمىتىش لازىم. يەنە مېڭىنى تازىلىغاندىن كېيىن قالدۇق يەللەرنى ۋە ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن داۋاملىق مۇنچىغا بېرىش كېرەك. ئەمما مېڭىنى تازىلاشتىن ئىلگىرى مۇنچىغا بېرىشتىن، كۆچلۈك ھەرىكەتتىن، ئاپتاپقا، ئوتقا قاقلىنىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۆچەيمەسلىككە پايدىسى بار.

ئەگەر كۆپ ئاچ قالغانلىقتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

يېمەك ـ ئىچمەكنى كەڭتاشا قىلىش، بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ بېرىش، گۈل يېغى ۋە باشقا ھۆللەشتۈرگۈچى، سوۋۇتقۇچى ياغلارنى قولاققا تېمىتىش، ئاندا ـ ساندا ئاشلاش نېرۋىلىرىنىڭ سىزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن نەشىە يېغىنىمۇ قولاققا تېمىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قولاققاغوڭۇلدىغان ئاۋاز سېزىلمەيدۇ.

ئەگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىققا ئۆزگىرىشى تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا تەپكە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئەگەر بۇخاراتلارنى قوزغاپ مېڭە تەرەپكە چىقىرىدىغان دورىلارنى ئىشلەتكەنلىك سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

سەۋەبىنى تۈگىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەڭشەش تازىلاش لازىم.

ئەگەر ھەر خىل يىرىڭ چاقىلاردىن ئاققان يىرىڭ ۋە سېسىق سۇلارنىڭ قولاق ئىچىگە يېغىۋېلىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى يىرىڭ بولسا، يارىنى داۋالاش لازىم. ئەگەر قۇرتلار

سەۋەب بولسا، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىش لازىم.

ئەگەر باش ۋە بەدەن تومۇرلىرىنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكى غوڭۇلداشقا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ خىلدىكى ئەھۋال مەست بولغاندىن كېيىن، تاماقنى يەپلا ئۇخلىغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە قاتتىق قەي قىلغان سەۋەبتىن مېڭىگە بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ ياكى يىقىلىش ياكى باشقا تاياق تېگىش بىلەن مېڭە زەخىملىنىدۇ. شۇ سەۋەبلەر ئارقىلىق قۇلاق غوڭۇلدايدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرىنى كېسەلنىڭ مىزاجىغا قاراپ چارە قىلىش ۋە داۋالاش لازىم.

## تۆتىنچى پەسىل قۇلاق قاناش

## انفجار گوش

**سەۋەبى:**

قۇلاق قاناش كېسەللىكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، ئىنساننىڭ تەبىئەت كۈچى كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلغاندا (بوھراندا) قۇلاق قانايدۇ. بۇ خىل سەۋەبتىن پەيدا بولغان قاناش بوھران كۈنلەردە پەيدا بولىدۇ. قان چىقىش بىلەن كېسەللىك يەڭگىللىشىدۇ. بۇ خىلدىكى قاناشتا كېسەل ئاجىز بولمىسا، قاننى توختاتماسلىق لازىم، بۇ قاناشنىڭ باشقا بىر چوڭ ئاپەتلەردىن ساقلايدىغان پايدىسى بار.

ئىككىنچى خىلى، بەك تولۇپ كەتكەنلىكتىن ياكى كۈچلۈك زەربە يەتكەنلىكتىن قۇلاقنىڭ ئىچىدىكى بىرەر تومۇر يېرىلىدۇ ياكى ئاغزى ئېچىلىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، زەھەرلىك يىلان چاققان سەۋەبتىن قۇلاقتىن قان چىقىدۇ. بۇ بىر خىل يىلان زەرراقە دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ زەھىرى ئادەمنىڭ قېنىنى ئېرىتىپ تاشلاپ، بەدەندىكى بارلىق ئۆششاق تۆشۈكلەردىن قان چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاۋۋال سەۋەبىنى يوقىتىش، ئاندىن قاننى توختىتىش ئۈچۈن مىزاجنى ئىسسىق ۋە سوغۇقلۇقىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قان توختاتقۇچى نەرسىلەرنى قۇلاققا تېمىتىش لازىم. مەسىلەن: كېسەلدە قىزىتما بولسا، مىزاجى ئىسسىق بولسا، موزىنى سىركىدە قاينىتىپ، سىركىگە بىرئاز كاپۇر قوشۇپ قۇلاققا تېمىتىش كېرەك.

پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، سېمىزئوت سۈيىگە مامشا، ئاقاقىيالارنى قوشۇپ تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرىنى بېرىدۇ، يەنە ئاچچىق ئانارنى پۈتۈن ھالدا سىركىدە قاينىتىپ پىشقاندا ئېلىپ، سۈيىنى سىقىپ شۇ سۇدىن بىرقانچە تامچە قۇلاققا تېمىتىلسا، قاننى توختىتىدۇ.

كېسەلنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولمىسا، كۆدىنىڭ سۈيىنى سىركە بىلەن قاينىتىپ تېمىتىش، مۆتىدىل قىلىشنى خالىسا، كۆدىنىڭ سۈيىگە ئازراق كاپۇر قوشۇش كېرەك.
زەھەرلىك يىلان چاققان سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا زەھەرنى قايتۇرۇش چارىلىرىنى بىرلىكتە قوللىنىش كېرەك.

## بەشىنچى پەسىل   قۇلاق سۇنۇپ كېتىش

## انكسارگوش

**سەۋەبى:**
قۇلاقنى قاتتىق ئۇۋۇلىغانلىقتىن ياكى تاياق تەگكەندىن ياكى يىقىلغانلىقتىن، قۇلاق سۆڭەكلىرى سۇنىدۇ.

**داۋالاش:**
ئىچىنى يۇمشىتىش، سەبرە، مۇرمەككى، مۇغاس، ئاقاقىيا، راتىيانەج، خېنىلەرنى سوقۇپ، خېمىر قىلىپ قۇلاقنىڭ سۇنغان تەرىپىگە تېڭىش كېرەك.
قۇلاق ئىچىدىن تاشقى تەرەپكە قاتلىشىپ سۇنغان بولسا، دورىلارنى ئىچكى تەرەپكە تېڭىش لازىم.
ئەگەر قۇلاق سۇنۇش بىلەن بىللە جاراھەتلىنىپ، قىسىملىرى بىر - بىرىدىن ئاجرالغان بولسا، ئۇ ھالەتتە دورىلارنى ئىچكى - تاشقى ھەر ئىككى تەرەپكە تېڭىش لازىم.
قۇلاق سۇنۇپ، سۇنغان جايدىن قان چىقىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئەنزۇرۇت، مۇرمەككى، رۇسۇت، ئاق مومىلارغا ئۆردەك يېغى قوشۇپ مەلھەم قىلىپ چېپىش لازىم.

## ئالتىنچى پەسىل   قۇلاقنىڭ ئەسلى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى

## انقلاع اذن

**سەۋەبى:**
قۇلاقنى قاتتىق تارتىش ياكى قۇلاقنى سىققۇچى ئىششىق ۋە يەل قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ.
**داۋالاش:**
سەۋەبىنى يوقىتىش ئالدىن سۈرگە بېرىش، ئاندىن ئاستا سىلىقلىق بىلەن قۇلاقنى

جايىغا كەلتۈرۈپ، تېڭىق قائىدىسى بويىچە ئوبدان تېڭىپ، ئۈچ كۈنگىچە يەشمەسلىك لازىم. شۇنىڭ بىلەن قۇلاق ئۆز جايىغا چىڭىپ مۇستەھكەملىنىشىدۇ.

ئەگەر قۇلاق ئۆز جايىغا كەلتۈرۈلۈپ مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن يەنە ئاغرىقى بولسا، ئۇ ھالەتتە ھارارىتىنى پەسەيتىش، ئەزانى يۇمشىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قىرۇتىنى چېپىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقى توگەيدۇ.

مەزكۇر قىرۇتنىڭ تەركىبى ۋە تەييارلاش ئۇسۇلى: ئۆردەكنىڭ يېغىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېرىتىپ، ئاندىن ئاق لەيلى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى، ئىسپىغول يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى، كاۋا قىرمىسىنىڭ سۇلىرى بىلەن قوشۇپ، ئۇزۇنغىچە مىجىپ ئارىلاشتۇرۇپ بىرىلسە مەلھەم بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى قۇلاققا چېپىش لازىم.

## يەتتىنچى پەسىل قۇلاق تۈۋى ئىششىقى

### ورم پنج گوش

**ئالامىتى:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان قۇلاق تۈۋى ئىششىقىدا قىزىللىق، ئېغىرلىق، داۋاملىق ئاغرىش ئەھۋاللىرى بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان قۇلاق تۈۋى ئىششىقىدا كۆيۈپ، ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ. ئېغىرلىق بولمايدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قۇلاق تۈۋى ئىششىقىدا ئىششىق يۇمشاق، ئېغىرلىق بار، قىزىللىق ئاز بولىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان قۇلاق تۈۋى ئىششىقىدا ئىششىق ماددىسى قاتتىق، ئاغرىق ئاز بولىدۇ.

**داۋالاش:**

مەزكۇر كېسەللىكنىڭ ھەممە خىللىرىدا زۆرۈرىيەتكە قاراپ سۈرگە ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلتنى بەدەننىڭ تازىلاش، ئاندىن كېيىن ئاغرىقنى پەسەيتىپ، ئىششىقنى بوشاشتۇرغۇچى ھۆل ئىسسىق دورىلارنى تېڭىش لازىم.

مەيلى باشلىنىش ۋاقتىدا بولسۇن، سوغۇق ۋە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. باشقا جايلارغا چۈشكەن ئىششىقلار ئۇنداق بولماستىن، ئۇلارنىڭ چارىسى باشلىنىشتىلا كېسەللىك ماددىسىنى توسۇشتۇر. بۇ يەردە ماددىنى توسقۇچى نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىكنىڭ سەۋەبى شۇكى، كېسەللىك ماددىسىنى قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلسە ئوفۇنەتلەر ئەزالارنىڭ رەئىسى بولغان مېڭە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش خەۋپى بار.

قۇلاق تۈۋىدىكى ئىششىقلارغا تېڭىلىدىغان دورىلار: سېرىقچېچەك ئۇنى، بابۇنە، زىغىرلارنى ياغ ۋە ئاق موم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىللىق ھالدا تېڭىش لازىم. كاللەك بەسەي يايپرىقىنى سېرىق ياغدا پىشۇرۇپ تېڭىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

بوھران تەرىقىسىدە يۈز بەرگەن ئىششىقتا ماددىنى تارقىتىۋېتىشكە تىرىشىش لازىم. مەيلى لوڭقا قويۇش ۋە دورا تېڭىش قاتارلىق قانداقلا بىر ئۇسۇل بىلەن بولسۇن، ماددىنى شۇ جايغا كۆپرەك تارتىش، تارقاتقۇچى زىمادلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر ئىششىق باشلىنىشتىن تارتىپلا ئاغرىسا ۋە قاتتىق بولسا، ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن خام ياكى داكىنى قايناق سۇغا چىلاپ بەدەن كۆيمىگۈدەك ھالدا ئىششىققا قويۇش لازىم.

ئەگەر ئىششىق تارقىماستىن يىرىڭ يىغىشقا يۈزلەنگەنلىكى مەلۇم بولسا، بۇ ھالەتتە يىرىڭنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى تېڭىش لازىم. ئەگەر ئىششىقلار غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولسا، باشلىنىش ۋاقتىدا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار مەسىلەن: كاپۇر مەلھە-مى، ئىتئۈزۈمنىڭ سۈيى قاتارلىقلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل قۇلاق تۈۋى جاراھىتى

## قروح بيخ گوش

**تونۇش:**

قۇلاق تۈۋى جاراھىتى قۇلاق تۈۋىدىكى سۇلۇق چاقا دەپ ئاتىلىپ، كىچىك باللاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**داۋالاش:**

ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە قۇلاقنىڭ تۈۋلىرىگە نەشتەرلىك (قانلىق) لوڭقا قويۇش، كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇننى ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن يۇيۇش لازىم. بۇنىڭ بىلەن شۇ خىلدىكى يېرىق ۋە چاقىلاردىن پەيدا بولغان يىرىڭ ۋە سېرىق سۇ تازىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن مەدەستان ۋە قەنبىلەرنى يۇمشاق ئېزىپ سېپىش كېرەك.

## توققۇزىنچى پەسىل قۇلاقتا يات نەرسىلەر كىرىپ كېتىش

## افتادن چيزها در گوش

**ئالامىتى:**

قۇلاققا يات نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن تەشەننۇج، ئەقىلدىن ئېزىش، قۇلاق ئېغىرلىششلار كۆرۈلۈش ھەتتا تۇتقاقلىق ۋە سەكتىلەرگىمۇ گىرىپتار بولۇش كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

قۇلاق ئىچكى تۆشۈكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇناسىپ ياغلارنى ئىلمان ھالدا تېمىتىپ، قۇلاقنى شۇ تەرەپكە يانتۇ قىلىپ ياتقۇزۇش، كۈندۈش، قۇندۇز قەھرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چۈشكۈرتكۈچى دورىلار ئارقىلىق چۈشكۈرتۈپ، چۈشكۈرۈك تۇتقان چاغدا ئېغىز - بۇرنىنى مەھكەم تۇتۇۋالسا، چۈشكۈرۈكنىڭ كۈچى ئىچكى تەرەپكە قايتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇلاقتىكى نەرسىلەر چىقىپ كېتىدۇ.

## ئونىنچى پەسىل قۇلاق قىچىشىش

## حكة الاذن

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈر خاراكتېرلىك تەسىرىدىن پەيدا بولغان غەيرىي تەبىئىي ھالەتتىكى ھەرخىل غىدىقلىغۇچى سۇيۇقلۇقلارنىڭ تەسىرىدىن قۇلاق قىچىشىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەمەن (ئەپسەنتىن) نىڭ سۈيىنى ئۆرۈك مېغىزىنىڭ يېغى، ئاچچىق بادامنىڭ يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر ئەمەننى سىركىدە قاينىتىپ شۇ قاينىتىلغان سىركىنى مەزكۇر ياغلارغا ئارىلاشتۇرۇپ تېمىتىلسا شۇ تەسىرىنى بېرىدۇ.

## ئون بىرىنچى پەسىل كۈچلۈك ئاۋازلاردىن قۇلاق ئاغرىش

## ضرب الاذن

**سەۋەبى:**

ئاساسلىق ھەرخىل سەۋەبلەردىن مېڭە ئاجىزلىقى پەيدا بولۇپ، شۇ ئاساستا قۇۋۋىتى نەپسانىيىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ياكى پەقەتلا ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورا ۋە ھەرخىل يېمەك - ئىچمەكلەر، پۇرايدىغان ۋە ياغلايدىغان دورىلار ئارقىلىق مېڭىنى قۇۋۋەتلەش لازىم.

# بەشىنچى باب   بۇرۇن كېسەللىكلىرى
## امراض بینی

بۇرۇن ئۈچ بۇرجەك شەكلىدىكى بىر ئەزا بولۇپ، يۈزنىڭ ئوتتۇرىسىغا، كالپۇكنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. بۇنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى ئىنچىكە ۋە تار بولۇپ، پېشانىگە تۇتاش، تۆۋەنكى تەرىپى كەڭ ۋە چوڭ. يۇقىرىقى يېرىمى سۆڭەك، تۆۋەنكى يېرىمى كۆمۈرچەكتىن ئىبارەت.

بۇرۇن تۆشۈكى تاكى قاڭشارغا بارغىچە ئوچۇق بولىدۇ. قاڭشار ئۇدۇلىدا مېڭىنىڭ پەردىسىگە ئۆتىدىغان يوللار بولۇپ، شۇ ئۆتەر يوللار ئارقىلىق ھەر خىل پۇراقلار مېڭىگە بارىدۇ. مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئەمچەك تۇگمىسى شەكىللىك ئىككى ئۆسۈك مەزكۇر پۇراقلارنى سېزىدۇ. نەپەس ئېلىپ (تىنىپ)، ساپ ھاۋانى ئىچكى تەرەپكە تارتىش، ئاۋازنى ساپ قىلىش ئۈچۈن بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكىدە گال تەرەپكە ئۆتىدىغان ئىككى يول بار. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇكام ۋە نەزلە كېسەللىكلىرىدە شۇ ئىككى يولغا ھۆللۈكلەر چۈشكەن سەۋەبتىن ئاۋاز تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

بۇرۇننىڭ يۈزگە زىننەت بېرىش بىلەن بىللە ھەر خىل پۇراقلارنى سېزىش، ئاۋازنى جاراڭلىق قىلىش رولى بار.

بۇ بابتا پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى، پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، بۇرۇن مۇدۇرچاقلىرى، بۇرۇن يارىسى، بۇرۇن قاناش، بۇرۇن سېسىق پۇراش، بۇرۇننىڭ مېجىلىپ كېتىشى، كۆپ چۈشكۈرۈش، بۇرۇن قۇرۇش، بۇرۇن قىچىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

## بىرىنچى پەسىل   پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى
### بطلان شم

**سەۋەبى:**

پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تۇغما ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. كېيىن پەيدا بولغانلىرى سەۋەبىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك يەتتە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى خىلى، بۇرۇن يولىغا بەزگە ئوخشاش ئارتۇق گۆش پەيدا بولۇپ، ھەر خىل پۇراقلارنى پۇراش ئورنىغا يەتكۈزىدىغان ھاۋانى توسۇپ قويىدۇ. بۇ بۇرۇندىكى بوۋاسىر دېيىلىدۇ. مەزكۇر ئارتۇق گۆش ئاق بولۇپ، ئاغرىقى بولمىسا، داۋالاش ئوڭايراق.

ئەگەر قىزىل، قاتتىق ئاغرىش ئەھۋالى بولسا، ئۇنى داۋالاش قىيىنراق. بولۇپمۇ ئىسسىق زەرداپ ئېقىپ تۇرغىنىنى داۋالاش تەس. شۇ ئارتۇق گۆش بەزىدە بۇرۇننىڭ تۆشۈكىنى لىق توسۇۋېلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بەزىدە ئۇزىراق بۇرۇندىن تاكى گالغا بارغىچە پۈتۈن تۆشۈكنى قاپلاش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، بۇرۇن يولىغا ئۆسمە پەيدا بولىدۇ، مەزكۇر ئۆسمىدە كۆپلىگەن ئىنچىكە تومۇرلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ئۆسمە بەزىدە يىرىڭلىق چاقىغا ئايلىنىپ، بۇنىڭدىن زەرداپ ۋە ھۆللۈكلەر ئاقىدۇ، بەزىدە بۇ خىل ئۆسمە سەرتانغا ئايلىنىپ، بۇرۇننىڭ شەكلىنى بۇزىدۇ. ئۇنىڭ سەرتانغا مايىل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئۆسمە ئەسلى ھالىتىدىن قاتتىقراق بولۇپ قالىدۇ. شۇ جاينىڭ تومۇرلىرى كۆكىرىپ كېتىدۇ، تارتىشىدۇ، قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە سوزۇلۇش ھېس قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، شىلىمشىق قويۇق خىلىت مېڭىدىن بۇرۇن يولىغا چۈشۈپ، مەزكۇر يولنى مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئىككى ئۆسۈككە ھاۋا بارالمايدىغان دەرىجىدە توسۇپ قويىدۇ. ئاندىن شۇ خىلىت يەرلىك ئورۇندا ئۇيۇپ قېلىپ، بەك قويۇق ۋە قاتتىق بولغانلىقتىن ئارتۇق گۆش ياكى بەزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. كېسەل بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بۇرۇن ئىككى تۆشۈكىگە تۇتاش جايدا ئېغىرلىق ھېس قىلىدۇ.

تۆتىنچى خىلى، ئەسلى تەن قۇرۇلۇشىدا بۇرۇننىڭ يولى تار ھالەتتە تۇغۇلىدۇ، شۇڭا مېڭىدىن ئاز مىقداردا ئارتۇق ماددىلار چۈشۈش بىلەن بۇرۇن يولى بېكىلىپ قالىدۇ.

بەشىنچى خىلى، قاڭشارغا جايلاشقان بىر خىل يۇمشاق بوش سۆڭەك بار. ئۇنىڭ ئۆلۈك بۇلۇتقا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەگرى - بۈگرى تۆشۈكلىرى بولىدۇ. بۇ سۆڭەك مېڭىدىكى ئىككى ئۆسۈكنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، شۇ سۆڭەكتىكى تۆشۈكلەر ئارقىلىق ھاۋا ۋە پۇراقلار مەزكۇر ئۆسۈكلەرگە يېتىدۇ. بۇ سۆڭەك سۈزگۈچ سۆڭەك دەپ ئاتىلىدۇ.

مېڭىدىن كېلىدىغان خەپرۇكسىمان ئارتۇق ماددىلار شۇ تۆشۈكلەر ئارقىلىق سۈزۈلۈپ بۇرۇنغا چىقىدۇ. مەزكۇر سۆڭەك تۆشۈكلىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى بولۇشى سىرتتىن شۈمۈرۈلگەن ھاۋانىڭ سېزىش قۇۋۋىتى بار ئەزاغا بىراقلا بارماستىن، بەلكى مۆتىدىللەش-كەن، تەڭشەلگەن ھالدا بېرىشى ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى مېڭىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى ئوچۇق تۇرۇقلۇق بۇرۇندىن زادىلا ئارتۇق ماددا كەلمەي قالىدۇ.

ئالتىنچى خىلى، قويۇق يەللەر بۇرۇن يوللىرىدا توسۇلۇپ قالىدۇ، ئەمما سۈزگۈچ

ساغلام بولىدۇ.

كېسەل بۇرۇندىن يۇۋۇلەپ يەل چىقارسا، بېشى ئاغرىيدۇ. بۇرۇننىڭ بىر تۆشۈكى داۋاملىق پۈتۈكلۈك بولىدۇ.

يەتتىنچى خىلى، مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ۋە ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى ئىككى قىسمىدا مىزاج ئۆزگىرىشى بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

تۆۋەندە يۇراش قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى كېسەللىكىنىڭ تۆت خىل مىزاج ئۆزگىرىشىدىن بولغان ئالامەتلىرىنى ئەتراپلىق ھالدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا مەزكۇر كېسەللىكتىن ئىل-گىرى پېشانە ساھەسىگە ئىسسىقلىق ياغلارنى سۈركىگەنلىك ياكى ئىسسىق ئۆتكۈزگەنلىك تارىخى بولىدۇ.

كېسەل كىشى باشنىڭ ئالدى تەرىپىدە — پېشانىسىدە ئىسسىقلىق ھېس قىلىدۇ.

ئەگەر مىزاج ئۆزگىرىشى غەيرىي تەبىئىي خىلتتىن بولغان بولسا، مېڭىدىن پىششىق ھۆللۈكلەر چىقىدۇ.

مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقتىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا بۇرۇندىن ئاز مىقداردا خام ھۆللۈكلەر چىقىدۇ.

ئەگەر مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى مېڭىنىڭ كېسەللىك ماددىسى بىلەن تولۇپ قېلىشى بىلەن بىرلىكتە بولسا، كېسەل كىشى مېڭىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە ئېغىرلىق ھېس قىلى-دۇ.

مىزاج سوغۇق ئۆزگەرگىنىدە ھۆللۈك ئاز مىقداردا چىقىشىنىڭ سەۋەبى مېڭە ئۆزىگە ئۇزۇقلۇقنى تارتىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ۋە ئارتۇق ماددىلارنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىشكە كۈچى يەتمىگەنلىكىدۇر. مۇشۇ خىلدىكىسى كۆپ ئۇچرايدۇ.

مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا قىزىق سەرسام ۋە شۇنىڭ-غا ئوخشاش ئەزالارنى قۇرۇتقۇچى ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا ئىلگىرى ئەزالارنى ھۆللەش-تۈرگۈچى چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىلغان تارىخى بولىدۇ.

ھازىر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان ھۆللۈك ئالامىتى ماددىسىز ياكى ماددىلىق ھۆل-لۈكتە ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالامىتى، لېكىن ماددىسىز ھۆللۈكتە ئۆزگىرىش بەك كەم ئۇچ-رايدۇ.

**داۋالاش:**

بۇرۇن يولىغا ھەرخىل بەزگە ئوخشاش ئارتۇق گۆش پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان يۇراش قۇۋۋىتى يوقىلىشىنى داۋالاشتا:

مۇناسىپ جايلارنى تىلىپ لوڭقا قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىچىنى سۈرۈپ تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج كۇمىلچى بېرىلىدۇ.

ئىچى تازىلانغاندىن كېيىن زەنكار، شاخار، سىركە قاتارلىقلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ، شۇ مەلھەمدىن پەلكۈچ بىلەن ئۆسمە گۆش بار جايغا سېلىپ قويۇلىدۇ. ئەمما ئىچكى ئەزالارنى ماددىدىن تازىلاشتىن بۇرۇن ئۆتكۈر تەسىرلىك دورىلارنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ كېسەللىكنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەگەر شۇ چارە بىلەن ئارتۇق گۆش پۈتۈنلەي يوقالمىسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكۈررەك دورا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: مىس توپىنى، ئاق زاك، قىزىل زەرنىخلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سېلىپ قويۇلسا، بۇ مەلھەم تۆمۈر ئەسۋابنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. كېسەللىك جاھىلراق بولۇپ، بۇ دورىلار بىلەنمۇ ساقايمىسا، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش لازىم.

ئەگەر بۆرۆن يولىغا ئۆسمە پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال مۇناسىپ كۇمىلاچلار ۋە ئايارەجلەر ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن ئىششىق ئۆسمىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن روسوت، مور، قوينىڭ قولتۇق كىرى (زوۋپائى رەپتى)، زەيتۇن يېغىنىڭ دۇغى، مەدەستانالارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھۆلبە ياكى زىغىر شىرنىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم قىلىپ چېپىلىدۇ.

ئۆسمە يۇمشىغاندىن كېيىن نەشتەر ئارقىلىق تىلىپ قان چىقىرىلىدۇ ياكى زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ. ئەمما مەزكۇر ئۆسمىنىڭ سەرتانغا ئايلانغىنىنى داۋالاشتا، تىغ ئىشلەتمەسلىك، گۆشخور ئۆتكۈر دورىلارنىمۇ ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى سەرتان ئۆسمىسى ئەگەر جاراھەتلەنسە، ئۇنىڭ پۈتۈپ ساقىيىشى قىيىن بولىدۇ.

قاتتىق ئاغرىغانلىقتىن، مېڭە پەردىسىدە ئىششىق پەيدا قىلىپ، ئۆلۈم ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. سەرتان ئۆسمىسىنىڭ قاتتىقلىقىنى كېمەيتىش ئۈچۈن، زىغىر، مەرۋە ئۇرۇقى ھەر ئىككىلىسىنى ھاجەتكە لايىق ئېلىپ شىرنىسىنى چىقىرىپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق كۇنجۇت يېغى، ئاق موملارنى ئېلىپ، ئاۋۋال كۇنجۇت يېغىنى قىزىتىپ مومنى ئېرىتىپ، ئاندىن ھەممە دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ بۆرۆن يولىغا قويۇلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەجۇنى نۇجاھ ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىش لازىم.

ئەگەر سۈرۈشنى كۆپەيتىپ كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش زۆرۈر بولغاندا، ھەر قېتىم يەيدىغان دورىغا ئىككى گرام غارىقۇن، ئىككى گرام ھەجرى ئەرمىنىنى يۇمشاق ئېزىپ قوشۇپ يېيىلىدۇ.

ئەگەر شىلىمشىق قۇيۇق خىلىت تەسىردىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

شىلىمشىق قويۇق خىلتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يىلتىزلار قايناتمىسى (مەتبۇخى مائۇلئۇسۇل) بېرىش، ئاندىن شىلىمشىق قويۇق خىلتنى تازىلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ۋە ھەببى قوقىيالارنى بېرىش، ئەنجۇر قايىنتىلمىسىغا ھەسەل ۋە ئاچچىقسۇ قوشۇپ غار ـ غار قىلىش، توسالغۇ ئېچىلىپ، شىلىمشىق قويۇق خىلت ماڭغاندىن كېيىن قىزىلچا، ئازانۇلغار، سوزاپلارنىڭ سۆيىنى قۇلىقىغا تېمىتىش، بابۇنە، مەرزەنجۇش، شىۋاقلارنىڭ قايىنتىلمىلىرى بىلەن ھورلىنىش لازىم.

ئەگەر ئەسلى تەن قۇرۇلۇشىدا بۇرۇننىڭ يولى تۇغما تار بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن ئارتۇق ماددىنىڭ مېڭىگە يىغىلىشى ۋە بۇرۇننىڭ تۆشۈكىگە قويۇلۇشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىترىفىللارنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ تۇرۇش لازىم.

ئاندىن خىلتنى يۇمشىتىش، مېڭىنى تازىلاش لازىم. ئاندىن سىيادان، پۇدىنە، شەھمەنزەل، تۆگە سۆيدۈكىگە ئوخشاش خىلتلارنى يۇمشاتقۇچى ۋە پارچىلىغۇچى دورىلارنى يەككە ياكى ھەممىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا بۇرۇنغا تېمىتىش ياكى قايناتمىسىنى بېشىغا قۇيۇش لازىم.

ئەگەر قويۇق يەللەر تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

قويۇق يەل پەيدا قىلغۇچى ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى بىلەن چۈشكۈرتۈش، كەرەپشە، قىچا، زىرە، شىۋاق، نەمام (بىر خىل قارا رەيھان)، پۇدىنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تارقاتقۇچى دورىلار قايىنتىلمىسىنىڭ ھورىنى بۇرۇنغا ئېلىش، ئاچچىق بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇلغان ئادراسمان ئۇرۇقى بىلەن بىرئاز ئازراق بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

ئەگەر مېڭىنىڭ مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئەگەر مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى ساددە (ماددىسىز) بولسا، ئۇنداقتا پەقەت مىزاجنى تەڭشەشكە تىرىشىش لازىم.

ئەگەر مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، ئاۋۋال غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاپ، ئاندىن مىزاجنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش لازىم.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ـ كېسەللىك سەۋەبچىسىگە قارىمۇ قارشى بولغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر، نۇتۇللار (تېمىتىلمىلار)، تىلا (چاپىدىغان دورا)، پۇرايدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

مەزكۇر كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىن يۈز بېرىپ قۇرۇق ۋە تەشەننۇج بىلەن قوشۇلۇپ كەلگىنىنىڭ داۋالاشنى قوبۇل قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، ئەگەر كېسەل كىچىك بالا بولسا، ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ داۋالاشنى قوبۇل قىلىشىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر.

## ئىككىنچى پەسىل پۇراش قۇۋۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

فسادشم

**تونۇش:**

پۇراش قۇۋۋىتىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئۆزگىرىش بولۇپ، پۇراش قۇۋۋىتىنى ئۆزىنىڭ تەبئىي ھالىتىدىن ئۆزگەرتىپ قويۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەل پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. بۇرۇنغا ھەر خىل پۇراقلار بىر خىل پۇراق بولۇپ سېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:

1) مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە مىزاج ئۆزگىرىشى پەيدا بولۇش.

2) مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ناچار، يامان خىلىت پەيدا بولۇپ، پۇراش قۇۋۋىتى شۇ خىلىتنىڭ پۇرىقىنى سېزىدۇ.

2. بىر نەرسىدىن ھەر خىل پۇراقلار كەلگەندەك سېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:

ئوخشاش بولمىغان كېسەل پەيدا قىلغۇچى ماددىلار مېڭە ئالدى تەرىپىنىڭ مىزاجىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

3. بۇرۇننىڭ پۇراش قۇۋۋىتى بەزى پۇراقلارنى سېزىدۇ. بەزى پۇراقلارنى سەزمەيدۇ. بۇ سەۋەبنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ.

1) خۇشبۇي نەرسىلەرنى سېزىدۇ، سېسىق نەرسىلەرنى سەزمەيدۇ.

مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ياكى پۇراش ئەزاسى بولغان ئىككى ئۆسۈكتە سېسىق ماددا پەيدا بولىدۇ ياكى بۇرۇننىڭ ئىچكىرى تەرىپىدە سېسىق يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولىدۇ. ئاندىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۇراش قۇۋۋىتى شۇ سېسىق ماددىغا كۆنۈكۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېسىق نەرسىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى سەزمەيدۇ. ئەكسىچە مەزكۇر سېسىق نەرسىلەرگە قارىمۇ قارشى بولغان پۇراقلارنى سېزىدۇ.

2) سېسىق نەرسىلەر سېزىلىدۇ، خۇشبۇي نەرسىلەر سېزىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:

مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ياكى مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئىككى ئۆسۈكتە قان ياكى

بەلغەم خۇسۇسىيەتلىك تەبىئىي تاتلىق ماددىلار يىغىلىپ قالىدۇ. بىرىنچى خىلىدا ئېيتىل-غاندەك پۇراش قۇۋۋىتى ئۇنىڭ پۇرىقىنى سېزىشتىن قېپقالىدۇ. ئاندىن سېسىق نەرسىلەر سېزىلىدۇ. پۇراش قۇۋۋىتى كۆنۈپ قالغان نەرسىگە قارىمۇ قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن خۇشبۇي نەرسىلەر سېزىلمەيدۇ.

**داۋالاش:**

مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىدە مىزاج ئۆزگىرىشى پەيدا بولغان بولسا مىزاجنى تەڭشەش لازىم.

مېڭىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ناچار خىلىت پەيدا بولۇشىدىن بولغان بولسا مۇناسىپ كۇملاچلار ۋە غار ـ غارلار ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش.

ئوخشىمىغان كېسەل پەيدا قىلغۇچى ماددىلار مېڭە ئالدى تەرىپىنىڭ مىزاجىدا ئۆزگە-رىش پەيدا قىلغان بولسا مېڭىنى تازىلاش ۋە مېڭىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش لازىم.

بۇرۇننىڭ پۇراش قۇۋۋىتى خۇشبۇي نەرسىلەرنى سېزىپ، سېسىق نەرسىلەر سەزمەي-دىغان بولسا ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، يىرىڭلىق چاقا بولسا، ئۇنى داۋالاش؛ ئاندىن ئىپار، قەلەمپۇر ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئۆتكۈر پۇراقلىق خۇشبۇي نەرسىلەرنى داۋاملىق پۇراش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش لازىم.

ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن قۇندۇز قەھرى، سەكبىنەج، مۇرمەككى، جاۋشىر، سامساق، كۇندۇشقا ئوخشاش تەبىئىتى ئىسسىق، پۇرىقى سېسىق نەرسىلەرنى پۇراش ۋە بۇرنىغا تېمىتىش لازىم.

**ئەسكەرتىش:**

ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنانىڭ بۇرۇننىڭ پۇراش قۇۋۋىتى سېسىق نەرسىلەرنى سېزىپ خۇشبۇي نەرسىلەرنى سەزمەيدىغان بولسا پىكرىچە مەزكۇر كېسەللىكنىڭ خۇشبۇي نەرسە-لەرنى سېزىپ، سېسىق نەرسىلەر سېزىلمەيدىغان تۈرى بولسا، ئۇنداقتا قۇندۇز قەھرىنى بۇرنىغا تېمىتىش لازىم. سېسىق نەرسىلەر سېزىلىدىغان تۈرى بولسا، ئۇ ھالەتتە بۇرنىغا ئىپار تېمىتىش كېرەك.

## ئۈچىنچى پەسىل   بۇرۇن مۇدۇرچاقلىرى

**بۇرىيىي**

**سەۋەبى:**

غەيرى تەبىئىي بەلغەم ياكى سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بۇرۇن ئىچىگە مۇدۇرچاقلار پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇنىڭ يۇمشاق قىسمى ئىچكى تەرەپتىكى هارارەت تەسىرىدە تارقاپ كېتىدۇ، قالدۇق- لىرى قويۇلۇپ قېتىپ قالىدۇ ـ دە، تىنىشقا دەخلى يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭدەك بۇرۇندىن كېلىدىغان ئارتۇق سۇيۇقلۇقلارنىڭ چىقىشىغىمۇ توسقۇن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

مېڭىدىن غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، ئاندىن مۇدۇرلارنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا موم يېغى (قىرۇتى) بىلەن ياغلاش، ماددىنى تارتىش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ بىلەن بۇرۇننى چايقاش لازىم.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن تارقىمىسا، مۇمكىن بولسا نەشتەر بىلەن تىلىپ، بۇزۇق گۆشلەرنى يېگۈچى مەلھەمى ئەخزەرگە ئوخشاش مەلھەملەرنى قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بۇزۇق گۆش پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ.

ئاندىن چاقىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مەلھەمى سەفىداپ ئىشلىتىش لازىم. بۇ كېسەللىك- نى داۋالاشتا سۇسلۇق قىلىپ، سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى كۆپىنچە ئاقما (ناسۇر) غا ئېلىپ بارىدۇ.

## تۆتىنچى پەسىل بۇرۇن يارىسى

### قروح بيني

**تونۇش:**

بۇرۇن يارىسى كېسەل پەيدا قىلغۇچى سەۋەب ۋە ئالامىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

1. بۇرۇن ھۆل يارىسى ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى گۆشخور بۇزۇق ھۆللۈكلەر مېڭىدىن بۇرۇنغا چۈشكەن سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ.

2. بۇرۇن قۇرۇق يارىسى بۇ خىلدىكىسى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بۇ كۆيگەن خىلتلاردىن پەيدا بولىدۇ.

3. بۇرۇن يارىسى بىر خىل يىرىڭلىق چاقا بولۇپ، داۋالانماي ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى بىلەن ياكى چېرىگەن سېسىق ھۆللۈكلەرنىڭ سەۋەبىدىن سېسىق پۇرايدىغان يارىغا ئايلىنى- دۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر گۆشخور بۇزۇق ھۆللۈكلەر مېڭىدىن بۇرۇنغا چۈشكەن سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئەگەر ئۆتكۈر غەيرىي تەبىئىي خىلتلاردىن پەيدا بولغان كۆيدۈرگۈچى ماددىنى چىقد-
رىش ئۈچۈن مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن سەپداپ كاشغەرى، مەدەستان، كۈمۈش پوقى،
كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن، گۈل يېغى قاتارلىقلار بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چاقىغا قويۇش
لازىم.

كۆيگەن خىلتلار تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

بۇرۇننى ياغلاش ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈن نىلۇپەر يېغى، توخۇ، ئۆردەك ياغلىرىنى
سۈركەش لازىم.

مەلھىمى ئەبيەز، سېرىق موم، ئاچچىق بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، كالا پاچىقىنىڭ
يىلىكى، بېھى ئۇرۇقىنىڭ شىرىنلىرى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتنى ئىشلىتىش لازىم.
مەزكۇر قىرۇتنىڭ تەييارلىنىشى:

ئاۋۋال مومنى ياغلاردا ئېرىتىپ، ئاندىن بېھى ئۇرۇقىنىڭ شىرىسىدىن ئازراق قو-
شۇپ، راسا قوچۇپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر يىرىڭلىق چاقا سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال ئاق خەربەق، زاغۇن ھەر ئىككىسىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ
بۇرۇنغا پۈركۈش، ئاندىن ئۈزۈم سىركىسى بىلەن چاقىنى يۇيۇش، كىرلىرىنى پۈتۈنلەي
تازىلاش ئۈچۈن مۇرمەككىنى يۇمشاق ئېزىپ پۈركۈش، ئاندىن قۇرۇتقۇچى دورىلارنى
يۇمشاق ئېزىپ ئىشلىتىش لازىم.

ئىسپىداج (قەلەي تۇزى)، مۇردارسەڭ، قوغۇشۇن تۇزىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل
يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ جاراھەتنى ياغلاش لازىم.

سېسىق پۇرايدىغان يارىغا ئايلانغاندا خەربەقنى سوقۇپ، بۇرۇنغا پۈركۈش بىلەن
بۇرۇن ئىچىنى سىركە بىلەن چايقاش كېرەك.

## بەشىنچى پەسىل بۇرۇن قاناش

## رعاف

بۇرۇن قاناش كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ
خىلغا بۆلۈنىدۇ:

**1. بۆھران خاراكتېرلىك بۇرۇن قاناشنى داۋالاش:**

علاج رعاف بحرانی

ئۆتكۈر كېسەللىكلەردە، قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە، بوھران كۈنلەردە پەيدا بولىدۇ.
بوھران خۇسۇسىيەتلىك بۇرۇن قاناشنى داۋالاشتا بۇرۇن قاناشنى توختاتماسلىق

لازىم. چۈنكى كېسەللىكنىڭ ماددىسى شۇ قان ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما قان ئارتۇقچە چىقىپ كېتىپ، كېسەلنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىش خەۋپى بولسا بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قاننى توختىتىش مۇھىم. بۇنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بۆرۈن قاناشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەنگە ئوخشاش.

## 2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بۆرۈن قاناشنى داۋالاش:

علاج رعاف صفراوی

بۇ خىل ماددىنىڭ تەسىرى بىلەن قان ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۆرۈننىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئىنچىكە تومۇرلار يېرىلىپ قاناش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. قان ئاز ـ ئاز چىقىدۇ. چىققان قان بەك سۇيۇق بولىدۇ.

غەيرى تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بۆرۈن قاناشنى داۋالاشتا:

ئاق سەندەل گۈلابقا كاپۇر ئېزىپ پېشانىگە چېپىش، باشقا مۇز قويۇش، مۇزا، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، تۇگمەن توزۇندىسى، كۇندۇر، سەبرە، خۇسيانشان، زەمچىلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇم ئېقىغا چىلانغان پاختا پەلكۇچكە يۇقتۇ-رۇپ قاناۋاتقان بۆرۈن تۆشۈكىگە تىقىش (بۇ چارە بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ).

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى ھەر خىل يېمەك ـ ئىچمەكلەر ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. مەسىلەن: سەۋزە شەربىتى، چىلان شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىچىش، پوستى ئېلىنغان كۆك ماشنى سىركىدە پىشۇرۇپ، گۆ-رۈچنى قىزىل ماش بىلەن پىشۇرۇپ يېيىش، مۇزلۇق سوغۇق سۇنى باشقا قۇيۇش ۋە ئىچىش، سۇغا چۈمۈلۈش، بۆرنىغا سۇنى تارتىش، گۈلاب، سەندەل، كاپۇرلارنى پېشانىگە تېگىش ۋە چېپىش لازىم.

بادرەنجى بويا (تاغ رەيھىنى) نىڭ سۈيىنى بۆرۈنغا تېمىتسا قان توختىتىش خۇسۇسى-يىتىگە ئىگە. شۇنىڭدەك پۇدىنە، موزا، يۇمغاقسۇت، سەبرە، خۇنسياۋشان، زەمچىلەرنى يۇمشاق ئېزىپ، ئاندىن قەغەز ياكى لاتا پەلكۇچنى تۇخۇم ئېقىغا بۇلاپ، مەزكۇر دورىلارنى چاپلاشتۇرۇپ بۆرۈنغا كىرگۈزۈپ قويۇلسىمۇ قان توختايدۇ. مەزكۇر ئېزىلگەن دورىلارنى نەيچە ئارقىلىق بۆرۈنغا پۈركۈشكىمۇ بولىدۇ. يۈزنى ۋە پۇتنى تېگىش ۋە ئۇۋۇلاش، ئىككى قولاقنى، باشنى، ئىككى چېكىنى تېگىش ۋە ئۇۋۇلاش بۆرۈننىڭ قېنىنى توختىتىش-تا تولۇق تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن تاڭغاندىمۇ ئاغرىغۇدەك چىڭ تېگىش لازىم.

## 3. ئىمتىلا (توشۇپ قېلىش)دىن بولغان بۆرۈن قاناشنى داۋالاش:

علاج رعاف امتلائی

مېڭىنىڭ ئاستىدىكى تومۇرلۇق قەۋەت (شەبكىيە)، ئۇراپ تۇرغۇچى (مەشمىيە)

قەۋەتلەردىكى ھەرىكەتلىك ۋە ھەرىكەتسىز تومۇرلار قانغا بەك تولۇپ كەتكەنلىكتىن، قان تومۇر يېرىلىپ بۇرۇن قاناش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى ئاۋۋال قاتتىق باش ئاغرىيدۇ، يۈزىگە ۋە كۆزىگە قىزىللىق پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر قان جىتىلداپ چىقىپ سۈيۈق، ساپ، قىزىل، قىزىق بولسا، ھەرىكەتلىك تومۇرلارنىڭ قېنى دەپ تونۇلىدۇ. بۇ خىلدىكى بۇرۇن قاناش كېسەللىكى كۆپرەك قىزىتمىلىق كېسەللىكنىڭ ئارقىسىدىن ياكى تومۇر يېرىلغۇدەك يىقىلىش ۋە تاياق تېگىش ئەھۋاللىرىدىن كېيىن بولىدۇ.

يىقىلىش، تاياق تېگىش بىلەن بولغان بۇرۇن قاناشتا سەرسام، باش چۆرگىلەش، سەكتە، ئېغىر ئۇيقۇ كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

ئىمتىلا (توشۇپ قېلىش) دىن بولغان بۇرۇن قاناشنى داۋالاشتا:

زاك، زەنكار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەزالارنى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتقۇچى، قۇرۇق چاقا پەيدا قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قان توختايدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا: «مەزكۇر دورىلارنى ئىشلىتىشتە بەك ئېھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇ دورىلار قۇرۇق چاقا پەيدا قىلىدۇ، ئۇ قۇرۇق چاقا پەيدا بولسا ئاۋۋالقىدىن يامانراق بىر ئەھۋالنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن» دېگەن.

ئەللامە رازى: «مېنىڭ گۇمانىمچە بۇ خىلدىكى داۋالاش ھەرىكەتسىز تومۇرلار ئېچىلغانلىقتىن پەيدا بولغان بۇرۇن قاناشقا پايدا قىلىدۇ. ھەرىكەتلىك تومۇرلار ئېچىلغانلىقتىن پەيدا بولغىنىغا پايدا قىلىشى ھەم كېسەلگە بىھوشلۇق يەتكۈدەك كۆپ قان چىققاندىن كېيىن پايدا قىلىشى مۇمكىن» دېگەن.

ئەسكەرتىش:

بەزى چاغلاردا مېڭە كېسەللىكلىرىدە بۇرۇننى قانىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ چارىسى كۇندۇش، مۇۋىزەج، پەرپىيۇنلارنى يۇمشاق ئېزىپ، كالا ئۆتى بىلەن خېمىر قىلىپ شىياف تەييارلاپ بۇرۇنغا كىرگۈزۈپ قويۇلسا، بۇرۇندىن قان كەلتۈرىدۇ. كونا، پېشقەدەم تېۋىپلارنىڭ بۇرۇندىن قان ئېلىشقا تەييارلانغان ئەسۋابى بار، ئۇنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل بۇرۇن سېسىق پۇراش

## بخر الانف

**تونۇش:**

بۇ ھەر دائىم بۇرۇندىن سېسىق پۇراق كېلىدىغان بىمار ئۆزىدىن ئۆزى نومۇس قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سەۋەبى بار:

بىرىنچى سەۋەبى، بۇرۇندا سېسىق بوۋاسىر ياكى كونا سېسىق يىرىڭلىق چاقىلار بولىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى، كۆكرەك ياكى ئۆپكە ئەتراپلىرىدىن ياكى ئاشقازاندىن سېسىق پۇراقلار چىقىپ تامغاقتا يىغىلىدۇ، ئاندىن بۇرۇننىڭ، ئېغىزنىڭ گال تەرىپىگە ئېچىلغان ئىككى تۆشۈكتىن بۇرۇن تەرەپكە ئۆتۈپ پۇرايدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەبى، مېڭىنىڭ ھەممە يېرىدە ياكى ئالدى تەرىپىدە ياكى بۇرۇنغا تۇتاش يېرىدە سېسىق ھۆللۈك يىغىلىپ بۇرۇن تەرەپكە مايىل بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇرۇندا سېسىق بوۋاسىر ياكى كونا سېسىق يىرىڭلىق چاقىلار بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا بۇرۇننىڭ يىرىڭلىق چاقىسىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل سېسىق پۇراش كۆكرەك، ئۆپكە ياكى ئاشقازاندىكى سېسىق پۇراقلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال تەكشۈرۈش لازىم، شۇ پۇراق چىققان سېسىق ماددا قايسى ئەزادا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، شۇ ئەزانى مەزكۇر كېسەللىككە سەۋەب بولغان ماددىدىن تازىلاش لازىم.

ئاندىن بۇرۇنغا ئورۇنلىشىپ قالغان پۇراقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بۇرۇنغا شارابى رەيھاننى تارتىش، سۇمبۇل، سەئدە كوفى، ئۇد ھىندىلارنى يالغۇز ھالدا ياكى ھەممىنى يۇمشاق ئېزىپ بۇرۇنغا پۈركەش لازىم.

مەزكۇر دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ شارابى رەيھان بىلەن خېمىر قىلىپ، شۇ خېمىردا پەلكۈچ ياساپ بۇرۇنغا كىرگۈزۈپ قويۇلسىمۇ بولىدۇ.

ئەسكەرتىش:

«شارابى رەيھان» پەقەت خۇشبۇي شاراب بولۇپ، بۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

قەلەمپۇر، جويۇز، قوۋزاقدارچىن، بەسباسە، ئۇد ھىندى (پاقىيوپۇرمىقى)، بادرەنـ جى بۇيىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، خالتىغا سېلىپ ئاندىن ئۈزۈم سۈيى قويۇلغان ساپال قاچىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئاپتاپتا قويۇلسا، پىشىپ خۇشبۇي بولىدۇ.

مېڭىدە سېسىق ھۆللۈك يىغىلىپ بۇرۇن تەپكە چۈشكەن سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مېڭىنى تازىلاش ئۈچۈن مېڭىنى تازىلىغۇچى ھەببى ئايارەجلەرنى بېرىش لازىم. ئاندىن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بىلەن غار - غار قىلسا، مەزكۇر سېسىق ھۆللۈكلەرنى تازىلاپ

يوقىتىدۇ.

ئاندىن كېيىن سۇمبۇل، قەلەمپۇر، قىزىلگۈللەرنى سېلىپ، قاينىتىلغان شاراب بىلەن غار - غار قىلىپ، ئارقىدىن سۇمبۇل، قەلەمپۇر، قىزىلگۈللەرنى يۇمشاق ئېزىپ، بۇرۇنغا پۈركەش لازىم.

## يەتتىنچى پەسىل   بۇرۇننىڭ مىجىلىپ كېتىشى

## رض الانف

**داۋالاش:**

بۇرۇننىڭ مىجىلىشى يېنىك بولسا، بۇرۇنغا دەل كەلگۈدەك توم بىر چوكىنى راسلاپ، بۇرۇنغا كىرگۈزۈپ ئېگىز - پەس بولغان يەرلىرىنى رۇسلاپ، تاشقى تەرەپتىنمۇ قول بىلەن تۈزلەپ ئۆزىنىڭ ئەسلى شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن سەبرە، مۇغاس، ئاقاقىيا، مۇرمەككىلەرنى يۇمشاق ئېزىپ، پاقىيوپۈرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ، قەغەزگە سۈركەپ بۇرنىغا چاپلاپ قويۇش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئېغىر بولۇپ، بۇرۇننىڭ كۆمۈرچىكى سۇنۇش دەرىجىسىگە يەتسە، ئۇ ھالەتتە ئىششىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماددىنى شۇ تەرەپتىن دەرھال تارتىشقا تىرىشىش لازىم.

مېڭىنىڭ مىزاجىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چېپىلىدىغان ۋە تېڭىلىدىغان سوغۇق دورىلارنى باش ساھەسىگە ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: قىزىل سەندەل، قىزىلگۈل، رۇسۇت ھىندى، ئارپا ئۇنى، مۇغاسلارنى ئىتئۈزۈم يوپۇرمىقى ۋە كۆك يۇمغاقسۈتلەر سۈيى سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ باشقا چېپىش. بۇنداق قىلىش مېڭىمە قوشنا ئەزالارنىڭ ئاغرىقىدىن مېڭىگە ھارارەت ئۆتۈپ، سەرسام كېسەللىكىنى ەكتلۇرۇپ چىقىرىشىدىن ساقلى-نىش ئۈچۈندۇر. ئاپەت يەتكەن ئەزادىن ماددىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، مېڭىنىڭ مىزاجىنى ساقلاشقا چارە قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇننى رۇسلاش ئۈچۈن بۇرۇن كەرگۈچ دەپ ئاتىلىد-غان ئەسۋابنى بۇرۇن ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئاستا - ئاستا ئايلاندۇرۇلسا، بۇرۇننىڭ ئىچكى تەرەپكە يىرىلىپ كەتكەن جايلىرى ئۆز جايىغا كېلىدۇ.

ئاندىن كېيىن قوغۇشۇن ياكى مىستىن كىچىك نەيچە تەييارلاپ ياكى ئۇچار قۇشنىڭ پەيىنىڭ كۆتىكىدىكى كاۋاك تەرىپىنى ئېلىپ، نەيچە ياكى پەيگە داكا ياكى پاختا ئوراپ، بۇرۇنغا دەلكەلگۈدەك پەلكۈچ قىلىپ، ئاندىن ئاقاقىيا ۋە مۇغاسلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پەلكۈچكە سېلىپ بۇرۇننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ. ساقايغىچە شۇ پەلكۈچ بۇرۇندا تۇرىدۇ. پەلكۈچنىڭ ئىچى كاۋاك بولغانلىقى ئۈچۈن تىنىشقىمۇ دەخلى ياكى توسالغۇ بولمايدۇ.

ئاندىن سەبرە، مۇغاس، ئاقاقىيا، مۇرمەككىلەرنى يۇمشاق ئېزىپ، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدە خېمىر قىلىپ، قەغەزگە چىپىپ، بۇرۇننىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇلىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل كۆپ چۈشكۈرۈش

## عطاس

**تونۇش:**

چۈشكۈرۈش مېڭىنىڭ بىر خىل قوغدىنىش پائالىيىتى بولۇپ، ئىچكى ياكى تاشقى تەرەپتىن مېڭىگە نامۇۋاپىق ئامىللار تەسىر قىلسا ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن كۆپ چۈشكۈرۈك پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئىچكى ياكى تاشقى تەرەپتىن ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى پۇراقلىق، چۈچۈمەل، ھېسسىيات ئامىللىرى بۇرۇن، شىللىق پەردىلىرىگە تەسىر قىلىشى سەۋەبىدىن كۆپ چۈشكۈرۈشنى پەيدا قىلىدۇ.

**داۋالاش:**

چۈشكۈرۈك ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كېتىپ ئۇنى توختىتىشقا توغرا كەلسە، خۇشبۇي گۈل يېغى، بىدىمىشكى ياغلىرىنى بۇرۇنغا تارتىپ، ئىلمان سۇنى بېشىغا قۇيۇش، مۇناسىپ ياغلارنى ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىش، قۇلاقنىڭ يۇمشىقىنى ئۇۋۇلاش، قىزىق ئاتىلا ئىچىش، يۇمشاق تەكيىنى گەدەننىڭ تېگىگە قويۇپ، ئوڭدا ياتقۇزۇپ، قول، پۇت، كۆز، قۇلاق، گاللارنى ئۇۋۇلاش، كۆرپىدە يېتىپ ئۇيان - بۇيان ئېغىناشقا بۇيرۇش لازىم.

ئويلىنىش، مۇھىم ئىنچىكە ئىشلارغا قاتتىق بېرىلىپ كېتىش، ئالما پۇراشتىن تۈتۈن، چاڭ - توزان ۋە قارىمۇ قارشى ھاۋا ئېقىمى ئارىسىدا تۇرۇپ قېلىشقا ئوخشاش چۈشكۈرۈككە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىش لازىم.

كىچىك بالىلاردىكى كۆپ چۈشكۈرۈشنى داۋالاشتا، قوينىڭ بۆرىكىنى ئوتتا كاۋاپ قىلىپ تامغان سۈيىنى بالىنىڭ بۇرنىغا سۈركەش ياكى تېمىتىش لازىم.

## توققۇزىنچى پەسىل بۇرۇن قۇرۇش

## جفاف الانف

**سەۋەبى:**

1. بەدەنگە بەك ئارتۇق ھارارەت پەيدا بولۇپ، مەزكۇر ھارارەت بۇرۇندىكى ھۆللۈكنى

قۇرۇتۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كېزىك (تەپ مۇھرىقە) كېسەللىكلىرىدە پەيدا بولىدۇ.

2. بەدەن بەك قۇرۇغانلىقتىن، بۇرۇندىكى ھۆللۈكنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەھۋال تەپدىق، سىل كېسەللىكىدە پەيدا بولىدۇ.

3. بۇرۇننىڭ دىماقدىكى تۆشۈكىگە شىلىمشىق خىلىت چاپلىشىپ، تاشقى تەرەپتىن تارتىلغان ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن مەزكۇر خىلىت شۇ جايدا قۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇننىڭ كۆز تەرەپتىكى يولى ئېتىلىپ قېلىپ، كۆز تەرەپتىن چۈشۈپ، بۇرۇننى ھۆللەپ تۇرىدىغان، ھۆللۈكلەر توختاپ قالىدۇ. ئاندىن بۇرۇغاندا قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ھارارەت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بۇرۇن قۇرۇشنى داۋالاشتا:

ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچىش، سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش، پېشانىگە مۇناسىپ زىمادلار ۋە تىلالارنى تېڭىش ۋە چېپىش لازىم. مەسىلەن: نىلۇپەرنى دەملەپ ئىچىش، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى بادام يېغى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىش، پېشانىسىگە ئاق سەندەل، ئارپا ئۇنى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، قارا سېمىز ئوت ئۇرۇقى، كاۋا قىرمىسى قاتارلىقلارنى ئىسپىغۇل شىرنىسى بىلەن تېڭىش ۋە چېپىش، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان بۇرۇن قۇرۇشنى داۋالاشتا:

ئەزانى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، ھۆل- لۈك يەتكۈزگۈچى ياغلارنى بۇرنىغا تېمىتىش، پېشانىسىگە ئەمچەكتىن سۈتنى سېغىش لازىم.

دىماغ يولىغا غەيرىي تەبىئىي خىلىت چاپلىشىۋالغان سەۋەبتىن بولغان بۇرۇن قۇرۇش- نى داۋالاشتا:

بۇرنىغا مۇناسىپ ياغلارنى ۋە شىرىلەرنى تېمىتىش، ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلارنى ئىچىش ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلتنى يۇمشىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن غەيرىي تەبىئىي بەدەندىن چىقىپ كېتىشكە لايىقلىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى مۇناسىپ غار - غارلار، بۇرۇنغا تېمىتىدىغان دورا ئارقىلىق چىقىرىش مۇمكىن.

## ئونىنچى پەسىل    بۇرۇن قىچىشىش

### حكة الانف

**سەۋەبى:**

بۇرۇن قىچىشىش سەۋەبىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈر- لۈك بولىدۇ:

1. سوغۇق تېگىشتىن بولۇپ بىمار سوغۇق ھاۋانى ئىچىگە تارتقان چاغدا بۇرنىدا كۆيۈپ ئېچىشىش ئەھۋالىنى سېزىدۇ، بۇرنىدىن ۋە كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ ھەم بۇ تۈردە غەيرىي تەبىئىي ھالەتكە ئۆزگەرگەن غىدىقلىغۇچى ئاچچىق خىلتلار مېڭىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا يېغىلىپ ئۇلاردىن ئېچىشتۇرغۇچى ئۆتكۈر بۇخاراتلار ئاجرىلىپ بۇرۇن ئارقىلىق چىقىدۇ. تاشقى تەرەپتىن بۇرۇننىڭ ئىچىگە تارتىلغان سوغۇق ھاۋا مەزكۇر بۇخاراتلار بىلەن بىرلىشىپ بۇرۇن ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ ۋە قىچىشتۇرىدۇ.

بەزىدە ماددا مېڭىدە بولماستىن، بەلكى باشقا جايدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇخاراتلار چىقىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قىچىشىش ئەھۋالىنى پەيدا قىلىدۇ.

2. بۇرۇننىڭ قىچىشىشى ۋە كۆيگەندەك سېزىلىشى ئىسسىق نەزلە ياكى ئىسسىق زۇكامدىن بولىدۇ ياكى بۇرۇن ئىچىگە مۇدۇرلار چىقىش ئالدىدا ياكى بۇرۇن قاناشنىڭ مۇقەددىمىسىدە ياكى چېچەكنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بۇرۇننىڭ ئىچىگە تارتىلغان سوغۇق ھاۋا سەۋەبىدىن ياكى بۇخاراتلار سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مېڭىنىڭ، بەدەننىڭ مىزاجىنى مۇناسىپ يېمەك - ئىچمەكلەر ئارقىلىق تەڭشەش ماددىنى تازىلىغۇچى مۇناسىپ دورىلار ئارقىلىق ماددىنى تازىلاش، ئاندىن سەندەل، گۈلاب گۈل يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاغزى كەڭ شىشە ياكى پىيالىغا سېلىپ پۇراش لازىم.

باشقا ئەزالاردىن چىققان بۇخاراتلاردىن پەيدا بولغىنىنى داۋالاشتا ئىترىفىل كەشنىز بېرىش لازىم، ئىترىفىل كەشنىز ھەممىدىن ياخشىراق مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر سىسىق نەزلە، زۇكام، بۇرۇن قاناش ياكى چېچەكنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا بولغان بولسا داۋالاشتا:

سەۋەبىنى يوقىتىش ۋە شۇ سەۋەبكە قارىتا چارە قىلىش لازىم.

# بىرىنچى توم ئىككىنچى جىلد

# جلددوم

# ئالتىنچى باب  ئېغىز ۋە تىل كېسەللىكلىرى
## امراض لسان و دهان

ئېغىز: ئادەمگە ئوزۇق يەتكۈزگۈچى ئەزالارنىڭ ئالدىنقى دەرۋازىسى ۋە ئوزۇق بارىدىغان يولى بولۇپ، بۇنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرى ھەممىگە ئايان.

تىل: ئېغىز ئىچىدىكى ئەزا بولۇپ، قىزغۇچ كەلگەن بىر پارچە گۆش بولۇپ، ھەرىكەتلىك، ھەرىكەتسىز تومۇرلاردىن ۋە نېرۋىلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ قىزىل بولۇشى تومۇرلاردىكى قاندىندۇر. تىلنىڭ تۈۋىدە بەز خۇسۇسىيەتلىك ئىككى پارچە گۆش بولۇپ، شۆلگەي ۋە تۈكۈرۈكلەر شۇنىڭدىن پەيدا بولۇپ، تىلنى ھۆل ساقلايدۇ، يېگەن نەرسىلەرگە ئارىلىشىدۇ.

تىل گەرچە ئىككى شاخچە بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسى بىر غىلابنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن يەككە كۆرۈنىدۇ.

تىلنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىدىن بىرى ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىغۇچى بىر ئەزا بولۇپ، قالغان مەنپەئەتلىرى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ بابتا تىل ئىششىقى، تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشى ۋە بۇزۇلۇشى، تىل ئېغىرلىقى، تىل چوڭىيىپ قېلىش، تىل بوشىشىپ كېتىش، تىل ئاستى پاقىسمان ئۆسمىسى، تىل يېرىلىش، تىل قۇرۇش، تىل كۆيۈشۈش، تىل قىچىشىش، ئېغىز شىللىق پەردىسى سويۇلۇش، ئېغىزغا مۇدۇر چىقىش، ئېغىز پىشلاقلىشىش، ئېغىز گۆشخور چاقىسى، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش، ئېغىز پۇراش، تامغاق ئىششىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

### بىرىنچى پەسىل  تىل ئىششىقى
#### ورم لسان

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى غەيرىي تەبىئىي قان، سەپرا، بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ.

ئۇلارنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇل-

لىرىنى تۆۋەندە بىرقانچە تۈرگە بۆلۈپ بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش:

علاج ورم لسان دموى

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىدا. تىل قىزىل، رەڭگى سەت بولىدۇ. تىل سوزۇلۇپ ئاغرىش سېزىلىدۇ. شۆلگەي (شال) ئاز - ئاز كېلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاشتا:

مۇناسىپ مەتبۇخ دەملىمىلەر ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش كېرەك. ئەگەر ئىششىق چوڭايغانلىقتىن، قىزىل كېكىردەك يولى سىقىلىپ ھېچ نەرسە تۆۋەن تەرەپكە ئۆتمىسە، ئىششىقنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى ھۆقنە ئىشلىتىش، يۇمشاتقاندىن كېيىن ماددىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇسۇڭ، كاسنە، ئىتئۈزۈمى ۋە شۇلارغا ئوخشاش قابىز، سوغۇق نەرسىلەرنىڭ ئۇسارىلىرى بىلەن غار - غار قىلىش ھەم شۇ ئۇسارىلارغا لاتىنى چىلاپ تىلغا قويۇش لازىم.

ئىششىقنىڭ باشلىنىش جەرياني ئۆتكەندىن كېيىن كاكىنەچ، كاللەكبەسەي سۈيىنى چىقىرىپ، زىغىر لۇئابىغا قوشۇپ غار - غار قىلىش؛ ئىششىق پەسلەشكە يېقىنلاشقاندا بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بىنەپشىلەرنى قايناتقان سۈيىگە خىيارشەنبەر سۈيىنى قوشۇپ غار - غار قىلىش، يېمەك - ئىچمەكلەردە قاننىڭ ھارارىتىنى پەيدا قىلىدىغان، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، يەل پايرا قىلىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز تۇتۇش لازىم.

### 2. غەيرى تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش:

علاج ورم لسان صفراوى

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىدا تىل سېرىق بولىدۇ، قاتتىق كۆيۈپ ئاغرىيدۇ، بەزىدە تىلنىڭ ھەممىسى مۇدۇر - مۇدۇر بولۇپ كېتىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش قان خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاش:

علاج ورم لسان بلغمى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىدا تىل ئاق بولۇپ، شال كۆپ ئاقىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقىنى داۋالاشتا: مۇناسىپ

قاينىتىلمىلار بىلەن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىغا قارىتا پىشۇرۇپ تازىلاپ ئىلىپ بېرىش ھەم مۇشۇ كېسەلگە ماس كېلىدىغان ئانچە ئۆتكۈر بولمىغان ھۆقنە ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىپ، ئىچكى ئەزانى تازىلاش؛ ئايارەجلەر بىلەن مەزكۇر قاينىتىلمىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تىلغا سۈركەش لازىم.

مەجۇنى مەسرىدىتۇس، مەجۇنى سەنجىرىنالارنى سۈركىسىمۇ تولۇق مەنپەئەت قىلىدۇ.

### 4. غەيرى تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقنى داۋالاش:

علاج ورم لسان سوداوی

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا غەيرىي تەبىئىي تىل ئىششىقىدا تىلنىڭ رەڭگى قارا، پوستى قۇرۇق، تۆكۈرۈك بەك ئاز بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقنى داۋالاشتا: غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخ بېرىش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى تازىلانغاندىن كېيىن ئەنجۈر، ھۆلبە، زىغىرلارنى قايناتقان سۇغا بىنەپشە يېغى، ھەسەل، خىيارشەنبەر مېغىزلىرىنى قوشۇپ غار - غار قىلىش لازىم.

ئۇسۇڭ، كاسىنە، ھۆل يۇمغاقسۇتنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ئېغىزدا كۆپرەك تۇتۇش لازىم. بۇ چارە ئىسسىق دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن ئىششىق تېزلىشىپ سەرتانغا ئايلىنىپ قېلىشنى توسىدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشى ۋە بۇزۇلۇشى

## فساد وبطلان ذوق

**تونۇش:**

تېتىش سىزىمىنىڭ يوقىلىشى ۋە بۇزۇلۇشى كېسەللىك سەۋەبى ۋە ئالامىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشى ۋە تېتىش سىزىمىنىڭ بۇزۇلۇشى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز:

### 1. تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشنى داۋالاش

علاج بطلان ذوق

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تىلدا ۋە ئېغىز تامغاقلىرىغا تارقالغان سەزگۈچى نېرۋىلاردا ئارتۇق ھۆللۈك يىغىلىپ، مەزكۇر نېرۋىلار ئۇنى ئۆزىگە شۈمۈرۈۋالىدۇ، ئاندىن

تېتىش سېزىمىنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرى بېكىلىپ قالىدۇ.
بۇ كېسەلدە تىلغا ھېچنەرسىنىڭ تەمى سېزىلمەيدۇ. بەزىدە ئىسسىق - سوغۇقنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. دېمەك، تىلنىڭ ئىسسىق - سوغۇقنى سېزىشىمۇ نۇقسان يېتىدۇ.
تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشىنى داۋالاشتا:
ماددىنى پىشۇرۇش ۋە يومشىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مائۇلئۇسۇلنى ئىچىشكە بېرىش لازىم.
مائۇلئۇسۇلنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى:
كەرەپشە يىلتىزىنىڭ پوستى، بەديان يىلتىزىنىڭ پوستى ھەر بىرى ئالتە گرامدىن، ئارپىبەديان، رۇم بەديان، ئىزخىر يىلتىزى ھەر بىرى توققۇز گرامدىن، ئۈرۈكى ئېلىنغان ۋاسالغۇ 28 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، پوستى ئېلىنغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى (بىخ سۇس)، بىنەپشە ھەربىرى يەتتە گرامدىن ئۇلارنى 1000 مىللىلىتىر سۇدا قاينىتىپ 500 مىللىلىتىر قالغاندا سۈزۈپ، 35 گرام گۈلقەنت (گۈلقەنت ئاپتاپى) نى قوشۇپ ئىچىدۇ.
ئاندىن ئايارەج پەيقىرا، ھەببى قوقىيالار ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، يەنە ئاقىرقەرھا، مەۋىزەج، قىچىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن غار - غار قىلىش لازىم.
كېسەلنىڭ مىزاجىدا ھارارەت بولمىسا قىزىتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما كېسەلنىڭ مىزاجىدا ھارارەت بولسا، ئۇ ھالەتتە ياۋا پىيازنىڭ سىركەنجىۋىلى، تەرەنجىبىنلەرنى ئىشلىتىش، رىباس، قىزىلگۈل، سىماقلارنى قاينىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سىركەنجىۋىل ياكى تەرەنجىبىن ياكى ئاچچىقسۇلارنى قوشۇپ غار - غار قىلىش لازىم.

## 2. تېتىش سېزىمىنىڭ بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج فساد ذوق

تېتىش سېزىمىنىڭ بۇزۇلۇش ئالامىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قارا پبۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.
1. ھېچقانداق نەرسىنى تېتىيالمايدۇ ياكى غەيرىي بىر تەم سېزىلگەندەك بىلىنىدۇ.
2. نەرسىلەرنى تېتىپ كۆرگەندە تېتىغان نەرسە تەمىنىڭ ئەكسىچە بىر خىل تەم سېزىلىدۇ. كېسەل پەيدا قىلغۇچى خىلىت كۈچلۈك بولسا، تېتىش سېزىمى كېسەللىككە سەۋەب بولغان خىلتىنىڭ تەمىنى داۋاملىق سېزىدۇ.
ئەگەر ئاجىز بولسا، ھېچقانداق تەمنى سېزەلمەيدۇ.
تېتىش سېزىمىنىڭ بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا:
ئاۋۋال كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاش كېرەك. ئاندىن كېيىن مېڭىنى، ئېغىزنى، تىلنى مۇناسىپ غار - غارلار ئارقىلىق تازىلاش لازىم.

# ئۈچىنچى پەسىل   تىل ئېغىرلىقى

## ثقل لسان

**تونۇش:**

تىل ئېغىرلىقى بىر خىل تىل كېسەللىكى بولۇپ، بىمار سۆزلەشتە قىلىنىدۇ. ھەرپلەرنىڭ تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدۇ. ھەرپلەرنىڭ تاۋۇشىنى دېگەندەك تولۇق چىقىرالمايدۇ.

تىل ئېغىرلىقى كېسەللىك سەۋەبلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇلارنى داۋالاشمۇ تۈۋەندىكىدەك سەككىز خىل بولىدۇ.

### 1. ئىسسىقتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش:

علاج ثقل لسان حار

تىلنىڭ سېرىقئەت، پەيلىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىقتىن مىزاج ئۆزگىرىشى بو-لۇپ، تىلدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ. ئاندىن تىلدا تەشەننۇج (تارتىشىش) پەيدا بولىدۇ. تىل ئورۇق ۋە يىغىلغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈر قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر يۈز بەرگەن بولىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاشتا:

بۇ كېسەللىكنى گەرچە پۈتۈنلەي تۈگىتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن باشقا بىرەر چوڭ ئاپەتنى كەلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، تاتلىق بادام يېغى، ئامۇت، بېھى، لەيلىقازاق ئۇرۇقىنىڭ شىرىلىرى، ئۈردەك، مېكىيانلارنىڭ ياغلىرى قاتارلىق دورىلارنى غار ـ غار قىلىش، تىلغا سۈركەش، بېشىغا قويۇش، گەدەن، باشنىڭ ئارقا تەرىپى، قۇلاقنىڭ ئاستىغا سۈرۈپ چېپىش لازىم.

### 2. تىل پالەچلىنىشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش:

علاج ثقل لسان از فالج

پەقەت تىلنىڭ ئۆزىلا پالەچ بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن تىلى ئېغىرلىشىدۇ. تۈيغۇ ۋە ھەرىكەت مېڭىدىن ئالىدىغان باشقا ئەزالارنىڭ سېزىم ۋە ھەرىكەتلىرى ساغلام بولىدۇ.

تىل پالەچلىنىشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاشتا:

ئاۋۋال مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن قارىمۇچ، نۇشۇدۇر، قىچا، ئاقىرقەرھا، سۆئتەر، ئاق توغرىغۇ (بۆرە ئەرمىنى)، ئاق تۇزلارنى تىلغا ئوبدان سۈركەش؛ مەزكۇر دورىلارنىڭ

قايىنتىلغان سۇيى بىلەن غار - غار قىلىش لازىم.

ھەر ئىككى ئېڭەكنىڭ قۇلاق تۇۋىگە تۇتاش يېرىنى داغلاش لازىم.

### 3. ئومۇمىي بەدەن پالەچلىنىشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش:

علاج ثقل لسان از فالج بدن

ئومۇمىي بەدەن پالەچلىككە قوشۇلۇپ تىلمۇ پالەچلىنىدۇ. كېسەلنىڭ بارلىق سەزگۈلىرى تۇتۇقلىشىدۇ، ھەرىكەتلىرىدە دېۋەڭلىك بولىدۇ، تىلى بوشىشىدۇ، ئاغزىدىن شۆلگەي (شال) ئاقىدۇ، ئومۇمىي بەدەن پالەچلىكى كۈچلۈك بولسا، كېسەل سۆزلىيەلمەيدۇ، ئاجىز بولسا، سۆزىدە ئۆزگىرىش، تىل كالۋالىشىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولىدۇ.

ئومۇمىي بەدەن پالەچلىنىشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئومۇمىي بەدەن پالەچ كېسەللىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش، مۇۋاپىق دورىلار بىلەن غار - غار قىلىش ۋە تىلغا سۈركەش لازىم.

### 4. ھۆللۈكتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش:

علاج ثقل لسان رطوبى

قويۇق ھۆللۈك تىلغا يىغىلىپ، تىلنى سوزالتىپ قاتۇرۇپ قويىدۇ. تىل ئېغىر بولىدۇ. تىلنى ئىختىيارىي ھەرىكەتلەندۈرگەندە تەسلىكتە ھەرىكەتلىنىدۇ. قېتىپ قېلىش تىلنىڭ كۆتىكى تەرەپتە بولسا، تىل قىسقا ۋە سېمىز بولىدۇ؛ ئەگەر تىلنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولسا تىل ئۇزىراپ قالغان بولىدۇ.

ھۆللۈكتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاشتا:

ئاۋۋال مۇناسىپ كۈمىلاچ، ئايارەج، غار - غار دورىلىرى ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن سېرىقچېچەك، بابۇنە ياغلىرى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇش لازىم.

تىلنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلار ئورۇنلاشقان ئورۇن يەنى باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىزىق سۇ قۇيۇپ بېرىش لازىم، شۇنىڭ بىلەن پەيلەر يۇمشايدۇ، ماددا ھەم يۇمشاپ چىقىشقا لايىقلىشىدۇ.

تىلنىڭ ئۆزىدىن ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن ئۆرۈك مېغىزىنىڭ يېغىنى تىلغا سۈركەش ۋە ئاغزىدا تۇتۇش لازىم.

### 5. مېڭە پەردە ياللۇغىدىن كېيىن پەيدا بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش:

علاج ثقل لسان سرسامی

تىلنىڭ ئېغىرلىشىپ، سۆزلەشنىڭ ئۆزگىرىشى — سەرسامدىن كېيىن ياكى پەردە

ياللۇغىغا ئېلىپ بارغۇچى كېسەللىكلەردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. مەزكۇر كېسەللىكنىڭ مېڭە ياللۇغىدىن كېيىن پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېڭىدىن ئارتۇق ماددىلار بوھران تەرىقىدە نېرۋىلار تەرەپكە قويۇلىدۇ.

مېڭە پەردە ياللۇغىدىن كېيىن پەيدا بولغىنىنى داۋالاشتا:

بۇ خىل تىل ئېغىرلىقىنىڭ كونا بولغىنى داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. يېڭى پەيدا بولغىنىنى داۋالاش ئۇسۇلى: تاشتۇز، نۇشۇدۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شۆلگەي ئاقتۇرۇپ، قۇيۇق ماددىلارنى يوقاتقۇچى دورىلارنى تىلغا سۈركەشتىن ئىبارەتتۇر.

### 6. تىل يىلتىزى ئىنچىكە قىسقا بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان تىل ئېغىرلىقنى داۋالاش:

علاج ثقل بسبب دقيق بيخ لسان

تىل تېگىدىكى ئىلىنچىق پەينىڭ قىسقا بولغانلىقى تىل ئېغىرلىقىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ پەينىڭ قىسقا بولۇشى يا تۇغما بولىدۇ ياكى شۇ جايغا يىرىڭلىق جاراھەت پەيدا بولۇپ، تاتۇق قالدۇرغانلىقتىن تارتىشىپ قالىدۇ.

بەزىدە ئۇ پەينىڭ ئۇچى تاكى تىلنىڭ ئۇچىغا قەدەر چاپلىشقىلىق بولىدۇ. بەزىدە تىلنىڭ ئۇچى بۇ پەينىڭ خالىي بولسىمۇ، ئەمما تىل دېگەندەك كېڭىيەلمەيدۇ. تىل ئېغىزدىن چىقالمىسا، يەنە قايتىپ ئۆرۈلۈپ گالغا يېتەلمىسە، ئۆلچەملىك سۆز قىلىش قىيىنلىشىدۇ.

مەزكۇر پەينى تىلنىڭ ئۇچى تەرەپتىن بىرئاز توغرىسىغا قارىتىپ نەشتەر بىلەن كېسىش لازىم. كېسىشتە نەشتەرنىڭ چوڭقۇر بولۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى نەشتەر چوڭقۇر بولۇپ كەتسە، ھەرىكەتلىك تومۇرلار ئېچىلىپ كېتىپ قاننى توختىتىش قىيىن بولىدۇ. پەينى كېسىشتە تىل ئېغىزدىن چىقىپ ئۇستۇنكى چىشلارغا ئۆرۈلۈپ يېتەلىگۈدەك كېسىلسە بولىدۇ. چۈنكى پەينىڭ شۇنچىلىك كېسىلگىنى تىلنىڭ ھەرىكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. پەينى كەسكەندىن كېيىن قاننى توختىتىش ئۈچۈن يۇمشاق سالايە قىلىنغان زاك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇق دورىلارنى سېپىش لازىم.

### 7. تىلدىكى ئىششىقتىن بولغان تىل ئېغىرلىقنى داۋالاش:

علاج ثقل لسان ورمى

تىلدىكى قاتتىق ئىششىق سەۋەبىدىن بولغان تىل ئېغىرلىقى، بۇنداق ئىششىق مەيلى باشلىنىشتا قاتتىق بولغان بولسۇن، مەيلى كېيىن قاتتىقلىققا ئايلانغان بولسۇن، ھەر ئىككىسىدە تىل ئېغىرلىشىپ قالىدۇ.

بەزىدە تىل جاراھەتلىنىپ، جاراھەت پۈتۈپ ساقايغاندىن كېيىن شۇ جايغا تۈگۈنچە

پەيدا بولۇش بىلەنمۇ تىل ئېغىرلىشىدۇ.

تىلدىكى ئىششىقتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاشتا:

قاتتىقلىقنى ۋە تۇگۇنچەكنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇناسىپ دورىلارنىڭ لوئابلىرىنى ۋە ياغلارنى ئىشلىتىش لازىم.

**8. تىل نېرۋىلىرى ئۈزۈلۈشتىن بولغان تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش:**

علاج ثقل از انقطاع عصب لسان

باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە تاياق تېگىش ياكى ئوخلىسىغا يىقىلىش سەۋەبىدىن تىلنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلار ئۈزۈلۈپ تىل ئېغىرلىشىدۇ.

تىل نېرۋىلىرى ئۈزۈلۈشتىن بولغانتىل ئېغىرلىقىنى داۋالاشتا:

باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە زەربە تېگىش سەۋەبىدىن تىلنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ نېرۋىلارنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن بولغان بولسا بۇنى داۋالاش ھاجەتسىز، داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

## تۆتىنچى پەسىل تىل چوڭىيىپ قېلىش

## عظم اللسان

**تونۇش:**

ھەرخىل سەۋەبلەردىن بىمار كىشىنىڭ تىلى ئاغزىغا سىغماي، ئاغزىدىن تاشقىرى چىقىپ تۇرۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

**سەۋەبى:**

باشتا تىل تەرەپكە ئارتۇق ھۆللۈكلەر چۈشۈپ، تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى مەزكۇر ھۆللۈكنى ئۆزىگە شۈمۈرۈۋالىدۇ ـ دە، تىل چوڭىيىپ قالىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر ھارارەت بولسا، تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىغا شۈمۈرۈلگەن ھۆللۈك قان بولسا، بىلەك ياكى تىل ئاستىدىن قان ئېلىش، ئاندىن ئۈنىڭغا ئۇلاپ، قۇرۇق ھۆمماز، ئورتىخالارنى ۋە شۇلارغا ئوخشاش شۆلگەي ئاقتۇرغۇچى ۋە ئەلۋەرەشىنى يوقاتقۇچى دورىلار-نى، مەسىلەن: ئاچچىق ئانار ۋە باشقىلارنى تىلغا سۈركەش لازىم.

ئەگەر كېسەلدە ھارارەت بولماي، مەزكۇر سۇيۇقلۇق ۋە ھۆللۈكلەر بەلغەم خاراكتېر-لىك بولسا، ئۇ ھالدا ئايارەجلەر ئارقىلىق بەلغەمنى چىقىرىش، ئاندىن كېيىن تۇز، سىركە، زەنجىۋىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تىلغا سۈركەش ياكى نۆشۇدۇرنى سىركىگە ياكى كاۋاۋچىنىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەش لازىم.

## بەشىنچى پەسىل تىل بوشىشىپ كېتىش
## استرخاء لسان

**تونۇش:**

تىل بوشىشىپ كېتىش كېسەللىكنى يۇقىرىدا پالەچتىن بولغان تىل ئېغىرلىقى قاتارىدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى نۇقتىلىرىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەردە ئالاھىدە بىر مەزمۇن قىلىپ بايان قىلىندى.

**داۋالاش:**

ئېغەكنىڭ تېگىگە ئوتلۇق لوققا قويۇش، قىچا بىلەن ھەسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار بىلەن غار ـ غار قىلىش لازىم. لېكىن لوققا قويۇشتا ئاۋۋال بەدەننى تازىلاپ ئاندىن قويۇش لازىم.

تۆۋەندىكى دورىلار بىلەن غار ـ غار قىلىسىمۇ ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ. نۆشۇدۇر، قارىمۇچ، ئاقىرقارھا، قىچا، ئاق توغرىغۇ، زەنجىۋىل، سىيادان، سۆئتەر، مەرزەنجۇش-لارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سۇدا قاينىتىپ غار ـ غار قىلىنىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل تىل ئاستى پاقىسمان ئۆسمىسى
## ضفدع اللسان

**تونۇش:**

تىل ئاستى باقىسمان ئۆسمىسى ــ بەزگە ئوخشاش بىر خىل قاتتىق ئۆسۈك بولۇپ، تىلنىڭ تېگىدە پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ شىلىمشىق بەلغەم ياكى قاننىڭ تەركىبىدىكى ئۈچۈچان قىسىملىرى تارقاپ كېتىپ، قالدۇقلىرى قېتىپ قېلىپ ئۆسمىگە ئايلىنىدۇ.

**ئالامىتى:**

تىلدىكى مەزكۇر ئۆسمە ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ چوڭىيىپ سۆزلەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ ئاخىرىدا سۆزلەش قىيىنلىشىدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىللىگەن بولسا قاننى كېمەيتىش، سۈرگە بېرىش، ئاندىن يۇمشاتقۇچى دورىلارنى مەسىلەن: سۆئتەر، زۇپا، تۇز، ئانار

پوستى قاتارلىقلارنى ۋە گۆش يىگۈچى دورىلاردىن مەسىلەن: نۆشۈدۈر، كۆيدۈرۈلگەن زاك، زەنكار، سەۋسەن يىلتىزى، مۇرمەككىلەرنى سىركىگە قوشۇپ مەزكۇر ئۆسمىگە سۈركەش لازىم.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن ساقايمىسا، يەنە بىر چارىسى ئوپېراتسىيە قىلىشتۇر. بۇنى كېسىپ چىقارغاندىن كېيىن سىركە ۋە سۇلار بىلەن ئاغزىنى چايقاپ، جاراھەتنى مۇداۋىئە قىلىش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

مەزكۇر ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا تىلنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى ھەرىكەتلىك تومۇر كېسىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئىلغۇ ئەسۋاب بىلەن ئېلىپ، بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆسمىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىش لازىم. چۈنكى مەزكۇر تومۇرلار كېسى-لىپ كەتسە، قان توختىماي ئۆلۈم ھادىسىسىنى كەلتۈرۈش خەۋپى بار.

## يەتتىنچى پەسىل تىل يېرىلىش

## ضبدع اللسان

**تونۇش:**

تىل يېرىلىش كېسەللىكىنىڭ تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلىرى بار. بىرى، مېڭىگە ئارتۇقچە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى نېرۋا ئارقىلىق تىلغا ئۆتۈپ تىل يېرىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

تىل يۇمشاق ۋە بوش ئەزا بولغاچقا، ئۇنىڭ يېرىقى چوڭقۇر بولۇپ، بىر نەرسىنى يېيىش قىيىنلىشىدۇ. ئاچچىق، تۇزلۇق بىر نەرسە تەگكەندە قاتتىق ئېچىشىدۇ ۋە ئاغرىي-دۇ.

مەزكۇر كېسەللىكتىن ئىلگىرى ئۇيقۇسىزلىق يۈز بەرگەن، مېڭىدە قۇرۇقلۇق ئالامى-تى كۆرۈلگەن بولىدۇ.

يەنە بىر سەۋەبى، كۆيگەن خىلىتلار ئاشقازانغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇخاراتلار ئۆرلەپ تىلنى يارىدۇ.

ئىسسىمان كېكىرىك كېلىدۇ، غالىب بولغان غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ تەمىگە قاراپ ئېغىزنىڭ تەمى ئۆزگىرىدۇ. بەزىدە غالىپ كەلگەن ئارتۇق خىلىت قەي ئارقىلىق چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

مېڭىگە ئارتۇقچە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئازراق ئىسپىغۇلنى ئاغزىدا تۇتۇش، ئارپا سۈيى ئىچىش، كاللا ـ پاچاق گۆشلىرىنى يېيىش، سۈيىنى ئىچىش، تەرخەمەك كۆپۈكى، بىنەپشە يېغى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتى-لارنى تىلغا سۈركەش، ئاچچىق ـ چۈچۈك، ئۆتكۈر تۇزلۇق نەرسىلەردىن ساقلىنىش،

مېڭىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەشكە تىرىشىش لازىم.

تەرخەمەك كۆپۈكى ئېلىش ئۇسۇلى: تەرخەمەكنى ئىككى پارچە قىلىپ بىرىنى بىرىگە سۈركەپ بەرسە كۆپۈك پەيدا بولىدۇ. مەزكۇر كۆپۈك ھۆل ۋە شىلىمشىق بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ۋە يىرىقلار ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

كۆيگەن خىلىتلار تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ماددىغا قاراپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئاشقازاننى تازىلاش، ئىسپىغۇلنى ئاغزىدا تۇتۇش، مېڭىگە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇشتىن بولغان تىل يېرىلىشىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

## سەككىزىنچى پەسىل    تىل قۇرۇش

## جفاف اللسان

**سەۋەبى:**

تىل قۇرۇش كېسەللىك كېسەل پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. بەدەنگە ھەددىدىن ئارتۇق ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

تىل سېرىق ۋە يىرىك بولىدۇ. سەپرانىڭ باشقا خاس ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىلدىكىسى ھەقىقىي تىل قۇرۇقلۇقىدۇر. بۇ كېزىك قىزىتمىسى كېسەللىكلىرىدە پەيدا بولىدۇ.

2. يېلىم خاراكتېرلىك چاپلىشاڭغۇ خىلىت تىل ئۈستىگە پەيدا بولىدۇ. ئاندىن ھارارەت ئۇنى قۇرۇتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تىلنىڭ قۇرغاقلىشىشى ئەمەس، بەلكى تىل ئۈستىدە پەيدا بولغان ھۆللۈكنىڭ قويۇقلىشىپ قالغانلىقى بولۇپ، تىل ئۈستىدە قۇرۇلۇق پەيدا قىلىدۇ.

**داۋالاش:**

بەدەندىكى ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋلاشتا بېھى ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسى، نىلۇپەر سۈيى، شېكەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تىلغا سۈركەش ۋە ئېغىزدا تۇتۇش لازىم.

ئەگەر قاپاق ئۇرۇقىنىڭ ياكى سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسىنى قوشسا ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ ئۇسارىسى، تاۋۇز سۈيى، تەرخەمەك سۇلىرى بىلەن ئېغىزنى چايقاش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي خىلتلاردىن ھاسىل بولغان چاپلىشاڭغۇ خىلىت تەسىرىدىن بولغان

بولسا داۋالاشتا:

سۆگەتنىڭ ياغىچىنى سىركەنجىۋىلدە ياكى قوغۇن ۋە شېكەرنىڭ سۈيىدە ھۆل قىلىپ، ئاندىن شۇ ياغاچنى تىلغا سۈركەپ بېرىش لازىم.

## توققۇزىنچى پەسىل تىل كۆيۈشۈش

## حرقت لسان

**سەۋەبى:**

ئاشقازان كىرىش ئىغىزىنىڭ ھارارىتى ئېشىشى، مېڭىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ كېتىشى، ئاچچىق، ئۆتكۈر ياكى شور نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش، ئۆتكۈر خىلىتنىڭ تىلغا قويۇلۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

سېمىزئوت شىرنىسى، ھۆل يۇمغاقسۈت شىرنىسى، ئىسپىغۇل ۋە بېھى ئۇرۇقلىرىنىڭ لۇئابىغا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىغىزدا تۇتۇش، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى، بادام مېغىزى، قوغۇن، قاپاق ئۇرۇقلىرىنىڭ مېغىزلىرىنى تىلغا سۈركەش لازىم.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئۆتكۈر خىلىت بولسا، مۇناسىپ غار ـ غارلارنى ئىشلىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى يۇمشاتقۇچى چىلانغان دورىلارنى ئىچىش ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

ئاشقازان كىرىش ئىغىزىنىڭ ھارارىتىدىن تىلنىڭ كۆيگەندەك ئېچىشىشى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى سوۋۇتۇش ئۇچۇن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچىش كېرەك.

مېڭە ھارارىتىدىن بولغان تىلنىڭ كۆيۈپ ئېچىشىشىدىمۇ شۇنداق داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## ئونىنچى پەسىل تىل قىچىشىش

## حكة لسان

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن ھاسىل بولغان كۆيدۈرگۈچى ۋە ئېچىشتۇرغۇچى ئۆتكۈر خىلىت تىلغا قويۇلغانلىقتىن بۇ خىلىت مەيلى مېڭىدىن قويۇلغان بولسۇن، مەيلى ئاشقازان-

ىدىن ياكى بەدەننىڭ باشقا قىسمىدىن تىل تەرەپكە ئۆرلەپ چىققانلىقتىن بولسۇن بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

تىل قىزىق بولىدۇ، ئادەم تىلىنى چىشى بىلەن قاشلىماي تۇرالمايدۇ. قىزىق سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقىغاندا، بىرئاز پەسىيىپ ئارام بېرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال ئۆتكۈر خىلىتنى تازىلاش، ئاندىن ئېچىشىشنى پەسەيتىش، تىلنىڭ تېرىسىنى يۇمشىتىش، ماددىنى ھۆللەشتۈرۈپ، تارقىتىش ئۈچۈن قىزىق سۇ بىلەن ئېغىزنى چاي-قاش؛ سوۋۇتۇش ئۈچۈن سۈتكە بىرئاز شېكەر قوشۇپ، ئاغزىنى چايقاش؛ يۇمشىتىش، تارقىتىش، سوۋۇتۇش ۋە قىچىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

سېرىق ھېلىلىنى چايقاش ۋە تىلغا سۈركەشمۇ تىلدىكى قىزىق ماددىلارنى چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ.

## ئون بىرىنچى پەسىل   ئېغىز شىللىق پەردىسى سويۇلۇش

## تقشر الفم

**تونۇش:**

ئېغىز شىللىق پەردىسى سۈيۈلۈش بىر خىل كېسەللىك بولۇپ تىلدا، تامغاقتا، ئىككى قوۋۇزدا، چىشنىڭ ئارىلىرىدىكى گۆشلەردە سويۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

**سەۋەبى:**

بەدەندىن چىققان ئەزانى ئېچىشتۇرغۇچى ئۆتكۈر، قىزىق بۇخاراتلار ئەزالارنى يېپىپ تۇرغان نېپىز پەردىنى كۆيدۈرىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. ئەزانىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان ھۆللۈكنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئەزالارنىڭ نېپىز تېرىسى سويۇلىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئادەم ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ياكى تامغاقلىرىنى لاتا بىلەن سۈركىسە، شۇ ئەزادىن پىيازنىڭ پوستىغا ئوخشاش ئاق، نېپىز تېرىلەر سويۇلۇپ چىقىدۇ، ئەمما ئاغرىمايدۇ.

**داۋالاش:**

مەتبۇخى ھېلىلە بېرىش، ھەببۇل ئاس، گۈلنار، قىزىلگۈللەرنى سىركىدە قاينى-

تىپ، شۇنىڭ بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

## ئون ئىككىنچى پەسىل ئېغىزغا مۇدۇر چىقىش

## ورم الحنك وبثور آن

**سەۋەبى:**

ئۆتكۈر قان خىلىتىغا ئاز مىقداردىكى سەپرا خىلىتى ئارىلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە ئېغىز قاتتىق ئاغرىيدۇ، ھەتتا بىر نەرسە چاينىغىلىمۇ بولمايدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى بەدەندىن تازىلاپ چىقىرىش ئۇچۇن مەتبۇخى ھېلىلە بېرىش، كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا قىزىلگۈل، ئىتئۇزۇمى، ئىتئۇزۇمى يايپرىقى، كاسىنە يايپرىقى ۋە يىلتىزى، يۇمغاقسۇت، كۆك ماشلارنى سىركىدە قاينىتىپ، سىركىدە ئاغزىنى چايقاش لازىم.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل ئېغىز پىشلاقلىشىش

## قلاع دهن

**تونۇش:**

ئېغىز پىشاقلىشىش بىر خىل ھۆل چاقا بولۇپ، ئېغىز ۋە تىلنىڭ تېرىسىدە پەيدا بولىدۇ، تەدرىجى كېڭىيىپ ئېغىزنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كېتىدۇ. بەزىدە ئېغىزنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا ئۆتۈپ، ھەتتا كېكىردەك ۋە ئاشقازانغىچە چۈشىدۇ.

ئېغىزدا پەيدا بولىدىغان يەنە بىر خىل ھۆل، چىرىتىدىغان چوڭقۇر چاقا بار. سېسىق يۇرايدۇ. جالىنۇس ئۇنى «قۇلائ» دەيدۇ. ئەمما كۆپچىلىك پىشقەدەم تېۋىپلار بۇ خىلدىكى ھۆل چاقىنى «ئاكىلە» (گۆشخور يارا) دەيدۇ. ئۇنى باشقا بۆلۈمدە ئايرىم ئېيتىپ ئۆتىمىز.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن، شورلۇق بەلغەم خىلىتىدىن ۋە كۆيگەن سەۋدا خىلىتىدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن پەيدا بولغان ئېغىز پىشلاقلىشىپ قىلىشتا ئېغىزنىڭ

هارارىتى يۇقىرى بولۇپ رەڭگى قىزىللىق بولىدۇ. ئېغىزنىڭ ئىچىدىكى پەردىلەر كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي شورلۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولغىنىدا چاقىنىڭ رەڭگى ئاق، ئاغرىقى ئازراق بولىدۇ. ئېغىز پەردىلىرى ئىششىق كۆيۈشكەنلىكتىن بوش ئىششىققا ئوخشايدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغىنىدا تىلنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ، ئاغرىيدۇ، قۇرۇيدۇ، ئادەتتىن تاشقىرى ئېچىشىدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

هېلىلە ۋە شاهتەررە قاينىتىلمىسى بىلەن تەبىئەتنى يۇمشىتىش؛ سۇماق سۈيى ياكى قىزىلگۈل، يۇمغاقسۈت، كۆكماش، ئىتئۈزۈمى سېلىپ قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئاغزىنى چايقاش لازىم. يەنە قىزىلگۈل، سۇماق، تاباشىر، يۇمغاقسۈت، گۈلنار، كۆك ماش، كاپۇرلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چاقىلارغا سېپىش لازىم.

ئەگەر چاقىلار بەتبۇي سېسىق بولسا، ئۇنداقتا ئەزانى داغلىغۇچى دورىلار بىلەن ئېغىزنى چايقىسا، چاقىنىڭ سېسىق قىسىملىرىنى يوقىتىپ، هۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىركە، نۆشۈدۈر، تۇز ياكى زەمچە بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

ئەگەر سىركىنىڭ ئېچىشتۇرۇشىدىن ئېهتىيات قىلىنسا، ئۇنىڭ ئورنىغا زەپەر قوشۇلسا بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي شورلۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

كېسەلنىڭ ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن هەببى سەبرە بېرىش، ئاقىرقەرها بىلەن غار ـ غار قىلىش، مامىرانچىنى، هېلىلە، ئاقىرقەرهالار سېلىپ قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم. چۈنكى مەزكۇر سىركە بەلغەمنى ئېرىتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي كۆيگەن سەۋدا خىلىتىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىپ ئىچىنى تازىلاش لازىم. كېسەللىك باشلانغان چاغدا ماددىنى پىشۇرۇش ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈن كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى بىلەن مايلاش كېرەك.

ئاندىن چاقىلارنى قۇرۇتۇش ۋە پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مەككە خېنىسى (هىنا) نىڭ يوپۇرمىقىنى چايناشقا بۇيرۇش، ئاندىن كېيىن خېنە، كوزا، ئانار پوستى، گۈلنار، سۇماق، يۇمغاقسۈت سېلىپ قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئاغزىنى چايقاش لازىم.

## ئون تۆتىنچى پەسىل ئېغىز گۆشخور چاقىسى

## قلاع دہن

**تونۇش:**

ئېغىز گۆشخور چاقىسى بەك يامان ۋە سېسىق، ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ جايغا

تارقايدىغان بىر خىل ھۆل جاراھەتتىن ئىبارەت.

**سەۋەبى:**

ئاچچىق ۋە ئېچىشتۇرغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت، باش تەرەپتىن چۈشىدۇ ياكى بەدەندىن يۇقىرىغا چىقىدۇ، غەيرى تەبىئىي خىلىت چۈشكەن جاي قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئاجىز كەلگەن سەۋەبتىن گۆشنى چېرىتىدىغان گۆشخور چاقا شەكىللىنىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىش ئارقىلىق ئىچىنى سۈرۈش، سىركە، سىماق سۈيى، غوراپ سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقاش، يەنە ئەزانى داغلىغۇچى، قورۇپ قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن ئاغزىنى چايقاش ئاندىن سۇ تەگمىگەن ياخشى ھاك بىر ھەسسە، قىزىل زەرنىخ، سېرىق زەرنىخ، سۆگەتگۈلىنىڭ قۇرۇق ياپرىقى، ئاقاقيا ھەربىرى يېرىم ھەسسىدىن ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ، ئۈزۈم سىركىسى بىلەن خېمىر قىلىپ توقچاق ياساپ، سايدا قۇرۇتۇپ چاقىغا سېپىلىدۇ ياكى تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانارلارنىڭ پوستى ھەربىرى 42 گرامدىن، موزا، گۈنار، زەمچە، كۆيدۈرۈلگەن مىس قەغىزى، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 14 گرامدىن سۇماق 21 گرام، ھىندى تۇزى، نۆشۇدۇر ھەربىرى يەتتە گرامدىن دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ ھەببۇلئاس سىركىسى بىلەن خېمىر قىلىپ توقچاق تەييارلاپ، سايدا قۇرۇتۇپ چاقىغا سېپىش لازىم.

## ئون بەشىنچى پەسىل ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش
## كثرت سيلان لعاب دہن

**تونۇش:**

ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش كېسەللىكتە مەيلى ئۇيقۇدا بولسۇن، مەيلى ئويغانلىقتا بولسۇن، ئېغىزدىن كۆپ شال ئاقىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاشقازاندىكى ھارارەت ۋە ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك سۇيۇقلۇق ۋە ھۆللۈكنىڭ ئاشقازانغا يىغىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئاشقازاندىكى ھارارەت ۋە ھۆللۈكتىن بولغىنىدا، قورساق ئاچ بولسا، تاماقنى ئاز يېسە، شال كۆپىيىدۇ، چۈنكى ھارارەت زىيادە بولۇش بىلەن ھۆللۈك ئېرىيدۇ. ئاندىن ئۇيقۇدا شال كۆپ ئاقىدۇ، ئويغاقلىقتا تۈكۈرۈك كۆپ كېلىدۇ، قورساق توق ۋاقتىدا مەيلى

ئۇيقۇدا، مەيلى ئويغاقلىقتا شال ئازراق كېلىدۇ.

بەلغەم خاراكتېرلىك سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك ئاشقازانغا كۆپلەپ يىغىلغان سەۋەبتىن بولغىنىدا، تاماقنى ھەزىم قىلىشى ئاجىز بولىدۇ. شال شىلىمشىق ۋە قويۇق كېلىدۇ. ئېغىزنىڭ تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاشقازاندىكى ھارارەت ۋە ھۆللۈكتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

بېھى، غورا، ئانار رۇبلىرىنى ئىچىش، ئالما، بېھىگە ئوخشاش قابىز مېۋىلەرنى يېيىش، سۇماق، كۆك ماش، قىزىلگۈل، ھەببۇل ئاس دەرىخى شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرى، ئۇجمە، گۈلنارنى قايناتقان سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقاش، ھۆل كاسىنىنى ئاز مىقداردىكى تۇز بىلەن چالا سوقۇپ يېيىش لازىم. جاۋارىش كۇمونى ئىستېمال قىلىش لازىم.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خاراكتېرلىك سۇيۇقلۇق ۋە ھۆللۈكتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزلىرىنى قايناتىپ ئىچىپ قەي قىلىش، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پۇدىنىلەرگە ئوخشاش ئىسسىق جاۋارىش ۋە ئىترىفىللارنى يېيىش، بۇغداي تالقىنىنى قىچا بىلەن يىيىش، ناشتىدا ئاچچىقسۇدىن ئازراق ئىچىش، كۇندۇر، مەستىكىلەرنى چايناش لازىم.

## ئون ئالتىنچى پەسىل   ئېغىز پۇراش

بخرالفم

**تونۇش:**

ئېغىز پۇراش بىر خىل ئېغىز كېسەللىكى بولۇپ، ئېغىزدىن سېسىق بەت بۇي پۇراق كېلىدۇ.

**سەۋەبى:**

1. ئاشقازانغا ئارتۇق ھارارەت چۈشۈپ، بۇ ھارارەت گالنىڭ ئەتراپلىرى ۋە چىشنىڭ تۈۋلىرىدىكى ھۆللۈكلەردىن غالىب كېلىپ، مەزكۇر ھۆللۈكلەرنى بۇزىدۇ ۋە سېسىتىپ قويىدۇ.

بىر نەرسە يېمەك بىلەن پۇراش كېمىيىدۇ ۋە بۇ خىلدىكى ئېغىز سېسىقلىقىدا غەيرىي تەبىئىي خىلىت كۆپىنچە چىشنىڭ تۈۋلىرىدىكى گۆشلەرگە، چىشنىڭ ئۆزىگە ئۆتۈش بىلەن

چىشلىرى قارىيىپ كېتىدۇ.

2. سېسىق بەلغەم ئاشقازانغا يىغىلىپ، ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراقلار ئۆرلەپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىغىز سېسىق پۇرايدۇ.

بىر نەرسە يېسە، ئاغزىنى يۇسا سېسىقلىق پەسەيمەيدۇ، ئەگەر پەسەيسىمۇ ئاز پەسىيىدۇ، چۈنكى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بىر نەرسە يېيىش ۋە ئىغىزنى يۇيۇش بىلەن يوقالمايدۇ.

3. بۇزۇق ۋە سېسىق ھۆللۈك باشتىن چىشنىڭ ئارىلىرىدىكى گۆشلەرگە قويۇلۇپ، ئۇنى بۇزىدۇ، يەيدۇ ۋە سېسىتىدۇ.

بۇ خىلدىكى كېسەل ئەگەر ئاچچىق، شورلۇق نەرسە بىلەن ئاغزىنى چايقىسا، شىلىمشىق، سېسىق ھۆللۈكلەر مەزكۇر گۆشلەردىن ئاجرىلىپ جاۋغايلارغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەنمۇ ئىغىزنىڭ سېسىق پۇرىشى بىرئاز پەسىيىدۇ. سېسىقلىقنىڭ توختىماسلىقنىڭ ئىككى سەۋەبى بار.

بىرى، بۇزۇق ھۆللۈكلەر ئىغىزنى چايقاش بىلەن چىشنىڭ ئارىلىرىدىكى گۆشلەردىن يوقالسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باش تەرەپتىن يەنە بۇزۇق ھۆللۈكلەر كېلىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىرى، چىشنى ئوراپ تۇرغان پەيلەرنىڭ ئەتراپىدا بۇزۇق ھۆللۈك ئورۇنلاشقان بولىدۇ. ئىغىزنى چايقايدىغان دورىنىڭ تەسىرى ئۇ يەرگە يېتەلمەيدۇ.

4. چىشنىڭ ئارىلىرىدىكى گۆشلەردە مىزاج ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، مەزكۇر گۆشلەردىكى ھۆللۈكلەرنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىغىز سېسىق پۇرايدۇ. بۇ خىلدىكى ئىغىز پۇراش كېسەللىكىدە داۋاملىق چىشنىڭ تۈۋلىرى قاناپ تۇرىدۇ.

5. چىشنىڭ ئۆزىگە ناچار ھۆللۈكلەر ئۆتۈپ چىشنى يەيدۇ ۋە سېسىتىدۇ.

6. ئىغىز پۇراش ئۆپكىنىڭ سېسىقلىقى يەنى سىل كېسەللىكىنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئارتۇق ھارارەتنىڭ ئاشقازانغا چۇشۇشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ھەر ئەتىگەندە خوۋەينى گۈلىنىڭ چۈلىسىنى ئىچىش، ئارپىنىڭ تالقىنىنى مۇز سۇيىگە چىلاپ، بىرئاز شېكەر قوشۇپ ئىچىش، تەرخەمەك، ئەينۇلا، شاپتۇل، تاۋۇزلارنى يېيىشمۇ كېسەللىك ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاشقازاندىكى ھارارەت ۋە ئاچلىقنىڭ كۆپ بولماسلىقى ئۈچۈن تاڭ ئېتىشى بىلەن بىر نەرسە يېيىش لازىم.

سېسىق بەلغەمنىڭ ئاشقازانغا يېغىۋېلىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

تۇزلۇق بېلىقنى يېگەندىن كېيىن تۇرۇپ، لويلا ماش، سېرىقچېچەكلەرنىڭ قايىنتىل-

مىسىنى ئىچىپ، ئارقىدىن قەي قىلىش، ئايارەج پەيقىرا، ھەببى ئايارەج پەيقىرا، سەبرىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىش لازىم.

سەبرە چىلانغان سۇنى شەربىتى ئەپسەنتىن بىلەن ئىچىسىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاشقازاننى تازىلىغاندىن كېيىن يۇمشىتىلغان زەنجىۋىلنى يېيىش، داۋامىلىق ئىترىفىل سەغرى، گۇلقەنت ھەسىلى، سىركەنجىۋىل ھەسەللىرىنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە ئاشقازاننى قۇرۇتقۇچى تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىش. مەسىلەن: كاۋاب، دورا ـ دەرمان كۆپ سېلىنغان قورۇما ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار تاماقلارنى يېيىش لازىم.

باشتىكى بۇزۇق ۋە سېسىق ھۆللۈك تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مېڭىنى، ئېغىزنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەجلەرنى يېيىش لازىم. باش تەرەپتىن چىشنىڭ تۈۋلىرىگە قويۇلىدىغان ماددىنى توسۇش، چىشنىڭ تۈۋلىرىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئاس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە گۇلنار سېلىپ قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

ئەگەر شۇ سىركىگە ئۇزۇمنىڭ شىرنىسى قوشۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئاندىن ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چىشنىڭ ئارىلىرىدىكى گۆشلەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن پىلپىل، قەلەمپۇر، خولىنجان، ئاقىرقەرھا ھەر بىرى سەككىز پۇڭدىن، قىزىلگۈل، سەندەل، سېرىق ھېلىلە ھەربىرى ئالتە گرامدىن، تاباشىر بىر گرام، ئىپار، كاپۇر ھەربىرى بىر 0.3 گرامدىن مەزكۇر دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، بېھى سۈيى ۋە گۇلابلار بىلەن خېمىر قىلىپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كومىلاچ قىلىپ ئېغىزدا تۇتۇش لازىم.

چىشنىڭ ئارىسىدىكى گۆشلەردە مىزاج ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ھېلىلە قاينىتىلمىسىنى بېرىش، ئاس يوپۇرمىقى بىلەن گۇلنار سېلىپ قاينىتىلغان سىركىدە ئېغىزنى چايقاش لازىم.

ئەگەر چىشنىڭ تۈۋلىرىگە يىرىڭلىق چاقا پەيدا بولغان سەۋەبتىن ياكى ئۇنىڭغا ناچار ھۆللۈك قويۇلغان سەۋەبتىن چىشنىڭ تۈۋلىرىدە سېسىقلىق ئورنىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالەتتە ئاكىلە (گۆشخور چاقا) نىڭ دورىلىرىنى قوللىنىش لازىم.

سەۋەبنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقىغا قارىتا مۇۋاپىق دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. مەسىلەن: كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۈچلۈك بولۇپ، ھۆللۈك ۋە يىرىڭ كۆپ بولسا، ئۇ ھالەتتە يۇقىرىدا ئاكىلە كېسەللىكىدە ئېيتىلغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. سەۋەبى ئادەتتىكىدەك بولسا، ئۇ ھالەتتە موزا، تاباشىر، قىزىلگۈل، ئاقاقىيالارنى ئېزىپ سېپىش لازىم.

سەۋەبى ئاجىز بولسا، كۆك ماشنىڭ ئۇنى، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلارنى سەپسەمۇ بولىدۇ. ئەمما ئالدى بىلەن سىركىدە ئاغزىنى چايقاپ، ئاندىن يۇقىرىقى سېپىلىدىغان دورىلارنى ئىستېمال قىلىش كېرەك.

چىشنىڭ ئۆزىگە ناچار ھۆللۈكلەر ئۆتۈش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئەگەر سېسىش چىشنىڭ ئۆزىگە ئۆتكەن بولۇپ، چىش پۈتۈنلەي سېسىغان ياكى كۆپرەكى سېسىغان بولسا، ئۇ ھالەتتە شۇ چىشلارنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىش كېرەك.

ئەگەر سېسىش بولسا، شۇ بۇزۇلغان يەرلىرىنى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن قىرىش لازىم. ئاندىن ماددىلارنى يۇمشىتىش ۋە چىشنى تازىلاش ۋە پارقىرىتىش ئۈچۈن بۇ كېسەللىك يوقالغىچە كۆپۈكى دەريا، تاشتۇز، سەدەپ كۈلى قاتارلىقلارنى چىشقا سۈرۈش لازىم.

ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاس، موزا، سەئد كوفى، مەستىكى، قىزىلگۈل، رامەكلەردىن تەييارلانغان سۇنۇن (چىش تالقىنى) بىلەن چىشلىرىنى يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك (رامەك بىر خىل توقچاق دورا بولۇپ، موزا، ئانار پوستى، قارا زاك، سەمغى ئەرەبى، كېپىكى دەريالاردىن تەييارلىنىدۇ).

سىل كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا پەيدا بولغىنىنى داۋالاشتا سىلگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

## ئۇن يەتتىنچى پەسىل تامغاق ئىششىقى

## ورم الحنك

**سەۋەبى:**

ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن ۋە بىرئاز ھاررەتكە ئىگە ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغاندا تامغاق قىزىل بولىدۇ ۋە ئاغرىيدۇ. ھۆللۈكتىن بولغىنىدا ئىششىق يۇمشاق ۋە ئاق بولىدۇ. ئاغرىق بولمايدۇ.

**داۋالاش:**

قاندىن بولغىنىنى داۋالاشتا ھېلىلە ۋە شاھتەررە قاينىتىلمىسى ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش چوڭ تەرەتنى ماڭدۇرۇش لازىم.

كېسەللىك ماددىسىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن باشلىنىش ۋاقتىدا ئاس يوپۇرمىقى، قىزىل-

گۈل، گۈلنار، ئىنتئۈزۈمىنىڭ يىلتىزى قاتارلىقلارنى سېلىپ قاينىتىلغان سىركىدە ئاغزى-نى چايقاش ۋە تاباشىر، قىزىلگۈل، سېمىزئوت ئۇرۇقى، نشاستە، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، كۆك ماش ئوتى، ئاز مىقداردىكى كاپۇرلارنى يۇمشاق سوقۇپ تامغاققا سېپىش لازىم.

ئاخىرىدا قالدۇق ماددىنى تارقىتىش ئۈچۈن بابۇنە، بىنەپشە، تۇخۇمى مور، پۇنۇس، خىيارشەنبەرلەرنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

ھۆللۈكتىن بولغىنىنى داۋالاشتا، ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج بېرىش لازىم. ئاندىن ئەزانى قۇرۇتۇش، قۇۋۋەتلەش، ماددىنى پارچىلاش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن يۇلغۇن مېۋىسى، ئاقىرقەرھالارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاچچىقسۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلىپ ئېغىزنى چايقاش لازىم.

# يەتتىنچى باب كالپۇك كېسەللىكلىرى
## امراض لب

كالپۇك ـ پەي، گۆش، سېرىقئەت، ھەرىكەتلىك تومۇر، ھەرىكەتسىز تومۇرلاردىن تەركىب تاپقان. ئېغىزنى يېپىش، چاينالغان نەرسىنى ساقلاش، شۆلگەي (شال) نى توختىتىش، سۆزلەشكە ياردەم بېرىش، چىراينى گۈزەل كۆرسىتىش فونكسىيىگە ئىگە.

بۇ بابتا كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش، كالپۇك يېرىلىش، سويۇلۇش ۋە قۇرۇش، كالپۇك لىككىلداش، كالپۇك قۇرۇلۇپ قېلىش، كالپۇك بوۋاسىر، كالپۇك ئىششىقى، كالپۇكقا مۇدۇرچاق چىقىش، كالپۇك يىرىڭلىق چاقىسى، كالپۇك مىزاجىنىڭ خىلتىسىز بۇزۇلۇشى، كالپۇك گۆشخور چاقىسى قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

## بىرىنچى پەسىل كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش
### بياض الشفة

**سەۋەبى:**

قان خىلتىنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشى، خام بەلغەم خۇسۇسىيەتلىك ھۆللۈكنىڭ ۋە باش، يۈز ئەزالىرىدىكى ھارارەتنىڭ كېمەيگەنلىكىدىندۇر.

**داۋالاش:**

بەلغەمنى سۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، بولۇپمۇ كۆكتاتلاردىن ياسالغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر. يېغى يوق، مايسىز شىلىمشىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بولۇپمۇ ئاقلىق كالپۇكنىڭ تېرىسى سويۇلۇش بىلەن بىللە بولسا، يەنە تەبىئىي ھارارەتنى ئاشۇرۇش، بەلغەم خۇسۇسىيەتلىك خىلتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن سۇمبۇل رۇمى يېغى، گۈلخەيرى يېغى، يەسمەن يېغى، زەپەر يېغى قاتارلىقلارنى بۇرنىغا تېمىتىش لازىم.

## ئىككىنچى پەسىل  كالپۇك يېرىلىش، سويۇلۇش ۋە قۇرۇش
## تشقق وتقشر وجفاف لب

**سەۋەبى:**

تىل يېرىلىش ۋە قۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ يۇقىرىدا تىل يېرىلىش ۋە قۇرۇش كېسەللىكلىرى بايانلىرىدا ئېيتىلدى.

**داۋالاش:**

كالپۇك تېرىسى سويۇلغاننىڭ ئەڭ ياخشىراق چارىسى بېھى ئۇرۇقى، لەيلىقازاق، زىغىر لارنىڭ شىرىنىسىنى چىقىرىپ كالپۇكقا سۈركەش؛ ئۆردەك ياكى مېكىياننىڭ يېغى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتى (موم يېغى) نى چېپىشتۇر.

ماددىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن بىنەپشە يېغىنى كىندىك ۋە مەقئەت-لىرىگە سۈركەش لازىم. بىنەپشە يېغى بۇ جەھەتتە ھەممىدىن ياخشى پايدا قىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا موزا، سېپىداپ، نىشاستە، كەتىرالار-نى يۇمشاق ئېزىپ، توخۇ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، كالپۇكقا قويۇش، يېرىلغان ۋە سويۇلغان جايغا ئىسسىق ھاۋا تەسىر قىلىشتىن ساقلاش لازىم.

ھەرقانداق بىر چاپىدىغان دورىنى كالپۇكقا چاپقاندا ۋە قويغاندا توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىچكى پەردىسىنى چاپقان دورىنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇش كېرەك. سامساق، پىياز، تۇز ۋە كىسەك، ئات، ئۆچكە گۆشلىرىدەك سەپرانى قوزغىغۇچى نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم.

## ئۈچىنچى پەسىل  كالپۇك لىكىلداش
## اختلاج الشفة

**سەۋەبى:**

كالپۇك لىكىلداش كېسەللىكى كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. بۇ خىل ئەھۋال ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. غىدىقلىغۇچى بىرەر يات ماددا ئاشقازان تەرەپكە قويۇلغاندا، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن ئاشقازان بەزىدە يىغىلىدۇ، بەزىدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن كېڭىيىدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىش، ھېق تۇتۇشلار

بىلەن كالپۇك لېپىلداپ تارتىش بولىدۇ. بۇ خىلدىكى كالپۇك تارتىشىش قوسۇشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

2. مېڭىگە بىرەر غىدىقلىغۇچى ماددا تەسىر قىلىپ، مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەن كالپۇكتا تارتىشىش پەيدا بولىدۇ. بۇ خىلدىكىسى لەقۋا (يۈز پالىچى)، سەرئى كېسەللىكلىرىنىڭ باشلىنىش تەرەپلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

3. كالپۇكتىكى ئىنچىكە تومۇرلار قانغا تولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر سوۋۇتقۇچى قۇۋۋەت پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاجرالغان قان مەنبەلىك بۇخاراتنى يەلگە ئايلاندۇرىدۇ. يەنە كالپۇك تېرىسىنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلىرىنى زىچلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە يەللەر تارقىلالماي قالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن تارتىشىش پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى تۈرلىرىدە ئاۋۋال ئاشقازاننى، مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن باش كېسەللىكلىرىدىن ئەزالارنىڭ لىكىلدىشى «ئىختىلاجى مۇتلەق»تە سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى قوللىنىش؛ ئۇششاق تۆشۈكلەرنى ئاچقۇچى دورىلارنى كالپۇكقا سۈركەش، بۇغداي كېپىكى ۋە تۇزنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش؛ جويۇزنى بابۇنە يېغىدا يۇمشاق ئېزىپ چېپىش؛ ئۇندىن كېيىن مۇناسىپ كۆمىلاچلار، ئايارەجلەر، ھەببى قوقىيا، ھەببى شەبيارلارنى بېرىپ ماددىنى چىقىرىش، ئاندىن رۇم بەديان، بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى (بىخ سۇس)، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا ياپرىقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلقەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈش، كېچىدە تاماق يېمەسلىك، سۇنى ئاز ئىچىش، بەدەن تېرىسىدىكى ئۇششاق تۆشۈكچىلەرنى ئېچىشقا تىرىشىش لازىم.

## تۆتىنچى پەسىل كالپۇك قورۇلۇپ قېلىش

## تقلص شفتين

**سەۋەبى:**

ئىككى كالپۇكنىڭ قۇرۇلۇپ قېلىشى كېسەللىكى سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۈچ خىل بولىدۇ:

1. تۇغما بولۇپ، كىچىك باللاردا بىرەر ماددا كەم بولۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇ خىلدىكىسى كىچىكلىكتە باللىنىڭ ئۆسۈپ چوڭىيىش جەريانلىرىدا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

2. ئىچىدىكى ھۆللۈك ماددىسى چىقىپ كەتكەن سەۋەبتىن بولىدۇ. بۇ چارىسىزدۇر.

3. كالپۇك ماددىغا تولغان سەۋەبتىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

كېسەللىك پەيدا قىلغان غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى قائىدىسى بويىچە بەدەندىن چىقىرىپ تاشلاش، ئۇندىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن كالپۇكنى ياغلاش لازىم.

## بەشىنچى پەسىل    كالپۇك بوۋاسىرى

### بواسير لب

**تونۇش:**

كالپۇك بوۋاسىرى كېسەللىكى ئالامىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ:

1. تۆۋەنكى كالپۇكتا كىچىك ئۈزۈم دانىسى چوڭلۇقىدىكى رەڭگى بۆزۈق بىر قاتتىقلىق پەيدا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىدۇ. بۇ خىلدىكىسىدە كېسەللەنگەن كالپۇك تاشقى تەرەپكە ئۆرۈلگەن ھالەتتە بولىدۇ.

2. تۆۋەنكى كالپۇكتا شاتۇتقا ئوخشاش قارا ئۈجمە گۆش پەيدا بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ.

**سەۋەبى:**

كۆيگەن قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈر تەسىرى كالپۇكقا يىغىلىشتىن بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىپ غەيرى تەبىئىي خىلتىنى تازىلاش لازىم. غەيرىي تەبىئىي خىلت تازىلىغاندىن كېيىن بوۋاسىرنىڭ رەڭگى قارىمۇ ياكى قىزىلمۇ بۇنىڭغا قارىلىدۇ

ئەگەر رەڭگى قارا بولسا، كالپۇكنىڭ ئۈزىنىمۇ ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن نەشتەر ئارقىلىق كالپۇكنى تىلىش، تىلغاندىن كېيىن قاننى توختىتىشقا سىركە سۈركەش لازىم.

بوۋاسىرنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، نەشتەر ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، تۆمۈر ئەسۋاب ئىشلىتىشكە ھەرگىز ئۇرۇنماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ كېسەللىك ماددىسى قان بولۇپ، ھەرىكەتلىك تومۇرلار ئەتراپىدىن قوزغالغان بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەرىكەتلىك تومۇرلار تولغان ۋە كۆپكەن ھالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈر ئەسۋاب ئىشلەتكەندە ھەرىكەتلىك تومۇرلار كېسىلىپ كېتىپ، قان توختىتىش قىيىنلىشىپ قېلىش خەۋپى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى كالپۇك بوۋاسىرىدا بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن، كۆك ماش، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى (خىتمى) ھەر بىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇدا ئوبدان پىشۇرۇپ، مەزكۇر پىشۇرۇلغان دورىلارنى توخۇم سېرىقى ۋە توخۇ يېغى بىلەن ئېزىپ خېمىرغا ئوخشاش قىلىپ كالپۇكقا تېڭىش ياكى مەدەستان، سەپىداپ، زەمچە

ھەربىرىدىن باراۋەر مىقداردا، زەپەر يېرىم ھەسسە، ئاق موم، بادام يېغى ھەربىرى مۇۋاپىق مىقداردا دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، مومنى بادام يېغىدا ئېرىتىپ، ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ مەلھەم قىلىپ كالپۇكقا چېپىش لازىم.

بوۋاسىر سوزۇلما بولۇپ، يۇقىرىقى دورىلار بىلەن ساقايمىسا، ئۇنداقتا كالپۇكنى ئۇزۇنسىغا تىلىپ، ئېلىۋېتىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىپ، ئاندىن تىكىش لازىم.

تىكىشتە تاشقى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالمىغۇدەك تىكىپ، قىزىلگۈل، زەپەر، خۇنسىياۋ-شانغا ئوخشاش قان توختاتقۇچى دورىلارنى سېپىپ، ئاندىن جاراھەتنى يۇتتۇرگۇچى مەلھەم-لەر بىلەن داۋالاش لازىم.

## ئالتىنچى پەسىل كالپۇك ئىششىقى
## آماس لب

**سەۋەبى:**

ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆيگەنلىكىدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

كالپۇك ئاغرىيدۇ، سۆزلەش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، تاماق يېگەندە ئاغرىش ئەھۋالى بولىدۇ، كېسەل پەيدا قىلغۇچى كۆيگەن خىلتقا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتقا قارىتا سۇرگۇ بېرىپ، بەدەننى تازىلاش لازىم. بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن رۇسوت، بابۇنە، ئارپا ئۇنى، گۇلاب، ئىتئۈزۈمنىڭ ئۇسارىسىغا ئوخشاش خىلتنى تارقىتىپ، ئەزانى قورۇغۇچى دورىلارنى تېڭىش.

ئاخىرىدا بادام يېغى، ئاق موم بىلەن تەييارلانغان مەلھەمنى چېپىش، قىزىق سۇ بىلەن ئوبدان يۇيۇش لازىم. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كالپۇك ئىششىقىدا سىرىقچېچەك، بابۇنە، ئىكلىلمىلىكلەرگە ئوخشاش تارقاتقۇچى دورىلارنى چېپىش لازىم.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان كالپۇك ئىششىقىدا يۇقىرىدا كالپۇك بوۋسى-رىدا ئىشلىتىلگەن دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. تارقاتقۇچى ئىسسىق دورىلارنى پەقەت ئىشلەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى بۇ ئىششىق بۇ خىلدىكى دورىلار بىلەن تارقىمايدۇ. لېكىن ئىششىقنىڭ زورايماسلىقى ئۈچۈن سوغۇق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي بولمايدۇ. يەنە بۇ كېسەل-لىكتە تامىقىنى كېمەيتىش، كەچلىك تاماقنى يېمەسلىك لازىم.

## يەتتىنچى پەسىل  كالپۇكقا مۇدۇرچاق چىقىش

### بثورلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى غەيرىي تەبىئىي قان ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

مەتبۇخى ھېلىلە ياكى ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى ئارقىلىق ئىچىنى يۇمشىتىش لازىم.

كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى غەيرى تەبىئىي خىلتىنى بەدەندىن تازىلاش، ئىششىق قايتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش مەقسىتىدە كالپۇك بوۋاسىر (غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان) كېسەللىكىدە ئىشلىتىلگەن مۇھىم زىمادلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

## سەككىزىنچى پەسىل  كالپۇك يېرىلىق چاقىسى

### قروح لب

**سەۋەبى:**

كالپۇك قاتارلىق ئەزالاردىكى ھەر خىل سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان چاقىلار ۋە مۇدۇرلارنىڭ ئاستا - ئاستا يېرىگە ئايلانغانلىقىدىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

سەپداپ مەلھىمى چېپىش، يەنە مەدەستان، موزا ھەر ئىككىسىنى سوقۇپ، ئاق موم، ئۆرۈك مېغىزى يېغى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قىرۇتىغا قوشۇپ چېپىش لازىم.

## توققۇزىنچى پەسىل  كالپۇك مىزاجىنىڭ خىلتسىز بۇزۇلۇشى

### سوء مزاج ساذج لب

**ئالامىتى:**

كالپۇكنىڭ مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا، كالپۇكلار كۆيۈشىدۇ، سوغۇق ھاۋا ۋە سوغۇق سۇ تەگسە خۇش ياقىدۇ.

ئەگەر مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇزۇلغان بولسا، سوغۇق ھاۋادا، ئەتىگەننىڭ سوغۇقىدا كالپۇكلار كۆكىرىدۇ، سىيرىمى يوقىلىدۇ.

مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى قۇرۇق بولسا، كالپۇكلارنىڭ تېرىلىرى داۋاملىق تارتىشىپ ئېگىز - پەس بولۇپ، نېپىز تېرىلەر سويۇلۇپ قالىدۇ.

مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى ھۆل بولسا، كالپۇكلار دائىم ساڭگىلاقلىق تۇرىدۇ، كۆكىرىپ كېتىدۇ، بۇ خىلدىكىسى كالپۇكنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ - دە، كالپۇك سۆزلەشكە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

داۋالاش:

كالپۇكنىڭ مىزاجى ئىسسىققا ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇ ھالەتتە زىغىر پاخلىدىن توقۇلغان رەختنىڭ پارچىسىنى ئوسۇك سۈيى، سىمىزئوت سۈيى ياكى ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ياكى كاسىنە سۈيى، گۈلاب بىلەن ھۆل قىلىپ، مۇزدا قويۇپ سوۋۇتۇپ كالپۇكقا قويۇش، ئىسپىغۇلنى گۈلابتا نەملەپ، مۇزدا سوۋۇتۇپ چېپىش، ئاق سەندەل، گۈلاب، كاپۇرلار بىلەن كالپۇكنى ھۆللەپ تۇرۇش لازىم.

كالپۇكنىڭ مىزاجى سوغۇقتىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئېزىلگەن ئىپارنى يىلان يېغى بىلەن ئېزىلگەن ئاقىرقەرھانى يەسمەن يېغى بىلەن، قۇندۇز قەھرىنى نەرگىس يېغى ياكى سەۋسەن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىش لازىم.

كالپۇكنىڭ مىزاجى قۇرۇقتىن ئۆزگەرگەن بولسا، بۇنىڭدا ئارپا ئېشى ۋە بادام ياغلىرىنى ئىچكۈزۈش ۋە شۇنىڭدەك ئىسپىغۇل شىرنىسىنى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈش، كالپۇكنى بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قاپاق مېغىزىنىڭ يېغى بىلەن داۋاملىق ياغلاپ تۇرۇش ۋە مەزكۇر ياغلار بىلەن تەييارلانغان قىرۇتنى كالپۇكقا چېپىش لازىم.

يەنە كالپۇك يېرىقى ئۈچۈن ئىشلەتكەن چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

كالپۇكنىڭ مىزاجى ھۆللۈكتىن ئۆزگەرگەن بولسا يۇز نېرۋا پالىچىدا ئىشلىتىلگەن دورىلار ۋە قوللىنىلغان چارە - تەدبىرلەر قوللىنىش لازىم. مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى ماددىسىز بولسىمۇ، بەدەننى تازىلاشقا تىرىشىش لازىم.

## ئوننچى پەسىل كالپۇك گۆشخور چاقىسى

داۋالاش:

كالپۇك گۆشخور چاقىسىنى داۋالاش ئېغىزدىكى گۆشخور چاقىنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالىنىدۇ. شۇ پەسىلگە قارالسۇن.

# سەككىزىنچى باب چىش ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى

## امراض اسنان ولثه

بۇ بابتا چىش ئاغرىقى، چىش قاماپ قېلىش، چىش سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش، چىش ئۈۋۈلۈپ كېتىش، چىش ساغىرىپ قېلىش، چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش، چىش بوشاپ كېتىش، كىچىك باللارغا ئاسان چىش چىقىرىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى، چىشنىڭ بەك چوڭ ۋە ئۇزۇن ئۆسۈشى، چىش قىچىشىش، ئۇيقۇلۇقتا چىشنى غوچۇرلىتىش، چىش مىلىكى ياللۇغى، چىش مىلىكى قاناش، چىش مىلىكى يىرىڭلىق ئاقمىسى، چىش مىلىكى قاناش، چىش مىلىكى يىرىڭلىق ئاقمىسى قاتارلىقلارنى بايان قىلىمىز.

## بىرىنچى پەسىل چىش ئاغرىقى

### وجع الاسنان

چىش ئاغرىقى كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ تۆۋەندىكىدەك توققۇز خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**1. ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:**

*علاج وجع الاسنان حار ساذج*

ئىككى ئېڭەك قىزىق بولىدۇ. ئاغزىغا سوغۇق سۇ ئالسا، خۇش يېقىپ ئارام ئالىدۇ، چىشنىڭ تۈۋلىرى ئىششىقسىز قىزىرىدۇ.

ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

سىركە ۋە گۈلابنى ئېغىزغا ئېلىپ تۇتۇش، ئاغرىقى بەك قاتتىق بولسا، يۇقىرىقىلارغا ئازراق كاپۇر قوشۇپ ئېغىزغا ئېلىش لازىم.

گۈل يېغىنى ئېغىزدا تۇتسىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاغرىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولسا، شۇ ياغدا ئازراق ئەپيۇننى ئېرىتىپ ئېغىزدا تۇتسا، ئارام بېرىدۇ.

يەنە سىركە بىلەن تۇزنى بىرلەشتۈرۈپ ئېغىزدا تۇتسا ياكى ئىسپىغۇلنى سىركە بىلەن

قوشۇپ چىشقا قويسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

### 2. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الاسنان دموی

چىشنىڭ تۈۋى قىزىرىدۇ، ئىششىيدۇ، ئېغىرلىشىپ بوش ئاغرىيدۇ. ئاغرىقنىڭ سەۋەبى چىشنىڭ ئۆزىدە بولسا، چىشنىڭ ئۆزىدە ئاغرىق سېزىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىقنىڭ سەۋەبى نېرۋىلاردا بولسا، چىشنىڭ ئاستى چوڭقۇرلۇقىدا ئاغرىق سېزىلىدۇ.

قان خىلتىدە بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئېڭەككە قانلىق لوڭقا قويۇش ياكى زۇلۇك قۇرتىنى قويۇش، مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىچىنى يۇمشىتىش، ئاغرىقنى توختىتىش ئۈچۈن يۇقىرىدا ماددىسىز چىش ئاغرىقىدا ئېيتىلغان چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

چىش ئاغرىقىنىڭ باشلىنىشىدا ھەممىدىن ياخشىراقى ئىتئۈزۈمنىڭ سۈيى، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ سۈيى قاتارلىقلارنى ئېغىزدا تۇتۇش، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الاسنان صفراوی

ئاغرىق يەڭگىل بولىدۇ، لوقۇلدايدۇ، چىشنىڭ تۈۋى سېرىق بولىدۇ ۋە سەپرانىڭ باشقا خاس ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

سەپرا خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

سەپرا ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن ھېلىلە ۋە تەمرى ھىندى قاينىتىلمىسىنى ئىچىش؛ ئاغرىقنى پەسەيتىش، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى خىل چىش ئاغرىقلىرىدا ئېيتىلغان چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

### 4. ماددىسىز سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الاسنان بارد ساذج

سوغۇق سۇ ئىچكەندىن كېيىن ياكى سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ ياكى ئاغرىق زىيادە بولىدۇ، ئاغزىغا قىزىق سۇ ئالسا، ئاغرىق پەسىيىدۇ.

ماددىسىز سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

تۆۋەندىكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىدا ئېيتىلىدىغان

ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىش، مەسىلەن: بەدەننى تازىلاش، باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئېغىزنى چايقاش، چىشنى داغلاش قاتارلىق ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

يەنە قارىمۇچنى يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ چىشنىڭ تۈۋىگە سۈركەش، تامىقىغا سامساق ۋە باشقا ئىسسىق دورىلارغا زەپەر قوشۇپ بېرىش لازىم.

### 5. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الاسنان بلغمي

سوغۇق نەرسە تەگسە ئاغرىق كۈچىيىپ كېتىدۇ، قىزىق نەرسە تەگسە خۇش ياقىدۇ، ئاغرىقى پەسىيىدۇ. بۇنىڭدا لوقۇلداپ ئاغرىش بولمايدۇ، ئىسسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچبىرى كۆرۈلمەيدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

بەلغەمنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج، ھەببى سەبرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرگۈچى دورىلارنى يېيىش لازىم. يەنە تۆۋەندىكى دورىلارنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

تۇربۇت يەتتە گرام، سۆرۈنجان، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرى ئالتە گرامدىن، قىزىلگۈل، بىنەپشە، ئەفتىمۇن، تاشتۇز، رۇم بەدىيان، قورۇلغان سوقمۇنىيا، بوزىدان، مۇقەل، غارىقۇن، سەكبىنەج ھەر بىرى ئىككى گرامدىن دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن خېمىر قىلىپ نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ قىلىپ 5 ~ 3 دانىغىچە، ئەتىگەن ـ كەچتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئاقىرقەرھا، قارىمۇچ، ھىڭ، زورۇمبات، لاھۇر تۇزى قاتارلىقلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل بىلەن خېمىر قىلىپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەپ ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ بىر دانىنى تىل ئاستىغا سېلىپ قويۇلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، ھىڭ، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، مىئەسائىلە، ئەپيۇن ھەر بىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل بىلەن خېمىر قىلىپ، مۇۋاپىق ھالدا چىشنىڭ تۈۋىگە قويۇلىدۇ.

بۇ چارىلەر بىلەن چىش ئاغرىقى توختىسا بەك ياخشى، ئەگەر توختىمىسا چىشنى داغلاش ياكى چىشنى پارچىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

داغلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىسى، ئالتۇندىن ياكى تۆمۈردىن بىر دانە چوكا ياسىلىدۇ. ئاندىن شۇ ئاغرىق چىشقا ۋارونكا شەكلىدە بىر نەيچىنى كەيدۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن مەزكۇر چوكىنى ئوتتا قىپقىزىل قىزىتىپ، شۇ نەيچە ئارقىلىق چىشقا يەتكۈزۈپ بىرقانچە مىنۇت قويۇلىدۇ، ئوبدان داغلاش ئۈچۈن تەكرار شۇنداق قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىل داغلاش ئۇسۇلى، شۇ ئاغرىق چىشنىڭ ئەتراپى خېمىر بىلەن ئورىلە-

دۇ. بۇنى ئوراشتا چىشنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ياغ چىشنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ كەتمەستىن ئۈستىدە تۇرغۇدەك ئويماق شەكلىدە ئوراپ، ئاندىن زەيتۇن يېغىنى قىزىتىپ قاينىتىپ، كىچىك قوشۇق ئارقىلىق شۇ چىشقا ئورالغان خېمىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا خېمىرنىڭ ئويمىنى تولغىچە قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق دەرھال توختايدۇ.

چىشنى چىرىتىپ پارچىلاش ئۇسۇلى: مىسنى تاۋلاپ سوققان چاغدا ئاجراپ چۈشكەن كېپەكلىرىنى يۇمشاق ئېزىپ، ئەنجۇر دەرىخىنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئارراق پاختىنى شۇنىڭغا تەگكۈزۈپ، ئاغرىق چىشقا قويۇلىدۇ ياكى زەنجىۋىلنى 40 كۈنگىچە سىركىگە چىلاپ، ئاندىن ئېزىپ، چىشنىڭ ئۈستىگە قويۇلسا، چىش چىرىپ پارچىلىنىدۇ.

ئاغرىق چىشنى چىرىتكۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بۇرۇن ساق چىشلارنى ياغ بىلەن ياغلاپ قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ چىشنى چىرىتكۈچى دورا ساق چىشلارغا تەسىر قىلالمايدۇ.

### 6. ئاشقازان مەنبەلىك چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الاسنان معدى

ئاشقازاننىڭ تەسىرى بىلەن بولغان چىش ئاغرىقى بولۇپ، ئاشقازان قويۇق، ئۆتكۈر ياكى ناچار ماددىلار بىلەن تولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ زىيانلىق تەسىرى چىشقا يېتىشتىن چىش ئاغرىيدۇ. قورساق تويغان ياكى تاماق ياخشى ھەزىم بولمىغان چاغلاردا ياكى كېچىدە تاماق يېگەن ھاللاردا چىش ئاغرىيدۇ ياكى ئەسلىدىكى ئاغرىق كۈچىيىپ كېتىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

ئاۋۋال زىيانلىق ماددىلارنى ئاشقازاندىن تازىلاش ئۈچۈن مۇناسىپ كۈمىلاچ ۋە ئايارەجىلەرنى بېرىش، تاماقنى ئازايتىش كېرەك.

بۇ خىلدىكى چىش ئاغرىقىدا قەي قىلىشتىن بەكمۇ ساقلىنىش لازىم. تاماقلىرىغا يۇمغاقسۈت سېلىش، سۈت ۋە مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

بەزى چاغلاردا قەي قىلىشقا توغرا كەلسە، ئارراق ئەپيۇننى چىشقا قويۇپ ئاندىن قەي قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا قەي بىلەن كۆتۈرۈلگەن بۇخارات چىشقا تەسىر قىلمايدۇ.

### 7. چىش كۆتىكىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الاسنان تاكلى

چىش كۆتىكىگە ناچار ماددا چاپلىشىۋېلىپ چىشنى بۇزۇپ قويىدۇ. چىش بۇزۇلغاچقا سۇنۇش، ئۇۋۇلۇپ كېتىش ئەھۋالىرى يۈز بېرىدۇ. چىش مىدىرلاش ياكى تاشقى تەرەپتىن چىشنىڭ يىلتىزىغا بىر نەرسە چاپلىشىش ئەھۋاللىرى بولمايدۇ.

كۆتىكىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

ئاغرىقنى پەسەيتىش، چىشنىڭ چاك كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئاقىرقەرھا، ئەپيۇن، كۇندۇرلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئايال كىشىنىڭ ياكى كالىنىڭ سۈتى بىلەن خېمىر قىلىپ چىشقا قويۇش لازىم. بۇ چارە مەنپەئەت قىلمىسا، بەلغەمدىن بولغان چىش ئاغرىقىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل بويىچە داغلاش لازىم.

**8. قويۇق يەللەردىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:**

علاج وجع الاسنان ريحى

باش تەرەپتىن قويۇق يەللەر تارتىلىپ چىشنىڭ كۆتەكلىرى ۋە چىشنى ئوراپ تۇرغان پەيلەر تەرەپكە چۈشىدۇ. تارتىشىپ ئاغرىيدۇ، ئاغرىق بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

قويۇق يەللەردىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

مەزكۇر يەلنى پەيدا قىلىدىغان ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى بىنەپشە، ھەببى ئايارەجلەرنى يېيىش، مەزكۇر يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن ئارپىبەدىيان، رۇم بەدىيان، زىرە ھەر بىرىدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ، سۈيىنى قىزىق ھالدا ئېغىزدا تۇتۇش، چىشنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن قارىمۇچ، بۆرە سويمىسى يىلتىز پوستى، سىرىقچېچەكلەرنى يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، چىشقا سۇركەش لازىم.

سوغۇق سۇ، يەل قوزغايدىغان، بەلغەمنى كۆپەيتىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش، يەلنى يوقاتقۇچى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم.

**9. چىشقا قۇرت چۈشۈشتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاش:**

علاج وجع الاسنان دودى

چىشقا قۇرت پەيدا بولغان سەۋەبتىن چىشنى ئاغرىتىدۇ. چىشلاردا قۇرتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئارىسى كاۋاكلاشقان، تۆشۈك بولغان چىشنىڭ ئىچىگە ھۆللۈك چۈشۈپ سېسىپ قۇرتقا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر چىشقا قۇرت چۈشۈشتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى داۋالاشتا:

كۇدە ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، پىياز ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مومغا ياكى ئۆچكە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئوتنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈپ، تۈتۈننى نەيچە ئارقىلىق قۇرت يېگەن چىشلارغا يەتكۈزۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قۇرتلار چۈشۈپ كېتىدۇ.

# ئىككىنچى پەسىل چىش قاماپ قېلىش

## ضرس

**سەۋەبى:**

چىش قاماپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىچكى سەۋەب ۋە تاشقى سەۋەب دەپ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ.

1. تاشقى سەۋەب:

قابىز (قورۇغۇچى)، قېرىق، بەك ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىنى چاينىغان ياكى يېگەن چاغدا ئۇ نەرسە چىشتا ئۇزۇن تۇرۇپ، شۇ نەرسىنىڭ سۈيۈق ۋە لەتىپ قىسىملىرى چىشنىڭ جىسمىغا ئۆتۈپ، چىشنى يىرىكلەشتۈرگۈچى سۈيۇقلۇقنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىش قامايدۇ. لېكىن بەزى سۈيۈق، لەتىپ نەرسىلەر چىشتا ئۇزۇن تۇرمىغاچقا، چىشنى قاماتمايدۇ. مەسىلەن: سىركە ئاچچىق، قېرىق، قابىز بولسىمۇ، چىشتا ئۇزۇن تۇرمايدۇ. شۇڭا چىشنى قاماتمايدۇ.

2. ئىچكى سەۋەب:

ھەرخىل ئىچكى سەۋەبلەردىن ئۆتكۈر ئاچچىق خىلىت ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا يىغىلىپ، ئاندىن قەي بىلەن چىقىپ، ئۇنىڭ بۇخاراتى ئۆرلەپ چىشنى قاماشتۇرىدۇ.

**ئالامىتى:**

نېمە يېسە ئۇبدان چاينىيالماي قىينىلىدۇ. ئاچچىق كېكىرىك كېلىدۇ. ئاغزى ئاچچىق بولىدۇ. ئاچچىق قەي ۋە ئاغزىدىن سۇ كۆپ كېلىدۇ.

**داۋالاش:**

تاشقى سەۋەبتىن كېلىپ چىققان چىش قاماپ قىلىشنى داۋالاشتا:

كېسەلنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ئۇ ھالەتتە سېمىزئوتنىڭ يوپۇرمىقى ۋە غولى ياكى بادىرەج (تاغ رەيھانى) نى چايناش لازىم.

سېمىزئوتنىڭ يوپۇرمىقى ۋە غولى يوق بولسا، ئۇرۇقىنى چالا سوقۇپ، ھۆل قىلىپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئېشەكنىڭ سۈتى ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىلمان ھالدا ئاغزىنى چايقىسا ياكى قىزىق كاۋاپنى چىشقا قويسىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

مىزاجدا ئىسسىقلىق بولمىسا، ئۇنداقتا ياڭاق ياكى پىندۇق ياكى نارجىل مېغىزىنى ياكى ئاچچىق بادام مېغىزىنى قىزىتىپ چىشقا سۈركەش لازىم.

سېرىق مومنى ۋە پىستە يېلىمىنى چايناش ياكى سۆئتەر، تاغ رەيھىنى، ھەسەل، تۇزلارنى سۈركەش ياكى زەيتۇن يېغىنىڭ دۇغىنى مىس پىيالىدە ئوتتا ياكى ئاپتاپتا قويۇپ

قىزىتىپ قويالغاندا چىشقا سۈركەش لازىم.

ئىچكى سەۋەبتىن كېلىپ چىققان چىش قاماپ قېلىشنى داۋالاشتا:

كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا ماددىنى تازىلاشقا تىرىشىش لازىم. كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولغانلىقى ئۈچۈن قەي ئارقىلىق تازىلاشنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرى ماددىنى تازىلىغاندىن كېيىن تاشقى سەۋەبتىن كېلىپ چىققان چىش قاماپ قېلىشنى داۋالاشتا سۆزلەتكەن ئېيتىلغان دورىلارنى ئەھۋالغا قاراپ چايناش ۋە سۈركەش لازىم.

## ئۈچىنچى پەسىل   چىش سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش

## ذكائى حس اسنان

**سەۋەبى:**

بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى بولۇپ، بىرىنچىسى، چىشتا ئەزانى قوزغىتىدىغان قويۇق سۈيۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. بۇ خىلدىكىسى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال بەزىدە چىش ئاغرىقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچىسى، چىشتا ئارتۇق ھارارەت پەيدا بولۇپ، چىشنىڭ نورمال ھالىتىنى بۇزۇپ چىشنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىشتا ئازراق قاماش (يەل تارتىش) پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى خىلدا ئارتۇق سوغۇقلۇق چىشنىڭ قامىشىغا سەۋەب بولسا، ئىككىنچى خىلدا ئارتۇق ھارارەت (ئىسسىقلىق) چىش قاماشقا سەۋەب بولىدۇ.

ھارارەت بىلەن چىش قۇرۇپ روھنىڭ ماڭىدىغان يوللىرى بېكىلىپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكىسى كەم ئۇچرايدۇ.

**ئالامىتى:**

ئىسسىق ياكى سوغۇق يېمەك ـ ئىچمەكنى چىشقا تەگكۈزەلمەيدۇ. تەگسە ئاغرىيدۇ. نەرسىلەرنى چاينىيالمايدۇ. چىشقا ئارتۇق ھارارەت پەيدا بولغىنىنىڭ ئالامىتى شۇكى، چىشنى ۋە چىشنىڭ مىلىكلىرىنى تۇتسا قىزىق بىلىنىدۇ. چىشنىڭ تۈۋلىرىگە قىزىللىق پەيدا بولىدۇ. بەزىدە چىشنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بولۇپ قالىدۇ.

**داۋالاش:**

ئارتۇق سوغۇقلۇق تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ھەببۇلغار، زەمچە، ئۈزۈن زىراۋەندىلەرنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشنىڭ تۈۋىگە سۈركەش، قىزىق ناننى ۋە ئوتقا كۆمۈلگەن تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى قىزىق ھالدا چىشقا قويۇپ قىزىقلىقى كەتكىچە ئاغزىدا تۇتۇش كېرەك. شۇ ئۇسۇل بىر قانچە قېتىم تەكرارلانسا، چىشقا ئورۇنلىشۋالغان سوغۇقلۇق يوقىلىدۇ.

مەيلى ماددىسىز بولسۇن ياكى ماددىلىق بولسۇن، ئاۋۋال ماددىنى تازىلاپ، ئاندىن يۇقىرىقى چارە ـ ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم ياكى پىيازنى ئوتقا كۆمۈپ، ئاندىن ئېزىپ سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ قىزىتىپ چىشقا قويۇش.

قوينىڭ تالنى كاۋاپ قىلىپ ئېزىپ قىزىتىپ چىشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش تېكە قېنىنى كاۋاپ قىلىپ، قىزىتىپ شۇنىڭ بىلەن چىشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسىمۇ چىشلارنىڭ سوغۇقلۇقنى يوقىتىدۇ. چىشقا ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن گۈل يېغىدا مەستىكىنى ئېرىتىپ ئېغىزىدا تۇتسا، چىشنى ۋە چىشنىڭ تۈۋىلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە چىشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

تەرياقى كەبىر، بىلسان يېغى ۋە قىچا يېغىنى قىزىتىپ ئېغىزىدا تۇتسىمۇ ئوشاش تەسىرنى بېرىدۇ.

ئارتۇق ھارارەت تەسىرىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

گۈل يېغىغا كاپۇر ۋە سەندەللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ چىشقا سۈركەش ۋە ئېغىزىدا تۇتۇش سېمىزئوتنىڭ يوپۇرماق ۋە غوللىرىنى ياكى ئۇرۇقىنى چايناش لازىم.

## ئۈچىنچى پەسىل چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىش

## تفتت اسنان

بۇ كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ.

**1. ھۆللۈكتىن بولغان چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىشنى داۋالاش:**

*علاج تفتت اسنان رطوبى*

چىشنىڭ تېنىگە ناچار ھۆللۈك ئۆتۈپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇ سېسىپ چىش تۈۋىنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ، شۇ سەۋەب بىلەن چىش يېرىلىپ، كاۋاكلىشىپ، ئۇۋۇلۇشقا باشلايدۇ. چىشنىڭ ھەجمى ئۆز مىقدارىدا بولسىمۇ، ئەمما رەڭگى كۆككە ياكى سېرىقلىققا ياكى قارىلىققا ئۆزگىرىدۇ.

ھۆللۈك تەسىرىدىن بولغان چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىشنى داۋالاشتا:

ئاۋۋال ئايارەجلەر ۋە مۇناسىپ كۇملاچلار ئارقىلىق مېڭىنى تازىلاش، ئاندىن بۇزۇق ماددىلارنىڭ چىشقا تەسىر قىلىشنى توسۇش؛ چىشنى قۇۋۋەتلەش ۋە چىشنىڭ ئۇۋۇلۇپ زىدىلىنىشنى توسۇش ئۈچۈن بىز دورىلارنى چىشقا سۈركەش (مەسىلەن: روسوت،

سۇمبۇل رۇمى، سەئدى كوفى، موزا، ئاقىرقەرھاغا ئوخشاش دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشقا سۈركەش).

ئاندىن ھەيبولىئاس، گۈلنار (ئانارگۈلى)، زەمچىلەر قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئاغزىنى چايقاش لازىم.

يەنە چىشنىڭ كاۋاك بولغان ۋە تېشىلگەن جايلىرىغا سۈك (ئامىلىنىڭ ئۇسارىسى)، مەستىكى ۋە ئاز مىقداردىكى كاپۇرنى يۇمشاق ئېزىپ، تولدۇرۇپ قويۇش لازىم.

قارىمۇچ، ئاقىرقەرھالارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ بارىزەت بىلەن خېمىر قىلىپ، چىشنىڭ كامىرىغا كىرگۈزۈپ قويۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. دورىنى كىرگۈزۈشتە ئاۋۋال چىشنىڭ بۇزۇلغان قىسىملىرىنى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن قىرىپ تازىلىۋېتىپ، ئاندىن مەزكۇر دورىلارنى كىرگۈزۈش لازىم.

ئۇنداق قىلمىغاندا چىشنىڭ بۇزۇق قىسمى ساق قىسمىغا ئۆتۈپ، چىشنى چىرىتىپ يەپ كېتىدۇ.

چىشنىڭ كاۋاك بولغان ۋە تېشىلگەن يېرى ئاز بولسا، ئۇنى ئېكەك بىلەن قىرىۋېتىپ قالغىنىنى بىرقانچە قېتىم داغلاپ، ئاندىن زەيتۇن يېغى ۋە مەرزەنجۇشنىڭ سۈيىنى سۈر-كەپ قويسا، شۇ پېتىچە ساقلىنىپ قالىدۇ، قايتا كاۋاكلاشمايدۇ.

### 2. قۇرۇقلۇقتىن بولغان چىش ئۇۋۇلۇپ كېتىشنى داۋالاش:

*علاج تفتت اسنان يبسى*

چىشقا ئارتۇق قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇش بىلەن چىشنىڭ ئەزالىرىنى بىر - بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى ھۆللۈك يوقىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن چىش يېرىلىدۇ ۋە ئۇۋۇلىدۇ. بۇ خىلدىكىسى قېرى كىشىلەردە، كېسەلدىن يېڭى قوپقان تېنى ئاجىز كىشىلەردە ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن بەدەن قۇۋۋىتى تارقاپ كەتكەن كىشىلەردە ئۇچرايدۇ.

چىش قۇرۇق ۋە ئورۇق بولىدۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر بىلەن ئۇچراشقان تارىخى بولىدۇ.

چىشقا قۇرۇقلۇق تەسىر قىلىشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ھۆللەشتۇرۇش ئۈچۈن ئەزالارنى ھۆللەشتۇرگۈچى يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىش، تۇخۇم ئېقى، ئىسپىغۇل شىرنىسى، ئېشەك سۈتى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر ئىككىسىنى چىشقا قويۇش ۋە شۇلار بىلەن ئاغزىنى چايقاش لازىم.

گەرچە بۇ خىلدىكىسى داۋالاشنى ئازراق قوبۇل قىلسىمۇ، لېكىن بۇنى داۋالىماي تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. داۋالىغاننىڭ پايدىسى، كېسەل كۈچىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بەزىدە ساقىيىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

## بەشىنچى پەسىل   چىش ساغىرىپ قېلىش

حفر

**سەۋەبى:**

ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ يىغىۋېلىشىدىن ئاشقازاندىن ئۆرلەپ چىققان غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار ۋە يەللەر چىش جەۋھىرىگە ئۆتۈپ چىش ساغىرىشى پەيدا قىلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاۋۋال بەدەندىن، ئاشقازاندىن مەزكۇر كېسەللىككە سەۋەب بولغان غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش لازىم. ئاندىن مەزكۇر چىشنىڭ تۈۋىلىرىگە ئورنىشىۋالغان ماددا قاتتىق بولسا، ئۇنى تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ چىقىرىش.

ئەگەر ئۇ دەرىجىدە قاتتىق بولمىسا، ئۇنى بىردىنلا چىقىرىپ، ئاندىن تۇز، كۆپۈكى دەريا، سەدەپ كۈلى، كۆيدۈرۈلگەن شىۋاق، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزلىرى بىلەن تەييارلانغان سۇنۇن (چىش تالقىنى) قاتارلىقلارنى چىشقا سۈركىسە، چىش ساغىرىپ قېلىشنىڭ تەكرارلىنىشىنى توسىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل   چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش

تغير رنگ دندان

**تونۇش:**

ھەرخىل سەۋەبلەردىن ناچار ماددىلار پەيدا بولۇپ، بۇ ناچار ماددىلار چىشنىڭ جەۋھە-رىگە ئۆتۈش بىلەن چىش رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەل-لىك.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلىتلىرىدىن چىش رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن كېلىپ چىققان بولسا چىش رەڭگى سېرىق بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن كېلىپ چىققان بولسا چىش رەڭگى قارا ۋە پىدىگەن رەڭگىدە بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن كېلىپ چىققان بولسا چىش رەڭگى گەج رەڭگىدە،

كۆكۈش ئاق بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقيا ۋە مۇناسىپ غار - غارلار ئارقىلىق بەدەننى، مېڭىنى تازىلاش لازىم.

مەزكۇر كېسەللىككە سەۋەب بولغان غەيرى تەبىئىي خىلىت تازىلانغاندىن كېيىن ئەگەر چىشنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، ئىتئۇزۇمى سۈيى ۋە سىركىلەر بىلەن ئېغىزنى چايقاپ ئاندىن ئارپا ئۇنى، كۆك ماش، خىتمى ئۇنلىرىنى سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ، چىشقا قويۇش لازىم.

ئەگەر چىشنىڭ رەڭگى قارا بولسا، بۆرە سويىمىسىنىڭ يىلتىزى، ئەمەن، ئەفتىمۇن، مەستىكى، ئۆشنىلەرنى سوقۇپ، تاسقاپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چىشقا قويۇش لازىم.

ئەگەر چىشنىڭ رەڭگى گەج رەڭگىدە بولسا، مەستىكى يېغىنى سۈركۈش لازىم. يەنە مېكيان يېغى، ئاق موملارنى گۈلخەيرى يېغىدا ئېرىتىپ، ئازراق زۇپا ۋە ھىلىڭ قوشۇپ چىشقا قويۇش لازىم.

غەيرى تەبىئىي سەپرا ۋە سەۋدا خىلىتتىن بولغان بولسا ئەڭ مەنپەئەتلىكى ھەنزەلنى ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىپ، سىركىدە قاينىتىپ شۇنىڭ بىلەن ئاغزىنى چايقاشتۇر.

ئەسكەرتىش:

ھەنزەلنىڭ ئۇرۇقىنى ئەرەبچىدە «ھەبىد» دەيدۇ. بۇ ئادەم ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر، بۇنىڭدىن بىر پۇڭنى يېسە ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇرۇقىنى ئاجرىتىپ ئىشلىتىش لازىم. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئاغزىنى چايقىغان ۋاقىتدا گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

## يەتتىنچى پەسىل چىش بوشاپ كېتىش

## تحرك اسنان

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك سەۋەب ۋە ئالامەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. كىچىك باللاردا ئۇچرايدىغان چىش بوشاپ قېلىش.

ئاساسلىقى چىشلار ئورۇنلاشقان تۆشۈكلەر كېڭىيىپ قالغانلىقتىن بولىدۇ.

2. قېرى كىشىلەردە ئۇچرايدىغان چىش بوشاپ قېلىش، بۇ چىش ۋە چىشنىڭ

تۈۋلىرىدىكى گۆشلەر كېمەيگەن سەۋەبتىن چىش قورۇغان ۋە ئورۇقلىغان بولىدۇ. چۈنكى ئادەم قېرىغان ۋاقىتتا تەبىئىي ھۆللۈك تارقاپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن چىش ئورۇقلاپ لىڭشىيدۇ. كونا تېۋىپلارنىڭ سۆزىچە بۇ خىلدىكىسىنى داۋالاشقا بولمايدۇ.

3. ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان چىش لىڭشىشىش بۇ بىر خىل چىش لىڭشىش كېسەللىكى بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچى، ئىككىنچى خىللىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر بولماستىن، بەلكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ خىلدىكىسى ياش كىشىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە سەۋەبلىرى بولىدۇ.

1) شۇ جايغا ئۇزۇق يەتمەيدۇ، شۇ سەۋەب بىلەن چىشنىڭ تۈۋىدە چىشنى ئوراپ تۇتۇپ تۇرغان گۆشلەر ئورۇقلايدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ. بەدىنى ئورۇق، كۆزلىرى چوڭقۇرلىشىپ قالىدۇ. چىشنىڭ تۈۋلىرىدە ئاغرىق ياكى كاۋاكلىشىش، سېسىش، بوششى، بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ھېچبىرى كۆرۈلمەيدۇ. بۇ خىلدىكىسى كېسەلدىن يېڭى قاپقان ئاجىز كىشىلەردە ۋە تولا ئاچ قالغان كىشىلەردە بولىدۇ.

2) سۇيۇق ھۆللۈكلەر چىشنى تۇتۇپ تۇرغۇچى پەيلەرنى، چىشنىڭ تۈۋلىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن چىش لىڭشىپ قالىدۇ. چىشنىڭ تۈۋلىرى بوشىشاڭغۇ بولىدۇ. ئىسسىق ۋە سوغۇق نەرسىلەر تەگسە ئاغرىيدۇ، چىش سېمىز بولىدۇ، سۆزلىگەن چاغدا ئېغىزنىڭ چۆرىسى تىترەيدۇ. كېسەل چىشلىرىنىڭ كۆتىكىدە سوغۇقلۇق ھېس قىلىدۇ، ئاغزىدىن شال ئاقىدۇ.

3) چىشنىڭ تۈۋلىرىگە قىزىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن چىشنىڭ تۈۋىدىكى گۆشلەر چىشتىن ئاجرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىش لىڭشىيدۇ. ئىششىق بولىدۇ، قاتتىق لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ.

4) چىشنىڭ تۈۋلىرىدىكى گۆشلەر ئاجىزلاشقانلىقتىن ۋە قېنى كېمەيگەنلىكتىن مەزكۇر گۆشلەر بوشىشىپ چىشتىن ئاجرىلىدۇ. بۇ خىلدىكىسى يېڭى كېسەلدىن قوپقان ئاجىز كىشىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا چىشنىڭ تۈۋلىرىنى بوشاشتۇرغۇچى ھۆللۈك بولمايدۇ. بۇنىڭدا چىشنىڭ تۈۋىدىكى گۆشلەر ئاق بولىدۇ. قان يوقتەك ھېس قىلىنىدۇ.

5) چىشنىڭ تۈۋلىرىگە گۆش يىگۈچى ئۆتكۈر ماددا قويۇلۇپ گۆشلىرىنى يەپ كېمەيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىشنىڭ كۆتەكلىرى بوشاپ لىڭشىپ قالىدۇ.

6) يىقىلغان ياكى تاياق تەگكەن سەۋەبتىن چىش لىڭشىپ قالىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر چىش تۈۋىگە ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

بەدەننى قۇرۇتقۇچى تاماقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش، بەدەننى، مېڭىنى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى تاماقلارنى يېيىش، ئارام ئېلىش، قورساقنى تويغۇزۇپلا ئارقىدىن ئۇخلىماسلىق، ياغلىق ۋە ھۆل نەرسىلەرنى چىشقا ۋە چىش تۈۋىگە

سۈركەش لازىم. بەدەننى ھۆللەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن چىش يىلتىزلىرىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، قىزىلگۈل، تاباشىر، كۆك ماش، تاشتۈز، يۇلغۇن مېۋىسى ۋە شۇلارغا ئوخشاش سوغۇق، قابىز دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشنىڭ تۈۋلىرىگە سېپىش لازىم.

ئەگەر سويۇق ھۆللۈكلەر چىشى تۇتۇپ تۇرغۇچى پەيلەرنى، چىشنىڭ تۈۋلىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

پالەچ كېسەللىكى ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىش، مەسىلەن: بەدەننى تازىلاش، ئاندىن قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، ئاقىرقەرھا، بۆرە سويمىسى يىلتىزىنىڭ پوستى، خېنە، سەئدى كوفى، سېرىقچېچەك، قىزىلگۈل، سۇمبۇللارغا ئوخشاش ئىسسىق ۋە قابىز دورىلارنى قايناتقان سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقاش ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى قابىز دورىلارنى سۇنۇن قىلىپ چىشلارنىڭ تۈۋلىرىگە سېپىش ۋە ئېڭەكلىرىگە چېپىش لازىم.

ئەگەر چىش تۈۋىگە ئىششىق پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

زاغاقا لوڭقا قويۇش، ئەھۋالغا قاراپ سۈرگە بېرىپ، بەدەننى تازىلاش، تازىلاپ بولغاندىن كېيىن تاباشىر، سېرىق ھېلىلە پوستى، ياۋا ئانارگۈلى، سۇماقلارغا ئوخشاش قابىز ۋە سوغۇق دورىلارنى سۇنۇن قىلىپ چىشنىڭ تۈۋلىرىگە سۈركەش، پاقىيوپۇرمىقى، سېمىزئوت سۇلىرى بىلەن ئاغزىنى چايقاش لازىم. ئىششىق پەسىيىشكە باشلىغاندا يۇمغاقسۈتىنىڭ سۈيى، گۈل يېغىغا ئوخشاش تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

ئەگەر چىش تۈۋىدىكى گۆشلەر ئاجىزلاشقان ۋە قېنى كېمەيگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا داۋالاشتا:

كېسەلنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ۋە ساپ قان پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئوغلاقنىڭ گۆشى، سېمىز چۈجە، تۇخۇمنىڭ سېرىقى قاتارلىقلارنى يېيىش، چىشنىڭ تۈۋىدىكى گۆشلەر ئىچىدىكى تومۇرلاردا قاننى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن سەئدى كوفى، سۇمبۇل، كۆيدۈرۈلگەن ئۇد، مەستىكى، قۇرۇق قىزىلگۈلگە ئوخشاش ئىسسىق دورىلارنى چىشنىڭ تۈۋلىرىگە سۈركەش لازىم.

چىش تۈۋلىرىگە گۆش يىگۈچى ئۆتكۈر ماددا قويۇلۇپ گۆشنى يەپ كېمەيتىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مۇۋاپىق سۈرگە بېرىش، لوڭقا قويۇش، زۇلۇك قويۇش، سۇماقنىڭ سۈيى بىلەن تەييارلانغان بىر خىل تاماق (سۇماقىيە)، ئانار سۈيى بىلەن تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاماق (رۇممانىيە) لەرنى يېيىش كېرەك. مەزكۇر تاماقلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى قارابادىن ئەزەم كىتابلىرىدا ئېيتىلىدۇ.

تاتلىق نەرسىلەردىن، گۆشتىن، قاننى كۆپەيتكۈچى ھەر خىل يېمەكلىكلەردىن ساقلىنىش، زىراۋەندە، كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، ئىرسا، (سۇسەن يىلتىزى) پۇرچاق ئۇنى

قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل، ياۋا پىياز سىركىسى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چىشنىڭ تۈۋىگە قويۇلسا، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ، قالدۇق ساق گۆشلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە بۇزۇلۇشتىن ساقلايدۇ.

ئەگەر چىشنىڭ تۈۋىلىرىدىكى گۆشلەردە سېسىقلىق پەيدا بولسا، پەلدىپىيۇنغا ئوخشاش ئۆتكۈر دورىلارنى قويۇش كېرەك. بۇنى قويۇشتا بۇزۇق گۆشتىن باشقا جايغا قويماسلىق لازىم.

ئەگەر يېقىلغان ۋە تاياق تەگكەن سەۋەبتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

چىشنى تۇتقۇچى ۋە چىڭىتقۇچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشىنىڭ تۈۋىلىرىگە سۈركەش كېرەك.

ئەگەر بۇ چارىلەر بىلەن ياخشىلانمىسا، قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن چىشنىڭ تۈۋىنى داغلاش ياكى ئالتۇن ياكى كۈمۈش قارماق بىلەن بوشاپ كەتكەن چىشنى يېنىدىكى ساق چىشقا باغلاپ بېكىتىپ، ئۈستىگە مەزكۇر دورىلار سېپىلسە بوشاشقان چىش چىڭىيدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل كىچىك باللارغا ئاسان چىش چىقىرىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى

## تدبير نبت اسنان اطفال

**داۋالاش:**

چىش چىقىدىغان جايغا ياغ، قايماق چاۋا ياغ، كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى، كالىنىڭ مېڭىسى ئىتنىڭ سۈتى قاتارلىقلارنى سۈركەش ۋە توشقان مېڭىسىنى پىشۇرۇپ سۈركەش لازىم.

كىچىك باللارغا چىش چىقىش جەريانىدا ئاغرىقى كۈچلۈك بولسا، ئىتئۈزۈمىنىڭ ئۇسارىسىنى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ پەلكۈچ بىلەن چىش چىقىدىغان جايغا ئاۋايلاپ سۈركەپ قويۇش لازىم.

چىش چىققان چاغدا بالىنىڭ بېشىنى، گەدىنىنى، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى، كۆكرەكلىرىنى ياغلاپ تۇرۇش لازىم.

گۈل يېغىنى ئىلمان قىلىپ قۇلىقىغا بىر تامچە تېمىتىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. كىچىك باللارنىڭ چىشى چىققان چاغدا بىر نەرسىلەرنى چايناتماسلىق لازىم. چۈنكى چىشقا نۇقسان يېتىشى مۇمكىن.

## توققۇزىنچى پەسىل   چىشنىڭ بەك چوڭ ۋە ئۇزۇن ئۆسۈشى

## ازدياد و طول دندان

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىك ئالامىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. چىشنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ، سەمرىپ قالىدۇ. ئازراق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. چىشنىڭ جىسمىغا ماددا قۇيۇلغانلىقتىن شۇنداق بولىدۇ. چىش ئوزۇقنى قوبۇل قىلىپ ئۆسكەنگە ئوخشاش ماددىلارنىمۇ قوبۇل قىلىپ، ھەجمى زورىيىپ قالىدۇ (ئەگەر چىش ماددىلارنى قوبۇل قىلمايدىغان بولسىدى، ئۇنىڭ رەڭگى ھەر خىل رەڭلەرگە ئۆزگىرىپ قالمايتتى).

چىشنىڭ ھەرخىل رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكى چىشقا كېلىدىغان ھەرخىل ماددىلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بۇزۇلغان ماددىلارنىڭ چىشقا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1) چىشنىڭ زورىيىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ماددا ئىسسىق خىلىت بولىدۇ. چىش ئاغرىيدۇ.

2) بەلغەم خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن بولىدۇ، چىشتا ئاغرىق بولمايدۇ.

2. چىشنىڭ ھەجمى ئۆسۈپ قالىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) دەسلەپ چىققان مەڭگۈلۈك چىش ئەسلى باشقا چىشلارغا نىسبەتەن قاتتىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باشقا چىشلار ئۇپراپ كەتسىمۇ، لېكىن مەزكۇر تۈنجى چىش قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆسۈپ قالغاندەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆسۈپ قالمايدۇ. بەلكى باشقا چىشلار ئۇپراپ قىسقىرىپ كەتكەنلىكتىن، تۈنجى چىش ئۆسۈپ قالغاندەك بىلىنىدۇ.

2) چىشنىڭ كۆتىكىگە ئىششىق پەيدا بولىدۇ، شۇ سەۋەب بىلەن چىشتا ئۇزىراپ قالغانلىق سېزىلىدۇ، ئەمما چىش يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ.

3) چىشنىڭ كۆتىكىگە ئىششىق پەيدا بولۇپ، چىشنى ئۆزىنىڭ ئورناشقان جايىدىن يۇلۇپ ئاجرىتىپ قويىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن چىش ئۆسۈپ قالغاندەك بىلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر چىشنىڭ زورىيىپ قېلىشى ئىسسىق خىلىتتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئەھۋالغا قاراپ سۈرگە ئىچكۈزۈش، چىشنىڭ سېزىمنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئارپا ۋە خەشخاشلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش.

ماددىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سۈماق سۈيى ۋە گۈلابلار بىلەن ئېغىزنى چايقاپ، سەنۇبەر دەرىخىنىڭ مېۋىسى، موزا، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ چىشقا قويۇش لازىم.

ئەگەر بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئايارەجلەرنى، مۇناسىپ سۈرگۈچى كۇمىلاچلارنى يېيىش، قۇرۇق ئىسسىق دورىلارنى قاينىتىپ ئاغزىنى چايقاش، سەئدى كوفى، مەستىكىلەرنى چايناش لازىم.

سامساقنى ياغدا قورۇپ، چىشقا سۈركىسمۇ ماددىنى تارقىتىدۇ. ئەگەر ئەزانى قۇرۇتۇش بىلەن بىرگە ماددىنى تارقىتىش مەقسەت قىلىنسا، سوك (ئامىلە ئۇسارىسى) نى سۇزاپنىڭ سۈيىدە ئېزىپ چىشقا سۈركەش لازىم.

ئەگەر دەسلەپكى چىشنىڭ قاتتىق بولۇشى سەۋەبىدىن ئۆسۈپ قالغاندەك بىلىنسە مەزكۇر ئۆسۈۋالغان چىشنى مەخسۇس ئەسۋاب ۋە ئىككەكلەر ئارقىلىق مۇناسىپ مىقداردا ئىككەكلەپ، باشقا چىشلار بىلەن تەڭكەشتۈرۈپ قويۇش لازىم.

ئەمما ئۇنىڭ ئوشۇقىنى ئېلىشتا چىشنىڭ مىدىرلاپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەسلىكى، بىسىنىڭ ئېگىز - پەس بولۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم.

بۇنىڭ ئوشۇقىنى ئېلىۋېتىشنىڭ سەۋەبى بەزى چىشلار ئۇزۇن بولسا، نەرسىلەرنى چايناشقاندا تولۇق چايناشقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇزۇن چىش قالغان چىشلارغا تېگىشىپ توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر چىشنىڭ كۆتىكىگە ئىششىق پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا داۋالاشتا:

ئاۋۋال ماددىنى پىشۇرغۇچى مۇنزىج بېرىپ، ئاندىن سۈرگە ئىچكۈزۈش، كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئىششىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىتئۈزۈمى، ھۆل قىزىلگۈل سۈيىگە ئوخشاش قابىز ئۇسارىلەر بىلەن ئېغىزنى چايقاش، ئاخىرىدا ماددىنى تارقاتقۇچى مۇناسىپ دورىلارنى ئىشلىتىش.

ئەگەر چىشنىڭ كۆتىكىنىڭ ئىششىشىدىن چىش ئۆز ئورنىدىن يولۇنۇپ كەتكەن بولسا داۋالاشتا:

چىش ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان پەيلەردىن ئاجراپ كەتمەي، چىش ئۇگىسىدە تۇرغان بولسا، ئۇ قول بىلەن ئارقىدا قايتۇرۇلسا، ئۆز جايىغا چۈشىدۇ.

ئاندىن مەستىكىنى يۇمشاق ئېزىپ شۇ يەرگە سەپسە، چىشنى ئۆز جايىدا تۇتىدۇ. ئەگەر سەدەپتىن ياسالغان قارماق بىلەن يىپنىدىكى ساق چىشقا چېتىپ قويۇلسا ئوبدانراق بولىدۇ. ئاندىن كېيىن چىش تولۇق چىڭىپ ئورۇنلاشقىچە، زەمچە، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشنىڭ تۈۋىگە سېپىپ قويۇش لازىم.

# ئونىنچى پەسىل    چىش قىچىشىش
## حكة اسنان

**سەۋەبى:**

بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، ناچار كەيپىياتقا ئىگە ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان سۇلارنى مەسىلەن: تۇز، گۈڭگۇرت، شاخار خۇسۇسىيەتلىك سۇلارنى ئىچكەنلىكتىن بولىدۇ. بۇ خىلدىكىسى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى خىلى، ئۆتكۈر، ئاچچىق تاماقلاردىن ئاچچىق، شىلىمشىق خىلت پەيدا بولۇپ، چىشنىڭ كۆتىكى تەرەپكە چۈشىدۇ ۋە چىشنىڭ جىسمىغا ئازراق ئۆتۈپ قالىدۇ. بۇ ماددا بەدەندە ئومۇمىيۈزلۈك بولسا، پۈتۈن ئەزادا قوتۇر (جەرەب) پەيدا قىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

چىش ۋە چىش ۋە كۆتەكلىرىدە قىچىشقاندەك بىر ئەھۋال سېزىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كېسەل چىشنى بىر ـ بىرىگە سۈركىمەي ۋە بىر نەرسىنى چاينىماي بىر مىنۇتمۇ تۇرالماي- دۇ.

**داۋالاش:**

ئومۇمىي بەدەننى، مېڭىنى كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتى- مۇن، ھەببى ئايارەجلەرنى بېرىش؛ ناچار، ئاچچىق، تۇزلۇق تاماقلاردىن ساقلىنىش لازىم.

غەيرىي تەبىئىي ناچار خىلتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ياۋا پىياز، سىركەنجۇبىل بىلەن ياكى ھۇمماز يىلتىزىنى سېلىپ قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئېغىزنى چايقاش لازىم.

# ئون بىرىنچى پەسىل    ئۇيقۇلۇقتا چىشنى غۇچۇرلىتىش
## صرير الاسنان فى النوم

**تونۇش:**

بۇ ئەھۋال كىچىك ئۆسمۈر باللاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆز ـ ئۆزىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.

**سەۋەبى:**

مېڭىدىكى تەبىئىي ھۆللۈكنىڭ كۆپ بولغانلىقتىن بولىدۇ، يەنە بۇ ئەھۋال سەكتە،

سەرئى، تەشەننۇج، پالەچ قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ باشلىنىش چاغلىرىدىمۇ بولىدۇ.

قورساقتا قۇرت بولغاندىمۇ بالىلار ۋە چوڭلار چىشنى غۇچۇرلىتىدۇ. بۇ، ئېگەك سېرىقئەتلىرىنىڭ بوشاپ كېتىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كېسەللىك-نىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە سەۋەبلىرى بولۇپ، ئۇلار تېبابەتنىڭ باشقا قەدىمكى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر مېڭىنىڭ زىيادە ھۆللۈكىدىن بولسا، تازىلاش ئۈچۈن ئايارەجلەرنى يېيىش ۋە مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئېغىز غار - غار قىلىش، مېڭىنى ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن قۇستە يېغى، زەپەر يېغىغا ئوخشاش ياغلارنى گەدەنگە سۈركەش لازىم.

## ئون ئىككىنچى پەسىل چىش مىلىكى ياللۇغى

### ورم لثه

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي قان سەپرا، بەلغەم خىلىتلىرىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغىنىدا، چىش تۈۋلىرىدىكى گۆش قىزىل بولىدۇ، لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ، ئىششىق زىيادە بولىدۇ ۋە قان خىلىتىنىڭ خاس ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغاندا ئىششىقى ئاز، ئەمما قاتتىق كۆيۈپ ئاغرىيدۇ. سوغۇق نەرسىلەر تەگسە خۇش ياقىدۇ.

بۇ ئىششىقنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئىششىققا قولنى قويۇپ باسسا، تومۇردىكى قان ئەتراپقا تارقايدۇ. قولنى كۆتۈرگەن ھامان يەنە ئۆز جايىغا قايتىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغىنىدا ئىششىق ئاق بولىدۇ، تۇتسا سوغۇق بىلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغىنىنى داۋالاشتا:

ئەھۋالغا قاراپ زاغاقلىرىنى تىلىپ، لوڭقا قويۇش كېرەك. ئەگەر بۇ چارە ئۈنۈم بەرمىسە، ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن مەتبۇخى پاۋاكىھى (مېۋىلەر قاينىتىلمىسى)، سېرىق ھېلىلە، شاھتەررىلەرنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن كۆك ماش، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، گۈلنار، ئاس، قىزىل سەندەل، فۇپەل، سۇماقلارنى قاينىتىپ قايناتقان سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقاش، سېمىزئوت، ئىتئۈزۈمى، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ شەربە-

تىنى ئېغىزدا تۇتۇش لازىم.

سۇماق سېلىپ قاينىتىلغان گۈلاب بىلەن ئېغىزنى چايقاش بەك مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر ئىششىق توختاپ چىشنىڭ تۈۋلىرىدە ئۇنىڭ تەسىرى قالغان بولسا، بادام يېغى ياكى گۈل يېغىنى قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئاغىزنى چايقاپ بېرىش، چىش تۈۋلىرىنى ياغلاپ تۇرۇش لازىم.

ئىششىق چوڭ بولۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن قايتىپ كەتمىسە، ئۇنى نەشتەر بىلەن يېرىپ، ئاندىن شۇ جاراھەتنى داۋالاش لازىم.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغىنىنى داۋالاشتا:

مەتبۇخى ھېلىلە ئارقىلىق سەپرانى تازىلاش، چىشنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى گۆشلەرگە نەشتەر ئۇرۇپ قېنىنى چىقىرىش، بەدەن تازىلىنىپ چىشنىڭ تۈۋلىرى ساپلاشقاندىن كېيىن ئاس، ئىتئۇزۇمى يىلتىزى قاتارلىقلارنى سىركىدە قاينىتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئېغىزنى چايقىسا، چىشنىڭ تۈۋلىرىنى چىڭىتىپ، ماددا قايتا چۈشۈشنى توسىدۇ. لېكىن بەدەننى تازىلاشتىن ئىلگىرى مەزكۇر دورىلار بىلەن ئېغىزنى چايقاشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەزانى قاتۇرۇپ، ماددىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىنى داۋالاشتا:

ماددىنى يۇمشىتىش ۋە پارچىلاش ئۈچۈن ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئېغىزنى چايقاش، ئاندىن ماددىنى تارقىتىش ئۈچۈن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، ھۆلبە، زىغىرلارنى قاينىتىپ قايناتقان سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقاش لازىم.

كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۈچلۈك بولسا، مۇۋاپىق سۈرگىلەر ئارقىلىق بەدەننى تازىلاش لازىم.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل   چىش مىلىكى قاناش

### لثە دامیە

**سەۋەبى:**

چىش تۈۋىدىكى گۆشنىڭ ئۆزۈقلىنىش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. چۈنكى چىش-نىڭ تۈۋلىرى ئاجىز بولغانلىقتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قاننى باشقۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئاندىن ئەزاغا قان تولۇپ قالىدۇ. چىشنىڭ تۈۋلىرى ئوڭاي يېرىلىدىغان ئەزا بولغانلىقتىن يېرىلىپ قانايدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە ئاساسلىقى چىشنىڭ تۈۋىدىكى چىش مىلىكىدىن قان ئاقىدۇ.

داۋالاش:

چىش تۈۋىدىن چىققان قاننى كۆپرەك چىقىرىش كېرەك. چۈنكى قان ئېلىشنىڭ ئىزىنى باسىدۇ. ئاندىن قىزىلگۈل، جۈپتى بەللوت، ئانارگۈلى، ھەببۇلئاس خەرنۇپ شامى، سۇماق، سۆئىدە، پىلپىل قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئېلىپ سوقۇپ چىش تۈۋىگە بېسىش.

ئاس، كۆيدۈرۈلگەن كۆك ماش، تاباشىر، سۇماق، موزىلارغا ئوخشاش قابىز ۋە چىشنىڭ تۈۋلىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چىشنىڭ تۈۋلىرىگە سۈر-كەش ياكى كۆيدۈرۈلگەن تەرىخ (بىر خىل بېلىق) نىڭ كۈلى بىر ھەسسە، قۇرۇق قىزىلگۈل بىرھەسسىدىن ئېلىپ چىشنىڭ تۈۋلىرىگە بېسىش لازىم.

كۆيدۈرۈپ سىركە بىلەن سوۋۇتۇلغان زەمچە بىر ھەسسە، تاشتۇز ئىككى ھەسسە، قىزىل زاك بىر يېرىم ھەسسىدىن ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق ئېزىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىپ چىش تۈۋىگە بېسىش لازىم.

## ئون تۆتىنچى پەسىل  چىش مىلىكى يىرىڭلىق ئاقمىسى

## قرح وناصورلثه

تونۇش:

بۇ كونىرىغان يىرىڭلىق چاقىدىن ئىبارەت بولۇپ، نەيچە تۆشۈكى شەكلىدە گۆشتە پەيدا بولۇپ، يىرىڭلىق ئاقما (ناسۇر) ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاقا ئەگەر ئىششىقسىز ۋە پۇراقسىز بولسا، ئاددىي جاراھەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئىپلاس جاراھەت «قۇرۇھى خەبىسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش:

ئەگەر ئاقما (ناسۇر) بولماستىن پەقەتلا چاقا بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېغىزدىكى پىشلاق ۋە مۇدىرلار (قۇلائى رەھان) نى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىدۇ.

چاقا كىچىك بولۇپ ھۆللۈكى كۆپ بولسا، كىچىك، تېزلىكتە قۇرۇتقۇچى دورىلار-نى ئىشلىتىش؛ ئاجىز بولسا، بۇنىڭغىمۇ مۇۋاپىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. لېكىن چاقا سېسىپ ئېغىز ئاكىلىسى (ئاكىلە تۈلفەم) شەكىللەنگەن بولسا، ئېغىزدىكى گۆشخور چاقىنىڭ دورىلىرىنى مەسىلەن: كونا سىركە، پەلدىپىيۇنلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

بۇنداقتا بۇزۇق گۆشلەر يوقىلىدۇ. ئاندىن موزا، مور ۋە شۈلارغا ئوخشاش قابىز دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، چاقىغا سېپىپ قويۇلسا يېڭى گۆش ئۈنىدۇ.

ئەگەر بۇ چاقا ئاقما (ناسۇر) قاتارلىقلاردىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلىمۇ

ئېغىز گۆشخور چاقىنى داۋالاش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. مەسلەن: ئاۋۋال كې-سەللىك ماددىسىنى تازىلاش، ئاندىن داغلاش لازىم. داغلاش ئۇسۇلى مۇنداق: بىر دانە ياغاچنىڭ ئۇچىغا يۇڭنى ئوراپ، پەلكۇچ قىلىپ، ئاندىن تازا قىزىتىپ پەلكۇچنىڭ ئۇچىنى شۇ ياغقا تۇگۇرۇپ، بۇزۇق گۆشكە قويۇلسا، ئۆلۈك گۆشلەر كۆيىدۇ، چاقىنىڭ پۇتۇشىگە توسالغۇ بولغان ھۆللۈك قۇرۇيدۇ.

# توققۇزىنچى باب گال كېسەللىكلىرى
## امراض حلق

كاناي ۋە قىزىلئۆڭگەچ ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئورۇن گال (ھەلق) دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا گال بىرخىل بوشلۇق بولۇپ، ئۇ قىزىلئۆڭگەچ ۋە كانايىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

ئۇلاردىن باشقا كىچىك تىل، بادامسىمانبەز قاتارلىقلارمۇ گالغا تەۋە بولىدۇ. كىچىك تىل بىر گۆشسىمان ئەزا بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى چىلغوزىغا ئوخشايدۇ. ئۇ يۇتقۇنچاق ئۈستىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كاناي ۋە قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. بادامسىمانبەز ـ تىل تۈۋىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى دانە كىچىك ـ كىچىك قۇلاق شەكلىدە جايلاشقان.

بادامسىمانبەز تامغاقنىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇرۇپ، كانايىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرىدۇ. يۇتقۇنچاق: كانايىنىڭ ئېغىزى، كاناي، نەپەس يولى، قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىق ئەزالاردا مىزاج بۇزۇلۇش، ئىششىپ قېلىش، پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

ئىبنىسىنا «گال ئەتراپى، يۇتقۇنچاق، تامغاق، بادامسىمانبەز قاتارلىقلارنىڭ ئىششىپ قېلىشىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن خىلىت ئېتىبارى بىلەن قان ئېلىنىدۇ ۋە سۈرگۈ ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا خىلتنى قارشى تەرەپكە تارقىتىش، قول ـ پۇتنى باغلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. دورىلاردىن دەسلەپتە قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دورىلار بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. كىچىك تىل ئىششىقى ياكى يۇتقۇنچاق ياللۇغىنىڭ دەسلىپىدە قايناق سۇغا سىركىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ. ئاخشىمى موزا، ئانارگۈلى ھەربىرىدىن 18 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر چۈچۈمەل ئانار پوستى بىلەن پارچىلاپ پىشۇرۇپ، ئۇنى سىقىپ سۈيىنى سۈزۈپ، يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ لوئوق (يالانچۇق دورا) تەييارلىنىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇنى سۇغا ئېرىتىپ ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ. بۇ دەسلەپكى داۋالاش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غەيرى تەبئىي خىلتنى پىشۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ھەتتاكى ئاقىرقەرھا، نۆشۈدۈر قاتارلىق

دورىلار ئىشلىتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تۇتقۇچى (قابىز) ، تارقاتقۇچى ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەشتە بىمارنىڭ يېشى، مىزاجى، ئۆرپ ـ ئادىتى، كېسەل بولغان ۋاقىتتىكى پەسىل قاتارلىقلارنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇش لازىم. بەزىدە بادامسىمانبەز ياللۇغى، كىچىك تىل ياللۇغى ۋە كىچىك تىل بوشىشىپ كېتىشتە يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم.

كىچىك تىل ياللۇغى ۋە بادامسىمانبەز ياللۇغىدا ئۇلارنى بېسىپ بېرىشمۇ داۋالاش ئىچىگە كىرىدۇ.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ساڭگىلاپ قالغان ھالەتلىرىدە ياكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان پىششىقلىرىنى بېسىش ئارقىلىق ئېتىلىپ قالغان تۆشۈكچىلەر ئېچىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنى تازىلىغانلىقتىن ياللۇغلىنىش ۋە بوشىشىش قاتارلىق ئەھۋاللار ياخشىلىنىدۇ.

بۇ بابتا يۇتقۇنچاق ياللۇغى، گال سىرتقى ئىششىقى، بادامسىمانبەز ياللۇغى، كىچىك تىل ياللۇغى. كىچىك تىل بوشىشىپ كېتىش، گال ئاغرىقى، بويۇن نېرۋىلىرى ئاغرىقى، گالغا يېمەك ـ ئىچمەك تۇرۇپ قېلىش، گالغا سۆڭەك تۇرۇپ قېلىش، يىڭنە يۇتۇۋېلىش، سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىش، گال پۈتۈپ قېلىش، گالغا قۇرت چاپلىشىۋېلىش، گال زەخىملىنىش، گال ئېچىشىش، گال قۇرۇش، كاناي ياللۇغى ۋە يارىسى، كاناي لىكىلداش ۋە تىترەش، يۇتقۇنچاق بوشىشىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

## بىرىنچى پەسىل    يۇتقۇنچاق ياللۇغى

## خناق

**تونۇش:**

ئادەتتە يۇتقۇنچاق ياللۇغى (خەنناق) ، بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) ، بوغما (خانىقە) ، ئىتسىمان بوغما كېسىلى (خەنناق كەلبى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇتقۇنچاق ياللۇغى تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىراق بۇ توغرۇلۇق ھۆكۈمالار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن: ئىبنىسىنا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يۇتقۇنچاق ياللۇغى بىلەن بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) نى ئوخشاش بىر خىل كېسەللىك دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بادامسىمانبەز، مۇسكۇللار، قىزىلئۆڭگەچ، يۇتقۇنچاق قاتارلىق ئەزالار ياللۇغى سەۋەبىدىن نەپەسلىنىش ۋە بىرەر نەرسە يۇتۇش قىيىنلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى مۇتلەق ھالدىكى يۇتقۇنچاق ياللۇغى

(خەنناقى مۇتلەق) ۋە ئۇلارنىڭ ئىششىقتىن بولغان ياللۇغىنى بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) دەپ ئاتىغان، بۇ خىلدىكى ياللۇغ ئادەتتە گالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇللاردا پەيدا بولىدۇ.

جۇرجانى «قىزىلئۆڭگەچنىڭ بېشى ۋە يۇتقۇنچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بادامسىمانبەز-لەر دەپ ئاتىلىدىغان مۇسكۇللاردا پەيدا بولىدىغان ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغ بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) دېيىلىدۇ. بۇ ياللۇغ بىر قۇلاقتىن يەنە بىر قۇلاققىچە پۈتۈن گالنى قاپلاپ تۇرىدىغان ۋە قىزىل ھالدىكى بىرخىل ئىششىق بولۇپ، نەپەسلىنىش ئىنتايىن قىيىنلىشى-دىغان بىرخىل كېسەللىك» دەپ كۆرسەتكەن.

«شىپائۇل ئەقسام» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «بوغۇزلىغۇ بىرخىل ئىششىق بولۇپ، گالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇسكۇللاردا ياكى يۇتقۇنچاق ئېغىزى، قىزىلئۆڭگەچ ۋە قىزىلئۆڭگەچ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

موللا سەئىد «يۇتقۇنچاق ياللۇغلىنىپ بۇ ئىششىق بىر قۇلاقتىن يەنە بىر قۇلاققىچە يۇمىلاق شەكىلدە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ساھىب كامىل «بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، بۇ ئىششىق گال مۇسكۇللىرى ياكى قىزىلئۆڭگەچ مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ ۋە ئىششىق ئىچكى مۇسكۇللاردا بولسا ئۇ سونتجى، تاشقى مۇسكۇللاردا بولسا پۈتنىجى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقىسى ناھايىتى يامان سۈپەتلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ كېسەللىكتە نەپەسلىنىش قىيىنلىشىش بىلەن بىرگە قىزىتما، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، گال ئاغرىش، گال ۋە يۈزدە تارتىشىش ۋە قىزىللىق پەيدا بولۇش، يۇتۇش قىيىنلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. يۇتقۇنچاق ياللۇغى (خەنناق) يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرىدا ئىسسىقتىن پەيدا بول-غان بىرخىل ياللۇغ بولۇپ، ئۇ تاشقى مۇسكۇللاردا بولسا مۇتلەق يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ئىچكى مۇسكۇللاردا بولسا ئىت بوغما كېسىلى (خەنناقى كەلبى) دېيىلىدۇ. يۇتقۇنچاق ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى كۆپىنچە بوغۇزلىغۇ كېسىلىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى-سىنىڭ پەرقىدە يۇتقۇنچاق ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە ھېچ نەرسە يۇتالمايدۇ، ھەتتا تۈكۈرۈكىنىمۇ يۇتالمايدۇ. ئەگەر بىمار بىرەر سۇيۇق نەرسىنى يۇتسا ئۇ نەرسە بۇرۇن يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ساھىب تەقۋىم ۋە ماتىن بۇخىل كېسەللىك ھەققىدە «يۇتقۇنچاقنىڭ تاشقى مۇسكۇللار ئىششىقى مۇتلەق ‹يۇتقۇنچاق ياللۇغى (خەنناقى مۇتلەق)›، قىزىلئۆڭگەچ ۋە يۇتقۇنچاق مۇسكۇلى ۋە ئىچكى مۇسكۇللار ياللۇغى ‹ئىت بوغما كېسىلى (خەنناقى كەلبى)› دېيىلى-دۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنى ئەبى سادەي بۇ كېسەللىك ھەققىدە «ئېغىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەزالاردا تاشقى

جەھەتتىن ياللۇغلىنىش ئالامەتلىرى بولمىسا ۋە گال ئىششىقى ئىچكى مۇسكۇللاردىلا چەكلەنگەن بولسا، ئۇ بوغۇز ياللۇغى (زەبەھە) دېيىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

فىردەۋسىل ھىكمەت دېگەن كىتابتا «يۇتقۇنچاق ياللۇغى (خەنناق) بەش خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى خىلى قىزىلئۈڭگەچ ۋە يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرى ياللۇغى؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى خىلى شۆلگەي بەزلىرىدە بولۇپ، كانايچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ. بەشىنچى خىلى بويۇن ئومۇرتقىسىنىڭ ئىچكى تەرەپكە ئېگىلىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ بوغما (خانىقە) دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

تەبىرى بۇ كېسەللىك توغرىسىدا «بوغما (خانىقە) كېسەللىكى بوغۇزلىغۇ كېسەللىكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بادامسىمانبەزلەر گالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇللارنىڭ ئىششىقى ۋە ئىچكى مۇسكۇللار ئىششىقى بىمارغا ئاراملىق بەرمىسە، بۇ ‹بوغما (خانىقە) › دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنىسىنا بۇ كېسەللىك ھەققىدە «خەنناق بىرخىل كېسەللىكنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆپكىگە ھاۋا يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال نۇرغۇن سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: دورىدىن زەھەرلىنىش، قان ئۇيۇپ قېلىش، ئىچكى ئەزالاردا سۆت تۇپلىنىشۋېلىش قاتارلىقلار» دەپ كۆرسەتكەن.

بىراق بىزنىڭ قارىشىمىزدا خەنناق بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭدا نەپەس قىيىنلىشىش پەيدا بولىدۇ. بۇ نەپەسنىڭ قىيىنلىشىشى يۇتقۇنچاقنىڭ ئەتراپىدىكى نەپەسلىنىش ئەزالىرىدا ئىششىق پەيدا بولغان سەۋەبتىن بولسۇن ياكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە كۈچى يەتمەسلىك سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى نەپەسلىنىشنىڭ قىيىنلىشىشى مۇسكۇللارنىڭ تۇسۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن بولسۇن، شۇ ئېنىقكى ياللۇغلىنىش يېقىن ئەتراپتىكى ئەزالارغا تاقالغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئەزالارنىڭ تۆشۈكچىلىرى ۋە كانالچىلىرى تۇسۇلۇپ قالىدۇ ۋە قۇرۇقلۇق ياكى بوشىشىپ كېتىش ياكى يىغىلىپ قېلىش ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ خىزمىتى تۇسۇلۇپ قېلىش ۋە يۇتقۇنچاق، قىزىلئۈڭگەچ مۇسكۇللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەسلىك سەۋەبىدىن بىمار نەپەس ئالالمايدۇ.

ئۇندىن باشقا تۇسۇلۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى ئۆپكىگە يېقىن ئەزالارنىڭ قىسىلىپ قېلىشىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇلۇش ياكى يىقىلىش سەۋەبىدىن بويۇن ئومۇرتقىلىرىدا ئىچكى تەرەپكە ئېگىلەپ قېلىش پەيدا بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق قىزىلئۈڭگەچ ۋە يۇتقۇنچاق ئېتىلىپ ياكى تۇسۇلۇپ قالسا، بۇنداق ھالەتتە داۋالاش ئىمكانىيىتى يوق ياكى يېپىلىپ قېلىش ۋە كانالچىلىرىنىڭ تۇسۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئومۇرتقا مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىپ قېلىشىدىن بولسا ياكى قىزىلئۈڭگەچ ئىششىقى ياكى يۇتقۇنچاقنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقى ياكى قىزىلئۈڭگەچ ۋە يۇتقۇنچاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇسكۇللار ئىششىقى

قاتارلىقلار.

**سەۋەبى:**

يۇقىرىقى ئىششىقلارنىڭ سەۋەبى باشقا خىلدىكى ئىششىقلارنىڭ تەسىرى ياكى يېمەكلىك تەسىرىدىن بولىدۇ.

خىلىت ئېتىبارى بىلەن بۇخىل ياللۇغ تۆت خىل بولىدۇ، يەنى غەيرىي تەبىئىي قان، غەيرىي تەبىئىي سەپرا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتلىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا بۇخىل كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغى: بۇ كۆپىنچە بوشىشىپ كېتىشتىن مۇسكۇللار ئۆزئارا تۇتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئادەتتە بۇ خىلدىكى يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش بىرقەدەر ئاسان. گەرچە بۇ خىلدىكى يۇتقۇنچاق ياللۇغى 40 كۈنگىچە ئۇزىراپ كەتكەن بولسىمۇ ئادەتتە ئۇنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغى: قويۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا ياللۇغ يۇتقۇنچاق ئۈستۈنكى مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ.

سۇيۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا ياللۇغ يۇتقۇنچاقنىڭ ئاستىنقى مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغى: بۇ ئادەتتە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ياللۇغ ئادەتتە يامان سۇپەتلىك، ياخشى سۇپەتلىك، ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ياللۇغ دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇ كېسەللىك خىلىتى بەزىدە باشقا ئەزا تەرەپكە يۆتكىلىدۇ ياكى بىرەر ئورۇنغا يىغىلىشىپ يىرىڭ پەيدا قىلىدۇ.

يامان سۇپەتلىك يۇتقۇنچاق ياللۇغى: بۇ ئادەتتە ئىتسىمان بوغما كېسىلى (خەنناقى كەلبى) دېيىلىدۇ.

بۇ يۇتقۇنچاقنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىدا ئىششىق پەيدا بولىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا يۇتقۇنچاقنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇسكۇللىرى تەڭلا ئىششىپ قالىدۇ ياكى بويۇن ئومۇرتقىلىرى ئىچكى تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ. بۇخىل كېسەللىكتە بىمارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، تىلى سىرتقا چىقىپ قالىدۇ.

بوغما كېسىلىنىڭ كېسەللىك ماددىسى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە مايىل بولۇپ، ئۆپكىگە يېتىپ كەلگەن بولسا ئۆپكە ياللۇغى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر ئۈستى تەرەپكە مايىل بولۇپ نېرۋىلارغا يېتىپ بارغان بولسا نېرۋىدا كېسەللىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى يۈرەك تەرەپكە چۈشكەن بولسا كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئاشقازانغا چۈشكەن بولسا ئاشقازان كېسەللىكىنى پەيدا

قىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى كېسەللىكنى داۋالاش بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ.

ئىتسىمان بوغما كېسىلى بىرىنچى كۈندىن تۆت كۈنگىچە ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. بوغما كېسەللىكىدە ئالدى بىلەن يىقىلىپ قېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىكتە تۇيۇقسىز قىزىتما پەيدا بولۇش، چېچەك چىقىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قىزىتما پەيدا بولسا بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا قاتتىق نەپەسلىنىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ، بوغۇلۇپ قېلىش يۈز بېرىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئۇلۇغخان «يۇتقۇنچاق ئىششىقى ئالدى تەرەپ قىزىلئۆڭگەچ تەرەپلەردە بولسا ئۇنى داۋالاش ئاسانراق بولىدۇ. ئەگەر ئىششىق يۇتقۇنچاقنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە بولسا ئۇنى داۋالاش ئىنتايىن قىيىن» دەپ كۆرسەتكەن.

**تەكشۈرۈش:**

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ ئۆزى تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سەۋەبى ۋە ئورنى تەكشۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، يامان سۈپەتلىك ياكى ياخشى سۈپەتلىك ئىكەنلىكى، ساقىيىش ئۈمىدى بار - يوقلۇقى، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ يىرىڭ پەيدا قىلغانلىقى ياكى باشقا ئەزالار تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ.

بىمارنى تەكشۈرۈشتە گال ئاغرىش، يۇتۇش قىيىنلىشىش، نەپەس سىقىلىش قاتارلىقلار تەكشۈرۈلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ تومۇرى دەسلەپتە قالايمىقاندىن كېيىن، ئارقىمۇ ئارقا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قالايمىقان بولۇپ كۆزى پولتىيىپ سىرتقا چىقىپ قالغان بولسا، بۇ بوغما كېسەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، گالدىن بىر نەرسە ئۆتمەسلىك ۋە بىمار بىرەر نەرسە يۇتماقچى بولسا بۇرۇندىن چىقىپ كېتىش، ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپلەپ ئېقىش، گال ئۈستى بىر قولاقتىن يەنە بىر قولاقىچە يۇملاق شەكىلدە قىزىلغا مايىل بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بۇ بوغۇزلىغۇ (زەبھە) كېسەللىكى بولىدۇ.

ئەگەر نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىش بولۇپ ئىششىق ئىككىلا قولاقنىڭ تۈۋى ۋە بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسا، بۇ بوغما كېسەللىكى بولىدۇ.

ئەگەر بىمار ئىتقا ئوخشاش داۋاملىق ئېغىزىنى ئېچىپ تىلىنى چىقىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، قاتتىق بىئارام بولۇش، نەپەسلىنىش قىيىنلىشىش، بويۇننى ھەرىكەتلەندۈرەلمەسلىك، ئالدىغا ئېڭىشەلمەسلىك، بويۇن ئومۇرتقىلىرى ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ ئىت بوغما كېسىلى بولىدۇ.

كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈشتە سىيلاش ياكى كۆرۈش ئارقىلىق ئىششىق ئېنىقلانسا، قىزىلئۆڭگەچ ۋە يۇتقۇنچاق ئەزالىرىدا قاتتىق تارتىشىش بولسا ۋە بىماردا قەي قىلماقچى بولغاندەك بىرخىل ھالەت پەيدا بولسا، بۇ ئىسسىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكى بولىدۇ.

ئەگەر بۇخىل ھالەتتە نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىش بولسا، بۇ يۇتقۇنچاق ياللۇغىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر يۇتۇشتا قىيىنلىشىش بولسا، بۇ قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغىنىڭ ئالامىتى. لېكىن بەزىدە يۇتقۇنچاق ئىششىقى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىنمۇ يۇتۇش قىيىنلىشىدۇ.

بەزىدە قىزىلئۆڭگەچنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى ئىششىپ قېلىش سەۋەبىدىنمۇ نەپەس قىيىنلىشىش بولىدۇ.

ئەگەر ئېغىزنى ئېچىپ تەكشۈرگەندە ئىششىق تاشقى مۇسكۇللاردا بولۇپ كۆرۈلسە، بۇ ئانچە خەتەرلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئىششىق كۆرۈنمىسە ياكى سىرتىدىن سىيلاپ بىلگىلى بولمىسا، بۇ ئىششىقنىڭ ئىچكى مۇسكۇللاردا ياكى قىزىلئۆڭگەچتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ خەتەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يامان سۈپەتلىك ۋە ياخشى سۈپەتلىك ياللۇغىنىڭ پەرقى: يامان سۈپەتلىك ياللۇغ يۇتقۇنچاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە بولۇپ، قاراش، تۇتۇش ئارقىلىق سەزگىلى بولمايدۇ، بىر نەرسىنى يۇتالمايدۇ.

ياخشى سۈپەتلىك ياللۇغ قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئاخىرقى مۇسكۇللىرىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆرگىلى بولماسلىق ئەھۋالى بولغان تەقدىردىمۇ نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەر تەكشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ياللۇغىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپتە ئاغرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ، يەنى ئەگەر ئاغرىق ئېغىر بولۇپ، قاتتىق ئاغرىپ كەتكەندە گال ۋە يۈزدە كۆپۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىتما بولسا، بۇ ياللۇغىنىڭ ئىسسىق تەبىئەتلىك بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي قان ياكى سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش ئېغىر بولمىسا، بۇ ياللۇغىنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىل ۋە گالنىڭ رەڭگى تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر تىلنىڭ رەڭگى قىزىل، ئېغىز تەمى تاتلىق بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىرايى قىزىل بولۇش، باش ۋە يۇتقۇنچاق ئەتراپىدىكى تومۇرلار توسۇلۇپ كېتىش، يۇتقۇنچاق قىزىق بولۇش، تومۇرلار قاتتىق سوقۇش، ئېغىر دەرىجىدىكى تارتىشىش خاراكتېرلىك ئاغرىش، نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىش، بەدەن ئېغىر بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ

ياللۇغ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تىلنىڭ رەڭگى سېرىق ئېغىز تەمى ئاچچىق بولۇش، گالدا ئېچىشىش بولۇش، ئېغىز قۇرۇق بولۇش، كۆپ ئۇسساش، قاتتىق ئاغرىش ۋە چوقۇلۇپ ئاغرىش، ئۇيقۇسىز-لىق، بىئاراملىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا ئىششىق غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى-دىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تىل ھەم ئىششىقنىڭ رەڭگى ئاق، ئېغىز تەمى چۇچۇمەل ياكى تۇزلۇق بولۇش، چىرايى ۋە كۆزلىرى پارقىراپ قېلىش، چىرايى ئاقىرىش، ئېغىزدىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىش، ئاغرىش يېنىك بولۇش، گالدا سىقىلىش كۆپ بولسىمۇ لېكىن بىرەر نەرسىنى يۇتۇش، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارارەت كەم بولۇش، قىزىتما ۋە ئېچىشىش بولماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ ياللۇغنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈ-رىدۇ، بۇنداق ھالەتتە بەلغەم ماددىسى سوغۇق ۋە شىلىمشىق بولۇپ، ئىششىق يۇتقۇنچاق ۋە تامغاق ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇ ئاستىنقى مۇسكۇللارغا تارقالمايدۇ.

ئەگەر بەلغەم خىلتى ئىسسىق ۋە يۇمشاق بولسا بۇ ئىچكى مۇسكۇللارغا تارقاپ شۇ يەرلەردىمۇ ئىششىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ۋە چىرايىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇپ، ئېغىزنىڭ تەمى چۇچۇمەل ۋە ئاچچىقراق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىششىقتا قاتتىقلىق بولۇش، ئەزالاردا يىرىكلىك بولۇش، كىچىك تىل ۋە تىلدا قۇرۇقلۇق بولۇش، ئىششىغان ئورۇندا بېسىلىش بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بۇ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ياللۇغ بولىدۇ. بۇ خىل ياللۇغ ئادەتتە ئاستا - ئاستا پەيدا بولىدۇ ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك ئىششىق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئىششىققا ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئارىلىشىپ كەلگەن بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ مۇرەككەپلەش-كەن خىلتىدىن پەيدا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل كېسەللىكتە يۇقىرىقى ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمىسا، بويۇن ئىچكى تەرەپكە ئېگىلىپ كەتكەن بولۇپ، بويۇن ئومۇرتقىلىرى ئورنى بوش قالغاندەك ھېس قىلسا، سىيلاش ئارقىلىق ئاغرىش مەلۇم بولسا، يۇتقۇنچاق سىرتقا چىقىپ قالغان بولۇپ، بىمار بېشىنى ئۇستى ياكى ئوڭ - سول تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرەلمىسە، ئېغىزنى ئاچالماسلىق، ئوڭدا ياتمىغۇچە گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ بوغما كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بويۇن ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئۆز ئورنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئومۇرتقىلارنىڭ ئۆز جايىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمىسا ۋە ئېغىزدا قۇرۇقلۇق بولۇپ قايناق سۇ ئىچكەندە قۇرۇقلۇق يوقالسا، بۇ نەپەسلە-نىش نېرۋىلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن بولغان بوغما بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر مەۋجۇت بولمىسا، بوغما كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق ئەھۋالى، زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلغانلىق ئەھۋالى، مۇنچىغا كۆپ چۈشۈش ئەھۋالى، قان خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىش ئەھۋالى، ئاشقازاندا سۇت ئۇيۇپ قېلىش ئەھۋالى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇرت پەيدا بولۇش ئەھۋالى، يۇتقۇنچاق بوشىشىپ كېتىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئېنىقلىنىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرى مەۋجۇت بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى شۇ خىل ئەھۋالدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بوغما كېسەللىكىدە نەپەس قىيىنلىشىش، ئۇخلىغاندا نەپەس يۇتۇنلەي توسۇلۇپ قېلىش، بوينى تومپىيىپ قېلىش، يېنىچە ياتالماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ يامان سۈپەتلىك بوغما كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ھەققە بەقرات «بوغما كېسەللىكىدە يۇتقۇنچاق ۋە بويۇندا ئىششىق ۋە قىزىللىق بولمىسا ۋە ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش ۋە نەپەس ناھايىتى قىيىنلىشىش ئەھۋالى بولسا، بۇ يامان سۈپەتلىك بوغما كېسەللىكى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا بىمار تۆت كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر بوغما كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ چىرايى كۆكىرىپ قېلىش، قاپاقلىرى قارىداپ قېلىش، تومۇر ھەرىكىتى كىچىك بولۇش، قول ـ پۇتى سوغۇق بولۇش، تىلى قاتتىق قارىغا مايىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولۇپ ساقىيىش ئۈمىدى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ نەپەسلىنىش ھەرىكىتى نورماللىشىپ، يېنىك ـ تېيىز نەپەسلىنىشكە باشلىغان بولسا، بۇنىڭدا ساقىيىش ئۈمىدى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تاشقى تەرەپتىن يېرىلىش بولماستىن بوغما كېسەللىكنىڭ ئىششىقى ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىغان بولسا، بۇ كېسەللىك ماددىسىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ ۋاقىتتا تومۇر ھەرىكىتى دولقۇنسىمان چوڭ بولۇش ۋە يۆتەل بولۇش ئەھۋالى بولسا، بۇ ماددىنىڭ ئۆپكە تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتىدە تەشەننۇجنىڭ ھالىتىدەك ھالەت بولسا، ماددىنىڭ نېرۋا تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى ۋە ئاز ۋاقىت ئىچىدە يىغىلىپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ كىچىك ۋە قالايمىقان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن يۈرەك ئېغىش ۋە ھوشسىزلىنىش پەيدا بولسا، بۇ ماددىنىڭ يۈرەك ئەتراپى تەرەپكە يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇنداق ھالەتتە ئاشقازان ئاغرىش ۋە كۆڭۈل ئاينىش پەيدا بولغان بولسا، بۇ ماددىنىڭ ئاشقازانغا يۆتكەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن، مۇنزىچ ۋە مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئۇندىن باشقا چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىشمۇ بۇخىل كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىگە قارىتا كۈچلۈك سۈۋۈتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىگە قارىتا يېنىكرەك خىلدىكى سۈۋۈتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىگە قارىتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە يۇمشاتقۇچى تەدبىرلەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

بوغما كېسەللىكىگە دورا بەرگەندە ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىدىغان دورىلار ئىلمان ھالەتتە بېرىلىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلىتى ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا، بارلىق ئامال بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا غار - غار قىلىش تازىلاشتىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. دەسلەپتە كېسەللىك ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئاخىرىدا يۇمشاتقۇچى دورىلار قوللىنىلىدۇ، ئۇندىن باشقا پۇتقا لوڭقا قويۇش، پۇتنى باغلاش، پۇت - قولنى مۇجۇش ۋە ئىسسىق ساقلاش قاتارلىق تەدبىرلەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىتنى گالدىن ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇنىڭدا ماددىنى بەدەننىڭ ئىچكى تەرىپىدىن سىرتقا تارتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى لوڭقا قويۇش.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بوغما كېسەللىكى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: بۇغداي كېپىكى، ئىكىلىلمىلىك، بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زۇپا، تۇز قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈيى ئارقىلىق قورساق قىزارغانغا قەدەر يۇيۇش كېرەك. جەدۋارچىنى تالقىنى، يۇمغاقسۈت سۈيى، شوخلا سۈيى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋۈلىدۇ. خىيارشەنبەر زىماد شەكلىدە ياكى غار - غار شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

باقىلە، شۇمشا ئۇرۇقى، ئارپا قاتارلىقلارنىڭ يارمىلىرى ھەر بىرى بىر ھەسسە، خورما ئۇكچىسى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى يېرىم ھەسسە، سوغۇقتىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە ئاچچىقتاۋۇز، ئىسسىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە گىل ئەرمىنى تۆت ھەسسە قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئىسسىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن، سوغۇقتىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە توخۇ تۇخۇمىنىڭ يېغى بىلەن زىماد تەييارلاپ گالغا سۈۋۈلىدۇ.

ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ئەنجۈر، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىرەرىنى ئېلىپ قاينىتىپ، ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

كۆنجۈت يېغى، يۇمغاقسۈت سۈيى، شۇمشا لوئابى ھەربىرى بىر ھەسسە، سىركە يېرىم ھەسسە، زىرىق ئۇسارسى تۆت ھەسسە قاتارلىقلارنى ياغ قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، بۇ ياغنى ئىسسىقتىن بولغان بوغمىدا سوۋۇتۇپ، سوغۇقتىن بولغان بوغمىدا ئىسسىتىپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

رەۋغىنى كەتان بىلەن كۆنجۈت يېغى بىرلەشتۈرۈلۈپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

سەرپىستان بىر ھەسسە، شۇمشا، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى ھەربىرى يېرىم ھەسسە، بىخ كەبىر پوستى تۆت ھەسسە قاتارلىقلارنى ئون ھەسسە سۇ بىلەن قاينىتىپ، تۆتتىن بىرى قالغاندا بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

ھەكىم ئەلىخان «مۇۋاپىق مىقداردا موميا بىلەن سىركەنجىۋىل بېرىلسە بوغما كېسەل-لىكى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەنتاكى «مومىيانى مائۇلھەسەل بىلەن ئېرىتىپ، غار - غار قىلدۇرۇلسا، بوغما كېسەللىكى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ھېكىم شېرىپخان «غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك بوغما كېسەللىكى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك بوغما كېسەللىكىدە ياكى ئىسسىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا مۇميا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

مەمدۇ دېگەن تېۋىپ «ئەگەر بىمار بوغما كېسىلىگە كۆپ گىرىپتار بولسا، چۆپچىن ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم. ئەگەر بەدىنى كۈچلۈك بولسا 2~3 كۈنگىچە يېمەكلىك بەرمەسلىك لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارپا ئېشى قاتارلىق سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر ئىستې-مال قىلدۇرۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە يۇتقۇنچاق ياللۇغى سەۋەب ئېتىبارى بىلەن بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا داۋالاش ئۇسۇللىرى سۆزلىنىدۇ:

## 1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج خناق دموی

بۇنىڭدا ھەممىدىن بۇرۇن قىيپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئىككى قۇلاقنىڭ ئاستى ۋە بويۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا، پاچاقلارغا، بويۇن ئاستىغا، ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. قان ئېلىش ۋە لوڭقا قويۇشلاردا بىمارنىڭ ئەھۋالى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇش لازىم. قان ئالغاندا بەك كۆپ ئېلىۋەتمەسلىك لازىم.

ئۇندىن باشقا ئېغىز يارىسى كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىل-دۇ. جەدۋارنى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ياكى ياۋا شوخلا سۈيىگە چىلاپ گالغا تېڭىلىدۇ. ئىسپىغۇل لوئابى ۋە كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

خىيارشەنبەرنى كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن ئېرىتىپ، ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

ئەگەر گال ئىششىقىدا قاپارتما بولسا، مۇناسىۋەتلىك نۇسخىغا ئەرقى شاھتەرە، ئەرقى نېلۇپەر ھەربىرى 48 مىللىلىتىر، ئەرقى شوخلا 60 مىللىلىتىر، خاكشىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن بۇ نۇسخا تەركىبىدىكى نېلۇپەر شەربىتىنىڭ ئورنىغا بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئىككى گرام زىرىق ئۇسارىسى، مۇردارسەنگى، گىل ئەرمىنى ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئىككى گرام قىزىل سەندەل قوشۇپ، يەرلىك شوخلا سۈيىدە ئېرىتىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۇۋىلىدۇ ۋە زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ.

كېسەللىك ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن بېھى ئۇرۇقى، ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ئۈچ گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى تۆت گرام، قوغۇن ئۇرۇقى ئالتە گرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان توققۇز دانە قاتارلىقلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەن سۈزۈپ، ئۇنىڭغا تۆت گرام تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، 24 گرام بىنەپشە شەربىتى ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن خىيارشەنبەرنى كۆك يەرلىك شوخلا سۈيى بىلەن ئېرىتىپ، يەرلىك ئورۇنغا سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر چىش مىلىكلىرىدە ئىششىق بولسا، سۇۋۇتقۇچى تەدبىرلەر ۋە زۇلۇك قۇرتى قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئانارگۈلى، كۆكنار ھەربىرى تۆت گرام يەرلىك شوخلا، گەزمازەج، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، چالا سوقۇلغان فۇپەل ھەربىرى ئالتە گرام، جوز، سەۋزە بەش گرامدىن، بەزرۇلبەنجى ئىككى گرام، لايىقلاشتۇرۇلغان نوقۇت 12 گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن خىيارشەنبەرنى كۆك يۇمغاقسۇت سۈيىدە ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئاق كەتھىندى، قىزىلگۈل سېرىقى، تاباشىر، نېلۇپەر گۈلى، ئاقلانغان نوقۇت، نىشاستە، سوقۇلغان گاۋزىبان قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئېغىزغا سېپىلىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش بولسا سۇۋۇتقۇچى دورىلار تەركىبىگە ئاق لەيلى يىلتىزى قوشۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ۋە ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىنىسىنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا نېلۇپەر شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بوغما كېسەللىكى بىلەن بىللە قىزىتما ۋە باش ئاغرىش بولسا، سۇۋۇتۇش ئۈچۈن ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، چىلان شىرىسى، ئىسپىغۇل لۇئابى، بىنەپشە شەربىتى ۋە خاكشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر زۆرۈر بولسا قىيپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئۇندىن كېيىن لوڭقا قويۇلىدۇ

ۋە مۇرگە زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەرلىك شوخلا ئالتە گرام، چىلان بەش دانە، ئەينۇلا يەتتە دانە قاتارلىقلارنى ئەرقى شاھتەرردىن 60 مىللىلىتىرغا ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سىقىپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇلۇك ئۆرۈكى شىرىسى، تەرخەمەك ئۆرۈكى شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرام، شەربىتى نىلۇپەر ۋە خاكشىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا گۆش، شويلا مۇۋاپىق مىقداردا نان بېرىلىدۇ.

ئەگەر نەزلە ۋە زۇكام ھالىتىدە كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسا، سوۋۇتقۇچى دورىلارنىڭ ئورنىغا شىرىسى بار دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنى بەش دانە چىلاننى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا بېھى ئۆرۈكىنىڭ لوئابىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا ئۇسۇلۇك ئۆرۈكى شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئىسپىغۇل لوئابى 12 گرام، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى 144 گرام، ئۇجمە سۈيى قىيامى 24 گرام قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى ئىغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ياغسىز شويلا بېرىلىدۇ. ئەگەر بوغما كېسەللىكى بىلەن بىللە قىزىتما بولۇپ گالدا ئېچىشىش ۋە ئىغىزى قىزىشىش بولسا ۋە بۇ ۋاقىت دەل ياز پەسلى بولسا، لوڭقا قويۇش ۋە زۇلۇك قۇرتنى قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن چىلان، ئەينۇلا، نىلۇپەر قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا تاۋۇز ئۆرۈكى مېغىزى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە خاكشى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كۆكنار، يەرلىك شوخلا، ئانارگۈلى، موزا، خېنە ياغىچى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، خەشخاش پوستى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ ئىغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلىگۈلى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، خەشخاش پوستى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، خىيارشەنبەر، تازىلانغان يەرلىك شوخلا سۈيى، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە جەدۋار بىلەن زىرىق ئۇسارىسىنى كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن ئېزىپ گالغا سۈۋۈلىدۇ.

ئەگەر بوغما كېسەللىكىدە بىرەر نەرسە يۇتۇش قىيىنلىشىش بىلەن بىرگە بىمار ياش بولسا، بوينىغا زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ ۋە بېھى ئۆرۈكى، چىلان، نىلۇپەر قاتارلىقلارنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا تاۋۇز ئۆرۈكى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ياكى بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى تاۋۇز ئۆرۈكى ئورنىغا تەرخەمەك ئۆرۈكى شىرىسى، ئۈچىنچى كۈنى ئۇسۇلۇك ئۆرۈكى شىرىسى، تۆتىنچى كۈنى قاپاق ئۆرۈكى مېغىزى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئىششىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى ۋە ئىسپىغۇل لوئابىغا خىيارشەنبەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئىغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆك يۇمغاقسۇت تاپقىلى بولمىسا ئورنىغا ئەرقى شاھتەررە ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا جەدۋار قاتارلىقلارنى كۆك

يۇمغاقسۇت سۈيىگە چىلاپ گالغا سۇۋىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت بىلەن ئېتىلگەن شويلا ۋە ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى نۇسخىلارغا زەھرى - مۇھرى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇپ ئېغىزى قىزىق بولسا گالدىن سۇ ئۆتمىسە، سۇ ئىچكەندە قۇلاق ۋە گالدا غىدىقلىنىش بولسا، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، چىلان شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، نېلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى يۇقىرىقى سۆزلەنگەن نۇسخىغا كاسىنە شىرىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ. بىر قېتىم لوڭقا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسھىل مۇبارەك يەنى خىيارشەنبەر، ئەينۇلا، تەرەنجىبىن، گۈلقەنت، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە بادام يېغى تېمىتىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن چىلان، نېلۇپەر، گۈل بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، سەرپىستان سانا، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ۋە گۈلقەنت قاتارلىقلارنىڭ چىلانمىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم سۈرگۈ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسپىغۇل لۇئابى، ئەرقى گۈل، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى قاتارلىقلار بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى كۆملاچ دورىلار ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ ۋە كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، چىلان شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئەرقى تۇرۇنجى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارغا زەھرى - مۇھرى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن گالدا قاتتىقلىق مەلۇم بولسا، زورەنبات، زەنجىۋىل، سېرىق سەبرە قاتارلىقلارنى كۆك يۇمغاقسۇت سۈيىگە چىلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سۇۋىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن جەدۋارنى سىركىگە چىلاپ سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر بوغما كېسەللىكىدە يۇتۇش قىيىنلىشىش بىلەن ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش بولسا قىيپال تومۇردىن قان ئالغاندىن كېيىن گۈل بىنەپشىنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى ۋە خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كۆكنار، ئانارگۈلى، لايىقلاشتۇرۇلغان نوقۇت، قۇرۇق يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۈجمە سۈيى قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

ئەگەر خىلىت مۇرەككەپ بولسا ئۇستقۇددۇس، شاھتەررە، نېلۇپەر قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كۆكنار، گەزمازەج، موزا، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئېغىز چايقاشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ قوللىنىلىدۇ: شاتۇت قىيامى 15 گرام، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى ياكى نوقۇت سۈيى 12 گرام قاتارلىقلار ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

ئۇجمە ياغىچى ياكى يەسىمەن ياغىچىنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا خىيارشەنبەر مېغىزى، ئەنجۈر ياكى ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك مەتبۇخقا چىلاپ ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

زىغىر ئۇرۇقى، ئىكلىلمىلىك ھەربىرى ئىككى گرام، نوقۇت 48 گرام، يۇمغاقسۇت 36 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى توققۇز گرام، خىيارشەنبەر 36 گرام قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن سۇۋاشقا تۆۋەندىكىلەر ئىشلىتىلىدۇ: جەدۋار چىنى، رەۋەن چىنى ھەربىرى ئۈچ گرام، ئەپيۇندىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ئىلمان سۇ بىلەن يەرلىك ئورۇنغا سۇۋىلىدۇ.

باقىلە ئۇنى، نىشاستە، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ گالغا سۇۋىلىدۇ. ئەگەر ئىششىقتا بوششىپ كېتىش بولۇپ ئۇنىڭ رەڭگى سارغىيىپ قالغان بولسا، بۇ خىلىت پىشقانلىقنىڭ ئالامىتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: نۈشۈدۈر، تۇز، كۈنجۈت يېغى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالدا غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالغان بولسا سېرىقماي ۋە قايناق سۇ بىلەن ياكى مائۇلھەسەل بىلەن ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن خۇنسىياۋشان ۋە سەمغى ئەرەبى قاتارلىقلار بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن ئىششىق ئېغىز ئالمىسا، بارماق ياكى تىغ ئارقىلىق كېسىپ ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر جاراھەت بولسا قىزىلئۆڭگەچ يارىسى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئەگەر بىمارنىڭ ھالىتى قان ئېلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە ۋە ماددا پىشقىچە بىرخىل ھالەتنى ساقلىيالمىسا قان ئېلىشتا بىرنەچچە كۈن ئارقىمۇ ئارقا 18 ~ 36 گرامغىچە قان ئېلىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن نەپەس قىيىنلىشىش ياخشىلىنىدۇ، لېكىن كېسەللىك ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەن بولسا قان ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئەگەر بوغما كېسەللىكى باشقا بىر ئەزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا ياكى باشقا بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا ياكى توشۇپ قېلىش پۈتۈن بەدەندە بولماستىن بەلكى خىلىت پەقەت گالنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالاردىلا بولسا ۋە خىلىتنى تارقىتىۋېتىشنىڭ زىيىنى بولمىسا قان ئېلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە لوڭقا قويۇش، ئوزۇقلۇقنى چەكلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئوزۇقلۇقنى چەكلىگەندە بەدەن قان ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خىلىت ئالمىشىپ ئىششىق تەرەپتىن يۆتكىلىدۇ.

ئەگەر بەدەن ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولۇپ گالدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىسە، تىلنىڭ ئاستىدىكى تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گال ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدا تىلنىڭ

ئاستىدىكى تارتىشىپ سىرتقا چىقىپ قالغان تومۇر كېسىپ تاشلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنىڭ دەسلىپىدە قابىزلىققا ئىگە دورىلار قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە قاتتىق ئاغرىش بولسا، قابىز دورىلار بىلەن بىللە ئاغرىق توختاتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىسسىق خىلىت چۆكۈش سەۋەبىدىن قاتتىق ئاغرىش بولسا، بۇ ۋاقىتتا تارقاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر خىلتنىڭ چۆكۈشى ئانچە كۆپ بولمىسا ۋە ئىششىقمۇ كۆچلۈك بولمىسا موزا، نۆشۇدۇر قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تارقىتىش ۋە قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق خىلتنىڭ چۆكۈشنى چەكلەش ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىش ئۇنۇمىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئىششىقلارنى ئېغىز ئالدۇرغىلى بولىدۇ.

بەزى تېۋىپلار بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن:

يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ بىرەرسى ئارقىلىق خەنناق كېسەللىكى ساقايمىسا ۋە ئېغىزنىڭ ئىچىدە ياللۇغ بولسا نەشتەر ئارقىلىق قان ئېلىنىدۇ.

ئەگەر قاننىڭ يىرىڭغا ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئىششىقنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇمشاقلىق ۋە بوشىشىپ كېتىش بولسا، لېكىن ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئالمىسا، ئۇ ئېغىز ئالدۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى موزا، ئانارگۈلى، زەمچە، ئانار پوستى قاتارلىق قابىز ۋە ئېغىز ئالدۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مۇمكىن بولسا غار - غار قىلدۇرغاندا بارماق ئارقىلىق بېسىپ سىناپ بېقىش لازىم.

ئەگەر بۇ ئارقىلىق ئىششىق ئېغىز ئالمىسا تىغ ئارقىلىق تىلىپ، يىرىڭ چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ «يىرىڭ تازىلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن موزىنى سەۋسەن يىلتىزى بىلەن قايناتىپ ئېغىز چايقىغۇزۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا دەسلەپتە ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا نوقۇت قوشۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ، ئېغىز ئالغاندىن كېيىن بۇغداي كېپىكى، بادام يېغى، قەنت قاتارلىقلاردىن ھالۋا تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ماش، قاپاق، گۆرۈچ قاتارلىقلار يۇمشاق پىشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر خەنناق كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى بەلغەم ياكى سەپرا خىلتى ئارىلاشقان غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا ئالدى بىلەن قىيپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە ئۈچ كۈنگىچە خىيارشەنبەردىن 36 گرامنى 250 گرام كالا سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى بىلەن قايناتىپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە سىرتىدىن كۆك كەشنىز، كۆك شوخلا ھەربىرى توققۇز گرام، ئۇسۇڭ سۈيى، سۆگەت شېخى سۈيى، شوخلا سۈيى ھەربىرى 12 گرام،

سىركەنجۇبىل سادده 36 گرام قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ساقىيالمىسا تۆتىنچى كۈنى پۇت ۋە بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىگە لوڭقا قويۇلىدۇ ۋە پاقىيوپۇرمىقى بەرگى، كۆك شوخلا بەرگى، گۈل بىنەپشە، ئارپا يارمىسى، ئەدەس ھەربىرى 12 گرام، تېرىق 36 گرام قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ سۈۋىلىدۇ ۋە چىلان يەتتە دانە، ئەدەس، شوخلا، يۇمغاقسۈت، ئانارگۈلى ھەربىرىدىن 24 گرام ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، 12 گرام زىرىق ئۇسارسى ۋە 24 گرام قارا ئۈجمە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقى تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن بىرەر نەرسە يۇتۇش مۇمكىن بولسا، خىيار شەنبەر 84 گرام، گۈلقەنت، تەرەنجىبىن ھەربىرى 48 گرام، شىرخىشت 84 گرام قاتارلىقلارنى 500 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 60 گرام شەربىتى ئەينۇلا مۇسھىل، بادام يېغى يەتتە گرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە، تەبىئەت راۋانلىشىدۇ. ئاخشىمى ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت يارمىسى سۈيى بېرىلىدۇ. كەچلىك تاماق بېرىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن سىركەنجۇبىل سادده 36 گرام، قارا ئۈجمە شەربىتى، ئەرقى گۈل، ئەرقى شوخلا ھەربىرى 250 مىلللىتىر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى، كاسىنە ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ھەربىرى توققۇز گرام، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى 60 مىلللىتىر ئەرقى گۈل، 108 مىلللىتىر ئەرقى شوخلا قاتارلىقلارغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 36 گرام بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە ئۈچ گرام ئىسپىغۇل ۋە ئۈچ گرام رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە 3 ~ 4 قېتىم تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ماددا تازىلانغان بولسا نوقۇت يارمىسى، پالەك، كۆك يۇمغاقسۈت قاتارلىقلار پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىقمۇ ئىششىقى تارقىمىغان ۋە تەبىئەت يۇمشىمىغان بولسا، ئۇلۇۋىخان ئىجاد قىلغان مۆتىدىل تەبىئەتلىك يەڭگىل كلىزما ئارقىلىق كلىزما قىلىنىدۇ ۋە بويۇننىڭ ئىككىنچى ئومۇرتقىسىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بىمارغا سۇيۇق ھالەتتىكى ئاسان يۇتالايدىغان يېمەكلىك بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بۇغداي كېپىكى ئۈمىچى ياكى ئارپا ئېشى قاتارلىقلار.

## 2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج خناق صفراوى

بۇ كېسەللىككە قارىتا غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە قوللىنىلغان قان ئېلىش، تازىلاش، سوۋۇتۇش، غار - غار قىلدۇرۇش، سۈۋىمىلارنى

سۇۋاش قاتارلىق تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ ۋە ئۇندىن باشقا تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن پەۋاكىھ ئولۇۋخان، شەربىتى ۋە رىد ياكى نۇقۇئى پەۋاكىھغا خىيارشەنبەر ۋە شىرخىشت ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن يۇمغاقسۇت، شوخلا، ئاق سەندەل، سۇماق، ئەدەس ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇجمە قىيامى 36 گرام، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، كاسنە ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئېغىز چايقاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بېرىلىدۇ. سۇماقنى ئەرقى گۇل بىلەن قاينىتىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئىسپىغۇل لۇئابى يالغۇز ھالەتتە ياكى ئۇنىڭغا كۆك يۇمغاقسۇت سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

ئەدەس 24 گرام، بەزرۇلبەنجى ئالتە گرام، شوخلا، گەزمازەج، مۇزا، ئانار پوستى، ئانارگۇلى ھەربىرىدىن 24 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا يەتتە گرام ئىسپىغول لۇئابى، 24 گرام ئۇجمە سۈيى قىيامى، 60 گرام ئۇجمە ياغىچى سۈيى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. ھۇمماز ياغىچى سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىگە قوللىنىلغان تارقاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە تارقىتىشقا قارىغاندا سوۋۇتۇشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە غار ـ غار سۇلىرىغا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، تاۋۇز سۈيى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار بىلەن نېلۇپەر شەربىتى بىرگە بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچتا بولسا بۇغداي كېپىكىنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئەگەر خىلتنىڭ مىقدارى كۆپ بولمىسا ئۇنى تارتىش ئۈچۈن توغىرغۇ سىركە، قىچا، سۇزاپ قاتارلىق تارقاتقۇچى دورىلار گالغا سۇۋىلىدۇ ۋە تىلما لوڭقا قويۇلىدۇ.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج خناق بلغمى

بۇنىڭغا قارىتا دەسلەپتە خىلتنى پىشۇرغۇچى دورىلار بىلەن بەلغەم خىلتى پىشۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى ئايارەج ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى بۇغداي كېپىكى، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئەنجۇر، قەنتەرىيون، شەھمەنزەل، بۆرە ئەرمىنى، تۇز، قىزىل شېكەر، ئاچچىقسۇ، رەۋغىنى سەۋسەن قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق ئۆتكۈر كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئاچچىق سۇ ۋە شاتۇت قىيامى ياكى ئەنجۈر، تۇرۇپ قاتارلىقلار بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمىلىك، جەدۋار، زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا، شوخلا ھەربىرى ئۈچ گرام خىيارشەنبەر 18 گرام، سەبرە 12 گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە سۇۋالما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا سىركە بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلسىمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئۇندىن كېيىن ئاچچىقسۇ ۋە ھەسەل ياكى چىلان قىيامى ياكى سىركەنجىۋىل ئەنسىلى ۋە تۇرۇپنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ياكى قىچا، ئۈزۈم، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ: 500 گرام مائۇلھەسەل بىلەن تۆت گرام تالقانلانغان قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. سىرتىدىن نۆشۇدۇر، ئاقىرقەرھا توغرىغۇ، قارىمۇچ قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پۈركەلمە ياساپ گالغا پۈركىلىدۇ.

ئارپا سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. سەۋسەن يىلتىزى، خېنە يېغى، ئاق موم قاتارلىقلاردىن سۇۋالما تەييارلاپ گالغا سۇۋىلىدۇ. داكا ياكى يۇمشاق پاختا رەخت ئارقىلىق گال تازىلىنىپ تۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك كونىراپ قالغان بولسا، گالنىڭ ئىچكى تەرىپىگە دارچىن ياكى زىرىق ئۇسارىسى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىشكە بېرىلىدۇ.

بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەببى قوقىيا ياكى ھەببى ئايارەج ۋە ياكى ئۆتكۈر كلىزما ئىشلىتىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار بۇ كېسەللىككە قارىتا دەسلەپتە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بەديان، بەديان يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سۈرگۈ بېرىش ئۈچۈن سۈرگۈ بېرىلىدىغان كۈنى ئۇنىڭغا ئالتە گرام تۇربۇت، ئىككى گرام زەنجىۋىل، 12 گرام سانا، 72 گرام خىيارشەنبەر قاتارلىقلار قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاخىرقى كۈنلىرى بۇ نۇسخىغا يەتتە دانە ئەنجۈر، تۆت گرام بادرەنجى بۇيا، تۆت گرام ئىزخىر گۈلى قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ كېسەللىك بىلەن نەزلە خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بىرگە كەلگەن بولسا، يۇقىرىقى دورىلارغا ئۇستىقۇددۇس بىلەن گۈل بىنەپشە قوشۇلىدۇ ۋە بەديان، بەديان يىلتىزى، ئۇستىقۇددۇس، بەزرۇلبەنجى، كۆكنار ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ قاينىتىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى 12 گرام قىچا ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرسىمۇ بولىدۇ.

سىرتىدىن سەندەل، رۇسۇت، قىزىلگۈل، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتقۇچى دورىلار گالدا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ قويغان بولسا، ساپ سۈت بىلەن گۈل يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. سىرتىدىن بابۇنە، سېرىقچېچەك، ئىكلىلمىلىك، زەپەر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، رەۋغىنى نەرگىس ياكى رەۋغىنى ناردىن بىلەن بىرلەشتۇرۇپ گالغا سۈۋىلىدۇ، ئەگەر خىلىت توپلىشىۋالغان بولسا ئۇنى پىشۇرۇپ ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەنجۇرگە بۆرە ئەرمىنىنى ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ھىلى، بۆرە ئەرمىنى، نۆشۇدۇر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پۇركەلمە ياساپ گالغا پۇركىلىدۇ ياكى ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن خېمىرتۇرۇچ (پاگى) ۋە ئاش تۇزى قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ ياكى زىغىر ئۇرۇقى لوئابى ۋە شۇمشىغا نەمەكى ھىندى ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە گالنىڭ ئۈستى تەرىپىگە زۇپتى رۇمى، توغرىغۇ، قىچا، سۇزاپ ھەربىرىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ.

ئىششىق ئېغىز ئالغاندىن كېيىن كالا يېغى، ئىلمان سۇ، ھەسەل قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، ئادەتتە بۇ غار - غار يىرىڭ تازىلىنىپ بولغانغا قەدەر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يارىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج خناق سوداوى

بۇ كېسەللىككە قارىتا پاچاقلارغا لوڭقا قويۇش، بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بابۇنە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، پۇتنى يۇيۇش، پۇتنى ئوبدان سىيلاش، مۇجۇش، بىمارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ ئۇخلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

دورىلاردىن چىلان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئارپا سۈيىگە بىنەپشە شەربىتى ياكى نىلۇپەر شەربىتى ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا مۇنزىچى ئارقىلىق ماددىنى يۇمشىتىش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنىڭ مۇسھىلى ھەببى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلىنىدۇ ياكى تازىلاش ئۈچۈن سانا 18 گرام، قەنتەرىيون، ئاق تۇربۇت، بەدىيان، مەرزەنجۇش ھەربىرى يەتتە گرام، چىلان، سەرپىستان، ئەنجۇر ھەربىرى ئون دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، ئىكلىلمىلىكتىن 24 گرام ئېلىپ، 1500 مىللىلىتر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 48 گرام خىيارشەنبەر، 36 گرام ئاچچىقسۇ، زەيتۇن يېغى، يەسمەن يېغى ھەربىرى 36 گرام، ئۈچ گرام توغرىغۇ، بىر گرام ئاچچىقتاۋۇز قاتارلىقلارنى قوشۇپ، قائىدە بويىچە كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: شوخلا،

كۆكنار، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، زىغىر ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۇزۇپ، ئۇنىڭغا زىرىق ئۇسارىسىدىن ئالتە گرامنى سىپىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

نىلۇپەر ئۇرۇقى، نامازشامگۇل ئۇرۇقى، زىغىر، ئىكىلىملىك، يەرلىك شوخلا ھەربىرى 12 گرام، 48 گرام ئاپپىلىسىن شىرىسى قىيامى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە غار ـ غار تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

خىيارشەنبەرنى سۇتكە چىلاپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم، ئەنجۈر، شۇمشا قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۇزۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

شۇمشا شىرىسى، زىغىر ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار گالنىڭ ئۇستى تەرىپىگە سۇۋى-لىدۇ. داۋائىل ھورمىل غار ـ غار ۋە ئېغىز تېمىتىلمىلىرى شەكلىدە بېرىلىدۇ. بابۇنە بەرگى، نىلۇپەر ئۇرۇقى، مەرزەنجۇش، شۇمشا، زىغىر، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى قاتارلىق-لارنى سوقۇپ، نەغمز گۇل يېغى، ئۆردەك يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، گالنىڭ ئۇستى تەرىپىگە سۇۋالسا قېتىپ قالغان ئىششىقنى داۋالاش ئۇچۇن پايدىلىق. بابۇنە، سېرىقچې-چەك، زەپەر، ئىكىلىملىك، نەغمز گۇل يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىششىققا تېڭىلىدۇ. ئەنجۈر، شۇمشا قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر شىرىسى ئارىلا-شتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى ھەربىرى 18 گرام، سېرىق ئەنجۈر، چىلان، سەرپىستان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ھەربىرى 72 گرام، پىننە، مەرزەنجۇش، سۆئتەر ھەربىرى يەتتە گرام قاتارلىقلارنى 1000 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا 36 گرام خىيارشەنبەر شىرىسى ۋە 12 گرام تاتلىق ئانار قىيامى ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تارقاتقۇچى سۇۋالمىلار ۋە زىمادلار، راك كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بىنەپشە شەربىتى، تاتلىق بادام يېغى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ بېرىلى-دۇ.

بىمار سۆزلەش، ۋارقىراش، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاش، سەۋدا خىلتىنى كۆپەيتكۈچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش قاتارلىقلاردىن چەكلىنىدۇ.

تۆۋەندە باشقا تۇردىكى يوتقۇنچاق كېسەللىكى تۆۋەندىكى تۇرلەرگە بۆلۈنۈپ ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىنىدۇ:

## 5. بوغۇز ياللۇغى(زەبەھە)نى داۋالاش:

علاج ذبحه

بۇ ئاغرىقنى ئۇسساپ يېتىپ ئەتىسى ئەتىگەندە سۇنى كۆپ ئىچىشتىن كۆپرەك پەيدا بولىدىغان كېسەللىك. ئۇندىن باشقا يىغا تۇتىسمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يىغلىيالمايدىغان

كېسەللىكلەر تەسىرىدىنمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتلىرىدىن بولغان يۇتقۇنچاق ياللۇغى بايانىدا قوللىنىلغان قان ئېلىش، تازىلاش ۋە ئېغىزنى چايقاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ، يەنى خىلىت پىشقۇچە 18 گرام قان ئېلىنىدۇ ۋە مائۇل پەۋاكىھ ياكى مەتبۇخى پەۋاكىھ ۋە ياكى نۇقۇئى پەۋاكىھ قاتارلىقلار بىلەن تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا بەزى تېۋىپلار «سېرىق ھېلىلە پوستىنى قايىنتىپ ئېغىز چايقاشقا بېرىلسە ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر بىمارنىڭ گېلىدىن سۇ ئۆتمىسە ۋە بۇرۇن يولى ئارقىلىق چىقىپ كەتسە، ئانار سۈيى، سىركە ياكى سۇماق سۈيى ۋە ياكى شاتۇت شىرىسى قىيامى، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى، شوخلا بەرگى، ئەدەس، خىيارشەنبەر قاتارلىقلاردىن غار - غار تەييارلاپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر گالدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىسە بويۇننىڭ ئىككىنچى ئومۇرتقىسىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق گال بىرئاز ئېچىلىپ بىر نەرسە ئۆتىدۇ، تولۇق تازىلاشتىن كېيىن نەپەس راۋانلاشقان ۋە بەلغەم يوقالغان بولسا ماددىنى سىرتقى تەرەپكە تارتقۇچى زىمادلار ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: قۇستە، قۇندۇز قەھرى ۋە گۈگگۈرت قاتارلىق دورىلاردىن سۇۋالغا تەييارلاپ گالغا سۇۋىلىدۇ. ئەدەسنى قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭدا مۇمىيا ۋە شاتۇت قىيامىنى ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى خىيارشەنبەر ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا چاچنى چۇشۇرۇۋېتىشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

بوغۇزلىغۇ (زەبەھە) بوغما كېسەللىكى ئېچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى داۋالاشتا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك.

بۇ كېسەللىك باشلىنىپ دەسلەپكى تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتسە كۆپرەك ئىششىق ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالدا ساپ سۈتكە نامازشامگۈلى ئۇرۇقى لوئابى ۋە پاگى ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

قەۋزىيەتلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بادام يېغى، ئارپا سۈيى ياكى ئارپا يارمىسى، بادام مېغىزى شىرىسى، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يەڭگىل كلىزمىلار ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن قىزىق ھالەتتىكى ئارپا سۈيى ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىمار غار - غار قىلالمىسا، بىمارنىڭ بېشىنى ئارقا تەرەپكە ئېگىپ تۇرۇپ گالغا ئارپا سۈيى قۇيۇلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك بىرئاز ساقايغان بولسا، ئارپا سۈيى ۋە خەشخاش شەربىتى ياكى موزا قىيامى ۋە شاتۇت قىيامىنى بىرلەشتۈرۈپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

گال ئېچىلغاندىن كېيىن شوخلا بەرگى سۈيى، تاۋۇز سۈيى، ئىسپىغۇل لوئابى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ماددا پىشقانغا قەدەر ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى ئىغىز چايقاشقا بېرىلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئانار سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردا نۆشۇدۇر ئارىلاشتۇ. رۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، بىمار كېسەللەنگىلى تۆت كۈندىن ئاشقان ۋە گالدىن بىرەر نەرسە ئۆتمىگەن بولسا، بىمار سوغۇق جايدا ئوڭدا ياتقۇزۇلىدۇ ۋە ئېغىزنى ئاچقۇزۇپ قىزىل تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىرنى قوللانغاندا يۆتەل پەيدا بولمىسا ۋە بىمار بىئارامىلىق ھېس قىلمىسا بۇ تەدبىر داۋاملىق قوللىنىلىدۇ، چۈنكى بۇ تەدبىر بۇخىل كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئەگەر بىمارنىڭ ئېغىزى سۈتكە تولۇپ قالغان بولسا بىمار مۇۋاپىق ھالدا ھەرىكەتلەن. دۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۈت گالدىن ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇندىن كېيىن بىر سائەت ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن تۈز قىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ.

ئەگەر بىمار ئېغىزى ئارقىلىق نەپەس ئالالمىسا، بىرنەچچە قېتىم قان ئېلىپ، ئاز - ئازدىن قان ئاققۇزۇلىدۇ ۋە گالغا بىنەپشە يېغى، رەۋغىنى خەيرى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر ئېغىزى ئارقىلىق نەپەس ئالالىسا، خىلتىنى دەرھال قارشى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

ئەگەر بىماردا قۇۋۋەت بولسا ۋە نەپەسلىنىش نورمال بولسا 2 ~ 3 قېتىم يەڭگىل كىلىزما قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ پايدىسى بولمىسا ۋە گالدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىسە بىمارنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىنى رۇسلاپ ئاغزى ئاچقۇزۇلىدۇ ۋە بىمارنىڭ بېشى ئوتتۇرىسىغا قولنى قويۇپ تۇرۇپ گال تەرەپكە ئازراق ئېگىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ئېغىزى بىرئاز ئېچىلىدۇ. بۇنداق ھالەتتە سۈيۇق ئارپا سۈيى ۋە ئىسپىغۇل لوئابىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قوشۇق ئارقىلىق ئېچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ ۋاقىتتا بىمارنى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئاستا - ئاستا يۆتىلىپ قويۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئازراق بولسىمۇ يېمەكلىك بىمارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئارقىلىقمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمىسا، سۇغا ناننى چىلاپ، سۈيىنى ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈشكە تىرىشىش لازىم.

ئەگەر بۇمۇ مۇمكىن بولمىسا ۋە قەتئىي ھالدا ئېغىزدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىسە بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئىششىققا يىرىڭ تولۇپ ئېغىز ئالدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسى، كۆكرەك ۋە ئەمچەكنىڭ ئاستى قاتارلىق جايلارغا لۆڭگە قويۇلىدۇ ۋە پاچاقنىڭ ئاستى تەرىپىگە لوڭقا قويۇلىدۇ ۋە ماددىنى تارتىش ئۈچۈن ئىككى بىلەك ۋە پاچاق باغلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

### 6. بوغما (خانىقە)نى داۋالاش:

علاج خانقه

ئادەتتە كۆپ ساندىكى تېۋىپلار بۇ كېسەللىكنىڭ قان ئېلىشتىن باشقا ھېچقانداق داۋالاش تەدبىرى يوق دەپ قارايدۇ. بىراق ھەننىبنى ئىسھاق دېگەن تېۋىپ «بىمار قان ئالسىمۇ، قان ئالمىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەگەر قان ئالمىسا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، قان ئالسا نەپەس ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىرى «بۇ كېسەللىك باشلىنىپ 72 سائەتتىن كېيىن سۈرگىنىڭ تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش ۋە بوغۇزلىغۇ (زەبەھە)نى داۋالىغاندەك داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەكىم ئولۋىخاننىڭ دادىسى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارنى تۆۋەندىكىدەك داۋالىغان، يەنى بىرىنچى كۈنى قىيپال تومۇردىن قان ئالغان. بۇ ۋاقىتتا بىمارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ھەتتا كېچە تەڭ بولغاندا بۇ كېسەلدە ئۆلۈپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا تىلنىڭ ئاستىدىكى ئىككى تومۇردىن قان ئالغان. ئۇندىن كېيىن پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدە رۇسۇتنى ئېرىتىپ، ئىزچىل ھالدا تاڭ ئاتقانغا قەدەر بىرتامچە - بىرتامچە گالغا تېمىتىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن تاماق ۋاقتىدا پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، پوستى ئاقلانغان ئەدەس بىلەن ئارپا سۈيى تەييارلاپ، ھەربىر سائەتتە تەخمىنەن توققۇز گىرامدىن گالغا تامغۇزغان، ئاخشىمى ئاۋۋالقى ۋاقىتقىچە يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئارپا سۈيىنى داۋاملىق بېرىپ تۇرغان. نەتىجىدە كېسەللىك ئالامەتلىرى يېنىكلەشكە باشلىغان. ئۇنىڭدىن بوغۇزلىغۇ (زەبەھە)نى داۋالاش تەدبىرلىرى بويىچە داۋالاشقا باشلىغان. ئاخىرى بىمار بۇ كېسەللىكتىن ساقايغان.

بۇ خىل كېسەللىكتە بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: بىمار كۈچلۈك بولسا، ئاجىزلاش ۋە ھوشىدىن كېتىش خەتىرى بولمىسا، قان ئېلىشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ، بىراق بىمار ئاجىز بولۇپ قان ئېلىشنى كۆتۈرەلمىسە قەتئىي قان ئالماسلىق لازىم.

### 7. ئىتسىمان بوغما (خەنناقى كەلبى)نى داۋالاش:

علاج خناق کلبی

بۇ يۇتقۇنچاق ئىچكى مۇسكۇللىرى ئىششىپ قېلىش ياكى بويۇن ئومۇرتقىلىرى چىقىپ

كېتىش سەۋەبىدىن بولىدىغان بىرخىل بوغما كېسەللىكى، بۇ بوغما كېسەللىكنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىكى بولۇپ، كۆپرەك كېسەللىك باشلىنىپ تۆت كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇسكۇللار ئىششىپ قالغان ئەھۋالدا خىلىت ئېتىبارى بىلەن تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن قان ئېلىش، سۈرگە بېرىش ۋە كلىزما قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ماددىنى تاشقى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن قائىدە بويىچە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن تارقاتقۇچى سۇۋالمىلار سۈۋىلىدۇ ۋە لوڭقا قويۇلىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا ئىششىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن پاچاققا تېلىپ لوڭقا قويۇلىدۇ ۋە بوغۇز-لىغاق باياندا سۆزلەنگەن كلىزمىلار ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا نەشتەر ئارقىلىق ئىششىق تىلىۋېتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە بويۇن ئومۇرتقىسى ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن بولسا ئۇنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش لازىم. مەسىلەن: ئۇرۇلۇش، يىقىلىش ياكى ئىششىق ياكى توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك يىغىلىپ قېلىش ۋە ياكى كېسەللىك ماددىسى ئۆتكۈر خاراك-تېرلىك بولسا، دەرھال قان ئېلىش ۋە سۈرگە بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

ئۇندىن باشقا بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، بويۇننىڭ ئىككى تەرىپىگە لوڭقا قويۇلىدۇ. ئەگەر بويۇن ئومۇرتقىسى چىقىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى سىلىقلاشتۇرغۇچى سۇيۇقلۇق سەۋەب-دىن بولغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە پەقەت غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ. قان ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى قۇرۇقلۇقتىن بولغان يىغىلىپ قېلىش بولسا ئۇنى داۋالاش ئىنتايىن قىيىن. بۇ كېسەللىكتە سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا گالغا بارماقنى تىقىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن كېسەللەنگەن ئورۇننى بېسىش لازىم ياكى بىمارغا نەپەسنى توختىتىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىش لازىم ياكى بويۇن ئومۇرتقىسىغا تۇتقۇچى (قابىز) ۋە تارتقۇچى «جازىب» دورىلار سۈۋىلىدۇ. مەسىلەن: سەبرە، مۇغاس، ئاقاقىيا قاتارلىق دورىلارنى تالقانلاپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئومۇرتقا ئەسلىگە كەلمىسە ۋە باشقا ئامال بولمىسا بارماق ياكى مەخسۇس سايمان ئارقىلىق ئومۇرتقىنى ئورنىغا قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئومۇرتقىنى ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەملىگۈچى زىمادلارنى سۈۋاش لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئو-مۇرتقىنىڭ قايتا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر بويۇن ئومۇرتقىسى چىقىپ كەتكەنلىكتىن بۇخىل كېسەللىك پەيدا بولغان بولۇپ، كېسەللىك باشلانغىلى تۆت كۈن بولغان بولسا ۋە بىمارنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىسە لېكىن بىمارنىڭ قول پۇتى ۋە بەدىنىنىڭ سېزىمى يوقالمىغان بولسا، بۇ كېسەل-لىكنى ساقايتىش ئۈمىدى بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق ھالەتتىمۇ بۇخىل كېسەللىك قېتىپ قالغان بولۇپ، بىمار بويۇننى ئوڭ ـ سولغا ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ ۋە بويۇننى ئۈستى

تەرەپكە ئېگەلمەيدۇ. بۇ كېسەللىك باشلىنىپ تۆت كۈندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ قان ئېلىش ۋە كلىزما قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەردىن كېيىن ئالما قىيامى، غورا قىيامى ۋە شاتۇت شەربىتى قاتارلىقلار ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بوغما كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئىششىق ياكى ئۇمۇرتقىلارنىڭ چىقىپ كېتىشتىن بولماي بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبى يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرى بوشىشىپ كېتىش ياكى يۇتقۇنچاقنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرى قۇرۇپ قېلىش ياكى ئۆپكە ۋە كۆكرەك بوشلۇقىدا ئىششىق پەيدا بولۇش ياكى يىرىڭ پەيدا بولۇش ياكى ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردە قۇرۇتلۇق پەيدا بولۇش ياكى ئاشقازاندا سۇت ئۇيۇپ قېلىش ياكى بوغما كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى زەھەرلىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ياكى ئارقىمۇئارقا مۇنچىغا چۈشۈش قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى داۋالاشتا سەۋەبىنى يوقىتىش ۋە مۇشۇ كېسەللەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم.

## ئىككىنچى پەسىل گال سىرتقى ئىششىقى
## اورام خارج حلق

**تونۇش:**

بۇ، گالنىڭ سىرتقى بىر تەرىپى ياكى ئىككى تەرىپىدە ئىششىق پەيدا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئىششىق بالىلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ، بەلغەم خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى ياكى قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئەگەر ئىششىقنىڭ رەڭگى بەدەننىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش بولسا ۋە ئاغرىش يېنىك بولسا، بۇ بەلغەم خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىلراق بولۇپ ئاغرىق ئېغىر بولسا ۋە قىزىتما بولسا، بۇ قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. بۇخىل ئىششىق خانازىر (بويۇنبەز سىلى) بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، خانازىردا ئاغرىش بولمايدۇ، قاتتىقلىقى يۇقىرى بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ساھىب كامىل گالنىڭ سىرتقى ئىششىقىنى داۋالاشتا تاشقى ئىششىقلارنى داۋالاش بويىچە داۋالاش لازىم دەپ كۆرسەتكەن.

بىز تۆۋەندە گال سىرتقى ئىششىقنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرىدىن ئىككى خىلنى داۋالاشنى قىسقىغىنە تونۇشتۇرىمىز.

**1. قان خىلتىنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىدىن بولغان گال سىرتقى ئىششىقىنى داۋالاش:**

*علاج اورام خارج حلق دموی*

1. ئەگەر تۇسالغۇ بولماي مۇۋاپىق دەپ قارالسا قىيپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ.

2. زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ ياكى ئومۇرتقىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. ئەگەر باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدا قان قىزىش ۋە پەسلىنىڭ يەڭگىل ھارارىتى ئارقىلىق خىلتىنىڭ ئېرىشى سەۋەبىدىن بۇزۇلغان خىلت گال ۋە يۇتقۇنچاقتا چۆكۈۋېلىشتىن بولغان بولسا، زۇلۇك قۇرتى قويۇش ئەڭ ياخشى داۋالاش ھېسابلىنىدۇ.

3. دورا بىلەن داۋالاشتا بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چىلان شەربىتى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 108 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا، 60 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەررە بىلەن ياكى ئەرقى گۈل ياكى سىركە بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدا قان قىزىش ياكى پەسلىنىڭ يەڭگىل ھارارىتى ئارقىلىق خىلتىنىڭ ئېرىشى سەۋەبىدىن بۇزۇلغان خىلت گال ۋە يۇتقۇنچاقتا چۆكۈۋېلىشتىن بولغاندا ئالدى بىلەن زۇلۇك قۇرتى قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چىلان شىرىسى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارنى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى نىلۇپەر، نىلۇپەر شەربىتى ۋە خاكشى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ھەمدە جەدۋار، زىرىق ئۇسارىسى، قىزىل سەندەل، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، كۆك يەرلىك شوخلا ياكى كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن گالغا سۈۋىلىدۇ.

يۇتۇش قىيىنلىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىسپىغۇل لۇئابى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، خېنە ياغىچى سۈيى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. قولاق ئاغرىقى ئۈچۈن شىپايى مامشانى كۆك شوخلا سۈيى بىلەن ئېرىتىپ قولاققا تېمىتىلىدۇ ۋە ئاخشىمى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، نىلۇپەر شەربىتى ۋە خاكشى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىششىق گالنىڭ ئۈستىدە چەمبەرسىمان بولغاندا: چىلان ۋە شاھتەررەنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ۋە نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە گۈل يېغىدا مومنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا مۇردارسەنگى، زىرىق ئۇسارىسى (رۇسۇت) قەشقەر ئۈپىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەمدەك قىلىپ گالغا سۈۋۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا شويلە ياكى ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ. ئىششىق بولماي، يېمەك - ئىچمەك يېيىش قىيىن بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇلاق ئاغرىش بىللە كېلىدىغىنىغا قۇلاق ئاستىغا ئىككى قېتىم لوڭقا قويۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە چىلان، سەرپىستان، گاۋزىبان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايناق سۇغا چىلاپ سوزۇپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىدىن خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

لايىقلاشتۇرۇلغان ئەدەس، ئانارگۈلى، گەزمازەج، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، خېنە ياغىچى، ئامىلە، كۆكنار قاتارلىقلار سۇ بىلەن قاينىتىلىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك زىمادلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئاق لەيلىگۈلى، بابۇنە گۈلى، گۈل بىنەپشە، كۆكنار، ئىكلىلىملىكلىرىنىڭ ھەممە-سىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، قۇلاققا بۇسى يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق بولسا چەلەك يوپۇرمىقى يەرلىك شوخلا سۈيى قاتارلىقلار قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

**2. بەلغەم خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولغان گال سىرتقى ئىششىقىنى داۋالاش:**

علاج اورام خارج حلق بلغمى

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بەديان، پىرسىياۋشان، يەرلىك شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

گىرو، زىرىق ئۇسارىسى، زەنجىۋىل، رەۋەن چىنى، خىيارشەنبەر قاتارلىقلارنى شوخلا سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ ياكى گىرو، زەنجىۋىل، سوپۇن قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ زىماد تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ. يەنە بامبۇك شېخىنى قىزىتىپ تاڭسىمۇ گال ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر كۈچلۈكرەك زىماد ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئاچچىق قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، گىرو، قىزىل سەندەل، قارازىرە، سەرەس دەرىخىنىڭ پوستى، لايىقلاشتۇرۇلغان ئەدەس، قارىمۇچ، كىرىلئە خىشىك، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىلمان قىلىپ سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق پىششىقا يېقىنلاشقان بولسا، شۈمشا، زىغىر ئۇرۇقى، ئاق لەيلىگۈلى، گۈل بىنەپشە، نامازشامگۈل ئۇرۇقى، جەدۋار قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈلگە ئارىلاش-تۇرۇپ ئىلمان قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە پان دەرىخىنىڭ شېخى قىزىتىپ تېڭىلىدۇ.

# ئۈچىنچى پەسىل  بادامسىمانبەز ياللۇغى

## ورم لوزتين

**تونۇش:**

بۇ، (ۋەرەمى لەۋزە تەين) يۇتقۇنچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بەزلەر ئىششىپ قالىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، ئىلگىرى تېۋىپلار «لەوزە تەينى» دەپ ئاتاپ، بۇنى باشقا كېسەللىك دەپ قارىغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ بوغما كېسەللىكنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ بەلغەم، سەپرا، سەۋدا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى ۋە قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىك ئىچكى مۇسكۇللار ئىششىقى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرۈلىدۇ. يەنى بىمارنىڭ ئېغىزىنى ئاچقۇزۇپ، تىلىنى سىرتقا چىقارغۇزسا بادامسىمانبەز ياللۇغىدىكى ئىششىق تاماقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئىچكى مۇسكۇللار ئىششىقىدا بولسا ئىششىق كۆرۈنمەيدۇ. بۇنىڭ قايسى خىلتىنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىششىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكنىڭ تۈرلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇنى داۋالاشتا بوغما كېسەللىكنى داۋالاش قائىدىلىرى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئىبنىسىنا «كىچىك تىل ياللۇغى (ۋەرەمى لوھات) بايانىدا ۋە بادامسىمانبەز كېسەللىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئەدەس، ئانار گۈلى ھەربىرى بەش ھەسسە، شىپايى مامشا، زەپەر، قۇستە ھەربىرىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا يېرىم ھەسسە شاتۇت قىيامى ۋە تۆت ھەسسە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇش تازىلاش ۋە ئىششىقنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇلاردىن باشقا ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، تاماققا ئوخشاشلا بادامسىمانبەزلەرنى كېسىۋېتىشنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم» دەپ بايان قىلغان.

# تۆتىنچى پەسىل   كىچىك تىل ياللۇغى
## ورم لهاة

**تونۇش:**

(ۋەرەمى لوھات) كىچىك تىل ياللۇغى بىرنەچچە تۈرلۈك بولۇپ، ئىششىق ئۈزۈنىسىغا كىچىك تىلنىڭ ھەممە جايلىرىدا بولسا، بۇ تۈۋرۈكسىمان ئىششىق (ئومودى ياكى ئوستوۋانى) دېيىلىدۇ. ئىششىق چەمبەر شەكلىدە (يۇمىلاق) بولۇپ، پەقەت كىچىك تىلنىڭ ئۇچىدىلا بولسا، بۇ ئۈزۈمسىمان ئىششىق (ئىنەبى) دېيىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق كىچىك تىلنىڭ تۈۋىدە بولسا كىچىك تىل تۈۋى ئىششىقى (ئەسلىي) دېيىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك مېڭىدىن كىچىك تىلغا چۈشكەن نەزلىنىڭ كىچىك تىلنى غىدىقلىشىدىن ياكى تۆت خىلتنىڭ بىرەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە بىمار ئېغىز ئەتراپىدا ئاغرىش ھېس قىلىدۇ. بىرەر نەرسە يۇتماقچى بولسا ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا نەزلىنىڭ ئالامىتى بولسا بۇ نەزلىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ئەگەر نەزلىنىڭ ۋە خىلتلار نورمالسىزلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇ تۆت خىلتنىڭ مىقدارىنىڭ نورمالسىزلاشقانلىقتىن كېلىپ چىققىنى بولۇپ، كىچىك تىلنىڭ رەڭگى، ئېغىزنىڭ تەمى ۋە ئۇندىن باشقا ئالامەتلەرگە قاراپ غەيرىي تەبىئىي خىلتنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن پەيدا بولىدىغانلىرى ئومۇمەن باھار پەسلىدە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بالىلار ۋە ياشلاردا كۆپرەك بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇنى داۋالاشتا بوغما كېسەللىكىنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە داۋالاش كېرەك.

دەسلەپتە ئېھتىيات بىلەن بۇرۇنغا دورا تېمىتىلىدۇ. تېمىتقاندا بىۋاستە قولىنى ئىشلەتمەي قۇشلارنىڭ پېيىنى ئىشلەتكەن ياخشى. كىروپ تىلنىڭ ھەممە جايلىرىدا بولغان تۈۋرۈكسىمان ئىششىقتا ياللۇغلىنىش ئېغىر بولمىسا، ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى دورىلار يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ ۋە ياللۇغلىنىش خاراكتېرلىك ئىششىقلارغا سوغۇق تەبىئەتلىك شوخلا سۈيى، قىزىلگۈلنىڭ سېرىقى، قىزىلگۈلگە ئوخشاش دورىلار ئىشلىتىلىـ

دۇ. ئانارگۈلى ئىككى ھەسسە، زەمچە بىر ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇچلۇق قوشۇق ئارقىلىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ:

تۇتقۇچى قابىز دورىلار سۈيى بىلەن ئېغىز چايقاش ۋە قايناق سۇ بىلەن ئېغىز چايقاش لازىم. قابىز دورىلار ئىششىققا قاتتىقلىق پەيدا بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەگەر قابىز دورىلارنى ئىشلەتكەن تۇرۇقلۇق قاتتىقلىق پەيدا بولسا ياكى ئۇنى سىقىش سەۋەبىدىن ئاغرىش پەيدا بولغان بولسا لوئابلىق دورىلار، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، نىشاستە، ئەنزىرۇت، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بۇغداي ۋە ئارپا كېپىكى زىماد قىلدۇرۇلىدۇ.

زەمچە ئۈچ ھەسسە، قىزىلگۈل سېرىقىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، توخۇ پېيى ئارقىلىق گالغا سېپىلىدۇ. شۇنداقلا ئانار پوستى بىلەن قوشۇپ سىقىپ، ئۇنىڭ سۈيىگە بەش ھەسسە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كىچىك تىل ياللۇغى ئاخىرقى مەزگىلگە بېرىپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ دورىلىرىغا مۇرمەككى ۋە زەپەر ئارىلاشتۇرۇۋەتسە بولىدۇ. شۇنداقلا پىرسىياۋشان، ئىزخىر گۈلى، ئۇدبىلسان، ئۆشنە قاتارلىقلار بىلەن گال تېمىتمىسى ۋە غار - غار تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق كىچىك تىل ۋە بادامسىمانبەزلەردە بولسا، خەنناق (يۇتقۇنچاق ياللۇغى) كېسەللىكىنى داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن قايناتمىلار (مەتبۇخلار) ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق تارقىمىغان، ئاغرىق قويۇپ بەرمىگەن بولسا، بىرنەچچە قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە كۈچلۈك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: مۇرمەككى، گۈڭگۇرت، قىزىل توغرىغۇ، قەنتەرىيون قاتارلىقلارنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىششىققا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىقتا قاتتىقلىق بولسا ھەسەلگە ھىگنى ئېرىتىپ ياكى زەمچە، ھىڭ نۆشۇدۇر قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ھەسەلدە ئېرىتىپ كىچىك تىلغا سۈۋىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار ياكى سىركەنجىۋىل ئارقىلىق غار - غار قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى دورىلار قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ قويسا چۈچۈكبۇيا يىلتىز قىيامى بىلەن كەتىرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزغا سېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى ئېغىز يارىسى ۋە بوغما كېسەللىكىنى داۋالاش بايانىدىن تاللاپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## بەشىنچى پەسىل كىچىك تىل بوشىشىپ كېتىش
## استرخاء اللهاة

**تونۇش:**

كىچىك تىل بوشىشىپ كېتىش، (ئىسترخائى لوھات) كىچىك تىل ساڭگىلاپ

قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بىمار گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ ياكى ساڭگىلاپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ قارىغاندا كىچىك تىل ئەسلىي ھالىتىدىن ئۇزۇن ۋە ساڭگىلاپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بەزىدە بىمارنىڭ كىچىك تىلىنىڭ تۈۋى ئىنچىكە، ئۇچى تەرىپى تومىلىشىپ قالىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپرەك باھار ۋە قىش پەسىللىرىدە بالىلاردا ھەمدە ھۆل مىزاج كىشىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەللىك ئېغىرلىشىپ قالسا خەتەرلىك بولۇپ، بۇ كېسەللىك بەزىدە قىزىتمىلىق، بەزىدە قىزىتمىسىز كېلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ، غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن يەنى ھۆل ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن يەنى ھۆل سوغۇقتىن بولغان بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

كىچىك تىلىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل، قىزىق، ئېچىشىش ۋە ئۇسسۇزلۇق بولسا، بۇ ھۆل ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ئەگەر كىچىك تىلىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، ئېچىشىش ۋە ھارارەت بولمىسا، ئېغىزدىن كۆپلەپ شۆلگەي ئاقسا، بۇ ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر كېسەللىك قاندىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مەتبۇخى پەۋاكىھ ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش لازىم ھەمدە بۇنى غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان ئېغىز يارىسى ۋە غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئانارگۈلى، نامازشامگۈلى، قىزىلگۈل، سۇماق قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن قاينىتىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

سۇماق، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى، مۇزا، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، پۇپەل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، قوشۇق ياكى بارماق ئارقىلىق كىچىك تىلغا سۇۋىلىدۇ ياكى سىركە ۋە ئەرقى گۈل ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرغاندىن كېيىن قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، ئانارگۈلى، كاپۇر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، شاتۇت قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا كىچىك تىلغا سۇۋىلىدۇ. يەنە شاتۇت ۋە ناخوش ئانار سۈيى ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلسىمۇ تەسىرى ياخشى بولىدۇ.

ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇچاق توپىسىنى ئوت بىلەن قىزارتىپ، بىر دانە قارىمۇچ بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، بارماق ياكى قوشۇق

ئارقىلىق كىچىك تىلنىڭ ئۈستىگە سۈۋىلىدۇ.

بوغا مۈگۈزىنى كۆيدۈرۈپ، تەڭ مىقداردا موزا ۋە نۆشۈدۈر بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، قائىدە بويىچە تامغاققا سۈۋۈلىدۇ ياكى پوستى ئاقلانغان ئەدەس، ئانارگۈلى، ئانار پوستى، موزا، گەزمازەج، كۆپۈكى دەريا، سۇماق قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا شاتۇت شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە موزا، گىلى مەختۇم سىركە بىلەن چېكىگە ۋە كىچىك تىلغا سۈۋىلىدۇ. ئەگەر جويۇزنى قورۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا سەمغى ئەرەبى ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشىراق بولىدۇ.

سىركەنجۇبىل، ئاچچىقسۇ، قىچا، تۇز سۇيى ياكى مائۇلهەسەل، مەتبۇخى زۇپا ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلسا، ماددىنى پارچىلاش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ غار - غاردىن كېيىن تۇتقۇچى (قابىز) ۋە قۇرۇتقۇچى (موجەپپىپ) دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: زەمچە، نامازشامگۈلى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئانارنىڭ ئىچكى ئېتىنى سىقىپ سۇيىنى ئېلىپ (ئاچچىق - تاتلىق بولسىمۇ، سۇيىنى سىقىپ ياكى قاينىتىپ ئالسىمۇ بولىدۇ) ئارىلاشتۇرۇلۇپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

زەمچە، بۇغا مۈڭگۈزى، نۇشادىر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قوشۇق ئارقىلىق كىچىك تىلغا سۈۋىلىدۇ ياكى قۇمۇش ئارقىلىق پۈركۈلىدۇ.

ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى، سۇماق، موزا ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ساپ سۇتكە بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ، غار - غار قىلدۇرۇش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

كۆك موزا، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى، ئەدەس، سۇماق، پىننە، قەنت ھەربىرى بىر ھەسسە، ئاقرقەرھا، قاقىلە، تاباشىر ھەربىرى يېرىم ھەسسە، زەپەردىن تۆت ھەسسە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا پۈركۈلىدۇ.

ئىبنىسىنانىڭ ئېيتىشچە، «كىچىك تىل بوشاپ كېتىش كېسەللىكىدە كىچىك تىلغا سۈۋايدىغان دورىلار تەركىبىدە ئانارگۈلى، زەمچە، كاپۇرلار ئالاھىدە ياخشى تەسىرگە ئىگە ئىكەن».

بوشىشىپ كەتكەن كىچىك تىلنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن نۇشادىرى بىلەن ئامىلە ئۇسارىسى ياكى موزا بىلەن نۇشادىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ.

ئەگەر زۆرۈر دەپ قارالسا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ ۋە ھەببى ئايارەج ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. ئەگەر كىچىك تىلنىڭ تۈۋى ئىنچىكىرەپ، ئۇچى تەرىپى تومىلىشىپ قالغان بولسا زۇپتى رۇمىنى قايناق سۇ بىلەن ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئىششىق تارقايدۇ ۋە يۇمشاق بولىدۇ. ئەگەر كىچىك تىلنى قۇرۇتقۇچى تەدبىرلەر ئارقىلىق كىچىك تىل قىزىل ۋە قىزىق بولۇپ قالسا، شوخلا غولىنىڭ سۇيى

ۋە كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئۈنۈم بەرمەي كېسەل ساقايمىسا، كىچىك تىلنىڭ تۈۋى ناھايىتى كىچىكلەپ، ئۇچى تەرپى تومىلىشىپ، رەڭگى ئاقىرىپ، يۇتقۇنچاققا چۈشۈۋېلىپ بىمارنىڭ نەپەسلىنىشىنى توسۇۋې-لىش خەتىرى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى كېسىپ تاشلاشقا بولىدۇ، ئەمما بۇنداق قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بوغۇلۇپ قېلىش ۋە ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولمىسا، بۇ تەدبىرنى ئالدىراپ قوللانماسلىق، ئەگەر قوللىنىشقا مەجبۇرىي بولۇپ قالغاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم.

## ئالتىنچى پەسىل گال ئاغرىقى

## وجع حلق يعنى درد گلو

بۇ (دەردى ھەلقى) گالدا ئاغرىش پەيدا بولىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك مىزاج بۇزۇلۇش ياكى پۇتۇنلۇكنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئىبنىسىنا «گال ئاغرىش بەزىدە بىر - ئىككى يىل داۋاملىشىدۇ. بۇ ئارتۇق خىلتلار-نىڭ يۇتقۇنچاققا يىغىلىۋېلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ» دەپ ئېيتقان.

**ئالامىتى:**

گال ئاغرىش مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇ خىلتسىز يالغۇز ھالەتتىكى مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان بولۇپ، بەزىدە ئىچكى سەۋەب ۋە يېمەك - ئىچمەك سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. بەزىدە تاشقى سەۋەب يەنى ھاۋانىڭ ئىسسىق، سوغۇق سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئەگەر ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بەزىلىرىدە بولمايدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتراپىتىكى يېقىن ئەزالاردا بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇشتىن بولسا، ئىششىق، قاپارتما، يارا، زەخمە قاتارلىقلار مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال بوغما ۋە قاپارتمىلار-نىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش لازىم. ئەگەر يۇقىرىقى سەۋەبلەر بولمىسا بىماردىن گال ۋە بويۇننىڭ سېزىمى، ئىسسىق - سوغۇقلۇقى، ئاغرىقنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سوراش لازىم.

ئەگەر سېزىم ئىسسىق ـ ئاغرىق ئېغىر بولسا، بۇ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن گالدا ئېغىرلىق بار ـ يوقلۇقىنى ۋە ئاغرىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسسىق تېگىپ قالغانلىق ياكى قىزىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سوراش لازىم.

ئەگەر بىمار گالدا ئېغىرلىق يوقلۇقىنى، ئىسسىق ئۆتۈپ قالغانلىقىنى ياكى قىزىق يېمەكلىك يېگەنلىكىنى ئېيتسا ھەمدە چوڭ تەرەت نورمال بولۇپ، سوغۇق يېمەكلىكلەردىن راھەت ھېس قىلسا، قىزىق يېمەكلىكلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلسا، بۇ كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر گالدا ئېغىرلىق بولسا، قان خىلتىنىڭ ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر ئېغىز تەمى ئاچچىق بولۇش بىلەن بىرگە ئاغرىش، ئېچىشىش، ئېغىز قۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا، سەپرا خىلتىنىڭ ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ گال ۋە بويۇن سېزىمى سوغۇق بولۇپ، ئاغرىق ئانچە ئېغىر بولمىسا، بۇ سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر بۇ ھالەتتە گالدا ئېغىرلىق بولمىسا ۋە بۇ كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سوغۇق تېگىپ قالغانلىق ياكى بىمار سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق ئەھۋالى بولسا، چوڭ ـ كىچىك تەرىتى نورمال، بىمار ئىسسىق يېمەكلىكلەردىن راھەت، سوغۇق يېمەكلىكلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلسا، بۇ خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇل-غانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر گالدا ئېغىرلىق بولۇش بىلەن بىرگە چىرايىنىڭ رەڭگى ئاق، ئېغىز تەمى تۇزلۇق ياكى تەمسىز بولۇپ، ئۇنىدىن باشقا بەلغەمنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى بەلغەم خىلتىنىڭ ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇپ، ئېغىز تەمى چۈچۈمەل، ئېغىز قۇرۇق ۋە تارتىشىپ قېلىش (تەمەددۇد) قا ئوخشاش ھالەت كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى سەۋدا خىلتىنىڭ ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر خىلت ئېشىپ كەتكەنلىك ئالامىتى كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە نەزلىنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى نەزلە بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر مەۋجۇت بولمىسا ۋە بۇ كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قۇرۇقلۇق (چاڭ ـ توزاڭ، ئىس ـ تۈتەك...) ياكى ئىچكى قۇرۇقلۇق (قۇرۇتقۇچى يېمەكلىكلەر) سەۋەبىدىن بولسا، بۇ گالنىڭ قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان گال ئاغرىش

بولىدۇ.

**داۋالاش:**

گال ئاغرىشنىڭ ئالامەتلىرى بوغما (خەنناق) نىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلىمۇ بوغما (خەنناق) كېسەللىكىنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىبنى سىنا ھەر خىلدىكى گال ئاغرىقلىرىدا ياخشىسى بىمارنى سۆزلەشتىن چەكلەش لازىملىقىنى ئېيتقان.

ئەگەر گال ئاغرىش خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولسا ئۇنى داۋالاشتا مىزاجنى تەڭشەش بىلەن بىرگە بوغما، بادامسىمانبەز ياللۇغى، كىچىك تىل ياللۇغى قاتارلىقلار بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قان خىلىتىنىڭ مىقدارى ئارتىپ كېتىش ياكى قان خىلىتىنىڭ ئوقۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مائۇل پەۋاكىھ بىلەن تەبىئەتنى يۇمشىتىش لازىم.

دەسلەپتە كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن خىيارشەنبەرنى ئۆچكە سۈتى بىلەن ئېرىتىپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. بەش دانە چىلاننى قاينىتىپ، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا قەنت سېلىپ تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىسپىغۇل لۇئابى 12 گرام، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيىدىن 180 مىللىلىتىر ئېلىپ، بۇلارغا شاتۇت قىيامىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن - ئاخشىمى غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق بادامسىمانبەزلەرگە يېقىنراق بولسا، ئەرقى شاھتەررە بىلەن چىلاننى نەمدەپ (چىلاپ)، سۈزۈپ، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، قەنت ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شوخلا، يۇمغاقسۇت، كۆكنار، ئاقلانغان ئەدەس قاتارلىقلاردىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، ئىسپىغۇل لۇئابى 12 گرام، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيىدىن 120 مىللىلىتىر ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە تۆت گرام زىرىق ئۇسارىنى چىلاپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سەپرا خىلىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا، مېۋىلەر چىلانمىسى ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلاش لازىم.

ئەرقى گۈلگە سۇماقنى چىلاپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئانارنى پۈتۈن سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. قىزىق، تاتلىق، مايلىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن گال ئاغرىقى ساقايمىسا ئىسپىغۇل لۇئابى، ئاق لەيلىگۈل لۇئابى ۋە رەۋغىنى بىنەپشە قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇ-

رۇلىدۇ. چىلان ۋە نىلۇپەرنى سۇغا چىلاپ، سۇيىگە تەرخەمەك شىرىسى ۋە شەربەتى بىنەپشىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

شاتۇت قېقى شوخلا، كاكىنەچ، قىزىلگۈل، قوغۇننىڭ يوپۇرمىقى، كۆك يۇمغاقسۇت سۇيى، گۈل يېغى، سىركە قاتارلىقلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلسا، گال ئاغرىقى ۋە ئېغىز ئېچىشىش ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر گال ئاغرىشىنىڭ سەۋەبى خىلىتسىز سوغۇقتىن بولسا، سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەلغەم خىلىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇستىقۇددۇس، نىلۇپەر، گۈل بىنەپشە، پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ياكى شەربەتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

گالغا بىدەنجىر يېغى سۈۋىلىدۇ. شوخلا، تازىلانغان ئەدەس، كۆكنار، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، ئاق لەيلىگۈلى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، بىر گرام زىرىق ئۇسارىسى قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

مەتبۇخى زۇپا ياكى كاۋاۋىچىن قايناتمىسى يالغۇز ھالەتتە ياكى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى بىلەن قاينىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى پىشقاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى ئايارەج ياكى مۇناسىۋەتلىك كلىزمىلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئەنجۈر ۋە قۇرۇق ئۈزۈمنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا توغرىغۇ ئارىلاشتۇرۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، قارا رەيھان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ ھورى ئارقىلىق گال ئىچى ھوردىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا توغرىغۇ، ھىڭ، نۆشۇدۇر قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ گال ئىچىگە پۈركۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق گۆشلەرنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ، سوغۇق ۋە چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر گال ئاغرىش سەۋدا خىلتىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ياكى ئۇنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن ۋە كۆيگەنلىكىدىن بولسا، چىلان، گاۋزىبان ۋە چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئاق شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

خىلىت پىشقاندىن كېيىن، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق ياكى ئوتتۇرا دەرىجىدىكى كلىزمىلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن غار - غار قاتارلىق تەدبىرلەرنى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بوغما كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن ئۇسۇللار بويىچە تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك نەزلە سەۋەبىدىن بولسا، نەزلىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر-
نى ئىشلىتىش لازىم.

ئەرقى شاھتەررە ۋە ئەرقى شوخلىغا بېھى ئۇرۇقىنى چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئانارگۈلى، كوكنار، گەزمازەج، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، لايىقلاشتۇرۇلغان ئەدەستىن 12 گرامنى قوشۇپ سۇدا قاينىتىپ، غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ بەدەن ھارارىتى بەك يۇقىرى بولسا يۇقىرىدىكى ئىچىلىدىغان دورا تەركىبىگە ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇۋېتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا شويلا، نوقۇت يارمىسى، نان، ئارپا ئېشى ۋە پالەك قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. مايلىق گۆشتىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى قۇرۇقلۇقتىن بولسا ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھۆللۈك يەتكۈزۈشىمىز لازىم.

## يەتتىنچى پەسىل    بويۇن نېرۋىلىرى ئاغرىقى
## آبلہ

**تونۇش:**

بۇ بويۇننىڭ تومۇرلىرى ياكى نېرۋىلارنىڭ قېتىپ قېلىشى ياكى بويۇن ۋە ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىدىكى تومۇرلار يىغىلىۋېلىپ ئاغرىش بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئاغرىق باش، بويۇن، كۆكرەك ۋە گالغىچە تارقىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ قىزىل قان تومۇرلارنىڭ يىغىلىۋېلىشى ياكى نېرۋىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشى قاتار-
لىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

قىزىل قان تومۇرلارنىڭ يىغىلىۋېلىشىدىن بولغىنىدا ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ ۋە مۇشۇ ئاغرىش سەۋەبلىك بىمارنىڭ قۇۋۋىتى يوقىلىپ كېتىدۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاند-
دا بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ.

نېرۋىلارنىڭ يىغىلىۋېلىشىدىن بولغىنى ئانچە خەتەرلىك بولمايدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى ئىلگىرىكى ھۆكۈمالاردىن باشقا تېۋىپلار تىلغا ئالمىغان. بۇ كېسەل-
لىكنى داۋالاشتا ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ئەڭ ئاۋۋال تىنچلاندۇرۇش ۋە

ھارارەتنى پەسەيتىشكە تىرىشىش لازىم.

ئۇندىن كېيىن ئەگەر توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك يىغىلىپ قېلىش (تەشەننۇجى ئىمتىلائى) بولسا خىلىت تازىلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن مىزاج تەڭشىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پىرسىياۋشان ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم توققۇز دانە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، كاسىنە پوستى يىلتىزى بەش گرام قاتارلىقلارنى سۇدا قايىنتىپ سۈزۈپ، قەنت ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ گال ۋە بويۇننىڭ قېتىۋېلىشى ۋە ئاغرىشى ئوڭ - سولغا قارالماسلىق ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر يىغىلىپ قېلىش تازىلاشنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان بولسا، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتىن بولغان يىغىلىپ قېلىشنى داۋالاش بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل گالغا يېمەك - ئىچمەك تۇرۇپ قېلىش
## غصه طعام وشرقة

**تونۇش:**

بەزىدە گالغا تاماق ياكى سۇ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنى تېبابەتتە «تاماق تۇرۇپ قېلىش (غۇسەئى تائام)» دەپ ئاتايمىز. يەنە بىر خىلى سۇ قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئورنىغا، يۇتقۇنچاق ۋە ئۆپكە كاناپچىلىرىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇنى تېبابەتتە «تۇرقۇپ كېتىش (شەرەق)» دەپ ئاتايمىز.

**سەۋەبى:**

بۇ يېمەكلىك يېگەن ياكى ئىچكەن ۋاقىتدا يېمەك - ئىچمەكنىڭ گالغا تۇرۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بىرەر ھەجىملىك (شەكىلگە ئىگە) يۇمشاق يېمەكلىك (مەسىلەن: گۆش، نان، مېۋە پارچىلىرى) گالدا تۇرۇپ قالسا، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ ياكى سۇيۇق دورىلار گالغا تۇرۇپ قالغان يېمەكلىك يۇمشاپ ئۆتۈپ كەتكۈچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىر ئۈنۈم بەرمىسە، بويۇن ۋە ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىغا مۇشتلاش ياكى قەي قىلدۇرۇش لازىم ياكى بويۇننىڭ ئىككىنچى ئومۇرتقىسىغا لوڭقا قويۇپ كۈچلۈك شۈمۈرتۈلىدۇ.

ئىسپىغۇل لوئابى ياكى ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابى ياكى بېھى ئۇرۇقى لوئابى قاتارلىقلاردىن بىرىنى قەنت بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تۇرۇپ قالغان نەرسە قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا ئەنجۇر قېقى، زىغىر ئۇرۇقى لوئابى ۋە تاتلىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى كالا سۈتىدىن 500 گرام، سېرىق مايدىن 125 گرام ئېلىپ، ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تۇرقۇپ كېتىش (شەرەق)نى ئۆز ھالىتى بىلەن قويۇش لازىم، چۈنكى ئۇ يۆتەل ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

## توققۇزىنچى پەسىل گالغا سۆڭەك تۇرۇپ قېلىش

## تشبث شدن عظم در حلق

داۋالاش:

ئەگەر گالغا بىلىق قىلتىرىقى ياكى سۆڭەك تۇرۇپ قېلىپ سانجىلىپ قالغان بولسا، ئۇنى كۆرگىلى بولسا جۈپتەك ئارقىلىق قىسىپ تارتىپ چىقىرىلىدۇ.

ئەگەر كۆرگىلى بولمىسا ياغلىق يېمەكلىكلەرنى چوڭ - چوڭ پارچىلاپ كەينى - كەينىدىن يېگۈزۈلىدۇ.

بىر نەچچە قېتىم ياغ ياكى لوئاب ياكى ھالۋا ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بۆلۈت، يۇڭ قاتارلىق نەرسىلەرنى يىپتا باغلاپ، ھەسەل بىلەن نەمدەپ يۇتقۇزۇپ، يۇتقان نەرسە تۇرۇپ قالغان نەرسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە سۇ ئىچكۈزۈپ يىپ تارتىۋېلىنىدۇ.

ئۈزۈم بىلەن ئەنجۈرنى قايىنتىپ، ئۇنىڭ بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلسا تۇرۇپ قالغان نەرسە چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇللار بىلەن تۇرۇپ قالغان نەرسە چىقمىسا، گالنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغان جاينىڭ ئۇدۇلىغا يىرىك پەيدا قىلغۇچى زىمادلارنى سۈۋاش لازىم.

تۇرۇپ قالغان نەرسە يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسىدا چىقمىسا ھەر كۈنى ئۈچ گرام قىچىنى سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاشقازان تولغان ھالەتتە قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

## ئونىنچى پەسىل يىڭنە يۇتۇۋېلىش

## بلع ابره یعنی فرد بردن سوزن

سەۋەبى:

بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئېھتىياتسىزلىقتىن يىڭنە يۇتۇۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

ئۈچ گرام ماگنىتنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر قوشۇق ئۈزۈم ھارىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن سىرىق چېچەك ئۇرۇقى ئۈچ گرام، ئاش تۇزىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، 36 گرام ھەسەل بىلەن يېگۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق يىڭنە چىقمىسا، سانادىن 27 گرام، قىزىلگۈلدىن توققۇز گرام، بىنەپشىدىن توققۇز گرام، سەرپىستاندىن 30 دانە ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ، 60 گرام شىرخىست ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن گاۋزىبان لوئابى، شەربىتى بىنەپشە ياكى قەنت بىلەن ئەرقى گۈلنى بىرلەشتۇرۇپ، رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ بېرىلىدۇ. يىڭنە چىققانغا قەدەر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 3 ~ 4 قېتىم دورا ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ئون بىرىنچى پەسىل سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىش

### غرق الماء يعنى فرورفتہ درآب

**داۋالاش:**

بىمارنى سۇدىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن قورسىقىنى بېسىپ قورسىقىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن قارىمۇچ، زەنجىۋىل ياكى دارچىن، بەدىيان قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، گالغا قۇيۇش ئارقىلىق بىمار ھوشىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەكتە كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ.

## ئون ئىككىنچى پەسىل گال پۈتۈپ قېلىش

### نخنوق بوہق يعنى گلوبستہ

**ئالامىتى:**

بۇ بىمارنىڭ گېلى ئىششىپ پۈتۈپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك. گال پۈتۈپ قېلىشتا بەزى بىمارلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىغاندا كۆپۈك چىقىدۇ، بەزى بىمارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىغاندا كۆپۈك چىقمايدۇ.

**داۋالاش:**

بىمارنىڭ ئېغىزىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئېچىپ ئېغىزىغا قارىلىدۇ. ئەگەر ئېغىز-

دىن كۆپۈك كەلسە ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد قالمايدۇ.

ئەگەر كۆپۈك كەلمىسە بىرئاز نەپەسلىنىش بولسا، قىيپال ياكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە بىنەپشە يېغى ياكى بادام يېغى ئىلمان سۇ بىلەن قوشۇپ گېلىغا قويۇلىدۇ.

ئەگەر ھوشىغا كەلمىسە قىچىنى تالقان قىلىپ ياكى بابۇنە يېغىنى پۇتلىرىغا ئوبدان سۈۋاش ھەم مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق پۇتنى يۇيۇش كېرەك، ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى غولىنىڭ ئارىلىقىغا ئوتلۇق لوڭقا قويۇش كېرەك.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل گالغا قۇرت چاپلىشىۋېلىش

## تعلق علق يعنى چپيدن ديوچه بگلو

**تونۇش:**

بۇ، كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇششاق قۇرتلارنىڭ كىچىك تىل، ئېغىزنىڭ ئىچى، قىزىلئۆڭگەچ، ئۆپكە شاخچىلىرى ۋە بۇرۇن تەرەپلىرىگە چاپلىشىۋالىدىغان بىرخىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ ئاساسلىقى تەركىبىدە ئۇششاق كۆرگىلى بولمايدىغان قۇرتلار بار سۇنى ئىچىپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ قۇرتلار كۆپرەك تاماق، ئېغىز ئىچى، قىزىلئۆڭگەچ، ئاز ساندا ئۆپكە شاخچىلىرى ۋە بۇرۇن تەرەپكە چاپلىشىۋېلىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چوڭىيىشقا باشلاپ، تولۇق يېتىلگەندىن كېيىن قاننى شوراپ ئاغرىش پەيدا قىلىدۇ ۋە قان تۈكۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر قۇرتنى كۆرگىلى بولسا، ئالدى بىلەن سىركە ۋە تۇز ئارقىلىق ئېغىز غار - غار قىلدۇرۇلۇپ، ئاندىن جۈپتەك ئارقىلىق قۇرتنى بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئاستا تارتىپ ئېلىۋېتىلىدۇ.

ئەگەر قۇرتنى كۆرگىلى بولمىسا، سىركە ۋە تۇز ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى پىياز سۈيى، شاپتۇل شېخى سۈيى، ئەفتىمۇن سۈيى قاتارلىقلاردىن 108 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈلدىن 375 مىللىلىتىر، ئەپسەنتىندىن 12 گرام، يۇمشاق سوقۇلغان قىچا تالقىنىدىن 24 گرام، سىركىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۈنىگە 7 ~ 8 قېتىم غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئەپسەنتىن بىلەن

سىيادانىدىن 12 گرامدىن، خام پىياز سۈيى بىلەن سىركىدىن 240 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قۇرت بۇرۇننىڭ ئىچىگە چاپلىشىۋالغان بولسا سىيادان بىلەن سىركىنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇرۇندا قاناش ئەھۋالى كۆرۈلسە خۇنسىياۋشان، كەھرىۋا، شاندەج، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، تاباشىر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، نوكاچ ئارقىلىق بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە گەزمازەج، ئەدەس، ئانارگۈلى، خەرنوب قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرامدىن، كوكناردىن 24 گرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ، ئۇنىڭغا شەربىتى ھەببۇلئاس ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

## ئون تۆتىنچى پەسىل گال زەخمىلىنىش
## قروح وبثور حلق

**تونۇش:**

بۇ، گالغا قاپارتقۇ يەنى قىزىلئۆڭگەچ، يۇتقۇنچاق، ئۆپكە شاخچىلىرىغا قاپارتقۇ چىقىپ قالىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، گالدا قاتتىق ئېچىشىش بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى ياكى سەپرا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئەگەر چۇچۇمەل، ئۆتكۈر تەملىك، تۇزلۇق، يىرىك يېمەكلىكلەرنى يۇتقاندا گالدا قاتتىق ئاغرىش بىلەن بىرگە ئېچىشىش بولسا، بۇ قاپارتقۇنىڭ ئورنى قىزىلئۆڭگەچتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر گەپ قىلغاندا ياكى يۆتەلگەندا، ئاۋاز بىلەن توۋلىغاندا ياكى چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەك تەسىرىدىن ئاغرىش ئېغىرلاپ كەتسە ۋە قۇرۇق يۆتەل قىستاپ تۇرسا، ئاۋاز ئۆزگىرىپ كەتسە، بۇ قاپارتقۇنىڭ يۇتقۇنچاق ۋە ئۆپكە شاخچىلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى ئىسسىقتىن بولغان بوغما (خەنناقھار) ۋە ئېغىز قاپارتقۇلىرى (بەسە-

رى دەھەن)نى داۋالاش پرىنسىپلىرى بويىچە داۋالىسا بولىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۆتكۈرلۈكنى ۋە ئېچىششنى توختىتىش ئۈچۈن چىلان شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى ياكى سىركەنجىۋىل سادىدە، ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە ياكى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە ئارپا سۈيى، بادام يېغى ياكى بىنەپشە يېغى بىلەن تەييارلانغان نىشاستە ھالۋىسى بېرىلسىمۇ تەسىرى ياخشى بولىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا بادام يېغى، ئارپا سۈيى ۋە باشقا سۇيۇق تاماقلار بېرىلىدۇ. دورا ياكى ئوزۇقلۇق بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىمار ئوڭدا ياتقۇزۇلىدۇ. سوغۇق سۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر تاتلىق، چۈچۈمەل، تۇزلۇق، ئۆتكۈر يېمەكلىكلەردىن گۆش، نان ۋە قورۇق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن قاپارتقۇ ساقايمىسا، بوغما كېسەللىكنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە ئالدى بىلەن قاپارتقۇنى پىشۇرۇپ، ئېغىز ئالدۇرۇپ تازىلىنىدۇ، ئاندىن يارىنى داۋالاشقا تىرىشىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك يۇتقۇنچاقتا بولسا، بىنەپشە، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، نىشاستە، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى، شېكىرى تىغال، خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن كۆمىلاچ ياساپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ ياكى قىزىلگۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېرىقى، تاباشىر، نىشاستە، كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلاردىن كۆمىلاچ ياساپ شۈمۈشكە بېرىلسە ۋە ياكى زىغىر ياغىچى، جاراھەت تېشى، ئاق سەندەل، ئاق لاچىندانە پوستى، قىزىلگۈلنىڭ سېرىقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن كۆمىلاچ ياساپ بېرىلسە، يۇتقۇنچاق ۋە ئېغىز يارىسىنى پۈتتۈرۈشتە ناھايىتى پايدىلىق.

قىزىلگۈل ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، كاپۇر بەش گرام، ئەنزىرۇتتىن يەتتە گرام، گۈل يېغىدىن 12 گرام ئېلىپ، مومنى ياغدا ئېرىتىپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭغا تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ لۇئوق شەكلىدە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، ياكى يۇقىرىقىلاردىن كۆمىلاچ تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يارىنى يىرىڭدىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن شادىنەج، مەغسۇل، گىل ئەرمىنى، سوقۇلغان موزا، سوقۇلغان سەرتان، نىشاستە، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل سېرىقى، كۆيدۈرۈلگەن مەرۋايىت قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ گالغا پۈركۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ تۇخۇمىنى چالا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرسا بولىدۇ.

# ئون بەشىنچى پەسىل گال ئېچىشىش
## حرقت حلق

**سەۋەبى:**

بۇ ئۇفۇنەتلەنگەن غەيرىي تەبىئىي قان ۋە ئۆتكۈر سەپرا خىلىتلىرىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىپ، گالدا ئېچىشىش پەيدا بولىدىغان بىرخىل كېسەللىك.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان ياكى سەپرا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى ئۇنىڭ ھەرخىل ئالامەتلىرىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر كېسەللىك قان خىلىتىنىڭ ئارتىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مەتبۇخى پەۋاكىھ (يەنى چىلاندىن ئون دانە، سەرپىستاندىن 20 دانە، گۈل بىنەپشە ۋە پىرسىياۋشان 14 گرامدىن ئەينۇلا يەتتە دانە، تەمرى ھىندى ۋە زىرىق 36 گرامدىن، شاھتەررە 18 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلقەنت ۋە تەرەنجىبىن قوشۇلىدۇ) ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان ۋە سەپرا خىلتى بىرلەشكەن بولسا، يۇقىرىقى رېتسېپقا 36 گرام سانا، 60 گرام خىيارشەنبەر ۋە ئۈچ گرام رەۋەن چىنى قوشۇلۇپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن چىلان، زىرىق، تەمرى ھىندى ۋە سۇماق قاتارلىق دورىلاردىن تەييارلانغان شەربەتلەر ئارقىلىق مىزاج تەڭشىلىدۇ ۋە ئانارگۈلى، سۇماق، قۇرۇق يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىلىرى ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

1. سېرىق ھېلىلە پوستى، ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانار سۈيى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2. تەمرى ھىندى ۋە شىرخىست ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3. سېرىق ھېلىلە پوستى، سوقۇلغان قارا ھېلىلىنىڭ ھەر بىرىدىن 14 گرامدىن، قىزىلگۈلدىن 27 گرام، سانادىن 24 گرام، نېلۇپەر ۋە بىستىپايەجەدىن 14 گرامدىن ئېلىپ، 500 گرام قايناق سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن سۈزۈپ، سۈيىگە خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست قوشۇپ ئېرىتىپ، يەتتە گرام بادام يېغى قوشۇپ

ئىچكۈزۈش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بويىچە مىزاجىنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

نىلۇپەر شەربىتى، شەربىتى بىنەپشە، بېهى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

شەربىتى رىباسقا سۆگەت شېخى سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئەرقى گۈل بېرىلىدۇ.

ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانار سۈيى بېرىلىدۇ ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن ئىسپىغۇل لوئابى ۋە تاۋۇز سۈيى بېرىلىدۇ.

قاپاق سۈيى بىلەن سىركەنجۇبىل بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يۇمغاقسۈت، ئامىلە، تازىلانغان ئەدەس، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ، بۇ سۇ ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئېچىشىش بەك قاتتىق بولسا، بۇ رېتسېپ تەركىبىگە مۇۋاپىق مىقداردا خەشخاش پوستى ۋە كاپۇر قوشۇپ بېرىلسە بولىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش، ئەدەس، قاپاق، سۇماق، ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. گۆش، قىزىق يېمەكلىك، ئۆتكۈر، تۇزلۇق يېمەكلىكلەر ۋە ئالاھىدە تەمگە ئىگە يېمەكلىكلەردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## ئون ئالتىنچى پەسىل گال قۇرۇش
## خشونت حلق

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك نەزلە ياكى سەۋدا خىلتىنىڭ غەيرىي تەبئىي ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

گال قۇرۇشنىڭ سەۋەبى نەزلىدىن بولغان بولسا، ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنى داۋالاش پرىنسىپى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئەگەر غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتتىن بولغان بولسا غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ۋە مائۇلجەبىن ئارقىلىق بەدەننى تازىلاش لازىم. تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولمىسا شەربىتى بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان لوئابى، رەيھان ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بىدمىشكى ۋە سەمغى ئەرەبى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بادام مېغىزى بىلەن قەنتنى بېرىشكىمۇ

بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغول لوئابى، بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بىدىمىشكى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى داۋالاش باسقۇچلىرى ئېلىپ بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇقنى يوقىتىپ، يۇمشىتىش ئېلىپ بارغۇچى دورىلار بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك يالانچۇق (لوئوق) دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە يۇمشاقلىق پەيدا قىلغۇچى كۇمىلاچلار شۇمۇشكە بېرىلىدۇ. مەسىلەن: كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، رۇببىسۇس، قەنت قاتارلىقلاردىن بىر ھەسسە، پوستى ئاقلانغان بادام مېغىزىدىن بەش ھەسسە ئېلىپ، بۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ۋە ئىسپىغول لوئابى بىلەن كۇمىلاچ ياساپ بېرىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنە تۆۋەندىكى چارىلەر قوللىنىلىدۇ: ① قەنت بىلەن قايماقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ② ساپ سۈتنى ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ③ تاتلىق بادام بىلەن خېمىرى بىنەپشە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن ماسكا (قايماق)نى بەدەنگە سۈۋىغاندىن كېيىن ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

ئەگەر گالدىكى قۇرۇقلۇق، تۇتقۇچى ۋە چۇچۇمەل، تەمسىز يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ۋە چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەك، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان قۇرۇقلۇقنى داۋالاش قائىدىسى بويىچە داۋالاش لازىم، بىراق بۇنىڭدا بەدەننى تازىلاش باسقۇچى ئېلىپ بېرىلمايدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ياغلىق، سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇماچ، پاقلان گۆشى شورپىسى، سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى، قاپاق، پالەك، نان، نىشاستە، شېكەر ۋە بادام يېغى بىلەن ياسالغان ھالۋا، تۇخۇم سېرىقى ياكى ئاق شېكەر بىلەن گۈرۈچ شىرىسى، بەرەڭگى كابىلى شىرىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

## ئون يەتتىنچى پەسىل كاناي ياللۇغى ۋە يارىسى

## اورام وقروح قصبه ريه

**ئالامىتى:**

بۇنىڭدا يېنىك دەرىجىدە قىزىتما بولۇپ، ئېغىزمانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىك ئاغرىش

بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاۋاز پۈتۈپ قالسا، بۇ، كاناي ئىششىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. ئەگەر ئېغىزدىن بېلىق پۇرىقىدەك پۇراق كەلسە ۋە بىرئاز بەلغەم (خەپرۈك) بولسا، بۇ كاناي يارىسىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە يارىسى ۋە ئۆپكە سىلى (تۇبېركۇلوز) كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئۆپكە سىلىدا سۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلمايدۇ، ئەمما كاناي ئىششىقى ۋە يارىسىدا يەڭگىلرەك سۈرگىلەرنى ئىشلەتسەك بولىدۇ.

ئەگەر كاناي مۇدۇرلىرى بولسا يۇتقۇنچاق يارىسى كېسەللىكىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار قوللىنىلسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئىبنىسىنا «بۇ كېسەللىكتە دورا ئىچكۈزۈشتە بىمارنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، دورا ئاستا - ئاستا يۇتقۇزۇلىدۇ. چۈنكى بۇخىل دورا ئىچىش ئۇسۇلىدا دورىنىڭ ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. دورىنى بىراقلا ئىچكۈزگەندە كۆپىنچە يۆتەل پەيدا قىلىپ قويىدۇ» دەپ ئېيتقان.

## ئون سەككىزىنچى پەسىل  كاناي لىكىلداش ۋە تىترەش

## اختلاج وارتعاش قصبه ريه

بۇ ئاساسلىقى كانايدا لىكىلداش ۋە تىترەش ئەھۋالى كۆرۈلىدىغان بىرخىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

كاناي تىترەش كۆپىنچە بەلغەم خىلتىدىن بولىدۇ. يەنە قان خىلتىنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى ۋە كۆيگەن سەۋدا خىلتىدىن پەيدا بولغان قويۇق يەلدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇنىڭدا دەم سىقىلىش، بىئارام بولۇش، ھەر ۋاقىت تىترەش ئالامەتلىرى بولىدۇ. يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرى ۋە يۇتقۇنچاق پەردىلىرىنىڭ سىرتقى قەۋىتىدە تولۇق بولمىغان بوششىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكتە «پۈتۈن ئەزانىڭ تىترىشى» كېسەللىكىگە قوللىنىلغان ئۇسۇللار بويىچە خىلىت تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. غار - غار ۋە لۇئوق دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا بۇ كېسەللىككە قىچا يېغى سىڭىنغان يېمەكلىكلەرنى بەرسە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بۇ كېسەلنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەش، كۈلۈش، ئاچچىقلىنىش، يۇگۇرۇش، قولنى بەك كۆپ ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن توسۇش لازىم ۋە ئۇخلىغاندا ئوڭدىسىغا ئۇخلىشى لازىم.

## ئون توققۇزىنچى پەسىل يۇتقۇنچاقنىڭ بوشىشىپ كېتىشى

## استرخاء حنجره

**سەۋەبى:**

بۇ، يۇتقۇنچاق بوشىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا نەپەسلەنگەندە يۇتقۇنچاققا سوغۇق ھاۋا كىرىپ سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

يۇتقۇنچاق ئېچىلىپ قېلىپ ھاۋا ئۆپكە تەرەپكە تارقالماي نەپەس سىقىلىش يۈز بېرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇنى داۋالاشتا قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇپ قېلىشنى داۋالاشتا قوللانغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىستىرخانى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

# ئونىنچى باب   قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاۋاز بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى

## امراض مري وفصاد الصوت

ئىبنىسىنا: «مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن قىزىلئۆڭگەچ خىزمىتى ئاجىزلاش سەۋەبىدىن تۆۋەندىكىدەك كېسەللىكلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: يۇتۇش قىيىنلىشىش، قىزىلئۆڭگەچ سىپازمىلىنىش ۋە پالەچلىنىش، قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغلىنىش، قىزىلئۆڭگەچ يېرىلىش، قىزىلئۆڭگەچ يارىسى، قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش، ئاۋاز بۇزۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. قىزىلئۆڭگەچ كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىچىدىن سوۋۇق دورا، سىرتىدىن زىماد دورا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

يەرلىك ئورنىغا زىماد قىلىنىغان دورىلار تەركىبىدە چوقۇم خۇش پۇراق دورىلار بولۇشى كېرەك. يەنە ئاشقازان زىمادلىرىنى ئىككى مەرە ئوتتۇرىغا زىماد قىلىش كېرەك.

ئىچىدىن ئىشلەتكەندە سوۋۇق دورىلار، يالانچۇقلار، شەكىلدىكى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق دورىلار قىزىلئۆڭگەچتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆتسە كېسەللەنگەن جايدا چاپلىشىپ تۇرۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ.

بۇ بابتا يۇتۇش قىيىنلىشىش، قىزىلئۆڭگەچنىڭ سىپازمىلىنىشى ۋە پالىچى، قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى، قىزىلئۆڭگەچنىڭ يېرىلىشى، قىزىلئۆڭگەچ يارىسى، قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش، ئاۋاز بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

### بىرىنچى پەسىل   يۇتۇش قىيىنلىشىش

### عسر البلع

بۇ، بىرەر يېمەكلىكنى يۇتقاندا يۇتۇش قىيىنلىشىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىششىشى، قىزىلئۆڭگەچنىڭ سوۋۇقلۇقى قۇرۇپ قېلىشى، قىزىلئۆڭگەچنىڭ قوۋۋىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالار تەسىرى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە تاماق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا يۇتۇش قىيىنلىشىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئەتراپىدىكى ئەزالار تەسىرىدىن بولغان بولسا، بۇ يۇتقۇنچاق مۇسكۇلىنىڭ ئىششىشى، بويۇن ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئاجراپ كېتىپ قىزىلئۆڭگەچنى بېسىۋېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولۇپ، بۇ يىغىلىپ قېلىش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىش (كوزاز) نىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بۇ كېسەللىك يۇتقۇنچاقنىڭ ئىششىشى ياكى ئومۇرتقىلارنىڭ ئاجراپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇنى ئىششىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكى ياكى ئومۇرتقىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالىسا بولىدۇ.

ئەگەر قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىششىشى سەۋەبلىك بولسا، بۇنى ئۆزىنىڭ پرىنسىپى بويىچە داۋالىسا بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان كېسەلنىڭ ئاخىرىدا بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشى سەۋەبىدىن بولسا بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر چارىسى قۇۋۋەت تولۇقلاشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قىزىلئۆڭگەچكە قۇرۇقلۇق يېتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك يىغىلىپ قېلىش (تەشەننۇج)، بويۇن قېتىپ قېلىش (كوزاز) نىڭ باشلىنىشى بولسا، يىغىلىپ قېلىش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىشنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالاش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولسا، بېهى ئۇرۇقى لۇئابى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە شەربىتى بىنەپشە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىسپىغۇل لۇئابى، كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. سىرتىدىن سەندەلدىن 12 گرام، كاپۇردىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ئەرقى گۇل ۋە كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى ياكى سېمىزئوت سۈيى ۋە ئوسۇك سۈيىگە چىلاپ ئىككى مۇرە ئوتتۇرىسىغا زىماد قىلىنىدۇ ھەمدە يەرلىك ئۇرۇنغا بىنەپشە يېغى ۋە موم بىلەن تەييارلانغان قىروتى سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى، بادام يېغى بىلەن بېرىلىدۇ ياكى سۇماق ياكى غوراپ ئۈزۈم سىلىنغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا (بۇ كۆپرەك كۆرۈلىدۇ)، رۇم بادىيان، بەديان، مەستىكى، سۇمبۇل تىپ قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، بادرەنجى بۇيا شەربىتى ياكى دىنار شەربىتى بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ياكى

مائۇلھەسەلنى ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. دارچىن، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، بەدىيان قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

سۇمبۇل تىپ، مەستىكى، ئەپسەنتىن، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ زىماد تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا، دارچىن، خولىنجان ۋە سېرىقچېچەك بىلەن پىشۇرۇلغان ئىسسىق شورپا، ئادەتتىكى شورپا ۋە كەپتەر باچكىسى گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، شەربىتى گولنار، بېھى شەربىتى، ئالما شەربىتى، سىركەنجۇبىل، ھەببۇلئاس شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، قىزىلگۈل، ھېلىلە، ئەنجدان قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىسى ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. سېرىق چۇمولە، ناردىن، مەستىكى ۋە قۇستە قاتارلىقلارنىڭ ياغلىرى سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر بۇ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تەسىرىدىن بولغان بولسا ئالدى بىلەن ئاشقازان سۇيۇقلۇقى تازىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن مەستىكى، رۇم بەدىيان تالقىنى قاتارلىق دورىلار مائۇلجەبىن بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ھېلىلە مۇرابباسىنى چايناپ، گالدىن ئاستا - ئاستا ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇپ بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا تۇزلانغان بېلىق، قورۇلغان قۇشقاچ گۆشى قاتارلىقلار زىرە بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا: ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ساپ سۈت بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ساپ كالا سۈتى، بادام يېغى ياكى قاپاق يېغى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا سۇيىگە ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، بىنەپشە، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، نامازشامگۈل ئۇرۇقى لۇئابى ۋە توخۇ يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىككى مۇرە ئوتتۇرىسىغا سۇۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، قاپاق، پالەك، قوغۇن قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز بېرىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىزىلئۆڭگەچنىڭ مىزاج بۇزۇلۇشىدا، ئاشقازان مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللانغان تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ. چۈنكى قىزىلئۆڭگەچنىڭ مىزاجى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ مىزاجىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

# ئىككىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچنىڭ سىپازمىلىنىشى ۋە پالىچى

## انطباق المرى وفالج آن

**تونۇش:**

بۇ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ سىپازمىلىنىپ قېلىشى ياكى پالەچلىنىشى سەۋەبىدىن گالدىن بىرەر يېمەكلىك ئۆتمەيدىغان كېسەللىك بولۇپ، كىچىك باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش ياكى ھۆل سوغۇق كەيپىياتنىڭ تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

قىزىلئۆڭگەچ سىپازمىلىنىپ قالغاندا يەنى ئۆزۈقلۇق يوللىرىنىڭ بىرلىشىپ قورۇپ قېلىشى ۋە بوشىشىپ كېتىشى يۈز بەرگەندە سۇيۇق ۋە سۇسىمان يېمەكلىكلەر گالدىن ئۆتمەيدۇ. بىراق قاتتىق يېمەكلىكلەرنىڭ چوڭ ـ چوڭ پارچىلىرى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچنىڭ پالەچلىنىشىدە بولسا گالدىن ھېچقانداق يېمەكلىك قەتئىي ئۆتمەيدۇ، يېمەكلىكنى گالغا قويسا بۇرۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىككە ھەرگىز سەل قارىماسلىق، جىددىي داۋالاش لازىم. ئەگەر بۇ كېسەللىك يەڭگىل بولسا ئايارەج ۋە غار ـ غار ئارقىلىق بەلغەم خىلتىنى تازىلاش يەنى باش ۋە مېڭە كېسەللىكىدە بوشىشىپ كېتىش (ئىستىرخا) ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسۇللار قوللىنىلسا بولىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن قىزىلئۆڭگەچنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەستىكى، سۇمبۇل تىپ، ئاق بەھمەن ۋە قىزىل بەھمەن دورىلارنىڭ قايناتمىسىدا غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بۇ قاينىتىلمىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

موزا، نامازشامگۈل ئۇرۇقى (ھەببۇلئاس) ۋە رامىك (بىرخىل مۇرەككەپ دورا) قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا سۈۋىلىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە جاۋارىش سەپەرجىل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن ھوشسىزلىق قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا ئالدى بىلەن ئۆتكۈر كلىزما ياكى شامچە ئىشلىتىلىدۇ ۋە بويۇننىڭ ئىككىنچى ئومۇرتقىسىغا ھەم بىرئاز ئاستىغىراق لوڭقا قويۇپ كۈچلۈك شورىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇندۇز قەھرى، مۇردارسەنگى، پەرپىيۇن، ئاچچىق قۇستە، ئەپسەنتىن، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 12

گرام، 24 گرام سۇمبۇل تىپ قاتارلىقلارنى سوقۇپ، 36 گرام بابۇنە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇللار بىلەن قىزىلئۆڭگەچ ئېچىلىپ، بىمار ھوشىغا كەلگەندە پالەچكە ئۇيغۇن ھالدا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا غار ـ غار كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئىششىق ياكى سەپرا ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئىششىق ياكى سەپرانىڭ ئېشىپ كېتىشىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل  قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى
## ورم مری

**سەۋەبى:**

بۇ، قىزىلئۆڭگەچتە قاتتىق ياكى يۇمشاق ھالەتتە بولىدىغان بىرخىل ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىك بولۇپ، بۇ، كېسەللىك قان ياكى سەپرا خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بەزىدە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالىسا بولىدۇ. بىراق دورا ئىچكۈزگەندە ئاستا ـ ئاستا ئىچكۈزۈلىدۇ. زىماد قاتارلىق سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىغا سۇۋۇلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك قان ياكى سەپرا خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن يەنى ئىسسىقتىن بولغان بولسا كېسەللىك ماددىسىنى تارقىتىش مەقسىتىدە، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئاچچىق ئانار سۈيى، شەربىتى پەۋاكىھ بارىد قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. گۈلاب بىلەن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بېرىلىدۇ. شاتۇت شەربىتى، كاسىنە ۋە ئوسۇك سۈلىرى بېرىلىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يەڭگىل كىلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ ياكى شىرخىست، تەمرى ھىندى، رەۋەن شەربىتى، قىزىلگۈل ۋە ئەينۇلا شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن ئاق ۋە قىزىل سەندەللەرنى ئەرقى گۈل، كاسىنە سۈيى، يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىششىق ئورنىغا سۇۋۇلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئىششىق تارقىتىش ئۈچۈن كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى، كاكنەچ سۈيى قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا خىيارشەنبەر شىرىسى ۋە بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئارپا ئۇنى، بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، ئىكلىلىملىك، شوخلا سۈيى ياكى ئەنجۇر سۈيى ۋە گۈل يېغى قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ.

ئىششىق تارقىغان بولسا يىمەكلىك بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر ئىششىق تارقىماستىن بەلكى يىرىڭ يىغىلىپ بىئارام بولۇش، لىغىلداپ قېلىش ۋە ئېغىر قىزىتما ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئەنجۇر سۈيى (پىشقان سۈيى) بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا زىغىر ئۇرۇقى شىرىسى، نامازشامگۈل ئۇرۇقى لۇئابى ۋە خېمىر سۈيىمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە شۇمشا ئۇنى، زىغىر ئۇرۇقى، بۇغداي كېپىكى، ئارپا يارمىسى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئەنجۇر سۈيى ۋە بىنەپشە يېغى قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كېپەك سۈيى، شېكەر، بىنەپشە يېغى بىلەن تەييارلانغان ھالۋا بېرىلىدۇ. ئىششىق پىشىپ بولغان بولسا بادام يېغى بىلەن سۈت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە يۇمشاق ئۇن، نىشاستە، بادام يېغى، شېكەر قاتارلىقلاردىن ھالۋا تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ. قىچىشىش، ئېچىشىش پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان ئىششىقتا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى پىشۇرۇلغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ياكى ھەببى ئايارەج ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

ئىكلىلىملىك، بابۇنە، سېرىقچېچەك، شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلار قاينىتىلىپ سۈزۈپ، پىشقان ئەنجۇر سۈيى (مەيپوختە) بىلەن بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق ياغلار يەنى بابۇنە يېغى، سېرىقچېچەك يېغى، زەيتۇن يېغى، زەنبەق يېغى، يەسمەن يېغى، پان يېغى قاتارلىقلار سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت شورپىسى سېرىقچېچەك ۋە زىرە بىلەن تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

يېقىنقى زاماندىكى بەزى تېۋىپلار تۆۋەندىكىدەك بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. تازىلاش ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىش قاتارلىق باسقۇچلارنى ئېلىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن تارقىتىش ئۈچۈن سۇمبۇل تىب، بابۇنە، مەستىكى، ئىكلىلىملىك قاتارلىقلاردىن 12 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، بارلىق دورىلارنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك قوستە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ سىرتىدىن سۈۋىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىششىق تارقىمىغان بولسا ئۇنى پىشۇرۇش ئۈچۈن شۇمشا ئۇرۇقى لۇئابى، زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى يەتتە گرامدىن، 36 گرام ئارپا ئۇنى ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىششىق ئېغىز ئالغاندىن كېيىن يۇتتۇرۇش مەقسىتىدە تۆت گرام سەمغى ئەرەبى، ئىككى گرام تاباشىر، ئىككى گرام كەتىرا يۇمشاق سوقۇپ، ئالتە گرام گاۋزىبان لۇئابى ۋە 36 گرام خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كاللا پاچاق بېرىلىدۇ.

## تۆتىنچى پەسىل    قىزىلئۆڭگەچنىڭ يېرىلىشى
## تفرق اتصال مری

**سەۋەبى:**

بۇ قىزىلئۆڭگەچ قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشى، غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتى توشۇپ قېلىش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تېزلىكى، ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، جاراھەت قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە قەي قان ئارىلاش كېلىدۇ. ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىدا ئاغرىش بولىدۇ. ئەگەر قان خىلىتى ئىششىپ كېتىش ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتى تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر سەپرا خىلىتىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك سەپرا خىلىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلمىسە، بۇ ئۇرۇلۇپ يىقىلىشتىن ياكى جاراھەتتىن كېلىپ چىققان تومۇر يېرىلىش سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

1. ئەگەر مۇمكىن بولسا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ.

2. دورىلاردىن سەمغى ئەرەبى، نىشاستە، كەتىرا، گىل ئەرمىنى، خۇنسىياۋشان، كەھرىۋا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاز مىقداردا شېكەر ياكى شەربىتى ھەببۇلئاس بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يالىتىلىدۇ.

ئىچىدىن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ. ئۆچكە سۈتى بېرىلىدۇ. يۇيۇلغان لوك بىلەن ئۆچكە سۈتى ياكى ھەببى باسىددەم ياكى قۇرسى كەھرىۋا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ دورىلارنى بېرىپ ئارقىدىن سۇ ئىچكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يەنە بۇ كېسەللىك قان قەي قىلىش بايانىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار بىلەن داۋالانسىمۇ بولىدۇ.

## بەشىنچى پەسىل    قىزىلئۆڭگەچ يارىسى
## قروح مری

**سەۋەبى:**

بۇ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزىلئۆڭگەچتە يارا پەيدا بولۇپ قالىدىغان بىرخىل

كېسەللىك، بۇ كېسەللىك قىزىلئۆڭگەچكە مۇدۇر ـ چاقىلارنىڭ چىقىپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭدىكى ياللۇغلارنىڭ يېرىلىشى ياكى قەي قىلغاندا يەرلىك ئورۇندىن ئۆتكەن ئىسسىق تەبىئەتلىك خىلتلارنىڭ قىزىلئۆڭگەچكە تەسىر قىلىشى، قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقىنىڭ پىـ. شىپ ئېغىز ئېلىشى، نەزلىنىڭ غىدىقلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇنىڭ ئالامىتى قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقىنىڭ ئالامىتىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. پەرقى: قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقىدا چوڭراق نەرسىنى يەپ سالسا قاتتىق ئاغرىيدۇ. قىزىلـ. ئۆڭگەچ يارىسىدا ئۆتكۈر چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ناھايىتى ئاز مىقداردا يېسىمۇ قاتتىق ئاغرىيدۇ ۋە ئېچىشىدۇ. مايلىق، تەمسىز نەرسىلەرنى كۆپ مىقداردا يېسىمۇ ئاغرىق ئانچە قاتتىق بولمايدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ يارىسى بىلەن ئاشقازان يارىسىنىڭ پەرقى ئاشقازان يارىسىدا ئاغرىق قورساقتا بولىدۇ. قىزىلئۆڭگەچ يارىسىدا ئاغرىق ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر قىزىلئۆڭگەچ يارىسى ئىششىق پىشىپ ئېغىز ئالغاندىن بولسا، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ داۋالاش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ، داۋالاشتا ئالدى بىلەن يىرىڭ تازىلاش مەقسىتىدە مائۇلئۇسۇل ياكى سۈت بىلەن شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاز ـ ئازدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن يارىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئاق موم، گۈل يېغى ۋە تۇخۇم سېرىقى ئارقىلىق مەلھەمى قىيروتى تەييارلاپ ياكى تۇخۇم سېرىقى، ئاق قەلەي كۆشتىسى ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاز ـ ئازدىن يالاشقا بېرىلىدۇ ۋە ياكى بۇ تەييارلانغان دورىدىن توققۇز گرام، گۈل يېغىدىن 24 گرام، كالا سۈتىدىن 375 گرام ئېلىپ ئىلمان قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئاشقازان يارىسى ۋە كاناي مۇدۇرچاقلىرى ۋە يارىنى داۋالاشتىكى ئۇسۇلـ. لار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش

## حكاك مرى

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى خىلتلارنىڭ ئاشقازانغا توپلىشىۋېلىپ، قىزىلـ. ئۆڭگەچ تەرەپكە ئۆرلەپ، قىزىلئۆڭگەچكە تەسىر قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە گالنى قىرىش، قىچىش، يۆتىلىش، بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا ھەرىكەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولۇش، بىرەر نەرسە يۇتسا ھۇزۇر ھېس قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئۇنى داۋالاشتا ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن سىرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، لوبىيا قاتارلىقلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ ياكى باشقا قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ سۈرگە بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ماددىنى توختىتىش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل ئەنسىلى ياكى كونا سىركە ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

قىچىشىشنى توختىتىش ئۈچۈن ساپ ھەسەل ياكى سىركە ئارىلاشتۇرۇپ، بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ، بەزىلەر شارابى مۆكەددەر شىرىن بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق دەپ قارايدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان كاللا ـ پاچىقى، پالەك ۋە گۆرۈچ بېرىلىدۇ.

## يەتتىنچى پەسىل ئاۋاز بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى

## فساد صوت يعنى آفت آواز

**تونۇش:**

ئاۋاز ئاساسەن تۆۋەندىكى ئامىللار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ: يۇتقۇنچاق ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار، يۇتقۇنچاق، كىچىك تىل، نەيچىسىمان ئاۋاز چىقىرىش يوللىرى، كۆكرەك ۋە ئاۋاز پەردە، ئۆپكە قاتارلىقلار.

ئەگەر بۇ ئامىللارنىڭ بىرەرسىدە كېسەللىك پەيدا بولسا ياكى ھاۋا يېتىشمەسلىك، مىزاج بۇزۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئاۋازنىڭ تامامەن توسۇلۇپ قېلىشى، تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئۆزگىرىپ كېتىشى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاۋاز كېسەللىكلىرى دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋازنىڭ ئۆزگىرىشى بىر نەچچە خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، ئاۋازدا ئىبغىرلىق ياكى بىرخىل ئۆتكۈرلۈك بولۇش، ئاۋاز تىترەش، ئاۋاز بوملىشىپ قېلىش، ئاۋازى تۆۋەن بولۇپ قېلىش، ئاۋازى يۇقىرى بولۇپ قېلىش، ئاۋازى ئىنچىكىلەپ قېلىش قاتارلىقلار.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خىلتلىق ۋە خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇش، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش، ئىششىق، ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، يۇتقۇنچاق كېسەللىكى، ئاۋاز ئەزالىرىغا تۇتىشىدىغان نېرۋىلارنىڭ تەسىرى، مېڭە ياكى ھەزىم ئەزالىرى ۋە نەپەس ئەزالىرىنىڭ تەسىرى، ئۆپكە ياكى تامغاق ئىچىدە قۇرۇقلۇق ياكى سۇيۇقلۇق پەيدا بولۇپ قېلىش، تامغاق ئىششىپ قېلىش، بادامسىمانبەزلەرنىڭ ياللۇغلىنىشى، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى، گالدا قۇرۇقلۇق بولۇش، ھۆللۈك ئېشىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىق ئالامەت ئاۋازنىڭ نورمالسىزلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاۋاز ھەرخىل ئۆزگىرىپ قالىدۇ، ئۇلارنى داۋالاشتا ئاۋازنىڭ ئۆزگىرىش ئالامەتلىرىگە تۆۋەندىكىدەك قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ:

### 1. ئاۋاز چىقىرالماسلىقنى داۋالاش:

علاج انقطاع الصوت

ئاۋاز توسۇلۇش دېگەنلىك ئاۋاز پۈتۈنلەي توسۇلۇش دېگەنلىك ئەمەس. تېبىبىي ئاتالغۇدا ئاۋازنىڭ نورمال چىقالماسلىقى ۋە ئاسانراق سۆزلەشكە قادىر بولالماسلىقنى ئاۋاز توسۇلۇش دەيمىز.

ئەگەر ئاۋاز توسۇلۇشنىڭ سەۋەبى يۇتقۇنچاقتىن باشقا ئەزالاردا بولسا شۇ سەۋەبكە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك دەسلەپكى باسقۇچتا بولسا، تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ، ئاقلانغان كۈنجۈت ۋە ساپ سۈتتىن بىر قوشۇقتىن ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ كۈنگىچە يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز توسۇلۇپ قېلىش يۇتقۇنچاق ۋە ئاۋاز پەردىلىرىدە بولسا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالدا بولىدۇ: بىرى، ئارتۇق سۇيۇقلۇق يۇتقۇنچاق ۋە ئاۋاز پەردىلىرىدە توپلىنىپ قالىدۇ. يەنە بىرى، ئاۋاز ۋە يۇتقۇنچاقنىڭ قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىدۇ.

ئەگەر سەۋەبچى ئامىل سۇيۇقلۇقنىڭ يۇتقۇنچاق ۋە ئېغىز پەردىلىرىدە توپلىنىپ قېلىش بولسا، لوئوقى ئەنجىر يالىتىلىدۇ. مۇرمەككى، زەپە قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

زەپەر 12 گرام، مۇرمەككى يەتتە گرام، رۇبىسۇس بىلەن كۈندۈر ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، ئۈزۈم سۈيى ۋە ھەسەل قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆمىلاچ ياساپ شۈمۈشكە

بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل كېسەللىك يۇتقۇنچاق ۋە ئاۋاز پەردىلىرىنىڭ ئىششىپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، بىر قوشۇق ساپ بىنەپشە يېغىغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئۇخلاش ۋاقتىدا بېرىلىدۇ، ئىسپغۇل لوئابىنى شېكەر سۈيى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە يۇمشاتقۇچى يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى، پالەك، قوغۇن، چالا پىشۇرۇلغان توخۇم سېرىقى بېرىلىدۇ ياكى ساپ سۈتنى يالغۇز ياكى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، قايماق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## 2. ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشنى داۋالاش:

علاج بحة الصوت

بۇ كېسەللىكتە يۇقىرىقى كېسەللىككە ئىشلەتكەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ پايدىسى بولمىسا ماددىنى تازىلاش كېرەك. بۇنىڭدا ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق نېلۇپەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ كېسەلنى ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزانلاردىن، چۇچۇمەل، تەملىك، قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن پىدىگەن، قېتىق، ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان نەزلىدىن بولغان بولسا، نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن سېزىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: خەشخاش شەربىتى، ھەببى نەزلە، بېھى شەربىتى ۋە نەزلىنى توختاتقۇچى يالانچۇقلار ياكى پوستى خەشخاشى ئۇرۇقى شىرىسى نېلۇپەر شەربىتى ياكى چىلان شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ.

پوستى خەشخاش، چىلان، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، ئەدەس قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا نىشاستە تالقىنى ۋە سەمغى ئەرەبى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماددىنى قويۇلدۇرغۇچى سۇۋاملار ۋە دورا سۈيى بىلەن باش يۇيۇلىدۇ. سەرپىستاندىن 15 دانە، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ قاينىتىپ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، جۆگگو چېيىدىن تۆت گرام، بەدىياندىن تۆت گرام ئېلىپ، 120 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەررىدە قاينىتىپ، ئالتە گرام بادام مېغىزى شىرىسى ۋە قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەمغى ئەرەبىدىن بىر گرام، كەتىرادىن بىر گرام سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. خەشخاش پوستى، شوخلا، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلار قاينىتىلىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش زۇكام ۋە يۆتەلدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا ھەم سوزۇلما

خاراكتېرلىك بولسا، تۇبېركۇليوزنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھالەتتە بىمارنىڭ ئاشقازىنى ئاجىز ۋە مىزاجى سەۋدا خاراكتېرلىك ھەمدە يۈرەك ئېغىش (خەفەقان) بولسا بېھى ئۇرۇقى، لاچىندانە قاتارلىقلارنى قايىنتىپ قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سۇفۇپى سۇرپە ياكى ھەببى سۇرپىگە ئۆچكە سۈتىنى قايىنتىپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە لوئۇقى تاباشىر ياكى لوئۇقى سەرپىستان بارىد ياكى شەربىتى پەريادىرەس بىلەن لوئاب ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبى مىزاجنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بوزۇلۇشى بولۇپ، ئادەتتىكى قۇرۇق ئىسسىق يېمەكلىكلەردىنمۇ گالدا ئاغرىش پەيدا بولسا، بۇنىڭغا قايماق ۋە ئوماچ بېرىلسە بولىدۇ.

ئەگەر بۇرۇندا تۇسالغۇ بولۇپ زۇكامدىن تۇسۇلۇپ قالغانلىقنىڭ ئالامىتى بولسا، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام، نىلۇپەردىن تۆت گرام، چىلاندىن بەش دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن تۆت گرام، قوغۇن ئۇرۇقىدىن تۆت گرام ئېلىپ قايىنتىپ، بېھى ئۇرۇقى شىرىسىدىن ئالتە گرام، شەربىتى بىنەپشىدىن 24 گرام، خاكشىدىن ئالتە گرام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى بۇ دورىغا تۆت گرام بىنەپشە قوشۇلىدۇ. تۆتىنچى كۈنى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، ئاق لەيلىگۈلى ئۈچ گرام، دارچىن ئۈچ گرام، پىرسىياۋشان ئالتە گرام، چىلان بەش دانە قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورىلار بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋاز چىقارغاندا ئادەتتىكىچە قىيىنلىش بولسا، 15 دانە سەرپىستان، ئۈچ گرام زۇپا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى تۆت گرام قاتارلىقلار قايىنتىلىپ، ئۇنىڭغا 12 گرام ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە كەتىرا بىلەن سەمغى ئەرەبىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ سېپىلىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز ئېچىلسا ۋە بىرئاز بەلغەم بولسا يۇقىرىقى رېتسېپقا ئۈچ گرام دارچىن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئەگەر شىلىمشىق بەلغەم چىقسا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، چىلان بەش دانە، بەديان ئۈچ گرام، زوپا ئۈچ گرام، دارچىن ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، 12 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە سەمغى ئەرەبى تالقىنى سېپىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سوغۇقتىن بولغان نەزلە سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قائىدە بويىچە نەزلە تازىلىنىدۇ. بۇ كېسەللىككە نىسبەتەن كۆمىلاچ، لوئۇق ۋە غار - غار دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى.

دورىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بېرىلىدۇ: قورۇتۇلغان نوقۇت ئۇنى 72 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قايناتمىسى قىيامى، سەۋسەن يىلتىزى، بەسباسە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بەديان، چىلغوزا مېغىزى، بادام مېغىزى قاتارلىقلاردىن 18 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق

سوقۇپ، كۆمىلاچ ياساپ ئىغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقى، قورۇلغان نىلۇپەر ئۇرۇقى، قورۇلغان چىلغوزا مېغىزى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلاردىن ھەربىرىدىن توققۇز گرامدىن، سەۋسەن يىلتىزى، زۇپا، مۇرمەككى، بەدىيان، زەپەر قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەل قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ لوئوق تەييارلاپ، توققۇز گرام ئېلىپ 82 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك يۇتقۇنچاقنىڭ ھۆللۈكى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، چالا سوقۇلغان، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، چالا سوقۇلغان بەدىيان يىلتىزى، پىرسياۋشان قاتارلىقلار قايىنتىلىپ، قەنت سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ نۇسخىدىكى قەنتنىڭ ئورنىغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى سېرىق ئەنجۈردىن بەش دانە قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا 36 گرام ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆچلۈكرەك دورا ئىچكۈزۈش كېرەك بولسا، رۇم بەدىيان، كەرەپشە يىلتىزى، سەۋسەن يىلتىزى، سۆئتەر، پىننە قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇسخىغا قوشۇپ بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا سېرىقچېچەك قوشۇپ قەنت ئورنىغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

سۇيۇقلۇق ۋە نەزلىدىن بولغان ئاۋاز پۇتۇن قېلىشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. قارىمۇچنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن كۆمىلاچ ياساپ ئىغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ ياكى خولىنجاننى ئىغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە ۋە چايناشقا بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا كەكلىك، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ. ھەركۈنى بەش گرام سەبرە تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش كېرەك بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈلىدۇ. بەدىيان يىلتىزى پوستى، كاسىنە يىلتىزى پوستى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى پوستى، ئىزخىر ھەربىرى يەتتە گرام، سەۋسەن يىلتىزى، رۇم بەدىيان، ئۇستىقۇددۇس ھەربىرى تۆت گرام، شوخلا توققۇز گرام قاتارلىقلار قايىنىتىلىپ، شەربەتى ئۇستىقۇددۇس مۇنزىچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى دورا بەش كۈن ئىچكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى شەربەتى ئۇستىقۇددۇس مۇنزىچى چىقىرىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 36 گرام سانا، توققۇز گرام تۇربۇت، توققۇز گرام رەۋەن چىنى، ئۈچ گرام شەربەتى ئۇستىقۇددۇس، 84 گرام خىيارشەنبەر، 84 گرام تەرەنجىبىن، يەتتە گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، يەتتە گرام ھەببى شەبيار بىلەن بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن بۇغداي نېنى قايناتمىسى (نانتەك) بېرىلىدۇ ۋە ئىككىنچى كۈنى يۇقىرىقى مائۇلئۇسۇل شەربەتى، بۇزۇرى ھار 48 گرام

ۋە ئاق، قىزىل تۇدەرى تالقىنى ياكى قىچىدىن توققۇز گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنداقلا 3 ~ 4 قېتىم سۇرگۈ بېرىپ، بەدىيان يىلتىزى پوستى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەربىرىنى توققۇز گرامدىن ئېلىپ، مائۇلئۇسۇل قاينىتىپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن زەنجىۋىل مۇرابباسى يېگۈزۈلىدۇ ياكى ئۈچ گرام سىيادانىنى سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەتتە دانە ئەنجۈرنى قاينىتىپ، 36 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرىنىڭ ئېيتىشىچە: «مالاكەنگىنى، ئېگىر، جۇۋنە، خولىنجان، پىلپىل قاتارلىقلارنى سوقۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، 14 گرامدىن ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئىستېمال قىلدۇرسا بەلغەمدىن بولغان ئاۋاز پۇتۇش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن».

ئەگەر ئاۋاز پۇتۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى يۇتقۇنچاق ۋە كانايىنىڭ قۇرۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولسا ئىلمان ھالدىكى لوئابلار ۋە مايلىق ھالۋىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش ياكى سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئون گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، 36 گرام قەنت سېلىپ بېرىلىدۇ ياكى بىنەپشە يېغى ۋە بادام يېغى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى، قاپاق، پالەك، بادام يېغى قاتارلىقلارنى بېرىش بىلەن بىرگە مۇۋاپىق مىقداردا تۇخۇم سېرىقى يېگۈزۈلىدۇ.

كاناي ۋە يۇتقۇنچاقنىڭ قۇرۇشىنى داۋالاش ئۈچۈن يەنە كەتىرا، نىشاستە، سەمغى ئەرەبى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، تاتلىق قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى ئوخشاش مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۆمىلاچ ياساپ، ئېغىزغا سېلىپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە قۇرۇق يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەندە ياكى ئۇزۇن ۋاقىت ئۇخلىماسلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلارنى شوخلا ئەرقىگە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە يېغى بىلەن قايماقنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا مۇشۇ كېسەللىكنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغىنىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالىسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ يەرلىك ئورۇنغا توپلىشىشۋېلىشىدىن ئىششىق ۋە ئاغرىش پەيدا قىلغانلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئىسسىقتىن بولغان بوغما كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇمشاتقۇ-

چى، پىشۇرغۇچى غار ـ غار ۋە لۇئۇقلار بېرىلىدۇ.

بەزىدە ئىلگىرى پەقەت يەپباقمىغان ياكى ئۆتكۈر تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىك سەۋەبىدىنمۇ ئاۋاز پۈتۈپ قالىدۇ، ۋە ئۇنىڭدا يۈرەك ئېغىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش (سە-دەر)، باش قېيىش (دەۋۋارە)، كېكەچلىشىش، تىلى قارىداش ئەرمىننى پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا گىل ئەرمىننى تەنبۇل يوپۇرمىقى بىلەن ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەي قىلىپ ئاۋاز ئېچىلىدۇ.

بەزىلەر يەنە هۆل زەنجىۋىل ياكى پان چايناپ سۈيىنى يۇتسا ئۆتكۈر يېمەكلىكلەرنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ئاچچىق سىركەنجىۋىل ياكى سوغۇق سۇ ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مىزاجى ئىسسىق بولسا سېرىقچېچەك، تۇرۇپ قاتارلىقلار قاينىتىلىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە مۇناسىۋەتلىك سۈرگۈ دورىلىرىغا زەهەر قايتۇرغۇچى (تەرياق) دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ. مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن شەربىتى تەنبۇلغا، گۆش سۈيى (مائۇللەهمى ساددە) ياكى ئەرقى قەرنەپىل قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئىبنىسىنا «كاۋاۋچىننى چايناپ بەرسە ئاۋاز بوغۇلۇش ۋە ئوچۇق بولماسلىقى ئۈچۈن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ، تاتلىق ئانار سۈيىنى قاينىتىپ ئىستېمال قىلدۇرسا ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشنى داۋالايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاۋازنىڭ قۇرۇقلۇقىنى يوق قىلىشتا باقلا، چىلغوزا، قۇرۇق ئۈزۈم، ئەنجۈر، شۆمشا، زىغىر ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بادام مېغىزى، شېكەر قومۇشى، سەرپىس-تان شەربىتى، هەسەل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان ئاۋاز پۈتۈشكە يەنە مۇرمەككى، هىڭ، پىلپىل، هېلىلە كابىلى، كۇندۇر، پىننە، چىگىت مېغىزى، راتىيانەج، مىئەسائىلە، سىركەنجىبىن ئەنسىلى قاتار-لىقلار بېرىلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغانلىرىغا يەنە تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، نىشاستە، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، ئىسپىغۇل لۇئابى، تاتلىق ئانار شەربىتى، گۇلاب، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى كېسەللىكلەر ئۈچۈن دورىلار بىلەن بىرگە چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن ساپ سۈت قوشۇپ بېرىلسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئەنتاكى «نېلۇپەر، كەرەپشە قاتارلىقلار ئاۋازنى سۈزۈك قىلىدۇ. كەرەپشە ئۇرۇقىنى سوقۇپ، شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچسە ۋە چىلغوزە مېغىزى، بادام مېغىزىنى سوقۇپ، هەسەل بىلەن كۆمىلاچ تەييارلاپ، ئېغىزغا سېلىپ بەرسە، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

### 3. ئاۋاز كۇسۇلداپ چىقىشنى داۋالاش:

علاج آواز سرير

ئاۋازنىڭ كۇسۇلداپ چىقىشى يۇتقۇنچاق ۋە كانايىنىڭ تاشقى قەۋىتى ۋە بەلگىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشتە ئاۋاز مۇسكۇللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ۋە قۇرۇپ كېتىشى، سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى، كىچىك تىلنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، ئۆزۈنغىچە ئۇخلىيالماسلىق قاتارلىق سەۋەبكە قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىدۇ.

تازىلانغان قۇرۇق ئەنجۈر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارنى بادام يېغى بىلەن نەمدەپ ئىستېمال قىلىسمۇ بۇ كېسەللىككە نىسبەتەن پايدىسى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەر ۋە دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

### 4. ئاۋازنىڭ ئۈزۈلۈپ چىقىشنى داۋالاش:

علاج انقطاع الصوت

ئاۋاز ئۈزۈلۈپ چىقىشنىڭ سەۋەبى نەپەس قىستاشتىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئاستا - ئاستا نەپەسنى كۈچەيتىش لازىم. نەپەسنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق تەنھەرىكەت قىلدۇرۇش، مۇنچىدا ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇش، سىڭىشلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇ-رۇش، ئوبدان ئۇخلىتىش لازىم.

### 5. ئاۋازنىڭ بوم چىقىشنى داۋالاش:

علاج آواز تیره و تاریک

بۇ ئاۋاز كاناللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەش ۋە ۋارقىراش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ھۆللۈكتىن ئاۋاز توسۇلۇش ۋە ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

### 6. ئاۋازنىڭ ئىنچىكىرەپ چىقىشنى داۋالاش:

علاج آواز باریک

بۇ ئاۋاز بوملىشىپ قېلىشنىڭ ئەكسى بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماس-لىق، بەك ھۆل ۋە جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىش، سۈرگىنى كۆپ ئىچىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئوبدان دەم ئالغۇزۇش، نورمال تەنھەرىكەت قىلدۇ-رۇش، بەدەننى سەمرىتىش كېرەك.

ھۆللۆك پەيدا قىلغۇچى دورىلاردىن تەركىبىدە ياقۇت بولغان دورىلار، ئالما ئەرقى، سۈت ئەرقى، ئەنبەر ئەرقى، سەۋزە ئەرقى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. يۇمشاق، سىڭىشلىق تاماقلار بېرىلىدۇ. تۇتقۇچى (قابىز) ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

### 7. ئاۋازنىڭ سۈزۈكلىكى بۇزۇلۇشنى داۋالاش:

علاج فساد صوت

ئاۋاز سۈزۈكلىكىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبى: يۇتقۇنچاق ۋە شاخچە كانايچىلاردا قويۇق سۇيۇقلۇقنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا كۆچلۈكرەك تەنھەرىكەت قىلدۇرۇش، نەپەسنى ئازايتىش، لۆڭگە بىلەن قولتۇق ۋە كۆكرەكنى سۈرتۈپ بېرىش، مۇنچىغا چۈشۈرۈپ تەرلەتكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.
دورىلاردىن قىچا ۋە ئاچچىقسۇدا غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا غارىقۇن ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا يۇمشاتقۇچى ۋە پارچىلىغۇچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

### 8. ئاۋازنىڭ تىترەپ چىقىشنى داۋالاش:

علاج اختلاج صوت

بۇ، كاناي لىكىلداش ۋە تىترەشتىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، كاناي لىكىلداش ۋە تىترەشنى داۋالاش بويىچە داۋالىسا بولىدۇ.
ئەگەر تازىلاش كېرەك بولۇپ قالسا، ھەببى غارىقۇن ۋە لوغانزىيالارنى مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۆتكۈر كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئايارەج پەيقىرانى سۇدا ئېرىتىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

# ئون بىرىنچى باب ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى

## امراض ريه وصدر

## بىرىنچى پەسىل ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### ذكر وجوه استدلال بر امراض ريه وصدر

ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى كۆپىنچە كۈز ۋە قىش پەسلىدە كۆرۈلىدىغان بىرخىل كېسەللىك. چۈنكى بۇ پەسىللەردە نەزلە كۆپ بولىدۇ، ئۆپكە كېسەللىكلىرى كۆپىنچە دىئافراگما كېسەللىكىنى، ئاز ساندا جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە سۇلۇق ئىششىقىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ئاۋازى توم بولۇش، نەپەسلىنىشى تېز، چوڭقۇر بولۇش، تومۇرى ئىنچىكە تېز بولۇش، كۆكرىكى كەڭ بولۇش، نەپەسلەنگەندە كۆكرەك ساھەسى ئېچىشىش، يۆتىلىش، ئىسسىققا چىديالماسلىق، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇش، سۇغا قارىغاندا ۋە سوغۇق ھاۋادا تۇرغاندا راھەتلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بىمار مىزاجىنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز ئىنچىكە بولۇش، نەپەسلىنىش ئاستا كىچىك بولۇش، كۆكرىكى تار بولۇش، نەپەس سىقىلىپ چىقىش، يۆتىلىش، سوغۇق يېمەكلىكلەر زىيان قىلىش، بەلغەم كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاۋازدا قۇرۇقلۇق بولۇپ، قۇرۇق يۆتەل بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى قاتتىق ۋە ئىتتىك، ئارقىمۇئارقا بولۇش، نەپەس سىقىلىش قاتارلىقلار مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز پۈتۈپ قېلىپ، بىمار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىيەلمەسلىك، بەلغەم كۆپ بولۇش، قاپاق ئىششىش، خىرقىراش، ئۇسسۇزلۇقى ئاز بولۇش، تومۇرى يۇمشاق ۋە سۇس بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، مىزاجىنىڭ ھۆل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز بوغۇلۇپ قالغان بولسا، كېڭەيتكۈچى مۇسكۇلنىڭ كېسەللەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز پۈتۈپ قالغان بولسا يىغىلغۇچى مۇسكۇلنىڭ كېسەللەنگەنلىكىنى بىلدۈردۇ. ئۇندىن باشقا يۆتەل، بەلغەم تۈكۈرۈش، تۇمۇر ھەرىكىتى قاتارلىقلار ئارقىلىقمۇ كۆكرەك ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. يۈرەك ئۆپكىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆپكىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. يۆتەل ئارقىلىق ئۆپكە توقۇلمىلىرى ۋە شاخچە كاناي كېسەللىكلىرىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە ئېغىرلىق بولسا، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ ئۆپكىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر سانجىلىش ۋە غىدىقلىنىش بولسا، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ كۆكرەك پەردىسى ۋە مۇسكۇللاردا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بەلغەم يۆتەل ئارقىلىق ئاسانلا چىقسا، كېسەللىك ماددىسىنىڭ شاخچە كانايچىلارنىڭ يۇقىرى قىسمىغا يېقىن ئەتراپتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بەلغەم قاتتىق يۆتەلگەندىن كېيىن تەستە چىقسا، كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئۆپكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

داۋالاش:

ئۆپكىدىكى ئارتۇق خىلتلارنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراش، ئۇزۇن، چوڭقۇر نەپەسلىنىش، كۈچەپ پۈۋلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

مۇناسىۋەتلىك لوئوق ۋە كۆملاچلارنى ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈپ، ئېرىگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا يۇتۇشقا تەۋسىيە قىلىش كېرەك.

ئەگەر كۆكرەككە توپلىنىشۋالغان خىلىت قويۇق بولسا يۇمشاتقۇچى، پارچىلىغۇچى ۋە تارقاتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

كۆكرەك كېسەللىكلىرىدە دورىلارغا مائۇلھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. چۈنكى مائۇلھەسەلنىڭ ئۆتكۈزۈش، ئېچىش، يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

كۆكرەك كېسەللىكلىرىدە تاتلىق دورىلارنى لوئوق شەكلىدە بېرىش ۋە كۆكرەك ئەزالىرىنى تازىلىغۇچى دورىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

قويۇق خىلىت ۋە يىرىڭلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن سەكپىنەج، مۇرمەككى، ئەپيۇن، قۇندۇز قەھرى ھەربىرى تۆت گرام، قەردمانە توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاتلىق ھاراق بىلەن ئىككى گرامدىن قىلىپ كۆملاچ ياساپ يېگۈزۈش كېرەك.

كۇندۇر تۆت ھەسسە، مۇرمەككىدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، بۇ ئىككىسىنى يۇمشاق سوقۇپ چەككىلەنگەن ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ كۈندە ئىككى قېتىم ھەر قېتىمدا ئالتە گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

مۇرمەككى، پىلپىل، تۇخۇمى ئەنجۇر، سەكپىنەج، قىچا قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆملاچ تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر خىلىت ھارارەت تەرەپكە مايىل بولسا، شۇمشا ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ھەربىرى 60 گرام، كەرەپشە، چىگىت مېغىزى ھەربىرى 16 گرام، زىغىر ئۇرۇقى 51 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

سەرپىستان، ئەنجۇر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان قاتارلىق دورىلارنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بەدەن ئاجىزلاش سەۋەبىدىن كۆكرەكتە چىقىپ كېتىشكە تېگىشلىك بولغان ماددىلار توختاپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ھالەتتە چۇشكۈرتۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش كۈچى (قۇۋۋىتى داپىئە) گە ياردەم بېرىش، ئەھۋالغا قاراپ زىققە ۋە نەپەسلىنىش ئەزالىرى كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىدە نەپەسلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم. تۆۋەندە نەپەسلىنىش توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

نەپەسلىنىش ھاياتلىق ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، كاناي، يۇتقۇنچاق، كۆكرەك مۇسكۇللىرى، كۆكرەك ـ قوۋۇرغا مۇسكۇللىرى، ئۆپكە، كۆكرەك ۋە ئۆپكە پەردىلىرى نەپەسلىنىش ۋە چىقىرىش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. نەپەسلەنگەندە ساپ ھاۋا بەدەنگە قوبۇل قىلىنىپ، بەدەندىكى بۇزۇق گازلار سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەزالارنىڭ بىرىدە ياكى بىر نەچچىسىدە ئۆزگىرىش بولسا نەپەسلىنىشتە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل نەپەسلىنىشنىڭ بۇزۇلۇشى

## سوء التنفس

**سەۋەبى:**

تۆۋەندە نەپەسلىنىشنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبى تۆرلەرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇلىدۇ:

1. چوڭ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا بىراقلا نورمال مىقداردىن كۆپرەك ھاۋانى سۈمۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەپەسلىنىش ئەزالىرىدا نورمالسىز بولغان كېڭىيىش پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇزۇق گاز بىراقلا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

چوڭ نەپەسلىنىش بەدەننىڭ ھاۋاغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۆپلۈكىنى، ھاياتلىق روھى (روھي ھايۋاني) بەدەننىڭ ھارارىتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە كېڭىيىشكە نىسبەتەن يىغىلىش، بەزىدە يىغىلىشقا نىسبەتەن كېڭىيىش چوڭراق بولىدۇ، يەنى، ئەگەر تەبىئەت بۇزۇق گازلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئېھتىياجلىق بولسا يىغىلىش چوڭ

بولىدۇ. ئەگەر نەپەس ئەزالىرىنىڭ ئېچىشىشىنى توختىتىش كېرەك بولسا كېڭىيىش چوڭ بولىدۇ.

چوڭ نەپەسلىنىش: ① يۈرەك ۋە ئۆپكە ئەتراپىدا يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ بارلىقىدىن بولىدۇ. ② ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مۇسكۇللارنىڭ ئاجىز بولۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ③ مۇسكۇللاردا كېڭىيىشنى چەكلىگۈچى بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: يېمەكلىك ياكى يەلنىڭ سەۋەبىدىن ئاشقازان توشۇپ دىئافراگمىنى كېڭەيتىپ، مۇسكۇللارنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەپ قويىدۇ. ④ يۇتقۇنچاق، شاخچە كاناي، قىزىل قان تومۇر كانالچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ تارىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

2. قاتتىق نەپەسلىنىش: بۇ خىلدىكى تىنىش چوڭ نەپەسلىنىش تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ قۇۋۋەت كۈچلۈك ۋە ھاۋاغا بولغان ئېھتىياج يۇقىرى بولغاندا پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئەزا ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماسلاشمايدۇ. بۇنداق ھالەتتە كېڭىيىش ۋە يىغىلىش ئىككىلىسىدە قاتتىقلىق ۋە كۈچلۈكلۈك پەيدا بولىدۇ.

3. يۇقىرى نەپەسلىنىش: بۇمۇ چوڭ نەپەسلىنىشنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ يۇقىرىقى قىسىملىرىدا ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. لېكىن كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ئاستىنقى قىسىملىرىدا ھەرىكەت بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال نەپەسلىنىش تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توشۇپ قېلىشى ياكى بىرەر خىل كېسەللىك تەسىرىدىن دىئافراگما ۋە كۆكرەكنىڭ ئاستىنقى قىسمى ھەرىكەت قىلالماسلىقتىن بولىدۇ. بۇ خىل تىنىش كۆپىنچە يۇقۇملۇق قىزىتمىلاردا پەيدا بولىدۇ.

4. كىچىك نەپەسلىنىش: بۇ چوڭ نەپەسلىنىشنىڭ ئەكسى بولۇپ، بۇنىڭدا ھاۋا نورمال مىقداردىن ئازراق سۈمۈرۈلىدۇ ۋە نەپەسلىنىش ئەزالىرىدا كېڭىيىش ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇزۇق گازلارمۇ نورمالدىن ئازراق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. كىچىك نەپەسلىنىش نەپەس ئەزالىرىنىڭ كېسەللىنىشىدىن بولىدۇ. ئەگەر كىچىك تىنىش ئارقىمۇئارقا بولسا بۇ قۇۋۋەتنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

5. ئۇزۇن نەپەسلىنىش: بۇ خىل نەپەسلىنىشتە ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈش، بۇزۇق گازلارنى چىقىرىپ تاشلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. ئەگەر كۆكرەكتە ئاغرىش ۋە سىقىلىش بولۇپ، ھاۋا تېز سۈمۈرۈلمىگەندە ئۇزۇن نەپەسلىنىش شەكىللىنىدۇ.

6. قىسقا نەپەسلىنىش: بۇ خىل نەپەسلىنىشتە ئۇزۇن نەپەسلىنىشنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇۋۋەتنىڭ ئاجىز بولۇشى ياكى نەپەسلىنىش بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلغۇچى ئەزالارنىڭ كېسەللىنىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر نەپەسلىنىش پائالىيىتىدە بىر ئاز تۆۋەنلەش پەيدا بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ ئاغرىشى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرەر كېسەللىك پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدا ئوخشىماسلىق بولسا، بۇ بەدەندە ئەسلىدىكى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

7. تېز نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا ھەرىكەت قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملىنىدۇ، بۇ نەپەسلىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىدىن بولىدۇ.

8. كېچىكىپ نەپەسلىنىش: بۇ تېز نەپەسلىنىشنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىمۇ تېز نەپەسلىنىشنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بەزىدە ئاغرىق سەۋەبىدىنمۇ بۇخىل تىنىش يۈز بېرىدۇ.

9. ئارقىمۇئارقا نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا ئىككى ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى توختاش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال نەپەسلىنىش ئېھتىياجى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئەھۋال ئاستىدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ تېز تىنىش ئارقىلىق تولۇق مەقسەتكە يېتەلمەسلىك ياكى چوڭ ۋە تېز نەپەسلىنىشتە بىرەر چەكلىمىنىڭ بولۇشىدىن بولىدۇ.

10. قالايمىقان نەپەسلىنىش: بۇ ئارقىمۇئارقا نەپەسلىنىشنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى قاتتىق سوغۇقلۇق ياكى بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشىدىن بولىدۇ.

11. ئىسسىق نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا نەپەسلەنگەندە تىنىق قىزىق بولىدۇ، بۇ كۆپىنچە بەدەندە ھارارىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدۇ.

12. سوغۇق نەپەسلىنىش: بەدەن ھارارىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە يۈرەكتە سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىشتىن بولىدۇ. بۇ ھالەت قۇۋۋەتنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەردە نەپەسلىنىشنىڭ سوغۇق بولۇشى ئىنتايىن يامان ئالامەت ھېسابلىنىدۇ.

13. ئۇلاشتۇرۇپ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا كېڭىيىش ۋە يىغىلىش ھەرىكەتلىرى ئۆزئارا ئۇلىشىپ كېتىدۇ. بۇ نەپەسلىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ چوڭ بولۇشى، لېكىن ئېھتىياجغا لايىق ھەرىكەت قىلالماسلىقتىن بولىدۇ.

14. ئۈزۈپ - ئۈزۈپ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا يىغىلىش ۋە كېڭىيىش ئوتتۇرىسىدا نەپەسلىنىش ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ۋە يەنە بىر قېتىم ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇخىل ئەھۋال نەپەسلىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرىلىقى، لېكىن كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇپ نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭمۇ ماسلىشالماسلىقىدىن بولىدۇ.

15. تىترەپ تۇرۇپ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا تىترەش پەيدا بولىدۇ. بۇ قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقى ۋە نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بولىدۇ.

16. سېسىق پۇراقلىق نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا نەپەسلىنىش ئارقىلىق سېسىق پۇراق كېلىدۇ. سېسىق پۇراقلىق تىنىش بىلەن ئېغىز پۇراشنىڭ پەرقى: ئېغىز پۇراشتا داۋاملىق پۇراق كېلىدۇ، لېكىن سېسىق تىنىشتا نەپەسلەنگەندە سېسىق پۇراش مەلۇم بولىدۇ. بۇخىل تىنىش كۆكرەك پەردىسى ياكى ئۆپكە شاخچىلىرىنىڭ چىرىشى، يىرىڭ ياكى

ئۆپكىدىكى بىرەر خىلتىنىڭ چىرىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

17. بوغۇلۇپ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا بىمار نەپەسلىنەلمەيدۇ، ئېغىزنى ئاچقان تەقدىر-دىمۇ نەپەس ئېلىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا نەپەسلىنىش چوڭ، تېز ۋە ئارقىمۇئارقا بولىدۇ، لېكىن نەپەسلىنىشكە كۈچى يەتمەيدۇ.

18. توختىلىپ نەپەسلىنىش: بۇ ئۈزۈپ نەپەسلىنىشكە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا نەپەسلىنىش ئارىلىقىدىكى ئۈزۈلۈش كۆپرەك بولىدۇ.

19. بۇرۇندىن نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا بۇرۇن ئەتراپى ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇخىل نەپەسلىنىش بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ تۈگەپ كېتىشى، تەبىئەتنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بوغۇزلىغۇ (زەبەھە) كېسەللىكلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

20. ئارقىمۇئارقا ئىتتىك نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا كېڭىيىش ۋە يىغىلىش ھەرىكەتلىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئارقىمۇئارقا يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئىششىق ياكى توسالغۇ-دىن پەيدا بولغان تارىيىشتا كۆرۈلىدۇ.

21. ئوخشىمىغان ھالدىكى نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا يىغىلىش ۋە كېڭىيىش ھەرىكەتلى-رىدە ئوخشىماسلىق يۈز بېرىدۇ. نەپەسلىنىش بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىك، بەزىدە ئارقىمۇ ئارقا ياكى ھەرخىل شەكىلدە كېلىدۇ.

22. ئىككى قات نەپەسلىنىش: بۇخىل ئەھۋال ئوخشىمىغان خىلدىكى نەپەسلىنىش تۈرلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچى قېتىملىق نەپەس تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىككىنچى قېتىملىق نەپەسكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇخىل نەپەسلىنىش نەپەسلىنىش ئەزالىرى ئا-جىزلاش، مىزاجى بۇزۇلۇش، ھەرخىل ئىششىق، دىئافراگما، جىگەر، تال قاتارلىق قوشنا ئەزالاردا پەيدا بولغان كېسەللىك، يىغىلىپ قېلىش، بويۇن قېتىپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇخىل نەپەسلىنىش كۆپىنچە جىددىي خاراكتېرلىك قىزىتمىنىڭ خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

23. يېرىم كۆكرەكلىك نەپەسلىنىش:

بۇنىڭدا نەپەسلىنىش كۆكرەكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىنىڭ بىرسىدىنلا چىقىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆپكىنىڭ بىر تەرىپى كېسەللەنگەنلىكىنى، يەنە بىر تەرەپنىڭ ساغلام ئىكەنلىكى-نى بىلدۈرىدۇ.

24. نەپەس ئۈزۈلۈپ قېلىش: بۇنىڭدا نەپەس توختاپ قالىدۇ، بۇرۇن ئەتراپى ھەرىكەت قىلغاندىن باشقا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى بولمايدۇ. بەزىدە بۇرۇن ئەتراپىدىمۇ ھەرىكەت بولمايدۇ. بىماردا ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش بولىدۇ. بۇخىل تىنىش زىققە ۋە سەكتە كېسىلىدە كۆرۈلىدۇ. بەزىدە بۇخىل تىنىش قاتتىق سوغۇق سەۋەبىدىن يۈرەك ساپ ھاۋاغا ئېھتىياجلىق بولغاندا كۆرۈلىدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا بىمارنى ھەرگىز ئۇخلاتماسلىق كېرەك.

25. قىينىلىپ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا ھاۋانى كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئاسان تىنغىلى بولمايدۇ، بۇ ئەھۋال نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ كېسەللىكى يۈرەكتە ھارارەتنىڭ ئېشىپ كېتىش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ (قۇۋۋىتى مۇھەررىكە) كە قاتتىق سوغۇق تەسىر قىلىپ كېتىش، دىئافراگما مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، كۆچلۈك سۈرگۈ ئىستېمال قىلىش، سەۋدا خىلىتىنىڭ تەسىرى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

26. يىغلىپ نەپەسلىنىش: بۇ پەردىلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا نەپەس چىقىرىش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. بۇخىل تىنىش كۆكرەك ۋە قوۋۇرغا پەردىلىرىدە قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن پەردىلەردىكى كېڭىيىشنى چەكلەپ قويغانلىقتىن بولىدۇ. بۇخىل نەپەسلىنىشتە ئەقىل ئېلىشىش، جۆيلۈش، تومۇر ھەرىكىتى ھەرە چىشىمان ۋە قاتتىق سوقۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

27. نەپەس سىقىلىش: نەپەسلەنگەندە تۆشۈكچىلەرنىڭ تارىيىشى سەۋەبىدىن نەپەسلە-نىشتە قىينىلىش ۋە تارىيىش پەيدا بولىدۇ. بۇخىل تىنىش بوغۇزلىغۇ، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئەگەشمىسى شەكلىدە پەيدا بولى-دۇ. بۇنى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش زىققە كېسىلى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

28. ئۆرە ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش: بۇنىڭدا بىمار تۈز ئولتۇرۇپ، كۆكرىكىنى تەكشى ۋە بويىنىنى ئېگىز قىلىپ تۇرۇپ نەپەسلىنىدۇ. چۈنكى بۇخىل ئەھۋالدا نەپەس يوللىرى ھەرخىل كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن نەپەس يوللىرى تارىيىپ كېتىدۇ، بۇخىل تىنىش بوغما، ئۆتكۈر قىزىتما، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ ئارتىپ كېتىشى ھەرخىل ئىششىق، بوششىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، نەپەسلىنىشتە بىنورماللىق كۆرۈلۈش مىزاج بۇزۇلۇش، توسۇلۇپ قېلىش، ھەرخىل توسالغۇ، ئۆپكىگە يېقىن ئەزالارنىڭ تەسىرى، ياللۇغ، دىئاف-راگما ۋە كۆكرەك ئەتراپلىرىدىكى ياللۇغ ۋە يارا پەيدا بولۇش، تارقىلىشچان زۇكام، بەدەننى ئاجىزلاتقۇچى كېسەللىكلەر، زەھەرلىنىش قاتارلىق ئەھۋاللاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بۇخىل كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلىت سەۋەبىدىن بولسا، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىغاندا نەپەسلىنىش ئەڭ قىيىن، يېنىچە يېتىپ ئۇخلىغاندا نەپەسلىنىش ئازراق قى-يىن، دۈم يېتىپ ئۇخلىغاندا ياكى ئۆرە تۇرغاندا نەپەس قىينىلىش ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

بوغما كېسەللىكىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا مەسىلەن: ئومۇرتقا چىقىپ كېتىش ياكى يۇتقۇنچاقنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىدا ئىششىق پەيدا بولۇش قاتارلىقلاردا ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىغاندا ئاساسەن نەپەس ئالالمايدۇ.

**داۋالاش:**

جۇجەندى دېگەن تېۋىپ «نەپەسلىنىشنىڭ بارلىق نورمالسىز ھالەتلىرىنىڭ ئۆزى

كېسەللىك ھېسابلانمايدۇ. بەلكى باشقا بىر كېسەللىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنى داۋالاشتا ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنىسىنا «ئەگەر نەپەسلىنىش نورمال بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى يۈرەكنىڭ ھارارىتى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان بولسا، سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچى ۋە سىرتىدىن تەڭ ئىشلىتىش، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش، سوغۇق جايدا تۇرغۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى يۈرەك ۋە ئۆپكىنىڭ بۇزۇق گازلىرى تەسىرىدىن بولغان بولسا، بىمارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش ۋە ئايارەج پەيقارا ۋە سىركە بىلەن تەييارلانغان مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى خىلىتلارنىڭ سۇيۇلۇپ كېتىشىدىن بولغان بولسا قىيامنى تەڭشەش كېرەك. ئەگەر سۇيۇقلۇق دەرىجىسى نورمال بولسا ھەببى سەنۇبەر، ھەببى جوز، ھەببى مەۋىز قاتارلىق توسالغۇلارنى ئاچقۇچى كۇملاچلارنى ئىشلىتىش، ئەگەر نەپەسلىنىش كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى خىلىتلارنىڭ قويۇق، سۇيۇقلۇقىدىن بولسا تازىلاش ئۈچۈن ئەنسىل، زۇپا قاتارلىق دورىلارنى ۋە ھۆللۈكتىن بولغان زىققە كېسىلىدە قوللىنىلغان تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر بۇزۇق گاز ۋە سۇيۇقلۇق باشقا بىر ئەزادىن كېلىۋاتقان بولسا، مەسىلەن: بۇ كېلىۋاتقان سۇيۇقلۇق مېڭىدىن چۈشكەن ئەھۋالدا مېڭىنى تازىلاش ۋە نەزلىنى داۋالاش كېرەك.

ئەگەر نەپەسلىنىش كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى نېرۋا كېسەللىكلىرىدىن بولسا نېرۋىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى ياكى مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولسا، شۇنىڭغا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ئاشقازان شېرىكچىلىكىدە بولسا تازىلىغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ئەگەر سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن بولسا ئىسسىقلىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولسا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە يېمەكلىكلەرنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر يەل سەۋەبىدىن بولغان بولسا يەل ھەيدىگۈچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە يەل ھەيدىگۈچى سۈۋالمىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. زەپەر نەپەسلىنىش كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ خىل تۈرلىرىدە ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى كۈچەيتىدۇ» دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

تۆۋەندە بىز كۆپ ئۇچرايدىغان نەپەسلىنىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنى تۈرلەرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرىمىز.

### 1. قىيىن نەپەسلىنىشنى داۋالاش:

علاج ضيق النفس

ئەگەر كېسەللىك ھۆللۈكتىن بولسا مەجۇنى بىخ مارجان ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى مېڭىدە بولسا باشنى ھەپتىدە ئىككى قېتىم سوپۇن ۋە توغرىغۇ ئارقىلىق يۇيۇپ، سوۋۇتۇش كېرەك.

چۈشكۈرتكۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ئارقىلىق چۈشكۈرتۈش كېرەك.

يەنە شاتۇت قىيامى، سەبرە، مۇرمەككى قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇش كېرەك.

ئېغىزمانىنى مۇجۇش، پاچاقنى ئۈستىدىن ئاستى تەرەپكە قاراپ باغلاش، مۇۋاپىق ھالدا تەنھەرىكەت قىلدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەپسەنتىن، سۇزاپ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ھەر كۈنى ئىككى تالنى سىركەنجۇبىل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

لوئوقى كەرنەپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىكتە قىزىتما بولسا قىزىلگۈل 27 گرام، چۈچۈكبۇيا 51 گرام، رەۋەن، مەستىكى، غاپەس ئۇسارىسى، سۇمبۇل، رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەربىرى ئون گرام، زەپەر ئىككى گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قىيىن تىنىش كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى كېسەللەنگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كۆكرەك ئەزالىرىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك، يەنى زەپەرنى يالغۇز ھالەتتە قائىدە بويىچە ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر قىيىن تىنىش نېرۋىلارنىڭ يارىلىنىشى سەۋەبىدىن بولسا ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

### 2. يىغلىپ نەپەسلىنىشنى داۋالاش:

علاج تنفس تشنجي

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بادام مېغىزى شىرىسى، قاپاق مېغىزى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز سۈيى، ئارپا سۈيى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى كۆكرەككە سۈۋاش ۋە بىنەپشە، قاپاق مېغىزى، ئىسپىغۇل لۇئابى، تاۋۇز سۈيى قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ، كۆكرەك ۋە قوۋۇرغىلارغا سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر قىزىتما تۆۋەنلىگەن بولسا بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، نىلۇپەر قاتارلىقلارنى قاينىتىپ يۇيۇندۇرۇش كېرەك.

ھەرخىل مېۋە سۇلىرى، تاتلىق ئانار سۈيى، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار، ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ قىيامى، بادام يېغى، ئىسپىغۇل لۇئابى، گۈلاب قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

تاۋۇز سۈيىنى قاپاق سۈيى بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى بېرىش ۋە قاپاق بىلەن ئاقلانغان ئارپىنى بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

**3. نەپەس سىقىلىشنى داۋالاش:**

علاج ضيق النفس

بۇنىڭغا قارىتا زىققە كېسىلىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**4. ئۆرە ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشنى داۋالاش:**

علاج انتصاب النفس

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىگە قاراپ مۇۋاپىق داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە زىققە كېسىلىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## ئۈچىنچى پەسىل زىققە

ربو

**تونۇش:**

زىققە (رۇبو) ـ دەم سىقىلىش، ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە تېۋىپلار ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولۇپ كەلمەكتە.

ئىبنىسىنانىڭ ئېيتىشىچە «زىققە كېسىلى (رەبۇ) ئۆپكە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،

بۇنىڭدا بىمارنىڭ نەپەسلىنىشى بوغما كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش ئارقىمۇئارقا بولىدۇ».

يەنە بىر تېۋىپنىڭ ئېيتىشىچە «زىققە كېسىلى نەپەسلىنىش قىيىن بولىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار ناھايىتى چارچاپ كەتكەندەك نەپەسلىنىدۇ. بۇنداق ھالەتتە سىقىلىش ۋە تارىيىش بولسۇن ياكى بولمىسۇن نەپەسلىنىش تېز، ئارقىمۇ ئارقا، كىچىك بولىدۇ».

ساھىب كامىلنىڭ ئېيتىشىچە «نەپەسلىنىش كېسەللىكلىرى زىققە، بوھەر دەم سىقىلىش، ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆپكە كاناپچىلىرىنىڭ تارىيىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ» مەسىلەن: ئۆپكە قان تومۇرلىرىنىڭ تارىيىشىدا زىققە ۋە رەبۇ پەيدا بولىدۇ. تارىيىش كاناي شاخچىلىرىدا بولسا دەم سىقىلىش ۋە ئۆرە ئولتۇرۇپ تىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

سەمەرقەندىنىڭ ئېيتىشىچە: «زىققە ۋە رەبۇ ئىككىسى بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنى بەزىلەر دەم سىقىلىش دەپ ئاتايدۇ.»

ساھىب خۇلاسىنىڭ ئېيتىشىچە: «زىققە بىرخىل ئۆپكە كېسەللىكى بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار ئارام تېپىش ئۈچۈن ئارقىمۇئارقا نەپەسلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ بوھەر ۋە دەم سىقىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.»

زىققە كېسىلى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، «ھەقىقىي زىققە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا كاناي شاخچىلىرى قويۇق ھالەتتىكى سوغۇق بەلغەم خىلتى بىلەن توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا يۆتەل بولمىسا بۇ بەزىدە ئىستىسقا كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەقىقىي زىققە بىلەن ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش ئەھۋالى بەزىدە كۆرۈلىدۇ، بەزىدە كۆرۈلمەيدۇ.

ئىككىنچى خىلى، ئۆپكە كاناپچىلىرى يىرىڭسىز ئىششىقلار بىلەن تارىيىپ قالىدۇ. بۇخىل ئىششىق كۆپرەك سەۋدا خاراكتېرلىك قاندىن پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى بىلەن بىرىنچى خىلىنىڭ پەرقى بولسا بىرىنچى خىلدا ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ، كۆپرەك يۆتەل بولىدۇ، بەلغەم چىقىدۇ، بەزىدە كۆكرەكتە خىرقىراش ئالامىتى پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچى خىلدا قىزىتما، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاغرىش بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، مۇسكۇللارنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن بولىدىغان بولۇپ، بوشىشىپ كېتىشنىڭ سەۋەبى مېڭىدىن نەپەس ئەزالىرىغا چۈشكەن بۇزۇق خىلتلارنىڭ غىدىقلىشىدىن ياكى كۆكرەك ئاجىزلىق، ئىسسىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. بۇنىڭدا ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش ئەھۋالىمۇ يۈز بېرىدۇ، بەزىدە نەپەس توختاپ قالىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈشتە دەسلەپتە كېسەللىك پەيدا بولغان ۋاقىتنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك تۇغما خاراكتېرلىك بولسا بۇ كۆكرەكنىڭ تۇغما شەكىلدە تار بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

ئەگەر زىققە بىلەن بىرگە ئۆپكە ئىششىقى، مېڭە ۋە نېرۋىلارنىڭ كېسەللىنىشى، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ ھەرخىل كېسەللىكلىرىنىڭ بىرەرسى مەۋجۇت بولسا زىققە كېسىلى بۇ كېسەلنىڭ ئەگەشمە شەكىلدە بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار بولمىسا بۇ كېسەللىكتە يۆتەل ياكى بىرەر نەرسە چىقىدىغان - چىقمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر بىر نەرسە چىقىدىغانلىقى ئېنىقلانسا، گالدا ئېغىرلىق بار - يوقلۇقىنى، ئېغىرلىقنىڭ بىراقلا پەيدا بولغان ياكى ئاستا - ئاستا پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر ئېغىرلىق بىراقلا پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن بىرگە گال ئېچىشىش، باش ئاغرىش، باش ئېغىرلىشىش، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق نەزلىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، كېسەللىك مېڭىدىن كەلگەن غىدىقلىنىشتىن پەيدا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئېغىرلىق ئاستا - ئاستا پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆكرەكتە خىرقىراش بولۇپ، يۆتەلگەندە قويۇق بەلغەم چىقسا، ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا بىمار تىلىنى سىرتقا چىقارسا، كېسەللىك ئۆپكىدىكى سۇيۇقلۇقتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەلگەندە بىرەر نەرسە چىقماستىن داۋاملىق قۇرۇق يۆتەل بىلەن بىرگە ئۇسسۇزلۇق بولسا، يۈرەك ئېغىش ۋە ئېچىشىش ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاش لازىم.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋال مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە تومۇر ھەرىكىتى ۋە نەپەسلىنىش چوڭ ۋە تېز، ئارقىمۇ ئارقا بولسا بۇ كېسەللىك يۈرەكنىڭ قىزىتمىلىرىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل قۇرۇق، ئۇسسۇزلۇق بولۇش بىلەن بىرگە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر مەۋجۇت بولمىسا، پەقەت قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولسا، بۇ ئۆپكىنىڭ قۇرۇقلۇ-قىدىن بولغان بولىدۇ. بۇخىل ئەھۋال كۆپىنچە ئۇرۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقلۇق ئالامىتى مەۋجۇت بولماستىن بەلكى ياللۇغلىنىش ۋە ھارارەت ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇنىڭ سەۋەبى ئۆپكىنىڭ ھارارىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر قۇرۇق يۆتەل بولۇپ، بۇ بەك سوغۇق سۇ ئىچكەن ياكى سوغۇق يېمەكلىك يېگەنلىكتىن بولغان بولسا ۋە قىزىتقۇچى يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى يېگەندە ئارام تاپقاندەك بولسا، بۇ كېسەللىك ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر داۋاملىق قۇرۇق يۆتەل بولسا، يەللىك يېمەكلىكلەرنى يېگەندە كېسەللىكتە ئېغىرلاشقاندەك ئەھۋال كۆرۈلسە، كېسەللىك يەلنىڭ توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قورساق تويۇش بىلەن تەڭ باشلىنىپ، تاماق سىڭىپ بولغاندىن كېيىن يوقالسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئاشقازان توشۇپ كېتىش (ئىمتىلائى مىمدە) سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

زىققە بىرخىل سوزۇلما خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق كېسەللىك بولۇپ، تارتىشىپ قېلىش، بۇغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللەرگە ئوخشاش تۇتقاقلىق شەكىلدە بولىدۇ. بۇ كېسەل ياشلاردا كۆرۈلسە ساقايتماق تەسرەك بولىدۇ. ئەگەر ياشانغانلاردا كۆرۈلسە ساقايتماق ئىنتايىن قىيىن ياكى ساقايتقىلى بولمايدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئارقىلىق بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبچى ماددىسى بولغان بەلغەم چىقىپ تۇرسا، بۇنىڭ بىلەن پۇتۇن بەدەندە سۇلۇق ئىششىق (ئىستىسقائى لەھمى)، بوغما كېسەللىكلىرى، تۇبېركۇليوز، ئۆپكە يارىسى قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ كېسەلنى سەۋەبكە قاراپ جىددىي داۋالاش لازىم.

كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىق، دىققەت قىلىدىغان ئىشلارغا چوقۇم ياخشى ئەمەل قىلىش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ماددىلىق بولسا قەي قىلدۇرۇش ياكى سۇرگۇ بېرىش كېرەك ۋە بەلغەمنى تازىلىغۇچى ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇن دورىلارنى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇ كېسەل كۆپرەك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولىدۇ. شۇڭا ئۆپكىنى تازىلاش كېرەك.

ئەگەر ماددا ئۆپكىنىڭ ئۆزىدە بولسا سۇرگىدىن كېيىن قەي قىلدۇرۇلىدۇ، يەنە تەبىئەتنى يۇمشىتىپ تۇرۇش، كۆپ ئۇخلاش، چۈچۈمەل، ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئەگەر ھارارەت بولۇپ نەزلىنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولمىسا، سىركە ۋە سىركەنجۇبىل ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داۋالاش ئايرىم ـ ئايرىم تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ.

## 1. نەزلىدىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ريونزلي

بۇ كېسەللىكتە نەزلە ماددىسى ئىسسىق بولسا، ئۇنى پىشۇرغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۇرگىسى بېرىلىدۇ. لوئوقى بارىد ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى يەپ سېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلدۇرۇلىدۇ (لوئوقى مۆتىدىل ھەرقانداق ھالەتتە مۇۋاپىق كېلىدۇ).

دورىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بېرىلىدۇ. سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، گاۋزىبان گۈلى، بىنەپشە قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ، كەچتە 120 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىباننى ئىلمان قىلىپ خەشخاش شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچۈرۈلىدۇ.

كېسەل تۇتقان ۋاقىتدا ھەسەل يالىتىلىدۇ ياكى ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، گاۋزىبان، گۈل بىنەپشە، چىلان قاتارلىقلار قايىنتىلىپ قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نەزلىنىڭ ماددىسى ئىسسىق بولسا ۋە ياز پەسلى بولسا، چىلان شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەرە، ئەرقى كەيىورە قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا چۇچۇكبۇيا شىرىسى ۋە نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نەپەسلىنىش قىيىنلاشقان ۋاقىتدا ھەسەل بىلەن ئەرقى كەيىورە بېرىلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گۈل بىنەپشە، شوخلا، سەرپىستان قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

نىلۇپەر گۈلى، ئۇستىقۇددۇس، ئاق لەيلىگۈلى ھەربىرى تۆت گرامدىن، شاھتەررە ئالتە گرام ئېلىپ، 120 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەررە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى 60 گرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسىدىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك ۋە بويۇن تەرەپتە ئاغرىش بولسا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، زۇپا، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلار قايىنىتىلىپ قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرغۇچى ۋە سۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

نەزلە ۋە ئاشقازان كېسەللىكى سەۋەبىدىن قول، پۇت ئاغرىش ۋە يۆتىلىش بولغان بولسا، گاۋزىبان، ئۇستقۇددۇس، پىرسىياۋشان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار تۆت گرامدىن، سەرپىستان 20 دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، تۆت دانە بادام مېغىزى شىرىسى ۋە 12 گرام خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئىككى دانە ھەببى جەدۋار بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن قول، پۇت ئاغرىش، ئاشقازان ئېبىسلىش ئۈچۈن تۆت گرام سەلىخە قوشۇلىدۇ.

ئەگەر نەزلە سوغۇقتىن بولغان بولسا، گاۋزىبان، گۈل گاۋزىبان، چالا سوقۇلغان بادام مېغىزى، ئاق لەيلىگۈلى ھەربىرى بەش گرامدىن، قوغۇن ئۇرۇقى 69 گرام، قەنتتىن 12 گرام ئېلىپ، بۇلارنى ئەرقى شوخلا بىلەن قايىنىتىپ، قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەتىسى ئۇنىڭغا زۇپا، پىرسىياۋشاندىن ھەربىرىدىن بەش گرامدىن قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئاخشىمى بۇغداي كېپىكى ۋە قەنتتىن 12 گرامدىن ئېلىپ، قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نۇسخا ئۆزگەرتىلىپ، تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ: گاۋزىبان، گۈل گاۋزىبان بەش گرامدىن، پىرسىياۋشاندىن يەتتە گرام ئېلىپ، بۇلارنى مۇۋاپىق ئەرەقلەر بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا شەربىتى پەرپىيۇن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئېغىرراق ۋە قوشۇمچە هارارەت بولسا، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى تۆت گرامدىن، زۇپا ئۈچ گرام، 12 گرام قەنت قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ. نەپەسلىنىش قىيىنلاشقان ۋاقىتدا ئەرقى كەيىورە ئىلمان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

دەم سىقىلىش بىلەن بىرگە قان تولغاق بولسا شوخلا، تۇخۇمى كەنوچە، پىرسىياۋشان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنى تۆت گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، 18 گرام قەنت ئارىلاشـ تۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ ياكى چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، گاۋزىبان، پىرسىياۋشان بەش گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ئالتە گرام قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، 12 گرام قەنت ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە ھەيز توختاپ قېلىش بولسا، شوخلا، شاھتەررەدىن ئالتە گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرامدىن، بېھى ئۇرۇقى، زۇپادىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ، 24 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈـ زۈلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن كېسەل ياخشىلانمىسا سوغۇقتىن بولغان نەزلە بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ھەببى جەدۋار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەلغەم ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك سوغۇق نەزلىدىن بولغان بولسا، سەمغى ئەرەبى ئىككى گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، نېلۇپەر تۆت گرام، زۇپا ئۈچ گرام، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، 12 گرام خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تارىلاشتىن ئىلگىرى ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بىنەپشە، گاۋزىبان، شوخلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پىرسىياۋشان، سەرپىستان قاتارلىقلارنى ئاخشىمى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەرە قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قاينىتىپ سۈزۈپ، خېمىرى بىنەپشە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورىنى 5 ~ 6 كۈن ئىچۈرگەندىن كېيىن تەركىبىگە زۇپا، سېرىق ئەنجۈر، بەدىيان يىلتىزى، سانا قوشۇلىدۇ ۋە خىيارشەنبەردىن 72 گرام، تەرەنجىبىن خېمىرى بىنەپشىدىن 48 گرامدىن، بادام يېغىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، يۇقىرىقى نۇسخىغا قوشۇپ سۈرگە ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈ بېرىشتە بۇنىڭغا ئاق تۇربۇت ۋە چالا سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى قوشۇلىدۇ.

سۈرگىدىن كېيىن بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، گاۋزىبان گۈلى،

پرسىياۋشان قاتارلىقلاردىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 24 گرام شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن گالغا تۇرۇپ قالغان بەلغەمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا زۇپا ئۈچ گرام، سېرىق ئەنجۈر تۆت دانە قوشۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن تۆت گرام سەۋسەن يىلتىزى قوشۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە 500 مىللىلىتىر ئەرەق گاۋزىبانغا 125 گرام ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ مائۇلھەسەل تەييارلاپ، ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈلسە ياكى لوئوقى بادام، لوئوقى سەرپىستان ئىستېمال قىلدۇرسا ۋە ياكى شەربىتى زۇپا بىلەن ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزسە، بەلغەم بوشۇتۇش ۋە تازىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر مىزاجدا سوغۇقلۇق بولسا لوئوقى چىلغوزا يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن دارچىن ئىككى گرام، لىچىندانە ئۈچ گرام، زۇپا ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پالەك بىلەن شورپا بېرىلىدۇ. مېغە ۋە ھەزىمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 0.4 گرام ئىپار 120 گرام خېمىرى گاۋزىبان بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## 2. بەلغەمدىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربو بلغمى

بۇنى داۋالاشتا خام پىلە ئۈچ گرام، بۇغداي كېپىكى ئالتە گرام، گاۋزىبان تۆت گرام، گاۋزىبان گۈلى ئۈچ گرام، زۇپا ئۈچ گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قويۇق بەلغەمنى ئاسانراق چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن يەنە يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن قوشۇپ مۇناسىۋەتلىك لوئوقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

غەيرىي ەبىئىي خىلتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تارقاتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. شەربىتى زۇپا، سىركەنجۋىل ئەنسلى ۋە نورمالنى ئىسسىق تەبىئەت-لىك لوئوقلار، مەجۇنى زۇپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. لېكىن ھارارىتى يۇقىرى بولغان كۈچلۈك دورىلاردىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ماددىنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى ۋە چۆكمىگە چۈشۈشى سەۋەبىدىن كېسەللىك ئېغىرلاپ كېتىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرغۇچى دورا سۈپىتىدە ئەنجۈر، بىنەپشە، چىلان، سەرپىستان، گاۋزىبان قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا، بۇنىڭغا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بۇغداي كېپىكى، پىرسىياۋشان قوشۇلسا بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلتنى ئەگەر كۈچلۈكرەك دورىغا ئېھتىياجلىق بولغاندا زىخ ئۇرۇقى،

زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، گاۋزىبان قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن، بەدىيان يەتتە گرام، سوقۇلغان بەدىيان يىلتىزى، ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان ھەربىرى ئالتە گرامدىن، ئەنجۈر تۆت دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 15 دانە، قەنت 24 گرام قاتارلىقلار سۇدا قايىنىتىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، ھەببى ئايارەج، ھەببى غارىقۇن، ئايارەج لوغانزىيا قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىپ بەلغەم سۈرۈلىدۇ. يەنە بەلغەمنى پىشۇرۇش ۋە سۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ:

گۈل بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، شوخلا، پىرسىياۋ-شان، گاۋزىبان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گرامدىن، زۇپا ئۈچ گرام، سەرپىستان 21 دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، سېرىق ئەنجۈر تۆت دانە، قىزىلگۈل تۆت گرام، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى بەش گرام، قوغۇن ئۇرۇقى بەش گرام قاتارلىقلارنى ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، قايىنىتىپ، ئەتىسى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ماددا پىشقاندىن كېيىن بۇ دورىلارغا سانا، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، گۈلقەنت، بادام يېغى ۋە ئۇندىن باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار قوشۇپ سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە خىرقىراش بولسا پىشۇرغۇچى دورىلارغا شوخلا، قىزىلگۈل، سەۋ-سەن يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گاۋزىبان گۈلى، ئۇستۇقۇددۇس، ئىزخىر، ئەپسەن-تىن، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلار تۆت گرامدىن، بىستىپايەج، بادرەنجى بۇيا ئالتە گرامدىن، قەنتەرىيون ئۈچ گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەلغەم بىلەن سەپرادىن بولغان بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بەلغەم خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچىسىغا بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، زۇپا، چىلان، ئەپسەنتىن رۇمى، ھەسەل ئورنىغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا سانا توققۇز گرام، تۇربۇت ئۈچ گرام، تەرەنجىبىن 48 گرام، خىيارشەنبەر 72 گرام، بادام يېغىدىن يەتتە گرام قوشۇپ، سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، زۇپا، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلار قايىنىتىلىپ، شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئايارەج پەيقىرا سۈرگۈ بىلەن قوشۇپ ياكى مۇنزىج بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر نەپەسلىنىش ۋە كېسەللىك ئاسارىتى ياخشىلىنىپ قالغان بولسا، شوخلا، پىرسىياۋشان تۆت گرامدىن، رەۋەن چىنى ئۈچ گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، گاۋزىبان تۆت گرام، سېرىق ئەنجۈر تۆت دانە قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ قەنت سېلىپ

ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بۇ شەربەتكە ئايارەج پەيقارا قوشۇپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن لوئوقى كەتان، لوئوقى ئەنسىل، لوئوقى بادام، سىركەنجىۋىل ئەنسىلى قاتارلىقلاردىن بىرەرنى ئېلىپ، شەربىتى زۇپا، ھەببى ئەفيۇن، ھەببى سىماب، ھەببى ئازاراقى، مائۇللەھمى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش ۋە تەكشۈرۈشتىن بىرنەچچە كۈن كېيىن بۇ كېسەللىك قايتا قوزغالغان بولسا، سىيادان، زەنجىۋىل، پىلپىل قاتارلىقلار بىر گرامدىن، قۇرۇتۇلغان زىغىر ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، 36 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يالىتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، مۇرمەككى، سەۋسەن يىلتىزى، بەزرۇلبەنجى، سەمغى ئەرەبى، چىلغوزا مېغىزى، زۇپا، ئاقىرقەرھا، دارچىن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن، قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقىدىن توققۇز گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلــەن ئــارىلاشتــۇرۇلۇپ ھەركۈنى 7 ~ 8 قېتىم ئىككى گرامدىن يالىتىلىدۇ. ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى بۇنىڭغا تۆۋەندىكى مەتبۇخ قوشۇپ بېرىلىدۇ. قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقى توققۇز گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، زۇپا، گاۋزىبان ھەربىرى يەتتە گرامدىن، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام قاتارلىقلار قايىنىتىپ، 48 گرام ھەسەل قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا دەسلەپتە ھەسەل بىلەن ئارپا سۈيى ياكى ئازراق نان بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن توخۇ چۈجىسى گۆشى شورپىسى، ئۇندىن كېيىن توخۇ، كەكلىك، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇناسىۋەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ، يەنە چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمى يېگۈزۈلىدۇ. ھۆل سوغۇق يېمەكلىكلەردىن، مېۋىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. تاماقتىن كېيىن سۇنى كۆپ ئىچمەسلىكى، ئەگەر مۇمكىن بولسا سۇ ئورنىغا مائۇلھەسەل ئىچىش لازىم.

يەنە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارنى بەرسىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

سامساقنى سېرىقماي بىلەن قورۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

راتىيانەجدىن تۆت گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

غارىقۇندىن ئۈچ گرام، رۇم بەديياندىن ئۈچ گرام ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھۆل ۋە قۇرۇق ئەنجۈر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى شۇمشا ئۇرۇقىنى قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىلەر ھۆل زەنجىۋىلنى سوڭپىياز بىلەن قايىنىتىپ قىزىق ئىچكۈزۈلسە دەم سىقىلىشنى يوق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

چالا سوقۇلغان زىغىر ئۇرۇقىنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ سۈزۈپ، ھەسەل بىلەن كېسەل-

لىك تۇتقان ۋاقتىدا ئىچۈرۈلسە، دەرھال كېسەللىكتە ياخشىلىنىش بولىدۇ. يەنە سەلىخە، زەپەر، مۇرمەككى، تاتلىق قۇستە قاتارلىقلاردىن ئوخشاش مىقداردا ئېلىپ، ھاراق ياكى ساپ سۇ بىلەن بىر گرامدىن قۇرس ياسىلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ۋالىد مەھمۇتنىڭ ئېيتىشىچە، قىچا ئىككى گرام، بۆرە ئەرمىنى ئىككى گرام، توغرىغۇ يېرىم گرام قاتارلىقلار ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، بۇ كېسەللىككە ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. يەنە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بېرىلىدۇ:

زىغىر ئۇرۇقى ئۈچ گرام، زۇپا ئۈچ گرام، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام، گاۋزىبان ئۈچ گرام، بەدىيان يەتتە گرام، چالا سوقۇلغان بەدىيان يىلتىزى ئون گرام، ئاقلانغان چۇچۇكبويا يىلتىزى ئون گرام، پىرسىياۋشان ئون گرام، ئەنجۈر تۆت دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 15 دانە، قەنت 24 گرام قاتارلىقلار سۇ بىلەن قاينىتىلىپ ئىچكۈزۈلسە، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۇچۇكبويا يىلتىزى 18 گرام، بەدىيان يەتتە گرام، ئاق ئەنجۈر يەتتە دانە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، 15 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە، زۇققە كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

سەۋسەن يىلتىزى، چۇچۇكبويا يىلتىزى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ بەرسە، بەلغەمدىن بولغان زۇققىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

قەدىمكى تېۋىپلار بەلغەمدىن بولغان زۇققە كېسىلى ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشنى كۆرسەتكەن.

چۇچۇكبويا يىلتىزى تۆت گرام، سۈزاپ ياغىچى تۆت گرام، پىننە تۆت گرام، سەرپىستان 20 دانە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قاينىتىپ ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ رېتسېپتىكى سۈزاپ ياغىچى ئورنىغا تۆت گرام پەتەرئاسالىيۇن، سەۋسەن يىلتىزى ئورنىغا ئاسارۇن ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئاسارۇن مېڭە ۋە نېرۋىلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكى ئۈچۈن پايدىلىق. سەۋسەن يىلتىزى بولسا ماددىنى يۇمشىتىدۇ.

ئەگەر سوزۇلما خاراكتېرلىك زۇققە بەلغەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

كەلكىلانەج بۇزۇرىدىن ئالتە گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆت گرام ئۇستىقۇددۇس، تۆت گرام بەدىيان، تۆت گرام شوخلا، ئۈچ گرام زۇپا، ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، 24 گرام گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈ-رۈلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ تەسىرى ياخشى بولمىسا، تۆت گرام چۇچۇكبويا يىلتىزى، تۆت گرام پىرسىياۋشان، تۆت گرام پەتەرئاسالىيۇن، تۆت گرام شوخلا، تۆت گرام سەۋسەن يىلتىزى، ئۈچ گرام زۇپا، ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئىككى گرام پىننە قاتارلىقلار قاينىتىلىپ،

24 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇستىدىن سەمغى ئەرەبى، كەتىرا 1.5 گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئۇستىدىن سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بامبۇك دەرىخىنىڭ كىچىك كۆچەت يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ غازىڭى قاتارلىقلارنى سايىدا قۇرۇتۇپ سوقۇپ، بىر چىمدىن يېگۈزۈلىدۇ.

تۇخۇمى سەرەسىنى يۇمشاق سوقۇپ، هەر كۈنى ئەتىگەندە بىر چىمدىندىن يېگۈزۈلىدۇ.

تاماكا كۆكۈيۈندىسىنى ئوتقا سېلىپ، كۆيۈپ ئاقارغاندىن كېيىن يۇمشاق سوقۇپ ساقلاپ قويۇپ، 24 مىللىگرام بەرگى تەنبول بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى تاماكا كۆيۈندىسىنى كۆيدۈرۈپ يۇقىرىقى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەللىك، چۇچۇمەل يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يانتاق كۈلى كۆكرەكتىكى بەلغەمنى تازىلاپ دەم سىقىلىشنى يوقىتىدۇ.

12 گرام كۆيدۈرۈلگەن تانىكارنى يۇمشاق سوقۇلۇپ، 48 گرام هەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىككى بارماق بىلەن كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

بۇغا مۈڭگۈزىنى كۆيدۈرۈپ تىكەككىلەپ بىر گرام ئېلىپ، هەسەل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر هارارەت بولسا هارارەتكە تەسىر قىلمىغۇدەك دەرىجىدە بېرىش لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە هىندىستان تېۋىپلىرى تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

پەكەرمۇل، بەهارەنگى، قارىمۇچ، پىلپىل، زەغىر، كاكراسەنگى، نەمەكى سىيا، نەمەكى سەنگى، بوتەسەجى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نېپىز يائقان كالچاناننى كۆپرەك بېرىلىدۇ.

بۇچىنا ئۈچ گرام، پوستى بىخئاك ئالتە گرام قاتارلىقلارنى قائىدە بويىچە يۇغۇرۇپ، ماش چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، هەركۈنى ئەتىگەندە بىر دانىدىن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەپيۇن، ئاقىرقەرھا، ئىتياغىقى ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كىچىك ماش چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر دانىدىن بېرىلىدۇ (بۇ دورا بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى ياخشى بولسا بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بۇ دورىنى قەتئىي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ).

ئەگەر بۇ دورىدىكى بۇچىنا ئورنىغا جەدۋار سېلىنسا، بۇ دورىنىڭ زىيانلىق تەسىرى ئاجىزلىشىدۇ.

ئەتىگەندە نەزلە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ناسۋال بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ۋە گال ئارقىلىق كۆپلەپ سۇيۇقلۇق سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن 3 ~ 4 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ناهايىتى مايلىق توخۇ شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە 3 ~

4 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن مىنپەل دەيدىغان مېۋىدىن ئۈچ گرام، قارىمۇچ ئىككى گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يالىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى پوستى قاتارلىقلاردىن توققۇز گرامدىن، قوغۇن يىلتىزىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، قاينىتىپ، 48 گرام سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچكۈزۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلمىسا توخۇنىڭ پېيى ئىشلىتىلىدۇ. قەي قىلىپ ئىككى سائەت ئۆتكەن-دىن كېيىن بادام مېغىزى ئالتە دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان زىققە ئۈچۈن يەنە تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلسىمۇ تەسىرى ياخشى بولىدۇ:

مەھمۇدى (سۇقمۇنىيا) ئون گرام ئېلىپ، بۇغداي ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تابلېت ياسىلىپ، بىمارغا ئۈچ كۈن يۇمشاق تاماقلارنى بەرگەندىن كېيىن بىمار ياش ۋە كۈچلۈك بولسا يېرىم تابلېتتىن يېگۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ئىچى سۈرىلىدۇ. 6 ~ 7 قېتىم ئىچى سۈرگۈندىن كېيىن ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن شويلا ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى قېتىق ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۈچ كۈن يۇمشاق تاماق يېگۈزۈلۈپ، ئىككىنچى كۈنى يەنە يېرىم تابلېت دورا يېگۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە كەپتەر گۆشى شورپىسى بىلەن شويلا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بەش كۈنگىچە سىڭىشلىق تاماقلار بېرىلىدۇ. بۇ دورىنى بېرىۋاتقان مەزگىلدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە بىمار سىرتقا چىقىرىلمايدۇ، ئانچە قاراڭغۇ بولمىغان ئۆيدە تۇرغۇزۇلىدۇ.

### 3. ھۆللۈكتىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربور طوبتی

ھۆللۈكتىن بولغان زىققىنى داۋالاشتا ئۆپكىنىڭ ھۆللۈكىنى يۇمشىتىش بىلەن بىرگە نورماللاشتۇرۇش ۋە يوقىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تازىلاش ۋە تارقىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، ماددا كۆپ بولسا سۈرگۈ بېرىش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە پىشۇرغۇچى ئەمما قىزىتىش تەسىرى ئانچە يۇقىرى بولمىغان دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلمىغاندا نەزلىنى توختاتقۇچى ماددا قويۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن داۋالاش قىيىنغا توختايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى تېۋىپلار زىققە كېسەلگە بېرىلىدىغان دورىلارغا ئەپيۇن، ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرماسلىقنى تەكىتلىگەن. ئەگەر بۇنىڭدا نەزلىنى توختۇتۇش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بۇ دورىلارغا ئاز مىقداردا ياخشىلىغۇچى دورا قوشۇلۇپ بېرىلسە بولىدۇ.

يەنە كۆكرەك ۋە كۆكرەك ئەتراپلىرىنى سىلاپ بېرىش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە يەنە قول ياكى لۆڭگە قاتارلىق يىرىك نەرسىلەر بىلەن نورمال ئۇۋۇلاش. ئەگەر ئۇنىڭ مەنپەئەتى كۆرۈلسە، كۈچلۈك خىلدىكى تارقاتقۇچى ياغلارنى ئاز - ئازدىن سۈۋاش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە يەنە تازىلاش ۋە قەي قىلدۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۇندىن كېيىن ئاۋاز مەشقى قىلدۇرۇش يەنى ئاۋازنى ئاستا - ئاستا يۇقىرىلىتىشقا تىرىشىش لازىم ھەم داۋاملىق تەبىئەتنى يۇمشىتىپ تۇرۇش، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

بەدەن چېنىقتۇرۇشتا بىراقلا ئېغىر ھەرىكەت قىلماستىن ھەرىكەت مىقدارىنى ئاستا - ئاستا يۇقىرىلىتىش كېرەك.

بىراقلا ئېغىر ھەرىكەت قىلدۇرغاندا بۇ كېسەللىكتە بوغۇلۇپ قېلىش ۋە دەم سىقىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ خەتەر كېلىپ چىقىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا تاماق مىقدارىنى ئاستا - ئاستا كۆپەيتىش، دورا - دەرمەكلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىر نېنى بېرىش كېرەك. يەنە زۇپا، سۆئتەر، پىننە قاتارلىق يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

تامىقىغا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. يەنە قۇشلاردىن قۇشقاچ، كەكلىك، توخۇ گۆشىنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كۆپ مۇنچىغا چۈشۈش، تاماق يەپ بولۇپلا مۇنچىغا چۈشۈش، كۆپ ئۇخلاش، كۈندۈزى ئۇخلاش، تاماق يەپ بولۇپلا ئۇخلاش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئەگەر بىمار تاماق يەپ بولۇپلا ئۇخلىسا ھەزىم ناچارلىشىدۇ. شۇڭا ئۇ ۋاقىتتا ھارارەت بولسا تاماق يەپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇخلاشقا رۇخسەت قىلىنسا بولىدۇ. يەللىك تاماقلار، تاماقتىن كېيىن سۇ ئىچىش، ھاراق ئىچىش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەلغەم خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن بولغان بولسا، داۋالاشتا قىزىت-قۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا دورا ئىشلەتكەندە قىزىتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: سىركەنجىۋىل ئەنسلى، ئايارەج پەيقارا، زىراۋەندە تالقىنى قاتارلىقلار مائۇلھەسەل بىلەن بېرىلىدۇ.

نېپىز قەنتەرىيون سۇ بىلەن قاينىتىلىپ، سىركەنجىۋىل ياكى ھەسەل بىلەن بېرىلى-دۇ. كانايدىكى توسالغۇ ۋە بەلغەمنى تازىلاش ئۈچۈن زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، سىيادان قاتارلىقلار يۇمشاق سوقۇلۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

بەلغەم سۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن سوسەن يىلتىزى، ئاچچىق بادام تەڭ مىقداردا يۇمشاق سوقۇلۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ يالىتىلىدۇ.

سوسەن يىلتىزى شۆمشىدىن 18 گىرامدىن، سىيادان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن يەتتە گىرامدىن، ئاقىرقەرھادىن بەش گىرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سەۋسەن يېغى ياكى ناردىن

يېغى بىلەن مومنى ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر دەم سىقىلىشتا كۆكرەكتە هارارەت ياكى قىزىتما بولسا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بىنەپشىدىن ئۈچ گرامدىن، غارىقۇن يېرىم گرام، كەتىرادىن ئۈچ گرام ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ كۆمىلاچ ياساپ يېگۈزۈلىدۇ ياكى بۇنىڭ ئورنىغا هەببى جەدۋار ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەسمەن يېغى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق ياغلار سۈۋىلىدۇ، دەم سىقىلىشقا قارىتا تۆۋەندىكى لوئوق بېرىلسە بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

قۇرۇق ئەنجۈر بىلەن شۈمشىنى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، يەنە ئۇنىڭغا هەسەل سېلىپ قاينىتىلىپ، تاماقتىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكتە قىزىتما ئەهۋالى بولۇپ قالسا، بۇ لوئوقنى ئىشلەتكەندە ئېهتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ لوئوق قىزىتمىنى تېخىمۇ يۇقىرىلىتىۋېتىشى مۇمكىن (مەھى).

## 4. يىرىكلىكتىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربوخشونتی

ئۆپكە شاخچىلىرىدا ئۆزى قويۇق، سوغۇق تەبىئەتلىك سۇيۇقلۇقنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان زىققە بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بۇ هەقىقىي زىققە دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا نەپەس قىستاش، يۆزى پارقىراپ قېلىش، غەمكىن يۈرۈش، يىراققا يۆگۈرگەن ياكى ئېغىر ئەمگەك قىلىپ چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك نەپەسلىنىش ئالامەتلىرى بولىدۇ. بۇنىڭدا هاۋانىڭ نەپەس يوللىرىغا كىرىشىگە نىسبەتەن چىقىرىپ تاشلاش تەلىپى يۇقىرىراق بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن يەڭگىل دەرىجىدىكى كلىزما ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق، سۈيدۈكى ئاز بولسا كلىزمىغا مۇۋاپىق مىقداردىكى جاۋاشىر ۋە سەكپىنەچ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 18 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 72 گرام، كەرەپشە 18 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى ئون گرام، بەديان ئون گرام، پىرسياۋشان 36 گرام، قەردمانە 14 گرام، هۇماما 14 گرام، زۇپادىن 18 گرام ئېلىپ، سۇدا ئوبدان قاينىتىپ، ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ، بوتۇلكىغا قاچىلاپ، هەر كۈنى 72 گرام ئېلىپ، بۇنىڭغا تۆۋەندىكى شەربەتتىن 48 گرام ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەنجۈر بىر كىلوگرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 500 گرام، تەرەنجىبىن 370 گرام ئېلىپ، بۇلارنىڭ هەممىسىنى سۇ بىلەن دورىلار ئوبدان ئېزىلگەنگە قەدەر قاينىتىپ، شىكەر ئارىلاشتۇرۇپ شەربەت تەييارلىنىدۇ. بۇ شەربەتكە ئازراق زەپەر قوشۇۋەتسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ پايدىسى بولمىسا ئۇنى شۇ جايىدىلا توختىتىپ قويماي،

بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن ئورنىغا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلى-
دۇ: بۇ ئۇسۇل ئوتتۇراھال داۋالاش دېيىلىدۇ، يەنى، ئىسقىل كالاڭنى پارچە - پارچە
قىلىپ داكىدىن پاكىزە ئۆتكۈزۈپ ئۆتكۈر سىركە بىلەن توشقۇزۇلغان قاچىغا تاشلاپ
ئاغزىنى ئېتىپ، بەش كۈن ئاپتاپتا، ئۇندىن كېيىن سايىدا قويۇپ، ئېغىزىنى ئېچىپ
ھەربىر جىڭغا قارىتا زۇفاندىن 18 گرام، پەرسىياۋشاندىن 18 گرام، جاۋاشىردىن ئۈچ
گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئوبدان قايناتىپ سۈزۈپ، تۆتتىن بىر ھەسسىسىچىلىك ھەسەل
ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ، ھەركۈنى 36 گرام ئېلىپ، تۆۋەندىكى سۇفۇپتىن ئۈچ گرام
بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، يەنى زۇپا 18 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى توققۇز
گرام، پەرسىياۋشان بەش گرام، ئاقىر قەرھا ئۈچ گرام، مەۋىزەج ئىككى گرام قاتارلىقلار-
نى سوقۇپ، يېرىم ھەسسە قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ تەييارلىنىدۇ، بۇ داۋالاش
ئۇسۇلى بىرنەچچە كۈن قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما كېسەللىكتە ياخشىلىنىش بولمىسا
ئۈچىنچى خىل داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، يەنى تۇرۇپنى پارچە - پارچە قىلىپ
توغراپ، ئۇنىڭغا 24 گرام سېرىقچېچەك ياغىچى ۋە 24 گرام سوقۇلغان قىچا قوشۇپ،
ئىككى كۈن سۇغا چىلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا مىئەسائىلە ۋە يېرىم گرام خەربەق سىيانى
بىر دانە رەخت خالتىغا سېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ، يۇقىرىقى سۇغا تاشلاپ، سۇس ئوت
بىلەن قايناتىپ، ئوبدان ئېزىپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ 120 گرامغا 120
مىللىلىتىر سىركەنجۇبىل ۋە بىر گرام تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بىدەنجىر يېغى
بىلەن توخۇ پېيىنى مايلاپ بۇ ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلىپ يۇقىرىقى دورىلار چىقىپ كەتكەن بولسا، ئەرقى گۈلنى ئىسسىتىپ
ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بەش كۈن توختىتىپ يەنە مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە قەي
قىلدۇرۇلىدۇ. دورا توختىتىپ قويۇلغان ئىككىنچى كۈنى رەۋغەنى خەيرى ۋە رەۋغەنى
يەسمەنگە مۇۋاپىق مىقداردىكى مەستىكى، زۇپا، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى سېلىپ قاينى-
تىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

بۇ داۋالاش ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن مەجۇنى كىبرىت ئىستېمال قىلدۇ-
رۇلىدۇ. چۈنكى بۇخىل دورا تازىلاشتىن كېيىن كېسەللىككە ئىنتايىن پايدىلىق. ئەگەر
مىزاجدا ھارارەت بولمىسا ئىسسىق مەجۇن ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئەگەر مىزاجىدا
ھارارەت بولسا ھارارەت توختاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى داۋالاشتىن كېيىن ئەگەر خىلتنىڭ ئاز بىر قىسمى قېپقالغان بولسا، چوڭ
- كىچىك قەنتەرىيونلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ، سۇدا ئوبدان قايناتىپ،
سۈيىگە 350 مىللىلىتىر سۇزاپ يېغى، بىدەنجىر يېغى قاتارلىقلارنى قويۇپ ئىلمان كلىزما
تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىبنىسىنا «شۇمشا ئۇرۇقىدىن 500 گرام، تەمرى ھىندىن 1500
گرام ئېلىپ، بۇ ئىككىسىنى سۇدا بىرنەچچە كۈن قايناتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا تۆت ھەسسە
ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، شەربىتى شۇمشا تەييارلاپ بەرسە، ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت
قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

### 5. بۇخاراتلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربو بخاراتي

ئەگەر بۇ كېسەللىك كۆيگەن بۇزۇق خىلىتلاردىن پەيدا بولغان بۇخاراتلارنىڭ يۇرەككە توپلىنىشۋېلىشىدىن بولغان بولسا، يۇرەك هارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، 84 گرام ئەرقى گاۋزىبان ۋە 84 گرام ئەرقى كاسنە ئارقىلىق شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 18 گرام سەندەل شەربىتى ۋە 18 گرام نېلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن سەندەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نېلۇپەر، ئىسپغۇل لۇئابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا سۈيى، شەربىتى پەۋاكىھ، ئالما شەربىتى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك خۇشاللاندۇرغۇچى شەربەتلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

چىلان، بېهى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى كاسنە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى نېلۇپەر قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، پاقىيوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

چىلان، بېهى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، شەربىتى بىنەپشە ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

خېمىرى مەرۋايىت ۋە بېهى ئۇرۇقى، چىلان، لاچىندانە قاتارلىقلارنى ئەرەقلەرگە چىلاپ قاينىتىپ، شەربىتى بىنەپشە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا ئىسسىقتىن بولغان يۇرەك ئېغىش كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ. جەندىنىڭ ئېيتىشىچە، سىركەنجىۋىل سادە ۋە شەربىتى لىمون ئىچكۈزۈش يۇرەكنىڭ هارارىتىنى توختىتىش ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن.

هېكىم ئابدۇساھىبنىڭ ئېيتىشىچە پاقىيوپۇرمىقى ۋە ئۇنىڭ سۈيى بۇ كېسەللىككە ناهايىتى مەنپەئەت قىلىدىكەن، يەنە مەجۇن زۇپا ئىستېمال قىلدۇرۇشنىڭمۇ پايدىسى كۆپ ئىكەن.

سەۋدا مىجەزلىك كىشىلەردىكى بۇخىل كېسەللىككە چىلان، بېهى ئۇرۇقى، سەرپىستان قاتارلىقلارنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ۋە شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن بۇ قايناتمىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئاقلانغان ئارپا قوشۇپ، سەمغى ئەرەبى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر دەم سىقىلىش بىلەن بىرگە هۆللۈكتىن بولغان يۇرەك ئېغىش بولسا، گاۋزى-

بان، گاۋزىبان گۈلى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، لاچىندانە قاتارلىقلاردىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، ئۇد ھىندى، مەستىكى، پەرەنجىمىشكى ياغىچى ئىككى گرامدىن، قەنتتىن 24 گرام ئېلىپ قايىنىتىپ، قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ماددىنى تازىلاش زۆرۈر بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن سەۋدانىڭ سۇرگىسى ۋە ھەببى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلاش لازىم ياكى لاجۇۋەرد بىلەن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مائۇلجەبىن مۇناسىۋەتلىك كۈمىلاچ ۋە تالقان دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قول - پۇتنى مۇجۇپ، قىزىق سۇ بىلەن ئومۇمىي بەدەن يۇيۇلدۇرۇلىدۇ. يەنە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن شېكەرنى داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرسىمۇ سەۋدادىن بولغان زىققە ئۈچۈن پايدىلىق ياكى ھەجرە ئەرمىنىدىن يەتتە گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بۇزۇق گازلارنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى ۋە مۇۋاپىق بولسا بادام يېغى بىلەن ئاقلانغان ماشنى ياكى ئارپا، پالەك، قاپاق قاتارلىقلارنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەر يېگۈزۈلىدۇ. ئالما، بېھى ئۇرۇقى، بانان ۋە باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. قۇرۇق قۇرۇتقۇچى نەرسىلەردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقلۇق ۋە ئاجىزلىق ئەھۋالى ئېغىر بولسا، بۇغداي كېپىكى ئۈچ گرام، نېلۇپەر شەربىتى تۆت گرام، ئەرقى زۇپا سادە 48 گرام، ئەرقى نېلۇپەر 48 گرام، ئەرقى سەندەل 48 گرام قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ. شىرخىست ۋە تەرەنجىبىن شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاجىزلىق بەك ئېغىر بولسا لوئابلىق، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى لوئوقلار ئەرەقلەر ۋە شۇ تۈردىكى دورىلارنىڭ شىربىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە ئوزۇقلاتقۇچى قىزىتما (تەپى دىق) ۋەزەبەھە (بوغا) كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

### 6. يەلدىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ريوتچى

ئەفتىمۇن ئۇرۇقى شىرىسى ۋە بەدىيان شىرىسى قاتارلىقلارنى گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەل ھەيدىگۈچى ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ناردىن يېغى، سۇزاپ يېغى ۋە غاز يېغى قاتارلىقلار ياكى سېرىقچېچەك، بابۇنە،

مەرزەنجۇش قاتارلىقلار كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

مەتبۇخى مەرزەنجۇش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك مەتبۇخلار ئارقىلىق كۆكرەك ۋە يان تەرەپلەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ماددا پىشقاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلىنىدۇ ۋە ماددەتۇلھايات، ئامىلە نۇشدارى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بەديان شىربىسى، بەديان سۈيى، ھەببى رىشات، ئايارەج پەيقارا قاتارلىقلار بېرىلىسمۇ بولىدۇ. يەنە سەكپىنەچ، جاۋاشىر قاتارلىقلارنى سۇزاپ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ كۇملاچ ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 7. بوششىپ كېتىش (ئىسترخا) خاراكتېرلىك زىققىنى داۋالاش:

علاج ربواسترخائی

شۇمشا، دارچىن قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كۆكرەككە ناردىن يېغى، نەغەزگۈل يېغى، سەۋسەن يېغى، سىيادان يېغى ۋە پان يېغى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ ياكى ئەنجۇر، ئارپا ئۇنى، سىيادان قاتارلىقلار يۇمشاق سوقۇلۇپ، سېرىقچېچەك يېغى ياكى سۇزاپ يېغى بىلەن سۈۋىلىدۇ. يەنە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى بىر گرام، قارىمۇچ ئىككى گرام، مۇرمەككى ئىككى گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن جۇڭگو چېيىنى قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئۇندىن باشقا پالەچ ۋە بوششىپ كېتىش كېسەللىكلىرىدە سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىسىمۇ بولىدۇ.

### 8. قۇرۇقلۇقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربویبسی

بۇ كېسەللىك ئۆپكىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن بولسا ئارپا سۈيى، ئۆچكە سۈتى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، ئېشەك سۈتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۆچكە سۈتى تەرەنجىبىن بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلسە، بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. يەنە ھۆل ئۇرۇقلارنىڭ شىربىلىرى، لوئابلار ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى لوئوق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى مەلھەملەر كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولمىسا بىنەپشە، تەرخەمەك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، نىلۇپەر قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىلىرىغا بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ. ھەركۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە بىر سىقىم ئىسپىغۇل لوئابى ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە چىلان شەربىتى، خېمىرى بىنەپشە قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنى بېرىشمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئۇندىن باشقا سوغۇق ياغلار ۋە سوغۇق

دورىلارنىڭ سىقىلمىلىرى بېرىلسىمۇ مەنپەئەتى ياخشى بولىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ھۆل سوغۇق يېمەكلىكلەر ۋە مايلىق شورپىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. بادام يېغى بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ. ئۆتكۈر قىزىتقۇچى، تارقاتقۇچى، قورۇتقۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

### 9. سوغۇقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

*علاج ربو باردی*

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولغان بولسا تازىلاشتىن باشقا بەلغەم ۋە يەلدىن بولغان زىققە كېسەللىكىدە بايان قىلىنغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. يەنە شۇمشا، بەدىيان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىسىغا قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قىزىتقۇچى دورىلار ۋە نەغەزگۈل يېغى، سەۋسەن يىلتىزى، بابۇنە يېغى، ئىكلىلمەلىك قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

شۇمشا، ئەنجۈر قايىنتىلىپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇلاردىن لوئوق تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قوشۇقتىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا شەربىتى زۇپا، سىركەنجۇبىل ئەنسىلى ياكى لوئوقى ئەنسىلى قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

### 10. ئىششىقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

*علاج ربو ورمی*

ئەگەر بۇ كېسەللىك ئۆپكە، دىئافراگما، جىگەر، تال قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىششىپ قېلىشى ياكى بوغما كېسەللىكى سەۋەبىدىن بولسا، بۇ خىلدىكى زىققىنى داۋالاشتا باشقا سەۋەبتىن بولغان زىققە كېسىلىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ئۆپكىدە ئىششىق بولسا يىرىڭ ياكى قاتتىقلىق بولىدۇ. قاتتىقلىق بولغان ئىششىقنى داۋالاشتا يۇمشىتىش ۋە تارقىتىش قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئەگەر بۇ ئىششىق ئىسسىقتىن بولسا ئۆپكە ياللۇغىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئىششىق يېنىك بولسا زىققە قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەگەر ئىششىق قېتىپ قېلىش ئەھۋالى بولغاندا ئۆرە ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش بولىدۇ. بىراق ئاغرىش ۋە بەلغەم (خەپرۇك) چىقىش ئەھۋاللىرى بولمايدۇ. ئىششىق يۇمشاق بولسا ئۆرە ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش بىلەن بىرگە ئازراق ئاغرىق ۋە بەلغەم (خەپرۇك) چىقىش ئەھۋالى بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ئىسسىقتىن بولغان قىزىل ياكى قاپارتما قاتارىدىن بولسا ئۆرە ئولتۇ-
رۇپ نەپەسلىنىش بىلەن بىرگە قاتتىق ئاغرىش، ئىغىز قۇرۇش، چىرايى قىزىرىش،
ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى ئارقىمۇئارقا بولۇش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.
بۇخىل ئىششىقنى داۋالاشتا ئۆپكە ئىششىقى (زاتىلرىيە) كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇ-
سۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 11. ئىسسىقتىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربو حار

بۇ كېسەللىك ئۆپكىنىڭ ھارارىتىدىن بولغان بولسا سوغۇق تەبىئەتلىك سۇيۇق دورىلار
ۋە زىماد دورا ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك ۋە ئۆپكىدە ئېچىشىش ۋە ھارارەت يۇقىرىلاپ كېتىش ئەھۋاللىرى
كۆرۈلسە كاپۇر ئىشلىتىلىدۇ.

دورىلاردىن تۆۋەندىكىلەر ئىشلىتىلىدۇ:

خىمىرى بىنەپشە، شەربىتى بىنەپشە، ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

كاسىنە سۈيى، شوخلا سۈيى، شىكەر ۋە بىنەپشە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بۇ دورىلارنى بېرىش بىلەن بىرگە ئىسپىغۇل لۇئابى، سېمىزئوت سۈيى، ئاق موم،
بىنەپشە يېغى بىلەن قىيرۇتى تەييارلاپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

### 12. ئاشقازان توشۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان زىققىنى داۋالاش:

علاج ربو امتلاء معده

بۇ كېسەللىكتە قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ھەببى ئايارەج قاتارلىقلار بىلەن ئاشقازان تازىلى-
نىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا تاماقنى ئازايتىش ئاشقازاننى كۈچەيتىش لازىم.

جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكنىڭ بوھران كۈنلىرىدە پەيدا بولغان زىققە ۋە تۇغما
زىققە كېسەللىكنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

## تۆتىنچى پەسىل يۆتەل

سعال

**تونۇش:**

ئۆپكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەزالار كېسەللەنگەن بولسا، ئۇنى
ئىتتىرىش ئۈچۈن تەبىئەتتە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەرىكەت يۆتەل دېيىلىدۇ. گەرچە

يۆتەل نەپەسلىنىش ئەزالىرى ئارقىلىق پەيدا بولسىمۇ ئەمما بەزىدە نەپەسلىنىش ئەزالىرى ساغلام بولۇپ، يۆتەل سەۋەبى ئاشقازان، قىزىلئۆڭگەچ، جىگەر، تال، ئەمچەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

تېۋىپلار: يۆتەلگەندە گالدىن بىرەر نەرسە چىقمىسا يۆتەل يالغۇز بولسا، بۇنى «قۇرۇق يۆتەل»، يۆتەلگەندە گالدىن بىر نەرسە (خەپرۇك، بەلغەم) چىقسا، بۇنى «ھۆل يۆتەل» دەپ ئاتايدۇ.

**سەۋەبى:**

جۇرجانىنىڭ ئېيتىشچە، «يۆتەلنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ: ① ھەر خىلدىكى مىزاج بۇزۇلۇش (خىلتلىق، خىلتسىز) تىن كېلىپ چىقىدۇ. ② ئۆپكىنىڭ ئىششىقلىرى ۋە مۇدۇر - چاقا، يارىلىرى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ③ بىرەر كېسەللەندۈرگۈچى يەنى سوغۇق ھاۋا، ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان … قاتارلىق ئەھۋاللار نەپەسلىنىش كانالچىلىرىغا تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

يۆتەل كېلىپ چىقىش سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1. خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۆتەل.
2. خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۆتەل.
3. خىلتلىق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۆتەل.
4. خىلتلىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۆتەل.
5. ئىششىق ياكى نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ يارىلىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۆتەل.
6. مۇدۇر - چاقىلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۆتەل.

مۇدۇر - چاقىلار سەۋەبىدىن بولغان يۆتەلدە جىگەر ناھايىتى قىزىق بولسا، بۇنىڭ بىلەن قىزىق قان پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ قان ئۆپكىگە ئوزۇقلۇق شەكلىدە يېتىپ بېرىپ، ئۆپكىدە ئېچىشىش ۋە قاپارتما پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە بۇ قان ئارقىلىق ئۆپكىدە ياللۇغ پەيدا بولىدۇ.

ھۆل يۆتەلدە بەزىدە نوقۇتقا ئوخشاش قاتتىق نەرسە چىقىدۇ. بۇ ئۆپكە ۋە ئۆپكە شاخچە كانىيىنىڭ هارارىتىدىن خىلتلارنىڭ نازۇك قىسمى تارقاپ كېتىپ، قويۇق قىسمىنىڭ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇنىڭدا بىماردىن يۆتەل بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ چىقىدىغان ياكى چىقمايدىغانلىقىنى سوراش، يۆتەل قۇرۇق بولسا بىرەر ئورۇندا ئاغرىش بار - يوقلۇقىنى سوراش كېرەك.

ئەگەر بىماردا گال، كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر قاتارلىقلارنىڭ بىرەرىدە ئاغرىش بولسا ۋە بۇنىڭ بىللە، قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى (ئىششىقى)، ئاشقازان ئىششىقى، جىگەر ئىششىقى قاتارلىق كېسەللىك ئالامىتىنىڭ بىرەرسى قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ يۆتەلنىڭ سەۋەبى شۇ ئەزانىڭ ئىششىغانلىقىدىن بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەلدە ئاغرىش بولمىسا ئاخشىمى ۋە ئۇخلىغاندىن كېيىن يۆتەل ئېغىرلاشسا ۋە نەزلىنىڭ ئالامەتلىرى يەنى كۆكرەكتە بىرەر نەرسە غىدىقلاش، گالدا قىچىشىش ۋە پېشانە ئەتراپىدا تارتىشىش، بۇرۇن توسۇلۇش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ يۆتەلنىڭ ئىسسىق نەزلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قورساق تويغاندا ۋە يېمەكلىكلەرنى يېگەندە يۆتەل قاتتىق بولسا، بۇ ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئەگەر هاۋا سوغۇق ۋاقتىدا ياكى سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا يۆتەل ئازلىسا، چىرايىنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل كۆك ۋە ئۇسسۇزلۇق ئاز بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولىدۇ.

ئەگەر هاۋا ئىسسىق ۋاقىتتا يۆتەل كۆپ بولسا، كۆكرەكتە ئېچىشىش بولسا ۋە داۋاملىق ئۇسساش بولۇپ سوغۇق هاۋا ۋە سوغۇق سۇدىن راهەتلەنسە، ئۇندىن باشقا بىمارنىڭ چىرايى قىزىل، تومۇرى توم بولسا، ئىسسىق يېمەكلىكلەردىن بىئاراملىق هېس قىلسا، بۇ يۆتەلنىڭ سەۋەبى ئۆپكىنىڭ هارارىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر سۆزلىگەن ۋە يۇقىرىغا چىققان ۋاقىتلاردا يۆتەل كۆپىيىپ كەتسە هەمدە چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەكلەردىن بىئارام بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تومۇرى ئىتتىك، سۈيدۈكى قىزىل بولسا، يۆتەلنىڭ سەۋەبى مۇدۇر - چاقىلاردىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر هەرىكەت قىلغاندا، قورساق ئاچقاندا، قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا يۆتەل كۆپىيىپ كەتسە، ئارام ئالغان، قورساق تويغان، هۆل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا يۆتەل ئازايسا، بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىز، تومۇرى ئىنچىكە، ئارقىمۇئارقا سوقسا، دەم سىقىلىش ئەهۋالى بولسا، سۇرگىنى كۆپ ئىچىش، ئاچ قېلىش، روزا تۇتۇش، كۆپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، قۇرۇق ئىسسىق جايلاردا ئۇزۇن تۇرۇش ئەهۋاللىرى بولسا، بۇخىل يۆتەلنىڭ سەۋەبى ئۆپكىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل كۆيدۈرگۈچى تەپ ياكى بىر كۈنلۈك قىزىتما ياكى تارقىلىشچان قىزىتما بىلەن بىللە كەلگەن بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى پۈتۈن بەدەنگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدا تال قېتىش بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى تال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن هېچقايسىسى مەۋجۇت بولمىسا چاڭ - توزان ياكى ئىس - تۈتەك كىرىپ كېتىش ياكى چۆچۈمەل، ئىششارلىق، ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش ياكى يۇتقۇنچاققا بىرەر نەرسە كەپلىشىۋېلىش ئەهۋاللىرى بولسا، بۇ يۆتەلنىڭ

سەۋەبى شۇ سەۋەبچى ماددا تەسىرىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن سۆيۈقلۇق چىقسا بۇ سۆيۈقلۇق ئارقىلىق ماددىنىڭ تۈرى ئېنىقلىنىدۇ. يەنى ھەرقايسى خىلتنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى ئارقىلىق تۈرى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر ئېغىر يۆتەل بىلەن شىلىمشىق ماددا چىقسا ۋە يۆتەل زۇكامدىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، يۆتەل سوغۇقتىن بولغان نەزلە سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر چىرايىنىڭ تېرىلىرى يۇمشاق، ياشانغان كىشىلەردە يۆتەل پەيدا بولسا ۋە بۇ يۆتەل ھۆل يېمەكلىك ئىستېمال قىلىش ياكى ھۆل مۇھىتتا تۇرۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا ۋە خىرقىراش بولسا، بۇ يۆتەلنىڭ سەۋەبى ھۆللۈكتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن بىرگە ئۆپكە يارىسىنىڭ يەنى يۆتەل بىلەن بىرگە شىلىمشىق يىرىڭ چىقسا، قان تۈكۈرۈش ئەھۋالى بولسا ھەمدە بۇ يۆتەل ئۆپكە مۇدۇرچاقلىرى ۋە كۆكرەك مۇدۇرچاقلىرىنىڭ ئالامىتى پەيدا بولغاندىن كېيىن مەۋجۇت بولسا، بۇ يۆتەلنىڭ سەۋەبى ئۆپكە سىلى (تۇبېركۇلوز) دىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىر رايوندا چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن كىشىلەر يۆتەلگە گىرىپتار بولسا، يۆتەل ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بەزىدە قەي قىلسا ھەتتا بەزىدە چوڭ ـ كىچىك تەرەت مېڭىپ كەتسە، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىشتىھاسى تۇتۇلسا ۋە ئاخىرىدا چىرايى ۋە كۆزلىرىدە پارقىراش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ تارقىلىشچان يۆتەلنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر كېسەللىك ماددىسىنى سۇيۇلدۇرىدۇ. لېكىن يۆتەل بىلەن كېسەللىك ماددىسى چىقىپ كېتەلمەيدۇ. خەشخاش شەربىتى ۋە خېمىرى خەشخاشقا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار كېسەللىك ماددىسىنى يىغىدۇ ۋە يۆتەل ئارقىلىق چىقىپ كېتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ، بىراق بۇنداق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلسا ماددا قويۇلۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماددىنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن بەزىدە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار، بەزىدە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار قوللىنىلىدۇ.

ماددا ناھايىتى قويۇق بولغاندا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار قوللىنىلىدۇ، ماددا سۇيۇق بولغاندا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۇيۇق ۋە قويۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھالەت ماددىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى چەكلەپ قويىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كۆپىنچە ماددىنىڭ يۆتەل ئارقىلىق چىقىپ كېتەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ماددىنىڭ سۇيۇقلۇقىدىن بولىدۇ.

ئەگەر ماددا شىلىمشىق بولۇپ ئۆپكىگە چاپلىشىۋالغان بولسا، ئۇنى يىغىش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: شەربىتى زۇپا قويۇق خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ئېغىر دەرىجىدىكى تۇتقۇچى دورىلار بولسا

نەپەس يوللىرىنى تارايتىۋېتىدۇ. ئارپا سۈيى ماددىنى پىشۇرۇش، قويۇقلۇقىنى تەڭشەش، ئۆپكىنى ھۆللەندۈرۈش ۋە ماددىنىڭ چىقىپ كېتىشىدە ياخشى رول ئوينىيالايدۇ.

بەزىدە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلدە جىددىيلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار قوللىنىلسا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

يۆتەل بىلەن بىللە ئىچ سۈرۈش بولسا، يۆتەلنىڭ دورىلىرىغا نىشاستە ۋە قۇرۇتۇلغان يېلىم قوشۇلىدۇ ياكى شەربىتى ھەببۇلئاس، قۇرسى ھەببۇلئاس، ئانار شەربىتى، سەندەل شەربىتى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار تالاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن بىللە قويۇق ماددا چىقسا ئۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن پىننە ۋە زۇپا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر سۇيۇق ماددا چىقسا تەڭشەش ئۈچۈن نىشاستە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ماددا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولسا، ئۇنى پارچىلاش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ۋە ئۆتكۈر تەملىك دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ماددىنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولسا مۇسھىل دورىلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى يۆتەلنى داۋالاشتا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ:

1. كاكرا سەنگىنى سوقۇپ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈپ يۇرۇش ھەرخىلدىكى يۆتەل ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر يۆتەل بىلەن بىرگە قان تۈكۈرۈش بولسا بۇ دورىغا تۆت گىرام خۇنسىياۋشان بىلەن 18 گىرام قەنت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

2. ئەرقى ئەرەسەمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا سۇ ئورنىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى قايناتمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. چىلان ئون گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئون گىرام، گاۋزىبان ئۈچ گىرام، پىرسىياۋشان ئۈچ گىرام قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ سۇ ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. كونا يۆتەلگە چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى بىلەن ھىڭ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بادام يېغىنى موم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە مەستىكىنى ئېرىتىپ قوشۇپ، ئىككى مۇرە ئوتتۇرىسىغا سۈۋىلىدۇ.

ئۆتكۈر، چۈچۈمەل، تۇزلۇق، يەللىك تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

قىزىلگۈل، گۈلقەنت، ھېلىلە قاتارلىق ۋە شاخچە كاناپچىلاردا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى دورىلار ھەرخىل سەۋەبتىن بولغان يۆتەل ئۈچۈن زىيانلىق.

ئىبنىسىنانىڭ رېتسېپلار توپلىمى(قارابادىن قانۇن) دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، تۆۋەندىكى دورا يۆتەلنىڭ بارلىق تۈرلىرى ۋە ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن، يەنى ئۇرۇقى بار خەشخاش غوزىسى 37 دانە، سوقۇلغان كەرەپشە ئۇرۇقى 100 گىرام، رەۋەن چىنى، قىزىلگۈل، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئانارگۈلى قاتارلىقلاردىن 80 گىرام

دىن دىن، دارچىن، سۇمبۇلدىن 50 گىرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى بەش كىلوگىرام يامغۇر سۈيىگە چىلاپ ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇپ، ئاندىن سۇس ئوتتا ئۈچتىن بىر ھەسسىسى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 30 گىرام سەمغى ئەرەبى ۋە كەتىرادىن 25 گىرامدىن، مۇرمەككى 15 گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى 250 گىرام، مەستىكى بىر گىرام، زەپەر بىر گىرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ قاينىتىلغان دورا سۈيىگە سېلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە ئۈچ كىلوگىرام مۇسەللەس ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم سۇس ئوتتا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا بولغاندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىپ بوتۇلكىدا ساقلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

گۈل بىنەپشە ۋە قارا ھېلىلىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ھۆل زەنجۇۋىل سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ ئېغىزغا سېلىپ يۇرۇشمۇ ھەرخىلدىكى يۆتەل ئۈچۈن پايدىلىق.

بۇ كېسەللىكتە يەنە تۆۋەندىكى تۆت ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم:

1. بەدەننى ئىسسىق تۇتۇش، جۈملىدىن سەھەردە ئويغانغاندا باش ۋە يۈزنى سوغۇق ھاۋادىن قوغداش، كۆپ سۆزلىمەسلىك، ئىمكانقەدەر چوڭ ۋە ئۇزۇن نەپەسلىنىش، شۆلگەيلەرنى تۈكۈرۈپ تۇرۇش، ئۇخلىغاندا دۈم يېتىپ ئۇخلاش.

2. ئۇخلاش ئۈچۈن ئۇخلاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئۇخلاشتىن بولغان ھەرخىل كېسەللەردىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ.

3. خىلىتلارنى تۇتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بەرشىشا، مەجۇنى ھاپزۇھىسھەت قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە نانتەك، كاللا، پاچاق، بادام يېغىدا تەييارلانغان ھالۋا قاتارلىق يۇمشاق، شىرىنلىك، تاتلىق، مايلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

4. ئۆپكىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: مۇرمەككى، توخۇ تۇخۇمى سېرىقى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە يۆتەلنى سەۋەبلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ئايرىم - ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

**1. ئىسسىق نەزلىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:**

*علاج سرفه نزلی حار*

بۇ كېسەللىك زۇكام ۋە زىققە بايانىدا سۆزلەنگەن ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالىنىدۇ. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ:

1. خەشخاش شەربىتى، خېمىرى خەشخاش قاتارلىق نەزلىنى چەكلىگۈچى لوئوق ۋە ھەب دورىلار بېرىلىدۇ ۋە غار - غار دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئەپيۇن چۈشكەن مۇرەككەپ دورىلار ياكى ئەپيۇن يەككە هالدا ئىشلىتىلىدۇ.

3. ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن بەزرۇلبەنجى، خەشخاش ئۇرۇقى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، لوئوقى خەشخاش قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

4. نەزلىنى توختىتىش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغول لۇئابى، شەربىتى بىنەپشە، شەربىتى نېلۇپەر قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىستېمال قىلدۇ- رۇلىدۇ ياكى بۇنىڭغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

5. بېھى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىسىغا يۇقىرىدا سۆزلەن- گەن شەربەتلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

6. چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ياكى نېلۇپەر گۈلى، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، گاۋزىبان قاتارلىقلار بىلەن قاينىتىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەشخاش شەربىتى ياكى خېمىرى خەشخاش ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سورگۇ ئۈچۈن بۇ دورىلارغا ئەهۋالغا قاراپ خىيارشەنبەر، بادام يېغى، تەرەنجىبىن، شىرخىست قوشۇلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە ئېچىشىش بولسا قىرۇتى ۋە مۇناسىۋەتلىك لۇئابلار سۇۋۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش، پالەك قاتارلىقلار بادام مېغىزى شىرىسى بىلەن پىشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

7. قوغۇن ئۇرۇقى بەش گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى بەش گرام، چىلان يەتتە دانە، سەرپىستان 20 دانە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى چىلان شەربىتى ياكى 24 گرام خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

8. چىلان شىرىسى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى قاتارلىقلار قەنت بىلەن بېرىلىدۇ.

9. ئالتە گرام شەربىتى خەشخاشقا يېرىم گرام سەمغى ئەرەبى ۋە كەتىرا تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۈستىدىن سەرپىستان، گاۋزىبان، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، شەربىتى ئەينۇلا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە ئەهۋالغا قاراپ هەببى نەزلە، هەببى زەفىران، هەببى نىشات، هەببى سۇئال، سۇفۇپى خەشخاش، قۇرسى خەشخاش، شەربىتى پەرىيادىدۇس، لوئوقى سەرپىستان قاتارلىقلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ئىسسىق نەزلىدىن بولغان يۆتەلدە قىزىتما بولسا، قىزىتمىنى پەسەيتىش ئۈچۈن لۇئابلار يالغۇز هالەتتە ياكى قايناتما، چىلانىملار بىلەن 3 ~ 5 كۈنگىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما ۋە نەزلە بولسا مۇناسىۋەتلىك قايناتمىلار ۋە چىلانىملار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: دەسلەپتە بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارغا بىنەپشە ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دورىلارغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ياكى تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى، چىلان شەربىتى ۋە شەربىتى بىنەپشە ئورنىغا خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە سۈيدۈك ماڭغۇزۇش مەقسىتىدە ئۇسۇڭ ئۇرۇقى ۋە بىنەپشە شەربىتى-نىڭ ئورنىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ۋە شەربىتى بۇزۇرى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

10. چىلان بەش دانە، سەرپىستان 20 دانە، بىنەپشە، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، قايناق سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭغا ئالتە گرام تەرخەمەك شىرىسى، 24 گرام شەربىتى بىنەپشە، تۆت گرام خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرى خەشخاش بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

11. سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى يىلتىزى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنى قايناق سۇغا چىلاپ، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرى-سى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى تۆت گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام ياكى گۈل بىنەپشە ۋە بېھى ئۇرۇقى قايناتمىسى بىرخىل ياكى ئىككى خىل دورا شىرىسى مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچۈرۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن قىزىتما ۋە كۆكرەكتە ئاغرىش بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار شوخلا ئەرقى بىلەن قاينىتىلىپ، شەربىتى بىنەپشە ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، سەرپىس-تان توققۇز گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ئالتە گرام، قەنت 12 گرام قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل يۈرەك ئاجىزلىق بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا، ئاق لەيلىگۈل، چىلان، گاۋزىبان، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، قەنت ۋە خاكشى سېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئەتىگەندە داۋائى مىشكى مۆتىدىل بىلەن شوخلا ئەرقى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مېڭە ئاجىزلىقى بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا، گاۋزىبان، گۈل بىنەپشە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ قەنت سېلىپ، ئۈستىدىن تۆت گرام تۇدەرىنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بولۇش بىلەن بىرگە چىرايىدا پارقىراقلىق بولسا، گۈل بىنەپشە، ئۇستىقۇددۇس، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئاشقازان پۇدۇلۇپ قېلىش بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا، بىرىنچى كۈنى بەش دانە چىلان، تۆت گرام قىزىلگۈل، تۆت گرام نىلۇپەر قاتارلىقلارنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەرە بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئالتە گرام ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ئارىلاشتۇ-

رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بۇنىڭغا ئالتە گرام تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ۋە 24 گرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇلىدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى بۇنىڭغا 12 گرام خەشخاش شەربىتى قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت گرام چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ۋە ئۈچ گرام زۇپا قوشۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ۋە قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئالتە گرام تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى ۋە ئىككى گرام خەشخاش شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

قان تۈكۈرۈشكە قارىتا تۆتىنچى كۈنى بۇ شەربەتكە ئالتە گرام شاھتەررە قوشۇپ، بىر گرام زەھرى - مۇھرى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بىلەن قىزىتما بولسا، چىلان، گۈل بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، يۇقىرىقى شەربەتكە تەرخەمەك ئۇرۇقى شەربىتى، بىنەپشە ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قوشۇلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن شەربەت دورىلارنىڭ ئورنىغا تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولمىسا يۇقىرىقى شەربەتكە تۆت گرام پىرسياۋشان، 24 گرام ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، 120 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەرە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى گاۋزىبان قوشۇلىدۇ. ئاخشىمى گاۋزىبان، بۇغداي كېپىكى ھەربىرى ئالتە گرام، سەرپىستان 15 دانە، خەشخاش شەربىتى 12 گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (تەپى دىق) نىڭ ئاجىزلاشتۇرۇشى سەۋەبىدىن يۆتەل بىلەن ئىچ سۈرۈش ۋە قىزىتما بولسا كاپۇر، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، كەتىرا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك شىرىلەر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر كونا يۆتەل بىلەن قىزىتما، بەدەن ئاجىزلىق، ئورۇقلاش بولسا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، شوخلا ئەرقى، شەربىتى بۇزۇرى بارىد ۋە خاكشى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قۇرسى تاباشىر مۇلەيىننى يۇمشاق سوقۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى تاباشىر ئۈچ گرام، سەمغى ئەرەبى ئىككى گرام، كەتىرا ئىككى گرام، كاپۇر 121 مىللىگرام قاتارلىقلار سوقۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن 60 گرام تاۋۇز سۈيى، ئالتە گرام تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، ئالتە گرام سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تۆت گرام بەدىيان شىرىسى، 24 گرام شەربىتى بۇزۇرى بارىد قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئەرقى كەييورە، ئەرقى بېدە قوشۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە رەيھان قوشۇپ

ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك ئېغىش ۋە قىزىتما بىلەن بىرگە بولسا، بىر گرام ئەرەب يېلىمى ئالما مۇراببابىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەرخەمەك ئۇرۇقى شىربىسى، ئوسۇك ئۇرۇقى شىربىسى ئالتە گرامدىن، لاچىندانە شىربىسى تۆت گرام ئەرقى سەندەل 60 مىللىلىتىر، ئەرقى كەيىورە 36 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا خېمىرى سەندەل ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى تۆت گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىربىسى ۋە ئالتە گرام ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۆتەلگەندە بىرئاز قان كېلىپ توختاپ قالغان ۋە دەم سىقىلىش بولسا بېھى ئۇرۇقى قايناتمىسى بىلەن شەربىتى بىنەپشە بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن ئاغرىش بولسا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، شەربىتى بىنەپشە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزىتما ۋە گال ئاغرىش بولسا، بېھى ئۇرۇقى سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ شەربىتى بىنەپشە ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. يەرلىك شوخلا، كۆكنار، گەزمازەج، يۇمغاقسۇت، لايىقلاشتۇ- رۇلغان ئەدەس قايناتمىلىرى بىلەن غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۆتەلدىن كېيىن كۆكۈل ئاينىش بولسا، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئاقلانغان بادام مېغىزى، ئاقلانغان ئوسۇك ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن سوقۇپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن كۆملاچ ياساپ ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەلدە قان كەلگەن بولسا ئالتە گرام پاقىيوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ پاقىيو- پۇرمىقى بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ياكى گىل ئەرمىنى، گىل مەختۇم قاتارلىقلاردىن بىرى سۇ ياكى پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

سوزۇلما خاراكتېرلىك نەزلىدىن بولغان يۆتەلدە ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سەرپىستان، بۇغداي كېپىكى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ قەنت بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ ياكى چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، سەرپىستان، چىلان، گاۋزىبان، قەنت قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ قاينىتىپ، قەھۋە ئورنىدا ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان نەزلە خاراكتېرلىك يۆتەلدە ماددا قويۇق بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، زۇپا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، سېرىق ئەنجۈر، ئاقلانغان ئارپا، سەرپىستان قاتارلىقلار قاينىتىلىپ، خېمىرى ئەبرىشىم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ماددا سۇيۇق بولسا ئادەتتىكى خەشخاش شەربىتى ۋە لۇئوق قاتارلىقلار بىلەن ماددا پىشۇرۇلىدۇ. ئاخشىمى ھەببى نىشاستە تىلنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ ۋە قابىز دورىلار

ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. بىراق بۇ دورىلارنىڭ تەمى چۈچۈمەل ۋە تۈزلۇق بولماسلىقى لازىم.

ئەگەر ماددا قويۇق بولسا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئارپا سۈيى بىلەن شەربىتى بىنەپشە بېرىلىدۇ. ئارپا سۈيىگە 14 گرام ئاق لەيلى ئۇرۇقى، يەتتە گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ۋە 24 گرام ئاقلانغان باقىلە ياكى مۇۋاپىق مىقداردا بىنەپشە ۋە قاپاق يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قىزىتىش خۇسۇسىيىتى بولمىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: سەرپىستان، چىلان ھەربىرى ئون دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، بىنەپشە 14 گرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 18 گرام، ئەنجۈر ئون دانە قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 500 مىللىلىتىر قالغاندا ئۇنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، 36 گرام تەرەنجىبىن شىرىسى، 18 گرام خېمىرى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: نەزلىدىن بولغان يۆتەلدە چۈشكۈرتكۈچى دورىلار ئارقىلىق ماددىنى بۇرۇن تەرەپكە قارىتىش لازىم. شاخچە كاناي تەرەپتىكى نەزلىنىڭ ئېچىشتۇرۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى ئارپا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (خەشخاش شەربىتىگە چوقۇم خەشخاش ئۇرۇقى بىلەن قورۇق يۇمغاقسۇت چۈشكەن بولۇشى شەرت).

ئۇندىن باشقا خەشخاش پوستى قاتارلىق قويۇلدۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇلىدۇ. يەنە مۇۋاپىق مىقداردا پولونىيا ئىستېمال قىلىش نەزلىنى چەكلەش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

بۇلاردىن باشقا ئەدەس، چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ غار ـ غار قىلدۇرسىمۇ نەزلىنى چەكلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار يەنى پالەك، قاپاق، تەرخەمەك ۋە سېمىز ئوت قاتارلىقلار بادام يېغىدا پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئاقلانغان ماش، پالەك، ئاقلانغان ئارپا، باقىلە، نىشاستە، كېپەك سۈيى ھالۋىسى ياكى نىشاستە، ئارپا شىرىسى، قەنت، قاپاق يېغى ھالۋىسى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 2. سوغۇق نەزلىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه نزلى بارد

سوغۇق نەزلىدىن بولغان يۆتەلدە قويۇق ۋە شىلىمشىق ماددا ئۆپكىدە توختاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇكام ۋە زىققە بايانىدا سۆزلەنگەن سوغۇقتىن بولغان نەزلىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئۆپكە ۋە كۆكرەككە چۈشكەن كېسەللىك ماددىلىرى پىشقاندىن كېيىن تازىلىنىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىن بۇرۇن تەرەپكە نەزلە سۈيۇقلۇقى قايتۇرۇلىدۇ ۋە قىزىتىش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن چارە تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

نەزلىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سەرپىستان، پىرسىياۋشان، زۇپا قاتارلىقلارنى قايىنتىپ قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سەرپىستاننىڭ ئورنىغا گاۋزىبان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئەنجۈر، بۇغداي كېپىكى، قەنتنىڭ ئورنىغا شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن بەزرۇلبەنجى، خەشخاشتىن 12 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ، غار ـ غار تەييارلاپ بېرىلىدۇ. يەنە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ھەببى شىپامۇ ناھايىتى پايدىلىق.

ئەگەر ماددا ناھايىتى قويۇق ۋە سۈيۇق بولسا، ئۇنىڭدا يۇمشاقلىق پەيدا قىلىش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن زۇپا، ئەنجۈر، سەۋسەن يىلتىزى، شۇمشا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، قارىمۇچ، قەنت قاتارلىقلار تەڭ مىقداردا سوقۇلۇپ، كۆمىلاچ ياساپ ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈلىدۇ. ئەگەر كۆكرەكتە ھارارەت بولسا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سەرپىستان، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، تەرەنجىبىن ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش، بادام مېغىزى شىرىسىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر تاللاپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ:

سەمغى ئەرەبى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، زۇپا، بەدىيان يىلتىزى قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، 24 گرام شەربىتى ئەينۇلا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلسە، يۆتىلىش، كۆكرەكتە بەلغەم تۇرۇۋېلىش ۋە قىزىتما قاتارلىقلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

تۆت گرام گاۋزىبان، تۆت گرام بەدىيان، يەتتە گرام چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بىردانە خەشخاش پوستى، ئىككى گرام سەمغى ئەرەبى، 21 دانە سەرپىستان، 36 گرام ئاق لەيلى ئۆرۈقى، 11 دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈمنى قايىنتىپ، 12 گرام قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ نۇسخىدىكى بەدىيان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ۋە ئاق لەيلى ئۆرۈقى ئورنىغا 12 گرام بۇغداي كېپىكى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۆتەلدە دەم سىقىلىش بولسا زىغىر ئۇرۇقى ۋە سەۋسەن يىلتىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

نەزلىدىن بولغان ئېغىر دەرىجىدىكى يۆتەلدە گاۋزىبان، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلاردىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، شوخلا ئەرقى بىلەن قايىنتىپ، شەربىتى

بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن زەپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى ۋە كۆكنار قوشۇلىدۇ ياكى ھەببى جەدۋار يېگۈزۈپ، ئۈچ گرام پىلە، تۆت گرام گاۋزىبان، ئۈچ گرام گاۋزىبان گۈلى، تۆت گرام بىنەپشە، تۆت گرام زۇپا، تۆت گرام پەرسىياۋشان قاتارلىقلارنى قايناتقان، ئۇنىڭغا شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈش ۋاقتىدا دارچىن، لاچىندانە، گاۋزىبان قاتارلىقلارنى قايناتقان، شەربىتى بىنەپشە بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىلدىكى يۆتەلدە ئاشقازان سۇيۇقلۇقى كۆپ بولسا، 120 مىللىگرام بەرشىشا بىلەن ئالتە گرام جاۋارىش مەستىكى يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۈستىقۇددۇس، پىلپىل قاتارلىقلارنى قايناتقان، بەلغەمنى پارچىلاش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ يۆتەل تال ۋە جىگەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پەرسىياۋشان، سەۋسەن يىلتىزى، زۇپا قاتارلىقلار قايناتقان، قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە قۇرسى گۈلنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەببى سىلارەس، ھەببى ئەتائى، خېمىرى خەشخاش ھار، خېمىرى خەشخاش ئۆلۈۋخان، سۇفۇپى سۇرۇخ، شەربىتى زۇپا، شەربىتى ئەنجاز، ھەببى جەدۋار، تەرياقى نەزلە، لۇئوقى بەزرۇلبەنجى قاتارلىقلارمۇ سوغۇقتىن بولغان نەزلە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر مادىدا ناھايىتى قويۇق ۋە قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن يۆتەل ناھايىتى قاتتىقلىشىپ كەتكەن ۋە يۆتەلگەن ۋاقىتتا بەلغەم چىقمىغان بولسا، بۆرەك مېيىنى يەسمەن يېغى بىلەن ئېرىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ۋە ئۈستىقۇددۇسنى ئىككى ھەسسە ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە بىر گرام مەستىكى، بىر گرام مۇرمەككى قاتارلىقلارغا يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەركۈنى كەچتە 120 مىللىلىتىر بادرەنجى بۇيا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بادام مېغىزى، چىگىت مېغىزى، زاراڭزا مېغىزى قاتارلىقلاردىن 12 گرامدىن، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، پەرسىياۋشان، كەرەپشە ئۇرۇقى، گاۋزىبان قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن، بەش گرام بەزرۇلبەنجى، تۆت گرام خەشخاش پوستى، تۆت گرام ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 36 گرام تەرەنجىبىن شىرىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۆمىلاچ ياساپ، ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا سوغۇق نەزلىدىن بولغان يۆتەلگە تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلسىمۇ تەسىرى ياخشى بولىدۇ.

مۇرمەككى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يالاشقا بېرىلىدۇ.

توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن مۇرمەككى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىتياڭىقى ئۇرۇقى بىلەن پىلپىلدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، سۇ بىلەن نوقۇت

چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ھەر بىر قېتىمدا بىر دانىدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پىلپىل، قارىمۇچ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تالقىنى، قىزىلگۈل، ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئەپيۇندىن ئىككى گرام ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بىر سائەت زەنجىۋىل سۈيى بىلەن يۇغۇرغاندىن كېيىن قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، كەچتە شۇمۇشكە بېرىلىدۇ.

تۆت دانە خەشخاش پوستى بىلەن لاھۇر تۇزىدىن ئىككى گرامنى 125 مىللىلىتىر سۇ بىلەن تۆتتىن بىر ھەسسىسىچىلىك قالغۇچە قاينىتىپ سۇزۇپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

دارچىن، پىلپىل، ھېلىلە پوستى، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر ھەسسە، ئاق كەتھىندىدىن تۆت ھەسسە ئېلىپ سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابىي بىلەن كۇمىلاچ ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (بۇ كۇمىلاچ دەم سىقىلىش ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ).

زەپەر، بەسباسە، زورەنبات، جەدۋار، قارىمۇچ، قەلەمپۇر قاتارلىقلاردىن ئىككى گرامدىن، ئىتياشقى ئۇرۇقىدىن بىر گرام، قارا شېكەردىن بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كۇمىلاچ ياساپ بېرىلىدۇ.

جەۋزو ماسىل (ئىتياشقى ئۇرۇقى) تۆت دانە، جۇۋنە 24 گرام، نەشە كەندىرى يوپۇرمىقى 24 گرام، دورىلارنى 1250 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۇزۇپ، ئۇنىڭغا 40 دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم سېلىپ، يەنە سۇ قۇيۇپ سۇ پارغا ئايلىنىپ بولغۇچە قاينىتىپ، ھەر بىر ئۈزۈمنىڭ تۆتتىن بىر ھەسسىسى بىر كۈن يېيىشكە بېرىلىدۇ (بۇ ئۇسۇل سوغۇق ۋە ئىسسىق نەزلىدىن بولغان يۆتەلنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن پايدىلىق).

مۇرمەككى ۋە زەپەر، خېمىرى خەشخاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

كونا يۆتەلدە مىئەسائىلە ياكى قۇندۇز قەھرى، ئاسارۇن، ئەپيۇن قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، كۇمىلاچ ياساپ شۇمۇشكە بېرىلىدۇ.

ئەنجۇر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسياۋشان، بەديان يىلتىزى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، بادام يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ھەسەلنىڭ گۈلقەنت بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە مەغەزگۇل يېغى ۋە قىزىل موم بىلەن ئېرىتىپ ياكى قىزىل مومنى سەۋسەن يېغى بىلەن ئېرىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

يۆتەل كونىراپ كەتكەن بولسا مۇۋاپىق مىقداردا قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، مەتبۇخى ئەنجۇرگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەسەل سېلىپ لوئوق تەييارلاپ يالىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ يۆتەل بىلەن قويۇق شىلىمشىق سۈيۈقلۇق بولسا مۇۋاپىق مىقداردىكى قارىمۇچنى يۇمشاق سوقۇپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئۆپكە تەرەپكە مېڭىدىن قويۇق نەزلە سۈيۇقلۇقى چۈشۈشتىن پەيدا بولغان بولسا، لۆڭگە ئارقىلىق ياكى تېرىقنى خالتىغا سېلىپ باشقا يەنى مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ماددىنى بۇرۇن تەرەپكە چىقىرىش ئۈچۈن قورۇلغان سىيادان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، رۇم بەديان، قۇستە قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ ۋە مەتبۇخى زۇپا، مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئون گرام يۇيۇلغان سەبرە، يەتتە گرام تۇربۇت، ئۈچ گرام چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامدىن كۈمىلاچ ياساپ يەتتە گرامدىن يېگۈزۈلىدۇ. شەربىتى زۇپا، مەجۇنى زۇپا، مەتبۇخى زۇپا قاتارلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى 18 گرام، قارىمۇچ، قەدىرمانە، مۇرمەككى، ئاچچىق بادام مېغىزى قاتارلىقلاردىن ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ھىگدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ھەسەل بىلەن بارلىق دورىلارنى كۈمىلاچ قىلىپ ئېغىزغا سېلىپ شۈمسە، قويۇق ماددىلارنى تازىلاش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ئەگەر بىمار كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىسا مۇرمەككى، مىئەسائىلە، كۇندۇر ھەربىرى تۆت گرامدىن، بىر گرام ئەپيۇن قاتارلىقلاردىن يېرىم گرام ئېغىرلىقىدا كۈمىلاچ ياساپ، ھەر كۈنى كەچتە شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

### 3. ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه رطوبتی

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سېرىق ئەنجۈر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، قەنت قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش زۆرۈر بولسا، يۇقىرىقى نۇسخىغا پىرسىياۋشان، قۇرۇق زۇپا، بەديان، بەديان يىلتىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى قوشۇلىدۇ ۋە شەربىتى زۇپا، بىنەپشە شىرىسى قاتارلىقلار قايناق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى غارىقۇن ئارقىلىق تازىلىنىدۇ ۋە بۇ سۈرگىگە زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، گاۋزىبان، ماش، سەرپىستان، رەۋەن چىنى، شەربىتى دىنار قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى ئايارەج پەيقارا بولسىمۇ بولىدۇ ۋە ياكى تۆۋەندىكى سۈرگۈ ئىچكۈزۈلىدۇ. سانا 18 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئون گرام، سېرىق ئەنجۈر ئون دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 48 گرام، بەديان، قوغۇن ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، زۇپا، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن، چىلان، سەرپىستاندىن 16 دانە ئېلىپ، 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 500 مىللىلىتىر قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر، تەرەنجەبىن، شېكەر قاتارلىقلاردىن 36 گرام ۋە مۇۋاپىق مىقداردا بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى 18 گرام، بەديان، پىلپىل، قەردمانە، ئاچچىق بادام

قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن، ئۈچ گرام ھىلىق قاتارلىقلاردىن ھەسەل بىلەن كۆمىلاچ ياساپ، تىلنىڭ ئاستىغا قويۇشقا بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بادام مېغىزى، زاراڭزا مېغىزى بىلەن بېرىلىدۇ. تۇرۇپ ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ھەسەل سېلىپ ئىچكۈزۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن لوئوقى ئەنسىل قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك لوئوقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بەديان قاتارلىقلاردىن تۆت گرامدىن، سېرىق ئەنجۇر تۆت دانە، ئۇستقۇددۇس ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ھەسەل بىلەن تاتلىقلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى دارچىن، بەديان ھەربىرىنى تۆت گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ھەسەللىك گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۆتەلدە بەلغەمنىڭ چىرىگەنلىك سەۋەبىدىن سۇيۇق دۇغلاشقان بولسا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، زۇپا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، دارچىن، شوخلا قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، قەنت ۋە زىرە شىرىسىدىن تۆت گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نەزلىنى توختاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش چەكلىنىدۇ.

بۇندىن باشقا مەجۇنى زۇپا ياكى مەجۇنى زۇپانىڭ ئورنىغا رۇبىسۇس، زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى ھەربىرىدىن 14 گرامدىن، ھىلىق، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش زۆرۈرىيەت بولسا، ئوزۇقلاندۇرۇشتا قۇرۇتۇلغان گۆش كاۋاپ ۋە قورۇق نان قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە تاماقتىن ئىلگىرى قاتتىق ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ. ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەردىن ۋە مايلىق گۆشلەردىن چەكلەش لازىم.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن سوغۇقتىن بولغان نەزلە خاراكتېرلىك يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ياكى تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىشمۇ بولىدۇ:

بەديان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەربىرى بىر ھەسسە، ئاچچىق بادام مېغىزىدىن ئۈچ ھەسسە ئېلىپ، تەڭ مىقداردىكى ئاق شېكەر بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، كۆمىلاچ ياساپ شۈمۈشكە بېرىلسە خىرقىراش، دەم سىقىلىش ۋە كۆكرەكتىكى بەلغەمنى تازىلاش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

مىئەسائىلە، مۇرمەككى ھەربىرى ئۈچ ھەسسە، ئەپيۇندىن بىر ھەسسە ئېلىپ، سۇ بىلەن يېرىم گرام چوڭلۇقتا كۆمىلاچ ياساپ، بۇنىڭدىن 200 دانىغىچە شۈمۈشكە بېرىلسە، ئېغىر دەرىجىدىكى يۆتەلنى توختىتىدۇ. بىراق بۇخىل يۆتەلدە بەلغەم كۆپ چىقىۋاتقان بولسا ياكى بەلغەم چىقىشنى چەكلىگەن سەۋەبتىن ئېغىرلىشىش ۋە دەم سىقىلىش پەيدا

بولغان بولسا، خەشخاش، ئەپيۇن، ئوسۇك ئۇرۇقى، بەزۇلبەنجى قاتارلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ.

مىئەسائىلە تالقىنى، مۇرمەككى تالقىنى، ئەپيۇن تالقىنى، رەۋغىنى بىلسان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئىككى ھەسسە، زەپەر بىر ھەسسە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر دانە قاچىغا سېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ (بۇ قاچا ياغنى شۈمۈرۈپ كەتمەسلىكى كېرەك). ھەر قېتىمدا 240 مىللىگرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ (بۇ دورا ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلگە ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ).

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان:

ئۈچ گرام راتيانەجنى يۇمشاق سوقۇپ، بۇغداي ئۇنىدا ئەتكەن ھالۋىغا سېپىپ بېرىشنى بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتۇرسا، سوزۇلما خاراكتېرلىك يۆتەل ۋە كۆكرەك، ئۆپكىنى تازىلاش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

بەلىلە پوستى، پىستە مېغىزى، پىلپىل، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ھەربىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، بۇنىڭدىن ئىككى دانىنى ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

قارىمۇچ ئۈچ گرام، پىلپىل ئۈچ گرام، ئانار پوستى 12 گرام، قارا شېكەر 24 گرام، جەدۋار 1.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قارا شېكەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، بىر تالدىن شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

زەپەر، سەبرە ھەربىرى ئۈچ گرام، رەۋەن چىنى ئىككى گرام، ھېلىلە پوستى ئون گرام، پىلپىل، نىشاستە، زەنجىۋىل، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا كۇمىلاچ ياساپ، چوڭلارغا ئىككى دانە، بالىلارغا بىر داندىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قارىمۇچ، زەنجىۋىل، ئاقىرقەرھا، مىئەسائىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، شۈمشا 18 گرام دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، رۇببىسۇس سۈيى بىلەن كۇمىلاچ ياساپ بىر تالدىن يېگۈزۈلىدۇ. بۇ كۇمىلاچ ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشلار ئۈچۈن پايدىلىق.

رۇببىسۇس، كەتىرا، قەلەمپۇر، زەمچە، بەرەنگى كابۇلى، ھېلىلە پوستى، پىلپىل، نەمەكى لاھورى ھەربىرى تەڭ مىقداردا، زەنجىۋىلنى بارلىق دورىلارنىڭ مىقدارىدا ئېلىپ سوقۇپ، رۇببىسۇس، كەتىرالارنى ئېرىتىپ يۇغۇرۇپ كۇمىلاچ ياساپ، ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا 1 ~ 2 تالغىچە يېگۈزۈلىدۇ.

ئىبنىسىنا بۇ كېسەللىك ھەققىدە تۆۋەنكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن:

ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆللۈكنى داۋالاشتا قۇرۇتقۇچى ۋە توسالغۇ-

لارنى ئاچقۇچى دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
گۈل ئەرمىنى، كەترا، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى ئىككى ھەسسە، پىننە، زۇپا، دارچىن، سەۋسەن يىلتىزى، پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى بىر ھەسسە دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
ئەگەر ماددا قويۇق بولسا ئۇنى تارقىتىش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن، زىققە كېسىلىدە سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. يەنى قىزىلقىقنى ئاشۇرۇۋەتمەستىن ماددىنى يۇمشىتىش چارىلىرىنى قوللىنىش لازىم.
چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى، كەترا، تاتلىق بادام مېغىزى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، كۇمىلاچ ياساپ شۇمۇشكە بېرىلىدۇ ياكى سەبرىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ شۇمدىسىمۇ بولىدۇ.
ياۋا پىننە 144 گرام، چىلغۇزا مېغىزى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 15 گرامدىن، زىغىر ئۇرۇقى، پىلپىل ھەربىرىدىن 82 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ دورا يەنە ماددىنى تارقىتىش، پارچىلاش، سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.
ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلدە مۇناسىپ دورىلارنى ئوراپ چېكىش (تاماكىغا ئوخشاش) تەدبىرلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ.

### 4. سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه بارد

بۇنىڭدا ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلدە ئىشلىتىلگەن مەتبۇخ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل سوغۇق تېگىپ قېلىش، سوغۇق سۇ ئىچىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان بولسا، ئالدى بىلەن سەۋەبىنى يوقىتىش، ئاندىن ئۆپكىنى قىزىتىپ قاننى توختىتىش لازىم.
ئەگەر تېخىمۇ كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا. تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:
ھەببى مىئەنى شۇمۇشكە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئەنجۇر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پىرسىياۋشان، بەديان يىلتىزى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، 36 گرام تەرەنجىبىن شىربىتى ۋە مۇۋاپىق مىقداردا بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.
36 گرام زۇپا شەربىتىنى قايناق سۇ بىلەن ئېرىتىپ، قورۇلغان نوقۇت ۋە ئەنجۈر بىلەن بىرگە يېگۈزۈلىدۇ.
بىلىسان يېغى بىلەن تالقانلانغان سەكپىنەچى 4 ~ 7 گرامغىچە بېرىلىدۇ ياكى گۆڭگۈرت بىلەن چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
تۆۋەندىكى ئىسسىق لوئابلار بىلەن لوئوق تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بەدە-

يان، زىغىر ئۇرۇقى، قورۇلغان قىچا، شۇمشا، چىلغوزا مېغىزى، پىستە، بادام، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، قەنت قاتارلىقلاردىن لوئوق تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقتا سۇنىڭ ئورنىغا مائۇلھەسەل ياكى شېكەر سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەسەل يالغۇز ھالەتتە ياكى ئۇنىڭغا قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى بۇنىڭغا ئازراق پىلپىل تالقىنى قوشۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

داۋائى مىشكى بىلەن شەربىتى ئەنجىل بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سېرىق مومنى سەۋسەن يېغى، نەغەزگۈل يېغى، رەۋغىنى خەيرى ۋە يەسمەن يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئېرىتىپ كۆكرەككە سۇۋاشقا بېرىلىدۇ.

ھەسەل ۋە گۈلقەنتمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا دارچىن ۋە زەپەر شورپا بىلەن بېرىلىدۇ. شۇمشا، ئەنجۈر، خورما، ھەسەل ياكى قەنت بىلەن بۇغداي كېپىكىدە ھالۋا ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. چۆجە، توخۇ، پاقلان گۆشلىرى شورپىلىرىغا زاراڭزا مېغىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ياڭاق ۋە بادام، قۇرۇق ئەنجۈر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سوغۇق ھاۋادا يۈرۈش، سوغۇق سۇ ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش لازىم. يەنە بەزىلەر بۇ كېسەللىككە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ناھايىتى پايدىلىق دەپ كۆرسەتكەن. خىلتلىق ۋە خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

تاماكو كۆكى، پىلپىل ھەربىرى ئۈچ گىرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم يەتتە گىرام قاتارلىقلارنى ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ بىر تالدىن يېگۈزۈلىدۇ ۋە يەنە بىر تال ئېلىپ تىلنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن بولغان يۆتەل بىلەن بىرگە نەزلە بولسا، بۇنىڭدا نەزلىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 5. ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه حار

تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرنىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرنىسى قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ، شەربىتى بىنەپشە ياكى شەربىتى نىلۇپەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ:

ئەرقى كاسنە ۋە ئەرقى گاۋزىبانغا ئىسپىغول ۋە بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سېلىپ لوئابىنى چىقىرىپ، تاۋۇز سۈيى، تاتلىق ئانار سۈيى، بىنەپشە شەربىتى ياكى نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئارپا سۈيى، خېمىرى بىنەپشە ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك لوئوقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلى-

دۇ.

سەندەل، كاپۇر، ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى، گۈلاب قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆك-رەككە سۈۋىلىدۇ.

بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى بىلەن كاپۇر ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۈۋىلىدۇ.

باقىلە ئۇننى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى، بىنەپشە يېغى ۋە ئاق موم قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

تاۋۇز ۋە تاتلىق ئانار يېگۈزۈلىدۇ.

ئاق سەندەل، كاپۇر، تەرخەمەك، بىنەپشە ۋە نىلۇپەر قاتارلىقلار پۇرىتىلىدۇ.

چالا سوقۇلغان كەتىرانى ئىككى ھەسسە بادام مېغىزى بىلەن سوقۇپ گۈلابقا ئارىلاشتۇ-رۇپ، داۋاملىق ئاز - ئازدىن يالىتىپ تۇرۇلىدۇ.

نىشاستە، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، بادام مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى تەڭ مىقداردا، تازىلانغان تەرەنجىبىن قاتارلىق بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا بارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ياكى ئىسپە-غۇل لوئابى بىلەن يۇغۇرۇپ كۆمىلاچ ياساپ داۋاملىق شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، پالەك، ئاقلانغان ماش، قاپاق، ئوسۇڭ قاتارلىقلارنى بادام يېغىدا پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. گۆشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاشتا يەنە تۆۋەندىكى يۇقىرى قىزىتمىنى سوۋۇتقۇچى دورا، ياغلار ۋە سۇۋالىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسپىغۇل لوئابى، بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، ئادەتتىكى خەشخاش شەربى-تى ۋە گۈلاب قاتارلىقلارنى ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

لوئوقى خەشخاش داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

رۇببىسۇس، بىنەپشە ھەربىرى 36 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرەنجىبىن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى 18 گرامدىن قاتارلىق-لارنى سوقۇپ، ئىسپىغۇل لوئابى ۋە بېھى ئۇرۇقى لوئابى بىلەن قۇرس ياساپ، ئون گرام شەربىتى بىنەپشە ۋە ئارپا سۈيى بىلەن بېرىلىدۇ.

خىلتلىق ۋە خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلدە يۆتەل ۋە ئۇسسۇزلۇقنى توختى-تىش ئۈچۈن شىرخىست كۈندە 24 ~ 36 گرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە تىلنىڭ ئاستىغا سېلىشقا بېرىلىدۇ.

ئارپا سۈيى بىلەن چىلان، سەرپىستان قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، يەنى ئارپا سۈيى قۇرۇقلۇقى ئېشىپ كېتىشكە پايدىلىق (شەيخ).

ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھارارەت يۇرەككە تەسىر

قىلغان بولسا، تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

رىزىق ئۇسارىسى، ئارپا سۈيى، قاپاق سۈيى ۋە شېكەر قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۆچكە سۈتى، خەشخاش يېغى، ھەببۇلئاس، ئاق لەيلى ئۇرۇ-قى، قوغۇن ئۇرۇقى، چىلان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ئېغىرلاپ كەتكەندە ئۇنى داۋالاش كېچىكسە، كۆپىنچە بۇ كېسەل ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (دىق) كېسەللىكىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

### 6. قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

*علاج سرفه يبوستى*

بۇنىڭدا ئەگەر قىزىتما بولمىسا ئېشەك سۈتى، ئۆچكە سۈتى قاتارلىقلار بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلار قوللىنىلىدۇ:

ئىسپىغۇل لوئابى 36 گرام، تەرخەمەك سۈيى 108 مىللىلىتىر، قەنت 36 گرام، تەرەنجىبىن 36 گرام قاتارلىقلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بادام مېغىزى ۋە كەتىرا قەنت بىلەن بېرىلىدۇ.

شىرخىست، بادام يېغى ۋە شېكەر بىللە ئىچكۈزۈلىدۇ.

شېكەر بىلەن بادام شىرىسى بېرىلىدۇ.

ياخشى قايماق بىلەن قەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، 14 كۈنگىچە يېگۈزۈش ۋە ئۆچكە سۈتى بىلەن ئۈچ گرام تاباشىرنى ئىچكۈزۈش قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كونا يۆتەلگە ناھايىتى پايدىلىق.

ئەگەر قىزىتما بولۇپ تەبىئەتتە يۇمشاقلىق بولمىسا، سېرىق ئەنجۇر بەش دانە، چىلان ئون دانە، سەرپىستان 20 دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 18 گرام، پىرسىياۋشان 18 گرام، بىنەپشىدىن 14 گرام ئوبدان قاينىتىپ، ھەر كۈنى 84 گرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر مۇۋاپىق بولسا ئۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى قۇرسمۇ بىرگە بېرىلىدۇ، بەدىيان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، بادام مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقدار-دا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، زىغىر ئۇرۇقى لوئابى بىلەن قۇرس ياساپ، ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى ئون گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلاننىڭ مايلىق گۆش شورپىسى، كاللا - پاچاق، سېمىز توخۇ گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە خەشخاش ئۇرۇقى، بادام يېغى، شېكەر قاتارلىقلار بىلەن سۇيۇق ھالدا ئوماچ تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولسا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى شەربەتلەر ۋە سوۋۇتقۇچى تەرياقلار ئىستې-

ـال قىلدۇرۇلىدۇ. بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار پۈتىنىڭ تاپىنىغا سۈۋىلىدۇ.

ئارپا سۈيىنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئىچكۈزسە مەنپەئەتى ياخشى بولىدۇ. بىرىنچى قېتىمنى ئەتىگەندە، ئىككىنچى قېتىمنى بىرىنچى قېتىمدىن ئىككى سائەت كېيىن، ئۈچىنـ. چى قېتىمنى كەچتە ئۈخلاش ئالدىدا ئىسپىغۇل لۇئابى، تەرخەمەك سۈيى، گۈلاب قاتارلىقـ. لار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بېرىلىدۇ.

بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

لۇئوقى خەشخاش، شەربىتى ئەينۇلا ۋە قۇرسى خەشخاش قاتارلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلىـ. دۇ.

قىزىتما بولغاندا ئوزۇقلاندۇرۇشتا پالەك، قاپاق، بانان قاتارلىقلارنى بادام يېغى بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قىزىتما بولمىسا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، ئاقلانغان ئارپا، ئاق خەشخاش، شېكەر، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

### 7. غەيرى تەبىئى قان خىلىتىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

*علاج سرفه دموى*

بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چىلان شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلارنى ئەرقى شاھتەررە بىلەن چىقىرىپ، شەربىتى نىلۇپەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە چۈشتە ئىسپىغۇل لۇئابى، ئەرقى شاھتەرە، نىلۇپەر شەربىتى بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن كۆكرەككە سوغۇق تەبىئەتلىك سۈۋالمىلار سۈۋىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئەھۋالغا قاراپ ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە سەپرانىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مائۇل پەۋاكىھ ياكى تۆۋەندىكى مەتبۇخ ئىچكۈزۈلىدۇ، چىلان 30 دانە، بىنەپشە 36 گرام قاتارلىقلارنى 1000 مىللىلىتىر سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭ 250 مىللىلىتىرىغا 36 گرام شىرخىست، 24 گرام خېمىرى گاۋزىبان ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى خېمىرى گاۋزىبان ئورنىغا گاۋزىبان گۈلى ياكى گاۋزىباندىن ئالتە گرام ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن ھارارەتنى توختىتىش ئۈچۈن ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، شەربىتى بىنەپشە ياكى شەربىتى نىلۇپەر ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك لۇئوقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر جىگەردە ھارارەت بولسا ئۇنى توختىتىش ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىـ. لىدۇ ۋە قۇرسى كاپۇر، بادام يېغى، قاپاق يېغى، قېتىق ۋە لىمون بېرىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە چۈچۈمەل يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ پايدىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 8. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه صفراوی

بۇنىڭدا بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، ئىسپىغۇل لوئابى ئالتە گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ھەربىرىنى 24 گرامدىن ئېلىپ، چىلان شەربىتى ياكى خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى گۈل بىنەپشە ئالتە گرام، نېلۇپەر گۈلى بەش گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى تۆت گرام، قوغۇن ئۇرۇقى تۆت گرام قاتارلىقلارنى چىلاپ قاينىتىپ، يۇقىرىقى شەربەتلەر بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەببى سوئال شۈمۈشكە بېرىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك لوئابلار بىلەن خېمىرى خەشخاش ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە يەنە چۈچۈمەل دورىلار ۋە لىمون سۈيى، ئاچچىق ئانار سۈيى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ماددا پىشقاندىن كېيىن سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسىگە قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئۈزۈم، قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلار قوشۇلۇپ تازىلاش مەقسىتىدە بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى يەتتە گرام، بېھى ئۇرۇقى يەتتە گرام، خەشخاش يەتتە گرام، ئوسۇڭ ئۇرۇقى يەتتە گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى بەش گرام، قوغۇن ئۇرۇقى بەش گرام، كەتىرا ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى ئىسپىغۇل لوئابى بىلەن يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ، داۋاملىق شۈمۈپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ.

### 9. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه سوداوی

بۇنىڭدا سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىچى ئارقىلىق ماددىنى پىشۇرغاندىن كېيىن سەۋدانىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ ۋە باقىلە ئۇنى، رۇببسۇس، گاۋزىبان، گاۋزىبان گۈلى، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، ئانار شەربىتى بىلەن كۈمىلاچ ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا بۇ كېسەللىككە يەنە مالېخۇلىيا كېسەللىكىنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ يەڭگىلرەكلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى، قەنت ياكى ھەسەل بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ. ئۆچكە، پاقلان، توخۇ گۆشى شورپىلىرى بېرىلىدۇ.

### 10. تارقىلىشچان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه وبائی

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇخىل يۆتەل ھاۋا بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولۇپ، بىراقلا نۇرغۇن كىشىلەردە كۆرۈلىدىكەن.

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا بىمارنىڭ يېشى چوڭراق بولسا، ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا، قىپپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. بىمارنىڭ يېشى كىچىك بولسا ئىككى ئەمچەك ئاستىغا زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ.

ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى يەتتە گرام، كەرەپشە يىلتىزى يەتتە گرام، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام، ئىزخىر ئۈچ گرام، رۇم بەديان ئۈچ گرام، كاسىنە يىلتىزى پوستى توققۇز گرام، خام پىلە توققۇز گرام، بادرەنجى بۇيا توققۇز گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 12 گرام، سەرپىستان 40 دانە، ئەينۇلا بەش دانە، ئۆرۈكتىن بەش دانە ئېلىپ قاينىتىپ، 24 گرام ھەسەللىك گۇلقەنت ۋە 24 گرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا مايلىق توخۇ گۆشى شورپىسى ۋە نان بېرىلىدۇ. ئىچىملىكى ئورنىغا ئەرقى بادرەنجى بۇيا ۋە ئەرقى بەديان بېرىلىدۇ. بۇ دورا يەتتە كۈن ئىشلىتىلگەندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن بۇ دورىنىڭ تەركىبىگە 24 گرام سانا، ئون دانە ئەينۇلا، 18 گرام قارا ھېلىلە پوستى، يەتتە گرام خىيارشەنبەر، يەتتە گرام تەرەنجىبىن، 60 گرام شىرخىست، 48 گرام شەربىتى دىنار، يەتتە گرام بادام يېغى قاتارلىقلار قوشۇپ بېرىلىدۇ. سۇرگۈ ئىچكەن كۈنى ئىچىملىك سۈيى ئورنىغا ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئەرقى ھەمىشباھارنى تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

چۈشلۈكى توخۇ گۆشى شورپىسى، كەچتە توخۇ گۆشى شورپىسىغا نان چىلاپ بېرىلىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى شورپىغا، ئانار ئۇرۇقى، قەغەز لىمون سۈيى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ چۈچۈمەل قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بىر گرام رۇبىسۇس ۋە بىر گرام جويۇزنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام ئالما شەربىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۇمۇش ۋە ئالتۇن ۋاراق قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى يەتتە گرام، پىرسياۋشان يەتتە گرام، گاۋزىبان يەتتە گرام، زەرنەپ تۆت گرام، ئىزخىر تۆت گرام، بادرەنجى بۇيادىن توققۇز گرام ئېلىپ، ئەرقى ھەمىشباھار 105 مىللىلىتىر، ئەرقى گۇل 108 مىللىلىتىر، ئەرقى گاۋزىبان 108 مىللىلىتىر قاتارلىقلارغا چىلاپ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گرام شەربىتى بىنەپشە، توققۇز گرام كەندىر ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى سۇرگۈ دورىلىرىنى 3 ~ 4 قېتىم بەرگەندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خۇشاللاندۇرغۇچى ۋە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن ئەرقى كەييورە، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى سەندەل ۋە ئەرقى ئەنبەر قاتارلىقلار بىرئاز چۈچۈمەللەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ تاللاپ قوللىنىلىدۇ:

رۇبىسۇس، گۇل بىنەپشە، جۇزبۇۋا، مۇرمەككى، زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، بادرەن-

جى بۇيا، ئاقچاي قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئەرەب يېلىمى 12 گرام، بادام مېغىزى 36 گرام، زەپەر يەتتە گرام قاتارلىقلاردىن نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ بېرىلىدۇ.

جەدۋار، زەپەر، قارىمۇچ، ئاقمۇچ، بەسباسە قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن، ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى 18 گرام، سەمغى ئەرەبى 12 گرام، مۇرمەككى بەش گرام، ئۈزۈم يەتتە دانە قاتارلىقلارنى ئېلىپ، ئۈزۈمنى ئەرقى گۇلگە چىلاپ، ئۇندىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ شۇمۇشكە بولىدۇ ياكى بادام يەتتە دانە، تەنبۇل يوپۇرمىقى ئۈچ دانە قاتارلىقلارنى 125 مىللىلىتىر ئەرقى گۇلگە چىلاپ، 36 ~ 48 گرام شەربىتى پەرىيادىدوس بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بۇ كۇمىلاچ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى پولوسى، زىغىر يېغىدا ئەتكەن تاماقلار بېرىلىدۇ.

خۇشاللاندۇرغۇچى، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: گاۋزىبان لوئابى، ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانار سۇلىرى، ئەرقى گۇل، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى ھەمىشىباھار، ئەينۇلا، چىلانمىلىرى، شەربىتى تەنبول، شەربىتى پەرىيادىدوس قاتارلىقلار تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پوستى خەشخاش ۋە زەنجىۋىل چۈشكەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

ئاچچىق ئانارنى ئوتقا كۆمۈپ، ئاندىن كېيىن سىقىپ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ (يۇقىرىقى تەدبىرلەر چوڭلار ۋە بالىلاردىكى تارقىلىشچان يۆتەل ۋە سەپرادىن بولغان يۆتەلگە ناھايىتى پايدىلىق).

## 11. كانايغا قۇرۇقلۇق يېتىش سەۋەبىدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

*علاج سرفه از خشونت قصب ریه*

ئەگەر يۆتەلنىڭ سەۋەبى شاخچە كانايىنىڭ قۇرۇشىدىن بولغان بولسا ۋە بۇ قۇرۇش چاڭ - توزان ۋە ئىس - تۈتەك سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قۇرۇقتىن بولغان يۆتەل ۋە ۋارقىراش سەۋەبىدىن بولغان يۆتەلگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرمۇ قوللىنىلىدۇ:

تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى تۆت گرام، قاپاق ئۇرۇقى توققۇز گرام، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ئۈچ گرام، بېھى ئۇرۇقى شىرىسى ئۈچ گرام، ئەرقى نېلۇپەر 84 مىللىلىتىر، ئەرقى گۇلدىن 84 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى ئەرەقلەرگە چىلاپ سۈزۈپ، نېلۇپەر شەربىتىدىن 48 گرام، ئىسپىغۇل لوئابىدىن يەتتە گرام ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كالا سۈتىگە قايماق ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرۇقلۇقنى يوقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، سىلىقلاشتۇرغۇچى لوئوق، ھالۋا ۋە كۇمىلاچلار بېرىلىدۇ.

18 گرام شەربىتى بىنەپشە بىلەن 18 گرام شەربىتى خەشخاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بىنەپشە، كەتىرا، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، ئاق خەشخاش قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، لوئوق تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بۇ لوئوققا بىنەپشە يېغى ياكى بادام يېغى ئارىلاشتۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئاقلانغان ئارپا، خەشخاش قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، شېكەر ۋە بادام يېغى بىلەن ھالۋا ياساپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بېھى ئۇرۇقى ياكى كەتىرا شۆمۈشكە بېرىلىدۇ ياكى بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزى، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۆمىلاچ تەييارلاپ تىلنىڭ ئاستىغا سېلىشقا بېرىلىدۇ.

گاۋزىبان لۇئابى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

خېمىرى بىنەپشە، بادام يېغى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سۈت ئېمىۋاتقان سېمىز پاقلان شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىلدىكى يۆتەلدە ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇق بولسا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، رۇبىسۇس، بادام مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، قەنت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 36 گرامدىن، ئوسۇڭ ئۇرۇقى 18 گرام، ئاق خەشخاش 18 گرام، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، نىشاستە، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گرامدىن بېھى ئۇرۇقى مېغىزىدىن 27 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن كۆمىلاچ ياساپ، بۇنىڭدىن بىر تالنى داۋاملىق ئېغىزغا سېلىپ سۈمۈرۈشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا رۇبىسۇس، پىرسىياۋشان، گۈل بىنەپشە، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، بەدىيان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن، ئاقلانغان بادام مېغىزى 14 گرام، باقىلە ئۇنى 14 گرام، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى يەتتە گرام، ئاق شېكەر 36 گرام، نېلۇپەر ئىككى گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك لۇئاب بىلەن كۆمىلاچ ياساپ داۋاملىق ئېغىزغا ئېلىپ شۆمۈشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۆتەلدە يارا بولسا ئون گرام ئاق مومنى، 36 گرام بىنەپشە يېغى ئېرىتىپ، قەنت بىلەن لوئوق تەييارلاپ بۇ خىلدىكى سەۋەبلەردىن بولغان يۆتەلنى داۋالاشتا پات - پات يالىتىپ تۇرۇش ۋە كۆندۈزى راتيانەج قاتارلىق يارىنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنىمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

## 12. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش:

علاج سرفه از اسباب دیگر

ئەگەر يۆتەل ئۆپكە مۇدۇرچاقلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى شەرراتى سوئال

(مۇدۇرچاقلاردىن بولغان يۆتەل) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى يۆتەلنى داۋالاشتا سەپرا خىلتىنىڭ سۇرگىسىنى ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ماددا تازىلىنىدۇ ياكى مائۇل پەۋاكىھ، خىيارشەنبەر شىرىسى، گۈلاب، شېكەر ۋە ئىسپىغۇل قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا قاندىن بولغان يۆتەل ۋە يۇتقۇنچاق مۇدۇرچاقلىرىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئاشقازان توشۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا قەي قىلدۇرۇش ۋە سۇرۇش ئارقىلىق ئاشقازان تازىلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن شەربىتى زۇپا، شەربىتى بىنەپشە بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا تاماق مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دىئاگرافما، ئۆپكە پەردە ياللۇغى، قان تۈكۈ- رۈش، تۇبېركۇلوز، بوغما كېسەللىكى، جىگەر، تال، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئىششىشى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرىدىن بولغان بولسا، يۆتەلگە دىققەت قىلغان ئاساستا ئەسلىي كېسەلنى داۋالاش لازىم.

## بەشىنچى پەسىل بالىلار يۆتىلى

## سعال اطفال

سەۋەبى:

بالىلار يۆتىلى كۆپىنچە ھۆللۈك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سۈيۈق- لۇق ئېشىپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك بۇندىن باشقا ئۆپكە شاخچىلىرى- نىڭ قۇرغاقلىششى، چاڭ - توزاڭ ۋە ئىس - تۈتەك گالغا كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ، يەنە تارقىلىشچان يۆتەلمۇ بالىلاردا كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش:

ھۆللۈكتىن بولغان بالىلار يۆتىلىنى داۋالاشتا ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالىسا بولىدۇ. بىراق بەك يۇقىرى دەرىجىدىكى قۇرۇق ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق دورىلار ماددىنى قۇرۇتۇش ۋە قويۇلدۇ- رۇش سەۋەبىدىن كۆپىنچە دەم سىقىلىش، كۆيدۈرگۈچى تەپ، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولسا پۈتۈن كۈچنى ماددىنى تازىلاشقا قارىتىش لازىم. ئۇندىن كېيىن شىرخىست، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر قاتارلىق سۇرگۇ دورىلىرى بىلەن تەبىئەتنى يۇم- شىتىش لازىم. بىراق كۈچلۈك خىلدىكى سۇرگۇ دورىلىرىنى بېرىشتە ئالدىراقسانلىق

قىلماسلىق، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم.

ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سەرپىستان، گۇل بىنەپ-
شە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، چىلان، گاۋزىبان قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرىغا
گۈلقەنت ياكى شېكەر سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بەلغەم خىلتى ئېشىپ كەتكەن بولسا، بۇ قايىنتىلمىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى،
بىنەپشە، قوغۇن ئۇرۇقى ئورنىغا پىرسىياۋشان، زۇپا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلار
ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن خىيارشەنبەر ۋە شىرخىست قوشۇپ سۇرگۈ ئۈچۈن
بېرىلىدۇ.

ئەگەر خىيارشەنبەرنىڭ تەسىرى ئاجىز كېلىپ قالسا سانا قوشۇلىدۇ، موم، بادام
يېغى بىلەن كۆكرەكنى ياغلاپ ئۈستىدىن يۇڭدا توقۇلغان رەختنى قويۇپ تېڭىلىدۇ ۋە
ھەربىر كېچە ـ كۈندۈزدە بۇ تەدبىرلەر ئىككى قېتىم قوللىنىلىدۇ. قۇندۇز قەھرىنى
سۇغا چىلاپ، بۇرۇن، ئىككى چېكە، قۇلاقنىڭ ئاستى ۋە قول ـ پۇت ئالىقانلىرىغا
سۈۋىلىدۇ، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

ئەگەر يۆتەل ھۆل سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولسا، مۇۋاپىق مىقداردا
ھەسەلنى قايناق سۇغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ
ئۈنۈمى بولمىسا باش بارماقنى ھەسەلگە چۆكۈرۈپ، ئۈستىگە ئايارەج پەيقارا سېپىپ،
تامغاقنىڭ ئىچكى تەرىپى ۋە تىلنىڭ تۈۋىگە سۈۋاپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالا قەي قىلىدۇ
ياكى شەربىتى زۇپا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇخلاش ۋاقتىدا مۇرمەككىنى 2 ~ 3 قېتىم باقىلە چوڭلۇقىدا بېرىش ۋە ئەتىسى
ئەتىگەندە بادام مېغىزى ياكى ياڭاق مېغىزى بىلەن ھالۋا ئېتىپ يېگۈزۈلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ
سوزۇلما خاراكتېرلىك يۆتىلىنى توختىتىش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. بۇنىڭ بىلەن بىرگە
ھەر كۈنى ئەتىگەندە پىشقان پىيازنىڭ سۈيىدىن بىر قوشۇق ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە كۆكرەكنى
ياغلاپ يۇڭ قويۇپ تېڭىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل نەزلە ۋە زۇكام بىلەن بىرگە بولسا، بالىنىڭ بېشىغا ئۇزاقراق ۋاقىت
ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ. بادام ۋە ھەسەل بىلەن تەييارلانغان ھالۋا يېگۈزۈلىدۇ. ئۇندىن
باشقا باش ۋە كۆكرەكنى ئوبدان يۆگەپ ساقلىنىدۇ. ئەگەر بەلغەمدىن بولغان يۆتەلدە
ھارارەت بولسا بېھى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گۇل بىنەپشە، گاۋزىبان ۋە چىلان
قاتارلىقلارنى قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر تەبىئەتنى يۇمشىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا،
تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست ياكى خىيارشەنبەر قوشۇلىدۇ.

بەلغەمنى كۆپلەپ چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن بالىنىڭ تىلىغا ھەسەل يۇقتۇرۇپ قويۇلى-
دۇ ۋە تىلنىڭ ئاستىنى بېسىش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئەگەر زۆرۈر دەپ قارالسا، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، بېھى ئۇرۇقى،

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ۋە قەنت ھەركۈنى ئانا سۈتى، تاتلىق ئانار شەربىتى ياكى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى لوئوق تەييارلاپ يالىتىلىدۇ.

ئەگەر بەلغەم بەك كۆپ بولسا، مۇۋاپىق مىقداردا شۇمشىنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، يۇقىرىقى دورىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى يۆتەلنى داۋالاشتا تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى تاللاپ قوللىنىدۇ. غان:

سەمغى ئەرەبى، رۇبىسۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇملاچ ياساپ، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ يۆتەل كېچىسى كۆپىيىپ قالىدىغان ۋە بالىلاردىكى قەي قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

كەتىرانى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بالىغا يالىتىلسا، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل ۋە خىرقىراش ئۈچۈن پايدىلىق ۋە داۋاملىق ئىستېمال قىلدۇرسا، سۈت ئېمىۋاتقان بالىنى سەمرىتىپ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئېگىر، كەتىرا، پىلپىل قاتارلىقلارنى سوقۇپ، لوئوق تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ھۆل زەنجىۋىل سۈيى ۋە ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا كەتىرا ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەلنىڭ سەۋەبى كانايىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن بولسا، گال ۋە كۆكرەككە مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن مومنى ئېرىتىپ سۈۋىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا بېھى ئۇرۇقى لوئابى بىلەن قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا چوڭلاردا بولىدىغان كاناي قۇرۇش ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئەھۋالغا قاراپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر بالىلار يۆتىلى غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بولسا تاماقتىن بۇرۇن شاتۇت شەربىتى ياكى ئەينۇلا شەربىتى قىيامى بېرىلىدۇ ۋە سۈت ئېمىتكۈچى ئانىغا سەپرانى پەسەيتكۈچى يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا تازىلاشقا بولىدۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا بالىلارغا ساناغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەللىكتە ماددا تازىلانغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئوڭاي بولسىمۇ سەپرادىن بولغان يۆتەلدە قۇرۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، سانا كۆپىنچە بالىلاردا كۆڭۈل ئايىنىش ۋە قەي قىلىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بالىغا ئاق لەيلى يىلتىزى ۋە بادام مېغىزى قاتارلىقلار بىلەن سۈرگۈ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بالىلار يۆتىلى گالغا ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان قاتارلىقلارنىڭ كىرىپ

كېتىشى سەۋەبىدىن بولسا، قەنت، شېكەر، ھەسەل، تەرەنجىبىن، شېكىرى تىغال قاتار-
لىقلارنىڭ بىرەرسى يالىتىلسا بولىدۇ ياكى سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ سۈتىنى تېمىتىش،
گال ۋە كۆكرەكنى مايلاش كېرەك.

## ئالتىنچى پەسىل خارقىراش
## خرخره غظیمه

**سەۋەبى:**

بۇ ئۆپكىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇخلىغاندا كۆكرەكتىن خارقى-
راپ قاتتىق ئاۋاز چىقىدىغان كېسەللىك بولۇپ بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**داۋالاش:**

بۇنى داۋالاشتا ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالىسا
بولىدۇ. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ:

بالىلاردا بۇ كېسەل كۆرۈلگەندە، ھەسەلنى قىزىتىپ بىرنەچچە تامچە يالىتىلىدۇ.

زىغىر ئۇرۇقى ياكى زىرىنى سوقۇپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

چۆچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامىنى سۈتتە ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىلەن بىرگە سۈت ئېمىتىۋاتقان ئانىنىڭ سۈتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن
قۇرۇق ئىسسىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىغا سۈتنى كۆپ بەرمەسلىك لازىم،
بالا ۋە سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنى سوغۇق ھاۋا، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىك ۋە سوغۇق
سۇ قاتارلىقلاردىن قاتتىق چەكلەش لازىم.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا يەنە بالىنى قەي قىلدۇرۇشمۇ لازىم. ئامال قىلىپ قەي قىلدۇ-
رۇش پايدىلىق بولىدۇ. بىراق بۇ ۋاقىتتا بالىنى يىغلىتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بالىغا يەنە
بادام مېغىزى ياكى چىلغوزا مېغىزى ھالۋىسى يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق سۇ ئارقىلىق
بالىنىڭ بەدىنىنى يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارمۇ قوللىنىلىدۇ:

كەتىرا 12 گرام، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ،
11 دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ۋە ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سۈت ئېمىۋاتقان
بالىغا ۋە ئېمىتىۋاتقان ئانىغا مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلسە، بالىدىكى خىرقىراش ۋە
بەلغەمدىن بولغان يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇنى داۋاملىق يېگۈزسە بالىنىڭ بەدىنىنى
كۈچلەندۈرىدۇ.

بەزىدە خىرقىراش تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇندۇز قەھرى يالغۇز ھالەتتە ياكى ئۇدسەلىب بىلەن چىلاپ، قۇلاق، بۇرۇن ۋە ئىككى چېكە، قول، پۇت قاتارلىقلارغا سۇۋىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يېگۈزۈلىدۇ. يەنە تۇتقاقلىق كېسەللىكىدە پايدىلىق دەپ قارالغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا تۇتقاقلىق كېسىلىگە زىيان قىلىدۇ دەپ قارىغان يېمەكلىكلەر قەتئىي بېرىلمەيدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك بويۇن ئومۇرتقىسىنىڭ ئۆز ئورنىدىن چىقىپ كېتىشى ياكى سۇيۇقلۇق سەۋەبىدىن بوشىشىپ كېتىش قاتارلىقلاردىنمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا سەۋەبىگە قاراپ مۇۋاپىق ھالدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

## يەتتىنچى پەسىل  قان تۈكۈرۈش

### نفث الدم

**سەۋەبى:**

ئادەتتە قان قايسى ئەزادىن چىققان بولمىسۇن ئېغىزدىن كەلگەن قاننى، قان تۈكۈرۈش دەيمىز. ئېغىزدىن چىققان قان چىش مىلكى، يۇتقۇنچاق، كىچىك تىل، بادامسىمانبەز، كاناي، ئۆپكە ياكى قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، جىگەر قاتارلىق ئەزالار ۋە شۇ ئەزالاردىكى قانتومۇرلاردىن چىقسىمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئېغىزدىن چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىنچكە تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

قان تۈكۈرۈش تۈرلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئاۋال كېسەللىك ئورنىنى ئېنىقلاش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قاننىڭ تۈكۈرۈك ياكى يۆتەل ياكى بەلغەم ياكى قەي ئارقىلىق چىقىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش كېرەك.

ئەگەر قان ئېغىز شۆلگىيى ۋە تۈكۈرۈك بىلەن چىقسا، بۇ قان ئېغىزنىڭ ئەزالىرى، چىش مىلىكلىرى قاتارلىق ئەزالاردىن چىققان بولىدۇ.

ئەگەر قان بەلغەم بىلەن بىللە چىقسا، ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، بۇ تامغاق ۋە ئىچكى تاڭلايدىن كەلگەن قان ياكى باشنىڭ قېنى بولىدۇ. باش قېنى بولسا كۆپىنچە، بۇرۇن قاناش بولىدۇ ۋە بۇرۇن قانىغاندا باش يەڭگىللىشىپ قالىدۇ.

ئەگەر قان يۆتەل بىلەن بىرگە كەلسە، بۇ قان كاناي ۋە يۇتقۇنچاقتىن كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر قان يەڭگىلراق يۆتەل بىلەن بىرگە كەلسە، مىقدارى ئازراق بولۇپ سوغۇق بولسا، بۇ كانىينىڭ قېنى بولىدۇ.

ئەگەر قان سۇيۇق بولسا ۋە يۆتەلسىز چىقسا، بۇ يۇتقۇنچاقنىڭ قېنى بولىدۇ. ئەگەر

قان قەي بىلەن چىقسا، بۇ ئاشقازان، قىزىلئۆڭگەچ، جىگەر قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىدىن كەلگەن قان بولىدۇ. قايسى ئەزادىن كەلگەنلىكى ئاغرىش ۋە ئۇنىڭ باشقا ئالامەتلىرىگە قاراپ ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن چىققان قاننىڭ رەڭگى توق بولمىسا بەلكى سېرىققا مايىل، قىيامى سۇيۇق، مىقدارى ئاز، كۆپۈكلۈك بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق يۆتەل بىلەن چىقسا ۋە ئاغرىق بولمىسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرنەچچە كۈن توختاپ، بىرنەچچە كۈن كەلسە، بۇ قان ئۆپكە پۇۋەكچىلىرىدىن كەلگەن بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن كەلگەن قاننىڭ رەڭگى توق قىزىل، قىيامى ئۆپكىدىن كەلگەن قانغا نىسبەتەن قويۇقراق ۋە كۆكرەك قېنىغا نىسبەتەن سۇيۇقراق بولسا، مىقدارى كۆپ بولسا، كۆپۈك بولمىسا ۋە قان ئىسسىق بولسا، بۇ ئۆپكە تومۇرلىرىنىڭ قېنى بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن كەلگەن قاننىڭ رەڭگى قارا، قىيامى قويۇق، ئۇيۇپ قالغان ھالەتتە بولۇپ ئاز ـ ئازدىن چىقىپ توختىمىسا، بىرئاز كۆپۈك بولسا، قاتتىق يۆتىلىش بولسا، كۆكرەكتە ئاغرىش بولۇپ ئوڭدا ياتقاندا ئاغرىش ۋە يۆتەل كۆپەيسە، بۇ قان كۆكرەكنىڭ قېنى بولىدۇ.

ئەگەر رەڭگى ناھايىتى قىزىل، ساپ قان تۇيۇقسىز كۆپ مىقداردا چىقسا ۋە كۆپۈك بولمىسا، بۇ قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى ياكى ئۈزۈلۈشىدىن كېلىپ چىققان قان بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ھالەت بىلەن بىرگە قىزىتما بولسا ۋە قاندا جىددىيلىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر ئارقىلىق بىمار بىئارام بولۇۋاتقان بولسا، تومۇرنىڭ يېرىلىشى قاننىڭ ئۆتكۈرلۈ-كىدىن بولىدۇ.

ئەگەر قان چىقىش ئارقىلىق بىمار يەڭگىل ۋە راھەت ھېس قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە توشۇپ قېلىش ئالامەتلىرى بولسا، قان تومۇرنىڭ يېرىلىشى قان خىلتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۈرۈلۈش، يىقىلىش ياكى سوغۇق ھاۋادا تۇرۇپ قېلىش ۋە ياكى يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلار بولسا، قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئەگەر قان گۆش يۇغان سۇدەك بولۇپ، دەسلەپتە ئاز ـ ئازدىن كەلسە ۋە كۈنسېرى مىقدارى كۆپەيگەن بولسا، كۆپىنچە تۇيۇقسىز كەلسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىرىڭ ياكى زەخىمنىڭ پوستلاقلىرى ياكى ئۆپكىنىڭ پارچىلىرى چىققان بولسا، بۇ قان ئۆپكە چىرىپ ئۇنىڭ توقۇلمىلىرىنىڭ تېشىلىپ تۆشۈكچىلەرنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ۋە زەخىمنىڭ نەتى-جىسىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بۇ قاننىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلارنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولسا، بۇ قان غەيرىي تەبىئىي قاندىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان

بولىدۇ.

**داۋالاش:**

قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ: ① ئەگەر بىرەر چەكلىمە بولمىسا قان ئېلىش. ② ماددىنى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە قايتۇرۇش. ③كېسەللەنگەن ئەزانىڭ مىزاجىنى تەڭشەش. ④ قان توختاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش.

ئەگەر قان كەلگەن ئەزادا قان توشۇپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسا، ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق دەپ قارالسا، قان كەلگەن ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك ئەزادىن قان ئېلىنىدۇ. كېسەللىك ماددىسى قايتۇرۇش مەقسىتىدە پۇت ـ قول ئۇستىدىن ئاستى تەرەپكە ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ ۋە پۇت ـ قولىنى باغلاش، ئۇخلىتىش، پاچاقنا لوڭقا قويۇش، كلىزما قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن بىمارنى قاندا تېزلىك پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن قاتتىق چەكلەش لازىم.

مەسىلەن: قىزىتقۇچى يېمەكلىك ۋە دورىلاردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇش، ئېغىر ھەرىكەت قىلىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، جىق گەپ قىلىش، چارچاپ كېتىش، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش، ئاچچىقلىنىش، جىنسىي مۇناسىۋەت، ئۇزۇن نەپەسلىنىش، سەبزە، كەرەپشە، سۇزاپ، كۇنجۇت، كونا سۇت، خورما، ھەسەل قاتارلىق تاتلىق يېمەكلىكلەر، تۇزلۇق يېمەكلىكلەردىن قاتتىق چەكلەش لازىم. ئۇندىن باشقا قاننىڭ ھارارىتىنى توختاتقۇچى، قان سوۋۇتقۇچى، گۆش ئۇندۇرگۈچى ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشىنى چەكلىگۈچى تۈردىكى يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: تۆگە سۈتى، كالا قېتىقى، ساپ قۇرت، تۇتقۇچى مېۋىلەر، ساپ زەيتۇن··· قاتارلىقلار.

ئەگەر ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش زۆرۈر بولسا، ئوزۇقلۇقىغا غورا، سۇماق، زىرىق، ئانار ئۇرۇقى، چۈچۈمەل ئاپېلسىن، ھۇمماز ياغىچى بېرىلىدۇ. بىراق چۈچۈمەل يېمەكلىك، دورىلارنى بەرگەندە قىزىتما بولماسلىقى شەرت، ئەگەر قىزىتما بولسا ئارپا سۇيى، قاپاق مېغىزى، بادام مېغىزى، قايماق قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ھەركۈنى ئەتىگەندە شەربىتى رىباس، گۈل ئەرمىنى تالقىنى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بولمىسا قاينىتىلغان ساپ سۇت، كالا قېتىقى بىلەن پىشۇرۇلغان كاللا ـ پاچاق، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، كەكلىك ۋە كەپتەر گۆشلىرى ۋە تۇزلانغان بېلىق بېرىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا يەنە بەزىدە مايلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشمۇ پايدىلىق.

قاننى توختىتىش ئۈچۈن قان كېلىۋاتقان ئەزاغا قارىتا مۇۋاپىق قان توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر قان تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزى ئېچىلغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىۋاتقان بولسا، تۇتقۇ-

چى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر تومۇرلار يېرىلغان سەۋەبتىن قان چىقىۋاتقان بولسا، قۇرۇتقۇچى ۋە غىدىقلاش تەسىرى بولمىغان دورىلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىلگۈل خەمىكى ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق چېچىكى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئۆپكە چىرىگەنلىك سەۋەبىدىن بولسا، گۆش ئۇندۇرگۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا قان تۈكۈرۈشكە ئىشلەتكەن دورىلارغا يەنە سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلارمۇ قوشۇلسا بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئارقىلىق ئوبدان ئۇخلاش ۋە ئۇنىڭ سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن قاندا ئۇيۇش پەيدا بولىدۇ.

قاتتىق يۆتەل بىلەن چىققان قان خەتەرلىكرەك بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا قۇرسى كەھرىۋا ياكى قۇرسى تاباشىر سېمىزئوت سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ماددىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بىلەك ۋە يوتا قىسىملىرى تېڭىلىدۇ. قول - پۇت ۋە كۆكرەك مۇجۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆكرەكنىڭ بىرەر يېرىدە ئاغرىش بولسا، قۇرسى كەھرىۋانى سىركە ۋە سۇغا چىلاپ ئېرىتىپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈۋاشقا بېرىلىدۇ ياكى قۇرسى گۇل ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ، مەيلى قانداق خىلدىكى قان تۈكۈرۈش بولسۇن، باشقا تەدبىرلەر بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ئون گرام، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى يەتتە گرام، تېشىلـمىگەن مەرۋايىت يەتتە گرام، كەھرىۋا يەتتە گرام، رەۋەن چىنى خالس يەتتە گرام، سەمغى ئەرەبى توققۇز گرام، كەتىرا توققۇز گرام، نىشاستە توققۇز گرام، تازىلانغان زەنجىۋىل 14 گرام، گىل مەختۇم، مەستىكى رومى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئون گرامدىن، راتىيانەج ئۈچ گرام، كۇندۇر ئۈچ گرام دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن قۇرۇس تەييارلاپ، ھەر كۈنى 3 ～ 6 گرام بېرىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولمىسا بۇ دورا رۇببى ئاس ۋە رۇببى ھوسروم بىلەن بېرىلىدۇ.

رۇپىس دېگەن ھۆكۈما بۇ كېسەلگە تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىشلەتكەن، كەھرىۋا تاباـشىر، كۇندۇر، مىزەز ھىندى (ھىندىستان زىرىق ئۇسارىسى)، بىخ مارجان، سەمغى ئەرەبى، نىشاستە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئون گرامدىن رۇببىسۇس، زۇپا، نەغەزگۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرامدىن، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى 18 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، قۇرس تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزى ئالىملار بۇ كېسەلگە تۆۋەندىكى دورىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ يىراق ئەزالاردىن كەلگەن قان، ئۈچەي تولغىقى، ئۈچەي يارىسى، قانلىق ئۈچەي يارىسى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. زىرىق ئۇسارىسى، قىزىلگۈل، بىخ مارجان، شادىنەج ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ياۋا ئانار مېۋىسى، ئاقاقىيا ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، گىل مەختۇم، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈلى ھەربىرى ئون گرامدىن، كۇندۇر 14 گرام، زەپەر بىر گرام، رەۋەن چىنى 2.5 گرام، ئانار پوستى ياكى ئانارنىڭ ئىچىدىكى ئېتى، كۆك موزا ھەربىرى ئۈچ

گرام، نىشاستە 12 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىسپغۇل لوئابى بىلەن قۇرس تەييارلاپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ھەر كۈنى تۆت گرام ئېلىپ، شەربىتى ھەببۇلئاس بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قورۇپ ئاقلانغان تېرىق ۋە نوقۇت ئىككىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بولمىسا ئانار ئىچىملىكى، سۇماق ئىچىملىكى، غورا شەربىتى ئىچكۈزۇ-لىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش ئىسسىق نەزلىدىن بولغان بولسا، كۆكرەكتىكى ئېچىشىشنى توختىتىش ئۈچۈن خۇنسىياۋشان ۋە ئەرەب يېلىمى بىلەن خەشخاش شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شەربىتى ئەنجىباھار، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قاندا قوزغىلىش ۋە ھارارەت بولسا ئۇنىڭغا بىر دانە ئارپا چوڭلۇقىدا كاپۇرمۇ قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قوزغىلىش بەك ئېغىر بولسا ئۇنىڭغا 0.2 گرام ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە لوئوقى ئەنجىباھارمۇ ھارارەتنى پەسەيتىش ۋە چەكلەش ئۈچۈن قوللىنىلىسىمۇ بولىدۇ ۋە ئىچىدىغان سۈيى ئورنىغا پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇسسۇزلۇقى بەك يۇقىرى بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ياكى سېمىز-ئوت سۈيى، گىل مەختۇم ۋە تاباشىر قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئاق سەندەلنى ئەرقى گۈلگە سۇرۇپ، داكىنى چۆكۈرۈپ كۆكرەككە قويۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، خۇنسىياۋشان، كەھرىۋا ۋە يۇمغاقسۇت سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى پاقلان گۆشى، ئەنجىباھار، بارتەڭ (پاقىيوپۇرمى-قى)، يۇمغاقسۇت ۋە قىزىلگۈلنىڭ سېرىقى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ، لېكىن قان تۈكۈرۈش قاننىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە توشۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا ۋە قىزىتما بولسا گۆش ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. قان كۆپلەپ چىقىپ كېتىپ بەدەن ئاجىزلىقى پەيدا بولغاندا گۆش ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا سېمىزئوت ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى سىقىپ، سۈيىگە قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ. قاننى قويۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئارپا سۈيىگە چىلان، ئەدەس، پاقىيوپۇرمىقى، تومۇرنىڭ كېپىكى ۋە جاراھەتنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن خۇنسىياۋشان سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى دورىلارمۇ ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان قان تۈكۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ:

بېھى ئۇرۇقى لوئابى، چىلان شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئەنجىباھارر

يىلتىزى پوستى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارنى نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىدىن پاقىيوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن قان توختىمىسا، قۇرسى كەھرىۋا ۋە ئانارگۈلى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر قان تۈكۈرۈشنىڭ سەۋەبى نەزلىدىن بولسا، نەزلىنى توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، ماش ئېشى بېرىلىدۇ.

بۇخىل كېسەللىكتە قەۋزىيەتلىك ناھايىتى زىيانلىق، شۇڭا قان توختاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئازراق تەبىئەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە ھارارەت بولسا سىرتىدىن قىيىرۇتى بارىد سۈۋىلىدۇ. ئىچىدىن تاباشىر، قىزىلگۈل، گۈل ئەرمىنى، گۈل مەختۇم، شادىنەج، سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 18 گرامدىن بىخ مارجان، مەرۋايىت، كەھرىۋا، خەشخاش، رۇبىسۇس، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى ھەربىرى ئون گرامدىن، ئەپيۇن يەتتە گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا 72 گرام ئىسپىغول ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يەتتە گرام ئېلىپ، بامبۇك شېخىنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى بىلەن بېرىلسە بولىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولمىسا، مەزكۇر دورىغا يەتتە گرام كۇندۇر ئارىلاشتۇرۇلسا ئۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەزى تېۋىپلار بۇ دورىغا ئىككى گرام ئەپيۇن قوشۇپ ۋە مەرۋايىت ۋە بىخ مارجاننىڭ ئورنىغا ئەرەب يېلىمى ۋە ئانارگۈلى ئالماشتۇرۇپ ۋە بامبۇك شېخى سۈيىگە 24 گرام ئەنجىباھار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈشنى كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قان تۈكۈرۈشكە يەنە تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ: گۈل مەختۇم، قىزىلگۈل ھەربىرى يەتتە گرام، كەھرىۋا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تۇتقۇچى (قابىز) شەربەتلەر بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوغلاقنى بوغۇزلاپ، قېنىنى ئىسسىق ھالدا ئېلىپ، سىركە بىلەن ياكى يەككە ھالدا ئۈچ كۈنگىچە ھەركۈنى ئەتىگەندە ناشتىدىن بۇرۇن بېرىلىدۇ.

كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيا، تاباشىر قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئەنجىباھار يىلتىزى شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەرقى بىدىمىشكىنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، شەربىتى بىنەپشە ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلسە، قىزىتما ۋە كۆكرەك ئاغرىقى بولغان قان تۈكۈرۈشكە پايدىلىق.

ئەگەر كېسەللىك ئېغىرلاشقان بولسا، ئىككى گرام بەزرۇلبەنجى تالقىنى، مائۇلھەسەل بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۇدە ئۇرۇقى ۋە ھەببۇلئاستىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، يەتتە گىرام گۇلقەنت بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، گاۋزىبان شىرىسى، سېمىزئوت سۈيى ھەربىرى يەتتە گىرام-دىن، قىزىلگۈل شېخىنىڭ سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا گۈل مەختۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ (قىزىلگۈل شېخىنىڭ ئۇسارىسى قىزىلگۈل شېخىنى يۇمشاق سوقۇپ سىقىپ، سۈيى ئېلىنىپ تەييارلىنىدۇ).

خەشخاش شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، نامازشامگۈل شەربىتى، سەندەل شەربىتى، ئەگەر يۆتەل بولمىسا لىمون شەربىتى، ئانار شەربىتى، توڭ غوراپ ئۈزۈمى شەربىتى قاتارلىقلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

پاقىيوپۇرمىقى سۈيىنى يالغۇز ھالەتتە ياكى گۈل ئەرمىنى، گۈل مەختۇم ياكى قۇرسى كەھرىۋا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سېمىزئوت ئۇسارىسى گۈل مەختۇم ياكى گۈل ئەرمىنى بىلەن، شادىنەج مەغسۇل سېمىزئوت ئۇرۇقى بىلەن بېرىلىدۇ.

بەزىلەر مەستىكى، كەھرىۋا ياكى بىخ مارجان ۋە كەتىرا ھەربىرىدىن ئىككى گىرامدىن ئېلىپ، تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن بېرىلسە بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئانار گۇلقەنتى ئىستېمال قىلىسمۇ تەسىرى ياخشى بولى-دۇ.

يەنە بۇ كېسەللىككە قارىتا ھىندىستان تېۋىپلىرى تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان:

توققۇز دانە تال ياغىچى، ئانار شېخى تۆت گىرام، ئامىلە تۆت گىرام، قۇرۇق يۇمغاق-سۇت ئىككى گىرام قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، مۇۋاپىق مىقداردا قەنت ياكى شېكەر قوشۇپ، نىلۇپەر شەربىتى ياكى ھەببۇلئاس شەربىتى ياكى ئەنجىباھار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلسە قان تۈكۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

گىل مىلتانى، تاباشىر، كەھرىۋا، ئاقاقىيا، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، نىشاستە، كاپۇر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن كۇمىلاچ ياساپ شۈمۈ-رۈشكە بېرىلىدۇ.

ئەرەب يېلىمى، گىل مىلتانى، كەتىرا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، يەتتە گىرام سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە خەشخاش شىرىسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئانارگۈلى، كۇندۇر، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ.

پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى ۋە بامبۇك نوتىسىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، 18 گىرام ئەرەب يېلىمى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

هۆل بامبۇك نوتىسى 12 گرام ياكى قۇرۇق بامبۇك نوتىسىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ ياكى 12 گرام بامبۇك نوتىسى شىرىسى 150 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ھەسەل ياكى قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ياكى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن نوتىلارنىڭ ئەرقى ئېلىنىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

ئانار پوستى 100 گرام ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، تۆتتىن بىر ھەسسىسىچىلىك قالغاندا سۈزۈپ، 500 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ لوئوق تەييارلاپ، 12 ～ 24 گرامغىچە يالىتىلىدۇ ياكى ئەنجىباھار يىلتىزى، ئانارگۈلى، كۇندۇر، رۇببەسۇس، نامازشامگۈل ئۇرۇقى، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، تاباشىر، كۆيدۈرۈلگەن بىخ مارجان، ئاقاقىيا، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلاردىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن لوئوقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە ناھايىتى پايدىلىق.

تۆۋەندە قان تۈكۈرۈشتە كەلگەن قاننىڭ ئورنىغا قاراپ بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ، ئايرىم - ئايرىم داۋالاش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلىدۇ:

### 1. ئۆپكە توقۇلمىلىرىدىن قان كېلىشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم از جرم ریه

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قان ئېلىش، ماددىنى قايتۇرۇش، مىزاجنى تەڭشەش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ئادەتتىكى سۇرگۇ يەنى بىنەپشە 36 گرام، قارا ئەينۇلا 30 دانە، چىلان 30 دانە، سەرپىستان 70 دانە قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 48 گرام خىيارشەنبەر ياكى 144 گرام شىرخىست ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى كلىزما قىلدۇرۇلىدۇ، يەنى بۇغداي كېپىكى، بىنەپشە، ئاق لەيلى نوتىسى، ئارپا يارمىسى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 14 گرام توغرىغۇ ۋە 48 گرام قىزىل شېكەر ئېرىتىپ كلىزما قىلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا ھەركۈنى ئەتىگەندە سەرتان بىلەن كاشكاپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر قىزىتما جىددىي خاراكتېرلىك بولسا، كاشكاپ، قاپاق سۈيى ۋە ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قاپاق، پالەك قاتارلىقلارنى قورۇپ ۋە بادام مېغىزى ۋە ياغلىرى بىلەن ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ. قىزىتما يوقالغاندىن كېيىن قان توختاتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: پاقىيوپۇرمىقى سۈيى يالغۇز ياكى گىل مەختۇم، سېمىزئوت ئۇرۇقى سۈيى، كەھرىۋا ۋە گىل ئەرمىنى قاتارلىقلار بىلەن بېرىلىدۇ. شۇنداقلا لايىقلاشتۇرۇلغان ئەدەس، شادىنەج 5 ～ 7 گرام، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ياكى سېمىزئوت سۈيى بىلەن ئىستېمال

قىلدۇرۇلىدۇ. ئىچىملىك سۈيى ئورنىغا ئەرەب يېلىمى، تاباشىر، گىل ئەرمىنى ۋە شادىنەجنى سۇغا چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن پاقىيوپۇرمىقى، ئاق لەيلى نوتىسى، ئارپا يارمىسى قاتارلىقلار ئەرقى گۈل بىلەن كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ياكى ئاق مومنى گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ، سېمىزئوت سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ھەكىم ئەجمەلخان بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى تالقاننى ئىشلەتكەن: ئەنجىباھار يىلتىزى، خۇنسىياۋشان، سەمغى ئەرەبى، كەھرىۋا، ئاقاقىيا، مەرۋايىت، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، كۆيدۈرۈلگەن سەرتان، ئوسۇك ئۇرۇقى، نىشاستە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى توققۇز گرام، خەشخاش ئۇرۇقى يەتتە گرام، كەتىرا، رۇببىسۇس، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى تۆت گرامدىن، داغىستان سېغىزى ئىككى گرام، نېلۇپەر ئون گرام، زەھرى - مۆھرى ئۈچ گرام، كاپۇر 0.5 ~ 1 گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تالقان تەييارلاپ، 6 ~ 12 گرام ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك سۇۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۆپكىدىن قان كېلىشنىڭ سەۋەبى ئىسسىقتىن بولغان نەزلە بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار بىلەن بىرگە نەزلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تۆۋەنلىتىش ۋە توختىتىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نەزلىنىڭ بابىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا لوئابلىق دورىلار كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. شېكەر تىغال، سۈت، ئاق لەيلىگۈلى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھىندى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۈنىڭ ئۈستىدىن سەرپىستان 12 دانە، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، گۈل بىنەپشە تۆت گرام قاتارلىقلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، ئوسۇك ئۇرۇقى ئالتە گرام، پاقىيوپۇرمىقى ئەرقى 60 مىللىلىتىر، گاۋزىبان ئەرقى 60 مىللىلىتىر قاتارلىقلارنى ئېلىپ، دورىلارنى ئەرەقلەرگە چىلاپ تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، 24 گرام شەربىتى خەشخاش ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىدىن مۇۋاپىق مىقداردىكى پاقىيوپۇرمىقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى، ئەرقى شاھتەرە، شەربىتى بىنەپشە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە بىر گرام ئەرەب يېلىمى ۋە بىر گرام كەتىرانى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن نەزلىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن، چىلان، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايناتىپ، ئۇنىڭغا ئەنجىباھار يىلتىزى شىربىسى ۋە خەشخاش شەربىتى، ئوسۇك ئۇرۇقى شىربىسى قاتارلىقلاردىن 12 گرامدىن، كەتىرادىن بىر گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىربىسى قوشۇلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىربىسى ئورنىغا سېمىزئوت ئۇرۇقى

شىرىسى ۋە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى تۆت گرام ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى بېھى ئۇرۇقى، چىلان، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلار تۆت گرامدىن، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن تۆت گرام ئېلىپ قاينىتىپ، تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە ئالتە گرام ئىسپىغول لوئابى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش بىلەن دەم سىقىلىش بىرگە كەلسە، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، سەرپىستان توققۇز دانە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى، پاقىيوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان نەزلىدە ھۆل كۆكتاتلار ۋە ھۆل مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلغان بولسا ۋە ئۆپكىدە ئېچىشىش ئەھۋالى بولسا، چىلان، سەرپىستان، بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ۋە خەشخاش شەربىتى بىلەن بىرگە ئەتىگەندە ئىچىشكە بېرىلىدۇ ۋە ئاخشىمى 12 گرام خېمىرى خەشخاش بېرىلىدۇ.

يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن رۇبىسۇس، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، شېكىرى تىغال قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، خەشخاش شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۈستىدىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قايناتمىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە لوئوقى خەشخاش ھەببى غورىسەمەك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يۇقىرىقى شەربەتكە سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە كۆكنار قوشۇلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن خەشخاشنى سوقۇپ، خېمىرى خەشخاشقا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرقى شوخلىغا بىنەپشە شەربىتى ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قۇرسى تاباشىر كاپۇرى، خەشخاش شىرىسى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ھەكىم شەرىپخان بۇ كېسەللىككە تۆۋەندىكى دورىنى ئىشلەتكەن:

سەڭگى جاراھەت ئىككى گرام، مەرۋايىت ئۈچ گرام، خەشخاش پوستى ئۈچ گرام، خۇنسىياۋشان ئۈچ گرام، كەھرىۋا يەتتە گرام، ئەنجىباھار يەتتە گرام، نىشاستە توققۇز گرام، ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، سۇپۇپ ياساپ، 3 ~ 7 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

يەنە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئۇلۇغخاننىڭ ئاتىسى تۆۋەندىكى دورىنى ئىشلەتكەن: كاپۇر 0.4 گرام، تاباشىر، خۇنسىياۋشان، ئەنجىباھار يىلتىزى، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، كەھ-رىۋا، كەتىرا، ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، ئاق خەشخاش، نىشاستە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى تۆت گرامدىن، ئەپيۇن بىر ئارپا مىقدارىدا، زەپەر ئىككى ئارپا مىقدارىدا، ئاقلانغان بادام مېغىزىدىن يېرىم گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئەتىگەندە پاقىيوپۇرمىقى ۋە سېمىزئوت سۈيى بىلەن، كەچتە سۇ بىلەن

ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا ھېكىم راقىم بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغان:

سۇندورۇس، كەھرىۋا، گىل ئەرمىنى، پاقىيوپۇرمىقى ھەربىرى تۆت گرامدىن، ئەرەب يېلىمى 12 گرام، كەتىرا تۆت گرام، خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيا، كۆيدۈرۈلگەن زەھرى - مۆھرى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، شادىنەج، ئەپيۇن، چىگىت مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئىككى گرامدىن، تاباشىر، گىل مىلتانى ھەربىرى توققۇز گرامدىن، كاپۇر، كۆيدۈرۈلگەن سەرتان ھەربىرىنى ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، پاقىيوپۇرمىقىدىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ، ھەر كۈنى بەش گرامدىن ئېلىپ، 24 گرام خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىسپىغۇل لۇئابى ئالتە گرام، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، چىگىت مېغىزى شىرىسى تۆت گرام، پاقىيوپۇرمىقى شىرىسى ئالتە گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى 12 گرام، ئەنجىباھار يىلتىزىدىن 48 گرام ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۆپكە پۇۋەكچىلىرى چىرىش (تەئەككول) پەيدا بولغان بولسا ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرى چىقىشقا باشلىغان بولسا ئارپا سۈيى بىلەن كەتىرا بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئۇسۇڭ، كاسىنە، سېمىزئوت، چۈجە گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بىمارنى يېنىچە يېتىشقا بۇيرۇلىدۇ، يەنە ئازراق سىركىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزسە، كۆكرەكتىكى قاننى تازىلاش ۋە توختىتىش ئۈچۈن پايدىلىق. يەنە ئۇيۇتۇپ قاتۇرغۇچى دورىلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا تازىلىغۇچى دورىلار قوشۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش سەپرا خاراكتېرلىك نەزلىدىن بولسا، ماددىنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن ئۆتكۈر كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىمكانقەدەر باشنى سوۋۇتۇش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا بانانغا ئوخشاش مېۋىلەر ئارىلاشتۇرۇلغان ھالۋا بېرىلىدۇ. بۇ كېسەللىككە يەنە قۇرسى كەھرىۋا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ پايدىسى بولمىسا نەزلىنى قايتۇرۇش، نەزلىنى چەكلەش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

## 2. تومۇرلارنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە يېرىلىشىدىن بولغان قان تۈكۈرۈشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم از انشقاق وانقطاع عروق

بۇ كېسەللىكتە تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

قۇرسى كەھرىۋا ئۈچ گرام بىلەن ئالما مۇرابباسىنى 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، 12 دانە كۈمۈش ۋاراق بىلەن ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۈستىدىن ئەنجىباھار تۆت گرام، چۈچۈك-

بۇيا يىلتىزى، نامازشامگۈل ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گرامدىن، خەشخاش توققۇز گرام قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى بارتەڭ، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 84 مىللىلىتىردىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئۈچ گرام ئەينۇلا، يەتتە گرام پاقىيوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئاخشىمى بۇنىڭغا يەتتە گرام ئىسپىغۇل كېپىكى، 24 گرام ئەنجىباھار شەربىتى، 24 گرام خەشخاش شەربىتى، 108 مىللىلىتىر ئەرقى بارتەڭ بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

يۇيۇلغان شادىنەج، كەھرىۋا، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، بەللۇت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام خېمىرى خەشخاش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن بادام مېغىزى يەتتە دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى يەتتە گرام، ئەنجىباھار، ھەببۇلئاس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن، پاقىيوپۇرمىقى توققۇز گرام قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، گاۋزىبان لوئابى بەش گرام، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ئۈچ گرام، ئەرقى بارتەڭ 108 مىللىلىتىر، ئەرقى گاۋزىبان 108 مىللىتىر، خەشخاش شەربىتى 18 گرام، ھەببۇلئاس شەربىتى 18 گرام، ئەرەب يېلىمى ئۈچ گرام، توخۇمى شەربىتىدىن تۆت گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇندىن باشقا سىرتىدىن كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى، قىزىلگۈل، قورۇلغان زەمچە، ئانار پوستى، ئۈزۈم نوتىسى قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. ئورۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، نىلۇپەر شەربىتى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر تومۇر يېرىلىشنىڭ سەۋەبى توشۇپ قېلىشتىن بولسا، ئىمكانقەدەر ئوزۇقلۇق بەرمەستىن بەلكى ئۈچ كۈنگىچە ئاچ قويۇش لازىم، ئەگەر قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە ناھايىتى ئاز مىقدار مۆتىدىل ياكى سوغۇققا مايىل يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. مەسىلەن: كاللا ـ پاچاق، چىلان بىلەن پىشۇرۇلغان پۇرچاق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىنمۇ كۈچلۈك خىلدىكى ئوزۇقلۇقلارنى بەرمەستىن بەلكى ئىمكانقەدەر پۇرچاق، چىلان، بېھى، پىشۇرۇلغان ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. نان بېرىشكە توغرا كەلسە پەقەت سوغۇق سۇغىلا چۆكۈرۈپ بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ۋاقتى ئۇزۇن بولسا تۆۋەندىكىلەر بېرىلىدۇ: كالا سۈت قېتىقى بېرىلىدۇ. سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ياكى لوك مەغسۇل ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان سۈت بېرىلىدۇ.

تاش ئۈستەڭدە ئاققان سۇدا ياشايدىغان بېلىق بېرىلىدۇ. ساپ سۈت بېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن ئالما، سېمىز ئوت چايناشقا ۋە لوئابى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. گىل مەختۇم، گىل ئەرمىنى، ئەرەب يېلىمى ۋە ئاز مىقداردا كاپۇر ئىشلىتىلىدۇ. قان توختاپ تۆت كۈندىن كېيىن قان ئېقىش قايتا تەكرارلانمىسا، ئاستا ـ ئاستا كۈچلۈك يېمەكلىكلەرنى بېرىشكە

بولىدۇ. مەسىلەن: ئالدى بىلەن نان سوغۇق سۇغا چۆكۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن كاللا - پاچاق شورپىسى بىلەن نان بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن كاللا - پاچاق بېرىلسە بولىدۇ.

ئەگەر تومۇرنىڭ ئۇزۇلۇشى ۋە يېرىلىشى سەۋەبىدىن قاندا جىددىيلىك بولسا، قول - پۇتنى باغلاش، ماددىنى قايتۇرۇش ۋە سەپرانى تازىلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك خىلىدىكى سوۋۇتقۇچى ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەنى ئارپا سۈيى، قاپاق سۈيى بىلەن سەرتانى نەھرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى يەتتە گرام، ئەنجبار يىلتىزى پوستى تۆت گرام، ئەرقى بارتەڭ، ئەرقى شوخلا، بېھى ئۇرۇقى قىيامى ۋە پاقىيوپۇرمىقى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

چىلان بىلەن بېھى ئۇرۇقىنى قاينىتىپ، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى، پاقىيوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئورنىغا ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كەھرىۋا، خۇنسىياۋشان، نىشاستە، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى، گىل ئەرمىنى، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى سوقۇپ، خېمىرى سەندەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئىسپىغۇل لۇئابىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشلۈكى گىل ئەرمىنى، زەھرى - مۇھرى، كەھرىۋا، كەتىرا قاتارلىقلاردىن 0.5 گرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى ۋە شەربىتى بىنەپشە بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىلان، بېھى ئۇرۇقى، ئەرقى شوخلا، تاۋۇز مېغىزى شىرىسى ۋە خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئانارگۈلى، گىل ئەرمىنى، گىل مەختۇم، مولتان سېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، ئەنجبار يىلتىزى شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ۋە ئاق قەنت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش بىلەن بىرگە قىزىتما ۋە ئىچ سۈرۈش بولسا، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، ئاق لەيلى يىلتىزى ئۈچ گرام، ئەنجبار يىلتىزى شىرىسى بەش گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بەش گرام، پاقىيوپۇرمىقى ئەرقى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شاھتەررە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىنى 60 مىللىلىتىردىن، شەربەتى بۇزۇرى 24 گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە رەيھان ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل كېپىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ،

سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك ۋە ئۆپكە تومۇرلىرىنىڭ يېرىلىشى سوغۇقلۇقتىن بولسا ئىسسىقلىقى نورمال بولغان دورىلار، مەسىلەن: سۇمبۇل، دارچىن، مۇرمەككى، قۇستە، كۈندۈر، زەپەر، ئاق تىكەن، ئاق لەيلى يىلتىزى، قەنتەرىيون كەبىر، زىراۋەندە ۋە مەستىكى قاتارلىقلار تاللاپ، مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك دەسلەپكى باسقۇچتا بولسا سۇمبۇل سەلىخە، دارچىن، قاقىلە قاتارلىق دورىلار بىلەن قىسمەن قابىز ۋە قان توختاتقۇچى دورىلار، مەسىلەن: گىل ئەرمىنى، گىل مەختوم، كەھرىۋا، قورۇلغان زەمچە، بەللۇت، ئاقاقىيا، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى، تاباشىر، كۆيدۈ-رۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش قاتتىق ھەرىكەت قىلىش، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەش، زەخىملىنىش ياكى كۆكرەككە بىرەر نەرسە تېگىپ كېتىش سەۋەبىدىن تومۇر يېرىلغانلىق-تىن پەيدا بولغان بولسا دەسلەپتە يارىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: گىل ئەرمىنى قاتارلىقلار شەربىتى ھەب-بۇلئاس ياكى بېھى شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ.

كۆكرەككە قابىز، تۇتقۇچى دورىلار سۈۋۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمارنى ھەرىكەت قىلىش ۋە كۆپ سۆزلەشتىن چەكلەش لازىم. يەنە: سېمىز ئوتنى چايناش ۋە ئۇنى قورۇپ بەرسىمۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر تومۇر يېرىلىشىنىڭ سەۋەبى قويۇق يەلدىن بولسا، دەسلەپتە ماددىنى بەدەنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تارتىشقا تىرىشىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەل ھەيدىگۈچى ۋە يېرىقلارنى ياخشىلىغۇچى دورىلار، مەسىلەن: پولونىيا، تەرياقى كەبىر بېرىلىدۇ.

### 3. قان تومۇرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ كېتىشىدىن بولغان قان تۈكۈرۈشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم از انفتاح عروق

بۇ كېسەللىكتە تۇتقۇچى، قورۇغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار بىلەن قان تومۇرلارنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە يېرىلىشى سەۋەبىدىن بولغان قان تۈكۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، پەرقى قان تومۇرنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە يېرىلىشى سەۋەبىدىن بولغان قان تۈكۈرۈشتە، تۇتۇش، ئۇيۇتۇش، قاتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلار بىلەن بىرگە گۆش ئۆندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بولسا ئانارگۈلى، ئانار پوستى، ئانار ئۇرۇقى، بەللۇت، مەۋىزەج كەھرىۋا، ئاقاقىيا، رۇسوت، قىزىلگۈل سۈيى، قامغاق، غوراپ، ئۈزۈم سۈيى قاتارلىقلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ ۋە بەزىدە كۆك موزا، زەمچى، سەبرە، ئەپسەنتىن قاتارلىقلارنى

قوشۇپ دورا كۆچلەندۈرۈلىدۇ ياكى بۇلار بىلەن مۇرەككەپ دورىلار ۋە قۇرسلار تەييارلىنىدۇ. يەنە بەزىدە بۇ دورىلار ساپ سۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ دورىلارنىڭ سىقىلمىلىرىغا چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇلاردىن زىماد تەييارلاپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يۇقىرىدىكى دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارمۇ قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

كەرەپشە، جۇۋىنە، رۇم بەدىيان، سۇمبۇل، رال قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى زەپەر ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى زەپەر نەپەسلىنىش ئەزالىرىغا ئالاھىدە بېرىلىدىغان دورا ۋە زەپەرنىڭ تەسىر قىلىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز.

قورۇغۇچى دورىلار، مەسىلەن: تاباشىر، پاقىيوپۇرمىقى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، سېمىز ئوت ئۇسارىسى قاتارلىقلار بىلەن مۇرەككەپ دورا ياسىلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈشنىڭ سەۋەبى توشۇپ قېلىشتىن بولسا خىلىت تازىلىنىدۇ ۋە قۇرسى كەھرىۋا، قىزىلگۈل چېچىكى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، سېمىز ئوت سۈيى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تومۇر كېڭىيىپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن قاندا جىددىيلىك بولسا، قاننى توختىتىش ئۈچۈن ئالدىرىماسلىق بەلكى بىر ئاز قان چىقىپ بولغاندىن كېيىن ھۆل سوغۇق دورىلار بېرىلىدۇ. قاننى توختىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقىلاردىن باشقا تومۇر ئۈزۈلۈش ۋە يېرىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

### 4. تومۇرلار چىرىشتىن بولغان قان تۈكۈرۈشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم از تاكل عروق

ھەكىم راقمى «بۇ كېسەللىككە تۇبېركۇلوزنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكتە تېشىلمىگەن مەرۋايىت، نىشاستە، رۇببىسوس، ئاقاقىيا، قىزىلگۈل، بىخ مارجان، شادىنەج، ئەدەس، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى، خۇنسىياۋشان، قورۇلغان خەشخاش قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى 7 گرامدىن، ئەنجىباھار يىلتىزى، قورۇلغان قۇرۇق يۇمغاقسۇت، قورۇلغان نامازشامگۈل ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى 14 گرامدىن، قىزىلگۈلنىڭ سېرىقى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، كەھرىۋا ئېلىپ، ئاقلانغان سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئانارگۈلى، تاباشىر، پىستىنىڭ تاشقى پوستى، ئوسۇكى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئون گرامدىن، كۇندۇر، كاپۇردىن ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئىسپىغۇل لوئابى بىلەن قۇرس تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن تۆت گرام ئېلىپ، قورۇلغان سېمىز ئوت شىرىسى 12 گرام، قورۇلغان ھەببۇلئاس شىرىسى ئالتە گرام، بېھى

شەربىتى 24 گىرام قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئەنجىباھارە شىرىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئۇسۇڭ شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇستىگە پاقىيوپۇرمىقى سېپىپ ئىچكۈزۈشمۇ قان توختىتىش ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش بىلەن بىللە چىرىش خاراكتېرلىك قىزىتما بولسا، چىلان، گۈل بىنەپشە، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى يەڭگىل قاينىتىپ، ئۇنىڭغا تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، شەربىتى نىلۇپەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قان يەنىلا توختىمىسا قۇرسى تاباشىر، ئۈچكە سۈتى ياكى ئەنجىباھار شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە پاقىيوپۇرمىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن خۇنسىياۋشان، كەھرىۋا، تاباشىر، زەھرى - مۇھرى، كاپۇر ھەربىرىدىن 0.5 گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەنجىباھار يىلتىزى شىرىسى، لاچىندانە شىرىسى ھەربىرىدىن تۆت گىرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەپيۇن 2.2 گىرام، زەپەردىن 2.0 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇستىدىن پاقىيوپۇرمىقى سۈيى 120 گىرام، قەنت 12 گىرام قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ دورا ئۇستىگە سارغايتىلغان مەرۋايىت سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بېرىلىدۇ. تۇبېركۇلوز كېسەللىكىدە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن قۇرسى مەئمولنى، ئەرقى شىر ۋە قاپاق سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ بۇ كېسەللىككە ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئامىلە مۇرابباسى، ئەرقى شاھتەررە، ئىسپىغۇل ۋە بالەنگو قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تەرخەمەك سۈيى، سېمىزئوت شىرىسى، ئاق لەيلى شىرىسى، ئەنجىباھار شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك شىرىسى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا خۇنسىياۋشان، كەتىرا، كەھرىۋا قاتارلىقلاردىن بىر گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سوۋۇتۇشتىن كېيىن ئاجىزلىق سەۋەبىدىن سوغۇقلۇق كۆرۈلسە، ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بېرىۋاتقان دورىلىرى سۇيۇلدۇرۇلىدۇ. سوغۇقلۇق بەك يۇقىرى بولسا، گۆش سۈيى 12 مىللىلىتىر، ئەرقى سەندەل 12 مىللىلىتىر، ئەرقى كەيىۋرە ئىككى مىللىلىتىر، مۇۋاپىق مىقداردىكى لىمون شەربىتى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە مۇۋاپىق مىقداردا كەتىرا تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە قۇرسى مەئمول ۋە ئەرقى شىر كاپۇرى بېرىلىدۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سارغايتىلغان مەرۋايىت، تاباشىر ۋە لىچىندانە قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈش بىلەن بىرگە يۆتەل ۋە ئىچى سىرىلىش بولسا، تۆت گرام قۇرسى تاباشىر كاپۇرنى سوقۇپ، خەشخاش شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرام-دىن، لاچىندانە شىرىسى ئۈچ گرام، قەنتتىن 12 گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گرام پاقىيوپۇرمىقى سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇنىڭغا بەش گرام ھەببۇلئاس شىرىسى ۋە تۆت گرام ئەنجباھار يىلتىزى شىرىسى قوشۇلىدۇ ياكى بىر گرام تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئالتە گرام نۆشدارى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە ئۈستىدىن ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يۇقىرىقى دورىلارغا پاقىيوپۇرمىقى تۆت گرام، لىچىندانە ئۈچ گرامنى سۇ بىلەن قايىنتىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئىبنىسىنا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تومۇرلارنىڭ چىرىش سەۋەبىدىن قان تۈكۈرۈش پەيدا بولسا ئۇنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن، كۆپىنچە داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى مىزاج بۇزۇلۇش ئەسلىگە كەلمىگۈچە چىرىگەن يارا ساقايمايدۇ. مىزاج بۇزۇلۇش يارىدا قېتىش ۋە ئۇفۇنەت پەيدا بولغاندىن كېيىن يوقىلىدۇ. لېكىن بەزىدە يارا پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن ھەببى غارىقۇن قاتارلىقلار ئارقىلىق سەپرا ۋە قويۇق خىلىتلارنى تازىلاش ئارقىلىقمۇ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ».

### 5. كۆكرەكتىن قان كېلىشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم ازصدر

بۇ كېسەللىكتە يۇمشاق بولغان قان توختاتقۇچى دورىلار ياكى قان توختاتقۇچى دورىلار بىلەن زەپەر، سۇمبۇل، رۇم بەدىيان قاتارلىق يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ئاشقازان ۋە يۈرەكنى كۆچلەندۈرۈش زۆرۈر بولسا ئەنجباھار يىلتىزى، كەھرىۋا، مەستىكى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرقى شوخلا بىلەن ئاق لەيلىگۈلىنى قايىنتىپ قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە بالەنگو سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە سىرتىدىن كۆكرەككە قابىز دورىلار سۈۋىلىدۇ. مەسىلەن: ئانار پوستى، كۇندۇر توپىسى، موزا، قومۇش، ئارپا يامىسى، ئانارگۈلى، ئانار ئۇرۇقى، بېھى نوتىسى، نامازشامگۈل نوتىسى، تال نوتىسى قاتارلىقلار سۈۋىلىدۇ ياكى رەۋغىنى ئاس، رەۋغىنى نارجىل، رەۋغىنى گۈل، رەۋغىنى مەستىكى قاتارلىق تۇتقۇچى ياغلار سۈۋىلىدۇ، باش ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ.

### 6. يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن قان كېلىشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم از حنجره وقصبه ريه

يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن قان كېلىش ئاساسلىقى يۇتقۇنچاق ۋە كاناي ياكى كۆكرەك ۋە بويۇننىڭ ئالدىنقى قىسمىغا قاتتىق زەربە تەگكەنلىكتىن ياكى كۈچلۈك ۋارقىراش، قەي قىلىش، ھەددىدىن زىيادە ئاچچىقلىنىش سەۋەبىدىن يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىكى تومۇرلارنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا تۇتقۇچى دورىلار ئارقىلىق غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ھەببى نەپسۇددەمنى ئاغزىغا سېلىپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ.

بۇندىن باشقا يەنە بەزىلەر بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغان، يەنى ئالدى بىلەن ماددىنى قايتۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغاندىن كېيىن قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى كوھلى ھەربىرىدىن 36 گرام ئېلىپ، 12 گرام شەربىتى خەشخاش ياكى 12 گرام شەربىتى ئاس ۋە ياكى 12 گرام شەربىتى ئەنجىباھار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ يالاشقا بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن نامازشامگۈل ئۇرۇقى شىرىسى، پاقىيوپۇرمىقى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى ھەربىرى يەتتە گرامدىن، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئاق لەيلى يىلتىزى لوئابى ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئەرقى بارتەڭ 120 مىللىلىتىر، ئەرقى گاۋزىبان 120 مىللىلىتىر، شەربىتى ئەنجىباھار 36 گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە تۆت گرام ئەرەب يېلىمى ۋە تۆت گرام رەيھان ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 7. كىچىك تىلدىن قان كېلىشنى داۋالاش:

علاج نفث الدم از لهاة

كىچىك تىل ياكى تاڭلايدىن كەلگەن قان كۆپىنچە باشتىن چۈشكەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇن قاناش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سوۋۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ياكى چىلان، نېلۇپەر، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 120 گرامدىن ئېلىپ، ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى ۋە نېلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا سېرىق زەھرە - مۇھرەنى قومۇش ئارقىلىق بۇرۇنغا پۈركىسىمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ھەكىم ئابىدخان بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغان: ئۇساره لىھيەتتۇس، بەرگى مۇرد، بېھى شەربىتى قىيامى، غورا شەربىتى قىيامى، ئۈجمە شەربىتى قىيامى قاتارلىق تۇتقۇچى شەربەت قىياملىرى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ

ۋە بۇرۇن قاناش ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن سوغۇق، تۇتقۇچى زىمادلار سىركە بىلەن ئارىلاشتۇ-
رۇلۇپ باش ۋە پېشانىگە سۈۋىلىدۇ.

**8. چىش مىلىكىدىن قان كېلىشنى داۋالاش:**

علاج نفث الدم از فم واجزاے او

بۇ كېسەللىكتە نامازشامگۈل نوتىسى، ئانارگۈلى، موزا، زەمچە قاتارلىقلار تۇتقۇچى
دورىلار بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر يارا تازىلانغان بولسا كۆندۈر بىلەن
خۇنسياۋشاننى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىلىدۇ. ئۇندىن باشقا چىش
مىلىكلىرى كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرىدا ئىشلىتىلگەن دورىلار تاللاپ قوللىنىلى-
دۇ.

**9. ئىچكى ئەزالاردىكى ياللۇغلاردىن قان سىرغىپ چىقىشنى داۋالاش:**

علاج نفث الدم از رشح ورم

ئەگەر قان تۈكۈرۈشنىڭ سەۋەبى ئىچكى ئەزالاردىكى ياللۇغلاردىن قاننىڭ سىرغىپ
چىقىشىدىن بولسا، ماددىنى قايتۇرۇش بىلەن بىرگە يەرلىك ئورۇننى داۋالاش لازىم.
بۇ كېسەللىككە قارىتا تۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ماددىنىڭ
توختاپ قېلىشىدىن ھەرخىل كېسەللىكلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ماددىنى پىشۇرغاندى-
دىن كېيىن ئۇنى تازىلاشقا تىرىشىش لازىم.

**10. قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، تال، جىگەر قاتارلىق ئەزالاردىن قان كېلىشنى داۋالاش:**

علاج نفث الدم از مری و معده وکبد وطحال

بۇخىل كېسەللىك ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇ ئاساسلىق تۇبېركۇلوز كېسىلى
ياكى ئاشقازاندا ئوفۇنەتلىشىش ياكى قىزىلئۆڭگەچنىڭ يارىلىنىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.
ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ئاشقازاندا ئوفۇنەتلىشىش ياكى قىزىلئۆڭگەچنىڭ يارىلىنىش
سەۋەبىدىن بولسا بۇ بىرئاز خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى قان قەي قىلىش
ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلىنىدۇ.
بۇ كېسەللىكتە قايسى ئەزادىن قان كەلسە شۇ ئەزاغا تۇتقۇچى زىمادلار سۈۋىلىدۇ ۋە
ئۈچ گرام قۇرسى شەب بىلەن 12 گرام شەربىتى خەشخاش بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ ۋە
ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى
شىرىسى قاتارلىقلاردىن توققۇز گرامدىن، گاۋزىبان لوئابى يەتتە گرام، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ
گرام، ئەرقى گۈل، ئەرقى ھەمىشىباھار، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بىدمىشكى قاتارلىقلار-

نىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، ئەرەقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، دورىلارنى ئەرەقلەرگە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا شەربىتى ھەببۇلئاس ۋە ئەنجىباھاردىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە توققۇز گرام پاقىيوپۇرمىقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا بەرەڭگى كابىلى شىرىسى ياكى پالەك، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلار بىلەن نوقۇت ياكى ماشنى خالتىغا سېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا گۆرۈچ سېلىپ تاماق ئېتىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۇسۇللار بىلەن قان توختىمىسا بېھى ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بارلىق دورىلارنى قورۇپ تەمىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا توققۇز گرام ھەببۇلئاس قوشۇپ بېرىلىدۇ. جىگەر ۋە تالغا ئوتلۇق لوڭقا قويۇلىدۇ. قول - پۇت باغلىنىدۇ ۋە ئىككى سائەتتىن كېيىن بوشىتىپ مۇجۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ: گىل ئەرمىنى، خۇنسىياۋشان، كەتىرا ھەربىرى 0.5 گرامدىن، ئەپيۇن، كاپۇر ھەربىرىدىن 0.2 گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئەنجىباھار يىلتىزى شىرىسى ۋە چىلان شىرىسىنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بېھى شەربىتى ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن كاپۇرنىڭ ئورنىغا گاۋزىبان لوئابى ۋە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قان تۈكۈرۈشنىڭ سەۋەبى جىگەرنىڭ زەخىملىنىشىدىن بولسا جىگەرنى ئومۇمەيۈزلۈك داۋالاشتىن كېيىن تۆۋەندىكى تالقان ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. رەۋەن چىنى ئىككى ھەسسە، لوك مەغسۇل، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلارنى بىر ھەسسىدىن ئېلىپ سوقۇپ، بەش گرامدىن بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا جىگەر كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر قان ئۆپكىدە ئۇيۇپ قالغانلىق ئېھتىمالى بولسا ۋە يۆتەل ئانچە يۇقىرى بولمىسا سۇ بىلەن سىركە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سېرىق ئەنجۈرنى سۇغا چىلاپ سۈزۈپ ھاشا بىلەن بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەسەل بىلەن سۈئەتەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل ئۆپكە ياللۇغى

## ذات الريه

**تونۇش:**

كۆپ ساندىكى تېۋىپلار ئۆپكە ياللۇغىنى ئۆپكىگە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن پەيدا بولىدىغان بىرخىل ياللۇغلىنىش دەپ قارايدۇ.

ئىبنىسىنا ئۆپكە ياللۇغىغا قارىتا ئېيتىشچە: «ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغ، خىلتنىڭ ئىسسىق بولۇشى، ئۇفۇنەتلىنىشى ۋە ھەرخىل ماددا ئارىلىشىش سەۋەبىدىن پەيدا

بولغان ھارارەتلىك بۇزۇق ماددا تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئىششىقتىن ئىبارەت. مەسە-
لەن: قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقى تەسىرى ۋە بەلغەمدە ئوفۇنەتلىنىش
ۋە تۇرلۇك ماددا ئارىلىشىش سەۋەبى ياكى سەۋدانىڭ كۆيۈشى سەۋەبىدىن ھارارەت بولىدۇ.
غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان سوغۇقتىن كېلىپ چىققان ئىششىقلاردا
ئوفۇنەت ۋە ھارارەت بولمىسا، بۇ ئۆپكە ياللۇغى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۆپكە كېڭىيىپ
كېتىش ۋە ئۆپكە قاتتىق ئىششىقى ئايرىم - ئايرىم باشقا بىرخىل كېسەللىك بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.»

**سەۋەبى:**

ئىبنىسىنا بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: «ئۆپكە ياللۇغى
بەزىدە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە مېڭىدىن ئۆپكە تەرەپكە چۈشكەن ماددىنىڭ
غىدىقلىشىدىن پەيدا بولىدۇ ياكى بوغما كېسەللىك ماددىسى ئۆپكىگە چۈشۈپ ياللۇغ پەيدا
قىلىدۇ ياكى بەزىدە كۆكرەك پەردە ياللۇغى ئۆپكە ياللۇغىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.»
بۇ كېسەللىك ئاساسەن تۇزلۇق بەلغەم خىلتى، غەيرىي تەبىئىي سەپرانىڭ تەسىرى،
ئوفۇنەتلەنگەن قاننىڭ تەسىرى، مېڭە تەرەپتىن چۈشكەن نەزلىنىڭ ئۆپكىنى غىدىقلىشى،
ئىسسىق ماددىلارنىڭ تەسىر قىلىشى، قان خىلتىنىڭ ئارتىپ كېتىشى، قان خىلتىنىڭ
سەپرا خىلتىغا ئارىلىشىپ قېلىشى، كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ ئۆپكىگە يۆتكىلىشى
قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئۆپكە ياللۇغىدا تۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن دائىملىق ئۆتكۈر تەپ،
ئۇسسۇزلۇق، يۆتەل، ئېغىر دەم سىقىلىش، تىنىقى قىزىق بولۇش، كۆكرەكنىڭ ئالدى
قىسمى ئېغىر ۋە بېسىلىپ قالغاندەك بولۇش، ئاغرىش كۆكرەكنىڭ تېگىدىن كۆكرەك
ۋە ئېغىزمان سۆڭەكلىرىنىڭ ئەتراپىغىچە تارقالغان ھالدا ئاغرىش، ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسى
ئاغرىش، بويۇن ئاستى، ئەمچەك ئاستى، تاغاق ئاستى قاتارلىقلار ئاغرىش، بىر تەرەپنى
بېسىپ ياكى دۈم يېتىپ ئۇخلىيالماسلىق، تىلنىڭ ئۇچى قىزىرىپ تۈۋى قارىداپ قېلىش،
يۈزى ئىششىپ قېلىش، رەڭگىرويى قىزىرىپ قېلىش، بىمار ئۆزىدە قىزىتمىنىڭ ئۆرلەۋات-
قانلىقىنى ھېس قىلىش، كۆزلىرى قىزىرىپ پۈلتىيىپ قېلىش، ھەرىكىتى بوشىشىش،
قاپىقى ئىششىش ۋە ئېغىرلىشىش، بۇينى تومىلىشىپ قېلىش، ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇيقۇ
ياكى ئۇيقۇسىزلىق بولۇش، قول - پۇت سوۋۇپ كېتىش، تومۇرى بەزىدە دولقۇنسىمان،
بەزىدە ئۈزۈلۈپ، بەزىدە توختاپ - توختاپ سېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئارقىلىق كېسەللىكنى ئېنىق تەكشۈرگەندىن كېيىن ئەگەر قى-
زىتما تەسىرىدىن بىئارامىلىق بولۇپ، ئۇسسۇزلۇق، ئېغىز، تىل قۇرۇش، كۆكرەكتە

قىزىش يۇقىرى بولۇش، قۇرۇق يۆتەل بولۇش، سوغۇق ھاۋانى سۈمۈرگەندە راھەتلىنىش، سۈيدۈكى سېرىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا ۋە دەم سىقىلىش ۋە كۆكرەكتە ئېغىرلىق بولۇش ئەھۋالى بولماي غەيرىي تەبىئىي سەپرانىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، بۇ يالىلۇغ غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تىل ۋە چىرايى قىزىل، ئاغرىش قاتتىق بولۇش، ئېغىر دەم سىقىلىش بولۇش، ئۇيقۇسى ئېغىر بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن قان خىلتى ئېشىپ كەتكەنلىكنىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇ يالىلۇغ غەيرىي تەبىئىي قاندىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر شۆلگەي كۆپ بولۇش، بەدىنى ئېغىر بولۇش، دەم سىقىلىش، قىزىتما يۇقىرى بولماسلىق، ئىسسىقلىق ئالامەتلىرى سۇس ۋە ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن بەلغەمنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، يالىلۇغ بەلغەمدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن نەزلىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، بۇ يالىلۇغ نەزلىدىن بولغان بولىدۇ.

ئادەتتە ئۆپكە يالىلۇغىدا تۈكۈرگەندە چىققان بەلغەم كۆكرەك پەردىسى يالىلۇغىنىڭكىگە ئوخشاش ھەرخىل رەڭلىك بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ كۆپ ساندىكىسى بەلغەمدىن بولىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بىلەن كۆپىنچە پىشقان، سويۇقلۇق ئاسان چىققان بولسا ۋە بىمارنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانسا، بۇ كېسەلنىڭ خەتەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا غەيرىي تەبىئىي خىلت ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئەگەر دەم سىقىلىشتا تۆۋەنلەش بولۇپ، بىر يان تەرەپكە سانجىق پەيدا بولغان بولسا، بۇ كۆكرەك پەردە يالىلۇغى تەرەپتىن يۆتكىلىپ كەلگەن كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر بۇ كېسەللىك پەيدا بولغىلى بىر ھەپتە بولغان بولۇپ، قىزىتما ۋە باشقا ئالامەتلەر يەڭگىللەشمەستىن بەلكى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك مەلۇم بولسا، بۇ خىلتنىڭ تۈكۈرۈش ئارقىلىقلا يوقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۇنداق ئەھۋالدا بىمارنىڭ بەدىنى كۈچلۈك بولسا خىلتنى تېز پىشۇرۇپ، يىرىڭ شەكلىدە چىقىرىپ تاشلاش لازىم ياكى ئۆپكە يالىلۇغى قاپارتما شەكلىگە ئۆزگىرىپ ئاستا ـ ئاستا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر قۇۋۋەت ئاجىزلاش بىلەن بىرگە ئەزالار خىزمىتى ساغلام بولمىسا ماددىنى پىشۇرۇشتا ئالدىرىماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرىدە يەڭگىللەش ۋە ئېغىز شۆلگىيى تاتلىق بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بۇ ماددىنىڭ پىشىپ يىرىڭغا ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ يىرىڭ 40 كۈن ئىچىدە پاكىز تازىلانمىسا، كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەتتە قول ـ پۇت پارقىراپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە،

بۇ كېسەللىكنىڭ بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ساقايمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى سۈيدۈك تەرەپكە مايىللاراق بولسا ۋە سۈيدۈك بىلەن يىرىڭ چىققان بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىش ئۈمىدى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چىرايىنىڭ شەكلى يوقالغان بولسا ۋە ھەرۋاقىت يەڭگىل قىزىتما بولۇپ بارماق ئۇچى داۋاملىق قىزىق بولسا، بۇ ئۆپكە ياللۇغىنىڭ تۇبېركۇلوز كېسىلىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆپكە ياللۇغىدا قېتىشىش پەيدا بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرى ئىششىقنىڭ قېتىپ قېلىش بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىك كېسەللىك خاراكتېرى ۋە ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكىگە سۇ يىغىلىش، باللار ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنۈپ، داۋالاش ئۇسۇللىرى ئايرىم - ئايرىم سۆزلىنىدۇ.

## 1. ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ذات الريه

بۇ كېسەللىككە قارىتا نىلۇپەر گۈلى بەش گرام، چىلان بەش دانە، سەرپىستان 20 دانە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن دەسلەپتە ئاق موم، بىنەپشە يېغى، بادام يېغى ياكى گۈل يېغىدا ياسالغان قىيرۇتى سۈۋۈلىدۇ. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بۇ دورىغا توخۇ يېغى، ئاق لەيلى يىلتىزى لۇئابى قوشۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بابۇنە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى خام ۋە قويۇق بولسا نىلۇپەر، بەدىيان ياغىچى قاتارلىقلار قاينىتىپ سۈۋۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھۆل بولسۇن ياكى قۇرۇق بولسۇن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن چىلان، سەرپىستان، نىلۇپەر، ئاقلەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا خىيار شەنبەر ۋە تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا سۈرگە بەرگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا يۇقىرىقى سۈرگىدىكى تەرەنجىبىن بىلەن خىيارشەنبەر ئورنىغا شەربىتى بىنەپشە ياكى قوغۇن ئۇرۇقى ۋە چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق ۋە ياللۇغلىنىش يۇقىرى بولسا بىمارغا بېرىلىدىغان قاينىتىلما سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر خىلتنى پىشۇرۇش، يۇمشىتىش، سۈرۈپ چىقىرىش قاتارلىقلاردا ئاسانلىق پەيدا قىلىش كېرەك بولسا، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن قاينىتىلمىلار ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈ-

لىدۇ. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بەك ئېغىر بولسا بۇ قايىنتىلمىلارغا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى سۈيى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يالل‍ۇغلىنىش ۋە ئېچىش بەك ئېغىر بولسا بېھى ئۇرۇقى لوئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار بىلەن بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن سۆگەت نوتىسى سۈيى، ئىسپىغۇل نوتىسى سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، ئارپا يارمىسى شىرىسى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا داكىنى چۆكۈرۈپ كۆكرەككە قويۇلىدۇ ياكى سەندەل، قىزىلگۈل، كاپۇر قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوۋۇتۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر خىلىت سۇيۇق بولسا خەشخاش شەربىتى ۋە چىلان شەربىتى ياكى خەشخاش پوستى بۇ كېسەللىككە بېرىلگەن مەتبۇخقا قوشۇۋېتىلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن گۈل بىنەپشە توققۇز گرام، تاتلىق ئەينۇلا ئون دانە، چىلان بەش دانە، نېلۇپەر گۈلى ئالتە گرام، سەرپىستان 20 دانە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن قايىنتىپ، ئۇنىڭغا 24 گرام شىرخىست ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا ئۇنىڭغا سانا ۋە تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يالل‍ۇغ غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان بولسا، بۇ كېسەللىككە بېرىلگەن مەتبۇخقا پىرسىياۋشان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا بەزى تېۋىپلار «بۇ كېسەللىكتە بىنەپشە، سانا، خىيارشەنبەر، دورىلاردىن شامچە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى ئىشلىتىپ يەتتە كۈنگىچە سۈرگۈ ۋە ھەرىكەت قىلدۇرغۇچى دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا يەڭگىل شامچە ياكى كلىزما قوللىنىش لازىم. ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى ھالۋىسى شېكەر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۆپكە يالل‍ۇغى قان تۈكۈرۈش بىلەن پەيدا بولغان بولسا، چىلاننى ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن سۈزۈۋېتىپ، بۇ ئەرەققە بېھى ئۇرۇقى لوئابى، قاپاق مېغىزى شىرىسى، نېلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە خاكشى سېپىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ئورنىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

چۈشلۈكى ئىسپىغۇل لوئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا چىلان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا كەتىرا سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يالل‍ۇغ تۇبېركۇلوز ۋە ئىچ سۈرۈش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاق لەيلىگۈلى،

چىلان قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىلىرىغا ئوسۇڭ ئۈرۈقى شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى چىلان، ئاق لەيلى يىلتىزى، بېهى ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنتىپ، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بەش گرام، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە بەش گرام پاقىيوپۇرمىقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭغا كاپۇر قوشۇلىدۇ. تۆتىنچى كۈنى قورسى سەرتان بىلەن نامازشامگۈل ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، قورۇلغان تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى، قەنت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە كەتىرا ۋە زەھرى ـ مۆھرى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن نۇشدارى سادده تۆت گرام، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ۋە ئىسپىغۇل قوشۇلىدۇ.

ياللۇغ پەيدا قىلغۇچى خىلتنى پىشۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش ۋە قان تۇكۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن ئاق لەيلىگۈلى ئۈچ گرام، چىلان بەش دانە قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ئىككى گرام، ئەنجىباھار يىلتىزى شىرىسى تۆت گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى تۆت گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە بىر گرام كەتىرا تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق يىرىڭلىغاندىن كېيىن ئېغىز ئالغان بولسا، لېكىن يىرىڭ مۇۋاپىق مىقداردا چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا يىرىڭ تۇكۇرۇشتە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئىششىقنى پىشۇرۇش، ئېغىز ئالدۇرۇش ۋە يىرىڭلارنى تازىلاش قاتارلىق تەدبىرلەر كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەردىن تاللاپ ئېلىنىدۇ.

ئۆپكە ياللۇغىنىڭ باشقا تۈرلىرى: ھەكىم تەبىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆپكە ياللۇغىنىڭ باشقا قىسىملىرى توغرۇلۇق بىرئاز مەلۇمات يازغان، تۆۋەندە شۇلار توغرۇلۇق توختىلىندۇ. تېۋىپلار ئادەتتە ئۆپكە ياللۇغىنى بىرخىل ئاتالغۇ بىلەنلا ئاتاپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ۋە تۈرلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرماي، ھەممىسىگە بىرخىللا داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئۈنۈم كۆرەلمىگەن».

بۇ كېسەللىك سەۋەب ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك بەش خىل بولىدۇ: (1) ئۆپكىنىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى. (2) ئۆپكىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى. (3) ئۆپكىنىڭ خىلتلىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى. (4) خىلتلىق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى. (5) بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئۆپكىگە كەلگەن غەيرى تەبىئىي خىلتلارنىڭ ئۆپكىگە تەسىر قىلىش سەۋەبى قاتارلىقلاردىن ئۆپكە ياللۇغى پەيدا بولىدۇ.

بۇ سەۋەبلەرنىڭ بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىش جەريانىغا ئاساسەن ئۇلار تۆرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە: قان كۆكرەك بوشلۇقى ۋە كاۋاك جايلارغا كىرىۋېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆپكىگە كىرىدۇ ياكى يۇقىرىغا ئوخشاش زەرداب ۋە يىرىڭ ئۆپكىدە توپلىنىشۋالىدۇ ۋە تۆكۈرۈش ئارقىلىق ئېغىز يولى بىلەن بىمار ئۇنى چىقىرىپ تاشلىيالماي-دۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆپكىدە ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغ پەيدا بولىدۇ.

1. ئۆپكىنىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى: بۇنىڭدا ئۆپكە ياللۇغى پەيدا بولسا دەم سىقىلىش، ئېغىز قۇرۇش، كۆكرەك ۋە ئېغىزماندا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك سوغۇقلۇق مەلۇم بولۇش ياكى ھۆل كىيىمنى كىيىۋاتقاندەك ھېس قىلىش، چىرايى قۇرغاق بولۇش، رەڭگىرويى نۇرسىز ۋە قارامتۇل بولۇش، پىشانە تېرىلىرىدە قورۇق پەيدا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

داۋالاشتا ئالدى بىلەن سەۋەبنى يوقاتقاندىن كېيىن چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ئون گرام، زۇپا ئۈچ گرام، رۇم بەديان يەتتە گرام، كۇندۇر بەش گرام، پىرسياۋشان 18 گرام، گاۋزىبان ئۈچ گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام قاتارلىقلارنى خوش پۇراق كونا ھاراقتىن 750 مىللىلىتىر بىلەن قاينىتىپ، دورا يۇمشاق ئېزىلگەندىن كېيىن سۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ھەركۈنى 18 گرام ئېلىپ، ئىككى گرام مەستىكى يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ۋە تەبىئەت كۈچلۈك بولسا ئۆتكۈر كلىزما ئىشلىتىلىدۇ. سىرتىدىن كۆكرەككە مۇناسىۋەتلىك سۈۋالمىلار سۈۋىلىدۇ ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك خوش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ھالدىكى مەجۇنى تەرياق ۋە مەجۇنى زۇپا قاتارلىقلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

2. ئۆپكىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى: بۇنىڭدا چىراي قىزىل بولۇش، ياللۇغلىنىش ۋە ئېچىشىش ئېغىر بولۇش، بىمار تىنىقنى تېشىغا چىقىرىۋېلىش، ئۇسسۇزلۇق ئېغىر بولۇش، كۆكرەكتە قاتتىق ئېچىشىش بولۇش، قورۇق يۆتەل بولۇش، قىزىتمىنىڭ تۇتۇش ۋاقتى ئوخشىمىغان ھالەتتە بولۇش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا ئارپا سۈيىگە چىلان سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن ئىسپىغۇل ياغىچى، قوغۇن ياغىچى (قوغۇن يىلتىزى)، پاقىيوپۇرمىقى ياغىچى، بىنەپشە ياغىچى، سۆگەت نوتىسى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاق سەندەل، مامشا ئۇسارىسى ۋە مۇۋاپىق مىقداردا سىركە، ئەرقى گۈل ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ۋە كاپۇر پۇرىتىلىدۇ.

ئارپا سۈيى، چىلان، سەرپىستان، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلاردىن كلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا قاپاق، ماش قاتارلىقلار سىركە، شېكەر، غورا سۈيى قاتارلىقلار بىلەن قاينىتىپ بېرىلىدۇ ياكى ئوسۇڭ پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇققا

سوغۇق سۇ بېرىلىدۇ.

3. ئۆپكىنىڭ خىلتلىق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى: بۇنىڭدا مېڭە تەرەپتىن ئۆپكىگە سوغۇق نەزلىنىڭ چۈشۈشىدىن بولغان ئېچىشىش پەيدا بولىدۇ ياكى يېقىن ئەزالاردا سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆپكىنىڭ مىزاجىدا سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ ياكى ئۆپكىنىڭ هۆل سوغۇقلۇق بولۇشىدىكى سەۋەب يۇرەكتە هۆللۈكنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى دەم سىقىلىش بىلەن بىللە خىرقىراپ قېلىش بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە چىراي ۋە كۆزلىرى پارقىراق بولۇش، ئاغرىقسىز هالدا كۆكرەك ئېغىر بولۇش، كۆكرەكنىڭ ئاستى تەرىپى تارتىشىش، هۆللۈكتىن ئېغىزى توسۇپ كېتىش، كۆز ۋە تىلدا ئېغىرلىق بولۇش قاتارلىقلارمۇ هۆللۈكنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا تازىلاش ئۈچۈن ئۆتكۈر كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۆپكىنى تازىلاش ئۈچۈن تەركىبىگە كۈندۈر چۈشكەن مەتبۇخى زۇپا بېرىلىدۇ. سىرتىدىن سۇمبۇل، ئۆشنە، قۇرۇق زۇپا، مۇرمەككى، راتىيانەج، كۈندۈر قاتارلىقلارنىڭ هەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ناردىن يېغى ياكى قۇستە يېغى بىلەن ئاقمۇمنى ئېرىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. ئۇندىن باشقا زۇپا شەربىتى، لوئوقى خىيارشەنبەر، ئارپا سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان مەتبۇخى زۇپا ياكى قەنت ئارىلاشتۇرۇلغان ئارپا سۈيى قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناهايىتى پايدىلىق. ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى سۈيىنىڭ هالۋىسى قەنت بىلەن بېرىلىدۇ.

4. ئۆپكىنىڭ خىلتلىق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى: بۇنىڭدا چىرايى قىزىرىش، دەم سىقىلىش، كۆز قىزىرىش قاتارلىق ئالامەتلەر مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئالامەتلەر ئۆپكە تەرەپكە قىزىق ۋە قويۇق قاننىڭ تۆكۈلگەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ بىلەن قان تۈكۈرۈشمۇ ياكى بوغما كېسىلىگە ئوخشاش گال قۇرۇش ۋە ئاۋاز پۈتۈش قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭدا بۇرۇن قاناش يۈز بەرسە، بۇ ئۆپكە يالللۇغىنىڭ ساقىيىشىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ياللۇغ ھەقىقىي ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە تازىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى كلىزما ئىشلىتىدۇ، يەنى شوخلا غولى، بىنەپشە غولى، ئىسپىغۇل غولى، پاقىيوپۇرمىقى غولى، قوغۇن پىلىكى، چالا سوقۇلغان ئاقلانغان ئارپا، چىلان، سەرپىستان قاتارلىقلارنى سۇغا سېلىپ، ئۈستىگە بۇغداي كېپىكىنى داكا خالتىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ھەم ئېتىپ تاشلاپ قايىنىتىپ، دورىلار ئېزىلىپ ھالۋىدەك بولغاندا سۈزۈپ، 375 گرامنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا 24 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە 36 گرام بادام يېغى تېمىتىپ، كلىزما تەييارلاپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئارپا سۈيىگە چىلان ۋە سەرپىستان سېلىپ قايىنىتىپ داۋاملىق ئىچىپ

بېرىشكە بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن سوۋۇتقۇچى شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن كۆكرەككە بۇ كېسەللىكنىڭ خىلىتىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان زىماد-لار سۈۋىلىدۇ.

5. بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئۆپكىگە كەلگەن غەيرى تەبىئىي خىلتنىڭ ئۆپكىگە تەسىر قىلىشى: بۇنىڭدا ئۆپكىگە قان ياكى زەرداب سۈيۇقلۇق توپلىنىشۋالغان بولىدۇ. بۇ ئادەتتە خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق ھالەتتە كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ يولى قان، يىرىڭ كۆكرەك پەردىلىرىگە چۈشۈۋالىدۇ ۋە كۆكرەك پەردىلىرىدىن ئۆپكىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆپكىنىڭ نازۇك-لۇقى ۋە ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ياكى ماددىنىڭ قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن بەلغەم ئارقىلىق يوقىتىشقا قادىر بولالمايدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇنىڭ ئالامەتلىرى ھەقىقىي ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پەرقى: ھەقىقىي ئۆپكە ياللۇغىدا ئاۋاز پۈتۈپ قالىدۇ، لېكىن بۇخىل كېسەلدە ئاۋاز پۈتۈنلەي چىقمايدۇ ۋە دەم سىقىلىش، ئاغرىش، بىئاراملىق قاتارلىقلار ھەقىقىي ئۆپكە ياللۇغىغا قارىغاندا ئېغىرراق بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ماددا ئۆپكىدە ئۇزۇنغىچە توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدا يارا پەيدا قىلىپ ئۆپكىنى تىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھەقىقىي ئۆپكە ياللۇغىدا قوللىنىلغان كلىزما بىرنەچ-چە قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قان ئېلىشقا مۇۋاپىق بولسا قان ئېلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن زۇپا سۈيى ۋە بىنەپشە شەربىتى، شېكەر گۈلابى ياكى ئاق شېكەر بىلەن بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن موم يېغى ۋە قىيرۇتى سۈۋىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا ماددىنى بەلغەم بىلەن چىقىرىپ تاشلاش باشلانغان بولسا قاپاق بۇغداي كېپىكى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ھالۋىلىرى بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما، سۈيدۈكى قىزىرىش ۋە ئېچىشىش، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىقلار بولسا، مېغىزى ئادەتتە پۈدىنە، بوغداي كېپەكلىك ئۇنى قاتارلىقلارنى ھەسەل بىلەن قايىنىتىپ ھالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ھالۋا ئۆپكىنى تازىلاش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. لېكىن قىزىتما ۋە سۈيدۈكى قىزىرىپ قېلىش ئەھۋاللىرى بولسا ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇندىن باشقا ئەگەر بىرەر چەكلىمە بولمىسا سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى سۈيدۈك ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن. ئەگەر قىزىتما بولسا ئۇنىڭغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەستىن بەلكى پەقەت شېكەر بىلەن ئارپا سۈيى ۋە مەتبۇخى زۇپا بېرىش، سىرتىدىن كۆكرەككە مۇناسىۋەتلىك سۈۋالمىلارنى

سۈۋاش لازىم.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ساھىب كامىل خۇلاسە «بۇ كېسەللىكتە دەسلەپتە ئۇزۇقلاندۇ-رۇشتا ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن بېرىلىدۇ، بۇلارنى ھارارەت ئۆتكۈر بولغاندا بېرىشكە بولىدۇ.

ئەگەر ھارارەت كۈچلۈك بولمىسا ئارپا سۈيىگە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ۋە سەرپىستاننى قايىنىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئورنىغا نىلۇپەر خەشخاش ئارىلاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە بادام يېغى بىلەن بىنەپشە بىرلەشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا سۈيى بېرىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن 36 گرام بىنەپشە شەربىتى سوغۇق سۇ بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۆپكە ياللۇغىدا ئىچ سۈرۈش پەيدا بولۇش ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال، شۇڭا بۇ ئەھۋالدا قورۇلغان ئارپا سۈيى، ھەببۇلئاس شەربىتى ۋە ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنى بېرىپ ئىچ سۈرۈش توختىتىلىدۇ.

سىرتىدىن كۆكرەككە ئاق سەندەل، ئارپا يارمىسى، شوخلا سۈيى، سېمىزئوت دورىلا-رنى بىنەپشە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ ۋە شوخلا سۈيى، گۈل بىنەپشە، كەتىرا، ئاق لەيلىگۈلى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەربىرىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، قايىنىتىپ سۈزۈپ، تۆت ھەسسە ئۆچكىنىڭ يېغى بىلەن ياغلاپ، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە قاپاق يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ياغ قالغانغا قەدەر قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا بىرھەسسە قەشقەر ئۈپىسى ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم تەييارلاپ، بۇ مەلھەمنى داكىغا سۈۋاپ، كۆكرەككە چاپلاپ قويۇلىدۇ. بۇ تەدبىر ئۈچ كۈن قوللىنىلغاندىن كېيىن تۆتىنچى كۈنى ماددا پىششىنىڭ دەسلىپىدە تۆۋەندىكى سۈۋالمىلار بېرىلىدۇ، يەنى بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، ئارپا يارمىسى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا سوقۇپ، ئاق مومنى بىنەپشە يېغىدا ئېرىتىپ، بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، داكىغا سۈۋاپ كۆكرەككە چاپلىنىدۇ.

ئەگەر خىلىت پىشقانلىقتا توختىلىش بولسا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن زىمادلارغا شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى، باقىلە يارمىسى قوشۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىلان بەش دانە، سەرپىستان 20 دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، ئاق ئەنجۈر ئۈچ دانە، ئاقلانغان ئارپا ئالتە دانە، پىرسىياۋشان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، بىنەپشە ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلاپ، ئۇنىڭغا 12 گرام خېمىرى بىنەپشە ۋە تۆت گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، بىنەپشە شەربىتى بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى، قەنت، بادام يېغى ھالۋىسى ئىستېمال قىلدۇرۇ-لىدۇ. لېكىن بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا، ئاقلانغان ئارپا بىلەن پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ.

سەككىزىنچى كۇنى تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۇچۇن سانا 24 گرام، گۇل بىنەپشە، نىلۇپەر، كاسنىە ئۇرۇقى ھەربىرى ئالتە گرام، چىلان، سەرپىستان ھەربىرى ئون دانە، قوغۇن ئۇرۇقىدىن ئون گرام ئېلىپ، قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا تەرەنجىبىن، شىرخىست ھەربىرىدىن 48 گرام، 72 گرام خىيارشەنبەر قوشۇپ، ئۈستىگە ئۈچ گرام بادام يېغى تېمىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بولسا بۇ قايناتما ئورنىغا تۆۋەندىكى دورا بېرىلىدۇ، يەنى نىلۇپەر، بىنەپشە ھەربىرى 24 گرام، ئەينۇلا بەش دانە، چىلان، سەرپىستان ھەربىرى 15 دانە، خىيارشەنبەر 48 گرام قاتارلىقلاردىن قايىنىتىلما تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا خىيارشەنبەر ئورنىغا شىرخىست ۋە تەرەنجىبىن قوشۇلسىمۇ بولىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇنىڭغا لوئوقى خىيارشەنبەر بېرىلسىمۇ ناھايىتى پايدىلىق. كۆچ - قۇۋۋەت ئەھۋالىغا قاراپ بىرنەچچە قېتىم ئىچى سۈرۈلگەندىن كېيىن ئون گرام ئىسپىغۇل، شېكەر گۇلابى بىلەن بېرىلىدۇ ۋە چۈشلۈك تامىقىغا 144 گرام ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لوئابى ۋە بادام يېغى بىلەن بېرىلىدۇ. سۈرگىنىنىڭ ئىككىنچى كۇنى يەتتە گرام ئىسپىغۇل بىلەن ئەرقى گۇل، ئەرقى بىدىمىشكى ھەربىرى 36 گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن قىزىتما ۋە ئۇنىڭ باشقا ئالامەتلىرى يوقالمىغان بولسا، ئونىنچى كۇنى يەنە بىر قېتىم ماددا تامامەن تۈگىگەنگە قەدەر سۈرگۈ بېرىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۆپكىنىڭ سوغۇقتىن بولغان ياللۇغى: ئۆپكىنىڭ سوغۇقتىن بولغان ياللۇغى بەزىدە بەلغەم خاراكتېرلىك ۋە يۇمشاق بولىدۇ، بەزىدە سەۋدا خاراكتېرلىك ۋە قاتتىق بولىدۇ. ئىششىقتا قاتتىقلىق پەيدا بولۇش ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرىنچى، ياللۇغ دەسلەپتە ئىسسىقتىن بولىدۇ، لېكىن ئىسسىقلىق تەسىرىدىن نازۇك تەركىبلەر تارقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قالدۇق تەركىبلىرى قېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىششىقتا قاتتىقلىق پەيدا بولىدۇ. بۇخىل ئەھۋالدا دەم سىقىلىش ۋە بىئارامسىزلىنىش بولىدۇ ۋە يۆتەل قۇرۇق، ئارقىمۇئارقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، ياللۇغ دەسلەپتە سوغۇقتىن بولغان سەۋدا ياكى قويۇق بەلغەمدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى: كۆندىن - كۈنگە دەم سىقىلىش كۆپىيىپ بارىدۇ، بەلغەمسىز قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ، كۆكرەكتە ھارارەت بولمايدۇ، نەپەسلەنگەندە قىينىلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

بەزىدە ئۆپكىنىڭ قېتىپ قېلىشىدا ئۇششاق تاشلار پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەقتە بۇلىس دېگەن ھۆكۈما «بىر نەچچە نەپەر بىمار قاتتىق يۆتىلىش بىلەن بەش دانە ئۇششاق قومسىمان تاش چىققتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۆتەل پەسەيدى ۋە ئۆپكە ياللۇغى ئۆپكە توبېركۇلوزىغا

ئۆزگەردى. بىمار تۇبېركۇلوز كېسىلى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېگەن.

ئۆپكىنىڭ بەلغەمدىن بولغان يۇمشاق ئىششىقىنىڭ ئالامىتى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدا چىرايىدا ئىسسىلىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، دەم سىقىلىدۇ، يۆتەل يېنىك بولىدۇ، ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولىدۇ، كۆكرەكتە ئېغىرلىق ۋە سۇيۇقلۇق كۆپ بولىدۇ، ھارارەت يۇقىرى بولمايدۇ، ئېغىر ئۇيقۇ پەيدا بولىدۇ، چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىل بولماستىن ئاقۇچ مايىل بولىدۇ، قىزىتما يەڭگىل بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا دەسلەپتە ئۆپكە ياللۇغى بويىچە بوشىتىش ۋە قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە زىمادلار ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ماددا توختاپ قېلىش مۇمكىن. بىرىنچىچە كۈندىن كېيىن قىزىتما توختاپ كېسەللىكتە تۆۋەنلەش كۆرۈلسە، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىنى پىشۇرغۇچى ۋە تازىلاش ئۇچۇن بەلغەمدىن بولغان يۆتەلدە سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە زۇپا، سېرىق ئەنجۈر، شۇمشا قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا باقلە سۇيى، بۇغداي كېپىكى، بۇغداي شىرىسى ھالۋىسى، ھەسەل ۋە بادام يېغى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا بىنەپشە توققۇز گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 15 دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 12 گرام، ئەنجۈر بەش دانە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا خىيارشەنبەر، بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تەبىئەت يۇمشاق بولسا شەربىتى ھەببۇلئاس ياكى بېھى شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا بەلغەمدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى كېسەللىكىدە قوللىنىلغان تەدبىرلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق قاتتىق بولسا بارلىق كۈچ بىلەن يۇمشىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ: يەنى زىغىر ئۇرۇقى لوئابى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابى، بادام يېغى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن بىنەپشە يېغى، ئاق موم، شۇمشا لوئابى، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. ئادەتتە تېۋىپلار بۇخىل ياللۇغنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئىمكانقەدەر يۇمشىتىشقا تىرىشىش لازىم.

### 2. ئۆپكىگە سۇ يىغىلىشنى داۋالاش:

علاج اجتماع الماء في الرية

بۇ كېسەللىكتە ئۆپكىگە سۇيۇقلۇق كۆپ مىقداردا توپلىنىۋالىدۇ ۋە بۇ سۇيۇقلۇق كۆپىنچە ئۆپكىگە توپلىنىۋالغان بۇخاراتنىڭ سۇيۇقلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئەھۋال ئۆپكىنىڭ ئۆزىدە سوغۇقلۇق پەيدا بولغاندا يۈز بېرىدۇ. كۆپىنچە بۇخاراتنى سۇغا ئايلاندۇرۇشتا ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشى ۋە تازىلاشنىڭ ئاز بولۇشى لازىم. بۇ كېسەللىككە قارىتا

ئۆپكىگە يىرىڭ يىغىلىۋېلىشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇنىڭ ئۇسۇللىرى سەل يېنىكرەك بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا 0.5 گرام قورۇلغان ئەنسلنى، يۇمشاق سوقۇپ، بۇزۇرى شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كاۋاۋچىن بىلەن نان بېرىلىدۇ ۋە سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى بەديان ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلدە زۆرۈر دەپ قارالسا ئۆپكىنى يېرىپ سۇنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

### 3. باللار ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ذات الريه اطفال

باللار ئۆپكە ياللۇغىنى ھىندىستانلىقلار «دەببەئەتپال» دەپ ئاتايدۇ. تەكەممۇل ھىندى دېگەن كىتابنىڭ يازغۇچىسى «باللار ئۆپكە ياللۇغى دېگىنىمىز، پەقەت باللاردىكى دەم سىقىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن ئىلگىرىكى تېۋىپلار بۇ توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىگەن».

بۇخىل كېسەللىك كۆپىنچە بەلغەم خىلتىدىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەردە كېسەللىك ماددىسى ئىسسىق بولۇپ، كۆيدۈرگۈچى تەپ پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇق يۇقىرى بولۇش، ئېغىز قۇرۇش، نەپەسلىنىشى تېزلىشىش، نەپەسلەنگەندە قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئاستى قىسمىغا يۇمۇ-لاق توپقا ئوخشاش بىر نەرسە پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن قىزىتما، يۆتەل ۋە دەم سىقىلىش قاتارلىقلارمۇ بىرگە بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بەلغەمدىن بولغان بولسا، بەلغەمنى پىشۇرغۇچى ۋە سۈرگۈچى ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن داۋالاش لازىم. سوغۇق ھاۋادىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر مۇمكىن بولمىسا ماددىنىڭ پىششىنى كۈتمەستىن خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىش ياكى مۇناسىۋەتلىك شامچىلار ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە تازىلاش ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم، پىرسياۋشان، سېرىق ئەنجۈر، گۈل بىنەپشە، قوغۇن ئۇرۇقى، شوخلا قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايىنتىپ سۈزۈپ، قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بالىنىڭ بەدىنى كۈچلۈك بولسا ئىككىنچى كۈنى بۇ قايناتمىغا زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. سۈرگۈ ئۈچۈن بۇ قايناتمىغا سانا، خىيارشەنبەر قوشۇلىدۇ.

ئەگەر زۆرۈر دەپ قارالسا بۇغداي كېپىكى، گاۋزىبان گۈلى، سەۋسەن يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ، شەربىتى بىنەپشە بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتتىن كۆكرەككە قۇرۇتقۇچى دورىلار سۈۋىلىدۇ. مەسىلەن: قۇرۇق ئارپا يارمىسى سۈۋىلىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە قورۇلغان كۆك تۇتىيا ۋە چالا سوقۇلغان تەنكارنى تەڭ مىقداردىكى سۇ ياكى ئۆچكە سۈتى بىلەن ئېزىتىپ، تېرىق چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ ياساپ، ئەھۋالغا قاراپ بىر ياكى بىرنەچچە تالنى سۇدا ياكى ئانا سۈتىدە ئېزىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئىمكانقەدەر قۇرۇق ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى دورىلاردىن ساقلىنىش لازىم. سىرتىدىن سەبرىنى پىياز سۈيىدە ئېزىتىپ بېقىنىغا چاپلىنىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە بەلغەم خىلتى توپلىشۇۋالغان بولسا، ئۈچ كۈنگىچە سېرىق چېچەك 10 گرامنى سۇغا چىلاپ يۇمشاق ئېزىپ، ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سەۋەبى ئىسسىقتىن بولغان خىلىت بولسا تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىنىڭ پىشىشىنى كۈتمەستىن چىلان، شوخلا، گۈل بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر، شىرخىست ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ۋە ئۆپكە ياللۇغىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بالا سۈت ئېمىۋاتقان بولسا سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ يېمەكلىكىگە ئاقلانغان ماش ۋە سېرىق پۇرچاق قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم.

سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ سۈتىنى تازىلاش ئۈچۈن قاننىڭ قاينىشىنى تۆۋەنلەتكۈچى ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئەگەر نەزلە بولسا باشقا ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ. ئەگەر قىزىتما ئېغىر بولغان ھالەتتە بالىنىڭ چېكىسىگە ۋە بۇرنىغا سۈت تېمىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كۆيدۈرگۈچى تەپ بولسا ئېغىزى قۇرۇق، ھوشسىز ۋە بىئارامىلىق يۇقىرى بولسا، كۆك سېمىزئوت سۈيىگە داكىنى چۆكۈرۈپ، پارچە - پارچە قىلىپ چېكىگە قويۇلىدۇ ۋە قۇرسى كاپۇر، 0.5 گرام ئېلىپ، سۇدا ئېزىتىپ بېرىلىدۇ. ھارارەت تۆۋەنلىگەندىن كېيىن دەم سىقىلىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ھاۋا سوغۇق ۋاقتىدا ھەببى مىشكى ياكى ھەببى تۇتىيا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ:

1. 12 گرام سەبرىنى ئانا سۈتى بىلەن ئېزىتىپ ئىچكۈزۈش ۋە كۆكرەككە سۈۋاپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن پان دەرىخىنىڭ شېخىنى تېڭىپ قويۇش پايدىلىق.

2. ئىككى گرام شومشا ئۇرۇقى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

3. 2 ~ 4 تامچىغىچە شاراپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

4. خەراتىن، قەلەمپۇر ئۇرۇقى ھەربىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈمىلاچ ياساپ، ئۇنىڭدىن بىر دانە ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

5. قورۇلغان كۆك تۇتىيا بىر گرام، چىلغوزا مېغىزى ئۈچ گرام، بادام مېغىزى بىر دانە قاتارلىقلارنى ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، ماش چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ، ئۇنىڭدىن بىر دانىنى بىر كۈن يېگۈزگەندىن كېيىن يەنە بىر كۈن توختىتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، خىلىت قەي ۋە سۈرگۈ ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

6. قارىمۇچ 11 دانە، بادام مېغىزى يېرىم دانە، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى بىر گرام، كۆپكى دەريا ئىككى گرام قاتارلىقلارنى ئېلىپ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ، تۆت ئايلىقتىن يۇقىرى بالىلارغا يېرىم دانە، بىر ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا بىر دانە، ئىككى ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا ئىككى دانە بېرىلىدۇ.

7. مۇدەببەر قىلىنغان ھەببى سالاتىن ۋە گىل ئەرمىنى ياكى گىرۇ ھەربىرىنى تەڭ مىقداردا يۇمشاق سوقۇپ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ، مۇقەل بىر دانە ئانا سۈتى بىلەن ئېرىتىپ بېرىلىدۇ.

8. ھەببى تۇربۇت بېرىلىدۇ.

9. مۇقەل 6.0 گرام، 8.0 گرام كۆك تۇتىيا ئىككىسىنى سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ بالىغا بىر دانىدىن يېگۈزۈلىدۇ.

10. گەج، كۆك تۇتىيا، سېرىق ھېلىلە پوستى، بەلىلە پوستى، ئاق كەتھەندى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، كۈمىلاچ ياساپ بېرىلىدۇ ياكى بۇ دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سېرىقماي بىلەن ئېرىتىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

11. سەبرە، تەنكار، مۇرمەككى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ، بىر دانىدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

12. مۇمىيانى ئانا سۈتىدە ئېرىتىپ ياكى مۇۋاپىق ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆپكىدە مۇدۇرچاقلار پەيدا بولۇش، كېسەللىكتە كۆكرەكتە ئېغىرلىق بولۇش، نەپەسلىنىش تېز ۋە ئارقىمۇ ئارقا بولۇش، دەم سىقىلىش، كۆكرەكتە ھارارەت ۋە ئېچىشىش بولۇش، قاتتىق يۆتىلىش بىلەن بىرگە ئۆپكىدە ئاغرىش ۋە بېسىلىش بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ.

ئۇنى داۋالاشتا قاپارتمىلار يېرىلىشتىن بۇرۇن قاپارتمىلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. قاپارتمىلار يېرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىتا يىرىڭ تۈكۈرۈش ۋە ئۆپكە يارىسى قاتارلىقلار بابىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئادەتتە بۇ كېسەللىككە سەل قارالسا ياكى توغرا داۋالاش قىلىنمىغاندا ئۆپكە تۇبېركۇلوزى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

# توققۇزىنچى پەسىل ئۆپكە تۇبېركۇلوزى

## سىل

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ:

1. ئۆتكۈر دەرىجىدىكى غىدىقلىغۇچى نەزلە سۇيۇقلۇقى ئۆپكىگە مېڭە تەرەپتىن چۈشۈشىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆتكۈر غىدىقلاش، ئېچىشتۇرۇش ۋە ھۆجەيرىلەرنى يېگۈچى (ئەككال) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش سەۋەبىدىن ئۆپكىنى چىرىتىپ تاشلايدۇ.

2. ئۆتكۈر دەرىجىدىكى غىدىقلىغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت مېڭىدىن باشقا ئەزالاردىن ئۆپكىگە چۈشۈپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

3. ئۆپكە ياللۇغىنى ئۇنۇملۇك داۋالىمىغاندا ئۆپكىدە سىل يارىسى پەيدا قىلىدۇ.

4. كۆكرەك پەردە ياللۇغى ياكى دىئافراگما ياللۇغىنى ئۇنۇملۇك، ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئۇنىڭ ئېغىز ئېلىشى ئارقىلىق يىرىڭ ئۆپكە سىل تەرەپكە تەپچىرىپ چىقىپ، ئۆپكە يارىسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

5. ئۆپكە تومۇرلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىش ياكى يېرىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن جاراھەت پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا يىرىڭ يىغىلىپ ئۆپكە سىل يارىسىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

6. ھەرخىل سەۋەپلەردىن ئۆپكىنىڭ ئۆزىدىمۇ باشقا ئەزالاردا پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش چىرىش ۋە سېسىش پەيدا بولىدۇ.

7. زەرنىخ، سەنگىيا قاتارلىق زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ھەم ئۆپكىدە يارا ۋە چىرىش پەيدا بولۇش ئارقىلىقمۇ ئۆپكە سىل يارىسى كېلىپ چىقىدۇ.

8. سىل كېسەللىكىنى يۇقتۇرغۇچى ئامىللار:

بۇ كېسەللىككە ئۆزى ئورۇق، بەدىنى ئاجىز، كۆكرەك ساھەسى ئورۇق، ئالدىغا دوڭغىيىپ قالغان، بوينى ئۇزۇن، يۇتقۇنچاقلىرى سىرتقا چىقىپ قالغان كىشىلەر ئاسان گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىك بىلەن مېڭە ئاجىزلاش ۋە ھەزىم ئاجىزلاش، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت ئۆتكۈر سەپرا خىلتى بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، بۇ سىل كېسەللىكى يۇقۇشنىڭ بارلىق شارائىتلىرى تولۇق ھازىرلانغان بولىدۇ:

ئادەتتە بۇ كېسەللىككە 18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان كىشىلەر كۆپرەك گىرىپتار بولىدۇ. بۇ كېسەللىك سوغۇق جايلاردا كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق جايلاردا تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى ۋە قان تۈكۈرۈش مۇمكىنچىلىكى كۆپرەك بولىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا «مېڭىنىڭ مىزاجى ھۆل ئىسسىق بولسا سىل كېسىلىنىڭ يۈز

بېرىش مۇمكىنچىلىكى كۆپرەك بولىدۇ.

ئىلگىرى ئۆتكەن بەزى ئالىملارنىڭ كۆرسەتمە قىلىشىچە، ھەرقانداق كىشى كۆكرەك ساھەسى ۋە يۇزىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان، پۇتلىرىدا يېتەرلىك گۆش بولمىسا ۋە چىرايىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا بۇنداق كىشى ئاسانلا سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بەزى مۆتىۋەر تېۋىپلار سىل كېسەللىكىنى يۇقتۇرغۇچى ئامىللار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

1) بويى ئېگىز، ئوقۇرەكلىرى چىقىپ قالغان ۋە ئالدىغا ئېڭىشىپ قالغان، كۆكرەك ۋە پۇتلىرى ئۇرۇق، كۆزلىرى ئولتۇرۇشاڭغۇ، بويىنى ئۇزۇن ۋە يۇتقۇنچاق سىرتقا چىقىپ قالغان، تولا بەلغەم تۈكۈرىدىغان، دېمى سىقىلىدىغان، كۆكرەك ساھەسى كىچىك، قورسىقى تويغاندا بىئارام بولىدىغان،، كۆكرەك سۆڭەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، تىل ئۇچى قۇرۇق، مىزاجى ئىسسىق بولۇش.

2) كۆپرەك نەزلىگە گىرىپتار بولىدىغان شۇنىڭ بىلەن بىرگە بويىنى ئۇزۇن، كۆزىدىن داۋاملىق ياش ئېقىپ تۇرىدىغان، ئېغىزى بېلىقنىڭ پۇرىقىدەك پۇرايدىغان بولۇش.

3) مېڭىنىڭ مىزاجى ھۆل سوغۇق، جىگەرنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق ۋە يۇرەك ئاجىزلىق سەۋەبىدىن كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش ۋە ئىككى بېقىندا ۋە كۆكرەكتە مېڭىدىن كەلگەن ماددىلار كۆپ چۆكۈۋالىدىغان ۋە بۇ ماددىلار جىگەرنىڭ قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن پىشالمايدىغان بولۇش قاتارلىقلار.

**قوغدىنىش ۋە ئالدىنى ئېلىش:**

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار بار كىشىلەر ھەرخىل ئۆتكۈر يېمەكلىكلەرنى ۋە ئۆتكۈر خاراكتېردىكى ئىسسىقلىق دورىلىرىنى ئىستېمال قىلماسلىق لازىم. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش، ئۇزۇن ۋاقىت ئۇخلىماي يۈرۈش قاتارلىق كۆكرەك ئەزالىرىغا زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن دىققەت قىلىش لازىم.

بەزى تېۋىپلار «ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆتكۈر نەزلىنىڭ غىدىقلىشى كۆكرەك تەرەپكە كەلگەندە ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە سىل كېسەللىكىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلگەن يۇقۇملۇق تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەدبىر قوللىنىلمىسا ۋە قىزىتقۇچى ۋە قۇرۇق يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، ئېغىر دەرىجىدىكى يۆتەل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۇبېركولوز ۋە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تۇبېركولوز كېسەللىكى يۇقۇملۇق بولىدۇ، يەنى ئۇ بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە يۇقىدىغان ۋە ئىنتايىن تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئادەتتە بىمارغا يېقىن ئولتۇرۇش، ئۇنىڭ تىنىغان تىنىقىنى پۇراش قاتارلىقلاردىن يۇقىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ

كېسەللىك يەنە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

نەزلە، يۆتەل ۋە ئۆپكە ياللۇغى بىمارلىرى يۆتەلگەندە قان ۋە يىرىڭ كېلىشكە باشلايدۇ. بەدەن ئاجىزلايدۇ. داۋاملىق يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. ئاخشىمى ۋە تاماقتىن كېيىن قىزىتما بىرقەدەر كۆچىيىپ قالىدۇ. بىمارنىڭ چىرايىدا قىزىللىق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇبېركولوز كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى.

بەزىدە تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنىڭ قىزىتمىسى باشقا قىزىتما بىلەن مۇرەككەپلىشىدۇ. بەزىدە كېچىسى ۋە باشقا ۋاقىتلاردا كۆپ تەرلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بىمارنىڭ كۆزى ئولتۇرۇشاڭغۇ، رەڭگىرويى قۇرغاق بولىدۇ. بەزىدە تۇبېركۇلوز دەسلەپكى كۈنلىرىدە بەدەنىنىڭ رەڭگى نۇرسىز ۋە قارىغا مايىل بولىدۇ. لېكىن قىزىتما ئۆرلىگەن ۋاقىتىدا قىزىلغا مايىل بولىدۇ ۋە قول ـ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۇچى قىزىيدۇ.

ئەگەر تۇكۇرۇك بىلەن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىققان بولسا بۇ ئېنىقلا تۇبېركولوز كېسەللىكى بولىدۇ.

ئەگەر بەدەن ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلۇق ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، تىرناقلىرى ئېگىلىپ كەتكەن، چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇمۇ تۇبېركولوز كېسەللىكى بولىدۇ.

تۇبېركولوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا تومۇرى مۇستەھكەم ۋە ئىنچىكە، تېز سالىدۇ. قورساقتا كوركىراش، قۇۋۇرغا بىرلەشمىلىرى ئۇستۇن بولۇش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇش، ئىچى سۈرۈش ئېغىرلاشقاندا بەلغەم بىلەن چىرىگەن ماددىلار پارچىلىرى چىقىش، بەلغەم بىلەن ئۇششاق تاشلارغا ئوخشاش قاتتىق، يۇملاق ماددا چىقىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

توبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بەلغەم ۋە ئېغىز شۆلگىيى قويۇق بولۇپ، پۈتۈنلەي توختاپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بوغۇلۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

بەزى بىلىمسىز تېۋىپلار بەلغەم پۈتۈنلەي توختاپ قالسا كېسەل ساقىيىشقا قاراپ ماڭدى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قاراش خاتا بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا كېسەللىكتە ئۆلۈم خەۋپى بولىدۇ. كۆپىنچە بۇخىل تۇكۇرۇك توختاپ قېلىش ئاجىزلىق ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا نەپەسلىنىشى ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

بەزىدە تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يۆتەل ئېغىرلاشقان سەۋەبتىن قان تۇكۇرۇش كۆپىيىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يۆتەلنى داۋالاش، قان تۇكۇرۇشنى توختىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ ناھايىتى خەتەرلىك.

بەزىدە بەلغەم تۇكۇرۇش ئاخىرىدا ئۈزۈلۈپ قالماستىن بەلكى كېسەللىكنىڭ ماددىسى يامان سۇپەتلىك ۋە قويۇق بولۇپ، دەسلەپتىلا بۇخىل ئەھۋال پەيدا بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ

دەسلىپىدە قان تۈكۈرۈش يارىسىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقايمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە قان تۈكۈرۈش ئۆلۈم يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە بۇ كېسەللىكتە ئەقىل ئېلىشىش (مالىخولىيا) نىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى خەتەرلىك.

ئۇندىن باشقا ئوقۇرەك سۆڭەكنىڭ چىقىپ قېلىشى، كۆزنىڭ ئولتۇرۇشۇپ قېلىشى، رەڭگىرويىنىڭ تۆۋەن، توپا رەڭلىك بولۇشى، قورساق تېرىلىرىنىڭ نېپىز بولۇشى ۋە پېشانىسىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، بەدىنىدىكى تۈكلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، ئىچى سۈرۈش، تىنىقىنىڭ سېسىق پۇرىشى قاتارلىقلار كېسەللىكنىڭ ئۆلۈمگە يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادەتتە ئۆپكە يارىسىغا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى كۈز پەسلىدە ئېغىرلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىل دەپ گۇمانلانغان ئەمما تولۇق دىئاگنوز قويۇشقا مۇمكىن بولمىغان بولسا بۇنداق كېسەلنى كۈز پەسلىدە ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر بىمار تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھالىتى كۈز پەسلىدە ئۆزگىرىپ قالىدۇ ۋە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

سىل كېسەللىكىنى داۋالىغىلى بولامدۇ ـ يوق؟ بۇ ھەقتە تېۋىپلار ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن: بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدۇ، ئەمما ئىنتايىن كۆپ ساندىكى تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە جالىنۇس «ئۆپكە يارىسى كېسەللىكى ئەگەر پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش (تەپەررۇقى ئىتىسال) سەۋەبىدىن بولۇپ ئىششىق ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ سەۋەبىدىن بولماستىن بەلكى باشقا ئىچكى ياكى تاشقى سەۋەبلەردىن ئۆپكىنىڭ بىرەر تومۇرىدا كېڭىيىش ياكى ئېغىز ئېلىش پەيدا بولغان بولۇپ ۋە ئۇنىڭ زەخمىسى ھازىرغىچە ئىششىمىغان ۋە يىرىڭدىمىغان بولسا بۇ خىل زەخمىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

شۇنداقلا باشقا يارىلار سەۋەبىدىن قان تۈكۈرۈش پەيدا بولغان ئەمما ئۇنىڭدا يىرىڭ پەيدا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرگىلى بولىدۇ. ئىراق يارا ۋە ئىششىق ئېغىز ئالغان ياكى بىرەر ئۆتكۈر خىلىتنىڭ چىرىتىش سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرگىلى ۋە مۇكەممەل ھالدا داۋالىغىلى بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە چىرىش ئەگەر ئۆپكىنىڭ گۆشلىرىدە بولماستىن بەلكى شاخچە كاناي پەردىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا، كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا داۋالىغىلى بولىدۇ، لېكىن كۆمۈرچەكلەردە بولسا داۋالىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ساھىب كامىل «ئۆپكە يارىسىنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش ناھايىتى قىيىن. جۈملىدىن بۇ يارا ئىسسىق تەبىئەتلىك خىلىت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا بۇنى قەتئىي داۋالىغىلى

بولمايدۇ. بىراق يارا باشقا سەۋەبلەردىن بولۇپ، دەسلەپتە مۇناسىۋەتلىك دورىلار ئارقىلىق توغرا داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان بولسا ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇلغان بولسا بۇنى تولۇق داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. لېكىن كېسەللىك ۋاقتى ئۇزارغاندىن كېيىن يارىنىڭ سەۋەبى ھەرقانداق ئامىل بولۇشتىن قەتئىينەزەر داۋالاش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۈچ - قۇۋۋەتنى نورماللاشتۇرۇش، كېسەلنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتقىلى بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەن.

قەرشى «سىل كېسىلى مۇكەممەل ئورۇنلاشقاندىن كېيىن داۋالىغىلى بولمايدۇ ۋە كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدىمۇ داۋالاشنى ناھايىتى ئاز ساندا قوبۇل قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بەزى تېۋىپلار «تۇبېركۇلوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ، لېكىن ساقلىنىشنى ساقلاش قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلسا ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

ئىبنىسىنا «بالىلاردا كۆرۈلىدىغان تۇبېركۇلوز كېسەللىكى چوڭلارغا قارىغاندا كۆپ-رەك ھالەتتە داۋالاشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆپكە يارىسى كېسەللىكنىڭ ھەممىدىن خەتەرلىك بولغىنى تومۇرلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن بولغىنى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرەر ئەزا ياكى خىلتتا قۇرۇق تەمرەتكە پەيدا قىلغۇچى يارا شەكىللەندۇرىدىغان مىزاج بۇزۇلۇش بولمايدۇ.

تۇبېركۇلوز كېسەللىكى ئاز ساندا داۋالاشنى ئۈنۈم بېرىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بەزىدە بىمار خېلى ئۇزۇن ياشىيالايدۇ. ھەتتا بەزىلەر ياشلىق دەۋرىدە بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ قېرىغىچە ياشىيالايدۇ.

مەن بىر ئايالنى كۆرگەن، ئۇ ئايال سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ھالەتتە 23 يىل ياشىغان» دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىرى «بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك كېسەللىكنى خاتا داۋالاشتىن كېلىپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن:

1. ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ياكى ئاشقازاننىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئىشتىھا بىراقلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ھارارەت ئېشىپ كەتسە ياكى ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ھەزىم بۇزۇلۇپ بەدەنگە يېتەرلىك ھالەتتە ئوزۇقلۇق يەتكۈزەلمىسە، بۇنىڭ بىلەن بىمار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاي-دۇ ۋە ئاشقازان مىزاجىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغاندا بەدەن ئورۇقلاش ۋە تۇبېركۇلوز كېلىپ چىقىدۇ.

2. بۆرەك كېسەللىكى، قان سىيىش ۋە سۈيدۈك يىرىڭ ئارىلاش كېلىش قاتارلىقلار-دىمۇ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى كېسەللىكلەردە قان يىرىڭ چىقىش

سەۋەبىدىن قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ ۋە بەدەندە ئورۇقلاش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇبېركۇلوز كېلىپ چىقىدۇ.

3. سۇيدۇك يولى يارىسى ياكى سۇيدۇك يولىدا تاش پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا قىچىشىش ۋە يارا پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە دەرھال داۋالىمىغاندا ماددىنىڭ كۆپ چىقىشى ۋە يىرىڭ چىقىش، ئاغرىش سەۋەبىدىن قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەن ئاجىزلىق ۋە تۇبېركۇلوز كېلىپ چىقىدۇ.

4. دىئابىت كېسەللىكى. بۇ كېسەللىكتە كۆپ ئۇسساش، كۆپ سىيىش، بۆرەكنىڭ ھارارىتى ئېشىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن بەدەن ئاجىزلاش يۈز بېرىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا سەل قارىغاندا بەزىدە بەدەن ئاجىزلاپ تۇبېركۇلوز كېلىپ چىقىدۇ.

5. چوڭ قاپارتمىلار دۇمبەلچەكتە ياكى سۇيدۇك توشۇش نەيچىلىرى ياكى سۇيدۇك يولى سىستېمىلىرىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە يىرىڭ ۋە زەرداب سۇ كۆپلەپ چىققان سەۋەبتىن پۈتۈن بەدەن تازىلىنىدۇ. بۇنداق ھالەت ئۇزۇن داۋاملاشسا بەدەندە قۇۋۋەت ۋە سۇيۇقلۇق تۈگەپ كەتكەن سەۋەبتىن تۇبېركۇليوز كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ.

6. ئۇچەي تولغىقى: بۇخىل كېسەللىك ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشسا بەدەنگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەن ئاجىزلاپ بىمار ئورۇقلاپ تۇبېركۇلوز كېسىلى كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ھەقىقى ئۆپكە تۇبېركۇلوزىنى داۋالاش ۋە ساختا ئۆپكە تۇبېركۇلوزىنى داۋالاش دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

**1. ھەقىقي ئۆپكە تۇبېركۇلوزىنى داۋالاش:**

علاج سل حقیقی

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە يۆتەل بىلەن يىرىڭ چىقىۋاتقان بولۇپ، بىمار كۈچلۈك بولسا ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك نەزلە ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا بىمارنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، مۇۋاپىق بولسا قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش ۋە نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر قان توختاپ پەقەت يىرىڭلا كېلىۋاتقان بولسا قۇرس تاباشىر سەرتانى ۋە قۇرسى سەرتان كاپۇرى قاتارلىقلار ئەرقى كاپۇر بىلەن بېرىلىدۇ. يارا ئوبدان ئورۇنلاشقان ۋە چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن ھېچقانداق داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى يۆتەل ۋە نەپەسلى-نىش ھەرىكىتى يارا ئېغىزىنىڭ پۈتۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالىغاندا ئەڭ ياخشىسى بىر كۈن قىزىتمىنى، بىر كۈن يارىنى داۋالاش ياكى ئەتىگەندە يارىنى، ئاخشىمى قىزىتمىنى داۋالاش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېششى سەرتان بىلەن ئېتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەن بەك

ئاجىز بولسا، ئارپا ئېشىغا پاقلاننىڭ كاللا - پاچاقلىرىنى سېلىپ پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل ئېغىر بولسا ئارپا ئېشىغا چىلان، ئۈسۈك ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش، قول - پۇت ئىششىش ۋە هارارەت تۆۋەن بولۇش ئەھۋاللىرى بولسا، سۇفۇپى ۋالىد ئولۇۋخان، سۇفۇپى ھەكىم ئەكمەلخان، ھەببى ئولۇۋخان، ھەببى شەرىپخان، ئەرقى شىر قاتارلىقلار بىلەن بىللە بېرىلىدۇ.

ئومۇمىي داۋالاشتا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، ئەنجباھار يىلتىزى، ئۈسۈك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى، ئۈسۈك ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرام، خەشخەش شەربىتىدە 12 گرام قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بىر گرام، تاباشىر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زەھرى - مۆھرى ھەربىرىدىن 5 . 0 گرام ئېلىپ سوقۇپ، تالقان تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن ئۈسۈك ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، گاۋزىبان شىرىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۈستىگە خاكشى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى يۇقىرىدىكى تالقان ئۆچكە سۈتى ياكى ئەرقى شىر بىلەن بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

كۆيدۈرۈلگەن سەرتان، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، قىزىل سېغىز، ئەنجباھار يىلتىزى، كاپۇر ھەربىرىدىن 5 . 0 گرام ئېلىپ سوقۇپ تالقان قىلىپ، شەربىتى خەشخاش بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئەرقى كاپۇر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر تۇبېركۇلوز كېسەللىكى بىلەن بىرگە چىرىتكۈچى قىزىتما بولسا، كۆكنار بىر گرام، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، كەتىرا، تاباشىر ھەربىرى ئۈچ گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى ھەربىرى بەش گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، بېھى ئۇرۇقى مېغىزىدىن ھەربىرى يەتتە گرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ، ئۇنىڭغا خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ ياكى چىلان سۈيى، نىلۇپەر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما كۈچلۈك بولسا ئارپا سۈيى بىلەن سەرتاننى بىللە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئارپا سۈيى، خەشخاش شەربىتى، سۇفۇپى سەرتان قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈ-رۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

خەشخاش شەربىتى بىلەن تاتلىق ئانار شەربىتى بېرىلىدۇ. تاتلىق ئانار شەربىتى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى سۈيى ياكى گاۋزىبان سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى قاينىتىپ، قايناتمىغا مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر سېلىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. گۈلقەنت نان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە دەم سىقىلىش بولسا سوغۇق تەبىئەتلىك لوئوقلار بېرىلىدۇ.
ئەگەر گۆلقەنت بەرگەندە هارارەت يۇقىرىلاپ قىزىتما بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى ۋە تاتلىق ئانار شەربىتى ئارقىلىق توختىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ قىزىتما بەك يۇقىرىلاپ كەتكەن بولسا، تاتلىق ئانار شەربىتىگە سېمىزئوت ئۇرۇقى تالقىنى ۋە ئاز مىقداردا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى قۇرسى تاباشىر كاپۇر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا، بېلىق مېيىنى قايناق سۇدا ئېرىتىپ، قەنت بىلەن تاتلىق قىلىپ هەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆيدۈرۈلگەن سەرتاننى خەشخاش شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ، ئۇستىدىن بېلىق مېيىنى قايناق سۇدا ئېرىتىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ساپ سۈت تۇزسىز هالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېمەكلىككە ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم بولۇپلا قالماستىن بەلكى داۋالاشنىڭ بىر قىسمى هېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئەهۋالغا قاراپ پاقلان گۆشى، چۈجە گۆشى ۋە كاللا ـ پاچاق شورپىلىرى بېرىلىدۇ. يۆتەل توختاتقۇچى كۆمىلاچلار شۈمۈرۈشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئېغىرلاشسا قۇرسى سەرتان كاپۇرى، هەببى سوئال، شەربىتى خەشخاش قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر دەم سىقىلىش پەيدا بولسا بىنەپشە شەربىتى ۋە زۇپا شەربىتى بېرىلىدۇ.

ئەگەر قورساق يۇمشاق بولسا شەربىتى هەببۇلئاس، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلارغا قۇرسى تاباشىر كاپۇرى ياكى گىل ئەرمىنى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك كۆپ بولسا ياكى تازىلاش زۆرۈر بولسا چىلان، سەرپىستان، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، گاۋزىبان قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ياكى چىلاپ ئۇنىڭغا شىرخىست، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر، بادام يېغى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. بىراق بۇ كېسەللىكتە تەبىئەتنىڭ يۇمشاق بولغىنىدىن قەۋزىيەت بولغان هالەت ياخشىراق هېسابلىنىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قۇرسى تاباشىر كاپۇرى، قۇرسى سەرتان، قۇرسى سەرتانى كاپۇرى ۋە گۈلقەنت قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى:

ئەگەر سىل كېسىلدە، چىرىش خاراكتېرلىك قىزىتما بولسا، قۇرسى تاباشىر كاپۇرى، گۈلقەنت بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار بىرلەشتۇرۇلۇپ ئۇستىگە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرسى سەرتان گۈلقەنت بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن 120 گرام قاپاق سۈيىگە

ئالتە گرام ئىسپىغول لۇئابى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرسى سەرتان كاپۇرنى گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۈستىدىن ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى، كەترا تالقىنى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سېمىزئوت ئورنىغا پاقىيوپۇرمىقى، كەترا ئورنىغا زەھرى ـ مۆھرى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ياكى ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى سۈيى، كەترا ئورنىغا پاقىيوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

قۇرسى تاباشىر مۇلەييىن بىلەن گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۈستىدىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، بەدىيان شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، شەربىتى بۇزۇرى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈستىگە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە سۈيدۈك ھەيدەشكە رىئايە قىلىش ئۈچۈن قۇرس بىلەن گۈلقەنت بېرىلمەيدۇ. ئۇسۇڭ ئۇرۇقىنىڭ ئورنىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرسى تاباشىر كاپۇرنى گۈلقەنت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى ۋە خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرسى تاباشىر تۆت گرام، خەشخاش شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى ھەربىرى تۆت گرام، ئەرقى سۇن 48 مىللىلىتىر، نىلۇپەر شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇ-رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش تەلىپى بەك يۇقىرى بولسا يۇقىرىقى نۇسخىغا تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى ۋە تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ئىچىنى توختىتىش تەلەپ قىلىنسا، بۇ نۇسخىغا پاقىيوپۇرمىقى ۋە ئىسپىغول قوشۇلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىكتە كېسەل پەيدا قىلغۇچى خىلىت مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بولسا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، يەرلىك شوخلا سۈيى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى قاتار-لىقلارنى ئەرقى شوخلا بىلەن چىقىرىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنى بېرىپ تۈتىنچى كۈنى تۆت گرام قۇرسى تاباشىر بىلەن تۆت گرام دىنار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۈستىدىن يەرلىك شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەدىيان قاتارلىقلارنى قايند-تىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئاپتابى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن قۇرسى تاباشىر مۇلەييىن قوشۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن چالا سوقۇلغان

تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گۇل بىنەپشە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا تۆت گرام چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئالتە گرام تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، 24 گرام گۇلقەنت قاتارلىقلارغا سانا قوشۇلىدۇ.

ئەگەر نەزلە ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك يۆتەلدىن بىمار دەسلەپتە قەي قىلىش ئارقىلىق تومۇرى ئىچىلىپ كېتىپ، ئاشقازان ۋە كۆكرەكتىن قان كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن خىلىتسىز قىزىتما بىلەن تۇبېركۇلوز كېسەللىكى پەيدا بولغان بولسا قاننى سوۋۇتقۇچى، نەزلىنى توختاتقۇچى ۋە كۆكرەكنى بوشاتقۇچى دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، قۇرسى كەھرىۋا، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، رەيھان ئۇرۇقى شىرىسى، ئەنجىباھار يىلتىزى شىرىسى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قان توختاپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نەزلە قايتا قوزغالغان بولسا ئادەتتىكى داۋالاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق نەزلە داۋالىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چىرىتكۈچى خىلىتلىق قىزىتما پەيدا بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا قاپاق سۈيى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر سەپرا ۋە بەلغەم خىلىتىنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان قىزىتمىدا سەپرا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، تاۋۇز سۈيى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بەلغەم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا، يۆتەل بولمىسا ياكى يۆتەل جىگەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، قاينىتىپ ئېلىنغان كاسىنە ئۇرۇقى سۈيى ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، قاپاق سۈيىنى توختىتىپ، گۇلقەنت، ئەرقى شوخلا بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما ئۈچۈن تۇبېركۇلوز بىلەن ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بىللە بولغان ھالەتتىكى ئوفۇنەتلىك ئەگەشكۈچى قىزىتما ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەڭگىل سۇرگۇ بېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە مۇناسىۋەتلىك دورا شىرىلىرى بىلەن دورا قايناتمىلىرىنى بەرگەندىن كېيىن گۇل بىنەپشە، نىلۇپەر، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، پوستى ئاقلانغان ئارپا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، يەرلىك شوخلا، پەرسىياۋشان قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، گۇلقەنت ۋە بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزىدە ئۇنىڭغا خېمىرى بىنەپشە قوشۇلىدۇ ۋە ئۇنى قاپاق سۈيى، ئەرقى بەديان بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا قاپاق سۈيى قىزىتما ئۈچۈن، ئەرقى بەديان ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. چۈنكى قاپاق سۈيى ھەزىمنى بۇزىدۇ، ئۇندىن باشقا ئاقلانغان ئارپا قان ۋە سەپرانىڭ قاينىشى ۋە قوزغىلىشىنى توختىتىدۇ. ۋە ئۆپكە يارىسى، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما، كۆكرەك ئاغرىقى قاتارلىقلار ئۈچۈن پايدىلىق. بىراق بۇ ئاشقازانغا زىيانلىق، شۇڭا گۇلقەنت ئارقىلىق ئاشقازاننى داۋالاش لازىم. لېكىن

گۆلقەنت يەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن قەۋزىيەتلىك ئەھۋالدا ئۇنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئە-مەس.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە يىگىلەپ كېتىش ھالەتلىرى كۆرۈلسە، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنى داۋالاش بويىچە داۋالاش لازىم. مەسىلەن: دەسلەپتە تالقان دورىلار ۋە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، چىلان شىرىسى، ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بېرىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇقىرىقى شىرىلەر بىلەن قۇرسى تاباشىر كاپۇرى بېرىلىدۇ. چۇشلۇك تامقىغا بۇغداي كېپىكى ئالتە گرام، بېھى ئۇرۇقى ئىككى گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى تۆت گرام، سەرپىستان 11 دانە، قەنت 24 گرام قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، چاي ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھاۋادا قۇرغاقلىق بولۇپ توكورۇك بىلەن كېسەللىك ماددىسى چىقىپ كېتەلمىسە، ماددىنى تازىلىغۇچى مەتبۇخلار بېرىلىدۇ ياكى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە تازىلىغۇچى شىرىلەر ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن قۇرسى تاباشىردىن تۆت گرام سوقۇپ، 24 گرام گۆلقەنت ئاپتابى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، تۆت گرام چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن قورۇلغان قاپاق سۈيى، ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى قاتارلىقلار بىلەن خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەمغى ئەرەبى ۋە كەتىرا تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك ئىچ سۈرۈش بىلەن بولسا، ئىچنى توختاتقۇچى (قابىز) تالقان دورىلار ئارقىلىق ياخشىلاش لازىم. مەسىلەن: كەھرىۋا، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى، خۇنسىياۋشان ھەربىرى 0.5 گرام، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھەربىرى يېرىم گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ تالقان تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلارغا قەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئاق لەيلى يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى ۋە قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى تالقانلاپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قورۇلغان جۇۋىنە شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئىتئۈزۈمى شىرىسى، تاتلىق بېھى شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە سەمغى ئەرەبى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن زۇپا قوشۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن قۇرسى سەرتاننى سوقۇپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى،

چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلار بىلەن قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى دورىلاردىكى خۇنسىياۋشان بېرىشتىكى مەقسەت قان ۋە ئىچ سۇرۇشنى توختىتىش ۋە ئۆپكە يارىسىنى قۇرۇتۇپ ئېغىزنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، ئەرەب يېلىمى ۋە كەتىرا بېرىشتىكى مەقسەت يارىنى سىلىقلاش ئۈچۈن، جۇۋىنە بېرىشتىكى مەقسەت شىلىمشىق ماددىلارنى پارچىلاپ كۆكرەكنى تازىلاش ۋە ئاشقازاننى ياخشىلاش ئۈچۈن. چۈنكى شىرىندىلىك دورىلار ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

ئەگەر تۆتىنچى قېتىم ئىچ سۇرۇلگەندىن كېيىن ئەزالاردا ئاغرىش بولۇش بىلەن بىرگە تومۇرى قاتتىق، ئىنچىكە ۋە ئاجىز بولسا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى تۆت گرام، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، قەنت 12 گرام، ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، لاچىندانە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قايناتىپ، ئۇنىڭغا ئاق لەيلى يىلتىزى لۇئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، بېھى شەربىتى، رەيھان ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئۇسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، ئىسپىغۇل لۇئابى ھەربىرى ئالتە گرام، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، زەھرى ـ مۇھرى تالقىنى بىر گرام قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بەك كۆپ بولسا بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، خەشخاش شەربىتى، زەھرى ـ مۇھرى تالقىنى قاتارلىقلار بىرلەشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەپرانى توختىتىش ئۈچۈن قۇرسى تاباشىر كاپۇرنى سوقۇپ، داۋائى مىشكى بارىد بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇستىدىن ئۆچكە سۈتىگە قىزىتىلغان تومۇرنى تاشلاپ داغماللاپ، ئۇنىڭغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سۈت قەي پەيدا قىلغان بولسا ئۇنى توختىتىپ، ئورنىغا ئەرقى بەدىيان ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرسى تاباشىر كاپۇرى، خەشخاش شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن لاچىندانە شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئاخشىمى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن پاقىيوپۇرمىقى ئەرقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا خەشخاش شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بەدەن ئاجىزلىق يۇقىرى بولسا، ئەتىگەندە بېرىلىدىغان دورا نۇسخىسىدىكى خەشخاش شەربىتىنىڭ ئورنىغا داۋائى مىشكى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىكتە قان تۈكۈرۈش، قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈش، قان ئېقىش

قاتارلىقلار ئۈچۈن قۇرسى كەھرىۋا، نەزلە توختىتىش ئۈچۈن ھەببى جەدۋار ئىشلىتىلىدۇ.

تۇبېركۇلوز كېسەللىكىدىكى ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئىچ سۈرۈش خاراكتېرلىك ئورۇقلاش پەيدا بولىدۇ. بىراق بەزىدە بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئاجىز، ئۇزاق داۋاملاشقان ئىچ سۈرۈش بولسا ئۆلۈم خەۋپى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ سۈرۈش پەيدا بولسا دەرھال ئۇنى توختىتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرسى تاباشىر قاتارلىق قابىز دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا ناھايىتى تېز ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بەزىدە تۇبېركۇلوز كېسەللىكىنىڭ ئاخىرىدا قەۋزىيەتلىك سەۋەبىدىن يارىنىڭ بۇ خاراتلىرى توختاپ قېلىپ سەزگۈرلۈكلەر (ھەۋاسى خەمسە) دە ئاجىزلاش پەيدا بولىدۇ ۋە ئىچ سۈرۈش بىلەن يوقىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدىغان سۇتلەرنىڭ تەركىبى تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا مەخسۇس سۇت بېرىش بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا پىششىق دورىلاردىن تۆۋەندىكىلەر ئىشلىتىلىدۇ: يەنى ھەببى تەلىپى ۋالىد ئولۋىخان، ھەببى غورىسمەككى، ھەببى سىل، ھەببى جاۋاھىر كاپۇرى شەرىپخان، ھەببى مورزى ئىبراھىم، ھەببى سوئال، خېمىرى خەشخاش، خەشخاش شەربىتى ھېكمى ئۆلۋىخان، رەۋغىنى مەشرۇپ، سۇفۇپى خەشخاش، سۇفۇپى سەندەل ھەكىمى شەرىپخان، سوفۇپى ھەكىمى ھادى، سۇفۇپى سەرتان، سۇفۇپى سىتتى گىلۇ، سۇفۇپى سەمەك، ئەرقى شىرەپەريا، دەردەس شەربىتى، قۇرسى خەشخاش، قۇرسى كاپۇر، قۇرسى شادىنەج، قۇرسى تاباشىر ئۆلۋىخان، قۇرسى سىل، لوئوقى سىل، لوئوقى تاباشىر، لوئوقى خەشخاش مىرزى ئىبراھىم، مۇسھىل مەسلۇل، مەجۇنى مۇجەررەپ ياقۇتى قاتارلىقلار.

ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (تەپىدىق) سىل كېسەللىكى بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىغا ئاساسەن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، سوۋۇتقۇچى، ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ۋە رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار بىلەن قۇرۇتقۇچى دورىلار بىرگە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى يارىنى داۋالاشتا قۇرۇتۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. لېكىن كۆپىنچە قۇرۇتقۇچى دورىلار بەلغەم ۋە ماددىنى چىقىرىپ تاشلاشنى توختىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما (تەپىدىق) ئۈچۈن زىيانلىق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، بەلغەم بوشاتقۇچى دورىلار كۆپىنچە يارىنى ھۆللەشتۈرۈپ يۇمشىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يارا ئېغىزىنىڭ پۈتۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. پەقەت سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار جاراھەتلەنگەن ئورۇنلارنى غىدىقلىمايدۇ ۋە پەقەتلا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار قىزىتمىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا يۇقىرىقىدەك دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ

قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ھەمدە ئۇنىڭغا بەلغەم بوشاتقۇچى ۋە ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ ۋە ھۆل سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلار مۇرەككەپلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ.

بۇنىڭدا يارىنى يۇمشاتقۇچى ۋە قىزىتقۇچى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا سۇتنى كۆپ بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئىشتىھانى تۇتۇپ قويىدۇ. بارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىدۇ ۋە بەدەندىكى تەبىئىي ھارارەتنى توختىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش لازىم ۋە ئۇلارنى قىزىتقۇچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلۇش لازىم. مەسىلەن: قۇرسى كاپۇر گۈلقەنت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

**سىل كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى:**

1. قۇرۇتۇش: بۇنىڭ ئۈچۈن تاباشىر، گىل ئەرمىنى، زەپەر، ئەپيۇن، ياۋا رەيھان ئۇرۇقى ۋە كاپۇر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

2. گۆش پەيدا قىلىش: بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، نىشاستە، خۇنسياۋشان، كەھرىۋا، بېلىق مېيى، سەرتان قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك يېلىم دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

3. تۈكۈرۈك كۆپەيتىش، بەلغەم چىقىرىش، بەلغەم بوشىتىش، قۇرۇقلۇقنى قوغداش: بۇنىڭ ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. چۈنكى يىرىڭ ئاسانلا چىقىپ كېتىپ، يۆتەلدە ئازلاش بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا سىل يارىسىنىڭ ماددىلىرىنى ئېرىتىش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن دورىلارغا بەديان قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ ۋە ھارارەتنى توختىتىش ۋە قۇرۇقلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى شىرنىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بىراق بۇلارنى كۆپ ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇ ئارقىلىق يارىدا ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ۋە خەشخاش شىرىسى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت نەزلىنى توختىتىش ئۈچۈن. ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېسىۋىلەك پىشۇرۇپ بېرىلسە يۆتەل، تۇبېركۇلوز ۋە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق.

ئۇندىن باشقا تەرخەمەك قاپاق ۋە ئوسۇڭ قاتارلىقلار بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى بۇ كېسەللىككە قارىتا تۇبېركۇلوز ئۈچۈن نان بەرمەي بەلكى ماش ۋە گۈرۈچنى ئايرىم - ئايرىم ھالەتتە ياكى بىرلەشتۈرۈپ بەرگەن، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ئۈچۈن ئەگەر بىماردا كۈچلۈك ئىچ سۈرۈش بولمىسا نان بەرگەن.

**بىمارغا سۇت ئىستېمال قىلدۇرۇش ئۇسۇلى:**

سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى بىمارنىڭ بەدىنىدە قۇرۇقلۇق پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا سۇت ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

بىراق ئۆتكۈر قىزىتما ياكى چىرىتكۈچى قىزىتما (ئۇفۇئەتى بۇخار) بولسا سۇت ئىستېمال قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ ھەمدە بىمارنىڭ بەدىنىدە ئۇفۇنەت پەيدا قىلغۇچى ماددا بولماسلىقى لازىم.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋال بولسا سۇت ئۇفۇنەتنى كۆپەيتىۋېتىدۇ ياكى بىماردا سىل كېسىلىدىن باشقا سۇت زىيان قىلىدىغان بىرەر كېسەللىك بولماسلىقى لازىم ۋە بىمار سۇت ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئىچ سۈرۈش خەتىرى بولماسلىقى كېرەك.

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئەڭ ياخشىسى ئايال كىشىنىڭ سۇتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن قالسا ئېشەك سۇتى، ئۇندىن قالسا ئۆچكە سۇتى قاتارلىقلار (بۇنىڭدا بىمار يۇقىرىقى سۇتلەرنى بىۋاستە ئەمچەكتىن ئىستېمال قىلسا ناھايىتى پايدىلىق).

ئەگەر ئايال كىشىنى ياكى ئۆچكە سۇتى بېرىشكە توغرا كەلگەن بولسا، چوقۇم ئايال كىشىنىڭ بالىسى ياكى ئۆچكە قوزىسى 40 كۇنلۇكتىن يۇقىرى بولۇشى، ئەگەر ئېشەك سۇتى ئىچكۈزۈشكە توغرا كەلسە ئۇنىڭ بالىسى چوقۇم 4 ～ 5 ئايدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

ئادەتتە سۇتنى بېرىشكە توغرا كەلگەندە توختاتقۇچى ۋە يارا ئېغىزنى پۈتتۈرگۈچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: پاقىيوپۇرمىقى، سۆگەت شېخى، ئالما يوپۇرمىقى، بېھى يوپۇرمىقى، نامازشامگۈلى، ئامۇت يوپۇرمىقى، سەرپىستان، قوغۇن پىلىكى، ئاق لەيلى-گۈل، يۇمغاقسۇت، ئوسۇڭ، پالەك، تەرخەمەك، بادرەنجى بۇيا، تاۋۇز، ئارپا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر يارىنى تازىلاش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە بەلغەم تۈكۈرۈشكە ياردەم بېرىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنسا، ئۇنىڭغا ھاشا، كاسىنە، بەدىيان شېخى، بەرەنجاسىپ، ئەپسەنتىن، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

سۇت ئىستېمال قىلدۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

بۇنىڭدا بارلىق شەرت ۋە تەدبىرلەرگە رىئايە قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا كۆپىنچە سەل قاراش ئارقىلىق سۇت ئىستېمال قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ.

ئەگەر سۇتنى ئەمچەكتىن چىقىرىپ قاچا بىلەن بېرىشكە توغرا كەلگەندە چىنە قاچا ياكى كۈمۈش قاچا ۋە ياكى شىشە ئىستاكان بىلەن بېرىلىدۇ. سۇتنى سېغىشتىن ئىلگىرى پىيالىنى بىرنەچچە قېتىم يۇيۇۋېتىپ، بىر دانە چوڭراق قاچىغا سېلىپ، ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزۇپ قايناق سۇ قۇيۇپ، بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن سېغىلىدىغان ھايۋاننى بىمارغا يېقىن ئەكىلىپ، قاچىنى قايناق سۇ ئىچىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا سۇتنى سېغىپ دەرھال بىمارغا ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۈت بېرىشتە دەسلەپتە مائۇلجەبىن ئۇچۇن بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە كۆپەيتىلىدۇ. كۆپىنچە بىرىنچى كۈنى 72 گرام بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى كۈندىن كېيىن ھەر كۈنى 12 گرامدىن كۆپەيتىلىدۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىن مۇۋاپىق مىقدارغا يەتكۈزۈپ شۇ بويىچە بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە كۆپەيتىشكە باشلىنىدۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شۇ پېتى توختىتىپ تۇرۇش لازىم. شۇنىڭغا ئوخشاش سۈتنىڭ مىقدارى بىمارنىڭ مىزاجى بەرداشلىق بېرەلىگەنگە قەدەر كۆپەيتىلىدۇ. كۆپىنچە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 1500 گرامغىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئەگەر سۈت بېرىۋاتقان جەرياندا سىپسىق كېكىرىپ قېلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بىر ـ ئىككى كۈنگىچە سۈتنى توختىتىۋېتىش لازىم. بىراق ھەزىم بۇزۇلۇش ئادەتتىكىدەك بولسا بەزىدە سۈتكە 12 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. بەزىدە سۈت بىلەن قۇرسى تاباشىر كاپۇرى ياكى قۇرسى سەرتان كاپۇرى، سۇفۇپى سەرتان، سۇفۇپى خەشخاش، سۇپۇپى غۇددى سەمەك، ھەببى سىل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، ئۇندىن باشقا، سۇفۇپى سىتتى گىلۇغا گاۋزىبان ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە ھەرقانداق ھالەتتە پايدىلىق.

سەڭگى جاراھەت ئىككى گرام، تاباشىر، زەھرى ـ مۇھرى، سەمغى ئەرەبى، گىل ئەرمىنى ھەربىرى بىر گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئېشەك سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ. ئەتىگەندە سۇفۇپى سىتتى گىلۇ ئۆچكە سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ئاخشىمى خەشخاش شەربىتى ئالتە گرام، بېھى ئۇرۇقى ئىككى گرام، رۇببىسۇس تۆت گرام، كەتىرا ئىككى گرام، قەنت 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، قەھۋە ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھەركۈنى سۈت ئىچكۈزۈپ بىر سائەتتىن كېيىن تومۇر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى كۈچلۈك ۋە چوڭ بولسا، بىمارغا سۈتنىڭ مۇۋاپىق كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى كىچىك ياكى ئاجىز بولسا بىمارغا سۈتنىڭ مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھالەتتە سۈتنى توختىتىۋېتىش لازىم. شۇنداقلا سۈت ئىچىۋاتقان مەزگىلدە قىزىتما پەيدا بولسا سۈتنى توختىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەرخەمەك سۈيى، تاۋۇز سۈيى ياكى سىمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ياكى قۇرسى كاپۇر بېرىلىدۇ.

ئەگەر سۈت ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن ئاشقازاندا ئۇفۇنەتلىنىش پەيدا بولغان بولسا، ئەينۇلا شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى ۋە مېۋە شەربەتلىرى قاتارلىق مۇلەييىن دورىلار بىلەن تەبىئەتنى يۇمشىتىش لازىم.

سۈت ئىچىشنى باشلىغان كۈندىن باشلاپ بېلىق ۋە چۈچۈمەل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال

قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم ھەمدە سۈت ئىچىپ بولغاندىن كېيىنمۇ سۈت بىلەن قارىمۇ قارشى كېلىدىغان يېمەكلىكلەرنى بەرمەسلىك لازىم ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن سۈتنى توختىتىپ، ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ياكى ھەسەل ياكى شېكەر قوشۇش لازىم. بۇنىڭدا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ئەڭ ياخشى. يۇقىرىقى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەندە ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بىراق تەبىئەت يۇمشاق بولسا (قەۋزىيەتلىك بولمىسا) تۇز ئارىلاشتۇرماسلىق لازىم. پەقەت ئازراقلا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

ئەگەر ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق سۈت بەرگەندە ھېچقانداق ئەھۋال كۆرۈلمىسە، ھېچ نەرسە ئارىلاشتۇرماستىن سۈتنىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. ئەگەر قاتتىق يۆتەل بولسا سۈتكە ئۈچ گرام كەتىرانى قوشۇپ، مۇناسىۋەتلىك لوئوقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ئاجىز بولسا زىرە تالقىنى ياكى ياۋا زىرە تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

سۈت ئىستېمال قىلىشقا قارىتا جۇرجانى «سۈتنى ئىستېمال قىلىشتا مىقدارنى بەلگىلەشتە ئەڭ ياخشىسى ھەزىمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراش كېرەك. دەسلەپتە ئاز ـ ئازدىن ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئۇندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆپەيتىپ بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بەرداشلىق بېرەلىگەنگە قەدەر كۆپەيتىش لازىم.

ئەگەر قىزىتما بولسا سۈت ئىستېمال قىلدۇرماسلىق لازىم. لېكىن قېتىق، قايماق بېرىلسە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەكىم شەرىپخان «بەزى تېۋىپلار سۈتنىڭ ئورنىغا تاۋۇز سۈيى ئىستېمال قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ۋە تۇبېركۇلوزغا بولغان تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولغان.

بەزى ئۇستازلارمۇ سۈتنىڭ ئورنىغا تاۋۇز سۈيى ئىستېمال قىلدۇرغان. بەزىدە تەبىئەت يۇمشاق بولغاندا سۈت بىلەن پاقىيوپۇرمىقى، قۇرسى تاباشىر قابىز، ھەببۇلئاس شەربىتى ۋە بېھى شەربىتى قاتارلىقلار بىرگە بېرىلىدۇ. بەزىدە قۇرسى مەرۋايىت ۋە بەزىدە ھەببى مەرۋايىت، پادى زەھرى مەدەنى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن گۇلقەنت، خېمىرى بىنەپشە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك ئېغىر بولسا شىرخىست ۋە تەرەنجىبىن ئىستېمال قىلدۇرسا بولىدۇ.

ئەگەر بىمار ئورۇق ۋە بەدىنى ئاجىز بولسا، بىمارغا يۇمشىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن دورىلار بىر ـ ئىككى قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر سۈت بىمارغا مۇۋاپىق كەلسە، ئالتە ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئەگەر مۇۋاپىق كەلمىسە، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن توختىتىپ قويۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

قېتىق سۇزمىسى بېرىش ئۇسۇلى:

قېتىق سۇزمىسى ئادەتتە ئېغىر دەرىجىدە قىزىتما بىلەن ئىچ سۈرۈش بولغاندا بېرىلىدۇ. يەنى كالا قېتىقىنىڭ قايمىقىنى ئايرىۋېتىپ، بىر كېچە ياكى بىر كۈن هاۋا كىلىماتى نورمال بولغان جايدا قويۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئوبدان قوچۇپ، ئۇنىڭ سۈيى ئۇستىگە ئۆرلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 108 گرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق ئۇنىنىڭ نېنى 36 گرامىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە نان هەركۈنى ئۈچ گرامدىن ئازلىتىلىدۇ ۋە قېتىق سۇزمىسى ئۈچ گرامدىن كۆپەيتىلىدۇ. شۇ تەرىقىدە نان مىقدارى تۈگەپ پەقەت قېتىق سۇزمىسىلا قالغاندا ئاندىن كەينىگە ياندۇرۇپ يەنى ناننى كۈنىگە ئۈچ گرام كۆپەيتىپ، قېتىق سۇزمىسىنى 3 گرام ئازايتىپ، ئەسلىي هالىتىگە كەلگۈچە بېرىپ ئاندىن توختىتىلىدۇ.

ئىبنىسىنا ئۆپكە سىلىنى داۋالاش ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل قىلىپ كۆرسەتكەن: ① هەقىقىي داۋالاش. ② ياردەم بېرىش (مەدارات). هەقىقىي داۋالاش دېگىنىمىز: يارىنى تازىلاش ئارقىلىق ئۇنى قۇرۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرىنى يوقىتىش، ئېچىشىشنى توختىتىش، گۆش ئۇندۇرۇش ۋە يارىنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

سىل كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئاساسەن بەدەننى تازىلاش، كېسەللىك ماددىنى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە تارتىش، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، باشتىن ئۆپكىگە چۈشكەن غىدىقلىغۇچى ئامىللارنى توختىتىش ۋە ئۇنى باشقا تەرەپكە تارتىش قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى نەزلە ۋە غىدىقلىغۇچى ئامىلنى توختىتىش قاتارىغا كىرىدۇ.

هەقىقىي داۋالاش مۇمكىن بولمىغاندا ياردەم بېرىش كېرەك. يەنى يارىنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش ئۈمىدى بولمىغاندا، يارىدا قاتتىقلىق پەيدا قىلغۇچى ۋە ئۇنى قۇرۇتقۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئارقىلىق بىمارغا پۇرسەت بەرگىلى ۋە هاياتلىنى ئۇزارتقىلى بولۇشى مۇمكىن. يارىغا قاتتىقلىق پەيدا قىلغاندىن كېيىنمۇ ئادەتتىكى ئېھتىياتسىزلىقتىنمۇ بىمار زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ ۋاقىتتا سۈت ئىستېمال قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ.

بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن ئارتۇق ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى، مەسىلەن: هەببى قوقىيا مۇقەل ۋە سەمغى ئەرەبى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بەزىدە سەۋدانى چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلارنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. بۇنداق هالەتتە ئەفتىمۇن ۋە لاجۇۋەرد قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يارىنى تازىلاش ئۈچۈن يۇقىرىقى دورىلار ۋە زۇپا قايناتمىسى ئىشلىتىلىدۇ ياكى لوئوقى كەتان ۋە زاراغزا ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا ئېشەك سۈتى بىلەن لوئوقى ئەنسىل بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە بەزىدە ئۆزىنىڭ ئارىلىشىشچانلىقى بىلەن ماددىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە يۆتەلنى توختىتىش ۋە

دورىلارنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك كونىراپ قالغان ۋە ئۆپكىدە سۇيۇقلۇق كۆپ بولسا كىچىكرەك قوشۇقتا بىر قوشۇق قىتران يالغۇز ھالەتتە ياكى ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى مىئەسائىلە ۋە ھەسەل بىلەن يالىتىلىدۇ.

ئەگەر مىزاجدا ھارارەت بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلەتكەندە كېسەللىك ئېغىرلاپ قالىدۇ. بۇنىڭدا سوغۇق تەبىئەتلىك تازىلىغۇچى دورىلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. بەزىدە بۇخىل كېسەللىكتە قۇرۇتقۇچى دورىلار تەسىرىدىن ئىسسىقلىقى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالدا قۇرۇتقۇچى دورىلارنى توختىتىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە قۇرسى كاپۇر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن قۇرۇتقۇچى دورىلار قوللىنىلىدۇ.

ھەكىم شەرىپخان «ئۇستاز ئىبنىسىنا ھەببى قوقىيا، زىرە قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى قوللىنىشتا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: بۇ خىلدىكى دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتا بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئەھۋالى ياخشى بولسا ۋە كېسەللىك تامامەن دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولسا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراش خەتىرى بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۈچ - قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەرگە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلغۇزۇشتىن ساقلىنىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

توبېركۇلوز كېسىلىنى داۋالاشنىڭ قىيىنلىقىنىڭ سەۋەبى قىزىتمىنى داۋالاش ھۆل سوغۇق دورىلار بىلەن بولىدۇ. يارىنى داۋالاش بۇنىڭ دەل ئەكسىچە قۇرۇق ئىسسىق دورىلار بىلەن بولىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا يارىنى داۋالاشقا يۈزلىنىپ قۇرۇق ئىسسىق دورىلار بېرىلسە قىزىتما ۋە قۇرۇقلۇق بەدەننىڭ چىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزىتما توختىتىش ئۈچۈن ھۆل سوغۇق دورىلار بېرىلسە يارا ھۆللىنىپ تۇرۇۋېلىپ ساقايمايدۇ، شۇڭا بۇنداق ھالەتتە تېۋىپلار ئالدى بىلەن ھارارەتنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن توختىتىپ، ئۇندىن كېيىن يارىنى داۋالاشقا كىرىشىدۇ ياكى يارىنى قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن ھارارەتنى توختاتقۇچى دورىلار قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئۇندىن باشقا بۇنىڭغا قارىتا يەنە بىر كۈن قىزىتمىنى بىر كۈن يارىنى ياكى ئەتىگەندە قىزىتمىنى، كەچتە يارىنى داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سىل كېسەللىكى تۇتقاقلىق كېسىلىگە ئوخشاش ساقايمايدىغان جاھىل كېسەللىك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، گاۋزىبان، رۇببىسۇس، نىشاستە ھەربىرى ئون گرام، گۈل ئەرمىنى 14 گرام، قىزىلگۈل 18 گرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى ئالتە گرام، كۆيدۈرۈلگەن سەرتان، بادام مېغىزى ھەربىرى 36 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ قۇرس تەييارلاپ،

تۆت گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

مائۇلجەبىن ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ سىل كېسىلىنىڭ باش ـ ئاخىرىدا ناھايىتى مۇۋاپىق، چۈنكى ئۇ بەدەندە گۆش پەيدا قىلغانغا قارىغاندا ماي ۋە سۇيۇقلۇقنى كۆپرەك پەيدا قىلىدۇ.

مائۇلجەبىن بەرگەندە ئۇ نەزلىنى ئۇلغايتىۋېتىدۇ، بولۇپمۇ چۈچۈمەل تەييارلانغان مائۇلجەبىن بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى زىيانلىق. ئەگەر ئۇنىڭ نەزلىنى ئۇلغايتىۋېتىش خەتىرى بولسا دەرھال توختىتىلىدۇ.

### 2. ساختا ئۆپكە تۇبېركۇلوزىنى داۋالاش:

علاج سل غیر حقیقی

ئادەتتە بەزىدە ئۆپكىدە يارا بولمىسىمۇ بەدەندە سىل كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپ، مېڭە تەرەپتىن كۆكرەككە چۈشكەن قويۇق شىلىمشىق ماددىلار ئۆپكىنى ئېچىشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە بۇ ماددىلار بىلەن نەپەس كانالچىلىرى توسۇلۇپ كېتىپ، دەم سىقىلىش ۋە قاتتىق يۆتەل پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن بەدەن ئاجىزلاش داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ ھەقىقىي تۇبېركۇلوز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ساختا تۇبېركۇلوز دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەقىقىي تۇبېركۇلوز بىلەن ساختا تۇبېركۇلوزنىڭ پەرقى: ھەقىقىي تۇبېركۇلوزدا چوقۇم ئۇرۇقلانتقۇچى قىزىتما (تەپىدىق) بولۇپ، بەلغەم يىرىڭ ئارىلاش چىقىدۇ. ساختا تۇبېركۇلوزدا قىزىتما ۋە يارا بولمايدۇ ۋە بەلغەم خام سۇيۇقلۇق بىلەن چىقىدۇ.

سۇيۇقلۇق بىلەن يىرىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىشتا يىرىڭدا تۇكۇرگەندە ياكى كۆيدۈرگەندە سېسىق پۇرايدۇ. سۇغا تۇكۇرسە بىرئازدىن كېيىن چۆكۈپ كېتىدۇ. لېكىن سۇيۇقلۇقتا ئۇنداق ئەھۋال بولمايدۇ. بۇ كېسەللىككە قارىتا زۇققە ۋە دەم سىقىلىش كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر يەڭگىل قىزىتما بولسا بۇ داۋالاش ئۇسۇلىغا سىل كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇلى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولمىسا بەلغەم بىلەن بېلىق مېيىغا ئوخشاش قويۇق شەكىلدىكى بىرخىل سۇيۇقلۇق چىققان بولسا، زۇپا، پىرسىياۋشان، ئەنجۈر، پىننە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمنى قايىنىتىپ ئېچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە لوئوقى شۇمشا ئەنجۈر سۈيى بىلەن تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا 500 گرام نېلۇپەر سۈيىنى 250 گرام ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سۇس ئوتتا قايىنىتىپ لوئوق تەييارلاپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «ساختا تۇبېركۇلوز دېگىنىمىز، ئۆپكە ۋە كۆكرەككە نەزلىنىڭ چۈشۈشىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تۇكۇرۇكتە بەلغەم چىققان بولسا ئۇنى داۋالاشتا بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

# ئونىنچى پەسىل يىرىڭ تۈكۈرۈش

## نفث المدة

**سەۋەبى:**

بۇ، تۈكۈرگەندە بەلغەم بىلەن يىرىڭ ئارىلىشىپ كېلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى يۇتقۇنچاق قىزىلئۆڭگەچ كاناي ئىششىقلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشىدىن بولىدۇ. ئۆپكە يارىسى، يۇتقۇنچاق ئىششىقى، قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى، شاخچە كاناي ئىششىقى ياكى ئېغىز ۋە كۆكرەك ئەزالىرىدىكى ئىششىقلارنىڭ ھەرخىل چىقىرىندىلارنى چىقىرىشى (ئېغىز ئېلىش) دىن بولىدۇ.

ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى خىلتلارنىڭ تەسىرى، ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، ئۆتكۈر دورىلارنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلاردىن بولىدۇ. ئاشقازان مۇدۇرچاقلىرى ياكى ئاشقازان يارىسىنىڭ ئېغىرلىشىشىدىن بولىدۇ. قان تۈكۈرۈش سەۋەبلىرىدىن كېيىن قان كەلگەن ئورۇننىڭ ئېغىزى ئېتىلمىگەن بولسا يەرلىك ئورۇندا ئوفۇنەتلىنىش (چىرىش) پەيدا بولۇپ، يىرىڭ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ كۆپىنچە سىل كېسىلى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

يىرىڭ كەلگەن ئورۇننى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قان تۈكۈرۈشنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش.

**داۋالاش:**

يىرىڭ تۈكۈرۈش سىل كېسىلىدە يۈز بېرىپلا قالماستىن بەلكى كۆپ ساندا سىل كېسىلىدىن باشقا كېسەللىكلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن سىل كېسىلىدە چوقۇم يىرىڭ تۈكۈرۈش بولىدۇ.

ئادەتتىكى كېسەللەردە يىرىڭ تۈكۈرۈش 40 كۈنگىچە توختىمىسا بۇ كېسەللىك سىل كېسىلىگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىدىن ئېنىق ئالامىتى يىرىڭ تۈكۈرۈش بىلەن ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بىرگە بولىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ كۆكرەكتىن چىقسا ۋە سۆيۈق بولۇش بىلەن بىرگە ھارارەت بولسا، تازىلاش ئۈچۈن ئارپا سۈيى ياكى ھەسەل سۈيى كۆپرەك سۇغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە يەتتە گرام سۇفۇپى سەرتان 144 گرام ئېشەك سۈتى ياكى 60 گرام چىلان شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاخشىمى تۆت گرام سۇفۇپى سەرتان 60 گرام چىلان شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارمۇ قوللىنىلىدۇ:
مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇرسى خەشخاش، تۆت گرام كۆيدۈرۈلگەن سەرتان، 120 گرام ئېشەك سۈتى ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتى، ئەگەر تېپىلمىسا ئۆچكە سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ.
60 ~ 120 گرام سۈت قۇرسى سەرتان ياكى سۇفۇپى سەرتان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى شەربىتى خەشخاش بىلەن بېرىلىدۇ.
ئەنجباھار شەربىتى پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش ئېشى بېرىلىدۇ، ئەگەر ياردا ياخشىلىنىش كۆرۈلسە، قورۇلغان چۈجە گۆشى، چالا پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ۋە شېكەر بادام بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.
ئەگەر يىرىڭ قويۇق بولۇپ تەستە چىقسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزىتما بولمىسا، يۇمشىتىش ئۈچۈن ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، زۇپا، سېرىق ئەنجۈر قاتارلىق بەلغەمنى پىشۇرغۇچى دورىلار قەنت ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.
ئۇندىن باشقا مەتبۇخى زۇپا بىلەن خېمىرى خەشخاش ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى بۇنىڭغا سەۋسەن يىلتىزى، ياۋا پىننە، شۇمشا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈشمۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.
سىرتىدىن بابۇنە يېغىغا ئوخشاش ياغلار كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. ئاقلەيلى گۈلى، شۇمشا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، بەدىيان، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، زۇپا قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تالقان قىلىپ، بابۇنە يېغى، غاز يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغ تەييارلاپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.
ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى، بادام مېغىزى، خەشخاش، تەرەنجىبىن، كالا سۈتى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ياساپ بېرىلىدۇ.
بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا يەنە كۆكرەك ۋە باشقا ئەزالارنى بىرلىكتە تازىلاشقا تىرىشىش لازىم. چۈنكى كۆكرەك بوشلۇقىدا يىرىڭ توپلىنىشىۋېلىپ كۆكرەكنى ياللۇغلاندۇرۇپ قويىدۇ ياكى ئۆپكىگە چۈشۈپ سىل كېسىلى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. تازىلاشتىن بۇرۇن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بوۋاقتا ھەرگىز قابىز دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.
تولۇق تازىلاپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇتقۇچى ۋە كۆيدۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن: ئەتىگەندە مۇناسىۋەتلىك كۇمىلاچ دورىلار ياكى لوئوق دورىلار تۆگە سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ، ۋە مەتبۇخى زۇپا بېرىلىدۇ. قورۇلغان زىغىر ئۇرۇقى، چىلغوزا مېغىزى، چىگىت مېغىزى، شۇمشا ئۇرۇقى، رۇبىسۇس، سەۋسەن يىلتىزى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن كۇمىلاچ تەييارلاپ شۈمۈرۈشكە بېرىلىدۇ.
ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن يىرىڭ كېلىش توختىمىسا، ئەكسىچە كۈندىن ـ

كۆنگە كۆپەيسە، يارىنى قۇرۇتقۇچى ۋە تۈكۈرۈكنى پارچىلىغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلىدۇ. مەسىلەن: قۇرسى كەھرىۋا، شەربىتى خەشخاش بىلەن بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا يۇمشاق ئۇننىڭ نېنى بىلەن ئۆچكە سۈتى بېرىلىدۇ. چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، پاقلاننىڭ كاللا - پاچاقلىرى گۇرۇچ بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. خەشخاش شىرىسى، قەنت، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

بەزىدە كېسەللىك سەۋەبى زەخمىلەرنىڭ چىرىشى ۋە قاپارتمىلار سەۋەبىدىن كۆكرەكتە يارا پەيدا بولۇشتىن بولسا، بۇنىڭ بىلەن بەزىدە سۆڭەكلەر بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. سۆڭەكلەرنىڭ چىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى چىرىگەن تەرەپلەرنى كېسىپ تاشلاش لازىم. بەزىدە يارىلارنىڭ چىرىش تۈتاشقۇچى شىللىق پەردىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنىمۇ كېسەللەندۈرىدۇ، شىللىق پەردىلەرنىڭ يارىلىرى گۆش تەركىبلىرىدە بولۇپ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى جەريانىدا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا ساقىيىپ كېتىدۇ. بىراق ئىششىق پەيدا بولغان ياكى ۋاقتى ئۇزارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يارىلىرى ساقايمايدۇ ۋە يارا ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ياكى ئۇنىڭ نېرۋىلىرىغا چۇشۇۋالغان بولسا بۇ كېسەللىك ساقايمايدۇ.

يىرىڭ تۈكۈرۈشنىڭ سەۋەبى ئۆپكە ئىششىقى ياكى يىرىڭ پىشىپ ئېغىز ئالغان بولسا بۇ تۇبېركولوز كېسەللىكى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنى داۋالاش سىل كېسەللىكى بايانىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

ئاشقازان قاپارتمىلىرىدىن يىرىڭ كېلىشتە ئاشقازان كېسەللىكى بايانىدا سۆزلەنگەن ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. يۇتقۇنچاق، شاخچە كاناي ياكى ئېغىز قاتارلىق ئەزالاردىن يىرىڭ كېلىشنى داۋالاشتا شۇ ئەزالارنىڭ يارىلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

## ئون بىرىنچى پەسىل ئۆپكە ئاجىزلىقى
## ضعف ريه

**سەۋەبى:**

ئۆپكە ئاجىزلىقى كۆپىنچە سوغۇقتىن بولغان نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

يۆتىلىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، بەدەن ئاجىزلاش، سۇيۇق قىيامى قويۇق، كۆپۈكلۈك بولۇش، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق بولۇش بىلەن بىرگە كۆكرەكتە خىرقىراش ئاۋازى بولۇش، كۆزلىرى پارقىراق بولۇپ، كۆزنى ئېچىش قىيىن، ئېغىر ئۇيقۇدەك ھالەت

بولىدۇ. ئۇخلىغاندىن كېيىن يۆتەل كۆپىيىپ، ئازراق بەلغەم چىقىپ، كۈندىن ـ كۈنگە بەدىنى ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە كېسەللىك ئېغىرلىشىپ پۈت ـ قولدا ئىششىق پەيدا بولغاندا بىمارنىڭ هاياتى خەۋپلىك ئىكەن.

**داۋالاش:**

دەسلەپتە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، لاجۇۋەرد بىر گرامدىن، لۇئوقى ئەنسىل توققۇز گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى يەتتە گرام، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام، گاۋزىبان يەتتە گرام قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى ئەرقى پىرسىياۋشان ۋە ئەرقى شوخلا بىلەن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 36 گرام شەربىتى زۇپا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا شورپا بىلەن نان بېرىلىدۇ. ئاخشىمى بادام مېغىزى 15 دانە، زاراڭزا ئۇرۇقى شىرىسى 18 گرام، چىلغوزا مېغىزى شىرىسى توققۇز گرام، قورۇلغان قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 36 گرام، زىغىر يېغى 48 گرام ۋە مۇۋاپىق مىقداردا قەنت ۋە بۇغداي ئۇنى ئارقىلىق هالۋا ياساپ بېرىلىدۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن زۇپا گۈلى، گاۋزىبان، تاغ سامىسىقى ئۇرۇقى يەتتە گرامدىن، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، بەديان يىلتىزى پوستى ئالتە گرامدىن، ئەنجۈر تۆت دانە، چىلان يەتتە دانە، سەۋسەن يىلتىزى ئۈچ گرام، بادرەنجى بۇيا، ئىتئۈزۈمى توققۇز گرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتقان سۇدا، خېمىرى بىنەپشە، گۈلقەنت 24 گرامدىن بىرلەشتۈرۈپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بۇ دورىنى بەش كۈن ئىچكۈزگەندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن ئاخشىمى ھەببى غارىقۇن بېرىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە يۇقىرىقى قايناتمىغا سانا 24 گرام، تۇربۇت، رەۋەن چىنى توققۇز گرامدىن، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن 84 گرامدىن، شىرخىست، بادام يېغىدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە قايناتىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى بادرەنجى بۇيا ئىچكۈزۈلىدۇ. تاماقىغا توخۇ گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىككى گرام زەهرى ـ مۇهرى تالقىنىغا خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، خېمىرى خەشخاش يەتتە گرامدىن، ئالتۇن ۋاراقتىن ياكى كۈمۈش ۋاراق بىر دانىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، گاۋزىبان، زۇپا يەتتە گرامدىن، سەۋسەن يىلتىزى، رۇم بەدديان، بەديياندىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى قايناتىپ سۈزۈپ، شەربىتى ئەۋرىشىم، شەربىتى زۇپا 24 گرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە توققۇز گرام ئاق تۇدەرى، توققۇز گرام قىزىل تۇدەرىنى يۇمشاق سوقۇپ، سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنداقلا 4 ~ 5 قېتىم سۇرگۇ بەرگەندىن كېيىن كۈچلەندۇرۇش ئۈچۈن خېمىرى ئەۋرىشىم ئولۇغخان مائۇللەھمى بىلەن بىللە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە ھەركۈنى بىر ۋاقىتلىق تامىقىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پەقەت مائۇللەھمىلەر بېرىلىدۇ. چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ۋە شېخىنى ھەر ۋاقىت شۇمۇپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ ۋە بەدەننى كۈچلەندۈرگۈچى ھالۋىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## ئون ئىككىنچى پەسىل كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقى

## اوجاع صدر وجنب

**تونۇش:**

بەزى تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ كۆكرەك ۋە بېقىن ئەتراپىدىكى ئەزالارنىڭ ئىششىشى، ئاغرىشى ۋە شۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىكەن.

يەنە بۇ كېسەللىك توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر بار. مەسىلەن: كۆپ ساندىكى تېۋىپلار ھەر بىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى مەخسۇسناملار بىلەن ئاتىدى. يەنى: زاتىل جەنبى خالىس (خالىس بولغان بېقىن ئاغرىقى)، غەيرىي خالىس (خالىس بولمىغان بېقىن ئاغرىقى)، شۇسە (قوۋۇرغىلار پەردە ياللۇغى)، زاتوس سەدرى (كۆكرەك پەردە ياللۇغى)، زاتۇل ئەرەز (كۆكرەك بۆلگۈچ پەردە ياللۇغى)، بەرسام (دىئافراگما ياللۇغى) قاتارلىقلار، بىراق يەنە كۆپ ساندىكى تېۋىپلار يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرنى بىر دەپ قاراپ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنىداش سۆزلەر دېدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاغرىق دېگەندە ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك خىلىتسىز مىزاج بۇزۇلۇش، خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش، پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش ۋە باشقا بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بولىدۇ. خىلىتسىز مىزاج بۇزۇلۇش ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن، قۇرۇقلۇقتىن بولىدۇ. ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئاغرىشقا سەۋەب بولالمايدۇ. بۇندىن باشقا يېمەكلىك ۋە دورىلار تەسىرىدىن بولىدۇ. خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇشتا بولسا تۆت خىل خىلىتنىڭ قىيامى جەھەتتىن نورمالسىز بولۇشتىن ياكى خىلىتلارنىڭ غەيرىي تەبئىي ئۆزگىرىشىدىن ھەم بەلغەم، قان، سەپرا ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنىڭ ئارتۇق قىسىملىرىنىڭ قويۇق يەل پەيدا قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش ئۈزۈلۈش، يارىلىنىش، يىقىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا مېڭىدىن تۆكۈلگەن نەزلىنىڭ ئەزالاردا ئىششىق پەيدا بولۇشى ۋە مۇرەككەپ كېسەللىك سەۋەبىدىن توسالغۇ پەيدا بولۇش ياكى يىغىلىپ قېلىش سەۋەبلىرىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەزالارنىڭ سېزىمى، بىمارنىڭ نەپەسلىنىشى ۋە تومۇر ھەرىكىتى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ئەزانىڭ سېزىمى ئىسسىق، نەپەسلىنىشى ۋە تومۇر ھەرىكىتى تېز بولۇپ، بىمار سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن ۋە دورىلاردىن راھەتلەنسە، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەك ۋە دورىلاردىن بىئاراملىق ھېس قىلسا، خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە چىرايى ۋە كۆزلىرى قىزىل بولسا، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن بولۇپ تومۇر ھەرىكىتى توشقان ھالەتتە بولسا بەلغەم ۋە سۇيدۇكمۇ قىزىلغا مايىل بولسا كۆكرەك ۋە بېقىندا ئېغىرلىق بولۇپ، تارتىشىش ۋە سانجىلىش بىلەن بىرگە ئاغرىش بولسا، نەپەسلىنىشتە قىيىنلىشىش بولۇپ يۆتەل بولسا ۋە ئېغىزنىڭ تەمى ئاچچىق بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

ئەگەر چىرايى، تىلى، بەلغىمى، سۈيدۈكى قاتارلىقلارنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولسا ۋە نەپەسلىنىش ۋە بەلغەم تۈكۈرۈشتە قىيىنچىلىق بولۇپ، كۆڭۈل ئاينىش قاتارلىقلار بىلەن بىرگە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى خاراكتېرلىك ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ.

ئەگەر بەدەن سېزىمى سوغۇق بولۇپ نەپەسلىنىش ۋە تومۇر ھەرىكىتى ئاستا، كىچىك بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە دورىلاردىن بىئارام بولۇپ، ئىسسىق يېمەك - ئىچمەكلەردىن، دورىلاردىن راھەتلەنسە، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە چىرايى پارقىراق، چىراي رەڭگى ئاقۇچ، بەلغەم ۋە سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولسا ۋە بۇلاردىن باشقا بەلغەمنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ چىرايىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل ياكى كۆكۈش بولۇپ، تومۇر ھەرىكىتى ئىنچىكە، قاتتىق بولسا، بەلغەم قارىغا مايىل بولسا، قالايمىقان خىيالنى كۆپ قىلىدىغان بولسا ۋە يۈرەك ئېغىش قاتارلىق قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتىدە ناھايىتى قاتتىقلىق بولسا، نەپەسلىنىشى قىيىن، ئېغىزى قۇرۇق، ئۇيقۇسى كەم، يەرلىك ئورۇندا قۇرۇقلۇق بولۇپ، ياغلىغاندا ياغنى تېز سۈمۈرۈپ كەتسە، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىك ۋە دورىلاردىن راھەتلەنسە، قۇرۇقلۇق سوغۇق

تەبىئەتلىك يېمەكلىك، دورىلاردىن بىئارام بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خىلىتلىق قۇرۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بىرەر خىل خىلىتنىڭ ئالامىتى بىلەن بىرگە ئاغرىق بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلسە، بۇ كېسەللىك شۇ خىلىتنىڭ ئارتۇق ماددىلىرى تەسىرىدىن پەيدا بولغان يەلدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق يۆتكەلگەن ھالەتتە ئىلگىرى ھەزىم بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى بولسا ياكى يەل پەيدا قىلغۇچى دورىلار ياكى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئاشقازان ۋە جىگەردىكى يەلدىن پەيدا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تارتىشىش ناھايىتى كۆپ بولۇپ توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى قويۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىق ۋە بەدەن چېنىقتۇرماسلىق ئەھۋاللىرى بولسا، بۇ كېسەللىك مەزكۇر ئەزالارنىڭ قان تومۇرلىرىدا توسۇلۇش پەيدا بولغانلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ.

دىئاگرافمىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولغان ئاغرىق ئايرىم بابتا سۆزلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇللىرى سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنۈپ ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1. قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج اوجاع صدروجنب حاريابس*

ئەگەر ئەزانىڭ ئاغرىقى خىلىتسىز ئىسسىقتىن پەيدا بولغان بولسا تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى دورىلار ۋە يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

1. ئىسپىغۇل لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ياكى بىنەپشە شەربىتى ياكى ئانار شەربىتى ۋە قەنت قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.

3. سىرتىدىن ئاق ۋە قىزىل سەندەل، گىل ئەرمىنى، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

4. قىزىلگۈلنىڭ ياغىچىنىڭ سۈيى، سۆگەت شېخى سۈيى، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا، بۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا كاپۇر ۋە زەپەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

5. ئارپا سۈيى، شېكەر، كاسىنە سۈيى، بەدىيان سۈيى قاتارلىقلار قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

6. سۈتكە تەڭ مىقداردا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيى پارلىنىپ تۈگىگىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا شېكەر ۋە قايماق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا مەتبۇخى پەۋاكىھە، تەرەنجىبىن ۋە شىرخىست قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈلۈپ تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاج تەڭشەش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. بىراق سوغۇقلۇقنى بەك كۆپەيتىۋەتمەسلىك كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە كېسەللىك ماددىنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارمۇ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا چىلان، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئۇزۇم ئەرقىگە چىلاپ، ئۇنىڭ سۈيىگە شەربىتى بىنەپشە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئاغرىق غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ھارارىتىدىن بولسا، نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى بىدمىشكى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئارپا سۈيى قاتارلىق سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن كېسەللىك ماددىسى پىشۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن خىيارشەنبەر، شىرخىست، تەرەنجىبىن، بادام يېغى ۋە مېۋە چىلانمىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كېسەللىك ماددىسى تازىلىنىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ۋە قۇرۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش بويىچە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىشنىڭ سەۋەبى پەقەت قۇرۇقلۇقتىن بولغان بولسا، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورا ۋە يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىسپىغۇل لۇئابى، نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، شېكەر گۈلابى، گاۋزىبان شەربىتى، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار مائۇلجەبىن بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، نىلۇپەر يېغى ۋە قىيرۇتى سۈۋۈلىدۇ ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇيۇنۇشقا بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى، كاللا ـ پاچاق، پاقلاق گۆشى قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇلغان بۇغداي ئېشى ۋە تاش ئۆستەڭدە ئاققان سۇدا ياشىغان بېلىق بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ياغلىق شورپا ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى كۆكتاتلار، مەسىلەن: پالەك، ئوسۇك، قاپاق، ھەمىشباھار، تەرخەمەك قاتارلىقلار زەيتۇن يېغى، بادام يېغى بىلەن قورۇپ بېرىلىدۇ.

### 2. سوغۇقتىن بولغان كۆكرەك ۋە بىقىن ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج اوجاع صدر و جنب بارد

ئەگەر ئاغرىق خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان بولسا ئۇنى داۋالاشتا سەۋەبىنى يوقىتىش

ۋە قىزىتقۇچى دورا - يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەنجۈر، ئۈزۈم، شۈمشا، زۇپالاردىن مۇۋاپىق ئېلىپ قاينىتىپ، ھەسەل شەربىتى ياكى مۇسەللەس بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. مەجۇنى ھىلتىت، مەجۇنى مۇلۇك، مەجۇنى جالىنۇس، تەرياقى ئەكبەر، مائۇلھەسەل قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن رەۋغىنى نارجىل، رەۋغىنى غاز، سۇزاپ يېغى، سىيادان يېغى، بىلسان يېغى قاتارلىقلارغا قۇندۇز قەھرى، مۇقەل، ئۇد قىمارى مەجۇنى ھىلتىت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە سۈۋۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نىلۇپەر، ھەلىيۇن، شۈمشا قاتارلىقلارنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ياكى كىچىك قۇشلارنىڭ گۆشى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ ياكى شورپا بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش ئېغىر بولسا توختىتىش ئۈچۈن پولونىيا، بەرشىشا، شەربىتى پەريا دىرەس، ماددەتۇلھايات، داۋائى مىشكى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك بولغان بولسا، بىدەنجىر يېغى ياكى مەتبۇخى زۇپا ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ. كېسەللىك ماددىسى پىشقاندىن كېيىن سېرىق ئەنجۈر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پىرسىياۋشان، زۇپا، بىستىپايەچ، ئاقلانغان ئاق تۇربۇت، زەنجىۋىل، قەنتەرىيون، ئىزخىر، تاغ يالپۇزى، ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، سانا، خىيارشەنبەر، ھەسەل گۈلقەنتى، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن سۇرگۇ تەييارلاپ ماددا تازىلىنىدۇ ياكى ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى غارىقۇن ياكى ئايارەج جالىنۇس ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش-كە تىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلار بېرىلىدۇ. مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈپ سىرتىدىن زىمادى ئەنجۈر ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى مائۇلھەسەلگە جەدۋار قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئاغرىق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك بولغان بولسا، مائۇلجە-بىن شەربىتى گاۋزىبان ياكى گاۋزىبان گۈلى مۇراببىاسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى گاۋزىبان، شاھتەررە، گۈل بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزلىرىنى مۇۋاپىق ئېلىپ، قاينىتىپ، گاۋزىبان شەربىتى، خېمىرى بىنەپشە قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسى پىشقاندىن كېيىن مەتبۇخى ئەفتىمۇن، ھەببى ئەفتىمۇن، ھەببى لاجۇۋەر، قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنى تاللاپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن كۆكرەك ئەزالىرىنىڭ باشقا خىلتلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن گاۋزىبان، گاۋزىبان گۈلى بەش گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى توققۇز گرام، ھەمىشباھار بەش گرام،

پىرسىياۋشان ئالتە گىرام قاتارلىقلارنى ئاخشىمى قايناق سۇغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گىرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇندىن كېيىنمۇ يەنە بۇ ئەزالاردا مىزاج بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، خىلتسىز قۇرۇقلۇق ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان دورا ۋە يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

### 3. يەلدىن بولغان كۆكرەك ۋە بىقىن ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج اوجاع صدروجنب ريحى*

يەلدىن بولغان ئاغرىقنى داۋالاشتا دەسلەپتە ماددىنى تارقاتقۇچى ۋە ئۆپكىنى تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە كېسەللىك ئېغىرلاپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر يەلنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا ياكى قويۇق بولسا كېسەللىك ماددىنى تازىلاش لازىم. ئەگەر مىقدارى كۆپ بولمىسا ياكى قويۇق بولمىسا تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىراق بۇ ۋاقىتتا ئىشلەتكەن دورىلار قابىز بولماسلىقى كېرەك. يەنى جاۋارىش تەمرى ھىندى، جاۋارىش نارمىشكى، جاۋارىش شەھرىيان قاتارلىق يۇمشاتقۇچى، يەل ماددىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

قويۇق يەلنىڭ پەيدا بولۇشى ھەزىم بۇزۇلۇش ياكى قاتتىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولسا ھەزىمنى ياخشىلاش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەل ھەيدىگۈچى دورىلاردىن جاۋارىش شەھرىيان، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش مىشكى، ماددەتۇلھايات قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، بۇغداي كېپىكى ۋە تۇز بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە رەۋغىنى كەلكىلانەج ۋە رەۋغىنى بىدەنجىر قاتارلىقلارغا جۇۋىنە، زىرە، پىننە قاتارلىق يۇمشاتقۇچى ۋە يەل ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاش لازىم.

ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، سۈزاپ يېغى، غاز يېغى، ھىك يىلتىزى يېغى (رەۋغىنى ئەنجىدان) قاتارلىقلارغا قۇندۇز قەھرىنى ئېرىتىپ ياكى سىرىقچېچەك يېغى يالغۇز ھالەتتە يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش پەيدا قىلغۇچى يەل قويۇق بەلغەم خىلتىنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەتبۇخ ئىچكۈزۈلىدۇ: بەديىان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بابۇنە، پىرسىياۋشان، زىرە، خوخا يەتتە گىرامدىن، ئەنجۈر ئون دانە، رۇم بەديىان تۆت گىرام، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى توققۇز گىرام قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 36 گىرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر ماددا بەك قويۇق بولسا ئۇنى پىشۇرۇش ئۈچۈن مائۇلھەسەل ۋە بىدەنجىر يېغى

ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن سۈرگۈ ئۈچۈن ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، سېرىق ئەنجۈر ئون دانە، ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پەرسىياۋشان، زۇپا، قەنتەرىيون، بادرەنجى بۇيا، خوخە، زىرە، رۇم بەدىيان، نارمىشكى توققۇز گرامدىن، ئاق تۇربۇت 24 گرام، پىستىپايەچ ئون گرام، سانا 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، 48 گرام خىيارشەنبەر، 48 گرام ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىدىن ئۈچ گرام بادام يېغى تېمىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ماددا بەك قويۇق بولسا تۇربۇت ياكى غارىقۇن قايناتمىلىرى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك سۈرگۈ بېرىشكە توغرا كەلسە، ھەببى مەنتىن، ھەببى ئايارەج، ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج لوغانزىيا قاتارلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق قوۋۇرغا ئەتراپىغا مايىللراق بولسا، تاماكا كۆكى بىلەن خەربەقنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

بەدەن تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بەلغەم بوشىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، بەلغەم چىقىرىشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇلار بىلەن بىرگە يەنە يەل تارقىتىش، ئەزالارنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە دورا ئىشلىتىلىدۇ.

تەرياقى ئەكبەر، مائۇلھەسەل بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. خولىنجان بىلەن سەكپىنەچتىن كۆمىلاچ ياساپ شۈمۈشكە بېرىلىدۇ. توققۇز گرام قۇستە ۋە توققۇز گرام ئەپسەنتىن كونا تاتلىق ھاراق بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

قۇندۇز قەھرى، سىركە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلار كونا زەيتۇن يېغى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تاماكىنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش ياكى ئۇنىڭدىن زىماد تەييارلاپ كۆكرەككە سۈۋاشمۇ كونا بېقىن ئاغرىقى ۋە كونا كۆكرەك ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

تۇز ۋە تېرىق ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. سۇزاپ، زۇپا، سەۋسەن يىلتىزى، ئۇدى بىلسان، سىيادان، قۇستە، ھەببۇلغار قاتارلىقلارنى ھاراق بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، بىرئاز قۇندۇز قەھرى ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەك ۋە بېقىنغا سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر بىمار كىچىك بالا بولسا ئالتە گرام شېكەر چىلاپ ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك يەلدىن بولسا ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن گاۋزىبان، شاھتەررە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئىتئۈزۈمى، پەرسىياۋشان توققۇز گرامدىن، گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر، بادرەنجى بۇيا، رۇم بەدىيان تۆت گرامدىن، چىلان ئون دانە، سەرپىستان 20 دانە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 24 گرام خېمىرى بىنەپشە ۋە 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ماددا پىشقاندىن كېيىن بىمارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ياكى ھەببى لاجۇۋەرد ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك يەلدىن بولغان بولسا، ماددىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج لوھانىزىيا، ئايارەج ئەركاغانس، ئايارەج جالىنۇس قاتارلىقلاردىن بىرى تاللاپ بېرىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن كۈچلەندۈرگۈچى ۋە تەڭشىگۈچى دورىلاردىن داۋئى مىشكى مۆتەدىل، جاۋارىش ئەنبەر قاتارلىقلار ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شاھتەرە، ئەرقى گۈل، شېكەر گۈلابى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ياكى ئەنجۇر شەربىتى بىلەن ئەرقى گاۋزىبان بېرىلىدۇ.

مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇندىن باشقا سىرتىدىن رەيھان ھارىقىغا پاختىنى چۆكۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ. رەۋغىنى نەرگىس، رەۋغىنى بابۇنە قاتارلىقلار كۆكرەك ۋە بېقىنغا سۈۋىلىدۇ. قوينىڭ كاللىسى قاينىتىلىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. بىنەپشە، ئىتئۈزۈمى، گاۋزىبان، بابۇنە، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، رەيھان قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، كېسەللىك ماددىنى تارقاتقۇچى ۋە بوشاتقۇچى دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۆچكە سۈتى، كالا سۈتى، بىنەپشە يېغى، كۈنجۈت يېغى، بابۇنە يېغى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

#### 4. بۇزۇق گاز (بۇخارات) ۋە توسالغۇدىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج اوجاع صدر وجنب سده بخارتى

بۇ كېسەللىكتە ئەگەر بۇزۇق گاز (بۇخاراتلار) قان خىلتىدىن پەيدا بولغان بولسا تېۋىپلار مۇۋاپىق دەپ قارالسا، باسلىق تومۇردىن مۇۋاپىق مىقداردا قان ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا، مەتبۇخ ئارقىلىق تەبىئەت يۇمشىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ: چىلان ئون دانە، شاھتەررە، گۈل بىنەپشە، قىزىلگۈل، پىرسىياۋشان، زىرە ھەربىرىدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، 36 گرام تەرەنجىبىن ۋە 36 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىرئاز ئاغرىق كېلىپ قالغان بولسا، شېكەر گۈلابى ۋە مائۇلھەسەل يېتەرلىك سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋائى مىشكى مۆتەدىل، گۈلقەنت، شەربىتى بۇزۇرى، شەربىتى لىمون قاتارلىقلارغا شىرخىست ۋە تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن سىركىگە بۇلۇتنى چۆكۈرۈپ ئىسسىتىپ، يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى بابۇنە يېغى، نامازشامگۈل يېغى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار كۆكرەك ۋە بېقىنغا

سۈۋۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتمىلىق يەلىنىڭ پەيدا بولۇشى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولسا، مائۇل پەۋاكىھ خېمىرى بىنەپشە ياكى لىمون شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسى پىشقاندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن، خىيارشەنبەر ۋە ھەببى نىل ياكى قۇرسى بىنەپشە ئارقىلىق سۈرگۈ بېرىلىدۇ. ئەگەر تازىلاشتىن كېيىن ئاغرىق قېپقالغان بولسا، گۈلقەنت نەرگىس (مەغەزگۈل گۈلقەنتى) ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بىدىمىشكى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئەرقى بىدىمىشكنى ئىلمان قىلىپ، بۇلۇتنى ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىتىپ يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى، بابۇنە يېغى، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلارنى قىزىتىپ، ئاق لەيلىگۈلى لوئابى، ھەمىشىباھار سۈيى، نامازشامگۈ ياغىچى سۈيى، سۆگەت ياغىچى سۈيى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋۈلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش توسالغۇ سەۋەبىدىن بولسا، كېسەللىك ماددىسىنى پارچىلاش، يۇمشىتىش ۋە تومۇرنى ئېچىش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ:

زۇپا، ھاشا، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن، بىستىپايەچ قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ياكى شەربىتى ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى قۇرسى رەۋەن شەربىتى دىنار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئەگەر ماددا ناھايىتى قويۇق بولسا چوڭ نۇسقۇلۇق ئايارەجلەر ئىشلىتىلىدۇ.

### 5. كۆكرەكتىكى ئەزالار ئىششىقىدىن بولغان كۆكرەك ۋە بېقىن ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج اوجاع صدروجنب نواحی صدر ورمی

ئىبنىسىنا قاتارلىق ئۇلۇغ تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە «بۇ كېسەللىكتە قان ئېلىش ۋە شۇنىڭغا قوشۇمچە باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىدۇ».

جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كېسەللىكتە قىزىتما بولسا سۈرگۈ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر سۈرگۈ بېرىشكە توغرا كەلسە، خىيارشەنبەر ۋە شىرخىست قاتارلىق يەڭگىل سۈرگىلەر بېرىلىدۇ. يەنە بۇنىڭدا سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ماددىنىڭ پىششى قىيىنلىشىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، بۇغداي سۈيى، ھەمىشىباھار قايناتمىسى ۋە باقىلا سۈيى بېرىلىدۇ. ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا ياكى كېسەللىك ھاۋا ئىسسىق كۈندە پەيدا بولغان بولسا، قاپاق يۇمغاقسۈت بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ؛ ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا، چىلان، كۆك ئۈزۈم بىلەن قاينىتىلغان ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا ماددىنى تازىلاش، قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەر بېرىلىدۇ. چىلان، بىنەپشە، خەشخاش، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى

مېغىزى، كاسىنە ئۇرۇقى، سەرپىستان قاتارلىقلار ياكى خەشخاش ۋە كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ ئۇرنىغا نىلۇپەر، شوخلا، ئاقلانغان ئارپا قوشۇپ قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇمشىتىش ئۈچۈن ئېھتىياج يۇقىرىراق بولسا ۋە كېسەللىك ئالامىتى ئېغىر بولسا، ئۇنىڭغا بىھى ئۇرۇقى لوئابى، سەمغى ئەرەبى تالقىنى، كەتىرا ۋە خەشخاش ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالغان بولسا يىرىڭنى چىقىرىش، ئىششىغان ئەزالارنى ئاغرىق-تىن قوغداش ۋە ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق پۈتۈن ئەزاغا تارقالغان بولسا سۈيۈق ھالدىكى مائۇلھەسەل ياكى گۈلاب ياكى شېكەر سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن تاتلىق ھاراق ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈنكى ھاراق بەلغەمنى كۆپەيتىدۇ. لېكىن بۇخىل ئىششىقلاردا ماددا پىششىتىن بۇرۇن ھاراق بېرىشكە بولمايدۇ. ھاراق بەرگەندە ھاراقنىڭ قىزىتىش ۋە ئۇسسۇزلۇق تەسىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دورىلار مۇۋاپىق دەپ قارال-سا، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، كاسىنە ئۇرۇقى، بىھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شىرىسى چىقىرىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىماردا جىگەر ياكى تال كېسەللىكى بولسا ھاراق بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا ھەسەل، قەنت مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە بىلەن تەرەنجىبىن قاتارلىقلارمۇ ئاغرىق توختىتىش ۋە ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن پايدىلىق. لېكىن چۇچۇمەل سىركەنجۇبىل بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر بېرىشكە توغرا كەلسە ئىلمان قىلىپ ياكى قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. مۆتىدىل سىركەنجۇبىلنىڭ زىيىنى بولمايدۇ. بەلكى ئۇسسۇزلۇق ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. ئارپا سۈيىمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بەزىدە تەبىئەتنى تەڭشەش ئۈچۈن چۇچۇمەل يېمەكلىكلەر ۋە بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

قىش كۈنلىرى بۇ كېسەللىكنىڭ ئىچىملىكى ئۈچۈن قايناق سۇ، شېكەر سۈيى، سۈيۈق مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ. ياز كۈنلىرى ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ. سوغۇق سۇ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بەك يۇقىرى بولسا گۈلاب ياكى سىركەنجە-ۋىلنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. كېسەللىك ساقىيىشقا باشلىغاندا سۇغا مۇسەللەس ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە چۇچۇمەل يېمەكلىكلەر، ياغلىق ئىستېمال قىلىش، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش، كۈچەپ پۈۋلەش، سوغۇق سۇ ئىچىش قاتارلىقلاردىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا كۆكرەك پەردە ياللۇغى كېسەللىكىنى داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن دىققەت

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

كۆكرەك ئەزالىرىنىڭ ھەرخىل ئىششىقلىرىدا كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش، تارقىتىش ۋە بەلغەمنى چىقىرىشقا ئاسانلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن زىمادلارنى ئىشلىتىش، ھۆللۈك ياكى قۇرۇق دورىلار بىلەن ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش، ماددىنى پىشۇرغۇچى ھالۋىلار ۋە يۇمشاتقۇچى، تازىغۇچى لوئوقلارنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ تۇرۇش لازىم. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى: كۆكرەك پەردە ياللۇغى كېسەللىكى بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل كۆكرەك پەردە ياللۇغى

## ذات الجنب

**تونۇش:**

كۆكرەك پەردە ياللۇغى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى.

ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا ئىششىق بولىدۇ. ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا قويۇق يەل بېقىن ئەتراپىدىكى شىللىق پەردىلەرنىڭ ئارىسىدا توختاپ قېلىپ ئاغرىش پەيدا قىلىدۇ.

ئىبنىسىنا بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن، يەنى «كۆكرەك پەردە-سى، قورساق پەردىسى، كۆكرەك مۇسكۇلى ۋە كۆكرەك ئەتراپىدا ئاغرىتقۇچى ئىششىق پەيدا بولىدۇ. لېكىن بەزىدە بۇ ئەزالاردا ئىششىق پەيدا بولمىسىمۇ ئاغرىش بولۇپ، بۇ ئاغرىق ئىششىقتىن بولغان ئاغرىققا ئوخشاش كېتىدۇ. بۇ ئاغرىق يەلدىن پەيدا بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆكرەك ۋە كۆكرەك ئەتراپىدا پەيدا بولىدىغان ئىسسىق-تىن بولغان ئىششىق كۆكرەك پەردە ياللۇغى دېيىلىدۇ. بۇ ئىششىقلار يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنۈپمۇ ئايرىم - ئايرىم ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ئىچكى مۇسكۇللار ياكى قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى پەردىلىرى ۋە ياكى دىئافراگمىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە بولسا بۇ خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە خالس) ياكى توغرا زاتىل جەنبى (زاتىل جەنبە سەھىھ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق تاشقى مۇسكۇللاردا ياكى قوۋۇرغىلارنىڭ تاشقى پەردىلىرىدە بولۇپ، بەزىلىرى تېرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بۇ خالىس بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبى غەيرىي خالس ياكى زاتىل جەنبى غەيرىي سەھىھ ۋە ياكى زاتىل جەنبى مۇغالىت) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە دىئافراگمىدا كۆرۈلگەن ئىششىق ئەڭ خەتەرلىك بولىدۇ.

رازى ۋە ساھىب كامىل تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: «ئەگەر ئىششىق قوۋۇرغىلارنىڭ

ئىچكى پەردىلىرىدە بولسا بۇ كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە) ، كۆكرەك مۇسكۇللى-رىدا بولسا بىقىن ئاغرىش (ۋە جىئە جەنبە) دېئاگرامىدا بولسا بەرسام دەپ ئاتىلىدۇ».

جەرجانى ۋە ئىلاقى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: «ئەگەر ئىششىق قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىدا بولسا بۇ كۆكرەك پەردە ياللۇغى (شوسە) ، كۆكرەكنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدە بولسا بەرسام، دېئافراگمىدا بولسا زاتىل جەنبە دەپ ئاتىلىدۇ».

تەبرى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: «ئەگەر قوۋۇرغىنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدە كېسەل-لىك ئۆزگىرىشى بولسا زاتىل جەنبە خالس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىششىق ئاغرىش ۋە ھەرخىل قاپارتمىلار تەسىرىدىن بولىدۇ. ئەگەر قوۋۇرغا ئىچكى مۇسكۇللىرىنى ئورۇپ تۇرغۇچى قورساق پەردىسى قاتارلىقلار كېسەللەنگەندە بۇ زاتىل جەنبە مۇغالتە دەپ ئاتىلىدۇ.

سابىتبىننى قەررە تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: «ئىششىق دېئاگرامىدا بولسا بۇ زاتىل جەنبە سەھىھ قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىدا بولسا بۇ زاتۇل جەنبە غەيرىي سەھىھ دەپ ئاتىلىدۇ. »

دېمەك، ھەربىر ئالىمنىڭ بۇ كېسەللىككە بولغان قارىشى ئوخشىمايدۇ.

**سەۋەبى:**

ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغى كۆكرەك ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىششىقلاردىن بولىدۇ. تۆت خىل خىلتنىڭ سان ـ سۈپەت جەھەتتە غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىپ، ئۆزئارا ئالمىشىش نەتىجىسىدە كۆكرەكتە ئىششىق پەيدا قىلىپ، كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ. ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى يەلدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

سەپرا خىلتىغا غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بولغان ئىششىقتا كۆپىنچە قىزىتما بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بولغان ئىش-شىقتا تەپ كېسىلىگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇخىل ئىششىق ئانچە خەتەرلىك بولمايدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بولغان ئىششىقتا چىرىش، ياللۇغلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇخىل ئىششىق ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ. تەبرى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن: «سەۋدا خىلتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى دېگىنىمىز، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ سەۋدا خىلتىغا ئارىلى-شىشىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى.

سەپرادىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى دېگىنىمىز، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ سەپرا خىلتىغا قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇ-غى. بەلغەمدىن پەيدا بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى دېگىنىمىز، بەلغەم ئارىلاشقان جىددىي ئىششىقتىن پەيدا بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى. ئۇندىن باشقا باش ياكى كۆكرەك ئەتراپى ياكى قان تومۇرلاردا خىلتلار توپلىشىۋېلىپ كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى پەيدا قىلىدۇ ياكى

باشتىن چۈشكەن نەزلىدىنمۇ بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە كۈز ياكى قىش پەسىللىرى كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. ياز پەسلىدە يامغۇر ياغقان ۋاقىتلاردا ئاز ساندا پەيدا بولىدۇ. ياشانغانلارنىڭ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن. لېكىن گىرىپتار بولۇپ قالسا ساقىيالمايدۇ، ھامىلىدار ئاياللاردا بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلسە ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل خەتەرلىك كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالىرىمۇ ئۇچرايدۇ ياكى كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، بوغما كېسەللىكى، ئۆپكە ياللۇغى، تۇبېركۇلوز ۋە ھوشسىزلىنىش (غەششى) قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بىماردا قان تۈكۈرۈش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىت كېسەلنىڭ خەتەرلىك ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا بېقىن ئاغرىش بولسا قىزىتما ۋە يۆتەل بار يوقلۇقى ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر قىزىتما ۋە يۆتەل بولمىسا ۋە سوغۇقلۇق ئالامىتى بولسا، بۇ ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى بولىدۇ.

ئەگەر قىزىتما ۋە يۆتەل بولسا بۇ ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغى بولىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ھەقىقىي كۆكرەك ياللۇغى بولسا قىزىتمىنىڭ ئەھۋالى، قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىدا بېسىلىش ۋە تېلىپ ئاغرىش ئەھۋالى، نەپەسلىنىشتە قىينىلىش ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقى ۋە ئارقىمۇئارقا بولۇشى، تومۇر ھەرىكىتىنىڭ قاتتىق ۋە ھەرە چىشسىمان بولۇشى، قۇرۇق يۆتەل بولۇش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئېنىقلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپ، بۇندىن باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلمىسە، بۇ زاتىل جەنبە خالىس ۋە سەھىھ بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە ئاغرىق قوۋۇرغا ئەتراپىغا مايىللاق بولسا، دەم سىقىلىش ئەھۋالى ئېغىر بولسا، قىزىتما تەدرىجى ئۆرلىگەن بولسا، بۇ دىئافراگما ئىششىقى بولىدۇ.

ئەگەر كۆمۈرچەك تەرەپكە مايىل بولسا ئىششىق قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى پەردىلىرىدە بولىدۇ.

ئەگەر ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى يەڭگىل بولۇپ سانجىلىپ ئاغرىش كۆپ بولمىسا، تومۇر ھەرىكىتى ھەرە چىشسىمان بولسا، بەلغەمدە ھېچقانداق نەرسە چىقمىسا، يەرلىك ئورۇنى باسقاندا ئاغرىش مەلۇم بولسا، بۇ زاتىل جەنبە غەيرىي خالىس ۋە غەيرىي سەھىب بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئەھۋاللار بىلەن بىرگە سانجىلىپ ئاغرىش ۋە تومۇر ھەرىكىتى يۇمشاق بولۇپ، ئاغرىش تاغاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئاستىدا بولسا ئىششىق تاشقى مۇسكۇللاردا بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى ھەرە چېشىسمان بولۇپ يېنىكرەك دەم سىقىلىش بولسا، ئىششىق قوۋۇرغىلارنىڭ تاشقى مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ ۋە بۇ ئىششىق تېرىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ئىششىق كۆپىنچە سىرتقى تەرەپكە ئېغىز ئالىدۇ.

خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغى ياكى خالىس بولمىغان ئۆپكە ياللۇغىغا دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قايسى خىلىت تەسىرىدىن بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش ئۇستى تەرەپكە مايىل بولۇپ ئېچىشىش ۋە كۈچلۈك قىزىتما بولسا، كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان ياكى سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىدە بولۇپ قىزىتما كۈچلۈك بولمىسا، كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەۋدا خىلىتىدىن بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش ئۇستى تەرەپكە مايىل بولۇپ ئېچىشىش ۋە كۈچلۈك قىزىتما بولۇش بىلەن بىرگە تارتىشىش كۈچلۈك، چىرايىنىڭ رەڭگى قىزىل، تومۇر ھەرىكىتى توم ھەم ھەرە چېشىسمان بولسا ۋە داۋاملىق قىزىتما بولۇپ، دەم سىقىلىش ئېغىر، بەلغەمنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بولسا، كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش ئۇستى تەرەپكە مايىل بولۇپ ئېچىشىش ۋە كۈچلۈك قىزىتما بولۇش بىلەن بىرگە سانجىلىپ ئاغرىش بولسا، تومۇر ھەرىكىتى قاتتىق، ئىنچىكە، تېز ۋە ئارقىمۇ ئارقا بولسا، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل سېرىق بولسا، ئېغىر قىزىتما بولۇپ تۇتقاقلىق بولسا، بەلغەمنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولۇپ ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا ۋە كۆپ جۆيلۈش ئەھۋالى بولسا، كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق ئاستى تەرەپتە بولۇپ، قىزىتما يەڭگىل بولۇش بىلەن بىرگە بەدەن ئېغىرلىق، چىرايى پارقىراش، بېشى داۋاملىق ئاغرىش، كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرۇش، تولا كېرىلىپ ئەسنەش، تومۇر ھەرىكىتى يومشاق بولۇش، قىزىتما كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاش ۋە بەلغەم ئاققا مايىل بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق ئاستى تەرەپكە مايىل بولۇپ، يەڭگىل قىزىتما بولۇش بىلەن بىرگە چىرايىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇپ سانجىلىش، بېسىلىش، ئېغىزى قۇرۇش، تىلى يىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى بولسا، تىلىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇپ، كۆزلىرى كىچىك، ئىككى چېكىسى قۇرغاق، قىزىتمىنىڭ تۇرۇش ۋاقتى تۆت كۈن بولسا ۋە بەلغەمدىن ھېچ نەرسە چىقماي بىر دەمدىن كېيىن كۆككە ياكى قارىغا مايىل بەلغەم چىقسا، بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان بولىدۇ.

**پەرقلەندۇرۇش:**

كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنىڭ ئالامەتلىرى مېڭە پەردە ياللۇغى

(سەرسام) نىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. پەرقى: بۇنى پەرقلەندۈرۈشتە دىئافراگما يالللۇغى (بەرسام) دا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

كۆكرەك پەردە يالللۇغىنىڭ يۆتەل، دەم سىقىلىش، قىزىتما قاتارلىق ئالامەتلىرى جىگەر ئىششىقى (زاتول كەبەن) نىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشايدۇ ۋە بەلغەم تۈكۈرۈش ئەھۋالى ئۆپكە يالللۇغىنىڭ بەلغەم تۈكۈرۈش ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. پەرقى: جىگەر ۋە ئۆپكە يالللۇغىدا تومۇرى دولقۇنسىمان بولۇپ، ھەرە چىشسىمان بولمايدۇ ھەم بۇ ئىككىسىدە ئاغرىشتا ئېغىرلىق بولۇپ سانجىلىش بولمايدۇ. يەنە جىگەر يالللۇغىدا چىرايى تاتىراڭغۇ ياكى سېرىققا مايىل بولۇپ، يۆتەل بىلەن ھېچ نەرسە چىقمايدۇ. تىل دەسلەپتە سېرىق، كېيىن قارىداپ قالغان بولىدۇ. سۈيدۈكى قويۇق رەڭلىك تۇلۇمسىمان بولىدۇ. چوڭ تەرىتى جىگەر رەڭدە ۋە گۆش يۇغان سۇدەك بولىدۇ. ئوڭ تەرەپتە ئېغىرلىق بولۇپ جىگەرنىڭ ئورنىنى قول بىلەن باسسا ئاغرىيدۇ ھەمدە جىگەر يالللۇغىدا سىيلاش ئارقىلىقمۇ ئىششىقنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۆپكە يالللۇغىدا دەم سىقىلىش ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، تېنى قىزىق بولىدۇ ۋە ئۆپكە يالللۇغىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

يامان ياكى ياخشى سۈپەتلىك بولۇشنى پەرقلەندۈرۈش:

بۇ كېسەللىكنىڭ بەزىلىرىنى ئاسان داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. بەزىلىرىنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تېۋىپلار كېسەللىك ئالامىتىگە قاراپ بۇ كېسەلنى يامان ۋە ياخشى سۈپەتلىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىغان. بۇنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

**بەلغەم (خەپرۇك) تەكشۈرۈش:**

بۇنىڭدا بەلغەم تۈكۈرۈش ئالامىتى ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

1. بەلغەمنى چىقىرىش ئاسان بولۇپ، پىشۇرغۇچى دورا ئىشلەتكەندە دەسلەپتە ماددىنىڭ بىرقەدەر پىشقانلىقى ئۇندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا تولۇق پىشقانلىق ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئەكسىچە بولسا، يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. بەلغەمنىڭ چىقىشى ئاسان بولۇپ رەڭگى ئاق، قىيامى نورمال بولسا، بەلغەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىمار يەڭگىللىك ھېس قىلسا، تومۇر ھەرىكىتىدە قاتتىقلىق ۋە ھەرەچىشسىمان سوقۇش ئەھۋالى بولمىسا، ئاغرىق ۋە باشقا ئالامەتلەر ئېغىر بولمىسا، ئۇيقۇ، نەپەسلىنىش، ئىشتىھا، ئۇسسۇزلۇق، چوڭ - كىچىك تەرەت، ئەقلى - ھوشى قاتارلىقلار نورمال بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولسا، يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلاپ قالغانلىقىـ

نى بىلدۈرىدۇ.

3. چوڭ تەرەت نورمالسىز بولۇپ، پۇرىقى ناھايىتى سېسىق، رەڭگى ئىنتايىن سېرىق بولسا، بەلغەم ناھايىتى تەس چىقسا ياكى چىقمىسا، شىلىمشىق بولۇپ رەڭگى قىزىل ياكى قارا ياكى كۆكۈش ۋە ياكى توپا رەڭلىك بولسا، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى قارىغا مايىل، قىيامى نورمالسىز، پۇرىقى ناھايىتى سېسىق بولسا، پۇت ـ قولى سوۋۇپ كېتىش بىلەن بىرگە ئىچكى بەدەندە ناھايىتى قاتتىق ھارارەت بولسا، ئېچىشىش ئەھۋالى، ئاغرىق ئېغىرلىشىپ كەتسە، بۇ كېسەللىكنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاغرىغان يېقىن تەرىپىنى بېسىپ ياتسا ئاغرىق ئېغىرلىشىپ كەتسە، بۇ كېسەللىكنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

4. كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ئۆپكە پەردە ياللۇغىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئىچى سۈرۈش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. بۇ جىگەر ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، بۇ كېسەللىكنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئىچى سۈرسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ئېغىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۇ.

5. كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا قوۋۇرغا ئەتراپىنىڭ ئاستى تەرىپىدە لىكىلداش (ئىختىلاج) ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇ كۆپىنچە كېسەللىكنىڭ مېڭە پەردە ياللۇغىغا ئۆزگەرگىلى باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

6. كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا بەلغەم ئارقىلىق ماددا چىقىپ قىزىتما توختىمىسا ھەمدە بەدەن سىرتىغا قاپارتما چىقىپ كەتسە، بۇ كېسەلنىڭ ناھايىتى يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

7. كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا تۈكۈرۈشنىڭ بولماسلىقى بەدەن ئاجىزلىق ۋە كەم ماغدۇرلۇقتىن بولىدۇ. بۇ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىتنىڭ بۇزۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ كېسەلنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى بۇزۇلغان خىلىت كۆپىيىپ چىقىپ كېتەلمىسە، بۇ بەلغەم توختاپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇمۇ كېسەللىكنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

8. ياخشى سۈپەتلىك بەلغەم: بەلغەمنىڭ چىقىشى ئاسان، سۈرئىتى تېز، مىقدارى كۆپ، رەڭگى ئاق، قىيامى ۋە تەركىبى نورمال بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كېسەللىكتە ماددا پىشىشتىن ئىلگىرى ئەقىل ئېلىشىش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئۇندىن باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولسا، كېسەللىك ماددا پىشقاندىن كېيىن يوقىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بەلغەمنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل ئاق ياكى سېرىققا مايىل بولۇپ كۆپۈك پەيدا بولىدۇ.

9. يامان سۈپەتلىك بەلغەم: بەلغەم دەسلەپتە قىزىل ياكى سېرىق شىلىمشىق بولىدۇ. ئەگەر بەلغەمنىڭ رەڭگى قارا ۋە پۇرىقى سېسىق بولسا ياكى بەلغەمدىن كېيىنمۇ ھەرخىل ئالامەتلەردە يەڭگىللەش بولمىسا، بۇ بەلغەمنىڭ ئىنتايىن يامان سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

10. ئادەتتىكى بەلغەم: بەلغەمگە قان، سەپرا، سەۋدا قاتارلىق خىلتلار ئارىلاشمىغان بولسا، تېۋىپلار ئۇنى ئادەتتىكى بەلغەم دەپ ئاتىغان. ئەگەر بۇ بەلغەم بىرىنچچە كۈن داۋاملىق چىققان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ماددا ئارىلاشمىغان بولسا، خىلتىنىڭ پىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە كېسەلنىڭ ئۇزارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تۇزلۇق بەلغەم بولسا نەزلىنىڭ يېگۈچى (ئەككال) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ:

11. ئەگەر بەلغەم بولمىسا ياكى بەلغەم سۇيۇق، ئاز مىقداردا بولسا ۋە ياكى بەلغەم ئادەتتىكى بەلغەم بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

12. ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئەگىشىپ بەلغەم كۆپەيگەن بولۇپ، بەلغەمدە سۇيۇلۇش بولۇپ ئاسان چىقسا ياكى قىزارغاندىن كېيىن سېرىققا مايىل بولسا، بۇ كېسەللىك ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

13. ئەگەر پىشقان بەلغەم تولۇق مىقداردا ئاسان چىققان بولسا ۋە ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاغرىشتا يەڭگىللەش بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

14. ئەگەر بەلغەمنىڭ مىقدارى ئاز بولۇپ ئاسان چىقسا ۋە ئۇنىڭ قىيامى نورمال بولۇپ ئاغرىش ۋە باشقا ئالامەتلەر ئازلىغان بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. ئۇندىن كېيىن بەلغەم توختاپ كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقالغان بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى:

ئەگەر بەلغەم تەس چىقسا ۋە تازىلانمىسا بۇ ئىششىقتا يىرىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئاغرىق كۈچىيىدۇ، دەم سىقىلىدۇ. قىزىتما ئېغىرلىشىدۇ. تىل يىرىك بولىدۇ. قۇرۇق يۆتەل، ئىشتىھاسىزلىق، ئەقلى بۇزۇلۇش، ئۇخلىيالماسلىق ۋە يەرلىك ئورۇندا ئېغىرلىق بولىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ توشقان بولسا ۋە ئىششىق ئوبدان پىشقان بولسا قىزىتما ۋە ئاغرىق تۆۋەنلەيدۇ، بىراق ئېغىرلىق كۆپىيىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئىششىق ئېغىز ئالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. لېكىن ئىششىق ئېغىز ئالغاندا يەنە قىزىتما كۆپىيىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق تىترەش بولۇپ، بۇ تىترەش ئوخشىمىغان قىزىتمىلار تەسىرىدىن، بولۇپمۇ تۆتاشقۇچى ئەزالار تەسىرىدىن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تومۇر ھەرىكىتى قالايمىقان بولىدۇ، بەدەن ئاجىزلايدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ چىرايى قىزىل بولىدۇ. بارماق قىزىق بولىدۇ.

ئىششىق ئېغىز ئېلىپ 40 كۈن ئىچىدە يىرىڭ پاكىزلىنىپ بولمىسا، بۇ كۆپىنچە سىل كېسىلىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئادەتتە يىرىڭ توشقاندىن باشلاپ يەتتىنچى كۈنى ئېغىز ئالىدۇ. لېكىن بەزىدە ۋاقىت ئۇزىراپ 11 كۈن، 14 كۈن، 20 كۈن 40 كۈن ھەتتا

60 كۈنگە سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. ئاغرىق قانچە كۈچلۈك بولسا ئېغىز ئېلىشى شۇنچە تېز، ئاغرىق قانچە يەڭگىل بولسا ئېغىز ئېلىشى شۇنچە ئاستا بولىدۇ.

خەتەرلىك ئالامەتلەر بىلەن بىرگە سۈيدۈك ئەھۋالى ياخشى بولسا بۇ ئانچە خەتەرلىك ئەمەس، ھەم ئىششىقتا يىرىڭ تولۇشمۇ ئانچە خەتەرلىك ئەمەس.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا داۋالاش ئارقىلىق كېسەل يەڭگىللەشمىسە ۋە بەلغەم ئازلىمىسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەنلىمىسە كېسەللىكنىڭ ھەرخىل ئالامەتلىرىگە قاراپ يىرىڭ توشقانلىقى ياكى كېسەلنىڭ خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋې-لىش لازىم.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتىدە ئۆتكۈرلۈك ۋە تېزلىشىش بولۇپ ئارقىمۇئارقا سېلىش يۈز بەرسە ۋە بىمارنىڭ بەدىنى كۈچلۈك بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئۆپكە ياللۇغى ياكى تۇبېركۇ-لوزغا ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا كەم ماغدۇرلۇق، ئىشتىھاسىز-لىق قاتارلىق ئالامەتلەر بولمىسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ياخشىلىنىشىدا ئۈمىد بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كەم ماغدۇرلۇق، ئىشتىھاسىزلىق بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى ئېغىز ئالغان ۋە يىرىڭلار كۆكرەك بوشلۇقىغا چۈشكەن بولسا، بىماردا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كېسەللىكتە يەڭگىللەش بولغاندەك مەلۇم بولىدۇ. لېكىن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە كېسەللىك ئەسلىي ھالىتىگە كېلىۋالىدۇ ۋە تۇبېركۇ-لوزنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ.

كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ بوھران كۈنلىرى:

كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ بوھران كۈنلىرى كۆپىنچە 11 ـ ۋە 14 ـ كۈنلىرى ئىچىدە بولىدۇ. ئاز ساندا ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ كۆرۈلىدۇ. كېسەللىك ماددىسى ئاز بولۇپ، بەلغەم پىشقان بولسا بوھران كۈنىمۇ تېز بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا بىرىنچى كۈنلا بەلغەمدە خام سۇيۇقلۇق چىققان بولسا بۇ سۇيۇقلۇق تۆت كۈن ئىچىدە پىشىدۇ ۋە يەتتىنچى كۈنى بوھران يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر خام سۇيۇقلۇق چىقىش بىرىنچى كۈنى بەلغەم تۈكۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى بولماستىن بەلكى ئىككىنچى كۈنى بولسا ئۇنىڭ 11 ـ كۈنى بوھران يۈز بېرىدۇ. دەسلەپكى كۈنى بولسا بوھران 14 ـ كۈنى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر خام سۇيۇقلۇق چىقىش تۆتىنچى كۈنىدە بولسا بوھران 10 ـ ياكى 20 ـ كۈنى بوھران يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر بەلغەم تۈكۈرۈشنىڭ باشلىنىشى تۆت كۈن ئىچىدە بولماستىن بەلكى 5 ـ 6 ـ كۈنلىرى بولسا ئۇنىڭدا ماددا پىشىش ئالامەتلىرى بولمىسا، كېسەللىكنىڭ ۋاقتى

ئۇزارغانلىقى ۋە بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ئىشتىھاسى، يېشى قاتارلىقلار ئېتىبارى بىلەن خەتەرلىك ئالامەتلەر بولمىسا، ئۇنىڭ ساقىيىش ئۇمىدى بولىدۇ. ئەگەر 7 ـ كۈنگىچە بەلغەم بولمىسا ياكى بەلغەمگە ھېچقانداق ماددا ئارىلاشمىغان بولسا ۋە پىشمىغان ماددا ئارىلاش ھالەتتە بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇۋۋەت ئاجىز بولسا، ماددا پىششىتىن ئىلگىرى قۇۋۋەت يوقىلىدۇ ۋە بۇ خىل ئەھۋالدا بىمار 14 كۈن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ.

ئەگەر بەلغەم ئادەتتىكى بەلغەم بولۇپ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى كۈنى چىققان بولسا، بۇ كېسەللىك ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقىنىڭ ئالامىتى. ئەگەر بەلغەم بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چىققان بولسا، بۇ كېسەللىك ۋاقتىنىڭ ئۇزارغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

**داۋالاش:**

قەرشى ۋە ساھىبى شىپائۇلئەسقام دېگەن، مۇتەخەسسىسلەر «بۇ كېسەللىكتە قان ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، قان ئېلىش ئۇسۇلى ئۆپكە ياللۇغىدىن قان ئېلىشقا ئوخشايدۇ، ئۇندىن باشقا ئارتۇق خىلتنى تازىلاش ۋە تەبىئەتنى يۇمشىتىش ۋە يەڭگىل كلىزمىلارنى ئىشلىتىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن بەلغەم بوشىتىش ۋە ئۇنىڭ قويۇقلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىسپىغۇل، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بىرئاز قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن بادام يېغى ۋە ئاق موم داۋالىق كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، سوۋۇتقۇچى ۋە قان تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار بېرىلىدۇ.

ئارپا سۈيى، شەربىتى بىنەپشە ياكى مۇغەللى ھالۋا بىلەن بېرىلىدۇ. چىلان، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، چۈچۈكبۇيا شىرىسى قاتارلىقلارغا شەربىتى بىنەپشە ياكى شەربىتى نىلۇپەر بىلەن بىنەپشە شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تاتلىق ئانار شەربىتىنى ئەرقى گاۋزىبان ياكى شەربىتى بىنەپشە ۋە شەربىتى نىلۇپەرنى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن ياكى چىلان شەربىتى يالغۇز ھالەتتە ۋە ياكى نىلۇپەر شەربىتى يالغۇز ئىستېمال قىلدۇرسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ماددا سۇيۇق بولسا شەربىتى خەشخاش، چىلان شەربىتى ياكى خەشخاش پوستى، چىلان، سەرپىستان، يۇمغاقسۈت، ئەدەس قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، خەشخاش شەربىتى ياكى چىلان شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك بولسا قىزىتمىنى ياندۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك لازىم. ئەگەر ھارارەت ۋە قىزىتما بولمىسا زۇپا شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك ئىششىقى بىلەن بىللە ناھايىتى قاتتىق ئىچ سۈرۈش بولسا، بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تېز ئاجىزلاشقا باشلايدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا قۇۋۋەتنى تولۇقلاپ بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئەڭ مۇھىم.

بۇ كېسەللىككە نىسبەتەن كۆپ ساندىكى قابىز دورىلار ۋە بارلىق ئىچ سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەھۋالدا قەۋزىيەت- لىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمما كۆكرەك ئەزالىرىغا زىيانسىز بولغان دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ. سەندەل شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى، ھەببۇلئاس شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلار قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ كۆكرەك ئەزالىرى ۋە كۆكرەك ئىششىقى ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس ۋە يۆتەلنىمۇ كۆپەيتىۋەتمەيدۇ.

ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولغاندا ئىچ سۈرۈش بولمىسا تاۋۇز سۈيىگە قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلسە، ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر تاتلىق شەربەتلەرنى بەرگەندە سەپرانىڭ ئۆلغىيىپ كېتىش خەتىرى بولسا ئەينۇلا شەربىتى بېرىلىدۇ. بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە نىلۇپەر شەربىتىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلى- دۇ.

كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە ئۇزۇقلاندۇرۇشتا قەنت ياكى نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ. بىراق كېسەللىك دەسلەپكى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا ۋە بىر ئاز قۇۋۋەت تولۇقلاشقا توغرا كەلسە بادام ھالۋىسى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىشتىھاسى ياخشى بولسا پالەك ۋە ھەمىشباھار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بۇغداي كېپىكى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، شېكەر، بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

قىزىتما يۇقىرىلىغان ۋە ئاغرىق كۈچەيگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇ- رۇش، بەلغەم تۈكۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە بىمارنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە خام قايماق ۋە شېكەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر تەبىئەت يۇمشاق بولسا يۇمشاق ئۇن ۋە قورۇلغان بادام مېغىزى بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن بىمار كۈچلۈك بولسا ۋە ھارارەت يۇقىرى بولمىسا، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن مۇۋاپىق قۇۋۋەتلىگۈچى يېمەكلىكلەرنى بېرىپ بەلغەم چىقىرىش ئۈچۈن قۇۋۋەتلەندۈرۈش كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەككى، يېمەكلىكنى كۆپ بېرىشمۇ كېسەللىكنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ.

شۇڭا، يېمەكلىكنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتمەسلىك لازىم.

ئەگەر كېسەللىكتە كۆچ ـ قۇۋۋەت ئاجىزلىغان بولسا توخۇ گۆشى ئىستېمال قىلدۇ-رۇلسا بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا ھۆللۈك يەتكۈزۈش، كۆچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە خىلىتلارنىمۇ تەڭشەپ تۇرۇش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن ۋە بەك يۇيۇنۇپ كېتىشتىن پەرھىز قىلىش لازىم.

ئەگەر كېسەللىكتە ساقىيىش ۋە ياخشىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسا قورۇلغان توخۇ گۆشى بېرىلىدۇ ياكى ئاق موم ۋە بىنەپشە يېغىنى ئىلمان قىلىپ زىماد قىلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، قىزىل موم قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاق مومنى كۆپ يۇيۇش ئۇنىڭ تەبىئىنى سوغۇقلۇققا مايىلراق قىلىپ قويىدۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى پىشۇرۇش خۇسۇسىيىتى يوقىلىدۇ. ئۇ پەقەت كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى خەتەرنى يوقىتىش مەقسىتىدىلا بېرىلىدۇ. بىراق قىزىل موم كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ماددىنى پىشۇرۇش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

تۆۋەندە كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ:

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى:

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئەينۇلا بەش دانە، چىلان، ئۈزۈم، سەرپىستان 15 دانىدىن، نىلۇپەر، گۈل بىنەپشىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلارنى قايناق سۇغا چىلاپ سۈزۈپ، 48 گرام خىيار شەنبەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا 72 گرام بىنەپشە شەربىتى، ئىككى گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ كۆڭلى ئاينىپ بۇ دورىنى ئىچەلمىسە خىيارشەنبەر ئورنىغا تەرەنجە-بىن ۋە شىرخشت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە شوخلا سۈيى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىششىقتا دەسلەپتە پىشىش ئالامىتى كۆرۈلسە، چىلان، ئەنجۈر، بۇغداي كېپىكى، ئاقلانغان ئارپا ۋە پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، خېمىرى بىنەپشە بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ماددىنىڭ پىشىشىنى تولۇقلاش ۋە ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن بۇغداي كېپىكى ھالۋىسى ۋە شېكەر قومۇشى ئىستېمال قىلدۇرۇ-لىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن قىزىتما يوقىلىپ، بىمارنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش كۆرۈلگەن بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تارقىتىش، تەر تۆشۈكچىلىرىنى

ئېچىش ۋە قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن كېيىن باش ۋە كۆكرەككە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى كۆكرەك ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن ئادەتتىكى ئېھتىياتسىزلىقتىنمۇ باشتىن كۆكرەك ئەزالىرى تەرەپكە بۇزۇق ماددىلار چۈشۈپ غىدىقلاپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاغرىقلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۇلار-نىڭ سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

## 1. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلىتىدىن بولغان ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:

*علاج ذات الجنب خالص دموی وصفراوی*

بۇ كېسەللىككە قارىتا بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان قاتارلىق-لارنى قايناتتىپ سۈزۈپ، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە سېمىزئوت ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش ئېشى ياكى ئارپا سۈيىگە چىلان، سەرپىستان، بىنەپشە ئارىلا-شتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەن ئاجىزلىغان بولسا توخۇ گۆشى شورپىسى ئاقلانغان ئارپا بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلسە بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن 36 گرام بىنەپشە شەربىتى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن ئەرقى شوخلا ياكى ئەرقى نىلۇپەر ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن 18 گرام ئاق مومنى 24 گرام گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ ياكى بۇ دورىنى داكىغا سۈۋاپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن كونا پاختا تېڭىپ قويۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن شوخلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى ھەربىرى تۆت گرامدىن قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، موم ۋە گۈل يېغى ھەربىرىدىن 24 گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە زىماد قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق توختىمىسا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تارقىتىش ئۈچۈن راقىن دېگەن تېۋىپنىڭ تۆۋەندىكى قىروتى ئىشلىتىلىدۇ. يەنى گۈل بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ، 250 مىللىلىتىر سۇغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايناتتىپ سۈزۈپ، 30 گرام گۈل يېغى ۋە 30 گرام موم ئارىلاشتۇرۇپ يەنە قايناتتىپ، ياغ قىسمى قالغاندا داكىغا سۈۋاپ، يەرلىك ئورۇنغا ئىللمان ھالەتتە چاپلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەكىم ئولۇغخاننىڭ قىروتىسى ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن بىرگە ئاشقازان ئاغرىش بولسا يۇقىرىقى كېسەل-لىككە ئىشلەتكەن قايناتىلما تەركىبىدىكى سەرپىستاننى چىقىرىۋېتىپ، ئوسۇك ئۇرۇقى ئورنىغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ياكى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى ھامىلىدار ئاياللاردا كۆرۈلگەن بولسا يۇقىرىقى كېسەل-

لىككە ئىشلەتكەن قايىنتىلما تەركىبىگە گاۋزىبان، ھەمىشباھار، ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنى قوشۇپ، ئۇسۇك ئۇرۇقى ۋە خاكشىلارنى ئارىلاشتۇرماي بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ئېغىزدىن بىرئاز قان چىققان ۋە ئىچى سۈرگۈندىمۇ قان كەلگەن بولسا، گۈل بىنەپشە يەتتە گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ئالتە گرام، چىلان تۆت دانە، گاۋزىبان بەش گرام قاتارلىقلارنى قايىنتىپ سۈزۈپ، ئەنجىباھار يىلتىزى پوستى شىرىسى ئالتە گرام، بىنەپشە شەربىتى 24 گرام، پاقىيوپۇرمىقى بەش گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن گۈل بىنەپشە، ئاق لەيلىگۈلى، زىغىر ئۇرۇقى، بابۇنەگۈلى ئۈچ گرامدىن قاتارلىقلارنى سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە يەرلىك ئورۇنغا سۈۋۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن كونا پاختا بىلەن تېڭىلىدۇ.

ئەگەر قان، بەلغەم بىلەن بىرگە چىقسا ۋە دەم سىقىلىش بولسا، چىلان، بېھى ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىدىن ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن گۈل يېغىنى كۆكنار سۈيى بىلەن قايىنتىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، چىلان، سەرپىستان، نىلۇپەر گۈلى، گۈل بىنەپشە، چالا سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان، پىرسىياۋشان قاتارلىقلاردىن ئۈچ ياكى تۆت خىلىنى تاللاپ ئېلىپ قايىنتىپ، قايىنتىلمىغا تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، بادام مېغىزى شىرىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى قاتارلىقلاردىن بىر ياكى ئىككى خىلى ۋە بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، چىلان شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، شەربىتى شىپاھ، قەنت قاتارلىقلاردىن بىر ياكى ئىككى خىلى ۋە ئۇنىڭغا ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى بىدە سادده قاتارلىقلاردىن بىر ياكى ئىككى خىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە سەمغى ئەرەبى ۋە كەتىرا تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق كۆپ بولسا مۇناسىۋەتلىك لۇئاب ۋە شىرىلەر يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر تازىلاش كېرەك بولسا سۈرگۈ ئىچىدىغان كۈنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن خىيارشەنبەر، بادام يېغى، تەرەنجىبىن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

توققۇزىنچى كۈنى چىلان يەتتە دانە، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان بەش گرامدىن، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن چىلاپ ياكى قايىنتىپ، ئۇنىڭغا 48 گرام شەربىتى بىنەپشە، توققۇز گرام رەيھان ئۇرۇقى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى سەككىزىنچى كۈنى چىلان بەش دانە، سەر-

پىستان 20 دانە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان ھىندى تۆت گرامدىن، يەرلىك شوخلا توققۇز گرام، نىلۇپەر بىنەپشە، ھەمىشىباھار، شاھتەررە، چالا سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرىنى ئالتە گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى شوخلىغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، خىيارشەنبەر 72 گرام، تەرەنجىبىن 48 گرام، گۈلقەنت 36 گرام، بادام يېغى ئالتە گرام قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ سۈرگۈ بېرىلىپ، ئىككىنچى كۈنى بۇ سۈرگىگە چىلان، بېھى ئۇرۇقى چىلانمىسى، شەربىتى بىنەپشە ۋە لايىقلاشتۇرۇلغان ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر سۈرگىنى توختىتىش تەلىپى كۈچلۈكرەك بولسا يۇقىرىقى نۇسخىغا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قوشۇلسا بولىدۇ. ئەگەر يۆتەل ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمىسا تۆۋەندە-كى دورىلار بېرىلىدۇ.

ئاق لەيلى يىلتىزى تۆت گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى توققۇز گرامدىن، ئۈچ گرام بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ 120 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا ۋە 120 مىللىلىتىر ئەرقى نىلۇپەر ئارقىلىق شىرە ۋە لوئابلىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە توققۇز گرام ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورىنى بېرىپ ئىككىنچى كۈنى سۈرگۈ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا پىرسىياۋشان تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، كاسىنە يىلتىزى ئالتە گرام قاتارلىقلار ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى سۈرگىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن چىلان، گاۋزىبان، گۈل بىنەپشە، شوخلا قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئەرەقلەرگە چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، ئۇنىڭغا بىنەپشە شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەرەقلەر ۋە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى بىلەن خېمىرى گاۋزىبان ۋە خېمىرى ئەبرىشىم بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىچ سۈرۈش بولسا ۋە تومۇر ھەرىكىتىدە توشۇپ قېلىش مەلۇم بولسا ئۇزۇقلۇقنى توختىتىپ لاچىندانە شىرىسى ئۈچ گرام، شوخلا ئەرقى 60 گرام، ئاپتاپتا پىشۇرۇلغان گۈلقەنت 24 گرام قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش ئېغىر بولسا گۈلقەنت ئورنىغا مۇۋاپىق ھالدىكى شەربەت ئارىلاشتۇ-رۇپ، ئۈستىگە تۆت گرام پاقىيوپۇرمىقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە ئېچىشىش بولسا يۇقىرىقى دورىغا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھارارەت تۆۋەنلىگەندىن كېيىن سۈيدۈك ھەيدەش ئۈچۈن شەربىتى بۇزۇرى ۋە بەدىيان شىرىسى بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن باشقا تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

چىلان ۋە بېھى ئۇرۇقىنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى بۇنىڭغا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، تۆتىنچى كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا زۇپا قوشۇلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن سۇرگۇ ئۈچۈن يۇقىرىقى دورىغا تەرەنجىبىن، بادام يېغى، خىيارشەنبەر قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر سۇرگۇدىن كېيىن بىماردا نەپەسلىنىش قىيىن بولۇپ، يېنىچە ياتالمىسا چىلان، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى قايتا يەنە بىر قېتىم پىشۇرۇش ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن قائىدە بويىچە يەنە بىر قېتىم سۇرگۇ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىملىق سۇرگۇ ئۈچۈن بۇ سۇرگىگە زۇپا قوشۇلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق سۇرگىدىن كېيىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بەديان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، زۇپا، گۈل بىنەپشە قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، بىنەپشە شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ ۋاقىتتا قىزىتما بولسا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ۋە بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا قەنت سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى گۈل بىنەپشە، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئەرەقلەرگە چىلاپ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى، ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى تالقىنى قاتارلىقلار بىلەن بېرىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن گۈل بىنەپشە ئورنىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى ۋە قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ئورنىغا تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ. يەنە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سوغۇق تەبىئەتلىك سۇرگۇ دورىلار بېرىلىدۇ. يەنى خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، ئەينۇلا، شوخلا ئۇرۇقى، گۈلقەنت ۋە بادام يېغى قاتارلىقلار بىلەن سۇرگۇ بېرىلىدۇ. سۇرگۇ بېرىپ ئىككىنچى كۈنى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارغا خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئاز دەم سىقىلىش ۋە يۆتەل قېپقالغان بولسا، بېھى ئۇرۇقى ۋە چىلاننى قايىنىتىپ، بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە كەتىرا ۋە سەمغى ئەرەبى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن باشقا بۇ كېسەللىكتە يەنە مۇۋاپىق دەپ قارالسا قان ئېلىشقا بولىدۇ ۋە يۇقىرىقى دورىلار قان ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىچكۈزۈلىدۇ. قان ئالغاندىن كېيىن يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ. قىزىتما ۋە يۆتەلگە قاراپ ئىسسىق تەبىئەت-لىك سۈرگىلەرنى ياكى قابىز سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى يەنى سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، خەشخاش ئۇرۇقى شىرىسى، تاباشىر، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، كاپۇر قاتارلىق-لارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

رازى «كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا ئەگەر بەلغەمنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى پەسەيتىش كېرەك. ئەگەر بەلغەم رەڭگى قىزىل بولسا قان ئېلىش كېرەك. ئەگەر بەلغەمنىڭ رەڭگى ئاق بولسا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

روپس «كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا هارارەت ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلمايدىغان دورىلار سۈرگۈ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: هەشقىپىچەك سۈيى، مائۇل پەۋاكىھە، خىيارشەن-بەر، تەرەنجىبىن قاتارلىقلار. سوقمۇنىياغا ئوخشاش ئىسسىق دورىلار ۋە هېلىلىگە ئوخ-شاش يىرىكلىك پەيدا قىلغۇچى دورىلارنى بەرمەسلىك لازىم.» دەپ كۆرسەتكەن.

تېۋپىلارنىڭ بەزىلىرى «غەيرىي تەبىئىي قاندىن خىلتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا قان ئالغاندىن كېيىن يۇمشىتىش كېرەك بولسا، چىلان، سەرپىستان، بىنەپشە، تاتلىق ئەينۇلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلارنى چىلاپ، يالغۇز هالەتتە ياكى خىيارشەنبەر ۋە تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە خېمىرى بىنەپشە ياكى بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن ئاق مومنى بىنەپشە يېغى بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا كەتىرا تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ياكى گۈل بىنەپشە ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلىگۈلى قاتارلىقلارنىڭ لۇئابى بىلەن بىرگە سۈۋىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ھەربىرى بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا دەسلەپتە يەڭگىل چۈچۈكبۇيا يىلتىزى سۈيى، شەربىتى گاۋزىبان، بىنەپشە شەربىتى، زۇپا شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە لوئوقى خىيارشەنبەر، بادام يېغى، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئاغرىق قاتتىق بولغان ۋاقىتتا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى يۇڭغا چۆكۈرۈپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى بۇغداي كېپىكى ئارقىلىق ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنىسىنا ۋە بەزى تەتقىقاتچىلار «كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا ئىششىق تەرەپكە يۆزلەنگەن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى چەكلەش مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش، تەتۈرسىگە تارتىش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتى ئېشىپ كەتكەن بولسا، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىغا قاراپ قان ئېلىنىدۇ. قان ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن تەبىئەتنى يۇمشىتىش كېرەك بولسا، بىنەپشە، گاۋزىبان 18 گرامدىن، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى يىلتىزى 36 گرامدىن چىلان، قارا ئەينۇلا 20 دانىدىن، سەرپىستان 30 دانە، خىيارشەنبەر 72 گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مۇرەككەپ دورا تەييارلىنىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك قان خىلىتىدىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولسا ئۇنى تازىلاش ئۇچۇن يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورىلار تەركىبىگە قەۋزىيەت پەيدا قىلغۇچى قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئاغرىق توختىتىش ئۇچۇن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاغرىق توختىماي بەلكى ئېغىرلىشىپ كەتسە، بۇ ئومۇمىي بەدەننى تازىلاش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەگەر يەنە بۇ كېسەللىكتە قان ئېلىش ۋە سۇرگۇ بېرىش ئارقىلىقمۇ ئاغرىق توختىمىسا، بۇ ئىششىقتا يىرىڭ يىغىلغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا قان ئېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقان بولسا ئۇنى بەلغەم ۋە چوڭ، كىچىك تەرەت ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

ئەگەر تازىلاشتىن كېيىن ئاغرىق توختىغان بولسا شېكەر سۇيى ۋە ئارپا سۇيى كۆپرەك سۇ بىلەن ئۇزۇنراق قايىنىتىپ بېرىلىدۇ. ياكى سەرپىستان سۇيى خېمىرى بىنەپشە، خېمىرى خەشخاش، بادام يېغى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. نۇرغۇن تېۋىپلار «بۇ كېسەللىكتە ئانار بېرىشتىن پەرھىز قىلدۇرىدۇ، لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە ئانار بېرىش ئانچە خەتەرلىك ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن.

جالىنۇس بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە «غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى توختىتىش، پىشۇرۇش ۋە ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇچۇن خەشخاش شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە ئۇيقۇسىزلىق كۆپ بولغان ۋە بۇنىڭغا باشقا تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان ۋاقىتتا ئاندىن خەشخاش شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرسا بولىدۇ. چۈنكى خەشخاش غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى بوشاشتۇرۇش، سۇسلۇق پەيدا قىلىش ۋە بەلغەم توختىتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە» دەپ قارايدۇ.

ئەگەر كېسەلدە قەۋزىيەتلىك بولۇپ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن قەنت ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولمىسا چۈچۈمەل بولمىغان سىركەنجۇبىل بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئالامەتلەرگە قاراپ كېسەللىك ۋاقتىنىڭ قىسقا ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەن بولسا يۇمشاتقۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلسا ۋە ئۇزۇقلۇقلاردىن مۇۋاپىق چەكلەنسە بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا كۆپرەككە مۇناسىۋەتلىك زىماد ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن كېسەللەنگەن ۋاقتى ئۇزارغان بولسا ئۇزۇقلۇقلاردىن چەكلەشكە ۋە كۆكرەككە زىماد ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇزۇقلۇق ياخشى بېرىلمىسە بۇ كېسەللىكنىڭ قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئاجىزلايدۇ. زىماد ئىشلىتىلگەندە خىلتنىڭ پىششىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇندىن باشقا بىمارنى ناچار هاۋادىن ساقلاش، نورمال ئارام ئالدۇرۇش، بىمارنىڭ تىلى، كىچىك تىلى قاتارلىقلارنى يۇيۇپ تۇرۇش لازىم. يۇيۇشتا سۇ ياكى سۇغا ئازراق سىركە قوشۇپ يۇيۇلسا بولىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشاتقاندا ئەگەر بىمار خىيارشەنبەر ئىشلىتىشكە بەرداشلىق بېرەلىسە داۋاملىق خىيارشەنبەر ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ. لېكىن كۆكرەك ئاغرىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەبىئەتنى يۇمشىتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا يۇمشىتىش زۆرۈر بولسا كىلىزما ۋە شامچىلارنى ئىشلەتكەندىن باشقا هېچقانداق دورا ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىدىن باشقا هەر خىلدىكى كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا كۈچلۈك سوۋۇتۇش تەسىرىگە ئىگە دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغىنىدىمۇ ئىسپىغۇل لۇئابى، تەرخەمەك سۈيى، قاپاق سۈيى، تاۋۇز سۈيى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلار ئارقىلىق سەپرا خىلتىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. لېكىن سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز دورىلارنى ئىشلىتىش كېسەللىككە نىسبەتەن زىيانلىق. ئەدەس، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەر، ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك مەيلى قايسى خىلتتىن بولسۇن سوغۇق سۇ ئىچىشتىن قاتتىق پەرهىز قىلدۇرۇش لازىم. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بەك كۆپ بولسا سۇغا سىركەنجۇبىل قوشۇپ بېرىلسە بولىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا قاتتىق ياللۇغلىنىش ئېغىرلاپ كېتىش سەۋەبىدىن سوۋۇتۇش زۆرۈر بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن توسالغۇلارنى ئاچقۇچى ۋە هۆللۈك يەتكۈزگۈچى تاۋۇز سۈيى، تەرخەمەك سۈيى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن سېمىزئوت سۈيى، كاسنە سۈيى، قاپاق سۈيى قاتارلىقلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ دورىلار سوۋۇتۇش بىلەن بىرگە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى قويۇلدۇرۇپ قويىدۇ، قاپاق سۈيى ئۆزىنىڭ سۈيدۈك هەيدەش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق بەدەننى قۇرۇتۇپ قويىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە هەممىدىن بەكرەك بەلغەمگە دىققەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئاسان چىقىدىغان ياكى چىقمايدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇش لازىم. يېنىچە يېتىپ ئۇخلاشمۇ بەلغەمنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

ئەگەر بەلغەم كۆپ بولسا بىمارنى مۇۋاپىق مىقداردا هەرىكەت قىلدۇرۇش ۋە بىمارغا

ئىلمان قايناق سۇغا زوپا، سەرپىستانغا ئوخشاش ئىسسىقلىق دورىلارنى بېرىش لازىم. يەتتە كۈندىن كېيىن بەلغەمدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن مەجۇنات دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر قىزىتما يوقالغاندىن كېيىن كۈچلۈك ئوزۇقلۇقلارنى بېرىش زۆرۈر بولسا، تاش ئۆستەڭدىكى ئېقىن سۇدا ياشىغان بېلىق، شېكەر، خام قايماق قاتارلىقلار بىلەن نان بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ قالدۇقى غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇش ۋە سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ياردەم بېرىش رولى بار. لېكىن بىمارنى بەك تويغۇزۇۋېتمەسلىك لازىم. چۈنكى بەك تويۇپ كەتكەندە كۆكرەك ئەتراپى قىسىلىپ قالىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا يەڭگىل كلىزمىلارنى يەنى ئارپا سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردا چامغۇر سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ كلىزما تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بۇ ۋاقىتتا غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ پىشىشىنى توختىتىشقا تىرىشىش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە ھەممىدىن مۇھىمى غەيرىي تەبىئىي خىلت يىرىڭغا ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش لازىم. ئەمما غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇ- رۇش مۇۋاپىق بولمىسا ۋە يىرىڭ توشۇپ قالغان بولسا يارا ۋە چىرىش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش لازىم.

بەزىدە بۇ كېسەلگە قارىتا سىرتىدىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرغۇچى، تارقاتقۇ- چى سۈۋالما ۋە زىماد قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ دورىلارنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا دەسلەپتە بىنەپشە يېغى ۋە تازىلانغان ئاق موم بىلەن ياسالغان قىروتى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھەرخىل ھايۋاند- لارنىڭ مايلىرى، لوئابلار سۈۋىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۈچلۈك سۈۋالمىلار سۈۋىلىدۇ. بابۇنە، ئاق لەيلى يىلتىزى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بىنەپشە، ھەمىشىباھار قايناتمىسى قاتارلىقلار بىلەن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت پىشمىغان بولۇپ يۇقىرىقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك زىماد بېرىشكە زۆرۈر بولسا، نېلۇپەر بەرگى، بەدىيان ياغچى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئەپسەنتىن، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھەسەل ۋە ناردىن يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلى- دۇ؛ لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت ئاز بولسا بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. لېكىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلت پىشقاندىن كېيىن قالدۇق ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك سۈۋالمىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى پىشۇرۇش ۋە ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى سۇۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ. يەنى: بىنەپشە ياغىچى، ئاق لەيلى ياغىچى ھەربىرى بىر ھەسسە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئىككى ھەسسە، باقىلا ئۇنى، ئارپا ئۇنى ھەربىرى يېرىم ھەسسە، بابۇنە، كەتىرا ھەربىرى بىر ھەسسە قاتارلىقلارنى مۇسەللەس، ئاق موم ۋە بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر ماددا قويۇق بولۇپ تارقىتىش زۆرۈر بولسا، يۇقىرىقى سۇۋالمىغا زىغىر ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت تۆۋەن بولسا بىنەپشە يېغىنىڭ ئورنىغا سەۋسەن يېغى ۋە رەۋغىنى خەيرى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت كۈچلۈك بولسا يۇقىرىقى سۇۋالمىغا نىلۇپەر، قىزىلگۈل قوشۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تارقىتىش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن ھۆل ۋە قۇرۇق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى يەلتاشما (ھومرە) تەرەپكە مايىلراق بولسا، ھۆل ئىسسىق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۆكرەك پەردە ياللۇغى مېڭە پەردە ياللۇغى تەرەپكە مايىل بولسا، قۇرۇق ئىسسىق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ھۆل ئىسسىق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزگەندە بۇ كېسەللىككە پايدا قىلمىسا زىيانمۇ قىلمايدۇ. لېكىن قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزگەندە بەزىدە كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ھۆل ئىسسىق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈشتە ئالدى بىلەن ساپ قايناق سۇغا بۆلۈت ياكى رەخت پارچىسىنى چۆكۈرۈپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بۇ سۇغا تۇز ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش لازىم بولسا، سىركە، كاسنە، نىلۇپەر ياغىچى ۋە زەيتۇن ياغىچى قاتارلىقلارغا يۇڭ ياكى رەخت پارچىسىنى چۆكۈرۈپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلى-دۇ.

ئەگەر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، بۇغداي كېپىكى، تېرىق، تۇز بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش لازىم بولسا، تۇز بىلەن تېرىق ئارىلاشتۇرۇپ ياكى بۇ ئىككىسىگە بۇغداي كېپىكىنىمۇ قوشۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تارقىتىش، پىشۇرۇش ۋە توختىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك لوئوقلارمۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

تازىلانغان ئاق مومنى بىنەپشە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، لوئوق تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇنغا لوڭقا قويۇلىدۇ ياكى لوڭقا قويۇشنىڭ ئورنىغا ئاغرىغان جايغا قىچا بىلەن زىماد قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇيقۇسىزلىق ئېغىر بولسا خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر نەپەسلىنىشتە ئارقىمۇئارقا نەپەسلىنىش پەيدا بولغان بولسا، ئىسپىغۇل لۇئابى ياكى گۈلابنى ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن ئاغرىق توختىتىش ۋە نەپەسلىنىشنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلمان سۇ بىلەن بېقىن ۋە بېقىن ئەتراپلىرى يۇيۇلىدۇ.

## 2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ذات الجنب خالص بلغمی و سوداوی

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىدىن بولغان خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغى: غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئاساسىي كۈچنى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاشقا قاراتماستىن، بەلكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى يۇمشىتىش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ: مەتبۇخى زۇپا بېرىش بىلەن بىرگە مۇۋاپىق مىقداردىكى نوقۇت ۋە بەدىيان سۈدا قاينىتىلىپ، ئارپا سۈيى بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى بەدىيان ياكى ھەسەل سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇندىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پارچىلاش ۋە يۇمشىتىش ئۈچۈن زۇپا شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا سۈرگۈ ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى كلىزمىلار ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنىڭ مىقدارى تۆۋەنلىتىلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئولۇغخان ئىجاد قىلغان مۆتىدىل تەبىئەتلىك كلىزما ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن تەڭشەش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن گاۋزىبان شەربىتى ياكى ئارپا سۈيى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن يەرلىك ئورۇنى يۇمشىتىش ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك سۈۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئاغرىقنى يەڭگىللىتىش ۋە توختىتىش ئۈچۈن قىزىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاق موم، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلاردىن قىيرۇتى ياساپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نوقۇت بىلەن پىشۇرۇلغان شورپا بېرىلىدۇ.

خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى ياكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولسا قان ئېلىشقا بولمايدۇ. بەلكى بۇنداق ھالەتتە ئۆتكۈر كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى پىشۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى سۈۋالمىلار سۈۋىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش كۆكرەك پەردىلىرىنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولۇپ، بويۇن سۆڭەكلىرىدە ئاغرىش بولمىسا دەسلەپتە سۈرگۈ بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەت خىلتنىڭ كۆيگەنلىكىنى ۋە چۆكمىگە چۈشۈشكە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھالەتتە قان ئېلىشقا بولمايدۇ.

سوزۇلما خاراكتېرلىك كۆكرەك پەردە ياللۇغى:

بۇ كېسەللىككە قارىتا پىرسىياۋشان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بەديان قاتارلىقلارنى ئەرقى بەديان بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن دەسلەپتە بابۇنە، بىنەپشە، ئىكلىلمىلىك، باقىلا، ئىتئۈزۈمى، موم قاتار- لىقلارنى ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋىلىدۇ. كېسەللىك تەرەققىي قىلغان ۋاقىتىدا شۈمشا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىق بىر قەدەر تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلار بىلەن زىماد قىلىنىدۇ. ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يۇقىرىقى زىمادقا سەكپىنەچ ۋە ئۇشەق قاتارلىق پىشۇرغۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يەتتە كۈن ئىچىدە ئىششىق تارقالمىسا سەككىزىنچى كۈنى تازىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەتبۇخ يەنى 18 گرام زۇپاغا سانا، رەۋەن، تۇربۇت ھەربىرى توققۇز گرامدىن، خىيارشەنبەر 84 گرام، شىرخىست، تەرەنجىبىن ھەربىرى 60 گرامدىن، دىنار شەربىتى 36 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. توققۇزىنچى كۈنى تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى دورىلار يەنى ئىككى گرام رۇببسۇس 12 گرام زۇپا شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بىر دانە ئالتۇن ۋاراق بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن زۇپا، كەرەپشە يىلتىزى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى يەتتە گرامدىن، گاۋزىبان بەش گرام، رۇم بەديان تۆت گرام، بەديان، بادرەنجى بۇيادىن توققۇز گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، 24 گرام زۇپا شەربىتى ۋە گاۋزىبان شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاق، قىزىل تۇدەرى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئۈچ تۆت قېتىم سۈرگۈ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان يېگۈزۈلىدۇ. ئاخشىمى ھەببى غارىقۇن ئولۇغخان يېگۈزۈلۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ياردەمچى دورىلار قاتارىدا ھېلىلە، سانا، تۇربۇت ھەمدە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۈرگۈ ئىچكۈزۈلى- دۇ ۋە رۇببسۇس، شىرخىستلارنى شۇمۇپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ.

### 3. ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە غەيرى خالىس)نى داۋالاش:

علاج ذات الجنب غير خالص

يۇقىرىدا خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ قىسىملىرىدا ئىچ سۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش، تەڭشەش قاتارلىق تەدبىرلەر بايان قىلىندى. ھەقىقىي بولمىغان كۆك-

ـرەك پەردە ياللۇغىدىمۇ خىلىت ئېتىبارى بىلەن بۇ تەدبىرلەر ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قارىتا سوۋالما ۋە يەرلىك ئورنىغا بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا سوۋۇتقۇچى ۋە تەڭشىگۈچى تەدبىرلەرنى كۆپرەك قوللىنىش ناھايىتى مۇھىم. لېكىن ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا بۇنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا بۇ كېسەللىككە قارىتا سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن بەزى قىزىتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋلىدۇ ياكى زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا بۇ كېسەللىكتە بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى سوۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ: يەنى ئاقلەيلى ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، گۈل بىنەپشە، بابونە، سېرىق چېچەك گۈلى، يەرلىك شوخلا، تەمرى ھىندى ئۇرۇقىدىن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، يەرلىك شوخلا سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 36 گىرام خىيارشەنبەر شىرىسى، 12 گىرام سەبرە ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋلىدۇ. باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا ماش، شۇمشا ئۇرۇقى، ياغ دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ سۈۋاش ۋە لوڭقا قويۇش لازىم ياكى نېلۇپەر گۈلىنى ھايۋانلارنىڭ چاۋا يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلسىمۇ بولىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆكرەك مۇسكۇللىرىدا بولغاندا ئەگەر ئىششىق سىرتقى تەرەپتە بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئالمىسا، تىغ بىلەن يېرىپ يىرىڭ چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئېغىزنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مەلھەملەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە چىلاننى ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ سوزۇپ، ئۇنىڭغا ئوسۇڭ ئۇرۇقى شىرىسى ۋە بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا بەديان شىرىسى، ئەفتىمۇن شىرىسى ۋە گۈلقەنت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سىرتىدىن بابۇنە يېغى سۈۋلىدۇ.

كۆكرەك ۋە بېقىنىنىڭ يەلدىن بولغان ئىششىقى ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بەديان يىلتىزى، پىرسىياۋشان يەتتە گىرامدىن رۇم بەديان، قۇرۇق پىننە ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ قايناتىپ، قەنتتىن 24 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قوۋۇرغىلارنىڭ يەلدىن بولغان ئاغرىقى ئۈچۈن رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى بەش گىرامدىن، ئەرقى بەديان ۋە ئەرقى شوخلا قاتارلىقلار بىلەن قايناتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەلدىن بولغان ئاغرىش ۋە باشقا توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن كاسنە يىلتىزى، بەديان، پىرسىياۋشان، قوغۇن ئۇرۇقىدىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ، 144 مىللىلىتىر مۇناسىۋەتلىك ئەرەق بىلەن قايناتىپ، 24 گىرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بېقىنىنىڭ يەلدىن بولغان ئىششىقى ئۈچۈن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ۋە پىرسىياۋشاننى

قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە سىرتىدىن گۈل يېغىنى ئىلمان قىلىپ سۇۋاش لازىم.

ئەگەر قوۋۇرغىلارنىڭ ئاغرىقى ئىخىزمانغىچە تارقالغان بولسا، بەديان بەش گرام، كاسىنە يىلتىزى، پىرسىياۋشان يەتتە گرامدىن قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قوۋۇرغىلارنىڭ ئاغ-رىقى توختىغاندىن كېيىن ئاغرىق ئىخىزماندا قېپقالغان بولسا يۇقىرىقى نۇسخىغا يەتتە گرام شوخلا، تۆت گرام چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن يەنە قوۋۇرغىلاردا يەل ۋە ئاغرىق مەۋجۇت بولسا ۋە بىماردا بوۋاسىرمۇ بولسا 24 گرام گۈلقەنتكە يېرىم گرام مۇقەل ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل ۋە 84 مىللىلىتىر ئەرقى بەديانغا بەش گرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقىنى چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن بۇغداي بىلەن تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچ تەييارلاپ، ئۇنىڭغا گۈل يېغى قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق تاغاقتىن باشلىنىپ بېقىن، قوۋۇرغا ۋە كۆكرەككىچە كەلگەن بولسا، توققۇز گرام بەديان، ئۈچ گرام لاچىندانە، 12 گرام قەنت قاتارلىقلارنى قاينىتىپ چاي ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەھۋالغا قاراپ سىرتىدىن مۇناسىۋەتلىك سۇۋالما ۋە تارقاتقۇچى، قىزىتقۇچى، ئىس-سىق ئۆتكۈزگۈچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئەگەر تازىلاش لازىم بولسا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى بىلەن تازىلانسا بولىدۇ.

ئەگەر بېقىن ئاغرىقى دائىملىق يەلدىن بولسا، زىرىق، بەديان، بەديان يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، رۇم بەديان، بىنەپشە قاتارلىقلارنى چىلاپ، سىركەنجۇبىل سادده ئاپتاپتا پىشۇرۇلغان گۈلقەنت قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەتتە كۈندىن كېيىن تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ: يەنى رەۋەن چىنى، ئاق تۇربۇت، بىستىپايەچ، غارىقۇن ھەربىرىدىن بىر گرام، ئايارەج پەيقارا، ھەببى نىل، ھىندى تۇزى ھەربىرى 24 گرامدىن سېرىق ھېلىلە پوستى، قارا ھېلىلە ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، مۇقەل، كەتىرا ھەربىرىدىن يېرىم گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى بەديان بىلەن كۈملاچ تەييارلاپ، ئاخشىمى 12 گرام بېرىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، سېرىق ئەنجۈر، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەديان، بەديان يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى، گۈل بىنەپشە، ئۇستىقۇددۇس، زاراڭزا ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەديان، رەۋەن چىنى، قىزىلگۈل، بىستىپايەچ، سانا قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گاۋزىبانغا بىركېچە چىلاپ، ئاندىن قاينىتىپ سۈزۈپ

تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر، گۈلقەنت، بادام مېغىزى شىرىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى بەديان بېرىلىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئەرقى بەديانغا بۇزۇرى شەربىتى ۋە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

## 4. تارقىلىشچان كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە ۋە بائى)نى داۋالاش:

علاج ذات الجنب وبائى

يېقىنقى زاماندىكى تېۋىپلارنىڭ بەزىلىرى «بەزىدە كۆكرەك پەردە ياللۇغى تارقىلىشچان شەكىلدە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئاغرىش ئالامىتى بىلەن بىرگە هوشسىزلىق، يەڭگىل قىزىتما، يۆتەل، ئېغىز پۇراش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ. بۇ كېسەللىك خەتەرلىك بولۇپ، كۆپىنچە بىر كۈن ياكى ئۈچ كۈندە ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىككە قارىتا دەسلەپتە يەڭگىل كلىزمىلار ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن بىمار هوشىغا كەلگەن بولسا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى قولىنىڭ باسلىق تومۇرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قان ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن شەربىتى نىلۇپەر، لىمونلۇق ئالما شەربىتى هەربىرى 24 گرامدىن، ئەرقى گۈل، ئەرقى هەمىشىباهار، ئەرقى بىدمىشكى هەربىرى 60 مىللىلىتىر، ئەرقى كەييورە 36 مىللىلىتىر قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ماش ئۈنى، چامغۇر، پالەك، كۆك يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قەغەز لىمون سۈيى بىلەن چۈچۈمەل هالەتكە كەلتۈرۈپ بېرىلىدۇ ۋە كالا قېتىقىنىڭ قايمىقى بىلەن گۈرۈچنى پىشۇرۇپ شۆيلە قىلىپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەنجۈر مۇرابباسى نۇقۇت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى ۋە ئەرقى هەمىشىباهار قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

دورا ئىشلىتىپ تۈتىنچى كۈنى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش مەقسىتىدە زىخ، يۇلغۇن مېۋىسى، كەرەپشە، رۇم بەديان، بەديان يىلتىزى، بەديان قاتارلىق زەهەر قايتۇرۇش ۋە رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلاردىن مۇنزىچ تەييارلاپ بېرىلىدۇ ياكى ئەينۇلا ئون دانە، سېرىق ئەينۇلا بەش دانە، يۇلغۇن مېۋىسى، زەرنەخ، بەديان، رۇم بەديان هەربىرى ئۈچ گرامدىن، كەرەپشە يىلتىزى بەش گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياشان، گاۋزىبان يەتتە گرامدىن، چىلان يەتتە دانە، شاهتەررە تۆت گرام، قىزىلگۈلدىن 12 گرام ئېلىپ، ئەرقى گۈل، ئەرقى هەمىشىباهار، سۇ هەربىرى 250 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ئۈچتىن بىر هەسسىسىچىلىك قالغۇچە قاينىتىپ، 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى مۇنزىچنى يەتتە كۈن بەرگەندىن كېيىن سەككىزىنچى كۈنى ئۇنىڭغا خىيار-

شەنبەر، شىرخىست، تەرەنجىبىن، دىنار شەربىتى ھەربىرى 72 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قوشۇپ سۈرگۈ بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى كەچلىك تامىقىغا توخۇ گۆشىدە چۈچۈمەل شورپا تەييارلاپ، نېپىز ياققان نان بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سۈرگىنىڭ ئىككىنچى كۈنى تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، جاۋاھىرمۇھەرى ئۈچ گرام، كۈمۈش ۋاراق بىر دانە، چۈچۈمەل خېمىرى سەندەل قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە زىرىق شىرىسى توققۇز گرام، رۇم بەديان شىرىسى تۆت گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى يەتتە گرام، گاۋزىبان لوئابى، بېھى ئۇرۇقى ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئەرقى گۈل، ئەرقى ھەمىشىباھار، ئەرقى كەييورە، ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى نېلۇپەر، ئەرقى گاۋزىبان ھەربىرىدىن 48 گرامدىن ئېلىپ، ئالما شەربىتى، نېلۇپەر شەربىتى ھەربىرى 24 گرامدىن، پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى ياكى شەربىتى پەرەنجىمىشكى توققۇز گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن ئۈچ، تۆت قېتىم سۈرگۈ بەرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆملاچ دورىلار بېرىلىدۇ: رۇبىبىسۇس، زەپەر، ئاق سەندەل ھەربىرى تۆت گرامدىن، شومشا ئۇرۇقى ئۈچ گرام، كەتىرا، يۇلغۇن مېۋىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، زىرىق، سەمغى ئەرەبى ھەربىرى يەتتە گرامدىن، ئانار ئۇرۇقى 50 گرام، شىرخىست 36 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇناسىپ ھالدىكى لوئابلار ئارقىلىق كۆملاچ ياساپ شۇمۇشكە بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خېمىرى ئەبرىشىم، شەربىتى ياقۇت ئولۇۋخان، ئەرقى زىرىشك، ئەرقى پەۋاكىھ، ئەرقى ھەمىشىباھار، ئەرقى نارەنجى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 5. بوغما (خانىقە)نى داۋالاش:

علاج خانقه

بۇ كېسەللىك ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىششىق بۇ كېسەللىكتە قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى پەردىلىرى، دىئافراگمىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق پەقەت ئىچكى پەردىلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇپ، دىئافراگمىدا بولمىسا، ئۇ ئومۇملاشقان كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە خالىسە ئاممە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاغرىق ئىككى بىقىندىلا بولۇپ بىمارنىڭ ئۇخلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۆتەلگەندە ئاغرىق ئېغىرلاپ ھوشسىزلىنىدۇ. نەپەسلىنىش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئىككىلا تەرەپتىن قان ئېلىنىدۇ.

مەشھۇر تېۋىپ «ئىلگىرى تېۋىپلاردىن ھېچقايسىسى بۇ كېسەللىك توغرۇلۇق توختالمىغان، پەقەت جالىنۇسلا بۇ كېسەللىككە قارىتا ئازراقلا كۆرسەتمە بەرگەن بولۇپ، ئۇ ‹نەپەسلىنىش ئەزالىرىدا پەيدا بولغان كېسەللەردىن پۈتۈن كۆكرەككە ئومۇملاشقىنى ئەڭ خەتەرلىك›» دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، بۇ توغرۇلۇق مەلۇماتلار ئىنتايىن ئاز دەپ بايان قىلغان.

ئەبۇ ماھىر بۇ كېسەللىكنى خانىقە دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇ «بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچى كۆپىنچە بوغۇلۇپ قېلىش ۋە دەم سىقىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش ياكى يۆتەل ئېغىرلىقىدىن ھوشسىزلىنىش يۈز بېرىپ، بۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەبۇ ماھىرنىڭ تەجرىبە قىلىشىچە، بىمار يەتتە كۈن ياشىيالىسا ئۇندىن كېيىن ساقىيىپ كېتەلەيدىكەن. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا يۆتەل دەم سىقىلىشقا ئۆزگىرىدىكەن، كېسەللىك ئېغىر بولغاندا تۆتىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى خالىس كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا ئوخشاش. شۇڭا خىلىت ئېتىبارى بىلەن داۋالاشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ ۋە ئەھۋالغا قاراپ ھەرقايسى تۈرلەرگە مۇۋاپىق كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 6. ئۇششاق قوۋۇرغا ئارىلىق پەردە ياللۇغى (شۇسە)نى داۋالاش:

شوصه

ئاستىنقى قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى پەردىسىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ئۇششاق قوۋۇرغىلار پەردە ياللۇغى (شومە) دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار ئېنىق كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە سەھىھ) نى شۇسە سەھىھ دەپ ئاتايدۇ. يەنە بەزى تېۋىپلار «كۆكرەكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدىغان پەردە ئىششىقىنى شۇسە دەپ ئاتىغان».

جۇرجانى، ئىلاقى ۋە ئەبۇلھەسەن سەئىد قاتارلىق تېۋىپلار «ئەگەر ئىششىق كۆكرەك مۇسكۇللىرىدا بولسا يەنى ئۇنىڭ ئىچكى مۇسكۇللىرىدا تاغاقنىڭ ئاستىدا بولسا سوۋە دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىششىق مەزكۇر پەردىلەرنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا بولسا ئۇ «شۇسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. بەزى تېۋىپلار ئۇنىڭ سەۋەبى «ئۆتكۈر خاراكتېرلىك غەيرىي تەبىئىي قان ياكى بەلغەم خىلىتىدىن بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالامىتىدە بىمار ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ھەرقانداق ھالەتتە ئۇخلىيالمايدۇ. دىئاگىراگمىنىڭ ئاستىدا قاتتىق ئاغرىق بولىدۇ، بەزىلەر «بۇ كېسەللىك ئۇسسۇزلۇق، ئاغرىش، ياللۇغلىنىش، ماغدۇرسىزلىق، قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق، سانجىلىپ ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا قارىغاندا ئېغىرراق بولىدۇ. بىراق دەم سىقىلىش ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇلاردىن باشقا ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغىنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەخسۇس ئالامەتلىرىمۇ بولىدۇ. يەنى بېسىلىش ۋە سانجىلىش ئەھۋاللىرى قوۋۇرغىلاردا كۆرۈلىدۇ. ئاغرىق تاغاقنىڭ ئاستى، ئېغىزمان تەرەپكە مايىلراق بولىدۇ. ئەكسىچە كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا ئاغرىق قوۋۇرغىلار ئەگمىسىگە تارقالغان بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا يېقىنقى زامان تېۋىپلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە داۋالاشتا بىمارنىڭ كۆچ ـ قۇۋۋىتى ۋە شارائىتىگە قاراپ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىنەپشە، نېلۇپەر ئون گرامدىن، چىلاندىن ئون دانە ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، تەرەنجىبىن 36 گرام، خېمىرى بىنەپشە 36 گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقانلىق ئالامىتى كۆرۈلگەندىن كېيىن يەڭگىل كلىزما ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىراق بەزى تېۋىپلار بۇ كېسەللىككە قارىتا دەسلەپتە قان ئالماستىن بەلكى يەڭگىل كلىزمىلار ئارقىلىق يۇمشىتىلىدۇ. ئىمكانقەدەر سۈرگۈ بەرمەسلىك لازىم، دەپ كۆرسەتكەن.

يەنە بەزىلەر «بۇ كېسەللىكنىڭ ئەڭ توغرا داۋالاش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن كلىزما ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش، ھېچقانداق زىماد ئىشلەتمەسلىك، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تېرە تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن ئوتلۇق ئاددىي لوڭقا قويۇش لازىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن يارا پەيدا قىلغۇچى ماددا ۋە يىرىڭنى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن ئەنجۈر، قىچا، كەپتەر تاشلىقى قاتارلىقلار بىلەن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كلىزما ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولمىسا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يۇمشاتقۇچى دورىلار ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئەگەر ئاغرىق ناھايىتى قاتتىق بولسا ئاغرىق توختاتقۇچى زىمادلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر تازىلاشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى كۆرۈلمىسە يەتتە دانە بادام مېغىزىنىڭ شىرىسى، تەنبۇل يوپۇرمىقى شىرىسى ئۈچ دانە، بەدىيان شىرىسى ئۈچ گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى تۆت گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 36 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، بىردانە ھەببى بىنەپشە بىلەن بىرگە ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سىرتىدىن

جەدۋارچىنى، رۇم بەدىيان بەش گرامدىن، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل 18 گرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان هالدا سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسىغا كالا يېغىنى سېلىپ پىشۇرۇپ، تونۇرغا ياققان نان بىلەن بېرىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئادەتتە ئۇششاق قوۋۇرغىلار پەردە ياللۇغىنىڭ ماددىسى كۆكرەك ۋە ئۆپكە تەرەپكە تارقالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كېسەللىك ماددىسى ئۆز ئورنىدىلا تۇرىدۇ ۋە بىر يەردە توختاپ قېلىپ شۇ جايغا يىغىلىۋالىدۇ ھەم مۇستەھكەملەشكەن ئىششىق تەرەققىي قىلىپ پەردىلەردە قىستىلىش پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە پەردىلەرنىڭ ئەتراپى ئىششىيدۇ. مەسىلەن: مۇنداق ھالەتتە بەزىدە يىرىڭ كۆپىيىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما كېسەللىك ماددىسى سۇيۇق بولسا تېرە ۋە مۇسكۇل تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ، بۇنداق ھالەتتە ئۇنى نەشتەر ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغى (شۇسە) بىلەن كۆكرەك پەردە ياللۇغىدىكى پەرق: ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغىنىڭ دەسلەپتە يۇمشاتقۇچى دورىلارنى بېرىشكە ۋە بېقىنىغا، كۆكرەككە سۈۋالما سۈۋاشقا بولمايدۇ. كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا نەشتەر ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىششىقى كۆكرەكنىڭ مۇسكۇل توقۇلمىلىرى ياكى قوۋۇرغا مۇسكۇللىرىنىڭ ئارىسىدا ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا پەيدا بولىدۇ. لېكىن ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغى سىرتقى تەرەپتە بولسا ئىككىلەنمەستىن نەشتەر ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ دەسلەپتە كلىزما ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا دۇم يېتىپ ئۇخلىيالايدۇ. لېكىن ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغىدا ھەرىكەت قىلىش ۋە ھەرقانداق ئۇسۇلدا ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغىدا كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 7. كۆكرەك ئالدى بۆلگۈچ پەردە ياللۇغى (زاتىسسەدرى)نى داۋالاش:

علاج ذات الصدر

بۇ، كۆكرەكنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغۇچى پەردىنىڭ ئالدى تەرىپىدە پەيدا بولىدىغان ياللۇغلىنىشتىن ئىبارەت.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ سەۋەبىگە ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى داۋاملىق قىزىتما بولۇش، بىئارام بولۇش، ئاغزىدىن كېكىردەككىچە تارقالغان سانجىلىپ ئاغرىش بولۇش، ئاستى تەرەپكە قارىيالماسلىق، ئوڭدا ياتالماسلىق ئېغىز شۆلگىيىنى ياكى بىرەر نەرسىنى يۇتقاندا يېنىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ ۋە بۇ كېسەللىكتە ئاغرىش بىلەن سانجىلىش، دەم سىقىلىش، تومۇر

ھەرىكىتى ھەرە چىشىمان بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ.

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇل-لىرى قوللىنىلىدۇ. لېكىن كۆكرەك ياللۇغىدا سۈۋالمىلار ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا سۈۋىلىدۇ.

8. كۆكرەك كەينى بۆلگۈچ پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبى ئەرىز) نى داۋالاش:

علاج ذات الجنب عرض

بۇ، كۆكرەكنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغۇچى پەردىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى غول ئومۇرتقىلى-رىنىڭ ئەتراپىدا بولىدىغان ياللۇغلىنىشتىن ئىبارەت.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ سەۋەبىگە ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى بىمارنىڭ ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىدا ئاغرىق بولۇش، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىيالماسلىق، ئۆكۈش، سول تەرەپكە قارىيالماسلىق، يۆتەلگەندە ماغدۇرسىزلى-نىش، ناھايىتى بىئارام بولۇش، ئاغرىق ئېغىرلاشقانلىقتىن ھوشسىزلىنىش، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاش ئارقىلىق راھەت ھېس قىلىش ئالامەتلىرى بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلى-دۇ. لېكىن بۇ كېسەللىكتە سۈۋالمىلار ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا سۈۋىلىدۇ.

## ئون تۆتىنچى پەسىل دىئافراگما ياللۇغى

## برسام

**تونۇش:**

بۇ دىئافراگمىدا بولىدىغان بىرخىل ياللۇغدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا تېۋىپلار ھەرخىل قاراشلاردا بولۇپ كەلمەكتە.

بەزىلەر «بۇ ئاشقازان ۋە جىگەر ئوتتۇرىسىدىكى پەردە ياللۇغىدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بەزى تېۋىپلار: «بەرسام دەپ ئوزۇقلىنىش ئەزالىرى بىلەن نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پەردىنىڭ ئىششىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

رازى ۋە ئىبنىسىنا «كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە) بىلەن دىئافراگما ياللۇغى (بەرسام) ئىككىلىسى مەنىداش سۆز» دەپ كۆرسەتكەن.

گىلانى خان «بۇ ھەقتە تېۋىپلارنىڭ سۆزلىرىدە ئوخشىماسلىقلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىزىتما ۋە ئەقىل ئېلىشىش پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى بەرسام دەپ ئاتىغان.

بەزىلەر بۇ كېسەللىكنى ئەقلىي ۋە ھېس ئىقتىدارىنىڭ كېسەللىنىشى دەپ ھېسابلاي-دۇ. يەنە بەزىلەر بەرسامنى ئېغىر قىزىتما ۋە كۆكرەك ئەزالىرىدا قاتتىقلىق بولىدىغان مېڭە پەردە ياللۇغى سەرسامنىڭ قاتارىدا ھېسابلايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، بەلغەمسىز يۆتەل پەيدا بولۇش، ئېغىر قىزىتما، ئېچىشىش، ئۇسسۇزلۇق كۆپىيىش، جىگەر ۋە تال تەرەپكە مايىل ئېچىشىپ ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كۆڭۈل ئايىنىش ۋە قەي قىلىش پەيدا بولسا ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن بەزىدە ھوشسىزلىق، ئارىسالدىلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ئىككى كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرۇش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

ئىلاقى ۋە جۇرجانىلار «دىئافراگما ياللۇغىدا كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا ئوخشاش ئالامەت-لەردىن باشقا مەخسۇس ئالامەتلىرىدىن قوۋۇرغا ئەگمىلىرىگىچە ئاغرىش ۋە چىڭقىلىش بولىدۇ.»

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىك كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا قارىغاندا ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولغاچقا، بۇنىڭدا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن نىلۇپەر، سەندەل، مامشا قاتارلىقلار بىلەن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا ئۇنىڭغا كاپۇر قوشۇۋەتسىمۇ بولىدۇ.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يەڭگىل كىلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سۆگەت شېخى سۈيى، ئەرقى گۈل، يۇمغاقسۈت سۈيى 12 گرامدىن، ئوسۇڭ ئۇرۇقى، ئاق سەندەل توققۇز گرامدىن، گىل ئەرمىنى، قىزىلگۈل شىرىسى تۆت گرامدىن قاتارلىقلا-ر بىلەن سۈيۇق پۇرتىلما تەييارلاپ، قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتىدىن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، باقىلا، شوخلا، بىنەپشە، ئارپا ئۇنىدىن توققۇز گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى تارقىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقى زىمادقا بابۇنە ۋە ئىكلىلمەلىك قوشۇلىدۇ ۋە مۇلەيىن مۇبارەك (يەڭگىل سۈرگۈچى دورا)، گۈلقەنت، خېمىرى بىنەپشە، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدىمىشكى قاتارلىقلار ياكى سانا چۇشكەن، ئەينۇلا چىلانىسى، سانا چۇشكەن قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە دورا ئىشلەتكەندە كېسەللىك ماددىسىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ تۇرماس-لىق لازىم. چۈنكى، بۇ كېسەللىك ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ۋە ئىنتايىن خەتەرلىك كېسەللىك-لەرنىڭ بىرى، يۇقىرىقى ماددىلار ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش

ئۈچۈن سېمىز ئۈت شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى توققۇز گىرامدىن، ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرامدىن، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى شوخلا 250 مىللىلىتىر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە توققۇز گىرام رەيھان ئۇرۇ- قى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئاقلانغان ماش، پالەك ۋە گۈرۈچ قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. شۇنداقلا 3 ~ 4 كۈنگىچە سۈرگۈ ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلارنى بېرىش ۋە ئوبدان تازىلىغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ۋە رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەرقى سەندەل، ئەرقى شوخلا، ئالما شەربىتى، بۇزۇرى شەربىتى بىلەن چۇچۇمەل خېمىرى سەندەل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن پالەك بېرىلىدۇ.

ئوبۇلھەسەن سەئىد خان «دىئافراگما كېسەللىكىنى داۋالاشتا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، سۈرگۈ بېرىش ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىرى «بەزى تېۋىپلار نەپەسلىنىش ئەزالىرى ۋە ئوزۇقلىنىش ئەزالىرى يەنى يۈرەك، جىگەر ياكى ئاشقازان ئوتتۇرىسىدىكى پەردىلەر ئىششىقىنى بەرسام» دەپ ئاتىدى.

بىراق نۇرغۇن تېۋىپلار كۆكرەك ئىششىقلىرىنىڭ بارلىق قىسىملىرىدا ھېچقانداق پەرق بايان قىلمىدى. بەلكى بىردەك بەرسام (دىئافراگما ياللۇغى)، كۆكرەك پەردە ياللۇغى (زاتىل جەنبە)، كۆكرەك ئالدى بۆلگۈچ پەردە ياللۇغى (زاتوسسەدرى)، كۆكرەك كەينى بۆلگۈچى پەردە ياللۇغى (زاتۇلجەنبەئە)، كۆكرەك مۇسكۇللار ئىششىقى، قوۋۇرغا ئوتتۇرىسىدىكى مۇسكۇللار ئىششىقى، كۆكرەكنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغۇچى پەردىلەر ئىششىقى، يۈرەك ۋە جىگەرنى ئايرىپ تۇرغۇچى پەردە ئىششىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىرخىل كېسەل دەپ قارىغان ۋە بۇ كېسەللىكتە ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىزلىق بولسا كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېغىر، ئەگەر ئەقلىي ئىقتىدارى نورمال بولسا كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر ئەمەس، دەپ چۈشەندۈرگەن» دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەبىرى يەنە «يۈرەك ۋە جىگەرنىڭ ئايرىغۇچى پەردىلەرنىڭ ئىششى- قى بەرسام دېيىلسۇن ياكى باشقا بىر ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالسۇن، بۇ بىر ئېغىر كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككى بېقىن ۋە كۆكرەك ئاستىغا تۇتاشقان پەردىلەردە بولسا ئالامەتلىرى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئىششىقنىڭ سەۋەبلىرى كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، نەپەس قىيىنلىشىش، ئەقلىي ۋە ھېسسىياتى بۇزۇلۇش، بەلغەمسىز قاتتىق يۆتەل بولۇش، كېسەللىك ماددىسى ئومۇمىي كۆكرەكنىڭ

ئۇستى تەرىپى ۋە ئاستى تەرەپكە يىغىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇخىل ئىششىقنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى، ئۇندىن باشقا يەنە بۇ كېسەللىكتە بىرەر نەرسە يۇتالمايدۇ ياكى گالدىن سىرتقا چىقىرالمايدۇ. بۇ پەردىدە مېڭىدىن كەلگەن نۇرغۇن نېرۋىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن مېڭىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەللىكتە ئۆلۈش ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ خىلدىكى ئىششىق بىلەن ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغىنىڭ پەرقى: ئۇششاق قوۋۇرغىلار ئىچكى پەردە ياللۇغى سىرتقى تەرەپتىن بىلىنىدۇ ۋە بۇ كېسەللىكتە نەپەسلىنىشتە ئۆپكىنىڭ يىغىلىشقا قارىغاندا كېڭىيىشى كۆپرەك بولىدۇ ۋە ئىككىلا يېنىنى بېسىپ ياتالايدۇ.

دىئافراگما ياللۇغىدا بولسا نەپەسلىنىشتە كېڭىيىش ۋە تارىيىش ئىككىلىسى ئاز بولىدۇ ۋە يېنىچە ياتالمايدۇ، پەقەت ئوڭدا ياتالايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇششاق قوۋۇر-غىلار ئىچكى پەردە ياللۇغىدا ئەقىل ئىنتايىن ئاز ساندا يوقىلىدۇ ياكى بۇ كېسەللىكتە ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك سۇسلىشىپ كېتىدۇ.

بۇخىل كېسەللىكتە تەبىئەتنى يۇمشىتىشقا بولمايدۇ، كېسەللىك ئازراق يەڭگىللەش-كەندىن كېيىن سانجىلىش بىلەن ئېچىشىش پەيدا قىلغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار ئارىلاشتۇرماستىن بەلكى تارقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان كىلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتىدىن بىمارنىڭ كۆكرىكى ۋە غولىغا داۋالىق گۈل يېغى ئىلمان قىلىپ سۈۋىلى-دۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىكتە كېسەللىك ماددىسىنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن پاچاقنى داۋالىق باغلاش ۋە ئۇنىڭغا لوڭقا قويۇپ تۇرۇش لازىم.

## ئون بەشىنچى پەسىل كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش

## تقیح صدری

**تونۇش:**

تېبابەت نەزەرىيىسىدە يىرىڭ يىغىلىش دېگەن سۆز ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بىرىنچىسى، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىدىكى ئىششىقلارنىڭ يىغىلىۋېلىشى يەنى ئۇنىڭ كېسەللىك ماددىسىنىڭ سېرىق سۇيى يىرىڭغا ئۆزگەرگەنلىكى يىرىڭ يىغىلىش دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى، كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، كۆكرەك ۋە ئۆپكە ئارىلى-قىدىكى بوشلۇققا يىرىڭ يىغىلىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنىسىنا «يىرىڭ يىغىلىش دېگىنىمىز، كۆكرەك بوشلۇقى سۇيۇق كېسەللىك ماددى-
سىغا توشۇپ كېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماددا يىرىڭ ئىششىقلار ئېغىز ئالغاندا پەيدا
بولغان بولسۇن ياكى باشقا سۇيۇق كېسەللىك ماددىسى بولسۇن ياكى نەزلە سۇيۇقلۇقى
بولسۇن ۋە ياكى يىرىڭ بولسۇن، مەزكۇر بوشلۇقتا ئىككى يان ياكى بىر ياندىن چۈشۈپ
توپلىنىشۋالغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ: ① نەزلىدىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ،
ئۇنىڭ ماددىسى بىراقلا كۆكرەك بوشلۇقىغا چۈشۈپ ئۇ يەردە يىغىلىۋالىدۇ؛ ② ئۆپكە
يارىسىدىن چىققان يىرىڭ كۆكرەك بوشلۇقلىرىغا يىغىلىۋالىدۇ؛ ③ كۆكرەك ئىششىقىنىڭ
ئېغىز ئېلىشىدىن بولىدۇ (بۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ)؛ ④ ھەرىكەت قىلماسلىق ۋە چېنىقماسلىق
سەۋەبىدىن مېڭە ۋە كۆكرەكتىن كەلگەن سۇيۇقلۇق كۆكرەك بوشلۇقىغا توپلىنىشىۋېلىش
قاتارلىقلار.

كۆكرەك بوشلۇقىغا يىرىڭ يىغىلىپ قېلىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئاقىۋىتى تۆۋەندىكى تۆت
خىل بولىدۇ:

1. غەيري تەبىئي خىلتنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن بوغما كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ
ۋە بىمار بوغۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

2. ئۆپكىدە چىرىش پەيدا بولۇپ بىمار سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

3. بەزىدە بۇ ماددىلار بەلغەم ئارقىلىق ئاسانلا چىقىپ كېتىپ تازىلىنىدۇ.

4. بەزىدە بۇ ماددىلار چوڭ قان تومۇرلار ئارقىلىق چوڭ - كىچىك تەرەت تەرەپكە
بېرىش ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

يىرىڭ توشۇش ۋە ئىششىق ئېغىز ئېلىش ئالامەتلىرى كۆكرەك پەردە ياللۇغىنىڭ
بايانىدا ماددىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتۈلدى. كۆكرەككە يىرىڭ توشۇپ كېتىش-
تە كۆكرەكتە ئېغىرلىق بولۇش، ئاغرىش، دەم سىقىلىش ۋە زىققە بىلەن بەزىدە قۇرۇق
ۋە كۆپ ساندا ھۆل يۆتەل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

نەپەسلىنىشتە ئارقىمۇ ئارقا نەپەسلىنىش پەيدا بولىدۇ. بۇرۇننىڭ ئەتراپى ۋە ئىچكى
تەرەپكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

تازىلانغاندىن كېيىن يەڭگىل قىزىتما بولىدۇ. كېسەللىك ئۇزارغانسېرى پۇتتا ئىش-
شىق پەيدا بولىدۇ. ئىشتىھاسى پۈتۈنلەي تۇتۇلىدۇ، ئۆپكە ۋە كۆكرەك ئەتراپىدىكى
ئىششىقلار ئېغىز ئالغاندىن كېيىن بەلغەم ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتلەر ئارقىلىق يىرىڭنىڭ
چىقىپ كېتەلمەسلىكىمۇ كۆكرەك بوشلۇقىغا يىرىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

يىرىڭنىڭ قايسى بېقىندا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى:

بىمارنى يانچە ياتقۇزغاندا قايسى يېنىنى بېسىپ ياتقاندا ئاغرىق ۋە چىڭقىلىش، ئېغىرلىق كۆپ بولسا، يىرىڭ شۇ تەرەپتە دەپ قارىلىدۇ. ئۇندىن باشقا كۆكرەكتە يىرىڭنىڭ ئاۋازى ۋە قايسى بېقىنىدا يىرىڭ بولسا، ئۇنىڭدا كوركىراش ۋە يىرىڭنىڭ مىدىرلىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئىششىق ياخشى ھالەتتە ئېغىز ئالغان بولسا، قىزىتما يوقىلىپ، ئىشتىھا ئېچىلىدۇ. بەلغەم چىقىرىش ۋە نەپەسلىنىشتە ئاسانلىق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئىششىق يامان ھالەتتە ئېغىز ئالغان بولسا، ھوشسىزلىق ياكى بوغۇلۇپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ ۋە بەلغەم پۇراقلىق كېلىپ سىل كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك سىل كېسەللىكىگە ئۆزگەرگەن بولسا، چىرايى ۋە بەدىنىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇش، پېشانە ۋە بويۇنىنىڭ تومۇرلىرى يىغىلىپ قېلىش، بارماقلىرى داۋاملىق قىزىشىپ تۇرۇش، كېچىسى قىزىتما كۆپرەك بولۇش، تىرناقلىرى ئۆرۈلۈپ قېلىش ئالامەتلىرى ۋە سىل كېسىلىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى ۋە كۆكرەكنىڭ باشقا ئىششىقلىرىدا يىرىڭ يىغىلىش ۋە سۇيۇقلۇق توپلىنىشۋېلىش ئالامەتلىرى، يەنى دەم سىقىلىش، كۆكرەك ئېغىرلىشىش، ئاغرىق كۆپىيىش، قىزىتما تېز پەيدا بولۇش قاتارلىقلار بولسا، قان ئېلىش ياكى كلىزما ۋە سۈرگۈ بىلەن تازىلىنىدۇ ۋە ئىششىقنى پىشۇرۇش ئۈچۈن پىشۇرغۇچى تەدبىرلەر ئىشلىتىلىدۇ.

بۇلۇتنى قىزىتىپ ياكى ئۇنى قىزىتىلغان زەيتۇن يېغى بىلەن نەمدەپ كۆكرەككە ئىسسىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە نېلۇپەر ياغىچى، بەدىيان ياغىچى قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى ياكى ئارپا ئۇنى خورما، قۇرۇق ئەنجۈر قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، تاتلىق شاراپ بىلەن زىماد قىلىنىدۇ.

ئەگەر كۆچلۈكرەك زىماد زۆرۈر بولسا بۇ زىمادقا ئاقلەيلىگۈلى ۋە ھەمىشباھارگۈلى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئىششىق پىششىقا ئاز قالغان بولسا يۇقىرىقى ئىككى خىل زىمادنىڭ دورىلىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىكتە تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى، باقىلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، نېلۇپەر ياغىچى، ئەنجۈر قاتارلىقلارنى قايىنتىپ زىماد قىلىنىدۇ.

ئەگەر خىلىت قويۇق بولسا بۇ زىمادقا ئىكلىلمىلىك، ئاقلەيلىگۈلى قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە زىمادنى ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن ئۇستىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئېغىز ئېلىش ۋاقتى تېخى يېقىنلاشمىغان بولسا بىمار ئۇخلىغاندا يېنىچە ياتقۇزۇلىدۇ.

مائۇلھەسەلمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ھارارەت كۆپ بولسا ناھايىتى سوْيۇق مائۇلھەسەل ياكى ئارپا سۇيىگە مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەنجۇرنى قايناتىپ ئۇنىڭ سۈيى بېرىلىدۇ ۋە ياكى ئەنجۇر ۋە ئارپا ئۇنى بىلەن ھالۋا ئېتىپ بېرىلىدۇ.

ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشبىاھار ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى، ئىزخىر گۈلى، ئىكلىلمىلىك، بىنەپشە، كەتىرا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ قۇرس تەييارلاپ، ئەنجۇر سۈيى ياكى ئارپا سۇيىگە ئازراق ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن زۇپا 14 گرام، چىلان 20 دانە، سەرپىستان 30 دانە، ئاق ئەنجۇر ئون دانە، پىرسىياۋشان، ئاقلانغان چۆچۈكبۇيا يىلتىزى 14 گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشبىاھار ئۇرۇقى، شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى، سەۋسەن يىلتىزى، ھاشا ھەربىرى ئون گرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 72 گرام ئېلىپ، 1500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قايناتىپ، 500 مىللىلىتىر قالغاندا سۈزۈپ، ھەر كۈنى 144 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ گرام تاتلىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بۇ دورىلارنى سۇدا قايناتماي ئارپا سۈيى ياكى مەتبۇخى زۇپا ئارقىلىق قايناتسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى 24 گرامدىن بەدەنجىر ئۇرۇقى، تۇخۇمى ئەنجەرەدىن ئون گرامدىن يۇمشاق سوقۇپ، ئەنجۇر قايناتىلمىسى ۋە پىستە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يالانچۇق تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

لۇئوقى سەنۇبەر بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئورۇن ئېتىبارى بىلەن يۆتەل بايانىدا سۆزلەنگەن كۆمىلاچ ۋە لۇئوق دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سۇ ياكى ئارپا سۇيىگە نان چۆكۈرۈپ بېرىلىدۇ. چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە ئارپا ئۇنى، نوقۇت ئۇنى، باقىلا ئۇنى، بادام يېغى، شېكەر ۋە ھەسەل قاتارلىقلار بىلەن ھالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ ياكى بۇنىڭغا چىلغوزا مېغىزى ۋە بادام مېغىزى ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ماددا پىشقان ۋە ئېغىز ئېلىش ۋاقتى يېقىنلاشقان بولسا بۇ ۋاقىتتا تەبىئەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن گالغا لۇئاب ياكى باشقا يېلىم دورىلارنىڭ چىلانغان سۈيى يۇتقۇزۇلىدۇ ۋە زۇپا، ھاشا، پەرپىيۇن، چۆچۈكبۇيا، ئەنجۇر قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان مەتبۇخى زۇپا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن كۈچلۈك زىمادلار چېپىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما ۋە

ئېغىر دەرىجىدە بەدەن ئاجىزلىق بولىسا مەجون بايادەردوس ۋە تەرياق بىرىلىدۇ ۋە ئايارەج پەيقارا ۋە ئاچچىقتاۋۇز قاتارلىقلار بىلەن كۆمىلاچ تەييارلاپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا ئاغزىغا سېلىپ قويۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا مائۇلھەسەل بىلەن قىچا ئىستېمال قىلدۇرۇش ياكى سۇتكە ھىگىنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ۋە ئىششىق ئېغىز ئالغاندا ساق بېقىننى بېسىپ يېتىپ ئۇخلاشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن ئىششىق ئېغىز ئالمىغان بولسا داغلاش لازىم.

ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئېغىز ئارقىلىق چىققان بولسا، ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ ئاز ياكى نورمال ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، 40 كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي تازىلاش مۇمكىن بولسا، دەسلەپتە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى ۋە تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

زۇپا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، سەۋسەن يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى ھەسەل شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. لوئوقى كەرسىنە ۋە لوئوقى ئەنسىلمۇ بۇنداق ھالەتتە ناھايىتى پايدىلىق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا سۇۋالما ۋە ئىسسىق ئۈتكۈزگۈچلەرنىمۇ ئىشلىتىپ تۇرۇش، ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان ياغلارغا ئۇدخام، بەھرۇزە، ئىزخىر چېچىكى، شۇمشا بەرگى ۋە مۇقەل قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش لازىم. بىراق قىزىتما كۆپ بولسا قىزىتقۇچى دورىلارنى قوشماسلىق لازىم. چۈنكى مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بىمار يۆتەل ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسىنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا قادىر بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتىكى ماددىنىڭ مىقدارى 40 كۈن ئىچىدە تازىلانمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا داغلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. يەنى ئۇنى ئىنچىكە سايمان ئارقىلىق داغلاپ ئۇنىڭدىن كۆكرەكتە تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددا ئاستا - ئاستا چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ زەخمىسىنى مائۇلھەسەل بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش لازىم ۋە تازىلاش-تىن كېيىن يارىنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. نەشتەر بىلەن ھەر-كۈنى ئاز - ئازدىن يىرىڭ چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. چۈنكى بىر قېتىمدىلا كۆپلەپ يىرىڭ چىقىرىش سەۋەبىدىن ھاياتلىق روھى كۆپلەپ چىقىپ كېتىپ، بۇنىڭ بىلەن ھوشسىزلىنىش ۋە ئۆلۈپ كېتىش خەتىرى بولىدۇ.

داغلاش ياكى تىغ بىلەن يېرىش جەريانىدا مۇۋاپىق مىقداردىكى قۇۋۋەتى نورمال بولغان ئوزۇقلۇقلار بېرىلىپ بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا قىزىتمىنى داۋالاشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك. چۈنكى يىرىڭ بولسىلا قىزىتما بولىدۇ. بەزىدە بۇ كېسەللىكتە ماددا تولۇق پىشىشتىن ئىلگىرى ئىششىق يېرىلىپ كې-تىپ، ساپ قان ياكى خام يىرىڭ چىقىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا دەرھال قان ئېلىش

ۋە قان تومۇرۇشكە قوللىنىلغان ئۇسۇللار تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

بەزىلەر تېۋىپلار «كۆكرەككە يىرىك يىغىلىپ قېلىشنى داۋالاشتا يىرىك تومۇرۇشنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

## ئون ئالتىنچى پەسىل قوۋۇرغا ۋە كۆكرەك پەردىلىرىنىڭ يىغىلىپ قېلىشى

### تقلص حجاب

**تونۇش:**

بۇ قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىنقى پەردىلىرى ۋە كۆكرەك پەردىلىرى ئۇستى تەرەپكە يىغىلىپ قالىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار ئالدىغا ئېڭىشەلمەيدۇ ۋە ئىككى مۈرىسىنى يىغالمايدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئىسسىقلىقنىڭ كۆپلۈكى ۋە سۇيۇقلۇقنىڭ ئاز بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. قوۋۇرغا ۋە كۆكرەك پەردىلىرىنىڭ ئۇستى تەرەپكە يىغىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئۆسۈش ئورنى ئۇستى تەرەپتە بولىدۇ.

**ئالامىتى.**

بۇ كېسەللىكتە ئەقىل ئېلىشىش بولىدۇ. چۈنكى بۇ پەردە دىئافراگما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دىئافراگما مېڭە پەردىلىرى بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالامەتلىرىدىن بىمار تىلىنى سىرتقا چىقىرالماسلىق، سۈيدۈكى ناھايىتى قىزىق بولۇش قاتارلىقلار.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ھەممىدىن بۇرۇن بەدەننى تازىلاش لازىم. ئوز ۋقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئېغىر قىزىتما بولمىسا پاقلاننىڭ كاللا ـ پاچاقلىرىنى ئاقلانغان ئارپا بىلەن قاينىتىپ ئۇنىڭ شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ياللۇغلىنىش، ئېچىشىش ۋە ئېغىر قىزىتما بولمىسا موم ۋە بىنەپشە يېغى، قاپاق مېغىزى يېغى ۋە ھۆل قاپاق سۈيى، ئىسپىغۇل لوئابى، قىزىل چوغلۇق سۈيى، تاۋۇز سۈيىدە ئۇسسۇزلۇق تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ياللۇغلىنىش ۋە ئېغىر قىزىتما بولسا ياغلىق قىيرۇتى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، پەقەت يۇقىرىقى سۇلارغا داكىنى چۆكۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا قويۇلسا بولىدۇ.

ئەگەر كېسەلدە باشتا ئاغرىش ۋە قىزىش ئالامەتلىرى بولسا، بېشىغا بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى سۈۋۈلىدۇ ۋە شىپافى ئەبيورنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ چوڭ تەرىتى توختاپ قالغان ياكى بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىدە ئېچىشىش ۋە قىزىقلىق بولسا، ئاقلانغان ئارپا، قىزىل چۆغلۈق ياغىچى، ھەمىشىباھار غولىنىڭ كۆلى، سەرپىستان قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، ھالۋىدەك بولغاندا سۈزۈپ ئېلىپ، 250 گرامنى ئۈچ دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى، 18 گرام بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سوغۇق ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا كۆكرەك ئومۇرتقىلىرى، ئېغىزمانىنى سىلاپ بېرىش لازىم، ئەگەر قىزىتما بەك يۇقىرى بولمىسا سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

## ئون يەتتىنچى پەسىل كۆكرەك سپازمىسى

**جمودالصدر**

**تونۇش:**

كۆكرەك سپازمىسى كۆكرەك سوۋۇپ كېتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە كۆكرەك مۇسكۇللىرى ۋە ئۇنىڭ پەردىلىرىدە سوۋۇپ كېتىش، يىغىلىپ قېلىش ۋە چىڭقىلىش پەيدا بولىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالەتتە كېڭىيىش ۋە يىغىلىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى، سوغۇق ھاۋا تېگىپ قېلىش، مۇزلاپ قېلىش، سوغۇق سۇ ئىچىش، سوغۇق سۇغا چۆمۈلۈش، ئەپيۇن چېكىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە نەپەسلىنىش سىقىلىش ۋە كۆكرەك چىڭقىلىش پەيدا بولۇش، كۆكرەك بويۇن ئۈستى تەرەپكە يىغىلىپ قېلىپ، ئەركىن ئولتۇرالماسلىق، ھەرىكەت قىلغاندا كۆكرەكنى ئالدى ۋە ئارقىسىغا ئېگەلمەسلىك، بىرنەرسە يۇتقاندا گالدا تۇرۇپ قالغاندەك ھالەت پەيدا بولۇش (شەرەقە ۋە غۇسە) قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا بەزىدە ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقى يۈرەككە تارقاپ كېتىش ياكى نەپەس توختاپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالىمۇ يۈز بېرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىككە قارىتا كۆكرەكنى قىزىتىش مەقسىتىدە ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇن

دورىلار، ياغلار ۋە زىمادلار، شەربەتلەر بېرىلىدۇ.

مائۇلھەسەلگە لىچىندانە، قەلەمپۇر، بەسباسە قاتارلىق دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. دارچىن، جەدۋار، ئۇدھىندى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. 12 گرام ماددەتۇلھايات، 108 گرام ئەرقى ئەنبەر بىلەن ياكى 15 گرام قۇندۇز قەھرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇققا مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ. جوزنى ئېغىزغا سىلىپ داۋالىق شۇمۇپ يۇرۇشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى كۆچلەنگەن بولسا چوڭ تۇسخىلىق ئايارەجلەر ئارقىلىق بەدەن تازىلىنىدۇ. سىرتىدىن قۇستە يېغى، سەۋسەن يېغى، قۇندۇز قەھرى ھەربىرىنى ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، قۇندۇز قەھرىنى ياغلاردا ئېرىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

بابۇنە يېغى سۈۋىلىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلىمىلىك، شوخلا، رۇم بەديان، جوز ھەربىرى 36 گرامدىن، سېرىقچېچەك، كاسىنە يوپۇرمىقى، ئەفتىمۇن ھەربىرىنى توققۇز گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، دوۋساقتا قويۇپ ئىسسىق ئۈتكۈزۈلىدۇ ۋە سوزاپ، سۆئتەر، پىننە، ھىڭ، ئەپسەنتىن، ئاچچىق قۇستە، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ھەسەل ۋە ياڭاق يېغى بىلەن قوشۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن كۆكرەكنى قول بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلاش، كۆكرەكنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، پاكىز لۆڭگە بىلەن سۈنى قۇرۇتۇش، بىلسان يېغى سۈۋاپ سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن كېيىن ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرى بىرئاز قېپقالغان بولسا، بۇ ئاسان يوقالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەلغەمدىن بولغان زىققە كېسەللىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەڭگىل كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە قان تۈكۈرۈش باشلانغان بولسا سوغۇقتىن بولغان قان تۈكۈرۈشكە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

# ئون ئىككىنچى باب يۈرەك كېسەللىكلىرى

## امراض القلب

يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئادەتتە ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك ئالامەت: بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يۈرەكتە قىزىتما پەيدا بولۇپ، ئومۇمىي بەدەنگە تارقىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى يۈرەكتە بولمايدۇ. يەنە بىرى، بەزى كېسەللەردە ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامەتلەر بولماي تۇرۇپ بىر قىسىم كېسەللىك ئالامەتلەر پەقەت يۈرەكتىلا بولىدۇ.

بۇ بابتا يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك رېتىمسىزلىقى، يۈرەك مەنبەلىك شوك، ماغدۇرسىزلىنىش، يۈرەك ياللۇغى، يۈرەك مۇسكۇل تېقىلمىسى، يۈرەك سويۇلغاندەك ئاغرىش، يۈرەك سىقىلىش، يۈرەكنىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش، بۇخاراتلاردىن بولغان يۈرەك تۇمانلىنىش، يۈرەكنىڭ ئاستىغا تاتتىلىشى، ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە قايغۇنىڭ يۈرەككە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ.

## بىرىنچى پەسىل يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

### سوء مزاج قلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئىسسىق، قۇرۇق، سوغۇق، ھۆل ۋە مۇرەككەپ كەيپىياتلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي تەسىرى بىلەن يۈرەك مىزاجى بۇزۇشتىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ مەخسۇس يۈرەكتە بولىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا قىزىتما بولمايدۇ. چۈنكى سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن قىزىتما بولمايدۇ. ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا يۈرەكتە بىرئاز قىزىتما بولسىمۇ لېكىن بەدەنگە تارقىيالمايدۇ.

ئەگەر ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشىدىن يۈرەكتە قىزىتما پەيدا بولسا، تويۇقسىز بىمارنىڭ روھىي ھالىتى سۇسلاپ، ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ھالەتتە بىمارنىڭ تومۇرىدا ۋە نەپەسلىنىشىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

بۇ كېسەللىك ئېغىر بولسا كۆپىنچە داۋالغىلى بولمايدۇ ۋە بىمار ئۆلۈپ كېتىشى

مۇمكىن. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بولسا داۋالىغىلى بولىدۇ.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش يۇرەككە ئورۇنلاشقان بولسا قەتئىي داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئورۇنلاشمىغان بولسىمۇ داۋالاش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ.

يۇرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى: يۇرەك ئېغىش ۋە ھوشسىزلىق كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلغان بولسا ئۇنىڭ مۇستەھكەملەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنىسىنا «يۇرەكنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك سەككىز خىل ئالامەت بىلەن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ: (1) تومۇر ھەرىكىتى. (2) نەپەسلىنىش. (3) كۆكرەك شەكلى. (4) كۆكرەكنىڭ تۈكى. (5) بەدەننىڭ سېزىمى ۋە ئۇنىڭ قاتتىق قۇرۇق ھالىتى. (6) ئەخلاق. (7) بەدەننىڭ كۈچى. (8) ئوي ـ خىياللىرى» دەپ كۆرسەتكەن. تۆۋەندە بىز بۇ سەككىز خىل ئالامەتنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1. تومۇر ھەرىكىتىنىڭ ئىتتىك، چوڭ، ئارقىمۇ ـ ئارقا بولۇشى ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. تومۇر ھەرىكىتىنىڭ يۇمشاق بولۇشى ھۆللۈكنىڭ ئالامىتى، قاتتىق بولۇشى، قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتى، تومۇر ھەرىكىتىنىڭ بىرخىل ۋە تەكشى بولۇشى يۇرەكنىڭ ساغلاملىقى، ئەكسىچە بولسا كېسەل ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

2. نەپەسلىنىشنىڭ چوڭ، ئىتتىك، ئارقىمۇئارقا بولۇشى ئىسسىقلىقنىڭ، ئەكسىچە بولسا سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتىدۇر.

3. تەن قۇرۇلۇش جەھەتتىن كۆكرەك كەڭ، باش كىچىك، تومۇر ھەرىكىتى كۈچلۈك بولسا بۇ ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتى، ئەكسىچە بولسا بۇ سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى.

4. كۆكرەك تۈكلىرىنىڭ كۆپ ۋە يىرىك بولۇشى يۇرەكنىڭ ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتى. كۆكرەكنىڭ پاكىز ۋە تۈكى ئاز بولۇشى سوغۇقلۇق ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتىدۇر.

5. ئومۇمىي بەدەننىڭ سېزىمى ئىسسىق بولۇش (تال ياكى جىگەرنىڭ سوغۇقلۇقى، يۇرەكنى سوۋۇتۇۋەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا) يۇرەكنىڭ ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتى، ئومۇمىي بەدەننىڭ سوغۇق بولۇشى (جىگەرنىڭ ھارارىتى ئۇنى قىزىتىۋەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا) يۇرەكنىڭ سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى، بەدەننىڭ يۇمشاق بولۇشى يۇرەكنىڭ ھۆللۈكىنى، بەدەننىڭ قاتتىق بولۇشى يۇرەكنىڭ قۇرۇقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

6. مىجەزى ۋە ئەخلاقى ئارقىلىقمۇ يۇرەكنىڭ ھالىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. يەنى ئادەتتىن تاشقىرى ئاچچىقلىنىش، قاراملىق قىلىش، ئالدىراقسانلىق قىلىش، ھەرىكىتى چاققان بولۇش يۇرەكنىڭ ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتى، ئەكسىچە بولغان (يۇقىرىقى ئالامەتلەرگە خىيالى ۋە ئادەتلەنمىگەن بولسا) سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

7. بەدەننىڭ كۈچلۈك بولۇشى يۇرەكنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مېڭە ۋە نېرۋىلارنىڭ بىرەرسى كېسەللەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بەدەننىڭ ئاجىز بولۇشى يۇرەك

ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

8. ئوي - خىياللىرى ۋە خىيالچانلىق:

ئەگەر كىشى خۇشال ۋە ئۈمىدۋار بولسا يۈرەكنىڭ نورمال ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ياۋايىلىق، تارتىنچاقلىق تەرەپكە مايىل بولسا يۈرەكنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ ئالا- مىتى.

ئەگەر قورقۇنچاقلىق ۋە غەم - قايغۇغا مايىلراق بولسا، يۈرەكنىڭ قۇرۇق سوغۇق ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆكرەكنىڭ شەكلى كەڭ بولۇشى، تومۇر ھەرىكىتى ۋە نەپەسلىنىشنىڭ تەبىئىي ھالدا چوڭ ۋە ئارقىمۇ ئارقا تېزلىككە مايىل بولۇشى، كۆكرەك ۋە بەدەننىڭ سېزىمىنىڭ ئىسسىق بولۇشى، كۆكرەكتە قارا تۈكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، ئاچچىقى يامان، ئالدىراڭغۇ، قارام بولۇشى ۋە ئۈمىدۋار بولۇش بۇ يۈرەكنىڭ تەبىئىي ھالدا ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆكرەكنىڭ تار بولۇشى، تومۇر ھەرىكىتى ۋە نەپەسلىنىشنىڭ كىچىك ۋە سۇس، ئارقىمۇ ئارقا تەرەپكە مايىل بولۇشى، ئاجىزلىق، ھۇرۇنلۇق، باغرى يۇمشاقلىق، نازۇك- لۇق، زېھنى سۇسلىشىش، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشلارغا ھەيران قېلىش، ئاسان قورقۇش، ناھايىتى ئىتتىك تەسىرلىنىش، بەدەن ۋە كۆكرەكنىڭ سېزىمى سوغۇق بولۇش، كۆكرەك تۈكسىز بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈرەكنىڭ تەبىئىي ھالدا سوغۇق ئىكەن- لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تومۇردا قاتتىقلىق بولۇش، روھىي ھەرىكەتلەردىن ئاسان تەسىرلەنمەسلىك، مىجەزى چۇس بولۇش، بەدىنى قۇرغاق بولۇش يۈرەكنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تومۇر ھەرىكىتىنىڭ يۇمشاق بولۇشى، ئازراقلا روھىي پائالىيەتلەردىن بولۇشى بىلەن تومۇرلاردا ئىتتىك ئۆزگىرىش بولۇشى، تېرىنىڭ ھۆل ۋە يۇمشاق بولۇشى، كۆكرەكتە ئاندا - ساندا يۇمشاق تۈك بولۇشى يۈرەك مىزاجىنىڭ ھۆللۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى تېز، ئارقىمۇئارقا بولسا نەپەسلىنىش چوڭ، ئىتتىك ۋە ھاۋانى چىقىرىش ۋاقتى ئارقىمۇئارقا بولسا مىجەزى چۇس، قوپال بولسا، كۆكرەك تۈكى كۆپ ۋە يىرىك بولسا، بەدەن سېزىمى قۇرۇق ئىسسىق بولسا، يۈرەك مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتە تۈكلەر ئاز بولسا، كۆكرەك كەڭ بولسا، تومۇر ھەرىكىتى يۇمشاق، بىرقەدەر ئىتتىك، ئارقىمۇ ئارقا بولسا، ئىتتىك ئاچچىقلانسا لېكىن ئاچچىقلىنىشى يەڭ- گىل بولسا، بەدەننىڭ سېزىمى ھۆل ئىسسىق بولسا، بۇ، يۈرەك مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر نەپەسلىنىش كىچىك، ئارقىمۇئارقا، قاتتىق بولسا، ئاداۋەتخور ۋە ھەسەتخور بولسا، ئۇچۇق، خۇشچاقچاق بولمىسا، ھۇرۇن بولسا، بۇ، يۇرەك مىزاجىنىڭ ھۆل سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى ئىنچىكە، ئاستا بولسا، ئاداۋەتخور، گۇمانخور بولسا، ئاچچىقى كەلسە ئاسان يانمىسا، بەدىنى سوغۇق ۋە قۇرغاق بولسا، بۇ يۇرەك مىزاجىنىڭ قۇرۇق سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر ئۇنىڭدا نەپەسلىنىش تېز، تومۇر ھەرىكىتى ئىنچىكە، تېز ۋە ئارقىمۇئارقا بولسا، بۇنىڭ بىلەن كۆكرەكنىڭ سېزىمى بەك ئىسسىق بولسا ۋە ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇپ، سۇغا قارىغاندا سوغۇق ھاۋادا بەكرەك راھەت ھېس قىلسا، ھېچقانداق تاشقى سەۋەب بولماستىن بەدەندە ئاجىزلىق ۋە ئورۇقلۇق، قىزىش، ئىتتىك ئاچچىقلىنىش، سۈيدۈكى سېرىق بولۇش بىلەن بىرگە بىمار غەم ـ قايغۇ ۋە بىئاراملىقتا گىرىپتار بولغان بولسا، بۇ يۇرەكنىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر نەپەسلىنىش ئاستا، تومۇر ھەرىكىتى توم، سۇس ۋە ئارقىمۇئارقا بولسا، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن راھەت ھېس قىلسا، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر زىيان قىلسا، چىرايى نۇرسىز، سۈيدۈكى ئاق، ئۇيقۇسى كۆپ، قورقۇنچاق بولسا، بۇ، يۇرەكنىڭ سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى بوش، قالايمىقان بولسا، ئىتتىك تەسىرلىنىدىغان ۋە تېز ئەسلىگە كېلىدىغان بولسا، كۆپىنچە ئوفۇنەتلىك قىزىتما بولسا، سۈيدۈكى ئاق ۋە قويۇق، زېھنى سۇس ۋە ھۇرۇن بولسا، بەدەن ئورۇق، ئېغىز شۆلگىيى كۆپ چىقسا، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش ئالامەتلىرى بولسا، يۇرەك مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

تومۇر ھەرىكىتى ئىنچىكە، ئارقىمۇئارقا قۇرۇق ۋە قاتتىق بولسا، بىر ئىشقا ئاسان تەسىرلەنمىسە، بەدەندە ئاجىزلىق، ئورۇقلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، قۇرۇق يۆتەل كۆپ بولۇش ئەھۋاللىرى بولسا، بۇ يۇرەكنىڭ قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش قانچە ئېغىر بولسا، تومۇر ھەرىكىتى ئارقىمۇئارقا سېلىش شۇ قەدەر كۆپ بولىدۇ.

**داۋالاش:**

يۇرەكنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن سېسىق پۇراقلىق يېمەكلىك ۋە دورىلارنى پۇراپ روھىنى تولۇقلاشقا قەتئىي بولمايدۇ ۋە سېسىق گاز پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى قەتئىي بېرىشكە بولمايدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ:

كىيىم ـ كېچەكلەرگە خۇش پۇراق ئەتىرلەر چېچىلىدۇ ۋە كۆڭلىنى خۇشاللاندۇرۇش

تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئوزۇقلىنىشقا مائۇلھەسەل، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تولا خىيال قىلىش، ئويلىنىش، ئاچچىقلىنىش، غەم قىلىش قاتارلىقلاردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

يۈرەكتە كېسەللىك پەيدا بولسا ئۇنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇكەممەل ساقايـغانغا قەدەر داۋالاش لازىم ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە مىزاجنى تەڭشەش ياكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دورىلار تەركىبىگە روھنى كۈچلەندۈرگۈچى، يۈرەككە خۇشلۇق كەلتۈرگۈچى، مۇپەررىھات تۈرىدىكى يۈرەكنىڭ مەخسۇس دورىسى ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش ئۈچۈن قان ئېلىشقا توغرا كەلسە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىش، ھەرگىز ئارتۇق ئېلىنىۋەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇنداق قىلمىـغاندا بەدەندە قۇۋۋەت يوقىلىپ، بەدەن ئاجىزلايدۇ.

ئەگەر قان ئېلىش بىلەن بىرئاز ئاجىزلىق پەيدا بولغان بولسا، قۇۋۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى ۋە مۇۋاپىق ھالدىكى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلـىدۇ. دورا بىلەن تازىلانغاندا سۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھەرسىز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە يۈرەككە ئەكس تەسىرى يوق دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە بۇ دورىلار تەركىبىگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش لازىم ياكى تازىلىغۇچى دورىلار تەركىبىگە زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا قان ئېلىش ۋە سۈرگۈ بەرگەندە قىزىتمىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەگەر ئاشقازان ئاجىز بولسا ئۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىلىش لازىم.

بۇ كېسەللىكتە مىزاجنى تەڭشەشكە توغرا كەلگەندە سوغۇق مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئومۇمەن ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن مەخسۇس يۈرەكنى قىزىتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

ئىسسىق مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن پەقەت سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىلا بەرمەستىن بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. چۈنكى يۈرەكـتىكى روھ ئىسسىقلىقتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. لېكىن يۈرەكنىڭ ھارارىتىنى سوۋۇتقۇچى دورىلار روھقا زىيان يەتكۈزۈپ ھارارەتنى تۆۋەنلىتىدۇ. روھنى ئاجىزلاشتۇرىـدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۈرەك ھەرىكىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى تەڭشىگىلى بولامـدۇ؟ ئىلگىرىكى ئۆلىمالار بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەرگەن: «ئەگەر تەبىئەت كۈچلۈك بولسا سوۋۇتقۇچى ۋە قىزىتقۇچى دورىلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە

تەبىئەت ئۇنى پەرقلەندۈرۈپ، سوۋۇتقۇچى دورىلارنى يۈرەكنىڭ ئىسسىقلىقى تەرەپكە يەتكۈزۈپ ئۇنى سوۋۇتۇپ ئىسسىق دورىلارنى يۈرەككە يەتكۈزۈپ يۈرەك ئىسسىقلىقىنى روھ تەرەپكە يەتكۈزۈپ يۈرەكنىڭ مىزاجىنى تەڭشەيدۇ ۋە روھنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەگەر تەبىئەت ئاجىز بولسا بۇنى داۋالاش بىرئاز قىيىن بولۇپ، مەخسۇس يۈرەك دورىلىرىنىڭمۇ ۋە باشقا ئارىلاشما دورىلارنىڭمۇ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. لېكىن بۇنداق ھالەتتە ئارىلاشما دورىلارنى ئىشلەتكەن ياخشى».

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۈرەك كېسەللىكلىرىدە مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن بولسۇن ياكى ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن بولسۇن كۆپىنچە مۇناسىۋەتلىك دورىلارغا يۈرەككە پايدىلىق بولغان ۋە روھنى كۈچلەندۈرگۈچى مەخسۇس دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەرقى گۇل، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى سەندەل، ئالما، بېھى، ئانار قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

كۆپ ساندىكى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ يۈرەككە بولغان تەسىرى ئاستا بولىدۇ، يۈرەككە ئاسانلىقچە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ يۈرەككە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنى قۇرسى كاپۇرغا زەپەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

قۇرسى كاپۇر يۈرەك ئەتراپىدىكى ئەزالار ئۈچۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما ۋە كۆيدۈرگۈچى تەپ (ھومەيياتى موھەررىقە) دە قۇرسى كاپۇر بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا زەپەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. لېكىن قۇرسى كاپۇر جىگەر ۋە ئاشقازان قاتارلىق ھەزىم ئەزالىرىغا بېرىلگەندە زەپەر ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ.

يۈرەك كېسەللىكلىرىدە قەۋزىيەت بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى توختاپ قالغان كېرەكسىز ماددىلارنىڭ بۇزۇق گازلىرىدىن يۈرەك كېسەللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك كېسەللىكلىرىدە تەبىئەتنى داۋاملىق يۇمشىتىپ تۇرۇش لازىم.

شىپائۇل ئەسقام دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئەڭ مۇھىمى يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئىمكانقەدەر سۈرگۈ دورىلىرىدىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر سۈرگۈ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا سۈرگۈ ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى يۇمشاتقۇچى ۋە يەڭگىل سۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكتە قان ئالغاندىمۇ ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش، زۆرۈر بولمىسا قان ئالماسلىق، پەقەت مۆتىدىل ۋە كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى قوللىنىش لازىم.

يۈرەكنىڭ دورىلىرى ئاساسەن خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلار بولۇپ، بۇلار: ① يۈرەك ۋە روھنى قىزىتىش، يۈرەك ۋە روھنى سوۋۇتۇش؛ ② يۈرەك ۋە روھقا ھۆللۈك يەتكۈزۈش؛ ③ يۈرەك ۋە روھقا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈش؛ ④ قويۇق روھنى سۇيۇلدۇرۇش؛ ⑤ سۇيۇق روھنى قويۇلدۇرۇش ۋە كۈچلەندۈرۈش؛ ⑥ روھنىڭ چۆكمىگە چۈشكەن

قىسمىنى يوق قىلىش؛ ⑦ روھنى كۆپەيتىش قاتارلىقلار مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

تۆۋەندە روھقا خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلاردىن زورەنبات، قەلەمپۇر قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار يۈرەكنى قىزىتىپ روھنى ئۇرغۇتىدۇ. ئىپار، زەپەر، زەرنەپ، دارچىن قاتارلىق دورىلار يۈرەكنى قىزىتىش روھنى جانلاندۇرۇش بىلەن بىرگە قەۋزىيەتلىكنى يوقىتىپ روھنىڭ خوراپ كېتىشىنى چەكلەيدۇ.

ئۇندىن باشقا ئۇد ھىندى، ئەنبەر، ئەبرىشىم، پوستى تۇرۇنجى، ئۆشنە، بادرەنجى بۇيا، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، ئاق ۋە قىزىل بەھمەن، تاغ رەيھان ئۇرۇقى، سەئدى كوفى، سەلىخە، سازەج ھىندى، سۇمبۇل، پەرەنجىمىشكى، گاۋزىبان، رەيھان، رەيھان ئۇرۇقى، تۇرۇنجى غازىڭى، رەۋەن، لاچىندانە، كاۋاۋچىن، كونا ھاراق، رەيھان ھارىقى، ئادەتتىكى گۆش سۈيى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ ھەممىسى روھنى جانلاندۇرۇپ، يۈرەككە خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ.

سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار: روھنى قويۇلدۇرغۇچى بارلىق دورىلار سوغۇق تەبىئەتلىك بولۇپ، بۇ دورىلار روھنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن: كاپۇر، چۇچۇمەل ئاپىلسىن، لىمون، نارەنجى، قىزىلگۈل، ئامىلە، تاباشىر، سەندەل، گىل مەختۇم، گىل ئەرمىنى، ھۆل ۋە قۇرق يۇمغاقسۈت، نىلۇپەر، چۇچۇمەل ئالما سۈيى، ئانار سۈيى، ئەرقى گۈل، ھەببۇلئاس، مەرۋايىت، كەھرىۋا، بىخ مارجان، پادىزەھرى مەدەنى قاتارلىقلار روھنىڭ كۈچىيىشى ۋە روھنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلىتىدۇ.

ئوزۇقلۇق تەركىبى مول ۋە سۈيۇق قان پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: كىچىك ئۇچار قۇشلار، پاقلان قاتارلىقلارنىڭ شورپىلىرى، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، سەرتان ۋە يۇمشاق گۆش، بېلىق گۆشى قاتارلىقلار.

ئۇندىن باشقا روھنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە كۆپەيتكۈچى دورىلاردىن گاۋزىبان، ياۋا رەيھان، پىننە، بادرەنجى بۇيا، رەيھان، پەرەنجىمىشكى، ئامىلە، ھېلىلە، تۇرۇنجى، ئالما، پىستە، ئامۇت، رەۋەن ئۆسۈملۈكى، تەمرى ھىندى، ئانار قاتارلىقلار بار.

مىزاجنى تەڭشەپ خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار: ياقۇت، كۈمۈش ۋاراق، ئالتۇن، مەرۋايىت، بىخ مارجان، فىيروزە، زۇمرەت، گاۋزىبان، ھەجرى ئەرمىنى، لاجۇۋەرد، غارىقۇن، ئەفتىمۇن، بىستىپايەج ۋە سەۋدانىڭ سۈرگىلىرى قاتارلىقلار.

قۇرۇتقۇچى دورىلار: قۇرۇتقۇچى دورىلارنىڭ بەزىلىرى ئىسسىق تەبىئەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇد ھىندى، ئەنبەر، قەلەمپۇر قاتارلىقلار، قۇرۇتقۇچى دورىلارنىڭ بەزىلىرى سوغۇق تەبىئەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: تاباشىر، يۇمغاقسۈت، سەندەل قاتارلىقلار.

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار: ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى

سوغۇق تەبىئەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، بېهى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىقلار. يۈرەككە قارىتا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە يۈرەكنىڭ مەخسۇس دورىلىرى ئارىلاشتۇرۇلماي ئىشلىتىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مۇپەررى ياقۇت ھار، مۇپەررى ياقۇت بارىد، مۇپەررى ياقۇت مۆتىدىل، داۋائى مىشكى ۋە خېمىرىيات قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

تۆۋەندە يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. يۈرەك مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشنى داۋالاش:

*علاج سوء مزاج قلب حار*

بۇ كېسەللىككە قارىتا شەربىتى رىباس، شەربىتى ئانارسىن، شەربىتى سەندەل قاتارلىق بىرقەدەر سوغۇق ۋە يۈرەككە مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن قۇرسى كاپۇر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، تاتلىق قاپاق مېغىزى شىرىسى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى قاتارلىقلارمۇ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن يەنە نىلۇپەر شەربىتى، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار (مۇپەررىهاتلار)، سوغۇق تەبىئەتلىك ياقۇت چۈشكەن دورىلار، ئارپا سۈيى، تاۋۇز سۈيى، قېتىق سۈزمىسى قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ياز پەسلى بولسا يۇقىرىقى دورىلارنى موزا بىلەن سوۋۇتۇپ بېرىلىدۇ. سىرتىدىن كاپۇر، سەندەل، ئەرقى گۈل قاتارلىقلار كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ، سالقىن جايدا ئۇخلاشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى توشۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولسا مائۇل پەۋاكىهى قاتارلىقلار بىلەن تازىلىنىدۇ. تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە قىزىتما ۋە ھارارەتكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ھارارەت كۈچلۈك بولسا قۇرسى كاپۇر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت كۈچلۈك بولمىسا باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ.

سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشتە يەنە قەۋزىيەتلىك بار - يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا تەمرى ھىندى چىلانمىسى سۈيى، ئەينۇلا قاتارلىقلار گۈلاب ئولۇۋخان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر تەبىئەت يۇمشاق بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى، نارەنجى شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا چۈچۈمەل خېمىرى سەن-

دەل، ئەرقى گۈل، شېكەر قوشۇلغان تۇرۇنجى شەربىتى قاتارلىقلار يۈرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە ئاشقازان ئاجىز بولسا، ئەرقى بىدمىشكى ۋە ئەرقى گۈل يالغۇز ھالەتتە ياكى شەربىتى سەندەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك ئېغىش، كۆيدۈرگۈچى تەپ قاتارلىقلارنىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەكتە ھارارەت بولۇش بىلەن بىرگە يۈرەكتە ئىششىق ۋە قاپارتمىلار بولمىسا ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىغا كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار سۈۋىلىدۇ. بۇ دورىلارنى سۈۋىغاندا ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ مىقدارى كۆپەيتىلىدۇ ياكى ئازايتىلىدۇ. لېكىن ھەرگىز ھەددىدىن ئارتۇق سۈۋىتىۋەتمەسلىك لازىم.

يۈرەكنىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى ۋە ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك ئېغىش كېسەل-لىكىگە قارىتا قۇرسى كاپۇر ئۈچ گرام، خېمىرى سەندەل ساددە توققۇز گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەندەل شەربىتى مۇرەككەپ، نىلۇپەر شەربى-تى 24 گرامدىن، ئەرقى بىدە ساددە، ئەرقى كاسنە، ئەرقى گۈل، ئەرقى پەۋاكىھ 60 مىللىلىتىردىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە ئۈچ گرام ئىسپىغۇل كېپىكى ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ياكى رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن نېلۇپەر، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئاق سەندەل ھەربىرىدىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، ئەرقى گۈلگە چىلاپ، ئۈچ گرام كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ۋە قىزىلگۈل سۈيى، رەيھان سۈيى، كونا ئەرقى گۈل، ئالما سۈيى 12 گرامدىن، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، گىل ئەرمىنى تۆت گرامدىن، كاپۇردىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە سۇيۇق پۇرىتىلما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى ياكى ئۆچكە سۈتىدە پىشۇرۇلغان گۆرۈچ، سۈت، پالەك، سېمىزئوت، نان قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇش خىلتلىق قان خىلتىدىن بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا ئەينۇلا، سېرىق ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، شىرخىست، گۈلقەنت، قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلارنى بېرىپ ئاندىن سوغۇق تەبىئەتلىك سۈرگىلەر بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش زۆرۈر بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى، ھەببۇلئاس شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئاق لەيلى يىلتىزى لوئابى، رەيھان ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق دورىلارغا ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن خېمىرى مەرۋايىت، داۋائى مىشكى بارىد، ئەرقى شىر قاتارلىقلار بىرلەشتۇرۇلۇپ بېرىلى-دۇ. ھارارەت ئېغىر بولسا سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار يەنى ئوسۇك، يۇمغاقسۈت قاتارلىق-

لار بېرىلىدۇ ياكى بۇنىڭ ئورنىغا ئارپا ئېشى ياكى 48 گرام نىلۇپەر شەربىتىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا قان ئېلىنىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ بەدەن كۈچى قان ئېلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە يۈرەككە مەخسۇس بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يەنى ھۇمماز شەربىتى، ئالما شەربىتى، كالا قېتىقى سۈزمىسى، مېۋە شەربىتى (شەربىتى پەۋاكىھ) سەندەل شەربىتى قاتارلىقلار ياكى قۇرسى كاپۇر يۇقىرىقى شەربەتلەر بىلەن بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

سىرتىدىن كۆكرەككە سەندەل ۋە ئەرقى گۇل سۈۋىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئوسۇڭ، سېمىزئوت، كاسىنە، قاپاق، چۈجە گۆشى، غورا سۈيى، لىمون، زىرىق قاتارلىقلار پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا يۇقىرىقى قاندىن بولغان خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇشقا ئىشلەتكەن شەربەتلەرگە تەمرى ھىندى شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈرىيەت بولسا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ يەڭگىل دەرىجىدىكى سۈرگىسى، مەسىلەن: ئانار سۈيى، شىرخىست، قىزىلگۈل شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كۈچلۈك سۈرگىلەرنى بېرىشكە بولمايدۇ.

## 2. يۈرەك مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج قلب بارد

بۇ كېسەللىككە قارىتا داۋائى مىشكى شېرىن، مۇپەررىھى ھار، گاۋزىبان شەربىتى، بادرەنجى بۇيا شەربىتى ۋە زەپەر، ئىپار، ئەنبەر، سۇمبۇل تىپ، قىزىلگۈل قاتارلىقلار چۈشكەن شەربىتى ئۇد ۋە ئەرقى ئەنبەر، ئەرقى تەنبۇل قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. سىرتىدىن سۇمبۇل تىپ، سەئدى كوفى، دارچىن، قەلەمپۇر، زەرنەپ، قىزىلگۈل، ئۇدھىندى، مەرزەنجۇش سۈيى، رەيھان سۈيى ۋە بادرەنجى بۇيا سۈيى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، كەپتەر، قۇشقاچ، كەكلىك قاتارلىقلارنىڭ گۆشى دارچىن، زەپەر، زىرە، قاقلە قاتارلىقلار بىلەن خۇشپۇراق كاۋاپ قىلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇش خىلتلىق بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش مەقسىتىدە مەتبۇخى بىستپايەچ بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلت تازىلانغاندىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈرگۈ ۋە ھەببى غارىقۇندا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش مەقسىتىدە خېمىرى ئولۇغخان مائۇللەھمى ھار بىلەن

ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سەۋزە ۋە چامغۇر بىلەن پىشۇرۇلغان توخۇ گۆش شورپىسى ۋە نان بېرىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقى ئۆچۈن ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى گۇل ھەربىرى 248 مىللىلىتىر، 120 گرام ھەسەل قاتارلىقلاردىن مائۇلھەسەل تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مائۇلھەسەل كۆچلۈكرەك بولۇشى زۆرۈر بولسا قەلەمپۇر، سۇمبۇل تىپ، ئۇد ھىندى، دارچىن، زەپەر، ھەربىرىنى ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، داكىغا سېلىپ، يۇقىرىقى مائۇلھەسەلنى قاينىتىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تاشلاپ تەمى چىقىرىلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە چوڭ نۇسخىلىق مەجۇناتلار رەيھان ئىچىملىكى، خۇش پۇراق يۈرەككە تاللانما تەسىرى بار ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇۋالما، زىمادلار ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك يۈرەك مىزاجىنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ھەسەل گۈلقەندنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇندىن كېيىن ئۇد ھىندى، مەستىكى، پوستى تۇرۇنجى قاتارلىقلار قاينىتىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئالما شەربىتى قاتارلىقلار ئىپار بىلەن خۇش پۇراق قىلىنىپ بېرىلىدۇ.

تاغ گۈللىرى ھەسلى 250 گرام، ئەرقى گۇل 500 مىللىلىتىر، سۇ 200 مىللىلى- تىر، رەيھان شەربىتى 250 گرام قاتارلىقلارنى سۇس ئوت بىلەن بىركىلوگرام قالغانغا قەدەر قاينىتىپ، ئىسسىق ھالەتتە ئۈستىگە قەلەمپۇر، سۇمبۇل، ئۇد ھىندى، ئامىلە ئۇسارىسى تۆت گرامدىن، 24 گرام زەپەر قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، داكىغا سېلىپ تاشلاپ مائۇلھەسەل تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن 36 ~ 48 گرام ئېلىپ، ھەر كۈنى داۋائى مىشكى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### 3. يۈرەك مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج قلب يابس

بۇ كېسەللىككە قارىتا بادام يېغى، قەنت ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولمىسا سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتىدىن ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما باياندا سۆزلەنگەن سۇۋالمىلار كۆكرەككە سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولسا ئۇنى داۋالاشتا ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقلۇق بولسا ئۇنى داۋالاشتا كونا ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىنى داۋالاش ئۇسۇل-لىرىدا سۆزلەنگەن دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى خىلتسىز بولسا، مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىسپىغۇل لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، گاۋزىبان لوئابى ھەربىرى ئۈچ گرامدىن، ئەرقى گۇل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى بىدە ساددە ھەربىرى 60 مىللىلىتىر، نىلۇپەر شەربىتى 48 گرام قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى ياكى پالەك ۋە سېمىز ئوت ئۇرۇقى بىلەن نان بېرىلىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى خىلتلىق بولسا تازىلاش ئۈچۈن مائۇلجەبىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئاملە نۆشدارى لۆئلىۋى ئەرقى سۈت بىلەن بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان گۆشى كاۋىپى بىلەن پالەك بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيقۇسىزلىق بولسا خېمىرى مەرۋايىت ئولۇۋىخان، ئەرقى بىدە ساددە، ئەرقى گۇل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن ئۆچكە سۈتى باشقا سۈۋىلىدۇ ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. قاپاق يېغى، خەشخاش يېغى، بادام يېغى قاتارلىقلار بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ناننىڭ پارچىسىنى ئۆچكە سۈتىگە چۆكۈرۈپ، ناننى چېكىگە قويۇلىدۇ. بادام يېغى، قاپاق يېغىنى سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ قول ۋە پۇت ئالىقانلىرىغا سۈۋىلىدۇ. خېنە ۋە قىزىلگۈل ياغىچى سۈيىنى يەككە ھالدا ياكى بىرلەشتۈرۈپ پۇت ئالىقانلىرىغا سۈۋىلىدۇ.

ھەكىم ئولۇۋىخان ۋە ئەشەرى كامىلى (مۇكەممەن ئون) دېگەن كىتابتا «بولو ياكى بالسە ئەپسەردە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق» دەپ يازغان.

ئەگەر قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن مىزاج بۇزۇلۇش غەيري تەبىئي سەۋدا خىلتىنىڭ ئارتىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولسا، غەيري تەبىئي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرغاندىن كېيىن، سەۋدا خىلتىنى تازىلاش مەقسىتىدە مالىخۇلىيا كېسەللىكىگە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىر-لىرى قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش مەقسىتىدە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىشلىتى-لىدۇ. توخۇ گۆشى، ئاقلانغان ئارپا بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەرقى بىدە، تاتلىق بادام يېغى بىلەن ھاراق بېرىلىدۇ. بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى شەربەتلەر مائۇلجەبىن بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئېشەك سۈتى ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

**4. يۈرەك مىزاجىنىڭ ھۆل‌لۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:**

علاج سوء مزاج قلب رطب

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئالدى بىلەن ئۇزۇقلۇق مىقدارىنى ئازايتىش لازىم. دورىلاردىن: قەلەمپۇر، زەپەر، بادرەنجى بۇيا، قۇرۇتقۇچى ۋە يۈرەككە خاس بولغان دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. داۋائى مىشكى تەلخ يەتتە گرام، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى قەرنەپىل سادده ياكى ئەرقى سەندەل مۇرەككەپ ئولۇشخان بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى (شەربىتى ئەنارى مونەئنە) بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە كېسەل مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ ۋە يۇيۇندۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى، دۇملەپ پىشۇرۇلغان گۆش قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئېغىزدىن كۆپ شۆلگەي ئاقسا، ھەببى سىبرە ۋە ھەببى ئايارەج ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

ئەگەر ھۆل‌لۈكتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش غەيرىي تەبىئىي خىلتلىق بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بادرەنجى بۇيا، بىستىپايەچ، ئەفتىمۇن، رۇم بەديان قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك قۇرۇتقۇچى ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن تازىلاش مەقسىتىدە تۇربۇت چۈشكەن مەتبۇخى ئەفتىمۇن (مەتبۇخى ئەفتىمۇن تۇربۇت) ۋە ھەببى سىبرە بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش مەقسىتىدە خېمىرى زۇمرەتى ھېكىم شەرىپخان بىلەن ئەرقى دارچىنى ئولۇشخان بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىلىدۇ. مەستىكى، ئۇد ھىندى، داچىن، قەلەمپۇر، سۇمبۇل، ئامىلە ئۇسارىسى، جوز، كاۋاۋچىن، قاقىلە، پوستى تۇرۇنجى 18 گرامدىن، ئېپار 0.5 گرام قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئالما شەربىتى بىلەن مەجۇن تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن تۆت گرام ئېلىپ، شەربىتى ھۇمماز ياكى شەربىتى تۇرۇنجىدىن 36 گرام بىلەن بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يۇمشاتقۇچى تەدبىرلەر، قۇرۇتقۇچى دورىلار قوللىنىلىدۇ ۋە بىمارنى نورمال ھالدا بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئوزۇقلاندۇرۇشتىن ئىلگىرى مۇنچىغا چۈشۈرۈش، ئىسسىق ھاۋادا ئولتۇرغۇزۇش، سۈرگۈچى ۋە سىيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ، لېكىن ھارارەت بولسا مۇنچىغا چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئەگەر ھۆل‌لۈكتىن بولغان يۈرەكنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالسا بىماردا سەكتە ياكى پالەچ بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن داۋائى مىشكى ھار، نۇشدارى، گۈلقەنت، ئەنبەر، مەستىكى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سىرتىدىن كۆكرەككە ناردىن يېغى ياكى نامازشامگۈلى سۈيى، سۇنبۇل، سەئدى كوفى، قۇستە قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ. ئوز ۇقلاندۇر ۇشتا قۇشقاچ گۆشى بېرىلىدۇ.

**5. يۈرەك مىزاجىنىڭ مۇرەككەپ كەيپىياتلار تەسرىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:**

علاج سوء مزاج قلب مرکب

بۇ كېسەللىككە قارىتا يەككە ھالدىكى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مىزاج بۇزۇلۇش تەدبىرلىرى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ.

تەبىرى «يۈرەك مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدا قىزىلقىنى پەسەيتىش ۋە تازىلاش ئارقىلىق مىزاجنى تەڭشەپ داۋالىغاندا كۆپىنچە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

جالىنۇس «يۈرەكنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا بۇ كېسەل كۆپىنچە ساقىيالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

## ئىككىنچى پەسىل يۈرەك سانجىقى

## وجع القلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ھەرخىل سەۋەبلەر، سۇلۇق ئىششىق، يۈرەكنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن يۈرەكتە سانجىلىپ ئاغرىش ئالامىتى كۆرۈلىدىغان بىرخىل يۈرەك كېسەللىكىدىن ئىبارەت.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىك خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپىنچە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن بەزى تېۋىپلار بۇ كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

راقىم «يېنىك دەرىجىدىكى يۈرەك سانجىقىغا قارىتا مۇناسىپ داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا كۆپىنچە ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن داۋالاش تەدبىرلىرى خاتا بولۇپ قالسا كېسەل ئېغىرلىشىپ، خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى يۇتۇنلۇك بۇزۇلۇشتىن بولسا بۇنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ئىششىقتىن بولسا، بۇنى داۋالاشتا خەفەقان (يۈرەك رىتىم-

سىزلىقى) نى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى مىزاج بۇزۇ-لۇشتىن بولسا، بۇنى داۋالاشتا مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل يۈرەك رىتىمسىزلىقى
## خفقان قلب

**تونۇش:**

بۇ «خەفەقان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يۈرەك رىتىمسىزلىقى يۈرەك تەرتىپسىز هالدا تارتىش-قانىغا ئوخشاش هەرىكەت قىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەللىك يۈرەكنىڭ ئۆزىدە، يۈرەك قېپىدا، يۈرەككە يېقىن ئەزالاردا ياكى ئاشقازان، مېڭە، ئۆپكە، باليائتقۇ، ئۈچەي، قورساق پەردىلىرى قاتارلىقلارنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشى تەسىرى يۈرەككە تەسىر قىلىش سەۋەبىدىن يۈرەكتە ئېغىش، رىتىمسىزلىق، قوزغىلىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

هەرخىل سەۋەبلەرنىڭ يۈرەكنى بىئارام قىلىش سەۋەبىدىنمۇ بۇ كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. يۈرەكنى بىئارام قىلىدىغان سەۋەبلەر خىلىتسىز، خىلىتلىق، ئىششىق، پۈتۈن-لۈك بۇزۇلۇش، توسالغۇ پەيدا بولۇش، يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي قان ياكى سەپرا خىلىتى خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇنىڭدا يۈرەك تومۇرلىرىنىڭ توشۇپ كېتىش ئەهۋالى كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە، سەپرا خىلىتىدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى ناهايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، بۇنىڭدا سۇيۇق بەلغەم خىلىتى يۈرەك قېپىغا توپلىنىشۋالىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى بۇنىڭدا غەيرىي سەۋدا خىلىتى يۈرەك قان تومۇرلىرىدا چۆكۈۋېلىپ يۈرەككە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە بۇ كېسەللىك يەلدىن ياكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان سېسىق گازدىن هاسىل بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ خىلىتسىز ئۆزگىرىشىدىن بولغىنى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بۇنىڭدا يۈرەكتە قوزغىلىش پەيدا بولۇشى هەرخىل مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئاجىزلىق پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش پەيدا بولىدۇ ۋە يۈرەكتە ئاجىزلىق پەيدا بولسا باشقا ئەزالار ۋە قۇۋۋەتلەردە ئاجىزلىق يۈز بېرىپ، يۈرەككە بەلگىلىك دەرىجىدە بېسىم چۈشكەنلىكتىن، يۈرەك قوزغى-لىش پەيدا بولىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى روهىي ئامىللار. مەسىلەن: ئاچچىقلىنىش، كۆپ ئويلىنىش قاتارلىقلار. دەم سىقىلىش، نەپەس يوللىرى توسۇلۇپ

قىلىش سەۋەبىدىن يۈرەككە ھاۋا يېتىشمەسلىك. مۇنچا، ئىسسىق ئورۇن ياكى ئىسسىق ھاۋادا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش. ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە ئىسسىق دورا ئىستېمال قىلىش. ئىسسىق تەبىئەتلىك، خۇش پۇراق يېمەكلىك، گۈل چاڭلار ۋە دورىلارنى كۆپ پۇراش.

سوغۇقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ.

تاشقى سەۋەبتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبى خوشنا ئەزالارنىڭ ئىششىقى، زەھەرلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ سېلىش، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى، قورساقتىكى مەددە قۇرتلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بۇخاراتلار ياكى ئۈچەيدە توختاپ قالغان چوڭ تەرەتنىڭ بۇخاراتلىرىنىڭ يۈرەككە تەسىر قىلىشى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

يۈرەك رېتىمسىزلىقى پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھېسسىياتچان كىشىلەرنىڭ ئادەتتە روھىي قۇۋۋىتى سەزگۈر، كۆڭلى ئادەتتىكى ئىشلاردىنمۇ بىئارام بولىدىغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىنمۇ بۇخىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

يۈرەك ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولغان يۈرەك ئېغىشىنىڭ سەۋەبى: ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئاچچىقلىنىش، بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى، ئېغىر ئەمگەك قىلىش، قان ئېلىش، بۇۋاسىردىن قاننىڭ كۆپ چىقىپ كېتىشى، يارىلىنىش جەريانىدا كۆپ قان چىقىپ كېتىش، قاننى سۇيۇلدۇرغۇچى ۋە قاننى بۇزغۇچى يېمەكلىكلەر، دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلار.

باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان يۈرەك قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبى يۈرەك قېپى ئىششىقى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەپرا خاراكتېرلىك ئۆتكۈر خىلت توپلىنىشىۋېلىشى، ئاشقازاندا يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا قاپارتما پەيدا بولۇش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا سۇسلۇق ۋە بوشىشىش بولۇش، قەي قىلىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا تارتىشىش (ئىختىلاج) پەيدا بولۇش، ئۆپكە تومۇرلىرى ياكى يۈرەككە يېقىن ئەزالاردا قۇرغاقلىشىش سەۋەبىدىن توسالغۇ پەيدا بولۇپ يۈرەككە ساپ ھاۋا يېتىپ كېلەلمەسلىك، تارقىلىشچان قىزىتما پەيدا بولۇش قاتارلىقلار.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە يۈرەك رېتىمسىزلىقى، يۈرەك ئېغىش يۈرەك قوزغىلىش قاتارلىقلار بەك ئېغىر بولسا ھوشسىزلىنىش ياكى خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىك ئاساسەن تومۇر ھەرىكىتى ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ. تومۇرنىڭ ھەرىكە-

تى توم - ئىنچىكىلىكى، تېز - ئاستىلىقى، رىتىمى، قېتىمى قاتارلىقلارنىڭ نورمالسىزلىقى تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ تومۇرى زىققە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ تومۇرىغا ئوخشاش سوقسا، بۇ يۈرەك ئېغىشىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ كېسەللەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يۈرەكنىڭ بىئارام بولۇشى ۋە يۈرەك ھەرىكىتىنى بىمارنىڭ ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ سېزىشى يۈرەك ئېغىشىنىڭ تۈنجى ئالامىتى بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۈرەك ئېغىش ئېغىر بولسا بىمار ياستۇققا بېشىنى قويۇپ ياتقاندا ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇش ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنىڭ تۆت خىل مىزاج بۇزۇلۇش، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش، ئىششىق قاتارلىقلارنىڭ قايسىسىدىن بولغىنىنى تەكشۈرۈش مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۈرەك كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولۇپ، قايسىسىنىڭ ئالامىتى بولسا شۇنىڭغا ئاساسەن سەۋەبى ئېنىقلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن توشۇپ قېلىش بىرگە كەلسە ۋە يۈرەك ئېغىش يۈز بەرگەندىن باشقا ۋاقىتتا تومۇرى ئىتتىك ۋە توم بولسا، يۈرەك قوزغالغاندا تىترەش پەيدا بولسا، سۈيدۈك قويۇق ۋە قىزىل بولسا، تومۇرلاردا چىڭقىلىش ۋە كۆپۈشۈش بولسا، ئەزالاردا ئېغىرلىق، ھەرىكەتتە سۇسلۇق بولسا، يۈرەك ئېغىشىنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى ئىتتىك، ئارقىمۇئارقا بولۇپ، سۈيدۈكى پارقىراق سېرىق رەڭدە بولسا ۋە غەم - قايغۇ، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ ئۇسساش، ئېغىزى قۇرۇق ۋە ئاچچىق، چىرايىنىڭ رەڭگى سېرىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ يۈرەك ئېغىشىنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى ناھايىتى يۇمشاق، سۈيدۈكى ئاق بولسا، ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بىمار قورقۇنچاق بولۇپ، يۈرەك ھەرىكىتى قالايمىقان سوققاندەك تۇيۇلسا، ھوشسىزلىنىش ۋە دەم سىقىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ يۈرەك ئېغىشىنىڭ سەۋەبى بەلغەم خىلىتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە غەم - قايغۇ، ياۋايىلىق، بىئاراملىق، رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئەمەس، خىياللارنى كۆپ قىلىش، سەزگۈرلۈكى كەم بولۇش، خىيالچان بولۇش ۋە مالىخولىيانىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش ئەھۋاللىرى بولسا، بۇ يۈرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا

خىلتتىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتىدە ئازراق نورمالسىزلىق ئەھۋالى بولۇپ، يۈرەك رىتىمسىزلىد-قى ئېغىر بولمىسا بۇ يەلدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى ياكى بۇخارات سەۋەبىدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى بولغان بولىدۇ.

بۇندىن باشقا كېكىرىشنىڭ كۆپ بولۇشمۇ يەلدىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقنىڭ ئالامىتى. گال تەرەپكە سىيىق گازدەك يەل يۈرۈشكەندەك مەلۇم بولۇش، ئاچچىق كېكى-رىش، كۆزدە ئېچىشىش بولۇش، بۇزۇق گازلىق بۇخاراتنىڭ ئالامىتىدىن ئىبارەت.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى توم ـ ئىنچىكە ۋە كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بەدەندە توشۇپ قېلىشنىڭ ئالامەتلىرى بولمىسا، بۇ توسالغۇ سەۋەبىدىن بولغان يۈرەك ئېغىش بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى كۈچلۈك ۋە چوڭ بولۇپ، نەپەسلىنىشى نورمال، پۈتۈن ئەزالار ساغلام بولسا، بۇ، ئادەتتىكى يەلدىن بولغان يۈرەك ئېغىش بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى ئاجىز، بەدىنى ئورۇق بولۇش بىلەن بىرگە تېز تەسىرلىنىش ئەھۋاللىرى ياكى ئوزۇقلىنىشتىن پەيدا بولغان بۇخارات تەسىرىدىن يۈرەك ئېغىش پەيدا بولسا، بۇ يۈرەك ئاجىزلىقتىن بولغان يۈرەك ئېغىش بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رىتىمسىزلىقى بىلەن قىزىتما ياكى بوھران كۆڭلىرى يۈز بەرگەن بولسا، يۈرەك رىتىمسىزلىقنىڭ سەۋەبى ئومۇمىي بەدەنگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رىتىمسىزلىقى ئاشقازان ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇ يۈرەك رىتىمسىزلىقنىڭ سەۋەبى ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئەگەر يۈرەك قوزغىلىش زىققە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىدا كۆرۈلگەن بولسا، ئۆپكە سۈيۈقلۈقى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بۇ يۈرەك رىتىمسىزلىقنىڭ سەۋەبى ئۆپكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەي كۆپ ئاقسا ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا تۇيۇق-سىز قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولغان بولسا ۋە بەزىدە قەي ۋە چوڭ تەرەتتە قۇرت چىققان بولسا ياكى قۇرتنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، يۈرەك قوزغىلىشنىڭ سەۋەبى قورساق قۇرتىنىڭ بۇزۇق گازلىرىدىن پەيدا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنى بىر زەھەرلىك ھايۋاننىڭ چېقىۋالغانلىقى ياكى بىرەر زەھەرلىك يېمەك-لىك يېگەنلىك ئەھۋالى بولسا، يۈرەك رىتىمسىزلىقنىڭ سەۋەبى شۇنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولىدۇ.

داۋالاش:

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ھەممىدىن مۇھىمى ئالدى بىلەن سەۋەبىنى يوقىتىش، ئۇندىن

كېيىن باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش لازىم.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولسا پەقەت ئۇنى تەڭشەش لازىم. ئىسسىقتىن بولغان يۇرەك رېتىمسىزلىقىقا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار، سوغۇقتىن بولغان يۇرەك رېتىمسىزلىقىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۇرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبى خىلتلىق بولسا، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېمەكلىكلەرنى ئازلىتىش، ئاسان سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش لازىم. هاراق ئىچىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم.

تازىلاش ۋە تەڭشەشتە سەۋەبىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە، ئاددىي - مۇرەككەپلىكىگە، قەۋزىيەتلىك ۋە يۇرەك قوزغىلىش بىلەن قىزىتما پەيدا بولغان ئەھۋاللىرىغا قاراپ دورا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سەۋزىنى قوقاستا پىشۇرۇپ، ئۇنىڭ پوستىنى ئايرىۋېتىپ، بىركېچە چىنە قاچىغا سېلىپ بىركېچە سىرتتا قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە مۇۋاپىق مىقداردا قەنت، گۇل ئەرقى قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ ئۇستىگە سېپىپ، بىرىنچى كۈنى بىر دانە، ئىككىنچى كۈنى ئىككى دانە، ئۈچىنچى كۈنى ئۈچ دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇنۇم بەرسە مىقدارى قائىدە بويىچە كۆپەيتىلىپ بېرىلىدۇ.

سەۋزىنى يۇمشاق قىرىپ، تاشتا سوقۇپ ئۇنىڭ سۈيىنى سىقىپ، سىقىلغان سۈيىنى بىر كېچە ئېسىپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سەندەل شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

41 دانە دانلىق كۆك ئۈزۈمنى ئاخشىمى ئەرقى بىدمىشكى بىلەن ئەرقى گۇلگە چىلاپ شەبنەمدە قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭدىن بىردانە ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەرقى گۇل يالغۇز ھالەتتە ياكى 36 گرام نىلۇپەر شەربىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئۇستىگە تۆت گرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانار سۈيىنى قەنت، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى بىدمىشكى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئاپلېسىن، بولو ۋە قەغەز لىمون سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ ھەرقانداق سەۋەبتىن بولغان يۇرەك رېتىمسىزلىقىگە پايدىلىق.

جەدۋار 0.5 گرام، گۇلاب ياكى هاراق بىلەن بېرىلسە يۇرەك ئېغىش ۋە تارقىلىشچان كېسەللىكنى مۇداپىئە قىلىش، يۇرەكنى كۈچلەندۈرۈش، خۇشاللىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

چامغۇرنى قىزىق كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇپ، پوستىنى سويۇۋېتىپ، قىزىق ھالەتتە يۇمشاق قىرىپ، قەنت سېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن تەپچىرىگەن سۈيى ھەر كۈنى بىرنەچچە

قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇۋەيدى «① ئۆشنە ياكى موميا ھەببى كەرسىنەلەرنى مۇۋاپىق مىقداردىچە گۈلاب بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ② گۈلقەنت ياكى ئەرقى گۈل قەنت بىلەن بېرىلىدۇ. ③ ھۆل قىزىلگۈلنى سىقىپ، ئۇنىڭدىن 36 گرام ئېلىپ، قەنت ياكى ھۆل قىزىلگۈل شەربىتى بىلەن بېرىلىدۇ. ④ كۆشتە قىلىپ سوقۇلغان ھەقىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ تەدبىرلەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنىسىنا «① توت گرام گاۋزىبان شىرىسىنى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىستېمال قىلدۇ- رۇش. ② توت گرام قۇرۇق مەرزەنجۇشنى سوغۇق سۇ بىلەن ياكى هاراق بىلەن بېرىش يۈرەك ئېغىش ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا خۇش پۇراق دورىلار، يېمەكلىكلەر، گۈل - چاڭلارنى پۇرىتىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك قوزغىلىش ئىسسىقتىن بولغان بولسا، مۇۋاپىق مىقداردا باشقا دورىلار بىلەن قىزىلگۈل، كاپۇر، ئاق سەندەل پۇرىتىلىدۇ.

ئەگەر هارارەت بولسا سوغۇق تەبىئەتلىك پۇراقلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. ئەگەر هارارەت بەك ئېغىر بولمىسا خۇش پۇراق دورىلارغا ئازراق ئىپار، زەپەر، قەلەمپۇر قاتارلىقلار قوشۇۋېتىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر مىزاج سوغۇق بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. يەنى ئىپار، ئەنبەر، تورونجى يىغى قاتارلىقلار پۇرۇتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. ئېگىر، ئەنبەر، ئىپار، زەھرى مۇھرى چىنى، سەندەل ئەتىرسى بىر گرامدىن، سالايە قىلىنغان بىخ مارجان، كۈمۈش ۋاراق، ئالتۇن ۋەرەق 15 دانە، بادام يېغى ئون گرام، ساپ ھەسەل 84 گرام قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىركېچە - كۈندۈز سالايە قىلىپ بىر گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇشقا باشلاپ، ھەر كۈنى كۆپەيتىپ يەتتە كۈندە يەتتە گرامغا يەتكۈزۈپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى بۇ دورىغا مەرۋايىت ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

يۇيۇلغان لاجۇۋەرد 0.3 گرام، قىرقىلغان پىلە توققۇز گرام، مەرۋايىت 0.3 گرام، سالايە قىلىنغان كەھرىۋا 0.2 گرام قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە ئالما مۇرابىا- سىغا سېپىپ، كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى گۈل، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى نېلۇپەر (ئەرقى كەيىورە)، ئالما شەربىتى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقىنى سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئاق سەندەل، قىزىلگۈل، كاسىنە ئۇرۇقى 24 گرامدىن، گىل مەختۇم، تاباشىر، ئاق بەھمەن، مارجان 12 گرامدىن، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، كەھرىۋا،

مەستىكى ئالتە گرامدىن، ئەنبەر، ئىپاردىن ئۈچ گرامدىن دورىلارنى سوقۇپ، قەنت ۋە ئەرقى گۈل ياكى ھەسەلنى قىيام قىلىپ مەجۇن تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئۈچ گرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

گىلانىخان ساھىب «بۇ كېسەللىككە قارىتا ① مۇپەررىھ ياقۇت بېرىلىدۇ. ② تەرياقى پارۇق ئىشلىتىلىدۇ. ③ گاۋزىبان شەربىتى، ئالما شەربىتى، ئەرقى بىدمىشكى قاتارلىق-لار ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. ④ ھارق ئىچكۈزۇشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمما ئۇنى مىزاجغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. ئىسسىق مىزاجلىقلاردا قۇرۇق ئۈزۈم چىلانىسى ئىچكۈزۈلىدۇ، چۈنكى بۇخىل ھاراق ۋە چىلانىلار ناھايىتى مۆتىدىل ۋە بۇنىڭدا سۇيۇقلۇق كۆپ بولغاچقا ئۇنىڭدا ئارتۇق ھارارەت بولمايدۇ. ئەگەر ھارارەت بولمىسا ھەرقانداق ھاراق ئىستېمال قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. ⑤ چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، قەنت، ئازراق ئەنبەر قاتارلىقلار ھاراققا سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىلاجىل غوربا دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «شەربىتى بولو، گۈلقەنت ئاپتابى قاتارلىقلا-رنىڭ ھەممىسى خۇشالLاندۇرغۇچى ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى، يۈرەك ئېغىشنى يوق قىلغۇچى دورىلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا ئەرقى كەشنىزمو يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە يۈرەك رېتىمسىزلىقى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە يۈرەك رېتىمسىزلىقى (خەفەقان) سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆ-ۋەندە بىرنەچچە خىلغا بۆلۈپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 1. ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنى داۋالاش:

علاج خفقان حار

بۇ كېسەللىككە قارىتا خېمىرى سەندەل ئالتە گرام ياكى بىر دانە ئاملە مۇراببا سى يۇيۇۋېتىپ كۆمۈش ۋاراققا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېمىز ئوتنىڭ ئاقلانغان ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى، زىرىق شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرامدىن، ئەينۇلا شىرىسى بەش دانە قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل، ئەرقى كەييورە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى سەندەل ھەربىرى 36 ملىلىلىتىر، تاتلىق ئانار شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلارغا قوشۇپ، ئۈستىگە بەش گرام پەرەنجىمىشكى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈ-لىدۇ.

ئۇندىن باشقا مائۇل پەۋاكىھ، چىلان شەربىتى، چۈچۈمەل تۇرۇنجى شەربىتى، ئالما شەربىتى قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە قىزىتما بولسا سوۋۇتۇش بىلەن بىرگە قۇرسى كاپۇر بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما بولمىسا قۇرۇق يۇمغاقسۇت، تاباشىر، گىل ئەرمىنى قاتارلىق دورىلا-رنى سوقۇپ تالقانلاپ، قېتىق سۈزمىسى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى قېتىق

سۈزمىسى بىلەن مۇپەررىھ بارىد ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە داكىنى ئەرقى گۈلگە چۆكۈرۈپ ياكى قىزىلگۈل، تەرخەمەك، ئالما، بىھى، سەندەل، كاپۇر قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار پۇرىتىلىدۇ. بىمارنى سوغۇق جايدا، مۇمكىن بولسا ئېرىق - ئۆستەڭگە يېقىن جايلاردا ياكى بىمار تۇرغان جايغا سۇ چېچىپ ئارام ئالدۇرۇلىدۇ ۋە شامالدۇرغۇچ بىلەن ھاۋالاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن كۆك يۇمغاقسۇت سۈيىگە ئاق سەندەلنى چىلاپ ياكى قىزىلگۈل ۋە ئاق سەندەلنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تەمرى ھىندى مۇراببىاسى، ئاناناس مۇراببىاسى بېرىلىدۇ. گۆشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى غەيرىي تەبىئىي قان خىلتى خاراكتېرلىك ئىسسىقتىن بولغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا توققۇز گرام خېمىرى مەرۋايىت سادده ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن لىمون چۈشكەن ئالما شەربىتى (شەربىتى سىب لىمونى ئولۇخان)، ئانار شەربىتىدىن 24 گرام ئېلىپ، توققۇز گرام ئەرقى سۇتكە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى توققۇز گرام خېمىرى سەندەل سادده ئىستېمال قىلدۇرۇپ، كېيىن نېلۇپەر شەربىتى 48 گرام، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدە سادده، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى نېلۇپەرنى 48 مىللىلىتىردىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن ئاق سەندەل، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، قىزىلگۈل، ئاقلانغان ئوسۇك ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بىدىمىشكىگە چىلاپ يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىغا سۈۋىلىدۇ. كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى 12 گرام، ھۆل قىزىلگۈل سۈيى 18 گرام، ئوسۇك ئۇرۇقى، ئاق سەندەل تۆت گرامدىن، ئەرقى گۈل 24 گرام، كاپۇر ئىككى گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە سۈيۈق پۇرىتىلما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

قۇلاق ۋە بۇرۇنغا ئۆچكە سۈتى تېمىتىلىدۇ ۋە قول ۋە چېكىگىمۇ سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، قۇرسى كاپۇر، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قاتارلىقلار غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ قاينىشىنى سوۋۇتقۇچى باشقا دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

چىلان ئون دانە، زىرىق 24 گرام، تەمرى ھىندى 72 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى نېلۇپەر 250 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، چىلاپ سۈزۈپ، 240 گرام ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. 12 گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسىنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل، 60 مىللىلىتىر ئەرقى سەندەل بىلەن چىقىرىپ، 24 گرام نېلۇپەر شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى خاراكتېرلىك ئىسسىقتىن بولغان بولۇپ، سۈرگۈ ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ

سۈرگىسى ياكى مەتبۇخى ھېلىلە، تەمرى ھىندى سۈيى، خىيارشەنبەر، شەربىتى بىنەپشە ياكى چۈچۈمەل مېۋە چىلانمىسى بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مائۇلجەبىن، ئۆچكە سۈتى، تەرخەمەك سۈيى، قاپاق سۈيى، ئەرقى سۈت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە ئەرقى گۈل، ئەرقى كەيىورە ۋە قەنت، تاۋۇز سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسپىغۇل شەربىتى بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتى خاراكتېرلىك ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەرقى: غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغىنىدا بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قان ئېلىنىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغىنىدا سوۋۇتۇش ئۈچۈن كۈچلۈك سوۋۇتۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

چۈچۈمەل ۋە سوۋۇتقۇچى شەربەتلەر ۋە چۈچۈمەل مېۋىلەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى مىزاجىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا چامغۇر، پالەك، سېمىزئوت، قاپاق، تەرخەمەك قاتارلىقلار بىلەن پاقلان گۆشى ۋە نان ياكى گۈرۈچ شورپىسى ۋە سۈتتە پىشۇرۇلغان گۈرۈچ تامىقى بېرىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ بارلىق خىللىرىغا ئامىلە مۇراببىاسى، خېمىرى سەندەل، داۋائى مىشكى بارىد، ھېلىلە مۇراببىاسى قاتارلىقلار سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئامىلە مۇراببىاسىنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:

ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقى ۋە جىگەر بۇزۇلۇش ئۈچۈن ئامىلە مۇراببا-سىنى يۇيۇۋېتىپ، كۈمۈش ۋاراقتا ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئانار شەربىتى، ئەرقى شاھتەرە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئىسپىغۇلنى يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقتا كۆڭۈل ئېلىشىش ئەھۋالى بولسا، ئامىلە مۇراببىاسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر ۋە شەربىتى بۇزۇرى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىغا بىر گرام تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە مۇراببىاسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۈستىدىن ئەرقى كەيىورە، ئەرقى شاھتەرە ياكى ئىسپىغۇل لۇئابى توققۇز گرام، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر، ئەرقى شوخلا 60 مىللىلىتىر، ئانار شەربىتى 24 گرام، پەرەنجىمىشكى تۆت گرام ياكى كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گۈل، ئانار شەربىتى،

پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ياكى تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى كەيىورە، ئانار شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بۇ نۇسخىدىكى قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ئورنىغا تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە نەزلە ۋە يۆتەل بولسا، ئامىلە مۇرابباسىغا بىر گرام سەمغى ئەرەبىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، كېيىن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شوخلا، ئۇستقۇددۇس شەربىتى 24 گرامدىن، ئاق تۇدەرى تالقىنىدىن تۆت گرام ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياكى تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، لاچىندانە شىرىسى ئىككى گرام، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى سەندەل 60 مىلىلىتىردىن ئېلىپ، بەش گرام ياۋاسىمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە نەزلە بولسا ئامىلە مۇرابباسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، شەربىتى بۇزۇرى بارىد قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئامىلە مۇرابباسى ئورنىغا ھېلىلە مۇرابباسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئورنىغا كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشتىن كېيىن تۆت گرام داۋائى مىشكى بارىد يېگۈزۈلۈپ، كېيىن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، ئۇسۇك شىرىسى ئالتە گرام، ئەرقى شاھتەررە 120 مىلىلىتىر، بۇزۇرى شەربىتى بارىد 24 گرام قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۇرەك رېتىمسىزلىقى سەۋەبىدىن كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋە باش ئاغرىش پەيدا بولغان بولسا، قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى گاۋزىبان، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارغا رەيھان ئۇرۇقى سېپىپ، ئامىلە مۇرابباسى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

خېمىرى سەندەلنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:

خېمىرى سەندەلنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇق يۇمغاقسۇتتىن بەش گرامنى ئەرقى گاۋزىبانغا چىلاپ، نىلۇپەر شەربىتى ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۇرەك رېتىمسىزلىقى غەيرىي تەبئىي قان خىلتىدىن بولغان بولۇپ، يۇرەك ئاجىزلىق ۋە كۆپ تەرلەش بولسا، خېمىرى سەندەلنى كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى تۆت گرام، گاۋزىبان لۇئابى ئالتە گرام، سېمىزئوت شىرىسى تۆت گرام، ئانار شەربىتى ياكى شەربىتى بادرەنجبۇيا 24 گرام قاتارلىق دورىلارغا تۆت گرام بالەنگۇ ئۇرۇقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىسپىغول لۇئابى 12 گرام، ئەرقى گۈل 48 مىلىلىتىر، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى ساددە ھەربىرى 60 مىلىلىتىردىن، ئانار شەربىتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا خاكشى

ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش بولسا، 24 گرام خېمىرى سەندەلنى گۈلقەنت بىلەن ئارىلاش-تۇرۇلۇپ، ئەرقى گاۋزىبان 12 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى خېمىرى سەندەلگە تاباشىر تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، سۈت ۋە مۇناسى-ۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك ۋە مېڭە ھەر ئىككىسى تەڭ كېسەللەنگەن بولسا، چۇچۇمەل خېمىرى سەندەل ياكى مۇپەررىھى شەيخۇر رەئىس يېگۈزۈپ، كېيىن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گۈل، ئەرقى كاسىنە، بۇزۇرى شەربىتى، ئانار شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشتىن كېيىن زىرىشىك شەربىتى، سەندەل شەربىتى، ئەرقى بىدە ساددە ۋە ئەرقى شاھتەررە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك، ئاشقازان ئېچىشىش، ھوشسىزلىنىش، كۆيدۈرگۈچى تەپ، ئۇرۇقلات-قۇچى قىزىتما بولسا، توققۇز گرام خېمىرى سەندەلگە تاباشىر تالقىنى، ئىككى ئارپا چوڭلۇقىدا، ئىككى ئارپا چوڭلۇقىدا كاپۇر زەپەر بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كېيىن تەمرى ھىندى سۈيى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى گۈل، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى كاسىنە، سىركەنجۇبىل ساددە قاتارلىق دورىلارغا ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نەزلە ۋە زۇكام بولمىسا ئۈچ گرام خېمىرى سەندەلگە ئۈچ گرام خېمىرى خەشخاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى بىدىمىشكى، تاتلىق ئانار شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋائى مىشكنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:

مۇۋاپىق مىقداردىكى داۋائى مىشكنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەرقى شاھتەرە، ئەرقى گاۋزىباندىن 60 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، دورىلاردا 12 گرام خېمىرى سەندەلنى ئېرىتىپ، ئۈستىگە بەش گرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق ۋە ئۇيقۇسىزلىق بولسا، داۋائى مىشكى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، مۇۋاپىق ئەرەقلەر ئانار شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەكتە ھارارەت ۋە بەدەندە سۇسلۇق بولسا داۋائى مىشكنى كۆمۈش ۋاراققا بىلەن ئوراپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى، ئەرقى گاۋزىبان، ئانار شەربىتى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنىڭ بۇخاراتلى-رىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقى بولسا، بەش گرام داۋائى مىشكى بىلەن بەش گرام جاۋارش ئامىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ، كېيىن قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ئالتە گرامدىن، مۇۋاپىق مىقداردا نىلۇپەر

شەربىتى ۋە ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھېلىلە مۇرابباسىنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ئۇسۇلى:

ھېلىلە مۇرابباسىنى يۇيۇۋېتىپ، كۆمۈش ۋاراققا ئوراپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قاپاق ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرامدىن، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گۇل 48 مىللىلىتىردىن، ئانار شەربىتى مۇۋاپىق مىقداردا، پاقىيوپۇرمىقى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ۋە تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسىنى ئەرقى گۇل ئارقىلىق چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە بۇخارات بولغان بولسا، ھېلىلە مۇرابباسىغا قۇرۇق يۇمغاقسۇت، لاچىندانە ھەربىرى بىر گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، كۆمۈش ۋاراققا ئوراپ ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ، كېيىن ئىسپىغۇل لوئابى ئالتە گرام، ئەرقى كەيىورە 24 مىللىلىتىر، ئانار شەربىتى 24 گرام، پاقىيوپۇرمىقى بەش گرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بەزى قايىنتىلما ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:

نېلۇپەر، چىلان، ئەرقى سەندەل، شوخلا ئەرقى، گاۋزىبان قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى ۋە نېلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قىزىلگۇل، گاۋزىبان تۆت گرامدىن، چىلان بەش دانە قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ئالتە گرامدىن، ئانار شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر نەزلە بولسا خەشخاش شەربىتى مۇۋاپىق مىقداردا، زۇپا شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى 12 گرامدىن، ئەرقى شوخلا 60 مىللىلىتىر، ئەرقى نېلۇپەر 48 مىللىلىتىر، ئەرقى سەندەل 24 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا تۆت گرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ. كېيىن يەتتە دانە ئەينۇلىنى مۇۋاپىق ئەرەقلەرگە چىلاپ، بۇزۇرى شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق يۈرەكتە رېتىمسىزلىقى بولغان بولسا، ئىسپىغۇل لوئابى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە ۋە سىركەنجۇبىل ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياز پەسلىدىكى ئىچ سۈرۈشتىن يۈرەك رېتىمسىزلىقى بولسا، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ئۈچ گرام، قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى بەش گرام، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئانار شەربىتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۈيدۈكتە قىزىقلىق ۋە ئېچىشىش بولسا، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى توققۇز گرام، ئەرقى شاھتەررە 72 مىللىلىتىر، ئەرقى گاۋزىبان 60 مىللىلىتىر، بۇزۇرى شەربىتى

ۋە پاقىيوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يۈرەك ئېغىش بىلەن ئۇيقۇسىزلىق بولسا، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گاۋزىبان، شەربىتى بۇزۇرى ۋە ئانار شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۈرەك ئېغىش بىلەن نەزلە ۋە زۇكام بولسا خېمىرى گاۋزىبان، خېمىرى خەشخاش ئالتە گرام، ئەرقى شوخلا، ئەرقى نېلۇپەر، ئەرقى گاۋزىبان 36 مىللىلىتىر، بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك ئېغىش بىلەن نەزلە ۋە قەۋزىيەتلىك بولسا، بىمارنىڭ يېشى چوڭ بولسا، ئاق لەيلىگۈلى ئۈچ گرام، نېلۇپەر ئۈچ گرام، ئەرقى شاھتەررە 120 مىللىلىتىرغا چىلاپ تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، ئۇنىڭغا بەدىيان شىرىسى تۆت گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، 18 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئالتە گرام ئىسپىغۇل سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىغا ئامىلە چىلانمىسى يالغۇز ھالەتتە ياكى قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن ياكى گاۋزىبان لوئابى، بالەنگۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ كېسەللىككە قارىتا قۇرۇق يۇمغاقسۈتتىن 56 گرامنى ئاخشىمى ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بىدمىشكىگە چىلاپ ئەتىسى سۈزۈپ، 24 گرام ئانار شەربىتى، تۆت گرام بالەنگۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا يۈرەكنىڭ ھارارىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىدمىشكى گۈل سۇزۇختىن ئىككى گرامدىن ھەركۈنى ئەتىگەندە 24 گرام قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. 12 گرام رەيھان ئۇرۇقى ئاخشىمى سۇغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بۇنىڭغا 18 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىسپىغۇل لوئابىغا مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر سېلىپ ئىچكۈ-زۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە مۇرەككەپ دورىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بېرىلىدۇ؛ ئىترىفىل كەشنىز، جاۋارىش شاھى، خېمىرى سەندەل، خېمىرى مەرۋايىت، داۋائى مىشكى بارىد، سۇفۇپى مەرۋايىت، سۇفۇپى تاباشىر، سەندەل شەربىتى، سورتلۇق ئالما شەربىتى، پالەك شەربىتى، سەندەل سىركەنجىۋىل، سەندەل شەربىتى تۇرۇش، گاۋزىبان شەربىتى، رەيھان شارابى، ئەرقى شىر، مەجۇنى سەندەل، مەجۇنى نۇقرە، ئەرقى كاپۇر، مۇپەررىھى بارىد، ياقۇتى بارىد قاتارلىقلار.

غەيرىي تەبىئىي قاندىن خىلتىدىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىدا ئەگەر شارائىت تولۇق، مۇۋاپىق دەپ قارالسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىپ، ئۇندىن كېيىن يېمەكلىكلەر ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. ئەگەر يۈرەك ئېغىشنىڭ تۇتۇشى بىرەر ۋاقىتتا كۆپىيىپ كەتسە، تۇتۇشتىن ئىلگىرى ئۇزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ ۋە يۈرەكنى كۈچ-لەندۈرگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭدا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش كېرەك بولۇپ، تازىلاپ بولغاندىن

كېيىن بىرئاز تەسىرى قېپقالغان بولسا، بىمارغا ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەك-لىكلەرنى ئاز مىقداردا بېرىش لازىم.

ئەرقى گۈلگە ئازراق رەيھان هارىقى ئارىلاشتۇرۇپ نان چۆكۈرۈپ يېگۈزۈلىدۇ. ئالما شەربىتى ياكى هۆل قېتىق بېرىلىدۇ. ئەگەر قېتىق بىرئاز چۈچۈمەل بولسا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. لىمون، ئامۇت، چوڭ ئاپېلسىن قاتارلىقلارنىڭ سىقىلغان سۈيىگە ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن نان بېرىلىدۇ. هۆل قاپاق، چېچەك سەي ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئوبدان پىشقان قوغۇن بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىمار گۆش يېيىشكە بەرداشلىق بېرەلىسە، توخۇ گۆشىنى غورا سۈيى، چۇچ-ۇمـەل ئالما سۈيى، سىركە قاتارلىقلاردا پىشۇرۇپ، ئۇنىڭغا چۈچۈمەل ئاپېلسىن ياكى لىمون ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ياللۇغلىنىش ۋە ئېچىشىش كۆپ بولسا، سۇ بىلەن ئەرقى گۈلنى ئارىلاشتۇرۇپ سوۋۇتۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ياللۇغلىنىش كۆپ بولسا ئۇنىڭغا بىرئاز كاپۇرمۇ قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە ياللۇغلىنىش، ئىششىق ۋە قاپارتما پەيدا بولۇش خەتىرى بولسا، ياۋا ئىتياڭىقى ئۇرۇقى ۋە ئەپيۇن بېرىش لازىم. ياۋا ئىتياڭىقى ئۇرۇقى 0.8 گرام، ئەپيۇن 0.4 گرام، ئىپار، ئۇدخام، كاپۇر، زەپەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى ئەپيۇن ئورنىغا خەشخاش پوستى قوشۇلسىمۇ بولىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە مۇپەررىه ياقۇت بارىد ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇپەررىه ياقۇتنى ئىچكۈزۈش ئۇسۇلى: قۇرۇق ئۈزۈم چىلانىمىسى ۋە قېتىقنى بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك. پىشۇرۇلغان توخۇم سېرىقىغا بىرئاز ئەنبەر ۋە شېكەر سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۈرەك كېسەللىكىدە كۆكرەككە دورا سۈۋىغانغا قارىغاندا دورا پۈركۈشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ۋە تېزراق بولىدۇ. چۈنكى سوغۇق تەبىئەتلىك سۇۋالمىلار قىزىقلىقنى يۈرەكتە توسۇپ قويۇپ، يۈرەكنىڭ بۇخاراتلىرىنى مېڭىگە يەتكۈزۈپ ئۇنى قىزىتىپ قويىدۇ.

يۈرەك ئېغىشىنى دورىلار بىلەن داۋالىغاندىن باشقا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. بىمارنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىنى سوۋۇتۇپ تۇرۇش، شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق هاۋانى سوۋۇ-تۇپ تۇرۇش، بىمارنى سۇ بار جايلارغا يېقىن تۇرغۇزۇش، باغلار ۋە يېشىلزارلىقلارنى ساياهەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلار.

## 2. سوغۇقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقنى داۋالاش:

علاج خفقان بارد

بۇ كېسەللىككە قارىتا بادرەنجى بۇيا بىلەن گاۋزىباننى قايناتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇ-

رۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋائى مىشكى مۇپەررىه هار، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى قەلەمپۇر، ئەرقى گۇزەر ياكى ئەرقى تەنبۇل ئىچكۈزۈلىدۇ هەمدە گاۋزىبان، بەديان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنىڭ قايناتمىلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

گاۋزىبان، دۇرۇنجى ئەقرەبى ئىككى گرام، زورەنبات بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقانلاپ، تاتلىق ئانار شەربىتى ياكى پەۋاكىھ شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۇل، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى كەيىورە بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇرگۇ ئىشلىتىش ۋە مىزاجنى تەڭشەش زۆرۈر بولسا، سۇرگۇچى ۋە مىزاجنى تەڭشىگۈچى دورىلارغا گاۋزىبان، بارەنجى بۇيا، زەپەر قاتارلىق يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. نەغەزگۇل ۋە يەسمەن گۇلى پۇرىتىلىدۇ.

سىرتىدىن سەۋسەن يېغى، رەۋغىنى زەنبەق كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ ياكى سۇمبۇل، زەپەر، قىزىلگۇل قاتارلىق دورىلارنى رەيھان سۈيى ياكى بادرەنجى بۇيا سۈيىدە ئېزىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، قۇشقاچ گۆشلىرى، خۇش پۇراق، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە سوغۇق سۇدىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا بىمارنى مۇۋاپىق هەرىكەت قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى هەرىكەت يۈرەكنى قىزىتىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن بولغان يۈرەك ئېغىشتا تەرلەش كۆپ بولسا، قۇندۇز قەھرى، گاۋزىبان گۇلى، ئۇدھىندى، ئەنبەر، ئىپار، دارچىن، بەسباسە، قەلەمپۇر، زەپەرنى بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى بىهى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى كەيىورىغا پەرەنجمىشكى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۈرەك رېتىمسىزلىقىدا نەزلە بولسا ئەنبەرنى گۇلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىهى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 10 گرامنى ئەرقى گاۋزىبان 48 ميللىلىتىر، ئەرقى شوخلا 60 ميللىلىتىر بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 24 گرام، شەربىتى زۇپا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە تۆت گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

خېمىرى ئەبرىشىم تۆت گرام، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا 48 ميللىلىتىردىن، بىنەپشە شەربىتى 24 گرام، خاكشى تۆت گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

شەربىتى خەشخاش ئىچكۈزۈپ، كېيىن زۇپا شەربىتى 12 گرام، بىنەپشە شەربىتى 12 گرام، ئەرقى شوخلا 60 ميللىلىتىر، ئەرقى نېلۇپەر 48 ميللىلىتىر، ئەرقى سەندەلدىن 24 ميللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا پاقىيوپۇرمىقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇد سەلىبنى چىلاپ، داۋائى مىشكى مۇتەدىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرقى گاۋزىبان 84 مىللىلىتىر بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك سوغۇقتىن بولسا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. تازىلانغان-دىن كېيىن تەڭشىگۈچى دورىلار ئارقىلىق تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بادرەنجى بۇيا، بىستىپايەج ئەفتىمۇن ئالتە گىرام، رۇم بەدىيان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىبان بەش گىرام، شوخلا، زاراڭزا ئۇرۇقى توققۇز گىرامدىن، دۇرنەج ئەقرەبىدىن تۆت گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، گۈلقەنت، ئۇستقۇددۇس شەربىتىنى 24 گىرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى پىشقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاش مەقسىتىدە، مەتبۇخى ئەپتىمۇن، ھەببى سەبرە بېرىلىدۇ ياكى تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ، يەنى 12 ~ 24 گىرام سانا، رەۋەن چىنى، مۇدەببەر قىلىنغان تۇربۇت يەتتە گىرامدىن، زەنجىۋىل ئۈچ گىرام، قارا ھېلىلە 12 گىرام، خىيارشەن-بەر 72 گىرام، شىرخىست، تەرەنجىبىن 48 گىرامدىن، بادام يېغى بەش گىرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە سۈرگۈ تەييارلاپ بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتە بىمارغا توخۇ گۆشى شورپىسى، كەچتە بۇغداي ئۇمىچى ياكى شويلا بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى مەستىكى، لاجۇۋەرد ھەربىرى بىر گىرام قاتارلىقلار داۋائى مىشكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بىر دانە كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن گاۋزىبان، گاۋزىبان گۈلى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، بەدىيان، بادرەنجى بۇيادىن يەتتە گىرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، بادرەنجى بۇيا شەربىتى ۋە گاۋزىبان شەربىتى 24 گىرامدىن قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە تۆت گىرام بادرەنجى بۇيا ئۇرۇ-قى، ئۈچ گىرام شاھتەررە ئۇرۇقى ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق سۈرگۈ بېرىشتە، ئالدىنقى ئاخشىمى تۆت گىرام ھەببى ئىستەمە-خىقۇن، توققۇز گىرام ھەببى لاجۇۋەرت، ئەرقى بادرەنجى بۇيا بىلەن ئىچكۈزۈپ، ئەتىسى ئاندىن سۈرگۈ بېرىلىدۇ. 3 ~ 4 قېتىم سۈرگۈ بېرىپ بولغاندىن كېيىن خېمىرى زۇمرەت، ئەرقى دارچىن، ئەرقى سۇمبۇل، ئەرقى گاۋزىبان، ئەنبىرى مۇرەككەپ، مائۇللەھمى قاتارلىق دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا بەدىيان، بادرەنجى بۇيا، گاۋزىباندىن ئۈچ گىرام-دىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 72 گىرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى تالقىنى ۋە بارلىق دورىلار مىقدارىدا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن توققۇز گىرام ئېلىپ، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بىستىپايەچ، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا ھەربىرى 36 گرام، مەستىكى 12 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، شاھتەررە ئۇرۇقى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقىنى 18 گرامدىن ئېلىپ، بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، توققۇز گرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى باھار نالەنجى، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى گۇزەر، ئەرقى ئەبرىشىم، ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى شاھتەررە تاللاپ بېرىلىدۇ. زەنجىۋىل مۇراببىاسى ئالما سۈيى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋائى مىشكى ھار ئالتە گرام، ئەرقى گۈل 125 مىللىلىتىر ۋە بادرەنجى بۇيا شەربىتى 24 گرام بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۈرەك ئېغىش بېقىن ئاغرىقى بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا گاۋزىبان، قىزىلگۈل توت گرامدىن، ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىلىپ، گۈلقەنت نەستودىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھوشسىزلىق ۋە كۆپ تەرلەش، ئاجىزلىق ئەھۋاللىرى بولسا، داۋائى مىشكىگە زورەنبات تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن گاۋزىبان توت گرام، ئەبرىشىم ئىككى گرام، كاسنە ئۇرۇقى بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 12 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە ئالتە گرام ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى ياكى توت گرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك بولسا، بۇنىڭغا قارىتا تازىلاشتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بويىچە مىزاجنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن چىلان، تەرخەمەك ئۇرۇقى، شاھتەررە، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، پىرسىياۋشان، شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى شاھتەررىگە چىلاپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى پىشقاندىن كېيىن بۇ دورىغا قىزىلگۈل، ئۇستقۇددۇس، ئەفتىمۇن، سانا، خىيارشەنبەر قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ سۈرگۈ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى كۆپۈش خاراكتېرلىك بولسا، بۇنىڭدا سەۋدا خىلتىنىڭ قايسى خىل تەسىرىدىن كۆيگەنلىكىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، گۈل بىنەپشە، نېلۇپەر، بىستىپايەچ، كۆك كاسىنىنىڭ قاينىتىپ ئېلىنغان سۈيى ۋە مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك سوغۇقتىن بولغان يۈرەك

رېتىمسىزلىقىغا قارىتا تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، خېمىرى زۇمرەت، خېمىرى مەرۋايىت، مەھلۇل شەربەت ئەرەقلەر بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق ئېغىر بولسا بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى، گاۋزىبان لۇئابى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى لۇئابلار نىلۇپەر شەربىتى ۋە ئەرەقلەر بىلەن بېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ۋە يۇمغاقسۈت سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئاملە مۇرابباسىنى يۇيۇۋېتىپ، كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گاۋزىبان يەتتە گرام، چالا سوقۇلغان قوغۇن ئۇرۇقى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 24 گرام بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا پاقىيوپۇرمىقى تالقىنى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ھېلىلە مۇرابباسىنى كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ يېگۈزۈپ، ئاندىن گاۋزىباندىن ئالتە گرام قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 12 گرام خېمىرى سەندەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار زىيان قىلغان ئەھۋال بولسا، ئاملە مۇرابباسى، خېمىرى گاۋزىبان، شوخلا، ئەرقى گۈل، قەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

لاجۇۋەرد مەغسۇل يەتتە گرام خېمىرى گاۋزىبان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. كېيىن گاۋزىبان شىرىسى تۆت گرام، ئەرقى گاۋزىبان 48 مىللىلىتىر، ئەرقى كەييورە 24 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر، ئالما شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارغا تۆت گرام ئاق تۇدەرى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇيۇلغان لاجۇۋەرد تالقىنىنى 48 گرام داۋائى مىشكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرامدىن، 24 گرام ئانار شەربىتى، ئالتە گرام ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

دۇرنەج ئەقرەبى، ھېلىلە مۇرابباسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، كۈمۈش ۋاراق بىلەن ئوراپ يېگۈزۈپ، كېيىن 60 گرام سەۋزە سۈيى، 12 گرام قەنت، تۆت گرام قىزىل تۇدەرى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىچكۈزۈلىدۇ. ھېلىلە مۇرابباسىغا مەستىكى ئارىلاشتۇرۇپ، كۈمۈش ۋاراق بىلەن ئوراپ يېگۈزۈلىدۇ. كېيىن ئەرقى گۈزەر 125 مىللىلىتىر، ئەرقى ئوغرىتىكەن، ئەرقى شوخلا 60 مىللىلىتىردىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

گاۋزىبان ئالتە گرام، نىلۇپەر تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە ئاق تۇدەرى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەبرىشىم ئىككى گرام، كاسىنە ئۇرۇقى ئالتە گرام، گاۋزىبان تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ۋە ئاق تۇدەرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەبرىشىم ئىككى گرام، كاسىنە ئۇرۇقى ئالتە گرام،

گاۋزىبان تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 12 گرام قەنت ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى تۆت گرام ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۇرەك ئېغىش نەزلە ۋە بوۋاسىر بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا، بىر گرام مەستىكى تالقىنى بىر دانە ھېلىلە مۇراباباسىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ گرام ئاق لەيلىگۈلى، يەتتە دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلار ئەرقى شوخلا، ئەرقى كەيىورە ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ قاينىتىلىپ، بۇنىڭغا ئۇسۇلۇق ئۇرۇقى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى ھەربىرى تۆت گرام، 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى، تۆت گرام پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى تالقىنى دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇخىل كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، قىزىلگۈل، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، قەنت بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇيۇقلۇق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى ئۈچۈن گاۋزىبان تۆت گرام، قەلەمپۇر ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گۈل بىلەن قاينىتىپ، ھەركۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى 24 گرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنى ئىچكۈزۈپ ئىككى سائەتتىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا يەنە تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ: خېمىرى ئەبرىشىم تۆت گرام، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا 48 مىللىلىتىردىن قاتارلىق دورىلار 24 گرام بىنەپشە شەربىتى، تۆت گرام ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى دورىلار بىلەن بېرىلىدۇ. گاۋزىبان تۆت گرام، گاۋزىبان گۈلى ئۈچ گرام، دارچىن ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى كەيىورە بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە پىششىق دورىلاردىن جاۋارىش ئامىلە لۆئلىۇئى ئولۇغخان، خېمىرى گاۋزىبان ئولۇغخان، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، داۋائى مىشكى موتەدىل، داۋائى مىشكى ھار، سۇفۇپى مەرۋايىت ئولۇغخان، سۇفۇپى زەھرى ـ مۆھرى، سۇفۇپى ئەنبەر، شەربىتى مۇسھىل، شەربىتى ئەبرىشىم، ئەرقى گۈزەر، ئەرقى سۇمبۇل، ئەرقى سەندەل مۇرەك-كەپ، ئەرقى دارچىن مۇرەككەپ، ئەرقى گاۋزىبان ئەنبىرى، ئەرقى شىر، مۇپەررىھار، مائۇللەھمى، ياقۇتى ھار قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل يۇرەك رىتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبى يۇرەك تومۇرلىرىدا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ توپلىنىشىۋېلىشىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا ھەببى ئەفتىمۇن، مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مەتبۇخى ھېلىلە قاتارلىق دورىلار بىلەن بەدەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى مەجۇنى نۇجاھ بىلەن سانانى بىرلەشتۈرۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى يۈرەكنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش بايانىدا سۆزلەنگەن بويىچە قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۈرەك رىتىمسىزلىقى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن بولسا، بۇنىڭغا قارىتا ئالدى بىلەن بىرنەچچە كۈن بادرەنجى بۇيا، نىلۇپەرنى ئون گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، شەربىتى گاۋزىبان بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن ئەفتىمۇننى سۇتكە چىلاپ ياكى مەجۇنى نۇجاھ بىلەن مەتبۇخى سانا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن بەدەننى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق، ئوزۇقلۇق مىقدارى مول يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: توخۇ گۆشى، كەكلىك گۆشى، قۇشقاچ گۆشى قاتارلىق كىچىك قۇشلارنىڭ گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

### 3. يەل ۋە بۇخاراتلاردىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش:

*علاج خفقان ريحى*

بۇنىڭغا قارىتا قايسى خىلىت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولسا، شۇ بويىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۈرەك رىتىمسىزلىقى يەلدىن بولغان بولسا، داۋائى مىشكى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك دورىلار ۋە تالقانلار بېرىلىدۇ.

يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، جاۋارىشلارنى بېرىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. پەرەنجمىشكى ياغىچى يەتتە گرام، گۈلى گاۋزىبان ئۈچ گرام، دارچىن، لاچىندانە ھەربىرى ئىككى گرامدىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن يەتتە دانە ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بەديان، رۇببىسۇس، قىزىل تۇدەرى، قىزىل بەھمەن، لاچىندانە، ئەبرىشىم، گاۋزىبان گۈلى، بادرەنجى بۇيا، پەرەنجمىشكى ئۇرۇقى، قەنت، ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ دورىلارنى تالقان قىلىپ يېگۈزۈلىدۇ.

جۇڭگو چېيى، ئەبرىشىم، گاۋزىبان، بىستىپايەچ تۆت گرامدىن، دارچىندىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، 24 گرام قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىككە قارىتا تازىلاش كېرەك بولسا، كەرەپشە يىلتىزى، بىخ كەبىر، بەديان يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى يەتتە گرامدىن، بەديان، بادرەنجى بۇيا توققۇز گرامدىن، بەديان چىنى تۆت گرام، رۇم بەديان بەش گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، دۇرنەج ئەقرەبى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇ-

رۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چوڭ توخۇنىڭ گۆشى بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن تازىلاش ۋە باشقا تەدبىرلەر غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان زىققە كېسەل-لىكى بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر ئىچىدىن تاللاپ قوللىنىلسا بولىدۇ. بىراق بۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

ئۇندىن باشقا مەجۇنى ئولۇنخان، جاۋارىش جالىنۇس قاتارلىق دورىلار جەدۋار ئارىلاش-تۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقىنىڭ سەۋەبى بۇزۇق گاز خاراكتېرلىك بۇزۇق يەلدىن بولسا، بۇنىڭغا قارىتا مالىخولىيا مىراقىغا قوللىنىلغان يەڭگىل داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا خېمىرى سەندەل، قۇرۇق يۇمغاقسۇت شىرىسى، مۇناسىۋەتلىك ئەرەق-لەر، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك ئېغىشىنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتى خاراكتېرلىك بۇزۇق يەلدىن بولغان بولسا، داۋائى مىشكى مور ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى، ئامىلە، پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، گاۋزىبان، ئەفتىمۇن، گۇل ئەرمىنى، ئۇستىقۇددۇس، ئۇد ھىندى، سەئدى كوفى، قەلەم-پۇر، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ئون گرامدىن، كەھرىۋا، بىخ مارجان، پىلە، مەرۋايىت، لاجۇۋەرد تېشى ھەربىرى بەش گرامدىن، سېمىزئوت ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرىنى 14 گرامدىن يۇمشاق سوقۇپ، ئۈچ گرام ئېلىپ، ئالما شەربىتى ياكى ئەرقى بادرەنجى بۇيا بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا دەم سىقىلىش ۋە بۇزۇق گازدىن بولغان زىققە كېسەللىكى بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ ھەمدە بىرنەچچە كۈنگىچە شېكەر بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مەتبۇخى ئەفتىمۇن ياكى ھەببى ئەفتىمۇن ياكى ئەفتىمۇننى ساپ سۈتكە چىلاپ ئىچكۈزۈپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن مۇپەررىھ ياقۇت قاتارلىقلار يېگۈزۈلىدۇ.

بۇزۇق يەلدىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىدا داۋائى مىشكنى يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن زورەنبات ئىككى گرام، گاۋزىبان، خام پىلىنى تۆت گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇخاراتنىڭ كۆپلۈكىدىن تەپكە ئوخشاش قىزىتما بولسا، يۇقىرىقى دورىغا چالا سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى قوشۇلىدۇ ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنىڭ ئورنىغا ياۋا سېمىز-ئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇزۇق گازنىڭ كۆپلۈكىدىن باش ئاغرىش پەيدا بولغان بولسا، بىر گرام دۇرنەج ئەقرەبىنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام ئىترىفىل سەغىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

كېيىن بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام ، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى كەيىورەدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئالتە گرام ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن يۈرەك ئېغىش قېپقالغان بولسا، بىر گرام مەستىكى تالقىنى يەتتە گرام داۋائى مىشكى بارىد بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېگۈزۈلىدۇ. كېيىن تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، ئەرقى شوخلا 120 گرام، بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارغا تۆت گرام ئاق تۇدەرى سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى دەم سىقىلىش بىلەن بىللە بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا گاۋزىبان، نېلۇپەردىن تۆت گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، تاۋۇز ئۇرۇقى شىرىسى ۋە ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى چىلان، نېلۇپەر، ئەرقى سەندەل، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسى ۋە نېلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### 4. توسۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنى داۋالاش:

علاج خفقان سدی

بۇنىڭدا توسالغۇنى ئېچىش ئۈچۈن ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، شاھتەررە، بەديان يەتتە گرامدىن، بادرەنجى بۇيا، قىزىلگۈل، ئەفتىمۇن توققۇز گرامدىن، بىستىپايەج، دۇرنەج ئەقرەبى تۆت گرامدىن، زاراۋىزا ئۇرۇقى 12 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، گاۋزىبان گۈلى بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى ھەپتە ئىچكۈزگەندىن كېيىن، سۈرگۈ ئۈچۈن بۇ دورىغا قىزىلگۈل 18 گرام، سانا 24 گرام، رەۋەن توققۇز گرام، شىرخىست 48 گرام، تەرەنجىبىن 36 گرام، خىيارشەنبەر 84 گرام، ئەرقى گۈل 500 مىللىلىتىر، شەربىتى ئىلاھى ئولۇغخان، لاچىندانە چۇشكەن قىزىلگۈل شەربىتى 36 گرامدىن، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سوۋۇتۇش ئۈچۈن خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى ئولۇغخان توققۇز گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، زاراۋىزا ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى يەتتە گرامدىن، گاۋزىبان لوئابى بەش گرام، شەربىتى بۇزۇرى مۆتىدىل، ئالما شەربىتى 24 گرامدىن، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى ئۈچ گرامدىن قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلت تولۇق تازىلانغاندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خېمىرى گاۋزىبان ئەرقى گۆزەر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر توسالغۇ ئىششىق خاراكتېرلىك بولسا، ئالدى بىلەن ئىششىق قايتۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئىششىق قايتقاندىن كېيىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## 5. ئاجىزلىقتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنى داۋالاش:

علاج خفقان ضعفی

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئاجىزلىقنى داۋالاش يەنى بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلەندۈرگۈچى، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سەمرىتكۈچى يېمەكلىكلەر ۋە دورىلار بېرىلىدۇ. پاقلان، ئوغلاق، توخۇ، كەكلىك گۆشلىرى، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، ئاق ئۈنىنىڭ نېنى، توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن گۈرۈچ، كالا قېتىقىنىڭ قايمىقى بىلەن ئۇماچ قاتارلىقلار، ئۇندىن باشقا بەزىلەردە چامغۇر، سەۋزە، ئالما، تەككىيە كاۋا يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ۋە سەمرىتىش ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىكتە سېسىق كېكىرىپ قېلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاچ قېلىش، روزا تۇتۇش، كۆپ ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش لازىم.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ ئامىلە مۇراببباسى، ھېلىلە مۇراببباسى ئىككى دانىدىن، گاۋزىبان، قىزىلگۈل يەتتە گرامدىن، گاۋزىبان، پەرەنجىمىشكى، ئىككەلەنگەن سەندەل ئۈچ گرامدىن، 48 گرام گۈلقەنت، كىشمىش ئۈزۈم تۆت گرام، قەنتنى بارلىق دورىلارنىڭ ئۈچ ھەسسە مىقدارىدا ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ يېگۈزۈلىدۇ. خېمىرى سەندەل، ئانار شەربىتى بېرىلىدۇ. گاۋزىبان، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئاق سەندەل، ئاق بەھمەن، قىزىلگۈل، نىلۇپەر، تازىلانغان ئامىلە ئالتە گرامدىن قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىككى ھەسسە قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. خېمىرى ياقۇت ئۇلۇغخان ئەرقى گاۋزىبان ئەنبىرى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا پىششىق دورىلاردىن تۆۋەندىكىلەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. جاۋارىش ئامىلە، جاۋارىش سەندەل، جاۋارىش مۇھرى، ھەببى جەدۋار، خېمىرى سەندەل، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى زەھرى - مۇھرى، خېمىرى زۇمرەت، خېمىرى ياقۇت، خېمىرى تىللا، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، خېمىرى ئەبرىشىم، داۋائى مىشكى ھەكىم شەرىپخان، ئاپلېسىن شەربىتى، بولو شەربىتى، ياقۇت شەرتىبى ئۇلۇغخان، ئەبرىشىم شەربىتى ھەكىم شەرىپخان، ئەرقى بالەنگۇ، ئەرقى كەندى، ئەرقى شىر، ئەرقى تۇرۇنجى، ئەرقى رەيھان، ئەرقى يەۋاكىھ، ئەرقى ئەنبەر، ئەرقى ئەبرىشىم، ئۇلۇغخان، مائۇللەھمى، مەجۇنى تىللا، مۇپەررىھ ياقۇت مۆتىدىل، مۇپەررىھ دىلكۇشاد، مۇپەررىھ مۆتىدىل، ياقۇتى بارىد، ياقۇتى مۆتىدىل قاتارلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

### 6. سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىشتىن بولغان يۈرەك رېتىمسىزلىقىنى داۋالاش:

علاج خفقان ذکائی حسی

بۇ كېسەللىككە قارىتا قويۇق يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: كاللا ـ پاچاق، نان بېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى، قابىز دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە مەست قىلغۇچى، سېزىمنى يوقاتقۇچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. كۆكنار، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى بېرىلىدۇ. ئولۇغخان ئىجاد قىلغان خېمىرى مۇنەششىپ يېگۈزۈلىدۇ.

بەزرۇلبەنجى، بۇغداي كېپىكى، كۆكناردىن 20 گرامدىن ئېلىپ دورىلارنى قاينىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى خەشخاش ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بىدە ساددە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. كەندىر يوپۇرمىقى بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئەھۋالغا قاراپ مېڭىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

### 7. باشقا ئەزالار شىرىكچىلىكىدىكى يۈرەك رېتىمسىزلىقىنى داۋالاش:

علاج خفقان شرکی

ئەگەر بۇ خىل يۈرەك قوزغىلىش ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، گۈلقەنت ۋە سىركەنجۇبىل ئىشلىتىلىدۇ. مىزاجغا قاراپ ئىسسىق ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك جاۋارىشلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە قايسى خىلىت ئېشىپ كەتسە شۇ خىلىت تازىلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئاشقازان كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ:

ئىبنىسىنا «ئەگەر ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يۈرەك ئېغىش قويۇق خىلىتلار تەسىرىدىن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا تاماقتىن كېيىن تۇرۇپ سۈيى، سىركەنجۇبىل ھەم يۇمشاتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئايارەج لوغانزىيا ياكى ئايارەج پەيقارا، شەھمەنزەل، غارىقۇن ۋە ئەفتىمۇن قاتارلىق دورىلار بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خاراكتېرلىك بولسا، رۇبىبىسۇس پەۋاكىھ بىلەن ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ. تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى قايتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل يۈرەك ئېغىش ئاشقازاندا يېمەكلىكلەر بۇزۇلغان سەۋەبتىن بولسا، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**8. يۈرەك رىتىمسىزلىقنى ئامبۇلاربيە شارائىتىدا داۋالاش:**

علاج خفقان معمولات مطب

بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان، ئامىلە تۆت گرامدىن، سۇمبۇل تىپ ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك، ھۆللۈك ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن پەيدا بولغان بۇزۇق گازلار ئىچكى ئەزالاردا توختاپ قېلىش ئەھۋالى بولسا، گۇل بىنەپشە ئالتە گرام، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، سوقۇلغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، گاۋزىبان، سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى ئالتە گرامدىن، چالا سوقۇلغان بەدىيان تۆت گرام قاتارلىقلارنى قايناتىپ، 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، داۋائى مىشكى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئاشقازاندىكى قويۇق خىلتنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن داۋائى مىشكى مۆتەدىل يېگۈزۈپ، كېيىن گۇل بىنەپشە توققۇز گرام، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى تۆت گرام، سانا توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، 36 گرام قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا مايسىز گۆش شورپىسى بىلەن نېپىز نان ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ توپلىنىپ قالغانلىقىدىن يۈرەك رىتىمسىزلىقى كېلىپ چىققان بولسا، بالەنگۇ ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزىباندىن تۆت گرامدىن ئېلىپ قايناتىپ، 12 گرام قەنت بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

سەۋدادىن بولغان يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىدا كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن قىزىلگۈل، گاۋزىبان تۆت گرامدىن، بادرەنجى بۇيا بىر گرام، قەلەمپۇر بىر دانە، ئۇد ھىندى ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ تاتلىقلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رىتىمسىزلىقى بىلەن ھەزىم ئاجىزلاش بولسا، گاۋزىبان تۆت گرام، گۇل گاۋزىبان ئۈچ گرام، بادرەنجى بۇيا تۆت گرام، سۇمبۇل تىپ ئىككى گرام، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ئىككەكلەنگەن ئاق سەندەلدىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ قايناتىپ، قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئىككى گرام داۋائى مىشكى مۆتىدىل مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى شوخلا ۋە ئالما شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رىتىمسىزلىقى بىلەن بىرگە ھەزىم ئاجىزلاش ۋە نەزلە ئەھۋالى بولسا، مەستىكى تالقىنى بىر گرام، خېمىرى سەندەل، خېمىرى خەشخاش ئالتە گرامدىن قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ، كېيىن بىنەپشە تۆت گرام، قۇرۇق زۇپا ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رىتىمسىزلىقى بىلەن بىرگە ھەزىم بۇزۇلۇش بولسا، ئالتە گرام داۋائى

مىشكى مۆتىدىل يېگۈزۈپ، كېيىن ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىرغا 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە تۆت گرام پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئاشقازان بۇخاراتلىرى، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھا تۇتۇلۇپ ئەھۋاللىرى ئۈچۈن ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، ئىككى خىل ئانار شەربىتى، ئامىلە نۇشدارى لۆئلۆئى ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە ئاشقازان ئاجىزلىقى، قەۋزىيەتلىك ۋە ئېغىز قۇرۇش بولسا، بۇنىڭغا قارىتا ئانار شەربىتى ۋە ئەرقى كاسىنە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا، بىر گرام تاباشىر تالقىنى 24 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى گۈل ۋە سىركەنجىۋىل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئاجىزلىق، قىزىتمىلىق كۆپ ئۇسساش ۋە كۆڭۈل ئايىنىش بولسا، سوقۇلغان زەھرى ـ مۇھرى، تاباشىر، ئاق بەھمەن، لاچىندانە قاتارلىقلاردىن 0.5 گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئاپېلسىن قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ، كېيىن بېھى ئۇرۇقى لوئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گۈل، ئاپېلسىن قىيامى، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى كۆڭۈل ئايىنىش ئۈچۈن بۇ دورىلارغا قۇرۇق پىننە، ئىچ سۈرۈش بولسا ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى ئورنىغا پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندا بۇزۇق گاز ياكى يەل پەيدا بولغان بولسا ھېلىلە مۇرابباسى بىر دانە، لاچىندانە، مەستىكى بىر گرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ياكى ئىترىفىل كەشنىز بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى قورساق پەردىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا قورساق پەردە كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ، ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ: نىلۇپەر تۆت گرام، بۇغداي كېپىكى توققۇز گرام، سەرپىستان ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى ئوبدان قاينىتىپ، بىرئاز شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

داۋائى مىشكى مۆتىدىلنى كۆمۈش ۋاراقتا ئوراپ يېگۈزۈپ كېيىن ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئىككى خىل ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

پىششىق دورىلاردىن ئىترىفىل كەشنىز، ئامىلە لۆئلۆئى، داۋائى مىشكى مۆتىدىل، شارا بۇسسالىھىن، مەجۇنى سەندەل قاتارلىق پىششىق دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى مېڭە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مېڭە ئاجىزلىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە بۇنىڭ

بىلەن بىرگە ئاملە نۆشدارى لۆئىلۇۋى ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى ئۆپكە كانالچىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا ئۆپكە ۋە زىققە كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى ئۇچەي ۋە قورساق قۇرتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى مەزى بېزى ياكى باليياتقۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەنىيدىن ئۆرلىگەن بۇخارات ياكى ھەيز توختاپ قېلىش ئەھۋالى بولسا، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە خېمىرى سەندەل مۇرەككەپ ئولۇغخان ئەرقى كەييورە بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەيز ماڭدۇرغۇچى مەتبۇخلار ۋە پەرزىجىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى بۇخارات شەكلىدە ئومۇمىي بەدەنگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا قىزىتمىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۈرەك رېتىمسىزلىقى زەھەرلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى يېيىشتىن ياكى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغانلىق سەۋەبىدىن بولسا، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن زەھەر قايتۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى ئۇسۇللارنىمۇ قوللىنىش لازىم.

## تۆتىنچى پەسىل يۈرەك مەنبەلىك شوك

## غشى

**تونۇش:**

بۇ، بىر خىل يۈرەك ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلەر (قۇۋۋەتى مۇھەررىكە) ۋە ھېس قىلدۇرغۇچى كۈچلەر (قۇۋۋەتى ھېسساسىيە) يوقىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلەر يوقالمايدۇ. پەقەت بىرئاز ھېس - سېزىمدا سۇسلاش بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

بەزى تېۋىپلار «بۇ كېسەللىك تازىلاشنىڭ كۆپ بولۇشى، ئاغرىش، توشۇپ قېلىش، غەيرىي تەبىئىي بۇزۇق خىلتلارنىڭ تەسىرى، زەھەرلىنىش سەۋەبىدىن ياكى يۈرەك ۋە يۈرەك ئەتراپىدىكى ئىششىق سەۋەبىدىن روھلارنىڭ تارقىلىشى ياكى ئۇنىڭ توسۇلۇپ

قېلىشىدىن يۈرەككە ئاغرىق يېتىش سەۋەبلىرىدىن بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

قەرشى «يۈرەك مەنبەلىك ھوشسىزلىنىش، شوكنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1. يۈرەكنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولىدۇ. قان تومۇرغا روھ ۋە قان يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يۈرەكتە يىغىلىش بولىدۇ. بۇنىڭدىن يۈرەك ھوشسىزلىنىش يۈز بەرگۈدەك دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ.

2. روھقا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر، مەسىلەن: روھ ئاجىزلاشسا ۋە مىقدارى ئاز بولسا، يۈرەكنىڭ يىغىلىشىدىن روھ يېتەرلىك مىقداردا قان تومۇرلارغا يېتىپ بارالماي يۈرەك مەنبەلىك شوك كېسەللىكى يۈز بېرىدۇ.

3. بۇ سەۋەبلەر يۈرەك ياكى روھقا مۇناسىۋەتلىك بولالمايدۇ. مەسىلەن: قان تومۇر-لىرىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپ، روھ ۋە قان ھەرقايسى ئەزالارغا تولۇق يېتىپ بارالماي، يۈرەككە بەلگىلىك دەرىجىدە بېسىم چۈشكەندىن كېيىن شوك پەيدا بولىدۇ» دەپ كۆرسەت-كەن.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش يۈرەك ئېغىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى شوكنىڭ سەۋەبلىرى يۈرەك ئېغىش (خەفەقان) نىڭ سەۋەبلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە يەنە تومۇر ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ ھېسابلى-نىدۇ. تومۇر ھەرىكىتى كۈچلۈك ۋە سۈس بولۇش بىلەن بىرگە چىگىللىش بولسا ۋە توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولغان شوك بولىدۇ.

ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى كىچىك، بوش بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قېلىپ سوقۇش ۋە رىتىم-سىزلىق ئالامىتى بولسا، بۇ بەدەننىڭ ناھايىتى ئاجىز بولۇشى، قۇۋۋەت ۋە روھنىڭ تارقاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان شوك بولىدۇ.

ئەگەر ھوشسىزلىنىش تۇيۇقسىز يۈز بەرمەستىن، بەلكى ئاستا - ئاستا پەيدا بولغان بولسا، دەسلەپتە تومۇر ھەرىكىتى ئىنچىكە، ئاستا، نەپەسلىنىشتە ئاجىز ۋە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇش، كۆز ھەرىكىتى ئاجىز بولۇش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە ھەرخىل رەڭلەر كۆرۈنۈش، قول - پۇت سوۋۇش، بەدەندە يەڭگىل سوغۇق تەر پەيدا بولۇش، ئېغىر دەرىجىدە ھوشسىزلانسا، بىمار كۆزىنى ئاچالماس-لىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بەزىلەر «ئەگەر تومۇر ھەرىكىتى تىترەش، تومۇر ھەرىكىتى پەس ۋە قالايمىقان تەرتىپسىز بولسا بۇ شوكنىڭ ئالامىتى» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر شوك يەڭگىل دەرىجىدە بولۇپ، داۋالاشنى قوبۇل قىلمايلا ئەسلىگە قايتقان

بولسا، بۇ، يۇرەكنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن بولغان شوك بولىدۇ.

شوكنىڭ باشقا قىسىملىرىنى تەكشۈرۈشتە شوك پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى سەۋەبلەر تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر شوك بىرەر سەۋەبچى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن بولمىسا ۋە ئېغىر بولسا، بۇ، قان تومۇرلاردا ياكى ئەسلەبلەردە توسالغۇ پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىققان شوك بولىدۇ.

ئەگەر شوكتا تاشقى سەۋەب ياكى ئۆتمۈش كېسەللىك ئەھۋالى ياكى باشقا ئەزالار شېرىكچىلىكىدىكى سەۋەبلەردە مەۋجۇت بولمىسا ۋە ھوشسىزلىنىش بىرنەچچە قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە بولسا، بۇ ھوشسىزلىنىش يۇرەكتە بولۇپ، مۇقىملىشىپ قالغانلىقنى ۋە سەۋەبنىڭ يۇرەكتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ھوشسىزلىنىشتىن ئىلگىرى كۆڭۈل ئاينىش، ماغدۇرسىزلىنىش، كىكىرىش بولسا، بۇ ئاشقازان مەنبەلىك شۇك بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكتە بىمار ھوشسىزلانغان ۋاقىتتا قول ـ پۇتنى باغلاش، مۇچىلەرنى قاتتىق مۇجۇش، خۇش پۇراق يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى پۇرىتىش، چىراي ۋە كۆكرەككە سوغۇق سۇ ۋە گۇلاب چېچىش، باشنىڭ تۈكىنى تارتىش، پاچاق ۋە ئىككى مۇرە ئوتتۇرىسىغا نەشتەرسىز لوڭقا قويۇش، مۇناسىۋەتلىك دورا سۈيى بىلەن پۇتنى يۇيۇش، داۋائى مىشكنى ئالما سۈيىدە ئېرىتىپ ياكى مائۇللەھمىنى ئەرقى گۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە ياكى ئەرقى گۇل ۋە ئەرقى بىدىمىشكنى ئارىلاشتۇرۇپ گالغا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا، ئەنبەر، ئىپار، ئەرقى گۇل، ئەرقى بىدىمىشكى، ئالما سۈيى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ گرامنى ئېلىپ، ئۇد ھىندى بىلەن بېرىلىدۇ. ئەنپارى تىپ پۇرىتىلىدۇ. داۋائى مىشكى مۆتىدىل ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلاردا ئېرىتىلىپ گالغا تېمىتىلىدۇ. ئانار شەربىتىنى مۇۋاپىق ئەرەقلەر بىلەن ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

ئەرقى گۇل پۇرىتىلىدۇ ۋە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇد ھىندىنى ئەرقى گۇل ۋە ئەرقى بىدىمىشكگە چىلاپ پۇرىتىلىدۇ ۋە ئىچكۈزۈلىدۇ. تەرخەمەك، ئالما، ئىپار، رەيھان ھارىقى دورىلارنى تاللاپ پۇرىتىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

بەزىلەر «بۇ كېسەللىككە قارىتا، قول ـ پۇتنى مۇجۇش، ئىسسىق ساقلاش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۇدۇلىغا ئىسسىق ياغلارنى سۈۋاش، بىمارنى ئۇخلاتماسلىق ۋە سۆزلەتمەسلىك قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر بىمار ھەرىكەتلەندۈرۈش تەدبىرى بىلەن ھوشىغا كەلمىسە يىڭنە سانجىش، بۇمۇ پايدا قىلمىسا قول ـ پۇتنى داغلاش لازىم.

گالغا تېمىتقۇچى، پۇراتقۇچى، زىماد قىلغۇچى دورىلار كېسەلنىڭ مىزاجىغا قاراپ تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئىبنىسىنا ۋە گىلانىخان ساھىب «كۆچلۈك دەرىجىدىكى شوك ۋە مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىدىن بولغان شوكنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر يەڭگىل خىلدىكى شوك بولسا ۋە كېسەللىكنىڭ مىزاج بۇزۇلۇشى ئېغىرلاشمىغان بولسا ياكى شوك يۈرەكنىڭ سىرتىدىكى سەۋەبلەردىن باشقا ئەزالار شېرىكچىلىكىدىن بولغان بولسا ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

شوك ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ: يەنى ① ھوشسىزلىنىش ھالىتىدىكى شوك. ② ئوتتۇراھال ھوشسىزلىنىش دەرىجىسىدىكى شوك. ③ يېنىك ھوشسىزلىنىش دەرىجىسىدىكى شوك.

ئەگەر شوك ھوشسىزلىنىش ھالىتىدە بولسا، بۇنىڭغا قارىتا ھوشسىزلىنىشنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش تەدبىرى قوللىنىلسا ئۇنۇمى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ئالامەتلەرگە قارىتا داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر شوكتا ھوشسىزلىنىش ھالىتى ئۆتتۈپ كەتكەن بولسا تۆپ يىلتىزىدىن داۋالاش تەلەپ قىلىنسا، ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ئەھۋالغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. بەزىدە ئىككى خىل ئوشىمىغان سەۋەبىدىن ئىككى خىل قارىمۇقارشى داۋالاشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئەزالاردا غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ توپلىنىشۇپلىشى سەۋەبىدىن بولغىنىدا غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش كېرەك، يەنە بىرى تارقالغان روھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوزۇقلۇقى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش لازىم.

ھىستېرىيە (ئىھتىناقى رەھمى) دىن باشقا ھوشسىزلىنىش ھالەتلىرىدە داۋالاشنىڭ دەسلىپىدە خۇش پۇراق يېمەكلىكلەر ۋە روھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ۋە روھىي ئوزۇقلۇق بولىدىغان يېمەكلىكلەر ۋە دورىلار قوللىنىش لازىم. ئۇندىن كېيىن روھتا ئۇيغىتىش بولىدىغان يېمەكلىكلەر ۋە دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە شوكنىڭ كۆپ قىسىملىرىدا سىرتىدىن بەدەنگە غىدىقلاش پەيدا قىلىش لازىم. چۈنكى تەر تۆشۈكچە يولى ئارقىلىق تارقالغۇچى روھ بەدەننىڭ ئىچكى تەرىپىگە كىرىدۇ. بىراق شوك بىلەن ئېغىر دەرىجىدە ئىچ سۈرۈش بولسا، بەدەننىڭ سىرتىدىن غىدىقلاش پەيدا قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر شوكنىڭ سەۋەبى قاتتىق سوغۇقلۇقتىن بولسا، بۇنداق ھالەتتە غىدىقلاش پەيدا قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بۇ بەدەننىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ ۋە بەدەننى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرۈپ، خەتەرلىك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەگەر ھوشسىزلىنىشنىڭ سەۋەبى سوغۇقلۇق بولمىسا سوغۇق سۇغا چۆمۈلدۈرۈش، يەلپۈش، سوغۇق سۇ ۋە ئەرقى گۈلنى گالغا تېمىتىش، سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق

يېمەكلىكلەر، گۈل چاڭلار، دورىلارنى پۈركۈش لازىم.

ئەگەر ھوشسىزلىنىش كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئىسسىق تەبىئەتتىكى تارقاتقۇچى، سەۋەبلەرنىڭ نەتىجىسىدە بولسا بۇرۇنغا ئىپار پۈركىتىلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا داۋائى مىشكىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا سۈيۈلدۈرۈپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

سوغۇقتىن پەيدا بولغان شوكتىن باشقا شوكلاردا بىمارنى ھاۋاسى سوغۇق جايدا تۇرغۇزۇلىدۇ.

ئەگەر ھوشسىزلىنىشتىن ئىلگىرى ياكى شۇ ۋاقىتتا ھېق تۇتۇش ياكى كۆڭۈل ئاينىش يۈز بەرسە، بىمارنى تاماق پۇرىقىدىن يىراق تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭ ھارارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسسىتىش يوقىتىشقا تىرىشىش لازىم ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن توخۇ پېيىنى گالغا تىقىپ قەي قىلدۇرۇپ، روھ چىقىپ كېتىش تەرىپىگە ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل ئاينىش كۆپ تەرلەش سەۋەبىدىن پەيدا بولغاندىن باشقا كۆپ ساندىكىلىرىدە قەي قىلدۇرۇشنىڭ پايدىسى بولىدۇ.

روھنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى تەدبىرلەر يەنى قەي قىلدۇرۇش، بىمارنىڭ يېنىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەش، كۈندۈشكە ئوخشاش دورىلارنى پۈركۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىپ چۈشكۈرتۈش لازىم.

ئەگەر بىمار ھوشسىزلانغاندا كۈندۈشكە ئوخشاش چۈشكۈرتكۈچى دورىلارنى پۈراتقاندا چۈشكۈرۈك كەلمىسە بۇ بىمارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

ئىسسىق ۋە سوغۇق مىزاجغا قاراپ قىزىتقۇچى ياكى سوۋۇتقۇچى ئىچىملىكلەر ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ھوشسىزلىنىش، تازىلاشنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ياكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ، تەرنىڭ كۆپ چىقىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئىسپىرت مىقدارى تۆۋەن شاراپ ئىچكۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىدەك ئەھۋال مىزاجى نازۇك كىشىلەردە يۈز بېرىدۇ. مىزاجى نازۇك كىشىلەرگە ئىسپىرت مىقدارى تۆۋەن شاراپ ئىچكۈزۈش مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى بۇنداق بىمارلارغا ئىسپىرت مىقدارى يۇقىرى شاراپ ئىچكۈزۈش لازىم. بۇخىلدىكى شاراپنىڭ ئۈزۈلۈق تەركىبى مول ۋە قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش سەۋەبىدىن بىمارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بەزىدە شوكنى داۋالاشتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى بىرلەشتۈرۈلىدۇ:

بىرى، قابىز خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، ئىچ سۈرۈشنى چەكلەيدىغان، بوشىشىپ كەتكەن ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدىغان، روھنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ۋە ئاسانلىق پەيدا قىلىدىغان، ئاشقازان تەرەپكە تۆكۈلۈۋاتقان ماددىنى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى توسۇش ئارقىلىق چەكلەيدىغان دورىلار.

يەنە بىرى، ئۆتكۈزگۈچ كۈچى يۇقىرى بولۇش ئارقىلىق روھنى ئوزۇقلاندۇرالايدىغان دورىلار.

يۇقىرىقى ئىككى خىل دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشلىتىش ۋاقتىنى ياخشى بىلىۋېلىش لازىم. تۇتقۇچى دورىلارنى ھوشىغا كەلگەن ۋاقتىدا ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر ھوشسىز ھالەتتە قابىز دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئۆتكۈزگۈچ كۈچى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە تۇتقۇچى تەدبىرلەر بىلەن ئۆتكۈزگۈچ كۈچى تېز بولغان تەدبىرلەرنى قوشۇپ قوللىنىشتىكى مەقسەت، روھتا ئويغىتىش ۋە قۇۋۋەتلەشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت. بىراق روھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزگۈچى كۈچى يۇقىرى بولغان دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تۇتقۇچى قابىز دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگۈچ كۈچى يۇقىرى بولغان دورىلارنىڭ خىزمىتى يوقىلىپ كېتىدۇ.

بەزىدە ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھاراق بېرىش بىلەن ئەقىل ئېلىش ياكى تەشەننۇج پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھالەتتە ھاراققا مائۇللەھمى ۋە ئالما سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر بىرەر چەكلىمە بولمىسا ھاراققا قەلەمپۇر، ئىپار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان ھاراقنى كۆپرەك قوبۇل قىلىپ، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچىيىدۇ. بۇنداق ھالەتتە يۇرەكمۇ ئوزۇقلۇقلارنى كۆپرەك سۈمۈرىدۇ.

ئۇندىن باشقا قول - پۇتنى مۇجۇش، باغلاش، قەي قىلدۇرۇش قاتارلىقلار ھەرخىل سەۋەبدىن بولغان شوكلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. لېكىن كۆپ تەرلەشتىن ۋە روھ ئاجىزلاپ قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان شوكقا بۇخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە ھەرىكەتنى كۆپەيتىۋەتمەستىن بەلكى توختىتىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. قەي قىلدۇرۇشتا ئىلمان سۇ ۋە زەيتۇن يېغى ياكى باشقا بىرەر ياغ ياكى ھاراق ۋە ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. قەي قىلىشتىن ئىلگىرى ئاشقازان ۋە قول - پۇتنى ئىسسىتىش لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا قەي قىلغاندا قىينالماي ئاسان قەي قىلىدۇ.

مۇنچىغا چۈشۈش خولېرادىن بولغان شوكقا ناھايىتى پايدىلىق. لېكىن قان كۆپ چىقىپ كېتىش ياكى كۆپ تەرلەش سەۋەبىدىن بولغان ھوشسىزلىنىشقا ناھايىتى زىيانلىق. ئەگەر بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئاشقازاندا ئېچىشىش بولسا مۇنچىغا چۈشۈرۈش مۇۋاپىق.

بۇ كېسەللىكتە بىمارنى ئۇخلاتماسلىق ۋە كۆپ سۆزلەشتىن قەتئىي چەكلەش لازىم.

تۆۋەندە يۇرەك مەنبەلىك شوكنى سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ داۋالاشنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ، ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز.

### 1. توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشی امتلائی

بۇ كېسەللىككە قارىتا قەي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولسا قەي قىلدۇرۇلىدۇ ياكى كلىزما قىلدۇرۇلىدۇ. قول - پۇت باغلىنىپ، مۇجۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا قول پۇتنى ئىسسىق تۇتۇش، يېمەك - ئىچمەكتىن چەكلەش مائۇلھەسەل، مەتبۇخى زۇپا ياكى سىركەنجۇبىل قاتارلىق دورىلارنى ئىچكۈزۈش، قىزىتما بولمىسا مۇنچىغا چۈشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا تازىلاشتىن كېيىن توخۇ گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر شوك ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى توشۇپ قېلىشتىن بولغان بولسا، يۇزىگە سوغۇق سۇ ۋە ئەرقى گۈل چېچىش لازىم ۋە بىرئاز ۋاقىت تىنىقتىن توختىتىش، ئېغىز، بۇرۇن، ئاشقازاننى سىيلاش، پاچاق ۋە بىلەكنى چىڭ باغلاش، قول - پۇت ئالقانلىرىنى ئوبدان مۇجۇش، سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئىسپىرت مىقدارى تۆۋەن شاراب سۇغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ۋە چۈچۈمەل ئانار ۋە چۈچۈمەل ئالما بېرىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ ئۆتكۈرلىكى چوقۇلۇش ۋە ئېچىشىش پەيدا قىلغۇچى خاراكتېرلىك بولسا، ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. تەبىئەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن گالغا توخۇ پېيى تىقىپ قەي قىلىشقا ياردەم بېرىلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلدۇرۇش قىيىن بولسا ئىچنى سۈرگۈچى شامچە ئىشلىتىلىدۇ. ۋە ئەپسەنتىن سۈيىنى شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن سەندەل، قىزىلگۈل، كاپۇر، سېمىزئوت سۈيى، قىزىل چوغلۇق سۈيى قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق ئاشقازان سوۋۇتىلىدۇ. بۇنىڭدا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، قابىز دورىلارنى كېسەلنىڭ دەسلەپىدە ئىشلەتمەي تازىلاشتىن كېيىن ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى قابىز دورىلارنى دەسلەپ ئىشلىتىپ قويساق، خىلتلار ئىچكى ئەزالاردا توختاپ قېلىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر شوك ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن بولغان بولسا، يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىش، قول - پۇتنى باغلاش ۋە مۇجۇش، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇز، تۇرۇپ قاتارلىق دورىلارغا سىركەنجۇبىل ياكى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ قەي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تەرياقى ئەربە، چاۋارىش چىلاپى، داۋائى مىشكى، جاۋارىش ئەنبەر قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتىدىن سەبرە، ئەپسەنتىن، سۇمبۇل، مەستىكى، موم، رەۋغىنى زەمبەق، رەۋغىنى ناردىن قاتارلىقلار قورساققا سۈۋىلىدۇ.

**2. ئىستىفراغنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:**

علاج غشی استفراغی

بۇ كېسەللىككە قارىتا خۇش پۇراق يېمەكلىكلەر، گۈل ـ چاڭلار ۋە دورىلارنى پۇرىتىش، كۆڭۈل ئايىنىش بولسا تاماقنىڭ پۇرىقىدىن يىراق تۇرغۇزۇش، خۇش پۇراق مائۇللەھمى ئىچكۈزۈش، رەيھان ھارىقىغا ناننى چىلاپ، ئۇنىڭغا ئەرقى گۈل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ھارارەت بولسا قېتىق سۈزمىسى ياكى غورا سۈيى ۋە ياكى چۇچۇمەل تۇرۇنجى قىيامى ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا تۆۋەندىكى دورىلار بېرىلىدۇ. يەنى ئوبدان پىشۇ-رۇلغان گۆش سۈيى ئون ھەسسە، رەيھان ئۇرۇقى بىر ھەسسە، ئازراق مىقداردا تۇخۇم سېرىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تاتلىق ئالما سۈيى ياكى چۇچۇمەل ئالما سۈيى، ئاچچىق ئالما سۈيى قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىزىقلىقنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىشكە ئىمكانىيەت بولمىسا قېتىق سۈزمىسىگە يۇمشاق ئۇننىڭ نېنى چۆكۈرۈپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاشنىڭ كۆپلۈكىدىن شوك پەيدا بولغان بولسا، ئومۇمىي بەدەننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن شەربىتى ھۇممازى ئوترۇج، ئالما شەربىتى، ئاپىلسىن شەربىتى 36 گرامدىن، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتر، قەنت 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى ۋە گۆش شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر شوك ئىچكى تازىلاش سەۋەبىدىن بولغان بولسا قول ـ پۇتنى ئىسسىق تۇتۇش، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى سۈۋاش، پۇت ـ قولنى باغلاش، تازىلاشنى توختىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر خولېرادىن كېيىن شوك پەيدا بولغان بولسا ئىپار، بېھى سۈيى ئىچىملىكى ياكى ئالما سۈيى ياكى كۆپ خىلدىكى گۆش سۈيى گۆش شورپىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ گالغا تېمىتىلىدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئاز ـ ئازدىن گۆش شورپىلىرى بېرىلىدۇ.

بەزىلەر «بۇ كېسەللىككە قارىتا قەلەمپۇر سۈيى بېرىشمۇ ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ كېسەللىككە قارىتا يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلى-دۇ: پادى زەھرى مەدەننى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا پادان ياغىچى (بىرخىل دەرەخنىڭ ياغىچى)، ئىپار، داۋائى مىشكى قاتارلىق دورىلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى دەريا بويىدىن چىققان نارجىل ئەرقى گۈل ياكى ئەرقى بىدمىشكىگە چىلاپ بېرىلسە، خولرادىن كېيىن يۈرەك ۋە مېڭە تەرەپكە ئۆرلىگەن بۇخاراتلاردىن پەيدا

بولغان شوكقا پايدىلىق.

ئەگەر شوك تاشقى تازىلاش سەۋەبىدىن ۋە كۆپ تەرلەش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر يەنى قول پۇتنى سوۋۇتۇش، سوغۇق سۇ ۋە ئەرقى گۈلنى سۈۋاش، بېھى سۈيى ۋە مائۇللەھمى ئىچكۈزۈش، سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق يېمەكلىكلەر، گۈل - چاڭلارنى پۇرىتىش، نامازشامگۈل ياغىچى، ئانار پوستى، كۆك موزا قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بىمارنىڭ بەدىنىگە سېپىش، قۇرۇق نامازشامگۈلى ياغىچى ۋە ئۇد ھىندىنى يۇمشاق سوقۇپ، قول - پۇت ۋە ئومۇمىي بەدەنگە سۈۋاش، ئۇدھىندىنى يۇيۇپ، چىلان سۈيىنى ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بۇ تەدبىرلەر قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

ئاياللاردىكى ھەيز ياكى نىپاستىن كېيىن پەيدا بولغان شوكقا قارىتا قان توختاتقۇچى ۋە قابىز دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئىككى بىلەكنى باغلاش، قول - پۇت ئالىقانلىرىنى كۈچلۈك مۇجۇش، ئەرقى گۈل ۋە سوغۇق سۇنى يۈزگە چېچىش، كۆكسىگە لوڭقا قويۇش، قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان خۇش پۇراق يېمەكلىكلەر، دورىلارنى بىمارنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا گۆش شورپىسى، ئالما، بېھى، ئامۇت قاتارلىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىمارنى سوغۇق جايدا تۇرغۇزۇش، يەلپۈگۈچنى ئەرقى گۈلگە چۆكۈرۈپ يەلپۈش قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

### 3. مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشی سوء مزاجی

ئەگەر شوك مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، بىمارنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ ۋە گۈلاب چېچىلىدۇ. كۈچلۈك خىلدىكى سوغۇق يېمەكلىكلەر، دورىلار، مەسىلەن: تەرخەمەك، سەندەل، كاپۇر، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ.

خېمىرى سەندەل، سەندەل شەربىتى، داۋائى مىشكى بارىد، ئانار شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدىمىشكى ۋە ئەرقى نىلۇپەردە ئېرىتىپ، ئاز - ئازدىن گالغا تېمىتىلىدۇ ياكى تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە چىلاپ ئەرەق چىقارغاندىن كېيىن سەندەل شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. نىلۇپەر، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلاردىن بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى سەندەل ياكى ئەرقى بىدە ساددە 24 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ئۇنىڭغا تاۋۇز سۈيى ياكى تەرخەمەك سۈيى، قاپاق سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدىن 24 گرامدىن ئېلىپ

ئارىلاشتۇرۇلۇپ، پۈرتىلما تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا بۇنىڭغا بىرئاز كاپۇر قوشۇپ كۆكرەككە سۈۋىسىمۇ بولىدۇ. سوغۇق قېتىق سۇزمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىلگۈلنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ پۈرتىلىدۇ.

شەيخ (ئىبنىسىنا) «ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، سوغۇق تەبىئەتلىك ئەتىرلەرنى پۈرتىش ۋە يۈزگە سوغۇق سۇ چېچىش پايدىلىق.

ئەگەر كاپۇر ۋە سەندەلگە ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا بىرئاز ئىپار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ باشقا كېسەللىكنى پەيدا قىلىشىنى توسقىلى بولىدۇ ۋە ئىپار بەدەندىكى تەبىئىي قۇۋۋەتنى كۈچلەندۈرىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش ۋە بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە، ئۇنىڭغا سوغۇق تەبىئەتلىك ئىچىملىكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر شوك مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار مەسىلەن: ئۇد ھىندى، ئىپار، ئەنبەر قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل بىلەن ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ ۋە پۈرتىلىدۇ. داۋائى مىشكى، بادرەنجى بۇيا شەربىتى، ئەرقى دارچىن قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا قەلەمپۇر، لاچىندانە، زەپەرگە ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلار يېمەكلىككە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

4. **ئاغرىق ۋە ياللۇغدىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:**

علاج غشي وجعي وورمي

ئەگەر شوك ئاغرىق سەۋەبىدىن بولسا، دەرھال سەۋەبىنى يوقىتىش مۇمكىن بولسا، سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىپ، ئاغرىقى توختىتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۈچەي تۇسۇلۇشقا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كلىزما ۋە تازىلاش قاتارلىقلار بىلەن ئاغرىق توختىتىش مۇمكىن بولسا سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

5. **توسۇلۇشتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:**

علاج غشي سدي

ئەگەر شوكنى پەيدا قىلغۇچى توسالغۇ نەپەسلىنىش ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولسا،

سىركەنجىۋىل، ئانار سۈيى، ھەسەل قاتارلىق دورىلارنىڭ قايىنتىلمىغا مۇۋاپىق مىقداردا سۆئتەر، ياۋا پىننە، ھاشا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، بەدىيان قاتارلىق سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق، يۇمشاق يېمەكلىكلەرگە قىچا، سۆئتەر، پىننە، زىرە، تاغ زىرىسى (قارا زىرە) قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا پاچاق ۋە بىلەكلەرنى مۇجۇش، ئەگەر ھارارەت بولمىسا سۈيۈق دورىلارنى ئىچكۈزۈش، سۈيدۈك ھەيدەشكە كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار ئەگەر توسۇلۇش قان تومۇرلاردا بولسا، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلار ئارقىلىق قان تومۇر ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىش، توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلار ئارقىلىق كانالچىلارنى ئېچىش لازىم. مەسىلەن: سىركەنجىۋىل ئەنسىلى ياكى سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ۋە كاسىنە سۈيى قاتارلىق دورىلارنى يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى روھىي قۇۋۋەتكە ۋە تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتكۈچى دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

### 6. ئاچلىقتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشی جوعی

بۇنىڭغا قارىتا 40 گرام ئەتراپىدا ئاق ئۇننىڭ نېنىنى، مائۇللەھمى ۋە ياخشى شاراپ ياكى سۇ قوشۇلغان شاراپقا چىلاپ ئىچكۈزۈلسە شوك يوقىلىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا قورۇلغان گۆش، ئىسسىق نان ۋە خۇش پۇراق يېمەكلىكلەر پۇرىتىلىدۇ ۋە گالغا ئاز - ئازدىن مائۇللەھمى تېمىتىلىدۇ. ھېچ نەرسە ئارىلاشتۇرمىغان ھاراقنى قەتئىي بېرىشكە بولمايدۇ.

### 7. زىيادە چارچاش ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشی وتعبی ویبسی

ئەگەر شوك زىيادە چارچاشتىن بولسا بىمارنى ئارام ئالدۇرۇش، سوغۇق جايلاردا تۇرغۇزۇش، قول - پۇتنى سوۋۇتۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر شوك قۇرۇقلۇقتىن بولسا ئانار سۈيى ۋە ئالما شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل شوك تۇتقاقلىق سەۋەبىدىن بولسا، كېسەل تۇتقاندا بىر پارچە ناننى ئانار سۈيىگە ياكى ئالما شەربىتىگە چۆكۈرۈپ يېگۈزۈلىدۇ.

### 8. قان ئالغاندىن كېيىنكى يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشى فصدى

ئادەتتە قان ئالغاندىن كېيىن پەيدا بولغان شوك تومۇرلىرى تار ۋە ئاشقازىنى ئاجىز بولغان كىشىلەردە ياكى بەدەندە ئاچچىق سەپرا ئېشىپ كەتكەن كىشىلەر ياكى قان ئېلىپ ئادەتلەنمىگەن كىشىلەردە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بىمارلاردىن قان ئېلىشتىن بۇرۇن ئاشقازان ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى شەربەت ۋە باشقا دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە سەپرا خىلىتىنى توختىتىشقا قارىتا تەدبىر قوللىنىلىدۇ. ئىككى خىل ئانارنىڭ شەربىتى، ئالما قىيامى، بېھى قىيامى، لىمون قىيامى، سىركەنجۇبىل شەربىتى، سەندەل شەربىتى، دورىلارنى ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بىدمۇشكى سادده بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى سەندەل تۇرۇش، داۋائى مىشكى بارىد، داۋائى مىشكى مۆتەدىل ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا قان ئالغاندا شوكنىڭ خەتىرى بولسا قان ئېلىشتا بىراقلا كۆپ قان ئالماسلىق، ئازراق قان ئالغاندىن كېيىن تومۇرنىڭ ئېغىزىنى بارماق بىلەن بېسىۋېلىش لازىم ۋە بىرئازدىن كېيىن بارماقنى تارتىۋېلىپ ئازراق قان ئېلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن يەنە بېسىۋېلىنىدۇ ۋە مۇشۇ بويىچە بىرقانچە قېتىم قان ئېلىنىدۇ.

ئەگەر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قان ئالغاندىمۇ يەنىلا ھوشسىزلىنىش بولسا، مۇشۇ بابتىكى ھوشسىزلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

### 9. روھىي ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشى از عوارض نفسانى

بۇنىڭغا قارىتا مىزاجغا مۇناسىۋەتلىك خۇش پۇراق دورىلار، يېمەكلىكلەر پۇرىتىلىدۇ. ئازراق ۋاقىت بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ، يۈزىگە ئەرقى گۈل ۋە سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ. قولىغا ئەرقى گۈل ۋە سوغۇق سۇ قۇيۇلىدۇ. بەدەن ئىسسىتىلىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۇدۇلىغا مەستىكى يېغى، ناردىن يېغىغا ئوخشاش ياغلار سۈۋىلىدۇ. گالغا ئەرقى گۈل ۋە مائۇللەھمى تېمىتىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋە شەربەتلىرىنى ئەرقى گۈلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاق ۋە قىزىل سەندەل، كاپۇر دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

### 10. ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاجىزلىقىدىن بولغان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشى از ضعف فم معده

ئەگەر شوك ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاشقازان

كىرىش ئېغىزىنى كۆچلەندۈرگۈچى سۇۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەستىكى، بېھى، سەندەل، زەپەر، سەۋسەن قاتارلىق دورىلار بىلەن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئېپار ۋە سەۋسەننى هاراقتا ئېرىتىپ سۇۋىلىدۇ.

قول - پۇت مۇجۇلىدۇ ۋە باغلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى كۈچلەندۈرگۈچى تەدبىرلەر ئاشقازان كېسەللىكنى داۋالاش بابىدا سۆزلەنگەن شۇنى قول-لىنىشقا بولىدۇ.

## 11. ھىستېرىيە خاراكتېرلىك يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشی ازاختناق رحم

بۇنىڭغا قارىتا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا زىيانلىق بولمىغان سېسىق پۇراقلىق يېمەك-لىكلەر ۋە دورىلارنى بۇرۇنغا يېقىن قويۇش، يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىش، تىنچ مۇھىت ھازىرلاش، پاچاقلارنى باغلاش، تاپاننى مۇجۇش، زۇپا، پىنە، تاغ پىننىسى ۋە باشقا يۇمشاتقۇچى دورىلار مائۇلھەسەل بىلەن بېرىش، مۇۋاپىق مىقداردا داۋائى مىشكى تەلخ يېگۈزۈش، رەۋغىنى زەنبەق، رەۋغىنى قۇستى، رەۋغىنى ناردىن قاتارلىق بىرقەدەر ئىس-سىق ياغلارنى هاراق بىلەن ئىشلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇنىڭغا قارىتا سىركەنجۋىل بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھىستېرىيە بالىياتقۇغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بالىياتقۇ نېرۋا خاراكتېرلىك ئەزا سىركەنجۋىل نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىكتە يەنە پۇتىغا لوڭقا قويۇش، جاۋاشىر، ھىڭ، سامساقىقا ئوخشاش سېسىق يېمەكلىكلەرنى، دورىلارنى پۇرىتىش، بالىياتقۇغا ئېپار، ئەنبەرگە ئوخ-شاش خۇش پۇراق دورىلارنى ھەمەلچە قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ساھىب كامىل «ھىستېرىيە خاراكتېرلىك شوكقا قارىتا توشۇپ قېلىشتىن بولغان شوكنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. لېكىن ھىستېرىيە خاراكتېرلىك شوكقا سىركەنجۋىل ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر بالىياتقۇ بىر تەرەپكە مايىل بولسا يەنە بىر تەرەپتىكى پۇتىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن بولسا ئىككىلا پۇتىغا لوڭقا قويۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

## 12. قىزىتمىدىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشی حمیاتی

بۇنىڭغا قارىتا قىزىتمىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

بەزىلەر «ئىچكى ئەزادا ئىششىق بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن قىزىتما پەيدا بولغاندا شوك بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پۈتنى مۇجۇش ۋە ئىسسىق دورىلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، يېمەك ـ ئىچمەكتىن چەكلەش، بىمارنى ئۇخلاتماسلىق لازىم. بىراق شوكنىڭ سەۋەبى ئاجىزلىق ۋە روھنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولسا بۇنداق ھالەتتە ئۇخلاشتىن چەكلەش توغرا ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇندىن باشقا بۇخىل شوكقا قارىتا ئالما شەربىتى بىلەن سىركەنجىۋىل بېرىش، ئوزۇقلۇقتا زۆرۈر بولسا مائۇللەھمى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ياكى مائۇللەھمگە نان چىلاپ يېگۈزۈش ياكى بۇنىڭغا بىرئاز ھاراق ئارىلاشتۇرۇش، ئەگەر ئاشقازاننى كۈچلەندۈ- رۈش زۆرۈر بولسا، بۇنىڭغا يەنە خۇش پۇراق، قابىز، مېۋىلەرنىڭ قىيامى ۋە سىقىلغان سۇلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بىراق ھوش- سىزلانغان ۋاقىتتا ھاراقنىلا بەرگەن ياخشى.

## 13. زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاش:

علاج غشى سمى

ئەگەر شوكنىڭ سەۋەبى زەھەرلىك يېمەكلىكلەر، دورىلارنى يېيىش ياكى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن يۈز بەرگەن بولسا، تەرياقى كەبىر ۋە پادى زەھرى ئىشلىتىلىدۇ. گالغا داۋائى مىشكىنى سۈيۈلدۈرۈپ تېمىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر پاسكىنا يېمەكلىكلەردىن پەيدا بولغان بۇزۇق گاز سەۋەبىدىن پەيدا بولغان شوك بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا ئەنسىل سىركىسى 74 گرام، پىياز سىركىسى 36 گرام، چۈچۈمەل كالا قېتىقى 500 گرام، ئەرقى ھەمىشباھار، ئەرقى نارەنجى، ئەرقى سەندەل 84 مىللىلىتىردىن، گۈل يېغى 60 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە كىلىزما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گىل مەختۇم 36 گرام، يېڭى ھاراق 500 گرام، كالا قېتىقى 250 گرام قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئارقىلىق تولۇق ھوشىغا كەلمىسە كۈندۈش، جەدۋار، قارا خەربەق، تۇربۇت، زەپەر ھەربىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بۇرنىغا پۈركۈلىدۇ.

## 14. يۈرەك مەنبەلىك شوكنى داۋالاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

اشتباه در تشخیص وعلاج غشی

ھوشسىزلانغان جەرياندا يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى تاللاپ ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن سەۋەبىنى توغرا ئېنىقلاپ يوقىتىشقا تىرىشىش لازىم. مەسىلەن: ئۇنىڭ سەۋەبى مىزاج

بۇزۇلۇش بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق يېمەكلىكلەر، شەربەتلەر، خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى ۋە كۆچلەندۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق مىزاجنى تەڭشەش لازىم.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى توشۇپ قېلىش بولسا، تازىلاش ۋە يۈرەكنىڭ دورىلىرى ئارقىلىق كۈچەيتىش لازىم.

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى ئىستىفراغنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا ئۇنى توختىتىش ۋە يېتەرلىك غىزا بېرىش لازىم. ئاغرىق سەۋەبىدىن بولغان ھوشسىزلىقتا ئاغرىق توختىتىش ۋە تازىلاش لازىم.

ئەگەر ياللۇغ خاراكتېرلىك بولسا ياللۇغنى تارقاتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم، غەم ـ ئەندىشە سەۋەبىدىن بولغان بولسا ئۇنىڭ سەۋەبىنى يوقىتىش، بىمار ئۈچۈن خۇشال-لىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىك مۇھىتىنى تەييارلاپ بېرىش لازىم.

ئەگەر زەھەرلىنىشتىن بولسا مەخسۇس زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر باشقا ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنى داۋالاش ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىش لازىم.

## بەشىنچى پەسىل ماغدۇرسىزلىنىش

### سقوط القوة بغتة

**سەۋەبى:**

خىلتلارنىڭ توشۇپ قېلىشى، ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، ئىششىق ۋە كۆپ ئىستىفراغ قاتارلىقلار. قۇۋۋىتى ھەيۋانىي (ھاياتلىق قۇۋۋىتى) بىراقلا ئاجىزلاپ ماغدۇرسىزلىنىش پەيدا بولىدىغان كېسەللىك قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

بەزى تېۋىپلار بۇ كېسەللىككە قارىتا «روھقا بىرەر كېسەللىك يەتكەن بولسا تۇيۇقسىز ماغدۇرسىزلىنىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق ھاۋا ياكى ناھايىتى سوغۇق يېقىمسىز ھاۋادىن ماغدۇرسىزلىنىش پەيدا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا شوكنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر ماغدۇرسىزلىنىش قان خىلتىنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن بولسا، قان ئېلىش ۋە قاننىڭ قايىنىشىنى تۆۋەنلەتكۈچى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خېمىرى مەرۋايىت ساددە ئەرقى بىدە ساددە ۋە ئەرقى شىر بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر خىلتلارنىڭ ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولسا 2 ~ 3 كۈن مەتبۇخى ئەپسەن-تىن ۋە بىستىپايەچ ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر ئارقىلىق

تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئايارەج پەيقارا، ئاق تۇربۇت، غارىقۇن، ئەفتىمۇن ۋە نەمەك ھىندى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

سۈرگىدىن كېيىن قالدۇق غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئاشقازان ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

ئۈزۈقلاندۇرۇشتا قىچا، زەيتۇن يېغى، بادام يېغى بىلەن شورپا قاتارلىق يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ ۋە كونا ھاراق مائۇللەھمى سادده بىلەن بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا قول ـ پۇتنى مۇجۇش، نورمال بەدەن چېنىقتۇرۇش، بەدەن ۋە كۆكرەككە قۇش يېغى، رەۋغىنى خەيرى قاتارلىق يۇمشاتقۇچى ياغلارنى سۈۋاش؛ غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاشتىن كېيىن مۇنچىغا چۈشۈرۈش، مۇنچىغا چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ياغلارنى سۈۋاش، ساپ ھاراق ياكى ھەسەل ئىچىملىكى ياكى ئەپسەنتىن ئىچىملىكى ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## ئالتىنچى پەسىل  يۈرەك ياللۇغى

## ورم قلب

**تونۇش:**

بۇ بىرخىل يۈرەك ياكى يۈرەكنىڭ مەلۇم قىسىملىرىدا ئىششىق بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، يۈرەكنىڭ بۇخىل ئىششىقلىرى ئىسسىقتىن بولسا، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئەگەر بۇخىل ئىششىق سوغۇقتىن بولسا بىرنەچچە كۈنگىچە ياشىيالايدۇ. لېكىن ئۇنىڭمۇ ھاياتى كېيىن خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

ئادەتتە غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئىششىق بار ئورۇنغا ئاستا ـ ئاستا توپلىنىشۋالىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت يەرلىك ئورۇنغا توپلىنىپ بولالمىغان بولسا، بۇنى داۋالاش مۇمكىن بولىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت بۇ ئورۇنغا تولۇق توپلىنىپ بولغان بولسا ۋە ئاغرىق باشلانغان بولسا بۇنى داۋالاش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

**ئالامىتى:**

تومۇردا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشىماسلىق بولۇش ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك ئېغىش، بەدەن ياكى نەپەسلىنىش ئەزالىرى ئەتراپىدا قاتتىق ئېچىشىش ۋە ئېغىرلىق، تارتىشىش بولۇش ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا ھوشسىزلىنىش يۈز بېرىش بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك ياللۇغىنىڭ ئالامىتى.

**داۋالاش:**

ئىسسىقتىن بولغان بۇخىل كېسەللىكتە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش ئارقىلىق بىرئاز

قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدى مۇمكىن بولدى. شۇنداقلا بەدەننىڭ تۆۋەنكى مۇچىلەردىكى بىرەر تومۇردىن قان ئېلىش ئارقىلىقمۇ بىمارنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇز، كاپۇر، سەندەل، كۆك يۇمغاقسۈت سۇيى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆكرەككە سۇۋىلىدۇ. مۇز سۇيىگە كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «يۈرەك ئىششىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە تازىلاش لازىم. چۈنكى بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلىت خاراكتېرلىك بولىدۇ. لېكىن سۈرگۈ ئارقىلىق تازىلاشقا بولمايدۇ. پەقەت قان ئېلىش ئارقىلىق تازىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۈرەك ياللۇغىمۇ باشقا ئەزالارنىڭ ياللۇغىغا ئوخشاش قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ باشقا ئەزا ياللۇغلىنىشىنى داۋالاشقا ئوخشاش بولىدۇ.

تۆۋەندە يۈرەك ياللۇغىنىڭ پەيدا بولۇش ئورنىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى بايان قىلىمىز.

### 1. يۈرەك دالانچا ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم اذنى القلب

ئاساسلىق ئالامىتى بىمارنىڭ كۆزلىرى داۋاملىق پارقىراش، چىرايى سارغىيىش، نەپەسلىنىشتە يۆتەلسىز ئېغىرلىق ۋە دەم سىقىلىش بولۇش، يۈرەكنىڭ كېڭىيىش ھەرىكىتىدە ئۈزۈلۈپ قېلىش يۈز بېرىش، بىمار كېرىلەلمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بەزىلەردە بۇ كېسەللىكتە يەڭگىل يۆتەل ۋە ئاغرىشمۇ پەيدا بولىدۇ. يۆتەل ۋە ئاغرىش سەۋەبىدىن ئىششىغان يانىنى بېسىپ يېتىش قىيىن بولىدۇ ۋە بەزىدە يۆتەل تۇتقاقلىق شەكلىدە ياكى تۆت كۈندە بىر تۇتۇش شەكلى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە يۈز بېرىدۇ ۋە كۈندۈزى پېشىن ۋاقتىدىن باشلاپ تۈن يېرىمىغىچە داۋاملىق قىزىتما بولىدۇ.

تومۇر ھەرىكىتى ئىتتىك، ئارقىمۇئارقا، سۈيدۈكى قىزىل ياكى جىگەررەڭ بولىدۇ ۋە بىر ئىككى ئايدىن كېيىن يۆتەلنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز كۆپ قان كېلىدۇ ياكى ئاز - ئازدىن قان كېلىشكە باشلايدۇ ۋە تۇبېركۇليوزنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىدەك ھالەت پەيدا بولىدۇ ۋە ئىشتىھاسىزلىق، ماغدۇرسىزلىق ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

بۇ كېسەللىك كۆپىنچە ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ پەرق شۇكى: ئورۇقلاتقۇچى قىزىتمىدا تومۇر ھەرىكىتى قاتتىق بولۇپ، باشتىن - ئاخىرغىچە سۈيدۈكتە سۇيۇقلۇق بولىدۇ.

دەسلەپتە ئىشتىھاسى كۆپ بولىدۇ، كېيىن تۇتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇ كېسەللىكتە

بۇ ئەھۋال بولمايدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ماددىسى كۆپىنچە سوغۇقتىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتنى نەزەردە تۇتۇپ داۋالاشقا يۈزلەنسە ساقىيىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بىمار كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش:

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا بىمارنى ئارام ئالغۇزۇش، جاپا - مۇشەققەت ۋە ئەمگەكلەردىن خالىي تۇرغۇزۇش، ئۇبدان غىزالاندۇرۇش، يۇمشاتقۇچى ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ سۈيىنى كۆكرەككە سۈۋاش، خۇش پۇراق، يۇمشاتقۇچى ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلارنى زىماد قىلىش، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بىمار ماغدۇرسىز بولغاندا ئىششىقنى تارقىتىشقا قادىر بولالمايدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ: ئىكلىلمەلىكنى چالا سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا سىركە ۋە ئەرقى گۈل بىلەن قايىنىتىپ كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر بىماردا بىرئاز يەڭگىللەش بولسا ۋە ھوشسىزلىنىش ھالەتلىرى تۈگىگەن بولسا، كۆكرەككە گۈل يېغىنى ئىلمان قىلىپ سۈۋىلىدۇ ۋە بۇ ياغ بۇرۇن يولىغا تېمىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بادرەنجى بۇيا، گاۋزىبان ھەربىرى ئۈچ گرام، رەۋەن بىرگرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى بەش گرام، قورۇق شوخلا ياغىچىدىن 18 گرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، 24 گرام شەربىتى ھۇمماز بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قوي گۆشى شورپىسى بىلەن ماش بېرىلىدۇ ۋە ھەر كۈنى 36 گرام خۇش پۇراق تۈرىدىكى ئاق ھاراق ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا غەيرىي تەبئىي خىلىتنى يۇمشىتىش ۋە تارقىتىش ھەم ياللۇغ قايتۇرۇش ئۈچۈن بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، پەرسىياۋشان، بۇغداي كېپەكى، نېلۇپەر ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ، كۆكرەك ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى يۇيۇلىدۇ ۋە بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، زىرە ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ياغىچى، نېلۇپەر ياغىچى قاتارلىق دورىلارنى زەپەر بىلەن قوشۇپ زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىنىدۇ. مۇۋاپىق بولسا ئۇنىڭغا گاۋزىبان ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، كۆك بادرەنجى بۇيا قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن زىماد قىلىنىدۇ.

مائۇللەھمى سادده، ئەرقى ئەنبەر، شەربىتى ئەپسەنتىن، بادرەنجى بۇيا شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋائى مىشكى تەلىخ ۋە داۋائى مىشكى شىرىن ھەر كۈنى 2 ~ 3 قېتىم يېگۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بارلىق تەدبىرلەر بىلەن ئىششىق تارقالمىغان بولسا، يۇمشىتىش ئۈچۈن گۈل بىنەپشە، گۈل گاۋزىبان، يەرلىك شوخلا، بىستىپايەچ توققۇز گرامدىن، چىلان 20 دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام، ئۆرۈك يەتتە دانە قاتارلىق

دورىلارنى ئاخشىمى 500 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل ۋە 250 مىللىلىتىر ئەرقى كەيپۇرىگە چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت، خىيارشەنبەر 84 گرام-دىن، تەرەنجىبىن 60 گرام، بادام يېغىدىن يەتتە گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى بادرەنجى بۇيا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. كەچتە ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن ئۇماچ تەييارلاپ يالەك سېلىپ بېرىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سوۋۇتۇش ئۈچۈن، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىدىن توققۇز گرامغا جاۋاھىر مۇھرى بىر گرام، ئالتۇن ۋاراق بىر دانە قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ كېيىن رۇم بەدىيان، بىستىپايەج، گۈل گاۋزىبان يەتتە گرامدىن، بەدىيان، بادرەنجى بۇيا ھەربىرىنى توققۇز گرامدىن ئېلىپ، قايىنىتىپ سۈزۈپ، بادرەنجى بۇيا شەربىتى، گاۋزىبان شەربىتى 24 گرامدىن، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى تالقىنى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇمشاتقۇچى ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن تەخشەش ئۈچۈن داۋائى مىشكى تەلىخ، ئەرقى دارچىن مۇرەككەپ ئولۇنخان ياكى مائۇللەھمى ھار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يۈرەكنىڭ ئىسسىقتىن مىزاجى بۇزۇلۇشنى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## 2. يۈرەك پەردە ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم غشائی قلب

ئاساسلىق ئالامىتى بىمارنىڭ يۈرىكىدىكى نېپىز پەردە نىرىپلىرى مېڭىنىڭ بارلىق پەردىلىرى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىششىقى ئارقىلىق ھوشسىزلىنىش ياكى بەزىدە تۇيۇقسىز بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىش يۈز بېرىدۇ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى ھوشسىزلىنىش بولۇپ، تومۇر ھەرىكىتىدە سىقىلىش بولىدۇ ۋە بارلىق قۇۋۋەتلەر ئاجىزلاپ بوشىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

داۋالاشتا بۇنىڭغا قارىتا كۆكرەككە سوۋۇتقۇچى، تارقاتقۇچى ۋە ياللۇغ قايتۇرغۇچى تەسىرىگە ئىگە دورىلار، يەنى يۈرەك دالانچە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن دورىلارنى زىماد قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## 3. يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ توشۇپ قېلىشىنى داۋالاش:

علاج امتلاء غشائی قلب

بۇ كېسەللىك يۈرەك قېرىنچىسى مېڭىدىن كەلگەن سۇيۇقلۇق بىلەن توشۇپ كېتىدۇ

ۋە ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا يۇرەك ۋە ئۆپكىنىڭ ئوزۇقلىنىشىدىن ئېشىپ قالغان قويۇق قانىنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن بولىدىغان بىرخىل كېسەللىك بولۇپ، بەزىدە مەزكۇر غەيرىي تەبىئىي قان خىلتى سەۋەبىدىن ئۆپكە ۋە يۇرەك ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلالمايدۇ ۋە يۇرەك قېرىنچىسىغا توپلىنىپ توشۇپ قېلىش پەيدا قىلىدۇ.

ئاساسلىق ئالامىتىنى بۇ كېسەللىكتە نەپەس قىينىلىش، بۇرۇن ئېچىشىش ئالامىتى بولىدۇ. بۇندىن باشقا ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن بولغان بولسا، تومۇر ھەرىكىتى قاتتىق دولقۇنلۇق، ئارقىمۇئارقا بولىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان توشۇپ كېتىش بولسا، تومۇر ھەرىكىتىدە يۇمشاقلىق ۋە ئوخشىماسلىق مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالىشتا ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن بولغان بولسا ئەھۋالغا قاراپ قان ئېلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن مائۇل پەۋاكىھ ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىرتىدىن ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، كاسىنە سۈيى قاتارلىق سوۋۇتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار كۆكرەككە سۇۋىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە چىلان شەربىتى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قاتارلىق دورىلار داۋاملىق ئىشلىتىپ تۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان گۆشى، توخۇ گۆشى، ئېقىن سۇدا ياشايدىغان بېلىق بېشى قاتارلىقلار قورۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك مېڭىدىن چۈشكەن سۇيۇقلۇقنىڭ توشۇپ قېلىشىدىن بولغان بولسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە ھەببى ئايارەجلەر ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە تەرياق ۋە داۋائى مىشكى قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتىدىن مۇرمەككى، سەبرە، قەلەمپۇر، مەستىكى، سۇمبۇل قاتارلىق دورىلار كۆكرەككە سۇۋىلىدۇ. كىندىكىنى مۇجۇش ۋە پاچاقلارنى باغلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قورۇلغان كاۋا، قۇشقاچ گۆشى بېرىلىدۇ ۋە كۇندۇر، مەستىكىنى چايناپ يۇرۇشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ كېسەللىكتە ھەرخىل مېۋىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## يەتتىنچى پەسىل يۇرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى

## ضغط القلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك جىگەردىن يۇرەككە ئاز مىقداردا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى ياكى

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ يۈتكىلىشى سەۋەبىدىن بولغان ئوفۇنەتلىنىش ۋە قەۋزىيەتلىك بولىدۇ. بۇ كېسەللىكتە بىمار ئۆزىدە يۈرىكىنى سىققاندەك قاتتىق ئاغرىش سېزىمى بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن يەڭگىل ھوشسىزلىنىش ۋە ئېغىزدىن كۆپلەپ شۆلگەي ئېقىش ئەھۋالى بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ھوشسىزلىنىشنىڭ ئېغىر ياكى ئاجىز بولۇشى غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئۆتكۈر - يەڭگىللىكىگە باغلىق بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئانچە خەتەرلىك ئەمەس.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىككە قارىتا تازىلاشتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ياكى مائۇلجەبىن سىركەنجىۋىل ئەفتىمۇنى، ھەببى لاجۇۋەرد، سۇفۇپى لاجۇۋەرد، ھەببى غارىقۇن، مەتبۇخى ئەفتىمۇن تۇربۇتى قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇپەررىھى ھار ۋە تەرياقى كەبىر ئىشلىتىلىدۇ ۋە جىگەرنىڭ مىزاجىنى تەڭشىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇلى يۈرەك ئاجىزلىق، يېمەكلىكلەردىن ئۆرلىگەن بۇزۇق گازلار، قورساق كۆپۈش ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۈرەك مۇسكۇل تىقلىمىسى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. يەنى داۋائى مىشكى، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە قاتارلىق دورىلارغا سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ۋە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل يۈرەك سويۇلغاندەك ئاغرىش

## تقشر القلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشتىن ياكى مېڭىدىن ئاشقازانغا چۈشكەن نەزلىدىن پەيدا بولۇپ، بىماردا يۈرىكى سويۇلغاندەك سېزىم بولىدىغان ۋە ئاغرىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەزىدە ھوشسىزلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار ھوشسىزلانغاندا ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشتىن بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى بىلەن تازىلىنىدۇ

ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇپەررىھە ياقۇت، ئامىلە نۆئىلنۆى لۆئىلۇۋى، ئەرقى سەندەل، خەشخاش شەربىتى قاتارلىق خۇش پۇراق، يۈرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ساپ قان پەيدا قىلىدىغان سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر ۋە سەپرا خىلتىنىڭ هارارىتىنى تۆۋەنلىتىدىغان چۈچۈمەل يېمەكلىكلەر بېرىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىك مېڭىدىن ئاشقازانغا چۈشكەن نەزلىدىن بولغان بولسا، ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

## توققۇزىنچى پەسىل يۈرەك سىقىلىش

## قذف القلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك مىزاجىنىڭ ئۆتكۈر ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن يۈز بېرىپ، بىمارنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالاندەك ياكى سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سىقىلىش سېزىمى بولىدىغان بىرخىل كېسەللىك.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە يۈرەكنىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى يۈز بەرگەندە يۈرەك سىقىلىشتىن باشقا بىمارنىڭ چىرايىنىڭ رەڭگى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن خىلتقا مۇۋاپىق هالدا ئۆزگىرىدۇ. مىزاج بۇزۇلۇش غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا سەپرانىڭ ئالامەتلىرى، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بولسا قاننىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىككە قارىتا ئوڭ قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرەكنىڭ سويۇلغاندەك ئاغرىشىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ ۋە سەندەل شەربىتى 36 گرام، ئەرقى گۈل، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى بىدمىشكى سادده هەربىرىدىن 60 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە زىخ، سۇماق، ئىسپىغۇل كېپىكى قاتارلىق دورىلار سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا پالەك بىلەن گۈرۈچ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىپ 5 ~ 6 كۈندىن كېيىن ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولسا، تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى هېلىلە بىلەن مەتبۇخى ئەپىنۇلا بېرىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولسا تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى شاهتەررە،

پەۋاكىھى ئولۇغخان بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يۈرەك مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن مۇپەررەھ بارىد بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى باھار ۋە مۇناسىۋەت-لىك شەربەتلەر داۋاملىق بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، سۈت ئېمىۋاتقان پاقلان مېڭىسى، قىزىتما بولمىسا گاۋزىبان، بادرەنجبۇيىغا ئوخشاش خۇش پۇراق شەربەت-لەر بېرىلىدۇ.

## ئونىنچى پەسىل  يۈرەكنىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش
## احتواء الرطوبة على القلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا كۆپلەپ سۇيۇقلۇقنىڭ توپلىنىشىۋېلىشى ۋە بۇ سۇيۇقلۇق يۈرەكنى قاپلاپ تۇرغۇچى پەردىلەرنىڭ ئاستىدا توختاپ قېلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولۇپ، يۈرەكتە تارتىشىش بولۇپ، يۈرەك سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىنىدىغان، يۈرەك ھەرىكىتىدە تارتىشىش خاراكتېرلىك ئىختىلاج بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى تېۋىپلار بۇ كېسەللىكنى يۈرەك رېتىمسىزلىقى (خەفەقان) قاتارىدا ھېسابلىغان.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە بىمار ناھايىتى ئېغىر - بېسىق بولۇپ، بىمار ھېچقانداق نەرسىگە ئاچچىقلانمايدۇ ۋە ناھايىتى ئىرادىسىز بولىدۇ.

**داۋالاش:**

دەسلەپتە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى ئايارەجلەر ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا سۇمبۇل تىپ، زەپەر، قىزىلگۈل قاتارلىقلار بادرەنجى بۇيا سۈيى بىلەن ياكى باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى كۆكرەككە سۇۋاش، ئېغىر ئەمگەككە ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا سېلىش، ھۆللۈك يەتكۈزىدىغان يېمەكلىكلەرنى چەكلەش، سۇ ۋە مېۋىلەرنى ئاز بېرىش، دورا - دەرمەكلەر بىلەن قورۇلغان يېمەكلىكلەر ۋە قۇشلارنىڭ گۆشلىرىنى بېرىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى جاۋارىشلار ۋە مەجۇناتلارنى ئىشلىتىش، داۋائى مىشكى ھار ۋە داۋائى مىشكى شىرىن مۇپەررىھ ياقۇتى بېرىش، قەي قىلدۇرۇش، بىمارنى ئاچ قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «ھۆللۈك بەك كۆپ بولسا كۈچلۈك ئىسسىقلىق دورىلار بىلەن قۇرۇ-تۇپ، يۈرەكنىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىشنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، يۈرەكتە تولۇق كېڭە-

يىش بولمايدۇ، نەپەسلىنىشتە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ قۇۋۋەت ئاجىز بولىدۇ، بىرىنـ-چى خىل ھالەتتە ئاچچىقى يامان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇخىل ھالەتتە داۋالاشتا ئالدى بىلەن كۆكرەككە يۇمشاتقۇچى قىيرۇتىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوقالغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە يۈرەك كۈچلەندۈرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

## ئون بىرىنچى پەسىل بۇخاراتلاردىن بولغان يۈرەك تۇمانلىشىش

## علة دخانية القلب

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولۇپ، بىمارنىڭ يۈركى ئۈستىگە تارتىۋاتقاندەك ياكى بوشلۇق ئىچىدە قالغاندەك سېزىم بولىدىغان كېسەلـ-لىك بولۇپ، بۇ يۈرەك تۇمانلىشىش (دۇخانىيەتى قەلب) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ يۈركى ئۈستىگە تارتىۋاتقاندەك ياكى بىر بوشلۇق ئىچىدە قالغاندەك سېزىم بولۇپ، كۆپىنچە ھوشسىزلىنىش يۈز بېرىدۇ ۋە زېھنى بۇزۇلۇش، قول - پۇت كۆكرەك ۋە تال ئەتراپىدا ئېچىشىش بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يۈرەك رېتىمسىزلىقى قاتارلىق ھەرخىل ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ۋە مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مائۇلجەبىن بېرىلىدۇ. مۇمكىن بولسا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاشتىن بۇرۇن باسلىق ياكى سابىت تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاشتىن كېيىن تەڭشەش ئۈچۈن ئامىلە نۇشدارى لۆئلۆئى ئۇلۇغخان ئەرقى شىر بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن خىلتلار ئىسلاھ قىلىنىدۇ.

## ئون ئىككىنچى پەسىل يۈرەكنىڭ ئاستىغا تارتىلىشى

## جذب القلب

**سەۋەبى:**

بۇ ئاساسلىقى جىگەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جىگەردە غەيرىي تەبىئىي بۇزۇق

خىلتلارنىڭ توپلىنىشىۋىلىشىدىن جىگەردە تارقىتىش ۋە چىڭقىلىش بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى يۈرەكتە پەيدا بولۇپ، بىماردا يۈرىكى ئاستى تەرەپكە تارتىۋاتقاندەك سېزىم بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بەزىدە ھوشسىزلىنىش بولىدۇ.

داۋالاش:

ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەك، جىگەرنى كۈچلەندۈرگۈچى خۇش پۇراق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. سىرتىدىن مۇناسىۋەتلىك زىمادلار سۈۋىلىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە قايغۇنىڭ يۈرەككە بولغان تەسىرى

## حالتكه غضب وغم وفرح بهم رسد

سەۋەبى:

بەزى كىشىلەر قاتتىق ئاچچىقلىنىش ياكى بەك خۇشال بولۇش سەۋەبىدىن ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئادەتتە بۇ ئەھۋاللارنىڭ تەسىرى بىۋاستە يۈرەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم غەم - قايغۇ ياكى خۇشاللىقنىڭ نورمالدىن ئارتۇق بولۇشى بىلەن ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ بۇرۇندىن چوقۇم يۈرەك ئاجىزلىقى بولغان بولىدۇ ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر كېسەللىك.

داۋالاش:

غەم - قايغۇ ۋە ئاچچىقلىنىشنى داۋالاشتا، خۇشاللاندۇرۇش، تەسەللى بېرىش، غەمگە گىرىپتار قىلغۇچى ياكى ئاچچىقلىنىشقا سەۋەبچى بولغان ئىشنى يوقىتىش، بىمارنى ئارام ئالدۇرۇش قاتارلىق روھىي داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىقنى داۋالاشتا يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب    ئاشقازان كېسەللىكلىرى
## امراض معده

## بىرىنچى پەسىل    ئاشقازان كېسەللىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە
## ذكر وجوه استدلال بر امراض معده

ئادەتتە ئاشقازاندا خىلتسىز ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق يەككە ھالەتتە ۋە قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق، ھۆل سوغۇق مۇرەككەپ ھالەتتە مىزاج بۇزۇلۇش ياكى خىلتلىق غەيرىي تەبىئىي مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى يۈز بېرىدۇ.

بەزىدە ئىششىق ۋە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزىدە ئاشقازاندا يېرىلىش يۈز بەرگەن سەۋەبتىن بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

بەزىدە ئاشقازاننىڭ قانتومۇر ۋە توقۇلمىلىرى بوشاپ كېتىدۇ. بەزىدە ماددىلار قويۇ- لۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن توسالغۇ پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە ئاشقازاندا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن تۇغما ئاشقازان كېسەللىكلىرى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازاننىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى ياكى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بەزىدە ئاشقازان تۈتىچىلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى پەيدا بولۇش ياكى ئاشقازاندىن جىگەر ۋە تال تەرەپكە ئۆتىشىدىغان كانالچىلاردا توسالغۇ بولۇش، مەسىلەن: جىگەر كانالچىلىرىدا توسالغۇ بولسا ھەرخىل ئىششىق يۈز بېرىدۇ. تال كانالچىلىرىدا توسالغۇ بولسا ئىشتىها تۇتۇلىدۇ.

بەزىدە يېمەكلىكلەر ئاشقازان ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئاشقازاندا يەل ۋە كۆپۈشۈش پەيدا قىلىدۇ. ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبلىرى: بۇ بەزىدە تاشقى سەۋەبتىن بولىدۇ، بەزىدە ئىچكى سەۋەبتىن بولىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان مىزاجى غەيرىي تەبىئىي خىلتتىن بۇزۇلغان بولسا خىلت ئاشقازان- نىڭ ئۆز ئىچىگە تارقاپ كەتكەن بولىدۇ ياكى ئاشقازاننىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ بوشلۇقىدا توپلىشىپ قالغان بولىدۇ.

ئاشقازاندا مىزاج بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلغۇچى خىلت بەزىدە ئاشقازاننىڭ ئۆزىدىكى غەيرىي تەبىئىي خىلتلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

بەزىدە باشقا ئەزالاردىن ئاشقازانغا كەلگەن غەيرىي تەبىئىي خىلتلار ئاشقازانغا تەسىر

قىلىش ئاستىدا ئاشقازاندا مىزاج بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەگەر تۇزلۇق ۋە ئۆتكۈر غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازان توقۇلما ھۈجەيرىلىرىدە ئۇزاق تۇرۇپ تەسىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاشقازاندا يارا پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتى ئاشقازاندا تۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاشقازاندا يۇمشاقلىق پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ خىلىت ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ باش تەرىپىگىچە يېتىپ كېلىدۇ. ئاشقازان تەرەپكە غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ چۈشۈشىدىن ئاشقازان ئاجىزلايدۇ.

ئاشقازان خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى: ئىشتىھا پەيدا قىلغۇچى چۈمۈرۈش كۈچى (قۇۋۋىتى جازىبە) تەسىرىدىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈچ ئاجىزلاپ كەتسە ئىشتىھا پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ ياكى ئىشتىھا بۇزۇلىدۇ ھەمدە ئاشقازان خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى تۇتۇپ تۇرغۇچى كۈچ (قۇۋۋىتى ماسىكە)تە سۇسلىشىش بولۇشتىن يۈز بېرىدۇ. يەنى بۇ قۇۋۋەت تەسىرىدىن ئوزۇقلۇقلارنىڭ چىرىشى، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشى ۋە بۇزۇلۇشى كېلىپ چىقىدۇ.

شۇنداقلا ئاشقازان خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ئىتتىرىپ چىقارغۇچى كۈچ (قۇۋۋىتى دافىئە)نىڭ بولۇشىدىن يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلۇق ئاشقازاندا ئۇزۇن توختاپ قېلىپ بۇزۇق گاز پەيدا بولۇپ، خىلتلارنىڭ قالايمىقانلىشىشى يۈز بېرىدۇ.

ئۇندىن باشقا يۇقىرىقى قۇۋۋەتلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۈچەي، جىگەر قاتارلىق ھەزىم ئەزالىرىدا ئوزۇقلۇقلارنىڭ ئاشقازاندا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىش، ئوزۇقلۇقلارنىڭ ئاشقازاندىن ئۈچەي تەرەپكە ناھايىتى تەس ياكى ناھايىتى تېز چۈشۈپ كېتىشى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەزىمنىڭ يوقىلىشى، ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىت ئىشتىھا بولۇپ قېلىش، كالا ئىشتىھا بولۇپ قېلىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ ۋە قورساق كورىكىراش، ئىسىلىش، ئاچچىق كېكىرىش، چوقۇلۇش، ئېچىشىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ.

بەزىدە ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشىدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەزالارمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن مېڭە كۆپرەك تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە ئاشقازان سۇسلىشىش سەۋەبىدىن تۇتقاقلىق كېسەل، تارتىشىش، مالىخۇلىيا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا كۆپىنچە يۈرەك كېسەللىكلىرىمۇ ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئاشقازان كېسىلىدە ئاغرىش سەۋەبىدىن ھوشسىزلىنىش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر خىلىت ھوشسىزلىنىش بولغۇدەك دەرىجىدە كۆپ بولمىسا تىترەش ۋە جۇغۇلداش پەيدا بولىدۇ.

**كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىقلاش:**

ئىبنىسىنا تۆۋەندىكى ئامىللار ئارقىلىق بۇ كېسەللىكنى ئېنىقلاش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن:

يېمەكلىكلەرنى سىڭدۈرۈش ياكى سىڭدۈرەلمەسلىك ئەھۋالى.

تاماقنىڭ ياخشى ھەزىم بولۇش ياكى يېنىپ كېتىش ئەھۋالى.

يېمەك ـ ئىچمەككە بولغان ئىنتىلىش ئەھۋالى.

ئاشقازان ھەرىكىتى ۋە بىئارام بولۇش ھالىتى.

ئېغىز ۋە تىلنىڭ تەمى، قۇرۇق ھۆللۈكى، يىرىك ۋە سىلىقلىقى.

قەي ۋە چوڭ تەرەت ئارقىلىق چىققان نەرسىلەر، ئاستى تەرەپكە يۈرۈشكەن يەللەر، ئۈستى تەرەپكە يۈرۈشكەن يەللەرنىڭ ئەھۋالى يەنى كېكىرىش، قورساق كوركىراش قاتارلىقلار.

ئاشقازان ئاغرىش ئەھۋالى.

يېمەك ـ ئىچمەك دورىلارنىڭ مۇۋاپىق كېلىشى ياكى كەلمەسلىكى.

ئاشقازان سېزىمى

باشقا ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھۋاللار ئارقىلىق ئېنىقلاش لازىم.

ئاشقازاننىڭ تاماقنى سىڭدۈرۈش ياكى سىڭدۈرەلمەسلىكنى ئېنىقلاشتا: ئەگەر ئاشقازان تاماقنى سىڭدۈرەلمىسە، بۇ ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان تاماقنى ياخشى سىڭدۈرسە، بۇ، ئاشقازاننىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەزىم قىلىش يولى ئارقىلىق ئېنىقلاشتا: ئەگەر ئاشقازاندا ئېغىرلىق، كوركىراش، قورساق كۆپۈش، سېسىق كېكىرىش، بۇزۇق گاز پەيدا بولۇش، ھېق تۇتۇش، تارتىشىش (ئىختىلاج)، چىڭقىلىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولمىسا ۋە ئوزۇقلۇق ئاشقازاندا نورمال مۇددەتكىچە توختاپ تۇرسا، ئۇيقۇ كېلىش، ئويغاقلىق ھالەتلىرىدە ئاغرىش ۋە ئېغىرلىق بولمىسا، چوڭ ـ كىچىك تەرەت نورمال بولسا، بۇ ھەزىمنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاننىڭ يېمەكلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى ياخشى بولماي كوركىراش ۋە سېسىق كېكىرىش پەيدا بولغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرۇپ قالىدۇ ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاشقازاندا ئىششىق ۋە يارا بولمىسا ئۇنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇخىل ئەھۋال ئىسسىق ياكى قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئىشتىھانىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى ئېنىقلاش: ئىشتىھانىڭ ئاز، كۆپ بولۇشى ياكى تۇتۇلۇشى، ئۇسسۇزلۇقنىڭ كۆپ بولۇشى، سوغۇق يېمەكلىكلەرنى خالاش، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەرنى خالاش، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى، تۇزلۇق، ئۆتكۈر تەملىك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى خالاش قاتارلىقلار ئاشقازان ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەگەر سېغىز، توپا ۋە كۆمۈر قاتارلىقلارنى يېيىشنى ياقتۇرۇش ئەھۋالى بولسا بۇ،

ئاشقازاندا بۇزۇق خىلتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ياغلىق يېمەكلىكلەرنى خالاپ قالسا بۇ ئاشقازاندا قەۋزىيەتلىك ۋە قويۇقلۇق مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى يېيىشنى خالاپ قالسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ ئىسسىقلىقى ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى خالاپ قالسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چۈچۈمەل، ئۆتكۈر تەملىك ۋە پارچىلىغۇچى يېمەكلىكلەرنى خالاپ قالسا، بۇ، ئاشقازاندا شىلىمشىق ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاشقازان ھەرىكىتى ۋە ھېق تۇتۇپ ئەھۋالى ئارقىلىق ئېنىقلاش: ئەگەر ئاشقازاندا ئېچىشىش ۋە چوقۇلۇش بولسا، ئاشقازاندا چۈچۈمەل ياكى ئاچچىق خىلتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر چىڭقىلىش مەۋجۇت بولسا، يەلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ھېق تۇتۇش كۆپ بولسا ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمىسا، بۇ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ھېق تۇتۇش تازىلاش ياكى قىزىتمىلاردىن يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالىنى ئېغىز ۋە تىلنىڭ ئەھۋالى ئارقىلىق ئېنىقلاش: ئاشقازان ئاغرىش بىلەن بىرگە تىل ناھايىتى يىرىك ۋە قىزىل بولسا، بۇ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى ياكى قان خاراكتېرلىك ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئىششىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر تىل سېرىققا مايىل بولسا، بۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر قارىغا مايىل بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر ئاق، يۇمشاق بولسا ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۆلگەينىڭ كۆپ بولۇشى ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. ئېغىزنىڭ قۇرۇق بولۇشى ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

قەي قىلىش ئەھۋالىدىن ئاشقازان ئەھۋالىنى ئېنىقلاش: ئەگەر پەقەت كۆڭۈل ئاينىشلا بولۇپ، ھېچ نەرسە چىقمىسا، بۇ، بىئارام قىلغۇچى خىلتنىڭ ئاشقازان ئىچىدە تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قەي قىلغاندا قىينىلىش بولمىسا ۋە مائۇلھەسەل، مائۇلشكەر قاتارلىق توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئاسانلا قەي قىلىپ قۇسۇش بولسا، بۇ ئاشقازانغا بۇزۇق خىلتنىڭ توپلىنىشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قەيدىن كېيىنمۇ كۆڭۈل ئاينىش توختىمىسا، بۇ خىلتنىڭ ئاشقازان گەۋدىسىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە سۈمۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ياكى خىلتنىڭ بىر قىسمى چىقىپ

كېتىپ، بىر قىسمى قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇندىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ كېتىش ۋە ئاشقازاننىڭ تېگىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئېچىشىش ۋە چوقۇلۇش پەيدا قىلغان بولسىمۇ، كۆڭۈل ئايىنىش بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزىدە تاماقتىن كېيىن قەي ئارقىلىق خىلىتلارنىڭ چىقىشى ئاسان، تاماقتىن ئىلگىرى قىيىن بولىدۇ.

ئەگەر كۆڭۈل ئايىنىش ۋە قەي قىلىش تۇتقاقلىق شەكلىدە يۈز بەرگەن بولسا، بۇ، يۆتكىلىش شەكلىدە ماددىنىڭ توپلىنىشۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئايىنىش داۋاملىق كۆرۈلسە، بۇ، ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ ئارقىمۇئارقا پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىرەر نەرسە چىققان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ماددىنىڭ تۈرىنى ئېنىقلاشقا ۋە رەڭگىگە قاراپ ھەرخىل خىلىتلارنى تەكشۈرۈشكە بولىدۇ.

ئەگەر تاماقتىن كېيىن ھەرىكەت قىلسا قەي قىلىش كېلىۋاتقاندەك سېزىم بولسا، بۇ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ھۆللۈك بولغانلىقىنى ياكى ئاشقازان ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى: ھۆللۈكتىن بولغىنىدا قورساق ئاچ ياكى توق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇخىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. ئاشقازان ئاجىزلىقىدا پەقەت قورساق توق ۋاقىتتىلا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

ھۆللۈكتىن بولغان قەي بىلەن بىئارام قىلغۇچى سۇيۇقلۇقنىڭ بىر قىسمى چىقىپ كېتىدۇ. ئاشقازان ئاجىزلىقىدا پەقەت يېمەكلىكلا چىقىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالى چوڭ تەرەت ئارقىلىق ئېنىقلاش: چوڭ تەرەتنىڭ قىيامى، مىقدارى، پۇرىقى، نورمال بولسا، بۇ، ھەزىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاشقازاننىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چوڭ تەرەت بىلەن تولۇق ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەر چىقسا، بۇ، ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

چوڭ تەرەتنىڭ رەڭگى ئاشقازاندا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن خىلىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر چوڭ تەرەت يۇمشاق ۋە كۆپ بولسا، بۇ، يېمەكلىكلەرنىڭ ئاشقازاندا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ۋە ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چوڭ تەرەتتە يۇمشاقلىق بولمىسا، بۇ، ھەزىم قىلغۇچى كۈچنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر چوڭ تەرەت بىلەن بىرگە بەك كۆپ ئاۋاز كەلسە، بۇ، خىلىتنىڭ قويۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاۋاز ئىتتىرىپ چىقارغۇچى كۈچ (قۇۋۋىتى دافىئە) نىڭ سەۋەبىدىن بولسا،

بۇ، قۇۋۋەتنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر چوڭ تەرەت يۇمشاق ۋە سۇيۇق بولۇپ، تەرەتتە ئاۋاز بولمىسا، ئىتتىرىپ چىقارغۇچى كۈچىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

چوڭ تەرەتتە پۇراقنىڭ كۆپ بولۇشى ھەزىم بۇزۇلغانلىقىنى، پۇراقنىڭ ئاز بولۇشى ھەزىمنىڭ ياخشىلىقىنى، سېسىق پۇراقنىڭ پۈتۈنلەي يوق بولۇشى خىلتنىڭ خام ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالىنى كېكىرىك ئارقىلىق ئېنىقلاش: كېكىرىش بەزىدە چۇچۇمەل بولىدۇ، بەزىدە گازلىق سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ، بەزىدە بېلىقنىڭ پۇرىقىدەك بولىدۇ، بۇلار كېسەللىكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

ئەگەر كېكىرىش بىلەن بۇزۇق گاز چىقسا، ئۇنىڭ سەۋەبى بۇزۇق گاز پەيدا قىلغۇچى بىرەر يېمەك - ئىچمەك يېگەنلىكتىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ تەركىبلىرىنىڭ تېزدىن گازغا ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ياكى گاز پەيدا بولمايدىغان تەركىبلەردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن گاز شەكلى پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى ئاشقازاننىڭ قىزىقلىقىدىن بولغان بولۇپ، خىلتسىز ياكى خىلتلىق ئىسسىقتىن بولغان بولىدۇ.

سېسىق پۇراقلىق كېكىرىش، زېھنى تۇتۇلۇشقا ئوخشاش ئاشقازاننىڭ چىرىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بېلىقنىڭ پۇرىقىدەك ياكى لاۋا پۇراق بولۇش ئاشقازاندا چىرىگەن ھۆللۈكنىڭ ئالامىتى. يېمەكلىكلەرنىڭ ئاشقازاندا ھارارەت تەسىرىدىن چېرىگەنلىكىنى ھەم ئۆتكۈر ھارارەتنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر كېكىرىشتە گاز ۋە چۇچۇمەللىك بولمىسا، بىراق تاماق يېگەندىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىنمۇ كېكىرىشتە تاماقنىڭ تەمى مەلۇم بولسا، بۇ، ئاشقازان ئاجىزلىقىنىڭ ۋە يېمەكلىكلەرنى ياخشى ھەزىم قىلىشقا قادىر بولالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالىنى چىرايىنىڭ رەڭگى، ھالىتىدىن ئېنىقلاش: ئەگەر بىمارنىڭ چىرايى قوغۇشۇن رەڭلىك، يەنى ئاقۇچ مايىل كۆكۈش بولسا، بۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالىنى ئاشقازاننىڭ ئاغرىش ئەھۋالىدىن ئېنىقلاش: ئەگەر ئاشقازاندا چىڭقىلىپ ئاغرىش بولسا، بۇ، كۆپىنچە يەلدىن بولغان ئاغرىق ياكى ئاز ساندا ئۇزۇۋقلۇقنىڭ بەك توشۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان ئاغرىق بولغان بولىدۇ.

بۇ ئىككىسىدىكى پەرق: يەلدىن بولغان ئاغرىق سەل يەڭگىلرەك بولۇپ، ئاغرىق ئورنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇقلۇقنىڭ بەك توشۇپ كېتىشىدىن بولغان ئاغرىقتا ئاغرىش بىلەن بىرگە ئېغىرلىق ۋە سانجىلىش بولىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالى ئاشقازاننىڭ سېزىمى ئارقىلىق ئېنىقلاش: بىمارنىڭ ئاشقازىنىدا مىزاج بۇزۇلغانلىقتەك سېزىم بىلەن بىرگە ئېغىرلىق بولسا، بۇ، خىلتلىق مىزاج

بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئېغىرلىق بولمىسا، بۇ، خىلتسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئېغىرلىق بىلەن ئېچىشىش ۋە چوقۇلۇش بولمىسا ياكى تومۇر ھەرىكىتى تۆۋەن، قول ـ پۇتى سوغۇق بولسا، بۇ، ئاشقازاندا قان ئۇيۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئېغىرلىق بولۇپ چوقۇلۇش ۋە تومۇر ھەرىكىتىدە تۆۋەنلەش بولمىسا، بۇ، ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ توپلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭدا ئېغىرلىق يەڭگىلرەك بولسا، بۇ، ئاشقازاندا سۇيۇق بەلغەم ياكى ئاز مىقداردا شىلىمشىق بەلغەم بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئېغىرلىق بىلەن چوقۇلۇش بىرگە كەلگەن بولۇپ ياللۇغلىنىش ۋە ئېچىشىش ئەھۋاللىرى بولمىسا، بۇ، ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ توپلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چوقۇلۇپ ئاغرىش بىلەن ياللۇغلىنىش ۋە ئېچىشىش بولسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا ئېغىز ئاچچىق بولىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئەھۋالى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە دورىلارنىڭ مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكى ئارقىلىق ئېنىقلاش: ئەگەر سوغۇق يېمەكلىكلەرنى يېگەندە كۆڭلى ئېچىلسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ ئىسسىقلىقىنى، ئەگەر ئىسسىق يېمەكلىكلەر مۇۋاپىق كەلسە، بۇ ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقىنى، ئەگەر قۇرۇق يېمەكلىكلەر مۇۋاپىق كەلسە، بۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى، ئەگەر ھۆل يېمەكلىكلەر مۇۋاپىق كەلسە، ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىراق بۇ ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلاش ناھايىتى دىققەت قىلىش، بۇ ئەھۋاللارغا قاراپلا ھۆكۈم قىلماستىن ئۇنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىغىمۇ قاراش لازىم.

**تەكشۈرۈش:**

مىزاج بۇزۇلۇش، يەل ۋە ئۇزۇقلۇقنىڭ چىرىشىدىن پەيدا بولغان ئاشقازان كېسەللىكى سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

يەنى بۇنىڭدا ئاشقازاننىڭ يەڭگىل بولۇشى ياكى ئېغىر بولۇشى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر ئېغىرلىق يەڭگىل بولسا، بۇ، خىلتسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى، ئەگەر ئېغىرلىق ئېغىر بولسا، بۇ، خىلتلىق مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىمارغا بىرەر ياخشى يېمەكلىك يېگۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلغاندا يېمەكلىك بىلەن كېسەللىك خىلتى چىققان بولسا، بۇ، خىلتلىق مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى، ئەگەر يېمەكلىكلا چىقسا، بۇ، خىلتسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈيدۈك تەكشۈرۈلىدۇ. يەنى: سۈيدۈك دۇغ ۋە قويۇق بولسا، بۇ خىلتلىق مىزاج بۇزۇلغانلىقى، سۇيۇق، سۈزۈك بولسا، بۇ، خىلتسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇسسۇزلۇق ئەھۋالى ۋە ھەزىمنىڭ ياخشى، ناچارلىقى سوراپ تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۆپ، ھەزىم كۈچلۈك بولسا بۇ خىلتسىز مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇزۇق گازلىق ياكى بۇخاراتلىق كېكىرىش، سوغۇق يېمەكلىكلەر پايدا قىلىش ۋە ئاشقازاندا سىڭىشلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار سوراپ تەكشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر قويۇق ۋە سوغۇق يېمەكلىكلەر نورمال ھەزىم بولۇپ، ئېغىزى قۇرۇق بولسا ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلسا، بۇ، ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار بىلەن بىرگە ئېغىز تەمى ئاچچىق بولۇش، داۋاملىق كۆڭۈل ئايىنىپ تۇرۇش، چوڭ تەرەتتى ئۆت سۇيۇقلۇقى ئارىلاش كېلىش، سۈيدۈكى سېرىق بولۇش، ئۆتكۈر دەرىجىدە سېسىق پۇراقلىق كېكىرىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر بىماردا ئۇسساش ۋە ئېغىز قۇرۇش بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بەدىنى ئاجىز، قەۋزىيەتلىك ئالامەتلىرى ھەم ھۆل ۋە مايلىق يېمەكلىكلەردىن راھەتلىنىش ھېس قىلىش ئالامىتى بولسا، بۇ، قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە ئىشتىھاسى كۆپ بولۇش، ھەزىم ئاجىزلىشىش، قورساق كۆپۈش، تولا خىيال قىلىش، ياۋايىلىق، بۇزۇق خىياللارنى كۆپ قىلىش، ئاشقازان ئېچىشىش، چىرايى قارىغا مايىل سېرىق بولۇش، سۈيدۈكى قويۇق قارىغا مايىل بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى ئاستا، كىچىك، ئارقىمۇئارقا بولۇش، تال چوڭىيىپ قېلىش، ئاچچىق قەي بولۇش، قورساق پەردىلىرى تارتىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇقى ئاز بولۇش، ھەزىم ئاجىز بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل سېرىق بولۇش، چوڭ تەرەت يۇمشاق بولۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە قورساق كۆپۈش بىلەن بىرگە ئۆتكۈر ئىسسىق يېمەكلىكلەردىن راھەتلىنىش، ئىشتىھا كۆپ بولۇپ، ئاچچىق كېكىرىش، ئادەتتىكى يەڭگىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلسىمۇ ھەزىم بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ ماددىسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئىشتىھا تۇتۇلۇش ۋە ئۆتكۈرلۈكى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرگە مايىلراق بولۇپ، بۇنداق يېمەكلىكلەرنى يېگەندە قورساق كۆپۈش، تارتىشىش، كۆڭۈل ئايىنىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرسە ۋە كېكىرىش بىلەن راھەتلىنىش ھېس قىلىش، سېسىق كېكىرىش، شۆلگەي كۆپ، چىرايىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇش، بەدىنى ئورۇق، سۈيدۈكى ئاققا مايىل بولۇش، تومۇر ھەرىكىتى ئاستا، يۇمشاق بولۇش، قەي قىلىش ئالامەتلىرى

بولسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى خاراكتېرلىك مىزاج بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمار ھۆل ۋە مايلىق يېمەكلىكلەردىن بىزار بولۇش، سوغۇق سۇ، ھۆل مېۋە ۋە سوغۇق كۆكتاتلاردىن يىرگىنىش، قۇرۇق يېمەكلىكلەرگە ئامراق بولۇش، ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولۇش، كۆڭۈل ئاينىش، يېمەكلىكلەر ئاشقازاندىن تېز چۈشۈپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

ئەگەر سوغۇقلۇق ئالامەتلىرى ئاشقازان، بېقىن، قوۋۇرغا ئەگمىلىرىدە چىڭقىلىش بولسا، بۇ، ئاشقازاننىڭ يەلدىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قوۋۇرغا ئەگمىلىرىدە چىڭقىلىش بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆڭۈل ئايىنىش، ئاشقازان ئېچىشىش، چوڭ تەرەتتە سېسىق پۇراق كېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ، ھەزىم بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئىككىلا خىل ئالامىتى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرسە بۇ مۇرەككەپ ھالدىكى مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامىتى.

**داۋالاش:**

ئاشقازاننىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى بىراقلا يېيىشتىن ساقلىنىش؛

تەس سىڭىدىغان، ئىشتىھانى بۇزىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىش؛

ئەتىگەن ناشتىدا ھاراق، سۇ، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن ساقلىنىش؛

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى مېۋىلەرنى خام (توك) ھالەتتە يېيىشتىن ساقلىنىش؛

نورمال بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە قورساقنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك.

ئاشقازاننىڭ مىزاجىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك قائىدىگە رىئايە قىلىش كېرەك.

1. ئاشقازاندا بوشىشىش ئەھۋالى كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. دورا ئىستېمال قىلدۇرۇشتا ئامىلگە ئوخشاش چۈچۈمەل ۋە قابىز خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئاشقازاننىڭ سىلىقلىقىنى يوقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، پارچىلىغۇچى، تارقاتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار قوللىنىلىدۇ.

3. ئاشقازاندا ئىشتىھا پەيدا قىلغۇچى، قۇۋۋەتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە لىمون، قىچا، ئاچچىقسۇ قاتارلىق چۈچۈمەل، ئۆتكۈر ۋە تۇزلۇق دورىلار، يېمەكلىكلەر تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

4. ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى يوقىتىش ئۈچۈن زەنجىۋىلگە ئوخشاش ھۆللۈكتىكى قۇرۇتقۇچى دورىلار قوللىنىلىدۇ.

5. ئاشقازاندىكى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

سەبزىگە ئوخشاش دورىلار.

6. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: زەپەر.

7. ئاشقازاننىڭ تەبىئىي هارارىتىنى ساقلاپ قالغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: مەستىكى. ئادەتتە ئاشقازاننىڭ هۆل مىزاج بۇزۇلۇشى ياكى قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنى داۋالاش بىرقەدەر قىيىن. ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشىنى داۋالاش بىرقەدەر ئاسان.

ئەگەر ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش خىلتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولمىسا ئايارەجلەر بېرىلسە بولىدۇ. چۈنكى ئايارەجلەر ئوخشىمىغان خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، بىراق ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتا ئايارەجلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ چۈنكى، ئايارەجلەر قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشقا زىيان قىلىدۇ.

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشقا بولسا ئايارەجلەردىنمۇ كۈچلۈكرەك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئاشقازاندىن بىرەر مەخسۇس غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا باشقا ئەزالاردىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ چۈشۈش خەترى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي خىلتنىڭ چۈشۈشىنى چەكلەش لازىم.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت سوغۇق بولسا تازىلاشتىن كېيىن مەستىكى، قۇرسى ۋەرد سەغىر، قۇرۇق پىننە، ئۇدخام، قەلەمپۇر قاتارلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلت ئىسسىق بولسا، هەرخىل دورا قىيامىلىرى، قۇرسى قىزىلگۈل، قۇرسى تاباشىر قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك قۇرسلار ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا شەربىتى خەشخاش ئىشلىتىلىدۇ. قول ـ پۇتنى باغلاپ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ۋە جىگەردە قاتتىقلىق ۋە ئاجىزلىق بولسا، ئوزۇقلۇق ۋە دورا شەكلىدە ئارپا سۈيى ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مىقدارى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئاشقازاننى تازىلاشتا ئەڭ ياخشىسى بىر قېتىمدىلا تازىلىغان ياخشى، ئەمما بىر قېتىمدىلا تازىلانمىسا قايتا ـ قايتا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاشقازاننى تازىلاشتا كېسەللىك سەۋەبى مەيلى ئىسسىقتىن بولسۇن، مەيلى سوغۇقتىن بولسۇن، ئەڭ ياخشىسى سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر، دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئاشقازان كېسەللىكىدە سۈرگە ئۈچۈن سەبرە ۋە ئەپسەنتىن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا تاتلىق ئۈزۈم ئاشقازان كېسىلىگە ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان ھارارەت تەرەپكە مايىل بولسا ئۇسۇڭ ۋە شاھتەررە بېرىلىدۇ.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەستىكى، قىزىل گۈل ئون گىرامدىن، كەھرىۋا، پىننە، مەرۋايىت، ئۇدخام يەتتە گىرامدىن قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلاپ، شاراپ ياكى مۇسەللەس بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئادەتتە ئاشقازان كېسەللىكىدە بىرەر چەكلىمە بولمىسا قەي قىلدۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، قەي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۇرۇپ ۋە بېلىق ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بولسا سىركەنجۇبىل بىلەن قايناق سۇ ئىچكۈزۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بىراق بىرنەچچە قېتىم ئارقىمۇئارقا قەي قىلدۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت كېرەكسىز ماددىلارنى ئاشقازان تەرەپكە ئىتتىرىپ قەي قىلىش ئادەت بولۇپ قالىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكىنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا قابىز، ئاچچىق، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، ئېچىشتۇرۇش پەيدا قىلمايدىغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. ئەمما قىزىتمىلىق كېسەللەردە قابىز يېمەكلىكلەر، دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە قابىز يېمەكلىكلەر، دورىلار ئاشقازاندا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىپ غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ چىقىپ كېتىشىنى توسۇپ قويىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ تولۇق پىششىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېلىلىگە ئوخشاش قابىز دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، توخۇ تاشلىقىنىڭ پوستى ئاشقازان كېسەللىكى ئۈچۈن پايدىلىق. جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قېلىش ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئاز قىلىش ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە سېسىق كېكىرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاشقازان كېسەللىكىنى داۋالاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

ئاشقازان كېسەللىكىدە قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بەك تويۇپ تاماق يېگەندە بەدەننى سەمرىتىۋېتىدۇ ۋە يېمەكلىكلەر ئوبدان ھەزىم بولمايدۇ.

كېرەكسىز ماددا ۋە يەللەرنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى بۇنىڭدا يەل ئاشقازان تەرەپكە قايتىپ بۇنىڭ بىلەن ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. ۋە بەزىدە يەللەردىن، ئاشقازان توسۇلۇپ قالىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەل ئاشقازاندا توختاپ قېلىش سەۋەبىدىن بۇخاراتلار مېڭە تەرەپكە ئۆرلەپ بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.

تەمى ئاچچىق ئەمما قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان يېمەكلىكلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكىگە قارىتا ھېچقانداق ياغ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى ياغلار ئاشقازاندا بوشىشىش پەيدا قىلىپ قويىدۇ، بىراق زەيتۇن يېغى، پىستە يېغى، گۈل يېغى قاتارلىقلارنىڭ زىيىنى بىرقەدەر تۆۋەنرەك بولىدۇ.

ئۈندىن باشقا ھۇمماز، نۇقۇت، پۇرچاق، سىركە، ئاچچىقسۇ ۋە چىلغوزا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ئاشقازان ئۈچۈن زىيانلىق.

چامغۇر، ياڭيۇ، قەنت چامغۇرى قاتارلىقلارنى ئوبدان پىشۇرۇپ بەرمىسىمۇ ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

تاتلىق يېمەكلىكلەر، كۇنجۇت، ھەسەل، قوغۇن قاتارلىقلارمۇ ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

سۈت، ھەسەل، قوغۇن، ھايۋاناتلارنىڭ مېڭىسى، بۆرەكى، بېلىق قاتارلىق يېمەكلەر بەك زىيانلىق، بۇندىن باشقا ھەرخىل سۈرگۈ دورىلىرى ئاشقازانغا زىيانلىق ھەم ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن، بەك كۆچلۈك قەي قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئاشقازانغا لوڭقا قويۇش ۋە زۇلۇك قۇرتى قويۇش ئارقىلىق قان ئېلىشقا ۋە بېھى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىغا ئوخشاش مۆتىدىل ۋە لوئابلىق دورىلارنى ئىشلىتىش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن زىيانلىق.

بۇ بابتا ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز بۇزۇلۇشى، ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتلىق بۇزۇلۇشى، يەلدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى، ئاشقازان ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بوۋاقلاردىكى ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەزىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، ھەزىم يوقىلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش، خولېرا، ئىشتىھا ئاجىزلاش ۋە تۇتۇلۇش، يات نەرسىلەرنى يېيىش، ئىت ئىشتىھا كېسىلى، كالا ئىشتىھا كېسىلى، ئاچلىقتىن بولغان ھوشسىزلىنىش، ئۇسسۇزلۇق كېسىلى، ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى، ئاشقازان يارىسى ۋە مۇدۇر چاقىلىرى، ئاشقازان كۆيۈش ۋە كوركىراش، ئاچچىق كېكىرىش، ئەسنەش ۋە كېرىلىش، قەي قىلىش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قان قەي قىلىش، ئاشقازاندا قان ياكى سۈت ئۇيۇپ قېلىش، ھېق تۇتۇش، ئاشقازان خىزمىتى قالايمىقانلىشىش، ئاشقازان ئارامسىزلىنىش، ئاشقازان قوزغىلىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىش، ئاشقازان كۆيۈشۈش، ئاشقازان قىچىشىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ئاشقازان يىغىۋېلىش، ئاشقازان قېتىپ قېلىش، ئاشقازان كېچىكلەپ كېتىش، ئاشقازان زەخىملىنىش، ئاشقازان تېشىلىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەر بايان قىلىنىدۇ.

# ئىككىنچى پەسىل ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتىسىز بۇزۇلۇشى
## سوء مزاج معده ساذج

ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتىسىز بۇزۇلۇشى ئاشقازاننىڭ مىزاجىدا خىلتىسىز بۇزۇلۇش بىلەن بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆپىنچە ئاشقازاننىڭ باشقا كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتىسىز بۇزۇلۇشىنى داۋالاش سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك سەككىز خىل بولىدۇ:

### 1. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:
علاج سوء مزاج معده حار ساذج

ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇشتا ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، سېسىق كېكىرىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئىت ئىشتىھاسى، ھەددىدىن ئارتۇق ئۇسسۇزلۇق، ھېق تۇتۇپ قېلىش، يۈرەك ئاغرىقى (ۋەجئۇل قەلب) قاتارلىق ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى خىلتىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، سۇماق پوستى ۋە زىغىرنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركەنجۇبىل ۋە ئانار سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن قىزىلگۈلنىڭ سېرىقى، تاباشىر، سۇماق، سىركە قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ: ئاچچىق ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى 24 گىرامدىن، ئەرقى نېلۇپەر، ئەرقى بىدە سادىدە، ئەرقى كاسىنە ھەربىرى 60 مىللىلىتر قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن ئاچچىق قاپاق، سېمىز ئوت، كۆك يۇمغاقسۈت 24 گىرامدىن، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەلدىن 18 گىرامدىن ئېلىپ زىماد تەييارلاپ ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋىلىدۇ.

قۇرۇق يۇمغاقسۈت، كاسىنە ئۇرۇقى ئالتە گىرامدىن، قىزىلگۈل، سېرىق ھېلىلە، مەستىكى 14 گىرامدىن، فۇپەل، ئاق سەندەل، گۈل بىنەپشە، رۇببىسۇس ئون گىرامدىن قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پىننە ۋە لىمون سۈيىگە ئۈچ قېتىم چىلاپ، قەنت بىلەن مەجۇن تەييارلاپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ.

تاباشىر، ئۇد ھىندى، قىزىلگۈل، ئامىلە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئالما قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ھارارەتنى تەڭشەش ئۈچۈن زىرىق، ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانارلار، تەمرى ھىندى، ئالما، بېھى، ئاپېلسىن، ھۆمماز ياغىچى، سۆماق، ئامىلە، ھېلىلە، سەندەل، تاباشىر، كاپۇر، ئانارگۈلى، يۇمغاقسۈت، كاسىنە، يەرلىك شوخلا، سېمىزئوت ئۇرۇقى، نامازشامگۈل ئۇرۇقى، ئانار ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئەرقى گۈل، ئارپا سۈيى، غورا سۈيى، سىركە، قېتىق، ئائورراغىب، قېتىق قاتارلىق دورىلار تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

بۇنىڭدا ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، ئەرقى گۈل، گۈل بىنەپشە قاتارلىق دورىلارنى سىرتىدىن ۋە ئىچىدىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا ساپ ھالەتتىكى تۇزسىز قېتىق سۇزمىسى، پالەك، ئوبدان پىشقان شاپتۇل، ئۇجمە، قاپاق قاتارلىقلارمۇ ھارارەتنى تەڭشەش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش پەقەت ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئاشقازاندا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە توشۇپ قېلىشى قاتارلىقلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

تازىلاشتىن كېيىن ئۇزۇقلاندۇرۇشتا: سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر تاللاپ ئىشلە-تىلىدۇ.

تەبرى مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتا مۇھىمى جىگەرنىڭ تەبىئىي مىزاجى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىدۇ. چۈنكى جىگەر مىزاجى بۇزۇلغان بولسا ئاشقازان مىزاجىنىڭ ياخشى بولۇشى ناھايىتى قىيىن.

ئاشقازانغا سوغۇق تەبىئەتلىك زىمادلارنى سۇۋاشتا قورساق پەردىلىرىگە ۋە جىگەرگە سوغۇقلۇق يېتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

ئەگەر سوغۇق ئۆتۈپ قالغان بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈ-لىدۇ ۋە زىماد توختىتىلىپ پەقەت ئىچىملىكلا بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كېلىپ چىققان بولسا، ناخۇش ئانار سۈيى، ئالما شەربىتى، رۇببى بېھى قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە قىزىلگۈل، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى ئون گرامدىن، تاباشىر، ئاق سەندەل، گىل ئەرمىنى يەتتە گرامدىن، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، زىرىق، قۇرۇق يۇمغاقسۈت توققۇز گرامدىن، كاپۇر ئىككى گرام، ئۇدخامدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىشلىتىلىدۇ.

ھارارەتنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ قۇرسى تاباشىر ياكى قۇرسى كافۇر قېتىق سۇزمىسى، ئالما شەربىتى، چۈچۈك ئاپېلسىن سۈيى، رۇببى دىئابىت، رۇببى بېھى ئانار سۈيى قاتارلىقلارنىڭ بىرى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۈدۈلىغا سېمىزئوت سۈيى، ھەمىشىباھار سۈ-يى، كاسىنە سۈيى، ئوسۇڭ سۈيى، كۆك يۇمغاقسۈت سۈيى، قىزىلگۈل سىقىلمىسى سۈيى ياكى قىزىل چوغلۇق سۈيى ھۆل يۇمغاقسۈت، سەندەل، قىزىلگۈل، كاپۇر قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردىن ئېلىپ، سىركە بىلەن زىماد تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ. (ساھىب كامىل)

## 2. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

*علاج سوء مزاج معده بارد ساذج*

خىلتسىز سوغۇقتىن ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتا ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلا-ش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئىت ئىشتىھاسى، كالا ئىشتىھاسى، ئاشقازان كۆپۈش، كېكىرىش، ھېق تۇتۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ.

خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشقا قارىتا مەستىكى، ئاپېلسىن پوستىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتى-لىدۇ.

سىرتىدىن مەستىكى، سۇمبۇل تىب، ئۈد ھىندى، پوستى تۇرۇنجى، سىركە، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

شۇنداقلا پىششىق دورىلاردىن جاۋارىش كۇمۇنى، داۋائى مىشكى، جاۋارىش ئۈد، جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش دارچىن، زەنجىۋىل مۇراببىاسى، ئاپېلسىن مۇراببىاسى، ئېگىر مۇراببىاسى، گۈلقەنت، مەجۇنى پەنجنۇش قاتارلىقلار. جەدۋار ئىككى گرام، دارچىن، قەلەمپۇر، بەدىيان، لاچىندانە، مەستىكىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى 250 مىللىلىتر سۇ بىلەن قاينىتىپ، تۆتتىن بىر ھەسسىسىچىلىك قالغاندا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

سۇمبۇل تىب، دارچىن، ئۈد ھىندى، سەبرە، ئەپسەنتىن يەتتە گرامدىن، زەپەر ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلار ھاراق ياكى بېھى سۈيى بىلەن كۆكرەككە سۈۋىلىدۇ.

ھەببى بىلسان، ئۈد بىلسان، ھەببى بىلسان راسەن، دۇرنەج ئەقرەبى، قەيسۇم، خولىنجان، پىننە، سەكپىنەج، جىنتىيانا، قەلەمپۇر، ئۇستۇددۇس، پوستى بىخ كەبىر، دارچىن، سۇمبۇل ھىندى، بەدىيان، رۇم بەدىيان، بەسباسە، زەنجىۋىل قاتارلىق دورىلار-دىن مۇۋاپىق پىششىق دورا تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

نارمىشكى، زەرنەپ، تۇرۇنجى ياغىچى، بىلسان يېغى، جوز، ئاسارۇن، دارچىن، سۆئتەر قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ بېرىلىدۇ ۋە مەجۇنى پەنجنۇش ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھەرقانداق يېمەكلىككە قىچا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە بولىدۇ. ئۇندىن

باشقا توخۇ، كەپتەر، كەكلىك گۆشلىرى ياكى باشقا خىلدىكى گۆشلەرنى دارچىن، قەلەمەپۇر، خولىنجان، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، زىرە قاتارلىق دورىلار بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل مىزاج يەڭگىلرەك بولسا زىرە ۋە جۇۋەنەنىڭ قاينىتىلمىلىرى بىلەن تەركىبىگە ئەپسەنتىن ۋە دارچىن چۈشكەن قۇرسى ۋەرد ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇش ئېغىر بولسا، هارارىتى كۈچلۈك بولغان جاۋارىش پىلاپى، تەرياق، جاۋارىش كۇمۇنى، داۋائى مىشكى مور، مەجۇنى ئىستەمخىقۇن، جاۋارىش كۇندۇر قاتارلىق دورىلار سۇمبۇل تىپ، مەستىكى، ئىزخىر قاتارلىق دورىلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا يېمەكلىكلەرگە ھىڭ، پىلپىل، سامساق قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا قول - پۇت قىزىتىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى قول - پۇتنى قىزىتىش ئارقىلىق ئاشقازان تېز ئىسسىيدۇ.

ئەگەر ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن بولسا، قۇرسى ۋەردنى سوقۇپ، گۇلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، كېيىن ئەرقى گۇل بىلەن مەستىكى ياغىچى ياكى قەلەمپۇر ياكى رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پۈتۈن ئاشقازاننى قاپلاپ بولغان بولسا، مۇۋاپىق مەجۇناتلار بىلەن بىرگە مائۇلھەسەل ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان مىزاجى سوغۇق، مېڭە، جىگەر، يۈرەكنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ئاشقازان ئۈچۈن ئىسسىق دورىلارنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن هارارەتنى پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە مېڭىنى كۈچلەندۈرۈشنى كۆپرەك ئويلىنىش لازىم.

### 3. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج معده رطب ساذج

بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇشتىن ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئەگەر بىپەرۋالىق قىلىنسا ئىششىق (ئىستىسقا) يۈز بېرىدۇ.

مىزاج تەڭشەش ئۈچۈن، ئىترىفىل سەغىر، قۇرسى ۋەرد ياكى بەلىلە مۇرابباسىغا بىرئاز مەستىكى تالقىنى قوشۇپ، ئەرقى گۇل، شەربىتى ئاس ياكى شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە قۇرۇق يۇمغاقسۇت، سۇماق، قىزىلگۈل سېرىقى، ئانار گۈلى، ئەرقى گۇل قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەستىكى تالقىنى بىلەن گۇلقەنت ئارىلاش-

تۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. تازىلاش ئۇچۇن ئاچچىقتاۋۇز بېرىش لازىم.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە تۆۋەندىكى دورىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ: قىزىلگۈل، رۇم بەدىيان، زىرە، كونا شاراپ ياكى غولجاڭ، پىننە ياكى ھەسەل گۈلقەنتى ياكى ئەپسەنتىن بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا پولات داغمال سۈيى ياكى بەدىيان ياكى خۇپسىل ھەدىد ئىشلىتىلىدۇ. ئاپىلسىن ياغىچى، ئامىلە، زورەنبات، نامازشامگۈل ياغىچى، ھەببۇلئاس، جۇۋنە، خولىنجان، رەۋەن، ھۇماما، ھاشا، قۇرۇق مىئە، ئىگىر، كەھرىۋا، ئاسارۇن قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە قىچا، كۇندۇر ئىچىدىن ياكى سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ، ئەتىگەن ناشتىدا تۇز بىلەن لىمون ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەللىكتە بەدەندە توشۇپ كېتىش بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئۇچۇن غارىقۇن بەش گرام، تۇز ئىككى گرام، ئايارەج پەيقارا يەتتە گرام، جاۋاشىر، سەكپىنەچ، پەرپىيۇن بىر گرامدىن، ھېلىلە كابىلى بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان بەش گرامدىن مىقداردا ئېلىپ دورىلارنىڭ شاراپتا ئېرىيدىغانلىرىنى ئېرىتىپ، قالغانلىرىنى سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ ئون گرام ئېلىپ، توشۇپ كېتىش يوقالغانغا قەدەر ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ مەجۇن ئادەتتە ياشانغانلارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بەدەندە توشۇپ كېتىش بىلەن بىرگە بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىز بولسا، جۇۋنە، كەھرىبا، رۇم بەدىيان، زىرە، سۆئتەر ئۈچ گرامدىن، قارا ھېلىلە، ھېلىلە كابىلى يەتتە گرامدىن، مەستىكى ئون گرام، نەمەك ھىندى ئىككى گرام، سەبرى قاتارلىق بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاپىلسىن بەرگى سۈيى بىلەن كۇمىلاچ تەييارلاپ، ئەتىگەن ناشتىدىن ئىلگىرى بەش گرام، ناشتىدىن كېيىن ئىككى گرام، ئاخشىمى 1.5 گرام بېرىلىدۇ. بەدەن ۋە ئاشقازاننى تازىلىغاندىن كېيىن ھەر كۈنى 18 گرام گۈلقەنت بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا سىرتىدىن مۇرمەككى، سەبرە، زەپەر، مەستىكى، سۇمبۇل، فۇپەل، ناردىن، كەرەپشە ئۇرۇقىدىن ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى موم ۋە ناردىن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، داكىغا سۇۋاپ كۆكرەككە چاپلىنىدۇ ياكى ناردىن يېغى، مەستىكى يېغى، قۇستە ياغلىرى يالغۇز ھالەتتە كۆكرەككە سۇۋىلىدۇ.

### 4. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج معده يابس ساذج

بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشتا ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش،

سېسىق كېكىرىش، ھېق تۇتۇش، ئاشقازان يىغىلىپ قېلىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا كالا سۈتى، بادام يېغى، بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، پالەك، قاپاق قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ياكى ئېشەك سۈتى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى، نىلۇپەر شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى قاتارلىق دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن ئاق موم، بىنەپشە يېغى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلاردىن قىيرۇتى تەييارلاپ سۈۋىلىدۇ ياكى باشقا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلار يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئارپا سۈيى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇش مۇستەھكەملىشىپ قالغان بولسا، ئومۇمىي بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئىبنى ئىلياس «ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئون گرام نىلۇپەر، 36 گرام قەنت بىلەن گۈلاب تەييارلاپ بېرىش ياكى 120 گرام تاۋۇز سۈيى ئىچكۈزۈش ۋە ياكى سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن قەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئېغىرلاشقانلىقتىن بولسا ئۇنىڭغا ئورۇقلاتقۇچى قەزىتمىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا پۈتۈن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ. بىراق مۇنچىغا چۈشۈرگەندە ھۆللۈكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

ئەگەر بۇخارات بولمىسا ئېشەك سۈتى، ئۆچكە سۈتى، ئايال كىشىنىڭ سۈتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئادەتتە قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا كۆپرەك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزىدە قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن داۋالاشتا يۇقىرىقى ئىككىسىنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاشنىڭ دەسلىپىدە ھەرگىز تازىلىماسلىق لازىم. بەلكى ئالدى بىلەن خىلتنى پىشۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەر، دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن زۆرۈر بولسا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش تەدبىرلىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر مىزاج ئىسسىق بولسا دەسلىپىدە ئارپا سۈيى، ئېشەك سۈتى ۋە مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە ۋە پاقلان گۆشىنىڭ شورپىلىرى بېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن ئاچچىق ئانار، ئالما قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئارپا سۈيى بېرىشنىڭ ئۇسۇلى: ئارپا سۈيىنى قايناتقاندا ئۇنىڭغا سەرپىستان ئارىلاشتۇ-رۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە گۈلاب، خەشخاش شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى بېرىلىدۇ.

ئېشەك سۈتى ئىچكۈزۈش: بۇنىڭدا ئېشەكنىڭ سۈتى ئېلىشتىن بۇرۇن ئېشەككە كاسىنە ۋە قىزىل چۇغلۇق بېرىلىدۇ. ئەگەر باھار پەسلى بولسا سۆگەت شېخى ۋە چىلانغان ئارپا بېرىلىدۇ.

مائۇلجەبىن تەييارلاشتا: ئۆچكىگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يىلتىزلارنى يېگۈزۈپ ئاندىن سۈتى ئېلىنىدۇ. بۇ سۈتتىن 750 گرام ئېلىپ، سۈس ئوتتا قاينىتىپ، قويۇلۇشقا باشلىغاندا ئۇنىڭغا ئارپا بىلەن ياسالغان سىركەنجۇبىلدىن 74 گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتىن ئېلىپ، سۈت قويۇلۇپ سۇدىن ئايرىلغاندا سۈزۈپ، سۈيىگە تۇز سېپىپ، يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش پۈتۈن بەدەندە ئومۇميۈزلۈك يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ئادەتتە ئىككى خىل سەۋەبتىن بولىدۇ:

بىرى قۇرۇق ئىسسىق يېمەكلىكلەرنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىق تەسىرى بىلەن پۈتۈن بەدەندە قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

يەنە بىرى تۇغما ئاجىزلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ماددىسى قۇرۇق بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىقتىن ئۆزگەرگەن بولسا قۇرۇق سوغۇق يېمەكلىكلەر، دورىلار زىيان قىلمايدۇ. لېكىن قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر، دورىلار زىيان قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ ماددىسى تۇغما شەكىلدە قۇرۇق بولمىسا بەلكى مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئۆزگەرگەن بولسا، بۇنىڭغا قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر، دورىلار زىيان قىلماستىن بەلكى قۇرۇق سوغۇق نەرسىلەر زىيان قىلىدۇ.

ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى خاراكتېرلىك بولسا ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى تۇغما خاراكتېرلىك بولمىسا، ئۇنى داۋالاشتا يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

ئۇندىن باشقا ئاچچىق بادام يېغى ۋە بىرئاز ھاراق بىلەن مائۇلئۇسۇلمۇ ئىشلىتىلىدۇ. خەيرى يېغى، سەۋسەن يېغى، يەسمەن يېغى قاتارلىقلاردىن كلىزما تەييارلاپ كلىزما قىلدۇرۇلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان گۆشى، ماش بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

### 5. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج معده حار رطب ساذج

بۇنىڭغا قارىتا ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش تەدبىرلى-رى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا قۇرسى ۋەرد بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈش بولسا ئىتىرد-
ىللار بىلەن ھېلىلە مۇراباسى قاتارلىقلارنى مەستىكى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.
ئەگەر بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇش خىلتلىق بولسا، ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز
ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. 5 .0 گرام
مەستىكى، 36 گرام سىركەنجۇبىل سادده ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، كەكلىك گۆشلىرى، بادام مېغىزى، زىرىق، ئانار ئۇرۇقى
بىلەن پىشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.
ئەگەر ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ھۆللۈك بىلەن بولسا سىركەنجۇبىل، ئىسسىق
سۇ ۋە تۇرۇپ سۈيى قاتارلىقلار ياكى تۇرۇپ ئۇرۇقى قايىنتىلمىسى بىلەن قەي قىلدۇرۇل-
دۇ ۋە ھەركۈنى ئەتىگەندە 36 گرام شېكەر گۈلقەنتى، 36 گرام سىركەنجۇبىل سادده،
36 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئۇندىن باشقا سۇماق سۈيى پايدىلىق.

**6. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشنى داۋالاش:**

*علاج سوء مزاج معده حاريابس ساذج*

بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشتا ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش
قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. داۋالاشتا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە سوۋۇتۇشقا تىرىشىش لازىم.
بۇنىڭ ئۈچۈن سۈت، ئارپا سۈيى، ئارپا ئۇنى، بادام يېغى، شېكەر ھالۋىسى، بېلىق ۋە
كىچىك قۇشلارنىڭ گۆشلىرى بېرىلىدۇ.
سىرتىدىن ئاشقازانغا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى زىمادلار، قىيرۇتىلار سۈۋىلىدۇ. ئەگەر
ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن قۇرۇقلۇق بولسا ئەرقى گۈل، بادام يېغى، ئېشەك
سۈتى بېرىلىدۇ ۋە بەدەنگە بىنەپشە يېغى سۈۋىلىدۇ.
ئۇندىن باشقا ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى
قوللىنىلىدۇ.
ئاشقازاننىڭ خىلتسىز قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدا ئاساسەن خىلتسىز
ھۆللۈكتىن ھەم ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.
بىراق بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشقا قارىتا خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشقا قارىغاندا
كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش بىلەن بىرگە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكىمۇ مەلۇم تەدبىرلەر
قوللىنىلىدۇ. يەنى: سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن نىلۇپەر شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، ئەرقى گۈل، سېمىزئوت سۈيى، ئۇسۇڭ سۈيى،
كاسىنە سۈيى، سۆگەت شېخى سۈيى، قاپاق پوستى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ،
دورىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئاشقازاننى سوۋۇتۇش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئارپا سۈيى، تاتلىق بادام يېغى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى يېغى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ئۇنىڭغا ئەينۇلا شەربىتى ۋە تەمرى ھىندى سۈيى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېمەكلىككە ئەينۇلا، غۇرا، ئانار قاتارلىقلاردىن بىرەرسى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

گىلانىخان ساھىب «بۇ كېسەللىككە قارىتا (تەرياقى ھىندە) ناھايىتى پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

### 7. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج معده بارد رطب ساذج

بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشتا ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە سېسىق كېكىرىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. داۋالاشتا قۇرۇق ئىسسىق جاۋارىشلاردىن جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش مەستىكى بېرىپ، كېيىن رۇم بەدىيان ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سىرتىدىن قۇستە يېغى، ناردىن يېغى، زەنبەق يېغى ياغلار يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، كەكلىك گۆشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش قۇرۇق ئىسسىق يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا ماددەتۇلھاياتنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى ياخشى.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن غەيرىي تەبىئىي خىلت مەۋجۇت بولسا، ئۇنى تازىلاشتا ئاشقازاننى تازىلاش ۋە داۋالاش تەدبىرلىرى باياندا سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر خىلتلىق بولمىسا ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئاچچىق، چۇچۇمەل، قابىز يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق يېمەكلىكلەر قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ھەم ئاچچىقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا ئەپسەنتىننىڭ ئۆزى ياكى مۇرەككەپ دورىلىرى، شۇنداقلا بېھى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى پايدىلىق. بۇ كېسەللىككە قارىتا سىرتىدىن ھۇماما، قەسبۇزەرىرە، سۇمبۇل، سازەج ھىندى، لادەن، مۇقەل، سەۋسەن يىلتىزى، بىلسان يېغى، ھەببى بىلسان، قاتارلىق دورىلار بىلەن زىماد تەييارلاپ بېرىلىدۇ ياكى مەستىكى يېغى، زەيتۇن يېغى، ناردىن يېغى، بېھى يېغى قاتارلىق دورىلاردىن قىيرۇتى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بۇ زىمادلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىسا، زەپەر، سۇمبۇل، مەستىكى، بىلسان يېغى ھەربىرى ئىككى ھەسسە، ھەسەل ئالتە ھەسسە، مۇرمەككى ئالتە ھەسسە، سەمغى ئەرەبى ئۈچ ھەسسە، پەرپىيۇندىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق دەپ قارالسا بۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## 8. ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

*علاج سوء مزاج معده بارد يابس ساذج*

بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشتا ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاش سەل قىيىنراق بولۇپ، داۋالاشتا ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈكتە نورمال بولغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. يەنى: ئارپا سۈيى بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل ياكى سۈت بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلدۇرۇ-لىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىكتە بىمارنىڭ يېشىغا قاراپ گاۋزىبان شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى، زۇپا شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن مەستىكى يېغى، ناردىن يېغى ۋە موم قاتارلىق دورىلارنىڭ قىيىرۇتىسى يەرلىك ئورۇنغا سۈۋىلىدۇ ۋە سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش-نى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئەھۋالغا قاراپ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە سوغۇقلۇق تەدبىرى قۇرۇقلۇق بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى قىزد-تىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارلا ئىشلىتىلىدۇ ۋە تارقى-تىش ياكى قابىز خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلاردىن ساقلىنىش لازىم.

ئۇندىن باشقا كۈچلۈك خىلدىكى قىزىتقۇچىلاردىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئاستا ـ ئاستا قىزىتىش ۋە قىزىتىش جەريانىدا ھۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەك.

بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئەگەر ھۆللۈك ئاز بولمىغان بولسا ھاراق، ئارپا سۈيى، سۈت قاتارلىقلار ئازراق ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

سىرتىدىن يەرلىك ئورۇنغا مەستىكى، ناردىن يېغى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ سۈۋىلىدۇ. سوغۇقلۇق بەك كۆپ بولسا ياغ سۈۋاشمۇ پايدىلىق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللى-نىلىدۇ: بادرەنجى بۇيا بىلەن چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ئارىلاش-تۇرۇپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا يەڭگىل خىلىدىكى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى گۆشلەردىن: چۈجە گۆشى، كەكلىك گۆشى، پاقلان گۆشى، بادام مېغىزى، زاراڭزا مېغىزى ۋە نوقۇت قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

سىرتىدىن ئاشقازانغا ھۆل ئىسسىق يەتكۈزۈلىدىغان ياغلار ياكى خام قايماق بىلەن سېرىق ياغ سۈۋىلىدۇ ھەمدە ئامىلە مۇراببىاسى ۋە مۇۋاپىق تۈردىكى ئىترىفىللار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەرقى گاۋزىبان ياكى ئەرقى بەديان بىلەن رەيھان ھارىقى بېرىلىدۇ. شەربىتى مەيپۇختە بېرىلىدۇ. مەجۇنى ئىبنى سەييارە داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇ دورىنىڭ بارلىق تەركىبلىرى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ھەمدە بۇ دورا نورمال خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشقازاننى قىزىتىپ قاننىڭ ھۆللۈكىنى كۆپەيتىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل ئاشقازان مىزاجىنىڭ خىلتلىق بۇزۇلۇشى

### سوء مزاج معده مادی

بۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن ئاشقازاندا مىزاج بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك.

**تەكشۈرۈش:**

ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكى بولۇپ، ئۇنى ئېنىقلاشتا تۆۋەندىكىلەرنى ئېنىقلاش ۋە دىققەت قىلىش كېرەك: خىلتنىڭ تۈرى. خىلتنىڭ مىقدارى. خىلتنىڭ قىيامى. خىلتنىڭ شەكلى. ئەزانىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى. ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتى (كۇچلۇكمۇ، ئاجىزمۇ) ۋە توختاش ئەھۋالى. خىلتنىڭ ھەرىكەت تەرتىپى. ئەزالارنىڭ غەيرىي تەبىئىي خىلتنى چىقىرىپ تاشلاشقا لايىق بولغان ھالىتى. قۇۋۋەت، مىزاج، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئالامەتلەر. كېسەل بولغان پەسىل، بىمار تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋە كەسپى قاتارلىق ئەھۋاللار.

ئۇندىن باشقا خىلتنىڭ خىزمەت مەركىزى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى ۋە ئۇنىڭ غەيرىي تەبىئىي ھالەتكە ئۆزگىرىش تەرتىپى قاتارلىقلار ئېنىقلىنىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بۇخىل كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي خىلت ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە بولسا، سەۋەبكە قارىتا غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئاشقازانغا چۈشۈۋاتقان خىلت مېڭە، قىزىلئۆڭگەچ، جىگەر ياكى تال قاتارلىق

ئەزالاردىن كەلگەن بولسا، شۇ ئەزاغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئاشقازان كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئاشقازاننى كۈچلەندۈرمىگەندە ئاشقازان بۇ ئەزالاردىن كەلگەن غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئادەتتە مېڭىدىن ئاشقازانغا چۈشكەن خىلىت كۆپىنچە سوۋۇق بەلغەم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىتا ئاقمۇچ ۋە سەبرە قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ ۋە ئايارەج پەيقارا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى ئايارەج پەيقارا تەركىبىدە كۈچلۈك تارقاتقۇچى ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار بار.

ئاشقازاندا جىگەردىن كەلگۈچى خىلىت كۆپىنچە سەپرا خىلىتى بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا تەبىئەتنى يۇمشىتىش ۋە سوۋۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتلىرىنى تازىلاش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مائۇلجەبىن، ھېلىلە، سوقمۇنىيا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت تالدىن كەلگەن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا ئىت ئىشتىھاسى كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

بەزىدە ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆتكۈر خىلىتنىڭ ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا چۈشكەنلىكى-دىن ھوشسىزلىنىش ۋە تارتىشىش پەيدا بولىدۇ ۋە تومۇر ھەرىكىتى توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بۇخىل كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە يەرلىك ئورۇنغا خۇش پۇراق ۋە قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۇۋالمىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت كۆپ بولۇپ، ئاشقازان ئىچى ياكى ئاشقازا-نىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىنراق بولسا، ئۇنى قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت كۆپ بولمىسا ۋە باشقا ئەزالاردىن چۈشكەن بولسا، بۇنى تازىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق سۈرگۈ بېرىلىدۇ.

ئەگەر سوۋۇق خىلىت ئاشقازان گەۋدىسىگە تارقاپ كەتكەن بولسا، سەبرە ياكى ئايارەج-لەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئىشتىھا تۇتۇلۇپ قالغان بولسا ياكى كۆڭۈل ئايىنىش بولسا، ئايارەج تەركىبىدىكى زەپەر ئورنىغا قىزىلگۈل ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ياللۇغلى-نىش ۋە ئېچىشتۇرغۇچى ھارارەت بولسا ئايارەج ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا توسالغۇ تەسىرىدىنمۇ كېسەللىك يۈز بېرىدىغان بولسا، مەسى-لەن: تالدىن ئاشقازان تەرەپكە كەلگەن كانالچىلار ياكى ئاشقازاندىن جىگەر تەرەپكە كەلگەن كانالچىلاردا بولسا ئايارەج ۋە ئەپسەنتىن قاتارلىق توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ئىشلىتى-لىدۇ.

ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار تەسىرىدىن بۇزۇلۇشىنى خىلىت ئېتى-بارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاشنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىمىز.

### 1. ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي ـ تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج معده صفراوی

بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇشتا تۆۋەندىكىدەك كېسەللەر پەيدا بولىدۇ. يەنى: ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، كالا ئىشتىھا كېسىلى (بۇئىل بەقەر)، قورساق كۆپۈش، كۆڭۈل ئايىنىش، قەي قىلىش، ھېق تۇتۇش، كېكىرىش، ئاشقازان بىئارام بولۇش، ئاشقازان تارتىشىش قاتارلىقلار.

بۇخىل مىزاج بۇزۇلۇشقا قارىتا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل ياكى ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن سۇماق پوستى ۋە زىرىق پوستىغا ئوخشاش ئاشقازانىنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن سۈرگۈ بېرىشكە توغرا كەلسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ياكى ئەينۇلا، سېرىق ھېلىلە، خىيارشەنبەر، ئەپسەنتىن شەربىتى قاتارلىقلار ۋە ياكى مەتبۇخى ھېلىلىگە مۇۋاپىق مىقداردا سوقمۇنىيا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاشتىن كېيىن خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاش بابىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر مىزاج تەڭشەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، زىرىق قاتارلىق دورىلار-نىڭ چىلانىلىرى بېرىلىدۇ ياكى 12 گرام ئىترىفىل كەشنىز، مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركەنجىۋىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەينۇلا ياكى زىرىق چىلانىسى، تەمرى ھىندى شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نان بىلەن پالەك سېمىزئوت، چېچەك سەي سىركە بىلەن چۆچۈمەل قىلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر سەپرا خىلتىغا ھۆللۈك ئارىلاشقان بولسا، سەبرە چىلانىسى ئىچكۈزگەندىن كېيىن جاۋارىش تاباشىر مۇسھىل، ھېلىلە مۇراباسى، ئىترىفىل سەغىر ۋە ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتقۇچى ئەمما ئىسسىقلىق پەيدا قىلمايدىغان جاۋارىشلار بېرىلىدۇ.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئامىلە، ئامىلە شىرىسى، بىنەپشە يېغى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى تەمرى ھىندى تەرەنجىبىن ۋە ھېلىلە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن سۈرگۈ سۈپە-تىدە ئەپسەنتىن، قىزىلگۈل، شاھتەررە، سېرىق ھېلىلە، ئەينۇلا، ئۆرۈك، تەمرى ھىندى، شىرخىست، ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۈيى، مائۇلجەبىن، شەربىتى سەبرى تەركىب-

لىنىڭ قىزىلگۈل، ئۈرۈكسىز ئۈزۈم، ئايارەج پەيقارا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلدۇرۇش كېرەك بولسا ھەمىشىباھار سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، قوغۇن شاپىقى سۈيى، قوغۇن يىلتىزى قايناتمىسى، سۇماق ئۇرۇقى، ئارپا ئېشى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قەي قىلدۇرغۇچى دورىلارنى بېرىشتىن بۇرۇن بىمارغا بېلىق ياكى ماش ئۇنى بىلەن گۈرۈچ تامىقى بېرىلىدۇ.

بۇ كېسەللىككە قارىتا جەريانى ۋە ئىلاقى «بۇ كېسەللىكتە غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە ياكى باشقا ئەزادا ئىكەنلىكى، ئۇندىن كېيىن بۇ خىلىتنىڭ ئاشقازانغا سۈمۈرۈلۈش ياكى توپلىشىۋېلىش ئەھۋالى ئېنىقلىنىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت باشقا ئەزالاردىن كېلىۋاتقان بولسا تازىلاش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇش ياكى سۈرگۈ بېرىش ئۇسۇلىنىڭ قايسىسى مۇۋاپىق كەلسە شۇ تاللاپ قوللىنىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مەزكۇر ئەزانى تازىلاش ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە دورا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ئاشقازان دورىنى قورساق ئاچ ۋاقتىدا قوبۇل قىلسا ئەتىگەندە بىمارغا غورا شەربىتى، ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى، زىخ شەربىتى، چۈچۈمەل بېھى شەربىتى، چۈچۈمەل ئاپېلسىن شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرى تاللاپ بېرىلىدۇ ۋە ئەتىگەندە كۆپ ھەرىكەت قىلماستىنلا ۋە بەك قورساق ئېچىشتىن بۇرۇنلا تاماق بېرىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازان بوشلۇقىدا بولسا قەي قىلىش ئاسان، يەنى غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازان كىرىش ئېغىزى تەرەپكە مايىلراق بولسا، ئالدى بىلەن بېلىق يېگۈزۈپ، ئۇندىن كېيىن ئارپا سۈيى ۋە سىركەنجىۋىل ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەي قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولمىسا ياكى قەي قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان ۋە ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازاننىڭ تېگىدە بولسا، سۈرگۈ ئۈچۈن ئەپسەنتىن 18 گرام، تەمرى ھىندى، قىزىلگۈل ھەربىرى 72 گرام قاتارلىقلارنى 1500 مىللىلىتر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 375 مىللىلىتر قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 108 گرام تەرەنجىبىن قوشۇپ سۈزۈپ، يەنە ئۇنىڭغا ئۈچ گرام يۇيۇلغان سەبرە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تەرەنجىبىن ئورنىغا شېكەر ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى تازىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمىسا مەتبۇخى ھېلىلە بېرىلىدۇ ياكى ئايارەج پەيقارا ئۈچ گرام، سېرىق ھېلىلە يەتتە گرام، كەتىرا ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى كاسىنە سۈيى بىلەن كۈمىلاچ تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا جىگەردىن كېلىۋاتقان بولسا ياكى ئومۇمىي بەدەندە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتى توشۇپ كەتكەن بولسا سېرىق ھېلىلە، شېكەر، سوقمۇنىيا، ھىندى

تۇزى قاتارلىق دورىلار مائۇلجەبىن بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئەپسەنتىن رۇمى 18 گرام، قىزىلگۈل 24 گرام، شاھتەررە 36 گرام، قارا ئەينۇلا 20 دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام قاتارلىقلارنى 3000 مىللىلىتر سۇ بىلەن قاينىتىپ، بىر كىلوگرام قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى 144 گرام ئېلىپ، 36 گرام قەنت ۋە ئۈچ گرام سەبرە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە تۇربۇت ۋە سوقمۇنىيا ئارىلاشتۇرۇلغان مۇسھىلى ئانار شەربىتى ياكى جاۋارىش مۇسھىلى مۇھەررىكە بېرىلسىمۇ بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**2. ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:**

علاج سوء مزاج معده بلغمى

بۇ خىل مىزاج بۇزۇلۇشتىن ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئىشتىھا يوقىلىش، كالا ئىشتىھا كېسىلى، ئاشقازان كۆپۈشۈش، كېكىرىش، قەي قىلىش، كۆڭۈل ئاينىش، ھېق تۇتۇش، ئاشقازان بىئارام بولۇش، ئاشقازان تارتىشىش، ئاشقازان كۆيۈشۈش ۋە ئاشقازان يىغىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن تازىلاش مەقسىتىدە تۇز، ئىلمان سۇ، تۇرۇپ ئۇرۇقى ۋە ھەسەل ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇندىن كېيىن مەستىكى، پوستى تۇرۇنجى قاتارلىق ھۆل سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش باياندا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بەلغەم خىلتى شىلىمشىق ۋە قويۇق بولسا، يۇمشىتىش ۋە پارچىلاش ئۈچۈن تۇرۇپ ئۇرۇقى، قىچا، چامغۇر ئۇرۇقىدىن توققۇز گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، تۇز توققۇز گرام، توغرىغۇ ئۈچ گرام، سىركەنجىۋىل ئەنسىلى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ ياكى يۇمشىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىلىدۇ.

يۇمشىتىپ بولغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پارچىلاپ چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن سېرىقچېچەك ئۇرۇقى ۋە تۇرۇپنىڭ قاينىتىلغان سۈيى ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قەيگە ئادەتلەنمىگەن بولسا ياكى بىرەر چەكلىمە بولمىسا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈپ، ئاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ياكى سۈرگۈ ئۈچۈن تۇربۇت ئىككى ھەسسە، زەنجىۋىل بىر ھەسسە، شېكەردىن ئۈچ ھەسسە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاشتىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلاردىن جاۋارىش جالىنۇس، زەنجىۋىل مۇراببىاسى بىلەن مىزاجنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا تۆت گرام مەستىكى، ئۈچ گرام ئۇد ھىندى، ئۈچ گرام قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلارنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى گۇل بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 36 گرام قەنت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى تازىلاش ئۈچۈن جاۋارىش قەينىڭ دورىلىرىنى يۇمشاق سوقۇپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، تەڭ مىقداردا كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە قاراپ 5～12 گرام يىگۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

قەي غەيرىي تەبىئىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن شورپىغا ئوخشاش سۇيۇق يېمەكلىكلەردىن ئازراق ئىچكۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك دورا بېرىپ، ئۇستىدىن 125 مىللىلىتىر قايناق سۇ ياكى قىزىق گۇلاب ئىچكۈزۈلىدۇ. 1～2 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئوخشىمىغان تاماقلار يېگۈزۈلۈپ قورساق تويغۇزۇلىدۇ يەنى 1～2 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇرۇپ ئۇرۇقى ۋە سېرىقچېچەك ئۇرۇقىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا تۇز، سېرىقماي ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن توخۇ پېيىنى بادام يېغى ياكى كۇنجۇت يېغى ۋە ياكى زەيتۇن يېغىغا چىلاپ ئېلىپ، گالغا تىقىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر خىلىت قويۇق بولسا پارچىلىغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى شەربەتلەر ئارقىلىق يۇمشىتىش ۋە پارچىلاش لازىم. يەنە سىركەنجىۋىل كەبىر، قىچا ۋە زەيتۇن قاتارلىقلار پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازان گەۋدىسىدە بولۇپ سۈمۈرۈلۈۋاتقان بولسا، قەي قىلدۇرغۇچى دورا قاينىتىلمىلىرى بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن باشقا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئەپاۋىيە، ھەببى سەبرە كەبىر، ھەببى ئىستەمخىقۇن ياكى سىركەنجىۋىل بۇزۇرى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كەرەپشە ئۇرۇقى ئالتە ھەسسە، ئەپسەنتىن، رۇم بەديان، بەديان ھەربىرى ئۈچ ھەسسە، ئاقمۇچ، مۇرمەككى، ئاسارۇن ھەربىرى بىر ھەسسە، قۇستە، سۇمبۇل، كاسىنە ھەربىرى ئىككى ھەسسە، مەستىكى رۇمى ھەربىرى بىر ھەسسە، سەبرە سەككىز ھەسسە قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ قۇرس تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن ھەركۈنى تۆت گرام ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇشتا تازىلاشتىن كېيىن ھېلىلە مۇرابباسى، زەنجىۋىل مۇرابباسى، ئەپسەنتىن شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قوشقاچ گۆشى شورپىسى بېرىلىدۇ. ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكى ئۈچۈن داغمال سۈيى ئىشلىتىلىدۇ.

قويۇق ۋە سوغۇق خىلىت ئۈچۈن سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى سادده، پىلپىل ۋە زەنجىۋىل قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر خىلىت ھۆل سوغۇق بولسا پەقەت قىزىتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى تەدبىرلەر قوللىنىـ

لىدۇ. قابىزلىق خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق قۇرۇقلۇق پەيدا قىلغۇچى دورىلارنى بېرىشكە
بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ناھايىتى خەتەرلىك. لېكىن غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئۆزىنىڭ كەيپىيا-
تى ئارقىلىق بىئارامىلىق پەيدا قىلماستىن بەلكى ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن
بىئارامىلىق پەيدا قىلىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا تازىلىغۇچى دورىلاردىن باشقا قابىز
خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قۇرۇتقۇچى دورا ۋە يېمەكلىكلەر ئىشلىتىلىسمۇ بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن جۇجەندى «بۇ كېسەللىكتە ئوزۇقلۇق مىقدارىنى
ئازايتىش، يۇمشىتىش، يېمەك - ئىچمەكتىن ئىلگىرى نورمال بەدەن چېنىقتۇرۇش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كەكلىك، چۈجە، قۇشقاچ گۆشلىرى دۇملەپ پىشۇرۇلۇپ بېرىلى-
دۇ. سۇ ئىنتايىن ئاز بېرىلىدۇ. كونا هاراق ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

قەي قىلدۇرۇشتا تۇزلۇق ۋە ئۆتكۈر تەملىك، تۇزلانغان بېلىق، قىچا، ھەسەل،
تۇرۇپ ۋە سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر قىزىتقۇچى جاۋارىشلارنى بېرىش بولۇپ قالسا، ئاستا - ئاستا قىزىتقۇچى
دورىلارنى بېرىش كېرەك. بىراقلا ئۆتكۈر دەرىجىدىكى قىزىتقۇچى جاۋارىشلارنى بېرىشكە
بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئاشقازان سوغۇقلۇقى ۋە بەلغەمنىڭ كۆپلۈكى ئۈچۈن ھېلىلە
كابىلى، مىئەسائىلە، قارا ھېلىلە، قىزىلگۈل 36 گرامدىن، پىلپىل، زەنجىۋىل، دار-
چىن، سۇمبۇل، مەستىكى، پىننە، بەدىيان، رۇم بەدىيان ئون گرامدىن، قەلەمپۇر،
بەسباسە، سازەج ھىندى يەتتە گرامدىن، زەپەردىن ئۈچ گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ،
شەربىتى مىئەسائىلە بىلەن مەجۇن تەييارلاپ، 5～9 گرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

سىرتىدىن سەئدى كوفى، سۇمبۇل، قىزىلگۈل، مەستىكى، ئۇدھىندى، پىننە قاتار-
لىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى سۈيى ۋە هاراق بىلەن يەرلىك ئورۇنغا سۇۋىلىدۇ»
دەپ كۆرسەتكەن.

ھەببى ئاباۋىيە، مەجۇنى ئەسۋەر، جاۋارىش مۇسھىل ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي بەلغەم
خىلىتىنى تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سىركەنجە-
ۋىل ھەسەلى، گۈلقەنت ھەسەلى، ھېلىلە مۇراببىاسى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىق دورىلار-
نىڭ بىرىنى تاللاپ، گۈلقەنت ۋە قۇرسى گۈل بىلەن بىرگە يېگۈزۈلىدۇ ۋە ئاشقازاننى
كۈچلەندۈرگۈچى جاۋارىش ۋە مەجۇناتلاردىن جاۋارىش ئەنبەر، جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش
كۇمۇنى، ئىچ سۈرۈش بولغاندا جاۋارىش سەپەرجىلى مۇمسىك، قابىز خۇسۇسىيەتلىك
جاۋارىش سەپەرجىلى مۇسھىلى ۋە رەيھان ئىچىملىكى قاتارلىقلارنى بېرىلىدۇ.

### 3. ئاشقازان مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج سوء مزاج معده سوداوی

بۇ سەۋەبتىن ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكى-

رىش، ئىت ئىشتىھا كېسىلى، ئاشقازان كۆپۈشۈش، قۇسۇش، كۆڭۈل ئايىنىش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن ئاشقازاننىڭ خىلتسىز قۇرۇق سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى ۋە مالىخولىيا مەراقى كېسىلىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان يېمەكلىك ۋە ياغلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى بەك قويۇق بولسا، ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن داۋاملىق مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە سۈرگۈ ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆش شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئەگەر قەي قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا سىركە، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇشمۇ بۇ كېسەللىك ئۈچۈن پايدىلىق.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى پۇدىنەچىنى ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈش ياكى ئەفتىمۇن شىربىسى ۋە چوڭ نۇسخىلىق مەتبۇخى پىننە ئىچكۈزۈش پايدىلىق.

ئەگەر ئاغرىق بولسا زەمچە ۋە كۆيدۈرۈلگەن مىسنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئۈدۈلىغا سۈۋىلىدۇ ۋە ئاغرىش كۇچەيگەندە قىزىتىلغان سىركىگە بۇلۇتنى چۆكۈرۈپ ئاشقازان ئۈدۈلىغا قويۇلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى يۇمشاق بولسا، شارابى پىقائىد ياكى سىركەنجىۋىل ۋە سېرىقچېچەك قايناتمىلىرى ئارقىلىق قەي قىلدۇرىلىدۇ.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى سۇيۇق بولسا، ئەفتىمۇن ۋە غارىقۇن قايناتمىلىرى ئارقىلىق ياكى ھەببى ئەفتىمۇن ئارقىلىق ۋە ياكى مائۇلجەبىن بىلەن سۇفۇپى مۇسھىل سەۋدا بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشىنى ئانار سۇيى ياكى سۇماق بىلەن پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە سەۋدا پەيدا قىلغۇچى قاننى كۆيدۈرگۈچى يېمەكلىكلەر، ئېغىر جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك قاتارلىقلاردىن چەكلىنىدۇ.

## تۆتىنچى پەسىل يەلدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى

## *امراض معده ريحي*

**تونۇش:**

بۇ يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ئاشقازاندا يەل توپلىشىشتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاشقازان ئاغرىش،

ئاشقازان كۆپۈش، قورساق كوركىراش، سىسىق كېكىرىش، ھىق تۇتۇش قاتارلىق كېسەل-لىكلەر پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

يەل پەيدا قىلغۇچى ئاساسلىق سەۋەب تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ:

1. يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىش. مەسىلەن: لوبىيا، ئەدەس، قويۇق ۋە تاتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ياكى نەشپۈت، ئالما، تەرخە-مەك، شاپتۇل، قوغۇن قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھۆل يېمەكلىكلەرنى ئىشلىتىش ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنىڭ توغرا بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن يەل پەيدا بولىدۇ.

2. بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنىڭ ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن ئاشقازاندا بۇخاراتلار پەيدا بولۇپ، بۇخاراتلار قويۇلۇپ يەلگە ئۆزگىرىدۇ.

3. بەزىدە يەل قورساق ئاچلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاشقازاندا قويۇق سۇيۇقلۇق مەۋجۇت بولىدۇ. ئاشقازان بوش بولۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سۇيۇق-لۇقنى تارقىتىش ئۈچۈن، ئاشقازاندا يەل يۇرۇشۇش ۋە كوركىراش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئازراق يېمەكلىك يېسىلا يەل توختايدۇ.

4. بەزىدە يەل پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبى تال كېسەللىكلىرى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن يۈز بېرىدۇ. بۇخىل ھالەت ھۆل يېمەكلىكلەردىن پەيدا بولغان يەلدىن بولغان مالىخۇلىيا مىراقى كېسەللىكلىرىدە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ.

**داۋالاش:**

بەديان شىرىسى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىق دورىلارغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇ-رۇپ ئىلمان قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

جاۋارىش كۇمۇنغا ئوخشاش يەل ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

تاماكىمۇ يەل تارقىتىش، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

بۇغداي كېپىكى، تۇز ياكى سېرىقچېچەك شېخى قاتارلىق دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە يەلنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەببى ھىلتىت ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر گە ئىگە.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا 12 گىرام بىدەنجىر يېغى بىلەن ئالتە مىللىلىتىر ئەرقى بەديياننى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى بىدەنجىر يېغى ئاشقازان ئۇدۇلىغا سۇۋىلىدۇ.

ئەگەر كۆپرەك تازىلاش زۆرۈر بولسا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچى ۋە سۈرگىسى ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ھەبى نارمىشكى ياكى ھەببى ھىندى يېگۈزۈلىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى ۋە ئاشقازان كۆپۈشتە قوللىنىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىلىدۇ.

ئاشقازاندا يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئاشقازان ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، خولې-

را، ئاشقازان كۆپۈش، كېكىرىش، كۆڭۈل ئايلىنىش، ھېق تۇتۇش، قەي قىلىش، ئاشقازان ئېچىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھالەتتە ئالدى بىلەن ئىلمان سۇغا تۇز سېلىپ قايتا ـ قايتا بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن گۈلقەنتكە سىركە ئاربلاشتۇرۇپ ئەرقى گۈل بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ، بۇنىڭ ئۇنۇمى بولمىسا، سانا بەش گرام، تۇربۇت ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، گۈلقەنت بىلەن ئاربلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەديان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ياكى بىدەنجىر يېغىدىن 12 گرام ئەرقى بەديان بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بۇغداي كېپىكى ۋە تۇز بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئاشقازان ئاغرىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## بەشىنچى پەسىل ئاشقازان ئاغرىقى

## وجع المعده

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك ئاساسەن خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇش، خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش ۋە مىزاج بۇزۇلۇش ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئاشقازاندا ئاغرىش پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئاشقازان ساھەسىدە ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە بۇ كېسەللىك خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن كۆپرەك پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئاشقازاندا بۇزۇلغان سۇيۇقلۇق ياكى يەل ۋە ياكى ئاشقازان ئىششىقى ۋە قاپارتمىلار بولسا، بىمار تاماق يېيىش ۋاقتىدا ئاغرىيدۇ ۋە تاماق ھەزىم بولغاندىن كېيىن توختاپ قالىدۇ.

بەزىدە مالىخولىيا مەراقىغا گىرىپتار بولغان بىماردا تاماق يەپ بولۇپ يەتتە سائەتتىن كېيىن ئاغرىش يۈز بېرىدۇ ۋە قەي ئارقىلىق سىركىدەك چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ئاغرىق توختىمايدۇ.

ئادەتتە چىققان سۇيۇقلۇق بەلغەم خىلتى ياكى سەۋدا خىلتى بىلەن سەپرا خىلتى ئاربلاشقان مۇرەككەپ خىلت بولىدۇ. بەزىدە قورساق ئاچقاندا ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش پەيدا بولىدۇ ۋە تاماق يېگەندىن كېيىن دەرھال توختاپ قالىدۇ.

بەزىدە ئاغرىش يەلدىن بولىدۇ. بۇ يەلدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكىدە سۆزلەندى. بەزىدە ئاشقازان ئاغرىش ئۈرۈلۈش، يىقىلىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلاردىن بولـ

دۇ.

بەزىدە ئاشقازاننىڭ سىزىمىدە ئىشىش بولغاندا ئۆت سۇيۇقلۇقلىرى بۇ يەرگە تۆكۈلۈشىدىن ئىغىر دەرىجىدىكى ئاغرىش ھەتتا ھوشسىزلىنىش يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندا قېتىۋېلىش ياكى يىغىلىۋېلىشتىن بولسا، قورساق ئاچ ۋاقىتتا سوغۇق يېمەك ـ ئىچمەك ئىچىشتىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

بەزىدە ئاشقازان ئاغرىش يۇرەككە تەسىر كۆرسىتىپ يۇرەك ئاغرىش سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ۋە بەزىدە ئاشقازان ئاغرىش ئاستى تەرەپكە يۆتكىلىپ، ئۈچەي توسۇلۇشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ئاغرىش ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسا ئاشقازاندا ئىششىق پەيدا بولۇش خەتىرى بولىدۇ.

ئەگەر ھامىلىدار ئاياللاردا ئاشقازان ئاغرىقى بولسا ھىستېرىيىنىڭ خەتىرى بولىدۇ. ئادەتتە ھامىلىدار ئاياللار ئاشقازان كىرىش ئىغىزى كېسەللىكلىرىگە كۆپرەك گىرىپتار بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بىماردىن ئاغرىقنىڭ داۋاملىق بولىدىغان ياكى پات ـ پات پەيدا بولىدىغانلىقى سورىلىدۇ. ئەگەر داۋاملىق بولسا يېمەكلىكلەرنىڭ شەكلى ۋە مىقدارى سورىلىدۇ. ئەگەر بىماردا بىرەر يېمەكلىكنى كۆپ يېگەنلىك ياكى سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېگەنلىك ئەھۋالى بولسا، كېسەللىكنىڭ يېمەكلىكنىڭ ئاشقازاندا بۇزۇلۇشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. ئەگەر بىماردا بىرەر يېمەكلىك يېگەنلىكتىن قورساق ساھەسى ئاغرىش، كۆپۈش، قوۋۇرغا ئەگمىلىرىدە چىڭقىلىش بولۇپ كېكىرىش، ھېق تۇتۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ ئاغرىقنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولۇپ ئۇنىڭدا سانجىلىپ ئاغرىش، ئېچىشىش ئەھۋاللار بولسا، بۇ كېسەللىك خىلىتنىڭ ئىسسىق، ئاچچىق ياكى تۇزلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئېچىشىش بولماستىن چوقۇلۇش سانجىلىش بولسا، بۇ، كېسەللىك خىلىتنىڭ چۈچۈمەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ياللۇغ ۋە يارىنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، ئاغرىقنىڭ ياللۇغ ۋە يارا تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش بىلەن ھەزىم ئاجىزلاش ۋە تاماق سىڭمەسلىك، تاماقتىن كېيىن قورساق كۆپۈپ قەي قىلغاندىن كېيىن توختاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، ئاغرىقنىڭ سەۋەبى ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يېمەكلىكلەردىن پەيدا بولغان بۇزۇق گاز تەسىرىدىن ياكى قورساق ئاچقان

ۋاقىتتا ئاغرىش يۈز بەرسە، كېسەللىكنىڭ ئاشقازان سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش تاماق يېگەندە پەيدا بولۇپ ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن توختىسا، ۋە ئاشقازاندا بۇخارات ياكى يەل توپلىنىشۋېلىش، ئىششىق، يارا قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىك شۇ سەۋەبتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللار بولمىسا، كېسەللىك سەۋەبى ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يېمەكلىكلەر ھەزىم بولغاندا ئاغرىق باشلىنىپ، ئاچچىق سۇيۇقلۇق قەي قىلغاندىن كېيىن توختاپ قالسا ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە تال كېسەللىنىش ئەھۋالى بولسا، بۇ كۆپىنچە ئاغرىقنىڭ ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولسا، كېسەللىكنىڭ سەۋدا خىلتى ۋە سەپرا خىلتىنىڭ ئارىلىشىشىدىن پەيدا بولغان مۇرەككەپ خىلت ياكى چۇچۇمەل بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش قورساق ئاچقاندا بولۇپ تاماق يېگەندىن كېيىن توختىسا ۋە ئاشقازان ساھەسى ئېچىش، ئېغىزى ئاچچىق بولۇش، قەي قىلغاندا سېرىق سۇيۇقلۇق چىقىش، چۇچۇمەل يېمەكلىكلەرنى يېگەندە ئارام تېپىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا سەۋدا خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قورساق ئاچقاندا ئاشقازان ساھەسىدە ئېچىشىش بولمىسا، بۇ كېسەللىكنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ساھەسىدە بىرەر زەخىملىنىش ئالامىتى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ زەخىملىنىشتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

كىندىك ئۈستىگە ئوتلۇق لوڭقا قويۇش ۋە سىركىنى ئەرقى گۈل ياكى قايناق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ كۆپ خىلى ئۈچۈن پايدىلىق.

جالىنۇس «توخۇ تاشلىقىنىڭ پوستى ئاشقازان ئاغرىقى ئۈچۈن ئالاھىدە پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

بەزى تېۋىپلار «بەزرۇلبەنجىنى كۆيدۈرۈپ، گۈل بىنەپشە، زەنجىۋىل قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋىسا ھەر خىل ئاغرىق ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

جەدۋاردىن بىر گرامنى چىلاپ، قىزىتىلغان گۈلاب بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىچكۈزۈشمۇ پايدىلىق.

مۇۋاپىق كىلىزمىلار ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئىمكانقەدەر ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، مىقدارى ئاز يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن سەۋەبكە قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ۋە ئاغرىق توختاتقۇچى سۇۋالمىلار سۇۋىلىدۇ: زىغىر ئۇرۇقى ئون گرام، زۇپادىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، رەۋغىنى سەپەرجىلنىڭ قىيرۇتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋىلىدۇ ياكى سەپەرجىل يېغى يالغۇز ھالەتتە سۇۋىلىدۇ.

بەزى تېۋىپلار «ئاغرىق بەك كۈچلۈك بولسا ئىسسىق سىركىگە بۆلۈتنى چۆكۈرۈپ ئاغرىغان ئورۇنغا قويۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە ئاشقازان ئاغرىقىنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئۇسۇلى بايان قىلىنىدۇ.

**1. يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:**

علاج درد معده ريحى

يەلدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكىگە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پۇدىنە قاتارلىقلارنى يالغۇز ھالەتتە ياكى بەدىيان شىرىسى توققۇز گرام، 48 گرام گۈلقەنت، 125 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تارقاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق ئاشقازانغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مەستىكى، لاچىندانە ھەر بىرىدىن 1.5 گرامدىن يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنت ياكى ھېلىلە مۇرابباسىدىن 24 گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە مەستىكى ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، بابۇنە يېغىدىن 12 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق ھالدا سۇۋىلىدۇ.

پىننە، كۈندۈر، مەستىكى، زىرە قاتارلىقلارنى چايناپ، ئۇنىڭدىن چىققان شىرىسىنى يۇتۇش ئارقىلىق كېكىرتىش بۇ كېسەل ئۈچۈن پايدىلىق.

مەستىكىدىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 36 گرام گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سۆئتەردىن يەتتە گرامنى قايىنىتىپ، مەزكۇر دورا بۇ ئارقىلىق يېگۈزۈلىدۇ.

كۆيدۈرۈلگەن بەزرۇلبەنجى، زەنجىۋىل ھەربىرى بىر ھەسسە، دارچىن ئىككى ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر قېتىمدا ئۈچ گرام ئەتراپىدا يېگۈزسە، ئاشقازاندىكى يەللەرنى تازىلاش ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

ھەببى تەنكار، سۇفۇپى خەمەك، سۇفۇپى نانخا، ھەببى ھىلتىت، ئەرقى پان، مەجۇنى

بۆزۈرى، ھەببى باۋگۈلە، مەجۇنى كاسىرياھ، مەجۇنى قۇلۇنجى قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

زىراۋەندى مۇدەھرەج، سۈزاپ ئۇرۇقى، نانخا، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قۇرۇق پىد-نە، قۇندۇز قەھرى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇفۇپ تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يەل سەۋەبىدىن ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش بولۇپ بۇنىڭ بىلەن بىرگە قەۋزىيەت-لىك بولسا، ھەببى سەكبىنەج، داۋائى ئۇساره رەۋەن، ھەببى نارمىشكى، ھەببى مۇبارەك، سۇفۇپى سانا قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

رۇم بەديانىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنت ياكى ھەسەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

0.8 گرام ھىڭنى پاختىغا مىلاپ، ئوتتا قورۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش ئاشقازاندىكى يەل ۋە سوغۇقلۇق ئۈچۈن پايدىلىق.

بەديان، بادرەنجى بۇيا، جۇۋنە يەتتە گرامدىن، گۈلقەنتتىن 24 گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايناتىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈلسە، قۇلۇنجى، ئۈچەي توسۇلۇش، ئاشقازاندا توختاپ قالغان يەللەر ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر يەل قويۇق بولسا ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي يەللەرنى تازىلاش ئۈچۈن كىلىزما ئىشلىتىلىدۇ ياكى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى بىلەن ھەببى سەكبىنەج بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە جاۋارش كۇمۇنى كەبىر، ئەرقى تەنبۇل، ئەرقى نانخا، ئەرقى ھايات قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭ ئۈچۈن مىشكى سۇلايمىنى ئىستېمال قىلدۇ-رۇشمۇ پايدىلىق.

ئەگەر تۇز ۋە سۇ ئارقىلىق قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن ئاغرىق ئۈچەي تەرەپكە يۆتكە-لىپ ئۇنىڭغا قاتتىقلىق پەيدا قىلغان بولسا، سانا 15 گرام، تۇربۇت مۇدەببەردىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەديان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ۋە بەدەنجىر يېغى قورساق ساھەسىگە سۈۋىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىرنىڭ پايدىسى بولمىسا ئىككىنچى كۈنى شوخلا، بىنەپشە، قىزىلگۈل، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پەرسىياۋشان، كاسىنە، ئۇرۇقى، بەديان، بەديان يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، ئۇنىڭغا سانا، خىيارشەنبەر، قارا شېكەر گۈلقەنتى، بەدەنجىر يېغى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا بېرىلىدۇ. ئەتىسى بەديان شىرىسى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى 2 گرام، ئەرقى بەدياندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا گۈلقەنت ۋە دىنار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ياسمەنگۈلى، سېرىقچېچەك، قوغۇن ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى قەنتەريۇن قا-

تارلىق دورىلارنى 20 لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، تىرپىسنى سۇزۇۋېتىپ بىمارنى يۇيۇندۇ-رۇش ۋە تىرپىسنى ئاشقازان ساھەسىگە تېڭىش كېرەك.

قورساق ئاچقان ۋاقىتتا بەدەن چېنىقتۇرۇش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تال كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا ۋە بۇ سەۋەبتىن ئاشقازان ئاغرىش، كۆپۈشۈش، كوركىراش، ئاچچىق كېكىرىش، چوڭ تەرەت قارا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، سۇزاپ، بابۇنە، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، ھەببۇلغار، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى سىركە بىلەن قاينىتىپ، تىرپىسنى سۇزۇۋېتىپ، سۇيىدە ئىسسىق ھالەتتە ئاشقازان ساھەسىنى يۇيۇش ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۇرگىسى ئارقىلىق بەدەن تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

قۇرسى ئەنسۇن، قۇرسى ئەپسەنتىن، مەجۇنى ئىزخىر قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

بەدىيان يىلتىزى، رۇم بەدىيان، گۈل بىنەپشە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، قىزىلگۈلدىن 14 گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە بۇغداي كېپىكى، تۇز، بەدىيان، قوغۇن ئۇرۇقى، تېرىق ئۇنى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بىر خالتىغا سېلىپ قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يەل قورساق پەردىسىدە بولسا، كىندىككە ئوتلۇق لوڭقا قويۇش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدانى سۇرۇپ چىقارغۇچى كۆمىلاچ ۋە مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش كېرەك.

باش ئاغرىشقا ئۆزگەرگەن ئاشقازان ئاغرىقى ئۈچۈن مەستىكىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئەرقى بەدىيان بىلەن يېگۈزۈش ۋە يەرلىك ئورۇنغا بادام يېغى سۇۋاش كېرەك.

ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەدىيان 60 مىللىلىتىردىن، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر، بۇزۇرى شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ، يەتتە گرام جاۋارىش كۇمۇنى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

مەستىكى، بەدىياندىن بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەدىيان 60 مىللىلىتىردىن، ئەرقى گۈلدىن 48 مىللىلىتىر قاتارلىق ئەرەقلەر بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئاشقازان ئاغرىش، ئاشقازان كۆپۈش، ھەزىم ئاجىزلاش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن مەستىكى، ئۇد ھىندىدىن 0.5 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئاشقازان ساھەسىنى باسقاندا بىلىنىدىغان ئاغرىق ئۈچۈن ئەرقى شوخلا، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، گۈل بىنەپشە بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 36 گرام گۈلقەنت

ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاغرىق پۈتۈن قورساق ساھەسىگە تارقىلىپ كەتكەنبولسا، بەش گرام سانانى 18 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەديان بىلەن يېگۈزۈش كېرەك. ئەتىسى يەتتە دانە ئەينۇلا، ئالتە گرامكاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گۈلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئەرەقلەر بىلەن قاينىتىپ، 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان ئاغرىش بىلەن بىرگە سىيگەندە ئېچىشىش بولسا، ئوغرىتىكەن شىرد-سى، زىرە شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى بەديان قاتارلىق دورىلارغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئاشقازان ئاغرىش، قورساق كۆپۈش ۋە كۆڭۈل ئاينىش ئۈچۈن نانخۇا پىننە ھەربىرى 24 گرام، مەستىكى ئۈچ گرام، زەپەردىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلاردىن مەلھەم تەييار-لاپ، داكىغا سۈۋاپ ئاشقازان ساھەسىگە قويۇش كېرەك.

سوزۇلما خاراكتېرلىك قورساق پەردە ياللۇغىدىن بولغان ئاغرىقى ۋە قورساقنىڭ كۆپۈشى ئۈچۈن يەتتە گرام جاۋارىش ئۇد شېرىنىنى تۆت گرام ئەفتىمۇن ئۇرۇقى شىرىسى ۋە 24 گرام تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا ئارپا بەديان سۈيى، لىمون سۈيى، ھۆل زەنجىۋىل سۈيى، پىننە سۈيى، ھەسەلدىن 24 گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

جۇۋىنە، زەنجىۋىل، زىرە 24 گرامدىن، كەرەپشە ئۇرۇقى ئۈچ گرام، قارىمۇچ، لاھور تۇزى، ھىڭ ھەربىرى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، قائىدە بويىچە كۆمىلاچ ياساپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر تاماقتىن كېيىن يەلدىن ئاغرىش بولسا، جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇد شېرىن قاتارلىق دورىلاردىن بىرنى تاللاپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق سوقۇلغان جەدۋاردىن 0.5 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گاۋزىبان ۋە ئەرقى گۈل 60 مىللىلىتىر بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، يەرلىك شوخلا تۆت گرامدىن، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام، سوقۇلغان قۇرسى گۈل سەغىر ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ياكى ھەببى ھىندى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر جىگەر تەرەپتە قېتىشىش مەلۇم بولسا موناسىۋەتلىك سۇرگۇ بېرىش كېرەك. ئەگەر بۇ سۇرگۇ بىلەن ياخشىلىنىش بولمىسا قۇرسى گۈل سەغىرىدىن تۆت گرامنى 12 گرام گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بەديان شىرىسى، شوخلا شىرىسىدىن تۆت گرامدىن

ئېلىپ، 12 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئالتە كۈن ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە شوخلا سۈيىگە خىيارشەنبەر چىلاپ، ئۇنىڭغا بىدەنجىر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قورساق ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر قورساق ئاغرىش بىلەن قورساق كۆپۈش كۆرۈلسە، دەسلەپتە 2 ~ 3 كۈن مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك شوخلا، قىزىلگۈل ھەر بىرى يەتتە گرام، گۈلبىنەپشە، كاسنە يىلتىزى، پىرسىياۋشان بەش گرامدىن، تۆت گرام چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى ئاخشىمى سۇغا چىلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈپ، گۈلقەنتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەلدە كېكىرگەندە قۇلاقتا ئاۋاز ئاڭلانسا مۇناسىۋەتلىك سۈرگىلەرنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاغرىق دەسلەپتە قوۋۇرغىلاردا بولۇپ كېيىن ئاشقازان تەرەپكە يۆتكەلگەن بولسا ۋە ئىككى لوتا ئەتراپىدا ئاغرىش بولسا، بۇ ئاغرىق قورساق پەردىسى خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بەدىيان شىربىتىدىن ئالتە گرامغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك كۆپ بولسا ئاخشىمى تاۋۇز سۈيى بىلەن بادام يېغى بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىكتە ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلغان تۆۋەندىكى دورىلاردىن جاۋارىش كۇمۇنى كەبىر، جاۋارىش كۇمۇنى ئەكبەر، جاۋارىش كۇمۇنى مەسھەل، جاۋارىش پىننە، ھەببى تەنكار، ھەببى مۇبارەك، ھەببى جالىنۇس، ھەببى ھىلتىت، ھەببى ئۇسارى رەۋەن، دەۋائى ئۇسارى رەۋەن، رەۋغىنى مۇھەللىل، رەۋغىنى مەستىكى، سۇفۇپى نانخا، سۇفۇپى ئەتەزدانە، سۇفۇپى سانا، سۇفۇپى نەمەك، ئەرقى تەنبۇل، ئەرقى ھايات، ئەرقى نانخا، مەجۇنى ھەببۇلغار، مەجۇنى ئۇبھەل، جاۋارىش كۇندۇر، سۇفۇپى ئۇدە، ئەرقى دارچىن، مەجۇنى كاسىر رىياھ، مەجۇنى دەپئى رىياھ، ھەببى ھىندى، ھەببى سەبرە، سۇفۇپى ھىندى، ئەرقى پان قاتارلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېمەكلىكىگە دارچىن، زىرە، سۆئتەر، سامساق، ئەنجىدان قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك ۋە تاماقتىن ئىلگىرى نورمال بەدەن چېنىقتۇرۇش، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

**2. بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:**

علاج درد معده از فساد غذاے موذی

بۇزۇلغان ۋە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى

داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ئاغرىش كىندىك ئۈستىدە بولسا ۋە ئاشقازاندا ئېغىرلىق بولسا، تۇز سۈيى ئارقىلىق قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن سانا، گۈلقەنت، دىنار شەربىتى قاتارلىقلارنى ئارىلاش-تۇرۇپ سۈرگۈ ئۈچۈن بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، قەيدىن كېيىن گۈلقەنت، ئەرقى گۈل، ئەرقى بەديان قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاشقازاننى كۆچلەندۈرۈش ياكى مەستىكىدىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىككى گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، رۇم بەديان يەتتە گرام، بەديان توققۇز گرام، قاقىلىدىن بەش دانە ئېلىپ، دورىلارنى 125 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاق شېكەردىن 36 گرامنى ئېرىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر ئاغرىش كىندىكنىڭ ئاستىدا بولسا قەي قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. بەلكى سۈرگۈ ئىشلىتىش كېرەك.

ھەزىم بۇزۇلۇش ياكى سېسىق كېكىرىش ئەھۋالى بولسا مەستىكى، ئۇد ھىندى، قۇرۇق پىننە 0.5 گرامدىن، نارجىل دەرياندىن 0.3 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، بەديان، رۇم بەدياندىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك خولېرا ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەتبۇخنى بېرىش كېرەك يەنى ئۇد غەرقى، زىرە توققۇز گرامدىن پىننە، بەديان، چالا سوقۇلغان لاچىندانە يەتتە گرامدىن، رۇم بەديان، كەرەپشە، سۆئتەر تۆت گرامدىن، قەلەمپۇر يەتتە دانە، جۇۋىنە ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى تۆت لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئىككى كىلوگرام قالغاندا سۈزۈپ، 36 گرام گۈلقەنت، سوقۇلغان مەستىكىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەر قېتىمدا 250 گرامدىن ئىچكۈزۈش كېرەك. بۇنى ئىچكۈزۈپ يەنە 3 ～ 4 سائەتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا يۇقىرىقى نۇسخىغا ئەرقى گۈل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن كېكىرىش بولسا، ئالدى بىلەن سانادىن تۆت گرامنى سوقۇپ گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، 36 گرام دىنار شەربىتى، 60 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا، 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك ۋە سۈرگىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاشقازان ۋە جىگەرنى كۆچلەندۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، بەديان شىرىسى تۆت گرام،

كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى 24 گرام قاتارلىقلارنى گۈلقەنت بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى كۈنى سۈيدۈك ھەيدەش مەقسىتىدە ئاق لەيلىگۈلى چېچىكى لوئابى ئۈچ گرام، ئاق زىرە شىرىسى تۆت گرام، ئوغرىتىكەن شىرىسى ئالتە گرام، بۇزۇرى شەربىتى بارىد 24 گرام بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سىيىق كېكىرىشنى داۋالىغاندىن كېيىن ئاغرىش ۋە قەۋزىيەتلىك قېپقالغان بولسا، سانادىن تۆت گرامنى سوقۇپ، 12 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك. ئەگەر قەۋزىيەتلىك بوۋاسىر تەسىرىدىن بولسا مۇقەلدىن بىر گرامنى ئىترىفىل سەغىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىلگۈل، كاسىنە ئۇرۇقى، بەدىيان، بىستىپايەج ھەربىرىنى ئالتە گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان، 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن قاينىتىپ، 36 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سىيىق كېكىرىش ۋە ئاشقازان ئاغرىش سېمىز كىشىلەردە كۆرۈلگەن بولسا، 36 گرام گۈلقەنتنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا ۋە 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك. ئىككىنچى كۈنى ئەگەر ئاغرىش كىندىكنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولسا تۆت گرام مەجۇنى كۇمۇنى، بەدىيان شىرىسى تۆت گرام، ئوغرىتىكەن شىرىسى ئالتە گرام، مۇدەببەر قىلىنغان زىرە تۆت گرام، گۈلقەنت 24 گرام قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى تۆت گرام ئاق زىرە شىرىسىنى 24 گرام ئاق شېكەر بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاغرىش قاتتىق ياكى غەلىز يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكتىن پەيدا بولغان بولسا، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلارغا دىنار شەربىتى ۋە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سىيىق كېكىرىش بىلەن قاتتىق ئاغرىق بولسا، نارجىل دەريائى 0.5 گرامنى ئەرقى گۈل، ئەرقى بەدىيان ھەربىرى 48 مىللىلىتىرغا چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

### 3. خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج درد معده حار

بۇنىڭغا قارىتا خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار «سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن ئىسپىغۇل لوئابى ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقنى دەرھال توختىتىدۇ ياكى غورا سۈيى بىلەن قارىئۆرۈك سۈيى ئىچكۈزۈش كېرەك ياكى ئابى رىباس ياكى تۇرۇنجى سۈيى بېرىش كېرەك ۋە ياكى گۈلقەنتكە

تاباشىر ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، بېھى سۈيى، نامازشامگۈلى سۈيى، ئالما سۈيى، ئەرقى گۈل قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئىبنىسىنا «ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولسا، كالا قېتىقى، چۈچۈمەل قېتىق سۇزمىسى، سوغۇق سۇ قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى، كەكلىك گۆشىنى ماش، قاپاق، سېمىزئوت قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ پىشۇرۇپ بېرىش، كىچىك بېلىق كاۋىپىنى سىركە بىلەن يېگۈزۈش، سىركە، غورا سۈيى، قۇرسى تاباشىر قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، سوغۇق تەبىئەتلىك زىمادلارنى سۇۋاش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر بىمار ئورۇق ۋە بەدەن ئاجىزلىق بولسا، دورا سۈيى بىلەن يۇيۇندۇرۇش، ئىسپىرت مىقدارى تۆۋەن شاراپ ئىچكۈزۈش، سەمرىتكۈچى ۋە يۇمشاتقۇچى ھالۋىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن غورا شەربىتى، چۈچۈمەل ئالما شەربىتى، ھۆمماز شەربىتى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەرنى يالغۇز ھالەتتە ياكى تاباشىر تالقىنى ۋە سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئىسسىقلىق يۇقىرى بولسا بۇنىڭغا ئازراق كاپۇر ئارىلاشتۇرۇش كېرەك ياكى شەربىتى لىمون، قۇرسى لىمون، زىرىشك شەربىتى، زىرىق ئۇسارىسى، ئەرقى گۈل قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش كۈچلۈك بولمىسا ئەتىگەن ناشتىدا سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج درد معده صفراوی*

بۇ خىل ئاغرىش كۆپىنچە قورساق ئاچ ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ. داۋالاشتا:

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشقا قارىتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەينۇلا، زىرىق قاتارلىق دورىلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، سىركە ۋە ئانار سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

تەمرى ھىندى ۋە گۈلقەنتنى ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى گۈلگە چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. خىلىت پىشقاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق

تازىلاش كېرەك.

ئەرقى گۈلنى قىزىتىپ ئۇنىڭغا داكىنى چۆكۈرۈپ، ئاشقازان ساھەسىگە قويۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ئىبنىسىنا «ئۇد ھىندى، كۇندۇر، مەستىكى بىر گىرام، پىستە پوستى، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل ھەربىرى ئۈچ گىرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، 12گىرام گۈل يېغى ۋە ئەرقى گۈلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا بۇ زىمادقا كاپۇر، بېھى سۈيى، ئالما سۈيى قاتارلىقلارنى قوشۇش كېرەك. يېمەكلىككە چۇچۇمەل يېمەكلىكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، جىگەرنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش ۋە سىركەنجۇبىل ئەپسەنتىن ئارىلا-شتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ قارايدۇ.

ئاشقازاندىكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇش كې-رەك. ئەگەر قۇرۇقلۇق يۇقىرى بولسا مەتبۇخى پەۋاكىھى ياكى سېرىق ھېلىلە، ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تازىلاش ئۈچۈن ئەپسەنتىن رۇمى، ھۆل قىزىلگۈل، تەمرى ھىندى ھەر بىرىنى 72 گىرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى بىر لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، تۆتتىن بىرى قالغاندا سۈزۈپ، 72 گىرام تەرەنجىبىن ۋە ئۈچ گىرام سەبرە سۇقتۇرى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

### 5. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد معده بارد ساذج

خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئاشقازان ساھەسىگە ئوتلۇق لوڭقا قويۇش، قول - پۇتنى ئىسسىق ساقلاش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار «دارچىنى ئاننى 4 ~ 9 گىرام سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئاق شېكەر سېلىپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. بەزى تېۋىپلار بۇ نۇسخىدىكى سۇنىڭ ئورنىغا ئەرقى گۈل ئىشلىتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن.

دارچىن ئان ئۈچ گىرام، شېكەردىن ئالتە گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ تالقان قىلىپ، ئەرقى گۈل بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

قاراپارپىنى 1 ~ 2 گىرامنى ئەرقى بەديان، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى

گاۋزىبان قاتارلىقلارغا ئاخشىمى چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەن ناشتىدا ئىچكۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش كۆمۈنى، جاۋارىش جالىنۇس، ھەببى نەمەك ھىندى، سۈپۈپى جىنتىيانا، ئەنبەر شەربىتى قاتارلىقلاردىن تاللاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۈدخام، مەستىكى رۇمى، سۈمبۇل، قاقىلە، قەلەمپۇر، سازەج ھىندى، جوز ھەربىرى يەتتە گرام، سەئىدى كوفى، رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەر بىرى ئون گرام، قىزىلگۈل 14 گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، تۆت گرامنى رەيھان شارابى ياكى ئالما شەربىتى بىلەن بېرىش كېرەك.

مەستىكى، قەلەمپۇر، سۈمبۇل، سازەج ھىندى، جوز ھەربىرى ئۈچ گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، جۇۋنە، زىرە، پىننە ھەربىرى ئون گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تالقان تەييارلاپ، بەش گرامنى رەيھان شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش كۆمۈنى، جاۋارىش سەپەرجىلى قابىزە، جاۋارىش تۇپاھى قۇرسى گۈل بېرىلىدۇ ۋە بەدىيان، رۇم بەدىيان، مەستىكى، پىلپىل، سۈمبۇل، زەنجىۋىل قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، جاۋارىش ئۈدتۇرۇچقا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

سۈمبۇل، مەستىكى، قەلەمپۇر، جوز، نامازشامگۈل قىيامى سۈيى، قەلەمپۇر سۈيى، نامازشامگۈل ساۋىيى، بېھى سۈيى قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ قورساق ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

بەسمەن يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلارغا مەستىكى، سۈمبۇل قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىش ياكى زەيتۇن يېغىغا مەستىكى، سۈمبۇل، ئۇد ھىندى، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، قۇشقاچ، پاقلان، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنىڭ شورپىسى ۋە ئۇلارنىڭ دۇملەپ پىشۇرۇلغان گۆشلىرىگە دارچىن، مەستىكى، سۈمبۇل، پىلپىل، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

### 6. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقنى داۋالاش:

علاج درد معده بلغمى

ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت چۈچۈمەل بەلغەم خىلتى بولسا قەي ۋە سۈرگۈ ئارقىلىق ئۇنى تازىلاش ۋە مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاشتىن كېيىن ھەسەللىك گۈلقەنتكە مەستىكى ۋە رۇم بەدىياننى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ياكى ئىترىفىل سەغىر يېگۈزۈش

كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

قىزىلگۈل، بەديان يىلتىزى، پىرسىياۋشان، ئەنجۈر قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا بەديان ۋە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر جىگەر تەرەپتە ئاغرىش ۋە قاتتىقلىق بولسا، بەديان، بەديان يىلتىزى، كاسنىە يىلتىزى، قىزىلگۈل، كاسنىە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سۈرگىدىن كېيىن ئاغرىش داۋاملىق بولۇش، ئاغرىق قورساق ساھەسىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولسا، قۇرسى گۈلدىن تۆت گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گرام قىزىلگۈلنى 120 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەررە بىلەن قايىنتىپ، ئاق شېكەردىن 24 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ ئاغرىق توختىمىسا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنىڭ تولۇق تازىلىنىپ بولالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا بەديان، بەديان يىلتىزى، پىرسىياۋشان، قىزىلگۈل، يەرلىك شوخلا، كاسنىە ئۇرۇقى ھەربىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام، ئەنجۈردىن ئۈچ دانە ئېلىپ قايىنتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە تۆتىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا سانائى مەككىدىن توققۇز گرامنى قوشۇپ سۈرگۈ ئۈچۈن ئىچكۈزۈش كېرەك.

قۇرسى گۈل، ھەببى ھايات، ھەببى مۇبارەك، ھەببى جالىنۇس، ھەببى شەبيار، داۋائى ئۇسارئى رەۋەن، داۋائى جىنتىيانا، مەجۇنى قەبىھ، مەجۇنى قۇلۇنجى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئانار ئۇرۇقى ۋە تۇربۇت قاتارلىق دورىلاردىن تالقان تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

قىزىلگۈل، سۇمبۇل تىپ، مەستىكى، كەھرىۋا قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلاپ، رۇم بەديان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئىزخىر ھەربىرى تۆت گرام، بابۇنە ئۈچ گرام، ئىكلىلمىلىك ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر قۇرستىن تۆت گرام بىلەن بىرگە ئىشلىتىش كېرەك.

ھېلىلە كابىلى، رەۋەن، تاغ پىيىزى قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە ياسالما تەييارلاپ بېرىش كېرەك.

قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن مەستىكى، ئايارەج پەيقارا قاتارلىق دورىلارنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈش ۋە جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پىلاپى، جاۋارىش پەنۇش قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بەدەندە توشۇپ كېتىش بولسا ۋە بىمار سۈرگۈ ئىچەلمىسە، بىرنەچچە قېتىم

يەڭگىل دەرىجىدىكى كىلىزما ئارقىلىق سۈرۈش قىلىش كېرەك، غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاشتىن كېيىن مۇرمەككى، سەبرە ھەربىرى بىر گرام، رۇسۇت ھىندى، قىزىلگۈل، مەستىكى ھەربىرىنى ئىككى گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، خەيرى يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى بادام مېغىزى ھالۋىسى ۋە ھەر خىل قورۇتقۇچى يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

### 7. خىلتسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد معده يابس سازج

ئارپا سۈيى ۋە ئالما شەربىتى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق بولسا، قاپاق، پالەككە ئوخشاش ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى كۆكتاتلار بىلەن ئارپا سۈيى بېرىش كېرەك.

ئىسپىغول لوئابىغا بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىغا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

### 8. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد معده سوداوى

غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش، مىزاجنى تەڭشەش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن ھۆل شاھتەررە ئەرقىنى 120 مىللىلىتىر ئېلىپ، 24 گرام ئۇستقۇددۇس شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇستقۇددۇس تۆت گرام، شاھتەررە، گاۋزىبان ھەربىرىنى ئالتە گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر ئارقىلىق قاينىتىپ، بادرەنجى بۇيا شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن زەپەر، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، مەستىكى، زورەنبات قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىش ۋە زەھرە - مۇھرىنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش، ھەببى مۇقەل ئىشلىتىش كېرەك.

بىستىپايەجنى قاينىتىپ قائىدە بويىچە خىيارشەنبەر ۋە تەرەنجىبىن شىرىسى ئارىلاش-

تۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئەپسەنتىن، گۈل يېغى، موم قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىش كېرەك.

قۇرسى ئەپسەنتىن، مەجۇنى ئەپسەنتىن، مەجۇنى ئىزخىر، مەجۇنى جىنتىيانا قاتارلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاغرىقى سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا، ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا مەجۇنى مۇسھىل ياكى ھەببى مۇلۇك ئولۇغخاندىن ئۈچ گرامنى ئەرقى كەيۋورە، ئەرقى بىدمىشكى ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىر بىلەن يېگۈزۈش ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ئۈچ گرامنى 48 گرام شەربىتى ئىلاھى ئولۇغخان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سېمىز توخۇ يېغى بىلەن ئېتىلگەن ئۇماچ، ئامىلە، چامغۇر، تۇرۇپ قاتارلىقلارنىڭ چىلانىما سەيلىرىنى بېرىش كېرەك.

### 9. مۇرەككەپلەشكەن غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج درد معده از اخلاط مرکبه

يەڭگىل يىمەكلىكلەرنى بەرگەندىن كېيىن مۇرەككەپ خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەديان، ھەربىرى بىر گرام، تۇربۇت، غارىقۇن ھەر بىرى 24 گرام، ئەفتىمۇن، ئەپسەنتىن ھەربىرى ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ كۇمىلاچ تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھۆللۈكى يۇقىرى بولغان غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولسا، يۇقىرىقى نۇسخا تەركىبىگە ئاچچىقتاۋۇز، ئەگەر سۇرۇپ چىقىرىش قىيىن بولسا ئايارەج پەيقارا، ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت سەپرا خىلتى تەرەپكە مايىل بولسا سوقمۇنىيا قوشۇش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىت سەپرا خىلتى تەرەپكە مايىل بولغاندا ئاق لەيلى، ئارپا ئۇنى، قىزىلگۈل، قەسۇ زەرىرىگە ئوخشاش تارقاتقۇچى، خۇش پۇراق، كۈچلەندۇرگۈچى دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش، ناردىن يېغى قىيىرۇتىسغا مۇرمەككى، سەبرە، مەستىكى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

### 10. ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاشقازان ئاغرىنى داۋالاش:

علاج درد معده از ضعف آن

ئاشقازان ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاملە نۇشدارى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى جاۋارىشلار داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ. تاماقتىن كېيىن ھەرىكەت قىلىشتىن ساقلىنىش، يېمەكلىكنى بىراقلا يېمەستىن ئاز - ئازدىن بىرنەچچە قېتىم يېيىش ۋە قۇرۇق كەۋكەب، قۇرۇق ئەنىسۇن قاتارلىق دورىلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى خىلتلارنىڭ توپلىنىشىدىن بولسا ئالدى بىلەن توپلىنىپ قالغان خىلتنى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كې- رەك.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن لاچىندانە، پىننە يوپۇرمىقى ھەربىرى يەتتە گرام، جۇۋىنە، سەئىدى كوفى، سۇمبۇل، پوستى تۇرۇنجى، قەلەمپۇر، سازەج ھىندى، خولىن- جان، زەنجىۋىل، زەپەر، پىستە پوستى ھەربىرىنى ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، بىر پىيالىدىن ئاملە مۇراببىاسى شىرىسى ۋە بېھى مۇراببىاسى شىرىسى قىيامىغا سوقۇلغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ توققۇز گرامدىن ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنى ئورۇق ۋە تەبىئىتى يۇمشاق بولسا، تېشىلگەن مەرۋايىت ئۈچ گرام، زەھرە - مۇھرى چىنى، شاخ مارجان، كەھرىۋا ھەربىرىنى ئىككى گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈل بىلەن سالايە قىلىپ ئۇد ئەرقى، قەلەمپۇر، پوستى تۇرۇنجى، مەستىكى، زەرنەپ، سەمغى ئەرەبى، خەشخاش ئۇرۇقى، سۇمبۇل، ھەببۇل- ئاس، سەئىدى كوفى، قارا زىرە ھەربىرى ئۈچ گرام، زورەنبات، جۇۋىنە ھەربىرى ئىككى گرام، لاچىندانە، مغىزى بىيل، زىرىق، ئىكەكلەنگەن ئاق سەندەل، پىستە پوستى قاتارلىقلارنى قورۇپ ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، تاباشىر، قىزىلگۈل ھەربىرى يەتتە گرامدىن، قورۇق پىننە 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، 48 گرام تاتلىق ئانار شەربىتى، قەنت ئۈچ ھەسسە بىلەن قىيام تەييارلاپ، يۇقىرىقى تالقان ۋە ئاملە مۇراببىاسى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، ھەركۈنى تۆت گرامدىن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر تېخىمۇ كۈچلۈكرەك دورا كېرەك بولسا، يۇقىرىقى نۇسخىغا ئىپار، ئەنبەر ھەربىرى ئۈچ گرامدىن ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق ھەربىرى 24 دانىدىن ئېلىپ قوشۇش كېرەك.

ئەگەر بەدەندە بۇزۇلغان خىلت بولسا ئۇنى تازىلاش، قاتتىق، سىڭىشى قىيىن بولغان دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

## ئالتىنچى پەسىل ئاشقازان ئاجىزلىقى

### ضعف معده

**تونۇش:**

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر ۋە باشقا كېسەللىكلەر تەسىرىدىن ئاشقازاندا ئاجىزلاش يۈز

بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا يېمەكلىك ئوبدان ھەزىم بولماستىن ئىشتىھا تۇتۇلۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەلدە ئىشتىھا تۇتۇلۇش، سىيىق كېكىرىش، تاماقتىن كېيىن كۆڭۈل ئېلىنىش، ئىككى مۇرە ياكى باش ئاغرىش، قەۋزىيەتلىك بولۇش ياكى ئىچى سۈرۈش، تومۇر ھەرىكىتى ئاجىزلاش، قورسىقى ئېچىش لېكىن تاماق ئالدىغا كەلگەندە يېگۈسى كەلمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ئىشتىھا پۈتۈنلەي يوقالغان بولسا، بۇ ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ توپلىنىشۇالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئىشتىھاسى بەك يۇقىرى بولسا، بۇ ئاشقازاندا چۈچۈمەل خىلتنىڭ توپلىنىشۇال-غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر باشقا ئاشقازان كېسەللىكى سەۋەبىدىن كۆپ كېكىرىش ۋە قەي قىلىش ئەھۋالى بولسا، بۇ ئاشقازان ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئورۇقلاپ كېتىش ۋە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەت-لىرى بولسا، بۇ ئاشقازان ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

يۇقىرىقى ئالامەتلەرگە قاراپ تۇتۇش قۇۋۋىتى (قۇۋۋىتى ماسىكە)، تارتىشىش كۈچى (قۇۋۋىتى جازىبە)، ئىتتىرىش كۈچى (قۇۋۋىتى دافىئە)، ھەزىم قىلىش كۈچى (قۇۋۋىتى ھازىمە) قاتارلىقلاردىن قايسىسى ئاجىزلىغان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش ۋە ئىمكانقەدەر تامىقىنى ئازلىتىش كېرەك.

تامىقىنى ئازلىتىشنىڭ ئۇسۇلى: دەسلەپتە بىمار قانچىلىك تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسا، تامىقىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۈچتىن بىرىنى بېرىش ۋە شۇ مىقداردا 2 ~ 3 كۈن بەرگەندىن كېيىن مىقدارىنى تېخىمۇ ئازايتىش، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەر ھەپتىدە تامىقىنى 12 ~ 24 گرام كۆپەيتىپ بېرىش كېرەك.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن: ئامىلەنۇشدارى، جاۋارىش ئامىلە، جاۋارىش پەنجنۇش، جاۋارىش سەپەرجىل قابىز، جاۋارىش زىرەشىك، جاۋارىش ئانارىن، جاۋارىش ئامىلە لۆئلۆۋى، ئىترىفىل كەشنىز قاتارلىق دورىلاردىن تاللاپ ئېلىپ داۋاملىق ئىشلە-تىش كېرەك.

بەدىيان، رۇم بەدىيان، مەستىكى ھەربىرى يەتتە گرام، زەنجىۋىل، شېكەر ھەربىرى-دىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، يەتتە گرامدىن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلىقى بىلەن يۆرەك ئېغىش بولسا، گۈلقەنت بىلەن داۋائى مىشكى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى مۆتىدىل بولسا تاباشىر، مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ياكى ھېلىلە مۇراببباسى بېرىش كېرەك.

ئەگەر بىمار ئىسسىق مىزاجلىق بولۇپ قەۋزىيەتلىك ۋە ئېغىز قۇرۇش ئالامەتلىرى بولسا، ئانار شەربىتى، ئەرقى كاسنە قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ھۆل ئىسسىق بولسا گۈلقەنت، لىمون شەربىتى، ئامىلە نۇشدارى، ئانار شەربىتى بېرىش ياكى تاباشىردىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، سىركە ۋە ئەرقى گۈل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

سۇمبۇل، سەئدى كوفى، ئىزخىر، مەستىكى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بېھى سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ياكى ناردىن يېغى سۇۋاش كېرەك.

ئانار گۈلى، مەستىكى ھەربىرى يەتتە گرام، ئەپسەنتىن، سەبرە ھەربىرى تۆت گرام قىزىلگۈل ئون گرام، قەلەمپۇر، سەئدى كوفى، سۇمبۇل ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ دورىلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل ياكى ھاراق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ ئاشقازانغا سۇۋاش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ كەكلىك، كەپتەر گۆشلىرىنى دارچىن، لاچىندانە، قەلەمـ-پۇر، زەپەر، زىرە قاتارلىق دورىلار بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ پىشۇرۇپ، لىمون سۈيى ياكى ئانار سۈيى بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئىبنىسىنا «ئاشقازان ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللى-نىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاشقازان ئاجىزلىقىدا سۇ ياكى كالا قېتىقىغا مۇز سېلىپ سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بەزىدە ئاشقازان ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا قىزىتقۇچى يېمەكلىكلەر، دورىلارنى كۆپ ئىشلەتكەندە ئۇسسۇزلۇق كۆپىيىپ كېتىپ، بىمار سوغۇق سۇ ئىچىش بىلەنلا كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئاشقازان ئېغىزىنى كۈچلەندۇرۇش ئۈچۈن زىمادلارنى تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك، چۈنكى ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇۋالما ۋە ياغلار ئارقىلىق ئاشقازاندا بوشىشىپ كېتىش يوق بولىدۇ.

موم ۋە نارجىل يېغى ھەربىرىدىن 36 گرامدىن ئېلىپ، قىيرۇتى ياساپ ئىشلىتىلـ-دۇ. ئەگەر ئاشقازان يېمەكلىكلەرنى تۇتۇپ تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا بۇ قىيرۇتىغا سەبرە ۋە مەستىكى رەۋەن ئۇسارىسى ھەر بىرى تۆت گرام قوشۇش كېرەك.

جالىنۇس «سىركەنجىۋىل سەپەرجىلىنى ئىغىر دەرىجىدىكى هارارەت ياكى ئىغىر دەرىجىدىكى قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن باشقا ئاشقازان ئاجىزلىقى ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلىقى قۇۋۋىتى داپىئە (ئىتتىرىپ چىقارغۇچى قۇۋۋەت) ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولسا، تاماق تەس سىڭىش ياكى ئۇزۇقلۇق ئاشقازاندىن تېزلا سىڭىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل هالەتتە تاماق تەس سىڭسە، كۆپتۈرۈلگەن خېمىر نېنى، مۇدەتتىن بۇرۇن سىڭىپ كەتسە پېتىرنان بېرىش كېرەك.

ئاشقازىنى ئاجىز بىمارلارغا تاماقنى بىراقلا بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئاجىزلىق هالىتىدە قورساقنى بەك تويغۇزۇۋېتىش سەۋەبىدىن ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇزۇقلۇق ئوبدان هەزىم بولمايدۇ. شۇڭا تاماقنى ئاز ـ ئازدىن بېرىش، تاماق بېرىشتە يۇمشىتىش ۋە قۇرۇتۇشنى ئاساس قىلىش، تاماقتىن كېيىنلا هەرىكەت قىلىشتىن ۋە هاراق ئىچىشتىن چەكلەش كېرەك.

جەدۋاردىن ئىككى گرامنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ يېگۈزۈش، پادى زەهرى مەدەنى ۋە پادى زەهرى هايۋانى ئىشلىتىلىدۇ. بېھى يېگۈزۈش كېرەك.

بېھى سۈيىگە تاتلىق ئانار شەربىتى، پىننە شەربىتى ۋە ئاز مىقداردا مەستىكى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاپېلسىن ياغىچى ياكى ئاپېلسىن گۈلى ۋە ياكى ئاپېلسىن پوستىنى سىركە، ئۈزۈم سۈيى، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلارنىڭ بىرەرسى بىلەن قاينىتىپ، ئۈچەي ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈش كېرەك.

هۆل سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاجىزلاش ئۈچۈن ئاسارۇننى قائىدە بويىچە ئىچكۈزۈش كېرەك.

مەستىكىنى تېشى ۋە ئىچىدىن تەڭ ئىشلىتىش، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا سىركە ۋە دورىلارنى تامىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئاپېلسىن ياغىچى پوستى، ئاپېلسىن ئۇرۇقى، سەلىخە، ئەبرىشىم، جۇۋىنە، هۇمماز ئۇرۇقى، هاراق قاتارلىق دورىلار قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

هۆل پىنىنىدىن 500 گرام، هۆل قىزىلگۈلدىن بىر كىلوگرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ كىلوگرام شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپتا قويۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېگۈزۈش كېرەك.

ئاق تىكەن يىلتىزى، گۈلقەنت، هەسەل گۈلقەنتى، شارابى بىلسان ياغىچى پوستى، سازەج هىندى، مۇقەل، مۇرمەككى، قەلەمپۇر، ئۇرۇقى بار ئۈزۈم، ئۈزۈم ئۇرۇقى، ئۇد سەلىب، بەرگى تەنبۇل، قاقىلە، لاچىندانە، پوستى ئاقلانغان تاتلىق بادام مېغىزى، كاۋاۋىچىن، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، هەببى نىل، هەببى بىلسان، هۇماما، تېرىق، زەنجە-

ۋىل، زەنجىۋىل مۇراباباسى، ماش، پىلپىل، كەرەپشە، زىرە، ئېگىر، پىياز سىركىسى، سىركە، ئەنجىدان ياغىچى، دۇرنەج ئەقرەبى، توخۇ تاشلىقى پوستى، سۇزاپ ئۇرۇقى رۇم بەدىيان، باقىلا قاتارلىق خام دورىلاردىن تاللاپ ئېلىپ، ھەر خىل ياسالما شەكلىدە ئىشلىتىش ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن ئاجىزلاپ كېتىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

تاباشىر، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى، ئاق نامازشامگۈلى ئۇرۇقى، ئانار ئۇرۇقى، زىرىق، ئامىلە، ئانارگۈلى، مەرۋايىت، قورۇلغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، خۇنسىياۋشان، ئاچچىق ئانار سۈيى، ئارپا يارمىسى، ئوسۇك، ئەينۇلا، قىزىل مارجان قاتارلىق دورىلارنى ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن ئاجىزلىششىغا ئىشلىتىش كېرەك.

ئامىلە نۇشدارى سادده، ئامىلە نۆشدارى لۆئلىۋى، جاۋارىش ئامىلە، جاۋارىش سەپەرجىلى، جاۋارىش ئۇدى بارىد، جاۋارىش ئۇدھار، جاۋارىش ئۇدتۇرۇش، جاۋارىش ئەنبەر، جاۋارىش زىرىشك، ھەببى مەستىكى، سۇفۇپى قەلەمپۇر، سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى، سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى لىمونى، ئۇد ھىندى شەربىتى، زىرىشك شەربىتى، ئۇد تۇرۇش شەربىتى، ئەرقى پان، ئەرقى چۆپچىن، قۇرسى ئۇد، مەجۇنى رۇممان ئولۇنخان، مەجۇنى مۇقەۋۋى ۋەرد، مەجۇنى مۇلكى، مەجۇنى خۇپسىل ھەدىد، مەجۇنى كاسىر رىياھ، مەجۇنى سەپەرجىل، مۇپەررىھ مەرۋايىت، مائۇللەھمى قاتارلىق دورىلاردىن ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

## يەتتىنچى پەسىل بوۋاقلاردىكى ئاشقازان ئاجىزلىقى

## ضعف معده اطفال

**سەۋەبى:**

بۇ كۆپىنچە ئانا سۈتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك.

**داۋالاش:**

بالا ئىمىۋاتقان سۈتنىڭ مىقدارىنى بىرئاز كېمەيتىش ۋە ئانىغا ياكى سۈت تەركىبىگە بىر ئاز قەلەمپۇر ۋە ئىپار بىلەن بېھى سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئامىلە نۇشدارى، جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش مەستىكى قاتارلىقلارنى سۈت ياكى ئەرقى گۈل بىلەن ئېرىتىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى ۋاخ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بېھى سۈيى بىلەن سۇفۇپى ئەرەستۇ بېرىش ياكى توخۇ تاشلىقى پوستىنى ئاق شېكەر بىلەن سۇفۇپ قىلىپ داۋاملىق بېرىش كېرەك.

بەدىيان، پىننە، لاچىندانە، زەرنەپ، زورەنبات قاتارلىق دورىلارنى قارا تۇز ياكى شېكەر بىلەن بىرگە تالقان قىلىپ بېرىش كېرەك.

قەلەمپۇرنى ئەرقى گۈل بىلەن قايىنىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ناشتىدىن بۇرۇن ئىچكۈزۈش كېرەك.

## سەككىزىنچى پەسىل    ھەزىم ئاجىزلىقى
## ضعف ہضم

**تونۇش:**

بۇ ئاشقازاننىڭ سۈمۈرۈش، تۇتۇپ تۇرۇش، ھەزىم قىلىش، ئىتتىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ھەزىم قىلىش خىزمىتى ئاجىزلاپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئوزۇقلۇقلار ياخشى ھەزىم بولمايدۇ.

**سەۋەبى:**

1. سۈمۈرۈش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. كۆپىنچە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ توپلىنىشۋېلىشى ياكى خىلتسىز سوغۇق، ھۆل كەيپىياتلارنىڭ تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

2. تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئىسسىق خىلتىنىڭ ئېچىشتۇرۇشى ۋە ئاغرىتىشى سەۋەبىدىن بۇ خىل كۈچ ئاجىزلاپ كېتىدۇ ھەمدە ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. بەزىدە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىت تەسىرىدىن بولىدۇ.

ئاشقازان يارىسى، ئاشقازان مۇدۇر - چاقىلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

3. ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. ئىتتىرىش كۈچى كۆپىنچە ئىسسىق كەيپىيات ۋە خىلىتلار تەسىرىدىن ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

4. ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ.

ھەزىم ئاجىزلاش: ئىچكى سەۋەبلەردىن يەنى ھەر خىل كەيپىياتلار ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ.

تاشقى سەۋەب يەنى يېمەكلىكلەرنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىنىڭ ناچارلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئالامىتى:**

1. سۈمۈرۈش كۈچى ئاجىزلىقى: بۇنىڭدا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا ئېغىرلىق بولۇش، ماغدۇرسىزلىنىش، يۈرەك ئېغىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، قەي قىلىش، كۆڭۈل ئايىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

2. تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى: بۇنىڭدا بىمار ھەرىكەت قىلغاندا يېمەكلىكلەر قەي

ئارقىلىق چىقىپ كېتىش، يېمەكلىكلەر ئاشقازانغا مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈپ كېتىپ ھەزىم بولماستىن چىقىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

3. ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى: بۇنىڭدا يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرۇش، كېكىرىش بىلەن يېمەكلىكلەرنىڭ پۇرىقى كېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

4. ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى: بۇنىڭدا ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش، ئېغىز پۇراش، مىزاج ئىسسىق بولسا كۆپ ئۇسساش، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن ھۇزۇرلىنىش، مىزاج سوغۇق بولسا ئۇسسىماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ھەزىم ئاجىزلىقىنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى داۋالاش تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ.

### 1. سۇمۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف ہضم جاذبی

1. ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا، لىمون شەربىتى، ئالما شەربىتى، پەۋاكىھ شەربىتى، سەندەل شەربىتى، قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش.

ئاشقازانى تازىلاشتا ئاشقازانىنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان ئۇسۇللار ياكى مەتبۇخى ھېلىلە ۋە شەربىتى ۋەرد قاتارلىق دورىلار بىلەن تازىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازانى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن جاۋارىش سەندەل، جاۋارىش پەۋاكىھى، ئەرقى گۈل قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئالما شەربىتى ئىچكۈزۈش ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز بولغان زىمادلار، مەسىلەن: كاسىنە چېچىكى، ئانارگۈلى، خېنىگۈلى، سەندەل، قىزىلگۈل ھەربىرى ئالتە گرام، بېھى، ئالما ھەربىرى 36 گرام، ھەببۇلئاس 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە لادەن يېغىغا 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىش كېرەك.

تاباشىر، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، كاسىنە چېچىكى ھەربىرىنى بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، چۈچۈمەل ئانار شەربىتىدىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر تال كۈمۈش ۋاراق ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدە سادده ھەر بىرى 84 مىللىلىتىر، لىمون شەربىتى 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان نېلۇپەر ئۇرۇقىدىن يەتتە گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش شاھى بېرىش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىش كېرەك.

2. ئەگەر كېسەللىك خىلتسىز سوغۇقتىن ياكى ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولسا، ئاشقازاننىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىق يۇمشاق يېمەكلىكلەردىن چۈجە، قۇشقاچ، كەپتەر، كەكلىك گۆشلىرىنىڭ شورپىلىرى ياكى قورۇلغان گۆشلەرنى زىرە، ياۋا زىرە، لاچىندانە، دارچىن، جۇۋنە، زەپەر قاتارلىق دورىلار بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئانارگۈلى، مەستىكى، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، ئەپسەنتىن، قىزىلگۈل، سەبرە، بېھى قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچكۈزۈش ۋە نامازشامگۇل ياغىچى سۈيى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

## 2. تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف ہضم ماسکی

1. ئىسسىق خىلىت تەسىرىدىن بولغان تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى:

قەي قىلدۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئېلىپ بېرىش ۋە بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالما قىيامى، بېھى قىيامى، لىمون شەربىتى ۋە تېرىق قوشۇلغان ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ۋاقتى ئۇزۇن بولسا مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش، تاباشىر، ئانار گۈلى، قىزىلگۈل، كەھرىۋا، سەمغى ئەرەبى قاتارلىق دورىلاردىن تالقان تەييارلاپ، ئانار گۈلقەنتى بىلەن بېرىش كېرەك.

جاۋارىش ئامىلە لۆئلۆئى ئولۇۋخان بېرىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا گۈرۈچ، تېرىق، نوقۇت ئۇنى، غورا سۈيى، ئاچچىق ئانار سۈيى، بېھى سۈيى قاتارلىق دورىلارنى بېرىش ۋە چۈجە گۆشىنى قاينىتىپ ياكى قورۇپ، غورا سۈيى، ئانار ئۇرۇقى سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش.

سەندەل، تاباشىر، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، نامازشامگۈلى ياغىچى، بېھى، ئالما قاتار-لىقلاردىن زىماد تەييارلاپ سۈۋاش كېرەك.

2. خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى:

بۇنىڭدا يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن تازىلاشتىن باشقىسىنى قوللىنىش كېرەك.

3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى تەسىرىدىن بولغان تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى:

بۇنىڭغا قارىتا قەي قىلدۇرۇش ياكى ئايارەج پەيقارا يېگۈزۈش ئارقىلىق تازىلاش ئۇنىڭدىن كېيىن شەربىتى ئاس، شەربىتى ئەنجىبار، جاۋارىش خۇزى، ئىترىفىل سەغرى

قاتارلىقلارنى تالقان ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئۇد خام، ئامىلە مۇقەششەر، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە زىماد قىلىش كېرەك.

### 3. ئىتتىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف ہضم دافعی

ئىتتىرىش كۈچىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مېۋە سۈلىرى، سىركەنجۇبىل، مائۇلجەبىن خىيارشەنبەر، كاسىنە سۈيى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، ئاقلانغان ماش، پالەك قاتارلىقلارغا بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئاجىزلاش خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولسا، خىلىتلارنى تازىلاش زۆرۈر بولسا، مەتبۇخى تۇربۇت، ھەببى ئايارەج ئىشلىتىش ياكى خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، گۈلقەنت قاتارلىقلارنى دىنار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

خىلىتلارنى تازىلاشتىن كېيىن جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇد شېرىن، ھېلىلە مۇراباسى ئىشلىتىلىدۇ ياكى مەستىكى، لاچىندانە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە مۇراباسى بىلەن يېگۈزۈش ۋە ياكى ئەرقى دارچىن ۋە پىننە گۈلقەنتى، ئامىلە مۇراباسى بېرىش كېرەك.

### 4. ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى داۋالاش:

علاج ضعف ہضم ہاضمی

سەۋەبىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. كېسەللىك خىلىتسىز مىزاج بۇزۇلۇش، خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش، يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ شۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كې-رەك.

ئىبنى ماسۇيە «ھەزىم ئاجىزلىقىدا ئىسسىق ۋە سوغۇقلۇق ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولمىسا، بۇ كېسەللىك ئاشقازاننىڭ پۈتۈنلۈكىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا خۇپسىل ھەددىنى ئىترىفىل سەغرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ۋە قابىز زىمادلارنى ئىشلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ھەزىم ئاجىزلىقى بىلەن ئاشقازان ئاجىزلىقى بىللە كەلگەن بولسا، داۋائى مىشكى مۆتىدىل، لاچىندانە شىرىسى، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گۈل، تاتلىق ئانار شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش ياكى نۇشدارىنى ئەرقى گۈل بىلەن

قايىنىتىپ ياكى يەتتە گرام نۇشدارى، ئالتە گرام ئۇد ئەرقى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى لاچىندانە، ئەرقى گۇل ھەربىرىدىن 120 مىللىلىتىر بىلەن قايىنىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

جاۋارش ئۇد تۇرۇش يەتتە گرامنى بەدىيان شىرىسى تۆت گرام، رۇم بەدىيان شىرىسى ئىككى گرام، بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈش، جاۋارش مەستە-كىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ تۇرۇش، لاچىندانە شىرىسى ئۈچ گرام، بەدىيان شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى تۆت گرام، ئەرقى گۇل 48 مىللىلىتىر، تاتلىق ئانار شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم ئاجىزلىقى بىلەن ئىشتىھا تۆۋەنلەش بولۇپ، بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گۇل ھەربىرى 48 مىللىلىتىردىن، ئانار شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكۈشۈش يەنە جاۋارش ئاناردىن يېگۈزۈش ياكى شەربىتى ئامىلە بىلەن جاۋارش ئامىلە يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم ئاجىزلىقى بىلەن قورساق ئاغرىش بولسا، جاۋارش كۇمۇنى كەبىردىن ئالتە گرامنى بەدىيان شىرىسى ۋە گۇلقەنت بىلەن بىرگە بېرىش ياكى جاۋارش كۇمۇنى كەبىرگە گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، سىركەنجۇبىل ساددە 24 گرام، ئەرقى گۇل، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا ھەربىرى 48 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم قىلىش كۈچى ئاجىزلاش بىلەن بىرگە ئاغرىق ۋە نەزلە بولسا، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا ھەربىرى 60 مىللىلىتىر، خەشخاش شەربىتى 12 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق جاۋارش مەستىكىدىن بەش گرامنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك بىلەن بىرگە يۈرەك ئېغىش، سۆزنەك، بۆرەك ئاغرىش قاتارلىق-لار بولسا ئەفتىمۇن ئۇرۇقى شىرىسى ئۈچ گرام، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرام، ئەرقى سەندەل 120 مىللىلىتىر، بۇزۇرى شەربىتى مۆتىدىلدىن 24 گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا قىزىل تۇدەرىدىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن جاۋارش ئامىلە لۆئلۆئى يېگۈزۈش كېرەك.

جاۋارش ئۇد شېرىن، جاۋارش ئۇد تۇرۇش، ئامىلە نۇشدارى ساددە قاتارلىق دورىلار-نى ئەرقى بەدىيان ۋە ئەرقى گۇل بىلەن يېگۈزۈش ۋە نەمەك سۇلايمانى، سۇفۇپى ئۇد ھىندى قاتارلىقلارنى ئەرقى نانخا بىلەن ياكى سۇفۇپى پىنىنى ئەرقى لاچىندانە بىلەن ئىستېمال قىلىش كېرەك.

جاۋارش ئەنبەر، جاۋارش مىشكى، ھەببى ھەزىم، ھەببى نەمەك، ھەببى تۇرۇچ،

ھەببى ھىلتىت، خېمىرى ئۈدتۇرۇش، داۋائى ھەزىم، سۇفۇپى ھەزىم ئولۇغخان، سۇفۇپى نەمەك سۇلايمانى، سىركەنجۇبىل گۇلقەنتى، ئەرقى تەنبول، ئەرقى بەدىيان مۇرەككەپ قاتارلىق پىششىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئادەتتىكى سەۋەبلەر ياكى ئادەتتىكى توشۇپ قېلىشلاردىن يۈز بەرگەن بولسا قەي قىلدۇرۇش، يېمەكلىكنى ئازايتىش، بىمارنى مۆتىدىل جايدا ئۇخلىتىش، ئەمگەكتىن چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىكتە تاماقتىن كېيىن ئاشقازان ساھەسى ئېچىشىش، كۆڭۈل ئاينىش، كېكىرگەندە تاماق پۇرىقى كېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا ئىلمان سۇ ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش ۋە بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، بۇخا-راتلارنى يوقىتىش ۋە ئۇيقۇ كەلتۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىنەپشە يېغى، بادام يېغى، گۇل يېغى، نامازشامگۇل يېغى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ياغلاردىن بىرەرىنى سۇۋاش ۋە قىزىتىل-غان رەخت بىلەن قورساق، بېقىنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، قول - پۇتقا گۇل يېغى ۋە زەيتۇن يېغى سۇۋاش، بىمارنى ئاچ قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى ئەگەر بىمار يەڭگىللىگەندەك ھېس قىلسا يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن سىڭىشلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىش، ياخشىلىنىش بولمىسا ئاددىي تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇخ-لىتىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم ئاجىزلىقى بىرەر خىلتنىڭ ھارارىتىدىن بولسا سىركەنجۇبىل سەپەرجە-لى، ئامىلە شەربىتى ۋە چۇچۇمەل، قابىز خۇسۇسىيەتلىك يېمەكلىكلەرنى بېرىش ۋە قىزىلگۇل ئون ھەسسە، تاباشىر ئۈچ ھەسسە، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىدىن بەش ھەسسە ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ، ئانار سۈيى ياكى سىركەنجۇبىل سەپەرجىلى بىلەن بېرىش كېرەك.

ئامىلەنۇشدارى، جاۋارىش ئانارىن، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پەنجىنۇش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك جاۋارىشلارنى كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

شاراپ ھەزىمنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئوبدان ئۇخلاش، قول - پۇتنى مۇجۇش تەدبىرىمۇ ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

ئەگەر ھەزىم ئاجىزلىقى ھۆللۈكتىن بولسا ئۈنى تازىلىغاندىن كېيىن جاۋارىش مەستە-كى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقىدىن بولسا، مائۇلجەبىن ۋە ئەرقى شىر ئىچكۈزۈش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بەدەن سوۋۇپ كېتىشتىن كېلىپ چىقسا، مائۇللەھمى، ھاراق ۋە شورپا ئىچكۈزۈش كېرەك.

پىننە، ھۆل زەنجۇبىل، زەنجۇبىل قاتارلىقلار بىلەن غاز ۋە پاختەك گۆشلىرىنى

پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ھەزىم بۇزۇلۇش، ھەزىم قىلىش كۈچى ئاجىزلاش، سېسىق كېكىرىش قاتارلىق سەۋەبلىرى كۆپىنچە ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا ئەھۋالغا قاراپ ھەزىم قىلىش كۈچى ئاجىز-لاشقا قارىتا ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە سېسىق كېكىرىش كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

# ئالتىنچى پەسىل    ھەزىم بۇزۇلۇش

## فساد هضم

**تونۇش:**

بۇ بەك كۆپ ياكى ئاز يېيىش ۋە تەس سىڭىدىغان، بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇ «پەسادى ھەزىم» ياكى «سۇئى ھەزىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

يېمەكلىكنى بەك كۆپ يېيىش ياكى يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە مىزاج بۇزۇلۇش ياكى سىرتقى ئامىل تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش، سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئوزۇقلىنىش تەرتىپىنىڭ ناچار بولۇشى، سىڭىشلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ ئۈستىدىن تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەن بولسا سىڭىشلىك يېمەكلىكلەر دەسلەپتە ھەزىم بولىدۇ. بىراق ئاشقازاندا تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەر بولغانلىقى ئۈچۈن يېمەكلىك ئاستىغا چۈشەلمەي ئاشقازاندا توختاپ قېلىپ ئاشقازاندا بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلتتىن بولغان ياكى خىلتسىز كەيپىياتلار تەسىرىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. يەنى بۇ سەۋەبلەردىن ئاشقازان يېمەكلىكلەرنى تۇتۇپ تۇرالماي، يارا، ۋە چاقا ـ جاراھەتلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

يەل تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ، يەنى يەل ئاشقازاندا بېسىم پەيدا قىلىپ، باشقا يېمەكلىكلەرنى ئاشقازاندا توختاتمايدۇ ۋە ئۈستىگە ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيقۇ ئاز بولۇش، تاماقتىن كېيىن ئېغىر ھەرىكەت قىلىش، تاماق يەپ بولۇپ كۆپ سۇ ئىچىش، تاماقتىن كېيىن ئۇسسۇزلۇقنى ئاز ئىچىش، تاماقتىن كېيىنلا ھەزىمنى ناچارلاشتۇرغۇچى يېمەكلىكلەرنى بىراقلا يېيىش، تاماقتىن كېيىن مۇن-چىغا چۈشۈرۈش، ناھايىتى ئىسسىق ياكى سوغۇق ھاۋا تەسىرىگە ئۇچراش قاتارلىق سەۋەب-لەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

تەكشۈرۈش:

ئەگەر بىماردا ئۇخلىيالماسلىق، كۆپ ھەرىكەت قىلىش، كۆپ ھاراق ئىچىش مۇنچىغا چۈشۈش، سوغۇق تېگىپ قېلىش ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار كېسەللىك سەۋەبى بولىدۇ.

ئەگەر يەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (يەلنى تەكشۈرۈش ئاشقازاننىڭ يەلدىن بولغان كېسەللىكلىرىدە سۆزلەندى).

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر كۆڭۈل ئېلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر ئارقىمۇئارقا ۋە داۋاملىق يۈز بەرسە بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرى تۇتقاقلىق شەكلىدە يۈز بەرسە، بۇ كېسەللىك خىلىتنىڭ باشقا ئەزادىن ئاشقازانغا تۆكۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر مەۋجۇت بولمىسا ۋە ئىشتىھا تۇتۇلۇش، بەدىنى ئاجىزلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلمىسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاشقازان بوشىشىپ كېتىش، ئاشقازان توقۇلمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىقلاردىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

داۋالاش:

ئىلمان سۇغا تۇز سېلىپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ياكى سېرىقچېچەك قايناتمىسىغا سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەلدە قەي قىلدۇرۇشقا ئىمكان بولمىسا ياكى يېمەكلىك ئاشقازاندىن ئۈچەي تەرەپكە چۈشۈپ كېتىپ بولغان بولسا، جاۋارىش شەھرىيان ۋە جاۋارىش تەمرىگە ئوخشاش ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ۋە سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلار بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىش، تازىلاشتىن كېيىن يېمەكلىكلەرنى چەكلەش ۋە ئۇيقۇنى ئازايتىش، قورساق قاتتىق ئاچقاندا يۇمشاق، سىڭىشلىق، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى يېمەكلىكلەردىن كەپتەر، كەكلىك گۆشى قاتارلىقلارغا دارچىن، پىلپىل، زەپەر قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن بەدەن چىنىقتۇرۇش، مۇنچىغا چۈشۈرگۈزۈش، ئاشقازان ساھەسىنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش ۋە قول - پۇتنى سۇغا چۆكۈرۈپ بېرىش كېرەك.

ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېيىن ئىچ سۈرۈش يۈز بەرگەن بولسا، ئاشقازاننى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئانار شەربىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك جاۋارىشلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر قان تولغاق يۈز بەرگەن بولسا، ھەزىم قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئاق لەيلى يىلتىزىغا ئوخشاش سىلىقلاشتۇرغۇچى، راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلارنى يۇقىرىقى دورىلارغا قوشۇپ بېرىش كېرەك.

ھەزىم بۇزۇلۇشنى داۋالاشتا سەۋەبىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى داۋالاشنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

1. يېمەك ـ ئىچمەكتىن كېلىپ چىققان ھەزىم بۇزۇلۇشنى داۋالاش:

علاج فساد ہضم غذائی

يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش سەۋەبىدىن بولسا، سىرىقچېچەك قايناتـ مىسى ۋە سىركەنجبىل ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇپ يېمەكلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈلقەنت ۋە جاۋارىش كۇمۇنغا ئوخشاش قىزىتقۇـ چى ۋە قۇرۇتقۇچى جاۋارىشلارنى بېرىش، قول ـ پۇتنى سوغا چۆكۈرۈپ بېرىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ چۈجىسى، كەكلىك، كەپتەر شورپىلىرىنى سىركە بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش، مۇۋاپىق دەپ قارالسا بەدەن تەبىئىي ھارارىتىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر ئاز ھاراق ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك تاماقنى كۆپ يېيىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاشقازاندىكى بۇزۇق خىلتلار پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولغانغا قەدەر ھېچقانداق يېمەكلىك بەرمەسلىك، تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بولمىسا مەستىكى، ئۇدخام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ، ئەرقى گۈل بىلەن بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق بولسا ۋە بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ۋە ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇـ شى ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە سېسىق كېكىرىشتىن كېيىن باش ئاغرىقى ياكى قۇلاق ئاغرىش قاتارلىقلار يۈز بەرگەن بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە سوۋۇتۇش ئۈچۈن گۈل يېغى، سىركە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، داكىنى ئۇنىڭغا چۆكۈرۈپ باشقا قويۇش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق توختىمىسا، قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى قاتارلىقلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش ۋە بىمارنىڭ پاچاقلىرىنى باغلاش ۋە تاپاننى ئۇۋۇلاش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى يېمەكلىكلەرنىڭ ئازلىقىدىن بولسا، ئاشقازان مىزاجىنى ياخشىلاش ۋە ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش تەدبىرلىرىنى تالالاپ قوللىنىش، يېمەكلىكلەرنى تويغۇچە يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ئېغىر بولسا ۋە قەي قىلدۇرۇش قىيىن بولسا، كۈچلۈك جاۋارىشلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر بىمار مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈچەي كېسەللىكلىرى ياكى بوۋاسىر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ھەزىم بۇزۇلۇش پەيدا بولغان بولسا، قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقىغا ئەرقى گۈل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ياكى قۇرۇق نانني يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭ ھالۋىسىغا مۇۋاپىق مىقداردا بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭغا قورۇلغان ئىسپىغول ئۇرۇقى ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشىنى قورۇپ بېرىش، ئۈچىنچى كۈنى مايسىز گۆشنى سوغۇق سۇغا چىلاپ سىقىلغان سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردا يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. چۈچۈمەل يېمەكلىكلەرنى بېرىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

### 2. ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ھەزىم بۇزۇلۇشىنى داۋالاش:

علاج فساد هضم سوء مزاج معده

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان ھارارىتى يۇقىرى ئۆرلەش سەۋەبىدىن بولسا:

ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك ياكى زىرىقنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئانار شەربىتى ۋە سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش سەندەل، جاۋارىش كاپۇر، لىمون شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى بىدمىشكى بىلەن بېرىش ياكى سىركەنجىۋىل سەپەرجىلنى ئەرقى پەۋاكىھ بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

سەندەل، قىزىلگۈل، كاپۇر قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل بىلەن زىماد تەييارلاپ ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولسا، ئارپا سۈيى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانار سۈيى ئىچكۈزۈش كېرەك.

سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تەمرى ھىندى سۈيى ۋە سىركەنجىۋىل رۇممانى ئارقىلىق مىزاجىنى سوۋۇتۇش كېرەك.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا سوغۇق سۇ بىلەن غورا شەربىتى ئىچكۈزۈش ۋە ياللۇغلىنىش، ئېچىشىش ئەھۋالى بولسا، سىركە بىلەن قۇرسى كاپۇر بېرىش، ئاشقازان ساھەسىگە ئەرقى گۈل، سۇماق سۈيى زىخ سۈيى قاتارلىق دورىلارنى سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ھارارەت سەۋەبىدىن بولۇپ سېسىق كېكىرىش بولسا، قۇرسى گۈل، قۇرسى تاباشىر، ئانار شەربىتى، ئالما شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بېرىش، سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى ۋە شەربىتى تۇرۇنجىنى ئەرقى گۈل بىلەن بېرىش، تاباشىر، ئاق سەندەل، تاتلىق قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرى ئۈچ گرام، قىزىلگۈل 24 گرام، زىرىق

24 گرام، گىل ئەرمىنى 14 گرام، كاپۇردىن 0.5 گرام دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سېمىز ئوت سۈيى بىلەن قۇرس تەييارلاپ، يەتتە گرام غورا سۈيى ياكى كالا قېتىقى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ئاشقازاننىڭ سوغۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا، ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك يېڭى باشلانغان بولسا قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن جۇۋنە، قارازىرە ھەربىرى يەتتە گرام، قەلەمپۇر ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، شەربىتى مائۇلئۇسۇل 36 گرام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن ئاشقازان ۋە بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى سەبرە ۋە ئايارەج پەيقارا يېگۈزۈش.

ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش فىلاپى، جاۋارىش مەستىكى مۇرەككەپ ۋە ئەپسەنتىن شەربىتىنى ئەرقى ئۇد ۋە ئەرقى پىننە قاتارلىقلار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

مەستىكى ئىككى گرام، ئۇد ھىندى، لاچىندانە ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، ئىترىفىل سەغىردىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، بەدىيان توققۇز گرام، رۇم بەدىيان تۆت گرام، قاقىلە تۆت دانە قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى دارچىن ئۇلۇغخان 108 مىللىلىتىر ۋە ئەرقى گۇلدىن 120 مىللىلىتىرغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئەپسەنتىن شەربىتى مۇرەككەپتىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولسا ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمىسا، ھەسەللىك گۇلقەنت يېگۈزۈش ۋە ئۇد ھىندى، قىزىلگۇل قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سوغۇقلۇق كۆپ بولسا جاۋارىش كۇمۇنى ياكى جاۋارىش ئۇد يېگۈزۈش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا قورۇلغان توخۇ گۆشى يېگۈزۈش ۋە ھاراق ئىچكۈزۈش، ئاشقازانغا مەرزەنجۇش سۈيى سۈۋاش كېرەك.

جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پەندادىقۇن، جاۋارىش ئۇد بېرىش كېرەك، ئەگەر ئۇنۇمى بولمىسا، جاۋارىش ئەنبەر، جاۋارىش فىلاپى بېرىش كېرەك ياكى ھەسەللىك گۇلقەنت بىلەن قۇرسى گۇل بېرىش كېرەك.

ئەگەر سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كۈچلۈك بولسا، ھۆل تەبىئەتلىك داۋائى مىشكى ۋە تەرياقى كەبىر يېگۈزۈش ياكى جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش ئانارىن، شەربىتى ئۇد ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاندا يېمەكلىكلەر ئېچىپ، ئېچىشقان بولسا ۋە ئېچىشىش ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن بولسا تاتلىق ئالما يېگۈزۈش ۋە يېمەكلىكلەردىن ئىلگىرى قۇرۇق يۇمغاقسۈت-نى سۇ بىلەن ئىچكۈزۈش ياكى سۇفۇپى مەستىكى ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر ئېچىشىش يۇقىرى بولسا قۇرسى گۈل بىلەن ئىزخىر چېچىكى بېرىش كېرەك.

جاۋارىش خۇپسىل ھەددىد ۋە بارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى بېرىش كېرەك.

قايناق سۇغا گۈلقەنت سېلىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

پىلپىل، زىرە، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى ھەربىرى بىر ھەسسە، قىزىلگۈل ئىككى ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ تالقان قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى گرام ئېلىپ، ئىلمان سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ھاراق بىلەن يېگۈزۈش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىش كېرەك بولسا، مۇۋاپىق ھالدىكى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈپ، سىركەنجۇبىل ھەسلى ۋە تاۋۇز سۈيى بىلەن قەي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرسى گۈل كەبىر، ئىترىفىل سەغىر ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش خىلتسىز سوغۇقتىن بولسا ۋە بۇ سەۋەبتىن ئاشقازاندا يېمەكلىكلەر چۈچۈمەللەشكەن بولسا قەي قىلدۇرماستىن يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ياز پەسلىدە ھەزىم بۇزۇلۇش بولۇپ، يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا چۈمەللەشكەن بولسا بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. بىمارغا بۇ ۋاقىتتا پەقەت كاۋاپقا ئوخشاش قۇرۇتقۇچى يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ھۆللۈكتىن بولسا، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكتىن بولغان مىزاج بۇزۇ-لۇشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

گۈلقەنت، سىركە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا قۇشقاچ ۋە كەپتەر گۆشى شورپە-سى بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان قۇرۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولسا:

ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىغا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك ۋە بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە ۋە باشقا گۆشلەرنىڭ شورپىلىرىنى بېرىش ۋە مۇنچىغا چۈشۈرۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بولسا:

ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە تازىلاشتىن كېيىن ئىترىفىل سەغىرنى سىركە بىلەن يېگۈزۈش، زىرىق، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى شەربىتىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن قىزىتما بولسا گۈلقەنتتىن 18 گرامنى 18 مىللىلىتىر سىركە ۋە 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى، سىركەنجۇبىل ساددە ھەربىرى ئىككى

گىرام، 24 گىرام سىركەنجۇبىل لىمون، 120 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل، 48 مىللىلىتىر ئەرقى كاسىنە قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر سەپرا خىلتىغا بەلغەم خىلتى ئارىلاشقان بولسا، بەدىياندىن تۆت گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 18 گىرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، 24 مىللىلىتىر سىركە بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

تەمرى ھىندى مۇرابباسىدىن 24 گىرامنى ئەرقى گۈل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بەدەندە سەپرا خىلتى ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدا قايناق سۇ، سىركە، ئارپا سۈيى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىلە، شاھ-تەررە، ئەپسەنتىن قايناتمىلىرى بىلەن ئايارەج پەيقارا يېگۈزۈش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

قەي قىلدۇرۇشتا ئاسان ۋە يەڭگىل بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى قەيدە بەك كۈچەش ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى ئاشقازان مۇسكۇللىرى تەرىپىدىن قايتا شۈمۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا قەيدە بىمار بىئارام بولۇپ، ئاشقازان ھارارىتى ئېشىپ كېتىدۇ.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ئاشقازان ھارارىتى ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن بولسا، سوغۇقلۇققا مايىلراق قاتتىق يېمەكلىكلەرنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك ۋە قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى ۋە قايتۇرغۇچى قىيامىلارنى يېگۈزۈش، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى زىمادلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى ئاشقازان تېگىدە پەيدا بولغان ياكى باشقا ئەزالاردىن ئاشقازانغا كەلگەن بۇزۇق خىلتلار بولسا، بۇ خىلتنى سۈرگۈ دورىلىرى ئارقىلىق تازىلاش كېرەك. لېكىن ياز پەسلى ۋە ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتلاردا سۈرگۈ بېرىشنىڭ ئورنىدا قەي قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازاننىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولسا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلە، قىزىلگۈل شەربىتى مۇكەررە، ھەببى ھېلىلە قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى بەلغەم خىلتىدىن بولسا، ئاشقازاننىڭ بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

دەسلەپتە تۇرۇپ يېگۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن سىرىقچېچەك، تۇز، پىننە قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، ئۇنىڭغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتتە ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايارەج پەيقارا، ھەببى سەبرە ۋە ھەببى مەستىكى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا جاۋارىش فىلاپى، جاۋارىش پەندادقۇن، جاۋارىش سەپەرجىلى، ئەپسەنتىن شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؛

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش بەلغەم خىلىتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يەل ۋە كوكىراش بولسا جاۋارىش ئانارىن ئون گرام شارابى ئەپەس ياكى شەربىتى مۆبېھى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم توپلىنىشۋالغان بولسا، ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقىيا، ھەببى ئىستەمخىقۇن قاتارلىق غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى سۈرگىچى دورىلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر خىلىت بەك قويۇق ۋە ئارىلاشما بولغان ھالەتتە ئالدى بىلەن يۇمشىتىش ۋە خىلىتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بىدەنجىر يېغى ۋە ئايارەج پەيقارانى مائۇلئۇسۇل بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سۈرگۈ دورىلىرىنى بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، مەستىكى، سۇمبۇل قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى بىلەن ئايارەج لوغانزىيا ۋە ئايارەج جالىنۇس قاتارلىق چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەرنى يېگۈزۈش، تازىلاشتىن كېيىن قۇرسى گۇل ئۈچ گرام، مەستىكى، ئۇد ھىندى ھەربىرى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۇلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، جۇۋىنە قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۇل بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا شورپىغا زەيتۇن يېغى، زىرە، خولىنجان، دارچىن قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ بېرىش ۋە كەپتەر، كەكلىك گۆشلىرىنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتى ئاشقازان قاتلاملىرىدا توپلىنىشۋالغان بولۇپ ئۇسسۇزلۇق بولسا، ئايارەج پەيقارا بىلەن ھەسەل ياكى ھەببى سەبرە، ھەببى زەھەپ ۋە ھەببى ئاپاۋىيە يېگۈزۈش كېرەك.

كەرەپشە يىلتىزى، بەديان ھەربىرى 36 گرام، ئەپسەنتىن رۇمى، قىزىلگۈل ھەربىرى 18 گرام، مەستىكى، سۇمبۇل ھەربىرى يەتتە گرام، ھەببى بىلسان، ئاسارۇن ھەربىرى ئون گرام، قېلىن دارچىن، ئۇد بىلسان 14 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 108 گرام ئېلىپ، دورىلارنى 12 لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئاپتاپتا ئۈچ كۈن قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 120 گرام ئېلىپ، سەبرە سۇقۇتى بىلەن 3 ~ 4 كۈنگىچە يېگۈزۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن 2 ~ 3 كۈن ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن قۇرسى گۇلدىن ئۈچ گرامنى 18 گرام ھەسەللىك گۇلقەنت بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن ئاشقازان تازىلانمىسا، ئىككى گرام قۇرسى كەۋكەپنى ھەسەل شەربىتى بىلەن بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاندا ھۆللۈك ئارتىپ كەتكەن بولسا مەتبۇخى ئەفتىمۇن، ئىترىفىل

سەغىر، ئايارەج پەيقارا قاتارلىق دورىلار بىلەن تازىلاش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن سۇمبۇل، مەستىكى قاتارلىق خۇش پۇراق دورىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك جاۋارىشلار ئارقىلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا توپلىنىشۋالغان بولسا، گۈلقەنت، ئىسسىق سۇ، ئىلمان ھالدىكى ئەرقى گۈل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە ئاقىرقەرھا قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق غار ـ غار قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، تۇرۇپ سۈيى ۋە سىركە ئارقىلىق بىر ـ ئىككى قېتىم قەي قىلدۇرۇش ۋە يېمەكلىكلەرنى تەڭشەش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا سۇمبۇل، مەستىكى ھەربىرى ئىككى گرام، مۇرمەكـ كى، سەبرە ھەربىرى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ناردىن يېغى ياكى قۇستە يېغى بىلەن سۇۋالما تەييارلاپ، داكىغا سۇۋاپ ئەتىگەن ناشتىدىن بۇرۇن ئاشقازان ساھەسىگە تېڭىش، تاماق ۋاقتىدا ئۇنى ئېلىۋېتىش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت مېڭە تەرەپتىن ئاشقازانغا تۆكۈلگەن بولسا ئۇنى تازىلاشـ تىن كېيىن كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولسا، خۇش پۇراق تۇتقۇچى دورىلاردىن: قۇرسى تاباشىر، قۇرسى گۈل قاتارلىق سىڭىشلىق ۋە قۇرۇتقۇچى، تۇتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى ئىشلىتىش كېرەك ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 3. باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەزىم بۇزۇلۇشى داۋالاش:

علاج فساد هضم عارضی

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى ئاشقازاننىڭ خىزمىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىك ۋە چارچاشتىن كېلىپ چىققان بولسا، بىمارنى ئارام ئالدۇرۇش، گۈل يېغىغا بەدىيانىنى سېلىپ قاينىتىپ، ئاخشىمى ئاشقازانغا سۇۋاپ قويۇپ ئەتىسى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇۋېـ تىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان قىزىقلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولسا، ئۇنىڭ قىزىقلىـ قىنى يېنىكلىتىش كېرەك.

ئەگەر توشۇپ كېتىش (ئىمتىلا) ھالىتىدە بولۇپ، يەنە ھەددىدىن ئارتۇق جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن بولغان بولسا جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن كەچتە تاماق يېيىشنى توختىتىش كېرەك، بۇ كېسەلنى داۋالاشتا سەۋەبنى يوقىتىش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

# ئونىنچى پەسىل   ھەزىم يوقىلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش
## تخمه وبطلان هضم

**تونۇش:**

ئاشقازاندا يېمەكلىكلەرنىڭ قەتئىي ھالدا ھەزىم بولماسلىقى ۋە پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ خام ھالىتىدە تۇرۇشى ھەزىم بۇزۇلۇش (تەخمە) دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا يېمەكلىكلەر تۆۋەنگە چۈشمەستىن ئاشقازاندا توختاپ قالىدۇ ياكى تۆۋەنگە چۈشۈپ سۈرگۈ ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

كۆپ ساندىكى تېۋىپلار «ھەزىم يوقىلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ پەرقى يوق» دەپ كۆرسەتكەن، لېكىن ھەكىم ئەلى «ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا بۇزۇلۇپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتسە ‹تەخمە› دەپ ئاتايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولماستىن خام ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسا ئۇنى ھەزىم يوقىلىش ‹بوتلانى ھەزىم› دەپ ئاتايمىز» دەپ كۆرسەتكەن.

**سەۋەبى:**

كېسەللىك سەۋەبى ھەزىم بۇزۇلۇش (سۇئى ھەزىمى) نىڭ سەۋەبىگە ئوخشاش بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئىبنىسىنا «بۇ كېسەللىكتە چىرايى پارقىراق بولۇش، دەم سىقىلىش، باش ئېغىر بولۇش، ئاشقازان ئېغىر بولۇش، ھېق تۇتۇش، بوششىپ كېتىش، ھۇرۇنلۇق، ھەرىكەتلىرى سۇس بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇش، ئاشقازان ـ ئۈچەي ساھەسى يېقىمسىزلىنىش، بېقىندا كۆپۈشۈش بولۇش، سېسىق كېكىرىش، كۆڭۈل ئايىنىش، قەي قىلىش، ئىچى سۈرۈش ياكى قاتتىق قەۋزىيەت بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**داۋالاش:**

تۇز سۈيى ئارقىلىق قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن سەۋەبىگە قاراپ ھەزىم بۇزۇلۇش بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

سانانى تالقان قىلىپ گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر ۋە دىنار شەربىتى بىلەن بېرىش كېرەك.

سانا، قىزىلگۈل، شوخلا، بەدىيان، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرىغا رەۋەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاندا ئاغرىش بولسا بەدىيان بىلەن گۈلقەنتنى قايناتىپ ئىچكۈزۈش ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئاشقازان ئاغرىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر-

لەرنى قوللىنىش كېرەك ۋە 24 مىللىلىتىر سىركە ۋە 12 گرام تۇزنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇسسۇزلۇقىغا مۇدەببەر قىلىنغان ئەرقى قىزىلگۈل ئىچكۈزۈش كېرەك.

مۇدەببەر قىلىنغان ئەرقى گۈل تەييارلاش: 30 دانە لاچىندانە، 12 گرام بەديان قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل 750 مىللىلىتىر ۋە 500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا قەنتتىن 84 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان ئاغرىقى توختىمىسا، 500 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا 12 گرام مەستىكى تالقىنى ۋە ئاق شېكەردىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا جاۋارىش شەھرىياندىن 12 گرامنى ئەرقى گۈل بىلەن يېگۈزۈش ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بەديان ئىچكۈزۈش ۋە بۇ كۈنى ھېچقانداق يېمەكلىك بەرمەسلىك كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەستىكى ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتتىن 18 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، بەديان توققۇز گرام، رۇم بەديان بەش گرام، قاقىلە تۆت دانە قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل، ئەرقى پىننە ۋە گۈلاب 375 گرامدىن چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئاق شېكەردىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالدا مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

چۈش ۋاقتىدا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىش ۋە ئۈچ گرام نەمەك سۇلايمانىنى، 60 مىللىلىتىر گۈلاب قەرنەپلى ئۇلۇغان بىلەن يېگۈزۈش يەنى 2 ~ 3 كۈنگىچە مۇشۇ يېمەكلىكتىن باشقا يېمەكلىك بەرمەسلىك كېرەك.

رۇم بەديان، بەديان ھەربىرىدىن بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، جاۋارىش ئۇدقا ئارىلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن ئىچكۈزۈش ۋە جاۋارىش ئۇد يەتتە گرامنى تۆت گرام بەديان شىرىسى، ئىككى گرام رۇم بەديان شىرىسى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ، 24 گرام بۇزۇرى شەربىتى ئارقىلىق ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشتا ئىچ سۈرۈش بىلەن ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەر چىقىۋاتقان بولۇپ، بىمار ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، ئەرقى بەديان، ئەرقى شوخلا ھەربىرى 60 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل، سىركىدىن 24 مىللىلىتىر ئېلىپ، بۇزۇرى شەربىتى ۋە گۈلقەنت ھەر بىرىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن بۇزۇق گاز بولسا ئىككىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، شوخلا شىرىسى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئېچىنى سۈرۈش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن قىزىلگۈل، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم، شوخلا، پەرسىياۋشان، سانا قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈپ، گۈلقەنت ئارىلاش-تۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بۇ ۋاقىتتا پىننە، بېرىلسە بولىدۇ. سېسىق كېكىرىشتە گۈل بىنەپشە بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئاشقازاندا ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئېچىنى سۈرگۈچى دورىلار ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتا تاراتقۇچى دورىلار بىلەن راۋانلاشتۇرغۇچى لوئابلىق دورىلار ئارىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە خولېرا كېسەللىكلىرىدە ھېچقانداق دورىلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىش مۇمكىن بولمىسا ۋە قىزىتما ياكى سەپرا خىلتى بىلەن ئارىلاشقان بەلغەم خىلتى ئاشقازاندا مەۋجۇت بولمىسا، سىركە ياكى دورا شىرىلىرىنى بېرىش چەكلىنىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇشنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاق لەيلى يىلتىزى شىرىسى، بېھى ئۈرۈقى لوئابى ۋە ئىسپىغۇل لوئابى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك. قىزىتما ياكى سەپرا خىلتىنىڭ تەسىرى بولمىسا گۈلقەنت بىلەن سىركە بېرىش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك، قورساق ئاغرىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بىلەن بىرگە كەلگەن بولسا ۋە بىمار نېمە يېسە ياندۇرسا، بىنەپشە، بەدىيان، قىزىلگۈل، سانا ھەربىرى ئالتە گرام، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم ئون دانە، چالا سوقۇلغان كاسنە ئۈرۈقى بەش گرام، گۈلقەنتتىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچكۈ-زۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشنى داۋالىغاندىن كېيىن كۆكرەك ئەزالىرىدا بەلغەم پەيدا بولغان سەۋەبتىن نەپەس كېسەللىكلىرى يۈز بەرگەن بولسا ۋە بەلغەم چىقسا، ئاشقازان ۋە كۆكرەك ئەزالىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈل گاۋزىبان، لاچىندانە ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ قايناتىپ، 12 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن خېمىرى گاۋزىبان توققۇز گرامنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئورۇق ۋە سەپرا مىزاجلىق كىشىلەردە ھەزىم بۇزۇلۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يالغان تولغاق يۈز بەرگەن بولسا، سىلىقلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، توختاپ قالغان يەلنى ئىتتىرىپ چىقارغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش يەنى بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۈرۈقى، بەدىيان ھەربىرى تۆت گرام، ئاق لەيلى يىلتىزى، رۇم بەدىيان ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى 84 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان ۋە 60 مىللىلى-تىر ئەرقى شوخلىغا ئاخشىمى چىلاپ قىزىتىپ بىر كېچە قويۇپ، ئەتىسى سۈزۈپ، گۈلقەنتتىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت دانە تۇخۇم سېرىقى بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا پىننە ئىككى گرام ۋە ئۈرۈقسىز ئۈزۈم ئون دانە قاتارلىق

دورىلارنى قوشۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋارىش ئۇد ئىشلىتىش ياكى قاقىلە، بەدىيان ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئەرقى شوخلا، ئەرقى بەدىيان 60 مىللىلىتىر، ئەرقى گۇل 48 مىللىلىتىر، بۇزۇرى شەربىتى 18 گىرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەسەللىك گۇلقەنت 18 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، ئالتە گىرام ئامىلە نۇشدارى بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش ۋە ئاشقازان خىزمىتى ياخشىلىنىپ بولغاندىن كېيىن سەپرا خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش كېسەللىكى قېپقالغان بولسا زىرىق ئالتە گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۇلگە چىلاپ، ئۇنىڭغا تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېيىن ئىچ سۈرۈشتە پۇتلىسىمان بەلغەم چىققان بولسا ۋە قەۋزىيەتتىن كېيىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش 3 ~ 2 قېتىم ئىچ سۈرۈپ بۇنىڭ بىلەن ئاجىزلىق مەلۇم بولسا، قاقىلە شىرىسى، لاچىندانە شىرىسى، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر، تاتلىق ئانار شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، جاۋارىش ئانار بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن سىيىق كېكىرىش بولسا، سىركە 18 مىللىلىتىر، ئەرقى گۇل، ئەرقى شوخلا ھەربىرىدىن 48 مىللىلىتىر ئېلىپ، 18 گىرام گۇلقەنت ۋە تۆت گىرام ياۋا سېمىز ئوت ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئىككىنچى كۈنى كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گىرام، بەدىيان شىرىسى تۆت گىرام، ئەرقى گۇل 48 مىللىلىتىر، سىركە 24 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇلغان ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن تۆت گىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ ۋاقىتتا تۇز سۈيى بىلەن قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق چوچۇمەل يېمەكلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن قىزىتما تۆۋەنلىگەن بولسا لېكىن ئېغىز شۆلگىيى كۆپىيىپ قالسا، ئەرقى شوخلا 120 مىللىلىتىر، ئەرقى گۇل 48 مىللىلىتىر، سىركەنجۇبىل ساددە 24 گىرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 36 گىرام گۇلقەنت ۋە سوقۇلغان ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئىشتىھاسى نورمال بولسا ئاخشىمى شويلا بېرىش كېرەك، لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، شويلا بەرگەندە ئاشقازان پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولغان بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى بەدىيان شىرىسى تۆت گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گىرام، سىركەنجۇبىل ساددە 24 گىرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن قىزىتما بولسا ۋە بۇ ۋاقىتتا قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن

سۈيدۈكى قويۇق بولسا، ئەرقى بەديان 120 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا 48 گرام گۈلقەنت ۋە 36 گرام دىنار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىچكۈزۈش كېرەك.

تەرەت 3 ～ 4 قېتىم ماڭغاندىن كېيىن ھەزىم بۇزۇلۇش يوقالغان بولۇپ يەڭگىل قىزىتما بىلەن ئاشقازان، باشتا ئاغرىش بولسا ۋە ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولسا، زەھرى - مۆھرىدىن بىر گرامنى شەربىتى ئانارىن 24 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەديان، ئەرقى گۈل ھەر بىرى 48 مىللىلىتىر، ئەرقى شوخلا 60 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورىلار بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك. ئىككىنچى كۈنى شەربىتى ئاناردىن ئورنىغا 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

قىزىتما ۋە باش ئاغرىشلا بولسا ئالتە گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى، 60 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا ۋە 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن بىر قېتىملا قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئالتە گرام ئوسۇك ئۇرۇقى شىرنىسى، 24 گرام بىنەپشە شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. چۈنكى سۈيدۈكى سۈيۇق بولسا بۇ خىل ئەھۋاللار ھەزىمنى بۇزۇشقا سەۋەبچى ماددا بولۇپ قالسا، مۇناسىۋەتلىك دورا شىرنىلىرىنى بېرىش، ئىككىنچى كۈنى تەرخەمەك شىرنىسى ئارىلاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن قورساق پەردىسى خاراكتېرلىك يەل ۋە ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يۈرەك ئاجىزلىق قېپقالغان بولسا، ئەرقى بەديان بىلەن داۋائى مىشكى مۆتىدىلدىن تۆت گرامنى يېگۈزۈش كېرەك.

ھەزىم يوقىلىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش بولسا، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردا توختاپ قالغان يېمەكلىكلەرنىڭ قالدۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى چىقىرىپ تاشلاش مەسىلەن: يېمەكلىك ئاشقازاندا بولسا ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرگۈزۈش، ئۈچەيدە بولسا ئىچىنى سۈرگۈزۈش، سۈيدۈك يولى سىستېمىدا بولسا سۈيدۈك ھەيدەشكە تىرىشىش ۋە بۇزۇق يېمەكلىكلەر باشقا ئەزالاردا بولسا ئەمگەك قىلدۇرۇش، مۇنچىغا چۈشۈرگۈزۈش، تەرلىتىش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

ئەگەر بەدەن بۇزۇق خىلىتلاردىن تازىلانغان بولسا ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈشكە يۈزلىنىش ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، سىڭىشلىق يېمەكلىكلەرنى ئاز - ئازدىن يېگۈزۈش كېرەك.

بەزىدە كېسەللىك كۆپ ئارام ئېلىش ۋە كۆپ ئۇخلاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. چۈنكى ئۇخلاش ۋاقتىدا ھەرىكەت بولمىغاچقا ئوزۇقلۇق توختاپ قالىدۇ. بەزىدە ھەقىقىي بولمىغان ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ مېڭىنى يېپىشتىنمۇ ھەزىم بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ ۋە بۇنداق ھالەتتە ھەزىم بۇزۇلۇشقا مۇۋاپىق داۋالاشنىڭ پايدىسى بولماستىن بەلكى زىيان قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەجۇنى سۈتىر بېرىش ياكى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىقمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ.

# ئون بىرىنچى پەسىل خولېرا

**ہیضہ**

**تونۇش:**

بۇ، يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا ھەزىم بولماي بۇزۇلۇپ، سۈيۈق قىسمى قەي ئارقىلىق چىقىپ كەتسە، قويۇق قىسمى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

سەدىد ئۇنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ: «ئاشقازاندا يېمەكلىكلەر ئۆزگىرىش ۋە تازىلاش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىش خولېرا (ھەيزە) دېيىلىدۇ. چۈنكى يېمەكلىكلەر بۇزۇلغان بولسا ئۇنىڭ بىر قىسمى سەپراغا ئۆزگىرىدۇ ۋە بىر قىسمى يامان سۇپەتلىك بەلغەمگە ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا خولېرا كېسەللىكىدە بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنىڭ سەپرا خىلتى يېنىكلىك ۋە نازۇكلۇق ئېتىبارى بىلەن ئۈستىگە ئېقىپ قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئېغىر قىسمى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئاستىغا چۈشۈپ ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.»

ئىبنىسىنا «خولېرا دېگىنىمىز، ئاشقازان ۋە ئۈچەي يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان، بۇزۇلغان ۋە ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. چۈنكى يېمەكلىكلەر ھەزىم بولمىغان سەۋەبتىن بۇزۇق خىلتلارغا ئۆزگەرسە، تەبىئەت ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**ئالامىتى:**

بىر خىل يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان خولېرا بىرنەچچە خىل يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان خولېراغا قارىغاندا يەڭگىلرەك بولىدۇ.

يامان سۈپەتلىك خولېرانىڭ ئالامەتلىرى يەڭگىل باشلىنىپ تەدرىجىي ئېغىرلاپ بارىدۇ. يەنى دەسلەپتە ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ئاغرىش ۋە قاتتىق تولغاق پەيدا بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن قورساق ساھەسىگە تارقىلىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

بۇ خىلدىكى خولېرادا كۆپىنچە قەي قىلىش ۋە ئىچ سۈرۈش ئىككىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ.

ئەگەر ئاشقازاندىكى ھەزىم بۇزۇلۇش پەيدا قىلغۇچى خىلتلار چىقىپ كەتسە، پۈتۈن بەدەندىكى خىلتلار ئاشقازانغا يىغىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا دەسلەپتە سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچى سۇدەك كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن گۆش يۇغان سۇدەك ئىچى سۈرۈشكە باشلايدۇ. بەزىدە پوتلىسىمان

ۋە يۇيۇلغان قاسىراقلارغا ئوخشاش ئىچى سۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تومۇر ھەرىكىتىدە بوشىشىش ۋە تارتىشىش پەيدا بولىدۇ ۋە سوغۇق تەرلەش بىلەن بىرگە ئۆلۈم خەۋپى يۈز بېرىدۇ.

خولېرا كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى كۆپ ئۇسسايدۇ. چۈنكى بىمار ئىچكەن سۇ ئاشقازانغا بارغان ھامان قىزىپ كېتىدۇ. شۇڭا سۇنى كۆپ ئىچىش ئورنىغا بىمارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى پەسەيتىشكە تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

خولېرادا تومۇر ھەرىكىتى كۆپىنچە ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقى ۋە تومۇرلارنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن يوقىلىدۇ. ئالامەتلەر يوقالسا تومۇر ھەرىكىتىمۇ ئەسلىگە كېلىدۇ.

خولېرا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىگە قارىغاندا ئادەتلەنمىگەن كىشىدە خولېرا كۆرۈلسە خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كېسەللىك بالىلاردا، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە، قاتتىق يېمەكلىكلەر بىلەن سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىدىغان كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

ئۆرۈك ۋە قوغۇن يېگەندە خولېرا كېسىلىدە قوزغىلىش پەيدا بولىدۇ. بەزىدە خولېرا توختاپ قېلىپ، ئۇنىڭ قالدۇق ماددىسى سۈيدۈك ئەزالىرى تەرەپكە چۈشۈپ، سۈيدۈكتە ئېچىشىش پەيدا قىلىدۇ.

خولېرا كېسەللىكلىرى جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن قەي قىلىش ۋە ئىچى سۈرۈش ھەر ئىككىلىسى تەڭ كۆرۈلىدۇ. لېكىن بەزىدە پەقەت ئىچى سۈرۈشلا يۈز بېرىدۇ. لېكىن بۇنداق ھالەتتىمۇ كۆڭۈل ئاينىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەگەر يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا بۇزۇلغان بولسا ئۇنىڭ يەڭگىل قىسمى قەي ئارقىلىق، ئېغىر قىسمى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر يېمەكلىك چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىچ سۈرۈش توختاپ قالغان بولسا بۇ خىل ھالەت ئانچە خەتەرلىك ئەمەس. لېكىن بۇزۇق يېمەكلىكلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ئېچىشىش پەيدا بولسا بۇ خىل ھالەت خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇنداق ھالەتتە سەپرا خىلتى خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش ۋە سېسىق پۇراقلىق ئىچى سۈرۈش بولۇشقا باشلايدۇ. بەزىدە ماغدۇرسىزلىق، بەدەن ئورۇقلاش ۋە گۆش يوغان سۇدەك ئىچى سۈرۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ ۋە تومۇر ھەرىكىتى ئاجىز ۋە كىچىك بولۇش، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، بۇرۇن پەردەكلىرى تارتىشىپ قېلىش، چىرايى ئۆلۈك-نىڭ چىرايىدەك بولۇپ قېلىش، قول - پۇتى سوغۇق بولۇش، تىرنىقى كۆكىرىش ۋە قول - پۇت مۇسكۇللىرىدا تارتىشىش بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى:**

تاماقنى ئاشقازان ھەزىم قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ يەۋېتىش، تەرتىپسىز تاماق

يېيىش مەسىلەن: تەس سىڭدىغان يېمەكلىكلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا سىد-ڭىشلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش ۋە تاماقتىن كېيىن ئەنجۈر، سېرىق ئەينۇلا، قوغۇن قاتارلىق ھۆل مېۋىلەرنى يېيىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە سىڭىشلىق يېمەكلىكلەر تېز ھەزىم بولۇپ، تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەر ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ ۋە ئۇنى بۇزۇپ قويىدۇ ھەمدە بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

يېمەكلىك ھەزىم بولماي، ئاشقازاندا بۇزۇلۇپ بۇزۇق ماددىلارغا ئۆزگەرگەن بولسا، ئىتتىرگۈچى كۈچ (قۇۋۋىتى دافىئە) ئۇنى قەي ۋە ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدۇ ۋە ھەزىم بولمىغان بۇزۇق يېمەكلىكلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بەدەن ۋە تومۇرلاردا بوشىشىش (ئېچىشىش) يۈز بېرىدۇ. ئۇنى توشقۇزۇش ئۈچۈن بەدەندىكى نورمال خىلتلاردىمۇ قاتتىق ھەرىكەتلىنىش پەيدا بولىدۇ. خىلتلارنىڭ نازۇك قىسمى قەي ئارقىلىق ۋە قويۇق چۆكمە قىسمى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىپ كېتىشكە باشلايدۇ، بەزىدە بارلىق ماددىلار ئۈچەي تەرەپكە كەلسە كۆڭۈل ئاينىش مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن قەي بولمايدۇ ۋە ماددىلار ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولسىمۇ ئىچ سۈرۈش توختايدۇ. بىراق خولېرانىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بىمارغا ناھايىتى تېز خەۋپ يېتىدۇ.

بۇزۇق يېمەكلىكلەر بەزىدە سەپرا خىلتىغا، بەزىدە بەلغەم خىلتىغا ۋە بەزىدە سەۋدا خىلتىغا ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەللىك يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشكە قاراپ ئۈچ خىل بولىدۇ:

سەپرا خىلتى خاراكتېرلىك خولېرا: ئۇنىڭدا ئاشقازان ھارارىتىنىڭ يۇقىرىقى ياكى يېمەكلىكلەرنىڭ يامان سۈپەتلىكلىكى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇش، كۆيۈشۈش، زەھەرلىنىش پەيدا بولىدۇ ۋە ئاشقازان ئۇنىڭدىن زەھەرلەنسە بەدەننى قوغدىغۇچى كۈچ ئاسان بولغان ئۇسۇل بىلەن ئۇنى قوغداشقا تىرىشىدۇ.

بۇزۇق يېمەكلىكلەرنىڭ يامان سۈپەتلىك ۋە زەھەرلىك قىسمى بەدەن ۋە تومۇرلاردا توپلىشىۋالغان خىلتلارنىمۇ بۇزىدۇ. شۇڭا بۇ يېمەكلىكلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەبىئەت ئاستا ـ ئاستا بەدەندىكى پۈتۈن تومۇرلاردىكى خىلتلارنىمۇ ئىتتىرىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ ۋە مەلۇم مىقداردىكى نورمال خىلتلار چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇزۇق خىلتلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. ئۇنى توشقۇزۇش ئۈچۈن نورمال خىلتلار شۇ تەرەپكە بارىدۇ تەبىئەت بۇ ۋاقىتتا پەقەتلا ئىتتىرىپ چىقىرىش تەرەپكە مايىلراق بولغاچقا بۇزۇق خىلتلار بىلەن نورمال خىلتلارمۇ بىرگە چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ ئۆلۈم خەتىرى كۆرۈلىدۇ.

بەلغەم خىلتىدىن بولغان خولېرا، ئۇنىڭدا يېمەكلىك بەلغەم خىلتىغا ئۆزگىرىپ،

ئاشقازاندا ئېغىرلىق ۋە تارتىش پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن تەبىئەت ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ.

سەۋدا خىلتىدىن بولغان خولېرا: بەدەندىكى بۇزۇق ۋە ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەرنى تەبىئەت سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئاشقازان ۋە ئۈچەي تەرەپكە ھەيدەي-دۇ.

چۈنكى يېمەكلىك ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىن جىگەر تەرەپكە ۋە جىگەردىن بارلىق ئەزالار تەرەپكە بارىدۇ.

شۇنداقلا يېمەكلىك بەدەندە بۇزۇلغان ۋە ئۇنىڭدا بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇش سالاھىيىتى بولمىسا تەبىئەت ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىپ ئۈچەي تەرەپكە ھەيدەيدۇ. ئاشقازاندا سەۋدا خىلتى ئېشىپ كەتكەن بولسا، يېمەكلىك ئوبدان ھەزىم بولماستىن بەلكى يامان سۈپەتلىك ۋە بەدەنگە كېرەكسىز خىلتلارغا ئۆزگىرىدۇ ۋ بەدىنىدە ئېغىرلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا تەبىئەت بەدەننى بىئاراملىقتىن قوغداش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن خىلتلارنى سىرتقا چىقىرىشقا باشلايدۇ.

سەۋدا خىلتىدىن بولغان خولېرا تەبىئەت كۈچى ئاشقازاندا مەۋجۇت بولغان بۇزۇق يېمەكلىكلەرنى ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى تەبىئىي خىلتلار ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتلار بىرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە سەۋدا خىلتىدىن بولغان خولېرادا تەبىئەت قوغدىنىش كۈچى ئارقىلىق ئاشقازاندىكى بۇزۇق يېمەكلىكلەرگە مەخسۇس تىرىش-چانلىق كۆرسەتمەستىن بەلكى ئومۇمىي بەدەن ۋە تومۇرلاردىكى بۇزۇق خىلتلارنى ئىتتى-رىپ چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بەزىدە خولېرا كېسەللىكى ھاۋانىڭ چىرىشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ھاۋانىڭ چىرىشىدىن سەپرا ۋە سەۋدا خىلتى ياكى ئۇلار ئارىلاشقان بەلغەم خىلتىدا كۆيۈشۈش يۈز بېرىدۇ. ئۇ تارقىلىشچان خولېرا (ھەيزە ۋە بائى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا بەزىدە 2 ـ 3 سائەت ئىچىدە ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر قەي ۋە ئىچى سۈرۈش بىلەن بىر ئاز يېمەكلىك چىقىش ۋە كۆپ ئۇسساش، بىئاراملىق قاتارلىق سەپرا خىلتىنىڭ ھەر خىل ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قەي ۋە ئىچ سۈرۈش بىلەن بەلغەم خىلتى چىقسا، قەينىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولۇش ۋە باشقا بەلغەم خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەل-لىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇسسۇز-لۇقنىڭ ئازلىقى قاتارلىقلار.

ئەگەر قەي ۋە ئىچ سۈرۈشتە سەۋدا خىلتى چىققان بولۇپ، ئىچ سۈرۈش بەك كۆپ

بولسا ۋە قەي ئاز ياكى پۈتۈنلەي بولمىسا، كېسەللىكتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىمار ھەزىم بۇزۇلۇشقا گىرىپتار بولغان بولسا، قورساقتا كۆپ يەل توپلىنىشۋېلىپ كۆپىشىش بولسا ۋە خولېرانىڭ دەسلىپىدە كىندىكتە ئاغرىش ۋە تولغاق پەيدا بولسا ۋە ئاچچىق كېكىرىش كەلگەن بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر تۇيۇقسىز سوپۇنسىمان ياكى سېسىق پۇراقلىق گۆش يوغان سۇدەك ئىچ سۈرۈش ۋە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك سېسىق پۇراقلىق زەڭگەر رەڭلىك ۋە كۆدە رەڭلىك قەي كەلگەن بولسا ۋە بەدەن تەدرىجىي ئاجىزلاش، كۆز ئولتۇرۇشۇش، ئورۇقلاش، تىرناق كۆكىرىش، قول ـ پۇت سوۋۇش، ئومۇمىي بەدەن كۆكىرىپ كېتىش، سېسىق پۇراقلىق سوغۇق تەرلەش، قول ـ پۇت مۇسكۇللىرىدا تارتىشىش پەيدا بولۇش، ئالىقان ـ تاپاننىڭ تېرىلىرى ۋە پۈتۈن بەدەن تېرىلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك بولۇپ قېلىش، قول ـ پۇتنى ئۇزۇن ۋاقىت سۇغا چىلاپ قويغاندەك سېزىم بولۇپ قېلىش، ئاغرىق ۋە ئۇسسۇزلۇق كۆپىيىش، بەدەننىڭ تاشقى قىسمى سوغۇق، بىراق ئىچكى ئەزا ۋە ئومۇمىي بەدەننىڭ ئىچى قاتتىق ئېچىشىش، ھوشسىزلىنىش، سۈيدۈك توسۇلۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كېسەلنىڭ تارقىلىشچان خولېرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

داۋالاش:

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇش، داۋالاشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىق كېرەك.

بۇ كېسەللىكتە بىمار ھەرقانداق يېمەكلىك يېسە قەي ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ ۋە تومۇر ھەرىكىتى ئاجىزلاش تارتىشىش بولىدۇ. ئەزالار سوۋۇپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەرگىز داۋالاشنى توختاتماسلىق بەلكى بىمارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قەدەر ئېھتىيات بىلەن داۋالاش كېرەك.

بۇ كېسەللىكتە بۇزۇق خىلتلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، لېكىن تازىلاش ھەددىدىن ئارتۇق بولماسلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرداشلىق بېرەلمىگەنگە قەدەر قەي ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختاتماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇنى توختىتىشتىن غەيرىي تەبىئىي خىلتلار بەدەندە توختاپ قالسا، كۆپىنچە ئۇنىڭ زەھىرى رەئىس ئەزالارغا تارقاپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ھاياتىغا تېزلا خەۋپ يېتىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئەگەر ئاشقازاندا يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلغانلىقى مەلۇم بولسا، دەرھال تۇز ۋە ئىلمان سۇ بىلەن قەي قىلدۇرۇش كېرەك، ئەگەر سىركە ئارىلاشتۇرسا، بۇ خىلتلارنى پارچىلاش ۋە خىلتنى چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر ئاسان قەي قىلمىسا توخۇ ياكى كەپتەرنىڭ پېيىنى گالغا تىقىپ تەبىئەتكە ياردەم بېرىش كېرەك ۋە ئاشقازاندىكى بۇزۇق خىلتلارنى تولۇق تازىلاش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

تولۇق تازىلاشتىن كېيىن بىمارنىڭ مىزاجى ۋە كېسەللىك سەۋەبىگە قاراپ قەي ۋە سۈرگىنى توختاتقۇچى دورىلارنى بېرىش ۋە خىلتنىڭ قالدۇق تەسىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن خىلتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقىغا قاراپ فادى زەھرى هايۋانى ۋە ئىچىشكە نارجىل جەدۋارچىنى قاتارلىق دورىلاردىن بىرنى تاللاپ سۇغا چىلاپ ئىچىشكە بېرىش كېرەك.

ھەكىم شەرىپخان «تەئەللىپى شەرىپ» دېگەن كىتابىدا «ھەكىم راقىم خولېرا ۋە قورساق ئاغرىشتا ئىككى گرام ئەتراپىدا ئەرقى گۈلگە چىلاپ ئىستېمال قىلدۇرغان. پىپا ۋە نارجىل دەريائى بۇزۇق زەھەرلىك خىلتلارنىڭ ئىتتىرىپ چىقىرىش تارقىتىش ۋە ھېچقانداق زىيىنى بولمىغان قەۋزىيەتلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

خولېرا ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتا سەپرا خىلتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن، ئۇسسۇزلۇقنىڭ كۆپ بولۇشى، ياللۇغلىنىش، ئېچىشىش، ماغدۇرسىزلىنىش، بىئاراملىنىش، زەڭگار رەڭ كۆدە سۈيى رەڭلىك قەي قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولمىسا، 0.3~0.6 گرامنى ئانار شەربىتى، گۈلقەنت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن بېرىش كېرەك.

«خۇلاسە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «جەدۋار چىنىدىن 1~2 گرام ئېلىپ يېگۈزسە كېسەللىك دەرھال ساقىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن نارجىل دەريائىنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ يېگۈزۈش، ئاق لاچىندانە 12 ~ 24 گرامنى ئەرقى گۈل ياكى سۇدىن 500 مىللىلىتىر بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزۈش، قەي قىلىشنى توختىتىش ئۈچۈن لىمون پوستىنى ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈپ يۇرۇشكە بېرىش، بىخ سەرپوكە ئىككى گرامنى سۇدا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش، تەرياقى ئاپائى ۋە ھەببى بىخ ئەشەر قاتارلىقلارنى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

خولېرادىن كېيىن ئاشقازان ئاغرىقى بولسا بۇنىڭ ئۈچۈن پىپىتا 120 مىللىگرام، جەدۋار 24 مىللىگرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى كىيورە ياكى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، ئانار شەربىتى 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

خولېرا قانداق سەۋەبتىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىمارنى ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق ۋە يېمەكلىك بەرمەسلىك يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك ۋە ئۇخلاشتىن باشقا ھېچقانداق داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق كېرەك، ئەگەر بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىسە ئۇخلىغاندەك يېتىشى كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن خىلتلاردا توختاش پەيدا بولىدۇ.

بۇ كېسەلدە قول - پۇتنى مۇجۇش، قول - پۇتنى باغلاش، ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئۇسسۇزلۇقتا ئەرقى گۈل، ئەرقى بەديان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلارنىڭ بىرنى بېرىش كېرەك، چۈنكى ئەرقى گۈل بۇ كېسەللىكتە ناھايىتى پايدىلىق.

ئەگەر قەي بەك كۆپ بولسا ۋە ئورۇقلاش خەتىرى بولسا توختاتقۇچى، كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار مەسىلەن: نارجىل دەريائى، زەھرى مۇھرى، تاباشىر، پىستە پوستى، پىننە،

قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلارنى ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك ۋە مىزاجىغا قاراپ كۇندۇر، سەئدى كوفى، زەپەر، گۈل ئەرمىنى، ئانار گۈلى، نامازشامگۈلى، ئامىلە ئۇسارىسى، ئاق سەندەل، ئاقاقىيا، سۇماق، ئانار پوستى، پوستى جوز، بېھى سۈيى، ئالما سۈيى، ئەنگۈر قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىش كېرەك.

ئىبنىسىنا ۋە «جامىد» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «خولېرا كېسەللىكىنى دەسلەپكى باسقۇچى، ئېغىرلاشقان باسقۇچى، ئاخىرقى باسقۇچى قاتارلىق ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن. بۇلارنىڭ داۋالاش تەدبىرلىرىنى تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ.

1. دەسلەپكى باسقۇچىنى داۋالاش:

دەسلەپتە خولېرا كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىسا يەنى ئاشقازاندا ئېغىرلىق، ئۈچەيدە سانجىش مەلۇم بولسا ۋە كېكىرىش نورمال بولماسلىق، كۆڭۈل ئاينىش، ھېق تۇتۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، يېمەكلىكتىن چەكلىنىدۇ، يەنى ھېچ نەرسە يېگۈزمەسلىك كېرەك.

ئەگەر بۇزۇلغان يېمەكلىك ئاشقازاننىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بولسا قەي قىلدۇرۇش، ئاستىنقى قىسمىدا بولسا ئىچىنى سۈرگۈزۈش كېرەك. قەي قىلدۇرۇشتا ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرغۇچى ۋە بوشاتقۇچى خۇسۇسىيىتى بولمىغان ۋە ئۇزۇقلۇق مىقدارىمۇ بولمىغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردىكى تەبىئەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك:

2. ئېغىرلاشقان باسقۇچىنى داۋالاش:

كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش جەريانىدا ئەگەر قەي كۆپ بولسا ئاشقازانغا لوڭقا قويۇش ۋە قابىز بولمىغان دورا سۈلىرىنى يەرلىك ئورۇنغا سۇۋاش كېرەك. بەزىدە قول ـ پۇتنى باغلاش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا داۋائى ئۇد تىيىن ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن قەي ۋە سۈرگۈ دورىلىرىنى بېرىش ۋە چوڭ تەرەت نورماللاشقانغا قەدەر يەنى چوڭ تەرەتتە ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەر چىقمىغانغا قەدەر بۇ خىل تەدبىرنى توختاتماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ ۋە بەزىدە قەي ۋە ئىچ سۈرۈش سەۋەبىدىن شۇ كۈنىلا بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

خولېرا كېسەللىكى ئېغىرلاشقاندا ئۇسسۇزلۇق بىلەن بىرگە قىزىتما يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىچ سۈرۈشتە بەدەندىكى نورمال خىلىتلارنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بۇ ۋاقىتتا تۇتقۇچى دورىلارنىڭ قىياملىرىغا پىننە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمار بۇ دورىنى قۇسۇۋەتسە دورىنى توختاتماستىن بەلكى دورىنى ئالماشتۇ-

رۇپ، مىقدارىنى ئازايتىپ ئاز ـ ئازدىن بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا تۇتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار چوڭچوڭ بولماسلىقى كېرەك.

ئەگەر دورىلار بەك چوڭچوڭ بولۇپ كەتكەن بولسا، قىزىتىلغان ئەرقى گۈل ئارقىلىق ئۇنى تەڭشەش كېرەك.

قەينى توختىتىش ئۈچۈن تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى ياكى چوڭچوڭ ئانار شەربىتى ئىچكۈزۈش كېرەك.

قايناق سۇ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ئىسسىقلىقنى تارقىتىش كېرەك.

ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قەۋزىيەتلىك ۋە يۇمشىتىش قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ياغلاردىن ناردىن يېغى، سەۋسەن يېغى، نەغەزگۈل يېغى، گۈل يېغى قاتارلىقلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك قاتتىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن بولغان بولسا، مەستىكىنى مۇنا-سىۋەتلىك ياغلارغا سېلىپ قاينىتىپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

بوغۇم ۋە مۇسكۇللارنى ئۇۋۇلاپ بېرىش، ياز پەسلىدە گۈل يېغى ۋە بىنەپشە يېغىغا ئازراق ئاق موم ئارىلاشتۇرۇپ، قىش كۈنلىرىدە ناردىن يېغىغا موم ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش، ئاشقازان ساھەسىگە سوغۇق تەبىئەتلىك ۋە قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر قەدەر خۇش پۇراق زىمادلارنى سۇۋاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر بەدەندە خەتەرلىك ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ داۋالاشنى توختىتىش زۆرۈر بولسا ۋە بۇزۇلغان يېمەكلىك ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازاندا داۋاملىق مەۋجۇت بولسا، داۋالاشنى توختىتىپ يەل ھەيدىگۈچى يېمەكلىكلەرنى بېرىش ياكى بىرنەچچە كۈن دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن مۇۋاپىق يوللار بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

يۇقىرىقى تەدبىردىن كېيىن بىمارنى مۇۋاپىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇخلىتىش ۋە بەك يورۇق، بەك سوغۇق بولمىغان جايدا تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئەگەر يىغلىپ قېلىش ۋە ھېق تۇتۇش ئالامەتلىرى بولسا، نېپىز ياققان ناننى بېھى سۈيى ۋە پىننە ياكى رەيھان ئىچىملىكىگە چىلاپ يېگۈزۈش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىمۇ كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلسە، قۇشلارنىڭ گۆشى ياكى پاقلان گۆشىنى توغراپ، سۇسىز ھالەتتە گۆشنىڭ سۈيى چىققانغا قەدەر پىشۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈيىگە ئاچچىق ئانار سۈيى، بېھى سۈيى قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋىلەرنىڭ سۆلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان ھېچ نەرسىنى قوبۇل قىلالمىسا ئۇزۇقلۇقىغا تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر قەدەر سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ بېرىش قورۇلغان نىشاستى-نى خەشخاش شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ تاتلىق قىلماستىن ئىچكۈزۈش كېرەك. چۈنكى تاتلىق يېمەكلىكلەر ئىچ سۈرۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر قەي باشلانغان بولسا مۇناسىۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى بەرگەندىن كېيىن تەركىبىگە يىنىنە چۈشكەن ئانار شەربىتى ياكى ئۇنىڭ قىياملىرىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

3. ئاخىرقى باسقۇچىنى داۋالاش:

ئەگەر كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشى سوغۇقتىن بولسا، بىمار ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن تۆتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورا قىياملىرىنى ئىچكۈزۈش، نورمال ھالەتتە يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن سىڭىشلىق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش، نورمال ئارام ئالدۇرۇش كېرەك. يېمەكلىكلەردىن كېيىن تۇتقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە يېمەكلىكلەر، دورىلارنى يېگۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرسى سەغىر، قۇرسى گۇل كەبىر، جاۋارىش خۇزى، گۇلقەنت قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك، سۇ ئىچىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

ھەكىم جىلانىخان «خولېرا كېسەللىكىگە ئاچچىق ئانار سۈيى ئۈچ ھەسسە، يىنىنە سۈيى بىر ھەسسە قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ قىيام قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈش، قەينى توختىتىش ئۈچۈن كىندىكنىڭ ئۈستىگە لوڭقا قويۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر خولېرا كېسىلىدە يىغلىپ قېلىش ۋە ھوشسىزلىق بولسا كۆنجۈت يېغىغا جوزنى چىلاپ، قول ـ پۇت ۋە بەدەنگە ئىلمان ھالەتتە سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ قول ـ پۇتى سوغۇق ۋە تومۇر ھەرىكىتى تۆۋەن بولۇپ ھوشسىزلىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا مەسستىتۇس ياكى تەرياقى تەپارۇقتىن بىر گرامنى ئەرقى گۇل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن بەزى تېۋىپلار «ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى پۇراتمىلارنى پۇرىتىش ئارقىلىق ئۇخلىتىپ ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش كېرەك. لېكىن بىماردا سېزىمسىزلىنىش، ئۇنتۇغاقلىق، ھوشسىزلىقنىڭ خەتىرى بولسا بۇ ئەھۋاللار يوقالمىغۇچە ئۇخلىتىشقا بولمايدۇ ۋە بۇ ئالامەتنى يوقىتىش ئۈچۈن قول ـ پۇت ۋە مۇسكۇللىرىنى مۇجۇش، بىمارنى تۇيۇقسىز قورقۇتۇش ياكى ھەيران قالدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ۋە مۇۋاپىق ئەتىرلەرنى پۇرىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر خولېرادا يىغلىپ قېلىش ۋە سۇيدۇك توختاپ قېلىش بولسا، رەخت پارچىسىنى 2 ~ 3 قاتلاپ بىرەر قۇش يېغىغا چۆكۈرۈپ، بويۇننىڭ ئاستى ۋە قول ـ پۇت مۇسكۇللىرىغا تېڭىپ قويۇش، قىزىتقۇچى قىيرۇتىلارنى بەل ۋە سۇيدۇكلۈك ئۈستىگە سۇۋاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەلدە ھوشسىزلىق يۈز بەرسە، قەي قىلىشقا ياردەم بېرىش ۋە قول ـ پۇت، بۇرۇن، قۇلاق، ۋە ئېغىزمان ئوتتۇرىلىرىنى قاتتىق مۇجۇش، ئىككى چېكە ۋە يېشانىدىكى تۈكنى جۇپتەك بىلەن يۇلۇش، شەربىتى مىشكى ياكى داۋائى مىشكى، مائۇللەھمى ساددە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ گالغا تېمىتىش ياكى ئىپاردىن بىر گرامنى ئەرقى گۇل، ئەرقى

كەييورە ھەربىرى 24 مىللىلىتىردا ئېرىتىپ گالغا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللى-نىش كېرەك.

ئەگەر كېسەلدە باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، تولغاق، (زەھىر) ھېق تۇتۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، شۇ خىل ئالامەتلەرگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش، ھېق تۇتۇش ئۈچۈن گۈلاب. لاچىندانە ھىندى ئۈچ گرام، رەيھان ئېچىملىكى 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى 60 مىللىلىتىر مائۇللەھمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يامان سۈپەتلىك ئالامەتلەردە توختاش يۈز بەرگەن بولسا، بىمارنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇش، ئۇخلىتىش، يېمەكلىكلەرنى بەرمەسلىك قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ قورسىقى ئاچسا يەڭگىل، سىڭىشلىك يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

تەس سىڭىدىغان يېمەكلىكلەر، ھالۋا، تۇخۇم سېرىقى، قوغۇن قاتارلىق ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان يېمەكلىكلەر، ھاراق، ئالما بېھى، ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىق ھۆل مېۋىلەر، ياغلىق يېمەكلىكلەر، سۈتلۈك يېمەكلىكلەر، سوغۇق سۇ قاتارلىق ئوزۇقلۇقلار-دىن قەتئىي پەرھىز قىلىش كېرەك. زەپەر خولېرا ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبىگە ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇلى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىندۇ.

## 1. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاش:

علاج هیضه صفراوی

بۇزۇق خىلتلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئىلمان سۇ ۋە سىركە ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقىنى سۇ ياكى ئەرقى گۇل بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ، يەنە بىر قېتىم سېمىزئوت ئۇرۇقى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ، ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش ۋە قەي قىلدۇرۇش جەريانىدا گالغا توخۇ پېيى تىقىپ قەيگە ياردەم بېرىش كېرەك ۋە بۇ قەينى بىئارامىلىق ۋە كۆڭۈل ئايىنىش توختىغىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گۇلگە بىر ئاز سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىر ئاز قەي قىلغاندىن كېيىن ھوشسىزلىنىش يۈز بېرىپ چىشلىرى كىرىشىپ قالغان بولسا، لوڭقا قويۇش، دورا سۈيى بىلەن پۇتنى يۇيۇش، مۇناسىۋەتلىك پۇراتما دورىلارنى پۇرىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ياكى تەرياقى پارۇق ۋە پىپىتان بىر گرامنى ئەرقى گۇلگە چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ھوشسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن نارجىل دەريائىنى ئەرقى گۇلگە چىلاپ گالغا تېمى-تىش ۋە قۇشنىڭ پېيىنى گالغا تىقىپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

خولېرا كېسەللىكىدە هوشسىزلىنىش بولسا، بىر پارچە تۆمۈرنى ئوتتا قىزىتىپ، بىمارنىڭ بۇرنىدىن بىر نەچچە ئىلىك ئۈستۈن تۇتۇپ، 3 ~ 4 دانە قەغەز لىموننى توغراپ، ئاستا ـ ئاستا سىقىپ تومۇرنىڭ ئۈستىگە تامچىلىتىش كېرەك.

ئەگەر بەدەندە بۇزۇق خىلتلار تازىلانغان ۋە ئىچ سۈرۈش ھەددىدىن ئارتۇق بولغان بولسا بۇ ۋاقىتتا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش كېرەك ۋە ئانار شەربىتى، سىركە، بېھى شەربىتى، بېھى قىيامى، ئاچچىق ئانار قىيامى قاتارلىقلارغا ئەرقى گۈل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

قەينى توختىتىش ئۈچۈن زەھرى ـ مۆھرىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بىدمىشكىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاچچىق ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك:

قەي ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن ئانار شەربىتى تەركىبىگە پىننە چۈشكەن تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانار شەربىتى، ھەببۇلئاس شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇسسۇزلۇقى يۇقىرى بولسا ئانار ئۇرۇقىنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، تاباشىر تالقىنى سېپىپ، بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈش، ئەگەر سەپرا خىلتى بەك ئۈتكۈر، ئۇسسۇزلۇق بەك يۇقىرى بولسا، مۇز ئارىلاشتۇرۇلغان سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ئىچكۈزۈش ۋە سېمىزئوتنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە سىركىگە ئىككەكلەنگەن سەندەلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

قەي ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن تاباشىردىن ئۈچ گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئانار شەربىتى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئىچى سۈرۈش توختىغاندىن كېيىن ئاشقازاندا يەنە غەيرىي تەبىئىي خىلت پەيدا بولۇپ ماغدۇرسىزلىنىش، ئاغرىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، كۆز قىزىرىش، ھېق تۇتۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، دەرھال قەي قىلدۇرۇش ۋە قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن پادى زەھرى، تاباشىر، زىرىق، قىزىلگۈل سېرىقى، ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى، قەغەز لىمون ئۇرۇقى قاتارلىق قابىز دورىلارنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمارغا سويۇق دورا ئىچكۈزگەندە قەي ئارقىلىق چىقىپ كەتسە، تاباشىر، سوقۇلغان زەھرى ـ مۆھرى، ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى، لاچىندانە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاچچىق ئانار شەربىتى ياكى لىمون شەربىتىدە يالانچۇق تەييارلاپ يالىتىش ۋە سەندەل، كاپۇر، ئەرقى سەندەل قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ۋە يۈرەككە زىماد قىلىش كېرەك.

ئەگەر بىماردا ماغدۇرسىزلىنىش ۋە هوشسىزلىنىش بولسا، مائۇللەھمى ۋە شەربىتى پەۋاكىھ تۇرۇنجىنى گالغا تېمىتىش ياكى داۋائى مىشكى باردنى مائۇللەھمىدە ئېرىتىپ

گالغا تېمىتىش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار لاچىندانە ھىندى سۈيىنى قېتىق سۈيى بىلەن ئېچىشكە بېرىش قەينى توختىتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى، قەي توختاپ قالغان بولسا، قۇرسى كاپۇرنى لىمون شەربىتى، چۇچۇمەل ئانار شەربىتى بىلەن ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت بەك يۇقىرى بولسا لىمون سۈيى، لاچىندانە، زىرىق، سۇماق پوستى، تاباشىر، ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىككى گرام تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىش ۋە قول - پۇتنى سوغۇق سۇغا تىقىش قەي ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

كېسەللىك پۈتۈنلەي ساقايغاندىن كېيىنمۇ مەلۇم ۋاقىت يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش ۋە يېمەكلىك دائىرىسىنى ئاستا - ئاستا كېڭەيتىش كېرەك.

ئەگەر بىماردا ئاجىزلىق ۋە كەم ماغدۇرلۇق يۇقىرى بولسا، سۇماق، ئانار ئۇرۇقى، زىرىق قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، مائۇللەھمى بىلەن بېرىش كېرەك ۋە نارجىل، پىننە قاتارلىق دورىلارنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

خولېرا ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىكى ئىچ سۈرۈشنى بىراقلا توختىتىش توغرا ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالغان بولسا يۇمشاتقۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش ئېغىر بولسا تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاملە نۇشدارىغا ئارىلاشتۇرۇپ، لاچىندانە ئۇرۇقى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئەرقى گۈل، ئانار شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش ئانارى شېرىن، جاۋارىش ئۇدتۇرۇش، جاۋارىش مەستىكى، ئاملە مۇراببASى قاتارلىق دورىلار تاللاپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە تاباشىر، ئۇد ھىندى ھەربىرىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

خولېرا كېسەللىكىدىن كېيىن باش ئاغرىش ۋە ئاشقازاندا ئېچىشىش، چوقۇلۇش، قۇرغاقلىشىش، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق ئالامەتلەر قېپقالسا، چىلان سۈيى، ئەينۇلا سۈيى، بىنەپشە شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر ئېغىرلىق، كوركىراش، تولغاپ ئاغرىش قاتارلىقلار بولسا، جاۋارىش مەستىكى ۋە جاۋارىش كۈمۈنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككىلا ئەھۋال مەۋجۇت بولسا ئىككىسىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر خولېرا كېسىلىدىن كېيىن ئورۇقلاپ كېتىش ئەھۋالى بولسا داۋائى مىشكى بارىد ۋە ئەبرىشىم شەربىتى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر خولېرا كېسىلىدىن 2 ~ 3 كۈندىن كېيىن زۇكام پەيدا بولسا، چىلان بەش دانە، لاچىندانىدىن تۆت دانە ئېلىپ، دورىلارنى چالا ئېزىپ، ئوسۇك ئۇرۇقى شىرىسىدىن ئالتە گرام بىلەن بىرگە قايىنىتىپ 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

**2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاش:**

علاج بيضه بلغمى

ئەگەر خىلىت قەي ئارقىلىق چىقىشقا مايىل بولسا ئىلمان سۇ، تۇز ئارقىلىق ياكى تۇرۇپ سۈيى ۋە سىركە ئارقىلىق ۋە ياكى تۇرۇپ ئۇرۇقى، سىرىقچېچەك ئۇرۇقى قايناتمىلىرىغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى گۈل ۋە سىركىگە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر خىلىت بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە مايىلراق بولسا، تارقىتىش، سۈيۈقلۇقلارنى سۈمۈرۈش ۋە چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن رۇم بەديان، قارا زىرە، ئۇد غەرقى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سوقۇلغان مەستىكى ۋە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك ياكى 36 گرام گۈلقەنتنى ئەرقى بەديان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گۈل بىلەن ئېرىتىپ، سىركەنجىۋىل سادده ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، بەدەن قۇۋۋىتى ياخشى بولسا ئىچ سۈرۈشى توختىتىشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك.

ئاشقازان تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گۈل قاتارلىقلار بىلەن شەربىتى ئانارىن (ئاچچىق، تاتلىق) ئىچكۈزۈش ۋە تولۇق تازىلاشتىن كېيىن يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، رۇم بەديان ھەربىرى ئىككى ھەسسە، ئەنجىباھار، سەندەل ھەربىرى بىر ھەسسە، سۇماق، زىرە ھەربىرى يېرىم ھەسسە، پىنىندىن بارلىق دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

جۇڭگو چېيى، قەلەمپۇر، بەديان قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك، ئەگەر بۇ دورىلار قەي بىلەن چىقىپ كەتسە شەربىتى مۇكەررە ئىچكۈزۈش كېرەك.

لاچىندانىدىن تۆت گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 36 گرام گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

تاباشىر بىلەن مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە نۇشدارىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك ياكى ھەببى نارجىل ۋە ھەببى بىخ ئەشەر يېگۈزۈش كېرەك.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى «قىزىلگۈل بىلەن زەنجىۋىلنى تالقانلاپ يېگۈزۈش، نارجىل دەريائىنى يالغۇز ھالەتتە ياكى قارىمۇچ، ئۇد ھىندى، ئۇد سەلىب، پادى زەھرى مەدەنى بىلەن بىرگە قائىدە بويىچە سۈپۈپ تەييارلاپ يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك. ئەگەر كۈچلۈكرەك تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلسە، قىزىلگۈل شەربىتى ياكى جاۋارىش سەپەرجىلى قابىز بىلەن قۇرسى ئۇد ۋە ياكى تەرياقى مەجنۇس ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ئۈيقۇسىزلىق يۈز بەرسە، قەينى توختىتىش ۋە ئۈيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇرسى نەمەكى راسەن ئىشلىتىش، قول - پۇتنى مۇجۇش ۋە ئۇلارنى چىڭ باغلاش، زەپەر، ئىپار، ئۇد ھىندى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بىھى سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش ۋە سەۋسەن يېغى بىلەن ئالىقان ۋە تاپاننى ياغلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر خولېرا كېسەللىكىدىن كېيىن بەدەن ئاجىزلىق كۆرۈلسە، ھەببى نارجىل جاۋاھىرى ۋە ئامىلەنۇشدارى ئىشلىتىش كېرەك.

ئاشقازان ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇد ھىندى، پىستە پوستى، لاچىندانە، گاۋزىبان گۈلى، جەدۋار ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سوفۇپ تەييارلاپ، ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل ھەربىرى 48 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا ئانار شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەلدە يىغلىپ قېلىش ۋە ھوشسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان خولېرا كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قول - پۇت سوۋۇپ كېتىش، تەرلەش، ھېق تۇتۇش، قول - پۇت ئېچىلىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، قەلەمپۇرنى قايىنىتىپ ئىچكۈزۈش، ئاشقازانغا قۇرۇق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، باش ۋە بويۇن مۇسكۇللىرىغا ناردىن يېغى ۋە قۇستە يېغىغا كونا پاختىنى چۆكۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قول - پۇتنى ياغلاش ۋە ھوشسىزلىق يۈز بەرسە، مائۇللەھمىگە شەربىتى مىشكى ئارىلاشتۇرۇپ گالغا تېمىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قەيدىن كېيىن قالدۇق خىلىت قېپقالغان بولسا، يەڭگىل سۈرگۈ ئارقىلىق ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە تازىلاشتىن كېيىن زورەنباتنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى بەديان بىلەن يۇغۇرۇپ، ماش چوڭلۇقىدا كۈملەچ ياساپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈملەچ يېگۈزۈش ياكى سۇفۇپى بادىيان، جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇد شېرىن قاتارلىق دورىلارنى يېگۈزۈش ياكى پىننە جەۋھىرى 0.5 گرام، قارىمۇچتىن بىرنەچچە دانە ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈل ياكى ئەرقى بەديانغا چىلاپ بېرىش كېرەك.

ھەكىم شەرىپخان «بىر قېتىملىق سەپەردە بىر توپ كىشىلەر خام تاماق يېيىش سەۋەبىدىن ھەممىسى قەي قىلىپ ياندۇرغان ۋە قەي توختىمىغان بۇ ۋاقىتتا ۋەلى جەمدىخان دېگەن تېۋىپ ئەرقى گۈلگە پېپىتادىن مۇۋاپىق مىقداردا چىلاپ ئۇ كىشىلەرگە يېگۈزگەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ساقىيىپ كەتكەن» دەپ كۆرسەتكەن.

سوغۇقتىن بولغان خولېرا ئۈچۈن قەلەمپۇردىن ئۈچ كىلوگرامنى ئەرقى گۈل ۋە

ئەرقى بەدىيان بىلەن قايىنتىپ، ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ساھىب تەكمىلە «بۇ خىل خولېرا ئۈچۈن پىپىتانى ئەرقى گۈلگە چىلاپ ئىچكۈزۈش، ئەشەر دەرىخى پوستىدىن بىر گرام ئېلىپ، چايناپ يۇتۇشقا بېرىش ياكى بەدەنجىرنىڭ نېپىز يوپۇرمىقىدىن ئىككى تالنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

جۇزمۇ قاتىل يومغاقسۈت ئۇرۇقى بىر دانە، جۇۋنە، لاچىندانە، ئارپا بەدىيان قاتارلىق دورىلارنى تومۇر قۇتىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنى خېمىر بىلەن ئېتىپ تونۇرغا كۆمۈپ، دورىلار كۆيگەنگە قەدەر تونۇردا تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئېلىپ، دورىلارنى ئۇچكە بۆلۈپ، ھەر كۈنى بىر بۆلەكنى ساپ سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئاشقازان ئاغرىقىنى يوقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەلنى ھەيدەش، ئاشقازان بۇزۇلۇش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشنى ياخشىلاش، تارقىلىشچان خولېرا قاتارلىقلار ئۈچۈن بەدىيان سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 72 گرام، قارىمۇچ 36 گرام، قەلەمپۇر، نۆشۇدۇر ھەر بىرى توققۇز گرام، سوغۇرۇلمىغان ئاھەك ئۈچ گرام، ئەپيۇندىن 0.5 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ھۆل زەنجىۋىل سۈيىگە بىر كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوقۇپ، لىمون سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ تەييارلاپ، ئون ياشلىق باللارغا بىر دانە، چوڭلارغا 1 ～ 2 دانىغىچە يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولسا يۇقىرىقى كۈمىلاچنى يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن سۇ بىلەن ئەرقى گۈلنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بىر دانە قىزىلمۇچ ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى موم بىلەن كۈمىلاچلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

بۇغداي ئېتىزىدا ئۈنگەن زاغۇننىڭ غازىڭىدىن بەش دانە ئېلىپ، قارىمۇچ بىلەن بىرگە يۇمشاق سوقۇپ يېگۈزۈش، ئەگەر قەي بىلەن چىقىپ كەتسە يەنە بىر قېتىم يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر خولېرا كېسەللىكىدە ئىچ سۈرۈش ۋە قەي توختاپ قالغان بولسا، ئايارەج پەيقارا ۋە ھەببى تۇربۇت ئارقىلىق تەبىئەتكە ياردەم بېرىش كېرەك ياكى بەدىيان، گۈل بىنەپشە، قىزىلگۈل ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايىنتىپ، سانا توققۇز گرام ۋە گۈلقەنت 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

توختاپ قالغان ئىچ سۈرۈشنى ماڭدۇرۇش، ھەيدەش ئۈچۈن سۇفۇپى سانا، داۋائى ئۇسارىئى رەۋەن قاتارلىق دورىلارنى بېرىش كېرەك.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەستىكىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە مۇرابباسىغا بىر دانە ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىلگۈل، بەدىيان ھەربىرىدىن ئالتە گرامنى قايىنتىپ گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورىنى بۇ قايناتما بىلەن

يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەلدە ئېغىر دەرىجىدە قورساق ئاغرىش بولسا، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا ھەربىرى 60 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر، دىنار شەربىتى 48 گىرام دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر بۇ قەي ئارقىلىق چىقىپ كەتسە ۋە ئىچ سۈرۈش بولمىسا بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، قىزىلگۈل ھەربىرى ئالتە گىرام، ئون دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، سانا توققۇز گىرام، گۈلقەنتتىن مۇۋاپىق ئېلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭدىمۇ قەي ئارقىلىق چىقىپ كېتىش بولسا جاۋارىش كۈمۈنى مۇسھىلىنى ئەرقى بەدىيان بىلەن يېگۈزۈش كېرەك. بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا ھەببى سالاتىن (ھەببى چىپال) يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كىچىك بالا خولېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئىچ سۈرۈش ۋە قەي توختاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن نەپەس قىيىنلىشىش يۈز بەرگەن بولسا، نارجىل دەريائىدىن 0.5 گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، دىنار شەربىتى 24 گىرام، ئەرقى بەدىيان 60 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 36 مىللىلىتىر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈ-زۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن جاۋارىش خولىنجان ياكى سۇفۇپى نەمەك يېگۈ-زۈش، ئەگەر زۆرۈر بولسا تەركىبىگە تۇربۇت چۈشكەن قىزىلگۈل شەربىتى ئىچكۈزۈش ۋە قورساققا ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈۋالمىلارنى سۈۋاش كېرەك.

بەلغەم خىلتىدىن بولغان خولېرا كېسەللىكىگە قارىتا، قىزىلگۈل شەربىتى، شەربە-تى بەدىيان، جاۋارىش سەپەرجىلى، جاۋارىش تىب، مەتبۇخى ئەنجىدان قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش ياكى شەربىتى گۈل شەربىتى سىب بىلەن قۇرسى كۇندۇر يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش ۋە قەي توختىغان بولسا، پاچاق ۋە بىلەكنى باغلاش، قول - پۇتنى مۇجۇش، ئاشقازان ساھەسىگە گىل ئەرمىنى سۈۋاش ۋە لوخقا قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان خولېرا كېسىلىدە ئالدى بىلەن قەي قىلدۇ-رۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم ئەرقى گۈل ئىچكۈزۈش ۋە قەينى توختىتىش ئۈچۈن مەستىكى، ئۇد ھىندى، رۇم بەدىيان ھەربىرى يەتتە گىرام، بەدىيان، پىننە ھەربىرى توققۇز گىرام، قەلەمپۇردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈل بىلەن پىرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىلمان ھالدا ئىچكۈزۈش ۋە مەستىكىدىن ئۈچ گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گىرام بابۇنە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەن ۋە ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج پەيقارادىن توققۇز

گرامنى 36 گرام ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، ھەببى غارىقۇن ئولۇغخاننى مەتبۇخى تۇربۇت بىلەن بېرىش ۋە قەي، سۈرگىلەر توختىغاندىن كېيىن جەدۋار ئىككى گرام، مۇمىيادىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، داۋائى مىشكى ھاردىن توققۇز گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، شەربىتى مىشكى 24 گرام، ئەرقى دارچىن مۇرەككەپ ئولۇغخان، ئەرقى ئەنبەر ھەربىرى 60 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىشلىتىش كېرەك.

ئۇد ھىندى، سۇمبۇل، زەپەر، ئۆشنە، قەلەمپۇر، ھەر بىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە زىماد قىلىش ۋە قۇرسى ئۇد ۋە قۇرسى راسەننى قىزىلگۈل شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

بارلىق ئالامەتلەر يوقالغاندىن كېيىن ئاجىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن داۋائى مىشكىدىن توققۇز گرامنى 108 گرام مائۇللەھمى سادده ۋە 24 گرام بادرەنجى بۇيا شەربىتى بىلەن يېگۈزۈش ياكى 60 گرام مائۇللەھمى مۇرەككەپ، 60 مىللىلىتىر رەيھان ھارىقى، 36 گرام شەربىتى ياقۇتى ئولۇغخان قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

كېسەللىك يوقالغاندىن كېيىن بىمار خاتىرجەم ئۇخلاپ ئويغانسا مۇنچىغا چۈشۈرگۈزۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسىغا ئانار ئۈرۈقى سۈيى ۋە يۇمغاقسۈت سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

### 3. غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاش:

علاج ہیضہ سوداوی

ئاشقازاننى تازىلاپ، غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتىنى قەي ۋە ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن مائۇلھەسەلنى قىزىتىپ ئىچكۈزۈش ياكى جۇزىل قەي ئۈچ گرام ۋە بورەقتىن ئىككى گرامنى 24 گرام سىركەنجۇبىل ئەفتىمۇن ئولۇغخان بىلەن بىرلەشتۇرۇپ يالىتىش ۋە مائۇلھەسەلنى كۆپرەك ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتى بۇ تەدبىرلەر بىلەن تولۇق چىقىپ كېتەلمىسە ۋە ئاشقازان تولۇق تازىلانمىغان بولسا، لېكىن قۇۋۋەت ياخشى بولسا سەپەرجىلى مۇسھىل قاتارلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە ئاشقازان ساھەسىگە مەستىكى يېغى سۈۋاش كېرەك.

بۇ خىلدىكى خولېرا كېسەللىكىدە ئاشقازاندا سەۋدا خىلتى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن ئىچ سۈرۈش قېپقالغان بولسا قۇرسى ئۇد يېگۈزۈش، بۇنىڭ بىلەن بىرگە قورۇلغان ئانار ئۈرۈقى، قورۇلغان لاچىندانە، كەھرىۋا، قورۇلغان زورەمبات، سۈزاپ، قورۇلغان يۇمغاقسۈت ئۈرۈقى، قورۇلغان ھېلىلە كابىلى، قورۇلغان ھەببۇل-

ئاس، مەستىكى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ھەببۇلئاس شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش، قول - پۇتنى مۇجۇش، قول - پۇت ۋە قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق توختاتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئىچ سۈرۈش توختىغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاشقازان ساھەسى ۋە پۈتۈن بەدەنگە قاپاق يېغى، يەسمەن يېغى سۈۋاش ۋە خېمىرى مەرۋايىت سادده ياكى خېمىرى سەندەل تۇرۇشنى مائۇللەھمى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

خولېرا يوقالغاندىن كېيىن سىڭىشلىق يېمەكلىكلەردىن قۇشلارنىڭ گۆشىنى بېرىش، ئەگەر بىرەر چەكلىمە بولسا بۇ گۆشلەرنى ئانار سۈيى ياكى غورا سۈيى ئارقىلىق چۇچۇمەل-لەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلەرنى ئەھۋالغا قاراپ خولېرا كېسىلى-نىڭ باشقا خىللىرىدىن تاللاپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

## 4. تارقىلىشچان خولېرانى داۋالاش:

علاج هيضه وبائى

بۇنىڭغا قارىتا غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان خولېرا كېسەللىكىنى داۋالاش-تا قوللىنىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبئىي خىلىت تولۇق تازىلانمىغان بولۇپ ئاغرىش ۋە بىئاراملىق بولسا، دەرھال قەي قىلدۇرۇش ۋە زەھەرنى قايتۇرغۇچى دورا بېرىش كېرەك.

ھەكىم ئولۇغخان ئەشۋە كامىلە دېگەن كىتابىدا «بۇ خىل خولېرا كېسەللىكىدە يىلتىزسىز زەنجىۋىل ئۈچ گرام، زەرنەپ، زورەمبات ھەربىرىدىن 1.5 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى كەيىورە ۋە ئەرقى باھار تۇرۇنجى ھەربىرى 84 مىللىلىتىر بىلەن شىرىسىنى چىقىرىپ، لاھور تۇزىدىن ئىككى گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ يېزىلغان.

پوستى نارجىل، يۇمغاقسۈت، بانان پوستى، لىمون ھەربىرىنى تۆت گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، 3 ~ 4 قېتىم ئىچكۈزۈش كېرەك.

ھاك سۈيى 108 گرام، نۆشۇدۇر 18 گرام قاتارلىق دورىلارنى 500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئېرىتىپ ۋە سۈزۈپ، لىمون سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەينەك قاچىغا ئېلىپ، ھەر قېتىمدا 36 ~ 84 گرامغىچە ئىچكۈزۈش كېرەك.

زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوسۇكنىڭ ئۇرۇقى توققۇز گرام، قارىمۇچتىن بىرنەچچە دانە ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ 3 ~ 4 قېتىم ئىچكۈزۈش

كېرەك.

تارقىلىشچان خولېرادا قورساق كۆپۈش ۋە ئۇسسۇزلۇق بولسا، تۆت گىرام زىرىق شىرىنىسىغا قورۇلغان ئىككى گىرام تەنكانى ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. لېكىن دورىلارنى ئىشلەتكەندە ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى تازىلاشتىن كېيىن ئىچ سۈرۈش ۋە قەينى توختىتىش ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان خولېرانى داۋالاشتا قوللىنىلىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تارقىلىشچان خولېرادا ئەرقى گۈلگە تۆت ھەسسە سوغۇق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن قەي قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ تەدبىرنى قەي بۇرنىدىنمۇ چىققانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن چىراي ۋە كۆكرەككە سوغۇق سۇ سېپىش، سوغۇق سۇ بىلەن ئەرقى سەندەلنى ئارىلاشتۇرۇپ يەلپۈگۈچكە سېپىپ يەلپۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋاھىر مۇھرى ياكى زەھرى مۇھرى ھەر بىرى بىر گىرام، تاباشىر ئىككى گىرام، زىرىقتىن 1.5 گىرام ئېلىپ، لىمون شەربىتى ۋە ئالما شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، زىرىقتىن توققۇز گىرامنى ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى كەيۋورە ھەربىرى 36 مىللىلىتىرغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش يەنىلا بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ئىشلىتىش كېرەك.

ئىچ سۈرۈش ۋە قەي توختىغاندىن كېيىن كۈچلەندۈرۈش ۋە بەدەننىڭ تەبىئىتى ھارارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاۋاھىر مۇھرى ياكى زەھرى - مۇھرىنى يۇمشاق سوقۇپ، داۋائى مىشكى مۆتىدىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى كەيۋورە بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

بۇ خىل كېسەلدە بەزىدە ھوشسىزلىنىش، قول - پۇت سوۋۇپ كېتىش، سۈيدۈك توسۇلۇش، قورساق كۆپۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك. ھوشسىزلىنىش بولسا يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىش، چۈچۈمەل كالا قېتىقىنى باشقا تېمىتىش، جوزنى كۈنجۈت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قول - پۇت ۋە ئومۇمىي بەدەنگە سۈۋاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر سۈيدۈك توسۇلۇش بولسا سېرىقچېچەك، كاسىنە يىلتىزى، كاسىنە گۈلى، ئانار ياغىچى، كېۋەز غولى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ بۇسى بىلەن ھورلاندۇرۇش ۋە پېشىپنى دوۋساققا تېڭىش، سوغۇق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ئۇرۇقلار

شىرىلىرى، بۆزۈرى شەربىتى مۆتىدىل، كۆشۈش شەربىتى ئۇلۇغخان قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قورساق كۆپۈش بولسا بەديان شىرىسى توققۇز گرام، قاقىلە شىرىسى بەش گرام، ئەرقى گۈلدىن 250 مىللىلىتىر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 48 گرام گۈلقەنت ئارىلاش- تۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە 18 گرام سەبرە، 36 گرام خىيارشەنبەر قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، شوخلا غولىنىڭ سۈيى ۋە تەرخەمەك مېغىزى بىلەن زىماد تەييارلاپ، قورساق ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

كېسەللىك ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن قەۋزىيەتلىك، ھېق تۇتۇش قاتارلىقلار يۈز بەرسە، سىركە، گۈل يېغى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تامىقىغا سۈۋاش ۋە ئېغىر ئۆيقۇ كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللى- نىش كېرەك.

ئەگەر ھېق تۇتۇش بولسا ئەرقى پىنىە 12 ~ 48 گرام ياكى سىركە 24 ~ 36 گرامنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا مەستىكىدىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ۋە 60 گرام گۈلقەنتنى 500 لىتىر ئەرقى گۈل بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ئىچكۈزۈش ياكى 12 گرام گۈلقەنت ۋە گۈل بىنەپشە شىرىسىدىن 12 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر قەي ھېچقانداق تەدبىر بىلەن توختىمىسا كۆكرەككە لوڭقا قويۇش، قول - پۇتنى مەزمۇت باغلاش ۋە قەغەز لىمونىنىڭ سىقىلغان سۈيى ياكى تامچىلىغان سۈيىدىن 18 مىللىلىتىرنى سوغۇق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

### 5. باللاردىكى خولېرانى داۋالاش:

علاج ہیضہ اطفال

باللاردىكى خولېرا كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە سۈت ياكى يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن بولىدۇ. گەرچە بۇ كېسەللىك باللاردا يامان سۈپەتلىك ۋە خەتەرلىك بولسىمۇ لېكىن باللاردىكى ئىچ سۈرۈشنىڭ كۆپلۈكى، بەدەن ئاجىزلىقى، تومۇر ھەرىكە- تىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە يىغلىپ قېلىش قاتارلىقلار ئانچە خەتەرلىك ئەمەس. شۇڭا داۋالاشتا ئۇنداق ئالامەتلەردىن قورقۇپ غەيرىي تەبىئىي خىلتنى سۈرۈشنى توختاتماسلىق كېرەك.

بۇ خىل خولېرادا باللارغا سۈت ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى قەتئىي بەرمەسلىك، ئىمكانقەدەر ئۇخلىتىشقا تىرىشىش كېرەك ۋە ھارارەت يۇقىرى بولمىسا بىر ئاز تەرياقى پارۇق يېگۈزۈش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار «بۇ كېسەلگە قارىتا ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقى، پاقا يوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل ياكى سۇ بىلەن قايناتقان سۇيىقلىقىنى بىرنەچچە قېتىم ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر خولېرا كېسەللىكى يەڭگىللەپ بولسا يۇقىرىقى دورىلارنى قايناتماستىن چىلانما شەكلىدە ئىشلىتىش ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى يوقاتقاندىن كېيىن قەي ۋە ئىچ سۈرۈش توختىمىغان بولسا، زەھرى - مۆھرى، گىل مەختۇم، نارجىل دەريائى، ھەببى نارجىل دەريائى قاتارلىق توختاتقۇچى دورىلارنى تاللاپ قائىدە بويىچە يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

## ئون ئىككىنچى پەسىل ئىشتىھا ئاجىزلاش ۋە تۇتۇلۇش

## نقصان وبطلان شهوت طعام

**تونۇش:**

بۇ ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئىشتىھانىڭ ئازىيىشى ۋە تۇتۇلۇشى يۈز بېرىدىغان كېسەللىك بولۇپ (ئىشتىھاسىزلىقى)، بىمارنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، تاماقنى كۆپ يېيەلمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ خىل كېسەللىك تۆۋەندىكى 26 خىل سەۋەبتىن بولىدۇ:

1. خىلتسىز ئىسسىق تەسىردىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا بوشىشىش بولۇپ، ئاشقازاننىڭ بارلىق قۇۋۋەتلىرىدە ئاجىزلاش بولغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

2. خىلتسىز سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن ئاشقازاندا بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ ۋە جىگەرمۇ سوۋۇپ كېتىپ، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ بارلىق قۇۋۋەتلىرىدە ئاجىزلاش بولغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

3. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى ياكى تۇزلۇق بەلغەم خىلتى ئاشقازاندا توپلىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن تەبىئەت ئۇنى چىقىرىپ تاشلاشقا يۈزلىنىپ، بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

4. ئاشقازاندا كۆپلەپ غەيرىي تەبىئىي شىلىمشىق خىلت توپلىنىپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ.

5. ئاشقازاندا چىرىگەن ھەرخىل خىلتلارنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

6. بەدەندە توشۇپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

7. ئاشقازاندا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

8. تېرىنىڭ قېتىپ قېلىشى ۋە يىرىكلىشىپ قېلىشى سەۋەبىدىن بەدەندىكى كېرەك-

سىز خىلىتلار بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

9. ئاجىزلىق ياكى توسۇلۇش سەۋەبىدىن ھەزىم بولغان يېمەكلىكلەر جىگەر تەرەپكە سۈمۈرۈلمەي ئاشقازان توشۇپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

10. تالنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ خىزمىتى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

11. ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سەزگۈرلۈكى پۈتۈنلەي يوقىلىش تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

12. قان ئازلىق ۋە بەدەن ئاجىزلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

13. ئادەتلەنگەن ئىشىدىن قول ئۈزۈش، يەنى ھاراق تاشلاش سەۋەبىدىن قۇۋۋەتتە غىدىقلىنىش پەيدا بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

14. غەم ـ قايغۇ سەۋەبىدىن بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىشتىن بولىدۇ.

15. ئۈچەي قۇرتلىرى، ئۈچەينىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش، ئۈچەي قۇرتلىرى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا بېرىۋېلىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

16. كۆڭلى تارتمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ياكى تاماق يەۋاتقاندا تامىقىدىن چىۋىنغا ئوخشاش كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ چىقىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

17. مېڭىدىن ئاشقازانغا چۈشكەن نەزلىنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

18. ئاشقازان ياللۇغى ياكى جىگەر ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى ياكى قىزىلئۈڭگەچ يارىسى قاتارلىق كېسەللەر سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

19. ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەدەندىن چىقىپ كېتىشكە تېگىشلىك بۇزۇق ماددىلارنىڭ چىقىپ كەتمەي بەدەندە توختاپ قېلىش سەۋەبىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

20. ئىستىفراغ (تازىلاش) نىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىدە ئاجىزلاش بولۇپ بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

21. ھاۋانىڭ بەك ئىسسىق ياكى سوغۇق بولۇشى سەۋەبىدىن مەسىلەن: ئىسسىق تەسىرىدىن قۇۋۋەت تارقاپ كېتىش، سوغۇق تەسىرىدىن قۇۋۋەتتە ھەرىكەت ئاز بولۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

22. ئۈيقۇنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

23. قالايمىقان ھەرىكەت قىلىش ۋە ھەرىكەت تەرتىپسىز بولۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

24. تاماق يەپ بولۇپ كۆپ سۇ ئىچىش سەۋەبىدىن ئاشقازاندا سوغۇقلۇق ۋە بوشىشىپ كېتىش بولغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ.

25. قۇرۇقلۇقتىن ھەزىم بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن ئاشقازان قۇۋۋەتلىرى ئاجىزلاپ، بۇ خىل كېسەللىكنى پەيدا بولىدۇ.

26. قان خىلتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ئۇسسۇزلۇق بولسا بۇ كېسەللىكنىڭ خىلتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەردە يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن سېسىق گازلىق كېكىرىش، ئىسسىق تاماقلارنى ياقتۇرماسلىق، سوغۇق سۇدىن راھەتلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇسسۇزلۇق بولۇش، ئاشقازان چوقۇلۇپ ئاغرىش، ئېغىز تەمى ئاچچىق بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ ئالامەتلەر بىلەن بىرگە ئېغىز تەمى تۇزلۇق بولسا، كېسەلنىڭ تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا كۆڭۈل ئايىنىش، ئۇيقۇسى كۆپ بولۇش، بىمار ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە تاماقلارنى يېگەندە قورساق كۆپۈشۈش، چىڭقىلىش پەيدا بولۇش ۋە سېسىق كېكىرىش ئارقىلىق توختاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەلنىڭ شىلىمشىق بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا داۋاملىق كۆڭۈل ئايىنىش، ئېغىزى سېسىق پۇراش، چوڭ تەرىتى ئۆتكۈر سېسىق پۇراقلىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ چىرىگەن خىلتلار تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئاچچىق كېكىرىش، تەبىئەت يۇمشاق بولۇش، ئۇسسۇزلۇقى ئانچە كۆپ بولماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر ۋە خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەلنىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ ئېغىز تەمى چۈچۈمەل بولۇش، ئاشقازان ئېچىشىش، تىلنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا بەدەن ۋە تومۇرلار توشۇپ كەتكەن بولۇپ، بىماردا ھورۇنلۇق، راھەتپەرەس بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ توشۇپ كېتىشتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بەدەننىڭ تېرىلىرى يىرىك ۋە قاتتىق بولۇش، چوڭ تەرەت كۆپ، تەرلەش ئاز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىشنىڭ ئازلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا جىگەر ئاجىزلىق ياكى توسۇلۇش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئۈزۈقلۇقنى جىگەرنىڭ تولۇق شۈمۈرەلمەسلىكىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا تال چوڭىيىش، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەرنى يېگەندە ئىشتىھا ئېچىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ تالنىڭ كېسەللىنىشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ماغدۇرسىزلىنىش، بەدەن ئاجىزلىق، كۆپ ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ قان ئازلىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئورۇقلۇق، تازىلاش كۆپ بولۇش، ئىشتىھا پۈتۈنلەي تۇتۇلۇش ياكى ئىشتىھا بولغاندىمۇ يېمەكلىك ئالدىغا كەلگەندە يېگۈسى كەلمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتى ۋە تارتىش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئىشتىھا ئاجىزلىغان بولسا، كېسەللىك سەۋەبى ئېھتىباس (چىقىپ كېتىشكە تېگىشلىك چىقىرىندىلارنىڭ بەدەندە تۇسۇلۇپ قېلىش) دىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا نەزلە، قورۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، جىگەر ئىششىقى، ئاشقازان يارىسى، قىزىلئۆڭگەچ يارىسى، ئادەتلەنگەن ئىشنى تاشلاش، ئىسسىق ياكى سوغۇق ھاۋادا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىش، ئۈيقۇسى بۇزۇلۇش، تەرتىپسىز بەدەن چېنىقتۇرۇش، سۇنى كۆپ ئىچىش قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ خىل كېسەللىك تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا خالىغان يېمەكلىكنى ياقتۇرماسلىق ياكى تاماق يەۋاتقاندا كۆڭلىنى ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل ئىش يۈز بېرىش ئالامەتلىرى بولسا، بەدەندە تەبىئەتنىڭ تەڭشىشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولمىسا بىمارغا بىرنەچچە كۈنگىچە ئوزۇقلۇق بەرمەسلىك ياكى ناھايىتى ئاز بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

بىمارغا 10 ~ 20 كۈنگىچە تاماق يېمەسلىكنى ئېيتقاندا بىمار بۇ پىكىردىن قورقۇپ كېتىپ، ئىشتىھاسى تەبىئىي ھالدا ئېچىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەتتە ئىشتىھاسىزلىق نېرۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. (جىلانىخان ساھىب)

غەيرىي تەبىئىي ھۆل سوغۇق خىلتلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىشتىھا تۆۋەنلىگەن بولسا، زەيتۇن يېغى مادده تۇلھايات نوشدارى قاتارلىق دورىلارنى يېگۈزۈش ۋە سىركەنجۇبىل

ئەنسىلىنى ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاشقازان ئېغىزىنى تازىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش ئۈچۈن قىزىلگۈل، پىننە، پىياز، زەيتۇن، پىلپىل، قەلەمپۇر، خولىنجان، سىركە، ئاچچىقسۇ، سامساق، ھىڭ قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىش كېرەك.

بېھى سۈيى، سىركە، ھەسەل، قارىمۇچ، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە ياكى بۇزۇق يەل سەۋەبىدىن ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش بولسا ۋە ئاشقازان يېمەكلىكلەرنى قوبۇل قىلالماي قەي ئارقىلىق چىقىپ كېتىش ئەھۋالى بولسا، تەركىبىگە پىننە چۈشكەن چۈچۈمەل ئانار قىيامى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك تاتلىق ۋە ياغلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يەڭگىل دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش ۋە چۈچۈمەل ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك.

مەستىكى، ئۇد ھىندى، كۇندۇر، قەسبۇزەرىرە، ئانارگۈلى، بېھى سۈيى، رەيھان ئىچىملىكى قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقتىن باشقا ئىشتىھاسىزلىقلار ئۈچۈن ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈش كېرەك.

يېقىنقى زامان تېۋىپلىرى «جۇۋنەنى لىمون سۈيى بىلەن يەتتە قېتىم مۇدەببەر قىلىپ يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ داۋالاش ئۇسۇللىرى سۆزلىنىدۇ.

### 1. خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

*علاج نقصان وبطلان شهوت طعام حار ساذج*

بەدەننى تەڭشەش ئۈچۈن تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

جاۋارىش ئامىلە، جاۋارىش ئانارىن، جاۋارىش پەۋكىھ، جاۋارىش تاباشىر، جاۋارىش سەندەل، جاۋارىش ئۇدتۇرۇش، ھەببى تۇرۇش، سۇفۇپى نەمەك، شەربىتى ئەنبەر بارىس ئولۇغخان، سىركەنجىۋىل پەۋاكىھ ھەكىم شەرىپخان، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ھەكىم ئەرزاـ ئى، سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل، ئەرقى كەيىۋرە ھەربىرى 48 مىللىلىتىردىن، ئانار شەربىتىدىن 24 گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ بۇنىڭ بىلەن جاۋارىش ئانەرىن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىل كېسەلدە قەۋزىيەتلىك بولسا، ھېلىلە مۇراببساسىنى يۇيۇپ، كۇمۇش ۋاراقتا ئوراپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى شوخلا، بىنەپشە شەربىتى دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان ئىسپىغۇلنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە يېگۈزۈش كېرەك.

چىلغوزا، تەرخەمەك، قارا ھېلىلە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك ۋە تامىقىغا ئاچچىق ئانار سۈيى، لىمون سۈيى، سۇماق، سىركە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئىبنىسىنا «ھارارەتتىن پەيدا بولغان ئىشتىھا ئاجىزلىقتا بەزىدە پەقەت سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك. لېكىن يېڭىدىن قىزىتمىدىن ساقايغان كىشىلەر ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىشتىھا تۇتۇلۇش بولسا سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر بۇ خىل كېسەلدە خىلىت تەسىرى بولسا سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇرۇقلارنىڭ شىرىلىرىنى ئىچكۈزۈش ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك زىمادلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك. ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولسا ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرىنى ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ۋە ئۇنىڭغا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

## 2. خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

*علاج نقصان وبطلان شهوت طعام بارد ساذج*

ئاشقازان مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، ئۇد ھىندى قايناتمىسىغا مەستىكى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئوغلاق، توخۇنىڭ قورۇلغان گۆشلىرى بىلەن ئاق ئۈنىنىڭ نېنىنى يېگۈزۈش كېرەك.

پىننە، زەنجىۋىل، پىلپىل، دارچىن، قەلەمپۇر، خولىنجان، ئەنجىدان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، پىياز، سامساق، ھېلىلە مۇراببساسى، ئاپېلسىن مۇراببساسى، جۇۋىنە، زەنجىۋىل مۇراببساسى، ئاملە مۇراببساسى، بېھى مۇراببساسى، ئاناناس مۇراببساسى، مەستىكى، لاچىندانە، ئۇد ھىندى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ قائىدە بويىچە ئىشلىتىش كېرەك.

سۇۋەيدى «رۇم بەديانىنى ئىچى ۋە سىرتىدىن تەڭ ئىشلىتىش ۋە مەستىكى، پەرەنجەمىشكى، پۇدىنە، شەربىتى يالپۇز قاتارلىق دورىلارنىمۇ ئىچى ۋە تېشىدىن ئىشلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاپېلسىن پوستىنى يۇمشاق سوقۇپ، شېكەرنى قىيام قىلىپ مەجۇن تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ھىندىستان تېۋىپلىرى «پىلپىلنى لىمون سۈيى بىلەن ھاك سۈيىگە چىلاپ ئۇنىڭدىن 0.5 گرام ئېلىپ، پان يوپۇرمىقىغە يۆگەپ قويۇپ يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

جۇۋىنەنى لىمون سۈيى بىلەن يەتتە قېتىم مۇدەببەر قىلىپ يېگۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش ئۇدشىرىن، جاۋارىش ئۇد كىبىر، جاۋارىش مۇلەييىن، جاۋارىش ئۇدتۇ-رۇش، جاۋارىش ئاملە ئۇلۇغخان، ھەببى موشتىھى، ھەببى كىبرىت سەغرى، ھەببى لوبان، سۇفۇپى نەمەك، سۇفۇپى ھەكىم ئەكمەلخان، سۇفۇپى تەنكار، ئەرقى پان، مەجۇنى ئۇد قاتارلىق پىششىق دورىلارنى ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ بېرىش كېرەك.

## 3. غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام صفراوی

غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

سوقمۇنىيادىن 0.5 گرامنى 250 گرام كالا قېتىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش، كېيىن مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ھەببى تۇرۇش، لىمون شەربىتى، شەربىتى سەپەرجىلى، سىركەنجۇبىل سەپەرجىلى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە گۆشىنى ئانار سۈيى ياكى غورا سۈيى بىلەن بېرىش ۋە سوغۇق تەبئەتلىك يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

## 4. غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام بلغمی

ئەگەر ئىشتىھا ئاجىزلاش شىلىمشىق بەلغەم خىلتىدىن بولسا غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

قىچا، زاغۇن، بىخ كەبىر، رۇم بەدىيان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ھەسەل ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش ۋە يۇمشىتىشتىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، نەمەك ھىندى ۋە سىركەنجۇبىل ئەنسىلى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە بارماقنى گالغا تىقىپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر قەي تۈزلۈق بولمىسا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسىدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى مەجۇن دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش ئۇد مۇلەييىن، سۇفۇپى تەنتەر، سۇفۇپى نەمەك، ئەرقى ھىندى، ئەرقى تەمبۇل، مەجۇنى بەقرات، مەجۇنى غەيلىسى، مەجۇنى مۇلكى ھەببى تۇرۇش، سۇفۇپى زەنجىۋىل، سۇفۇپى (ئانار ئۇرۇقى) ئاناردانە، سۇفۇپى ئىزخىر قاتارلىق مۇرەككەپ دورىلاردىن ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

### 5. خىلتلارنىڭ چىرىشىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام عفونتى

غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش ئۈچۈن سىركە ۋە قايناق سۇ ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇلەييىن مۇبارەك ۋە مەتبۇخى پەۋاكىھ ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋائى مىشكى، جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش ئەنبەر، مەجۇنى مارجان قاتارلىق پىششىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا قۇشلارنىڭ گۆشلىرى ۋە گۆرۈچ بېرىش كېرەك.

### 6. خام خىلتلار تەسىرىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام رطوبتى

نورمال بەدەن چېنىقتۇرۇش، بەلغەمنى قەي ۋە سۈرگە ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋارىش ئۇد ۋە جاۋارىش كۇمۇنى دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە پىياز، سامساق، چامغۇر قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 7. سەۋدا خىلتىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام سوداوى

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن قالدۇق خىلتلارنى پارچىلاش ئۈچۈن تۈزلۈق ۋە پارچىلىغۇچى دورىلارنى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى دورىلارنى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

قاندا كۆيۈشۈش ۋە سەۋدا خىلىتى پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

### 8. توشۇپ قېلىشتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام امتلائى

تېرىنى يۇمشىتىش، بوشاشتۇرۇش، تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش، كېرەكسىز ماددىلا-رنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن مۇنچىغا چۈشۈرگۈزۈش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق تەرلىتىش، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنىڭ قايناتمىلىرىدا ئولتۇرغۇزۇش، بەدەننى ئۇۋۇلاپ بېرىش، بەدەنگە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى سۈۋاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

### 9. سۈمۈرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام جاذبى

ئەگەر كېسەللىك جىگەر ئاجىزلىقى ياكى توسالغۇلاردىن بولغان بولسا، جىگەر كېسەل-لىكى باياندا قوللىنىلغان جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

سىركەنجىۋىل بۇزۇرى، زەنجىۋىل مۇرابباسى، تەرياقى كەبىر ئىشلىتىش، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بەدەن چېنىقتۇرۇش، مۇنچىغا چۈشۈرۈش، كونا ھاراق ئىچكۈزۈش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 10. تال ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام از ضعف طحال

تال چوڭىيىپ كېتىش كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە سىركەنجىۋىل بۇزۇرىدىن 36 گرامنى قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىچكۈزۈش كېرەك.

### 11. ئاشقازان سەزگۈرلۈكى يوقىلىشتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام از بطلان حس معده

ئەگەر ئاشقازان سەزگۈرلۈكى نېرۋىلارنىڭ ياللۇغلىنىشى ياكى مېڭىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە مېڭە ئاجىزلىقىدا قوللى-نىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن بولسا، ئايارەج پەيقارا ۋە ھەببى قوقىيا قاتارلىق دورىلار بىلەن يەڭگىل ھالدا مېڭىنى تازىلاش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش ۋە ئاشقازان ساھەسىگە ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇۋاملارنى سۇۋاش كېرەك.

### 12. كەم قانلىق سەۋەبىدىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام از قلت خون

كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئارقىلىق بەدەن قۇۋۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە قان پەيدا قىلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

ئىبنىسىنا «ئىشتىھا ئاجىزلىق ئومۇمىي بەدەن كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا، گالغا بارماقنى تىقىپ قەينى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قەي كەلمىسىمۇ ئىشتىھا كۈچىدە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارالسا ئەپسەنتىن شەربىتى، ھەببۇلئاس شەربىتى قاتارلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى شەربەتلەرنى ئىچكۈزۈش كې-رەك» دەپ كۆرسەتكەن.

### 13. ھەيز توسۇلۇشتىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام از احتباس حيض

بۇنىڭغا قارىتا نورمال يول يۇرۇپ بېرىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، يېمەك - ئىچمەكنى ئازايتىش، كونا رەيھان ھارىقى ئىچكۈزۈش، مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

### 14. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالاش:

علاج نقصان وبطلان شهوت طعام از اسباب ديگر

ئەگەر كېسەللىك ھاراق تاشلاش سەۋەبىدىن بولسا مەست قىلغۇچى ئەرەقلەرنى ھاراقنى تاشلىغان ھالەتتە بەرشىشا، مەجۇنى ھاپىزۇسەھەت، مەجۇنى ئازارقى قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك نەزلە سەۋەبىدىن بولسا، نەزلىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئىششىق ياكى يارا سەۋەبىدىن بولسا شۇ كېسەللىككە قارىتا داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سوغۇق ياكى ئىسسىق ئېشىپ كېتىش، ھەددىدىن زىيادە بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئۇيقۇ بۇزۇلۇش، سۇنى كۆپ ئىچىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان بولسا، سەۋەبىگە قاراپ مۇۋاپىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل يات نەرسىلەرنى يېيىش

وحم

**تونۇش:**

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن بىماردا سېغىز، كۆمۈرگە ئوخشاش غەيرىي نەرسىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان كېسەللىك بولۇپ، كۆپىنچە ھامىلدار ئاياللاردا ھامىلدارلىقنىڭ دەسلىپىدىن ئۈچىنچى ئېيىغىچە بولغان مەزگىلدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئاز ساندا كىچىك باللار ۋە چوڭلاردا كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى:**

ھامىلدار ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىنىڭ دەسلىپىدىن ئۈچىنچى ئېيىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەيز توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بەدەندە توشۇپ كېتىش يۈز بېرىدۇ ۋە بۇزۇق خىلتلار ئاشقازانغا قايتىپ، ئارتۇق نەملىك ۋە بوشىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەبىئەت ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن توپىغا ئوخشاش قۇرۇق نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىدۇ.

تۇتىنچى ئېيدا بۇزۇق خىلتلار قەي ۋە تارقىلىش ئارقىلىق چىقىپ كېتىپ، بۇ خىل ئەھۋال تەدرىجىي يوقىلىدۇ.

تاماق يېيىشتە تەرتىپسىز بولۇش ۋە ياخشى - يامان يېمەكلىكلەرنى قالايمىقان يېيىش سەۋەبىدىن قاندا بۇزۇق خىلتلار پەيدا بولۇپ توپلىنىشۋالىدۇ ۋە تەبىئەت ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھۆللۈكنى سۈمۈرگۈچى قۇرۇق نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

**داۋالاش:**

ئاساسلىقى غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى قەي ۋە سۈرگە ئارقىلىق تازىلاش كېرەك، سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇلىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

### 1. ھامىلدار ئاياللاردىكى يات نەرسىلەرنى يېيىشنى ئارزۇ قىلىشنى داۋالاش:

علاج وحم در حواملات

ھامىلدار ئاياللار بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولسا داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللانماستىن

شۇ پېتى قويۇپ قويۇش كېرەك. چۈنكى بۇ ئەھۋال تۆتىنچى ئېيدا ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدۇ. ئەگەر يوقالمىسا ھەسەللىك گۈلقەنت، سىركەنجۇبىل سادده، جاۋارىش ئۇدتۇرۇش قاتارلىق دورىلارنى بېرىش كېرەك.

ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن سۇفۇپى بەسباسە، قاقىلە قاتارلىق دورىلارنى بېرىش بىلەن قورۇلغان توخۇ سۆڭىكىنى چاينىتىش كېرەك.

قارا زىرە، جۇۋنە، رۇم بەديان، مەستىكى، كۈندۇر، سەئدى كوفى، پىننە قاتارلىقلارنى چايناپ، ئۇنىڭ لوئابىنى چىقىرىپ يۇتۇشقا بېرىش كېرەك، ئوزۇقلاندۇرۇشتا تاماقنى نورمال بېرىش ۋە تامىقىغا پىننە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

### 2. نورمال كىشىلەردىكى يات نەرسىلەرنى يېيىشنى ئارزۇ قىلىشنى داۋالاش:

علاج وحم

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتا قوللىنىلغان تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە ھەر ئايدا ئىككى قېتىم قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت قويۇق ۋە ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولسا سۈرگە ئۈچۈن ئۈچۈن ۋە ھەببى سەبرە ئولۋىخان، ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقىيا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

غەيرىي خىلىتلارنى تازىلاشتىن كېيىن ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلارنى بېرىش، يەنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە زىرە، رۇم بەديان ھەر بىرى ئون گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام، ھېلىلە كابىلى پوستى، بەلىلە پوستى، ئامىلە ھەربىرى ئون گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بىر كېچە - كۈندۈز سىركىگە چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ، ئەھۋالغا قاراپ ئاق شېكەر ياكى گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش كۈمۈنى، جاۋارىش فىلاپى، جاۋارىش كۈمۈنى مۇرەككەپ قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى ئەرقى دارچىن، ئەرقى ئۇد، ئەرقى لاچىندانە قاتارلىق ئەرەقلەر بىلەن بېرىش ھەم مەجۇنى خۇپسىل ھەدىد يېگۈزۈش كېرەك.

يېمەكلىكلەر سىڭىپ بولغاندىن كېيىن ئاشقازان ساھەسىگە كۈچلەندۈرگۈچى سۇۋال-مىلارنى سۇۋاش كېرەك. مەسىلەن: موم، مەستىكى يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ قىيرۇتى شەكلىدە سۇۋاش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى، كەپتەر، كەكلىك ۋە پاقلان گۆشى قاتارلىق-لارغا دارچىن قاتارلىق توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر بىمار بۇ خىل نەرسىلەرنى يېيىشتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇنىڭ ئورنىغا نوقۇت، بادام مېغىزى قاتارلىقلارنى قورۇپ يېگۈزۈش ۋە بىر ئاز شاراپ بىلەن قۇرسى ئۇد بېرىش

كېرەك.

ئەگەر بالىلارنى سېغىز قاتارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن سېغىزغا ئوخشاش ئاچچىق نەرسىلەرنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بالا بۇ نەرسىلەردىن يىرگىنىدىغان بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا بەدەن ئاجىز، رەڭگى سېرىق بولۇش، بويىنى ئىنچىكە بولۇش قاتارلىق جىگەر توسۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، رۇم بەدىيان، ئوغرىتىكەن، زاراڭزا، يەرلىك شوخلا، سىركەنجۇبىل پەۋاكىھ، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قاتارلىق تارقاتقۇچى ۋە توسالغۇلا-رنى ئاچقۇچى دورىلار ئارقىلىق توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە ئىششىقنى تارقىتىش كېرەك.

ئايالىلاردىكى سېغىز يېيىشنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۇل ۋە ئەرقى كەيىورە بىلەن يۇغۇرۇپ، قورس تەييارلاپ بېرىش ۋە سۇفۇپى لاجۇۋەرنى مائۇلجەبىن بىلەن بىرگە بېرىش كېرەك.

ئەگەر بىمار سېغىز ۋە شېغىل، توپا يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسا ئۇنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن قۇرسى خىرپە ۋە سۇفۇپى ئادىراسىمان يېگۈزۈش ۋە ئاخشىمى بىرنەچچە كۈن ھەببى مۇسھىلنى ئەرقى ھەمشىباھار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

## ئون تۆتىنچى پەسىل    ئىت ئىشتىھا كېسىلى

## جوع الكلب

**تونۇش:**

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن بىمارنىڭ ئىشتىھاسى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بىمار ناھايىتى كۆپ تاماق يەيدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئېغىر بولسا، بىمار ھەرقانچە كۆپ تاماق يېسىمۇ تويمايدۇ ۋە ئىتقا ئوخشاش تاماق يېيىشكە ئامراق بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا بىئارامىلىق پەيدا قىلغۇچى سوغۇقلۇق بولسا بۇ خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن سوغۇقلۇق بەك كۆپ ۋە ئومۇمىي بەدەندە بولسا، ھەزىم يوقىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىك پەيدا بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولمايدۇ.

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ياكى چۈچۈمەل بەلغەم خىلتىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. چۈنكى چۈچۈمەل خىلتلار ئاشقازاننى غىدىقلاپ ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى شىلىم-شىق خىلتلارنى پارچىلاپ ئىشتىھانى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

مېڭىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا چۈشكەن سۇيۇقلۇق ئاشقازاننىڭ ئاجىزراق بولغان

هارارىتى بىلەن چۈچۈمەل بولۇپ ئىشتىھانى كۆپەيتىۋېتىدۇ (بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ).

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا هارارەتنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى هارارەتنىڭ يۇقىرىلىقىدىن تارقىلىش كۆپىيىپ كېتىپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا داۋاملىق سانجىق مەلۇم بولىدۇ.

ھەرىكەتنىڭ كۆپ بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تومۇرلارنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشى تېزلىشىپ، بۇنىڭ بىلەن ئىشتىھاسى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

تازىلاشنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قېلىش، ئۇزۇن ۋاقىت قىزىتمىغا گىرىپتار بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەن ئوزۇقلۇققا موھتاج بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىشتىھاسى كۆپىيىپ كېتىدۇ.

ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاشقازان ئوزۇقلۇقنى ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرالمايدۇ ۋە بەدەن ماددا ئالمىشىش جەريانى ئۈچۈن بەدەن داۋاملىق ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىشتىھا كۆپىيىپ كېتىش پەيدا بولىدۇ.

ئۈچەيدىكى مەددە قۇرتلارنىڭ يېمەكلىكلەرنى يەۋېلىشى سەۋەبىدىن قورساق داۋاملىق ئېچىپ تۇرۇپ، بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ھەزىم ئاجىزلاش، چوڭ تەرەت كۆپىيىش، قورساق كۆپۈش ۋە سوغۇقلۇقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئېغىز تەمى ئاچچىق بولۇش، ئاچچىق كېكىرىش، قەي قىلىش، قورساق ئاچ ۋاقىتتا ئاشقازان ساھەسىدە سانجىلىش ھەم چوقۇلۇش ۋە ئېچىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا سانجىلىش ھەم چوقۇلۇش ۋە قەي بولمىسا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا بەلغەم خىلتىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە نەزلە بولسا، كېسەللىكنىڭ نەزلىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا چوڭ تەرىتى ئاز بولۇش، ئۇسسۇزلۇقى كۆپ بولۇش قاتارلىق هارارەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاشقازان ۋە بەدەن هارارىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ھەزىم قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇش، چوڭ تەرىتى ئاز بولۇش، ئۇسسۇزلۇقى كۆپ بولۇش قاتارلىقلار بولسا، بۇ، ھەرىكەتنىڭ كۆپلۈكىدىن بەدەن ئوزۇق-

لىقىقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا بەدەن ئاجىزلىق، يېمەكلىكلەر تولۇق ھەزىم بولماي چوڭ تەرەت بىلەن چىقىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاشقازاننىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى-نىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىماردا ئۈچەي قۇرتىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ ئۈچەي قۇرتى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

بىرنەچچە كۈنگىچە ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىدا ھەببەتۇخورزا يېگۈزۈش ۋە تاماقتىن كېيىن پاختەك تۇخۇمى يېگۈزۈش كېرەك.

پىننە، بادام مېغىزىنى سوقۇپ، كۈنجۈت يېغىدا قورۇپ، شېكەر بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ھايۋانلارنىڭ جىگىرىنى قورۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

جىگەرنى قۇرۇتۇپ، بادام مېغىزى، كۈنجۈت، مەستىكى، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلار بىلەن بىرگە سوقۇپ، بىنەپشە يېغى ۋە يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن كۈمىلاچ تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

مومنى بىنەپشە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

ياڭاق مېغىزى قاتارلىق مېغىز تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك. ئوزۇقلاندۇ-رۇشتا غىدىقلاش تەسىرى بولمىغان تاتلىق ۋە مايلىق يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

غىدىقلاش تەسىرى بولغان تۇزلۇق، چۇچۇمەل ۋە تۇتقۇچى يېمەك - ئىچمەكلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنى داۋالاش تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ.

## 1. خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسەلنى داۋالاش:

علاج جوع الكلب بارد ساذج

جاۋارىش كۈمۈنى، جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش سەپەرجەلى، جاۋارىش خۇزى، جاۋارىش پەنجنۇش قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىش دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك ۋە رۇم بەديان، جۇۋىنە، زىرە، قاقىلە قاتارلىقلارنى داۋاملىق چايناپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىش، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، قىزىلگۈل قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقا-زان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

خىلتسىز سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تەبىئەتنى قوغداش، خولېرا قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىترىفىل سەغىرى، جاۋارىش نارمىشكى، جاۋارىش خۇزى قاتارلىق دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

### 2. چۈچۈمەل بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسىلىنى داۋالاش:
علاج جوع الكلب بلغم حامض

ئالدى بىلەن قەي قىلدۇرۇش ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ۋە ھەببى ئايارەج بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى قىزىتىش ئۈچۈن تەرياقى كەبىر، داۋائى مىشكى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەتىگەن ناشتىدىن بۇرۇن تاتلىق ھاراق ئىچكۈزۈش، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، كەكلىك، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى زىرە، دارچىن قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن مەجۇنى نارمىشكى، مەجۇنى كۇندۇر يېگۈزۈش كېرەك.

ئىبنىسىنا «بۇ كېسەللىكتە قىزىقلىقنى ۋە چۈچۈمەللىكنى تەڭشەش كېرەك. شۇڭا ئاشقازاننى قىزىتىش ئۈچۈن قىزىتقۇچى دورىلارنى، چۈچۈمەللىكنى تەڭشەش ئۈچۈن ياغلىق تاماقلار ۋە ياغلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنى كۈچلۈك بولۇپ ئىچى سۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلىسە، يۇمشات-قۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئايارەج قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق ئىچىنى سۈرۈش كېرەك.

بالىلارغا قارىتا پىياز، سامساق ۋە يۇمشاتقۇچى يېمەكلىكلەر ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشاتقاندىن كېيىن داۋاملىق قايناق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك. چۈنكى قايناق سۇ يۇقىرىقى خىلتلارنى چىقىرىپ تاشلىيالايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسىلىنى داۋالاش:
علاج جوع الكلب سوداوى

قائىدە بويىچە مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مائۇلجەبىن، مەتبۇخى بىستىپايەج قاتارلىق دورىلا-ردىن بىرىنى تاللاپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش ياكى تازىلاش ئۈچۈن ئاشقازان مىزاجىنىڭ سەۋدا خىلتىدىن بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 4. خىلتسىز ئىسسىقتىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسىلىنى داۋالاش:
علاج جوع الكلب حار ساذج

ئاشقازان مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قول-لىنىش كېرەك. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئۇزۇقلۇق تەركىبى تۆۋەن بولغان يېمەكلىكلەرنى ۋە

تەرخەمەك، قوغۇن، قاپاق قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئىسسىق ھاۋادىن ساقلىنىش، سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش، بېھى قىيامى، ئالما قىيامى قاتارلىق تۇتقۇچى قىياملارنى ئىچكۈزۈش، ئانارگۈلى، سەندەل، ئەرقى گۈل قاتارلىقلاردىن سۇۋالما تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

قاپاق سۈيى، سۈت، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەنتاكى «بۇ كېسەللىك ئۈچۈن مۇز يېگۈزۈش ۋە مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان سۇغا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

## 5. باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسىلىنى داۋالاش:

علاج جوع الكلب از اسباب دیگر

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى بەدەننىڭ بىئاراملىقىدىن بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھارارەتنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولسا، بىمارنى ھەرىكەت قىلىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن چەكلەش، ھارارەتنى توختىتىش ئۈچۈن چۇچۇمەل ئالما شەربىتى، چۇچۇمەل بېھى شەربىتى، چۇچۇمەل ئانار شەربىتى، غورا شەربىتى، ئاپېلسىن شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىق تۇتقۇچى شەربەتلەرنى ئىچكۈزۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

بەدەننىڭ تۆشۈكچىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ھەببۇلئاس يېغىدا مومنى ئېرىتىپ، بېھى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈۋاش، يېمەكلىكلەرنى بىراقلا بەرمەستىن ئاز - ئازدىن بېرىش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا غىدىقلاش تەسىرى بولمىغان پاقلان گۆشى، چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئۈنىڭدا ھارارەت بولمىسا قويۇق، ئۇتتۇشچانلىقى ئاستا يېمەكلىكلەردىن، پاخ-تەك، كاللا - پاچاق، كالا گۆشى، كالىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى، پېتىرنان، تۇخۇم، ئۇماچ قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

باشقا تەدبىرلەرنى ئەھۋالغا قاراپ تاللاش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك قىزىتما، ئاچ قېلىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان بولسا، ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتى ھەر بىرىدىن ھەر بىرىدىن 24 گرامنى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى گۈل ھەربىرى 60 مىللىلىتىر بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئاخشىمى مەستەد-كى، لاچىندانە ئىككى گرامدىن دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە نۇشدارى لۆئلۈۋىدىن توققۇز گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، 108 گرام مائۇلھەسەل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پاقلان گۆشى كاۋىپى قاتارلىق ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى ئاز - ئازدىن يېگۈزۈش ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

تۆۋەندە باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسەلنى داۋالاشنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

1. تۇتۇش كۈچى (قۇۋۋىتى ماسكە) ئاجىزلاش سەۋەبىدىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسەلنى داۋالاش:

بۇ خىل كېسەللىك كۆپىنچە ھۆللۈكتىن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كېسەلدە جاۋارىش خۇزى، جاۋارىش سەپەرجىلى، ئىترىفىل سەغرى قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش، ئاشقازان ساھەسىگە لادەن سۈۋاش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇلغان گۆش بېرىش كېرەك.

2. نەزلىدىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسەلنى داۋالاش:

نەزلىنىڭ غىدىقلىشىدىن بولسا ئۇنى توختىتىش ۋە ئۇنىڭ چىقىشىنى بۇرۇن تەرەپكە مايىل قىلىش تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج، ھەببى سەبرە ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم تازىلاش، جاۋارىش كۇمۇنى ۋە جاۋارىش خۇزى يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

3. ئۇچەي قۇرتى تەسىرىدىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسەلنى داۋالاش:

بۇنىڭغا قارىتا ئۇچەي قۇرتى كېسىلىدىكى داۋالاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق قۇرتنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

## ئون بەشىنچى پەسىل كالا ئىشتىھا كېسىلى

## جوع البقر

**تونۇش:**

بۇ ھەر خىل سەۋەبتىن ئەزالار ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدىغان، لېكىن قورساق تويغاندىن كېيىن تاماقتىن يىرگىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ ئىت ئىشتىھاسى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. بەزىدە ئىت ئىشتىھاسى بۇ كېسەللىكنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

ھېكىم جىلانىخان «بۇ كېسەللىك ئىشتىھا تۆۋەنلەشكە ئوخشاش بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن بەزى تېۋىپلار ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى ئايرىم بايان قىلغان.

**سەۋەبى:**

مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشىدىن سەزگۈرلۈك ۋە سۇمۇرگۈچى قۇۋۋەتلەرنىڭ يوقىلىشى ياكى ئاجىزلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى قويۇق ياكى سۇيۇق خىلىتلارنىڭ ئاشقازان گەۋدىسىگە

تارقاپ كېتىشىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمارنىڭ تومۇر ھەرىكىتىدە سۇسلۇق بولۇش، تومۇرى ئىنچىكە، قاتتىق، قىسقا سوقۇش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى سوغۇق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ سوغۇقلۇقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا بەلغەم ياكى سەپرا خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، كېسەللىك سەۋەبى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەپرا خىلتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا تومۇرى ئىتتىك سوقۇش، يۈرەك قوزغىلىش ۋە ھارارەتنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بولسا، كېسەللىكنىڭ ھارارەت سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىماردا داۋاملىق كۆڭلى ئېلىشىش، ھۆ تۇتۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ سۇيۇق خىلىتلارنىڭ ئاشقازان گەۋدىسىگە ئۆتۈپ تارقاپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەلدە بەدەن ئاجىزلىق، كەم ماغدۇرلۇق، ئىشتىھاسى كۈندىن - كۈنگە يوقىلىش، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ھوشسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر بىمار ئىسسىق مىزاجلىق بولۇپ ھوشسىزلىنىش بولسا، سوغۇق سۇ، سوغۇق ئەرقى گۈل قاتارلىقلارنى يۈزىگە چېچىش ۋە مىزاجىغا قاراپ خۇش پۇراق دورىلارنى پۇرىتىش كېرەك.

ئىسسىق مىزاجلىقلاردا ئەرقى گۈل، سوغۇق مىزاجلىقلارغا ئىپار، ئەنبەر، رەيھان ھارىقى قاتارلىقلارنى پۇرىتىش كېرەك ۋە قول - پۇتنى باغلاش، خەيرى يېغى، زەنبەق يېغى، نەرگىس يېغى، سەۋسەن يېغى قاتارلىق ياغلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش.

مائۇللەھمى، داۋائى مىشكى قاتارلىقلارنى گالغا تېمىتىش، ئاشقازان ساھەسىگە قىزىلگۈل، مەستىكى، سۇمبۇل تىپ، ئۇد ھىندى، ئۇد قەمەرى، پىستە پوستى قاتارلىق كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى سۇۋاش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە ھوشسىزلىنىش بايانىدا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن رەيھان شەربىتى، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى گاۋزىبان، ئالما شەربىتى، ھاراق قاتارلىقلاردىن تاللاپ ئېلىپ، ناننى چۆكۈرۈپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە، كەكلىك، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ شورپىلىرىغا زىرە، دارچىن، ئۇد مىشكى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە مۇۋاپىق مىقداردا رەيھان ھارىقى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازان مىزاجىنى تەڭشەش ۋە ھەزىم خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇد، جاۋرىش ئەنبەر قاتارلىق جاۋارىشلار ۋە ئىترىفىل سەغىر يېگۈزۈش، لادەن، ئامىلە ئۇسارىسى، سەئدى كوفى، سۇمبۇل، مەستىكى، ئۇد ھىندى، ئەنبەر قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ سۈۋاش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى ۋە ئىت ئىشتىھا كېسىلى قاتارلىقلاردا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلت تەسىرىدىن بولۇپ ھوشسىزلىنىش بولسا، ھوشىغا كەلتۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن خىلتقا قارىتا ئاشقازاننى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەش ۋە كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. يەنى ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان تازى-لاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئىت ئىشتىھا كېسىلىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان بولسا، تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان ئاشقازاننى تەڭشەش ۋە كۈچەيتىشتە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللى-نىش كېرەك، لېكىن بۇ كېسەلدە بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىز، ياشانغان بولسا تازىلاشقا بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۈچلەندۈرۈش ۋە تەڭشەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، بەدەننى كۈ-چەيتكەندىن كېيىن تازىلاش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك نەزلىدىن بولغان بولسا، ئالدى بىلەن نەزلىنى داۋالىغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى جاۋارىشلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان بولسا، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بېھى، بەديان، بەديان چىنى، رۇم بەديان ھەربىرىدىن تۆت گرام، قاقىلە بەش دانە، قەلەمپۇردىن 15 دانە ئېلىپ، دورىلارنى چالا سوقۇپ، ئەرقى گۈل ۋە سۇ ھەربىرىدىن 125 مىللىلىتىرنى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، چالا سوقۇلغان دورىلارنى سېلىپ، ئېغىزنى ھىم ئېتىپ ئۈچ سائەت سۈس ئوتتا قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ، ئاق شېكەردىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاندا سەپرا خىلتى بىلەن بەلغەم خىلتى ئارىلىشىۋالغان بولسا 2 ~ 3 كۈن ئايارەج پەيقارادا تۆت گرامنى 24 گرام سىركەنجۇبىل ساددا بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك بىلەن بىرگە سوغۇقتىن بولغان دىئابىت ۋە دەم سىقىلىش پەيدا

بولغان بولسا مائۇللەھمى ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر بۇ ئالامەتلەر بىلەن ئىستىسقائى لەھمى (سۈلۈق ئىششىق) يۈز بەرسە، كېسەلنىڭ ھاياتىغا 20 كۈن ئىچىدە خەۋپ يېتىدۇ.

## ئون ئالتىنچى پەسىل ئاچلىقتىن بولغان ھوشسىزلىنىش

## جوع المغشي

**تونۇش:**

بۇ قورساق بەكرەك ئاچقاندا ھوشسىزلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، قۇۋۋەت يوقىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك بىلەن كالا ئىشتىھاسىدىن بولغان ھوشسىزلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق:

بۇ خىل كېسەلدە ئىشتىھا بۇزۇلمايدۇ ۋە ئاشقازان يېمەكلىكلەرنى چەكلىمەيدۇ. ئەكسىچە كالا ئىشتىھاسىدا ئىشتىھا يوقىلىدۇ ۋە ئاشقازان يېمەكلىكلەردىن نەپرەتلىنىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ناھايىتى ئاجىز بولۇشى ۋە ئومۇمىي بەدەننىڭ ھارارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بولىدۇ.

يەنى ئاشقازاننىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەنلىگەندە ئاشقازان ھارارىتى بەك يۇقىرى بولىدۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنىڭ تارقىلىشى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ يۈرەككە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاجىزلاشقاندا، قورساق ئاچقاندا بۇزۇق خىلتلار ئاشقازانغا تۆكۈلۈپ ھوشسىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەلدە ئۇسسۇزلۇق، ئاشقازان ساھەسى ئېچىشىش، قەۋزىيەتلىك، ئىشتىھا كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر ۋە ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ھوشسىز ھالىتىدە، ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كالا ئىشتىھاسى ۋە ھوشسىزلىقتا قوللىنىلغان ھوشىغا كەلتۈرۈش تەدبىرىنى قوللىنىش، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك.

زىرىقنى ئەرقى كەيىوغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئانار شەربىتى ۋە سىركە

ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئالما سۈيى، ئانار سۈيى، شەربەتنى پەۋاكىھ، لىمون سۈيى، چۈچۈمەل ئاپېلسىن سۈيى قاتارلىقلارغا نان چۆكۈرۈپ يېگۈزۈش كېرەك.

سىركەنجىۋىل ساددىنى 48 گرام ئەرقى گۈل بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئالما شەربىتى ياكى ھۇمماز شەربىتىدىن 46 گرامنى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قۇۋۋەت ئاجىز بولسا توخۇ گۆشى بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

## ئون يەتتىنچى پەسىل   ئۇسسۇزلۇق كېسىلى

### عطش مفرط

**تونۇش:**

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن بىماردا قاتتىق ئۇسساش كېلىپ چىقىدىغان ئۇسسۇزلۇقنى ئىچكەنسېرى ئۇسسۇزلۇقى بېسىلمايدىغان كېسەللىك بولۇپ، ھەقىقىي ۋە يالغان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سەۋەبى:**

جۇرجانى بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن.

1. مەخسۇس بىرلا ئەزانىڭ مىزاج بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
2. ئومۇمىي بەدەننىڭ مىزاج بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
3. بىرەر تاشقى سەۋەبتىن بولىدۇ. تاشقى سەۋەبلەر قويۇق ۋە تۇزلۇق يېمەكلىكلەرنى يېيىش ۋە دەريا سۈيى، تۇزلۇق سۇ ياكى ئۇسساتقۇچى بىرەر دورىنى يېيىش، قىزىتقۇچى يېمەكلىكلەر ۋە كۈچلۈك هاراقلارنى ئىستېمال قىلىش ھەمدە ئىسسىق ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچراش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇق پۈتۈن بەدەننىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولسا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تەپ ۋە كۆيدۈرگۈچى تەپ كېسەللىكلىرىدە يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولىدۇ.

مەخسۇس ئەزالارنىڭ مىزاجى بۇزۇلغانلىقتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر، بۆرەك، ئۆپكە قاتارلىق ئەزالاردىن بىر ئەزانىڭ قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، چىرىگەن بەلغەم خىلتىدىن پەيدا بولغان

بەلغەمى شوردىن مىزاج بۇزۇلۇش، سەپرا خاراكتېرلىك ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، ئىسسىق تەبىئەتلىك ياللۇغ قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ھەقىقىي ئۇسسۇزلۇق سۇسىزلىنىشتىن بولىدۇ، يالغان ئۇسسۇزلۇق قويۇق خىلىت سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، قۇرۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، قۇرۇق ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش، يۈرەك، ئۆپكە، ئۈچەي، قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىق ئەزالاردا مىزاج بۇزۇلۇش، ئۈچەي توسۇلۇش، جىگەر توسۇلۇش، مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، قىزىتما، خولېرا، بەدەن ئورۇقلاش، ئورۇقلاتقۇچى قىزىتما، تۇبېركۇلوز قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ بىرەرسى بولسا، كۆپ ئۇسساشنىڭ سەۋەبى شۇ كېسەللىك بولىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى كېسەللەر بولماستىن سامساق، ھىڭ، پەرپىيۇن قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ياكى دورىلار ۋە تۇزلۇق يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىك ئەھۋالى بولسا كېسەللىك سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك يىلان چېقىۋالغاندىن كېيىن بولسا ئۇسسۇزلۇق زەھەرلىنىشتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىمار سوغۇق سۇ ئىچكەندە ئۇسسۇزلۇق پەسەيسە ھەقىقىي ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. قايناق سۇ ئىچكەندە ئۇسسۇزلۇق پەسەيسە يالغان ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ.

ئەگەر بىمار سوغۇق سۇغا قارىغاندا سوغۇق جايدا ئولتۇرغاندا بەكرەك راھەتلىنىش، سوغۇق سۇنى ئىچكەنگە قارىغاندا ئېغىز چايقىغاندا بەكرەك راھەتلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ ئۆپكە، يۈرەك، نەپەس ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەكسىچە بولسا كېسەللىكنىڭ ئوزۇقلۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

سوغۇق سۇنى بىراقلا بەرمەستىن، دەسلەپتە ئېغىز چايقىغۇزۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈش ۋە سىركىگە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر قىزىتما بولسا بىر ئاز گۈلاب ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

سەرپىستاننى شۇمۇشكە بېرىش، ھۆل ۋە ياغلىق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش، يېمەكلىكلەرنى سۇ بىلەن بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**1. ھارارەت ئېشىپ كېتىشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:**

علاج عطش مفرط حار

1. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق ئاشقازان ھارارىتىدىن بولسا: ئىسپىغۇل لۇئابى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى، تاتلىق قاپاق مېغىزى شىرىسى، سىركە قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش، ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۈلىرىنى ئىچكۈزۈش، سىركە، تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىنىسى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش، تاۋۇز سۈيىگە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش، قۇرسى تاباشىر ياكى تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن يېگۈزۈش، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ئون گرام، بېھى ئۇرۇقى 14 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى نىلۇپەرگە چىلاپ، سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقنىغا ئەرقى گۈل بېرىش كېرەك.

ھەببى موسەككىن ئەتەشىنى داۋاملىق شۈمۈپ يۇرۇشكە بېرىش ۋە قۇرسى تاباشىر ۋە قۇرسى سەندەلنى مۇۋاپىق شەربەت ۋە سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئارپا پوستى، سوغۇق سۇ، شېكەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، لىمون شەربىتى ئىچكۈزۈش، لىموننىڭ سىقىلغان سۈيىنى ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىنىسى، چۈچۈمەل قېتىق سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈش ياكى چۈچۈمەل قېتىق سۈيى بىلەن مۇدەببەر قىلىنغان سېمىز ئوت ئۇرۇقىنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ شىرىسى چىقىرىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بالىلاردىكى ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن نىلۇپەر ئۇرۇقى، لىمون ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

2. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق يۈرەك، ئۆپكە ياكى نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ ھارارىتىدىن بولسا، سېمىز ئوت ئۇرۇقىنى ئەرقى گۈل، ئەرقى سەندەل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى كاسىنە، سۇ قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن خېمىرى سەندەل يېگۈزۈش كېرەك.

بادرەنجى بۇيا، سەندەل، نىلۇپەر، ئەرقى گۈل قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك پۇراقلىق دورىلارنى پۇرىتىش كېرەك.

سەندەل، كاپۇر، سېمىز ئوت غولى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن زىماد تەييارلاپ كۆكرەككە سۈۋاش كېرەك.

بىمارنى سوغۇق جايدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەرقى گۈلگە يەلپۈگۈچنى چۆكۈرۈپ يەلپۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆپكە ۋە يۈرەك قاتارلىقلارنىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلىدىغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 2. قۇرۇقلۇق ئېشىپ كېتىشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:

علاج عطش مفرط يابس

ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۇچۇن بادام يېغى ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازاننىڭ مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر سەپرا خىلتىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئاشقازاننىڭ غەيرىي تەبئىي سەپرا-خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلىرى بويىچە داۋالاش، قەي قىلدۇرۇش، تازىلاشتىن كېيىن سوۋۇتقۇچى، دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى كۆپلەپ ئىشلىتىش كېرەك.

سوغۇق سۇ، ئارپا سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، تەرخەمەك سۈيى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلارغا مۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قۇرۇقلۇق بىلەن ھارارەت بولسا قۇرسى ۋەرد ۋە تاۋۇز سۈيى ئىچكۈزۈش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشتا يېمەكلىككە غورا سۈيى، ئاپېلسىن سۈيى، چۇچۇمەل ئالما سۈيى، سىركە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر قۇرۇقلۇق يۇقىرى بولسا بادام يېغى بىلەن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈش، ئۇسۇلۇك يېگۈزۈش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئانار سۈيى ياكى سۇماق سۈيى بىلەن توخۇ گۆشى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

### 3. شارابنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:

علاج عطش مفرط شرابي

زىرىق شىرىسى، تاتلىق ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، ئەينۇلا سۈيى، غورا سۈيى، تاۋۇز سۈيى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قاندا ھارارەت پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە سوۋۇتۇش ئارقىلىق قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكىلى بولمىسا، بىمارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ قان ئېلىش كېرەك.

سىركە 36 گرام، تاۋۇز سۈيى ياكى سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسىدىن 120 گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ مۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى ۋە زىرىق سېلىنغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش، چۇچۇمەل مېۋىلەرگە مۇز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە قېتىق قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولسا، ئىككى گرام تاباشىر-نى يۇمشاق سوقۇپ، تەرخەمەك سۈيى ياكى 120 مىللىلىتىر تاۋۇز سۈيى بىلەن بېرىش كېرەك.

ئەگەر دېڭىز سەپىرىگە چىققاندا ئۇسسۇزلۇق، ئىچى سوروش، سېرىقلىق چۈشۈش (يەرقان) قاتارلىق ئەھۋاللار پەيدا بولسا، ئارپا ئېشى سۈيى، سۇماق، زىرىق، ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى ئېشى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش.

ئەگەر ئىچ سوروش توختاپ ئۇسسۇزلۇق ۋە يەرقان يوقالمىغان بولسا، سىركەنجۇبىل سەپەرجىلى ۋە ئىسپىغول لۇئابى ئىشلىتىش كېرەك.

**4. قويۇق ۋە تۇزلۇق خىلىتلار سەۋەبىدىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:**

علاج عطش مفرط از خلط مالح و غليظ

1. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق تۇزلۇق بەلغەم خىلىتى تەسىرىدىن بولغان بولسا:

سۇ، تۇز ياكى قايناق سۇ ۋە سىركە ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ھەسەل قاتارلىق بەلغەم خىلىتىنى پارچىلىغۇچى دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك ۋە نان، كاللا ـ پاچاق، مېۋە قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

سۈرگە بېرىش كېرەك بولسا ئايارەج پەيقارانى سىركە، بەدىيان سۈيى، قايناق سۇ قاتارلىقلار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭدىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلسە، سامساق، زەنجىۋىل، مەجۇنى سىير قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

يېقىنقى زامان تېۋىپلىرى «ئەگەر ئۇسسۇزلۇق تۇزلۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولسا، ئالدى بىلەن يۇمشىتىش ۋە پارچىلاش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل ساددە، گۈلقەنت ھەربىرى 12 گرام، ئەرقى گۈل 108 مىللىلىتىر، ئەينۇلا شەربىتىدىن 48 گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە ئۇز ۋقلاندۇرۇشتا پالەك، ھۆل يۇمغاقسۇت- نى لىمون سۈيى بىلەن چۈچۈمەللەشتۈرۈپ بېرىش، پالەك سۈيى ھەربىرى 125 گرام، سىركەنجۇبىل ساددە 60 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئىچكۈزۈش، قەي قىلدۇرۇپ 3 ~ 4 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ سۈرگىسىنى بېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

توققۇزىنچى كۈنى سوۋۇتقۇچى دورىلار شەكلىدە سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەربىرى توققۇز گرام، بىھى ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى كاسىنە، ئەرقى بىدە ساددە ھەربىرى 84 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا چىلاپ، بىھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىنى قالغان دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، 48 گرام نىلۇپەر شەربىتى ۋە توققۇز گرام سوقۇلغان ئىسپىغول ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە 3 ~ 4 قېتىم سۈرگە بەرگەندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇق يەنە قېپقالغان بولسا، ھەببى مۇتەسكىن ئەتەشنى داۋاملىق سۇمۇپ يۇرۇشكە بېرىش كېرەك.

2. ئەگەر ئۇسسۇزلۇقنىڭ سەۋەبى گەجسىمان بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولسا،

بەلغەم خىلتىنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش ۋە ھەببى ئايارەج قاتارلىقلار ئارقىلىق تازىلىغاندىن كېيىن مائۇلھەسەل بېرىش كېرەك.

قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى ۋە ئەرقى بەدىيان، ئەرقى بادرەنجى بۇيا قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك ئەرەقلەرنى ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

بىمار سوغۇق سۇ ئىچسە، قايناق سۇ ياكى ئەرقى بەدىياننى قىزىتىپ ئىچكۈزگەندە، ئۇسسۇزلۇقنى دەرھال توختىتىدۇ.

3. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق سەۋەبى ئاشقازاندا كۆيگەن سەۋدا خىلتىنىڭ توپلىنىشىدىن بولغان بولسا، مائۇلجەبىن ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شىرخىسنى داۋاملىق ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈپ يۇرۇشكە بېرىش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىل ئۇسسۇزلۇق ياشانغانلاردا بولۇپ، ئورۇقلاش، قاپىقى ئىششىش، چوڭ تەرىتى ئاقىرىپ قېلىش، ھەزىم تۆۋەنلەش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، يېمەكلىكنى ئازايتىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، جىگەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

**5. ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:**

علاج عطش مفرط غذائي

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم پارچىلىغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلاردىن سىركە بىلەن قايناق سۇ ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقازاندىن يېمەكلىكلەرنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى ۋە يېمەكلىك ھەزىم بولۇشنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى ئۇسسۇزلۇقنىڭ باشقا تۈرلىرىدىكى داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**6. زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:**

علاج عطش مفرط سمي

بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنى 500 گرام ئۆچكە سۈتى، 48 گرام كالا يېغى، 60 گرام ئاق شېكەر قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئورۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، پاقلان گۆشى، پالەك قاتارلىقلارنى پىشۇرۇپ نان بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

چۈشتىن كېيىن قاپاق سۈيى ياكى تەرخەمەك سۈيى 108 مىللىلىتىر، نىلۇپەر شەربىتى 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن قۇرسى كاپۇردىن ئۈچ گرام يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭ دەرھال ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە، مائۇلجەبىن ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك. باشقا تەدبىرلەرنى زەھەرلىنىش بابىدا سۆزلەن-

گەن داۋالاش تەدبىرلىرىدىن ئېلىش كېرەك.

**7. مىزاز ئىستېمال قىلغانلىقتىن پەيدا بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:**

علاج عطش مفرط ازتناول برف

مۇزنىڭ سوغۇقلۇقى تەسىرىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا بىئارامىلىق يېتىش سەۋەبىدىن ئۇ ھارارەت تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇق باشلىنىدۇ.

سىركە ۋە قايناق سۇنى ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈش ياكى زەنجىۋىل مۇراببىاسى، ئامىلە مۇراببىاسى، ھېلىلە مۇراببىاسى، لىمون شەربىتى، ئاپېلسىن شەربىتى قاتارلىقلارنى تالاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

**8. كۆپ ئىچى سۈرۈشتىن بولغان ئۇسسۇزلۇق كېسىلىنى داۋالاش:**

علاج عطش مفرط استفراغی

بەدەننى ھۆللەشتۈرۈش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، بادام يېغى قاتارلىق يۇمشاتقۇچى ياغلارنى سۈۋاش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ھارارەتتىن پەيدا بولغان ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

## ئون سەككىزىنچى پەسىل ئاشقازان ياللۇغى

**اورام معده**

**تونۇش:**

بۇ ئىسسىق ياكى سوغۇق غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغى «پەلغەمۇنى مەئىدە»، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغى «ھۆمرەئى مەئىدە».

ئىبنىسىنانىڭ ئېيتىشىچە «ماشىرا» غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ياللۇغ «ۋەرمى رەخۋ»، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغىنى «ۋەرمى سۇلبى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتلىرىدىن بولىدۇ. جۇرجانى «ئاشقازان ياللۇغى كۆپىنچە غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن، ناھايىتى

ئاز ساندا غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

گىلانىخان «ئاشقازان بەلغەمنىڭ مەنبەسى، شۇڭا ئاشقازاندا كۆپىنچە بەلغەم خىلتى سەۋەبىدىن كېسەللىك يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئاشقازان ياللۇغىمۇ كۆپىنچە بەلغەم خىلتىدىن بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاشقا ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان ئاغرىقى سوزۇلما خاراكتېرلىك بولغاندا پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە قورساقنى سىيلىغاندا ئىششىقنىڭ ئالامىتى سېزىلىش، ئاشقازاندا ئېچىشىش، قىزىتما بولۇش، ئېچىشىپ ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا ئۆتكۈر قىزىتما بولۇش، كۆپ ئۇسساش، چىرايىنىڭ رەڭگى ۋە تىل مۇدۇرچاقلىرى قىزىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۆتكۈر قىزىتما بولۇش، كۆپ ئۇسساش، يۈزى، تىل ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇسسۇزلۇق ۋە قىزىتما تۆۋەن بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى قوغۇشۇن رەڭلىك، تىل رەڭگى ئاق، پارقىراق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەلنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇسسۇزلۇق ۋە قىزىتما تۆۋەن بولۇش، چىرايىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولۇش، بەدەن ئاجىز، كۆزلىرى قۇرۇق ۋە ئولتۇرۇشاڭغۇ بولۇش، كېسەللىك سوزۇلما بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، كېسەلنىڭ سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

مىزاجنى تەڭشەش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، ياللۇغنى پىشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن تارقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

بۇ كېسەللىكتە ئىشلىتىلىدىغان سۇۋالما ۋە ئىچىملىكلەرگە خۇش پۇراق، قابىز دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، ئاشقازان قۇۋۋىتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈچلۈك خىلدىكى سۈرگە ۋە قەي قىلغۇچى دورىلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

بۇ كېسەللىكتە كۈچلۈك سۈرگە بېرىشكە قارىغاندا قەي قىلدۇرۇش خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

خىيارشەنبەر، شوخلا سۈيى قاتارلىق دورىلاردىن سۇۋالما تەييارلاپ سۇۋاش كېرەك.

لېكىن سۈرگۈ ئىچكەن كۈنلىرى سۇۋالما دورىلارنى سۇۋاشقا بولمايدۇ ۋە تاماق يېگەن ۋاقىتتىمۇ سۇۋالما دورىلارنى ئېلىۋېتىش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار «سۇۋالما سۇۋىغاندا ياللۇغ ئاشقازاننىڭ ئالدى تەرىپىدە بولسا قورساققا، كەينى تەرىپىدە بولسا بەلگە سۇۋاش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

بەرگى سوسەننى سوقۇپ قىزىتىپ ئاشقازان ساھەسىگە تېڭىش كېرەك ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ياللۇغ مۇدۇر - چاقىلارغا ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇنىڭغا قارىتا ئاشقازان مۇدۇر - چاقىلىرى باياندا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تۆرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم معده دموی

بىمارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مۇۋاپىق دەپ قارالسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك.

چىلان، كاسنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بىنەپشە شەربىتى ۋە خاكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

كاسنە ئۇرۇقى، نىلۇپەر، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

شوخلا، گۈل بىنەپشە ھەربىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن ئون دانە ئېلىپ قاينىتىپ، 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

نىلۇپەر بەش گرام، كاسنە ئۇرۇقى ئالتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى كاسنە، ئەرقى شوخلا ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىر ئەرەقكە چىلاپ، مىزاج ئىسسىق بولمىسا قاينىتىپ، ئاق شېكەر ياكى بىنەپشە شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت بولسا زىرىق، كاسنە ئۇرۇقى، چىلان، ئەينۇلا قاتارلىق دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئىچ سۈرۈش ۋە يۆتەل بولسا، ئاق لەيلى يىلتىزى، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى، ئەنجىباھار يىلتىزى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەدىيان يىلتىزى، يەرلىك شوخلا قاتارلىق دورىلارنى قايناق سۇغا چىلاپ، تاتلىق بېھى قىيامى 124 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە بەزىدە قاينىتىلغان كۆك شوخلا سۈيىدىن 84 گرامغا 12 گرام ئاق شېكەر ۋە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىدىن ئالتە گرامنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەل بىلەن بىرگە ھېق تۇتۇش ۋە قەي بولسا، ئاق لەيلىگۇل ئۈچ گرام، قىزىلگۇل، يەرلىك شوخلا ھەربىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى 170 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ، 24 گرام دىنار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى شوخلا ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمار بىرەر نەرسە يېگەندىن كېيىنلا قەي ئارقىلىق چىقىرىۋەتسە، ئەھۋالغا قاراپ قان ئالغاندىن كېيىن يەرلىك شوخلا شىرىسى، كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى ھەر بىرى ئالتە گرام، ئاق لەيلى گۇلى شىرىسى ئۈچ گرام، 24 گرام بىنەپشە شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقازان ساھەسىگە گۇل يېغى سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر ياللۇغ بىلەن كۆڭۈل ئاينىش ۋە ئىچ سۈرۈش بولۇپ، بىرەر ئىسسىق تەبىئەت-لىك دورىنى يېگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، ئاق لەيلى شىرىسى ئۈچ گرام، ئىسپىغۇل لوئابى ئالتە گرام، يەرلىك شوخلا شىرىسى تۆت گرام، ئەرقى گۇل، تاتلىق ئانار شەربىتى ھەربىرى 24 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ياللۇغ بىلەن ھېق تۇتۇش قەۋزىيەتلىك بولسا، بىنەپشە، كاسىنە يىلتىزى پوستى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، قوغۇن ئۇرۇقى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى كاسىنە، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلارغا چىلاپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ياللۇغنى قايتۇرۇش ۋە قەۋزىيەتلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن خىيارشەنبەر 12 گرام، گۈلقەنت 24 گرام، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئېلىنغان ھۆل كاسىنە سۈيى 60 مىللىلىتىرغا چىلاپ، 0.5 گرام زەپەر ۋە ئۈچ گرام گۇل بىنەپشە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، ماش ئېشى، پالەك، قاپاق، تەرخەمەك قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

ياللۇغنىڭ دەسلەپىدە قايتۇرغۇچى سۈۋالمىلارنى مەسىلەن: قىزىلگۇل، زىرىق ئۇسا-رىسى، سەندەل، ھۆل قاپاق شاپىقى، ئەرقى گۇل، ھۆل يەرلىك شوخلا سۈيى ياكى ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنى كېسەللىك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەرياندا ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى، قىزىلگۇل سېرىقى، ئەرقى گۇل، كاسىنە سۈيى قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييار-لاپ سۈۋاش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا يۇقىرىقى سۈۋالمىلارغا تارقاتقۇچى ۋە بوشاشتۇرغۇچى دورىلاردىن زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، سۇمبۇل، بابۇنە، سەئدى

كوفى، ئۈد ھىندى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر ياللۇغ كونىرىغان بولسا، قۇرسى سۇمبۇل يېگۈزۈش ۋە ھەببى پان قوشۇلغان زىمادى مۇقەلنى ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

**2. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش:**

علاج ورم معده صفراوی

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تازىلاش زۆرۈر بولسا، خىلتنى پىشۇرغاندىن كېيىن سەككىزىنچى كۈنى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.

نېلۇپەر تۆت گرام، گۈل بىنەپشە، يەرلىك شوخلا، تەرخەمەك ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان كاسىنە ئۇرۇقى، شاھتەررە، زىرىق ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قايناق سۇغا چىلاپ ئىچكۈزۈش، سۈرگۈ بەرگەندە بۇ نۇسخىغا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگۈ دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىتما قېپقالغان بولسا شەربىتى ئەينۇلا ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر بوۋاسىر بولسا ھەببى مۇقەل يېگۈزۈش كېرەك.

دەسلەپكى باسقۇچى تۈگىگەندە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش ئۈچۈن خىيارشەنبەرنى كاسىنە سۈيى بىلەن ئېرىتىپ، بىنەپشە شەربىتى ۋە تاتلىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى خىيارشەنبەرنى شوخلا سۈيى، قىزىلگۈل شەربىتى، دىنار شەربىتى قاتارلىقلارغا چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن قاينىتىلغان ھۆل كاسىنە سۈيى، شوخلا سۈيى، بۇزۇرى شەربىتى ياكى نېلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە قۇرسى گۈلنى ئەرقى كاسىنە، بۇزۇرى شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ياللۇغنىڭ دەسلەپىدە ھارارەت ئېغىرلاشقاندا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئوسۇڭ شىرىسى، سېمىزئوت شىرىسى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە كۈچلۈكرەك سوۋۇتقۇچى دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىدا سۆزلەنگەن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

كاسىنە سۈيى، شوخلا سۈيى، ئانار سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

تەمرى ھىندى شەربىتى ياكى غورا شەربىتىنى پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈش، ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيى بېرىش كېرەك.

تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يەڭگىل كلىزما ئارقىلىق كلىزما قىلىش، خىيار

شەنبەر، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا، شىرخىست قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل ياكى سۇغا چىلاپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈش، خىيارشەنبەردىن 12 گرامنى ھۆل يەرلىك شوخلىنىڭ قاينىتىلغان سۈيى، ھۆل كاسىنىنىڭ قاينىتىلغان سۈيى ھەربىرى 60 مىللىلىترغا چىلاپ سۈزۈپ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، بادام يېغى ھەربىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تازىلاش تەدبىرلەردىن بىرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئۇسسۇزلۇق كۆپەيگەندە تاۋۇز سۈيى ئىچكۈزۈش ۋە قەۋزىيەتلىك بولمىسا بېھى قىيامى، ئانار قىيامى، لىمون شەربىتى قاتارلىق يەڭگىل، قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، يۇمغاقسۇت سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ياكى سەندەل، ئارپا ئۇنى، بېھى سۈيى ياكى تەرخەمەك سۈيى قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاشقا ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىدا سوۋۇتۇش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم معده سوداوى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچىسى ئارقىلىق خىلتنى پىشۇرغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن تەرياقى ئەربەئە ۋە تەرياقى مەستىتوس يېگۈزۈش كېرەك.

شوخلا سۈيى، قاينىتىلغان ھۆل بەدىيان سۈيى قاتارلىق دورىلارغا گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

گۈل يېغى، يەسمەن يېغى، بىدەنجىر يېغى قاتارلىق ياغلاردىن بىرنى تاللاپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ۋە بىدەنجىر يېغىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، جۇۋىنە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

شوخلا، گۈل بىنەپشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بىخ كەبىر ھەربىرى تۆت گرام، بەدىيان يىلتىزى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ئۈچ گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن ئون دانە ئېلىپ قاينى

تىپ، بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

خىيارشەنبەرنى شوخلا سۈيىگە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، توغرىغۇ، تال چىۋىقى كۈلى، ئۆشنە، ئەپسەنتىن، سۇمبۇل تىپ، زەپەر قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ ياكى ئىزخىر، سەئدى كوفى، بابۇنە گۈلى ھەربىرىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 48 مىللىلىتىر كۆك شوخلا سۈيى ۋە 12 مىللىلىتىر سىركە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، جۇۋنە، ئەنجۇر سۈيى، ئىزخىر يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى سىركىگە چىلاپ ئىلمان قىلىپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىل ياللۇغ نەپەس قىيىنلىشىشتىن بولغان بولسا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بەدىيان، زۇپا، ئەنجۇر، رۇم بەدىيان قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دورىلار تەركىبىگە شوخلا، گۈل بىنەپشە ۋە پەرسىياۋشان ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. خىلىت پىشقاندىن كېيىن بۇ نۇسخىغا قىزىلگۈل، بادام يېغى، غولى ئېلىۋېتىلگەن تۇربۇت ھەر بىرى 45 گرام، سانا توققۇز گرام، زەنجىۋىل بەش گرام، خىيارشەنبەر 60 گرام، 36 گرام تەرەنجىبىن قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ سۈرگە ئۈچۈن بېرىش كېرەك.

سۈرگىدىن كېيىن يەنە يۇقىرىقى پىشۇرغۇچى دورا تەركىبىدىكى گۈل بىنەپشە، زۇپا، ئەنجۇر قاتارلىق دورىلارنىڭ ئورنىغا قىزىلگۈل، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرى تۆت گرام، رەۋەن ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرغۇچى سۈپىتىدە بېرىش كېرەك، غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن سۈرگە تەركىبىدىكى دورىلارنى كۆپەيتىپ تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى قېتىم سۈرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن بەدىيان شىرنىسى ئالتە گرام، ئەرقى شاھتەررىدىن 120 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ 36 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن جاۋارىش كۇمۇنىدىن توققۇز گرامنى يېگۈزۈش، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلارغا 24 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەجۇنى گولسوسەن تۆت گرامنى يېگۈزۈش، قۇرسى سۇمبۇل، قۇرسى زىرىشك كەبىر قاتارلىق دورىلارنى بىرنەچچە كۈن يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا شورپا بېرىش، ئەگەر ئىشتىھاسى ياخشى بولسا، شورپا بىلەن بىرگە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ۋە ئاز مىقداردا ماش ئېشى يېگۈزۈش كېرەك.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان يالليۇغىنى داۋالاش:

علاج ورم معده سوداوی

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلاش ۋە تازىلاشتىن كېيىن تۆگە سۈتىنى ئاق شېكەر ياكى گۈلقەنت بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەرقى گۈل، قۇرسى ۋەرد، قۇرسى سۈمبۈل، قۇرسى زىرىشىك كەبىر، داۋائى لوك، داۋائى كۇركۇم، مەجۇنى گۈل، مەلھىمى مۇقەل قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر مىزاجىدا ھارارەت بولسا كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى، كۆك بەديان سۈيى قاتارلىقلار بىلەن گۈلقەنت يېگۈزۈش كېرەك.

زەپەر، سېرىقچېچەك ھەربىرى ئۈچ گرام، ئەپسەنتىن، سۈمبۈل ھەربىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

سۈمبۈل تىپ، سەبرە، زىغىر ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى، مۇقەل، توخۇ يېغى، كالا پاچاق سۆڭىكىنىڭ يىلىكى، گۈل يېغى، قىزىل موم قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا زاراڭزا ئۇرۇقى، دارچىن، پىلپىل، زىرە بىلەن پىشۇرۇلغان شورپا بېرىش، قىزىتما بولمىسا توخۇ گۆشى شورپىسىنى قەنت چامغۇرى ۋە نېلۇپەر ياغىچى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىل يالليۇغ بىلەن بىرگە كۆپ ئۇسساش ۋە ئېغىز قۇرۇش بولسا، شوخلا، سۈمبۈل تىپ، قەسبۇزەرىرە ھەربىرىدىن تۆت گرام، قىزىلگۈل، چالا سوقۇلغان كاسىنە ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، بۇزۇرى شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قېتىپ قېلىش ۋە قىزىتما بولسا، ئالتە گرام ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقىنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا بىلەن يەڭگىل قاينىتىپ، بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەينۇلا بەش دانە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەديان، قىزىلگۈل، گاۋزىبان، پىرسياۋ-شان، ئەپسەنتىن رۇمى ھەربىرىدىن تۆت گرام، يەرلىك شوخلا، كاسىنە ئۇرۇقى، كاسىنە يىلتىزى ھەربىرىدىن ئالتە گرام، زەنجىۋىلدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، سانا، غولى ئېلىۋېتىلگەن تۇربۇت ھەربىرىدىن ئالتە گرام، 72 گرام خىيارشەنبەر، ئالتە گرام بادام يېغى، 48 گرام گۈلقەنت قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شوخلا ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردىكى دورىلارغا 24 گرام گۈلقەنت، بەش گرام سوقۇلغان پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ھېلىلە مۇرابباسىدىن بىر داننى يېگۈزۈش كېرەك ياكى چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەدىيان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى تۆت گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن ئون داننى قاينىتىپ، گۈلقەنتتىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن تۆت گرام مەجۇنى گۈلنى يېگۈزۈش كېرەك ۋە ياكى شوخلا، گاۋزىبان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى گۈلى قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى شوخلا بىلەن قاينىتىپ، شەربىتى بۇزۇرى ۋە سوقۇلغان رەيھان ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەستىكىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل كەبىرگە ئارىلاشتۇرۇپ، كاسىنە شىرىسى 48 گرام، ئەرقى گۈل 48 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈلدىن 250 مىللىلىتىرنى بىرلەشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىترىفىل كەبىر ئورنىغا ھېلىلە مۇرابباسى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سۈرگىدىن كېيىن يەل كۆچلۈك بولسا، زىرە، قۇرۇق پىننە ھەربىرى تۆت گرام، كاسىنە ئۇرۇقىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت 24 گرام، سوقۇلغان ئاق تۇدەرى تۆت گرام، ئىككى گرام سوقۇلغان مەستىكى قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئۇنىڭدىن كېيىن قەۋزىيەتلىك بولسا، شاھتەررە، كاسىنە ئۇرۇقى ھەربىرى ئالتە گرام، قىزىلگۈل، گاۋزىبان ھەربىرى تۆت گرام، سېرىق ئەنجۈر ئۈچ دانە، ئەينۇلا يەتتە دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم بىر دانە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 36 گرام گۈلقەنت ۋە توققۇز گرام سانانى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىل ياللۇغ بىلەن قىزىتما ۋە كېكىرىش كۆپ بولسا، گۈل بىنەپشە، بەدىيان يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى، شوخلا، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرى ئالتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ئون دانە، سېمىزئوت ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 24 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقازان ساھەسىگە قىيرۇتى سۈۋاش كېرەك.

كۆيۈشۈش خاراكتېرلىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغىنىغا سۇفۇپى لاجۇۋەرد بىلەن مائۇلجەبىن ئىشلىتىش كېرەك.

## ئون توققۇزىنچى پەسىل ئاشقازان يېرىڭلىق ئىششىقى

**دبيله معده**

**تونۇش:**

بۇ، ئاشقازاننىڭ ئىچكى ئىششىقلىرىدا يىرىڭ پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك

بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا يىرىڭ پەيدا بولسا، ئۇ «خوراج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئالامىتى:**

دەسلەپتە قىزىتما، قاتتىق ئاغرىش، تىترەش، جۇغۇلداش، ئۇسسۇزلۇق، ئېچىشىش، ئىشتىھا تۆۋەنلەش، يېمەك ـ ئىچمەكتىن بىئارام بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. سوزۇلما بولغاندا بەدەن ئاجىزلاش، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، ئاشقازان ساھەسىدە قاتتىقلىق پەيدا بولۇش، سۈيدۈكى ئازلاش، قەي ۋە ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە قول ـ پۇت سوۋۇپ كېتىش بولسا، بۇ كېسەلنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

دەسلەپتە قان ئېلىش كېرەك ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقتا ئاشقازان يارىسىغا ئۆزگىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىچى ۋە سىرتىدىن تەڭ سوۋۇتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك ئاشقازان يارىسىغا ئۆزگەرگەن ۋە خىلىت پىشقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، زىغىر ئۇرۇقى، ھەمشىباھار ئۇرۇقى ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، تالقان تەييارلاپ، ئۈچ گرام ئېلىپ، 125 گرام ئۆچكە سۈتى بىلەن ئاخشىمى يېگۈزۈش كېرەك.

پىشۇرغۇچى سۇۋالمىلارنى سۇۋاش كېرەك. شۇمشا، تۇخۇمى مەرۋى ھەربىرى توققۇز گرام، ئاچچىق بادام مېغىزى ئون دانە قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، بىدەنجىر يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ ياكى ئىكلىلمىلىك، بابۇنە گۈلى، شۇمشا ئۇرۇقى، ھەببۇلغار، ئەپسەنتىن ھەر بىرى بەشگرام، تۇخۇمى مەرۋى ئۈچ گرام، ئاچچىق بادام مېغىزى 30 دانە، مۇقەل بەش گرام، ئەنجۈر ئون دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى كونا هاراقتا چىلاپ، ئۇشەق، سەبرە ھەربىرىدىن ئۈچ گرامنى سىركە بىلەن ئېرىتىپ، بىدەنجىر يېغى بىلەن بىرگە مەزكۇر چىلانمىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاشقازان ساھەسىنى گۈل يېغى بىلەن ياغلىغاندىن كېيىن سۇۋاش كېرەك.

بۇ سۇۋالمىنى بىر كۈندە يەتتە گرام سۈرۈش كېرەك ۋە ياكى ئاق لەيلىگۈلى، بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمىلىك، ئۇشەق، مۇقەل، جاۋاشىر دورىلارنى سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر كۈچلۈك خىلدىكى سۇۋالمىلارنى ئىشلىتىش كېرەك بولسا، يۇقىرىقى سۇۋالمىلارغا ئۆردەك تۆكى، توخۇ تۆكى، كەپتەر تۆكى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كالا سۈتى بىلەن نان ياكى ھالۋا بېرىلىدۇ. غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن قان ئېلىش ۋە سۈرگىدىن قەتئىي چەكلەش لازىم.

ئەگەر قىچىشىش ئالامىتى بولسا داۋاملىق سۈت ۋە قايناق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئىششىقتا چېگىقلىش بولۇپ ئېغىز ئالغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، قورساقنى قول بىلەن يەڭگىل دەرىجىدە مۇجۇپ بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئېغىز ئالىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل بىلەن ئېغىز ئالمىسا قىزىق ھالەتتىكى مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئېلىشتا كېچىككەن بولسا، ئازراق قىچىنى سوقۇپ، مائۇلھەسەل ياكى قايناق سۇ بىلەن بېرىش كېرەك.

قۇرسى كاسىنە بەش گرام، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئېشەك سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى بىلەن بېرىش كېرەك.

ئالتە گرام قۇرۇق كاسىنە، 60 گرام شۇمشا ئۇرۇقى، 120 گرام تۇخۇمى مەرۋس قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئۆچكە سۈتى بىلەن قايىنتىپ، كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالغان بولۇپ يىرىڭ ۋە قان چوڭ تەرەت ۋە قەي ئارقىلىق چىققان بولسا، مائۇلھەسەل ياكى مائۇل شېكەر ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن كاسىنە سۈيى، سەبرە، ئايارەج پەيقارا قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ۋە مۇۋاپىق ھالۋىلاردىن باشقا يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

ئاشقازان يىرىڭدىن پاكىز بولغان بولسا، يارىنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى ۋە گۆش ئۆندۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

يىرىڭ ۋە قاننىڭ قەي ئارقىلىق چىقىشى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، كۆپىنچە بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. شۇڭا، ئاشقازاندا يىرىڭ مەۋجۇت بولسا قەي ئارقىلىق چىقارماستىن بەلكى ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاشقا تىرىشىش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق قاپارتمىلار ئېغىز ئالمىغان بولسا، ئىششىقنىڭ قېتىپ قېلىشى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## يىگىرمىنچى پەسىل ئاشقازان يارىسى ۋە مۇدۇر - چاقىلىرى

### قروح وبثور معده

**تونۇش:**

ئاشقازانغا غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ تەسىر قىلىشى ياكى مېڭىدىن ئاشقازانغا چۈشكەن نەزلىنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن ئاشقازاندا زەخمە ۋە مۇدۇر - چاقىلار پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

غەيرىي تەبىئىي خىلىت ياكى مېڭىدىن ئاشقازانغا چۈشكەن نەزلىنىڭ غىدىقلىشى تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئاشقازان يارىسى كۆپىنچە ئاشقازاندىكى مۇدۇر ـ چاقىلارنىڭ ئېغىز ئېلىشىدىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەلدە دەم سىقىلىش، ھوشسىزلىنىش، قول ـ پۇت سوۋۇپ كېتىش، ھەزىم ناچارلىشىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش، زېھنى ئېغىر بولۇش، ئېغىزغا مۇدۇر ـ چاقىلار چىقىش، تامغاق ۋە تىلى قۇرۇق بولۇش، كۆڭۈل ئايىنىش، قەي كۆپ بولۇش، يەڭگىل قىزىتما بولۇش، ئاشقازان ساھەسىدە ئاغرىش ۋە ئېچىشىش بولۇش، چۈچۈمەل، ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى يېگەندە، ئاغرىق كۈچىيىپ كېتىش، چوڭ تەرەتتە يىرىڭ چىقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ يارىسى بىلەن ئاشقازان يارىسىنىڭ پەرقى:

قىزىلئۆڭگەچ يارىسىدا ئاغرىش ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسى ۋە ئاستى تەرىپىدە بولىدۇ. يېمەكلىكلەرنى يۇتقاندا بويۇندا يەنى يارىنىڭ ئورنىدا ئاغرىش بولىدۇ، يېمەكلىكنى يۇتۇپ بولغاندا ئاغرىش توختايدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى يارىسىدا كۆكرەكنىڭ ئاستى ۋە قورساقنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئاغرىش بولىدۇ. يېمەكلىكلەرنى يۇتۇش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ ۋە كۆپىنچە قەي بىلەن يارا قەقەچلىرىنىڭ پوستلىرى چىقىدۇ.

ئەگەر يارا ئاشقازان ئاستىدا بولسا، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىش كۈچىيىپ كېتىدۇ، كىندىك ئەتراپىدا ئاغرىش بولىدۇ. چوڭ تەرەتتە يارا قەقەچلىرىنىڭ پوستىلىرى چىقىدۇ.

ئاشقازان يارىسى بىلەن ئۈچەي يارىسىنىڭ پەرقى:

ئاشقازان يارىسىدا تاماق يۇتقاندا ئاغرىش كۈچىيىدۇ ۋە ئاغرىق كىندىك ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئۈچەي يارىسىدا تاماق تۆۋەنگە چۈشكەندە ئاغرىش كۈچىيىدۇ ۋە ئاغرىق كىندىك ئاستىدا بولىدۇ.

**داۋالاش:**

يىرىڭنى تازىلاش ئۈچۈن مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈش، ئەگەر ھارارەت كۆپ بولسا يىرىڭنى تازىلاش ئۈچۈن شېكەر سۈيى ۋە ئارپا سۈيى بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن خۇنسىياۋشان، كۇندۇر ھەربىرى 18 گرام، گىل

ئەرمىنى ئون گرام، ئانارگۈلى، كەھرىۋا، قىزىلگۈلدىن يەتتە گرام ئېلىپ سوقۇپ، يۇقىرىقى دورىلار بىلەن تەڭ مىقداردىكى ئالما قىيامى ۋە بېھى قىيامى بىلەن بېرىش كېرەك.

كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، كەھرىۋا، گىل ئەرمىنى ھەربىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام خەشخاش شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 108 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل ۋە 36 گرام نامازشامگۈل شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ھۆل سېرىق مومنى توخۇ تۇكى بىلەن يۇتقۇزۇش كېرەك.

قۇرسى كەھرىۋا ئالتە گرام، كۇندۇر 1.5 گرام، خۇنسىياۋشان ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بېھى قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 24 گرام تاتلىق بېھى شەربىتى، 156 گرام پاقىيوپۇرمىقى سۈيى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مەزكۇر دورىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەپيۇن، زەپەر ھەربىرى 0.5 گرام، مەدەسىتان تۆت گرام، قەشقەر ئۈپىسى ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغىدىن 18 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ۋە بىنەپشە يېغىغا مومنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ۋە بىنەپشە يېغىغا مومنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بۇ كېسەلدە تازىلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى يارىدا يىرىڭ بولسا يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش قىيىن. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. لېكىن تازىلاش كۈچلۈك بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، تازىلاش كۈچلۈك بولۇپ كەتسە يارا ئېغىر-لىشىپ كېتىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ يارىسى ۋە مۇدۇر - چاقىلىرىنى داۋالاشمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولىدۇ ۋە بۇنىڭدا خىلتنىڭ تۆكۈلۈشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئاشقازان مۇدۇر - چاقىلىرى ئۈچۈن تاباشىر، زىغىر ئۇرۇقى ھەربىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، كالا قېتىقى بىلەن بېرىش كېرەك.

سىركەنجىۋىل ساددە، ئەرقى گۈل، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى شوخلا ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا نېلۇپەر شەربىتى بىلەن ئارپا ئېشى ئىچكۈزۈش كېرەك، 4 ~ 5 كۈندىن كېيىن ئەرقى گۈلدىن 500 مىللىلىتىرغا 84 گرام خىيارشەنبەر، 48 گرام گۈلقەنت، سەككىز گرام گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرىدىن توققۇز گرام، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى 375 مىللىلىتىر ئەرقى گۈلگە چىلاپ، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابىنى، قالغان دورىلارنىڭ شىرىسى-

نى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتىدىن 48 گرام ۋە مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇلغان ئىسپىغۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

3 ~ 4 قېتىم سۈرگۈ بەرگەندىن كېيىن غەيرىي تەبئىي خىلتنى تەڭشەش ئۈچۈن سەندەل شەربىتى 24 گرام، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى گۈل ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، يەتتە گرام سوقۇلغان رەيھان ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر مۇدۇر - چاقىلار قىزىتقۇچى دورىلار، يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكتىن بولسا، خام قايماق ۋە سۈتنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئاق شېكەر بىلەن يېگۈزۈش ۋە سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرى توققۇز گرام ئېلىپ، ئاقلانغان ئوسۇك ئۇرۇقى يەتتە گرام، ئىسپىغۇل، بىھى ئۇرۇقى ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدەسادە، ئەرقى كاسنە، ئەرقى نىلۇپەر ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىرغا چىلاپ، ئىسپى-غۇل بىلەن بىھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىنى، قالغان دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتىدىن 42 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئەرقى گۈل بىلەن ئۇماچ بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك نەزلە ياكى يەل ۋە ياكى بالادۇرغا ئوخشاش ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن بولسا، زەھەرلىنىشنى داۋالاشتا قوللانغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللى-نىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان يارىسى بىلەن قەۋزىيەتلىك بولسا، 84 گرام خىيارشەنبەر، 108 گرام تەرەنجىبىن قاتارلىق دورىلارنى چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، 48 گرام ھەسەل گۈلقەنتى ۋە بادام يېغى ياكى گۈل يېغىدىن توققۇز گرام ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يارا بار ئورۇندىكى گۆشلەر ئويلىقاشقا (ئاكىلىگە) ئۆزگەرگەن بولۇپ، قەي ۋە چوڭ تەرەتتە قاتتىق چىرىش ئالامەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرى چىققان بولسا ۋە ھوشسىزلىق يۈز بەرگەن بولسا، پادىزەھرى ھايۋانى ياكى جەدۋارچىنى ۋە ياكى گىل مەختۇمىنى پاقىيوپۇرمىقى بىلەن بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا قان قەي قىلىش باياندا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك، يارا ئاكىلەگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن ساقىيىش ئۈمىدى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

## يىگىرمە بىرىنچى پەسىل   ئاشقازان كۆپۈش ۋە كوركىراش

### نفخ معده و قراقر

ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە غەيرىي

تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراش ئەھۋالى بولىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

1. ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن يېمەكلىكلەر تولۇق ھەزىم بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا كۆپلەپ بۇزۇق يەل پەيدا بولۇپ، قورساق كۆپۈشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

2. ئاشقازان ھەزىم قىلالمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن ئاشقازاندا كۆپۈش پەيدا بولىدۇ.

3. ئاشقازاندا سەۋدا خىلىتىغا بەلغەم خىلىتى ئارىلىشىش قاتارلىق غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنىڭ يىغىلىۋېلىپ ئاشقازان ھارارىتى تەسىرىدىن ئاشقازاندا كۆپتۈرگۈچى يەلگە ئۆزگىرىپ ئاشقازان كۆپۈشنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىبنىسىنا «قۇرۇق كۆپۈش كۆپىنچە تال ۋە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كېسەللىكلەردىن پەيدا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا تاماقنى كۆپ يېيىش، ھۆللۈكى ئارتۇق بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش، سېسىق پۇراقلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، يېمەكلىك يېگەندىن كېيىن سۇنى كۆپ ئىچىش، تاماقتىن كېيىن ھەرىكەتنى كۆپ قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا يۇقىرىقى ئەھۋاللار بولمىسا، ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە سۆزلەنگەن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا، سەپرا خىلىتى قاتارلىقلاردىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتا سۆزلەنگەن تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش ئېنىقلانسا كېسەللىك سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇش، بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش قاتارلىقلار-دىن بولغان قورساق كۆپۈش ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، 2 ~ 3 قېتىم كېكىرىش بىلەنلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

سەۋدا خىلىتى ۋە ھۆل خىلىتلاردىن بولغان قورساق كۆپۈشنىڭ پەرقى: غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قورساق كۆپۈشتە قورساق كۆپۈش قۇرۇق بولىدۇ. ھۆل خىلىتلاردىن بولغىنىدا تەبىئەت يۇمشاق ۋە ئېغىز شۆلگىيى كۆپ بولىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك:

بىرى، ئۇنى پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنى چەكلەش، يەنە بىرى، تارقىتىش: يەنى ئۇنى پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنى چەكلەش ئۈچۈن سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك. ئۇنى تارقىتىش ئۈچۈن يەل تارقاتقۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك. لېكىن يەل پەيدا قىلغۇچى سەۋەب

ئىسسىقلىقتىن بولسا يەل تارقاتقۇچى دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بۇ دورىلار يەل ۋە كۆپۈشۈشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەل ھەيدىگۈچى دورىلارنى بەدەندە يەلنى توسقۇچى خىلتلار مەۋجۇت بولغاندىمۇ بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولسا مىزاجنى تەڭشەش كېرەك.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش غەيرىي تەبىئىي خىلت تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئالدى بىلەن تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش، بەدەننى كۈچەيتىشكە تىرىشىش كېرەك.

بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنى قاتتىق يېمەكلىكلەر، سوغۇق سۇ، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردىن چەكلەش لازىم ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئاچ قويۇش، تۇز بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

بولۇس تىۋىپ «قورساق كۆپۈش ۋە كوركىراشتا تەبىئىي ھارارەتنى كۆپەيتكۈچى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك. زەيتۇن يېغىغا زىرە ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

### 1. خىلتسىز سوغۇقلۇقتىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كوركىراشنى داۋالاش:

علاج نفخ معده و قراقر بارد ساذج

ئاشقازاننىڭ خىلتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تەرەنجىبىن ۋە مەتبۇخى زىرە ئارقىلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

جۇۋىنە شەربىتى، تەرياقى ئەربەئە، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش ئۇد مۇلەييىن، جاۋارىش ئەنبەر، سۇفۇپى كەرەپشە، جاۋارىش نارمىشكى، ھەببى ھىلتىت، مەستىكى يېغى، سۇفۇپى نەمەك، ئەرقى تەنبۇل، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى نانخا، ئىزخىر شەربىتى، ئەرقى سۆئتەر، ئەرقى تاماكا يوپۇرمىقى، مەجۇنى كاسىررىياھ قاتارلىق دورىلارنى ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

شاقاقۇل مۇراباسى، دارچىن، ئۇد ھىندى، جوز، پىننە قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە يېگۈزۈش كېرەك.

مەستىكى، قۇندۇز قەھرى، ئاچچىق قۇستە قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىش كېرەك.

### 2. يېمەكلىكلەردىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كوركىراشنى داۋالاش:

علاج نفخ معده وقراقر غذائى

رەيھان ئېچىملىكى ئىچكۈزۈش، يېتەرلىك بولمىسا جاۋارش كۆمۈلىنى ئىلمان سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا ئايارەج پەيقارا يېگۈزۈش كېرەك.

سىركىگە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن ئىچكۈزۈش.

بەدىيان، مەستىكى ھەربىرىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر بىلەن يېگۈزۈش ۋە ماش ئۈننى ئاشقازان ساھەسىگە تېڭىش كېرەك.

بەدىيان توققۇز گرام، قاقىلە، رۇم بەدىيان، ھەربىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈلدىن 250 مىللىلىتىرغا چىلاپ شىربىسىنى چىقىرىپ، 48 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

جاۋارش ئەنجىدانىنى ئەرقى بەدىيان ۋە ئەرقى پىننە بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

نەمەك سۇلايمانىدىن ئىككى گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى پىننە ۋە ئەرقى بەدىيان بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

جۇۋىنە، ئاق زىرە، زورەمبات، قارىمۇچ قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

قورساق كۆپكەن ھالدا يۇمشاق تەكىينى بەلگە قويۇپ دۇم يېتىپ ئۇخلاش كېرەك.

تاماقتىن بۇرۇن بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە مۇنچىغا چۈشۈرگۈزۈش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا شورپا بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا يېمەكلىكنى ئازايتىش، ئاشقازاننى كۆپتۈرگۈچى ۋە ھەللۇك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

### 3. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كوركىراشنى داۋالاش:

علاج نفخ معده وقراقر بلغمى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى داۋالاش بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تارقىتىش ۋە پىشۇرۇش ئۈچۈن رۇم بەدىيان، سۆئتەر، كەرەپشە يىلتىزى ھەربىرىدىن يەتتە گرام، بەدىيان، بادرەنجى بۇيا، زاراڭزا ئۇرۇقى ھەربىرى توققۇز گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، 48 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي خىلت پىشقاندىن كېيىن تازىلاش ئۈچۈن بۇ نۇسخىغا سانا 12 گرام،

ئاق تۇربۇت توققۇز گرام، زەنجۇبىل ئۈچ گرام، خىيارشەنبەر 84 گرام، تەرەنجىبىن، دىنار شەربىتى ھەربىرى 48 گرام، بادام يېغى يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەببى بادىيان بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن توققۇز گرام بەدىيان، يەتتە گرام رۇم بەدىيان، ئۈچ گرام زىرە، بەش دانە قاقىلە 250 مىللىلىتىر ئەرقى گۈلگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بۇزۇرى شەربىتى هاردىن 48 گرامى ۋە توققۇز گرام تۇخۇمى ھەرىپ قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى بېرىش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن كۆپۈشۈش پەيدا قىلغۇچى خىلتنى تارقىتىش ئۈچۈن سۆئتەر ياكى ئەرقى سۇمبۇل بىلەن جاۋارىش كۇمۇنى يېگۈزۈش كېرەك.

ھەببى سەبرە، ھەببى ئايارەج، ھەببى سەكبىنەج، جاۋارىش شەھرىيان قاتارلىق دورىلاردىن بىرىنى تاللاپ يېگۈزۈش ئارقىلىق ئىچىنى ماڭدۇرۇش كېرەك. ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن جۇۋۇنا، قارا زىرە، ئۇد ھىندى، سۇزاپ، پىننە، قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلارنى قايىنتىپ، مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ياز پەسلى بولسا قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

### 4. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان قورساق كوركىراش ۋە كۆپۈشنى داۋالاش:

علاج نفخ معده و قراقر سوداوی

سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

مەجۇنى ئۈشبە، ھەببى ھىلتىت، ھەببى مۇقەل قاتارلىق دورىلارنى بېرىش كېرەك.

ئىبنىسىنا «غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كۆپۈشنى داۋالاشتا جاۋارىش پەندادىقون ۋە جاۋارىش نانخا يېگۈزۈش كېرەك. ئەگەر كۈچلۈكرەك تازىلاش زۆرۈر بولسا ھەببى شەھرىياران يېگۈزۈش ۋە كونا سىركىگە بۆلۈتنى چۆكۈرۈپ ئاشقازان ساھەسىگە قويۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

مەسىھى «قويۇق سەۋدا خىلتى ۋە خام يەل ئۈچۈن زىراۋەندى مۇدەھرەج، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، جۇۋنە، سۇزاپ ئۇرۇقى، پىننە، قۇندۇز قەھرى قاتارلىق دورىلاردىن سۇفۇپ تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك ۋە سۇفۇپى ماھىر يېگۈزۈش كېرەك.» دەپ كۆرسەتكەن.

**5. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كۆپۈش ۋە كورىكىراشنى داۋالاش:**

علاج نفخ معده وقراقر صفراوى

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكى ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تەبىرى «قورساق كۆپۈش بىلەن بىرگە چوقۇلۇش ۋە ئېچىشىش بولسا، تارقاتقۇچى ۋە سەپرانى ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش ياكى بىنەپشە ئون گرام، ئەپسەنتىن 18 گرام، سۆئتەر، زىرە، جوز ھەربىرى ئۈچ گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، زۇپا ھەربىرى يەتتە گرام، ئەنجۈر 20 دانە قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، 125 گرام ئېلىپ، 48 گرام خىيارشەنبەر، 0.1 گرام سوقمۇنىيا، شېكەر قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاشقازان ساھەسىگە تارقاتقۇچى خۇش پۇراق ۋە سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى سۈۋۈالمىلار، چۈچۈمەل بېھى ئۇرۇقى، چۈچۈمەل ئالما ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 72 گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ مەلھەم تەييارلاپ سۈۋاش كېرەك.

ھەرقېتىملىق مەلھەمدە بۇ نۇسخىغا نامازشامگۈلىدىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچىنچى قېتىملىق مەلھەمدە قىزىلگۈل، بىنەپشە ھەربىرىدىن يەتتە گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۆتىنچى قېتىملىق مەلھەمدە ئەپسەنتىن رۇمى، ئالما 36 گرام، سەبرە، ئارپا ئۇنى ھەربىرىدىن توققۇز گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن 72 گرام ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ زىمادلارنى ئىشلەتكەندە تاماق يېگەندە ئېلىۋېتىش، تاماق يەپ بولغاندا سۈۋاش كېرەك.

## يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل ئاچچىق كېكىرىش، ئەسنەش ۋە كېرىلىش

## كثرت جشأ وتثاوب و تمطى

**تونۇش:**

ئاشقازاندىن ئاۋاز بىلەن ئېغىز يولى ئارقىلىق چىقىدىغان گازنى ئاۋازى «كېكىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىختىيارسىز ھالدا ئېغىزنى ئېچىش «ئەسنەش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەزالارنىڭ ئەتراپىغا سوزۇلۇپ كېرىلىشى «كېرىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

سېسىق كېكىرىش: ئاشقازاندىكى يەلدىن بولۇپ، ئۇ يەل ئۈستىگە ئۆرلەپ ئېغىز يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ئاشقازاندىكى بۇخاراتلاردىن بولىدۇ.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن بولىدۇ.

سوغۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش ياكى تاماقنى ھەددىدىن ئارتۇق يېيىش سەۋەبىدىن

ئاشقازان ھارارىتى تۆۋەنلەپ، تاماقنى ياخشى ھەزىم قىلالماي، سىيىق كېكىرىش پەيدا بولىدۇ.

مەشھۇر تېۋىپ ئىلاقى «كېكىرىش بىر خىل يەل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشقازان قۇۋۋىتى تارقاپ ئۇستىگە ئىتتىرىپ چىقىدۇ ۋە بۇ يەل قويۇق خىلتتىن پەيدا بولىدۇ ياكى ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ئاشقازان ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى خىلتسىز مىزاج بۇزۇلۇش ياكى خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش بولۇپ، بۇ يەلنىڭ مەنبەسى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ياكى بەلغەم خىلتى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەسنەش: ھەزىم بولمىغان بۇخاراتلار باش تەرەپكە ئۆرلەپ، ئېڭەك ۋە لەۋنىڭ مۇسكۇللىرىدا توپلىشىۋالىدۇ ۋە بۇ ئورۇننىڭ سوغۇقلۇقىنىڭ تارقىلىشى ئاز بولغان سەۋەبتىن ئۇ يەردە بىرقەدەر قويۇلۇش پەيدا بولۇپ، تەبىئەت ئۇنى ئىتتىرىپ چىقارماقچى بولغاندا قۇۋۋىتى دافىئە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېغىز ئېچىلىدۇ.

كېرىلىش: بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئەسنەشكە ئوخشاش بولىدۇ. بىراق كېرىلىشتە بۇ ھالەت بەدەننىڭ ئومۇمىي مۇسكۇللىرىدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمارنىڭ قورسىقىنى تۇتۇپ تەكشۈرگەندە ئىششىق مەلۇم بولسا كېسەللىك ئىششىقتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا تاماقنى كۆپ يېيىش، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش، قالايمىقان تاماق يېيىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا كېسەللىك سەۋەبى شۇ بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئىشتىھا كۆپ بولۇش، ھەزىم ئاجىزلىق بولسا، كېسەللىك سوغۇقلۇقتىن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر تاماقتىن كېيىن ئاشقازان ئاغرىش ۋە ھەزىم ئاجىزلىق يۈز بەرگەن بولسا، كېسەللىك ئاشقازان ئاجىزلىقتىن بولغان بولىدۇ ۋە بۇ خىل ھالەتتە ئاشقازان ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەكشەشتە ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە تەكشۈرۈش كېرەك.

**داۋالاش:**

بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالنى داۋالاشتا ئاشقازاننىڭ يەلدىن بولغان كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تازىلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ۋە ھەزىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىش ئۈچۈن مەستىكى، لاچىندانە، پىننە قاتارلىقلارنى چايناشقا تەۋسىيە قىلىش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ۋە قىزىتمىنى توختىتىش ئۈچۈن بەدىيانىدىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، 60 مىللىلىتىر گۈلاب

بىلەن يېگۈزۈش ھەم مەستىكى ياكى لاچىندانىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ياكى گۈلقەنت، جاۋارىش پۇدەنجى قاتارلىق دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك خىلىتسىز سوغۇقلۇق ياكى سوغۇق خىلىتلار تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى ياكى غەيرىي تەبئىي بەلغەم، سەۋدا خىلىتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتا ئىشلىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولسا، سەپرا خىلىتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ۋە قورساق ئېلىشىش، كورىكىراش قاتارلىقلاردا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە پىلپىلنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، جۇۋىنىنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركە بىلەن يېگۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

تاشتۇز، پىلپىل، قارىمۇچ، زەنجىۋىل، زىرە، سىيادىنە، جۇۋىنە، قورۇلغان ھىنگ قاتارلىق دورىلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، تاماقتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر سېسىق كېكىرىش توختاپ قېلىش يەنى ئاشقازاندا يەل مەۋجۇت بولۇپ توختاپ قالغان بولسا سۇلۇق ئىششىق يۈز بېرىش خەتىرى ياكى باشقا كېسەللىك يۈز بېرىش خەتىرى بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا كېكىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۆئتەر، سۇزاپ، زىرە، رۇم بەدىيان، قارا زىرە، پىننە، جۇۋىنە، قەلەمپۇر، مەستىكى، كۇندۇر قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ياكى مەجۇنى ئۇبھەل، جاۋارىش ئەنجىدان، جاۋارىش پەندادىقون، مەجۇنى ھەببۇلغار، تۇز تالقىنى قاتارلىق پىششىق دورىلاردىن بىرىنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

## يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل قەي قىلىش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش

## قى وتهوع وغثيان

**تونۇش:**

قەي قىلىش: بۇ بىر خىل تېببىي ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنىڭدا ئاشقازان ھەرىكەت قىلىپ سپازمىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئېغىز يولى بىلەن چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېمەكلىكلەر چىقىپ كېتىدۇ.

ھۆ بولۇش: بۇ بىر خىل تېببىي ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچ نەرسە چىقمايدۇ.
كۆڭۈل ئېلىشىش: بۇ بىر خىل تېببىي ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنىڭدا ئاشقازاننى بىئارام قىلغۇچى يېمەكلىكلەر چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىكلەر ئاشقازان ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەزالىرىنىڭ بىئارام بولۇشىدىن بولۇپ، ئاشقازاندىكى نەرسىلەرنى تەبىئەت ئىتتىرىپ چىقارماقچى بولىدۇ. يۇقىرىقى كېسەللەرنىڭ سەۋەبى ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ سەۋەبى ھۆ بولۇش ۋە قەي قىلىشقا قارىغاندا ئاجىزراق بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا خولېرا، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئاشقازان ئاغرىش، قىزىلئۆڭگەچ ۋە چىش مىلىكلىرى يارىسى، ئاشقازان ياللۇغى، جىگەر ئىششىقى، تال ئىششىقى، ئۈچەي توسۇلۇش، قورساق قۇرتى، ھەر خىل قىزىتما كېسەللىكلىرى بولسا قەي قىلىش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش ئەھۋاللىرى بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.
ئەگەر بىماردا يۇقىرىقى كېسەللىكلەر بولماي داۋاملىق قەي قىلىش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بۇ مەخسۇس كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ.
ئەگەر بىماردا بۇزۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ياكى قالايمىقان تاماق يېيىش ئەھۋاللىرى بولسا، كېسەللىك يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولىدۇ.
ئەگەر بىماردا خىلىتسىز مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ خىلىتسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ئەگەر بىماردا غەيرىي تەبىئىي خىلىت تەسىرىدىن مىزاج بۇزۇلۇش كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ئەگەر قەي قىلىش داۋاملىق بولماستىن، قەي قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاماق يەپ بولغان ئارىلىقتا توختاپ قالسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن مېڭە، تال، جىگەر، بالىياتقۇ قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ شۇ خىل كېسەللىكتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خىلىت تۇرى ئاشقازان كېسەللىكرىدە سۆزلەنگەن تەدبىرلەر بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.
ئەگەر بۇ ۋاقىتتا قەي ئاسان چىقسا، خىلىتنىڭ ئاشقازان بوشلۇقىدا، تەس چىقسا خىلىتنىڭ ئاشقازان گەۋدىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
بۇ خىل كېسەلدە قان ئارىلاشقان قەي ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قەي خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل قەي يامان سۈپەتلىك قەي ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قان ۋە سەۋدا خىلتى ئاشقازاندا پەيدا بولماستىن، باشقا ئەزادىن ئاشقازان تەرەپكە كەلگەن بولىدۇ ۋە ئۇ ئەزالاردىن كېلىشى شۇ خىل ئەزادا

ئاشقازانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كېسەللىك پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قەي قارا، زەڭگەر رەڭ، كۆدە سۈيى رەڭلىك ۋە ھەر خىل نەرسىلەر چىقسا، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئاشقازاندا بۇزۇق خىلىتلارنىڭ توپلىنىشۋال-غانلىقى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلىتنىڭ كۆپلۈكى ياكى بۇزۇق خىلىتلاردىن بولسا، ئۇنى قەي ياكى سۈرگۈ ۋە ياكى كلىزما ئارقىلىق تازىلاش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇش-تا يۇمشاق تاماقلارنى ئاز - ئازدىن بېرىش كېرەك ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىت سەپرا خىلىتى بولمىسا ئاچ قويۇش ۋە يەڭگىل دەرىجىدە بەدەن چېنىقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىتنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن قايناق سۇ، سىركە، سېرىقچېچەك، تاۋۇز سۈيى، ھەسەل قاتارلىقلارنى تاللاپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت بەك قويۇق بولسا تازىلاشتىن بۇرۇن ئۇنى يۇمشىتىش ۋە پارچىلاش، كۆڭۈل ئاينىش تەدبىرلىرىدە خىلىتنى يوقىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئەگەر يوقىتىش مۇمكىن بولمىسا ئازلىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت قويۇق ۋە شىلىمشىق بولسا پارچىلاش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاشتىن كېيىن ھۆنى توختاتقۇچى دورىلاردىن بېھى، زۇش ئالما ۋە ئانار قاتارلىق تۇتقۇچى ۋە خۇش پۇراق دورىلار ئارقىلىق قەينى توختىتىش كېرەك.

قىزىلگۈل شەربىتى، تەركىبىگە يىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى قاتارلىق ئىشتىھانى ئاچقۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش ۋە قابىز خۇسۇسىيەتلىك سۇۋالمىلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش ئاشقازان ھارارىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن يۇمشاق ئۇننىڭ نېنىنى تېنى بىر سائەتكىچە سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئارپىنى سوغۇق سۇ، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى بىدىمىشكى، ئەرقى گۈل قاتارلىقلارغا چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك ۋە قەينى توختىتىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ئۇخلىتىش كېرەك.

قەينى توختىتىش ئۈچۈن دورا - دەرمەكلەر كۆپرەك سېلىنغان مائۇللەھمىگە بىر ئاز يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى تالقىنى ۋە رەيھان ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىماردا قەۋزىيەتلىك بولسا يەڭگىل كلىزما ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورا قىياملىرىنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇ ۋاقىتتا قەينى توختىتىش ئۈچۈن يەڭگىل قابىز دورىلارنى بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

كۆڭۈل ئاينىش، بىئاراملىق بولسا لېكىن قەي بولمىسا يۇمشاق خىلدىكى قەي قىلدۇرغۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش ياكى سۇرگىگە ئېھتىياجلىق بولسا يەڭگىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن گۇل يېغى، نامازشامگۇل يېغى، ناردىن يېغى قاتارلىقلاردىن تاللاپ، ئاستا ـ ئاستا ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش ۋە ئاشقازاننى سوۋۇتۇش كېرەك.

كۆڭۈل ئاينىش قورساق ئاچ ۋاقىتدا يۈز بەرسە ۋە قەي كەلمىسە، بىمارغا تاماق يېگۈزۈش كېرەك. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلت يېمەكلىك بىلەن بىرلىشىپ مىقدارى كۆپىيىپ قەي ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر تاماق يېگەندىن كېيىن يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا توختاپ قالمىغان بولسا ۋە قەي ئارقىلىق چىقىپ كەتسە، ئاشقازان ساھەسىگە ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان تۇتقۇچى سۇۋالمىلارنى سۈۋاش، ھارارەت بولمىسا بۇ سۇۋالمىلارغا ئاقىر قەرھا، كۇندۇر، سۇمبۇل قاتارلىقلار دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

ئەگەر قەينىڭ سەۋەبى قەۋزىيەتتىن بولسا ئۇنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن. بۇنىڭدا ئېغىر دەرىجىدىكى قىزىتمىدىن باشقا قەينىڭ كۆپلۈكىدىن كۆپىنچە قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەگەر قەي كۆپ بولسا توخۇ گۆشى، پاقلان ۋە ئوغلاقنىڭ كاللا ـ پاچىقى قاتارلىقلارنىڭ شورپىسىغا يۇمشاق ئۇننىڭ نېنىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئالما سۈيى بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

توخۇ گۆشىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قورۇپ، غورا سۈيى، چۈچۈمەل ئاپېلسىن سۈيى، ئالما سۈيى قاتارلىقلار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئارپا ئېشىنى سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

داۋائى جالىنۇس، ئانار شەربىتى، بېھى قىيامى، ئانار قىيامى، ئالما قىيامى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەي ۋە كۆڭۈل ئاينىش مېڭىدىن چۈشكەن نەزلە تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئامىلە مۇراببىاسى ۋە خەشخاش شەربىتى بېرىش ۋە مەستىكى، كۇندۇر، سەئدى كوفى، قورۇلغان نوقۇت، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى چايناشقا بېرىش كېرەك.

كۆڭۈل ئېلىشىش ئۈچۈن ئاچچىق ئانار سۈيى بىلەن قاقىلە پوستىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، قاقىلە پوستى سوقۇپ ئىشلىتىش، پىنىنى سوقۇپ ئۆتكۈر تەملىك سىركە ياكى چۈچۈمەل ئانار سۈيى بىلەن يېگۈزۈش، تۇزلانغان كەپتەر گۆشى يېگۈزۈش، ھۇماز ياغىچى، ھۇماز ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى چۈچۈمەل ئانار سۈيى بىلەن بېرىش، ئارپا ئېشىنى چۈچۈمەل ئانار سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كۆڭۈل ئاينىش ھېچقانداق تەدبىر بىلەن توختىمىسا بەزرۇلبەنجى، جويۇز

ماسىل قاتارلىق سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلارنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش، زۆرۈر بولغاندا خەشخاش ئۇرۇقى ۋە ئوسۇڭ ئۇرۇقى ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، خەشخاش پوستىنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئازراق ئەپيۇن ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئەڭ ياخشىسى زەھەر قايتۇرغۇچى، خۇش پۇراق دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىش كېرەك.

كىيورە ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن يۇغۇرۇپ، ماش چوڭلۇقىدا كۈمىلاچ ياساپ ئىككى تالدىن يېگۈزۈش، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن قەي توختىمىسا بىر سائەتتىن كېيىن 2 ~ 3 تالدىن يېگۈزۈش كېرەك.

بەرگى تەنبول يەتە دانىنى ئوتتا قىزىتىپ، ئۇششاق سوقۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

پىننە، ئانار ئۇرۇقى، ئاق لاچىندانە، ئاپىلسىن پوستى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى كاسىنە قاتارلىق دورىلار بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەي ھېچقانداق دورا ئارقىلىق توختىمىسا، قەلەمپۇر، كۆكنار ئۇرۇقى تەمرى ھىندى ئۇرۇقى پىلپىل بەرەنجاسىپ سەئدى كوفى، ئاق سەندەل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، تاباشىر، پىلپىل دەرىخى پوستى ھەربىرى بىر گرام، ئىپار ئىككى گرام، ئانار ئۇرۇقى تۆت گرام دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، سوغۇق سۇ ياكى تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان قەيدە سۇماق، قارا زىرە ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سوغۇق سۇ ياكى دورا قىياملىرى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

قارىمۇچ ئۈچ گرام، پىلپىل ئالتە گرام، ئانار ئۇرۇقى 12 گرام، ئەپيۇن 0.5 گرام قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، قارا شېكەر بىلەن كۈمىلاچ تەييارلاپ، ئالتە گرامدىن يېگۈزۈش كېرەك.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى سەۋەبىگە ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

**1. غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش:**

علاج قي وتهوع وغثيان صفراوى

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مىزاج بۇزۇلۇشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

قەي قىلدۇرۇش ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن خىيارشەنبەر

سۈيى، سىركە، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت تازىلانغان بولسا سۇغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقاتقۇزۇش كېرەك.

ئەرقى گۈل بىلەن يۈزىنى يۇيۇش، سىركە بىلەن گۈلقەنت يېگۈزۈش، تۆت سائەتتىن كېيىن توخۇ گۆشى ۋە يەڭگىل يېمەكلىكلەرنى بېرىش، قەيدىن كېيىن قىزىلگۈل سېرىقى، سۇماق، تاباشىر ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، لىمون شەربىتىدىن 18 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، زىرىق، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، 250 گرام ئەرقى گۈلگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئانار شەربىتىدىن ياكى ئەينۇلا شەربىتى بىر گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

لىمون، تەمرى ھىندى قاتارلىقلارنىڭ سىقىلغان سۈيى، ئاپېلسىن شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا تەمرى ھىندى، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، شېكەر ياكى گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر تازىلاش زۆرۈر بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى پىشۇرغاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ سۈرگىسىنى بېرىش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن بىر ئاز غەيرىي تەبىئىي خىلىت قېپقالغان بولۇپ ئۇنى چىقىرىش قىيىن بولسا، مۇناسىۋەتلىك دورىلار ۋە يېمەكلىكلەر ئارقىلىق تەڭشەش ۋە توختىتىشقا تىرىشىش كېرەك.

قەينى توختىتىش ئۈچۈن غورا شەربىتى، ئاچچىق ئانار شەربىتى، تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈل بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

تاباشىر، قىزىلگۈل سېرىقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سۇماق قاتارلىق دورىلارنى يۇم-شاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

كۆڭۈل ئاينىش ئۈچۈن توققۇز گرام جاۋارىش ئانارىننى 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل ۋە 24 گرام ئەينۇلە شەربىتى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كۆڭۈل ئاينىش بىلەن بىرگە نەزلە ۋە يۆتەل بولسا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، لاچىندانە، تاباشىردىن ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، خەشخاش شەربىتى 12 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى ئىككى گرام، نامازشامگۈل ئۇرۇقى شىرىسى تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىدىن بەش گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر سۇفۇپنى يېگۈزۈش كېرەك.

كۆڭۈل ئاينىش بىلەن بىرگە ئىچ سۈرۈش بولسا سۇفۇپى ھەببى رۇممانىدىن تۆت گرامنى تاتلىق بېھى شەربىتىدىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، زىرىق تۆت گرام، لاچىندانە ئىككى گرام، ئاق لەيلى يىلتىزى بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ

شىرىسىنى چىقىرىپ، ھەببۇلئاس شەربىتى 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئانار ئۇرۇقى ئىككى گرام، سۇماق، زىرىق ھەربىرى بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركەنجىۋىل لىموندىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەينۇلا ئون دانە، كاسنە ئۇرۇقى بەش گرام، ئىككەكلەنگەن سەندەل ئىككى گرام دورىلارنى ئەرقى كاسنىگە چىلاپ، ئۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتى 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ مەزكۇر دورا بۇنىڭ بىلەن ئىچكۈزىلىدۇ.

زۆھرى - مۆھرى، تاباشىر، سەندەل قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، چۈچۈمەل ئانار ئۇرۇقى، سۇماق ھەربىرى بىر گرام دورىلارنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئون دانە ئەينۇلا، زىرىق ئۈچ گرامنى ئەرقى كاسنە 48 مىللىلىتىرغا چىلاپ، 24 گرام چۈچۈمەل ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك ۋە سۈيدۈكتە ئېچىشىش بولسا، تەمرى ھىندى سۈيى 48 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 24 مىللىلىتىر، ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسنە ھەر بىرىدىن 48 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، 36 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان تولۇق تازىلانمىغان بولسا قەينى توختاتقۇچى دورىلارنى بېرىشكە بولمايدۇ. بەلكى مۇنداق ھالەتتە ئەينۇلا سۈيى، نىلۇپەر شەربىتى، سىركە قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش، ئاپىلسىن يېگۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سۇماق، ئانار، ئۇد ھىندى، ئالما قاتارلىقلارنى ئەرقى گۈلگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك ۋە چۈچۈمەل مېۋە، قورۇلغان توخۇ گۆشى، غورا سۈيى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.

تاباشىر، چۈچۈمەل ئاپىلسىن، قارىئۆرۈك، ئەينۇلا قاتارلىق دورىلارنى سۇغا چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئارپا ئېشىنى ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۇلىرى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

تاباشىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاچچىق ئانار سۈيى ياكى چۈچۈمەل ئالما سۈيى بىلەن بېرىش، تەمرى ھىندىنىڭ سۇزۇلگەن سۈيىنى بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈش ياكى تەمرى ھىندىنى شۇمۇپ يۇرۇشكە بېرىش كېرەك.

جاۋارىش پەۋاكىھ، سۇفۇپى تاباشىر، سىركەنجىۋىل تەمرى ئولۇۋخان، تەمرى ھىندى شەربىتى، ئانار شەربىتى، لىمون شەربىتى، ھۇمماز شەربىتى، پەۋاكىھ شەربىتى، قۇرسى مەستىكى، قۇرسى سۇماق، قۇرسى تاباشىر قابىز، لوئوقى ئانار قاتارلىق پىششىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

**2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتتىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش:**
علاج قے وتهوع وغشيان بلغمى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتتىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلىغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئالدى بىلەن نان بىلەن بېلىق شورپىسى ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن لوۋبىيا، تۇرۇپ، قىچا، تۇز، ھەسەل قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىسى بىلەن قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت تازىلانغان بولسا ھاراق ياكى زەپەر سۇيى بىلەن ئېغىز چايقىغۇزۇش ۋە ئالتە سائەتتىن كېيىن يېمەكلىك بېرىش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي خىلىت خىلىت بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىگە مايىلراق بولسا، ھەببى سەبرىنى ھەببى ئايارەج پەيقارا بىلەن سۈۋاش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەستىكى، سۇمبۇل قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش ياكى پىننە، مەستىكى، ئۇد ھىندى، ئاپېلسىن پوستى، پىستە پوستى، لاچىندانە ھەربىر بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، 24 گرام ئالما شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش ۋە بەديان، پىننە ھەربىرى توققۇز گرام، زىرە تۆت گرام، لاچىندانە بەش دانە قاتارلىق دورىلارنى 250 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل، ئەرقى نارەنجى، ئەرقى دارچىن ھەربىرىدىن 36 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا چىلاپ، تەنبۇل شەربىتىدىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئۇد ھىندى، قەلەمپۇر، رۇم بەديان قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

كېسەللىك خىلتى ئاشقازان قاتلاملىرىغا سۈمۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا ياكى ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلاشقان بولۇپ قەي ئارقىلىق چىقمىسا، ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەرنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭدا بەدەن ئاجىزلىق بولسا، بەلغەم خىلتىنى چىقىرىش ئۈچۈن يەڭگىل كلىزما ئىشلىتىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەستىكى، ئۇد ھىندى ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە نۇشدارى ياكى تۆت گرام داۋائى مىشكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، زىرىق شىرىسى، بەديان شىرىسى ھەربىرى توققۇز گرام، قاقىلە شىرىسى بەش گرام، ئالما شەربىتى، چۇچۇمەل ئانار شەربىتى ھەربىرى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش كېرەك.

پىننە ئۈچ گرام، لاچىندانە ئىككى گرام، قەلەمپۇردىن 1.5 گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى گۈل بىلەن قايناتىپ، 24 گرام ئاق شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

قىزىلگۈل 18 گرام، زىرىق 15 گرام، پىستە پوستى، پىننە، مەستىكى، ئۇد ھىندى، دارچىن، پەرەنجىمىشكى، مۇدەببەر قىلىنغان زىرە ھەربىرىدىن 36 گرام ئېلىپ،

دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ سۈزۈپ تەييارلاپ، توققۇز گرام ئېلىپ، سىركەنجۇبىل سەپەرجىلى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

بەرەنگى كابىلى، قارا تۇز، قارىمۇچ، ئاقمۇچ، زەنجىۋىل ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

قەلەمپۇر، جوز ھەربىرى 12 گرام، لاچىندانىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، ئون گرام ئېلىپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئۇد ھىندى، قەلەمپۇر، مەستىكى، پىننە ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، ئۈچ گرامنى 36 گرام گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

مەستىكى، ئانار گۈلى، پىننە ياغىچى، سۇمبۇل تىپ، ئالما قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئانار ئۇرۇقى 36 گرام، پىننە يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى 500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قايناتقاندىن كېيىن، سۈزۈپ، ئۈچتىن بىر قالغاندا سۈزۈپ، يەتتە گرام مەستىكىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، تاتلىق ئانار شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

سۇمبۇل تىپنى سوغۇق سۇ بىلەن يېگۈزۈش ۋە قەلەمپۇرنى شۇمۇشكە بېرىش كېرەك.

ئەنبەرنى ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىش كېرەك.

بەديان، بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، پىننە، مەستىكى، ئامىلە، ئۆشنە قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

بۇ كېسەللىككە قارىتا خام دورىلاردىن ئۇد ھىندى، لاچىندانە، قاقىلە، قەلەمپۇر، پىننە، دارچىن، ئەپسەنتىن، رۇم بەديان، زەپەر، كۇندۇر، مەستىكى، سەئدى كوفى، كاۋاۋچىن، چىلغوزا مېغىزى، سۇزاپ، پادى زەھرى مەدەنى، پادى زەھرى ھايۋانى، زورەنبات قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

بۇ كېسەللىككە قارىتا پىششىق دورىلاردىن خېمىرى ئۇدتۇرۇش، ئانار شەربىتى، قۇرسى ئۇد تۇرۇش، قۇرسى گۈل، قۇرسى پىستە، قۇرسى مەستىكى، قۇرسى دارسەن، قۇرسى كۇندۇر قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا سىڭىشلىك يېمەكلىكلەرنى ئاز ـ ئازدىن بېرىش ۋە سىركە، زەيتۇن يېغى، قارا زىرە، دارچىن، خولىنجان، پىننە، كەرەپشە قاتارلىقلار بىلەن پىشۇرۇلغان قۇشلارنىڭ شورپىلىرى ۋە كاۋاپلىرىنى بېرىش كېرەك. ھۆل مېۋە قاتارلىق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش ۋە مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇش كېرەك.

### 3. غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش:

علاج قے وتهوع غثيان سوداوى

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى بايانىدا

سۆزلەنگەن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

زەھرى - مۇھرى، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد، ھەجرى ئەرمىنى، لىمون پوستى ھەربىرىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام چۇچۇمەل خېمىرى سەندەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، چۇچۇمەل سەندەل شەربىتى 48 گرام، ئەرقى گۇل 108 مىللىلىتىر، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى نېلۇپەر ھەربىرىدىن 36 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەش-تۈرۈپ، پەرەنجىمىشكىدىن توققۇز گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورد-نى بۇنىڭ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

قەي توختىتىش ئۈچۈن قۇرسى ئىلائوس يېگۈزۈش كېرەك.

بۇ كېسەلدە دەسلەپتە قەينى توختىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنماسلىق كېرەك.

ئىبنىسىنا «خىلتنى ئاستى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن كلىزما قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر تالدا كېسەللىك بولسا ياكى بەدەندە توشۇپ كېتىش بولسا قەينى توختاتقاندىن كېيىن تال كېسەللىكىنى داۋالاش كېرەك. كۆڭۈل ئايلىنىش ئۈچۈن قارا ھېلىلە، ئەفتە-مۇن، غارىقۇن، نەمەك ھىندى قاتارلىقلار ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى تازىلاش زۆرۈر بولسا مەتبۇخى ئەفتىمۇنغا بىدەنجىر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئايارەج پەيقارا يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا لىمون سۈيى، سۇماق سۈيى، زىرىق سۈيى قاتارلىقلارنىڭ ئېشىنى بېرىش، ئەگەر قۇۋۋەت ئاجىز بولسا، توخۇ گۆشىگە زىرە سېپىپ بېرىش ياكى كاۋاپ يېگۈزۈش كېرەك.

## 4. باشقا ئەزالار شېرىكچىلىكىدىكى كۆڭۈل ئېلىشىش ھۆ بولۇش ۋە قەي قىلىشنى داۋالاش:

علاج قے وتہوع وغثیان شرکی

خىلىت ئېتىبارى بىلەن تازىلاش ۋە مەزكۇر ئەزا ياكى ئومۇمىي بەدەننى كۈچەيتىش ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىش كېرەك.

بۇ خىل كېسەلدە تازىلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ ئەزادا سۆزلەنگەن تازىلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مېۋە سۇلىرى، خۇش پۇراق دورا قىياملىرىنى ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقازاننىڭ باشقا كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

بۇ كېسەلدە مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنى تازىلاشتىن ئىلگىرى ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ھالەتتە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ رەئىس ئەزا تەرەپكە يۆتكىلىۋېلىش خەتىرى بولىدۇ.

مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قەينى داۋالاشتا ئامىلە مۇرابباسى يېگۈزۈش كېرەك.

### 5. ئوفۇنەتلىنىشتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ھۆ بولۇش ۋە قەي قىلىشنى داۋالاش:

علاج قے وتهوع وغثيان عفونتى

چىرىش سەۋەبىدىن بولغان قەي ۋە كۆڭۈل ئاينىش ئاشقازاندىكى چىرىگەن خىلىتلارنىڭ توپلىنىشۋېلىشىدىن يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا تازىلىغۇچى دورىلارنى ۋە خۇش پۇراق دورىلارنى ئىشلىتىش، مەجۇنى مارجان ۋە قۇرسى مازەريۇن يېگۈزۈشكە ئوخشاش داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قەي يىرىڭلىق خىلىت سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بولسا، قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق يىرىڭنى چىقىرىپ تاشلاش، ئاشقازاننى تازىلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، زىرە قاتارلىق ئاشقازاننى تەڭشىگۈچى دورىلارنى بېرىش كېرەك.

ئوز ۈقلاندۇرۇشتا تاماقتىن بۇرۇن سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش، تاماقتىن كېيىن بېھى قاتارلىق خۇش پۇراق دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن يېمەكلىك ئاشقازاننىڭ كىرىش ئېغىزىدىن ئاشقازاننىڭ ئاستى تەرىپىگە چۈشىدۇ ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاستى تەرەپكە مايىل بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن داۋائى مىشكى يېگۈزۈش، بىرەر ئىچىملىككە نوقۇت چوڭلۇقىدا ئىپارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قۇرسى كەۋكەب بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش، زىرە ۋە سۇماقنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ يېگۈزۈش، تاماقتىن كېيىن يول ماڭغۇزۇش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 6. ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش:

علاج قے وتهوع وغثيان ضعف معدى

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلىقى خىلىتسىز ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ياكى خىلىتسىز سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولسا، ئاشقازاننىڭ خىلىتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشى ياكى خىلىتسىز سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققاندا ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان قەي ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش ئۈچۈن سوغۇق سۇ، قېتىق قايمىقى، كاسىنە سۈيى، ئۈسۈڭ سۈيى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش قاتارلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. لېكىن سوۋۇتقۇچى دورىلارنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋېتىشتىن

ئېھتىيات قىلىش ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان ئاجىزلىقى سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولسا، قىزىتقۇچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش، كونا هاراق ئىچكۈزۈش، مەستىكى يېغى سۈۋاش، رۇم بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈش، ماددەتۇلهايات، مەجۇنى پەلافىل جاۋارىش قۇلۇنجى، تەرياقى دەپائى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

جىلانىخان «چۇچۇمەل هالەتتە قەي قىلىش ئاشقازان مىزاجىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئاشقازان ساھەسىگە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى سۈۋاش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن قورۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش، سېرىق ھېلىلە پوستى سىيادىنە، زۇرۇنبات قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا دورىلارنى سوقۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان قەي ۋە ئاشقازان ئاغرىقىنى توختىتىش، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش، ئىشتىھا پەيدا قىلىش ئۈچۈن لاچىندانە، زىرىق يەتتە گرام، سازەج ھىندى، سەئدى كوفى، سۇمبۇل تىپ، ئۇد غەرقى، مەستىكى، پوستى تۇرۇنجى، خولىنجان، بەسباسە، جۇۋنە، قەلەمپۇر، سۆئتەر، زورەنبات ھەربىرى ئۈچ گرام، ئىپار ئىككى گرام، ئاق شېكەر، تەمرى ھىندى شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى ھەربىرىدىن 52 گرام ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

يۈرەك رېتىمسىزلىقى (خەفەقان) بىلەن داۋاملىق كۆڭۈل ئاينىش ۋە تاماقتىن كېيىن قورساق كۆپۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن قەلەمپۇر، مەستىكى، دارچىن، ئۇد ھىندى، قاقىلە، لاچىندانە، پىستە پوستى، سۇماق، ھەببۇلئاس، قورۇلغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئانارگۈلى ھەربىرى بىر ھەسسە، سەئدە كوفى، زورەمبات، بىخ مارجان، سۇمبۇل تىپ، جۇۋنە ھەربىرى ئىككى ھەسسە، ئىكەكلەنگەن سەندەل ئۈچ ھەسسە، ئاق شېكەردىن بىر ھەسسە ئېلىپ، دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمار تاماق يېگەندىن كېيىن ئاشقازاندا ئاغرىش بولۇپ ئون سائەتتىن كېيىن قەي قىلسا، بۇ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ساپ هاراق ئىچكۈزۈش، مۇناسىۋەتلىك سۈۋالمىلار ئارقىلىق ئاشقازاننى قىزىتىش، ئوزۇقلاندۇرۇشتا سۇدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر ۋە بىر ئاز ھەسەل بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

مەشھۇر تېۋىپ سەرھىندى «ھەرقانداق يېمەكلىك يېگەندە قەي قىلىدىغان، سوزۇلما خاراكتېرلىك قەي ئۈچۈن شارابى چىنى ئىچكۈزۈش كېرەك. مەن يەتتە يىلدىن بېرى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر بىمارغا شارابى چىنى ئىچكۈزگەن ئىدىم، ساقىيىپ كەتتى» دەپ كۆرسەتكەن.

**7. يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ھەم بولۇش ۋە قەي قىلىشنى داۋالاش:**
علاج قے وتہوع وغثيان از فساد غذا

يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بارلىق بۇزۇلغان يېمەكلىكلەر ئاشقازاندىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازانىنى كۈچلەندۈرگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ۋە ئاشقازانىنى بۇزىدىغان يېمەكلىكلەردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

ئاشقازانىنى تازىلاش زۆرۈر بولسا مۇناسىۋەتلىك سۈرگىلەرنى بېرىش ۋە ئىشتىھاسى ياخشىلانغانغا قەدەر يېمەكلىكلەردىن چەكلەش، ئەگەر ئېغىر دەرىجىدىكى بەدەن ئاجىزلىق بولسا، پەقەت شورپا بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يېمەكلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ئەگەر قەي قايماق، چامغۇر قاتارلىق يۇمشاق يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن يۈز بەرگەن بولسا، قەي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سېرىقچېچەك ئۇرۇقىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، 48 گرام سىركەنجۇبىل ھەسەلى بىلەن ئىچكۈزۈش ۋە ئارقىدىنلا تۇز سۈيى ۋە ئىللىق سۇ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ گرام مەستىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتىدىن 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، 60 مىللىلىتىر ئەرقى پىننە بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەي قەلەمپۇر، پىلپىل قاتارلىق ئۆتكۈر تەملىك دورىلارنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولسا، سوغۇق سۇ ياكى مۇز سۈيىنى كۆپ ئىچكۈزۈش ۋە بۇ سۇ بىلەن كۆكرەكنى يۇيۇش، ئاق شېكەر ۋە بادام يېغى ئىشلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ھېلىلىگە ئوخشاش تەمى ناچار سۈرگۈ دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن كۆڭۈل ئايىنىش يۈز بەرگەن بولسا، جاۋارىش ئامىلە، سىركەنجۇبىل ساددە قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەرقى كەيىورە، ئەرقى گۈل ھەربىرىدىن 48 مىللىلىتىر بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئارپا نېنى ۋە قوناق ئۇنىنىڭ نېنىنى يېگەنلىكتىن كۆڭۈل ئېلىشىش يۈز بەرگەن بولسا، سىمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، لاچىندانە شىرىسى ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى 24 مىللىلىتىر ئەرەقى باديان بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا سۇفۇپى ھادى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر گۆرۈچ يېگەنلىك سەۋەبىدىن كۆڭۈل ئايىنىش يۈز بەرگەن بولۇپ ھېچقانداق تەدبىر بىلەن يوقالمىسا، 2 ~ 3 كۈندىن كېيىن جەدۋارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، ھۆل پىننە سۈيى، ئەرقى گۈل، ئانار شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاندا بۇزۇلغان يېمەكلىكلەر بولسا بۇ ۋاقىتتا سىركە بېرىشكە بولمايدۇ. بۇنداق ھالەتتە گۈلقەنتكە ئوخشاش دورىلارنى بېرىش كېرەك.

ئەگەر قەي ھەزىم بۇزۇلۇشتىن ۋە سېسىق كېكىرىشتىن بولغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا ھەزىم بۇزۇلۇش كېسەللىكىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**8. بوھران دەۋرىدىكى كۆڭۈل ئېلىشىش، ھۆ بولۇش، قەي قىلىشنى داۋالاش:**

علاج قے وتهوع وغثيان بحرانى

بوھران دەۋرىدىكى قەي مىقدارى ۋە شەكىل ئېتىبارى «ياخشى سۈپەتلىك» ۋە «يامان سۈپەتلىك» دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت مىقدارى ئاز بولسا، بۇ «ياخشى سۈپەتلىك» بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلىت مىقدارى كۆپ ۋە قەي رەڭگى زەڭگەر رەڭ ياكى كۆدە سۈيى رەڭلىك بولسا، بۇ «يامان سۈپەتلىك» بولىدۇ:

بوھران سەۋەبىدىن بولغان قەينى قەي قىلغاندىن كېيىن بىمار بىئاراملىق ھېس قىلغانغا قەدەر چەكلىمەسلىك بەلكى سىركە ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك.

ئەگەر قەي بەك كۆپ بولۇپ، بىمارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى يوقىلىش خەترى بولۇپ، قەي ئارقىلىق نورمال خىلىت چىقىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر قەيدىن كېيىن قىزىتما بولسا، توختىتىش ئۈچۈن نېلۇپەر شەربىتى ۋە ئەرقى گۈل ئىچكۈزۈش، قىزىتما بولمىسا ئانار شەربىتى ۋە پىننە ئىچكۈزۈش كېرەك.

**9. مەددە قۇرت تەسىرىدىن بولغان قەي قىلىش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى داۋالاش:**

علاج قے وتهوع وغثيان دودى

مەددە قۇرت كېسەللىكى بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق قۇرتنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

بەرەڭگى كابىلى، قەنبىل، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، قارىمۇچ ھەربىرى ئىككى گرام، پىلپىل، قارا زىرە، سۆئتەر، شەترەنجى ھىندى، سۇماق، دارچىن ھەربىرى ئۈچ گرام، سەئدى كوفى، ئۇبھەل، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، لاچىندانە، زەنجىۋىل ھەربىرى بەش گرام، ئاق شېكەر 48 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، يەتتە گرام ئېلىپ، يەككە ھالدا ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرگە يېگۈزۈش كېرەك.

**10. بالىلاردىكى كۆڭۈل ئېلىشىش، ھۆ بولۇش، قەي قىلىشنى داۋالاش:**

علاج ـــ قے وتهوع وغثيان اطفال

ئەگەر بۇ كېسەللىك سۈتنى كۆپ ئىچىشتىن بولغان بولسا سۈتنى ئازلىتىش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك بەلغەم خىلتىنىڭ ئاشقازاندا توپلىشىشىدىن ياكى سەپرا خىلتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن بولسا ۋە قەيدە بۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنى ئازلىتىشقا تىرىشىش ۋە ئاشقازان ساھەسىگە توختاتقۇچى سۈۋالمىلارنى سۈۋاش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، 0.5 گرام قەلەمپۇرنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، يالغۇز ھالەتتە ياكى ئالما سۈيى بىلەن يېگۈزۈش، پىستە پوستىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئالما سۈيى بىلەن يېگۈزۈش، پىستە پوستىنى بېھى سۈيىگە چىلاپ ئىچكۈزۈش، ئۇد ھىندى، سەندەل قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەردىن بىرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قەي جەريانىدا بالىلاردا قىزىتما پەيدا بولغان بولسا، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گۈل، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ياۋا سېمىزئوت ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئانار ئۇرۇقى، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، بالا چوڭراق بولسا بىر گرامدىن، كىچىكرەك بولسا 0.5 گرام ئېلىپ، سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ ئەمچىكىگە سۈۋاپ بالىنى ئېمىتىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سەپرا خىلتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن بولسا، چۈچۈمەل بېھى قىيامى، غورا قىيامى، رەۋەن ئۈسۈملۈكى قىيامى، زىرىق شەربىتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۆتكۈر خىلدىكى چۈچۈمەل دورىلارنى بېرىش ياكى 0.3 گرام زەھرى مۇھرە ھايۋاننى ئالما سۈيى، نامازشامگۈل ئۇرۇقى سۈيى، قايمىقى ئېلىۋېتىلگەن قېتىق سۇزمىسى، ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك گالغا بىرەر نەرسە كەپلىشىپ قېلىشتىن بولغان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كەپلىشىپ قالغان نەرسىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

«تەكمىلە ھىندى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «ئەگەر سۈت ئېمىۋاتقان بالىنىڭ تامغىقى بوشىشىپ كېتىشتىن قەي كېلىپ چىققان بولسا ۋە گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەسلىك، رەڭگىرويى سېرىق بولۇش، بەدىنى ئاجىزلاش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بوزبۇغانىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ 2 ~ 3 گرام ئېلىپ، لاچىنداننى سۈرمىدەك يۇمشاق قىلىپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە بالىغا كاپ ئەتكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

# يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل   قان قەي قىلىش

## قيء الدم

**تونۇش:**

بۇ، قەي قىلغاندا قەي قىلىش بىلەن بىرگە قان كېلىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، قەي ئارقىلىق چىققان قان بەزىدە ئاشقازاندىن كېلىدۇ، بەزىدە قىزىلئۆڭگەچتىن كېلىدۇ. بۇ ئەزالاردىن كەلگەن قان بەزىدە قەي ئارقىلىق، بەزىدە تۈكۈرۈك ئارقىلىق چىقىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئېغىز يولى ئارقىلىق چىققان قان ئوزۇقلىنىش ئەزالىرىنىڭ ياكى باشقا ئەزالاردىكى قاننىڭ ئوزۇقلىنىش ئەزالىرىغا يېتىپ كېلىشىدىن، قەي بىلەن چىقىدۇ. ئۇخلىغاندا مېڭىدىن قان كېلىپ ئاشقازانغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەي ئارقىلىق چىقىدۇ.

يۆتەل بىلەن بەلغەمگە ئارىلىشىپ چىققان قان نەپەسلىنىش ئەزالىرىدىن كەلگەن بولىدۇ، تۈكۈرۈك بىلەن چىققان قان ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالاردىن ياكى گالدىن كەلگەن بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

تومۇر ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى، تومۇر يېرىلىش، كېسىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆپىنچە كۆپ قەي قىلىش ۋە ئۆتكۈر سۈرگۈ دورىلىرىنى كۆپلەپ ئىچىپ ئىچى سۈرگۈندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

بىرەر ئەزانىڭ يارىلىنىشى، چىرىشى، ياللۇغ قاتارلىق سەۋەبلەردىن چىققان قان ئاشقازانغا يېتىپ كېلىپ قەي ئارقىلىق چىقىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن قاناپ بىمار سەزمىگەن هالدا بۇ قان ئاشقازانغا چۈشۈپ قەي ئارقىلىق چىقىدۇ ياكى جىگەر، تال، بۆرەك، قورساق پەردىسى قاتارلىقلاردىن چىققان قان ئاشقازانغا تۆكۈلۈپ، بۇ قان قەي ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

بەزىدە ئاشقازاندىكى بوۋاسىرنىڭ قانىشى سەۋەبىدىن قان قەي قىلىش يۈز بېرىدۇ.

تومۇر يېرىلىش تۆۋەندىكى ئىككى خىل سەۋەبتىن بولىدۇ:

بىرى، ئىچكى سەۋەب: قاننىڭ كۆپلۈكى، قان تومۇرنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، قاننىڭ كۆپلەپ توپلىنىشۋېلىشى ۋە ئۆتكۈر سەپرا ياكى تۇزلۇق بەلغەم خىلتىنىڭ شۇ ئەزالارغا تەسىر قىلىشى، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ياكى تومۇرنىڭ تۇتۇش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇپ تومۇر ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى قاتارلىقلار.

يەنە بىرى، تاشقى سەۋەب: ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، ئېگىزدىن سەكرەش، ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش، ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش قاتارلىقلار.

**ئالامىتى:**

قان قەي قىلىش بىلەن قىزىتما بولۇش ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. قەي بىلەن قىزىتما بولماي قاننىڭ چىقىشى قان كۆپ بولمىغان ئەھۋالدا خەتەرلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، قان قەي قىلىش قۇۋۋەتلەرنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، بۇزۇق ئارتۇق قاننى قەي ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدۇ. لېكىن قاننىڭ مىقدارى كۆپ بولۇشى خەتەرلىك بولۇپ، روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنىڭ كۆپ تارقىلىشى بەدەندە ئوزۇقلۇق ۋە قاننىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئۆلۈم خەترى كېلىپ چىقىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىمارنىڭ مېڭىسىدە كېسەللىك بولۇپ، قان بەزىدە يۆتەل، بەزىدە بۇرۇن ئارقىلىق چىقسا، بۇ، بۇرۇن قاناشنىڭ قېنى بولۇپ، مېڭىدىن كەلگەن قان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، جىگەر، تال قاتارلىق بىرەر ئەزاسىدا كېسەللىك بولسا، بۇ قان شۇ ئەزادىن كەلگەن بولىدۇ.

ئەگەر قەي بىلەن كەلگەن قان، قىزىل ۋە پۇراقلىق بولۇپ، جىگەر مەنبەلىك قان ئارىلاش ئىچ سۈرۈشتە كەلگەن قانغا ئوخشاپ كەتسە، بۇ قان جىگەردىن كەلگەن بولىدۇ.

ئەگەر قاننىڭ رەڭگى قارا، تەمى ئاچچىق بولسا، بۇ قان تالدىن كەلگەن بولىدۇ.

ئەگەر قان ئانچە قارا بولماستىن ئاز - ئازدىن چىققان بولسا، قىزىلئۆڭگەچتىن كەلگەن قان بولىدۇ.

ئەگەر قان قارىغا مايىل بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ مىقداردا چىققان بولسا، ئاشقازاننىڭ قېنى بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ جىگەر، تال، ئاشقازان، قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىدە ئاغرىش بولسا ۋە ئۇ ئەزادا بۇرۇندىن باشلاپ كېسەللىك بولۇپ، قەيدىكى قان ئاز - ئازدىن كېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپلەپ كەلگەن بولسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن يىرىڭ ۋە يارا قەقەچلىرى چىققان بولسا، بۇ، يەرلىك ئەزادا يارا ۋە چىرىش بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ئەزالار ئىچىدە بىر ئەزادا ھارارەت ۋە ئېچىشىش بولۇپ ھارارەتنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بۇ قاننىڭ ھارارىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن شۇ ئەزا تومۇرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ كەتكەنلىكتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەزادا قان كۆپ بولۇپ، باشقا خىلتلار توشۇپ كەتكەنلىكنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، قان ئۆتكۈر ياكى يارا خاراكتېرلىك چىرىش بولمىسا، تومۇرنىڭ ئېغىزى قاننىڭ كۆپلۈكى ۋە توشۇپ كېتىش سەۋەبىدىن ئېچىلىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر قان ئانچە قىزىق بولمىسا ۋە ئۇنىڭ مىقدارىمۇ كۆپ بولمىسا ۋە بىمار بۇ

كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر ۋە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكتىن بولسا، بۇ ھۆللۈكتىن تومۇرنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر قان بەزى ـ بەزىدە چىقسا ۋە ئۇنىڭدىن بىمار ياخشىلانغاندەك ھېس قىلسا ۋە بىمارنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، بۇ قان ئاشقازان بوۋاسىرنىڭ قېنى بولىدۇ.

ئەگەر بىماردا ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ئەھۋالى بولسا، كېسەللىك ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشتىن بولغان بولىدۇ.

داۋالاش:

قان تۈكۈرۈشتە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا، ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تەڭشەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. لېكىن كۆپىنچە قۇۋۋەتنى ئەسلىي ھالدا قالدۇرۇشنى ئويلىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا قولنى قولتۇقتىن باشلاپ قولنىڭ بېغىشىغىچە پۈتنى يوتىنىڭ بوغۇمىدىن ئوشۇقىغىچە تېڭىپ قويۇش قان قەي قىلىشنى داۋالاشقا پايدىلىق.

ئۇلاردىن باشقا كىلىزما قىلدۇرۇش ۋە پاچاققا قانلىق لوڭقا قويۇش غەيرىي تەبىئىي خىلتنى قايتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر قان ئاشقازاندىن كېلىۋاتقان بولسا، يىپىنكرەك دورىلارنى ئىشلىتىش ۋە دورا ئىچكۈزۈشتە بىر قېتىمدىلا ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر قان قىزىلئۆڭگەچتىن كېلىۋاتقان بولسا دورىلارنى ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈش كېرەك.

قان ئاشقازان ۋە قىزىلئۆڭگەچتىن كەلگەن بولسا قۇرسى كۆھلى ياكى قۇرسى كەھرىۋادىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەنجىباھار شەربىتىگە 12 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، سېمىزئوت ئۇرۇقى، خەشخاش، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، ھەببۇلئاس ھەربىرىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، دورىلارنى ئەرقى كەيىورە، ئەرقى پاقىيوپۇرمىقى، ئەرقى گۈل ھەربىرى 84 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارنى چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 گرام ھەببۇلئاس شەربىتى، بەش گرام شەربىتى تۇخۇمى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قان باش، جىگەر، تال قاتارلىقلاردىن كېلىۋاتقان بولسا، شۇ ئەزانى داۋالاش ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتنى قارشى تەرەپكە تارتىشقا تىرىشىش كېرەك.

ئەگەر قان قەي قىلىش جىگەر ياكى تال مەنبەلىك بولسا، قۇرسى رەۋەن ۋە قۇرسى خەشخاشنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تۇتقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە سەندەل، قىزىلگۈل، ئامىلە ئۇسارىسى، ئارپا ئۇنى قاتارلىق جىگەر ۋە تالنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى يۇمشاق

سوقۇپ، كاسىنە سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىش كېرەك.

ئەگەر قان قەي قىلىش كۆكرەككە بىرەر نەرسە تېگىپ كېتىش، يىقىلىپ چۈشۈش، قىزىلئۆڭگەچ تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن بولسا، ئەھۋالغا قاراپ قان ئالغاندىن كېيىن ماش، مۈغاس، ئاقاقىيا، گىل ئەرمىنى، سەبرە، مۇرمەككى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، نامازشامگۈلى سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ سۇۋاش ۋە قۇرسى كەھرىۋادىن تۆت گرامنى قۇرۇلغان ھەببۇلئاس ئۇرۇقى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك ياكى قان ئالمايلا يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قان قەي قىلىش بوشىشىپ كەتكەن تومۇرلارنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىدىن بولسا، پولونىيا يېگۈزۈش ۋە باشقا قۇرۇتقۇچى تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر تومۇرلارنىڭ يېرىلىپ كېتىشى، تومۇرلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن بولسا، ئىچى ۋە سىرتىدىن ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قان قەي قىلىش ئاشقازان يارىسى ۋە مۇدۇرچاقلىرىدىن بولسا، مائۇلھەسەل ئىچكۈزگەندىن كېيىن قان تۈكۈرۈشكە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

سەمغى ئەرەبى، نىشاستە، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈلى، كەھرىۋا ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئەنجىباھار يىلتىزى پوستى شىرىسى تۆت گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى بەش گرام، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ئۈچ گرام، ئەرقى گاۋزىبان 72 مىللىلىتىر، نىلۇپەر شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بەش گرام پاقىيوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر سۇفۇپنى يېگۈزۈش كېرەك.

قۇرسى كۆھلى ئۈچ گرام، ئەنجىباھار 12 گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، سېمىزئوت ئۇرۇقى، خەشخاش، پاقىيوپۇرمىقى، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى ھەربىرى توققۇز گرام، دورىلارنى ئەرقى كەييورە، ئەرقى گۈل، ئەرقى پاقىيوپۇرمىقى قاتارلىقلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 24 گرام ھەببۇلئاس شەربىتى، بەش گرام سوقۇلغان پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر سۇفۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئاقاقىيا، قىزىلگۈل سېرىقى، گىل مەختۇم، ئانار گۈلى، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، ئەرەب يېلىمى قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ياكى قىزىل چۇغلۇق ئۇرۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ 2 ~ 3 گرام ئېلىپ، سۇغا بىر ئاز سىركە ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

موزا، ئانارگۈلى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئۇنىڭدىن توققۇز گرام ئېلىپ، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بۇ خىل قەينىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ بىمارنىڭ بەدىنىدە ئاجىزلاش بولسا، تۆت گرام قۇرسى كەھرىۋانى يۇمشاق سوقۇپ، 12 گرام نىلۇپەر شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت گرام پاقىيوپۇرمىقى، ئۈچ گرام لاچىندانە قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، خەشخاش شىرىسى، ئەنجىباھار يىلتىزى شىرىسى ھەربىرى تۆت گرام، چىلان شىرىسى بەش گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئوغرىتىكەن شىرىسى ھەربىرى ئالتە گرام، بۇزۇرى شەربىتى 24 گرام، ئىكەكلەنگەن زەھرى - مۇھرى بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر قۇرسى كەھرىۋا بولمىسا، ئورنىغا قۇرسى تاباشىر ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر قان قەي قىلىش بىلەن يەڭگىل قىزىتما بولسا خۇنىياۋشان، كەھرىۋا، ئانارگۇلى ھەربىرى ئۈچ گرام، سازەج ھىندى، گۈل ئەرمىنى يېشىل قاشتېشى ھەربىرىدىن 1.5 گرام، ئەپيۇن، دارچىن ھەربىرى ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ئۈچ گرام، تۆت گرام چۇچۇكبۇيا يىلتىزى شىرىسى، ئالتە گرام سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى، 24 گرام خەشخاش شەربىتى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا پاقىيوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر سۇفۇپتىن ئۈچ گرام ئېلىپ، بۇ نۇسخا بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئالتە گرام سەنگى جاراھەتنى يۇمشاق سوقۇپ، نىشاستە، بادام يېغى، ئاق شېكەر قاتارلىقلار بىلەن تەييارلانغان ھالۋىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

سەمغى ئەرەبى، كەھرىۋا، ئانار گۈلى ھەربىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەببۇلئاس شەربىتى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئۇرۇلۇش ۋە سوقۇلۇشتىن بولغان قان قەي قىلىش ئۈچۈن قۇرسى رەۋەندىن ئۈچ گرامنى ھەببۇلئاس شەربىتى 24 گرام بىلەن يېگۈزۈش ۋە رەۋەن چىنى، يۇيۇلغان شادىنەج ھىندى، سەبرە، زەچۋا، ئانارگۈلى، نامازشامگۈل ئۇرۇقى، لايىقلاشتۇرۇلغان ئەدەس، گۈل ئەرمىنى، ئاقاقىيا قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، شوخلا سۈيى ۋە بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا سۇۋاش كېرەك.

بامبۇك شېخى سۈيىگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئىككى گرام يېسىۋلەكنى سۇغا چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

پاقىيوپۇرمىقى بەرگى سۈيى، سېمىزئوت سۈيى، ئۈزۈم نوتىسى سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئەپيۇن ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى ئەپيۇن تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى قاتۇرۇش بىلەن بىرگە قاندا قويۇلۇش پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى ھەرىكەتتىن توختىتىش ئارقىلىق ھەر خىل قان ئېقىشلارنى چەكلەيدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئاقلانغان ئەدەسنى سۇماق سۈيى بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

## يىگىرمە بەشىنچى پەسىل ئاشقازاندا قان ياكى سۈت ئۇيۇپ قېلىش

### جمودالدم واللبن

**تونۇش:**

بۇ، مېڭە، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان تومۇرلىرى قاتارلىقلاردىن كەلگەن قان ئاشقازاندا توپلىنىشىۋېلىپ، سوغۇقلۇق تەسىرىدىن ئۇيۇپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ «ئاشقازاندا قان ئۇيۇپ قېلىش» دېيىلىدۇ. بەزىدە سۈتمۇ ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالىدۇ. بۇ «ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىش» دېيىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

مېڭە، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان تومۇرلىرىدىكى قاننىڭ ئاشقازاندا توپلىنىشىۋېلىپ، سوغۇقلۇق پەيدا قىلىشى ۋە ئاشقازان ھارارىتىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇيۇپ قالىدۇ.

ئاشقازاننىڭ سوۋۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن سۈت ئىچكەندە ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ خىل كېسەلدە ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش، ھوشسىزلىنىش، سوغۇق تەرلەش، قول - پۇت سوۋۇپ كېتىش، تومۇر ھەرىكىتى تۆۋەنلەپ كېتىش، بويۇن قېتىش، دەم سىقىلىش، قورساق كۆپۈش، كۆڭۈل ئايىنىش، چوڭ - كىچىك تەرەت توختاپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ. بەزىدە ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى تىترەش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، پىننە قاتارلىق دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىركىگە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىزىق ھالەتتە ئىچكۈزۈپ، بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇيۇپ قالغان قان ۋە سۈتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن مۇلەييىن مۇبارەك (بوشراق سۈرگۈچى) ئىشلىتىش كېرەك.

ئۇيۇپ قالغان قان ياكى سۈتنى چىقىرىپ تاشلاشتا قەي قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، قارا ھېلىلە ھەربىرى توققۇز گرام، ئاش تۇزىدىن 12 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا سىركەنجىۋىل ھەسىلى 48 گرام، سوقۇلغان كۇدە ئۇرۇقى ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ۋە قەيدىن كېيىن قالدۇق ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن يەڭگىل كلىزمىلارنى

ئىشلىتىش ياكى خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن قاتارلىق دورىلارنى دىنار شەربىتىگە چىلاپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆچلۈك خىلدىكى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا يۇمشاتقۇچى ۋە پارچىلىغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئىبنىسىنا «ئۇچەي ۋە ئاشقازاندىكى ئۇيۇپ قالغان قان ئۇچۇن ھەببى رشات 8 ~ 10 گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن يېگۈزۈش ياكى ھاشانى قايىنتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالغان سۈت ئۇچۇن زىرە، بەدىيان قاتارلىق دورىلارنى پىننە سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۇچۇن قايناق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

سۈت ئېمىۋاتقان بالىلاردا سۈت ئۆزلۈكىدىن بۇزۇلۇش، ئاشقازاننىڭ سوۋۇپ كېتىشى، سۈتنى قويۇلدۇرغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى تەسىرىدىن ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قالغان بولسا، سىركىنى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى زاراڭزا ئۇرۇقى شىرنىسىنى ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر بۇنىڭ ئۇنۇمى بولمىسا مۇناسىۋەتلىك سۈرگىلەر ئارقىلىق تەبىئەتنى يۇمشىتىش ۋە ئاشقازاندىكى سۈتنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت سۈت بەرمەسلىك كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاز - ئازدىن سۈت ئىچكۈزۈش ۋە بالىنى پات - پات يىغلىتىپ تۇرۇش كېرەك.

سۈت ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ يېمەكلىكىنى تەڭشەش ۋە پەقەت يۇمشاتقۇچى ۋە پارچىلىغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك. قاتتىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، ئاخشىمى تاماق يېيىش، بەك ئاچچىق، چۇچۇمەل، ئۆتكۈر، قان ۋە سۈتنى بۇزىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا بالا ۋە سۈت ئېمىتكۈچى ئانىغا تەرياقى پارۇق ۋە تەياقى ئەربەئە يېگۈزۈش كېرەك.

## يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل    ھېق تۇتۇش

## فۋاق

**تۇتۇش:**

ئاشقازان ئەزالىرىنىڭ ئۈستى تەرەپتە بولىدىغان يىغىلىش، قورۇلۇش ۋە كېڭىيىش خاراكتېرلىك تارتىشىشتىن مۇرەككەپلەشكەن بىر خىل ھەرىكەت شەكىللىنىدۇ. بۇ «ھېق

تۇتۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ كېسەللىكى؛ قۇرۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى؛ باشقا ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ تەسىرى قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

1. ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ كېسەللىنىشىدىن بولغان ھېق تۇتۇش تۆۋەندىكى بەش خىل سەۋەبتىن بولىدۇ:

1) ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سوۋۇپ كېتىشى: يەنى سوغۇق ھاۋادا ھېق تۇتۇش يۈز بېرىدۇ. شۇنداقلا سوغۇق خىلىت، سوغۇق دورا ۋە سوغۇق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى مىزاجىدا سوغۇقلۇق پەيدا بولۇش قاتارلىقلاردىن ھېق تۇتۇش يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ھېق تۇتۇش كۆپىنچە بالىلار ۋە ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، سوزۇلما خاراكتېرلىك بولىدۇ.

2) ھارارەت سەۋەبىدىن بولىدۇ: كۆيدۈرگۈچى قىزىتمىلاردا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ يىغىلىشى ۋە قىزىتقۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن ھېق تۇتۇش پەيدا بولىدۇ.

3) غىدىقلىنىشتىن بولىدۇ: قىچا، پىلپىل، كونا ھاراق قاتارلىق ئاچچىق ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلىتىش، ناھايىتى چوڭچوڭ بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش، يىرىڭلىق خىلىتنىڭ تۆكۈلۈشى، يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇپ، سانجىق ۋە ئېچىشىش پەيدا قىلىشى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنىڭ تۆكۈلۈشى قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدىن بۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھېق كۆپىنچە بالىلاردا كۆرۈلىدۇ.

4) بەزىدە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى، ئاشقازان قاتلاملىرى، قىزىلئۆڭگەچ قاتارلىقلاردا توختاپ قالغان يەلدە ھارارەت پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن چىڭقىلىش ۋە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ ھارارەت ئۇنى تارقىتىشقا قادىر بولالمايدۇ لېكىن ئۇنى بۇخاراتقا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ بۇ خىلى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن بالىلاردا كۆپرەك سۈت ئېمىتىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

5) ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا غەيرىي تەبىئىي خىلىت مىقدارىنىڭ ئارتىپ كېتىشى، يېمەكلىكلەرنىڭ قويۇق بولۇشى، شىلىمشىق بەلغەم خىلىتىنىڭ توشۇپ كېتىشى قاتارلىق تەسىرىدىن كېسەللىك يۈز بېرىپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ بىئارام بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

2. قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ھېق تۇتۇش تۆۋەندىكى ئىككى خىل سەۋەبتىن بولىدۇ:

1) تارتىش پەيدا قىلغۇچى يۇقىرى دەرىجىدىكى قۇرۇقلۇق تەسىرىدىن بولىدۇ. يەنى كۆيدۈرگۈچى قەينىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەندەك قۇرۇقلۇق، بەدەننى تازىلاش، ئۇزۇن ۋاقىت

ئاچ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاسان يوقالمايدۇ.

2) ئادەتتىكى قۇرۇقلۇقتىنمۇ كۆپىنچە ھېق تۇتۇش يۈز بېرىدۇ ۋە بۇ ئىنتايىن ئاددىي ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى تەدبىرلەر ئارقىلىق يوقىلىدۇ.

3. باشقا ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېق تۇتۇش تۆۋەندىكى ئىككى خىل سەۋەبتىن بولىدۇ:

1) بىرەر ئەزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە جىگەرنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىششىقى، جۈملىدىن جىگەرنىڭ ئاستى تەرەپ ئىششىقى ۋە ئاشقازان ياكى مېڭە پەردە ياللۇغىدا پەيدا بولىدۇ.

2) پۈتۈن بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قىزىتما باش ئاغرىقى ۋە بوھران ھالەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا مېڭە، ئاشقازان، جىگەر قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىدە كېسەللىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىك ئالامەتلىرى بولسا، بۇ ھېق تۇتۇشنىڭ سەۋەبى مەزكۇر كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا قان تازىلاش، كۆپ ئىچى سۈرۈش، كۆپ قەي بولۇش، كۆيدۈرگۈچى قىزىتما يۈز بېرىش، ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قېلىش قاتارلىقلار يۈز بەرگەن بولسا ۋە ھېق تۇتۇش قەي ئارقىلىق توختىماي كۈچىيىپ كەتسە، كېسەللىكنىڭ قۇرۇقلۇق تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىمار قەي قىلغاندا ھېق توختىسا ۋە بىماردا قويۇق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش، قاتتىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، تاماق يېگەندىن كېيىنلا ھېق تۇتۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، بۇ كېسەلنىڭ يېمەكلىكلەرنىڭ ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى غىدىقلىشى تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بولمىسا خىلىتسىز ۋە خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش ئەھۋالى بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش كېرەك، بۇنى تەكشۈرۈشتە ئاشقازان كېسەللىكلىرىدىكى مىزاج بۇزۇلۇشنى تەكشۈرۈشكە ئوخشاش تەكشۈرۈش كېرەك.

**داۋالاش:**

ئىبنىسىنا «بەك تويۇپ كېتىش ياكى زىيانلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش پەيدا بولغان ھېق تۇتۇشقا قارىتا قەي قىلدۇرۇش كېرەك ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئاچچىقلىنىش، تۇيۇقسىز قورقۇتۇش، ئېغىر غەم - قايغۇغا گىرىپتار قىلىش، يۈزگە سوغۇق سۇ سېپىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئات مىنىش، يۆتەلنى توختىتىش، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇش، چۈشكۈرتۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ھېق تۇتۇشنى توختىتىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت نەپەستىن توختىتىش كېرەك، چۈنكى

بۇ ئارقىلىق هارارەتتە قوزغىلىش ۋە هەرىكەت پەيدا بولىدۇ ۋە ماددىنىڭ هەرىكەتلىنىشىدىن قويۇق خىلىتلار تارقىلىدۇ.

هىق تۇتۇشنى توختىتىش ئۈچۈن ئوبدان ئۇخلىتىش، قول - پۇت ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە تىڭىش، ئاشقازان ۋە ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسىغا تىلماي لوڭقا قويۇش، قىزىتقۇچى زىمادلارنى سۈۋاش، تۇيۇقسىز هالدا قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلاتقۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

خىلىتلىق هىق تۇتۇشتا سۈرگۈ ئىشلەتكەنگە قارىغاندا كىلىزما ئىشلەتكەن ياخشىراق. چۈنكى هىق تۇتۇش هەرىكىتى سەۋەبىدىن سۈرگۈ دورىلىرى ئاشقازاندا توختاپ قېلىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

خىلىتلىق هىق تۇتۇشنى توختىتىش ئۈچۈن ئېغىر دەرىجىدىكى هەرىكەتلەرنى قىلدۇ-رۇش، ئىلمان سۇنى ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈش، خۇش پۇراق كۆچلەندۈرگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئۈچ گرام چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ۋە ئىككى گرام ئاق شېكەرنى يۇمشاق سوقۇپ يېگۈزۈش، ئەگەر كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى بولسا ئاق شېكەر ئورنىغا هەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەن ۋە كەچتە يېگۈزۈش كېرەك.

هەر خىل هىق تۇتۇشنى داۋالاشتا هەر خىل هايۋانلارنىڭ يۈرىكىنى يېگۈزۈش كېرەك.

پىننە سۈيى ۋە ئانار سۈيى ئىچكۈزۈش، بادرەنجبۇيا، بەدىيان، مەرزەنجۇش قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، چۈشكۈرتكۈچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىش كېرەك. بۇ ئېغىر دەرىجىدىكى هىق تۇتۇشنىمۇ توختىتالايدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئەپيۇن، خەشخاش پوستى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىش كېرەك.

تۆۋەندە بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبكە ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇلىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ.

### 1. بەك تويۇپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان هىق تۇتۇشنى داۋالاش:

علاج فواق از غذائی کثیر

سۇ ۋە تۇز ئارقىلىق قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن ئەرقى گۈل بىلەن گۈلقەنت ۋە سىركە ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە يېمەكلىكلەرنى ئاز - ئازدىن بېرىش ۋە هەزىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىش، ئەڭ ياخشىسى قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن هېچقانداق يېمەكلىك بەرمەسلىك كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇندۇرۇش، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن كەپتەر ۋە توخۇنىڭ سۇدا

پىشۇرۇلغان گۆشلىرىگە ئوخشاش قۇرۇتقۇچى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش، مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇش، كەرەپشە ئۇرۇقى، زىرە، پىننە، سۇمبۇل قاتارلىق قىزىتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىپ داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**2. يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:**

*علاج فواق ريحى*

يەلدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، مەستىكى، زىرە، جۇۋىنە، پىننە، زەنجىۋىل قاتارلىق ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى قىزىتقۇچى، يەل ھەيدىگۈچى، يەل تارقاتقۇچى، كېكىرىك پەيدا قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

جۇۋىنە، سۆئتەر، سۇزاپ، پىننە قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، ئەتىگەن ناشتىدا يەتتە گرامدىن يېگۈزۈش ۋە بىمارنى ئۇسسۇز ھالدا قويۇش كېرەك.

بەديان يەتتە گرام، سۆئتەر، رۇم بەديان ھەربىرى بەش گرام، ئاق زىرە ئۈچ گرام، قاقىلە بەش دانە قاتارلىق دورىلارنى 72 مىللىلىتىر ئەرقى گۇل، ئەرقى جۇۋىنە، ئەرقى لاچىندانە، ئەرقى پىننە ھەربىرىدىن 36 مىللىلىتىر قاتارلىق دورىلارغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، 36 گرام گۇلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن يەتتە گرام جاۋارىش مەستىكىنى يېگۈزۈش كېرەك.

سۇزاپ ياكى سۇزاپ ئۇرۇقىنى شاراپ بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئاق توغرىغۇنى ھەسەل بىلەن بېرىش كېرەك.

قۇندۇز قەھرىدىن بىر گرامنى سىركىدە ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

شەربىتى ئەنسۇن مۇرەككەپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن ھېق تۇتۇش توختىمىسا، يەلنى تارقىتىش ۋە غەيرىي تەبئىي خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن كەرەپشە يىلتىزى، بەديان يىلتىزى پوستى، رۇم بەديان، سۆئتەر ھەر بىرى يەتتە گرام، بادرەنجى بۇيا، بەديان ھەربىرى توققۇز گرام، سېرىق ئەنجۈر بەش دانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 26 گرام دورىلارنى قاينىتىپ، ھەسەللىك گۇلقەنتتىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ، 7 ~ 9 كۈنگىچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئايارەج پەيقارا يېگۈزۈش كېرەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە يۇقىرىقى نۇسخىغا سانا 18 گرام، خىيارشەنبەر 84 گرام، تەرەنجەبىن 60 گرام، دىنار شەربىتى 48 گرام، بادام يېغىدىن يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈپ ئاشقازاننى تازىلاش كېرەك. كەچتە تامىقىغا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان يېگۈزۈش كېرەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە بەديان شىرىسى، زاراڭزا ئۇرۇقى شىرىسى ھەربىرى توققۇز گرام،

رۇم بەدىيان شىرىسى، ئاق زىرە شىرىسى، سۆئتەر شىرىسى تۆت گرام، بۇزۇرى شەربىتى هاردىن 48 گرام ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان ھەببى تانىكار توققۇز گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلەرنى ئاشقازان كۆپۈشىنى داۋالا-ش باياندىن ئېلىش كېرەك.

يەل تارقالمىغان ئەھۋالدا مائۇلھەسەل بەرگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسىنى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەل تارقاتقۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

قىزىتقۇچى خۇش پۇراق سۇۋالما ۋە ياغلارنى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا سوغۇق ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھېق تۇتۇشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ، كەپتەر باچكىلىرى، قۇشقاچ گۆشى شورپىسى قاتارلىقلارنى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش، قورۇلغان گۆش يېگۈزۈش كېرەك ۋە يەللىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

### 3. سوغۇقتىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:

*علاج فواق بارد*

ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ۋە ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچى دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

پىششىق دورىلاردىن جاۋارىش كۇمۇنى، ماددەتۇلھايات، تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى سەمانىيە، تەرياقى پارۇق قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 36 گرام ئېلىپ، دورىلارنى سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، قەنت ۋە ھەسەل ھەربىرى 250 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ شەربەت قىيامى تەييارلاپ ئىچكۈزۈش ياكى شەربىتى ئەنسۇن ئىچكۈزۈش كېرەك.

لاچىندانە، پىننە، مەستىكى، ئۇد قىمارى، دارچىن، كۆيدۈرۈلگەن نارجىل، بىخ مارجان، رۇم بەدىيان، كەرەپشە، بەدىيان، زىرە، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، ئاسارۇن، ھەسەل، ئېگىر، جۇۋىنە، سېرىقچېچەك، سۆئتەر، سۇزاپ، پىستە پوستى، قۇستە، مۇمىيا، سەئدى كوفى، زەنجىۋىل، زىراۋەندى، دۇرنەج ئەقرەبى، زەپەر، بادرەنجى بۇيا قاتارلىق دورىلارنى بېرىش كېرەك.

گاۋزىبان يىلتىزى ئارقىلىق چۈشكۈرتۈش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھېق تۇتۇش باياندا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## 4. غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:

علاج فواق بلغمى

غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن مەتبۇخى مەستىكى ئىچكۈزۈش كېرەك ياكى پىننە، جۇۋ-نە، بەدىيان قايناتمىلىرىنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

تازىلاشتىن كېيىن دارچىن، جۇڭگو چېيى، بەدىيان، تاشاك ھەربىرىدىن ئۈچ گرام، مەستىكىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، 36 گرام ھەسەلى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

قۇندۇز قەھرى، سىيادان ھەربىر ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل ۋە ئالما شەربىتى ھەربىرىدىن 12 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش ياكى قۇندۇز قەھرى ۋە سىيادانىنى پۇرىتىپ چۈشكۈرتۈش كېرەك.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى بەلغەم خىلتىنى پارچىلاش ئۈچۈن چۇچۇكبۇيا يىلتى-زى، بەدىيان ھەربىرى تۆت گرام، لاچىندانە ئىككى گرام، زۇپادىن ئۈچ گرام ئېلىپ، قاينىتىپ، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

سانا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بەدىيان، مەستىكى، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھېق تۇتۇش بىلەن ئېغىز قەۋزىيەتلىك بولسا، گۈل بىنەپشە، شوخلا ھەربىرى ئالتە گرام، قىزىلگۈل تۆت گرام، ئۆرۈكسىز ئۈزۈم ئون گرام، لاچىنداندىن ئۈچ گرام ئېلىپ قاينىتىپ، 72 گرام خىيارشەنبەر، بەش گرام سانا، 48 گرام تەرەنجىبىن، 36 گرام گۈلقەنت، توققۇز گرام بادام يېغى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھېق تۇتۇش يەڭگىللەشكەندىن كېيىن ھېق تۇتۇش يەنە بىر قېتىم پەيدا بولغان بولسا قىزىلگۈل، گۈل بىنەپشە ھەربىرى تۆت گرام، ئۈچ گرام لاچىندانە، 56 گرام كاسنە يىلتىزى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گرامنى ئارىلاش-تۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخىغا ئاق لەيلىگۈلى، بەدىيان، مەستىكى، شوخلا ھەربىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، شېكەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇ-رۇپ ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سۈرگە بېرىش مەقسىتىدە يۇقىرىقى سۈرگۈ تەركىبىگە بىر گرام زەنجىۋىل ۋە ئىككى گرام ئاق تۇربۇتنى ئارىلاشتۇرۇش، ئۈچىنچى قېتىملىق سۈرگىدە ئايارەج پەيقارا ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەستىكىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىلغا 12 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، بەدىيان شىرىسى تۆت گرام، كاسنە ئۇرۇقى شىرىسى ئالتە گرام، ئەرقى

شاھتەررە 120 گرام، تاتلىق ئانار شەربىتى 24 گرام قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولسا، ئىككىنچى كۈنى دىنار شەربىتىدىن 24 گرامنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

دارچىن، ئەپسەنتىن، ئۇستقۇددۇس، ئەرقى بەديان، ئەرقى گۈل، جۇۋنە، بىستەپايەج قاتارلىق دورىلارنى ئەرەقلەر بىلەن قاينىتىپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

سۈت ئېمىتكۈچى ئايالدا ھوشسىزلىنىش بولۇپ ھېق تۇتۇش، سوغۇق تەرلەش، نەپەسلەنگەندە ئاۋاز چىقىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، ئەرقى گۈل، ئەرقى شاھتەررە، سىركەنجىۋىل سادىدە قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى لاچىندانە ئۈچ گرام، ئەينۇلا يەتتە دانە، پىننە، ئاپېلسىن پوستى ھەربىرى ئىككى گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۈچىنچى كۈنى ئاپېلسىن پوستى، مەستىكى، پىننە ھەربىرى ئىككى گرام، بەديان تۆت گرام قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، 24 گرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

تۆتىنچى كۈنى بۇ نۇسخىغا پىننە قوشۇلغان ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى كۈنى دەسلەپتە سىركەنجىۋىل سادىدە ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن پىننە، گاۋزىبان، ئاپېلسىن پوستى ھەربىرى ئىككى گرام، ئەينۇلا يەتتە دانە قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، مەستىكىدىن ئىككى گرامنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، تەركىبىگە پىننە چۈشكەن ئانار شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخىغا چۇچۇكبۇيا تۆت گرام ۋە ئۇد ھىندى ئىككى گرام ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

بەزى تېۋىپلار «ھېلىلە كابىلى، ئامىلە ھەربىرى ئون گرام، ئۇد ھىندى، مەستىكى ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، 108 مىللىلىتىر ھاراقتا چىلاپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا كەپتەر باچكىسى، توخۇ چۈجىسى، قۇشقاچ قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، مەستىكى، پىلپىل، دارچىن، زەپەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئاشقازان ساھىسىگە سەۋسەن يېغى، قۇستە يېغى، مەستىكى يېغى، قەلەمپۇر يېغى قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنى سۇۋاش ياكى سۇمبۇل، مەستىكى، زەپەر، بىنەپشە قاتارلىقلارنى سوقۇپ، قەلەمپۇر سۈيى بىلەن زىماد تەييارلاپ سۇۋاش كېرەك.

### 5. ئىسسىقتىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:

علاج فواق حار

ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇش بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن قۇرۇقتىن بولغان ھېق تۇتۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر بىماردا قىزىتما بولسا قىزىتمىنى داۋالاش كېرەك.

ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، لىمون شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئىسپىغول، بېھى ئۇرۇقى، بادام يېغى، پادى زەھرى مەدەنى، ئارپا سۈيى قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئەگەر ياز پەسلى بولۇپ بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا ۋە ھېق تۇتۇش ھەزىم بۇزۇلۇشتىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، 24 گرام سىركەنجۇبىل سادده، 25 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان، 48 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل، ئالتە گرام كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، 24 گرام گۈلقەنتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى مەستىكىدىن بىر گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈلقەنت ئاپتابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا ۋە تاتلىق ئانار شەربەتلىرى قاتارلىقلار بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتە گرامنى جاۋارش مەستىكى ئەرقى بەدىيان ۋە ئەرقى گۈل بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا پالەك ئىشلىتىش ۋە ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن توخۇ شورپىسى، زىرىق سۈيى، غوزا سۈيى، ئانار سۈيى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك. ئۇنىندىن باشقا بۇ كېسەللىككە قارىتا ئۆتكۈر خىلىت ياكى ئۆتكۈر نەملىك يېمەكلىكلەرنى ئىشلىتىشتىن بولغان ھېق تۇتۇش بايانىدا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

### 6. ئۆتكۈر غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار تەسىرىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:

علاج فواق از اخلاط حاد

ئەگەر ھېق تۇتۇش ئۆتكۈر خىلىتلار ياكى ئۆتكۈر يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكتىن بولغان بولسا، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە سەۋدا خىلىتىدىن كېلىپ چىققان ئاشقازان كېسەللىكىنى داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

قايناق سۇ ۋە سىركە ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن ئىسپىغول لۇئابى، بادام يېغى، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش ياكى بېھى

ئۆرۈكى لوئابى، قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئارپا يارمىسى، ئاق لەيلى ئۆرۈكى، ئىسپىغول لوئابى، شوخلا سۈيى، گۈل يېغى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا سۈيىنى بادام يېغى بىلەن بېرىش كېرەك. ھەزىم كۈچلۈك بولسا پالەك، قاپاق، تەرخەمەك قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش، ئەگەر قەۋزىيەتلىك بولمىسا شېكەر بىلەن ئارپا ئېشى بېرىش كېرەك.

ئەگەر ھېق تۇتۇش ئۆتكۈر تەملىك يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەيدا بولغان بولسا، يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن باشقا بىمارغا تويغۇچە سۇ ئىچكۈزۈشتىنمۇ بۇ خىل كېسەل ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر كېسەللىك چۇچۇمەل ۋە يىرىك يېمەكلىكلەرنى يېيىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بولسا، ياغلىق شورپا، سوغۇق سۇ، سۈتنىڭ قايمىقى، گۈلقەنت قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىن بولغان ھېق تۇتۇش بولسا:

ئەرقى گۈل ۋە ئىلمان سۇ بىلەن سىركە ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا 3 ~ 4 سائەتتىن كېيىن مەتبۇخى ھېلىلە زەرد ياكى نوقۇئى پەۋاكىھ ئىشلىتىش ۋە ئاخشىمى تامىقىغا پالەك، يۇمغاقسۈت بىلەن پىشۇرۇلغان ماش ئۈنى ۋە گۈرۈچ ئېشى يېگۈزۈش كېرك.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە تاباشىر، سۇماق ھەربىرىنى بىر گرامدىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام ئانار شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، زىرىق، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، 250 مىللىلىتىر قايناق سۇغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەينۇلا شەربىتىدىن 48 گرام ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر دورا بىلەن بىرگە ئىچكۈزۈش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن ۋە ئىسسىقتىن بولغان ھېق تۇتۇشتا، ئارپا سۈيى، خەشخاش پوستى، قىزىلگۈل سېرىقى قاتارلىق دورىلارنى قاينىتىپ، قىزىلگۈل شەربىتى ۋە سوقۇلغان تاباشىر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ھارارەت يۇقىرى بولغاندا بۇ نۇسخىغا بىر ئاز كاپۇر ئارىلاشتۇرۇش ۋە سەندەل، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى گۈل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش ياكى بىنەپشە يېغى، گۈل يېغى، قاپاق يېغى قاتارلىقلارنى سۈۋاش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا چۈجە ياكى پاقلان گۆشلىرىنى يېگۈزۈش، ئەگەر ھەزىم كۈچلۈك بولسا قاپاق، قايماق، نىشاستە قاتارلىقلارنىڭ ھالۋىلىرىنى ياكى سوغۇق سۇ ۋە تاتلىق ئانار شەربىتى بىلەن نان يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ھېق تۇتۇش بولسا:
ھەببى لاجۇۋەرد، مەتبۇخى بىستىپايەج قاتارلىقلار بىلەن تازىلاش ۋە ئامىلەنۇشدارى لۆئلۆئى ئولۋىخانىنى ئەرقى سۈت بىلەن يېگۈزۈش، بىئارامىلىق ھېس قىلغاندىن كېيىن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش كېرەك.
سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولغان ھېق تۇتۇشقا قارىتا قەي قىلدۇرغاندىن كېيىن سۇرگۈچى دورا چىلانمىلىرى ئارقىلىق تازىلاش كېرەك.
بۇ چىلانمىلارغا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قىزىلگۈل ۋە يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. تازىلاشتىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەشكە تىرىشىش ۋە سېزىمنى يوقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۇرۇش كېرەك.

## 7. قۇرۇقلۇقتىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:

علاج فواق يابس

ئاشقازاننىڭ قۇرۇقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش ۋە قۇرۇقتىن بولغان يىغىلىپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.
ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ شىرىلىرى ۋە لوئابلىرىنى ئىچكۈزۈش مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ھەربىرى ئۈچ گرام، بادام مېغىزى بەش دانە، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرى توققۇز گرام قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈل، ئەرقى بىدمىشكى، ئەرقى نىلۇپەر ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىرغا چىلاپ، بېھى ئۇرۇقى بىلەن ئىسپىغۇلنىڭ لوئابىنى، باشقا دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، نىلۇپەر شەربىتىدىن 48 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈ كېرەك.
قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى ھەربىرى 108 مىللىلىتىر، ئەرقى گۈل 60 مىللىلىتىر، بادام يېغىدىن 12 گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شېكەردىن 36 گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.
15 گرام ھۆل قايماققا 15 گرام شېكەر ۋە بەش دانە بادام مېغىزىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.
توققۇز گرام بۇغداي كېپىكى، 24 گرام قەنتنى قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچتەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بادام يېغىدىن ئون گرامنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.
قايماق ۋە تۇخۇم ئېقىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆكرەككە سۇۋاش كېرەك.
بەزى تېۋىپلار «بۇ خىل ھېق تۇتۇش ئۈچۈن ئازراق ئەپيۇن بىلەن كۆپرەك مىقداردىكى مۇناسىۋەتلىك لوئاب ۋە ياغنى ئىشلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.
ئاق خەشخاش ياكى قوغۇن ئۇرۇقىنى ئاق شېكەر بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

سوغۇق تەبىئەتلىك مىغىز دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.
كالا سۈتى ۋە ئۆچكە سۈتى ئىچكۈزۈش، بەدەنگە سۈت سۈۋاش، سۈت بىلەن پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.
يېمەكلىك ۋە دورىلارغا خەشخاش ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا ئارپا ئېشى، قاپاق ئۇرۇقى مىغىزى، تەرخەمەك ۋە ئۆچكە سۈتىدە پىشۇرۇلغان پاقلان ۋە ئوغلاق گۆشلىرى قاتارلىقلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

## 8. ياللۇغلىنىشتىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش:

علاج فواق ورمی

ئەگەر ھېق تۇتۇش، مېڭە ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى قاتارلىقلارنىڭ بىرىدىن بولغان بولسا، شۇ ئەزانىڭ ياللۇغىنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھەمدە ئاشقازان ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئانار سۈيى، كاسىنە سۈيى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك زىمادلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.
ئىبنىسىنا «قەيدىن كېيىن ھېق تۇتۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىر ئاز كۆڭۈل ئاينىش ۋە بىر ئاز سانجىلىش مەۋجۇت بولسا، ئەينۇلا قىيامى، تەمرى ھىندى سۈيى قاتارلىق خىلتنى سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلارنى بەرگەندىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم چۈشكۈرتۈش كېرەك. ئەگەر قالدۇق خىلتلارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمىسە بەلكى چىڭقىلىش بولسا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەلھەم دورىلارنى سۈۋاش كېرەك ۋە سىلىقلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھالۋىلاردىن بۇغداي لوئابى ھالۋىسىغا توختىتىش ئۈچۈن بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش، كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن توخۇ گۆشى شورپىسىغا يۇمغاقسۈت ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.
سۈت ئېمىۋاتقان بالىلاردا ھېق تۇتۇش كۆپىنچە يەل سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ئەھۋال بەك كۆپ بولسا، ئاق شېكەر ۋە جوز ھىندىنى يۇمشاق سوقۇپ يېگۈزۈش، لاچىندانە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بەديان قاتارلىق دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، ئازراق قۇندۇز قەھرىنى سۇغا چىلاپ ئىچكۈزۈش، شېكەر بىلەن پىننە سۈيى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

## يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل ئاشقازان خىزمىتى قالايمىقانلىشىش

انقلاب معده

تونۇش:
بۇ، ھەر خىل يېمەكلىكلەر ئاشقازاندا ھەزىم بولغاندىن كېيىن ئۈچەي تەرەپكە چۈ-

شۈشىنىڭ ئورنىغا قەي ئارقىلىق چىقىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئاشقازان خىزمىتىدە نورمالسىزلىق بولىدىغان بىر خىل ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

**سەۋەبى:**

12 بارماق ئۈچەي ياكى قارىغۇ ئۈچەينىڭ سۈيۈلۈش خاراكتېرلىك ئاغرىشى ۋە قىچىشىشىدىن بولىدۇ.

ئۈچەينىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن يېمەكلىكلەر ئادەتتىكى يول ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلانمايدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەللىكتە قەي بىلەن ھەزىم بولمىغان يېمەكلىكلەر چىقىدۇ ۋە سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ.

قەي بىلەن چىققان نەرسىلەر چىرىگەن ۋە سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر قەيدە ئىنچىكە نېپىز پوستلاقلار چىققان بولسا ۋە چۈچۈمەل ئۆتكۈر يېمەكلىكلەرنى يېگەندىن كېيىن كىندىك ئەتراپىدا قاتتىق ئاغرىش ۋە ئېچىشىش بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەينىڭ قىچىشىشىدىن بولىدۇ.

ئەگەر قەيدە يارا قەقەچلىرى چىقمىغان بولسا ۋە ئۆتكۈر چۈچۈمەل يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكتىن ئېچىشىش ۋە ئاغرىش بولمىسا، ئۇنىڭ سەۋەبى ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئۈچەي توسۇلۇش ۋە قىچىشىش بولغان ھالەتتە بېھى ئۈرۈقى لۇئابى ۋە ئاق لەيلى يىلتىزى شىرىسىگە بىنەپشە شەربىتى ۋە سوقۇلغان چاھار تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن سۇفۇپى تىيىننى كالا يېغى بىلەن ياغلاپ يېگۈزۈش كېرەك.

تەبىر «بۇ كېسەللىككە قارىتا مىغىز تۈرىدىكى دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

قايماق، ئۆچكە يېغى بىلەن تەييارلانغان ھالۋىنى تۈزسىز ھالەتتە يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر مىزاجىدا ھارارەت بولسا قورۇلغان ئىسپىغۇل، قورۇلغان پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن بېرىش كېرەك.

ئارپا سۈيى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا قاتارلىق دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

دەسلەپتە مۇۋاپىق دورىلار ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش ۋە ئىككى سائەتتىن كېيىن گىل ئەرمىنى، گىل مەختۇم، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ يۇمشاق سوقۇپ، خەشخاش شەربىتىدىن 24 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، 84 مىللىلىتىر ئەرقى گۈل بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

تاباشىر، كەتىرا، خۇنسىياۋشان ھەربىرى بىر گرام، كەھرىۋادىن ئىككى گرام ئې-
لىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 18 گرام خېمىرى سەندەل ساددەغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۇل ۋە ئەرقى گاۋزىبان ھەربىرىدىن 60 مىللىلىتىر بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

بەديان توققۇز گرام، قاقىلە بەش دانە، پىننە يەتتە گرام، ئۇد ھىندىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ، خەشخاش شەربىتى ۋە نىلۇپەر شەربىتى ھەربىرىدىن 218 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇفۇپى ھەببى رۇمان يېگۈزۈش كېرەك.

توققۇز گرام ھەببى رىشاتنى 500 گرام كالا سۈتى بىلەن قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 24 گرام ئالما شەربىتى ۋە يەتتە گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قەي ھەرقانداق تەدبىرلەر بىلەن توختىمىسا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاستى ئۇدۇلىغا لوڭقا قويۇش كېرەك.

ئۇچەي ئاجىز ھالەتتە ئاز - ئازدىن مەتبۇخى پەۋاكىھ ئىچكۈزۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن پىننە گۇلقەنتى، غورا قىيامى، نەشپۈت قىيامى ئىشلىتىش ۋە قەينىڭ بايانىدا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۇچەي ياللۇغىدا سۆزلەنگەن بويىچە بېرىش كېرەك.

## يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل ئاشقازان ئارامسىزلىنىش

## كرب وقلق معده

**تونۇش:**

بۇ، بىمار ناھايىتى بىئارام بولۇپ يېنىنى بېسىپ ياتالمايدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بەزىدە بىماردا باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە چىراي سارغىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ ئاشقازان گەۋدىسىگە سۈمۈرۈلۈشى، ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ توپلىنىشى، جىگەردىن ئاشقازانغا تۆكۈلگەن غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىككە قارىتا قەي قىلىشنى تەكشۈرگەندە قوللىنىلىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇل-
لىرىنى قوللىنىش كېرەك.

داۋالاش:

ئەگەر ئىسسىق خىلتلار تەسىرىدىن بولسا ئىلمان سۇ ۋە سىركە ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

زىرىق شىربىسى، ئانار شەربىتى، سىركە قاتارلىقلار بىلەن قۇرسى تاباشىر يېگۈزۈش كېرەك.

هۆل قاپاق شاپىقى، سەندەل، قىزىلگۈل، كاپۇر، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە زىماد قىلىش كېرەك.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن تازىلاش ئېلىپ بېرىش ئۇندىن كېيىن هارارەتنى توختىتىش ئۈچۈن تەرخەمەك سۈيى، ئالما شەربىتى، بېهى شەربىتى قاتارلىق سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئارپا ئېشى، تاباشىر، گۈلاب قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا قىلىشتا قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر سوغۇق خىلتلار تەسىرىدىن بولغان ئاشقازان ئارامسىزلىنىشنى ئىلمان سۇ ۋە تۇز ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش، خىلىت پىشقاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلارنى سىركەنجۇبىل ھەسلى بىلەن يېگۈزۈش كېرەك.

مەستىكى يېغىنى ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش كېرەك.

تازىلاش ئۈچۈن پارچىلىغۇچى دورىلاردىن سىركەنجۇبىل ھەسلىنى مەتبۇخى شىبىت بىلەن ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش ۋە خىلتنى تارقىتىش ئۈچۈن بەديان سۈيى ۋە ئەپسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈش ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

## يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل ئاشقازان قوزغىلىش

### اختلاج معده

تونۇش:

بۇ خەفەقان كېسىلىگە ئوخشاش ئاشقازاندا بولىدىغان بىر خىل ئېغىش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ خىل ھەرىكەت ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ياكى ئاشقازاننىڭ يۇقىرى قىسمىدا بولۇپ، يۈرەككە مۇناسىۋەتلىك بولۇش سەۋەبىدىن قوزغىلىش يۈز بېرىدۇ ۋە بەزىدە بۇ كېسەللىكتە ھوشسىزلىنىشمۇ كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېيىنىش، كۆڭۈل بىئارام بولۇش قاتارلىقلار بولىدۇ. بەزىدە ئاشقازان قوزغىلىش ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى مېڭىگە يېتىپ كەلگەنلىك سەۋەبىتىن مالىخۇليا كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

سوغۇق خىلىت سەۋەبىدىن ئاشقازاندا كېسەللىك بولىدۇ، بۇ خىلىت ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە ياكى باشقا ئەزالاردىن كەلگەن بولىدۇ، بۇ كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

ئاشقازان قاتلاملىرىدا توختاپ قالغان ئۆتكۈر خىلىتلاردىن بولىدۇ.

قەۋزىيەتلىك ھالەتلىرىدە سەپرا خىلىتى تۆكۈلگەندە مەددە قۇرت ئۈچەيدىن ئاشقازانغا كىرىۋېلىپ، بۇ خىل كېسەلنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا سوغۇق خىلىتلارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ سوغۇق خىلىت تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا مەددە قۇرتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ مەددە قۇرت سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاشتا خىلىت ئېتىبارى بىلەن ئاشقازان بىئارامسىزلىنىش ۋە ئاشقازاننىڭ خىلىتلىق مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك قۇرت سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يەڭگىل دەرىجىدىكى كلىزما ياكى مەتبۇخى ئولۇۋخان تۇربۇتى ئارقىلىق ئىچىنى سۈرۈپ توسالغۇلارنى ئاچقاندىن كېيىن قورساق قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش ۋە چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن مەددە قۇرت كېسەللىكىدە سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ھەكىم شەرىپخان «ئەگەر ئاشقازان قوزغىلىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولسا، تۇرۇپ سۈيى، سىركەنجىۋىل ھەسلى ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش ۋە ھەببى ئايارەج پەيقارا، ھەببى قوقىيا قاتارلىقلار ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن جاۋارىش جالىنۇس يېگۈزۈش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىدىن بولسا، مائۇلئۇسۇل ئىچكۈزۈپ خىلىتنى پىشۇرغاندىن كېيىن مەتبۇخى ئەفتىمۇن، ھەببى ئەفتىمۇن ۋە مائۇلجەبىن قاتارلىقلار بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي چاپلاشقاق خىلىت تەسىرىدىن بولغان بولسا، قايناق سۇ ۋە سىركە ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش ۋە مەتبۇخى ھېلىلە، خىيارشەنبەر، مائۇلجەبىن قاتارلىقلار بىلەن تازىلاش ئېلىپ بېرىش، خۇشاللاندۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەبۇ مەنسۇر «بۇ كېسەللىككە قارىتا ئايارەج پەيقارا، مەتبۇخى مولەييىن، مەتبۇخى ئەپسەنتىن ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ۋە كۈچلەندۈرگۈچى يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ئاشقازان

كىرىش ئىبغىزىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك. بۇنداق ھالەتتە ئۇنى داۋالاشتا ئاجىزلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك خۇش پۇراق يېمەكلىكلەرنى سۈغا سېلىپ يۇيۇندۇرۇش، ئالاھىدە يېمەكلىكلەردىن بادام مېغىزى، ياڭاق، پىستە قاتارلىقلارنى سوقۇپ يېگۈزۈش، جوز يېغى، خەيرى يېغى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ كۆكرەككە سۈۋاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

## ئوتتۇزىنچى پەسىل ئاشقازان كىرىش ئىبغىزى ئاغرىش
## وجع الفواد

**تونۇش:**

بۇ ئاشقازان كىرىش ئىبغىزىدا قاتتىق ئاغرىش يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېغىر دەرىجىدىكى خەتەرلىك ھوشسىزلىنىش ۋە ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ ۋە كۆپىنچە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىراق بەزىدە سوزۇلما خاراكتېرلىكمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتە ئاشقازان كىرىش ئىبغىزى يۈرەككە يېقىن بولغاچقا يۈرەككە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاشقازان كىرىش ئىبغىزىغا ئۆتكۈر ھارارىتىنىڭ تەسىر قىلىشىدىن بولىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئىبغىزىغا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن بولىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئىبغىزىغا سوغۇق ۋە قويۇق يەللەرنىڭ توپلىشىۋېلىشىدىن بولىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئىبغىزىغا چىرىگەن بەلغەم خىلتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

بۇ كېسەللىكتە ئاشقازان كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشتە قوللىنىلغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ئېغىز قۇرۇق بولۇش، ئۇسسۇزلۇق بولۇش، ئاچچىق كېكىرىش، سوغۇقلۇق دورىلارنى ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ئاغرىق تۆۋەنلەش كۆرۈلسە، كېسەللىك ئاشقازان كىرىش ئىبغىزى ھارارىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىرگە تىلنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇش، ئېغىزى تەمى ئاچچىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا كۆزلىرى ۋە چىرايى پارقىراق بولۇش بىلەن بىرگە غەيرىي تەبىئىي

بەلغەم خىلتتىدىن بولغان قەي قىلىشتا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر بولسا، كېسەللىكنىڭ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىماردا كېكىرىش، بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىدىن يەل يۈرۈشكەندىن كېيىن راھەت ھېس قىلىش، ئاغرىق بەزىدە كۆپ، بەزىدە ئاز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كېسەللىكنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داۋالاشنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

## 1. خىلتسىز ئىسسىق ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى تەسىرىدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى داۋالاش:

*علاج وجع الفواد حار وصفراوی*

ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى ھارارەتتىن بولسا مىزاجنى تەڭشەش كېرەك ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن خىلتسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش باياندا سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك ياكى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئەرقى گۈل، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىق دورىلارغا زىرىقنى چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سىركە ۋە لىمون شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، قىيتىققا مۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، پالەك ئۇرۇقى يېگۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولسا، يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن بىرگە تەمرى ھىندى، ئانار ئۇرۇقى ۋە غورا يېگۈزۈش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە ئاق سەندەل، قىزىلگۈل، تاباشىر، سۇماق قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈل ۋە ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن زىماد تەييارلاپ زىماد قىلىش ۋە گۈل يېغى سۇۋاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر بىمار ھوشسىزلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، دەرھال ئەرقى باھار، ئەرقى گۈل قاتارلىق دورىلارغا مۇز ئارىلاشتۇرۇپ سوۋۇتۇپ، بىمارنىڭ يۈز ۋە كۆكرىكىگە سېپىش، بىمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سىركە ۋە ئىلمان سۇ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ياكى ئەرقى گۈل ۋە سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن چۈچۈمەل ئالما شەربىتى، ئانار شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىچكۈزۈش ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپراخىلتىنىڭ سۈرگىسى بىلەن تازىلاش ۋە يەنە قەيدىن كېيىن قىزىلگۈل شەربىتى 48 گرام، سىركە 48 مىللىلىتىر، كاسىنە سۈيى، شوخلا سۈيى ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش، سوغۇق سۇ،

ئەرقى گۈل، سىركە، شەربىتى ۋەرد مۇكەررەر بىھى قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقى ئۆچۈن سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا پالەك، كۆك يۇمغاقسۇت بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى 12 گرام بىھى شەربىتى بىلەن ئىككى گرام قۇرسى تاباشىر مەشھۇر تېۋىپ يېگۈزۈش ۋە ئەرقى كاسىنە، ئەرقى بىدە سادەد، ئەرقى نىلۇپەر ھەربىرى 84 مىللىلىتىر، ئالما شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى، ئاچچىق ئانار شەربىتى ھەربىرىدىن 24 گرام ئېلىپ، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يەتتە گرام نىلۇپەر ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

رازى «ئەگەر بىماردا ھوشسىزلىنىش بولسا دەسلەپتە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بىمار دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ. ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك كىلىزمىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قىزىلگۈل شەربىتى ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## 2. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقىنى داۋالاش:

علاج وجع الفواد بلغمي

ھوشسىزلىنىش بولسا دەسلەپتە قول ـ پۇتنى چىڭ باغلاش، ئىككى مۇرە ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويۇش، ئولۇغخان ئىجاد قىلغان كىلىزما ئارقىلىق كىلىزما قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھوشىغا كەلتۈرۈش، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن غارىقۇندىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ھېلىلە مۇراباباسىدىن بىر دانىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى گۈلنى 750 مىللىلىتىر قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا 36 گرام ئاق شېكەر ۋە 12 گرام سوقۇلغان مەستىكى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك. 3 ～ 4 سائەتتىن كېيىن مەتبۇخى تۇربۇت ۋە دىنار شەربىتى ئىچكۈزۈش، مەجۇنى ئىبنى ھۈلبە يېگۈزۈش كېرەك؛

تازىلىغاندىن كېيىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىش كېرەك.

**3. يەلدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقنى داۋالاش:**

علاج وجع الفوادريحي

هوشسىزلىق بولسا هوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىشتا قوللىنىلغان هوشسىزلىقنى يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. هوشىغا كەلگەندىن كېيىن يەلنى تارقىتىش ۋە چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن نەمەك سۈلايماندىن تۆت گرامنى سوقۇپ يېگۈزۈش.

ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن يەل تارقالمىسا، غارىقۇندىن ئۈچ گرام، مەستىكىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 24 گرام گۈلقەنتتە ئارىلاشتۇرۇپ، 18 گرام زاراۋەنزا ئۇرۇقى، ئەرقى گۈلدىن 125 مىللىلىتىرغا چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان سۆئتەر يەتتە گرام، گۈلقەنت 48 گرام، دىنار شەربىتى 36 گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش كېرەك. 3 ~ 4 قېتىم ئىچىنى سۈرگۈندىن كېيىن نان ۋە توخۇ شورپىسى بېرىش، ئۇسسۇزلۇقىغا ئەرقى گۈل ۋە ئەرقى بەديان بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن ئاخشىمى ئايارەج پەيقىرا يېگۈزۈش ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇرۇقسىزلاندۇرۇلغان ئۈزۈم 36 گرام، بەديان يىلتىزى پوستى، كاسنە يىلتىزى پوستى، ئىزخىر، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەديان هەربىرى يەتتە گرام، سېرىق ئەنجۈردىن بەش دانە ئېلىپ، دورىلارنى قاينىتىپ، 24 گرام سانا، 48 گرام گۈلقەنت، توققۇز گرام سوقۇلغان تۇربۇت، ئۈچ گرام سوقۇلغان زەنجىۋىل، تۆت گرام سوقۇلغان رەۋەن چىنى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك، ئاخشىمى ئوزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەستىكى ئىككى گرام، مۇقەل بىر گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، هېلىلە مۇرابباسىدىن بىر دانىگە ئارىلاشتۇرۇپ، بەديان شىرىسى، رۇم بەديان شىرىنىسى هەربىرى تۆت گرام، سۆئتەر شىرىسى يەتتە گرام، ئاق زىرە شىرىسى ئۈچ گرام، بۇزۇرى شەربىتى تۆت گرام، ئەرقى گۈلدىن 250 مىللىلىتىر ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش كېرەك ۋە 3 ~ 4 قېتىم سۈرگۈ بەرگەندىن كېيىن مەجۇنى ئىبنى هۇبەل يېگۈزۈش ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىش ۋە يەل تارقاتقۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش ۋە مەستىكى، زىرە، پىننە قاتارلىق كېكىرىش كەلتۈرگۈچى دورىلارنى چايناشقا بېرىش كېرەك.

دارچىن، ئۇد هىندى، ئېگىر، زورەنبات، مەستىكى قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئەرقى گۈلگە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساهەسىگە سۈۋاش ۋە مەجۇنى ئەپسەنتىن يېگۈزۈش كېرەك.

سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىقى ئۈچۈن 0.5 گرام ئەنبەرنى

يۇمشاق سوقۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش كېرەك.

سوغۇق يەلدىن بولغان ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئاغرىش ئۈچۈن ھىگنى سۇغا چىلاپ، تەمىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈش، سۆئىتەر ۋە موميا ئىشلىتىش ھەم شاراب ۋە سىركىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

## ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل    ئاشقازان كۆيۈشۈش

### حرقت معده

**تونۇش:**

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئاشقازان ساھەسىدە كۆيۈشكەندەك سېزىم بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ خەلق ئارىسىدا «كۆكرەك ئېچىشىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

سۇ كالىسىنىڭ گۆشى، پۇرچاق، پېتىر نان قاتارلىق تەس ھەزىم بولىدىغان ۋە توڭ مېۋىلەر خام يېمەكلىكلەرنى يېيىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا سوغۇقلۇق توپلىشىپ قېلىشتىن بولىدۇ.

ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلىتىنىڭ كۆپلەپ تۆكۈلۈشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر ئېچىشىش ھەزىم ۋاقتىدا يۈز بېرىپ، قورساق ئاچ ھالەتتە يەڭگىللەشكەن بولسا، يېمەكلىكنىڭ شەكلىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر بىماردا قويۇق ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىك تارىخى بولسا كېسەللىك يېمەكلىكتىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال بولمىسا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا سوغۇقلۇق توپلىشىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قورساق ئاچ ھالەتتە ناشتىدىن بۇرۇن ئېچىشىش بولۇپ مايلىق يېمەكلىكنى قەتئىي يېيەلمىسە، بۇ كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر كېسەللىك يېمەكلىكلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ھەسەل، تۇز قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا 48 گرام ئانار شەربىتىنى ئەرقى گۇل ۋە قەنت بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەزىمگە ياردەم بەرگۈچى جاۋارىشلارنى يېگۈزۈش ۋە

بەديان چايناشقا بېرىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا ھۆللۈكنى سۈمۈرگۈچى، ئاسان سىڭدىغان يېمەكلىكلەرنى ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك قۇش گۆشلىرىنى قورۇپ ياكى كاۋاپ قىلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازاننىڭ ئېچىشىشى ھۆللۈك سەۋەبىدىن بولسا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى دورىلار ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇش.

غەيرىي تەبىئىي خىلىت پىشقاندىن كېيىن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ سۈرگىسى ۋە چوڭ نۇسخىلىق ئايارەجلەر ئارقىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋارىش مەستىكى مۇرەككەپ، جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش پەندادىقۇن، قۇرسى سەئدە، ئامىلە مۇراببىاسى، زەنجىۋىل مۇراببىاسى، سۇفۇپى بەديان قاتارلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈپ، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا تاماقتىن كېيىن نەمەك سۇلايماندىن ئۈچ گرامنى يۇمشاق سوقۇپ يېگۈزۈش، بۇنى يېگۈزۈپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن قىزىلگۈل ئۈچ گرام، مەستىكى ئىككى گرام، قاقىلە ئۈچ گرام قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ يېگۈزۈش ۋە بىر كۈندە تەخمىنەن 15 قېتىم پان بېرىش ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بەسباسىدىن ئىككى گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، جاۋارىش جالىنۇس توققۇز گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ، 108 مىللىلىتىر ئەرقى كەييورە، 48 گرام شەربىتى تەنبۇل قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تۆت گرام بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، رەيھان بەش گرام قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش، تاماقتىن كېيىن ئۈچ سائەتكىچە سۇ ئىچىشتىن چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىشتىن بولسا، ھېلىلە مۇراببىاسى، ئامىلە مۇراببىاسى، ئىترىفىل سەغىر قاتارلىق ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ۋە سىركەنجىۋىل ئەسلى ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى سۇۋاش، تاباشىر، لاچىندانە، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد ھەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئامىلە مۇراببىاسىغا بىر دانە ئارىلاشتۇرۇپ كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ، قوغۇن ئۇرۇقى، زىرىق، زاراڭزا ھەربىرى توققۇز گرام، قاقىلىدىن بەش دانە ئېلىپ، دورىلارنى 108 مىللىلىتىر ئەرقى گۇل ۋە 84 مىللىلىتىر ئەرقى كەييورەگە چىلاپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سىركەنجىۋىل ئەفتىمۇنى ئولۇغخان، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى مۆتىدىل ھەربىرى 24 گرام، سوقۇلغان پەرەنجىمىشكىدىن يەتتە گرام قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دورىنى يېگۈزۈش ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە مايلىق تاماقلارنى بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن كېسەللىك ساقايمىسا، مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش

كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تەدبىرلەرنى ئەقىل ئىلىشىش كېسىلى بايانىدىن تاللاپ ئىلىش كېرەك.

ئوز ۋقلاندۇرۇشتا چۇجە گۆشى شورپىسى بىلەن نان بېرىش كېرەك. سەۋدا خىلتى پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

## ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل  ئاشقازان قىچىشىش

## خارش معده

**تونۇش:**

بۇ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن ئاشقازاندا قىچىشقاندەك سېزىم بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا غەيرىي تەبىئىي خىلتلار تەسىرىدىن ئاشقازاندا ئۇششاق مۇدۇر - چاقىلارنى پەيدا قىلىدۇ.

**سەۋەبى:**

1. ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان ئۆتكۈر خىلت تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

2. باشقا ئەزالاردىن ئاشقازانغا چۈشكەن ئۆتكۈر خىلتلارنىڭ غىدىقلىشى تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

3. ئاشقازاننىڭ ئىچىدىكى ئۇششاق مۇدۇر - چاقىلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

**تەكشۈرۈش:**

ئەگەر بىماردا چوڭ تەرەت يېمەكلىكلەر تولۇق ھەزىم بولغان ھالەتتە كېلىش، تاماق يېگەندە قىچىشىش تۆۋەنلەش ئالامەتلىرى بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئۆتكۈر خىلت سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر چوڭ تەرەت يېمەكلىكلەر تولۇق ھەزىم بولمىغان ھالەتتە كېلىش، تاماق يېگەندىن كېيىن قىچىشىش ئېغىرلاش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئاشقازاندىكى مۇدۇر - چاقىلار سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

### 1. ئۆتكۈر خىلتلار تەسىرىدىن بولغان ئاشقازان قىچىشىشنى داۋالاش:

علاج خارش معده خلطی

ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ سۈرگىسى ياكى سەبرە چىلانمىسى ۋە ياكى مەتبۇخى ھېلىلە، مەتبۇخى شاھتەررە ۋە دىنار شەربىتى ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى يېگۈزۈش

كېرەك.

مەشھۇر تېۋىپ جۇجەندى «غەيرىي سەپرا تەبىئىي خىلىتنى تازىلاش ئۈچۈن مائۇلجە-بىنگە تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ ياكى دىنار شەربىتى بىلەن مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈش كې-رەك.

ئۇزۇقلاندۇرۇشتا كىچىك بېلىقنى بادام يېغىدا قورۇپ بېرىش، خام قايماقنى شېكەر بىلەن يېگۈزۈش، سىڭىشلىق گۆشلەرنى يېگۈزۈش ۋە تاۋۇز، شاپتۇل، تاتلىق ئانار سۈيى قاتارلىق ھۆل مېۋىلەرنى يېگۈزۈش كېرەك.

**2. ئاشقازاندىكى ئۆتكۈر ئۇششاق مىزاج - چاقىلاردىن بولغان ئاشقازان قىچىشىشنى داۋالاش:**

علاج خارش معده بثوري

بېھى ئۇرۇقى لوئابى، بادام يېغى ۋە تەركىبىگە زەپەر چۈشمىگەن قۇرسى تاباشىر يېگۈزۈش كېرەك.

سۇفۇپى ھەببى رومان، سۇفۇپى زەلقىل ئەمئاد قاتارلىق دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

تىرى دېگەن تېۋىپ «ئازراق گۈل يېغىنى ئارپا سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ئاشقازان مىزاج - چاقىلىرى ۋە ئاشقازان مىزاج - چاقىلىرى مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالاشتا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللى-نىش كېرەك.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل ئاشقازان تۆۋەنلەش

## استرخائى معده

**تونۇش:**

بۇ، ھۆللۈكتىن پەيدا بولغان كېرەكسىز ماددىلار سەۋەبىدىن ئاشقازاندا بوشىشىپ كېتىش يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بىمارنىڭ كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ ئېغىزمىنى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

**سەۋەبى:**

ھۆللۈكتىن پەيدا بولغان كېرەكسىز خىلىتلار سەۋەبىدىن ئاشقازان ھۆللىنىش ۋە ئاشقازان تارىمۇشلىرىدا بوشىشىش بولۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاشقازاننىڭ ئاستى توقۇلمىلىرى بوشىشىپ كېتىش ۋە سوزۇلما ئاغرىق، خاتا داۋالا-ش، ئېغىر ئەمگەك قىلىش، ئېغىر دەرىجىدە قەي قىلىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بىمارنىڭ كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ ئىغىزمان تەرىپى ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش، كىندىكتە ئىغىرلىق بولۇش، ئىغىزمان ۋە ئاشقازان ئوتتۇرىسىدىكى تارىمۇشلار بوشىشىپ كەتكەن بولسا، ئاشقازان ئالدى تەرەپكە مايىلراق بولۇپ بوشىشىپ كېتىش، ئوڭ تەرەپ تارىمۇشلىرىدا بولسا ئاشقازان سول بىقىن تەرەپكە مايىل بولۇپ قېلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوڭ بىقىندىكى باشقا ئەزالاردىمۇ كېڭىيىش بولۇش، سول تەرەپ تارىمۇشلىرى تارىيىپ كېتىش بولسا، ئاشقازان ئوڭ بىقىن تەرەپكە مايىل بولۇپ قېلىش، ئاشقازان ئاستى توقۇلمىلىرى بوشىشىپ كەتكەن بولسا، ئاشقازاننىڭ سۇمۇرۇش، تۇتۇپ تۇرۇش، ھەزىم قىلىش، ئىتتىرىپ چىقىرىش قۇۋۋەتلىرىدە ئاجىزلاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئىسترخا (بوشىشىپ كېتىش) ۋە پالەچ كېسىلىدە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە خۇش پۇراق، تۇتقۇچى دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك. ئوزۇقلاندۇرۇشتا ئاسان سىڭدىغان، تۇتۇش تەرىپىگە مايىلراق بولغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك.

تەبىر «ئەگەر بوشىشىپ كېتىش مايىلىق ياكى تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن بولسا بېھى، ئالما، خۇش پۇراق ئىچىملىكلەر، قورۇلغان كاۋاپ قاتارلىق كۈچلەندۈرگۈچى، تۇتقۇچى ۋە خۇش پۇراق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك. ئەگەر بوشىشىپ كېتىش بىلەن ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن تەركىبىگە سۇماق، ئانار، زىرىق چۈشكەن دورا ياكى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر ئاشقازان توقۇلمىلىرى بوشىشىپ كەتكەن بولسا، ھەببۇلئاس شەربىتى، ئىترىفىل كەبىر، ئىترىفىل سەغىر، جاۋارىش ئۇد، دارچىن، بەسباسە قاتارلىق تۇتقۇچى، خۇش پۇراق دورىلارنى يېگۈزۈش كېرەك.

جاۋارىش پەنجنۇش، جاۋارىش قانىسە، مەجۇنى قانىسە قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ يېگۈزۈش كېرەك.

ئاشقازان ساھەسىگە مەستىكى يېغى ۋە ناردىن يېغى سۈۋاش ۋە كەپتەر، كەكلىك گۆشلىرىگە ئوخشاش يۇمشاق، سىڭىشلىك يېمەكلىكلەرنى ئاز ـ ئازدىن يېگۈزۈش كېرەك.

توخۇ تاشلىقى پوستىدىن ئىككى گرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىترىفىل سەغىر، قىزىلگۈل شەربىتى، ھەببۇلئاس شەربىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈش كېرەك.

## ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل ئاشقازان يىغىلىۋېلىش

تشنج معده

**تونۇش:**

بۇ، ئاشقازان نېرۋىلىرىدا ياكى تارىمۇشلىرىدا توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك ياكى

ئىستىفراغ (تۇتۇپ قېلىشقا تېگىشلىك ماددىلارنىڭ ئارتۇقچە چىقىپ كېتىشى) خاراكتېرلىك يىغىلىپ قېلىش يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئاشقازان يېمەكلىكلىرىنى نورمال تۇتۇپ تۇرالمايدۇ.

**سەۋەبى:**

بۇ ئاشقازان نېرۋىلىرىدا ياكى تارىمۇشلىرىدا توشۇپ قېلىش خاراكتېرلىك ياكى تازىلاش خاراكتېرلىك يىغىلىپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

بۇ كېسەلدە يېمەكلىك تولۇق ھەزىم بولماي، تەرەت يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىش، ئاشقازاننىڭ قايسى تەرىپىدە يىغىلىش بولغان بولسا، شۇ تەرەپكە قارىتا سىجىلىپ، يىغىلىپ قېلىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

سەۋەب ئېتىبارى بىلەن نېرۋا كېسەللىكلىرى بايانىدا سۆزلەنگەن يىغىلىپ قېلىشقا قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

تەبىر «ئاشقازان يىغىلىپ قېلىش ئۇزۇن ۋاقىت تازىلاش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن بولسا، بارلىق ئامالالارنى قوللىنىپ بىمارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن موم يېغىغا مۇۋاپىق مىقداردا قىزىلگۈل، قەسبۇزەرىرە قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، داكىغا سۇۋاپ كۆكرەككە چاپلاپ قويۇش، مۇناسىۋەتلىك پۇراتمىلارنى پۇرىتىش، ۋەكىرپىنى تازىلاپ خىشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىر كىچە تونۇردا كۆيدۈرگەندىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئېلىپ، گۆشى ۋە تېرىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەھۋالغا قاراپ 3 ~ 6 گرام ئېلىپ، ھەببۇلئاس شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر بىمارنىڭ كۆڭلى تارتسا، كەكلىك گۆشىنى قورۇپ بېرىش ۋە پىننە ۋە بادام مېغىزى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىچىملىككە نان چۆكۈرۈپ يېگۈزۈش ۋە بېھى سۈيى، ئالما سۈيى، نامازشامگۈل سۈيى قاتارلىقلار بىلەن بۇرۇننى نەمدەپ تۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەگەر يىغىلىپ قېلىش ئاشقازان تارىمۇشلىرىدا توشۇپ قېلىش يۈز بېرىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، توشۇپ كېتىش خاراكتېرلىك يىغىلىپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر يىغىلىپ قېلىش تۇزلۇق دەريا ياكى دېڭىز سۇلىرىنى ئىچىشتىن پەيدا بولغان بولسا تاتلىق سۇ ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر يىغىلىپ قېلىش بۇزۇلغان ئايارەج دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بولغان بولسا، مۇناسىۋەتلىك لوئابلارنى ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېلىم دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

# ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل ئاشقازان قېتىپ قېلىش

صلابت معده

**تونۇش:**

بۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن ئاشقازاندا قېتىشىش يۈز بېرىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، سىرتىدىن قورساقنى سىلىغاندا ياكى بېسىپ تەكشۈرگەندە قاتتىقلىق بىلىنىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ياكى ئاشقازاننىڭ باشقا جايلىرىغا غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان خىلتلارنىڭ تۆكۈلۈشىدىن پەيدا بولىدۇ.

تال قېتىش سەۋەبىدىن سوغۇق مىزاجلىقلاردا ئاشقازان قېتىشىشمۇ يۈز بېرىدۇ.

قورساقنىڭ مۇسكۇللىرىغا قويۇق خىلتلارنىڭ تۆكۈلۈشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ياللۇغ پەيدا قىلغۇچى خىلتنىڭ قالدۇقلىرى تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئاشقازان ساھەسىنى سىلىغاندا قاتتىقلىق بىلىنىش، بىمار ئېڭىشىپ تۇرۇش، دۈم يېتىش، يېمەكلىكلەرنى تولۇق چايناي يۇتۇش جەريانىدا ئاغرىش ھېس قىلىش، بەزىدە بۇ ئالامەتلەر بىلەن ھەزىم ئاجىزلاش، ئىشتىھا تۆۋەنلەش، بەدەن ئاجىزلاش، يۈرەك ئېغىش، دەم سىقىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋالاش:**

ئەگەر ئاشقازان قېتىپ قېلىش بىلەن بىرگە مىزاجىدا ھارارەت بولۇپ، سۈيدۈكى قېنىق بولسا سۈيدۈكنى نورماللاشتۇرۇش كېرەك.

ئەگەر قېتىپ قېلىش بىلەن بىرگە ئۇسسۇزلۇق ئېچىشىش، ئېغىز قۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولسا، سوۋۇتقۇچى دورىلارغا يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەسىلەن: ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قۇرۇق بىنەپشە قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە زىماد قىلىش كېرەك.

بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، موم، گۈل يېغى، بىنەپشە، ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قۇرۇق بىنەپشە قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۈۋاش ئارقىلىق ئېچىشىش ۋە ئېغىز قۇرۇش يوقالغان، لېكىن ئاشقازان قېتىپ قالغان بولسا ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، خەيرى يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ داكىغا سۈۋاپ، ئاشقازان ساھەسىگە تېڭىش كېرەك.

ئوزۇقلاندۇرۇشتا بۇغداي كېپىكى ھالۋىسى بېرىش، گۆشتىن قەتئىي چەكلەش كې-

ـرەك. ئۇنىڭدىن باشقا شاھتەررە، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە ئەينۇلا شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر ئاشقازان كىرىش ئېغىزى قېتىپ قېلىش بىلەن مىزاجدا سوۋۇپ كېتىش بولۇپ، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق بولسا، قويۇق خىلتلارنى چىقىرىپ تاشلىغۇچى سۈرگۈ ۋە كلىزمىلار ئارقىلىق تازىلاش ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى سۇۋالمىلارنى سۇۋاش كېرەك.

تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئىچكۈزۈش، ئەپسەنتىن، بىستىپايەج، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرىغا زاراڭزا ئۇرۇقى خىيارشەنبەر، مائۇلھەسەل، كۈنجۈت يېغى قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، كلىزما تەييارلاپ كلىزما قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

بىنەپشە، بابۇنە، سۇمبۇل، ئىزخىر، شۇمشا ئۇنى، ھەببۇلبان، فۇپەل، ئاچچىق بادام مېغىزى دورىلارنى سوقۇپ، زىغىر ئۇرۇقى لوئابى، بان يېغى، موم، توخۇ تۇكى قاتارلىقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك. ئۇزۇقلاندۇرۇشتا توخۇ گۆشى شورپىسى بېرىش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن قېتىپ قېلىش يوقالمىسا، ھەر كۈنى بەديان يىلتىزى پوستى، كاسنە يىلتىزى، بىخ كەبىر، كەرەپشە يىلتىزى، مەستىكى، رۇم بەديان، بەديان، ھەببەتۇل خۇزرا، قوغۇن ئۇرۇقى ھەربىرى يەتتە گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 18 گرام، ھەسەل گۈلقەنتى 48 گرام قاتارلىق دورىلاردىن قائىدە بويىچە مائۇلئۇسۇل تەييارلاپ، بۇنىڭ بىلەن مۇرەككەپ بىدەنجىر يېغىدىن توققۇز گرامنى ئىچكۈزۈش كېرەك.

ئەگەر قېتىپ قېلىش بىلەن ئاغرىشمۇ بولسا زىغىر ئۇرۇقىنى سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىزىتىپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر قېتىپ قېلىش تالنىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولسا، تالغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

قورساق مۇسكۇللىرى قېتىپ قېلىشتا ئالدى بىلەن سەۋەبىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەلنىڭ سەۋەبىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

كېسەللىك ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان بولسا شاھتەررە، تەمرى ھىندى، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق تازىلاش ۋە بىنەپشە، قىزىلگۈل، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى يىلتىزى، ئاق موم، گۈل يېغى قاتارلىق دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ سۇۋاش كېرەك.

ئەگەر كېسەللىك سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان بولسا ئەفتىمۇن، غارىقۇن قاتارلىقلارنىڭ قايناتمىلىرى ئارقىلىق سۈرگۈ بېرىش ۋە ئۇشەق، مۇقەل، نىلۇپەر يىلتىزى، قۇندۇز قەھرى، زەپەر، شۇمشا لوئابى، زەيتۇن يېغى، كۆيدۈرۈلگەن ياغ قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك.

## ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل ئاشقازان كىچىكلەپ كېتىش
### تصغر معده

**تونۇش:**

بۇ، ئاشقازان نورمال ھالىتىدىن كىچىكلەپ كېتىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ بەزىدە تۇغما بولىدۇ.

**سەۋەبى:**

ئاشقازان يىغىلىپ قېلىش ياكى قوشنا ئەزالارنىڭ ئىششىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

مىقدارى ئاز، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى ھەركۈنى ئەتىگەن، كەچتە ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىش ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش، سەۋەبىنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

## ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل ئاشقازان زەخىملىنىش
### ضربه وسقطه معده

**تونۇش:**

بۇ، ئۇرۇلۇش، يىقىلىش سەۋەبىدىن ئاشقازان زەخىملىنىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى:**

ئۇرۇلۇش، يىقىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

**داۋالاش:**

ئالدى بىلەن ئۇكھەل تومۇردىن قان ئېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىلگۈل، سەندەل، ئاقاقىيا، فۇپەل، ئامىلە جەۋھىرى، سۇمبۇل تىپ قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پاقىيوپۇرمىقى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كې-رەك.

سەبرە، قىزىلگۈل ھەربىرى بىر ھەسسە، ئانارگۈلى يېرىم ھەسسە، لادەن تۆت ھەسسە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، پاقىيوپۇرمىقى ۋە سەۋسەن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلا-پ، ئاشقازان ساھەسىگە سۇۋاش كېرەك ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇلۇش، يىقىلىش سەۋەبىدىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەردە قوللىنىلغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل ئاشقازان تېشىلىپ كېتىش

### خرقت معده

**تونۇش:**

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئاشقازان تېشىلىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئالامىتى:**

ئاشقازان تېشىلىپ پەيدا بولغاندىن كېيىن بىمار ناھايىتى ئاز ساندا ھايات قالىدۇ. لېكىن ھايات قالغاندىمۇ ھاياتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئەگەر يارىلىنىش ئاشقازاننىڭ بىر يۈزىدىن يەنە بىر يۈزىگە يېتىپ بارغان بولۇپ يېرىلغان ئورۇن چوڭ بولسا، بىمارنىڭ ھاياتىغا چوقۇم خەۋپ يېتىدۇ.

بۇ كېسەلدە يارىلانغان ئورۇننىڭ پۈتۈشى ناھايىتى قىيىن. چۈنكى تاماق يېگەندە يېمەكلىك ئاشقازاندا چىڭقىلىش پەيدا قىلىپ، يېرىلغان جاي چوڭىيىپ كېتىدۇ.

**داۋالاش:**

بۇ كېسەللىككە قارىتا جاراھەتلىك كېسەللىكلەرگە قوللىنىلغان داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

**ئىزاھات:**

ھەكىم مۇھەممەد ئەجمەلخاننىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ھەكىم مۇھەممەد كەبىرىددىن مۇنداق دەيدۇ: «ئاشقازان كېسەللىكلىرىنىڭ بەزىسى مەسىلەن: زەرەب، خەلەفە، قورساق تەۋرەش، قورساق بىئارام بولۇش، قاتارلىق كېسەلىكلەر بۇ كىتاب ۋە بەزى تېبابەت كىتابلىرىدا ئاشقازان كېسەللىكلىرى قىسمىدا سۆزلەنگەن، بىز ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنانىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىغا ئاساسەن ھەم كۆپ سانلىق مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسەن، يۇقىرىدىقى مەزمۇنلارنى ئۇچەي كېسەللىكلىرى بابىدا سۆزلەشنى لايىق كۆردۇق».